
ساۋ شۆچىن ، گاۋئې

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

## 3



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر

قىزىل راۋاقتىكى چۈش

3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جۇڭخۇا نادىر ئەسەرلەر تەرجىمە قۇرۇلۇشى

中 华 经 典 翻 译 工 程

ISBN 978-7-228-16052-5
9 787228 160525 >
定价：60.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

ساۋ شۆچىن، گاۋئې

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

## 3

تەرجىمە قىلغۇچىلار:
ئابدۇكېرىم خوجا
ئىمىن تۇرسۇن
رەھمىتۇللا جارى
راخمان مامۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


图书在版编目(CIP)数据

红楼梦.3 : 维吾尔文 / 曹雪芹，高鹗著；热合曼·马木提等译. — 2版. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.11
ISBN 978-7-228-16052-5


Ⅰ.①红... Ⅱ.①曹... ②高... ③热... Ⅲ.①章回小说 — 中国 — 清代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I242.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第251758号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 编　　辑 | 热合曼·马木提 |
| 责任校对 | 阿达来提，阿依古丽，阿孜古丽，热娜古丽 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京盛通印刷股份有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 24 |
| 插　　页 | 8 |
| 版　　次 | 2012年11月第2版 |
| 印　　次 | 2012年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 60.00 元 |



ئوقۇمۇشلۇق تۆرىنىڭ باتۇر ئايال توغرىسىدا بىھۇدە گەپ ساتقانلىقى



كۆك تۆپە ئايۋاندا نەي ساداسىدىن تەسىرلىنىپ مۇڭلانغانلىقى




كېسەل تەگكەن خانىش يۈەنچۈننى تۇغقانلىرىنىڭ ئوردىغا كىرىپ يوقلىغانلىقى


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىن دەييۈنىڭ بامبۇكزار سارايدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى



ئامبالنىڭ پارا يەپ دەۋا ئەنزىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكى



ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مياۋيۇينىڭ خىيالەتتە كۆزگە جىن كۆرۈنگەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئاتمىش بىرىنچى باب ........................................ 1
باۋيۈيىنىڭ ئوغرىلىقنى يوشۇرىمەن دەپ ئىككى ئارىدا تەڭلىكتە قالغانلىقى
يىڭئېرنىڭ ھوقۇق ئىشلىتىپ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ ھۆكۈم چىقارغانلىقى
ئاتمىش ئىككىنچى باب ...................................... 22
گول شياڭيۈننىڭ مەستلىكتە چوغلۇقنى كۆرپە قىلىپ ئۇخلاپ قالغانلىقى
مۆڭ شياڭلىڭنىڭ مەستانىلىقىدىن ئانار گۈللۈك كۆڭلىكىنى يەڭگۈشلەپ تۇرغانلىقى
ئاتمىش ئۈچىنچى باب ........................................ 61
ئارامبەخش شاھزادىنى قۇتلاپ گۈل چېھرىلەرنىڭ كېچىلىك زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكى
ناياپ يەپ ئۆلگەن قېيىنئاتىسىغا يالغۇز ئايالنىڭ مۇسىبەت بىلدۈرگەنلىكى
ئاتمىش تۆتىنچى باب ........................................ 94
غەمكىن ساھىبجامالنىڭ ھەسرەت ئىچىدە بەش گۈزەلنى كۈيلەپ شېئىر يازغانلىقى
شاللاق يىگىتنىڭ ئىشق ئوتىدا توققۇز ئەجدىھا گۈللۈك كەمىرىنى ھەدىيە قىلغانلىقى
ئاتمىش بەشىنچى باب ....................................... 126
بايۇەچچە جيا لىيەننىڭ يۇ ئېرجيېنى ئوغرىلىقچە خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى
يۇ سەنجيېنىڭ ليۇ شياڭليەنگە ياتلىق بولۇش ئارزۇسىدا بولغانلىقى

ئاتمىش ئالتىنچى باب ........................................ 149
ئاشىق بولغان سىڭلىسىنىڭ ئىشىق دەردىدە خورلۇق كۆرۈپ
جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقى
رايى قايتقان يىگىتنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ دەرۋىشلىك يولىغا
قەدەم قويغانلىقى
ئاتمىش يەتتىنچى باب ........................................ 167
قەلەم قاشنىڭ يۇرتىدىن كەلتۈرۈلگەن بۇيۇملارنى كۆرۈپ
يۇرتىنى سېغىنغانلىقى
فېڭجيېننىڭ خۇپىيانە ئىشنى ئاڭلاپ قېلىپ چاكار بالىنى
سوراققا تارتقانلىقى
ئاتمىش سەككىزىنچى باب ........................................ 196
بىچارە يۇ ئېرجيېننىڭ ئالدىنىپ نەزەرباغقا كىرىپ قالغانلىقى
كۇنچى ۋاڭ فېڭجيېننىڭ نىڭگو قەسىرىدە چوڭ غوۋغا
چىقارغانلىقى
ئاتمىش توققۇزىنچى باب ........................................ 223
ئەپچىللىك بىلەن خەقنىڭ قولى ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى
ئەجىلى يەتكەنلىكىنى سېزىپ ئالتۇن يۇتۇپ ئۆلۈۋالغانلىقى
يەتمىشىنچى باب ........................................ 245
لىن دەيۇينىڭ يېڭىباشتىن شاپتۇل چېچەكى جەمئىيىتىنى
تەسىس قىلغانلىقى
شى شياڭيۈننىڭ سۆگەت پوتلىسى توغرىسىدا تاسادىپىي نەزم
يازغانلىقى
يەتمىش بىرىنچى باب ........................................ 266
قورسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرگۈچىنىڭ قەستەن غۇم پەيدا
قىلغانلىقى
يۈەنياڭنىڭ ئويلىمىغان يەردە ئاشىق - مەشۇقلارنى كۆرۈپ
قالغانلىقى
يەتمىش ئىككىنچى باب ........................................ 293
ۋاڭ شىفېڭنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاغرىق دېيىشتىن
نومۇس قىلغانلىقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

لەي ۋاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆز ھىماتىغا تايىنىپ خەقنى قۇدا
چۇشۇشكە زورلىغانلىقى
يەتمىش ئۇچىنچى باب ........................................ 317
گالۋاڭ چۆرە قىزنىڭ كەشتىلىك جۇپ تەن ئىپار قاپچۇقىنى
ئۇقۇشماي تېپىۋالغانلىقى
بوزەك خان قىزنىڭ ئالتۇن زەنجىرلىك مەرۋايىت سۇمۇرغنى
سۇرۇشتە قىلمىغانلىقى
يەتمىش تۆتىنچى باب ........................................ 340
ھىيلىگەر چېقىمچىنىڭ ئېزىتقۇلۇقى بىلەن نەزەرباغنىڭ
تىنتىلغانلىقى
گۇماندىن ساقلىنىش ئۇچۇن نىڭگو قەسىرىگە ئۆتۇشتىن
ئۆزىنى تارتقانلىقى
يەتمىش بەشىنچى باب ........................................ 375
كېچىلىك زىياپەت ئۆتكۇزۇلگەندە غەلىتە نادامەت ئاڭلىنىپ
نەسلىكتىن بېشارەت بېرىلگەنلىكى
كۇزگى تولۇن ئاي تاماشىسىدا يېڭى نەزملەر مۇكاپاتلىنىپ
ياخشى تىلەككە ئېرىشىلگەنلىكى
يەتمىش ئالتىنچى باب ........................................ 403
كۆك تۆپە ئايۋاندا نەي ساداسىدىن تەسىرلىنىپ مۇڭلانغانلىقى
ئاق ئويمان سارايدا بېيىت ئېيتىشىپ ئىچ پۇشۇقىدىن زارلانغانلىقى
يەتمىش يەتتىنچى باب ........................................ 428
چىرايلىق دېدەكنىڭ نوچىلىقىدىن دەرد ئىچىدە ۋاقىتسىز قازا
تاپقانلىقى
گۇزەل ئويۇنچىنىڭ ھەۋەستىن قول ئۇزۇپ بۇۋىلىك يولىغا
قەدەم قويغانلىقى
يەتمىش سەككىزىنچى باب ........................................ 461
ئوقۇمۇشلۇق تۆرىنىڭ باتۇر ئايال توغرىسىدا بىھۇدە گەپ ساتقانلىقى
مەستانە بەگزادىنىڭ نېلۇپەر تەزىيەنامىسىنى توقۇپ چىققانلىقى
يەتمىش توققۇزىنچى باب ........................................ 495
شۆ پەننىڭ بىشەم ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكىدىن پۇشايمان يەپ قالغانلىقى

جىيا يىڭچۈننى ئۇقۇشماي «جۇڭشەن بۆرىسى»گە ياتلىق قىلىپ
قويغانلىقى
سەكسەنىنچى باب ........................................ 511
ساھىبجامال شىياڭلىڭنىڭ ئاچ كۆز ئېرىدىن كالتەك يېگەنلىكى
ۋاڭ دەرۋىشنىڭ كۈنداشلىق دورىسى ئۈستىدە جۆيلۈگەنلىكى
سەكسەن بىرىنچى باب ........................................ 532
تۆت ساھىبجامالنىڭ تەلەي سىناپ بېلىق تۇتۇپ ئوينىغانلىقى
ئاتىسىنىڭ قاتتىق تەنبىھى بىلەن باۋيۈينىڭ مەكتەپكە قايتا
بارغانلىقى
سەكسەن ئىككىنچى باب ........................................ 553
مويسىپىت موللامنىڭ زەمىردىن دەرس ئېيتىپ تەرسا يىگىتكە
تەنبىھ بەرگەنلىكى
كېسەلچان بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ مەستانىلىق قىلىپ يامان
چۈشىدىن چۆچۈگەنلىكى
سەكسەن ئۈچىنچى باب ........................................ 580
كېسەل تەگكەن خانىش يۈەنچۈننى تۇغقانلىرىنىڭ ئوردىغا كىرىپ
يوقلىغانلىقى
ھۇجرىدىكى غەلۋىگە شۆ باۋچەينىڭ لېۋىنى چىشلەپ چىداپ
تۇرغانلىقى
سەكسەن تۆتىنچى باب ........................................ 606
باۋيۈينى يېزىقچىلىقتىن سىناپ باققانلىقى ۋە ئۆيلەپ قويۇش
توغرىسىدا گەپ بولغانلىقى
جىيا خۇەننىڭ ئۈچۈق تەگكەن چىياۋجېيىنى يوقلاپ كېلىپ ئاداۋەت
ئۈستىگە ئاداۋەت پەيدا قىلغانلىقى
سەكسەن بەشىنچى باب ........................................ 630
جىيا جېڭنىڭ تەۋسىيە بىلەن ئورپاق بەگلىك مەنسىپىگە چىققانلىقى
شۆ پەننىڭ يەنە چاتاق چىقىرىپ سۈرگۈنگە ھەيدەلمەك بولغانلىقى
سەكسەن ئالتىنچى باب ........................................ 656
ئامبالنىڭ پارا يەپ دەۋا ـ ئەنزىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن
قىلىۋەتكەنلىكى
ساھىبجامالنىڭ دىلسۇزلۇق بىلەن قالۇن رىسالىسىنى
چۈشەندۈرگەنلىكى

سەكسەن يەتتىنچى باب ........................................ 679
كۈز شەپىسىدىن تەسىرلەنگەن قىزنىڭ قالۇن چېلىپ ئۆتكەن
ئىشتىن ھەسرەتلەنگەنلىكى
ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مياۋيۈيىنىڭ خىيالەتتە كۆزىگە جىن
كۆرۈنگەنلىكى
سەكسەن سەككىزىنچى باب ........................................ 702
باۋيۈينىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن يېتىم
بالىنى ماختىغانلىقى
جيا جېنىنىڭ ئائىلە قائىدە ـ قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ غالچىلىرىنى
قاتتىق دۇمبالىغانلىقى
سەكسەن توققۇزىنچى باب ........................................ 723
ھالاك بولغۇچىنىڭ يادىكارىنى كۆرۈپ بەگزادىنىڭ نەزم يازغانلىقى
ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرىگەن قەلەم قاشنىڭ غىزادىن قالغانلىقى
توقسىنىنچى باب ........................................ 743
چاپىنىنى يوقىتىپ قويغان نامرات قىزنىڭ غەلۋىگە بەرداشلىق
بەرگەنلىكى
مېۋە ـ گېزەكلەر سۇنۇلغانلىقىغا ھەيران بولغان يىگىتنىڭ
شۈبھىگە چۈمگەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاتمىش بىرىنچى باب

## باۋيۈيىنىڭ ئوغرىلىقنى يوشۇرىمەن دەپ ئىككى ئارىدا تەڭلىكتە قالغانلىقى
## پىڭئېرنىڭ ھوقۇق ئىشلىتىپ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ ھۆكۈم چىقارغانلىقى

لىيۇ يەڭگە ھېلىقى مۇلازىم بالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ ھۇي مايمۇن ! ــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ مەندەك خان ئاچاڭ تالاغا ئاشنا ئىزدەپ چىققان بولسا، يەنە بىر تاغىغا ئىگە بولمامسەن؟ گۇمانلىنىدىغان نەرى بولاتتى؟ ھېلى بىكار كۈكۈلاڭنى يۇلۇۋالىمەن ! ماڭا چاپسانراق ئىشىك ئاچماي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن !

ــ ئوبدان يەڭگە ! ــ دېدى ھېلىقى مۇلازىم بالا ئىشىكنى ئاچماي لىيۇ يەڭگىنى توسۇپ، ــ بۇ دورەم كىرىشىڭىزدە بىر ئامال قىلىپ ماڭا بىرنەچچە تال ئۆرۈك ئوغرىلاپ ئاچىقىپ بەرسىڭىز ئىكەن. مەن كەتمەي مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن. ئەگەر ئۇنتۇپ قالىدىغان بولسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن يېرىم كېچىلەردە ھاراق ـ شاراب، ياغ ـ ياغ ئالغىلى چىققىنىڭىزدا سىزگە ئىشىك ئېچىپ بەرمەيمەن، «ھە» مۇ دەپ قويمايمەن، بىكار ۋارقىراپ تۇرىۋېرىسىز.

ــ ھەي، كاللىسى ئېلىشىپ قالغان ! ــ دېدى لىيۇ يەڭگە تۈكۈرۈپ، ــ بۇ يىل ئۆتكەن يىللارغا ئوخشامتى؟ ئۇ نەرسىلەرنى

ئىنىگىلەرگە بۆلۈپ بېرىشتى. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن يۈزى قېلىنلار! بىرەر ئادەم ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ قالسا، كۆزلىرى خۇددى قۇرغۇيىنىڭكىدەك بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق تۇرسا ئۇلارنىڭ ئۆرۈككە قول ئۇزارتقىلى بولامدۇ؟ تاغانىڭ بىلەن كىچىك ئاناڭ بولۇپ تۇغقانلىرىڭدىن ئۈچ - تۆتى باغقا قارايدۇغۇ، شۇلاردىن سورىماي مېنىڭدىن سورىغىنىڭ نېمىسى؟ بۇمۇ خۇددى «ساڭ چاشقىنى قاغىدىن ئاشلىق سورىغان» دەك گەپ بولدى. بېقىپ ياتقانلاردا بولماي، ئۇچۇۋاتقانلاردا بولاتتىمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، — دېدى مۇلازىم بالا كۈلۈپ، — قولىڭىزدىن كەلمىسە بوپتۇ، نېمانچە قۇرۇق گەپ بۇ! بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزگە كېرەك بولمايدىكەنمەن - دە! كېيىنچىرەك ئاچام ئوبدان جايغا ئۇلىشىپ قالسا، قېنى سەن، دەپ مېنى چاقىرىپ توختىمايدىغان چاغلارمۇ كېلىپ قالار! ئۇنىڭغا كۆپرەك خوشلا دەپ بەرسەم، تىلىگەن نېمەم قولغا كىرمەي قالمايدۇ جۇمۇ!

بۇ گەپتىن ليۇ يەڭگە كۈلۈپ كېتىپ شۇنداق دېدى:

— سەن مايمۇن، يەنە شۇملۇق قىلىۋېتىپسەن - ھە! ئاچاڭغا نەدىن ياخشى جاي چىققۇدەك؟

— مېنى گوللىمايلا قويۇڭ! بۇ ئىشتىن مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا خەۋىرىم بار، — دېدى ھېلىقى مۇلازىم بالا ھىجىيىپ، — سىلەرنىڭلا ئىچكىرىدە كۆز - قۇلىقىڭلار بولۇپ، بىزنىڭ كۆز - قۇلىقىمىز يوق ئەمەستۇ؟ مەن بۇ يەرنىڭ چاكىرى بولساممۇ، ئىچكىرىدە ئىككى ئاچام بار، ئۇلار ماڭا ناھايىتى يېقىن، شۇڭا مەن بىلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش يوق!

دەل شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، ئىچكىرىدىن بىر خىزمەتكار ئايالنىڭ:

— ھەي مايمۇن، چاپسان بېرىپ ليۇ يەڭگەڭنى چاقىرىپ كەل، ئەمدى كەلمىسە ھايال قالىدۇ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ليۇ يەڭگە شۇئان مۇلازىم بالا بىلەن قىلىشىۋاتقان گېپىنى

تۇختىتىپلا، ئىشىكنى ئىتتىرگەن پېتى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ:

— ئالدىرىماڭ، مانا مەن كەلدىم! — دېدى – دە، ئۇدۇل ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدا بىرقانچە ھەمراھلىرى بولسىمۇ، لىيۇ يەڭگە كېلىپ ئۆز لايىقىدا ئىش كۆرسىتىپ بەرمىگۈچە ئۇلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلالمايتتى.

— مېنىڭ قىزىم نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى لىيۇ يەڭگە.

— تېخى بايىراقتا ھەمشىرىلىرىمىزنى ئىزدەپ چايخانىغا كەتكەنىدى! — دەپ جاۋاب بېرىشتى تۇرغانلار.

لىيۇ يەڭگە زەمبۇرۇغ تالقىنىنى قويۇپ قويۇپ، ھۇجرا ئىگىلىرىگە قاراپ سەي – تائاملارنى بۆلۈشكە كىرىشىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت يىگچۆەنىڭ ھۇجرىسىدىكى چۆرە قىز لىيەنخۇار پەيدا بولۇپ:

— سىچى ھەدەم يۇمشاققىنا قىلىپ بىر چىنە تۇخۇم پىشۇرۇپ بەرسۇن دەيدۇ، — دېدى.

— ھازىر مۇشۇ بىر نېمىلا ئەتىۋار بولۇپ كەتتى ھازىر، — دېدى لىيۇ يەڭگە، — نېمىشقىكىنتاڭ، بۇ يىل تۇخۇم بۆلەكچىلا قىسقۇ، بىرىنى ئون ياماقىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. تۈنۈگۈن چوڭلار تۇغقانلىرىغا شوۋىگۇرۇچ سۇنماقچى بولۇپ، تۆت – بەش دەللالنى چىقىرىپتىكەن، ئۇلار مىڭ تەسلىكتە ئىككى مىڭ تۇخۇم تېپىپ كەپتۇ. مەن نەگە بېرىپ ئىزدىيەلەيمەن؟ ئۇنىڭغا بېرىپ ئېيتىپ قويغىن، باشقا كۈنى پىشۇرۇپ بېرەي.

— ئۈلۈشكۈن ئۇ دۇفۇ يەيمەن دېگەندە، سىز بىقسىپ قالغانلىرىدىن ئېتىپ بېرىپتىكەنسىز، ماڭا بىرمۇنچە ئاھانەت قىلدى. بۈگۈن تۇخۇم يەيمەن دېسە، يەنە يوق دەۋاتىسىز! قانچىلىك تۈتىيا نېمىدى ئۇ؟ تۇخۇم يوق دېگىنىڭىزگە چىنپۈتمەيمەن! ئاختۇرۇپ تېپىۋالسامچۇ؟ — لىيەنخۇار شۇنداق دېدى – دە، راستلا كېلىپ كۆكتات ساندۇقىنى ئېچىپ قارىدى، دېگەندەك ساندۇقتا ئون نەچچە تۇخۇم تۇراتتى، — بۇ نېمە؟ سىز



www.uyghurkitap.com

شۇنچە يامان بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ بىز يېسەك غوجاملار بۆلۈپ بەرگەن نېسىۋىمىزنى يەيمىز، بۇنىڭغا سىزنىڭ نېمانچە ئىچىڭىز ئاداپ كېتىدۇ؟ خەق يەپ كېتىدۇ دەپ قورقىدىغانغا سىز تۇغقان تۇخۇم ئەمەسقۇ بۇ !

ليۇ يەڭگە قولىدىكى ئىشنى ئالمان ـ تالمان تاشلاپلا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ شۇنداق دېدى:

ـــ ئاغزىمغا كەلدى دەپ كاسىلداۋەرمە ! تۇخۇم تۇغىدىغان ئۇ سېنىڭ ئاناڭ ! بارى ـ يوقى مۇشۇ بىرنەچچە تۇخۇم قالدى، بۇنى سەيگە چەلگە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان، خان قىزلار سوراتمىغاچقا، ئۇلارغىمۇ ئېتىپ سۇنۇپ بەرمەي، دەمال لازىم بولۇپ قالغاندا ئىشلىتەرمەن دەپ قالدۇرغان. بۇنى سىلەر يەپ كېتىپ، تۇيۇقسىزلا سوراپ ـ تارتىپ قالسا، تۇزۇكرەك باشقا نەرسە بوياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تۇخۇممۇ بولمىسا قانداق بولغىنى؟ سىلەر باغنىڭ ئىچكىرىسىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، «كاككۇك بالىسىدەك» ئاغزىڭلارنى ئېچىپلا تۇرىدىكەنسىلەر. تۇخۇمنىڭ ئادەتتىكى نەرسە ئىكەنلىكىنىلا بىلىسىلەر، بازاردىكى سودا ـ سېتىقنىڭ ئەھۋالىنى نەدىن بىلەتتىڭلار؟ تۇخۇم بوياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئوتنىڭ پىلىكىمۇ تېپىلمايدىغان كۈنلەر كېلىدۇ تېخى ! سىلەرگە بېرىدىغان نەسىھەتىم، گۈرۈچ ئاشنىڭ ئېقىنى، توخۇ ـ ئۆردەك گۆشىنىڭ سېمىزىنى يەۋاتقان مۇشۇ كۈنلىرىڭلەرگە شۈكۈر قىلىڭلار. ھازىر ئۈچىيىڭلارنى ياغ قاپلاپ كېتىپ، كۈندە دېگۈدەك ئۇنى يەيمىز، بۇنى يەيمىز دەپ جېدەل قىلىپلا تۇرىسىلەر، بىردەم تۇخۇم، دۇفۇ دەۋاتقان، بىردەم ئۇن تىلپى، جاڭيۇ بىلەن قورۇلغان تۇرۇپ دەۋاتقان. سىلەر ئاشۇنداق ھەدېسىلا غىزا تاللايسىلەر. مەن پەقەت سىلەر نېمە دېسەڭلار خوشلا دەپ تۇرىدىغان ئادەم ئەمەس. بىر ھۇجرىدىن بىر خىل نەرسە سوراتسا، ئون ھۇجرىدىن ئون خىل دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا مەن ھۇجرا غوجايىنلىرىنى كۈتمەي، سىلەردەك ئىككىنچى قاتاردىكى غوجايىنلارنىلا كۈتسەم بولىدۇ شۇ !

www.uyghurkitap.com

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ لېيەنخۇار ھۇپپىدە قىزىرىپ، ۋارقىراپ كەتتى:

— كىم سىزدىن ھەر كۈنى بىر نېمە سوراپ كەپتۇ؟ ئىككى ھارۋىغا يۈك بولغۇدەك نېمانچە تولا گەپ بۇ! سىزنى بۇ يەرگە خەققە پايدىسى تېگەرمىكىن دەپ ئەكەلمىسە، نېمىگە ئەكېلىدۇ؟ قايسى كۈنى چۈنيەن كېلىپ چىڭۋېن ئاچام ئەمەن غولى يەيمەن دەيدۇ دېسە، سىز قوي گۆشى بىلەن قورۇپ بېرەيمۇ ياكى توخۇ گۆشى بىلەنمۇ دەپ بۆلەكچىلا پايپېتەك بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ چۈنيەن قوپۇپ، گۆش ئوبدان ئەمەس، خېمىر تىلىپى بىلەن قورۇپ بېرىڭ، ياغنى ئازراق قۇيسىڭىز ئوبدان بولىدۇ، دېۋىدى، سىز شۇئان ئۆزىڭىزنى «ئالجىپتىمەن» دەپ ئەيىبلەپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ قوللىرىڭىزنى يۇيۇپ، قورۇيدىغاننى قورۇپ، خۇددى ئىتتەك قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ ئۆزىڭىز ئىككى قوللاپ ئاپىرىپ بەردىڭىز، ئەمدى بۈگۈن ماڭا كەلگەندە، ئۈنىڭ تەتۈرىسىچە مېنى شەرمەندە قىلىپ، خەقنىڭ ئالدىدا دوق قىلىۋاتىسىز.

— توۋا، بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ! قايسى كۈندىكى ئۇ ئىشلا ئەمەس، ئۆتكەنكى يىللاردىن تارتىپ قايسى ھۇجرىدىن مەيلى خانقىزلار ياكى ئۆي قىزلىرى ناگان ـ ناگاندا بىرەر ـ يېرىم خىل غىزانى ئۇشۇقراق بۇيرۇتسا، كىمگىلا بولسۇن، پۇل چىقارغاندىن كېيىن ئايرىم سېتىۋېلىپ ئاندىن شۇنىڭغا قوشۇپ ئېتىپ بېرىۋاتىمەنغۇ؟ بولسۇن ـ بولمىسۇن ئاتاقا چىرايلىق. ھېسابلاپ باقساق، خان قىزلار، ئۆي خېنىملىرى بولۇپ قىرىق ـ ئەللىك ئادەمگە ھەر كۈنى بېرىلىدىغىنى ناھايىتى شۇ ئىككى توخۇ، ئىككى ئۆردەك، ئون ـ يىگىرمە جىڭ گۆش، بىر تىزىق يارماقلىق كۆكتات، ھېسابلاپ بېقىڭلار، بۇ نېمىگە يېتىدۇ؟ بۇ نەرسىلەر ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىككى ۋاخلىق تاماققىمۇ يەتمەيۋاتقان يەردە، ئۇ كېلىپ بۇنى، بۇ كېلىپ ئۇنى دەپ جورۇتۇشى ئۇچۇن ئېلىپ قويىدىغانغا نەدىكەن؟ يەنە كېلىپ سېتىپ ئەكەلگەننى يېمەي، باشقا بىر نېمىنى جورۇتۇشىدۇ!

ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلۇشنى كۆپەيتىش كېرەك! بولمىسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ غىزاسىنى ئېتىۋاتقان چوڭ ئاشخانىدىكىگە ئوخشاش، جاھاندا بارلىكى كۆكتاتلارنىڭ ھەنىنىۋاسىنى تاختىغا پۇتۇپ قويۇپ، كۈندە بىرلا ھېساب ـ كىتاب قىلساق تېخى ئوبدان بولاتتى! ئۇلۇشكۈنلا ئۇچىنچى خان قىز بىلەن باۋچەي خان قىز مەسلىھەتلىشىپ، ياغ بىلەن تۇزدا قورۇلغان پۇرچاق ئۇندۇرمىسىنى يېگۈسى كېلىپ قېلىپ، ئاۋۋال بىر قىزدىن ماڭا بەش يۈز يارماق چىقارتىپتۇ. مەن بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ ئىككى خېنىم يوغان قورساق مىترا بوددا بولسىمۇ، بۇ بەش يۈز يارماقچىلىك نەرسىنى يەپ بولالماس. بۇ ناھايىتى كەلسە يىگىرمە ـ ئوتتۇز يارماقنىڭلا ئىشى، بۇنچىلىك نەرسىنى ھازىرلىغۇچىلىكىم بار» دەپ ئۇ پۇلنى ئاپىرىپ بېرىۋىدىم، ئالغىلى ئۇنىماي، بۇ بىزدىن سىزگە تارتۇق قىلىنغان شاراب پۇلى بولسۇن، دېيىشتى. ئاندىن يەنە: «ھازىر ئاشخانا ئىچكىرىدە بولۇپ قالدى، ھەرقايسى ھۇجرىدىكى قىزلارنى بېرىپ سىزنىڭ قۇلىقىڭىزنى ئاغرىتمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بىر چىمدىم تۇز، بىر قوشۇق جياڭيۇنىڭ قايسىبىرى پۇلغا كەلمەيدۇ؟ ئۇلار سورىغاننى بەرمىسىڭىز تېخى، بېرەي دېسىڭىز ئۇنىڭ ھېسابى بار، شۇڭا بۇ پۇلنى شۇلار غەلۋە قىلىپ ئالغان نەرسىلەرنىڭ كېمىگە سەپلەشكە ئىشلىتەرسىز» دېدى. قول ئاستىدىكىلەرنى چۈشەنگەن خېنىملار مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىزمۇ چىن دىلىمىزدىن ئۇلارغا دۇئا قىلىمىز، بۇ ئىشنى جاۋ كىچىك خېنىم ئاڭلاپ ئىچى چىدىماي، ماڭا ئۇ پۇلنى بىكار كېتىپتۇ دەپ چالۋاقاپتۇمىش. ئاردىن ئون كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئۇمۇ چۆرە قىزنى ئەۋەتىپ ئۇنى ـ بۇنى سوراتقىلى تۇردى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا كۈلگۈم كەلدى. بۈگۈن سىلەرمۇ شۇنىڭ سىڭرى ئىش قىلىۋاتىسىلەر. تۇرۇپ ئۇنى دەيسىلەر، تۇرۇپ بۇنى دەيسىلەر، مېنىڭ نەدە بۇ نەرسىلەرنى تۆلىگۈچىلىكىم بولسۇن؟

تازا جاڭجال بولۇۋاتقاندا، سىچى لىيەنخۇارنى سۈيلەپ ئەۋەتكەن يەنە بىرسى كېلىپ:

— ئۆلدۈڭمۇ بۇ يەردە؟ نېمىشقا قايتمايسەن؟ — دەپ كايىدى.

لىيەنخۇار باتىنغىنىچە يېنىپ كېلىپ، بىرمۇنچە گەپلەرنى قوشۇپ سىچىغا دادلاپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سىچىنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى. دەرھال يىڭچۇەنىڭ تامىقىنى بېرىۋېتىپ، چۆرە قىزلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاشخانىغا يېتىپ كەلدى. بىر مۇنچەيلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار سىچىنىڭ پەيلى يامانلىقىنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھىجىيىشقان پېتى ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسىتىشتى.

— ساندۇق - پاندۇقلاردىكى ھەممە كۆكتاتلارنى ئاچىقىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىڭلار، ھېچكىمگە نەپ تەگمىسۇن! — دېدى سىچى ۋارقىراپ چۆرە قىزلارغا.

چۆرە قىزلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىقىپ بولا - بولمايلا ئولاش - چولاش كېلىپ ساندۇق - جاۋەنلەرنى ئۆڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ئەتراپتا تۇرغانلار ھودۇقۇشۇپ بىردەم چۆرە قىزلارنى توسۇيتتى، بىردەم سىچىغا يالۋۇراتتى:

— كىچىك بالىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ خېنىم! سىزنى رەنجىتىشكە لىۋ يەڭگىمىزنىڭ بېشى ئون ئەمەس. بازاردا تۇخۇمنىڭ قىسلىقى راست. بىز ھېلى لىۋ يەڭگىنى بىرمۇنچە ئەيىبلىدۇق. ھەرنېمە بولسىمۇ بىر ئامال قىلسا بولاتتى. ھازىر ئۇ بايىقى ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، دەرھال پىشۇرۇپ قويىدى، ئىشەنمىسىڭىز ئوچاق بېشىغا قاراپ بېقىڭ!

كۆپچىلىكنىڭ ياخشى گەپلىرى بىلەن سىچىنىڭ ئاچچىقى بىر ئاز بېسىلدى. نەرسە - كېرەكلەرنى تېخى تەلتۆكۈس تاشلاپ بولمىغان چۆرە قىزلارمۇ توختاپ قېلىشتى. سىچى سۆزلەپ، كايىپ بىر پەس غوۋغا كۆتۈرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك تەسەللى بېرىپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويىدى. لىۋ يەڭگە جاراڭ - جۇرۇڭ

قىلىپ ئاچچىقىنى چىنە - قاچىلاردىن چىقىرىپ بىردەم غودۇڭشىدى - دە، بىر چىنە تۇخۇمنى پىشۇرۇپ سىچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىپ بەردى. سىچى تۇخۇمنىڭ ھەممىسىنى يەرگە تۆكۈۋەتتى. تۇخۇمنى ئاپارغان كىشى يەنە بىر غوۋغا چىقىپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ، بۇ ھەقتە لىيۇ يەڭگىگە بىر ئېغىز تىنمىدى.

لىيۇ يەڭگە قىزىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر چىنە شورپا، بىر چىنە شوۋىگۇرۇچ ئىچۈردى، ئارقىدىن زەمبۇرۇغ تالقىنىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. ۋۇئېر بۇنى ئاڭلاپ زەمبۇرۇغ تالقىنىدىن فاڭگۇەنگە ئازراق بېرىش خىيالىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ يېرىمىنى بىر قەغەزگە بولىدى، كەچقۇرۇن قاش قارىيىپ، ئادەم شالاڭلاشقاندا گۈل - چېچەك، دەل - دەرەخلەرنىڭ دالدىسى بىلەن فاڭگۇەننى ئىزدەپ كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى ھېچكىممۇ كۆرۈپ قالمىدى. ئۇ ئۇدۇل ئارامبەخش ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالماي، بىر تۈپ قىزىلگۈلنىڭ ئالدىدا يىراقتىن ھويلىغا قاراپ تۇردى. ئارىدىن بىر پىيالە چاي ئىچكۈچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تەلىيىگە چۈنيەن چىقىپ قالدى، ۋۇئېر ئۇنى چاقىرىپ توختاتتى. چۈنيەن قاراڭغۇدا ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇيالماي، ۋۇئېر يېقىن كەلگەندە، ئاندىن تونۇدى ۋە:

— نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— فاڭگۇەننى چاقىرىۋەتسىڭىز، ئۇنىڭغا گېپىم بار ئىدى، — دېدى ۋۇئېر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بەك ئالدىراڭغۇ ئىكەنسىز ئاچا، — دېدى چۈنيەن ئاستا كۈلۈپ، — يەنە بەش - ئون كۈندىن كېيىن ئۆزىڭىز بۇ يەرگە كېلەتتىڭىزغۇ. ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ تېخى بايىلا ئۇنى ئالدىنقى ھويلىغا بىر ئىش بىلەن جورۇۋەتكەنىدى، ئۇنى بىردەم كۈتۈڭ، بولمىسا دەيدىغان گېپىڭىزنى ماڭا دەڭ، مەن ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي. ئۇنى ساقلاپ تۇرسىڭىز باغنىڭ ئىشىكى

ئېتىلىپ قالمىسۇن يەنە.

ۋۇئېر ھېلىقى زەمبۇرۇغ تالقىنىنى چۈنيەنگە بېرىۋېتىپ، يەنە:

— بۇ زەمبۇرۇغ تالقىنى، بىر يەردىن ئازراق تېپىۋىدىم، فاڭگۇەنگە بىزە بېرەي دەپ ئېلىپ كەلدىم، خاپا بولماي بۇنى شۇنىڭغا بېرىپ قويسىڭىز، — دېدى، ئارقىدىن ئۇنى قانداق كاپ ئېتىدىغانلىقىنى، قانداق قۇۋۋەت بېرىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپ كەينىگە ياندى.

ۋۇئېر قايتىپ كېتىۋېتىپ چاكاندىلىق قىرغاق بويىغا كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىر قانچە خىزمەتكار ئاياللارنى باشلاپ ئالدىدىنلا چىقىپ قالدى، ۋۇئېر ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، نائىلاج ئالدىغا بېرىپ ئامانلىشىشقا توغرا كەلدى.

— سىنى كېسەل بولۇپ قالدى دەپ ئاڭلىۋىدىم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى.

— ئىككى كۈندىن بېرى بىر ئاز ئوڭلىنىپ قېلىپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دەپ بۈگۈن ئاپام بىلەن كىرگەن. بايا ئاپام ماڭا ئارامبەخش ھويلىغا بىر نەرسە ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇۋىدى، شۇنىڭغا كەلگەن، — دېدى ۋۇئېر كۈلۈمسىرەپ.

— گېپىڭدىن پۇتاق چىقىپ قالدى: بايا مەن ئاناڭنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىشىكنى تاقىۋەتكەن تۇرسام؟ ئەگەر ئاناڭ سېنى ئىشقا بۇيرۇغان بولسا، نېمىشقا ئۇ ماڭا سېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ قويمايدۇ؟ چىقىپ كېتىۋېتىپ ماڭا ئىشىكنى تاقىۋال دېيىشىدىكى غەرىزى نېمە؟ يالغان ئېيتىۋاتقىنىڭ مانا مەن دەپ تۇرىدۇ، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى.

ۋۇئېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاۋاب بېرەلمەي قالدى، ئارانلا:

— ئەسلىدە ئانام بۇ ئىشنى ماڭا ئەتىگەنلا تاپىلىغان، ئۇنتۇپ

قاپتىمەن. تېخى بايا ئېسىمگە كەلدى، ھەرقاچان ئانام مېنى ئەتىگەنلا بېرىپ كەلدى دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىگە دەپ قويمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ۋۇئېرنىڭ سەل تىل تۇتۇقى بارلىقىنى پەملەپ، كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يېقىنقى كۈنلەردە نېرىقى تەرەپتىكى چوڭ ئۆيدە بىر نەرسىلەرنىڭ يوقالغانلىقىنى، بىرقانچە دېدەكلەرنىڭ يۈزىگە سېلىپمۇ ئىگە تاپالمايۋاتقانلىقىنى يۈيچۈەردىن ئاڭلىغانىدى. شۇ ئارىدا خۇددى بىرسى بېرىپ چاقىرىپ كەلگەندەك، شياۋچەن، ليەنخۇار ۋە بىرقانچە خىزمەتكار ئاياللار كېلىپ قالدى، ئۇلار بۇ ئىشنى كۆرۈپ:

— لىن ئانىكا، ئۇنى ئوبدان بىر سوراقتا تارتسىلا، ئىككى كۈندىن بېرى ئۇ بۇياقتا بۆلەكچىلا قاترايدىغان بولۇۋالدى. ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ، — دېيىشتى.

— راست شۇنداق، — دېدى شياۋچەن، — تۈنۈگۈن يۈيچۈەر ئاچام: «ئاغىچا خېنىمنىڭ يان ھۇجرىسىدىكى ساندۇقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ، بىرمۇنچە ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر يوق تۇرىدۇ» دەۋاتاتتى. جيالىيەن بىگىمنىڭ ئاغىچىسىمۇ پىڭئېر خېنىمنى يۈيچۈەرنىڭ قېشىغا گۈلاب سورىتىپ ئەۋەتكەنىكەن، قارىسا، ئۇنىڭمۇ بىر قۇتىسى يوقمىش. ئىزدىمىگەن بولسا ئۇنىڭمۇ يوقالغىنىنى بىلمەيدىكەندۇق.

— بۇ ئىشنى مەن ئاڭلىماپتىمەن، — دېدى ليەنخۇار ھىجىيىپ، — بۇگۈن مەن ئۇلارنىڭكىدە شەربەت بوتۇلكىسىنى كۆرۈپ قالدىم.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى مۇشۇ ئىشنىڭ ئىگىسىنى تاپالمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن، فېڭجيې ھەركۈنى پىڭئېرنى جورۇپ لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنى قىستاۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئالدىراپ سورىدى:

— نەدە كۆردۈڭ؟

— مۇشۇلارنىڭ ئاشخانىسىدا، — دەپ جاۋاب بەردى لىيەنخۇار.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ ھامان خىزمەتكارلارغا پانۇس كۆتۈرگۈزۈپ كۆپچىلىكنى باشلاپ شەربەت بوتۇلكىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئاشخانىغا ماڭدى.

— ئەسلىي ئۇنى ماڭا باۋيۈي غوجامنىڭ ھۇجرىسىدىكى فاڭگۇەن بەرگەن، — دېدى ۋۇئېر ھودۇقۇپ.

— «فاڭگۇەن»، «ماڭگۇەن» لىرىڭ بىلەن كارىم نېمە! ئىسپات قولغا چۈشتى! يۇقىرىغا مەلۇم قىلغىنىم قىلغان. دەيدىغان گېپىڭ بولسا غوجايىنلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا دېگىن، — لىن جىشياۋنىڭ ئايالى لىيەنخۇارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ شەربەت بوتۇلكىسىنى تاپتى. ئوغرىلانغان يەنە باشقا نەرسىلەر بولمىسۇن دەپ، بىر قۇر ئوبدان ئاختۇرۇپ چىقىپ، يەنە بىر بولاق زەمبۇرۇغ تالقىنى تېپىۋالدى. بۇ ئىككى نەرسىنى ئېلىپ، ۋۇئېرنى ئالدىغا سېلىپ، لى ۋەن بىلەن تەنچۈنگە مەلۇم قىلىشقا ماڭدى.

بۇ كۈنلەردە، لى ۋەن ئوغلى جيالەن ئاغرىپ قالغانلىقتىن، ئائىلە ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي قالغانىدى، شۇڭا ئۇلارنى بېرىپ تەنچۈن بىلەن كۆرۈشۈشكە بۇيرۇدى. تەنچۈن ھۇجرىسىغا خېلى بۇرۇنلا قايتىپ كەلگەنىدى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بايىقى ئىشنى مەلۇم قىلىشقا بىرىنى كىرگۈزدى. چۆرە قىزلار ھويلىدا سالقىنداپ ئولتۇرۇشقان، تەنچۈن ھامامدا يۇيۇنۇۋاتقانىكەن، يالغۇز سىشۇنىڭ ئۆزى كىرىپ مەلۇم قىلدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن چىقىپ:

— خېنىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى، سىلەرنى پىڭئېرگە دەپ، ئىككىنچى كېلىن خېنىمغا مەلۇم قىلسۇن، دەيدۇ، — دېدى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى يەنە ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ فېڭجيېنىڭ ھويلىسىغا ئۆتتى ۋە ئالدى بىلەن پىڭئېرنى تېپىپ فېڭجيېگە مەلۇم قىلدۇردى. فېڭجيې تېخى يېڭىلا ياتقانىدى، ئۇ



www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشنى ئاڭلاپ شۇنداق دېدى:

— ۋۇئېرنىڭ ئانىسىنى قىرىق دەررە ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىڭلار، ئارا ئىشىككە مەڭگۈ ئاياغ باسقۇچى بولمىسۇن. قىزى ۋۇئېرنى قىرىق دەررە ئۇرۇپ، جاڭزىغا تاپشۇرۇڭلار، جاڭزىدا يا سېتىلسۇن، ياكى بىرسىگە چېتىپ قويۇلسۇن.

پىڭئېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىقىپ، لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا ئەينى بويىچە يەتكۈزدى. ۋۇئېر قورققىنىدىن زار ـ زار يىغلاپ، پىڭئېرنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە فاڭگۈەن بىلەن بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

— بۇمۇ تەس گەپ ئەمەس، — دېدى پىڭئېر، — ئەتە فاڭگۈەندىن سوراپ كۆرسەڭلا راست ـ يالغىنى ئايان بولىدۇ. بىراق، بۇ زەمبۇرۇغ تالقىنىنى تېخى ئالدىنقى كۈنىلا بىرسى سوۋغا قىلىپ ئەكەلگەنىدى، بۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن قول تەگكۈزۈلىدىغان نەرسە، بۇنى ئوغرىلىماسلىقىڭلار كېرەك ئىدى.

ۋۇئېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، زەمبۇرۇغ تالقىنىنى تاغىسىنىڭ بەرگەنلىكىنى دەرھال سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداقتا سەن گۇناھسىز ئاق ئادەم ئىكەنسەن، ئۇلار سېنى بۇ يەرگە تۆھمەت بىلەن ئەكەپتۇ ـ دە، — دېدى پىڭئېر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ھازىر كەچ كىرىپ كەتتى، كېلىن ئاغىچا تېخى يېڭىلا دورا ئىچىپ ياتتى، ئۇ كىشىنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ئاۋارە قىلىشمۇ بىئەپ، بۈگۈنچە بۇ قىزغا جېسەكچىلەر بىر كېچە قاراپ قويسۇن، ئەتە مەن كېلىن ئاغىچىغا دەپ، ئاق ـ قارىنى ئايرىغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلايلى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى پىڭئېرنىڭ سۆزىنى يېرىۋېتىشكە پېتىنالماي، ۋۇئېرنى ئاچىقىپ جېسەكچى ئاياللارنىڭ ساقلاپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆيىگە ياندى.

شۇنداق قىلىپ، ۋۇئېر بۇ يەردە تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ بىر

قەدەممۇ نېرى ـ بېرى بولالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيسەكچى ئايالىلارنىڭ بەزىلىرى: «بۇنداق بەتقىلىق ئىشنى قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى» دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا، بەزىلىرى ئۇنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ قويغانلىقىدىن ئاغرىنىپ: «جىيسەكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي تۇرغان چاغدا، بىزنى يەنە ئوغرىغا قارىتىپ قويدى. كۆزىمىزنى غەلىتە قىلىپ ئۆلۈۋالسا ياكى قېچىپ كەتسە، ھەممە دەرد ـ ئېسەگە بىز قالىمىز» دېيىشەتتى. يەنە ئادەتتە لىۋ يەڭگە بىلەن پۇرچىقى پىشىشمايدىغانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولۇشۇپ، ۋۇئېرنى زاڭلىق قىلىپ ئويناشتى. ۋۇئېر ئىچ ـ ئىچىدىن جىلە بولۇپ خورسىنىدى، دەردىگە دەرمان تاپالمىدى. ئەسلىدە ئۇ ئاجىز، كېسەلچان ئىدى، كېچىچە ئىچەي دېسە بىر يۇتۇم چاي، بىر يۇتۇم داغ سۇ، ئۇخلاي دېسە ياستۇق يوق، تاڭ ئاتقۇچە قاقشاپ ـ ئۆپكىدەپ يىغلاپ چىقتى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى بىلەن ئېپى كېلىشمەيدىغانلار ۋۇئېرنىڭ بۇ يەردىن دەرھال قوغلىنىپ كېتىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ كىشىلەر ئەتىسى بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ھەممىدىن سەھەر قوپۇپ، ئاستا كېلىپ يىڭئېرنى ئايلاندۇرغىلى تۇردى ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام سۇنۇپ، بىر چەتتىن ئۇنىڭ بىر ئىش قىلىشتا كەسكىنلىكىنى ماختىسا، بىر چەتتىن ۋۇئېرنىڭ ئانىسى ئادەتتە ئۇنداق ئىدى، بۇنداق ئىدى، دەپ ئانىسىنى يامانلاپ بەردى. يىڭئېر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھە دەپلا قويۇپ، ئۇلارنى يولغا سالدى ـ دە، ئۆزى ئاستا شىرېننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن فاڭگۇەنگە راستىلا گۈلاب بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى سورىۋىدى. شىرېن:

— گۈلابتىن فاڭگۇەنگە بەرگەن، فاڭگۇەن ئۇنى كىمگە بەردى، ئۇ ماڭا قاراڭغۇ، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا فاڭگۇەندىن سورىۋىدى، فاڭگۇەن چۆچۈپ كېتىپ، ۋۇئېرگە بەرگەنلىكىنى شۇ ھامان ئىقرار قىلدى. فاڭگۇەن بۇ گەپنى يەنە باۋيۈيگە

دېۋىدى، باۋيۇيمۇ تەمتىرەپ قېلىپ:

— گۇلابىنىڭغۇ دېرىكى چىقتى، ئەمدى بۇنىڭغا چېتىلىپ زەمبۇرۇغ تالقىنىنىڭمۇ گېپى چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ راستىنى دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ناۋادا بۇ زەمبۇرۇغ تالقىنىنى ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ دەرۋازا باققاندا ئىگە بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىشىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمگىمۇ بىرمۇنچە خاپىلىق كېلىدۇ. بۇنداقتا، ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلغان ئىشى ئۇچۇن بىز خەقنى بالاغا تىقىپ قويغان بولمايمىزمۇ؟ — دېدى ۋە ئارقىدىنلا پىڭئېرگە مەسلىھەت سالدى، — گۇلابىنىڭ ئىشىغۇ تۈگەپتۇ، ئەمدى يەنە زەمبۇرۇغ تالقىنىنىڭمۇ چاتىقى بار ئىكەن. جېنىم ئاچا، ئۇنىمۇ فاڭگۇەن بەردى دېگىن دەپ ئۆگىتىڭ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىسۇن.

— شۇنداقمۇغۇ دەرمەن، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — بىراق، ئاخشام ئۇ خەقلەرنىڭ ئالدىدا تاغام بەرگەن دېگەن تۇرسا، ئەمدى كېلىپ سىلىنى بېرىپتۇ دېسەم قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇياقتا يىتكەن زەمبۇرۇغ تالقىنىنىڭ ئىز - دېرىكىنى تاپالمايۋاتقان بىر چاغدا، مال ئوغرىسىنى بىكارلا قويۇۋېتىپ بېرىپ كىمنى تۇتقۇلۇق؟ كىم بۇنى ئۈستىگە ئالار؟ بۇنداق قىلساق كۆپچىلىك كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ.

— ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىن يىتىپ كەتكەن گۇلابىنى باشقىسى ئەمەس، سەييۇن ئوغرىلاپ چىقىپ جياخۇەن غوجىغا بەرگەن نېمە، سىلەرمۇ قارىسىغا سۆزلەۋېرىدىكەنسىلەر، — دېدى چىڭۋېن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ كۇلگەن پېتى.

— بۇنداقلىقىنى كىم بىلمەيتتى؟ — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — شۇ تۇرقىدا يۇيچۇەر جىلە بولۇپ يىغلاپ يۇرىدۇ. ئاستا بېرىپ سەييۇندىن سورىساق، ئۇ ئىقرار قىلىۋەتسىلا يۇيچۇەرگىمۇ ھېچ بالا تەگمەيتتى، ھەممەيلەن دوپپا ياپما قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتۇق، كىم بۇ ئىشنى بوپتىلا، مەن ئۈستۈمگە ئالاي دەيدۇ؟ سەييۇن دېگەن نەس ماقۇل كېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ئىشنى يۇيچۇەرگە

www.uyghurkitap.com

دۆڭگەپ، شۇ ئوغرىلىدى دەۋاتىدۇ! ئىككىسى ئۈۋىسىدا شۇنداق چىشلىشىۋاتىدۇكى، بۇلارنىڭ بۇ جېدىلى پۈتۈن قەسىرگە پۇر كەتتى. ئەمدى بۇ ئىشقا بىز قانداقمۇ قۇلىقىمىزنى يوپۇرۇپ يۈرەلەيمىز؟ بۇ ئىش تەكشۈرۈلمەي قالمايدۇ. ئوغرى ئالدى دېگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسپات بولمىسا، ئۇنى قانداق ئوغرى دېگىلى بولسۇن؟

— بوپتىلا، — دېدى باۋيۈي، — بۇ ئىشنىمۇ مەن ئۈستۈمگە ئالاي، ئەسلىدە بۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىن ئاستىلا مەن ئوغرىلاپ چىققانىدىم، دېسەم، ھەر ئىككىلا ئىش تۈگىمەمدۇ.

— بۇمۇ بىر ساۋابلىق ئىش بولغۇدەك، خەقنى ئوغرى دېگەن ئاتاقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدىكەن. بىراق، ئاغىچا خېنىم ئاڭلىسا: بالىلىق قىپتۇ، ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەپتۇ، دەپ كايىيدۇ! — دېدى شىرېن.

— بۇغۇ ئۇنچىۋالامۇ چوڭ ئىش ئەمەس، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ قويۇپ، — ھازىرلا جاۋ كىچىك خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا بارساق يوقالغان نەرسىنى تېپىپ چىقىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ، بىراق بىر ياخشى ئادەمنىڭ يەرگە قاراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. باشقىلىرى بىلەنمۇ كارىم يوق، ئالدىمنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئەنە شۇ بىر ئادەم. ئۇ بۇ ئىشنى ئاڭلىسا خاپا بولماسمۇ؟ شۇ كىشىگە ئىچىم ئاغرىغاچقا، چاشقاننى ئۇرىمەن دەپ لوڭقىنى چېقىۋەتكۈم كەلمەيدۇ، — پىڭئېر شۇنداق دەپ ئارقىدىن ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ قويدى.

شىرېن ۋە باشقىلار پىڭئېرنىڭ تەنچۈننى دەۋاتقانلىقىنى پەملەپ، تەڭلا:

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، ھەر نېمە بولسۇن، بۇ ئىشنى بىزلا ئۈستىمىزگە ئالغىنىمىز تۈزۈك ئىكەن، — دېيىشتى.

— سەييۈن بىلەن يۈيچۈەر دېگەن بۇ قارغىش تەگكۈرلەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلاردىن ئوبدان ئېنىقلىۋالغىنىمىز تۈزۈك.

بولمىسا، ئۇلار تېخىمۇ كېرىلىپ كېتىپ، بىزنىڭ ئۇلارنى ئايىغانلىقىمىزنى بىلمەي، ئەكسىچە مېنى بىڭىسى يوق، ھېچنېمە چىقىرالمىدى، دېيىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۇ ئىشنى مۇشۇ يەردە تۈگىدى دېگىنىمىز بىلەن، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئەدەپ، ئوغرىلايدىغاننى ئوغرىلاپ، ھېچنېمە كۆرمىگەن بولۇۋالىدۇ، — دېدى پىڭئېر يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— راست گەپ، — دېيىشتى شىرىن ۋە باشقىلار كۈلۈشكەن پېتى، — سىزگىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرۇش كېرەك.

پىڭئېر بىر كىمنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئىككىسىنى چاقىرتىپ كەلدى.

— ئەمدى ھودۇقماڭلار، ئوغرى تېپىلدى، — دېدى پىڭئېر.

— قېنى ئۇ ئوغرى؟ — دەپ سورىدى يۈيچۈەر بىرىنچى بولۇپ.

— ھازىر ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ ھۇجرىسىدا، — دېدى پىڭئېر، — ئۇنىڭدىن نېمىنىلا سورىسا، شۇنى ئىقرار قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئايان، ئۇنىڭ ئوغرىلىمىغانلىقىنى مەن بىلىمەن، بىراق ئۇ بىچارە قورققىنىدىنلا ھەممىگە ئىقرار كېلىۋاتىدۇ. باۋيۈي غوجامنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن يېرىمىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، دەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئوغرىنىڭ كىملىكىنى دەۋېتەي دېسەم، ئۇ ئادەتتە مېنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ھەمشىرىلەردىن بىرسى، ئوغرىلانغان نەرسىنى سىڭدۇرۇپ بەرگۈچى بۇنداقچىلا بىر ئادەم، ئەمما ئارىدا بىر ياخشى ئادەمنىڭ يۈزىگە سەتچىلىك بولىدىكەن، شۇڭا تەڭلىكتە قالدىم. ئەمدى ھەممەيلەنگە گەپ كەلمەسلىك ئۈچۈن، باۋيۈي غوجامغا بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى يالۋۇرماي بولمىدى. قېنى ئىككىڭلار دەپ بېقىڭلارچۇ، قانداق قىلساق بولار؟ بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز پەخەس بولۇپ، يۈزىمىزنى ساقلايلى دەيدىغان بولساق، مەن باۋيۈي غوجامدىن بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى ئۆتۈنەي، بولمىسا ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا بېرىپ

www.uyghurkitap.com

ئوغرىنى مەلۇم قىلاي ـ دە، بىگۇناھ ئادەمگە ئۇۋال بولمىسۇن.

سەييۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ئىختىيارسىز ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، نومۇس ھەم خىجىلچىلىق ئىچىدە قېلىپ:

ــ ئاچا، خاتىرجەم بولۇڭ، ــ دېدى ئۇ، ــ بىگۇناھ ئادەمگىمۇ ئۇۋال بولمىسۇن، مەن دەۋېتەي: جاۋ كىچىك خېنىم ماڭا يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ئوغرىلىق قىلدىم، ئۇ نەرسىلەردىن بىزە ئېلىپ جياخۇەن غوجامغا بەرگىنىم راست. ھەتتا ئاغىچا خېنىم ئۆيدىكى چاغدىمۇ بىز شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، خالىغان كىشىمىزگە ئاپىرىپ بەرگەن، بۇ ئىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. مەن بىر ئەر ـ ئىككى كۈن ۋارى ـ ۋارى بولۇپ، ئاندىن بېسىلىپ قالدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە بىگۇناھ بىر ئادەمگە ئۇۋال بوپتۇ، بۇنىڭغا مەنمۇ چىدىيالمايمەن. ئاچا، مېنى ئېلىپ بېرىپ كېلىن ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىڭ، ھەممىنى ئۇستۇمگە ئالاي، ئىش تۈگىسۇن.

تۇرغانلار سەيىۇننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بۇنداق يۈرەكلىكىگە ھەيران قېلىشتى.

ــ سەيىيۇن ئاچام ھەقىقەتەن ۋىجدانلىق ئىكەن، ــ دېدى باۋيۈي شۇئان كۈلۈپ، ــ بۇ ئىشنى ئەمدى سەنمۇ ئۇستۇڭگە ئالمايلا قوي، مەن ئۇلارنى قورقۇتۇپ ئويناش ئۇچۇن ئاستىلا ئوغرىلاپ چىققانىدىم، بۇگۇن بۇ ئىش چىڭىغا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆزۈم قىلغان ئىشنى ئۆزۈم ئۇستۇمگە ئالىمەن، دەيمەن. ئاچىلىرىمدىن تىلەيدىغىنىم، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ھەممىمىزگە ئوبدان.

ــ مەن قىلغان ئىشنى نېمىدەپ سىلى ئۇستىلىرىگە ئالىلا؟ ئۆلسەممۇ بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى، ــ دېدى سەيىيۇن.

ــ گەپ ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدى پىڭئېر بىلەن شىرېن ئالدىراپ، ــ سەن ئۇستۇڭگە ئالغان زامان، بۇنىڭغا جاۋ كىچىك

خېنىم چېتىلىپ چىقماي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا بۇ گەپ بېرىپ تەنچۈن خېنىمنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالسا ئۇ خاپا بولمامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، باۋيۈي غوجاملا ئۈستىگە ئالغىنى تۈزۈك، ھەممەيلەنگە گەپ كەلمەيدۇ، مۇشۇ بىرقانچەيلەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ، بۇنىڭدا ئىش شۇنداق چىرايلىق تۈگەيدۇ! ئەمدى گەپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بۇنداق ئىشلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلايلى. بىر نېمە كېرەك بولغاندا، ھەرقانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيدە بولۇشىنى كۈتۈش كېرەك، ئۇ چاغدا ھەتتا پۈتۈن ئۆينى قوشۇپ بېرىۋەتسىمۇ چاتىقىمىز بولمايدۇ.

سەييۈن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئويلاندى ـ دە، ئاخىر ماقۇل بولدى.

شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىك ئوبدان مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، پىڭئېر ئۇ ئىككىسى بىلەن فاڭگۇەننى ئېلىپ جېسەكچىخانىغا كەلدى، ۋۇئېرنى چاقىرتىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئاستاغىنا زەمبۇرۇغ تالقىنىنىمۇ فاڭگۇەن بەرگەن، دېگىن دەپ ئۆگىتىپ قويدى. ۋۇئېر ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولدى. ئاندىن پىڭئېر ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆزى تۇرغان ھويلىغا ئۆتتى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىرقانچە ئاياللار بىلەن ليۇ يەڭگىنى يالاپ كېلىپ پىڭئېرنى ساقلاپ تۇرغىلى خېلى بولغانىدى.

— بۇنى سەھەردىلا يالاپ كېلىۋېدۇق، باغدىكىلەرنىڭ ناشتىلىق تامىقىنى ئېتىپ بېرىشكە ئادەم بولماي قالمىسۇن دەپ، چىن شيەننىڭ ئايالىنى قىزلارنىڭ تامىقىنى ئېتىپ تۇرۇشقا جورۇدۇم، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى پىڭئېرگە.

— چىن شيەننىڭ ئايالى كىم بولىدۇ؟ مەن ئانچە تونۇمايدىكەنمەنغۇ؟ — دېدى پىڭئېر.

— ئۇ، باغنىڭ جەنۇبىي بۇلۇڭىدا كېچىلىك جېسەكتە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۈندۈزى كۆپ ئىشى بولمىغاچقا بۇ تەرەپلەرگە

ئۆتمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى تونۇمايسىز، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — مەڭزى دومباق، كۆزلىرى يوغان، بەكمۇ پاكىز ھەم چەبدەس ئايال.

— شۇنداق، — دېدى يۈيچۈەر، — ئاچا، نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىڭىز؟ ئۇ ئىككىنچى خان قىزنىڭ ھۇجرىسىدىكى سىچىننىڭ خان ئاچىسى، سىچىننىڭ ئاتىسى چوڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىدىكى ئادەم بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تاغىسى بىز تەرەپتە.

يىڭئېر يۈيچۈەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇ ئايالنى ئېسىگە ئالالىدى:

— بايىلا شۇنى دېگەن بولسىڭىز ئۇقماپتىمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئارقىدىن يەنە، — ئالدىراپ ئادەم تەيىنلەپ قويۇپسىز. بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە خېلىلا يەتتۇق، ھەتتا قايسى كۈنى ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىن يىتكەن نەرسىنىڭمۇ ئىگىسى چىقتى. ئۆتكەن كۈنى باۋيۈي بۇ ئىككى قارغىش تەگكۈردىن نېمىدۇر بىر نەرسە سوراپ بېرىپتىكەن، بۇ ئىككىسى ئۇنى جىلە قىلىپ ئويناپ: «ئاغىچا خېنىم ئۆيدە يوق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلالمايمىز» دەپتۇ. باۋيۈي ئۇلارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ھۇجرىغا كىرىپتۇ - دە، بەزىبىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككى قارغىش تەگكۈر بۇنى بىلمەي، قورقۇپ جېنى چىقىپتۇ. باۋيۈي باشقا بىرسىنىڭ شۇ ئىش سەۋەبىدىن بالاغا تىقىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بولغان ئىشنى ماڭا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ھەم ئۇ نەرسىلەرنى ئاچىقىپ كۆرسەتتى، ھەممىسى ساق بار ئىكەن. ھېلىقى زەمبۇرۇغ تالقىنىنىمۇ باۋيۈي سىرتتىن تېپىپتىكەن، خېلى كۆپ كىشىلەرگە سوۋغاتمۇ قىپتىكەن. شۇڭا، باغدىكىلەرلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، ھەتتا ئانىكاملارمۇ تىلەپ ئېلىپ سىرتتىكى تۇغقانلىرىغا بەرگەچكە، ئۇلارمۇ باشقىلارغا سوۋغات قىلىشىپتۇ. شىرنىمۇ فاڭگۇەنگە ئوخشاشلارغا سوۋغات قىپتىكەن. ئۆزئارا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئالدى - بەردى قىلىش ئادەتتە بولۇپ

تۇرىدىغان ئىش، تېخى ئالدىنقى كۈنىلا مەسلىھەتخانىدا ئىككى سېۋەت پېچىتى بىلەن بىر ئوبدان تۇراتتى، ئەمدى قانداقسىغا خەققە تۆھمەت قىلىشقا بولىدۇ؟ مەن كېلىن خېنىمغا مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سۆزلىشەيلى، — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئىشلارنى بايا كېلىشكەن سۆز بويىچە بىر قۇر مەلۇم قىلىپ ئۆتتى.

— شۇنداقمۇ دەيسەن، — دېدى فىڭجيې، — بىراق باۋيۈيىنىڭ خەقنى دەپ ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ھەممە ئىللەتنى ئۈستىگە ئارتىۋالىدىغان قىلىقى بار، باشقىلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ يالۋۇرۇپ، ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بىلەن پۈتىغا ھۆل كېسەكتىن ئىككىنىلا قويسا، قايسىبىر ئىشنى ئۈستىگە ئالمايدۇ؟ ئەگەر بۇنىڭ ئۇنداق ئىشلىرىغا ئىشىنىۋېرىدىغان بولساق، كېيىن بېرىپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردىمۇ شۇنداق قىلىۋېرىدۇ، ئۇ چاغدا خەقنى قانداق باشقۇرىمىز؟ بۇ ئىشنى يەنىمۇ ئوبدان ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا، ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىكى دېدەكلەرنىڭ ھەننىۋاسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇرۇپ ـ تىللىمىساقمۇ، ئۇلارنى ئاپتاپتا چىنە چاقچۇقلىرىغا تىزلاندۇرۇپ قويۇپ، چايمۇ، تاماقمۇ بەرمەسلىك كېرەك، كەچكىچە ئېيتمىسا، كەچكىچە شۇنداق تىزلىنىپ ئولتۇرسۇن، ئۇ خەقنىڭ جېنى ھەرقانچە تۆمۈردىن سوقۇلغان بولسىمۇ، بىر كۈن ئىچىدە ھەممىگە ئىقرار قىلىدۇ، — ئارقىدىن ئۇ يەنە شۇنداق دېدى، — «چىۋىنمۇ دەزى يوق تۇخۇمغا قونمايدۇ»، لىيۇ يەڭگە ئوغرىلىمىغان بولسىمۇ، ئانچە ـ مۇنچە ئۇنىڭغا گۇمان بار، شۇڭا خەق ئۇنىڭ ئۈستىدىن گەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئوغرى دېگەن جىنايەتنى ئارتمىساقمۇ، ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىش كېرەك. بۇنداق بىر ئىش بىلەن چېتىشلىقى بارلارنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىش ئىشى ئوردىدىمۇ بار، بۇ ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغانلىق بولمايدۇ.

— بۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىلا؟ — دېدى

پىڭئېر، — كەڭ قوللۇق قىلىدىغان يەرگە كەڭ قوللۇق قىلىش كېرەك. بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش بولمىغاندىكىن، خۇشخۇيلۇق بىلەن شەپقەت قىلىسىلا. مېنىڭچە، بۇ ياندىكى ھۇجرىدا تۇرۇپ ھەرقانچە كۆيۈپ ـ پىشىپ غەم يېگەنلىرى بىلەن، بەربىر سىلى يەنىلا نېرىقى ياندىكى ئۆيگە كېتىدىغان ئادەم، بۇ يەردىكى چاكارلارنى ئۆزلىرىگە ئۆچ قىلىۋالغانلىرى قالىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەر سىلىنى ئۆچ كۆرىدىغان، سىلىدىن ئاغرىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىمۇ بالا ـ قازادىن نېرى بولالماي كېلىۋاتىدىلا، ئاران دېگەندە بىر غوجامغا قورساق كۆتۈرۈۋىدىلە، ئالتە ـ يەتتە ئايلىق بولۇپ چۈشۈپ كەتتى، بۇمۇ ئادەتتە تولىمۇ غەم يەپ، ئاچچىق يۇتقانلىرىنىڭ كاساپىتىدىن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مۇشۇ كۈندىن باشلاپ بەزى نەرسىنى كۆرسىلىمۇ كۆرمەسكە سالغانلىرى ياخشى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ فېڭجيې كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— بوپتۇ، بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار، قورساق كۆپۈكى بولمىسۇنلا، — دېدى.

پىڭئېر كۈلۈپ:

— مانا بۇ راۋۇس گەپ بولمىدىمۇ؟ — دەپ قويۇپ، بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپ، تۇتۇلغانلارنى بىر ـ بىرلەپ قويدۇرۇۋەتتى. ئەمدى نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش ئىككىنچى باب

## گۇل شياڭيۈننىڭ مەستلىكتە چوغلۇقنى كۆرپە قىلىپ ئۇخلاپ قالغانلىقى
## مۆڭ شياڭلىڭنىڭ مەستانىلىقىدىن ئانار گۈللۈك كۆڭلىكىنى يەڭگۈشلەپ تۇرغانلىقى

پېڭئېر چىقىپ، لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا جېكىلىدى:

— «چوڭ ئىشنى كىچىك قىلىپ، كىچىك ئىشنى يوق قىلىپ كۆرسىتىش كېرەك»، شۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ بۇ ئائىلە گۈللەپ - ياشنىغان ئائىلە ھېسابلىنىدۇ. كىچىككىنە ئىشقىمۇ چاڭىلداپ چۇقان كۆتۈرۈپ ھاس - ھاسلاپ كېتىدىغان بولساق توغرا بولمايدۇ. ھازىر ئانا - بالا ئىككىسىنى ئاچىقىپ كېتىڭ، ئۇلار ئاۋۋالقىدەك ئۆز ئىشىنى قىلىۋەرسۇن، چىن شيەننىڭ ئايالىنىمۇ ئۆز جايىغا ياندۇرۇۋېتىڭ. بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن تەرگەپ يۈرمەي، ھەر كۈنى پەخەس بولۇپ چارلاپ يۈرۈۋېرىڭ.

پېڭئېر گېپىنى تۈگىتىپ ماڭدى. لىيۇ يەڭگە بىلەن قىزى دەرھال ئۇنىڭغا باش قويدى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ئۇلارنى باغقا باشلاپ كىرىپ، لى ۋەن ھەم تەنچۈنلەرگە مەلۇم قىلدى.

— ئۇقتۇق، ئىش تېرىلمىغىنى ياخشى، — دېدى لى ۋەن بىلەن تەنچۈن.

سىچىلار بىر دەملىكلا خۇشال بولغىنىچە قالدى. چىن شيەننىڭ ئايالىمۇ مىڭ تەسلىكتە بۇ يوچۇقنى تېپىپ ئەمدىلا بېشىنى تىقىشىغا، ئاران يېرىم كۈنلا يايراپ قالالىدى. بۇ ئايال

ئاشخانىدا پايپاسلاپ يۈرۈپ، قاچا ـ قومۇچ، ئۇن ـ گۈرۈچ، ئوتۇن ـ كۆمۈر دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇردى. تېخى بىر مۇنچە «زىيان»نىمۇ تەكشۈرۈپ تېپىپ: «خاسە گۈرۈچتىن ئىككى دەن كەم ئىكەن، ئادەتتىكى گۈرۈچتىنمۇ بىر ئايلىق ئوشۇق چىقىم قىلىنىپتۇ، كۆمۈرمۇ نورمىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ» دەپلا كەتتى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن بىر سېۋەت كۆمۈر ۋە بىر دەن خاسە گۈرۈچنى غىپپىدە تالاغا ئاچىقىپ قويۇپ، لىن جىشياۋنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپمۇ بەرگەن، دەپتەرخانىغا ئەۋەتىدىغان سوۋغاتلىقنىمۇ تەييارلاپ قويغان، ئاندىن بىرنەچچە خىل سەي قورۇپ، بىللە ئىشلەۋاتقانلارنىمۇ چىللىۋالغانىدى.

— ئەمدى مەن كەلدىم، پۈتۈنلەي سىلەرگە تايىنىمەن، ھەر بىرىڭلار ماڭا يار ـ يۆلەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك ئۆتىمىز. مېنىڭ يېتىشەلمەي قالغان يەرلىرىم بولسا، ئىشقىلىپ، ھەر بىرىڭلار خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار، — دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلغانىدى.

ئاشۇنداق پايپاسلاپ تۇرغىنىدا، بىر كىم كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— مۇشۇ ئەتىگەنلىك غىزانى بېرىپ بولغاندىن كېيىن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭ. لىۋ يەڭگەمدە ھېچقانداق ئىش يوق ئىكەن، ئىشنى يەنە شۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ.

چىن شيەنىڭ ئايالى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، سالپىيىپلا قالدى، كۆدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ، كەشنى توغرىلىدى. كىشىلەرگە سوۋغات قىلغان بىرمۇنچە نەرسىسىمۇ بىكارغا كەتكەنىڭ ئۈستىگە، بۇ كېمەيگەن نەرسىلەرنىڭ ھەققىنى ئۆزى تۆلىدى. ھەتتا سىچىمۇ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە قاراپلا قالدى، ئىشنى ئوڭلاشقا ئامال تاپالماي، بولدى قىلدى.

سەييۈن ئۆز بېشىغا بىرمۇنچە نەرسىنى تارتۇق قىلىپ

ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى يۈيچۈەر ئۇقۇپ قېلىپ چۇقان كۆتۈرگەچكە، جاۋ كىچىك ئاپا، يۇقىرىدىكىلەر بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، كۈن - كۈنلەپ تەرلەپ - تەپچىپ، يوشۇرۇنچە تىڭتىڭلاپ يۈردى.

— ھەممە ئىشنى باۋيۈي ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى، ئەمدى چاتاق تۇگىدى، — دېدى سەييۈن كىرىپلا.

جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ئاندىن كۆڭلى تىندى. لېكىن، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جيا خۇەننىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشتى، ئۇ سەييۈننىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئەكېلىپ بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاچچىقىپ سەييۈننىڭ يۈزىگە ئاتتى:

— سەندەك ئىككى يۈزلۈك نېمىگە مەن ھۆ ! سەن باۋيۈي بىلەن چىقىشىۋالمىغان بولساڭ، ئۇ نېمىشقا سەن ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىكەن؟ سەن ئۆز زىممەڭگە ئېلىپ ماڭا بەرگەندىن كېيىن، ھېچكىمگە بىلدۈرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى. ئەمدى بۇنى باۋيۈيگە ئېيتىپ قويۇپسەن، بۇنى ئالغىنىم بىلەن ماڭىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ !

سەييۈن بۇنىڭغا جىلە بولۇپ، قەسەم ئىچىپ يىغلاپ تاشلىدى. ھەرقانچە چۈشەنچە بەرسىمۇ جيا خۇەن ئىشەنمەي تۇرۇۋالدى:

— ئادەتتە قانداق بولۇشۇڭغا قارىماي، ئوتتۇرانچى يەڭگەمگە مۇشۇ ئىشىڭنىلا ئېيتىمەن، بۇنى ماڭا ئوغرىلاپ ئەكەلگەنىكەن، ئېلىشقا پېتىنالمىدىم، دەيمەن. ئۆزۈڭگە ئوبدان ھېزى بول ! — جيا خۇەن قول سىلكىپ چىقىپ كەتتى.

— بىتەلەي شۇمتەك ! بۇ قانداق گەپ بولدى ! — دەپ كايىدى جاۋ كىچىك ئاپا ھودۇقۇپ.

سەييۈن ئاچچىقىدا يىغلاپ، ئادا بولۇپ كېتەي دېدى. جاۋ كىچىك خېنىم ئۇنى ھەر نېمە دەپ بەزلىگىلى تۇردى:

— جېنىم بالام، ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى يەرگە ئۇردى. بەربىر مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن. مەن بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

قوياي، بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بەرىبىر ئېسىنى تاپىدۇ.

جاۋ كىچىك ئاپا بايىقى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. سەييۈن قېيىداپ، ھەممىنى بوغچىغا تۈگدى ـ دە، كىشىگە كۆرۈنمەيلا باغقا كىرىپ ئۆستەڭگە چۆرۈۋەتتى. ئۇ نەرسىلەردىن بەزىلىرى چۆكۈپ كەتتى، بەزىلىرى لەيلەپ قالدى. ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي، يوتقاندا كېچىچە يىغلاپ چىقتى.

باۋيۈيىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كېلىپ قالغانىدى. باۋچىنىنىڭمۇ شۇ كۈنى بولۇپ، ئىككىسى بىر كۈندە تۇغۇلغانىكەن. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيدە بولمىغاچقا، قۇتلاش ئىشىمۇ بالدۇرقى يىللاردىكىدەك قىزىق بولمىدى. پەقەت جاڭ دەرۋىش تۆت خىل سوۋغات ئەۋەتتى، ئات قويۇش تۇمارىنى يەڭگۈشلەپ قويدى. ئاندىن بىرقانچە ئىبادەتخانىلاردىكى راھىب ـ راھىبەلەر سەدىقەتۇش، سۇھەيل يۇلتۇز، قەغەز ئات، تەۋسىپنامە، ئۆز يۇلتۇزىنىڭ مۇئەككىلى، بۇ يىلنىڭ نۆۋەتچىسى مۇشتەرى يۇلتۇز، ياش تولغاندا ئالماشتۇرىدىغان قۇلۇپ سوۋغا قىلدى. ئۆيىگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان ئەر ـ ئاياللار بىر كۈن بۇرۇن كېلىپ قۇتلاپ قويۇشتى. ۋاڭ زىشېڭ تەرەپتىن بىر قۇر كىيىم، بىر پار كەش ـ پايپاق، يۈز دانە ئۆمۈر شاپتۇلى، خانلىق ئىنچىكە كەسمە چۆپتىن يۈز باغلام سوۋغات قىلىندى. شۆ ھامما تەرەپتىنمۇ شۇ نەرسىلەرنىڭ يېرىمىچىلىكلا سوۋغا قىلىندى. باشقا خاندانلاردىن يۇشى خېنىم بىر پار كەش ـ پايپاق، فېڭجيې ئوردىدا ياسالغان ۋە تۆت تەرەپتىن ئىزمىلىنىدىغان كەشتىلىك ھەميانغا ئالتۇن سۇھەيل يۇلتۇزنى سېلىپ، بىر دانە ئىران ئويۇنچۇقى بىلەن سوۋغات قىلدى. بۇتخانىلاردىكى شەيخ ـ راھىبلارغا ئالا قويماي پۇل چاچقۇ قىلىندى. باۋچىنگە بېرىلگەن سوۋغاتلارمۇ بار، بۇنى بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ھەمشىرىلەر ئۆزلىرى خالىغىنىچە سوۋغات قىلىشتى، ئۇلاردىن بەزىسى بىر

دانە يەلپۈگۈچ، بەزىسى بىرەر پارچە ھۆسنخەت، بەزىسى بىر پارچە رەسىم، بەزىسى بىرەر شېئىر تۇتۇپ يارىشىقىنى قىلىپلا قويدى.

شۇ كۈنى باۋيۈي قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇردى، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى مېھمانخانىنىڭ ھويلىسىغا كەلدى، لى گۈي قاتارلىق تۆت كىشى شۇ يەردە ئاسمان - زېمىن كۆجىلىرىنى تەييارلاپ قويغانىدى. باۋيۈي كۆجە يېقىپ تەزىم قىلدى، ئەرۋاھلارغا ئاتاپ چاي تۇتۇپ، قەغەز كۆيدۈرگەندىن كېيىن، نىڭگو قەسىرىدىكى ئەجداد خانىقاسىغا كېلىپ، بوۋىلىرىغا ئاتالغان ئىككى مېھرابقا تەزىم قىلدى. پېشايۋانغا چىقىپ، جيا ئانا، جيا جېڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا يۈزلىنىپ تەزىم قىلدى. يول ئۆتەر يۇشى خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىگە كىرىپ تەزىم قىلدى، بىردەم ئولتۇرۇپ، رۇڭگو قەسرىگە يېنىپ چىقتى. ئاۋۋال شۆ ھاممىنىڭكىگە كەلدى. ئۇلار ئۇنى زادىلا سالام قىلغىلى قويمىدى. ئۇ يەردىن چىقىپ، شۆ كې بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن باغقا يېنىپ كىردى. چىڭ ۋېن بىلەن شېيۆ ئۇنىڭغا سوغداشتى، چۆرە قىز قولتۇقىغا كىگىز قىستۇرۇپ كەينىدىن ماڭدى. لى ۋەندىن باشلاپ ئۆزىدىن چوڭ ئاقلارنىڭ ئۆيلىرىگە بىر - بىرلەپ كىرىپ چىقتى. قايتا ئارا دەرۋازىغا كېلىپ تۆت ئېمىكئانىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، بىر پەس تۇزۇت قىلىپ قويۇپ يېنىپ كەلدى. خىزمەتكارلار تەزىم قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇلارنى تەزىم قىلدۇرمىدى. ھۇجىرىسىغا يېنىپ كىرگەندە، شىرېن ۋە باشقىلار چىقىپ: بولدى قىلىڭلار، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ياش ئادەم تەزىم قوبۇل قىلمىسۇن، بولمىسا بەختىيار ئۆمرىگە نۇقسان يېتىدۇ دەپ تاپىلىغان، دېگەچكە، خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا باش قويمىدى.

بىردەمدىن كېيىن جياخۇەن بىلەن جيالەن كەلدى، شىرېن دەرھال ئۇلارنى تەزىمدىن توسۇپ قالدى، ئۇلار بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى.

— مېڭىۋېرىپ ھېرىپ كەتتىم! — دېدى كۇلۇپ باۋيۇي ۋە كاتقا قىڭغايدى. ئەمدىلا يېرىم پىيالە چاي ئىچىپ تۇرۇشىغا، تالادا گۇدۇڭلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بىر توپ چۆرە قىزلار كۇلۇشكىنىچە كىرىپ كېلىشىۋاتاتتى، سۇيمو، شياۋلو، سۇيلۇ، رۇخۇا، شىڭ شيۇيەننىڭ چۆرىسى جۇەنئېر ۋە ئىنىسگە كۆتۈرۈۋالغان چياۋجيېر، سەيلۇەن، شيۇلۇەن بولۇپ سەككىز ـ توققۇزەيلەن قىزىل كىگىز كۆتۈرۈپ كىرىشتى. ئۇلار:

— قۇتلاپ تەزىم قىلغىلى كەلگەنلەر قىستىشىپ ئىشىكنى سۇندۇرۇۋېتەي دېدى، قورسىقىمىزغا چاپسانراق ئۇگرە ئاش بېرىڭلار! — دېدى كۇلۇشۇپ.

ئۇلار كىرىپ تۇرۇشىغا، تەنچۈن، شياڭيۈن، باۋچەن، شيۇيەن، شىچۈنلەرمۇ كېلىشتى. باۋيۇي دەرھال ئالدىغا چىقىپ:

— سىلەرنى يول ماڭدۇرۇپ قويۇپتىمەن. قېنى ئوبدان چايدىن دەملەڭلار، — دېدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ بىردەم تۇزۇت قىلىشقاندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. شىرېنلەر ئۇلارغا چاي تۇتتى، چايدىن ئەمدىلا ئوتلىۋىدى، پىڭئېرمۇ گۇلدەك ياسانغان پېتى كىرىپ كەلدى.

— بايىلا مەن فېڭجيې ئاچامنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ، كىرىشكە خەۋەر قىلدۇرسام كۆرۈشەلمەيمەن دەپتۇ، — دېدى باۋيۇي ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، — ئاندىن سىزنى كەلسۇن دەپ كىشى كىرگۈزگەنىدىم.

— مەن ئاچىلىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى يۇيۇشىغا قارىشىۋاتاتتىم، چىقىپ ئۆزلىرىگە ئۇچۇرىنى بېرەلمىدىم، — دېدى پىڭئېر كۇلۇپ، — كېيىن ئاڭلىسام، مېنى كەلسۇن دەپتىلا، بۇ ئىلتىپاتنى مەن كۆتۈرەلەمتىم؟ شۇڭا، غوجامغا باش قوياي دەپ ئالاھىدە كېلىشىم.

— مەنمۇ بۇ ئىلتىپاتنى كۆتۈرەلمەيمەن، — دېدى كۇلۇپ باۋيۇي.

شىرېن ئىشىك يېنىغا ئورۇن راسلاپ پىڭئېرنى

ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن پىكىئېر باۋيۇيگە تەزىم قىلدى، باۋيۇيمۇ كەينى - كەينىدىن قول جۈپلەپ سالام قايتۇردى. پىكىئېر يۇكۇنۇۋىدى، باۋيۇيمۇ تەڭلا يۈكۈندى، شىرېن دەرھال ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى. پىكىئېر يەنە تەزىم قىلدى، باۋيۇيمۇ قول جۈپلەپ سالام قايتۇردى.

— يەنە سالام قىلىڭ، — دېدى كۈلگىنىچە شىرېن ئۇنى تۇرتۇپ.

— تۈگەپ بولسا نېمىدەپ يەنە سالام قىلىمەن؟ — دېدى باۋيۇي.

— بۇ سىزنى قۇتلاپ تەزىم قىلىۋاتىدۇ، — دېدى شىرېن، — بۈگۈن ئۇنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنى، سىزمۇ ئۇنى قۇتلاپ تەزىم قىلىشىڭىز بولىدۇ.

— بۈگۈن پىكىئېر ئاچامنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن - دە! — دېدى كۈلگىنىچە باۋيۇي خۇشال بولۇپ، ئاندىن قول جۈپلەپ سالام قىلدى.

پىكىئېرمۇ دەرھال جاۋابەن تەزىم قىلدى.

— سىلەر تۆتىڭلار بىر - بىرىڭلارنى قۇتلاپ، بىر كۈن كەچكىچە تەزىم قىلىشساڭلار بولغۇدەك، — دېدى شياڭيۈن باۋچىن بىلەن شيۇيەننى تارتىپ.

— شيۇ يەن سىڭلىمنىڭمۇ مۇشۇ كۈن ئوخشىمامدۇ؟ مەن نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىمەن! — دېدى تەنچۈن ۋە دەرھال چۆرە قىزنى بۇيرۇدى، — ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا بېرىپ ئېيتقىن، باۋچىن قىزنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ دەرھال بىر ئۈلۈش سوۋغات تەييارلاپ، ئىككىنچى خان قىزنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكۈزۈپ بەرسۇن.

چۆرە قىز خوش دەپ چىقىپ كەتتى، شياڭيۈن شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىپ دەپ قويغاچقا، شيۇيەن ھەرقايسى ئۆيلەرگە بېرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

— ھەر ھالدا قىزىق بولدى، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، —

يىلىنىڭ ئون ئىككى ئېيى ئىچىدە، ھەر ئايدا بىر قانچە تۇغۇلغان كۈن بولۇپ تۇرىدىكەن. ئادەم كۆپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق توغرا كېلىپ قالىدىغان گەپ - دە. گاھىدا ئۈچەيلەننىڭ بىر كۈندە، گاھىدا ئىككىيلەننىڭ بىر كۈندە ئىكەن. چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنىمۇ بىكار ئۆتمىدى، ئۇ كۈننى چوڭ ئاچام ئىگىلىدى. ئۇنىڭ بەخت - تەلىيى چوڭ بولغاچقا، تۇغۇلغان كۈنىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئىلگىرى بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرا كەلدى. پانۇس بايرىمى ئۆتكەندىن كېيىن، چوڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي ئاچامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولدى، ئۇ ئىككىسىنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنى بىر كۈنگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئۈچىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئاغىچا خېنىمنىڭ، توققۇزىنچى كۈنى جيالىيەن غوجاكامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئىككىنچى ئايدا ئادەم يوق ئىكەن.

— نېمىشقا يوق ئىكەن؟ ئىككىنچى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى دەيىۋي قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، شۇغىنىسى بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئادىمى ئەمەس - دە، — دېدى شىرېن.

— قارا، مېنىڭ زېھنىمنى! — دەپ كۈلدى تەنچۈن.

— بۇنىڭكى بىلەن دەيىۋي سىڭلىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىر ئىكەن، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ شىرېننى كۆرسىتىپ، — شۇڭا ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرىدۇ.

— ئىككىڭلارنىڭ كۈنى بىرمىدى؟ — دەپ كۈلدى تەنچۈن.

— ھەر يىلى بىزگە بىرەر قېتىممۇ باش قويمايسەن! پىڭئېرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىمۇ بىز ئۇقمايتتۇق، ئەمدى بىلىۋالدۇق.

— بىز دېگەن پەگاھتىكى ئادەملەر تۇرساق! — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — تۇغۇلغان كۈنىمىزنى قۇتلاش بەختى بىزگە يار بولمىغان، تەزىم قوبۇل قىلىشمۇ بىزگە نېسىپ بولمىغان. چۇقان كۆتۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى بار، جىم - جىمغىنا ئۆتۈپ كەتسە بولىۋەرمەمدۇ؟ بۈگۈن مۇنۇ شىرېن ئەتەي ئاغزى قىچىشىپ

ئېيتىپ قويدى. خان قىز، ئۆيلىرىگە قايتقانلىرىدىن كېيىن، مەن تەزىم قىلغىلى باراي.

— سېنى ئاۋارە قىلالمايمەن، — دېدى كۈلۈپ تەنچۈن، — بۈگۈنلا سېنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى قىلىپ بەرسەك، كۆڭلۈم ئاندىن يېرىم بولمايدۇ.

— توغرا گەپ بولدى، — دېيىشتى باۋيۈي ۋە شياڭيۈنلەر تەڭلا.

تەنچۈن چۆرە قىزغا گەپ تاپىلاپ، ئۇنى كېلىن ئاغىچىغا بېرىپ ئېيتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى:

— بىز ھەممىمىز شۇنىڭغا كېلىشتۇق، بۈگۈن كەچكىچە پىڭئېرنى قويۇپ بەرمەيمىز. ھەممىمىز ئۆز ئۈلۈشلىرىمىزنى يىغىش قىلىپ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قىلىپ بېرىمىز.

چۆرە قىز كۈلگىنىچە چىقىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— كېلىن ئاغىچام: ئۇنىڭ يۈزىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن خان قىزلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەندە، ئۇنىڭغا قانداق غىزا ئەتكۈزۈپ بېرەركىن؟ غىزادا مېنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، مەن بېرىپ ئۇنى جوۋتىپ يۈرمەي، دەيدۇ.

ھەممەيلەن بۇ گەپكە كۈلۈشتى.

— شۇغىنىسى، بۈگۈن ئىچكىرىكى ئاشخانىدا غىزا ئەتمەيدۇ، — دېدى تەنچۈن، — ئادەتتە بىز تۆۋەندىكىلەر چاي ئۆتكۈزگەندە تاشقىرىقى ئاشخانىدا راسلاپ بېرەتتى، ئەمدى بىز پۇل يىغىش قىلىپ ليۇ يەڭگىگە بېرەيلى، ئۇ بىزنىڭ ئىچكىرىكى ئاشخانىدىلا راسلاپ بەرسە تۈزۈك بولغۇدەك.

— شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى ھەممەيلەن.

تەنچۈن ئاۋۋال لى ۋەن، باۋچەي، دەييۈيلەرنى تەكلىپ قىلغىلى كىشى ئەۋەتتى، ئاندىن ليۇ يەڭگىنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئىچكىرىكى ئاشخانىدا دەرھال ئىككى جوزا زىياپەت داستىخىنى تەييارلاشنى تاپىلىدى. ليۇ يەڭگە نېمە ئىش

ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي:

— تاشقىرىقى ئاشخانىدا تەييارلاپ قويغان، — دېدى.

— سىز ئۇقمايسىز، بۈگۈن پېڭئېر قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، — دېدى تەنچۈن كۈلۈمسىرەپ، — تاشقىرىقى ئاشخانىدا تەييارلىغىنى يۇقىرىدىكى چوڭلار ئۈچۈن. بىز ئۆز بېشىمىزغا پۇل چىقىرىپ، پېڭئېر قىز ئۈچۈنلا ئىككى جوزا زىياپەت تەييارلاپ ئۇنى مېھمان قىلماقچىمىز. مەززىلىك يېگى سەيلەردىن قوروپ تەييارلاپ قويۇڭ. ھېساب قىلىپ، پۇلىنى مەندىن ئېلىڭ.

— بۈگۈن پېڭئېر خېنىمنىڭمۇ قۇتلۇق كۈنىمىكەن؟ بىز ئۇقماپتۇق، — دەپ كۈلگىنىچە ليۇ يەڭگە پېڭئېرغا باش قويۇۋىدى، پېڭئېر ھودۇقۇپ كېتىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى. ليۇ يەڭگە زىياپەت تەييارلىقىنى قىلىشقا ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

تەنچۈن باۋيۈينى بىللە مېھمانخانىغا بېرىپ ئۆگرە ئاش ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. لى ۋەن، باۋچەيلەر كېلىپ بولغاندىن كېيىن، شۆ ھاما بىلەن دەييۈينى تەكلىپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. كۈن ئىللىپ، دۈييۈينىڭ كېسىلى خېلىلا تۈزىلىپ قالغاچقا، ئۇمۇ كەلدى. دۇردۇن ــ تاۋارغا ئورىنىپ گۈلدەك ياسانغانلار مېھمانخانىغا سىغدىلىشتى. شۆ كېمۇ قۇتلاپ، باۋيۈيگە ياغلىق، يەلپۈگۈچ، خۇشبۇيلۇق، تورقا قاتارلىق تۆت خىل سوۋغات سۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باۋيۈي ئۇيانغا ئۆتۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆگرە ئىچىشتى. ئىككىسى بىر ــ بىرىنى قۇتلاپ زىياپەت قىلىشىپ، ئۆزئارا رەھمەت ــ ھەشقاللا ئېيتىشتى. چۈش بولغاندا باۋيۈي يەنە شۆ كې بىلەن شاراب تۇتۇشۇپ ئىككى قەدەھتىن شاراب ئىچىشتى. باۋچەي باۋچىننى باشلاپ كىرىپ شۆ كېگە تەزىم قىلدى. قەدەھ تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، باۋچەي شۆ كېگە:

— بۇياندىن ئۇيانغا ئۆتۈپ شاراب تۇتۇپ يۈرۈشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق، ئۇنداق قۇرۇق تەكەللۇپنى قىلمايلا قوي. دۇكاندىكى

چۆپقەتلىرىڭنى مېھمان قىلساڭلا بولدى. بىز باۋيۈي ئۇكام بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالمىساق بولمايدۇ، ساڭا ھەمراھ بولالمايمىز، — دەپ تاپىلىدى.

— ئاچا، ئۇكام، مەرھەمەت قىلىشسىلا، دۇكاندىكى ئىشداشلىرىمىزمۇ كېلىپ قالار، — دېدى شۆ كې.

باۋيۈي دەرھال كەچۈرۈم سوراپ، ھەمشىرىلىرى بىلەن يېنىپ كەلدى. يان ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، باۋچەي خىزمەتكار ئايالنى يان ئىشىكنى قۇلۇپلىۋېتىشكە بۇيرۇپ، ئاچقۇچنى ئۆزى ئېلىۋالدى.

— بۇ ئىشىكنى ئەتكۈزۈۋېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي، — بۇ يەردىن ئۆتىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاممام، سىز، سىڭلىم ئىچكىرىدە تۇرىسىلەر، ئۆيگە چىقىپ بىرەر نەرسە ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ئاۋارىچىلىك بولۇپ قالامدۇ؟

— ئېھتىيات قىلغان ئوشۇقچىلىق قىلمايدۇ! — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — سىلەر تەرەپتە بىرنەچچە كۈندىن بۇيان بىرمۇنچە چاتاق چىقتى، بۇنىڭغا بىز تەرەپتىكى كىشىلەردىن چېتىلىپ قالغىنى بولمىدى. دېمەك، بۇ، مۇشۇ ئىشىكنى ئېتىپ قويغانلىقنىڭ شاراپىتى. ئەگەر ئوچۇق تۇرغان بولسا، ھېلىقىدەك ئادەملەر يېقىن دەپ بۇ ئىشىكتىن ماڭغان بولسا ئۇلارنى كىم توسۇۋالالايتتى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە قۇلۇپلاپ قويغان ياخشى، ئانام بىلەن مەنمۇ بۇ يەردىن ماڭمايلا قويساق، ھېچكىم ماڭمايدۇ. بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ قالغاندىمۇ، بۇياندىكى كىشىلەرگە دۆڭگىلىپ قالمايدۇ.

— بىز تەرەپتە يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان بىر نەرسىلەرنىڭ يىتكەنلىكىنى، ئاچا، سىزمۇ ئۇقۇپسىز - دە! — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— سىزچۇ، شەربەت بىلەن زەمبۇرۇغ تالىقىنىنىلا بىلىسىز، بىلگەندىمۇ كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىلىسىز. ئەگەر بۇ

www.uyghurkitap.com

ئىشقا ئادەملىرىڭىز ئىلىشىپ قالمىغان بولسا، سىز ئاشۇ ئىككى ئىشنىمۇ بىلمەيتتىڭىز. بۇ ئىككى ئىشتىنمۇ يوغان يەنە بىرقانچە ئىش بولغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيسىز. كېيىن بىرەرسى شەپشەكلىك قىلىپ ئېيتىپ قويمىسا، ھەممەيلەننىڭ تەلىپى بىر يەردىن چىققان بولىدۇ. ئېيتىپ قويىدىغان بولسىزە، بۇنىڭ قانچە كىشىگە كاساپىتى تېگەركىنتاڭ، سىز ئىش باشقۇرغۇچىلاردىن بولمىغاچقا، سىزگە دەۋاتىمەن. پىڭئېر ھەممىنى چۈشىنىدىغان قىز، ئۇنىڭ كېلىن ئاغىچىسى تالاغا چىقالمايۋاتقانلىقى ئۇچۇن، ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭغىمۇ دېدىم، ئۇ ئىش يېپىقلىق پېتىچە قېلىۋەرسىغۇ ھەممىمىزنىڭ كارى بولمايدۇ، ئېچىلىپ قالسىمۇ، ئۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغاچقا، ئىشنىڭ باش ـ ئايىغى تايىنلىق بولىدۇ ـ دە، باشقىلارغا ناھەقچىلىق بولمايدۇ. گېپىمگە قۇلاق سېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن پەخەس بولسىڭىزلا بولدى. بۇ گەپنى ئىككىمىزچى بىر كىمگە دەپ قويماڭ.

ئىككىسى گەپ قىلىشقاچ ئەترەپشان شىپاڭىغا كەلدى. شىرېن، شياڭلىڭ، سىشۇ، چىڭۋېن، شېيۈ، فاڭگۈەن، رۇيگۈەن، ئۇۋگۈەن قاتارلىق ئون نەچچەيلەن شۇ يەردە بېلىقلارنى تاماشا قىلىۋاتاتتى، باۋيۈيلەرنى كۆرۈپ، ئۇلار:

— چوغلۇق قاشىسىدا ئورۇن راسلاپ قويۇلدى، چاپسانراق داستىخانغا بېرىشسىلا، — دېيىشتى.

باۋچەيلەر ئۇلار بىلەن چوغلۇق قاشىسىدىكى قىزىل خۇشبۇيزارغا سېلىنغان ئۇچ ئېغىزلىق ئوچۇق ئايۋانغا كېلىشتى. يۈشى خېنىممۇ تەكلىپ قىلىنغانىكەن، ھەممەيلەن شۇ يەردە، پەقەت پىڭئېرلا يوق ئىدى.

پىڭئېر بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەنىدى، چۈنكى لەي دا، لىن جىشياۋ ئائىلىلىرىدىن سوۋغاتلار سۇنۇلغانىدى. يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆي خىزمەتكارلىرىدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ، قۇتلاپ تەزىم قىلغان ۋە سوۋغات تۇتقانلارمۇ

ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا پىگئېر شۇ زامان پۇل ئىنئام قىلىپ رەھمەت ئېيتتى ۋە ھەر خىل سوۋغاتلارنى بىر ـ بىرلەپ قىزچىقىگە مەلۇم قىلىپ تۇردى. سوۋغاتلاردىن بىرقانچە خىلىنىلا ئېلىپ قالدى، بەزىلىرىنى قوبۇل قىلمىدى، بەزىلىرىنى باشقىلارغا ئىنئام قىلىۋەتتى. بىردەم ئاشۇنداق ئالدىرىدى. قىزچىقى ئۇگرە ئاش ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، پىگئېر ئاندىن كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ باغقا قاراپ ماڭدى. باغقا كىرىشكىلا، بىرقانچە دېدەك ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. پىگئېر ئۇلار بىلەن بىللە قىزىل خۇشبۇيزارغا كەلدى. ئۇ يەردە ئېسىل نازۇ نېمەتلەر تىزىلغان، نېلۇپەر كەشتىلەنگەن تۆشەكلەر سېلىنغانىدى.

— سۇھەيل يۇلتۇزلار تەل بولدى! — دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن.

تۆردە ئاشۇ تۆتەيلەننى ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن تۆت ئورۇن راسلانغانىدى. تۆتىلىسىنىڭ ئۇ يەردە ئولتۇرغۇسى كەلمىدى.

— مەن ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان ئادەم، — دېدى شۆ ھامما، — سىلەرنىڭ تويېڭلارغا قوشۇلالمايدىكەنمەن، ئاندىن قورۇنۇپمۇ قالىدىكەنمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، مەسلىھەتخانىغا كىرىپ بەھۇزۇر ياتقىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ. بىر نەرسىمۇ يېيەلمەيمەن، شارابنىمۇ ئانچە ئىچەلمەيمەن، بۇ يەرنى بۇلارغا قويۇپ بەرسەم ئوبدان بولغۇدەك.

يۇشى خېنىم ۋە باشقىلار ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

— بوپتۇ، شۇنداق قىلسۇنلا، ئانام مەسلىھەتخانىدا ئازادىرەك ياتسۇن، — دېدى باۋچەي، — ياقتۇرىدىغان غىزالاردىن كىرگۈزۈپ بەرسەك، شۇ يەردە بەھۇزۇر غىزالىنالايدۇ. ئالدىدا ھېچكىم بولمىغاندىن كېيىن، بىزمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرالايمىز.

— شۇنداق قىلايلى، ھۆرمەتتىن كۆرە، ئىتائەت زۆرۈر، — دېدى تەنچۇن.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك شۆ ھاممىنى مەسلىھەتخانىغا ئۇزىتىپ قويدى، چۆرە قىزلارنى بۇيرۇپ، كىمخاب كۆرپە

سالدۇرۇپ ۋە يۆلەنچۈك تەكىيە قويدۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئۇلارغا:

— هاما خېنىمنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ قويۇڭلار، چاي ياكى سۇ كېرەك بولسا «سەن سالا ـ مەن سالا» قىلماي، دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىڭلار. غىزا تارتىلغاندا ئەكېلىپ بېرىڭلار، هاما خېنىم يەپ بولغاندىن كېيىن، قالغان غىزانى سىلەرگە ئىنئام قىلىدۇ. بۇ يەردىن ھەرگىز نېرى كەتمەڭلار، — دەپ تاپىلاپ قويدى.

چۆرە قىزلار خوش دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن تەنچۇنلەر قايتىپ كېلىشتى. باۋچىن بىلەن شيۆيەن ئىككىسىنى تۆرگە، يىڭئېرنى غەربكە، باۋيۈينى شەرققە قارىتىپ ئولتۇرغۇزدى. تەنچۈن يوەنياڭنى يېنىغا ئېلىپ، تۆتەيلەننىڭ ئۇدۇلغا كېلىپ ئولتۇردى. غەربتىكى جوزىغا باۋچەي، دەيىۈي، شياڭيۈن، يىڭچۈن، شىچۈنلەر ئۆز رېتى بويىچە ئولتۇرۇشتى، شياڭلىڭ بىلەن يۈيچۈەر ئىككىسىنىمۇ توغرىسىغا ئولتۇرۇڭلار دەپ تارتتى. ئۈچىنچى جوزىدا يۇشى خېنىم ۋە لى ۋەنلەر شىرېن بىلەن سەيىۈننى كېلىپ ئولتۇرۇشقا تارتتى. تۆتىنچى جوزىغا زىجۈەن، يىڭئېر، چىڭۋېن، شياۋلو، سىچىلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

تەنچۈنلەر قەدەھ تۇتماقچى بولۇپ تۇراتتى، باۋچىن باشلىق تۆتەيلەن:

— مۇنداق غەلۋە قىلىۋەرسەك، كەچكىچىمۇ داستىخانغا ئولتۇرۇپ بولالمىغۇدەكمىز! — دېيىشتى.

شۇ گەپ بىلەن باشقىلار بولدى قىلىشتى. ئىككى كور ئايال مەدداھ غەزەل ئېيتىپ قوتلىماقچى بولۇۋىدى، باشقىلار:

— بۇ يەردىكىلەردىن ھېچكىم ئۇنداق سەھرايى گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، مەسلىھەتخانىغا بېرىپ، شۇ يەردە ئېيتىپ هاما خېنىمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىڭلار، — دېدى ۋە تۈرلۈك يېمەكلىكلەردىن ئېلىپ، شۇ هامىغا سۇنۇپ بېرىشكە كىشى بۇيرۇدى.

— مۇنداق ئېسىللىشىپ ئولتۇرۇۋەرگەننىڭ قىزىقى يوق،

شاراب ئويۇنى ئۆتكۈزسەك ئوبداق بولاتتى، ــ دېدى باۋيۇي.
بەزىلەر شاراب ئويۇنىنىڭ مۇندىقىنى قىلايلى دېسە، بەزىلەر ئۇندىقى ئوبدان، دەپ بىردەم تالاشتى.
ــ مېنىڭچە بولسا، ــ دېدى دەييۈي، ــ دۇۋەت ـ قەلەم ئالدۇرۇپ، ھەر خىل شاراب ئويۇنلىرىنى يېزىپ، يىمىرىپ چەك قىلايلى، قولىمىزغا قايسى چىقسا شۇنى ئوينايلى.
ــ ئوبدان چارە بولدى! ــ دېيىشتى باشقىلار.
دۇۋەت ـ قەلەم ۋە گۇللۇك قەغەز ئالدۇرۇشتى. شياڭلىڭ يېقىندىن بۇيان شېئىر ئۆگىنىپ، ھەر كۈنى خەت يېزىشنىمۇ مەشىق قىلىپ تۇراتتى، دۇۋەت ـ قەلەمنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئۇ ئىنتىزارلىق بىلەن:
ــ مەن يازاي، ــ دېدى.
كۆپچىلىك بىردەم ئويلاشقاندىن كېيىن، شاراب ئويۇندىن ئون نەچچە تۈرلۈكنى تېپىپ ئېيتىپ بەردى، شياڭلىڭ بىر ـ بىرلەپ يېزىپ، يىمىرىپ چەك قىلىپ شېشىگە سالدى. تەنچۈن پىڭئېرنى ئال دەپ بۇيرۇدى، پىڭئېر چەكلەرنى بىر قۇر ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، چوكا بىلەن بىرنى قىسىپ ئالدى، قارىسا، «يوشۇرماق ـ تاپماق» دەپ يېزىلغىنى چىقىپتۇ.
ــ شاراب ئويۇنىنىڭ بوۋىسىنى ئاپتۇغۇ بۇ! ــ دېدى باۋچەي كۈلۈپ، ــ «يوشۇرماق ـ تاپماق» دېگەن ئويۇن قەدىمدە بار ئىدى، ھازىر ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ھازىرقىسى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزگەرتىلگىنى، باشقا شاراب ئويۇنلىرىدىن بۇ بەك تەس. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ يېرىمى بۇنى بىلمەيدۇ، ئۇنى يىرتىۋېتىپ، ھەممەيلەن تەڭ لەززەت ئالالايدىغىنىدىن بىرنى ئالايلى، ــ ئاندىن ئۇ شىرېننى ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا «بارماق جېڭى» دېگەن چىنەك ئويۇنى چىقتى.
ــ بۇ ئاددىي ھەم چاققان ئويۇن، مېنىڭ مىجەزىمگە ياقىدۇ، ــ دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، ــ «يوشۇرماق ـ تاپماق»نى

www.uyghurkitap.com

ئوينىمايمەن، كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىدۇ، مەن چىنەك ئويۇنىغا قاتنىشاي.

— مۇشۇلا ئىشنى بۇزىدىكەن. باۋچەي ئاچا، ئۇنىڭغا بىر قەدەھ جەرىمانە قويۇڭ! — دېدى تەنچۇن.

باۋ چەي سۆز قىلىشقىمۇ يول قويماي، كۈلگىنىچە شياڭيۈنگە بىر قەدەھ قۇيدى.

— مەن بىر قەدەھ ئىچەي، مەن ئويۇننى باشقۇرغۇچى، — دېدى تەنچۇن، — جاكارلاپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، مەن بەلگىلىسەملا بولدى. شىشىخال بىلەن تەخسە ئەكېلىڭلار، باۋچىن سىڭلىمدىن باشلاپ قاتارىسىغا تاشلايلى، چېكىتى جۈپ كەلگەن ئىككىيلەن يوشۇرماق ـ تاپماق قىلىشسۇن.

باۋچىن شىشىخالنى تاشلىۋىدى، «ئۈچ» كە ئولتۇردى، شيۇيەن، باۋيۈيلەرنىڭ تاشلىغان شىشىخاللىرىنىڭ چېكىتلىرى ئۇنىڭغا جۈپ كەلمىدى، شياڭلىڭ تاشلىغاندا «ئۈچ» چىقتى.

— گەپ ـ سۆزلىرىمىز ئۆيئىچى بىلەنلا چەكلەنسۇن، تالانىڭ گەپلىرىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋالساق، گەپ بەك چىگىچلىشىپ كېتىدۇ، — دېدى باۋچىن كۈلۈپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى تەنچۇن، — ئۈچ قېتىم تاشلاپمۇ دەل كەلتۈرەلمىگۈچىگە بىر قەدەھ جەرىمانە قويۇلىدۇ. قېنى ئۆزىڭىز باشلاپ بېرىڭ.

باۋچىن بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، «پېشقەدەم» دېگەن سۆزنى ئېيتتى. شياڭلىڭ بۇ ئويۇنغا خام بولغاچقا، دەرھال ئويلاپ تاپالمىدى. ئۆيدە، ھەممە داستىخاندا «پېشقەدەم» سۆزى بىلەن چېتىلىدىغان ماقال ـ تەمسىل چېلىقمىدى. شياڭيۈن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇدۇل كەلگەن نەرسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ باققاندى، ئىشىكنىڭ ئەگمىگە چاپلاقلىق «قىزىل خۇشبۇيزار» دېگەن خەتكە بىردىنلا كۆزى چۈشۈپ، باۋچىننىڭ يوشۇرغىنى

«مەن پېشقەدەم كۆكتاتچىغا يەتمەيمەن» دېگەندىكى «كۆكتاتچى» دېگەن سۆزگە چۈشىنەلمىگەنلىكىنى بىلدى. شياڭلىڭنىڭ بۇنى تاپالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك دۇمباق چېلىپ يەنە ئالدىراتقانىدى، شياڭيۇن ئاستا شياڭلىڭنى تارتىپ، «چوغلۇق» دەڭ دەپ ئۆگەتتى. دەيىۈي كۆرۈپ قېلىپ:

— شياڭيۈنگە جەرىمانە قويۇش كېرەك! ئۇ ئۇنىڭغا دەپ بېرىۋاتىدۇ! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا شۇ زامانىلا بىر قەدەھ جەرىمانە سالدى. شياڭيۇن ئاچچىقىدا دەيىۈينىڭ قولىغا چوكا بىلەن سالدى. ئاندىن شياڭلىڭغا بىر قەدەھ جەرىمانە قويدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن باۋچەي بىلەن تەنچۈننىڭ تاشلىغان چېكىتلىرى جۈپ كېلىپ، تەنچۈن «كىشى» دېگەن سۆزنى يوشۇردى.

— «كىشى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تولىمۇ كەڭ، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— يەنە بىر سۆز قوشۇپ، يوشۇرۇنغان ئىككى سۆزگە بىر مەنە تاپسا كەڭ مەنىلىك بولۇپ كەتمەيدۇ، — دېدى تەنچۈن، ئاندىن يەنە «پەنجىرە» دېگەن سۆزنى ئېيتتى.

باۋچەي ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ، داستىخاندىكى توخۇ گۆشىنى كۆرۈپ، تەنچۈننىڭ «توخۇلۇق پەنجىرە①» بىلەن «جاكارچى» دېگەن ئىككى تەمسىلنى قوللانغانلىقىنى پەملەپ، «كاتەك» دەپ

① «توخۇلۇق پەنجىرە» — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، جىن زامانىدىكى سۇڭ چۇزۇڭ خورازنى پەنجىرىسىنىڭ تۈۋىگە قويۇپتۇ. كېيىن خوراز بىردىنلا ئادەمدەك سۆزلەيدىغان بولۇپ، سۇڭ چۇزۇڭ بىلەن كۈنبويى گەپلىشىپ چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇڭ چۇزۇڭ جىق ئىلىم هاسىل قىپتۇ. كېيىنكى زامان كىشىلىرى «توخۇلۇق پەنجىرە» دېگەن سۆز بىلەن «كۇتۇپخانا»نى بىلدۈرىدىغان بولۇشقان. بۇ تەمسىلدە لاۋزى ـ جۇاڭزى تەلىماتىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ سىر ـ هېكمەت ئىدىيەسى تەرغىب قىلىنغان؛ «جاكارچى» — قەدىمكى زاماندا، چوڭ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان كېچىسى ئەمەلدارلارنى ئەتىگەن تۇرۇشقا ئويغىتىدىغان ئەمەلدار.

جاۋاب بەردى. تەنچۈن ئۈنىڭ تېپىۋالغانلىقىنى بىلىپ، «توخۇ كاتەككە قونۇپتۇ» دېگەن تەمسىلنى ئىشلەتتى. ئىككىسى كۈلۈشۈپ قويۇپ، ئالدىدىكى قەدەھنى كۆتۈرۈشتى.

شياڭيۈن تاقىلداپ كېتىپ، باۋيۈي بىلەن «ئۈچ»، «بەش» دەپ ۋارقىرىشىپ، چىنەك ئويۇنىغا كىرىشىپ كەتتى. يۈشى خېنىم بىلەن يۈەنياڭمۇ نېرىقى داستىخاندا «يەتتە»، «سەككىز» دەپ چىنەك ئويۇنىغا چۈشتى. پىڭئېر بىلەن شىرېنمۇ جۈپ بولۇشتى، بېغىشلاردىكى بىلەزۈكلەر جىرىڭ ـ جىرىڭ، جىلدىر ـ جىلدىر قىلىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن، شياڭيۈن باۋيۈينى ئۇتۇۋالدى، پىڭئېر شىرېننى ئۇتۇۋالدى، ئىككىسى شاراب توغرىسىدا شەرتلەشتى.

ــ شاراب ئىچىش ئالدىدا، ــ دېدى شياڭيۈن، ــ بىر جۈملە قەدىمكى ئىبارە، بىر مىسرا كونا شېئىر، بىر ئېغىز كوزىر ئويۇنىنىڭ نامى، بىر غەزەلنىڭ نامى، ئاندىن يەنە تەقۋىمدە① بار گەپلەردىن بىرەرسىنى دەپ، ھەممىسىنى يىغىپ بىر جۈملە قىلىپ ئېيتىپ بېرىدۇ. شارابنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، جاھاندارچىلىققا ئالاقىدار بولغان مېۋە ياكى سەينىڭ نامىنى دەپ بېرىدۇ.

ــ مۇشۇنىڭ ئويۇنىلا باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئاشۇنداق مىلجىڭ، لېكىن خېلى قىزىقارلىق، ــ دېيىشتى باشقىلار ۋە باۋيۈينى سۆزلەشكە ئالدىراتتى.

ــ كىم دەپ بېقىپتۇ بۇنى؟ ئويلىنىۋالايلا، ــ دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

ــ سىز بىر قەدەھنى ئارتۇق ئىچىڭ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن دەپ بېرەي، ــ دېدى دەييۈي.

① تەقۋىم ــ شۇ زاماندىكى كالېندار. مۇنداق كالېنداردا ئاي ـ كۈنلەر كۆرسىتىلگەندىن باشقا، تەقىپ قىلىنغان خۇراپىي ئىشلارمۇ يېزىلىدۇ.

راست دېگەندەك باۋيۇي ئېچىۋەتتى. دەيیۇي دېدى:

سۇندى شەپەق، يېتىم ئۆردەك تەڭلا ئۇچتى،
سوقتى شامال، ئىگراپ غازمۇ غولدىن ئۆتتى؛
يەكپاي ياۋا غاز ئاتىلۇر بۇنىڭ نامى،
قار ـ قار قىلىپ كىشىنى زەپ مۇڭ ـ زار تۇتتى.
ــــ كېلىپتۇ غاز مېھمان بولۇپ①.

بۇ جاۋابقا ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ:
ــــ بۇ بىر يۇرۇش گەپلەر خېلى مەنىلىك بولدى ! ــــ دېيىشتى.

دەيیۇي چوكا سېلىۋىدى، چوكىغا «بۇندۇق تىلىپى» دەپ يېزىلغان چەك چىقىۋىدى، ئۇ شاراب ئاخىرىنى مۇنداق دەپ چۈشۈردى:

يان ھويلىدا دۆشە بىلەن بۇندۇقنىڭ يوق ھېچ ئىشى،
پاقىلدىتىپ كىر يۇغىلى نەدىن كەپتۇ شۇنچە كىشى؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز نۆۋىتىنى تۈگەتتى. يۈەنياڭ، شىرېنلەر «ئۆمۈر» دېگەن سۆز بىلەن كەلگەن تەمسىل گەپلەردىن دەپ بەردى. ئەمدى ئوشۇق گەپنى قويۇپ تۇرايلى.

كۆپچىلىك نۆۋەت بىلەن بىر پەس كالدىرلاشتى. ئۇستىلەپ شياڭيۈن يەنە باۋچىن بىلەن جۈپ بولدى، لى ۋەن بىلەن شيۇيەننىڭ شىشخال چېكىتلىرى جۈپ كېلىپ قالدى. لى ۋەن

① بىرىنچى مىسرا تاڭ زامانىسىدىكى شائىر ۋاڭ بونىڭ «تېڭۋاڭ راۋىقى ھەققىدە مۇقەددىمە» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان؛ ئىككىنچى مىسرا لويۇنىڭ مىسرالىرىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان؛ ئۇچىنچى مىسرا ئۇستىخان كوزىر ئويۇنىدىكى «قىلىچ توققۇز» دېگەن ئويۇن بولۇپ، ئالتە يېشىل چېكىت ۋە ئۇچ قىزىل چېكىت قاتارىسىغا تىزىلىپ، غازغا ۋە غازنىڭ پۇتىغا ئوخشاپ كۆرۈنىدۇ؛ تۆتىنچى مىسرا، ئەسلىدە «توققۇز ئەگىم ئۇچەي» (جيۇخۇيچاڭ) دېگەن غەزەلنىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com

«قاپاق» سۆزىنى يوشۇردى، شىيۈيەن ئۇنىڭغا «يىپشىل» سۆزى بىلەن جاۋاب تاپتى. ئىككىسى مەنىسىنى چۈشىنىپ، بىر ئوتلامدىن شاراب ئىچىشتى. شىياڭيۈن چىنەك ئويۇنىدا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، شاراب ئىچىش توغرىسىدا شەرتلىشەيلى، دېدى.

— كۈپكە مەرھەمەت قىلغايلا①، — دېدى كۈلۈپ باۋچىن.

— بۇ تەمسىلنى جايىدا ئېيتتى، — دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن. ئاندىن شىياڭيۈن مۇنداق دېدى:

ئۆركەش مەۋج ئۇرۇپ ئۇچقۇن چېچىلدى،
دەريادا دولقۇن كۆككە ئېتىلدى،
زەنجىرگە يالغۇز قېيىق چېتىلدى؛
دەريادا چىقسا بىر بوران ئەگەر،
— لايىق كەلمەس سەپەر②.

— شىياڭيۈن كۈلدۈرۈپ ئۈچەيلىرىمىزنى ئۈزۈۋەتكۈدەك قىزىق گەپ قىلدى! — دەپ كۈلۈشتى ھەممەيلەن، — بۇچۇ، ئەتەي بىزنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ تېپىشماقنى ئېيتتى، — ئاندىن ئۇنى يەنە سۆيلىدى، — جاۋاب ئاخىردىكىسىنى

---

① «كۈپكە مەرھەمەت قىلغايلا» — ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى تيەنشۇ 2 ـ يىلى (691)، ۋۇزېتيەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، لەي چۈنجېڭ جۇشىڭنى سوراق قىلىدۇ، ئۇ ئاۋۋال جۇشىڭدىن سوراق قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى سورايدۇ. جۇشىڭ: گۇناھكارنى كۈپكە سولاپ، ئەتراپىدىن ئوت قالىسا، گۇناھكار ئىقرار قىلماي قالمايدۇ، دەيدۇ. لەي چۈنجېڭ ئاشۇ ئۇسۇل بويىچە جۇشىڭنىڭ ئۆزىنى سوراق قىلىدۇ، جۇشىڭ گۇناھىنى بويىنىغا ئالىدۇ.

② بىرىنچى مىسرا سۇڭ دەۋرىدىكى ئوۋ ياڭشيۇنىڭ «كۆز ساداسى ھەققىدە نەزم» سىدىن كەلتۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى مىسرا دۇفۇنىڭ «كۆز زوقى ھەققىدە سەككىز شېئىر»دىن كەلتۈرۈلگەن؛ ئۈچىنچى مىسرادا قىزىل ۋە يېشىل چېكىتلەردىن تەركىب تاپقان ۋە خۇددى ئالتە تال زەنجىر بىلەن چېتىلغان يالغۇز قېيىق شەكلىگە ئوخشايدىغان ئۈچ دانە ئۇستىخان كوزىرنىڭ شەكلى ئىپادىلەنگەن؛ تۆتىنچى مىسرا «دەريادا بوران» (يىجياڭفېڭ) غەزەلىنىڭ نامى؛ ئاخىرقى («لايىق كەلمەس سەپەر») تەقۋىمدە «پالانى كۈنى سەپەرگە چىقماسلىق» دەپ يېزىلغان خۇراپىي سۆز.

چاپسانراق دەڭ.

شياڭيۇن شارابنى ئىچىپ بولۇپ، كەينىدىنلا ئۆردەك گۆشىدىن بىر توغرام يېدى. ئاندىن يەنە چىنىدە ئۆردەكنىڭ يېرىم كالللىسى قالغىنىغا كۆزى چۈشۈپ، شۇنى قىسىپ ئالدى ـ دە، مېڭىسىنى يېيىشكە باشلىدى.

— يەۋېرەمسىز، چاپسانراق دېسىڭىزچۇ، — دەپ كۆپچىلىك ئۇنى ئالدىراتتى.

شياڭيۇن چوكىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

بۇ «ياتۇ» ئەمەس، ئۇ «ياتۇ» ① تېخى
نەدە بار ئىكەن چېچىدا دالچىن گۈل يېغى.

كۆپچىلىك تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭۋېن، شياۋلو قاتارلىق دېدەك قىزلار ئالدىغا كېلىپ:

— شياڭيۇن خېنىم بىزنى زاڭلىق قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشقا خويمۇ ئۇستا ئىكەن، بىر قەدەھ جەرىمانە قويۇش كېرەك ! بىزنىڭ نەدە دالچىن يېغى سۈرتكۈچىلىكىمىز بولسۇن ! ئەمدى بىزگە سۈرتۈش ئۈچۈن بىر شېشىدىن دالچىن يېغى بەرسۇن ! — دەپ تۇرۇۋېلىشتى.

— ئۇنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر شېشىدىن گۈل يېغى بەرگۈسى بار ئىدى، ئۇنى بەرسە ئوغرىلىق دەۋاسىغا ئىلىنىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، — دەپ كۈلدى دەييۈي.

كۆپچىلىك بۇ گەپكە ئانچە ئېرەن قىلمىدى. باۋيۈي بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ بېشىنى ساڭگىلىتىۋالدى، سەييۈنىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك بولغاچقا، ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. باۋچەي شۇ زامانلا دەييۈيگە لاپپىدە بىر قاراپ قويدى. دەييۈي ئېغىز يۈگۈرۈكلۈك قىلىپ قويغىنىغا ئۆكۈندى، باۋيۈينى زاڭلىق قىلىمەن دەپ، بۇ گەپنىڭ سەييۈنگە تېگىپ

① سۆز ئويۇنى. ئاھاڭداش «ياتۇ» سۆزلىرىدىن بىرسى «ئۆردەك كالللىسى»، بىرسى «چۆرە قىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كېتىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇ پۇشايمانىنى ئېلىشقا قاچا تاپالماي، دەرھال بىر يۇرۇش چىنەك ئويۇنىنى باشلاپ، ئۇ گەپنى يىتتۇرۇۋەتتى. ئاندىن باۋيۇي بىلەن باۋچەي تاشلىغان شىشىخالىنىڭ چېكىتلىرى جۈپ كېلىپ قېلىپ، باۋچەي «باۋ» دېگەن سۆز يوشۇرۇنغان تېپىشماقنى ئېيتتى. باۋيۇي ئويلىنىپ بېقىپ، باۋچەينىڭ ئوينىشىپ، ئۆزىنىڭ «ھېكمەتلىك قاشتېشى»غا ئىشارەت قىلىپ دېگەنلىكىنى بىلدى:

— باۋچەي ئاچام مېنى شاڭخو قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىۋالدىم، — دېدى ئۇ، — مەن دېسەم، ئاچا، سىز خاپا بولۇپ قالماڭ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزدىكى «چەي» سۆزىنىڭ نەق ئۆزى شۇ.

— قانداقسىغا؟ — دەپ سورىدى كۆپچىلىك.

— ئۇ «باۋ» دېدى، ئاخىرى ئەلۋەتتە «يۈي» بولىدۇ، مەن «چەي» دەپ جاۋاب بەردىم. كونا شېئىردا «چېكىنۋەتسە يۈيچەي①نى كۆزنى يۇمغاي قىزىل شام» دېگەن مىسرا بار. قانداق، تېپىۋاپتىمەنمۇ؟ — دېدى باۋيۇي.

— بۇنداق ۋاقتى ھازىرلىق قىلىپ سۆزلەشكە بولمايدۇ، ئىككىلىسىگە جەرىمانە قويۇش كېرەك، — دېدى شياڭيۈن.

— ۋاقتى ھازىرلىق بولمىسا كېرەك. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىققان مەنبەسى بار، — دېدى شياڭلىڭ.

— «باۋيۇي»② دېگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق نەقلى قىلىنغان مەنبەسى يوق، — دېدى شياڭيۈن، — پەقەت چاغانلىق بېيىتلاردىلا ئانچە - مۇنچە ئۇچراپ قالىدۇ، شېئىرنامىلەردە قەيت قىلىنمىغان سۆزنى ھېسابقا ئالغىلى بولمايدۇ.

— قايسى كۈنى مەن سېن جياجۇ③ نىڭ بەش سۆزلۈك

---

① «يۈيچەي» (قاشتاش جىغا) — بۇ يەردە شامنىڭ چېچىكىنى كۆرسىتىدۇ.

② «باۋيۇي» — ئېسىل قاشتاش.

③ سېن جياجۇ — تاڭ دەۋرىدىكى شائىر سېن سەن (715 — 770)، جياجۇ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغاچقا، سېن جياجۇ دەپ نام ئالغان؛ «ئېسىل جىغا (باۋچەي) غا قونماق» — بۇ، ئاياللارنىڭ پەرداز قىلىشقا ئىرىنگەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن سۆز.

شېئىرلىرىنى ئوقۇغانىدىم، — دېدى شىياڭلىڭ، — شۇنىڭدا: «ئېسىل قاشتاش كۆپ ئىكەن بۇ ماكاندا» دېگەن مىسرانى ئۇچراتتىم. بۇنى ئەجەب ئۇنتۇپ قاپسىز - ھە؟ كېيىن لى يىشەننىڭ رۇبائىيلىرىنى ئوقۇغىنىمدا «چاڭ قونمايدۇ ھېچقاچان ئېسىل جىغىغا» دېگەن مىسرانى كۆردۈم. شۇڭا، مېنىڭمۇ چاقچاق قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ: بۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمى تاڭ زامانىدىكى شېئىرلاردىمۇ بار ئىكەن.

— گەپتە تۇتۇۋالدى مانا، بىر قەدەھ جەرىمانە قويۇش كېرەك! — دېدى باشقىلار كۈلۈشۈپ.

شياڭيۈن گەپ تاپالماي، نائىلاج بىر قەدەھ ئىچتى. كۆپچىلىك يەنە شىشىخال چېكىتلىرىنى جۈپ كەلتۈرۈپ، چىنەك ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيدە بولمىغاچقا، بۇلار ھېيىقماي، خالىغانچە ئويۇن - چاقچاق قىلىشىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ شاۋقۇن كۆتۈرۈشتى، ياقۇت - زۇمرەت، ئۇنچە - مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەنلەر مېھمانخانىنى بىر ئېلىپ راسا قىزىپ كېتىشتى. كۆپچىلىك بىرپەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن، داستىخاندىن يېنىشتى. شۇ ئارىدا شياڭيۈن كۆرۈنمەي قالدى. ئۇنى تالاغا ئەدەپكە چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېيىشكەندى، شۇنچە كۈتۈشسىمۇ، ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. تەرەپ - تەرەپكە كىشىلەرنى ئەۋەتىپ ئىزدەشتۈردى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

ئاندىن، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىلەن بىرنەچچە خىزمەتكار موماي، بىر تەرەپتىن، بىرەر رەسمىي ئىش چىقىپ قېلىپ بىزنى چاقىرتقاندۇ دەپ، يەنە بىر تەرەپتىن، دېدەكلەر باشلىق قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، تەنچۈنلەرنىڭ چەكلىگىنىگىمۇ بوي بەرمەي، ئۆز مەيلىچە كۆپرەك ئىچىپ قويۇپ، ئەدەپ - قائىدىدىن چىقىپ كەتمىسۇن، دېگەن ئەندىشە بىلەن كېلىپ ئىش بارمۇ دەپ سوراشتى. تەنچۈن ئۇلارنى كۆرۈپلا مەقسىتىنى چۈشەندى - دە:

— سىلەر ئەنسىرەپ بىزنى تەكشۈرگىلى كەپسىلەر ـ دە، شارابنى ئانچە كۆپ ئىچمىدۇق، ھەممىمىز ئويۇن ـ چاقچاق قىلىش ئۈچۈنلا شارابنى باشلامچى قىلدۇق، ئانسكىلار، ئەنسىرەشمەڭلار، — دېدى.

— سىلەرمۇ چىقىپ ئارام ئېلىڭلار، بىزمۇ ئۇلارغا كۆپ ئىچۈرمەيمىز، — دېدى لى ۋەن بىلەن يۇشى خېنىم كۈلۈپ.

— بىز ئۇقمىز، — دېيىشتى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىلەن خىزمەتكار مومايلار، — ھەتتا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ خان قىزلارنى شاراب ئىچمىڭلار دېسە، خان قىزلارنىڭ تېخى ئىچكۈسى كەلمەيدۇ. ئاغىچا خېنىملار ئۆيدە بولمىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، ئويۇن ـ تاماشا قىلىشسىلا، بىز بىرەر ئىش ـ پىش بارمىكىن دەپ قۇلاق سېلىپ كەلگەنىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، كۈن ئۇزىراپ قالدى، خان قىزلار بىردەم ئويۇن ـ تاماشا قىلىشقاندىن كېيىن، ھەربىرلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە يېمەكلىك سۇنۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە، ئۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەرنى ئانچە كۆپ يېيىشمەيلا، بوگۈن بىر ـ ئىككى قەدەھ ئىچىپ قويغاندىن كېيىن، غىزانى كۆپرەك يېمىسە سالامەتلىككە زىيان يېتىدۇ.

— ئانىكاملارنىڭ ئېيتقىنى توغرا، بىزمۇ غىزالىنايلى دەپ تۇراتتۇق، — دېدى تەنچۈن ۋە پېچىنە ـ توقاچلارنى ئەكېلىشكە كىشى بۇيرۇدى. ئىككى ياندىكى دېدەكلەر تەڭلا «خوش» دەپ، يېمەكلىك ئەكېلىشكە خەۋەر قىلىشتى.

— سىلەر ئارام ئېلىڭلار، — دېدى يەنە تەنچۈن كۈلۈپ، — ياكى بولمىسا، ھامما خېنىمنىڭ يېنىغا كىرىپ پاراڭ سېلىشىڭلار، سىلەرگە شاراب كىرگۈزۈپ بېرەيلى.

— يوقسۇ، ھەر قايسىلىرىنى جوۋتالمايمىز، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ۋە خىزمەتكار مومايلار. ئۇلار بىردەم تۇرۇشقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى.

— يۇزلىرىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى پىڭئېر مەڭزىنى سىلاپ، — ئۇلارغا قاراشقىمۇ ئۇياتقۇم كەلدى. بولدى،

يغىشتۇرۇۋېتەيلى. بىكار، ئۇلار يەنە كەلسە سەتچىلىك بولمىسۇن.
— ھېچقىسى يوق، بولۇشىچە شاراب ئىچمىسەكلا بولىۋېرىدۇ، — دېدى تەنچۇن كۈلۈپ.
شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، بىر چۆرە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— خان قىزلار، چىقىپ قاراپ بېقىشسىلا، شياڭيۇن خېنىم مەست بولۇپ قاپتۇ، سەگىدەيمەن دەپ سۇنئىي تاغنىڭ كەينىدىكى قارا تاش ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ ياتىدۇ!
— بولدى، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرمەڭلار، — دېدى باشقىلار.
ھەممەيلەن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، شياڭيۇن سۇنئىي تاغنىڭ خىلۋەت يېرىدىكى بىر تاش ئورۇندۇقتا يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، تەرەپ ـ تەرەپتىن توزۇپ كەلگەن چوغلۇق چېچەكلىرى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى ۋە ئېتەكلىرىنى قاپلاپ، قىزىل چوغلۇق چۈمكىۋاپتۇ. قولىدىكى يەلپۈگۈچ يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، چېچەكلەرگە كۆمۈلۈپ قالاي دەپتۇ، بىر توپ ھەسەل ھەرىلىرى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋاپتۇ، شياڭيۇن تۇتۇن ياغلىقىغا چوغلۇق گۈل بەرگىلىرىنى ئوراپ بېشىغا قويۇۋاپتۇ. ھەممەيلەننىڭ بۇنىڭغا ھەۋىسىمۇ كەلدى، كۈلگۈسىمۇ كەلدى. يېقىن كېلىپ ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ، يۆلەپ تۇرغۇزدى. شياڭيۇن چۈشەكەپ، تۆتۆلەپ شاراب تېپىشمىقى ئېيتتى:

خۇشبۇي بۇلاق سۈيىدە سۈزۈك بولدى مەي،
... ياندى خۇدىنى بىلمەي.
— يېقىن ـ يورۇق ئۇچرىشىش پەيتىدۇر شۇدەم.

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، بېرىپ غىزا يەيمىز. سوغۇق تاشنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋەرسىڭىز كېسەل بولۇپ قالىسىز! — دېدى كۆپچىلىك كۈلۈشكەن پېتى ئۇنى تۇرتۇپ.

www.uyghurkitap.com

شياڭيۈن ئاستا كۆزلىرىنى سۈزۈپ كۆپچىلىككە قارىدى، ئاندىن ئۈستىبېشىغا قاراپ، مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە ئۇ خالىي جايدا سەگىدەي دەپ چىققانىدى، جەرىمانىسىگە بىر - ئىككى قەدەھنى ئارتۇقراق ئىچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى تۇتالماي ئايناقلاپ كېتىپ، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشىغا كۆڭلىدە پۇشايمان قىلدى. يۈز - كۆزىنى يۇيۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چۆرە قىز بىر داس سۇ ئەكېلىپ بەردى، ئىككى چۆرە قىز پەرداز ساندۇقىنى تۇتۇپ بەردى. باشقىلار ئۇنى كۈتۈپ تۇردى. شياڭيۈن تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە يۈزىنى يۇيۇپ، سېكىلەكلىرىنى تۈزەشتۈردى. ئاندىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىللە قىزىل خۇشبۇيىزارغا يېنىپ كېلىپ ئىككى پىيالە قېنىق چاي ئىچتى، تەنچۈن مەستلىكتىن يېشىدىغان تاشنى ئالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاچچىق - چۈچۈك شورپا ئىچۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ مەستلىكى بىرئاز يېشىلدى.

ئۇلار فېڭجېيگە مېۋە - چىۋە، سەيلەردىن بىرنەچچە خىلىنى تاللاپ ئەۋەتكۈزۈپ بەردى، فېڭجېيمۇ بىرنەچچە خىل نەرسىدىن يان تاۋاق قىلدى. باۋچەيلەر پېچىنە - توقاچلاردىن يەپ بولغاندىن كېيىن، بەزىلىرى ئولتۇردى، بەزىلىرى ئۆرە تۇردى، بەزىلىرى تالادا گۈل تاماشىسى قىلسا، بەزىلىرى شادىغا يۆلىنىپ، بېلىق تاماشىسى قىلدى. ئىشقىلىپ، ھەركىم ئۆزى خالىغان ئويۇن - كۈلكە بىلەن شۇغۇللاندى. تەنچۈن بىلەن باۋچىن قورشام دامكا ئوينىدى، باۋچەي بىلەن شىيۈەن ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇردى. دەييۈي بىلەن باۋيۈي بىر توپ گۈل تۈۋىدە بىر نېمىلەرنى دەپ گۈدۈڭلىشىۋاتاتتى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىلەن بىر توپ ئاياللار بىر خىزمەتكار ئايالنى كەينىگە سېلىپ كىرىپ كېلىشتى. خىزمەتكار ئايال قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى ياش يۇقى، مېھمانخانىغا كىرىشكە پېتىنالماي، پەلەمپەي تۈۋىدىلا

يوكونوپ باش قويغىلى تۇردى. تەنچۇن بىر تال ئۇرۇقى ھۇجۇم ئاستىدا قالغاچقا، ھېسابلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئىككى يۈرۈش يولغا ئىگە بولدى ـ دە، ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ پەيتنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ئۇ دامكا تاختىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، بىر قولىنى ئۇرۇق قۇتىسىغا سوزۇپ، ئۇرۇقلارنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىر هازاغىچە تۇرۇپ قالدى. تەنچۇن بۇرنىپ قاراپ چاي سوراتقاندا، ئۇ ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئايال تۆتىنچى خان قىزنىڭ ئۆيىدىكى چۆرە قىز سەيئېرنىڭ ئانىسى، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ئۇنى كۆرسىتىپ، — هازىر باغدا خىزمەت قىلىدۇ. ئاغزى بەك ئەسكى ئىكەن. مەن بايا ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم، ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى خان قىزغا ئېيتىشقىمۇ ئاغزىم بارمايدۇ. بۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتسەكلا ئىش تۈگەيدۇ.

— چوڭ كېلىن ئاغىچىغا نېمە ئۈچۈن مەلۇم قىلمىدىڭلار؟ — دېدى تەنچۇن.

— بايا، چوڭ كېلىن ئاغىچا مېھمانخانىغا هامما خېنىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقانىكەن، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ مەلۇم قىلغانىدىم، بېرىپ خان قىزغا مەلۇم قىل، دېدى.

— نېمىشقا ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلمايسىلەر؟ — دېدى يەنە تەنچۇن.

— مەلۇم قىلمايلا قويسۇن، مەن قايتقاندا دەپ قويسامىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى پىڭئېر، — ئۇنداق بولسا، بۇنى چىقىرىۋەتسەك، ئاغىچا خېنىم كەلگەندە ئاندىن مەلۇم قىلساق بولامدىكىن، خان قىز، ئۆزلىرى كېسىپ بىر نېمە دېسىلە.

تەنچۇن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ دامكىسىنى ئوينىۋەردى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ھېلىقى ئايالنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

دەييۇي بىلەن باۋيۇي گۈل تۇۋىدە يىراقتىن كۆز سېلىپ تۇرۇشاتتى.

— سىلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئۈچىنچى خان قىز چېچەك ئىكەن، — دېدى دەيىيۇي، — ئۇنى ئانچە - مۇنچە ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويۇۋىدى، ئۇ بىر قەدەمنىمۇ ئارتۇق باسمىدى. ئۇنداقلارنىڭ تولىسى ئاللىقاچان سىپايىگەرچىلىك قىلىشقا باشلىغان بولاتتى.

— سىز ئۇقمايسىز، — دېدى باۋيۇي، — سىز ئاغرىپ قالغاندا ئۇ بىرنەچچە ئىش قىلىپ، بۇ باغنى خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بىرقانچە كىشىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھازىر باغدا بىرەر تال ئوتنىمۇ يۇلغىلى بولمايدۇ. يەنە بىرقانچە ئىشنى بىكار قىلىۋېتىپ، مەن بىلەن فېڭجىيى ئاچامنى يەرگە قاراتتى. قورسىقىدا دىتى بار ئادەمنى چېچەن دېسىلا كۇپايە قىلماس!

— ئاشۇنداق بولغىنى ياخشى، — دېدى دەيىيۇي، — بىز تولىمۇ ئىسراپخور بولۇپ كەتتۇق. مەنغۇ ئىش باشقۇرمايمەن. بىكار بولغان چاغلىرىمدا، ئىچىمدە ئۇلارنىڭ ھېساب - كىتابىنى قىلىپ كۆرسەم، چىقىم كۆپ، كىرىم ئاز ئىكەن. ئەگەر ھازىردىن باشلاپ تېجىمەيدىغان بولسا كېيىن قولى قىسقىراپ قالىدۇ.

— كېيىن ھەرقانچە قولى قىسقىراپ قالغان تەقدىردىمۇ، بەرىبىر بىز تۆتىمىزنىڭ رىزقى كېمىيىپ قالمايدۇ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

دەيىيۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باۋچەي بىلەن چاقچاقلىشىش ئۈچۈن بۇرىلىپلا مېھمانخانىغا ماڭدى. باۋيۇي ماڭاي دەپ تۇراتتى، شىرېن كېلىپ قالدى. ئۇ پەرەڭ سىردا سىرلانغان چەمبەر گۈللۈك پەتنۇسقا ئىككى پىيالە يېڭى دەملەنگەن چاي قويۇپ كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى.

— ئۇ نەگە كەتتى؟ — دەپ دورىدى شىرېن، — قارىسام، ئىككىڭلار چاي ئىچمىگىلى خېلى بولدى، ئاتايىن ئىككى پىيالە چاي ئەكەلسەم، ئۇ كېتىپ قاپتۇ.

— ئەنە تۇرۇپتۇغۇ، ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى باۋيۇي ۋە ئۆزى بىر پىيالە چاينى ئالدى.

شىرېن قالغان بىر پىيالە چاينى كۆتۈرۈپ بېرىۋىدى، قارىسا، ئۇ باۋچەي بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتۇ، چاي بىر پىيالىلا بولغاچقا، شىرېن:

— قايسىلىرىنىڭ ئىچكۈسى كەلگەن بولسا، ئاۋۋال ئىچكەچ تۇرسىلا، مەن بېرىپ يەنە قۇيۇپ كېلەي، — دېدى.

— مەنغۇ ئىچمەيمەن، بىرلا ئوتلاپ ئاغزىمنى چايقىۋەتسەم بولدى، — دەپلا باۋچەي چاينى ئېلىپ، بىر ئوتلىدى ـ دە، قالغان يېرىمىنى دەييۇينىڭ قولىغا ئۇزارتتى.

— مەن باشقا چاي قۇيۇپ كېلەي، — دېدى شىرېن.

— مېنىڭ كېسىلىمنى سەن بىلىسەنغۇ، تېۋىپ چاينى تولا ئىچمىسۇن دېگەن، مۇشۇ يېرىم پىيالىمۇ يېتىدۇ، جوۋاپ بىزنى ياد ئېتىپسەن، — دېدى دەييۇي كۈلۈپ ۋە چاينى ئىچىپ بولۇپ پىيالىنى پەتنۇسقا قويدى. شىرېن كېلىپ باۋيۇينىڭ قولىدىكى پىيالىنى ئالدى.

— بۈگۈن فاڭگۇەن كۆرۈنمەيدۇ، نەگە كەتتى ئۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— بايىلا مۇشۇ يەردە ئىدى، — دېدى شىرېن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، — بىرنەچچىسى ئوت ـ چۆپ ئۈزۈپ ئوينىشىۋاتاتتى، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ:

باۋيۇي شۇئان ئۆيگە قايتتى. فاڭگۇەن تامغا قاراپ كارىۋاتتا ئۇخلاۋېتىپتۇ، باۋيۇي ئۇنى تۇرتتى:

— بولدى ئۇخلىما، تالاغا چىقىپ ئوينايلى، بىردەمدىن كېيىن غىزا يەيمىز.

— سىلەر شاراب ئىچكەندە، مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىدى، — دېدى فاڭگۇەن، — بىر هازاغىچە قاراپ تۇرۇپ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ ئۇخلىدىم.

— ئاخشاملىققا ئۆز ئۆيىمىزدە يەنە ئىچىشىمىز، — دېدى

www.uyghurkitap.com

باۋيۈي ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ، — قايتىپ كەلگىنىمىزدە مەن شىرىنگە ئېيتاي، شىرىن ئاچاڭ سىنى داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ بىللە غىزا يېسۇن، بولامدۇ؟

— ئوۋگۇەن، رۇيگۇەنلەر داستىخاندا ئولتۇرماي مەنلا ئولتۇرسام ئوبدان بولمايدۇ، مېنىڭمۇ ئۇگرە ئاش بىلەن خۇشۇم يوق، ئەتىگەنمۇ تۇزۇكرەك ناشتا قىلالمىغانىدىم. باياتىن قورسىقىم ئېچىپ، ليۇ يەڭگەمگە ئاۋۋال ماڭا بىر قاچا شورپا، خاسە گۇرۇچتە دۇملەنگەن يېرىم چىنە گاڭپەن ئەۋەتىپ بېرىڭ، دەپ قويدۇم، مۇشۇ يەردىلا قورساقنى توقلىۋالسام بولىدى، ئاخشاملىقىقا شاراب ئىچىدىغان ئىش بولسا، ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىسۇن، كۆتۈرەلىشىمچە ئىچىپ بولدى قىلىمەن. ئۆيۈمدىكى چاغدا ئېسىل خۇيچۇەن شارابىدىن ئىككى - ئۈچ جىڭنى ئىچىۋېتەتتىم، ئۇلار ئاۋازىڭنى بۇزۇۋالىسەن دەپ، ئىچۈرمىدى. شۇڭا، بىرنەچچە يىل بولدى، شارابنى پۇراپمۇ باقمىغان، بۈگۈن ئەمدى روزامنى بۇزىدىغان بولدۇم.

— ئۇ ئاسان گەپ، — دېدى باۋيۈي.

شۇ ئارىدا ليۇ يەڭگە بىر كىمدىن تاماق قۇتىسىنى ئەۋەتىپتۇ، قۇتىنى چۇنيەن ئېلىپ ئېچىپ قارىۋىدى، توخۇ گۆشىدىن خام قىيما قىلىنغان بىر چىنە شورپا، شارابتا ئېچىتىپ قاسقاندا ياغسىز دۇملەنگەن بىر چىنە ئۆردەك گۆشى، تۇزلانغان بىر چىنە ئەگلىكتەك قىپقىزىل غاز گۆشى قېقى، يەنە بىر تەخسىدە سېرىق ياغدا قىلىنغان تىتىلىپ تۇرىدىغان تۆت دانە يۇتازا، مەرۋايىتتەك ئاپپاق خۇشبۇي خاسە گۇرۇچتە ئېتىلگەن بىر ئاپقۇر ئىسسىق گاڭپەن بار ئىكەن، چۇنيەن قۇتىنى شىرەگە قويۇپ، سەي چىنىسى ۋە چوكا كەلتۈرۈپ، بىر چىنە گاڭپەن ئۇستى.

— ئۇنداق ياغلىق نېمىنى كىم يەيتتى ! — دېدى فاڭگۇەن ۋە ئۆزى ئاش ئۇستىگە شورپىنى قۇيۇپ ئىچتى، تۇزلانغان غاز گۆشى قېقىدىن ئىككى پارچە ئېلىپ يېدى، باۋيۈي ھەدلاپ

بىقىپ، ئادەتتىكىدىن ئارتۇقراق مەززىلىك بىلىنگەچكە، يۇتازىدىن بىرنى يېدى. چۈنيەنگە گاڭپەندىن بىر چىنە ئۇستۇرۇپ، ئۈستىگە شورپا قۇيۇپ يەۋېدى، باۋيۇيگە قەۋەتلا تېتىپ كەتتى، چۈنيەن بىلەن فاڭگۇەن كۈلۈشتى. غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاشقان ـ تاشقانىنى ياندۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋىدى، باۋيۇي:

— سەن يەۋەتكىن، يەتمىسە يەنە ئالدۇرغىن، — دېدى.

— ئالدۇرمىساممۇ بولىدۇ، مۇشۇ يېتىدۇ، — دېدى چۈنيەن، — بايىراقتا شېيۆ ئاچام پىچىنە ـ توقاچ ئەۋەتكەنىكەن، شۇنى يېدۇق، مۇشۇنى يېسەممۇ ماڭا يېتىدۇ، ئۇستىلەپ يېيەلمەيمەن.

چۈنيەن شىرە يېنىدا ئۆرە تۇرۇپلا بىر ۋاخلىق غىزاسىنى يەۋالدى، شۇنىڭدىمۇ يەنە ئىككى يۇتازا ئېشىپ قالدى:

— مۇنۇنى ئانامغا ئېلىپ قوياي، ئاخشاملىقتا شاراب ئىچكەندە ماڭا ئىككى پىيالە شاراب بەرسىلەلا بولىدۇ.

— سەنمۇ شارابقا ئامراقمۇ؟ — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — ئاخشاملىقتا راسا ھۇزۇر قىلىپ بىر ئىچىشەيلى. شىرېن ئاچاڭ بىلەن چىڭۋېن ئاچاڭنىڭمۇ ئىشتىيى ئوبدان، ئۇلارمۇ ئىچەتتى. لېكىن، ھەر كۈنى ئىچىش مۆرىتى كەلگەندە تارتىنىپ قېلىشاتتى. بۈگۈن ھەممىڭلار روزاڭلارنى بۇزۇڭلار. يەنە بىر گەپ بار، سىلەرگە دەپ قويىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ھازىر ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بۇنىڭدىن كېيىن فاڭگۇەندىن پۇتۇنلەي سەن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن، ئۇنىڭ يېتىشسىزلىكلىرى بولسا سەمىگە سېلىپ تۇر، شىرېن بۇلاردىن خەۋەر ئېلىشقا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ.

— ھەممە ئىش ماڭا مەلۇم، بۇنىڭدىن غەم تارتمىسىلا، — دېدى چۈنيەن، — ۋۇئېرنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟

— سەن لىيۇ يەڭگىگە ئېيتىپ قوي، ئەتە ئۇنى ئۆزىلا باغقا كىرگۈزۈۋەتسۇن. مەن ئۇلارغا دەپ قويساملا بولدى، — دېدى باۋيۇي.

www.uyghurkitap.com

— مانا بۇ جايدا ئىش بولدى، — دەپ كۇلدى فاڭگۇەن. چۇنيەن چۆرە قىزلاردىن ئىككىسىنى قولغا سۇ قۇيۇشقا، چاي كەلتۇرۇشكە چاقىردى، ئۆزى قاچا - قومۇچنى يىغىشتۇرۇپ، خىزمەتكار مومايغا بېرىۋېتىپ، قولىنى يۇدى، ئاندىن لىيۇ يەڭگىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

باۋيۇي تالاغا چىقىپ، قىزىل خۇشبۇيزارغا ھەمشىرىلىرىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن فاڭگۇەن ياغلىق، يەلپۇگۇچ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار باغ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغىلا، شىرېن بىلەن چىڭۋېن قول تۇتۇشۇپ قايتىپ كېلىپ قالدى.

— نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— غىزا تارتىلدى، سىزنى ساقلىشىپ قالدى، — دېدى شىرېن.

باۋيۇي كۇلۇپ قويۇپ، بايا غىزا يېگەنلىكىنى ئۇ ئىككىسىگە ئېيتىپ بەردى.

— سىزنى ئاسلاندەك تاماق يەيسىز[①] دېگەنىدىم، — دېدى شىرېن كۇلۇپ، — شۇنداق بولسىمۇ، بېرىپ ئۇلارغا ئۇلپەت بولۇپ، قاتاردىن قالماي ئانچە - مۇنچە يەپ قويۇڭ.

— سەن ئېزىتقۇچۇ! — دېدى چىڭۋېن فاڭگۇەننىڭ پېشانىسىغا نوقۇپ، — پەيتىنى تاپساڭلا قورساق تويدۇرۇشقا چاپىسەن! بۇ ئىككىسى قاچانلاردا كېلىشىپ قويغان بولغىيدى؟ بىزگە تىنىپمۇ قويماپتۇ.

— ئۇدۇل كېلىپ قالغاندۇ، كېلىشىپ قويغان ئىش بولمىسا كېرەك، — دېدى شىرېن كۇلۇپ.

— ئۇنداق بولسا بىز كېرەك بولمىغۇدەكمىز، ئەتە - ئۆگۈن بىز كەتكەندە، يالغۇز فاڭگۇەننىڭ ئۆزىلا ھەممىگە يېتىشكۇدەك، — دېدى چىڭۋېن.

— بىز كەتسەك بولىۋېرىدۇ، سەن كەتسەڭ بولمايدۇ، — دېدى

① بۇ، ئىشتىھاسى ئاز، غىزانى ۋاقتىدا يېمەي، ئۇدۇل كەلگىنىچە پارچە - پۇرات غىزا يەيدىغان كىشىنى زاڭلىق قىلغانلىق.

كۆلۈپ شىرىن.

— بىرىنچى بولۇپ مانا مەن كېتىمەن، — دېدى چىڭۋېن، — مەن دېگەن ھۆرۈن ھەم كالانپاي، خۇيۇممۇ ئەسكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرەككىمۇ كەلمەيمەن.

— تۇس مامۇق يېپىنچىنىڭ ئىچىدىكى كۆيۈپ تۆشۈك بولۇپ قالسا، سەن كەتسەڭ ئۇنى كىم يامايدۇ؟ — دەپ كۆلدى شىرىن، — ئۇنداق يوقىلاڭ گېپىڭنى قوي. بىرەر ئىشنى قىلىپ بەر دەپ جوۋاتسام يىغىنىگە يىپمۇ سالالمايدىغان دەرىجىدە ئېرىنىپ قالاتتىڭ. ئادەتتىمۇ سېنى ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئىشىمغا سالمايتتىم، قىلىدىغان ئىشىڭ مۇشۇ غوجامنىڭ ئىشى تۈرۈقلۇقمۇ قىلغۇڭ كەلمەيتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆيۈمگە كەتكىنىمدە، ئاغرىپ ئۆلەي دەپ يېتىپمۇ، كېچىچە جېنىڭنى ئايىماي ئۇنىڭ يېپىنچىسىنى ياماپ بېرىپسەن، ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قېنى گەپ قىلساڭچۇ! ئۆزۈڭنى گومۇشلۇققا سېلىپ نېمىگە كۆلىسەن؟ بۇنداق قىلىشىڭمۇ ھېچنېمىگە ئارا تۇرالمايدۇ.

چىڭۋېن كۆلگىنىچە «تۇفى» دەپ تۇكۇرۇپ قويدى. ھەممەيلەن گەپلەشكەچ مېھمانخانىغا كەلدى. شۆ ھاممىمۇ كەلگەنىدى. ئۆز قاتارى بويىچە ئورۇن ئېلىپ غىزا يېيىشكە باشلىدى. باۋيۈي بىر چىنە گاڭپەنگە چاي قۇيۇپلا ئەل قاتارى يەپ قويدى. غىزا يەپ بولۇپ، ھەممەيلەن چاي ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشۈپ ئىختىيارىچە ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشتى. تاشقىرىدا شياۋلو بىلەن شياڭلىنىڭ، فاڭگۇەن، رۇيگۇەن، ئوۋگۇەن، دۇگۇەن بولۇپ تۆت ـ بەشەيلەن باغنى بىر ئېلىپ دېگۈدەك بىردەم ئويناشتى، گۈل ـ گىياھ ئۈزۈشۈپ، چىمەنلىكتە چۆرىدەپ ئوت ـ چۆپ ئويۇنى قىلىشتى.

— شاپائەت سۆگىتىنى تاپتىم، — دېدى بىرسى.

— ئارخات قوچۇرى تاپتىم، — دېدى يەنە بىرسى.

— مەن موللام قومۇچىنى تاپتىم، — دېدى باشقا بىرسى.

— مەن خۇشرۇي گۈلنى تاپتىم، — دېدى يەنە بىرسى.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇچقۇن زۇمرەتنى تاپتىم، — دېدى يەنە بىرسى.

— مەن ئەتىرگۈل تاپتىم، — دېدى باشقا بىرسى.

— «مودەن شىپاڭى» دىكى مودەن گۈلىنى تاپتىم، — دېدى باشقا بىرسى.

— «ئۇدنامە»دىكى ئۇد مېۋىسىنى تاپتىم، — دېدى يەنە بىرسى.

— مەن ھەمشىرە گۈلنى تاپتىم، — دېدى دۇگۇەن.

— مەن «ئەر ــ خوتۇن خۇشبۇي قات»نى تاپتىم، — دېدى باشقىلار دەپ بولغاندىن كېيىن شياڭلىڭ.

— «ئەر ــ خوتۇن خۇشبۇي قات» دېگەننى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمىز ! — دېدى دۇگۇەن.

— بىر شاختا بىر تال گۈل ئېچىلغىنى «خۇشبۇي چېچەك» دېيىلىدۇ، بىر شاختا بىرقانچە چېچەك ئېچىلغىنى «خۇشبۇي قات» بولىدۇ، ئاستى ــ ئاستىدىن چېچەكلىگىنى «ئاكا ــ ئۇكا خۇشبۇي قات»، بېشى جۈپ بولۇپ چېچەكلىگىنى «ئەر ــ خوتۇن خۇشبۇي قات» بولىدۇ. مېنىڭ تاپقىنىم بېشى جۈپ بولۇپ ئېچىلغىنى تۇرسا، نېمىشقا «ئەر ــ خوتۇن خۇشبۇي قات» بولمايدىكەن؟

دۇگۇەن گەپ تاپالماي قېلىپ، ئورنىدىن تۇردى ــ دە، كۈلگىنىچە:

— سىزچە بولغاندا، مۇنۇ ئىككى تالدىن بىرسى چوڭ، بىرسى كىچىك بولسا، «ئاتا ــ بالا خۇشبۇي قات»، ئىككىسى بىر ــ بىرىگە تەتۈر قاراپ ئېچىلغان بولسا، «رەقىب خۇشبۇي قات» بولىدىكەن ــ دە؟ ئېرىڭىز كەتكىلى يېرىم يىلدىن ئاشقانىدى، ئۇنى سېغىنغانلىقىڭىزدىن، خۇشبۇي قاتقا يامىزلاپ، بۇنىڭدىمۇ ئەر ــ خوتۇن بار دەۋاتىسىز، ئىزامۇ تارتمايدىكەنسىز !

شياڭلىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇئانلا قىزىرىپ كەتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى چىمدىماقچى بولۇپ، كۈلگىنىچە:

— سەن جاۋىلداق شۇمنى نېمە قىلىۋەتسەم بولار ! ئاغزىڭدىن

نېمىلەر ئېقىۋاتىدۇ! — دېدى.

دۇگۇەن ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، يول قويماي، شۇئان ئۆزىنى ئۇستىگە تاشلاپ ئۇنى بېسىۋالدى ۋە كەينىگە قاراپ كۈلگىنىچە رۇيگۇەنلەرگە يالۋۇردى:

— ۋاي، بۇ يەرگە كېلىڭلار، بۇنىڭ ئاغزىنى يىمىرىڭلار!

ئىككىسى يەردە دومىلىشىپ كەتتى، باشقىلار چاۋاك چېلىپ كۈلۈشتى:

— هاي، بولمىدى! ئاۋۇ ئازگالدا سۇ بار ئىكەن، ئۇنىڭ يېڭى كۆڭلىكى بۇلغىنىپ كېتىدۇ.

دۇگۇەن كەينىگە قارىغۇدەك بولسا، يېنىدىلا يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان بىر ئازگال تۇرۇپتۇ، شياڭلىڭنىڭ كۆڭلىكى لاي سۇدا پۇتۇنلەي بۇلغىنىپ كېتەي دەپتۇ. دۇگۇەن خىجىل بولۇپ، شياڭلىڭدىن قولىنى ئاجرىتىپلا قاچتى. باشقىلار كۈلكىسىنى توختىتالماي قالدى، شياڭلىڭ ئاچچىقىنى بىزدىن ئالمىسۇن دەپ، ئۇلارمۇ كۈلۈشكىنىچە تارقاپ كېتىشتى. شياڭلىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە قارىغانىدى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدىن يېشىل سۇ تامچىلاۋېتىپتۇ، ئاچچىقىدا كاسىلداپ تىللاشقا باشلىدى. باۋيۈي ئۇلارنىڭ گۈل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گۈل - گىياھ تېپىپ ئويۇنغا قوشۇلماقچى بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ كېلىشىگە باشقىلار قېچىپ كېتىپ، شياڭلىڭ يالغۇز قېلىپ ئېتىكىنى سىيرىۋاتاتتى.

— نېمىشقا تارقاپ كەتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— مەن بىر تال «ئەر - خوتۇن خۇشبۇي قات» گۈلىنى تاپقانىدىم، ئۇلار بىلمەيدىكەن، تېخى مېنى يالغاندىن توقۇۋاتىسەن دېدى، ئاندىن غەلۋە قىلىشىپ قالدۇق، مېنىڭ يېڭى كۆڭلىكىمنىمۇ بۇلغىۋەتتى، — دېدى شياڭلىڭ.

— سىز «ئەر - خوتۇن خۇشبۇي قات»نى تاپقان بولسىڭىز، مەن «قوشماق ساپاقلىق پىچىم گۈل» تاپتىم، — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي. ئۇنىڭ قولىدا راستىلا بىر تال قوشماق ساپاقلىق پىچىم

گۈل تۇراتتى، ئۇ شياڭلىڭنىڭ قولىدىكى «ئەر ـ خوتۇن خۇشبۇي قات» نى ئالدى.

ــ ئەر ـ خوتۇنمۇ ياكى قوشماق ساپاقلىقمۇ، نېمە بولسا بولمامدۇ! قارىسىلا مېنىڭ كۆڭلىكىمگە! ــ دېدى شياڭلىڭ.

باۋيۈي ئېڭىشىپ قاراپ بېقىپ، «ئاپلا» دەۋەتتى ۋە:

ــ نېمىشقىمۇ لايغا سۆرەپ كىرگەندۇ سېنى؟ ئىسىت! بۇ ئانار گۈللۈك قىزىل دارايىغا داغ تەگسە زادىلا بولمايتتى، ــ دېدى.

ــ بۈنى قايسى كۈنى باۋچىن قىز ئالغاچ كەلگەنىكەن، خان قىز ئۆزىگە بېرىنى، ماڭا بىرنى تىكتۈرۈپ بەرگەن، بۈگۈنلا كىيگەنىدىم، ــ دېدى شياڭلىڭ.

ــ سىلەرنىڭ ئائىلىدىكىلەر مۇنداق كۆڭلەكنى بىر كۈندە بېزەپ قىلىۋەتسىمۇ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، ــ دېدى باۋيۈي يەرنى تەپكىلەپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ، ــ بۈنى باۋچىن قىز ئالغاچ كەلگەنىكەن، سىز بىلەن باۋچەي ئاچام ئىككىڭلارغا ئاران بىردىنلا تىكتۈرۈپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئۆز پېتىچە تۇرۇپ، سىزنىڭ بۇلغىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامماممنىڭ ئۇششاق گېپى تولا، بۈنىڭغا كايىيدۇ. ئۇنىڭ دائىم سىلەرنى كۈن ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيسىلەر، بەخت ـ دۆلەتنىڭ قەدرىنى بىلمەي، نەرسىلەرنى زايە قىلىسىلەر دەپ جىملەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۈنى ھامام كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كېتىدۇ ـ دە!

بۇ گەپلەر شياڭلىڭنىڭ يۈرىكىگە جاققىدە تەگدى، لېكىن ئەكسىچە خۇشال بولۇپ:

ــ شۇنى دېسىلە. مېنىڭغۇ بىرقانچە دانە يېڭى كۆڭلىكىم بار، لېكىن ھېچقايسىسى بۈنىڭغا يەتمەيدۇ، بىرەرسى ئوخشىغان بولسىمۇغۇ، كاشكى، يەڭگۈشلىۋېلىپ تۇرغان بولسام كېيىنچە بىر گەپ بولاتتى.

ــ قىمىرلىماي جىم تۇرغىنىڭىز ياخشى، بولمىسا، ئىچ

كۆڭلەك، تىزلىق تامبال، خەيلىرىڭىزنىڭ يۇزلىرىگە لاي چاچرايدۇ. مېنىڭ مۇنداق مەسلىھەتىم بار: شىرىن ئۆتكەن ئايدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتىن بىرنى تىكتۇرگەنىدى. ئۇ قارىلىق تۇتۇۋاتقاچقا، تېخىچە كىيمىگەن، شۇنى سىزگە بەرسە يەڭگۇشلىۋالسىڭىز قانداق؟

— ياق بولمايدۇ، — دېدى شياڭلىڭ كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ، — ئۇلار ئاڭلاپ قالسا ياخشى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭدىن نېمە قورقىقۇلۇق؟ — دېدى باۋيۈي، — شىرېننىڭ قارىسى ئوشتۇلغاندىن كېيىن، ئۇ قاندىقىنى ياقتۇرسا، ئۇنىڭغا شۇندىقىدىن بەرسىڭىز بولمايدىغان نېمىسى بار؟ مۇنداق قىلسىڭىز، ئادەتتە، كىشىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۇشەنمىگەن بولۇپ قالىسىز. بۇ، باشقىلارنىڭ كۆزىنى بويىغان ئىشمۇ ئەمەس، باۋچەي ئاچامغا دەپ قويساقلا بولىۋېرىدۇ. پەقەت ھامماملا خاپا بولۇشى مۇمكىن.

شياڭلىڭ ئويلىنىپ بېقىپ، بۇ گەپنى ئورۇنلۇق تاپتى:

— بوپتۇ، شۇنداق قىلاي، كۆڭۈللىرىنى يەردە قويماي. سىلىنى كۈتۈپ تۇرىمەن، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئەكېلىپ بەرگىنى ياخشى!

باۋيۈي بەك خۇشال بولۇپ ماقۇل كۆردى - دە، دەرھال كەينىگە يېنىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئويلىنىپ ماڭدى: «ئىسىت، يا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ فامىلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ. قەللاپ ئېلىپ قېچىپ، قېرىشقاندەك، ئۇششۇق شۆ پەنگە سېتىپ بېرىپتۇ.» ئۇ ئەنە شۇنداق ھەر قىسما خىياللارنى قىلىپ مېڭىپ ئۆز ئۆيىگە كەلدى. شىرېننى يېنىغا تارتىپ، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

شياڭلىڭنىڭ تۇزۇتلۇكىنى ياقتۇرمايدىغان كىشى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ شىرېننىڭ ئۆزىمۇ قولى ئوچۇق ۋە شياڭلىڭ بىلەن ئەپلىك بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا ساندۇقىنى ئېچىپ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىكىنى ئالدى ـ دە، چىرايلىق قاتلاپ باۋيۇينىڭ كەينىدىن شياڭلىڭنى ئىزدەپ ماڭدى. شياڭلىڭ تېخىچە شۇ يەردە تۇراتتى.

ــ مەن سىزنى تولىمۇ كەپسىز، ئاخىر كەپسىزلىكتىن چاتاق تاپىسىز، دەيتتىم، ــ دېدى شىرېن كۈلۈپ.

ــ رەھمەت سىزگە، ئاچا، ــ دېدى شياڭلىڭ قىزىرىپ، ــ نەدىن بىلەي، ئۇ شەيتاننى ئىشقا سالىدىغانلارنىڭ بەتنىيىتىنى!

شياڭلىڭ كۆڭلەكنى ئېلىپ يېيىپ قاراپ باقتى، ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئاندىن ئۇ باۋيۇينى تەتۈر قاراپ تۇرسىلا، دېدى، ئۆزى بۇ يېنىغا قاراپ، كۆڭلەكنى يەڭگۈشلىدى.

ــ مۇنۇ بۇلغانغىنىنى ماڭا بېرىڭ، ئېرىغداپ بولۇپ سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي، ــ دېدى شىرېن، ــ ئۆزىڭىز ھازىر ئالغاچ كەتسىڭىز، ئۇلار كۆرۈپ قالسا سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ.

ــ جېنىم ئاچا، ــ دېدى شياڭلىڭ، ــ سىز ئالغاچ كېتىڭ، قايسىلا سىڭلىڭىزغا بەرسىڭىز بېرىڭ، مۇنۇ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق.

ــ تولىمۇ سېخىي ئىكەنسىز، ــ دېدى شىرېن.

شياڭلىڭ دەرھال ئىككى قېتىم تەزىم قىلىپ شىرېنگە رەھمەت ئېيتتى. شىرېن بايىقى بۇلغانغان كۆڭلەكنى ئېلىپ كەتتى.

باۋيۈي شۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بايىقى «ئەر ـ خوتۇن خۇشبۇي قات» بىلەن «قوشماق ساپاقلىق پىچىم گۈل» ئۇچۇن يەرنى چۇقۇق بىلەن قازدى، ئۇ يەرگە تۇزۇغان چېچەكلەرنى سېرىپ سالدى، پىچىم گۈل بىلەن خۇشبۇي قاتنى شۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يەنە تۇزۇغان چېچەكلەر بىلەن كۆمۈپ، توپا تاشلاپ ئۈستىنى تۈزلىۋەتتى. شياڭلىڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ باۋيۇينى قولىدىن تارتىپ كۈلدى:

ــ بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ خەقلەر سىلىنى ھەدېسىلا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ دەپ بىكارغا دېمەپتىكەن. قارىسىلا، قوللىرى لايدا مەينەت

بولۇپ كېتىپتۇ، چاپسانراق بېرىپ قوللىرىنى يۇيۇۋەتسىلە!

باۋيۇي كۆلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىنى يۇغىلى كەتتى. شىياڭلىڭمۇ ئۇز يولىغا ماڭدى. ئىككىسى بىر نەچچە قەدەمدىن ماڭا ـ ماڭمايلا، شىياڭلىڭ كەينىگە بۇرىلىپ باۋيۇينى قىچقاردى، باۋيۇي نېمە گېپى باركىن دەپ، لاي قوللىرىنى كېرىپ، پىخىلداپ كۈلگىنىچە كەينىگە ياندى:

— نېمە بولدى؟

شىياڭلىڭ قىزارغىنىچە كۈلۈپلا تۇراتتى، نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتى، ھېچلا ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. نېرىقى ياندىن ئۇنىڭ چۆرە قىزى جېنئېر كېلىپ:

— ئىككىنچى خان قىزنىڭ سىلىگە گېپى بار ئىكەن، — دېدى.

شىياڭلىڭ يەنە ھۇپپىدە قىزارغىنىچە، باۋيۇيگە:

— كۆڭلەكنىڭ گېپىنى ئاكىلىرىغا دېمىسىلەلا ئىش تۈگەيدۇ، — دەپلا كەينىگە بۇرىلىپ كېتىۋەردى.

— ساراڭ بولۇپ قالمىدىم! يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تۇشقاننى سېلىپ بېرىدىغانغا! — دەپ قويۇپ، باۋيۇي ئۆيىگە ياندى. ئاندىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش ئۈچىنچى باب

## ئارامبەخش شاھزادىنى قۇتلاپ گۈل چېھرىلەرنىڭ كېچىلىك زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكى
## ناياپ يەپ ئۆلگەن قېيىنئاتىسىغا يالغۇز ئايالنىڭ مۇسىبەت بىلدۈرگەنلىكى

باۋيۇي ھۇجرىسىغا كېلىپ قولىنى يۇدى ۋە شىرىنگە مەسلىھەت سالدى:

— ئاخشاملىقى شاراب ئىچىشكەندە قورۇنۇپ ئولتۇرماي، ھەممەيلەن تەڭ كۆڭۈل ئاچساق بولىدۇ. بۈگۈن قانداق غىزا يېسەك بولار؟ بالدۇرراق ئېيتىپ قويساڭ، ئۇلار راسكاللىقنى قىلىشۋەرسۇن.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — مەن بىلەن چىڭۋېن، شېيۆ، چيۇۋېن تۆتەيلەن بەش مىسقالدىن جەمئىي ئىككى سەر كۈمۈش چىقاردۇق؛ فاڭگۈەن، بىخېن، چۈنيەن، سىئېر تۆتى ئۈچ مىسقالدىن كۈمۈش چىقاردى. رۇخسەت سورىغانلارنى ھېسابلىمىدۇق. شۇنداق قىلىپ، جەمئىي ئۈچ سەر ئىككى مىسقال كۈمۈش يىغىلىشۇدى، ليۇ يەڭگىگە قىرىق تەخسە مېۋە - گېزەك تەييارلاڭ، دەپ بېرىپ قويدۇق. مەن پىڭئېرگە دېگەندىم، شاۋشىڭ شارابىدىن بىر كوزا بەردى، ئەكېلىپ ئاۋۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويدۇق. بىز سەككىزەيلەن يالغۇز سىزنىڭلا تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى قىلىپ بېرىمىز.

— ئۇلارغا نەدىن كەلگەن پۇل ئىكەن؟ پۇل چىقارغۇزماسلىق

كېرەك ئىدى، — دېدى باۋيوي خۇشاللىقىدا ئالدىراپ.
— ئۇلارنىڭ پۇلى بولمىسا بىزنىڭ بارمىدى؟ — دېدى چىڭۋېن، — بۇ ھەر كىمنىڭ ئۆز كۆڭلى. ئۇ ئۇلار ئوغرىلاپ كەلگەن بولسىمۇ مەيلى، ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى قوبۇل قىلىسىلالا بولىدى.
— توغرا دېدىڭ، — دېدى كۈلۈپ باۋيوي.
— سىزچۇ، ھەر كۈنى بىر - ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ ئاڭلاپ ئەدىپىڭىزنى يەپ تۇرمىسىڭىز كۈنىڭىز كۈن بولمايدۇ، — دېدى شىرېن كۈلۈپ.
— سەنمۇچۇ، بارغانسېرى ئەسكىلىشىپ، چېقىمچى بولۇپ كېتىۋاتىسەن! — دېدى چىڭۋېن.
بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋەتسۇن، — دېدى باۋيوي.
— كىشىلەر سىزنى «بىكارچى ئالدىراڭغۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن! — دېدى كۈلۈپ شىرېن، — شۇ تاپتىلا دەرۋازىنى تاقىۋەتسەك خەقلەر گۇمان قىلىپ قالىدۇ، شۇڭا سەل تەخىر قىلايلى.
— مەن تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي، — دېدى باۋيوي ئۇنىڭ گېپىگە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — سىلەر سۇ ئەكېلىپ قويسۇن، چۇنيەن كەينىمدىن بىللە چىقسۇن.
باۋيوي تالاغا چىقتى، باشقا ھېچكىم بولمىغاچقا، چۇنيەندىن ۋۇئېرنىڭ ئىشىنى سورىدى.
— ليۇ يەڭگىگە بايراقتا دېگەنىدىم، ئۇ بەك خۇشال بولىدى، — دېدى چۇنيەن، — بىراق، ۋۇئېر قايسى كۈنى ئازار يەپ بىر كېچە ئازابلانغاچقا، ئۆيگە بېرىپلا ئاچچىقىدا ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇ ھالدا قانداق كېلەلەيدۇ؟ ساقايغاندىن كېيىن كەلسۇن.
باۋيوي بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، پۇشايمان يەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى - دە، ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى:
— بۇ ئىشنى شىرېن بىلەمدۇ؟

— ئۇنىڭغا دېمىدىم، قاڭگۆەن دېدىمىكىنتاڭ؟

— مەنغۇ ئۇنىڭغا دېمىگەن. بوپتۇ، مەن دەپ قوياي، — دېدى باۋيۈي ۋە ئۆيگە يېنىپ كىرىپ ئەتەي قولىنى يۇيۇپ قويدى.

چىراغ ياقىدىغان ۋاقىت بولغاندا، ھويلىغا بىر توپ ئادەم كىرىپ كېلىشتى. ئۆيدىكىلەر دېرىزىدىن قارىغانىدى، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ۋە بىرقانچە غوجىدار ئاياللار كىرىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرسى يوغان پانۇس كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— ئۇلار جېسەكچىلەرنى چارلاپ كەپتۇ. بۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى تاقىۋەتسەك بولىدۇ، — دېدى ئاستا كۈلۈپ چىڭۋېن.

ئارامبەخش ھويلىدا جېسەكچىلىك قىلىدىغانلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ئەتراپقا ئىنچىكە كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ، جېسەكچىلەرگە جېكىلەپ قويدى:

— قىمار ئوينايدىغان، شاراب ئىچىدىغان، خالىغانچە يېتىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئاڭلاپ قالسام رىئايە قىلمايمەن.

— ئارىمىزدا ئۇنداق يۈرىكى چوڭلاردىن يوق! — دەپ كۈلۈشتى جېسەكچىلەر.

— باۋيۈي غوجام ئۇخلاپتۇمۇ؟

— ئۇقمىدۇق.

شىرېن دەرھال باۋيۈينى تۈرتكىلەپ قويدى. باۋيۈي كەشىنى سۆرەپلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە:

— تېخى ئۇخلىمىدىم. ئانىكا، كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، — دەپ قويۇپ شىرېننى چاقىردى، — شىرېن، چاي قۇي.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ئۆيگە كىردى ۋە:

— تېخىچە ياتماپتىلا؟ ھازىر كۈن ئۇزىراپ، تۈن قىسقىراپ قالدى. بالدۇرراق ياتسىلا ئەتىسى ئەتىگەن تۇرالايلا، كەچرەك

تۇرۇپ قالسىلا خەقلەر زاڭلىق قىلىدۇ. مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان بەگزادە ئەمەس، يوگور ـ يېتىمچى يالاڭ ئاياغلارغا ئوخشاپ قالدىلا، ــ دەپ كۈلۈپ قويدى.

ــ ئانىكا، دېگەنلىرى توغرا، ــ دېدى باۋيۈيمۇ كۈلۈمسىرەپ، ــ ھەر كۈنى بالدۇر ياتاتتىم، ئۇخلاپ قېلىپ، سىلىنىڭ قاچان كىرگەنلىرىنىمۇ ئۇقمايتتىم. بۈگۈن ئۇگرە ئاش ئىچىپ قويدۇم، مەيدەمدە تۇرۇپ قالمىسۇن دەپ بىردەم مېڭىپ يۈرۈۋاتىمەن.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى كۈلۈمسىرەپ، شىرېنلەرگە:

ــ غوجامغا پۇئېر چېيىدىن دەملەپ بېرىڭلار، ــ دېدى.

ــ بىر چىنىگە قىز چايدىن① دەملەپ بەرگەنىدۇق، ئىككى پىيالە ئىچتى. ئانىكا، ئۆزلىرىمۇ بىر پىيالە ئىچسىلە، چايمۇ تەييار، ــ دېدى شېرىن.

شۈئان چىڭۋېن چاي قۇيۇپ كەلدى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ئورنىدىن تۇرۇپ چاينى ئېلىپ گەپ باشلىدى:

ــ يېقىندىن بۇيان قۇلاق سالغۇدەك بولسام، غوجامنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئۆزگىرىپ قاپتۇ، چوپچوڭ قىزلارنىڭمۇ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىدىكەن. بۇلارغۇ مۇشۇ ھوجرىدىكى قىزلار، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئادەملىرى، ئېغىزدا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ سەل ھۆرمىتىنى قىلغانلىرى ياخشى ئىدى. گاھىدا ئۇشتۇمتۇت ئىسمىنى قىچقىرىپ قالىدىغان چاغلارمۇغۇ بولىدۇ، لېكىن بارا ـ بارا ئېغىز شۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىپ، كېيىنچە ئىنىلىرى، جىيەنلىرىمۇ شۇنداق دەپ قىچقىرىدىغان بولۇپ قالسا، خەقلەر بۇ ئائىلىدە چوڭ ـ كىچىكنىڭ پەرقى يوق ئىكەن دەپ زاڭلىق قىلىدۇ.

---

① پۇئېر چېيى ــ يۈننەننىڭ پۇئېر تېغىدىن چىقىدىغان چاي. بۇ چاينىڭ مەستلىكتىن سەگىتىش، ھەزىم قىلدۇرۇش، بەلغەمنى بوشىتىش، مەيدىنى تازىلاش خۇسۇسىيەتلىرى بار، دېيىشىدۇ؛ قىز چاي ــ تەيشەندىن چىقىدىغان كۆك چىنارنىڭ بىخى.

www.uyghurkitap.com

— ئانكا، توغرا دېدىلە، — دېدى كۆلۈپ باۋيۈي، — گاھىدا شۇنداق قىچقىرىپ قالىدىغان چاغلىرىممۇ بار.

— ئۇنداق دەپ غوجامغا ئۇۋال قىلمىسىلا، — دېدى شېرىن بىلەن چىڭۋېن كۈلۈشۈپ، — تا شۇ كەمگىچە بۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن «ئاچا» دېگەن سۆز چۈشمەيدۇ، ئويناشقان چاغلاردا، ئىسمىمىزنى بىرەر ـ يېرىم قېتىم چاقىرىپ قالىدۇ. خەقلەرنىڭ ئالدىدا بولسا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا.

— ئاشۇنداق قىلغىنى ياخشى، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى كۈلۈپ قويۇپ، — ئوقۇغان، ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلىدىغان كىشى شۇنداق بولىدۇ. ئۆزى قانچە كەمتەر بولسا، شۇنچە ئىززەتلىك بولىدۇ. تۆت ـ بەش بوغۇندىن بۇيان خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلار، ھەتتا ھازىر ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيلىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەنلەر بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئىت ـ مۈشۈكلەرگىمۇ يېنىكلىك قىلىپ ئازار بەرگىلى بولمايدۇ. تەربىيە كۆرگەن بەگزادە دېگەن مانا شۇنداق قىلىدۇ، — ئاندىن ئۇ چاي ئىچىپ بولۇپ يەنە شۇنداق دەپ قويدى، — ئارام ئالسىلا، بىز كېتەيلى.

— يەنە بىر ئاز ئولتۇرسىلا، — دېدى باۋيۈي.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى خىزمەتكارلارنى ئەگەشتۈرۈپ باشقا جايلارنى چارلىغىلى چىقىپ كەتتى. چىڭۋېنلەر دەرھال دەرۋازىنى تاقاپ كىرىشتى:

— بۇ ئانىكام نەدە يۈرۈپ ئىچىۋالغانكىن؟ ئەجەبمۇ كاسىلداپ كەتتى، بىزنىمۇ بىر قۇر گەپتە ئۇچۇقلاپ قويدى، — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ.

— ئۇمۇ ياخشى كۆڭلى بىلەن دېگەندۇ! ھەر ھالدا ئۇنىڭ پات ـ پات شۇنداق دەپ تۇرسام ئېھتىيات قىلىدۇ، قائىدىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ دېگىنى بولسا كېرەك، — دېدى شېيۈ كۈلۈپ، ئاندىن ئۇ شاراب، مېۋە ـ گېزەكلەرنى تىزماقچى بولدى.

— ئېگىز جوزىنى ئىشلەتمەي، گۈللۈك ئامۇت ياغىچىدىن ياسالغان يۇمىلاق شىرەنى كاڭغا قويايلى، ئازادە ھەم ئولتۇرۇشقىمۇ ئەپلىك، — دېدى شىرىن.

شىرەنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى. شېيۇ بىلەن سىئېر مېۋە - گېزەك توشۇغىلى ماڭدى. يوغان ئىككى پەتنۇس بىلەن تۆت - بەش قېتىمدا توشۇپ بولدى. ئىككى خىزمەتكار موماي تالادا خوپىلىڭ بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ شاراب ئىسسىتىۋاتاتتى.

— ھاۋا ئىسسىق، چاپانلىرىمىزنى سېلىۋەتسەك ئوبدان بولاتتى، دېدى باۋيۈي.

— سىلى سالسىلا سېلىۋەتسىلە، بىز تېخى قاتارىسىغا قۇتلاش يارىشىقىنى① قىلىمىز، — دېدى باشقىلار.

— مۇشۇنداق يارىشىق قىلىمىز دېسەڭلار بەشىنچى جېسەك ۋاقتىغىچە بارارمىكىن، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئۇنداق چاكىنا تەكەللۇپتىن قاچىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر. يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا نائىلاج شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تۇرقىدا ئۇنداق چىشىمغا تېگىدىغان ئىشنى قىلىشىڭلار ياخشى ئەمەس.

— ئەمىسە سىلىنىڭ رايىلىرى بويىچە بولسۇن، — دېدى باشقىلار.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار داستىخانغا ئولتۇرمايلا، ئالدىراش - تېنەش كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىشتى. بىردەمدىلا رەسمىيانە بېزەكلىرىنى ئېلىۋېتىپ، باشلىرىغا چاچلىرىنى ئاندا - مۇندىلا تۈرمىلەكلەپ قويىدى. ئۇچىلىرىدا يالاڭ كۆرمىلىرىلا قالدى. باۋيۈي ئۇستىگە قىزىل چۇچۇنچە پەشمەت كىيگەن، قارا بۆرتمە گۈللۈك يېشىل دارايى شالۋۇر كىيىپ، پۇچقىقىنى بوغمىغان ۋە ئىشتانباغ بىلەن باغلىۋالغانىدى. رەڭگارەڭ ئەتىرگۈل ۋە چوغلۇق بەرگىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ يېڭى تىكىلگەن يۇرۇن

① قۇتلاش يارىشىقى — زىياپەت داستىخىنىغا ئولتۇرىدىغان چاغدا شاراب تۇتۇپ تەزىم قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ چاغدا ئەدەپ يۈزىسىدىن چاپاننى سالمايدۇ.

شايى ياستۇقتا يۆلىنىپ، ھەممىدىن بۇرۇن فاڭگوەن بىلەن چىنەك ئويۇنىغا چۈشتى. فاڭگوەن، ئىسسىپ كەتتىم دەپ ۋايساپ تۇراتتى. ئۇ يۇرۇن، قۇلپى، تۆگەرەك بولۇپ ئۈچ خىل رەڭلىك تاۋاردىن قۇراشتۇرۇلغان كاتەكچە پەشمەت كىيىپ، كۆكۈچ يېشىل بەلباغ ئورىۋالغان، چاچما گۈللۈك ئاچ قىزىل شالۋۇر كىيىپ، پۇچقاقلىرىنى بوغمىغان، چېكە چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ، چوققىسىغا تۇرمىلەپ يوغان بىر ئۆرۈمە قىلىپ كەينىگە تاشلىغان، ئوڭ قۇلىقىغا يوغانلىقى گۈرۈچتەك قاشتاش پۆگەت سانجىپ، سول قۇلىقىغا يوغانلىقى مېغىزدەك قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن سىرغا سالغان، يۈزى تولۇن ئايدەك ئاپپاق، كۆزلىرى كۆزنىڭ سۈيىدەك تىنىق ئىدى. باۋيۈي ئىككىسىنىڭ بۇ تۇرقىدىن باشقىلار كۈلۈشۈپ:

— بۇ ئىككىسى قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارغا ئوخشاپ قاپتۇ، — دېيىشتى.

شىرېنلەر بىر ـ بىرلەپ شاراب قۇيۇپ:

— چىنەك ئويۇنىنى قويۇپ تۇرسىلا، قۇتلاش يارىشىقىنى قىلمىساقمۇ، ھەر ھالدا ھەر بىرىمىزنىڭ قولىدىن بىر ئوتلامدىن ئىچىپ قويسىلا، — دېدى.

ھەممىدىن ئاۋۋال شىرېن قەدەھنى باۋيۈينىڭ ئاغزىغا سۇندى، باۋيۈي بىر ئوتلىدى، قالغانلارنىڭكىنىمۇ قاتارىسىغا بىر ـ بىرلەپ ئوتلاپ چىقتى. ئاندىن ھەممەيلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. چۈنيەن، سىئېرلەر كاڭنىڭ لېۋىگە پاتماي قېلىپ، مەخمەل قاپلانغان يۇمىلاق ئىككى كۇرسىنى كاڭنىڭ يېنىغا قويۇپ ئولتۇرۇشتى. بايىقى مېۋە ـ گېزەك كەلتۈرۈلگەن قىرىق تەخسىنىڭ ھەممىسى دىڭياۋ خۇمدىنىدا ئىشلەنگەن ئاق تەخسىلەر ئىدى، چوڭ تەخسىلەرگە ئىقلىمىنىڭ تاغ ـ دېڭىزلىرىدىن چىقىدىغان سۇ ۋە قۇرۇقلۇق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇق ياكى يېڭى خىللىرى بولۇپ، شاراب ئىچىشكە لايىق كۆك ـ گېزەكلەر ئۇسۇلغانىدى.

— بىزمۇ شاراب تېپىشمىقى ئويىنىساق ئوبدان بولاتتى، — دېدى باۋيۇي.

— ئەدەپلىكرەك بولساق، كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرمىسەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ساۋاتسىز، ئۇنداق ئەدەبىي تېپىشماقلارنى ئىشلەتمىسەك، — دېدى شىرېن.

— شىشىخال تاشلاپ، كىمنىڭ قىزىل چېكىتى كۆپ بولسا، شۇ ئۇتقان بولسۇن ئەمىسە، — دېدى شېيۆ كۇلۇپ.

— قىزىقى يوق، ياخشى ئەمەس، چوپتەك ئېلىپ ئوينايلى، — دېدى باۋيۇي.

— شۇنداق قىلايلى، بالدۇرلا شۇنى ئوينىغۇم بار ئىدى، — دەپ كۇلدى چىڭۋېن.

— بۇ ئويۇنغۇ ئوبدان، لېكىن ئادەم ئاز بولسا قىزىقى بولمايدۇ، — دېدى شىرېن.

— مېنىڭچە بولسا، ئاستاغىنا باۋچەي خېنىم، شياڭيۈن خېنىم، دەييۇي خېنىملارنى تەكلىپ قىلىپ، بىردەم ئويۇن ـ كۇلكە قىلىشىپ، ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدا ئۇخلىساقمۇ كەچ قالغان بولمايتتۇق، — دېدى چۇنيەن كۇلۇپ.

— ئۆيمۇئۆي جار سېلىپ يۈرسەك، — دېدى شىرېن، — تون كۆزەتچىلىرىگە يولۇقۇپ قېلىپ ...

— نېمە قورقۇش ! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى باۋيۇي، — ئۇچىنچى خان قىزمۇ شاراب ئىچەلەيدۇ، ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويغىنىمىز ئوبدان، ئاندىن باۋچىن قىزمۇ بار.

— باۋچىن خېنىمنى قىچقارمايلا قويايلى، ئۇ چوڭ كېلىننىڭ ئاغىچىنىڭ ئۆيىدە، ئۇنى چاقىرساق غەلۋىمىز ئېشىپ كېتەرمىكىن، — دېدى باشقىلار.

— نېمىدىن قورقاتتۇق ! — چاپسانراق بېرىپ تەكلىپ قىلىڭلار، — دېدى باۋيۇي.

چۇنيەن، سىئېر هايت ـ هۇيت دېگۈچە ئىشىكتىن چىقىپ، چۆرە قىزلارنى كەينىگە سېلىپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

چاپتى.

— ئۇ ئىككىسى بارغانغا ئۇلار كەلمەي قويارمىكىن، بىز بارساق، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇلارنى ئەكېلىمىز، — دېدى چىڭۋېن، شىيۇ، شىرېن ئۇچى.

شۇنىڭ بىلەن شىرېن، چىڭۋېن ئىككىسى خىزمەتكار مومايغا پانۇس كۆتۈرتكۈزۈپ چىقىپ كەتتى. دىگەندەك، باۋچەي: «كەچ بولۇپ كەتتى» دېدى، دەييۈي: «مىجەزىم يوق» دېدى. شىرېن بىلەن چىڭۋېن «قانداقلا بولسۇن، ئازراق يۈزىمىزنى قىلىپ، بىرېپ بىردەم ئولتۇرۇشۇپ بەرسىلە» دەپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇلارنى ئاران ئەكېلىشتى. بۇلارنىڭ كەلگىنىگە ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى. لى ۋەن ئۆزىنىڭ تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا ياخشى بولماس دېگەن يەرگە كېلىشىپ، سۇيمۇنى چۇنيەن بىلەن بىللە بېرىپ لى ۋەن بىلەن باۋچىن ئىككىسىنى تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى. تەكلىپ قىلىنغانلار كەينى - كەينىدىن ئارامبەخش ھويلىغا يىغىلىشتى. شىرېن ھەر نېمە قىلىپ يۈرۈپ، شياڭلىڭنىمۇ سۆرەپ ئەكەلدى. كاڭغا يەنە شىرە قوشلاپ ئولتۇرۇشتى.

— دەييۈي سىڭلىم، سوغۇققا چىدىمايسىز، بۇياققا ئۆتۈپ تاختاي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى باۋيۈي.

ئۇنىڭغا يەنە بىر يۆلەنچۈك ياستۇق ئېلىپ قويۇپ بەردى. شىرېنلەر كاڭنىڭ تۆۋىگە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرۇشتى. دەييۈي شىرەدىن يىراقراقتا يۆلەنچۈككە تايىنىپ، باۋچەي، لى ۋەن، تەنچۈنلەرگە قاراپ، كۈلۈپ شۇنداق دېدى:

— سىلەر ھەر كۈنى خەقلەرنى كېچە - كېچىلەپ شاراب ئىچىپ، قىمار ئوينايدۇ، دەيتتىڭلار، بۈگۈن ئۆزىمىزمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدۇق. ئەمدى ئۇلار توغرىسىدا ئېغىز ئاچالمايمىز ئەمدى!

— بۇنىڭ نېمە كارايىتى بولاتتى؟ — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — يىل بويى بىز پەقەت مەۋلۇت - ئايەم كۈنلىرىدىلا شۇنداق قىلىپ

قويمىز، ھەر كېچىسى ئۇنداق قىلىپ ئولتۇرمىغاندىن كېيىن، ھېچقانداق قورقىدىغان يېرىمىز يوق.

شۇ ئارىدا چىڭقىۋېن بامبۇكتا ئويۇلغان چوپدانىنى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭغا پىل چىشىدىن قىلىنغان چوپتەكلەر سېلىنغانىدى، چىڭقىۋېن چوپتەكلەرنى رالىۋېتىپ شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. ئاندىن شىشخال ئېلىپ قۇتىغا سېلىپ، ئۇنىمۇ بىر شاراقشىتىۋېتىپ قۇتىنى ئاچقانىدى، ئالتە چېكىت كۆرۈندى. بۇ ساناق بويىچە باۋچەيگە توغرا كەلدى.

— ئاۋۋال مەن ئالاي، قولۇمغا قاندىقى چىقاركىنتاڭ! — دەپ باۋچەي كۆلگىنىچە چوپدانىنى بىر رالىۋېتىپ، ئاندىن بىر تال چوپتەكنى ئالدى. ھەممەيلەن قارىغۇدەك بولسا، چوپتەككە بىر تال مودەن گۈل سىزىلغان، «گۈل چېھرىلەر تاجى» دەپ يېزىلغان، ئۇنىڭ ئاپىغىغا ئۇششاق خەت بىلەن تاڭ زامانىسىدىكى مۇنۇ مىسرا ئويۇلغانىكەن:

گەرچە ئىشقى بولمىسا ھەم قوزغىغاي دىلدا ئەسەر.

ئاندىن، «داستىخاندىكىلەر مۇبارەكلەپ بىر قەدەھ تۇتقاي، مەزكۇر گۈل چېھرىلەرنىڭ تاجى خالىغىنىچە كىشىلەرگە بۇيرۇق قىلغايكى، «شېئىر - نەزم ۋە لەتىپە ياكى يېڭى غەزەللەردىن بىرەرنى ئېيتىپ مۇبارەكلىسۇن» دەپ ئىزاھلاپ قويۇپتۇ.

— راسا باب كەلدى، سىز ئەسلىدە مودەن گۈلگە جۈپ ئىدىڭىز، — دېدى كۆپچىلىك ۋە قەدەھ تۇتۇپ قۇتلىدى. باۋچەي ئىچىپ بولۇپ، كۈلۈمسىرەپ:

— فاڭگۇەن بىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، ھەممەيلەن ئالدىدىكى شارابلارنى ئىچىۋەتسە، ناخشا چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ، — دېدى فاڭگۇەن.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قەدەھلىرىنى كۆتۈرۈشتى، فاڭگۇەن ناخشا باشلىدى.

شۇ مۇبارەك بەزمە ـ سورۇن بولدى، ھەي،
خۇش مەنزىرە ...

— قوي، بۇ ناخشىنى ! شۇ تاپتا سىنىڭ قۇلاق ئۇلتۇرۇشۇڭنىڭ زادىلا كېرىكى يوق. ناخشىلىرىڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بەر، — دېدى كۆپچىلىك.
ئاخىر، فاڭگۇەن «گۇل تاماشا پەيتى» دېگەن غەزەلنى لەرزان ئېيتىپ بەردى:

گۇل ـ بېزەك قىلىپ ساپاققا سۇمۇرغ موي ـ پەرىنى،
ئەرشىگە چىقىپ سۇپۇرگەي توزۇغان گۇل بەرگىنى.
..........................................................

باۋيۈي قولىدا چوپتەكنى تۇتقىنىچە، ھەدەپ «گەرچە ئىشقى بولمىسا ھەم قوزغىغاي دىلدا ئەسەر» دېگەن مىسرانى ئۈلۈك ـ تەتۈر ئوقۇپ ئولتۇراتتى، فاڭگۇەننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، زوۋان سۇرمەي، فاڭگۇەنگە قاراپلا قالدى. شياڭيۈن ئۇنىڭ قولىدىن چوپتەكنى تارتىۋېلىپ باۋچەيگە تاشلاپ بەردى. باۋچەي شىشىخالنى يەنە بىر تاشلىۋىدى، ئون ئالتە چېكىتكە توختاپ، ساناق تەنچۈنگە توغرا كەلدى.
— نېمە چىقاركىنتاڭ ! — دېدى كۈلگىنىچە تەنچۈن. ئاندىن قولىنى سوزۇپ چوپتەكتىن بىر تالنى ئېلىپ، قاراپ بېقىپ يەنە شىرەگە چۆرۈۋەتتى ۋە قىزىرىپ كېتىپ:
— مۇنداق ئويۇننى ئوينىماسلىق كېرەك ئىدى ! بۇ ئەسلىدە تالادىكى ئېرەكتىلەرنىڭ ئويۇنى، بۇنىڭدا بولمىغۇر گەپلەر تولا ئىكەن، — دېدى.
باشقىلار بۇ گەپنى چۈشەنمەي، شىرېنلەر بايىقى چوپتەكنى ئۈپۈل ـ توپۇل ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا بىر تال

ئۆرۈك چېچىكى سىزىلىپ، قىزىل خەت بىلەن «قاش بولاق ھور مېۋىسى» ۋە:

كۆن يېنى بولۇتقا يانداپ ئۆرۈك تىكىلگەن

دېگەن مىسرا يېزىلغان ھەمدە «بۇ چوپتەكنى ئالغۇچى ئېسىل كۆيۈگە ئېرىشىدۇ، كۆپچىلىك مۇبارەكلەپ بىر قەدەھ تۇتقاي، ئاندىن يەنە بىر قەدەھنى بىللە ئىچىشكەي» دەپ ئىزاھلانغانىكەن.

— نېمىكىن دەپتىكەنمىز ! — دېدى باشقىلار كۇلۇشۇپ، — بۇ ئەسلىدە قىز ھۇجرىسىدا قىلىنىدىغان چاقچاق. چوپتەكلەرنىڭ ئىككى - ئۈچ تېلىدىلا مۇشۇنداق گەپلەر بار، قالغانلىرىدا ھېچقانداق تېتىقسىز گەپلەر يوق. بۇنىڭ نېمە زىيىنى بار؟ بىزنىڭ ئائىلىدىن خانىش چىقتى، سىزمۇ خانىش بولىدىغان ئوخشىمامسىز؟ مۇبارەك بولسۇن ! مۇبارەك بولسۇن !

شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن تەنچۈنگە قەدەھ تۇتتى. ئۇنى ئىچىشكە تەنچۈن نەدە كۆنسۇن؟ شياڭيۈن، شياڭلىڭ، لى ۋەن بولۇپ ئۈچ - تۆتى زورلاپ يۈرۈپ، بىر قەدەھنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇيۇپ، ئاندىن بولدى قىلدى.

— بۇنى چۆرۈۋېتىپ باشقىسىنى ئوينايلى، — دېدى تەنچۈن.

باشقىلار ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۇناشمىدى. شياڭيۈن تەنچۈننىڭ قولىدىن تۇتۇپ شىشىخالنى تاشلاتقۇزۇۋىدى، ئون توققۇز چېكىت چىقتى، بۇ ساناق بويىچە لى ۋەن چوپتەك ئېلىشقا توغرا كەلدى. لى ۋەن چوپدانىنى رالىۋېتىپ، چوپتەكتىن بىر تالنى ئالدى - دە، قاراپ بېقىپ كۇلۇپ كەتتى:

— قالتىس ئىكەن بۇ ! قاراڭلار بۇنىڭغا، ئەجەب قىزىق ئىكەن.

باشقىلار چوپتەككە قارىدى، ئۇنىڭغا قېرىغان بىر تال مېيخۇا گۈل سىزىلىپ، «تاڭ قىرووۋدا ئاق قامەت» دەپ، ئۇ يېنىغا كونا

شېئىرلاردىن بىر مىسرا يېزىلغانىكەن:

قاشا ئارا چەللىسىدىن دىلى خوي مەمنۇن ئىكەن

ئاندىن، «ئۆزى بىر قەدەھ ئىچكەي، يېنىدىكى كىشى شىشىخالنى تاشلىغاي» دەپ ئىزاھلىنىپتۇ.

— راستلا قىزىق ئويۇن ئىكەن. سىلەر شىشىخالنى تاشلاۋېرىڭلار، ئۆزۈمگە تېگىشلىك قەدەھنى ئىچەي، سىلەرنىڭ ئالتوپىلاڭ قىلىشىڭلار بىلەنمۇ كارىم يوق، — دېدى كۆلۈپ لى ۋەن ۋە شارابنى ئىچىپ، شىشىخالنى دەيىۋيگە بەردى، دەيىۋي تاشلىغانىدى، ئون سەككىز چېكىتكە توختاپ، شياڭيۈنگە توغرا كەلدى.

شياڭيۈن كۆلگىنىچە يەڭلىرىنى شىمايلاپ، چوپتەكتىن بىر تالنى ئالدى. كۆپچىلىك قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا بىر تال يەسىمەن سىزىلىپ، «شېرىن خىيال لەززىتى» دەپ، نېرىقى يېنىغا مۇنداق مىسرا يېزىلغانىكەن:

نىسپىي تۈن بولغاچقا گۈللەر ئۇيقۇغا كەتكەنمىكىن

— «نىسپىي تۈن» دېگەن سۆزنى «تاش سوغۇق» دەپ ئۆزگەرتكەن بولسا ياخشى بولاتتىكەن، — دېدى كۆلۈپ دەيىۋي.

باشقىلار شياڭيۈننىڭ كۈندۈزى مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىغا دارىتقانلىقىنى بىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شياڭيۈنمۇ كۈلۈپ كېتىپ، ئۆزى يۈرەر قېيىقنى دەيىۋيگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— تولا گەپ قىلماي، ئاۋۇ قېيىققا ئولتۇرۇپ ئۆيىڭىزگە كېتىڭ! — دېدى.

باشقىلار كۈلۈشتى. بايىقى چوپتەكنىڭ بىر يېنىغا «مەزكۇر شېرىن خىيال لەززىتى دەپ قەيت قىلىنغان چوپتەكنى ئالغۇچى

ئۆزى ئىچمىگەي، ئوڭ ۋە سول يانلىرىدىكىلەرگە بىر قەدەھتىن ئىچۈرگەي» دەپ ئىزاھلانغانىكەن.

— ئامىتابا ! ئەجەبمۇ ئوبدان چوپتەك ئىكەن بۇ ! — دېدى كۈلۈپ شياڭيۈن چاۋاك چېلىپ.

— ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا دەييۈي، سول يېنىدا باۋيۈي ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسىگە ئىككى قەدەھ قۇيۇپ، ئۇلارنى ئىچىشكە قىستىدى، باۋيۈي يېرىم قەدەھ ئىچىپ باشقىلارغا تۇيدۇرماي فاڭگۇەنگە بەردى، فاڭگۇەن ئېلىپلا گېلىغا ئۆڭتۈردى. دەييۈي باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەن بولۇپ، شارابنى تۆكۈرۈكدانغا تۆكۈۋەتتى.

شياڭيۈن شىشىخالنى ئېلىپ تاشلىۋىدى، توققۇز چېكىتكە توختىدى، ساناق بويىچە شېيۈگە توغرا كەلدى. شېيۈ چوپتەكتىن بىرنى ئالدى، ئۇنىڭغا بىر تال نەسرىن گۈل سىزىلىپ، «گۈل باھار ۋايىگە يەتتى» دەپ، يېنىغا كونا شېئىردىن بىر مىسرا يېزىلغانىكەن:

ئېچىلىش پەيتىدە نەسرىن بارچە گۈل بولغاي خازان

ئاندىن، «داستىخاندىكىلەر ئۈچ قەدەھتىن ئىچىپ، باھارنى ئۇزاتقاي» دەپ ئىزاھلىنىپتۇ.

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دەپ سورىدى شېيۈ.

باۋيۈي قاپىقىنى تۈرۈپ، چوپتەكنى ئېلىپ يوشۇرۇۋالدى ۋە:

— قېنى بىز ئىچىۋېرەيلى، — دېدى.

ھەممەيلەن ئۈچ ئوتلامدىن ئىچىپ، ئۈچ قەدەھتىن ئىچكەنگە ھېساب قىلدى. شېيۈ شىشىخالنى تاشلىدى، ئون چېكىتكە توختىدى. بۇ شياڭلىڭغا توغرا كەلدى. شياڭلىڭنىڭ قولىغا قوشماق ساپاقلىق گۈل دېگەن چوپتەك چىقتى، ئۇنىڭغا «باھارغا چىرماش سائادەت» دەپ، ئۇ يېنىغا كونا شېئىردىن بىر مىسرا يېزىلغان:

قوشماق بولۇپ شاخ ئۈچىدا چېچەك ئېچىلدى

ئاندىن، «بۇ چوپتەكنى ئالغۇچى ئۈچ قەدەھ بىلەن قوتلانغاي، ھەممەيلەن بىر قەدەھتىن ئىچىشكەي» دەپ ئىزاھلانغان. شياڭلىڭ شىشىخالنى تاشلىدى، ئالتە چېكىتكە توختاپ، دەييۈيگە توغرا كەلدى. دەييۈي: «قولۇمغا ئوبدانراقى چىقسا ياخشى بولاتتى» دېگەن خىيال بىلەن قولىنى سوزۇپ بىر تالنى ئالدى، چوپتەككە بىر تال نېلۇپەر سىزىلىپ، «سەلكىن شەبنەم غەمنى سۈردى» دەپ، ئۇ يېنىغا كونا شېئىردىن بىر مىسرا يېزىلغان:

چەكمە ھەسرەت شەرق شامىلى كەلدى دەپ سەن قايغۇرۇپ

ئاندىن، «ئۆزى بىر قەدەھ ئىچكەي، مودەن بىر قەدەھنى بىللە ئىچىشكەي» دەپ ئىزاھلانغان.

— قالتىس جايىدا كەلدى ! ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم نېلۇپەرگە جۈپ بولالمايتتى ! — دېيىشتى كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ.

دەييۈي ئۆزىمۇ كۈلۈۋېتىپ شارابنى ئىچتى، ئاندىن شىشىخالنى تاشلىدى، يىگىرمە چېكىتكە توختاپ، شىرېنگە توغرا كەلدى. شىرېننىڭ قولىغا شاپتۇل چېچىكى دېگەن چوپتەك چىقتى. ئۇنىڭغا «ۋۇلىڭنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى» دەپ، ئۇ يېنىغا كونا بىر شېئىر يېزىلغان:

قىزىرىپ شاپتۇل چېچەك ئاچسا يەنە كەلگەي باھار.

ئاندىن، «ئۆرۈك چېچىكى ئۈلپەت بولۇپ بىر قەدەھ ئىچكەي، ئولتۇرغانلاردىن تەڭتۇشلار بىر قەدەھ ئىچكەي، فامىلىداشلار بىر قەدەھ ئىچكەي» دەپ ئىزاھلانغان.

— بۇ تېخىمۇ قىزىتىدىغان بولدى، — دەپ كۈلۈشتى

كۆپچىلىك.
— ھېسابلاپ كۆرۈشۈۋىدى: شياڭلىڭ، چىڭۋېن، باۋچەي ئۈچى شىرېن بىلەن تەڭتۇش ئىكەن، دەييۈي ئۇنىڭ بىلەن مۇچەلداش بولۇپ چىقتى، فامىلىداشلار يوق ئىكەن.
— مېنىڭمۇ فامىلەم خۇا، ئۇنىڭغا مەنمۇ ئۇلپەت بولۇپ بىر قەدەھ ئىچەي، — دېدى شۈئان فاڭگۇەن.
شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن شاراب قۇيۇشتى.
— ھوي، پېشانىسىگە ئېسىل كۇيۇ پۈتۈلگەن قىز! سىز دېگەن ئۆرۈك چېچىكى، چاپسانراق ئىچىۋېتىڭ، ئاندىن بىزمۇ ئىچىمىز، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ تەنچۇنگە.
— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ چوڭ يەڭگە، بۇنى بىر كاچات سېلىڭا! — دېدى تەنچۇنمۇ كۈلۈپ.
— ئۇ ئېسىل كۇيۇگە ئېرىشەلمىگەننىڭ ئۈستىگە تاياق يېسە، مەنمۇ چىداپ تۇرالمايمەن، — دېدى كۈلۈپ لى ۋەن.
باشقىلارمۇ كۈلۈشتى. شىرېن شىشىخالنى تاشلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك قېقىلدى، خىزمەتكار موماي دەرھال چىقىپ سورۇشتۇرگەندى، شۆ ھامما دەييۈينى ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشى ئىكەن.
— قانچىنچى جېسەك ۋاقتى بولدى؟ — دەپ سورىدى كۆپچىلىك.
— ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئۆتتى، سائەت ئون بىرگە جاڭ ئۇردى، — دەپ جاۋاب بەردى بىر كىم.
باۋيۈي بۇنىڭغا ئىشەنمەي، سائەتنى ئالدۇرۇپ قاراپ باقتى. نىسپىي شەپ ۋاقتىدىن بىر چارەك ئون مىنۇت ئۆتۈپتۇ.
— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بېرىپ دورا ئىچىمەن تېخى، — دېدى دەييۈي ئورنىدىن تۇرۇپ.
— ھەممىمىز تارقىساق بولىدۇ ئەمدى، — دېيىشتى باشقىلار.
شىرېن، باۋيۈيلەر ئۇلارنى تۇتۇپ قېلىشماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

— تۇن يېرىمىدىن ئېشىپ كەتسە قاملاشمايدۇ. ھېلىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى لى ۋەن بىلەن تەنچۇن.

— ئۇنداق بولسا، ھەربىرلىرى بىر قەدەھتىن ئىچىپ مېڭىشسىلا، — دېدى شىرىن.

چىڭۋېنلەر قەدەھلەرنى توشتۇرۇپ شاراب قۇيدى. ھەممەيلەن بىر قەدەھتىن ئىچتى. پانۇس يېقىشقا كىشىلەرنى بۇيرۇشتى. شىرېنلەر ئۇلارنى ئەتىرەپشان شىپىگىغىچە ئۇزىتىپ، ئۆستەڭدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەلدى. دەرۋازىنى تاقاپ، قايتىدىن شاراب ئويۇنغا چۈشتى. شىرېنلەر يوغان بىرقانچە جامغا شاراب قۇيۇپ، پەتنۇسقا ھەرخىل كۆك - گېزەكلەرنى سېلىپ، پەگاھتىكى ئىنىگە مومايلارغا بەردى. بۇلارمۇ بىر ئاز مەست بولۇپ، چىنەك ئويۇنى قىلىشتى، ناخشا - غەزەل ئېيتىشتى. تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا، ئىنىگە مومايلار ئاشكارا ھەم يوشۇرۇنچە شاراب ئىچىۋېرىپ، شاراب كوزىسىنى تاكىراڭشىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن شىرېنلەر داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، ئېغىزلىرىنى چايقاپ ئۇخلىماقچى بولۇشتى.

فاڭگۇەننىڭ مەڭزىلىرى ئەڭلىكتەك قىزىرىپ كەتتى، قاش - كۆزلىرىنى سۈزۈپ، تېخىمۇ زىبالىشىپ، ئۆزىنى ئىلىكدالماي شىرېننىڭ قۇچىقىغا ئاتتى:

— ئاچا، يۈرىكىم سېلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— كىم سېنى بولۇشچە ئىچسۇن دەپتۇ! — دېدى شىرېن كۈلۈپ.

چۈنيەن، سىئېرلارمۇ ئۆزلىرىنى ئىلىكدالماي ئۇخلاشقا ياتتى، چىڭۋېن ھەدەپ ئۇلارنى قىچقىرغىلى تۇردى.

— بولدى، قىچقىرما، ئۆمە - دۆمە ئارام ئېلىۋالساقلا بولىۋېرىدۇ، — دېدى باۋيۈي ۋە ئۆزى قىزىل چوغلۇق گۈللۈك ياستۇقنى قويۇپ قىڭغايدى - دە، ئۇيقۇغا كەتتى. فاڭگۇەن بەك مەست بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇنى قوسۇۋەتمىسۇن دەپ، شىرېن ئاستا يۆلەپ باۋيۈينىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويدى، ئۆزى ئۇدۇلدىكى

كاتقا چىقىپ يىقىلدى. ھەممەيلەن نېمە بولغىنىنى بىلىشمەي تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە شىرىن كۆزىنى ئاچتى. كۈن ئاللىقاچان يورۇپ ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى.

— ۋاق قاپتۇق! — دېدى شىرىن ۋە ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا كۆز يۇگۇرتكەندى، فاڭگۇەن بېشىنى كاڭنىڭ لېۋىگە قويۇپ ياتقىنىچە ئويغانماي ياتاتتى. شىرىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قىچقىردى. باۋيۇي ئويغىنىپ، بۇ يانغا ئۆرۈلۈپ:

— ۋاق قاپتۇق! — دېدى كۈلۈمسىرەپ ۋە فاڭگۇەننى تۇرتتى.

فاڭگۇەن قوپۇپ، ھاڭقايغىنىچە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— ئىزا تارتمايدىغان! — دەپ كۈلدى شىرىن، — مەست بولۇپ قالساڭمۇ، قاراپ باقمايلا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزۈڭنى تاشلاپ ياتامسەن؟

فاڭگۇەن ئەتراپقا قاراپ بېقىپ، باۋيۇي بىلەن بىر كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى ئاندىن بىلدى ـ دە، ئىزا تارتىپ كېتىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇ:

— مەن نېمىشقا ... — دېدى ـ يۇ، گەپىنىڭ ئايىغىنى چىقىرالمىدى.

— مەنمۇ ئۇقالماي قاپتىمەن. ئۇققان بولسام يۈزىگە قارا سۈركەپ قوياتتىم! — دېدى كۈلۈپ باۋيۇي.

شۇ ئەسنادا چۆرە قىز كىرىپ، يۇيۇنۇش ـ تارىنىش ئىشلىرىغا قاراشتى.

— تۈنۈگۈن پاراكەندە قىلىپ قويدۇم، بۈگۈن ئاخشام مەن داستىخان ياندۇرىمەن، — دېدى باۋيۇي.

— بولدى، ئەمدى! بۈگۈن غەلۋە قىلمايلى، يەنە غەلۋە قىلىدىغان بولساق خەق گەپ قىلىدۇ، — دېدى شىرىن كۈلۈپ.

— نېمىدىن قورققۇلۇق! ناھايىتى شۇ، ئىككى قېتىملا بولدىغۇ، بىزمۇ شاراب ئىچەلەيدىغانلاردىن ئىكەنمىز، بىر كوزا

شارابنى ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇق. ھەي، راسا مەززە قىلىشۋاتقاندا! شاراب تۈگەپ قالدى ـ دە.

ــ ئاشۇنچىلىك بولسا قىزىقى بولىدۇ، قانغۇچە ئىچكەن بىلەن ئۇنىڭ مەززىسى بولمايدۇ. تۈنۈگۈن ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ بولدى، چىڭۋېن ھەتتا ئىزا تارتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، تېخى بىر ناخشا ئېيتتى! ــ دېدى شىرېن كۈلۈپ.

ــ ئاچا، ئۆزىڭىزچۇ، ھەتتا سىزمۇ ئېيتتىڭىز! داستىخاندا ئولتۇرغانلاردىن ناخشا ئېيتمىغان كىم بار دەيسىز؟ ــ دېدى كۈلۈپ سىئېر.

ھەممەيلەن بۇ گەپ بىلەن قىزىرىپ، قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى توسقىنىچە توختىماي كۈلۈشۈپ تۇراتتى، بىردىنلا پىڭئېر قاقاھلاپ كۈلۈپ كىرىپ كەلدى:

ــ تۈنۈگۈنكى زىياپەتكە قاتناشقانلارنى تەكلىپ قىلغىلى ئۆزۈم كەلدىم. بۈگۈن مەن ساھىبخانا بولىمەن، بىرەرسى كەلمەي قالسا بولمايدۇ.

ھەممەيلەن ئۇنى ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

ــ ھەتتىگىنەي، ئاخشام بۇ بولماي قالدى ـ دە، ــ دېدى چىڭۋېن.

ــ كېچىچە نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى پىڭئېر.

ــ ساڭا ئېيتقىلى بولمايدۇ! ــ دېدى كۈلۈپ شىرېن، ــ تۈنۈگۈن ئاخشام قالتىس قىزىتىۋەتتۇق، ئۆتكەن چاغلاردا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملار باش بولۇپ قىلغان ئويۇن ـ تاماشىلىرىمىزمۇ تۈنۈگۈن ئاخشامقىغا يەتمەيدۇ. بىر كوزا شارابنى پاكپاكىز ئۆگىتۈرۈپ بولدۇق. ھەممەيلەن ئىچىپ، ئىزانىمۇ قايرىپ قويۇپ ناخشا ئېيتىشتى، تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئۆتكەندە، ئۇيان ـ بۇيان سۇنايلىنىپ ياتقىنىمىزچە ئۇخلاپ قاپتۇق.

ــ مانا كۆرۈڭ! شارابنى مەندىن ئېلىپ، مېنى قىچقىرمىغانىڭ ئۈستىگە، تېخى ماڭا دەپ بېرىپ قورسىقىمنى

كۆپتۈرگىنىنى بۇلارنىڭ! — دېدى پىشئېر كۇلۇپ.

— بۇگۇن ئۇ داستىخان ياندۇرىمەن دەيدۇ، سىزنى ئەلۋەتتە چىللايدۇ، كۇتۇپ تۇرۇڭ، — دېدى چىڭۋېن.

— «ئۇ» دېگىنىڭ كىم؟ كىم ئىكەن «ئۇ» دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى پىشئېر.

چىڭۋېن ھوپپىدە قىزىرىپ كېتىپ، ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ كۇلدى:

— قۇلىقىڭىز ئەجەبمۇ ئىتتىك ئىكەن، ئاڭلاپ قاپسىز!

— تۇفي! ... — دەپ تۇكۇردى پىشئېر كۇلۇپ، — داپشاق قىز! ھازىر ئىشىم بار، سەن بىلەن گەپلەشمەيمەن. بېرىپ ئىشىمنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن سىلەرنى چىللىغىلى ئادەم ئەۋەتىمەن. بىرەرسىڭ كەلمەي قالىدىغان بولساڭ ئۆزۈم كېلىپ شۇنىڭ ئىشىكىنى چاقىمەن!

ئۇ باۋيۈي ۋە باشقىلارنىڭ بىردەم ئولتۇرۇڭ دېگىنىگە قارىماي چىقىپ كەتتى. باۋيۈي يۈيۈنۈپ - تارىنىپ بولۇپ چاي ئىچىۋاتقىنىدا، سىياھدانىنىڭ تېگىگە باستۇرۇقلۇق تۇرغان بىر پارچە قەغەزگە كۆزى چۈشۈپ قالدى - دە:

— بۇ نەرسىنى مۇشۇنداق خالىغىنىڭلارچە باستۇرۇپ قويۇشۇڭلار ياخشى ئەمەس، — دېدى.

— يەنە نېمە بوپتۇ؟ كىم ناماقۇل ئىش قىپتۇ؟ — دەپ سورىدى شىرېن بىلەن چىڭۋېن ئالدىرىشىپ.

— سىياھدانىنىڭ تېگىدىكى نېمە ئۇ؟ — دېدى باۋيۈي كۆرسىتىپ، — ھەرقاچان بىرەرسىنىڭ ئۆرنىكى بولغىيدى، ئېلىۋېلىش يادىدىن چىقىپتۇ.

چىڭۋېن دەرھال سىياھدانىنى كۆتۈرۈپ بىر پارچە باغاقنى ئېلىپ باۋيۈيگە ئۇزارتتى. ئۇ قىزغۇچ قەغەزگە «بوسۇغا سىرتىدىكى مياۋيۈي ھۆرمەت بىلەن يىراقتا تۇرۇپ باش قويۇپ، مۇبارەك يېشىڭىزنى قۇتلايدۇ» دەپ يېزىلغان تەبرىكنامە ئىكەن. باۋيۈي ئوقۇپ بولۇپ سەكرەپ كەتتى:

www.uyghurkitap.com

— بۇنى كىم ئالغان؟ ئېيتىپمۇ قويماپتۇ!

شېرىن بىلەن چىڭشۈېن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قايسى كاتتىلاردىن كەلگەن باغاقكىن دەپ، ئالمان - تالمان سورۇشتۇردى:

— تۈنۈگۈن بۇ باغاقنى كىم ئالغان؟

سىئېر يۈگۈرۈپ كىرىپ، كۈلۈمسىرەپ:

— تۈنۈگۈن مىياۋيۈي ئۆزى كەلمىگەن، بىر ئانىكامدىن ئەۋەتىپتىكەن، مەن شۇ يەرگە قويۇپ قويغان، شاراب ئىچىپ قويۇش بىلەن بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەنغۇ تاڭ، — دېدى.

— بۇنچە ھەيران قالغۇدەك كىم ئىكەن دەپتۇق، ئەرزىمەس بىر نېمە ئىكەنغۇ، — دېدى باشقىلار.

— چاپسان قەغەز كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى باۋيۈي.

قەغەز كەلتۈرۈپ، سىياھ ئېزىپ بەردى. باۋيۈي «بوسۇغا سىرتىدىكى ئادەم» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغا قانداق سۆز بىلەن جاۋاب ياندۇرسام لايىقىدا بولار، دەپ قەلەمنى تۇتقىنىچە بىر پىكىرگە كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاندىن: «بىرىپ باۋچەيدىن سوراي دېسەم، ئەجەبسىنىپ كېتىپسەن دەپ تەنقىد قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە دەيىيۇيدىن سوراي» دېگەن ئويغا كەلدى - دە، تەبرىكنامىنى يېڭىگە قىستۇرۇپ، دەيىيۇينى ئىزدەپ ماڭدى. ئەترەپشان شېپىڭدىن ئۆتۈشىگىلا، شيۇيەن تايتاڭلاپ ئۇدۇل كېلىپ قالدى.

— ئاچا، نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— مىياۋيۈيگە گېپىم بار ئىدى، شۇنىڭغا كېتىۋاتىمەن، — دېدى شيۇيەن كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇ ئۆزىنى كىشىلەردىن قاچۇراتتى، ۋاقىت - سائىتى توغرا كەلمىسە ھېچكىمگە نەزەر - گۈزىرىنىمۇ سالمايتتى. ئۇ سىزنى قەدىرلەيدىكەن، بايا. دېمەك، سىز بىزدەك چاكىنا ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەنسىز! — دەپ ھەيران بولدى باۋيۈي.

— ئۇمۇ ھېچقاچان مېنى چىن كۆڭلىدىن قەدىرلەپ

كەتمەيدۇ، ــ دەپ كۈلدى شىيۈيەن، ــ لېكىن، مەن بۇرۇن ئۈنىڭ بىلەن ئاراتام قوشنا بولغان، ئۇ پەنشىياڭ خانىقاسىدا ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، مېنىڭ ئائىلەم ئەزەلدىن كەمبەغەل بولغاچقا، ئىجارە ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، شۇ تۇرغان ئىبادەتخانىدا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئون يىل ئولتۇرغانىدۇق. ئىشىم بولمىغان چاغلاردا ئۈنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ئۈنىڭغا ھەمراھ بولاتتىم. ئۇ خەت تونۇتۇپ، مېنى خېلىلا ساۋاتلىق قىلىپ قويغان. شۇڭا، مەن ئۈنىڭ نامرات ھەقەمسايىسى، ئۇنى مەن يېرىم ـ يارتا ئۇستازىم دېسەممۇ بولىدۇ. بىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنى پاناھ تارتىپ ئۇ يەردىن كېتىپ قالدۇق. زامانىنىڭ مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى ۋە ھوقۇق ـ كۈچنىڭ يول قويمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇمۇ بۇ يەرگە پاناھ تارتىپ كەپتىكەن. بۈگۈنكى كۈندە تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن بىر يەرگە كېلىپ يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق. قەدىناسلىقىمىز ئۆزگەرمەپتۇ، ھازىر ئۇ مېنى ئۆز ۋاقتىدىكىدىنمۇ ئارتۇقراق ياخشى كۆرىدۇ.

باۋيۈيگە بۇ گەپلەر خۇددى بىردىنلا گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرمامىدەك تۇيۇلۇپ، خۇشاللىقىدا كۈلۈپ كەتتى:

ــ ھە، ئاچا، سىزنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىڭىزنىڭ خۇددى بۇلۇتتا پەرۋاز قىلغان ياۋا تۇرنىلارغا ئوخشاش زاھىتلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنىڭ ئاشۇنداق مەنبەسى بار ئىكەن ـ دە، بايا! ئۈنىڭغا تەئەللۇق بىر ئىش توغرىسىدا بېشىم قېتىپ، باشقىلاردىن ئەقىل سوراي دەپ كېتىۋاتاتتىم. سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىممۇ تەقدىرنىڭ ھۆكمى ئىكەن. ئاچا، ماڭا ئەقىل كۆرسەتكەن بولسىڭىز، ــ باۋيۈي شۇنداق دەپ، بايىقى تەبرىكنامىنى شىيۈيەنگە كۆرسەتتى.

ــ ئۈنىڭ بۇ خۇيى زادىلا ئۆزگەرمەيدۇ، ــ دېدى كۈلۈمسىرەپ شىيۈيەن، ــ ھەمىشە مۇشۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى ئويلاپ تاپىدۇ. تەبرىكنامىگە ئۆزىنىڭ لەقىمىنى يازغانلىقىنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن. ئۇ خۇددى تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك:

www.uyghurkitap.com

«راھىب دېسە راھىب ئەمەس، ئاۋام دېسە ئاۋام ئەمەس، ئايال دېسە ئايال ئەمەس، ئەر دېسە ئەر ئەمەس» بىر نېمە، ئۇنى نېمە دەپ ئاتىسا بولاركىنتاڭ!

— ئاچا، سىز بىلمەيدىكەنسىز، ئۇ ئەسلىدە ئۇنداق كىشىلەر قاتارىدىكى ئادەم ئەمەس، ئۇ ئاددىي ئادەملەر چۈشەنچىسىدىن تاشقىرىسىدىكى ئادەم. مېنى ئانچە ـ مۇنچە بىلىمى بار دەپ بىلگەچكە، ماڭا تەبرىكنامە ئەۋەتكەن گەپ، شۇڭا مەن قانداق سۆز بىلەن جاۋابياندۇرسام ياخشى بولار دەپ بىر پىكىرگە كېلەلمەي، دەييۈي سىڭلىمدىن سوراي دەپ كېتىۋاتاتتىم، سىز بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدىم.

شيۈيەن باۋيۈيىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— «ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن، ئۆزىنى كۆرگەن مىڭ ئەلا» دېگەن تەمسىل بىكار ئېيتىلماپتىكەن. مياۋيۈيىنىڭ سىزگە بۇ باغاقنى ئەۋەتكەنلىكىدىن، ئۆتكەن يىلى سىزگە ھېلىقى مېيخۇا گۈللىرىنى بەرگەنلىكىدىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولغۇدەك. ئۇ ئۇدا ئاشۇنداق قىلىۋاتقاندىن كېيىن، ئەمدى مەنمۇ سىزگە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمىسەم بولماس. مياۋيۈي ئادەتتە: «قەدىمكى كىشىلەر ئارىسىدا، خەن، چىن، بەش خانلىق، تاڭ، سۇڭ زامانلىرىدىن بۇيان، ھېچقانداق ياخشى شېئىرلار يارىتىلغىنى يوق، ‹بولسىمۇ مىڭ يىللىغان تۆمۈردىن بوسۇغا، ئاخىر كىرەر ھەر كىشى توپا دۆۋىسىگە› دېگەن ئىككى مىسرالا شېئىر بار» دەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى «بوسۇغا سىرتىدىكى ئادەم» دەپ ئاتايدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە «نەسرىي ئەسەر جەھەتتە جۇاڭزىنىڭ ياخشى» دەپ ماختايتتى. شۇڭا، ئۇنى «غەيرىي تەبىئىي ئىنسان» دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ باغاقتا ئۆزىنى «غەيرىي تەبىئىي ئىنسان» دەپ ئاتىغان بولسا، سىز ئۇنىڭغا «ئاددىي ئىنسان» دەپ جاۋاب ياندۇرسىڭىزمۇ بولاتتى. «غەيرىي تەبىئىي ئىنسان» دېگىنى ئۆزىنى غەلىتە ـ يېگانە ئادەم دەپ ئاتىغانلىقى. سىز كەمتەرلىك

بىلەن ئۆزىڭىزنى ئاددىي ئىنسانلاردەك پاراكەندىلىك تۇغدۇرغۇچى ئادەم دېسىڭىز ئۇنىڭغا بەك ياقاتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىنى «بوسۇغا سىرتىدىكى ئادەم» دەپ ئاتىغانلىقى «تۆمۈر بوسۇغا»دىن ئاتلاپ چىققان ئادەم دېگەنلىكى بولىدۇ. شۇڭا، سىزمۇ ئەمدى «بوسۇغا ئىچىدىكى ئادەم» دەپ جاۋاب ياندۇرسىڭىز ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىگە راسا باب كېلىدۇ.

باۋيۇيگە بۇ گەپ سېرىق ياغدەك يېقىپ، «ھەببەللى» دەپ كەتتى.

— ئائىلىمىزگە خاس بۇتخانىنى «تۆمۈر ئاستانىلىق مازار» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە! ، — دېدى ئۇ، — بۇ ئاشۇ گەپتىن چىققانىكەن. ئاچا، سىز مەرھەمەت قىلىۋېرىڭ، مەن بېرىپ جاۋابنامە يازاي.

شيۇيەن يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىغا كەتتى. باۋيۇي ھۇجرىسىغا قايتىپ جاۋاب يېزىشقا تۇتۇندى. «بوسۇغا ئىچىدىكى ئادەم باۋيۇي تەربىيەلىرى شاراپىتىدە ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ، ئۆزى يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن تاشلىۋېتىپ قايتىپ كەلدى.

غىزادىن كېيىن، پىڭئېر داستىخان ياندۇرماقچى بولدى. قىزىل خۇشبۇيزارنى بەك ئىسسىق دېيىشىپ، سۆگەتلىك ئايۋاندا يېڭى شاراب ۋە ئېسىل تائاملار بىلەن بىرنەچچە سورۇنغا داستىخان تەييارلاندى. يۈشى خېنىم كۆڭۈلدىكىنى قىلىپ، ئۆزى بىلەن پېيفېڭ ۋە شيېلۈەن دېگەن ئىككى توقالنى تاماشىغا بىللە ئالغاچ كەپتۇ. بۇ ئىككى توقالمۇ چىرايلىق - ساددا چوكانلار ئىدى، ئادەتتە بۇيانغا ئانچە كۆپ ئۆتمەيتتى. بۈگۈن بۇيانغا كېلىشى بىلەنلا، شياڭيۈن، شياڭلىڭ، فاڭگۈەن، رۇيگۈەن قاتارلىق قىزلارنى كۆرۈپ، راستلا «ھەركىم ئۆز قاياشى بىلەن، ھەر نەرسە ئۆز تەڭدىشى بىلەن» دېگەندەك، ئۇلار بىلەن ئېچىلىپ -

يېيىلىپ كۈلكە ـ پاراڭ قىلىشتى، يۈشى خېنىم بىلەنمۇ كارى بولماي، ئۇنى كۈتۈش ئىشىنى دېدەكلەرگە تاشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى باشقىلار بىلەن ئويۇن ـ تاماشىغا چۈشۈپ كەتتى.

بىكار پاراڭنى قويۇپ، ئۆز ھېكايىمىزگە كېلەيلى. كۆپچىلىك سۆگەتلىك ئايۋاندا شارابنى باھانە قىلىپ ئويۇن ـ كۈلكىگە چۈشۈپ كەتتى. كور ئايال مەدداھنى دۇمباق چېلىشقا بۇيرۇدى. پىڭئېر چوغلۇق گۈلدىن بىر تال ئۈزۈپ كەلدى، ھەممەيلەن بولۇپ يىگىرمىچە كىشى گۈلنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن بىر پەس قىزىقچىلىق قىلىشتى.

— جېن ئائىلىسىدىن ئىككى ئايال نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ كەپتۇ، — دەپ بىر كىم مەلۇم قىلدى.

تەنچۈن بىلەن لى ۋەن، يۈشى ئۈچى كەلگەن ئاياللار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەسلىھەتخانىغا چىقىپ كەتتى. قالغانلار ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن تارقىلىشتى. پېيفېڭ بىلەن شىېلۈەن ئىككىسى ئىلەڭگۈچ ئوينىغىلى ماڭدى.

— ئىككىڭلار چىقىڭلار، مەن ئىلەڭگەتەي، — دېدى باۋيۈي.

— يوقسۇ، بىزنى دەپ غەلۋە چىقىرىپ بەرمىسىلە، — دېدى ئالاقزەدە بولۇپ پېيفېڭ.

شۇ ئەسنادا شەرقىي قەسىردىن بىر قانچەيلەن ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ يۈگۈرگىنىچە كىرىپ مەلۇم قىلىشتى:

— ئۇلۇغ بېگىم ئەرشكە راۋان بوپتۇ!

— ھېچقانداق كېسىلى يوق، ساپساق ئىدىغۇ، قانداق بولۇپ قازا تاپقاندۇ! — دېيىشتى كۆپچىلىك ئالمان ـ تالمان.

— ئۇلۇغ بېگىم كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىستىقامەت قىلغاچقا، تەلىپى ئىجابەت بولۇپ، ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتكەن ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار ئايال.

يۈشى خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن، جيا جېن، جيا رۇڭ ئاتا ـ بالا ئىككىسى ھەم جيالىيەن قاتارلىقلار ئۆيدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال ئەسقاتىدىغان بىرەر ئىشەنچلىك

ئېرەكتىنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ تەمتىرەپ قالدى. دەرھال بېزەكلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئاۋۋال ھېكمەت خانىقاسىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى ھەممە دەرۋىشلەرنى جىيا جېن بېگىم ئۆيگە قايتىپ سوراق قىلغۇچە سولاپ قويدۇردى. ئاندىن ئۆزى دەرھال مەيىگە چۈشۈپ، لەي شېڭ قاتارلىق ياشانغان ئەر - ئايال خىزمەتكارلارنى ئېلىپ شەھەردىن چىقتى. زادى قانداق كېسەل بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن تېۋىپ تەكلىپ قىلدۇردى. تېۋىپلار كېلىپ قارىغىنىنى بىلەنمۇ، ئاللىقاچان ئۆلگەن ئادەم تۇرسا، قانداق قىلىپ تومۇر تۇتالىسۇن؟ ئۇلارمۇ جىيا جىڭنىڭ شۇغۇللانغان كەسپى — روھ تەرزى بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزىغا سەجدە قىلىپ، شىۋە قەدىر كېچىلىرى ئىستىقامەت قىلىشى، ئىكسىر - ناياپ يېيىشى پۇتۇنلەي تەلۋىلەرچە ساختا ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ ھەددىدىن ئارتۇق كۆچىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئۆز جېنىنى نابۇت قىلغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ جېنى چىقىپ، قورسىقى تۆمۈردەك قېتىپ، يۈز ۋە لەۋلىرى كۆكىرىپ يېرىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، تېۋىپلار خىزمەتكار ئاياللارغا:

— داۋجياۋ دىنى بويىچە، ئېكسىر - ناياپ يەپ، ئىچ - باغرى كۆيۈپ كەتكەنلىكىدىن قازا تېپىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

دەرۋىشلەرمۇ ھودۇققىنىچە مەلۇم قىلىشتى:

— مەخپىي رۇشەتتە بويىچە ئىشلەنگەن سىر سۇرۇخ - ناياپ يەپ ئۆزىنى نابۇت قىلىۋالدى، پېقىر دەرۋىشلەرمۇ «ئىستىقامەتلىرى ئۆز ماقامىغا يەتمىگۈچە ئۇنى يېگىلى بولمايدۇ» دەپ نەسىھەت قىلغانىدۇق. ئۇلۇغ بېگىم بۇگۈن كېچە شىۋە قەدىرنى كۈتۈپ ئىستىقامەت قىلغانىدى، تۇيدۇرمايلا يەۋېلىپ ئەرشكە راۋان بوپتۇ. بۇ ئۇ جانابنىڭ ئىخلاس بىلەن ئەۋلىيالىق ماقامىغا ئېرىشىپ، كۆلپەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ، جېنى تەن پوستىدىن خالاس تاپقانلىقى.

يۈشى خېنىم بۇ گەپلەرگىمۇ قۇلاق سالماي، ئۇلارنى جىيا جېن

كېلىپ ئۆزى قويۇپ بەرگۈچە سولاپ قويۇشقا بۇيرۇدى ۋە جيا جېنغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتلىق چاپارمەن ماڭدۇردى. خانىقانىڭ ئىچى تار ئىدى، شۇڭا جەسەتنى ئۇ يەردە ساقلاشقا ۋە شەھەرگە ئەكىرىشكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال كېپەنلىككە ئالدۇرۇپ، يۇمشاق تەختىراۋان بىلەن تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا ئېلىپ بارغۇزدى. يۇشى خېنىم بارماقلىرى بىلەن ھېسابلاپ باقتى، جيا جېن تېز دېگەندە يەنە يېرىم ئايدا ئۈلگۈرۈپ كېلەلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تومۇز كۈنلىرى بولغاچقا، جەسەتنى ئۇزاقراق ساقلاپ تۇرۇشقا بولمايتتى. شۇڭلاشقا، ئۆزى ئىگىدارلىق قىلىپ، يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن كۈن تاللاشنى مۇنەججىمگە بۇيرۇدى. جەسەت ساندۇقىنى ئۈلۈش يىلىلا ياسىتىپ مۇشۇ ئىبادەتخانىغا ئامانەت قىلىپ قويغاچقا، ئۇ تەييار ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن قارىلىق تۇتۇپ ھازا ئېچىپ، تىلاۋەت ئۈچۈن سورۇن تەييارلاندى. نېرىقى ياندىكى رۇڭگو قەسرىدىن فېڭجيې تېخىچە تالا - تۈزگە چىقالمايدىغانلىقى، لى ۋەن ھەمشىرىلەردىن خەۋەر ئېلىشقا توغرا كەلگەنلىكى، باۋيۈي تېخى ئىش كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، تالا - تۈزنىڭ ئىشلىرى ۋاقتىنچە ئائىلىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك غوجىدارلارغا تاپشۇرۇلدى. جيا بيەن، جيا گۇاڭ، جيا خېڭ، جيا يىن، جيا چاڭ، جيا لىڭلارغىمۇ تېگىشلىك ئىشلار تاپىلاندى. يۇشى خېنىم ئۆيىگە قايتالمىغاچقا، ئۆگەي ئانىسىنى رۇڭگو قەسرىگە ئالدۇرۇپ ئۆيىگە قاراشقا قويدى. بۇ ئۆگەي ئانىسىمۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان ئىككى قىزىنى ئۆزى بىلەن ئالغاچ كېلىپ، بىللە تۇرغاندىلا كۆڭلى تىنىتتى.

جيا جېن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال رۇخسەت سورىدى، چۈنكى جيا رۇڭ بىلەن ئىككىسى ئوردىدا خىزمىتى بار خادىملاردىن ئىدى. مەرىپەت دىۋانى ھازىر كاتتىلارغا بېغىشلانغان چوڭ تەزىيە مەرگىلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماي خانغا ئىلتىماس قىلدى. خاقان ئىگىمىز



www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادارلىق بىلەن ئۆتتۈۋاتقان زات بولغاچقا، خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى بەك قەدىرلەيتتى، دىۋاننىڭ ئىلتىماسنامىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئىلتىپات قىلىپ، جىيا جىڭنىڭ قانداق ۋەزىپىدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەرىپەت دىۋانىدىن: «جىيا جىڭنىڭ تەركىبى جىنشىلاردىن، بوۋىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئوغلى جىيا جېنغا ئاتا قىلىنغان. جىيا جىڭ ياشقا چوڭ ۋە كېسەلچان بولغاچقا، پايتەخت سىرتىدىكى ھېكمەت خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر كېسەل تۈپەيلىدىن مەزكۇر خانىقادا قازا تېپىپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى جىيا جېن ۋە نەۋرىسى جىيا رۇڭ دۆلەت مۇسىبىتى مۇناسىۋىتى بىلەن خان ئائىلىلىرىگە ئەگىشىپ بۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قايتىپ بېرىپ دەپنە ئىشلىرىنى ئادا قىلىشقا رۇخسەت سورايدۇ» دەپ جىيا جېنغا ۋاكالىتەن ئىلتىجا قىلىندى. خاقان ئىگىمىز بۇنى ئاڭلىغان ھامان، ئادەتتىن تاشقىرى شەپقەت ياغدۇرۇپ: «جىيا جىڭ گەرچە دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ سادىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا بەشىنچى جىركىلىك مەنسەپ ئىنئام قىلىنسۇن. ئۇنىڭ ئوغلى ھەم نەۋرىسى مېيىتنى ئېلىپ شىمالىي تۆۋەنكى قوۋۇقتىن پايتەختكە كىرىپ، بەخشەندە قىلىنغان جايىدا جەسەتنى كېپەنلەپ، پەرزەنتلىرى ماتەم تۇتسۇن. ماتەم رەسمىيەتلىرى ئادا بولغاندىن كېيىن، مېيىتنى ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ قويسۇن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مەئىشەت مەھكىمىسى ئالىي يوسۇن بويىچە نەزىر ـ چىراغلىق ئىنئام قىلسۇن، سۇلالىمىزدىكى ۋاڭ ـ گۇڭلاردىن تۆۋەنلەرنىڭ ھەممىسى ماتەم بىلدۈرسۇن. يارلىق شۇنىڭ بىلەن تامام» دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى، خاننىڭ بۇ يارلىقى چۈشۈشى بىلەن، بۇ شەپقەتكە جىيا خانىدانىدىكى كىشىلەرلا رەھمەت بايان قىلىپ قالماستىن، خانلىقنىڭ بارلىق ۋەزىر ـ ئەربابلىرىمۇ ھەددى ـ ھېسابسىز

باركاللا ئوقۇدى.

جيا جىن بىلەن جيا رۇڭ ئاتا ــ بالا ئىككىسى ئاتلىق كېچىلەپ يولغا چىقتى. يېرىم يولغا كەلگەندە، جيا بيەن بىلەن جيا گۇاڭ ئىككىسى ئائىلە چاكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتلىق ئۇچقاندەك كېلىپ ئۇ ئىككىسى بىلەن ئۇچراشتى. بۇلار جيا جىننى كۆرۈشى بىلەن تەڭلا ئاتتىن چۈشۈپ سالام بېرىشتى.

ـــ نېمىشقا كەلدىڭلار؟ ـــ دەپ سورىدى جيا جىن دەرھال.

ـــ يەڭگەم: ئاكام بىلەن جىيەنىمنى قايتىپ كەلسە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يولدا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم قالمايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، بىز ئىككىمىزنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى ئۇزىتىپ مېڭىشقا ئەۋەتتى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى جيا بيەن.

جيا جىن يۇشى خېنىمنىڭ بۇ ئىشىنى ماختىدى ۋە:

ـــ ئائىلىدە ئىشلارنى قانداق قىلىۋاتىدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

جيا بيەنلەر دەرۋىشلەرنىڭ قانداق چاقىرتىلغانلىقىنى، ئائىلىگە خاس ئىبادەتخانىغا مېيىتنى قانداق ئېلىپ باردۇرغانلىقىنى، ئۆيدە قارايدىغان كىشى يوقلۇقىدىن ئەنسىرەپ، جيا جىننىڭ قېيىنئانىسى ۋە ئىككى قېيىنسىڭلىسىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ تۆر ئۆيگە جايلاشتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. جيا رۇڭمۇ شۇ يەردىلا ئاتتىن چۈشتى ۋە ئىككى قېيىنبويىان ھەمشىرىسى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتەي دېدى. جيا جىن كەينى ــ كەينىدىن «ئوبدان بوپتۇ» دەپ قويۇپ، ئېتىنى قامچىلاپ يۈرۈپ كەتتى. دەڭلەرگىمۇ چۈشمەي، ئات يەڭگۈشلەپ، كېچە ــ كۈندۈزلەپ ئات چاپتۇرۇپ مېڭىۋەردى.

بىر كۈنى ئۇلار پايتەخت قوۋۇقىغا يېتىپ كەلدى. ئاۋۋال تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا باردى. ئۇ كۈنى تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى، جېسەكچىلەر خەۋەر تېپىپ، باشقىلارنى دەرھال ئويغاتتى. جيا جىن ئاتتىن چۈشۈپ، جيا رۇڭ بىلەن ئىككىسى ئۈن سېلىپ يىغلىدى. تاشقىرىقى دەرۋازىدىن ئۆمىلەپ، مېيىتنىڭ ئالدىغا بارغۇچە يەرگە باش ئۇرۇۋېرىپ

پېشانىلىرى قاناپ كەتتى، تاكى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ ئۇنىلىرىمۇ پۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن يىغىدىن توختىدى. يۇشى خېنىم ۋە باشقىلار بىلەن كۆرۈشتى. جيا جېن بىلەن جيا رۇڭ ئاتا ـ بالا ئىككىسى رەسمىيەت بويىچە قارىلىق كىيىم كىيىپ، مېيىت ئالدىغا يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى تاشلاشتى. جيا جېن ئىشلاردىن ئۆزى خەۋەر ئېلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، باشقىلارنى ئىشقا جورۇش ئۇچۇن قايغۇسىنى بىر ئاز بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىگە بايان قىلىپ بەردى، ئاندىن مېيىتنى توختىتىپ تۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش ئۇچۇن، جيا رۇڭنى ئۆيىگە ئەۋەتتى.

جيا رۇڭ هايت ـ هۇيت دېگۇچىلا ئاتلىنىپ ئۆيگە قاراپ چاپتى. ئۆيگە كېلىشى بىلەنلا، ئالدىنقى مېھمانخانىدىكى ئورۇندۇق ـ ئۇستەللەرنى يىغىشتۇرغۇزۇۋەتتى، دەرپەردە ـ شىرمەللەرنى قويدۇرۇپ، قارىلىق كۆشكىلىرىنى تارتقۇزدى. دەرۋازا ئالدىغا دۇمباق چېلىش كەپىسى، پەيلۇ ياساتتى. ئالدىراش كىرىپ، چوڭ ئانىسى ۋە ئىككى قېينبويان ھەمشىرىسى بىلەن كۆرۈشتى. يۇشىنىڭ ئانىسى خان موما ياشىنىپ قالغان، ئۇيقۇچان ئايال بولغاچقا، ھەمىشە يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇچىنچى قىزلىرى ھەم چۆرىلىرى يىگىنە ئىشى قىلىۋاتاتتى. جيا رۇڭنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ بېشى قاتتى.

جيا رۇڭ يىخىلداپ كۈلگىنىچە ئىككىنچى ھەمشىرىگە قارىدى:

— بۇيان كەپسىز ! ئاتام سىزنى ياد ئېتىپ تۇراتتى.

ئوتتۇرانچى قىز يۇئېرجيې ھۇپپىدە قىزىرىپ، ئۇنى تىللاپ:

— خەپ، جيا رۇڭ سولتەك ! سىزنى بىر كۈن تىللىمايلا قويىدىغان بولسام، كۈنىڭىز كۈن بولمايدۇ، بارغانسېرى قائىدىدىن چىقىپ كېتىۋاتىسىز ! ئىسىت، سىزنىڭ چوڭ خانداننىڭ بەگزادىسى بولغىنىڭىزغا ! ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ،

ئەدەپ - يوسۇن ئۆگىنىۋاتقان تورۇقلۇق، ھەتتا چوپرەندىلەرچىلىكمۇ بولالمايۋاتىسىز! — دېدى - دە، دەزمالنى ئېلىپ جيا رۇڭنىڭ بېشىغا ئاتماقچى بولۇۋىدى، جيا رۇڭ قورقىنىدىن بېشىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ يېلىنىپ تۇرۇۋالدى. ئۇچىنچى قىز يۇسەنجىيې تەتۈر قاراپ تۇرۇپ:

— ئاچام كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا دەيلى! — دېدى.

جيا رۇڭ ھاپىلا - شاپىلا كاڭدا يوكۇنۇپ يالۋۇردى ۋە يۇئېرجيېنىڭ يەۋاتقان قاقلىمە مېۋىسىنى تالاشتى، يۇئېرجيې چايناۋاتقان قاقلىنىڭ تىلىپىنى ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈۋىدى، جيا رۇڭ تىلى بىلەن يالاپ يەۋالدى. چۆرە قىزلارغا بۇ ئىش غەلىتە تۇيۇلۇپ، ئۇلاردىن بىرسى:

— ئۇچىلىرىدا قارىلىق تۇرۇپتۇ، ئانىكىمىز يېڭىلا ئۇخلىدى. بۇ ئىككى خېنىم ياش بولسىمۇ، ھەر ھالدا سىلىنىڭ قېينىبويان ھەمشىرىلىرى. سىلى ئاغىچا خېنىمنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىكەنلا! كېيىن بۇ ئىشلىرىنى بېگىمگە دەيدىغان بولساق، چىدىماي قۇيرۇقلىرىنى تىكمۇۋېتەلمىكىن! — دېدى كۈلۈپ.

جيا رۇڭ يۇئېرجيېنى تاشلاپ، گەپ قىلغان چۆرە قىزنى قۇچاقلاپ سۆيگىلى تۇردى:

— جېنىم! راست ئېيتتىڭ، بىز ئىككىمىز بۇ ئىككىسىگە بىر كۆرسىتىپ قويايلى.

— ئۆلۈم كەلمىگەن! — دەپ تىللاپ ئۇنى ئىتتىرىدى ئۇ چۆرە قىز، — خوتۇنلىرى، دېدەكلىرى بار كىشى تورۇقلۇق بىز بىلەنلا ئېيتىشىلا! بىلگەنلەرغۇ ئويناشتى دەيدۇ، بىلمىگەنلەر نېمە دەيدۇ؟ نىيىتى يامان قىتىغۇرلار، يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلىشىپ تىلىنى چاينايدىغانلار كۆرۈپ قالسا، چوقان كۆتۈرۈپ نېرىقى قەسىرگە يەتكۈزۈپ، بىزنى بۇ يەردە ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ كەينىمىزدىن غاجايدۇ.

— ھەر كىمنىڭ ئۆيى باشقا، كىم بىلەن كىمنىڭ كارى؟ —

دېدى جيا رۇڭ ھىجىيىپ، ــــ ھەممىڭنىڭ يېتىپ ـ ئېشىپ تۇرۇپتۇ! بۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بار ئىش، خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرىدىمۇ مۇنداق ئىشلار كۆپ بولغان. كىشىلەر: «خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرىدىمۇ مۇنداق ئىشلار تولا ئىدى» دەۋاتقان يەردە، بىزدەك كىشىلەرگە نېمە گەپ كېلەتتى! قايسى ئائىلىدە ئىشقىۋازلىق يوق ئىكەن؟ بولدى، مېنىڭ ئاغزىمنى ئاچمايلا قوي. نېرىقى قەسىردىكى چوڭ بېگىمنىڭ شۇنداق چىڭ تۇتۇشىغا قارىماي، جيا ليەن تاغامنىڭمۇ ئۆز قېيىنسىڭلىسى بىلەن چاتىقى بار! فېڭجيې خان ئاچام ئۆزىگە شۇنچە مەھكەم بولسىمۇ، جيا رۇي تاغىمىز ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن. قېنى ئۇلارنىڭ قايسىبىر ئىشى مېنىڭ كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان؟

جيا رۇڭ تىلىنى تارتماي ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋەردى، يۇسەنجيې چىرايىنى تۇرۇپ، كاڭدىن چۈشۈپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، ئانىسى يۇ موماينى ئويغاتتى. جيا رۇڭ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئويغانغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال كىرىپ، ئېسەن ـ ئامانلىق سورىدى:

ــــ چوڭ ئانا، بىزدىن ئۈيەپ بۇ يەرگە ئىلتىپات قىلىپلا، ئېخى ئىككى خان قىزنىمۇ جوۋتىپ ئالغاچ كەپلا. بىز ئاتا ـ بالا ئىككىمىز سىلىدىن چەكسىز مىننەتدار بولدۇق! تەزىيە ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، پۈتۈن بىر ئۆيلۈك چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىز ئىشىكلىرىگە بېرىپ باش قويىمىز.

ــــ بالام، خېلى گەپدان بوپسەن! بىز ئۇرۇق ـ تۇغقان تۇرساق، ئەلۋەتتە كېلىپ قارىشىشىمىز كېرەك ـ دە، ــــ دېدى يۇ موماي بېشىنى لىڭشىتىپ، ــــ ئاتاڭ ئوبدان تۇرغاندۇ؟ قاچان خەۋەر تېپىپ ئۈلگۈرۈپ كەلدى؟

ــــ بايىراقتا يېتىپ كەلگەن، مېنى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كەل، دەپ ئەۋەتتى. چوڭ ئانا، تەزىيە ئىشلىرىمىزنى تۈگەتكۈچە تۇرۇشۇپ بېرەرلا، ــــ جيا رۇڭ ھىجىيىپ يالۋۇردى ۋە

يۇئېرجىيېگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ــ ھۇي، جاۋىلداق مايمۇن كۇچۇكى! بىزنى ئېلىپ قېلىپ، ئاتىڭىزغا ئانا قىلماقچىمىدىڭىز؟ ــ دېدى يۇ ئېرجىي ئاستا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ قويۇپ.

ــ ئانا، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، ــ دېدى جيا رۇڭ يەنە مومايغا، ــ ئاتام ھەمىشە مۇشۇ ئىككى خېنىمنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئاتام بۇ ئىككى خان قىزنى ياتلىق قىلىش ئۈچۈن، تېگى ـ تەكتى ئوبدان ۋە قول ـ ئىلكىدە بار ئېسىلزادىلەردىن ياش ھەم شوخ ئىككى باجا ئىزدەشتۈرۈۋاتىدۇ. نەچچە يىلدىن بۇيان لايىق تاپالمىغانىدى، قايسى كۈنى يولدا بىر كىمنى لايىق كۆردى.

ــ كىمنىڭ بالىسى ئىكەن؟ ــ دەپ ئالمان ـ تالمان سورىدى يۇ موماي ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۇتۇپ.

يۇئېرجىيې قىلىۋاتقان يىڭنە ئىشىنى تاشلاپ، كۈلگىنىچە جيا رۇڭنى ئۇرماقچى بولۇپ قوغلىدى:

ــ ئانا، بۇ دۆيۈز شۇمتەكنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ!

ــ رۇڭئېر! توغرا گېپىڭىز بولسا دەڭ، لېكىن ئاغزىمغا كەلدى دەپ ھەر نېمىلەرنى دەۋەرمەڭ! ــ دېدى يۇسەنجىيې.

شۇ ئارىدا بىر كىم كىرىپ خەۋەر قىلدى:

ــ تەزىيە راسكارلىقى تۈگىدى، غوجام چىقىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، بېگىمگە بېرىپ مەلۇم قىلسىلا.

جيا رۇڭ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئەمدى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش تۆتىنچى باب

## غەمكىن ساھىبجامالنىڭ ھەسرەت ئىچىدە بەش گۈزەلنى كۈيلەپ شېئىر يازغانلىقى شاللاق يىگىتنىڭ ئىشق ئوتىدا توقۇز ئەجدىھا گۈللۈك كەمىرىنى ھەدىيە قىلغانلىقى

جيا رۇڭ ئائىلىدىكى تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ ئېپى - جېپى بىلەن ئورۇنلانغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا دەرھال قايتىپ بېرىپ جيا جېنغا مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەزىيەگە كېرەكلىك ئىش - كۈش ۋە ئادەملەر كېچىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، لازىملىق تۇغ - بۇيىداش سايمان قاتارلىق نەرسىلەر تەييارلاندى، ئاينىڭ تۆتىنچى كۈنى سەھەر ۋاقتىدا مېيىتنى شەھەرگە يۆتكەيدىغان بولدى. يەنە ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرگىمۇ ئۇقتۇرۇلدى. شۇ كۈنى تەزىيە مۇراسىمى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بولدى، مېھمانلار مىغىلداپ كەتتى. تۆمۈر ئاستانىلىق مازاردىن نىڭگو قەسىرىگىچە يولنىڭ قاسناقلىرىدا تۇرغان كىشىلەر بىرقانچە تۈمەندىن كەم ئەمەس ئىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى ئاھ ئۇرۇشاتتى، بەزىلىرى ھەۋىسى كېلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئانچە - مۇنچە ئوقۇغان «چالا موللىلار» ماتەم مۇراسىمىنى مۇنداق بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپخورلۇق بىلەن ئەمەس، ئاددىي - ساددا قىلىپ قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزگىنى ياخشى ئىدى، دېيىشەتتى. يول بويى ئاشۇنداق ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بولۇپ تۇردى. ئاخىر -

www.uyghurkitap.com

پېشىن بىلەن دىگەر ۋاقتى ئارىلىقىدا يېتىپ كېلىپ مېيىتنى چوڭ مېھمانخانىغا قويۇشتى. پەتە ئوقۇپ تەزىيە بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەر بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كېتىشتى. ئۆز جەمەتىدىكىلەردىن پەقەت مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ـ ئۇزىتىش ئىشلىرىغا قارايدىغانلارلا قالدى. يېقىن تۇغقانلاردىن شىنىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىنىسى غوجا شىنىڭ تاغىلا ھەمراھ بولۇپ قېلىپ قالدى.

جيا جېن بىلەن جيا رۇڭ ھازىر ئەدەپ ـ رەسمىيەت يۈزىسىدىن، مېيىت يېنىدا باشلىرىغا پاخالنى تەكيە قىلىپ، قاتتىق ھەسرەت چېكىپ ھازىدار بولدى، كىشىلەر تارقالغاندىن كېيىن، ئېيىنى تاپسىلا ئىچكىرىگە كىرىپ قېيىنبويان ھەمشىرىلەر ئارىسىدا تېتىقسىزلىق قىلىپمۇ تۇردى، باۋيۈيمۇ قارىلىق كىيىم بىلەن ھەر كۈنى نىڭگو قەسرىدە بولۇپ، ئاخشىمى كىشىلەر تارقالغاندىن كېيىن باغقا يېنىپ كېلەتتى. فېڭجيې تېخىچە ساقىيىپ كېتەلمىگىنى ئۈچۈن، نىڭگو قەسرىدە دائىم بىللە بولالمىدى، تىلاۋەت ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار نەزىر ـ سەدىقە قىلغىلى كەلگەن كۈنلىرىدىلا، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كېلىپ، يۇشى خېنىمغا قارىشىپ بېرىپ تۇردى.

بىر كۈنى ناشتىدىن كېيىن، كۈن ئۇزاق بولغانلىقى ئۈچۈن، جيا جېنلار ئۇدا نەچچە كۈنگىچە ھازىدار بولۇپ ھېرىپ كېتىپ، مېيىتنىڭ يېنىدىلا كات قويۇپ ئارام ئېلىشتى. بۈگۈن پەتىگە كەلگۈچىلەر بولمىغانلىقتىن، باۋيۈي باغقا قايتىپ دەييۈيىنى يوقلىماقچى بولدى. ئۇ ئاۋۋال ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى. ئىشىكتىن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ھويلا ئادەمسىز تىپتىنچ ئىدى، بىرقانچە خىزمەتكار مومايلار بىلەن چۆرە قىزلار ئەگىم ئايۋاندا سەگىدىشىپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى،

بەزىلىرى مۇگدىشىپ ئولتۇراتتى. باۋيۇي ئۇلارغا دەخلى قىلماي ئاستا مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. باۋيۇينى سىئىر كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا دەرھال مىلەڭزە قايرىپ بەردى. بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا، فاڭگۇەن كۇلگىنىچە ئىچكىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، باۋيۇينىڭ كۆكسىگە ئۇسۇۋالغىلى تاسلا قالدى، باۋيۇينى كۆرۈپ كۇلۇمسىرەپ توختىدى:

— يېنىپ كەپلىغۇ؟ چىڭۋېننى توسۇۋالسىلا، مېنى ئۇرىمەن دەۋاتىدۇ ...

ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا، ئۆيدە نېمىدۇر بىر نەرسە يەرگە چېچىلىپ شاراقلاپ كەتتى. ئاندىن چىڭۋېن تىللىغىنىچە قوغلاپ چىقىپ كەلدى:

هە، قېنى نەگە قاچىسەنكىن سەن جۇۋاينىمەك؟ ئۇتتۇرۇپ قويۇپمۇ ئۇردۇرمامتىڭ؟ باۋيۇي يوق، قېنى كۆرەي، سېنى كىم قۇتقۇزۇۋالاركىن !

باۋيۇي كۇلۇمسىرەپ ئۇنى توسۇۋالدى:

— سىڭلىڭ كىچىك، سېنى نېمىشقا رەنجىتىپ قويغاندۇ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى كەچۈرگىن.

چىڭۋېن شۇ تاپتىلا باۋيۇينى كېلىپ قالىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى، شۇنداق قاراپلا كۇلۇۋېتىپ:

— فاڭگۇەن راستىلا ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان غەننىاج ئوخشىمامدۇ؟ مالائىكلەرنى چىللاپ ھەرقانچە دۇرۇت ئوقۇغىنى بىلەنمۇ مۇنچە تېز چاقىرىپ كېلەلمەس ئىدى ! مەيلى، سەن راستىلا مالائىكنى چىللاپ كەلتۈرگىنىڭ بىلەنمۇ قورقۇپ قالمايمەن، — دېدى - دە، فاڭگۇەننى تۇتماقچى بولۇپ قول ئۇزارتىۋىدى، فاڭگۇەن باۋيۇينىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىۋالدى. باۋيۇي بىر قولىدا چىڭۋېننى تارتىپ، بىر قولىدا فاڭگۇەننى يېتىلەپ ئۆيگە كىردى. كۆنۈپېتىش ياندىكى كاڭدا شېيۈ، چيۇۋېن، بىخېن، چۇنيەنلەر ئوقتاش

www.uyghurkitap.com

ئويناۋېتىپتىكەن. فاڭگوەن چىڭۋېنگە ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنى ئۇردۇرماي قېچىپ چىققان، چىڭۋېن ئۇنى قوغلاپ ماڭغاندا قويىندىكى ئوقتاشلار چېچىلىپ كەتكەنىكەن.

— مۇشۇنداق ئۇزۇن كۈنلەردە، مەن ئۆيدە بولماي قېلىپ، سىلەرنى ئىچى پۇشۇپ، غىزادىن كېيىنلا ئۇخلاپ قالسا كېسەل تېپىۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، ئويۇن تېپىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ، — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي. ئاندىن شىرېن كۆرۈنمىگەنلىكتىن ئۇنى سورىدى، — شىرېن ئاچاڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— شىرېنمۇ؟ ئۇ بارغانسېرى تەقۋالىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تامغا يۆلىنىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ، — دېدى چىڭۋېن، — خېلى ۋاق بولۇپ قالدى، كىرىپمۇ باقمىدۇق، نېمە قىلىۋاتىدىكىنتاڭ، ئۇن - تىنىمۇ ئاڭلانمايدىغۇ، كىرىپ باقسىلا، بەلكىم بۇ چاغقىچە ئېتىكاپتىن پارىخ بولىسىمۇ بولغاندۇ!

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. شىرېن دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا گۈل رەڭ چىلتەكتە تويچا توكۇپ ئولتۇراتتى، باۋيۈينى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلدى:

— چىڭۋېن دېگەن ۋەت - ۋەت مېنى نېمە دەپ زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ؟ مۇشۇ تويچىنى تۈگىتىۋېتەي دەپ ئالدىراپ، ئۇلار بىلەن ئويناشقا چولام تەگمەي: «سىلەر ئويناۋېرىڭلار، غوجام ئۆيدە يوق چېغىدا بىردەم جىم ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋالاي» دەپ ئالداپ قويغانىدىم. ئۇ مېنى «تامغا يۆلىنىپ» دەمدۇ، «ئېتىكاپتا ئولتۇردى» دەمدۇ، بىر نېمىلەرنى دەپ زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ. خەپ توختاپ تۇر، ئاغزىڭنى يىرتىۋەتمەيدىغان بولسام!

باۋيۈي كۈلۈپ كېتىپ، شىرېننىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ توكۇۋاتقان تويچىسىغا قاراپ سورىدى:

— كۈن شۇنداق ئۇزۇن بولغاندىن كېيىن، سەنمۇ ئارام

ئالساڭ ياكى ئۇلار بىلەن ئويۇن ـ كۈلكە قىلىشساڭ، ياكى بولمىسا دەيىۋې سىڭلىمنى يوقلاپ كەلسەڭ بولغانىكەن. مۇنداق پېژغىرىم ئىسسىقتا بۇنى تۇگۇپ نېمىگە ئىشلەتمەكچىدىڭ؟

— يېنىڭىزغا ئېسىۋالغان يەلپۈگۈچ قېپىنى قايسى يىلى جىيا رۇڭ غوجامنىڭ ئاغىچىسىنىڭ مۇسىبىتى بىلەن تىككەنىدىم، — دېدى شىرېن، — ئۇنداق نەرسىنى ئۆز جەمەت ئىچىدە ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەر ئارىسىدا ياز كۈنلىرى مۇسىبەت ئىشلىرى بولۇپ قالغاندا ئېسىۋالىدۇ. بەك مۇھىممۇ بىرەر يىل ئىچىدە شۇنداق ئىشلار بولۇپ قالغاندا بىر ـ ئىككى قېتىملا ئېسىۋالسا بولىدىغان نەرسە. ئادەتتە ئۇنى تىكىپمۇ ئولتۇرمايمىز، ھازىر نېرىقى قەسىردە مۇسىبەت ئىشى بولۇپ قالدى، بۇنى ئىلگىرىكى چاغلاردا ھەر كۈنى ئېسىپ يۈرىدىغان نەرسە بولغاچقا، باشقا بىرىنى تۇگۇپ بېرەي دەپ ئالدىراۋاتىمەن. تۇگۇپ بولغاندىن كېيىن، يېنىڭىزدىكى كونىسىنى يەڭگۈشلىۋېتىڭ، سىزغۇ، بۇنداق نەرسىلەرگە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمەيسىز. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم قايتىپ كەلگەندە كۆرۈپ قالسا، بىزنى ھورۇنلۇق قىلىپ، بۇنىڭ كىيىدىغان ـ ئاسىدىغان نەرسىلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەپسىلەر، دەپ كايىيدۇ.

— ئۆزۈڭنى ئۇپرىتىپ بۇنى ئويلاپ يېتىپسەن. شۇنداقتىمۇ، ئۆلگۈرتمەن دەپ، ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كەتمە. ساڭا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتسە چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، — دەپ باۋيۈي كۈلۈمسىرىدى.

ئاڭغىچە فاڭگۇەن مۇزدەك سۇغا سېلىپ سوۋۇتۇلغان چايدىن بىر پىيالە ئەكەلدى. باۋيۈي ئاجىز بولغاچقا، تومۇز ئايلىرىدا سوغۇق نەرسىنى ئىچەلمەيتتى. لېكىن، داسقا يېڭى تارتىلغان قۇدۇق سۈيىنى قۇيۇپ، شۇنىڭغا چاي دەملەنگەن چەينەكنى چىلاپ، سۈيىنى پات ـ پات يەڭگۈشلەپ چاينى سوۋۇتۇپ بېرەتتى. باۋيۈي فاڭگۇەننىڭ قولىدىن يېرىم پىيالە چاي ئىچتى،

www.uyghurkitap.com

ئاندىن شىرىنگە:

— مەن قايتىپ كېلىۋېتىپ بېيىمنىڭغا: جىيا جېن چوڭ ئاكام تەرەپتە مۇھىم مېھمانلار كېلىپ قالغاندا ماڭا دەرھال خەۋەر قىل، زۆرۈر ئىش بولمىسا مەن ئۇيانغا ئۆتمەيمەن، دەپ تاپىلاپ قويدۇم، — دەپلا ئۆيدىن تالاغا چىقتى ۋە كەينىگە قايرىلىپ بىخېنلارغا، — ئىش چىقىپ قالسا مېنى دەييۈي قىزنىڭكىگە ئىزدەپ بارغىن، — دەپ تاپىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بامبۇكزار سارايغا دەييۈي قىزنى كۆرگىلى ماڭدى. ئەترەپشان كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشىگىلا، شۆيەن ئىككى خىزمەتكار موماينى كەينىگە سېلىپ كېلىپ قالدى. مومايلار پىچىم گۈل، نېلۇپەر يىلتىزى، مېۋە - چېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. باۋيۈي شۆيەندىن سورىدى:

— سىلەرنىڭ خان قىز مۇنداق سوغۇق نەرسىلەرنى يېمەيتتى، بۇ مېۋە - چېۋىلەرنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟ خان قىز ياكى كېلىن ئاغىچىلاردىن بىرەرسىنى چىللامدىكەن يا؟

— مەن سىلىگە دەپ بەرسەم، خان قىزغا دەپ قويمىسىلا جۇمۇ ! — دېدى شۆيەن كۈلۈپ.

باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. شۆيەن:

— مېۋىلەرنى ئاپىرىپ، زىجۈەن ئاچامغا بېرىڭلار. مېنى سوراپ قالسا، بىرەر ئىشى بار ئوخشايدۇ، هازىر كېلىدۇ دەپ قويۇڭلار، — دەپ مومايلارنى يولغا سالدى، ئاندىن باۋيۈيگە ئېيتىپ بەردى، — بىزنىڭ خان قىز بىر - ئىككى كۈندىن بۇيان خېلى ئوبدانلا تۈزۈلۈپ قالدى. بۈگۈن غىزادىن كېيىن ئۈچىنچى خان قىز كېلىپ، ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنى يوقلاپ كېلەيلى، دېگەنىدى، خان قىز بارماي قويدى. خىيالىغا نېمە كەچتىكىن، ئۆزى يالغۇز بىر پەس كۆز يېشى قىلدى، قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، شېئىر مىكىن، نەزمىكىن، ئىشقىلىپ، بىرنېمىلەرنى يازدى. مېنى مېۋە - چېۋە ئالدۇرۇشقا جورۇغانىدى، چىقىپ

كېتىۋاتقىنىمدا، خان قىزنىڭ: زىجۇەننى ئىچكىرىكى ئۆيدىن جىغانە شىرەسىدىكى تىزىقلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، شىرەنى تاشقىرىقى ئۆيگە ئاچىقىپ شۇ يەرگە قوي، ئاندىن ئەجدىھا گۈللۈك كۈجىداننى شىرەگە قويۇپ قوي، مېۋىلەر كەلگەندە ئىشلىتىمىز، دەپ جورىغانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بىر كىمنى چىللامدىكىن دېسە، ئۇنداق ئالدىراش - تېنەش كۈجىداننى قويدۇرمايتتى؛ كۈجە ياقامدىكىن دېسە، بىزنىڭ خان قىز يېڭى گۈل، مېۋە - چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنىلا قويدۇرۇپ، كىيىم - كېچەكنى ئىسلىتىۋېتىدىغان ئۇنداق نەرسىنى ياقتۇرمايتتى. كۈجە كۆيدۇرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزى دائىم ياتىدىغان جايدىلا كۆيدۇرەتتى ياكى خىزمەتكار موماي‌لار ئۆينى ئىسلاپ سېستىۋەتتى دەپ، كۈجە تۇتۇۋېتەيلى دېگىنىمىكىن؟ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى مەنمۇ ئۇقالمايلا قالدىم. غوجام، ئۆزلىرى كىرىپ مۇنداقلا بىر قاراپ باقسىلا.

باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئىختىيارسىز ئويغا كەتتى: «شۆيەننىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇنداق قىلىشنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك. ھەمشىرىلەردىن بىرەرسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرماقچى بولغان بولسا، ئالدى بىلەن مۇنداق قاچا - قۇچىلارنى تىزدۇرۇپ قويمايتتى. قېيىنئاغامنىڭ ياكى ھاممامنىڭ ۋاپات بولغان كۈنىمۇ يا؟ ياق، ئېسىمدە قېلىشىچە، ھەر يىلى شۇ كۈنلىرى كەلگەندە، چوڭ ئانام نەزىر قىلىشقا كېرەكلىك يېمەكلىكلەرنى ئايرىم تەييارلاتقۇزۇپ، دەييۈي سىڭلىمنىڭ ئۆز ئالدىغا نەزىر قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتكۈزۈپ بېرەتتى، بىراق ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەن. ئېھتىمال يەتتىنچى ئاي ۋاقتى مېۋە - چېۋە پەسلى بولغاچقا، ھەممە ئائىلىلەر قەبرە بېشىغا چىقاتتى. شۇڭا، دەييۈي سىڭلىممۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ھۇجرىسىدا ئۆزى يالغۇز نەزىر ئۆتكۈزۈۋېتەي دېگەن ئوخشايدۇ. «يوسۇننامە»دە قەيت قىلىنغان «تۆت پەسىلدىكى يېڭى

uyghurkitap.com

يېمەكلىكلەر بىلەن نەزىر ـ سەدىقە ئۆتكۈزگەي» دېگەن مەنىدە شۇنداق قىلىسىمۇ قىلغاندۇ ... لېكىن شۇ تۇرقىدا كىرسەم، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتماي بولمايدۇ، ئۇنداق قىلسام، تېخىمۇ پەرىشان بولۇپ، يۈرىكىگە دەرد تۈگۈلۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، كىرمەي دېسەم، ئۇ تېخىمۇ مەيۈسلىنىپ، تەسەللى ئېيتىدىغان ئادەم بولماي قالىدۇ. كىرسەممۇ، كىرمىسەممۇ ھەر ئىككىسى دەردكە سەۋەبچى بولۇپ قالغۇدەك. ئۇنىڭدىن كۆرە، بېرىپ فېڭجېي ئاچامنى يوقلاپ بىر دەم ئولتۇرۇپ كېلەي. ئۇ چاغدىمۇ دەييۈي سىڭلىم يەنىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرغان بولسا، ئاندىن بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتارمەن. شۇنداق قىلسام، ھەددىدىن ئارتۇق ھەسرەت چېكىشىگىمۇ سەۋەبكار بولۇپ قالمىغۇدەكمەن، قايغۇسى سەل بېسىلسا، دەرد ـ ئەلەم تۈپەيلىدىن كېسەلمۇ بولۇپ قالمايدۇ.» خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، باۋيۈي شۆيەننى ئۇزىتىۋېتىپ، باغدىن چىقتى ـ دە، فېڭجېينىڭ ھويلىسىغا كەلدى. ئۇ يەردە بىرقانچە خىزمەتكار مومايلار ئۆز ئىشلىرىدىن ئۇچۇر بېرىپ قايتىپ چىقىشىۋاتقان، فېڭجېي ئىشىككە يۆلىنىپ، پىڭئېر بىلەن گەپلىشىۋاتقانىكەن.

— يېنىپ چىقتىڭمۇ؟ — دېدى باۋيۈينى كۆرۈشى بىلەنلا فېڭجېي، — مەن تېخى يېڭىلا لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا بىر كىمدىن، باۋيۈينىڭ مۇلازىمىغا ئېيتقۇزۇپ قويۇڭ، باشقا ئىشى بولمىسا، قايتىپ كېلىپ ئارام ئالسۇن، دەپ تاپىلىغانىدىم. بولمىسا ئۇ يەردە ئادەم تولا، ئۇنداق بەتبۇيچىلىقىقا سەن چىداپ تۇرالامتىڭ؟ بىلگەندەك مانا ئۆزۈڭمۇ يېنىپ كەپسەن.

— ئاچا، ياد ئەتكىنىڭىزگە رەھمەت، — دېدى باۋيۈي كۈلۈمسىرەپ — قارىسام، بۈگۈن باشقا ئىشمۇ يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ بىر ـ ئىككى كۈندىن بۇيان نېرىقى قەسىرگە ئۆتمىدىڭىز، سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىمىكىن، قانداق

بولىدىكەن دەپ، سىزنى يوقلاپ كەلدىم.

— يەنىلا شۇ پېتىچە تۇرۇپتىمەن، ئۈچ كۈن ساق بولسام، ئىككى كۈن ئاغرىق، — دېدى فېڭجيې، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىم ئۆيدە بولمىغاندىن كېيىن، مۇنۇ خىزمەتكار ئانىكىلارنى قويغىنا! ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىدۇ دەيسەن؟ بۇلارنىڭ ئۇرۇشمايدىغان، تاكاللاشمايدىغان كۈنى يوق، قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش ۋەقەلىرى ئىككى - ئۈچ قېتىم بولدى. ئۈچىنچى خان قىزغۇ ئىشلارغا قارىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان قىز بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇشقا بولىدىغان ئىشلارمۇ بار، دېگىلى بولمايدىغان ئىشلارمۇ بار. شۇڭا، ئۆزۈم زورۇقۇپ بولسىمۇ تىرمىشىپ يۈرىمەن، بىرەردەممۇ كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ! كېسىلىمنىڭ ساقىيىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇستىلەپ كېسەل چاپلاشمىسىلا بولاتتىغۇ!

— ئاچا، شۇنداقمۇ دەيسىز، لېكىن سالامەتلىكىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ، تولا غەم يەپ كەتمەڭ، — دېدى. باۋيۈي ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىردەم قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئاندىن فېڭجيې بىلەن خوشلىشىپ باغقا يېنىپ كىردى. بامبۇكزار سارايىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قاراپ باقتى، كۆجىداندا ئازراق ئىس تۈتەپ تۇراتتى، نەزىر قىلىنغان شارابلاردىن ئېشىپ قالغانلىرى بار ئىدى، زىجۈەن ئۆيگە شىرەنى يۆتكىتىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇتقۇزۇۋاتاتتى. باۋيۈي نەزىر - چىراغ تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ ئۆيگە كىردى. دەييۈي تامغا قاراپ قىڭغىيىپ، ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ ھالىدىن كەتكەندەك ياتاتتى.

— باۋيۈي غوجام كەلدى، — دېدى ئالدىراپ زىجۈەن.

دەييۈي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى.

— سىڭلىم، بىر - ئىككى كۈندىن بۇيان خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان ئوخشايسىز! رەڭگىرويىڭىزدىن خاتىرجەم

كۆرۈنىسىز. لېكىن، نېمىشقىدۇر كۆڭلىڭىز يەنە يېرىم ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى! — دېدى دەييۈي، — ئۇبدان تۇرۇپتۇمەنغۇ، قاچان كۆڭلۈمنى يېرىم قىپتىمەن؟

— سىڭلىم، يۈزىڭىزدە ياش يۇقى تۇرسا، مېنى قانداق ئالدىيالايسىز؟ خىيالىمچە، سىز تولا كېسەل بولىسىز، شۇڭا ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىڭىزگە تەسەللى بېرىپ تۇرسىڭىز بولىدۇ. بىھۇدە ھەسرەت چەككەننىڭ پايدىسى يوق. ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلىۋالسىڭىز. مېنى ... — گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە باۋيۈي ئاخىرىنى دېيەلمەي دەرھال گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ دەييۈي بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن چىقىشاتتى، ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولۇشنى خالايتتى. بۇنى ئۇلار كۆڭلىدىلا بىلىپ، بىر - بىرىگە يۈزتۇرا دېيىشمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەييۈي گۇمانخور بولغاچقا، گەپ - سۆز قىلىشقانلىرىدا باۋيۈي كۆپىنچە قاراملىق قىلىپ قويۇپ ئۇنى رەنجىتىپ قوياتتى. بۈگۈن دەييۈيگە تەسەللى بەرگىلى كەلگەندە، يەنە قاراملىق قىلىپ دېمەيدىغان گەپنى دەپ تاشلاپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ھودۇقۇپ قالدى. دەييۈينى ئاغرىتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆز كۆڭلىدە ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى - دە، كۆزىگە ياش ئالدى.

دەييۈي بالدۇر باۋيۈينى گەپنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىقىنى سورۇشتۇرمەي سۆزلەۋېرىدۇ دەپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىناتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەۋزايىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى، ئەزەلدىن يىغلاڭغۇ بولغاچقا، شۇ تاپتا گەپ قىلالماي تەڭلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

زىجۈەن چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇ ئىككىسى يەنە نېمىشقا گەپ تالىشىپ قالغاندۇ دېگەن پەرەز بىلەن:

— خان قىز ئەمدىلا ياخشى بولۇپ قالغانىدى، غوجام كېلىپلا

يەنە جىلە قىلىپ قويۇپتۇ، زادى نېمە بولدى؟ — دېدى.

— سىڭلىمنى جىلە قىلىدىغانغا كىمنىڭ ھەددى ئىكەن؟ — دېدى باۋيۇي يېشىنى سۈرتىۋېتىپ ۋە گەپ ئېچىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان ماڭدى. بىر چاغدا سىياھدانىنىڭ تېگىدە ئارانچە كۆرۈنۈپ تۇرغان قەغەزنىڭ بۇرجىكىگە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئىختىيارسىز قولىنى سوزۇپ قەغەزنى ئالدى. دەيىيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ تارتىۋالماقچى بولغاندى، باۋيۇي قەغەزنى دەرھال قوينىغا تىقىۋالدى.

— ئوبدان سىڭلىم، مەن بىر كۆرۈپ باقايلا ! — دەپ يالۋۇردى ئۇ.

— بۇ يەرگە كەلسىڭىز، كۆرۈنگەنلا نېمىگە ئولىڭ ـ تەتۈر قول ئۇزارتىۋېرىدىكەنسىز ! — دېدى دەيىيۈي.

شۇ ئارىدا باۋچەي كىرىپ قالدى.

— باۋيۇي ئۇكام، نېمىنى كۆرەي دەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

باۋيۇي ئۇ قەغەزگە قانداق سۆز ـ ئىبارىلەر يېزىلغانلىقىنى تېخى كۆرمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەيىيۈينىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، قارىسىغا جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماي، دەيىيۈيگە قارىغىنىچە كۈلۈپ تۇرىۋەردى، دەيىيۈي باۋچەينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ:

— قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، ئۇلاردا بايان قىلىنغان ئىستېداتلىق ئايالالارنى ئۇچراتقانىدىم، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان، ھەۋسىنى قوزغايدىغان، ھەم كىشىلەرنى ھەسرەتلەندۈرىدىغان ۋە ئاھ ئۇردۇرىدىغانلىرىمۇ تولا ئىكەن. بۈگۈن غىزادىن كېيىن قولۇم بوشاپ قاپتىكەن، شۇلاردىن بىرقانچىسىنى تالالاپ، ئۆز تەسىراتىمنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، بىلىشىمچە شۇلار ھەققىدە بىرنەچچە شېئىر يازاي دەپ تۇراتتىم.

www.uyghurkitap.com

تەنچۇن قىز فېڭجيېنى يوقلاپ كېلەيلى دەپ كەپتۇ، قارىسام، پۇت ـ قولۇمنىڭ ھېچ ماغدۇرى يوق، شۇڭا بىللە بارماي، ئولتۇرۇپ شېئىر يازدىم. بەش شېئىرنى يازا ـ يازمايلا ھېرىپ قېلىپ ئاۋۇ يەرگە تاشلاپ قويغانىدىم، باۋيۈي غوجام كېلىپ كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كۆرسىمۇغۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەدېسىلا كۆچۈرۈۋېلىپ، خەققە كۆرسىتىدىغانلىقىدىن بىزار بولدۇم.

— قاچانلاردا خەققە كۆرسىتىپتىمەن؟ — دېدى باۋيۈي، — «ئاق يەسمەن ھەققىدە» دېگەن شېئىرلارنى ياقتۇرغانلىقىم ئۈچۈن، دائىم قولۇمدا بولسا كۆرۈشكە ئەپلىك بولارمىكىن دەپ، قايسى كۈنكى ھېلىقى يەلپۈگۈچكە ئۇششاق خەت بىلەن رەسمىيانە يېزىۋالغانىدىم. ھەرەمخانا قىزلىرىنىڭ شېئىر ـ پۈتۈكلىرىنى خالىغانچە تالا ـ تۈزدە قىرائەت قىلىپ يۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمتىم؟ سىز مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغاندىن تارتىپ باغدىن تاشقىرىسىغا زادىلا ئاچىقمىدىم.

— دەيىۈي سىڭلىمنىڭ بۇنداق ئەندىشە قىلىشى ئورۇنلۇق، — دېدى باۋچەي، — يەلپۈگۈچكە يېزىۋالدىم دېگىنىڭىز بىلەن يادىڭىزدىن چىقىپ قىرائەتخانىغا ئېلىپ بارسىڭىز، ئۇ يەردىكى پۈتۈكچى موللاملار كۆرۈپ قالسا، كىم يازغان دەپ سورىماي قالارمۇ؟ ئاندىن ئۇلار سىرتقا تارقىتىۋەتسە چىرايلىق ئىش بولمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ «ئاياللىڭ پەزىلىتى نادانلىقتا» دېگەن گەپ بار. ئەپچەتلىك بولۇش بىرىنچى ئورۇندىكى ئىش. ئاياللارنىڭ قول ھۈنىرى بولسا ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىش. ئاندىن قالسا، شېئىر، نەزم ھەرەمخانىدىكىلەر ئۈچۈن ئەرمەك ھېسابلىنىدۇ، بۇ بىلسىمۇ بولىدىغان، بىلمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان نەرسە. بىزدەك خەقنىڭ قىزلىرىغا ئۇنداق ئىستېداتلىق دېگەن نام ـ شۆھرەتنىڭ زادىلا كېرىكى يوق، — ئاندىن ئۇ كۈلۈمسىرەپ دەيىۈيگە قارىدى، — ماڭا كۆرسەتسىڭىز ھېچنېمە بولمايدۇ، باۋيۈي ئۇكام ئاچىقىپ كەتمىسىلا بولىدى.

— ئۇنداق دېسىڭىز سىزمۇ كۆرمەيلا قويۇڭ، — دېدى كۈلۈپ

دەيىيۈي، ئاندىن باۋيۈينى كۆرسىتىپ، — ئۇ ئاللىقاچان تارتىۋالغان، — دېدى.

باۋيۈي ئاخىر شېئىرلارنى قويىندىن چىقىرىپ باۋچەينىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار بىرلىكتە ئوقۇپ چىقتى. ئۇ شېئىرلار مۇنداق ئىدى:

## شى شى①

داڭقى چىققان نى گۈزەللەر بولدى غەرق سۇ قويىندا،
چەكتى پىراق ۋۇ قەسرىدە ئۆز يۇرتىنىڭ غەم ـ كويىدا.
كۈلمىگەي ئەل قوشنا قىزدىن قوشۇما دوراپتۇ دەپ،
يۇيدى كىر ئاقارغۇچە ئۇ چاچلىرى سۇ بويىدا.

## يۈي جى②

كۆك بوز ئات كىشنەپتۇ تۈندە سوقسا يەل دەھشەت بىلەن،
يۈي قاراپتۇ قوش قاراققا تۆكمەس نەپرەت بىلەن؛
قىيما ـ چىيما بولسىمۇ چىڭ ـ پېڭ يېتەلمەس يۈي جىگە،
يۈي ئۆزىگە ئۇردى شەمشەر چۇ قوشىدا دەرد بىلەن.

---

① شى شى — ئەمنىيە دەۋرىدە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 481 — 722 يىللار)، يۈي پادىشاھلىقىدىكى گۈزەل ئايال. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، يۈي پادىشاھى گۈجيەن ۋۇ پادىشاھىنى چىرايلىق ئايالغا مەپتۇن بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئايالنى ۋۇ پادىشاھىغا تەقدىم قىلىدۇ. ئاخىرىدا ۋۇ پادىشاھى شۇ ھىيلە بىلەن تۇزاققا چۈشۈپ، يۈي پادىشاھى تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ. ۋۇ پادىشاھى يوقىلىش ئالدىدا، شى شىنى بالايىئاپەت دەپ دەرياغا تاشلايدۇ.

② يۈي جى — شياڭ يۈينىڭ ئامراق كىچىك خوتۇنى. ليۇباڭ قوشۇنى شياڭ يۈينى گەيشيادا قورشىۋالغاندا، يۈي جى شياڭ يۈي بىلەن ۋىدالىشىپ، چۇ (شياڭ يۈي) بارگاھىدا ئۆزىگە شەمشەر ئۇرىدۇ؛ قوش قاراق — شياڭ يۈينىڭ لەقىمى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى قوش ئىمىش؛ چىڭ (چىڭبۇ)، پېڭ (پېڭ يۈي) — ئەسلىدە شياڭ يۈينىڭ سەركەردىلىرى، كېيىن ليۇباڭغا تەسلىم بولۇپ، ۋاڭلىق مەنسەپلىرىگە ئىگە بولغان، لېكىن ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلانغان.

www.uyghurkitap.com

## مىڭ فېي①

كەتتى خەن خان ئوردىسىدىن، ۋاھ، ئەجەب ئايدەك جامال،
تا ئەزەلدىن شور پېشانە بولدى قىز تاپماي كامال؛
خان ئەگەر سالماي نەزەر قويغاندىمۇ گۈل ھۆسنىگە،
نە ئۈچۈن رەسسامغا بەردى تەقدىرىنى بىمالال؟

## لۈيجۇ②

پاخشە كاشىن، ئۈنچە دۈردۈن بارچە ۋاز كەچكەندە، بەس،
شى بېگىم قانداقمۇ قىلغاي نازەنىنغا كۆپ ھەۋەس.
بەخت - تەلەي ئەلمىساقتا پۈتۈلۈپ پېشانىگە،
تاپتى تەسكىن كۆڭلى گۈلنىڭ بىللە ئۈزگەچكە نەپەس.

## خۇڭفۇ③

ئۆزگىچە سىياقى، گەپدان، ئاسقىنى چوڭ زۇلپىقار،

---

① مىڭ فېي ــــ ۋاڭ جاۋجۈن، خەن سۇلالىسىدىن يۈەندى خاننىڭ ئوردا كېنىزىكى. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، رەسسام ماۋيەنشۇ ئۇنىڭدىن پارا ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رەسىمىنى سەت قىلىپ سىزىدۇ. يۈەندى خان ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ياراتماي، ئۇنى ھۇن پادىشاھىغا بېرىۋېتىدۇ. مىڭ فېي ماڭار چېغىدا، يۈەندى خان ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، ماۋيەنشۇنى، ئۇنى قەستەن سەت سىزىپسەن، دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

② لۈيجۇ ــــ جىن دەۋرىدىكى باي تۆرە شى چۇڭنىڭ توقىلى. سەككىز ۋاڭ توپىلىڭى ۋاقتىدا، شى چۇڭ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. سۇن شيۇ لۈيجۇنى تارتىۋالماقچى بولغىنىدا، لۈيجۇ ئۆزىنى راۋاقتىن تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ نەزمىنىڭ مەنىسى: ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ھەممە ئادەم ئۆيۋاقى، ئۈنچە - دۈرلىرىدىن ۋاز كەچكەن ۋە شى چۇڭ ئۆز جېنىدىن ئايرىلغان تۇرسا، شى چۇڭ ھەۋەس قىلىپ لۈيجۇنى ساقلاپ قالالامتى.

③ خۇڭفۇ ــــ تاڭ دەۋرىدىكىلەرنىڭ ئاساتىر - ھېكايىلىرىدىكى قىز، سۈي دەۋرىدىكى يۈي بېگى ياڭ سۇنىڭ يېنىدا قىزىل چىۋىن قورۇغۇچ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر قىز (خۇڭفۇ ــــ قىزىل چىۋىن قورۇغۇچ). ئۇ قىز شۇ يەرگە مۇساپىر بولۇپ كەلگەن سەركەردە لى چىڭنى باتۇر چاغلاپ، كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن تەيىۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ. ئىنتايىن چىرىكلەشكەن ياڭ سۇ بەگنىڭ بارگاھى ئۇ قىزنى ئۆز ئاسارىتىدە تۇتۇپ قالالمايدۇ.

بولسىمۇ موھتاج ـ مۇساپىر، بىلدى باتۇر دەپ نىگار؛
سەكراتتا قالسا ياك گۇك بارىگاھى مۇردىدەك،
شۇنچە مەردانە ئايالنى ئىلكىدە قانداق تۇتار؟

باۋيۇي بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى ۋە:
— دەييۇي سىڭلىم بۇ شېئىرلاردىن دەل بەشنىلا يېزىپتۇ، بۇنى «بەش گۈزەل ھەققىدە كۈي» دەپ ئاتىساق بولمامدۇ؟ — دەپلا، باشقىلارنىڭ سۆزلىشىگىمۇ يول قويماي، قەلەم ئېلىپ كەينىگە شۇنداق دەپ يېزىپ قويدى.
— مەيلى شېئىر قانداق تېمىدا يېزىلسۇن، ئۇنىڭدىكى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەك، — دېدى باۋچەي، — كىشىلەرنىڭ باسقاق ئىزىدىن كېتىۋەرسە، سۆز ـ ئىبارىلەرنى ھەرقانچە تاللاپ ئىشلەتكىنى بىلەنمۇ، مەنە جەھەتتىن ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنداق شېئىرنى بەربىر ياخشى شېئىر دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرىكى ئادەملەرنىڭ ۋاڭ جاۋجۈن ھەققىدە كۈيلەپ يازغان شېئىرلىرى ناھايىتى تولا، ئۇلاردىن ۋاڭ جاۋجۈنگە ئېچىنغانلىرىمۇ بار، ماۋيەنشۇغا نەپرەتلەنگەنلىرىمۇ بار، رەسسامنى دانا ئەربابلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقا سالماي، ئۇنىڭغا گۈزەللەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزدۇرغان دەپ، خەن پادىشاھىنى ھەجۋ قىلغانلىرىمۇ بار. ئىشقىلىپ، ئۇ ھەققىتىكى مۇلاھىزىلەر ئاشۇنداق بىر خىل ئەمەس. كېيىن جىڭگوگۇڭ ۋاڭ ئەنشىنىڭ قايتا: «رەسىمىنى سىزالمىغاي ئۇ — ئەسلىي شۇنداق مۇددىئا، قەتل قىلغان بىگۇناھ مايەنشۇنى ئۆز ۋاقتىدا» دەپ يازغىنى، يۇڭشۇنىڭ «يەنىلا شۇنداق ئىدى ـ دە، ئاڭلىغان ھەم كۆرگىنى، مەقسىتى ياتلارنى چەكلەپ تىنچىتىش كەڭ ئۆلكىنى» دېگەن شېئىرىمۇ بار. بۇ ئىككى شېئىردا باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە بولغان خاس پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دەييۇي

سىڭلىمنىڭ يازغان بۇ بەش شېئىرىدا يېڭى مەزمۇن ئىپادىلىنىپ، ئاجايىپ يېڭىلىق يارىتىلىپتۇ.

ئۇ گېپىنى يەنە داۋام قىلدۇراي دەپ تۇراتتى، بىركىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— جىيا ليەن بېگىم يېنىپ كەپتۇ دەپ، تېخى بايىلا تاشقىرىدىن خەۋەر يەتكۈزگەنىدى. شەرقىي قەسىرگە كىرىپ كەتكىنىگە خېلى بوپتۇ، قايتىپ چىقمىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

باۋيۈي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ دەرۋازىغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشىغا، جىيا ليەن تالادا ئاتتىن چۈشۈپ كىرىپ كەلدى. باۋيۈي ئالدىغا چىقىپ جىيا ليەنگە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، جىيا ئانا ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئېسەنلىكىنى سورىدى، جىيا لىيەندىنمۇ ئامان - ئېسەنلىك سورىدى. ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ ئىچكىرىگە كىرىشتى. لى ۋەن، فېڭجيې، باۋچەي، دەييۈي، يىڭچۈن، تەنچۈن، شىچۈنلەر ئوتتۇرا ئايۋان سارايدا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەتە ئەتىگەندە يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى جىيا لىيەن، — يول ئۈستىدە سالامەتلىكى ئوبدان كەلدى. بۈگۈن ئۆيگە بېرىپ خەۋەر بەرگەچ تۇر، دەپ مېنى ئەۋەتتۇەتتى. ئەتە بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا شەھەردىن چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاندىن، باشقىلار سەپەر ئۈستىدىكى ئىشلاردىن ئەھۋال سورىدى. جىيا لىيەن يىراق سەپەردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلار ھۇجرىسىغىچە بىللە بارماي، ئۇنىڭ ئارام ئېلىشىغا يول قويدى. ھۇجرىسىغا كىرگەندە بولغان ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئەتىسى، تەخمىنەن ئاش ۋاقتىدا، جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار يېتىپ كېلىشتى. كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، بىردەم ئولتۇرۇپ بىر پىيالە چاي ئىچتى،

ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى ئېلىپ نىڭگو قەسرىگە ئۆتتى. ئىچكىرىسىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك يىغا ـ زار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جيا شې بىلەن جيا ليەن جيا ئانىنى ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويۇپلا بۇيانغا ئۆتۈپ كەتكەندى، جيا ئانىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جيا شى بىلەن جيا ليەن ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى باشلاپ، يىغلىغان پېتى ئالدىغا چىقتى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى جيا ئانىنى قولتۇقلاپ، مېيىت ئالدىغا باشلاپ كەلدى. جيا جېن بىلەن جيا رۇڭ يۈكۈنۈپ، ئۆزلىرىنى جيا ئانىنىڭ قوينىغا ئېتىپ قاتتىق يىغلاشتى. جيا ئانا ياشانغان ئايال بولغاچقا، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، جيا جېن، جيا رۇڭلارنى قۇچاقلىغىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. جيا شې بىلەن جيا ليەن تەسەللى ئېيتىپ يۇرۇپ، ئۇنى يىغىدىن ئاران توختاتتى. جيا ئانا ئايلىنىپ مېيىتنىڭ ئوڭ يېنىغا ئۆتتى، ئۇ يەردە يۇشى خېنىم بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە تاشلانغىنىچە يەنە بىر پەس قاتتىق يىغا ـ زار قىلدى. ئاندىن، باشقىلار بىر ـ بىرلەپ ئالدىغا كېلىپ ئېسەن ـ ئامانلىق سورىدى.

جيا ئانا يېڭىلا سەپەردىن كېلىپ تېخى ئارام ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە قاراپ ئولتۇرۇۋەرسە يەنە كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دەپ، جيا ليەن ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا تەسەللى خاتىر ئېيتتى. جيا ئانا نائىلاج قايتىپ چىقتى. جيا ئانا ياشىنىپ قالغان ئايال بولغاچقا، يول ئازابىغا ۋە دەرد ـ ئەلەمگە پايلىيالماي، كېچىسى بېشى چىڭقىلىپ، يۇرىكى سىقىلىپ، دىمىقى پۈتۈپ، ئۈنلىرى گاراڭ ـ گۇرۇڭ بولۇپ بىتاپ بولۇپ قالدى. دەرھال تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ، تومۇر تۇتقۇزۇش، دورا بېرىش ئىشلىرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئوپۇر ـ توپۇر بولۇپ كېتىشتى. بەختكە يارىشا، كېسەل ئىچىگە ئۆتۈپ كەتمەي تېزلا قويۇپ بەردى. ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتىدا بىر ئاز تەرلەپ، تومۇر سوقۇشى سەل ئورنىغا چۈشۈپ، قىزىتمىسى يانغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ كۆڭلى تىندى. ئەتىسى يەنە دورا ئىچۈرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشتى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جيا جىڭنىڭ مېيىتىنى ئۈزىتىش ۋاقتى بولۇپ قالدى. جيا ئانا تېخىچە ئوبدان تۈزىلىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرۇشقا ئۆيدە باۋيۈينى قالدۇرۇپ قويدى. فېڭجېيمۇ راسا تۈزىلىپ كېتەلمىگەچكە مېيىت ئۈزىتىشقا چىقمىدى. جيا شې، جيا ليەن، شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئۆيئىچىدىكىلەر بىلەن خىزمەتكارلارنى باشلاپ، مېيىتنى تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغىچە ئۈزىتىپ قويۇپ ئاخشىمى قايتىپ كېلىشتى. جيا جېن بىلەن يۇشى خېنىم ۋە جيا رۇڭ مازاردا سىپارىسى توشقاندىن كېيىن مېيىتنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇپ مېيىت يېنىدا قالدى. ئائىلە ئىشىدىن خەۋەر ئېلىشنى يەنىلا يۇشى خېنىمنىڭ ئانىسى بىلەن ئىككى سىڭلىسىغا ھاۋالە قىلدى.

جيا ليەن ئادەتتە يۇشى خېنىمنىڭ سىڭىللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تولا ئاڭلاپ، ئۇلارنى كۆرۈشكە ھېچ نېسىپ بولمايۋاتقىنىغا ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى. جيا جىڭنىڭ مېيىتى ئائىلىدە توختىتىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر كۈنى شۇ يەرگە كىرىپ، ئېرجيې، سەنجيېلەر بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشقىدا ئۆزىنى باسالماي چاكىلداپ كەتتى، جيا جېن بىلەن جيا رۇڭ ئاتا ــ بالا ئىككىسى بىر مارالغا ئېسىلغان بۇغىلاردەك بىر ئايالنىڭ كەينىگە چۈشۈۋالغانلىقىنى جيا ليەن ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ قىزلارنى ھەدەپ ئۆزىگە تارتىپ قاش ــ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئۇ قىزلارغا ئۆز ئىشقىنى بىلدۈرگىلى تۇردى. يۇسەنجيې ئۇنىڭغا توخلۇق قىلاتتى، پەقەت يۇئېرجيېنىڭلا ئۇنىڭغا ئازراق كۆڭلى تارتىپ قالغانىدى. لېكىن، كۆز ــ قۇلاق بولغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئامال تاپالماي يۈرۈشەتتى. جيا ليەنمۇ جيا جېننىڭ كۈنلىشىدىن قورقۇپ؛ يېنىكلىك قىلىشقا پېتىنالماي، ئېرجيې ئىككىسى پەقەت

كۆڭلىدىلا بىلىپ يۈرۈشتى.

مېيىتنى ئۇزىتىش ۋاقتى كەلگەندىن كېيىن، جيا جېنىنىڭ ئائىلىسىدە ئادەم ئاز بولغاچقا، يۈ ئانىكا ئۆزىنىڭ ئىككى قىزى ھەم قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى قىلىدىغان بىرقانچە چۆرە ۋە خىزمەتكار مومايلار بىلەن تۆر ئۆيدە قېلىپ قالغاندىن باشقا، قالغان كىچىك خوتۇن ۋە دېدەكلەر مازارغا بىللە چىقىپ كەتتى. قەسىردە قالغان چاكارلار ۋە خىزمەتكار ئاياللار كېچىلىرى جېسەكچىلىك قىلاتتى، كۈندۈزلىرى ئىشىككە قارايتتى، بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسا، ئەتىسى كەچكىچە ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرمەيتتى. شۇڭا، جيا ليەن ئەنە شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ قول سالماقچى بولدى. جيا جېنغا ھەمراھ بولىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ، مازاردا تۇنەپ تۇردى، جيا جېنىنىڭ ئورنىدا ئائىلە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ، پات - پات نىڭگو قەسرىگە كېلىپ ئېرجيې بىلەن يەڭ ئىچىدە ئالاقىلىشىپمۇ يۈردى.

بىر كۈنى كىچىك غوجىدار يۈي لۇ كېلىپ جيا جېنغا مەلۇم قىلدى:

— لەمپىلەرگە ئېسىلغان قارىلىق رەخت ۋە تۇغ - بويداش كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ قارا كىيىملىرى ئۈچۈن جەمئىي بىرمىڭ بىر يۈز ئون سەر كۈمۈش سەرپ قىلىنغانىدى، بەش يۈز سەر نەق بېرىلدى، ئالتە يۈز ئون سەر نېسى قالغان. تۈنۈگۈن ئىككى سودىگەر تەڭلا قەرزنى سۈيلەپ كەپتۇ. شۇڭا، پېقىر قۇللىرىنىڭ جانابلىرىدىن يوليورۇق سوراپ كېلىشىم.

— ھازىرچە خەزىنىدىن ئېلىپ تۇرساڭ بولىۋېرەتتىغۇ، ماڭا مەلۇم قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى جيا جېن.

— تۈنۈگۈن خەزىنىگە پۇل ئالغىلى بارغانىدىم، — دېدى يۈي لۇ، — لېكىن ئۇلۇغ بېگىم ئەرشكە راۋان بولغاندىن كېيىن، ھەر خىل چىقىملار كۆپ بولۇپ، قالغان پۇلنى سىپارىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان تىلاۋەتكە ۋە مازاردا قىلىنىدىغان خىراجەتكە

ئاتاپ قويغانىكەن، ھازىرچە ئۇ پۇلدىن بىرىنىشكە بولمايدىكەن. شۇڭا، پېقىر قۇللىرى جانابلىرىغا مەلۇم قىلىپ كەلگەنىدىم. ھازىرچە جانابلىرىغا خاس ئىچكى خەزىنىدىن بىرىپ تۇرساق ياكى بىرەر يەردىن قەرز ئېلىپ تۇرساق. بۇ ھەقتە پېقىر قۇللىرى جانابلىرىنىڭ گەپلىرىگە قاراپ ئىشنى توغرىلىغان بولاتتىم.

— سەن يەنىلا بالدۇرقىدەك، پۇل بار تۇرۇقلۇق ئىشلەتمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسەن، — دېدى كۈلۈپ جيا جېن، — نەدىن پۇل بولسۇن، قەرز ئېلىپ بېرىپ تۇرغىن.

— بىر ـ ئىككى يۈز سەر بولسىمۇ كاشكى، پېقىر قۇللىرى ئەپلەپ ـ سەپلەپ تۇراتتى، بۇ دېگەن بەش ـ ئالتە يۈز سەر تۇرسا، پېقىر قۇللىرىنىڭ قانداقمۇ قولىدىن كېلەر؟

— سەن ئاناڭدىن سوراپ باق، — دېدى جيا جېن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ جيا روڭغا، — تۈنۈگۈن مېيىتنى ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، جياڭنەندىكى جېن ئائىلىسىدىن تەزىيە ـ نەزىر ئىشلىرى ئۈچۈن بەش يۈز سەر كۈمۈش ئەۋەتكەنىكەن، تېخىچە خەزىنىگە تاپشۇرمىغان. ئۆيئىچىدىن يەنە ئىزدەشتۈرۈپ باقسۇن، بولسا يىغىشتۇرۇپ، تەل قىلىپ بۇنىڭغا بېرىڭلار.

جيا روڭ خوش دەپ دەرھال بۇيانغا ئۆتۈپ، يۈشى خېنىمغا مەلۇم قىلدى، ئاندىن يەنە قايتىپ كېلىپ ئاتىسىغا ئۇچۇرنى بەردى:

— تۈنۈگۈنكى ئۇ پۇلدىن ئىككى يۈز سەرنى ئىشلىتىۋېتىپتۇ، ئۈچ يۈز سەر قاپتىكەن، ئۇنى ئۆيگە ئەۋەتىپ چوڭ ئانىكامغا تاپشۇرغۇزۇپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇنى باشلاپ بېرىپ چوڭ ئانىكاڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا بەرگىن، — دېدى جيا جېن، — ئاندىن، ئۆيدە ئىش ـ پىش بارمۇ، قاراپ باق، قېيىنبويان ھەمشىرىلىرىڭدىن ھال سوراپ قوي. قالغان پۇلنى يۈي لۇ قەرز ئېلىپ سەپلەپ قويۇپ تۇرسۇن.



www.uyghurkitap.com

جيا رۇڭ بىلەن يۈي لۇ خوش ئېيتىپ، يېنىپ چىقايلى دەپ تۇرۇشىغا جيا ليەن كىرىپ كەلدى. يۈي لۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى جيا ليەن.

جيا جېن ئۇنىڭغا تولۇق دەپ بەردى، جيا ليەن كۆڭلىدە: «راسا پەيتى كەپتۇ، نىڭگو قەسرىگە بېرىپ، ئېرجيې بىلەن كۆرۈشۈۋالاي» دېگەن ئويغا كېلىپ:

— ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس ئىكەن، خەقتىن قەرز ئېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ تۈنۈگۈن قولۇمغا ئازراق كۈمۈش چۈشكەن، تېخى ئىشلەتمىدىم، بۇنىڭغا شۇنى بېرىپ تۇرساق ئىش ئازايامدۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ قاملىشىدۇ. جيا رۇڭغا تاپىلاپ قويساڭ، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ بەرسۇن، — دېدى جيا جېن.

— بۇنى ئۆزۈم ئېلىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، — دېدى ئالمان ـ تالمان جيا ليەن، — ئۆيگە قايتمىغىنىمغا نەچچە كۈن بولۇپ قالدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، بېگىم، ئاغىچا خېنىمدىن ئېسەنلىك سوراپ، سالامغا بېرىشىم بار ئىدى. ئاندىن سىز تەرەپكە ئۆتۈپ، كىشىلەر بىرەر ئىش تۇغدۇرۇپ قويىدىمۇ، يوق، شۇنىمۇ كۆزدىن كەچۈرگەچ، قۇدا خېنىمدىن ئەھۋال سوراپ قوياي.

— سېنى يەنە جوۋتىدىغانغا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، — دەپ كۈلدى جيا جېن.

— بىز دېگەن ئاكا ـ ئۇكا تۇرساق، بۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ — دەپ كۈلدى جيا ليەنمۇ.

— سەن تاغاڭ بىلەن بىللە بار، — دەپ جيا رۇڭغا جېكىلىدى جيا جېن، — ئاندىن نېرىقى قەسرگە ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، بېگىم، ئاغىچا خېنىملاردىن ئېسەنلىك سورىغىن، مەندىن ۋە ئاناڭدىن سالام ئېيتقىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ساقلىقى خېلى ئوبدان بولۇپ قاپتۇمۇ، دورا ئىچىۋېتىپتىمۇ، سورۇشتۇرۇپ باق.

جيا رۇڭ ھەممە گەپكە بىر ـ بىرلەپ خوش دەپ، جيا ليەن بىلەن بىللە يېنىپ چىقىپ، مۇلازىملاردىن بىرنەچچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بىللە شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى. يول بويى، تاغا بىلەن جىيەن ئىككىسى پاراڭ سېلىشقاچ ماڭدى. جيالىيەنىنىڭ غەرىزى باشقا بولغاچقا، يۈئېرجيېنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇنى ئۇنداق كېلىشكەن قىز ئىكەن، مۇنداق ياخشى ئادەم بوپتۇ دەپ ماختاپ كەتتى:

— يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرى بەك يارىشىملىق، گەپ ـ سۆزدە يېقىملىق، كىشىنىڭ ئامراقلىقى كەلمەيدىغان بىرمۇ يېرى يوق ئىكەن. ھەممە ئادەم فېڭجيې خان ئاچاڭنى ماختايدۇ، مېنىڭچە بولغاندا، ئۇ سېنىڭ بۇ قېينىبويان ھەمشىرەڭنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ جۇمۇ!

— تاغا، ئۇنىڭغا بۇنچە كۆيۈپ قالغان بولسىڭىز، سىزگە مەن سوچى بولۇپ، ئۇنى سىزگە ئىككىنچى ئاغىچىلىققا ئېلىپ بەرسەك قانداق دەيسىز؟ — دەپ كۈلدى جيا رۇڭ ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ.

— بۇ دېگىنىڭ چاقچاقمۇ ياكى راست گەپمۇ؟ — دەپ كۈلدى جيا ليەن.

— مېنىڭ دېگىنىم راست گەپ.

— ئۇنداقتىمۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن خان ئاناڭ كۆنمەسمىكىن؟ ئاندىن چوڭ ئانىكاڭمۇ ئۇنىمايدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئېرجيېنى بىر كىمگە ماقۇل كېلىشىپ قويۇپتىكەنغۇ؟

— ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېينى ھەمشىرىلەر چوڭ ئاتامغا ئۆگەي، ئەسلىدە ئۇلارنى چوڭ ئانىكام ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىكەن. ئاڭلىشىمچە، چوڭ ئانىكام بالدۇرقى ئېرىنىڭ قولىدىكى چاغدا، ئىككىنچى قېينى ھەمشىرەمنى خانلىق جاڭزىنىڭ ئاقساقىلى جاڭ دېگەن كىشىنىڭ

ئوغلىغا قورساقتا چېغىدىلا ماقۇل كېلىشىپ قويغانىكەن. كېيىن جاڭ ئائىلىسى دەۋا ـ دەستۇر ئىشى بىلەن ۋەيران بوپتۇ، چوڭ ئانىكام ئۇ ئېرىدىن چىقىپ باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئىككى ئائىلە بىر ـ بىرىدىن خەت ـ خەۋەر ئېلىشمىغىنىغا ئون نەچچە يىل بوپتۇ. چوڭ ئانىكام ئۇلاردىن يېنىشىپ كەتسەك بولاتتى دەپ ھەمىشە دادلاپ تۇرىدۇ. ئاتاممۇ بۇ قېيىنسىڭلىمىزنى باشقا بىر كىمگە ياتلىق قىلساق دەپ، ئۇبدان يەردىن لايىق چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بىر كىم ئارقىلىق جاڭ ئائىلىسىنى ئىزدەشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئون نەچچە سەر كۈمۈش بېرىپ، يېنىشىپ كەتكەنلىك توغرىسىدا بىر پارچە تىلخەت يازدۇرۇۋالساقلا بولىدىغان ئىش. جاڭ ئائىلىسى نامراتلىشىپ كەتكەن خەق، پۇلنى كۆرسە ئۇلارنىڭ ئۇنىماي تۇرۇۋالىدىغان نېمىسى بار دەيسىز؟ ئاندىن ئۇلارمۇ بىزدەك كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ كۆنمەسلىكىدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. سىزدەك تاغام ئىككىنچى ئاغىچىلىققا ئالىمەن دېسە، چوڭ ئانىكام بىلەن ئاتاممۇ، ئانامموۇ، ھۆددىگە ماقۇل بولىدۇ. لېكىنزە، فېڭجىيې خان ئاچامنى بۇنىڭغا كۆندۈرۈش تەس جۇمۇ.

بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ، جيا ليەننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن تۇرسا دەيدىغان يەنە نېمە گېپى بولاتتى؟ كېيىنكى گەپكە پەقەت ئازراق مەڭدەپ كۈلۈپلا قويدى. جيا رۇڭ يەنە بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ كۈلدى:

— تاغا، بۇ ئىشقا يۈرىكىڭىزنى توختىتىدىغانلا بولسىڭىز، مېنىڭ مەسلىھەتىم بويىچە بولغاندا ھېچقانداق كاشىلا بولمايدۇ، پەقەت بىرنەچچە سەر پۇلنى ئارتۇقراق خەجلەشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئوبدان يىگىت ! — دېدى ئالدىراپ جيا لىيەن، — نېمە مەسلىھەتىڭ بار، ئېيتقىنا، مەن ئاڭلاپ باقاي.

— سىز ئۆيگە بارغاندا، چىرايىڭىزدىن ھېچنېمىنى بىلىندۇرمەڭ. ئاۋۋال مەن ئاتامغا ئۇقتۇرۇپ ئېيتاي، چوڭ ئانىكامغا دەپ ئىشنى ئەپلەشتۈرەي. ئاندىن بىزنىڭ قەسىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

كەيىندىكى يېقىنراق يەردىن بىر هويلا ۋە كېرەكلىك ئۆي سەرەمجان سېتىۋالىمىز، ئۆي خىزمەتكارلىرىدىن ئىككىنى ئاجرىتىپ شۇ يەردە خىزمەتكە سالىمىز. لايىق كۈنىنى تاللاپ، ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرماي نىكاھ قىلىپ شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ بارىمىز. خىزمەتكارلارغا ئۈن ـ تىن چىقارمايسىلەر دەپ جېكىلەپ قويىمىز. فېڭجيې خان ئاچام هويلىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئولتۇرۇپ بۇنى نەدىن بىلىدۇ؟ تاغا، ئىككىڭىزلار شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىزلار، بىرەر ـ يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غەلۋە ـ غۇدۇر تۇغۇلۇپ قالغۇدەك بولسا، ناهايىتى شۇ، بېگىمدىن بىر قۇر ئاهانەت ئىشىتىسىز. ئۇ چاغدا بېگىمگە سىز: فېڭجيې خان ئاچامنى قايتا تۇغمىدى، ئوغۇل يۈزى كۆرەرمەنمىكىن دەپ تالادا يوشۇرۇنچە مۇشۇ ئىشنى قىلىپ قويۇپتىمەن، دەيسىز. فېڭجيې خان ئاچامۇ، قارىسا، «ئاش ئاللىقاچان دەم يەپ بولغان»، شۇنىڭ بىلەن بوپتىلا دېمەستىن باشقا ئىلاج تاپالمايدۇ، ئاندىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يالۋۇرسىڭىز، پۈتمەيدىغان ئىش يوق.

قەدىمكىلەر: «نەپسانىيەت ئەقىلدىن ئازدۇرىدۇ» دەپتىكەن. جيا ليەن يۈئېرجيېنىڭ چىرايلىق هۆسنىگە شەيدا بولۇپ يۈرگەچكە، جيا رۇڭنىڭ بۇ گەپلىرىنى قالتىس مۇكەممەل تەدبىر دەپ بىلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇچىسىدىكى قارىلىق ئېگىنىنى، خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئاتىسىنىڭ قاتتىق قوللۇقلۇقىنى، خوتۇنىنىڭ هەسەتخور ئىكەنلىكىنى ... ئەنە شۇنداق بىر قاتار ئوڭۇشسىزلىقلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانىدى. ئۇ تېخى جيا رۇڭنىڭ يامان غەرىزىنى بىلمەيتتى: جيا رۇڭ ئۆزىنىڭ قېيىنبويان هەمشىرىسىگە كۆڭلى تارتىپ يۈرەتتى، ئارىغا جيا جېن قىستۇرۇلۇۋالغاچقا، مەقسىتىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنى جيا ليەن خوتۇنلۇققا ئالسا، بەربىر تاشقىرىدا تۇرغۇزىدۇ، جيا ليەننىڭ يوق ۋاقتىدا كىرىپ ئىشنى ئەپلەۋەرمەيمەنمۇ دېگەن غەرەزدە ئىدى. جيا ليەننىڭ خىيالىغا بۇ ئىشلار كېلەمدۇ؟ جيا رۇڭغا ئۇ رەهمەت ئېيتتى:

— ئوبدان ئۇكام، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بولساڭ، راسا كېلىشكەن چۆرە قىزدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ بېرىپ ئەجرىڭنى ياندۇرىمەن!

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار نىڭگو قەسىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى.

— تاغا، سىز كىرىپ چوڭ ئانىكامدىن پۇلنى ئېلىپ، يولغا بېرىڭ، مەن ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا سالام بېرىپ چىقاي، — دېدى جيا رۇڭ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا مېنىڭ بىللە كەلگەنلىكىمنى دېمىگىن، — دېدى جيا ليەن كۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئۇقمەن، — دېدى جيا رۇڭ، ئاندىن جيا ليەننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — بۈگۈن ئېرجيې بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىڭىز ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويماڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ قالسا، كېيىن ئىش تەس بولىدۇ.

— تولا ۋالاقلىما! يولۇڭغا مېڭىۋەر. سېنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمەن، — دېدى جيا ليەن.

جيا رۇڭ جيا ئانىغا سالام بەرگىلى ماڭدى. جيا ليەن نىڭگو قەسىرىگە كىرىشىگىلا، باش خىزمەتكار قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ سالام بەردى ۋە مېھمانخانىغىچە سوڭدىشىپ كەلدى. جيا ليەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا بىر - بىرلەپ گەپ سوراپ قويۇپ، ئۇلارنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. جيا ليەن بىلەن جيا جېن ئادەتتە ناھايىتى يېقىن ئۆتۈشەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاكا - ئۇكىلاردىن ئىدى، شۇڭا ئۇلاردىن ھېچكىم ئۆزىنى چەتكە ئالمايتتى، ئۇ كەلگەندە ئىچكىرىگە خەۋەر بېرىپمۇ تۇرمايتتى. ئۇ ئۇدۇل تۆر ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئايۋاندا كۈتكۈچىلىك قىلىدىغان خىزمەتكار موماي جيا ليەنگە مىلەڭزە قايرىپ بەردى. جيا ليەن ئۆيگە كىرىپ كۆز يۈگۈرتتى. جەنۇب تەرەپتىكى كاڭدا يۇئېرجيې يېنىغا ئىككى دېدەكنى ئېلىپ بىللە يىڭنە ئىش قىلىۋاتاتتى، يۇ ئانىكا بىلەن سەنجيې كۆرۈنمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

جيا ليەن دەرھال ئالدىغا كېلىپ، يۈئېرجيې بىلەن كۆرۈشتى. يۈئېرجيې كۈلۈمسىرەپ ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى شەرقىي ياندىكى پەنجىرە تۈۋىدە ئولتۇردى. جيا ليەن يۈئېرجيېنى تۆردە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. يۈز كۆرۈشكەندە بولىدىغان ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ھىجىيىپ سورىدى:

— قۇدا ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۈچىنچى سىڭىل نەگە كەتتى؟ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— ئىشى چىقىپ قېلىپ ئارقىغا كەتكەن، ھازىر كىرىدۇ، — دېدى يۈئېرجيې كۈلۈپ.

شۇ ئەسنادا كۈتكۈچى دېدەك چاي قۇيغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە باشقا ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جيا ليەن ھەدەپ يۈئېرجيېگە كۆزىنى قىسىپ قاش ئاتقىلى تۇردى. ئېرجيې بېشىنى ساڭگىلىتىۋېلىپ كۈلۈپلا قويدى. جيا ليەن چېقىلىشقا پېتىنالماي تۇراتتى، ئېرجيېنىڭ قولىدا ئويناپ ئولتۇرغان ھەميان چىگىكلىك قول ياغلىقتا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، گەپ ئېچىشقا باھانە ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ بېلىنى سىلاپ بېقىپ:

— سىپار مېۋىسى سالىدىغان ھەميانىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، سىڭلىم، سىزدە سىپار مېۋىسى بولسا، يېيىشكە ماڭا بىر تال بەرسىڭىز ئىكەن، — دېدى.

— سىپار مېۋىسىغۇ بار، لېكىن مەن ئۇنى زادىلا بىر كىمگە بەرمەيمەن، — دېدى ئېرجيې.

جيا ليەن ھىجىيىپ، ھەميانىنى ئېلىش ئۈچۈن يېقىنلاپ كەلمەكچى بولۇۋىدى، ئېرجيې بىر كىم كىرىپ كۆرۈپ قالسا سەت بولمىسۇن دەپ، كۈلۈمسىرەپ، ھەميانىنى ئالمان ـ تالمان ئېتىپ بەردى. جيا ليەن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، ھەمياندىكى سىپار مېۋىلىرىنى ئالىقىنىغا تۆكتى، ئېرجيې چىشلەپ قويغان يېرىم تالنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، قالغانلىرىنى يېنىغا تىقىۋالدى. ھەميانىنى ئېرجيېنىڭ يېنىغا ئۆزى ئاپىرىپ بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئىككى دېدەك چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى. جيا

لىيەن قولىغا چاينى ئېلىۋېتىپ، بىلىدىكى خەن قاشتېشى بىلەن بېزىتىلگەن توققۇز ئەجدىھا گۈللۈك كەمىرىنى بىلىندۇرمەي يېشىۋېلىپ قول ياغلىقىقا ئورىدى، ئۇنى دېدەكنىڭ ئۇيانغا قايرىلىش پەيتىدىن پايدىلىنىپ يۈئېرجىيگە تاشلاپ بەردى. ئېرجىي قولىغىمۇ ئالماي، كۆرمىگەنگە سېلىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇۋەردى.

ئارقا ئىشىكتىن مىلەكزىنىڭ قايرىلغانلىقى ئاڭلىنىپ، يۇ ئانىكا بىلەن سەنجىيى ئىككى دېدەكنى كەينىگە سېلىپ كىرىپ كەلدى. جيا لىيەن ئېرجىيىنى بايىقى ياغلىقنى ئېلىۋېلىشقا كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى، ئېرجىي يەنىلا پەرۋا قىلمىدى. جيا لىيەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى چۈشىنەلمەي، تەمتىرەپ قالدى ـ دە، نائىلاج يۇ ئانىكا بىلەن سەنجىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. شۇ ئارىدا قايرىلىپ ئېرجىيگە قاراپ باقتى، ئېرجىي ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر سىنچىلاپ قارىغىنىدا ياغلىق كۆرۈنمىدى، جيا لىيەننىڭ ئاندىن كۆڭلى تىندى. ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

—— چوڭ يەڭگەمنىڭ دېيىشىچە، —— دېدى جيا لىيەن —— قايسى كۈنى بىر ئورام كۈمۈشنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ قويىسىلا دەپ بېرىپتىكەن، ھازىر خەققە پۇل ياندۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئاكىمىز شۇ پۇلنى ئېلىپ كەل، ئۆيدە ئىش ـ پىش بارمۇ ـ يوق، قارىغاچ كەل دەپ مېنى بۇيرۇغانىدى.

يۇ ئانىكا دەرھال يۈئېرجىيىنى ئاچقۇچنى ئېلىپ كۈمۈشنى ئاچىقىشقا جورۇدى.

—— مەن ئۆزۈممۇ قۇدا خېنىمغا سالام بېرەي، ئىككى ھەمشىرىمىزنى يوقلاپ قوياي دەپ كەلگەنىدىم، —— دېدى جيا لىيەن شۇ ئارىدا، —— قۇدا خېنىم ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىرى بەك ئوبدان تۇرۇپتۇ. شۇغىنىسى، بۇ ئىككى ھەمشىرىمىز بىزنىڭ بۇ ئائىلىدە ئازار يەپ قالدىغۇ دەيمەن.

—— بىز دېگەن يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقان تۇرساق، نېمە

دېگەنلىرى ئۇ؟ — دېدى يۇ ئانىكا كۈلۈپ، — ئۆز ئۆيىمىزدىمۇ بىكار ئولتۇراتتى، بۇ يەردىمۇ بىكار ئولتۇرىدۇ، غوجام، ئۆزلىرىدىن يوشۇرمايمەن، ئېرىم ۋاپات بولغاندىن بۇيان، ئائىلە تىرىكچىلىكىمىز تەس بولۇپ قالدى، پۈتۈنلەي كۈيئوغلىمىزنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغان بولدۇق. كۈيئوغلىمىزنىڭ ئائىلىسىدە مۇنداق چوڭ مۇسىبەت ئىشى بولۇپ قالغاندا، بىز باشقا جەھەتتىن كۈچ چىقىرالمىساقمۇ، ئۆيىگە بولسىمۇ قارىشىپ بېرىشىمىز كېرەك ـ دە، بۇ يەردە نېمىدەپ ئازار يەيتتۇق؟

گەپ ئۇستىگە ئېرجيې پۇلنى ئەكىرىپ يۇ ئانىكىغا بەردى، يۇ ئانىكا جيا ليەنگە سۇندى. جيا ليەن چۆرە قىزنى بۇيرۇپ، خىزمەتكار مومايلاردىن بىرنى قىچقارتتى:

— سەن بۇنى يۇي لۇغا ئاچىقىپ بەر، ئۇ ئېلىپ ئۇ يانغا ئۆتۈپ، مېنى كۈتۈپ تۇرسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

خىزمەتكار موماي خوش دەپ چىقىپ كەتتى. هويلىدا جيا رۇڭنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. شۇ ئاندىلا جيا رۇڭ كىرىپ كەلدى ـ دە، چوڭ ئانىكىسى ۋە قېينى ھەمشىرىلىرىدىن تىنچلىق سورىدى، ئاندىن جيا ليەنگە:

— بايىراقتا بېگىم سىزنى بۇيرۇيدىغان ئىش بار دەپ سورىغانىدى، مازارغا بېرىپ قىچقىرىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇماقچى بولغاندا، مەن تاغام ھازىر كېلىدۇ دەپ مەلۇم قىلىپ قويدۇم. بېگىم ماڭا: يولدا تاغاڭغا يولۇقۇپ قالساڭ ئېيتىپ قوي، چاپسانراق كەلسۇن دەپ تاپىلىدى، — دېدى.

جيا ليەن دەرھال ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە، جيا رۇڭ چوڭ ئانىكىسىغا:

— قايسى كۈنى چوڭ ئانا، سىزگە دېگەنىدىمغۇ، ئاتامنىڭ مۇنۇ ئىككىنچى ھەمشىرىمىزگە تاپقان كۈيۈسى دەل مۇشۇ تاغىمىزنىڭ چىراي ـ تۇرقىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ. چوڭ ئانا، قانداق، يارامدۇ؟ — دەپ قويۇپ، ئاستاغىنا قولى بىلەن جيا ليەننى كۆرسىتىپ، ئېرجيېگە ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويدى. ئېرجيې بىر نېمە دېيىشكە ئوڭايسىزلاندى، لېكىن سەنجيې

كۈلمەي ھەم تېرىكمەي تۇرۇپ تىل سالدى:

— پىسەندە مايمۇن كۈچۈكى! دېمەيدىغان گېپى يوق، ئاناڭنىڭ غېرى! بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئاغزىنى يىرتىۋەتمەيدىغان بولسام بۇنىڭ!

جيا رۇڭ كۈلگىنىچە قېچىپ چىقىپ كەتتى، جيا لىەنمۇ ھىجىيىپ، خوشلىشىپ يېنىپ چىقتى. مېھمانخانىغا كەلگەندە، ئۇ ئۆي خىزمەتكارلىرىنى قىمار ئوينىماڭلار، ھاراق ئىچمەڭلار دەپ جىملەپ قويۇپ، ئاندىن ئۇچقاندەك بېرىپ، ئاتاڭغا ئېيتقىن، دەپ جيا رۇڭغا ئاستا يالۋۇردى. ئۆزى يۈي لۇنى ئەگەشتۈرۈپ بۇيانغا ئۆتتى، كۇمۇشنىڭ كېمىنى تولدۇرۇپ ئۇنىڭغا بەردى، جيا شېغا ۋە جيا ئانىلارغىمۇ سالام بېرىپ چىقتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

يۈي لۇ جيا لىەن بىلەن كۇمۇش ئالغىلى كەتكەندىن كېيىن، جيا رۇڭ باشقا ئىشى بولمىغاچقا يەنە ئىچكىرىگە كىرىپ، قېينبويان ھەمشىرىلىرى بىلەن بىر پەس ئوينىشىپ چىقتى. ئاخشىمى مازارغا يېنىپ كېلىپ، جيا جېنغا:

— كۇمۇشنى يۈي لۇغا بەردۇق، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئوبدانلا ساقىيىپ قاپتۇ، ئەمدى دورىمۇ ئىچمەيدىغان بوپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. ئاندىن يول ئۈستىدە جيا لىەننىڭ ئىرجىيېنى ئىككىنچى ئاغىچىلىققا ئېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ بەردى. سىرتتا ئۆي راسلاپ ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، فېڭجىيېگە بىلدۈرمەيدىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى:

— شۇ تاپتا ئۇ ئوغۇل يۈزى كۆرۈش كويىدا تەڭلىكتە قاپتۇ. ئۇ ئىككىنچى ھەمشىرىمىزنى كۆرگىنىكەن، ئۇنى ئالسا سىز بىلەن تۇغقانلىقىنىڭ ئۈستىگە باجا بولىدۇ. بىلمىگەن - ئۇقمىغان باشقا ئادەمگە بەرگەندىن كۆرە، شۇنىڭغا بەرگەن تۈزۈكتەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرانچى تاغام ئاتاڭغا ئېيتىپ باقساڭ دەپ بەك يالۋۇرۇپ كەتتى، — دېدى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى دېمىدى.

ــ شۇنداق بولسىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ــ دېدى جيا جېن ئويلىنىپ بېقىپ، ــ شۇغىنىسى، قېيىنىسىڭىل خالامدىكىن، قانداقكىن. ئەتە سەن بېرىپ چوڭ ئانىڭىلاك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باق. چوڭ ئانىڭاڭ قېيىنسىڭلىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەيلى، ــ ئاندىن ئۇ جيا رۇڭغا بىرمۇنچە گەپ ئۆگىتىپ قويدى، يۇشى خېنىمنىڭ يېنىغا كىرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ باقتى. يۇشى خېنىم بۇنىڭ لايىق ئىش بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆچىنىڭ بارچە جيا جېننى رايىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشتى. بىراق، جيا جېن بىر قارارغا كېلىپ بولغاندى، ئادەتتە يۇشى ئۇنىڭ رايىغا بويسۇنۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرجيې بىلەن بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغاچقا، ئانچە كارى بولۇپمۇ كەتمەي، ئىشنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

دېگەندەك، ئەتىسى ئەتىگەندىلا جيا رۇڭ شەھەرگە كىرىپ يو ئانىكا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاتىسىنىڭ مەقسىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. بىرمۇنچە گەپ قوشۇپ سۆزلەپ كەتتى: جيا ليەن بولسا ئۇنداق ياخشى ئادەم، هازىر فېڭجيې كېسەل بولۇپ ياتىدۇ، ساقىيالمايدىغان ئوخشايدۇ. هازىرچە سىرتتىن ئۆي ـ جاي سېتىۋېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىدۇ، بىرەر ـ يېرىم يىل ئۆتۈپ، فېڭجيې ئۆلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرانچى ھەمشىرىمىزنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈپ ئەكىرىپ، چوڭ ئاغىچىلىق ئورۇنغا چىقىرىدۇ. ئاتام شۇ تاپتىلا ماقۇللىشىپ قويدى، جيا ليەن تويلۇقنى ياخشى ئالىدۇ؛ «سىز ئانىكامنى قېرىغىنىڭىزدا ئوبدان باقىدۇ، ئۈچىنچى ھەمشىرىگىمۇ ئۇياقتىن كۈيۈ تېپىپ قويىدى» دېگەندەك چىرايلىق گەپلەرنى ياغدۇرۇپ، يو ئانىكىنى ياق دېيەلمەيدىغان يەرگە ئەكېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا جېن ئادەتتە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. يو ئانىكا، كۈيئوغۇلنى جيا جېن ئۆزى تاللاپتۇ، تويلۇق جابدۇقنى ئۆزىمىز سېتىۋالمايدىكەنمىز، جيا ليەن ياش بەگزادە، ئابرۇيلۇق ـ دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ ئوغلى دېگەن خىيال بىلەن، شۇئانىلا

ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئېرجىپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆردى، ئېرجىپ بولسا ئوڭايلا ئېرىپ كېتىدىغان قىز ئىدى، قېيىنئاغىسى بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمۇ مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. ئاندىن ئۆز ۋاقتىدا جاڭ خۇاغا ماقۇللىشىپ قويۇپ، ئۆمۈر سودىسىدا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى. ھازىر قارىغۇدەك بولسا، جيا لىيەن ئىشقى بار يىگىت ئىكەن، قېيىنئاغىسىمۇ شۇنىڭغا بېرىدىغان بولۇپ تايىن تېپىپتۇ. بۇ ھالدا ئۇ قانداقسىغا ياق دېيەلىسۇن؟ شۇڭا، بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. ئاندىن ئۇلارغا جاۋاب بېرىشتى.

جيا رۇڭ ئەھۋالنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلدى، ئەتىسى جيا لىيەننى مازارغا چاقىرتىپ كېلىپ، جيا جېن ئۇنىڭغا يۇ ئانىكىنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى يۈزتۇرا ئېيتىپ بەردى. جيا لىيەن خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي، جيا جېن، جيا رۇڭلارغا ئۇست - ئۇستىلەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئۆي - جايغا قاراشتۇرىدىغانغا ئادەم بۇيرۇش، ئۆي جابدۇش، ئېرجىپگە تويلۇق بېزەك سېتىۋېلىش، يېڭى ھۇجرا ئۇچۇن كېرەكلىك كات - كېشەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاش ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋالدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ھەممە ئىشنى ئېپى - جېپى بىلەن تۈگىتىپ، نىڭ - رۇڭ كوچىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى غۇنچە مەھەللىسىدىن يىگىرمە نەچچە ئېغىزلىق ئۆيى بار بىر ھويلىنى ئالدى، ئىككى چۆرە قىز سېتىۋالدى. قەسىردىكى خىزمەتكارلاردىن يۆتكەشكە پېتىنالمىدى، سىرتتىن سېتىۋالسا، سىرداش بولمىغاندىن كېيىن ئىشنى ئاشكارا قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ تۇراتتى. بىردىنلا خىزمەتكارى باۋ ئېر ئېسىگە چۈشتى. جيا لىيەن ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاشنا ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، فېڭجيې بىر قۇر غەلۋە قىلغان، باۋئېرنىڭ خوتۇنى ئىزا - ئاھانەت ئىچىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، جيا لىيەن باۋئېرگە باشقا خوتۇن ئېلىۋال دەپ يۈز سەر كۈمۈش بەرگەنىدى. باۋئېر بالدۇردىنلا بىللە ئاشپەزلىك قىلىۋاتقان لايىغەزەلنىڭ

خوتۇنى — نايناق چوكان بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى، كېيىن لايغەزەل هاراقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈپ قالدى، نايناق چوكان باۋ ئېرىنىڭ قولىدا ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈشنى پەملەپ، شۇنىڭغا تەگكەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نايناق چوكان جيا ليەن بىلەنمۇ چىقىشىۋالغانىدى. هازىر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى سىرتقا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. شۇلار ئېسىگە چۈشۈشى بىلەنلا، جيا ليەن ئۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى يېڭى هويلىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئېرجيېنى كۆچۈرۈپ چىققاندا، شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانغا تەييار قىلىپ قويدى. باۋئېر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۇنداق نەپنى كۆرگەندە كەلمەي قالامتى؟

جاڭ خۇا توغرىسىدىكى گەپكە كەلسەك، ئۇنىڭ بوۋىسى ئەسلىدە خانلىق جاڭزىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ ۋەزىپىنى جاڭ خۇانىڭ ئاتىسى ئۆتەپ كېلىۋاتاتتى. جاڭ خۇانىڭ ئاتىسى يۇ ئانىكىنىڭ بالدۇرقى ئېرى بىلەن قەدىناس بولغاچقا، جاڭ خۇا بىلەن يۇ ئېرجيېنى تۇغۇلماس چېغىدىلا بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويغانىدى. كېيىن كۆتۈلمىگەندە جاڭ ئائىلىسى دەۋا ئىشى بىلەن ئۆيۋاقىدىن ئايرىلىپ، قورسىقىغا تاپسا، ئۈچىسىغا تاپالماي يۈرەتتى. بۇ ئەھۋالدا ئۇ خوتۇن ئالالامتى؟

يۇ ئانىكا ئۇ ئائىلىدىن باشقا ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتتى، ئىككى ئائىلە بىر ـ بىرىدىن دېرەك ئالمىغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغانىدى. ئەمدى هازىر جيا قەسىرىدىن ئادەم كېلىپ، ئۇنى ئېرجيېدىن يېنىپ كېتىشكە زورلىدى. ئۇ كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، جيا جېنلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ياق دېيەلمىدى. ئاخىر، يېنىشقانلىق توغرىسىدا تىلخەت يېزىپ بەردى. يۇ ئانىكا ئۇنىڭغا يىگىرمە سەر كۈمۈش بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئائىلە قۇدىلىقتىن يېنىشقان بولدى.

ئەمدى جيا ليەنلەر ھەممە ئىشنىڭ توغرىلانغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنىنى ئەبىەز كۈنى دەپ تاللاپ، شۇ كۈنى ئېرجيېنى ئەمرىگە ئېلىپ كۆچۈرۈپ چىقىدىغان بولدى. قالغان گەپنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش بەشىنچى باب

## بايۋەچچە جيا لىيەننىڭ يۈ ئېرجيېنى ئوغرىلىقچە خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى
## يۈ سەنجيېنىڭ لىيۇ شياڭلىيەنگە ياتلىق بولۇش ئارزۇسىدا بولغانلىقى

شۈنداق قىلىپ، جيالىيەن، جياجېن، جيارۇڭ ئۈچى مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ھەممە ئىشنى تەخ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئاۋۋال يۈ ئانىكا بىلەن يۈسەنجيېنى يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈپ كەلدى. يۈ ئانىكا ئۆيلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، گەرچە جيارۇڭنىڭ دېگىنىدەك بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس بولغاچقا، ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە ياققاندەك بولدى. باۋئېر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇلارنى كۆرۈپ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلدۈرۈپ، يۈ ئانىكىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي «چوڭ ئانا»، «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم»، يۈ سەنجيېنى «ئۈچىنچى يەزنىمىز»، «يەزنە خېنىم» دەپ پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى. ئەتىسى بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا يۈ ئېرجيېنى ئاددىي بىر تەختىراۋاندا كۆتۈرۈپ كېلىشتى، ھەر خىل كۈجە ـ شاملار، قەغەز ئات، ئورۇن ـ كۆرپىلەر، ھاراق ـ شاراب ۋە تائاملار ناھايىتى ئوبدان لايىقىدا قىلىپ ئالدىنقاچان ھازىرلىنىپ قويۇلغانىدى. بىردەمدىن كېيىن جيالىيەن قارىلىق كىيىملىرى بىلەنلا كىچىك تەختىراۋانغا چۈشۈپ كەلدى. ئاسمان ـ زېمىنغا سەجدە قىلىندى، قەغەز ئات كۆيدۈرۈلدى. يۈ

www.uyghurkitap.com

ئانىكا يۇ ئېرجىېنىڭ ئۇستىېشىنىڭ يېڭىلىنىپ، ئۆيدىكى سىياقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن سۆيۈندى. جىيالىيەن بىلەن يۇ ئېرجىېي قولتۇقلىشىپ ھۇجرىغا كىرىشتى، بۇ كېچىنى جىيا لىيەن بىلەن ئىككىسى خۇددى تېپىشقان ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ ھەقتە بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

جىيالىيەن ئۇنىڭ جامالىغا قارىغانسېرى شۇنچە ئامراقلىقى تۇتۇپ، شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتىكى، يۇ ئېرجىېگە قانداق خۇشامەت قىلسا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدىغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. باۋئېر قاتارلىقلارغا ئېرجىېنى پالانى خان، پوكۇنى خان دەپ يۈرمەي، توغرىدىن ـ توغرا «خان ئاغىچا» دەپ ئاتاشنى جېكىلىدى، ئۆزىمۇ «خان ئاغىچا» دەپ ئاتاپ، فېڭجىېنى بىراقلا يوقىتا چىقىرىۋەتتى. بەزىدە ئۆيگە قايتقان چاغلىرىدا، شەرقىي قەسىردە ئىشىم چىقىپ قالغان، دەپ قوياتتى. فېڭجىېمۇ ئۇنىڭ جىياجېن بىلەن ئوبدان چىقىشىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلىرى بولسا كېرەك، دەپ قىلچە گۇمانلانمايتتى. خانىداندا مالاي ـ چاكارلار كۆپ بولسىمۇ، بۇنداق ئىشلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىلا تىڭتىڭلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپلەرمۇ جىيالىيەنگە خۇشامەت قىلىپ، ئانچە ـ مۇنچە نەپ ئېلىش كويىدا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى ئاشكارىلىغۇسى كېلەمتى؟

بۇنىڭ بىلەن جىيالىيەن جىياجېندىن چەكسىز مىننەتدار بولدى. جىيالىيەن ھەر ئايدا ئون بەش سەر كۈمۈش بېرىپ يۇ ئېرجىېلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداپ تۇردى. ئۇ كېلەلمەي قالغان چاغلىرىدا، تاماقنى ئانا ـ بالا ئۇچەيلەن بىللە يەيتتى. جىيالىيەن كېلىپ قالسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىللە غىزالىناتتى، يۇ سەنجىيې بىلەن ئانىسى ئىككىسى ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ غىزالىناتتى. جىيالىيەن يەنە نەچچە يىللاردىن بۇيان يىغقان ـ توپلىغان ئۈچ-تۆت يۈز... تۈگكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكېلىپ يۇ

ئېرجىيېگە ساقلاشقا بەردى. ئۇ يەنە فېڭجىيېنىڭ قىلغان ــ ئەتكەن ئىشلىرىنى يۇ ئېرجىيېگە يوتقاندا يېتىپ تۇرۇپ ئېچىلىپ ــ يېيىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى، فېڭجىيې ئۆلۈشى بىلەنلا ئۇنى قەسىرگە كۆچۈرۈپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. بۇ گەپلەر ئېرجىيېگە ئەلۋەتتە خۇشياقىدۇ ــ دە. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردىكى ئون نەچچەيلەننىڭ كۈنى ناھايىتى باياشات ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. جياجېن تۆمۈر ئاستانىلىق مازاردىكى ئىبادەت ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كەچتە ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا، قېيىنسىڭىللىرىنى كۆرمىگىنىگە ئۇزاق بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ــ دە، بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ، ئاۋۋال بىر مۇلازىمىنى جيالىيەننىڭ بار ــ يوقلۇقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مۇلازىم قايتىپ كېلىپ: «يوق ئىكەن» دەپ خەۋەر قىلدى، جياجېن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۋال يولغا سېلىۋېتىپ، ئات يېتىلەيدىغانغا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئىككى مۇلازىمىنى ئېلىپ قالدى. ئۇلار يېڭى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە چىراغ ياقىدىغان چاغ بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ھويلىغا ئاستا كىرىپ كەلدى. ئىككى مۇلازىم بالا ئاتنى ھويلىغا باغلاپ قويۇپ، چاكارلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بۇيرۇق كۈتۈپ ئولتۇردى.

جياجېن ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئاندىن چىراغ يېقىلدى. ئاۋۋال يۇ ئانىكا ۋە يۇسەنجيې بىلەن كۆرۈشتى، بىردەمدىن كېيىن ئېرجيې چىقىپ جياجېن بىلەن كۆرۈشتى. ئېرجىيېنى كۆرۈپ جياجېننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ چايدىن ئوتلىغاچ ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— مەن كۆرسەتكەن تايانچىڭلار قانداق ئىكەن؟ بۇنى قولدىن بېرىپ قويغان بولساڭلار بۇنداق ئادەمنى ھەرقانچە ئىزدىسەڭلارمۇ تاپالمايتتىڭلار. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

ئاچىڭىز سوۋغات تەييارلاپ سىلەرنى يوقلاپ كېلىدۇ، — دېدى.

گەپ ئارىلىقىدا ئېرجىيې شاراب ـ تائام تەييارلاشقا كىشى بۇيرۇدى. ئىشىك ـ دەرۋازا تاقالدى. ھەممەيلەن بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى بولغاچقا، بىر ـ بىرىدىن قېچىشمۇ يوق ئىدى، باۋئېر جياجېنغا سالام بېرىش ئۈچۈن كىرگەنىدى، جياجېن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— سېنىڭ خېلى ئىنسابىڭ بار ئادەم، شۇڭلاشقىمۇ غوجايىنىڭ سېنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ خىزمىتىگە سېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سەن كېرەك بولىدىغان ئورۇنلار كۆپ، تالادا ھاراق ئىچىپ ئىش تېرىپ يۈرمىسەڭلا، ساڭا ئىنئام قىلىپ تۇرىمەن. ئەگەر بۇ يەردە بىرەر نەرسە ئۆكسۈپ قالسا، ئۇدۇل بېرىپ ماڭا مەلۇم قىل، غوجايىنىڭنىڭ ئىشى كۆپ، ئۇ قەسىردە ئادەملەر مۆرەككەپ، بىز ئاكا ـ ئىنى ئىككىمىز باشقىلارغا ئوخشىمايمىز.

— پېقىرلىرى ئۇقتۇم، — دېدى باۋئېر جاۋاب قىلىپ، — ساداقىتىمنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام كاللام تېنىمدىن جۇدا بولسۇن.

— ئۇققان بولساڭ ياخشى ! — دېدى جياجېن ھىجايغان پېتى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ.

شۇنداق قىلىپ، تۆتەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشتى، ئېرجىيې شۇ تۇرقىدا جياليەن كېلىپ قالسا، بىر ـ بىرىگە سەتچىلىك بولمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئىككى قەدەھ ئىچكەندىن كېيىن بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. جياجېنمۇ ھېچ ئامال تاپالماي، ئېرجىيېنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدى. ئۇنىڭغا ھەمداستىخان بولۇپ يۈ ئانىكا بىلەن سەنجىيې قالدى. سەنجىيې ناگان ـ ناگاندا جياجېن بىلەن چاقچاق گەپ قىلىشسىمۇ، لېكىن ئاچىسىدەك ئۇنداق رايىش ئەمەس ئىدى، شۇڭا جياجېن ئۇنىڭغا ئىچ پەش تارتسىمۇ، لېكىن قاراملىق قىلىشقا پېتىنالماي كەيپى قېچىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

يۇ ئانىكا يېنىدا ئولتۇرغاچقا، جىياجېن ئالدىراپ تەنتەكلىك قىلىپ قويۇشتىن خىجىل بولاتتى.

جىيا جېننىڭ ئىككى مۇلازىمىغا كەلسەك، ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ باۋئېر بىلەن هاراق ئىچكىلى تۇردى. باۋئېرنىڭ خوتۇنى نايناق چوكان ئوچاق بېشىدا ئىدى. شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت ئىككى چۆرە قىز كىرىپ زاڭلىق ئېتىپ هاراق ئىچمىمىز دېيىشتى. باۋئېر:

— غوجايىنىڭلارنىڭ خىزمىتىدە بولماي، سىلەرمۇ غىپپىدە بۇ يەرگە كىرىپسىلەر ـ دە. غوجايىن «قېنى سىلەر» دېگەندە ئادەم بولمىسا، ئىش چاتاق بولمامدۇ، — دېيۇدى، خوتۇنى:

— هاراقتا كاللىسى ئېلىشىپ كەتكەن نىجىس! گېلىڭغا سېرىق زەردابىنى ئۆكتۇرۇشنىلا بىل. ئۆكتۈرۈۋېرىپ مەست بولۇپ قالغان بولساڭ، بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ مۇردىدەك سوزۇلۇۋەرمەمسەن، — دەپ كايىدى، — چاقىرامدۇ، چاقىرمامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ۋاقتى كەلگەندە مانا مەن بار، هەرقانچە بوران چىقىپ سەل قۇيۇلغاندەك ئىش بولۇپ كەتسىمۇ، بەرىبىر سېنىڭ كاللاڭغا تامچىلىمايدۇ.

باۋئېر ئەسلىدە جىيالىيەننىڭ ئالدىدا خوتۇنىنىڭ كۈچى بىلەنلا ناهايىتى يۈزلۈك ئىدى. يېقىنىنىڭياقى ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرجېيېنىڭ ئالدىدا ناهايىتى كۆيۈپ ـ پىشىپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى، باۋئېر بولسا پۇل تېپىپ هاراق ئىچىشتىن باشقا هېچقانداق ئىش بىلەن چاتىقى يوق ئىدى. خوتۇنى نېمە دېسە، شۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمايتتى. شۇڭا، ئۇ خوتۇنىنىڭ بايىقى گېپىدىن كېيىن يەنە ئازراق ئىچىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئۇنىڭ خوتۇنى دېدەكلەر، مۇلازىملار بىلەن بىللە هاراق ئىچتى، مۇلازىملار بىلەن ئاغزىغا كەلگىنىچە چاقچاق قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچتى، ئارقىدىن بېرىپ جىياجېنغىمۇ ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن تەييار تۇردى. ئۇلار ئەنە شۇنداق تازا ئىچىپ يايراۋاتقان چاغدا، بىردىنلا دەرۋازا قاققان ئاۋاز ئاڭلاندى،

باۋئېرنىڭ خوتۇنى ئىتتىك تالاغا چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ قارىۋىدى، جىيالىيەن ئاتتىن چۈشۈۋېتىپتۇ، جىيالىيەن ئۇنىڭدىن بىرەر ئىش بولدىمۇ، دەپ سورىۋىدى، باۋئېرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ئاستا پىچىرلاپ:

— چوڭ بېگىم ھازىر مۇشۇ يەردە، كۈنپېتىش ھويلىدا، — دېدى.

جىيالىيەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل ئۆز ھۇجرىسىغا ماڭدى، يۇ ئېرجيې ئىككى دېدەك بىلەن ھۇجرىدا ئولتۇراتتى، جىيالىيەننى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىدا بىر ئاز خىجىللىق ئەكس ئېتىپ قالدى، جىيالىيەن ھېچنېمە بىلمىگەن كىشى بولۇپ:

— چاپسان شاراب كەلتۈرۈڭلار، ئىككى قەدەھتىن ئىچىۋالساق ئوبدان ئۇخلايمىز، بۈگۈن مەن ھېرىپ كەتتىم، — دەپ بۇيرۇدى.

ئېرجيې دەررۇلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى ئالدى، چاي تۇتتى ۋە ئۇنى - بۇنى سورىدى. خۇشاللىقىدا جىيالىيەننىڭ يۈرەكلىرى پىژىلداپ كەتتى. شۇ ئارىدا باۋئېرنىڭ خوتۇنى شاراب ئەكىردى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى قارشىپ ئولتۇرۇپ ئىچىشتى، ئىككى دېدەك پەگاھتا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

جىيالىيەننىڭ ئىشەنچلىك مۇلازىمى لۇڭئېر ئاتنى باغلاپ قويغىلى بېرىپ، ئېغىلدا تۇرغان يەنە بىر ئاتنى كۆردى، تازا سىنچىلاپ قارىۋىدى، جىياجېننىڭ ئېتى ئىكەن. لۇڭئېر بۇنى كۆڭلىدە بىلىپ، ئۇمۇ ئاشخانىغا كىردى. ئۇ يەردە شىڭئېر بىلەن شۇئېر ئىككىسىلا ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار لۇڭئېرنى كۆرۈپ، جىيالىيەننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى - دە:

— تازىمۇ ئوبدان چاغدا كەپسەن. بىز بېگىمنىڭ ئېتىغا يېتىشەلمەي، كېچىلىك تەقىبكە خىلاپلىق قىلىپ قويمايلى دېيىشىپ، مۇشۇ يەردە بىر ئورۇن تېپىپ قونايلى دەپ كېلىۋىدۇق، — دېيىشتى.

— غوجام مېنى ئايلىق پۇلنى ئەكېلىپ بېرىشكە ئەۋەتكەن. پۇلنى خېنىمغا تاپشۇرۇپ بەردىم، مەنمۇ كەتمەي مۇشۇ يەردە قونىمەن، — دېدى لۇڭئېرمۇ كۈلۈپ.
— بىزنىڭ بۇ ئۆيدە كاڭ بولسا بار، ھەممىڭلار قونۇشقا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى باۋئېرنىڭ خوتۇنى.
— بىز كۆپ ئىچىپ كەتتۇق، سەنمۇ بىر قەدەھ ئىچكىن، — دېدى شىئېر.
لۇڭئېر ئولتۇرۇپ قەدەھنى قولىغا ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ئېغىلنىڭ ئىچى ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇپ كەتتى، ئىككى ئات بىر ئوقۇردا سىغىشالماي، تېپىشىپ - چىشلىشىپ كەتكەندى. لۇڭئېر بىلەن ھېلىقىلار قوللىرىدىكى قەدەھلەرنى دەررۇ قويۇشۇپ ئېغىلغا يۈگۈردى. ئاتلارنى ۋارقىراپ توختىتىپ، ئايرىم - ئايرىم باغلاپ قويۇپ، ئاندىن يېنىپ كىرىشتى.
— ئوبدان ئۇكىلىرىم، ئەمدى ئۇخلاڭلار! مەن ئۇ تەرەپكە چىقىپ كىرەي، — دېدى باۋئېرنىڭ خوتۇنى كۈلۈپ.
ئۇچى ئۇنى تۇسۇۋېلىپ ماڭدۇرماي، ئۇنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ، مەيدىسىنى مىجىقلاپ ۋە ئېغىزلىرىغا كەلگىنىچە ۋالاقشىپ، ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىشتى.
بىرنەچچە قەدەھ ھاراق ئىچىپلا شىئېرنىڭ كۆزلىرى ئەلەس - بۇلەس بولغىلى تۇردى. لۇڭئېر بىلەن شۇئېر ئىشىكنى تاقىدى، كاڭدا سۇنايلىنىپ ياتقان شىئېرنى ئۇيان - بۇيان ئىتتىرىپ:
— سادىغاڭ كېتەي بۇرادەر، قوپۇپ تۈزۈكرەك ياتساڭچۇ، سەن بىر ئادەم راھەتتە ياتقىنىڭ بىلەن بىزگە جاي بولىدىكەن، — دېيىشتى.
— بىززە بۈگۈن راسا جايىدا ئىش قىلىپ بىر ئوچاقتا كۆمەچ پىشۇرىدىغان بولدۇق - دە، — دېدى شىئېر.
لۇڭئېر بىلەن شۇئېر ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي چىراغنى ئۆچۈرۈپ

يېتىشتى.

ئېرجىپ ئاتلارنىڭ ئوپۇر ـ توپۇرىنى ئاڭلاپ بەك ئەنسىرىدى ۋە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گەپ ـ سۆزلەر بىلەن جىالىيەنىنىڭ دىققىتىنى چالغىتىپ تۇردى. بىرنەچچە قەدەھ ئىچىپلا جىالىيەنىنىڭ ياشلىق ئىشقى قوزغالدى ـ دە، شاراب، مېۋە ـ چېۋىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇپ، ئىشىكنى ئېتىپ كىيىملىرىنى سالدى، ئېرجىپىنىڭ ئۈچىسىدا توق قىزىل جۇيازىلا قالدى. ئۇنىڭ چۈۋۈۋەتكەن قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى، باهاردەك ئوچۇق چىرايى ئۇنى كۆندۈزدىكىدىنمۇ بەك چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى. جىالىيەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھىجىيىپ:

ـــ ھەممە ئادەم مېنىڭ ھېلىقى ھازازۇل خوتۇنۇمنى گۈزەل دېيىشىدۇ، مېنىڭچە، ئۇ سېنىڭ ئايىغىڭغا يېتەكمۇ بولالمايدۇ، ـــ دېدى.

ـــ ھۆسن ـ چىرايىم بولسىمۇ، ئەمما سۆلكىتىم يوق، ئۇنىڭدىن كۆرە، ھۆسن ـ چىرايىنىڭ بولمىغىنىمۇ ياخشى ئىكەن، ـــ دېدى ئېرجىپ.

ـــ نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، ـــ دېدى جىالىيەن ئالدىراپ.

ـــ سىلەر مېنى ئەخمەق چاغلايسىلەر، مەن بىلمەيدىغان نېمە ئىش بار؟ ـــ دېدى ئېرجىپ يىغلاپ، ـــ ئىككىمىزنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولغىنىمىزغا ئىككى ئاي بولدى، بۇ ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، مەن سىزنىڭ ئەخمەق ئەمەسلىكىڭىزنى چۈشەندىم. مېنىڭ تىرىكىممۇ سىزنىڭ، ئۆلۈكۈممۇ سىزنىڭ! ھازىرغۇ ئىككىمىز ئەر ـ خوتۇن بولدۇق، مەن ئۆمۈرۋايەت سىزگە تايىنىمەن، سىزدىن بىرەر ئېغىز گەپنى يوشۇرمايمەن. مېنىڭغۇ يۈلەنچۈكۈم بار بولدى، ئەمدى كەلگۈسىدە مېنىڭ سىڭلىمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ مېنىڭچە، مۇشۇ ھالەتتە ئۆتۈۋېرىشىمۇ ياخشى چارە ئەمەس، ئۇزاقنى كۆزلەپ بىر ئامال قىلغىنىمىز

ياخشى بولارمىكىن دەيمەن.

— خاتىرجەم بول، مەن ئۇنداق كۆنلەمچىلەردىن ئەمەس، — دېدى جىيالىيەن ھىجىيىپ، — سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرغان بۇ ئىشنى مەنمۇ بىلىمەن، بۇ ھەقتە سەندە مۇجمەل خىياللار بولمىسۇن، ماڭا تەگكىنىڭدىن بۇيان، دەرۋەقە، چوڭ ئاكىمىزنىڭ ئالدىدا ساڭا يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتىن قورۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىرسەڭ، سەنجىيېنىمۇ ئاكامغا ئېلىپ بەرمەكتىن ئۇبدان ئىش يوق، بىزگىمۇ ھېچقانداق دەخلىسى يەتمەيدۇ، ھەممىمىز بىر داشقايناق بولىمىز. سېنىڭچە قانداق؟

— بۇ نىيىتىڭىزغۇ ياخشى، بىراق، بىرىنچىدىن، سىڭلىمنىڭ مىجەزى ئەسكى، ئىككىنچىدىن، بېگىمنىڭ يۈزىگىمۇ ياخشى بولماسمىكىن دەيمەن، — دېدى ئېرجيې يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، مەن مۇشۇ تۇرقىدىلا ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ پەردىشەپنى بۇزۇۋەتسەم ئىش تۈگەيدۇ، — جىيالىيەن شۇنداق دەپلا هاراقنىڭ كەيپى بىلەن كۆنۈپېتىش ھويلىغا ئۆتتى. ھۇجرىدا شام - چىراغلار چاقناپ تۇراتتى، جىيالىيەن:

— بېگىم بۇ يەردە ئىكەنسىز، كەمىنە ئىنىڭىز سالام بەرگىلى كىردىم، — دەپلا ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىردى.

جياجېن جىيالىيەننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇنى كۆرۈپ خىجالەتچىلىكتە قالدى، يۇ ئانىكىمۇ خىجىل بولدى.

— بۇنىڭ ھېچۋەقەسى يوق ! — دېدى جىيالىيەن كۈلۈپ، — بىز دېگەن ئاكا - ئۇكا، بۇرۇن قانداق ئۆتۈشەتتۇق؟ ئاكا، سىز مېنىڭ غېمىمنى يېدىڭىز، بۇنىڭ ئۇچۇن كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتسەممۇ مىننەتدارلىقىمنى ئادا قىلالمايمەن. ئەگەر كۆڭلىڭىزگە شەك كەلتۈرىدىغان بولسىڭىز، مەن بىئارام بولىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بالدۇرقىدەك ئۆتۈۋېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بولمىسا، كەمىنە ئىنىڭىز پۈتۈمنى تارتىمەن - دە،

www.uyghurkitap.com

بۇ يەرگە ئىككىنچى ئاياغ باسقۇچى بولمايمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا تىزلانماقچى بولۇۋىدى، جياجېن ھودۇقۇپ ئىتتىك ئۇنى يۆلەپ:

— ئۇكام، سەن نېمە دېسەڭ شۇ، بۇيرۇقۇڭغا ئىتائەت قىلىمەن، — دېدى.

— قېنى ئەكېلىڭلار، ئاكام بىلەن ئىككى قەدەھ ئىچىمەن، — دېدى جياليەن. ئاندىن سەنجيېگە قاراپ پىخىلداپ كۈلدى، — سىڭلىم، نېمە ئۈچۈن ئاكام بىلەن جور بولۇپ ئىچمەيسىز؟ ئاكام بىلەن سىڭلىمنى مۇبارەكلەپ بىر قەدەھ تۇتاي، — دېدى.

سەنجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كاڭغا چىقتى - دە، جياليەننى كۆرسىتىپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، شۇنداق دېدى:

— ماڭا تىل ياغلىمىچىلىق قىلمايلا قويسىلا! مېنىڭ قايناتسىمۇ شورپىمىز قوشۇلمايدۇ، سىلى تاۋاقلىرىدىكىنى يەۋەرسىلە، ھېزى بولسىلا، قورچاق ئوينىتىمەن دەپ سەھنىگە چىقىپ كارامەتلىرى ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن. سىلى ئۇنداق ئەخمەقلەرچە ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئۆزلىرى ئالداپ، بىزنى سىلىنىڭ خانىدانلىرىدىكى ئىشلارنى بىلمەيدۇ، دەپ چاغلىمىسىلا! شۇ تۇرقىدا سىلەر ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلار سېسىق پۇلۇڭلاردىن ئازراق خەجلەپ قويۇپ، بىز ئاچا - سىڭىل ئىككىمىزنى جالاپ قاتارىدا ئوينىتىپ كۆڭلۈڭلارنى ئاچماقچى بولۇۋاتىسىلەر. سىلەر چوتنى خاتا سوقۇۋاتىسىلەر! سىلىنىڭ ئاۋۇ خوتۇنلىرىنىڭ راسا بالا - قازا خوتۇن ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن، بۈگۈن سىلى مېنىڭ ئاچامنى ئالداپ ئىككىنچى ئاغىچىلىققا ئېلىۋالدىلا، ھازىر «ئوغرىلاپ كەلگەن ناغرىنى چالغىلى بولمىغاندەك» ئىش بولۇۋاتىدۇ. مەنمۇ ئاشۇ فېڭجيې خېنىم بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقاي، قېنى ئۇنىڭ نەچچە كاللىسى، نەچچە قولى باركىن؟ ئەگەر ھەممىيلەن تۈزۈك ئۆتىدىغان بولساق، مەيلى دەيمەن، ناۋادا سەللا كۆڭۈلگە

ياقمايدىغان ئىش چىقىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئىككىلىرىنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويۇپ، ئاندىن ھېلىقى كۆكەرمە خوتۇنغا جېنىمنى تىكىمەن، بۇ قولۇمدىن كېلىدۇ! شاراب ئىچىشتىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ؟ قېنى ئىچىمىز! ـــ سەنجىيې شۇنداق دەپلا شارابدانىنى قولىغا ئېلىپ بىر قەدەھ قۇيىدى ـ دە، يېرىمىنى ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن جيالىيەننى تارتىپ، قالغان يېرىمىنى ئۇنىڭغا ئىچۈرمەكچى بولدى، ـــ سىلىنىڭ ئاكىلىرى بىلەن ئىچىشىپ باقمىغۇدىم، ئەمدى سىلى بىلەن ئىچىمەن، قېنى ئىككىمىز بىر يېقىنلىشىپ باقايلى.

قورققىنىدىن جيالىيەننىڭ مەستلىكى يېشىلىپ كەتتى. جياجېنمۇ سەنجىيېنى بۇنداق يۈزسىزلىك قىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئىشقىۋازلىق سورۇنلىرىدا ئويناپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەملەردىن ئىدى، ئۇلار بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق بىر قىز بالىنىڭ گېپىگە گەپ ياندۇرالماي قېلىشلىرىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى.

سەنجىيې ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى:

ـــ ئاچامنىمۇ چاقىرايلى! كۆڭۈل ئاچىدىغان بولساق، تۆتىمىز بىللە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشايلى! «قولغا كىرگەن غەنىيمەت» دېگەن گەپ بار، سىلەر ئىككىڭلار ئاكا ـ ئۇكا، بىز ئىككىمىز ئاچا ـ سىڭىل، بىر ـ بىرىمىزگە يات ئادەملەر ئەمەس، قېنى كېلەيلى ئەمىسە!

يۇ ئانىكا خىجالەتچىلىكتە قالدى. جياجېن ئاستا تىكىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، سەنجىيې نەدە ئۇنىڭغا يول قويسۇن؟ جياجېن شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇنداق قىز ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغاچقا، جيالىيەن بىلەن ئۆزىنىڭ تەنتەكلىك قىلىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

سەنجىيې بېشىدىكى بېزەكلىرىنى ئېلىۋەتتى، چاپىنىنى سالدى، چاچلىرىنى پاخپايتىپ ئۇستىگە تۇرمەللەپ قويدى،

www.uyghurkitap.com

ئۇچىسىدىكى توق قىزىل جۇيازىسىنىڭ ئالدىنى يېرىم ـ يارتا ئېچىۋېتىپ، يېشىل باغىردىقىنى قەستەن چىقىرىۋىدى، ئاپپاق كۆكرىكى كۆرۈنۈپ قالدى. چىرايلىق يېشىل ئىشتاننى بىلەن قىزىل خېيى كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇ بىردەم ئورنىدىن تۇراتتى، بىردەم ئولتۇراتتى، بىردەم خۇشال بولاتتى، بىردەم تېرىكەتتى، ئۇنىڭدا سىپايىلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. قۇلىقىدىكى بىر جۇپ سىرغىسى خۇددى ئىلەڭگۈچتەك سىلكىنىپ تۇراتتى، چىراغ يورۇقىدا ئەگىم قارا قاشلىرى تېخىمۇ قارىيىپ، لەۋلىرى ئانارنىڭ دانىسىدەك كۆرۈنەتتى. بىر جۇپ تىنىق كۆزلىرى بىرنەچچە قەدەھ شاراب ئىچكەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئويناپ چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن جياجېن بىلەن جياليەن يا يېقىن كېلەلمەي، يا نېرى كېتەلمەي گاڭگىراپ، ئىككىسى ئەس ـ ھوشلىرىنى يوقىتىپ، ئېغىزلىرى ھاڭ قېلىشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بايىقى گەپلىرى بۇ ئىككىسىنى قاقشان قوزۇقتەك قىلىۋەتكەنىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئامالسىز قالدى، ھېچكىمگە گەپ بەرمەي، ئىشقى گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا يۈرەكلىككىنە بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىشالمىدى. سەنجيې ئۆزى گەپ سېتىپ، خالىغىنىچە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىچە ھەررەڭ ـ سەررەڭ گەپلەرنى قىلىپ، بىر پەس ئويناقشىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى ئۆز مەيلىچە مازاق قىلىپ كۆڭلىنى ئاچتى. بىردەمدىن كېيىن شارابقا تويۇپ راسا كەيىپ بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنى كۆپ ئولتۇرغۇزماي، ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى ـ دە، ئىشىكنى ئېتىپ ئۇخلاشقا ياتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ دېدەكلەر بىلەن خىزمەتكار ئاياللار ئىشلىرىدا سەللا كەتكۈزۈپ قويىدىغان بولسا، جياجېن، جياليەن، جيارۇڭ ئۇچىنى تۈل خوتۇن بىلەن يېتىم قىزلارنى ئالدىدى، دەپ يامان سۆزلەر بىلەن قاتتىق تىللايدىغان بولۇۋالدى. جياجېن شۇ كەتكەنچە بۇ يەرگە ئاسانلىقچە

كەلمەيدىغان بولدى. سەنجىي خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە مۇلازىم بالىنى بۇيرۇيتتى. جياجېن بۇ يەرگە كەلگەن ھالەتتىمۇ، سەنجىيىنىڭ مەيلىگە بېرىلىپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلماي قاراپلا ئولتۇراتتى.

ئوقۇرمەن، قۇلاق سېلىڭ: يۇسەنجىيىنىڭ تۇغما مىجەزى باشقىلارنىڭكىدىن غەلىتە ئىدى. ئۇ چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن گۈزەللەردىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزگىچە كىيىنىشنى ياخشى كۆرگەچكە، خىلمۇخىل ياسىنىپ يۈرەتتى ۋە ھەرقانداق ئادەم قاملاشتۇرالمايدىغان خىلمۇخىل ناز ـ قىلىقلارنى قىلاتتى. ئەرلەرنىڭ ئىچىدە جياجېن بىلەن جيالىيەنگە ئوخشاش ئىشقىۋاز بەگزادىلەر بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىشقى يوق، ياۋاش ئادەملەر، ھەرقانچە تاش يۈرەك بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ ئېرىمەي قالمايتتى. ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ھېيىقماس ئوچۇق كۆڭۈللۈكلۈكى، بىنەزەر كۆرەڭلىكى كىشىدە قوزغالغان ھەۋەسكە هاي بېرەتتى ـ دە، كىشى ئۇنىڭغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالماي قالاتتى. بالدۇر جياجېننىڭ ئېرجىي بىلەن قىلىشمىغىنى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بارا ـ بارا ئۇنىڭدىن زېرىكىپ، پۈتۈن نىيىتىنى سەنجىيگە باغلىغان، ئېرجىيىنى بولسا خۇشاللىق بىلەن جيالىيەنگە ئۆتۈنۈپ، ئۆزى سەنجىيگە چاپلاشقانىدى. بىراق، سەنجىي كىشىنى چاقچاق قىلىشقا، چېقىلىشقا پېتىنالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ، ئاجايىپ قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئېرجىي ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلسا، ئۇ: «ئاچا، ئەخمەق ئىكەنسەن! بىز بولساق ئالتۇندەك ئېسىل ئادەملەر، بىكاردىن ـ بىكار بۇنداق ئىككى شەرمەندە ـ رەسۋاغا ئۆزىمىزنى بۇلغاتساق، ئامالسىز بىچارىلەردىن سانىلىپ قالىمىز! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇچىغا چىققان يامان خوتۇن، بۈگۈنغۇ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، قارىماققا بۇ ئىشقۇ ياخشى، ناۋادا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇ خەۋەر تاپىدىغان بولسا بىزنى جىم قويارمۇ؟

جېدەلنىڭ چوڭى شۇ چاغدا چىقىدۇ، ئۇ چاغدا ئىككىسىگىلاردىن قايسىڭلار ئۆلۈپ، قايسىڭلار قالىسىلەر، تەڭرى ئۆزى بىلىدۇ. بۇنداق تۇرسا، بۇ يەرنى خۇشال ـ خۇرام كۈن ئۆتكۈزىدىغان جاي دېگىلى بولامدۇ؟» دەيتتى. ئانىسى بىلەن ئاچىسى ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا نەسىھەتنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى.

سەنجىيې ئەمدى ھەر كۈنى كىيىمنىڭ ياخشىسىنى، تاماقنىڭ سەرخىلىنى تاللايتتى، كۈمۈش جابدۇقلىق قانائەتلەنمەي ئالتۇن جابدۇق تەلەپ قىلاتتى، مەرۋايىتقا ئىگە بولسا گۆھەر سورايتتى. بىر تۇرۇپ غاز گۆشى يەيمەن دېسە، بىر تۇرۇپ ئۆردەك گۆشى يەيمەن، دەيتتى. كۆڭلىگە ياقماي قالغاندا جوزىنى ئۇستىدىكى تائاملار بىلەن قوشۇپلا تېپىپ ئۆرۈۋېتەتتى. كىيىملىرى كۆڭلىگە پىسەنت كەلمىسە، مەيلى تاۋار ـ دۇردۇندىن تىكىلگەن يېڭى كىيىملەر بولسىمۇ قايچا بىلەن قىيىپ ـ قىيىۋېتەتتى، ھەربىر يىرتقىنىدا بىر ئېغىز تىللايتتى. جياجېنلار بىر كۈن بولسىمۇ ھەرقانداق قىلىپ ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن بىھۇدە پۇل خەجلىۋەتتى.

جياليەن كەلسە ئېرجىيېنىڭ ھۇجرىسىدىلا بولاتتى، ئەمدى ئۇمۇ ئاستا ـ ئاستا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى، بىراق ئېرجىيې مېھرىلىك ئايال ئىدى ھەم جياليەننى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك غوجىسى دەپ بىلەتتى، ھەرقانداق ئىشتا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتەتتى. ئېرجىيې يېقىملىق ۋە مۇلايىملىقتا فېڭجيېدىن خېلى ئۈستۈن تۇراتتى، چىراي ـ شەكىل ۋە گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتىمۇ فېڭجيېدىن قېلىشمايتتى. لېكىن، مۇدىرلۇپ كېتىپ، يولدىن «ئازدى» دېگەن ئاتاقتا قالغاندىن كېيىن، بىر ئادەمنىڭ ھەرقانچە ياخشى تەرەپلىرى بولسىمۇ بەرىبىر كۆزگە كۆرۈنمەيدىكەن. شۇنداقتىمۇ جياليەن: «كىم خاتالاشمايدۇ؟ خاتالىقنى بىلىپ ئۇنى تۈزەتسىلا بولدى» دەيتتى ـ دە، ئۇنىڭ يولدىن ئېزىپ قىلغان بۇرۇنقى ئىشلىرىنى تەگمەي،

هازىرقى ياخشىلىقنىلا نەزەردە تۇتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئېرجىيېگە ئېجىل بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇشقا قەسەم قىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقسىغا فېڭجىيې بىلەن پىكىئېر بولسۇن؟

ئېرجىيېمۇ يوتقاندا يېتىپ تۇرۇپ دائىم جياليەنگە سىڭلىسى توغرۇلۇق گەپ قىلاتتى:

ــ جياجېن بېگىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوبدان تونۇشلاردىن بىرنى تاپقان بولساڭلار، سىڭلىمنى ياتلىق قىلىۋەتكەن بولساق ئوبدان بولاتتى. ئۇنى ئەمدى داۋاملىق ساقلاۋېرىشمۇ ياخشى ئەمەس، بۇنداق كېتىۋەرسە ئاخىر چاتاق چىقىدۇ.

جياليەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

ــ قايسى كۈنى بۇ توغرىدا ئاكامغا مەلۇم قىلىۋىدىم، ئۇنىڭ سەنجيېگە زادىلا كۆزى قىيمايۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا يەنە: «قىزىق كاۋاپ ئېغىزنى كۆيدۈرىدۇ»، «قىزىلگۈل چىرايلىق بولغىنى بىلەن، تىكىنى تولا، قولغا سانجىلىدۇ»، بەرىبىر بىز ئۇنى تۇتۇپ قالالمايمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە راۋرۇس ئادەم تېپىپ شۇنىڭغا ياتلىق قىلىۋېتەيلى، دېۋىدىم، ئۇ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي قولىنى سىلكىپلا قويدى. بۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار دەيسەن؟

ــ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، ــ دېدى ئېرجىيې، ــ ئەتە بىز سەنجيېگە نەسىھەت قىلىپ باقايلى، كۆڭلىدىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن مەيلىگە قويۇۋېتەيلى. ئويناپ ـ ئويناپ ئامال بولمىغاندا، شۇنىڭغا تېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ــ بۇ جايدا گەپ بولدى، ــ دېدى جياليەن ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ.

ئەتىسى ئېرجىيې ئايرىم داستىخان راسلىدى، جياليەنمۇ تالاغا چىقمىدى، چۈش بولغاندا ئېرجىيې سىڭلىسى بىلەن ئانىسىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. سەنجيې بۇ

ئولتۇرۇشنىڭ تېگىگە يەتتى ـ دە، ئاچىسى شارابنى ئەمدىلا قويۇپ ئېغىز ئاچقۇچە، كۆز يېشى قىلىپ ئۆزى ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

ــ ئاچا، بۈگۈن مېنى بۇ چىللىشىڭدا چوقۇم ماڭا قىلىدىغان مۇھىم بىر گېپىڭ بار. مەن ئۇنداق گالۋاڭ ئادەملەردىن ئەمەسمەن، ئەزمەڭنى ئېزىپ تىلىڭنى چاينىمايلا قوي، ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرىم بار، ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشىڭمۇ پايدىسى يوق! بۈگۈن سەن ئوبدان جاي تېپىپ ماكانلىق بولدۇڭ، ئانامۇ كۈنىنى ئۆتكۈزىدىغان جايغا ئىگە بولدى، ئەمدى مەنمۇ ئۆزۈمگە لايىق بىر جاينى تاپسام، ئاندىن ئورۇنلۇق ئىش قىلغان بولىمەن، لېكىن ئادەم دۇنياغا بىر كېلىدۇ، بىر كېتىدۇ، توي ئىشى ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش. خەقلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئېرەكتە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىزنى قەستلەپ نېمە كويلاردا يۈرۈيدىكىنتاڭ! مەن تەرىمنى تۇرۇپلا يۈزسىزلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلار مېنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالماي كەلدى. ئەمدى بۇ ئۆمۈرلۈك ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە، مەن نومۇسنى بىلمەيدىغان قىز بالا ئەمەس، مەن كۆڭلۈمگە ياقىدىغان، مىجەزىم كېلىشىدىغان ئادەمنى تاپقاندا، ئاندىن شۇنىڭغا تېگىمەن. سىلەر تاپقان ئادەمنىڭ پۇلى، ئابرۇيى بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلۈم چۈشمىسە، ئۆمرۈم ئاققان سۇدەك بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ!

ــ بۇمۇ ئاسان گەپ، ــ دېدى جيالىيەن ھىجىيىپ تۇرۇپ، ــ ئەمىسە سىز كىمنى دېسىڭىز، شۇنىڭغا قىلايلى. كېتىدىغان توپلۇقنى مانا بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز، ئانامۇ بۇنىڭغا باش قاتۇرمىسۇن.

ــ بۇ ئىشتىن ئاچامنىڭ خەۋىرى بار، مېنىڭ دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ــ دېدى سەنجيې.

ــ كىم ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى جيالىيەن كۈلۈپ ئېرجيېدىن.

ئېرجيې دەماللىققا ئېيتسىگە ئالالمىدى. جيالىيەن كۆڭلىدە

چوقۇم شۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئەمەس دەپ ئويلىدى ـ دە، ئالقىنىغا ئۇرغىنىچە:

— مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلدىم، كۆزىڭىز راستلا ئۆتكۈر ئىكەن، — دېدى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى ئېرجىي كۈلۈپ ئۇنىڭدىن.

— ئۇنىڭدىن باشقا كىشىگە ئۇنىڭ كۆڭلى چۈشەمتى؟ ئۇ چوقۇم باۋىيوي، — دېدى جيالىيەن ھىجىيىپ.

ئېرجىي بىلەن يۇ ئانىكا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، راست باۋيۇي ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشتى.

سەنجيې يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپ:

— مۇبادا بىز ئاچا ـ سىڭىل ئونەيلەن بولغان بولساق، سىلەر ئاكا ـ ئۇكا ئونەيلەنگە تېگىشىمىز كېرەك ئىكەن ـ دە! جاھاندا سىلەرنىڭ ئائىلىدىكىلەردىن باشقا ھېچقانداق ياخشى ئەر يوقمۇ؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇچەيلەن ھەيران قېلىشتى ۋە:

— ئۇ بولمىسا، ئەمىسە كىم؟ — دېيىشتى.

— كۆز ئالدىڭدىكىنىلا ئويلىماي، ئاچا، بەش يىلنىڭ ئالدىدىكىنى ئويلىساڭ بىلىسەن، — دېدى سەنجيې.

گەپ ئۇستىگە جيالىيەننىڭ ئىشەنچلىك مۇلازىمى شىڭئېر ئۇشتۇمتۇت جيالىيەننى چاقىرغىلى كىرىپ قالدى.

— ئۇ تەرەپتە ئۆزلىرىنى كەلسۇن دەپ چوڭ بېگىم كۈتۈپ قالدى، پېقىرلىرى سىلىنى بەگ تاغىمىزنىڭكىگە كەتكەن دەپ جاۋاب بېرىپ، بۇ يەرگە ئالمان ـ تالمان چاقىرغىلى كەلدىم.

— تۈنۈگۈن ئۆيدىكىلەر مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى سورىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جيالىيەن ئالدىراپ.

— پېقىرلىرى كېلىشتىن ئاغىچىغا: بېگىم ئائىلىمىزۋى ئىبادەتخانىدا جياجېن بېگىم بىلەن سەد پارە نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ قالدى. بۇگۈن كېلەلمەسلىكى مۇمكىن، دېدىم، — دېدى شىڭئېر.

جيالىيەن ئاتنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى، ئۇنىڭ بىلەن لۇڭئېر بىللە كېتىپ، شىڭئېر بۇ يەردىكى ئىشلاردىن خەۋەر ئېلىشقا قېلىپ قالدى.

بۇ ئېرجيې ئىككى تەخسە ئەكەلدۇردى ۋە چوڭ جامغا شاراب قۇيدۇرۇپ، شىڭئېرنى كاڭنىڭ تۇۋىدە ئۆرە تۇرغىنىچە ئىچىشكە بۇيرۇدى، ئاندىن ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن گەپ قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن: «كېلىن خېنىملار نەچچە ياشلاردا بار؟ ئۇ قانداقسىغا يامان؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم نەچچە ياشقا كىردى؟ خان قىز نەچچەيلەن؟» دېگەنگە ئوخشاش ئادەتتىكى سوئاللارنى سورىغىلى تۇردى.

شىڭئېر كاڭنىڭ تۇۋىدە ھېچبىر ئۆرە تۇرغىنىچە، بىر تەرەپتىن شاراب ئىچىپ، بىر تەرەپتىن رۇڭگو قەسرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىردىن ـ بىرلەپ ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. ئارقىدىن ئۇ يەنە شۇنداق دېدى:

— مەن ئارا ئىشىككە قارايدىغان گېزەكچى، بىز جەمئىي ئىككى گېزەك ئادەم، ھەر گېزەكتە تۆتتىن جەمئىي سەككىز ئادەم بار. بىرنەچچەيلەن كېلىن ئاغىچىنىڭ يېقىنلىرى، بىرنەچچىمىز غوجامنىڭ يېقىنلىرى، كېلىن ئاغىچىنىڭ يېقىنلىرىغا بىز چېقىلالمايمىز، غوجامنىڭ يېقىنلىرىغا كېلىن ئاغىچا چېقىلالايدۇ. گەپ قىلىپ كەلسەك، كېلىن ئاغىچىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرىگە دېگىلى بولمايدۇ! ئۇنىڭ دىلى زەھەر، تىلى نەشتەر. بىزنىڭ غوجاممۇ يامان ئەمەس ئادەم، لېكىن ئۇ غوجامنى كۆزگە ئىلمايدۇ! ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان پىڭئېر دېگەن بىر قىز بار، ئۇنىڭ خەقلەرگە مۇئامىلىسى بەك ئوبدان، ئۇمۇ كېلىن ئاغىچا بىلەن بىر مىجەزدە بولسىمۇ، ھەرھالدا كېلىن ئاغىچىغا ئۇقتۇرماي يەڭ ئىچىدە دائىم ئانچە ـ مۇنچە ياخشىلىق قىلىپ تۇرىدۇ. بىزدىن بىرەر ناماقۇلچىلىق ئۆتۈپ قالىدىغان بولسا، كېلىن ئاغىچا ھەرگىز يول قويمايدۇ، ئاشۇ پىڭئېرغا يالۋۇرساقلا ئىش تۈگەيدۇ. ھازىر خانىداندا ئۇلۇغ

ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىم ئىككىيلەندىن باشقا، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئىچىدە فېڭجېيىگە ئۆچ ئەمەس بىرمۇ ئادەم يوق، بىراق ھەممەيلەن يۈز كېلەلمەيلا ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ كېلەلمەيدۇ دەپ چاغلاپ، ھەدېسىلا ئۇستاتلىق قىلىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمغا ياراپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن، ئۇنى توسۇشقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ. ئۇ: كۈمۈش پۇلنى تېجەپ تاغدەك دۆۋىلىۋەتسەم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم مېنى كۆن ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى بىلىدۇ، دەپ ماختىسا دەيدىغان كويدىلا يۈرىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قىينىلىشى بىلەن كارى يوق، ئۆزىلا ياخشچاق بولسا بولدى. بىرەر ئوبدان ئىش بولۇپ قالسا، باشقىلار بىرىپ ئېيتقۇچە ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ ياخشى نامغا ئىگە بولىدۇ. يامان ئىش بولۇپ قالسا ياكى ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئۆتسە، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ باشقىلارغا دۆڭگەيدۇ. تېخى بىر چەتتە تۇرۇپ ھەدەپ ئوت قويۇرۇقلۇق قىلىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھەقسقى قېيىنئانىسىمۇ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ: «قۇشقاچتەك دان كۆپ يەرگە ئۇچىدۇ»، «قارا مېكىياندەك ھەممىگە قانات كېرىيدۇ» ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشى بىلەن كارى يوق، باشقىلارنىڭ ئىشىغا قالايمىقان چات كېرىپ يۈرگىنى يۈرگەن، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھىمات بولمايدىغان بولسا، قېيىنئانىسى ئاللىقاچان ئۇنى ئۆز يېنىغا ئاچىقىۋالغان بولاتتى.

— ئۇنىڭ كەينىدىن مۇنداق غەيۋەت قىلىشقىنى قارىغاندا، كېيىن مېنىڭ كەينىمدىنمۇ نېمىلەرنى دەپ غەيۋەت قىلىسەنكىنتاڭ! مەن تېخى ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىمەن، ئۇنداق بولغاندىكىن، مېنى تېخىمۇ دەپ ـ ئېيتارسىلەر، — دېدى ئېرجىپ كۈلۈپ.

— خېنىم، ئۆزلىرى مۇنداق دەيدىغان بولسىلا، پېقىرلىرى بېشىمدا چاقماق چېقىشىدىن قورقمامدىمەن؟ — دېدى شىڭئېر

ئىتتىك تىزلىنىپ، — بىز چاكارلارنىڭ تەلىيىمىز بولغان بولسا، غوجام ئۆزلىرىنى بالدۇر ئالغان بولاتتى، ئۆزلىرىدەك كىشىگە ئۇلاشقان بولساق بىز چاكارلارمۇ تىل - تاياقتا ئازراق ئۇچرىغان بولاتتۇق، كۈنىمىزمۇ ئانچە دەككە - دۇككىدە ئۆتمىگەن بولاتتى. غوجامنىڭ كەينىدە يۈرگەن بىز بىرنەچچىمىزدىن خېنىم ئۆزلىرىنى پەزىلەتتە كامىل ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ئىچ ئاغرىتىدىغان خېنىم ئىكەن دەپ ئالدى - كەينىلىرىدە ماختىمايدىغىنىمىز يوق ! ئۆزلىرىنى، ئوتتۇرانچى غوجامدىن بىزنى سورىۋالغان بولسا، خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا رازى ئىدۇق دەپ مەسلىھەتلىشىۋاتىمىز.

— بەك لولا نېمە ئىكەنسەن، تۇرە ئورنۇڭدىن ! — دېدى ئېرجىيې كۈلۈپ، — بىر ئېغىز چاقچاق گەپكىمۇ شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكەن بارمۇ؟ بۇ يەرگە كەلسەڭلار نېمە ئىش قىلاتتىڭلار، مەن تېخى بېرىپ سىلەرنىڭ كېلىن ئاغىچاڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن.

— خېنىم، ھەرگىز بارغۇچى بولمىسىلا ! — دېدى شىڭئېر ئىتتىك قولىنى چايقاپ، — ئۆزلىرىگە شۇنى دەپ قوياي، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي قويغانلىرى ياخشى ! «ئاغزى شېكەر، دىلى زەھەر، ئىككى يۈزلىمىچى»، «كۈلۈپ تۇرۇپ تۈيدۈرماستىن كىشىنى پۇتلايدۇ»، «ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا تېپىلىدۇ، ھەتتا سەنجيې خېنىممۇ ئۇنىڭغا گەپتە تەڭ كېلەلمەسمىكىن دەيمەن ! خېنىم، ئۆزلىرى دېگەن شۇنداق ئەدەپلىك، ئاق كۆڭۈل تۇرسىلا، ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيلا؟

— مەن ئۇنىڭغا ئەدەپ - قائىدە بويىچە مۇئامىلە قىلسام، ئۇ مېنى نېمە قىلالايتتى؟ — دېدى ئېرجىيې كۈلۈپ.

— پېقىرلىرى ھاراق ئىچكەنلىكىمدىن ئاغزىمغا كەلگىنىنى سۆزلەۋاتقىنىم يوق، — دېدى شىڭئېر، — خېنىم، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا يول قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىدىن سىلىنىڭ چىرايلىق

ئىكەنلىكلىرىنى ۋە خەقلەر ئۇنىڭغا قارىغاندا سىلىنى كۆپرەك ياقتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسە، ئاسانلىقچە بوپتىلا دەپ جىم يۈرىدۇ دەملا؟ باشقىلار كۈنلەش سۇ كوزىسى بولسا، ئۇ دېگەن كۈنلەشنىڭ ئىدىشى، كۈپى ! غوجام دېدەكلەرنىڭ ئىچىدىن بىرسىگە كۆپرەك قاراپ قويسا، ئاشۇ دېدەكنى غوجامنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇرۇپ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىۋېتىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. پىڭئېر قىز ئۆي كىشىسى بولۇپ شۇ ھۇجرىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يىلدا بىرەر قېتىم غوجام بىلەن بىر يەردە بولۇپ قالسا، ئۇ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تەرگەپ، ئۇن قېتىملاپ ئەدىپىنى بېرىدۇ. ئاچچىقىدا پىڭئېرنىڭ خۇيى تۇتۇپ: «ئۇنىڭ كەينىگە مەن كىرىۋالغىنىم يوققۇ ! ئۆزلىرى مېنى قىستايلا، ئۇنىمىسام، بويۇن تولغىدىڭ دەيلا، ئەمدى كېلىپ مۇنداق قىلىدىلا» دەپ يىغلاپ، ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ. ئاندىن ئۇمۇ بولدى قىلىپ، پىڭئېرگە يالۋۇرغىلى تۇرىدۇ.

— يالغان ئېيتمايدىغانسەن؟ — دېدى ئېرجىي كۈلۈپ، — ئاشۇنداق ھازازۇل تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۆي كىشىسىدىن قورقىدىكەن؟

— «ئۈچ ئادەم تەڭ سۆزلىسىمۇ قائىدە ـ يوسۇن دېگەن بىر ئېغىز سۆزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ»① دەيدىغان ماقال بار. پىڭئېر ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ بىللە كېلىۋاتقان دېدىكى، فېڭجيېگە يانچى بولۇپ تۆت دېدەك بىللە كەلگەنىدى. ئۇلاردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ياتلىق بولغىنى ياتلىق بولۇپ، ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇ بىر دېدىكى قالغان، ئۇنى ئۆزىگە ھۇجرىداش قىلىۋالغانىدى. ئۇ ھەممىگە قابىل ھەم غوجامنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە باغلىۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېقىمچىلىق قىلمايدىغان راۋۇرۇس قىز، چىن كۆڭلى ۋە ساداقىتى بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچقا، شۇ

① «قائىدە ـ يوسۇن» — بۇ يەردە فېئوداللىق ئەدەپ ـ ئەخلاق، يەنى «بىر ئەر كۆپ خوتۇن ئېلىش» تۈزۈمى دېگەن مەنىدە. فېڭجيې ھازازۇل بولسىمۇ، بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلالمايدۇ، دېمەكچى.

ھۇجرىغا سىغىپ كېلىۋاتىدۇ.
— ھە، مۇنداق گەپ دېگىنە، — دېدى ئېرجىيى تەبەسسۇم بىلەن، — ئاڭلىشىمچە، سىلەردە يەنە بىر تۇل كېلىن ئاغىچا بىلەن بىرنەچچە خان قىزلار بار ئىكەن، ئۇلار ئۇنىڭ شۇنداق يامانلىقىغا يول قويامدۇ؟

شىڭئېر ئالىقىنىغا ئۇرۇپ، كۈلۈپ كەتتى:

— خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئىشلاردىن خەۋەرلىرى بولمىسا كېرەك. بىزنىڭ خاندانىدىكى ئۇ تۇل كېلىن ئاغىچا بىرىنچى قاتاردىكى ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك ئايال، ئەزەلدىن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن كارى يوق. خان قىزلارغا كىتاب ئوقۇش، خەت يېزىش، يىڭنە ئىشى قىلىشنى ئۆگىتىشنىلا بىلىدۇ، قىلىدىغان ئىشى شۇ. ئۆتكەندە بىزنىڭ كېلىن ئاغىچا كېسەل بولۇپ قېلىپ، بۇ چوڭ كېلىن ئاغىچا ئائىلە ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق بىرنەچچە كۈن باشقۇرۇپ تۇرغاندا، ساپلا كونا قائىدە ـ تۈزۈملەر بويىچە ئىش ئېلىپ باردى، بىزنىڭ كېلىن ئاغىچىغا ئوخشاش ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشمىدى. بىزنىڭ چوڭ خان قىزنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ سىغمايدۇ. ئىككىنچى خان قىزنىڭ لەقىمى «ياغاچ»، ئۈچىنچى خان قىزنىڭ لەقىمى «ئەتىرگۈل»: ھەم قىزىل، ھەم پۇراقلىق، ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كەلمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، بىراق تىكىنى بار، قولغا سانجىلىدۇ. شۇغىنىسى، ئاغىچا خېنىم تۇغقان قىز ئەمەس، «قاغا چاڭگىسىدىن چىققان سۇمۇرغ»! تۆتىنچى خان قىز تېخى كىچىك، جياجېن بېگىمنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى، ئۇنى ئاغىچا خېنىم كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۇنىڭمۇ ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق. خېنىم، سىلى ئۇقمايلا، بىزنىڭ خاندانىدىكى خان قىزلاردىن باشقا يەنە ئىككى خان قىز بار، ئۇنداق قىزلار ھەقىقەتەن دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ! ئۇنىڭ بىرسى مەرھۇم چوڭ خېنىمنىڭ قىزى، فامىلىسى لىن، بىرسى ھامما خېنىمنىڭ قىزى، فامىلىسى شۆ. بۇ ئىككى خان قىز پەرىزاتنىڭ

ئۆزى، ئۇلار ھەم ئوقۇغان، ساۋاتلىق. بىز ئۇلارنى يا تالاغا چىقىش ئۈچۈن تەختىراۋانغا چۈشۈۋاتقان چاغدا ياكى بولمىسا باغدا ئۇچرىتىپ قالساق، تىنىقىمىزنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمايمىز.

— سىلەرنىڭ خانىدانىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى قاتتىق، ئۇلار بار يەرگە پەقەت كىچىك باللارلا كىرەلەيدىكەن، شۇلارمۇ خان قىزلارغا ئۇچرىشىپ قالغاندا، يىراقتىنلا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشى كېرەك تۇرسا، تىنىقىڭلارنى چىقىرىشقا پېتىنغۇدەك نېمە تىنىق بولاتتى؟ — دېدى يۇ ئېرجيې كۈلۈپ كېتىپ.

— بۇ مېنىڭ تىنىشقىمۇ پېتىنالمايمىز دېگىنىم ئەمەس، — دېدى شىڭئېر قولىنى چايقاپ، — بىز، تىنىقىمىز قاتتىقراق چىقىپ كەتسە لىسىن خېنىمنى ئۈرۈۋېتەرمىكىن، ئىسسىقراق چىقىپ كەتسە شۆ خېنىمنى ئېرىتىۋېتەرمىكىن، دەپ قورقىمىز.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.

يۇ سەنجيېنىڭ كىمگە ياتلىق بولماقچى ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش ئالتىنچى باب

## ئاشىق بولغان سىڭلىسىنىڭ ئىشىق دەردىدە خورلۇق كۆرۈپ جەھەننەمگە سەپەر قىلغانلىقى
## رايى قايتقان يىگىتنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم قويغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، شىڭئېرنىڭ تىنىقىمىز قاتتىقراق چىقىپ كەتسە، لىن خېنىمنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن، ئىسسىقراق چىقىپ كەتسە، شۇ خېنىمنىڭ ئېرىپ كېتىشىدىن قورقىمىز، دېگەن گېپى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— بۇ گەپلەرنىڭ راستىمۇ بار، — دېدى باۋئېرنىڭ خوتۇنى شىڭئېرنى بىرنى ئۇرۇپ، كۈلگەن پېتى، — بۇ گەپلەر سېنىڭ ئاغزىڭغا چۈشكەندىن كېيىن باغلىقى ئۈزۈلگەن باغدەك ئاۋۇپلا كەتتىغۇ. ھازىر سەن بۇ گەپلىرىڭدىن غوجامنىڭ ئادىمى ئەمەس، باۋيۈينىڭ ئادىمىگە ئوخشاپ قالدىڭ.

يۈ ئېرجيې يەنە بىرنېمە سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە بىردىنلا يۈ سەنجيې كۈلۈپ تۇرۇپ، شىڭئېردىن:

— سىلەرنىڭ خانىدانىدىكى ھېلىقى باۋيۈي دېگەن بالا مەكتەپكە بارغاندىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— سەنجيې خېنىم، ئۇنى سورىمايلا قويسىلا، — دېدى شىڭئېر كۈلۈپ، — ئۇنىڭ توغرىسىدا گەپ قىلىپ كەلسەم، خېنىم ئىشەنمەيمۇ قالارلا. شۇنچە ياشقا كىرىپ تۇرۇپ، مەكتەپتە

يالغۇز شۇلا راۋرۇس ئوقۇمىدى. بىزنىڭ خانىدانىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرانچى غوجامغىچە قايسىبىرى مەكتەپتىكى ئۇستازىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىدا ئوقۇمىغان دەيلا؟ يالغۇز ئاشۇلا ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىسى. دەسلەپتە چوڭ بېگىم ئۇنى باشقۇرۇپ تۇراتتى، ئەمدى باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەتىدىن كەچكىچە مەجنۇندەك يۈرگەن. ئۇنىڭ دېگەن گېپىنى ئۇققىلى، قىلغان ئىشلىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. يات ئادەملەر ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنى ئەقىللىك چاغلىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. بىر كىم بىلەن كۆرۈشسە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. بىرلا ئارتۇقچىلىقى، مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئانچە مۇنچە خەت ـ ساۋاتى بار. كۈندە يا قەلەم ئىشىنى مەشىق قىلمايدۇ، يا ئەلەم ئىشىنى ئۆگەنمەيدۇ، يەنە كېلىپ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشتىن قاچىدۇ، ئەتىدىن كەچكىچە دېدەك قىزلارنىڭ ئارىسىدىلا ئوينايدۇ. جىگەرلىكمۇ ئەمەس، بىرەر قېتىم بىز بىلەن بىر يەردە ئۇچرىشىپ قالغاندا، خۇشاللىقى تۇتۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قايرىپ قويۇپ بىزدەك چاكارلار بىلەنمۇ بىر پەس ئوينىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈۋېتىدۇ. خۇشى كەلمىسە، ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا كېتىۋېرىمىز، ئۇمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئولتۇرغان ياكى ياتقان چاغلىرىمىزدا، ئۇ كېلىپ قالسا بىزمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمىز، ئۇمۇ بىزنى ئەيىبلەپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئەيمەنمەيدۇ، خالىغىنىمىزچە يۈرسەكمۇ بىزدىن رەنجىمەيدۇ.

— غوجايىن كەڭ قوللۇق قىلسا بۇنداق دەيدىكەنسىلەر، قاتتىق تۇتسا ئاغرىنىدىكەنسىلەر. دېمەك، سىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەس گەپ ئىكەن، — دېدى يۈسەنجيې كۈلۈپ.

— بىز تېخى ئۇنى ئوبدان يىگىت دەپ يۈرۈپتىكەنمىز،

ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە. ئىسسىت، ئوغۇل دەپ قورساق كۆتۈرگەنگە تۇشلۇق بولالماپتۇ، ــ دېدى يۇئېرجېي.

ــ ئۇنىڭ بۇ ھەر قىسما گەپلىرىگە ئىشەندىڭمۇ، ئاچا؟ ــ دېدى يۇسەنجيې، ــ بىزمۇ ئۇنى بىر ـ ئىككى قېتىم كۆردۈققۇ؟ ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى، تاماق يېيىشلىرى راستلا قىزلارنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىكەن، ھەممىشە قىزلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ شۇنداق ئادەتلىنىپ قالسىمۇ قالغاندۇ. ئەخمەق دېگەن گەپكە كەلسەك، ئۇنىڭ نەرى ئەخمەق ئىكەن؟ ئاچا، ئېسىڭدىدۇ، ھېلىقى قارىلىق تۇتۇش ۋاقتىدا بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇردۇق، شۇ كۈنى راھىبلار كىرىپ مېيىتنى ئايلانغان چاغدا بىز شۇ يەردە ئۆرە تۇراتتۇق، ئۇ ئالدىمىزغا ئۆتۈۋېلىپ خەقلەرنى توسۇپ تۇرۇۋالدى. باشقىلار ئۇنى ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمەيدىكەن، بېزەڭ ئىكەن دېيىشتى، قارىلىق تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ قېشىمىزغا كېلىپ، ئاستا بىزگە: «ئاچىلىرىم، ئۇقمايسىلەر، مەن بېزەڭ ئەمەس، قارىسام، راھىبلار بەك پاسكىنا، ئۇلارنىڭ بەتبۇيلىرى ئاچىلىرىمنى بۇلغاپ قويۇشىدىن ۋايىم يېدىم» دېمىدىمۇ؟ ئاندىن ئۇ چاي ئىچتى، شۇ چاغدا سېنىڭمۇ چاي ئىچكۈڭ كېلىپ قالدى، خىزمەتكار ئاپال چاينى ئۇنىڭ چىنىسىگە قۇيۇپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ دەرھال: «بۇ چىنە مەينەت، باشقىدىن چايقىۋېتىپ قۇيۇپ بەر» دېدى. ئاشۇ ئىككى ئىش بىلەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلغۇدەك بولسام، قىزلارنىڭ ئالدىدا ئۇ قانداقلىكى ئىش قىلسۇن، بىلىنىدۇرمەي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى سىرتتىكىلەرنىڭ دىتىغا ياقمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇنى چۈشەنمەسلىكى شۇ سەۋەبتىن ئوخشايدۇ.

ــ بۇ گەپلىرىڭگە قارىغاندا، ئىككىڭلار چىقىشىپ قالغان ئوخشىمامسىلەر، ــ دېدى يۇ ئېرجېي ئۇنىڭ گېپىدىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ، ــ سېنى شۇنىڭغىلا ياتلىق قىلساق ئوبدان بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

سەنجىپ شىڭئېرنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گازىر چېقىپ تۇرۇۋالدى.

— تەق - تۇرقى، قىلىقلىرىدىن قارىغاندا، راسا بىر - بىرىگە جۈپ كېلىدىكەن، — دېدى شىڭئېر كۈلۈپ، — بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغىنى بار - دە. ھازىرچە ئاشكارا بولماي كېلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە چوقۇم دەيىۋى خېنىم بىلەن تويى بولىدۇ. دەيىۋى خېنىم كېسەلچان، تېخى كىچىك بولغاچقا، بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايۋاتىدۇ. يەنە ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا شۇنداق بولماي قالمايدۇ.

كۆپچىلىك قىزىق پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا، لۇڭئېر كىرىپ شۇنداق دېدى:

— بېگىم چوڭ بىر مەخپىي ئىش بىلەن ئوتتۇرانچى غوجامنى پىڭئەن ۋىلايىتىگە ئەۋەتمەكچى بوپتۇ، غوجام ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدىلا يولغا چىقىدىكەن، بېرىپ - كېلىشىگە ئون بەش - ئون ئالتە كۈن كېتىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا غوجام بۈگۈن كېلەلمىگۈدەك، خان ئانىمىزنى ھېلىقى ئىش توغرىسىدا ئېرجېي خېنىم بىلەن پۈتۈشۈپ قويسۇن، ئەتە مەن بارغاندا بىر قارارغا كېلىشكە ئاسان بولىدۇ، دەيدۇ.

لۇڭئېر شۇنداق دەپلا شىڭئېرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. يۈ ئېرجېي دەررۇ ئىشكىلەرنى تاقىتىپ بالدۇرلا ياتتى - دە، كېچىچە سىڭلىسىدىن گەپ سوراپ چىقتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن جيالىيەن كەلدى. يۈ ئېرجېي ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— مۇھىم ئىشلىرى تۇرۇقلۇق بۇنداق ئالدىراپ كېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مېنى دەپ ھەرگىزمۇ ئىشلىرىغا دەخلىسى يېتىپ قالمىسۇن، — دېدى.

— ھېچقانچىمۇ ئىش ئەمەس، قېرىشقاندەك يەنە بىر ئۇزاق

سەپەر چىقىپ قالدى، — دېدى جىيالىيەن، — مۇشۇ ئاي چىقىشىغىلا يولغا چىقىمەن، يېرىم ئايدا قايتىپ كېلەلەيمەن.

— ئۇنداق بولسا خاتىرجەم كېتىۋەرسىلە، بۇ يەردىكى ئىشلاردىن ۋايىم يەپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى يۇ ئېرجيې، — سىڭلىمنىڭ ئەزەلدىنلا قىلغان گېپىدە چىڭ تۇرىۋالىدىغان مىجەزى بار. ئۇ تېگىدىغان ئادەمنى تاللاپ بوپتۇ، ئۇنى ئۆز رايىغا قويۇپ بەرسىلە بولغۇدەك.

— كىم ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى جىيالىيەن ئالدىراپ.

— ئۇ كىشى هازىر بۇ يەردە يوق، قاچان كېلىدىغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس، — دېدى ئېرجيې كۈلۈپ، — ئۇنىڭ كۆزلىگىنىمۇ قالتىس ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىشى بىر يىلغىچە كەلمىسە، بىر يىل كۈتىدىكەن، ئون يىلغىچە كەلمىسە، ئون يىل كۈتىدىكەن. ناۋادا ئۇ كىشى ئۆلۈپ كېتىپ كېلەلمەيدىغان بولسا، چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ راهىبە بولۇپ كېتىدىكەن، روزا تۇتۇپ تىلاۋەت قىلىپ، ئۆمۈرۋايەت ياتلىق بولمايدىكەن.

— ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە شۇنچىلىك رام قىلىۋالغان ئادەم زادى كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى جىيالىيەن.

— ئېيتىپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن، — دېدى ئېرجيې كۈلۈپ، — بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن مومام تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەندى. ئانام بىلەن سىڭلىم، مەن ئۈچىمىز مومامنى مۇبارەكلەپ باردۇق. ئۇلار هەۋەسكار ئويۇنچىلاردىنمۇ تەكلىپ قىلغانىكەن، هەممىسى ئوبدان ئادەمنىڭ بالىلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىگىت رولىنى ئوينايدىغان ليۇ شياڭلييەن دېگەن بىرسى بار ئىكەن، ئەگەر شۇ بولسا، شۇنىڭغا تېگىدىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، بۇلتۇر ئۇ يىگىت بىر بالا تېرىپ قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇ، هازىر قايتىپ كەلدىمىكىن، قانداق؟

— قىزىق ئىش! — دېدى جىيالىيەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — مەن تېخى كىمكىن دەپتىمەن، ئاشۇ

ئىكەن ـ دە! دېگەندەك ئۇنىڭ كۆزى بار ئىكەن! سەن ئۇقمايسەن، لېيۇ شياڭلىيەن ئاشۇنداق كېلىشكەن بولۇشىغا قارىماي، قاپقىدىن قار ياغىدىغان، باغرى قاتتىق، ھېچقانداق ئادەمگە رەھىم قىلمايدىغان يىگىت، ئۇنىڭ ئەڭ چىقىشىدىغان ئادىمى باۋيۈي. بۈلتۈر ئۇ شۇ پەن دېگەن دۈگىنىنى ئۇرۇپ قويۇپ، بىزگە كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولدى بولغاي، نەگە كەتتىكىن، تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. بەزىلەردىن ئۇنى كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، كەلگىنى راست ـ يالغانلىقى نامەلۇم؛ بۇنى باۋيۈينىڭ مۇلازىملىرىدىن سوراپ كۆرسەكلا بىلىمىز. ئۇ يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان سەرگەردان يىگىت. ئەگەر كەلمىگەن بولسا، قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولامدۇ؟ ئۇنى كۈتسە، قاراپ تۇرۇپ ئۆمۈرلۈك ئىشىغا دەخلىسى يەتمەمدۇ؟

— بىزنىڭ بۇ قىزىمىز قىلىمەن دېگەننى قىلىدىغان قىز، ئۇ نېمە دېسە، شۇنىڭ رايىغا بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئېرجيې.

ئىككىيلەن شۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، سەنجيې كىرىپ كەلدى:

— قېيىنئاغا، سىلىمۇ بىزنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيلا. بۈگۈن ئالدىلىرىدا ئېيتىپ قوياي، خاتىرلىرى جەم بولسۇن، بىز ئۇنداق دىلى باشقا، تىلى باشقا ئادەملەردىن ئەمەس، قورسىقىدا نېمە بولسا شۇنى دەۋېرىدىغانلاردىن. ئەگەر لېيۇ دېگەن يىگىت كېلىدىغانلا بولسا، مەن شۇنىڭغا تېگىمەن. مانا بۈگۈندىن باشلاپ مەن روزى تۇتۇپ، تىلاۋەت قىلىپ ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، ئۇ قاچان كەلسە شۇ چاغدا تېگىمەن، ناۋادا يۈز يىلغىچىمۇ كەلمىسە راھىبە بولۇپ كېتىمەن، — سەنجيې شۇنداق دەپلا بېشىدىن قاشتاش تۈرگۈچتىن بىرنى ئېلىپ ئۇنى ئىككى بۆلەك قىلىۋەتتى، — قىلغان گەپلىرىمنىڭ بىر ئېغىزى يالغان بولسا، مانا مۇشۇ تۈرگۈچتەك پارە ـ پارە بولۇپ كېتەي، — دېدى ـ دە،

ھۆجرىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن «ئەدەپكە سىغمىغاننى قىلماسلىق، ئەدەپكە سىغمىغاننى دېمەسلىك» يولىنى تۇتتى.

ئامالسىز قالغان جيالىيەن ئېرجيې بىلەن ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدا بىر قۇر مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ، يول تەييارلىقى ئۈستىدە فېڭجيې بىلەن مەسلىھەتلەشتى. لىيۇ شياڭلىيەننىڭ قايتىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىيىمىڭدىن سوراتقۇزۇۋىدى، بىيىمىڭ: «ئۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق، كەلمىگەن بولسا كېرەك، كەلگەن بولسا مەن چوقۇم خەۋەر تاپاتتىم» دەپتۇ. كېيىن ئۇ يەنە لىيۇ شياڭلىيەننىڭ قوشنىلىرىدىن سوراتقۇزۇپ كۆردى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

جيالىيەن نائىلاج بولۇپ بۇ خەۋەرنى ئېرجيېگە يەتكۈزدى. يولغا چىقىدىغان كۈنمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى، يولغا چىقىشقا ئىككى كۈن قالغاندا، ماڭدىم دەپ قويۇپ، ئېرجيېنىڭ يېنىدا ئىككى كېچە قوندى، ئاندىن شۇ يەردىنلا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئۇزاق سەپەرگە چىقىپ كەتتى. سەنجيېنىڭ يېقىنلىقىياقى باشقىچە بىر ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ قالغانلىقىنى، ئېرجيېنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى پۇختىلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

شۇ كۈنى سەھەردە شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، پىڭئەن ۋىلايىتىگە بارىدىغان چوڭ يولغا چۈشۈپ، كۈندۈزى يۈرۈپ، كېچىسى قونۇپ، ئۈسسىغاندا ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، قورسىقى ئاچقاندا غىزالىنىپ مېڭىۋەردى. ئۈچىنچى كۈنى يول ئۈستىدە ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر توپ ئات ـ ئۇلاغ چىقىپ قالدى، بۇ يولۇچىلار غوجايىن، چاكارلار بولۇپ ئون نەچچە ئاتلىق ئىدى. ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلگەندە قارىغۇدەك بولسا، ئۇلار باشقا ئادەم ئەمەس، شۆپەن بىلەن لىيۇ شياڭلىيەن ئىكەن. جيالىيەن ھەيران بولۇپ، ئېتىنى دېۋىتكىنىچە ئالدىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. ئايرىلىشقاندىن كېيىنكى ھال ـ ئەھۋاللىرىنى

سورىشىپ، بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ ئارام ئالغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

— سىلەر ئارازلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئىككىڭلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن خېلى ئالدىرىدۇق، ئەمما ئىنىمىز ليۇ شياڭلىيەننىڭ ئىز - دېرىكىنى ھېچيەردىن ئالالمىدۇق. ئىككىڭلار قانداق تېپىشىپ قالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى جيالىيەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىدىن.

— دۇنيادا ئاجايىپ قىزىق ئىشلار بولىدىكەن، — دېدى شۈ پەن ھېجىيىپ، — مەن ۋە ھەمراھلىرىم سودا قىلىپ، ئەتىيازدا يولغا چىقىپ كەينىمىزگە ياندۇق. يول بويى تىنچ كېلىۋاتاتتۇق، قايسى كۈنى پىڭئەن ۋىلايىتى تەۋەسىگە كىرىشىمىزگىلا بىر توپ قاراقچىغا يولۇقۇپ قالدۇق، ئۇلار ماللىرىمىزنى بۇلىۋالدى، شۇ ئارىلىقتا ئويلىمىغان يەردىن ئىنىمىز ليۇ شياڭلىيەن ئۇ تەرەپتىن كېلىپ قېلىپ، ئوغرىلارنى قوغلىۋېتىپ ماللىرىمىزنى تارتىپ ئېلىپ بەردى، جېنىمىزنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ ئەجرىنى ياندۇراي دېسەم قوبۇل قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز قىيامەتلىك ئاكا - ئۇكا بولۇپ پايتەختكە بىللە قايتىپ كېتىۋاتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ئۆتىمىز، ئالدىمىزدىكى ئاچالدا ئايرىلماقچىمىز، ئاچالدىن جەنۇبقا ئايرىلغان يول بىلەن ئىككى يۈز چاقىرىم ماڭغاندا، شۇ يەردە بۇنىڭ بىر هاممىسى بار ئىكەن، بېرىپ شۇ ياقنى يوقلاپ كەلمەكچى. مەن ئاۋۋال پايتەختكە بېرىپ ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى جايلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا ئۆي - جاي راسلاپ، ئوبدانراق يەردىن لايىق تېپىپ، توي قىلىپ ھەممىمىز بىللە ئۆتمەكچى بولدۇق.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن - دە! ياخشى بوپتۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز بىكار ئەنسىرەپ يۈرۈپتىمىز، — دېدى جيالىيەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. ئاندىن ئۇ يەنە، — بايا ئىنىمىزغا لايىق تېپىشنىڭ گېپىنى قىلدىڭ، مەن ئوبدان

www.uyghurkitap.com

بىر لايىق تېپىپ قويغان، ئىنىمىزغا تازا باب كېلىدۇ، — دەپ ئۆزىنىڭ يۇ جەمەتىدىن قىز ئالغانلىقىنى، ھازىرە قېيىنسىڭلىسىنى ياتلىق قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەمما، يۇسەنجىيېنىڭ ليۇ شياڭلىيەننى ئۆزى تاللىغانلىقىنى دېمىدى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە شۆپەنگە تاپىلاپ، — ھەرگىزمۇ ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ قويغۇچى بولما، ئوغۇل يۈزى كۆرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ھەممىسى بىلىشىدۇ، — دېدى.

— بۇرۇنلا شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر نەۋرە سىڭلىمىنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولدى، — دېدى جياليەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان شۆپەن.

— يەنە خۇدۇڭنى بىلمەي، ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلىگىلى تۇردۇڭ، ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى دەرھال ليۇ شياڭلىيەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۆپەن دەرھاللا ئاغزىنى يىغىۋېلىپ، باشقا گەپكە كۆچتى:

— ئەگەر سىز دېگەندەكلا بولسا، بۇ توينى قىلدۇق ئەمىسە.

— مېنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل قىزغا ئۆيلىنىمەن دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى، — دېدى شياڭلىيەن، — بۇگۈن ھۆرمەتلىك ئاكا ـ ئۇكىلار ماڭا مۇنداق قەدىردانلىق قىلغاندىن كېيىن، مەنمۇ تولا ئۇزۇنغا سۆرىمىسەم بولغۇدەك، قانداق قىلساڭلار، شۇنداق قىلىڭلار، مەن بويۇن تولغىمايمەن.

— ئېغىزدىكى گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئىنىمىز شياڭلىيەن ئېرىپ كۆرگەندە، ئاندىن مېنىڭ ئۇ قېيىنسىڭلىمنىڭ پەزىلەت ۋە قامەتتە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تەڭدىشى يوق بىرلا ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، — دېدى جياليەن كۈلۈپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شياڭلىيەن كارامەت خۇشال بولدى:

— ئۇنداق بولسا، كەمىنە ئىنىڭىز ھامامنى يوقلاپ بولۇپ، بىر ئايغا قالماي پايتەختتە ھازىر بولىمەن. بۇ ئىشنى شۇ چاغدا كېلىشسەك قانداق؟

— ئىككىمىز گەپنى مۇشۇ يەردىلا ئۈزۈۋېتەيلى. مەن سىز

ئىنىمىزغا ئىشىنەلمەيمەن، سىز يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان يىگىت، ناۋادا مۇشۇ كەتكىنىڭىزچە كەلمەي قويسىڭىز، خەقنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشىغا دەخلى يەتمەمدۇ؟ ماقۇللۇقىڭىزنىڭ نىشانىسى ئۈچۈن بىر نەرسە قالدۇرۇپ كېتىڭ، — دېدى جىيالىيەن كۈلۈپ.

— ئوغۇل بالا دېگەن سۆزىدىن يېنىۋالامدۇ؟ — دېدى شياڭلىيەن، — كەمىنە ئىنىڭىز كەمبەغەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەر ئۈستىدە تۇرسام، ماقۇللۇقنىڭ نىشانىسى ئۈچۈن بىرىشكە مەندە نېمە بار دەيسىز؟

— بولدى، مەندە بار، مەن بېرەي، ئاكام ئالغاچ كەتسۇن، — دېدى شۆپەن.

— ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتنىڭ لازىمى يوق، ئىنىمىز مەيلى قىممەت باھالىق ياكى ئەرزان باھالىق بولسۇن، ئۆز يېنىدىكى نەرسىدىن بەرسە بولىدۇ، ئۇ نەرسىنى ئىنىمىزنىڭ بەرگەن ئۇچۇرى سۈپىتىدە يەتكۈزىمەن، — دېدى جىيالىيەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى شياڭلىيەن، — ئىنىڭىزدە باشقا نەرسە يوق، خالتامدا بىر دانە «قوشماق شەمشەر» بار. ئۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان تەۋەررۈك، كەمىنە ئىنىڭىز ئۇنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالماي، يېنىمدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم. ئاكا، ماقۇللۇقىمىنىڭ نىشانىسى ئۈچۈن شۇنى ئېلىڭ، ئەمىسە. ھەرقانچە سەرسان - ۋەيران بولۇپ كەتسەممۇ بۇ شەمشەرنى زادىلا يېنىمدىن ئايرىمايتتىم.

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇچەيلەن يەنە بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىشتى - دە، ئاندىن ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى.

شۇنداق قىلىپ، جىيالىيەن پىڭئەن ۋىلايىتىگە يېتىپ بېرىپ، ھىراۋۇل بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ ھۆكۈمەت ئىشىنى تۈگەتتى ۋە ئونىنچى ئايلاردا يەنە بىر قېتىم كېلىش توغرىسىدا تاپشۇرۇق

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، ئەتىسى ئالدىراش يولغا چىقتى. پايتەختتىكە يېتىپ كەلگەندە، ئالدى بىلەن يۇ ئېرجىيېنىڭ قېشىغا چۈشتى.

ئېرجىيېگە كەلسەك، ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا ئىدارە قىلدى، ھەر كۈنى ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى چىڭ تاقىتىپ، سىرتتىكى ئىشلارغا ئازراقمۇ قۇلاق سالمىدى. سەنجىيې، دېگەندەكلا، كەسكىن قىز ئىدى، ھەر كۈنى ئانىسىنى كۈتۈپ، بوش ۋاقىتلىرىدا ئاچىسى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە يىڭنە ئىشلىرىنى قىلاتتى. جىيالىيەننىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ جىياجېن ئىككى قېتىم تىمىسقىلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئېرجىيې ئۇنىڭغا زادىلا خېرىدارلىق قىلماي، بىرەر باھانە كۆرسىتىپ كۆرۈنمىدى. سەنجىيېنىڭ مىجەزىنى جىياجېن ئاللىقاچان بىلىپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالامتى؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ تەرەپكە قاترايدىغان قەدىمى شالاڭلىشىپ قالدى.

جىيالىيەن ئىشكتىن كىرىپلا ئېرجىيې بىلەن سەنجىيېنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولدى ۋە ئېرجىيېنىڭ پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، جىيالىيەن يولدا لىۋ شياڭلىيەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ، «قوشماق شەمشەر»نى سەنجىيېگە سۇندى. سەنجىيې شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ قارىدى، شەمشەرنىڭ قىنىغا دەم تارتىپ تۇرغان ئەجدىھا بىلەن ئۆزىنى قوغداپ تۇرغان بىر پۈتلۈق سايغاقنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەندى، ئۇنىڭغا قويۇلغان مەرۋايىت، ياقۇتلار يالتىراپ تۇراتتى. سەنجىيې شەمشەرنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋىدى، شەمشەر قوش ئىكەن، ئۇنىڭ بىرىگە قوشماق ئۆردەكنىڭ ئەركىكىنىڭ، بىرىگە چىشىسىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان، بۇلار خۇددى كۆزنىڭ سۈيىدەك سوغۇق ھەم چاقناق ئىدى. سەنجىيې بۇنى كۆرۈپ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولدى ـ دە، شەمشەرنى دەرھال ھۇجرىسىدىكى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويدى. ئۇ

ھەر كۈنى شۇ شەمشەرگە قاراپ يېتىپ، ئۆمۈرلۈك ھىماتقا ئىگە بولىدىغانلىقىدىن ئۆزىچە خۇشال بولدى.

جىيالىيەن بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قەسىرگە كىرىپ، ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ ئۆيىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كۈنلەردە فېڭجيې خېلى ساقىيىپ، تالا ـ تۈزلەرگە چىقىپ ئىشلارغا قارىيالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كېيىن جىيالىيەن سەنجيېنىڭ ئىشىنى جىياجېنغا ئېيتىپ بەردى. جىياجېن يېقىنىنىڭياقى يېڭى ئاشنا تاپقانلىقى ۋە ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىنى رەھىمسىز ئىكەن دەپ ئۇلارغا ماي تارتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشتىن قولىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي كۆڭۈل ـ كۆكسىدىن چىقىرىۋەتكەن ۋە جىيالىيەننىڭ مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى. ئۇ جىيالىيەننى قولى قىسقىلىق قىلىپ يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا يەنە بىرقانچە ئون سەر كۈمۈش بەردى. جىيالىيەن ئۇ پۇلنى ئېلىپ تويلۇق بېزەك تەييارلاش ئۈچۈن ئېرجيېگە تاپشۇردى.

شياڭلىيەن پايتەختكە سەككىزىنچى ئاينىڭ ئىچىدە يېتىپ كېلەلىدى ۋە كېلىپلا ئالدى بىلەن شۆ ھاما بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن شۆ پەن بىلەن كۆرۈشكىلى چىقتى. شۆپەن ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانلىقى ۋە سەپەردە سۇ ياراشمىغانلىقى ئۈچۈن، پايتەختكە كېلىشى بىلەنلا ئاغرىپ يېتىپ قالغان، تېۋىپقا كۆرۈنۈپ داۋالىنىۋاتقانىدى. شۆپەن شياڭلىيەننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ياتاقخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، شۇ يەردە كۆرۈشتى. شۆ ھاما بۇرۇنقى ئىشلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىدىن مىننەتدار بولۇپ، ئانا ـ بالا ئۈچى ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىشتى. توي ئىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا تويغا كېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ قويغانلىقىنى، ھازىر توي كۈنىنىلا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

شىياڭلىيەنمۇ ئۇلارغا چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۇردى.

ئەتىسى شىياڭلىيەن باۋيۇي بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى، ئىككىسى خۇددى سۇغا تەشنا بېلىقلاردەك شۇنداق قىزغىن كۆرۈشۈشتى. شىياڭلىيەن ئۇنىڭدىن جىيالىيەننىڭ ئوغرىلىقچە كىچىك خوتۇن ئالغانلىقىنى سورىۋىدى، باۋيۇي كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭغا:

— مەن بۇ ئىشنى بېيمىڭدىن ئاڭلىدىم، ئەمما ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق، ئۇنداق ئىشلارغا ئانچە ئارىلاشمايمەن. بېيمىڭدىن ئاڭلىشىمچە، جىيالىيەن ئاكام سىزنى بەك سۈرۈشتۈرۈپتۇ، قىلىدىغان نېمە گېپى باركىنتاڭ؟ — دېدى.

شىياڭلىيەن يول ئۈستىدە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باۋيۇيگە سۆزلەپ بەردى. باۋيۇي ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن! قۇتلۇق بولسۇن! بۇنداق گۈزەلگە ئېرىشمەك قىيىن! دېگەندەكلا ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، سىزگە تازىمۇ باب كېلىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا ھازىرغىچە ئادەم تېپىلماي قالارمىدى؟ — دېدى شىياڭلىيەن، — قانداقلارچە ئۇ مېنىلا ئەسلەپ قالغاندۇ؟ ئادەتتە مەن جىيالىيەن بېگىم بىلەن ماڭا بۇنچە كۆيۈنگۈچىلىك دەرىجىدە يېقىنمۇ دوست ئەمەس. يول ئۈستىدە شۇنچە ئالدىراش - تېنەش مېنىڭ ماقۇل بولۇشۇمنى قايتا - قايتا سوراپ تۇرۇۋالدى. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟ مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قېلىۋاتىمەن، شەمشىرىمنى بەرمىسەم بوپتىكەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدىم. كېيىن سىز يادىمغا كېلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سىزدىن سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم.

— سىز ئەزەلدىن ئىنچىكە ئادەم، ماقۇل كېلىپ بولۇپ، ئەمدى بولغاندا گۇمانلىنىپ قالغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى باۋيۇي، — سىز دائىم تەڭداشسىز گۈزەلگە ئۆيلىنىمەن دەپ يۈرەتتىڭىز، بۈگۈن ئارزۇيىڭىزغا يەتكەندىن كېيىن، يەنە

نېمىدەپ كۆڭلىڭىزگە شەك كەلتۈرۈپ يۈرىسىز؟

— سىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسىز؟ — دېدى شياڭلىيەن.

— ئۇلار يۈشى يەڭگەمنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىڭ قىزلىرى، مەن ئۇياقتا ئۇلار بىلەن بىر ئايدەك بىللە يۈرگەن تۇرسام نېمىشقا بىلمەيمەن؟ ئۇلار بىر جۈپ تەڭداشسىز گۈزەللەر، گۈزەللىكى ئىسمىدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ، — دېدى باۋيۈي.

— بۇ بولماپتۇ! — دېدى باۋيۈينىڭ گېپىنى ئاڭلىغان شياڭلىيەن يەرگە تېپىپ قويۇپ، — بۇ ئىشنى زادىلا قىلماسلىق كېرەك ئىكەن! سىلەرنىڭ بۇ شەرقىي قەسىردە پەقەت دەرۋازا ئالدىدىكى ئاشۇ ئىككى تاش شىرنىلا پاكىز دېسە بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋيۈي ھۇپپىدە قىزاردى. شياڭلىيەن ئۆزىنىڭ ئويلىماي گەپ قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولدى ـ دە، قولىنى جۈپتەكلەپلا① قويدى:

— ئېگىز ـ پەس گەپ قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن مەن ئۆلەي! ماڭا زادى بىر دەپ بېرىڭا، ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلى قانداق؟

— ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان بىلىدىكەنسىزغۇ، مەندىن سوراپ نېمە قىلىسىز؟ ھەتتا مەنمۇ پاكىز ئەمەس تۇرسام! — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— بىر مەھەل خۇدۇمنى بىلمەي قېلىپ، شۇنداق دەپ قالدىم، كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز! — دېدى شياڭلىيەن ھىجىيىپ.

— بۇنى يەنە تەكرارلاپ نېمە قىلىسىز، كۆڭۈلدە نېمە بولسا ئېغىزدىن شۇ چىقىدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

شياڭلىيەن قولىنى جۈپتەكلەپ باۋيۈي بىلەن خوشلىشىپ

---

① فېئوداللىق ئەدەپ ـ رەسمىيەت بويىچە، كىيۇئوغۇل قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسىنى كۆرگەندە باش قويۇپ تەزىم قىلىدۇ، ئەگەر تىز پۈكمەي قولىنى جۈپتەكلەپلا تەزىم قىلسا كىيۇئوغۇللۇق مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

چىقىپ، شۆ پەننىڭ قېشىغا بارغۇسى كەلدى ـ يۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىرىنچىدىن، كېسەللىكلىنى، ئىككىنچىدىن، يەڭگىلتەكلىكىنى ئويلاپ ئۇ يەرگە بېرىشتىن يالتايدى ـ دە، ماقۇللۇق ئۇچۇن بەرگەن شەمشەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ، شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، جىيالىيەننى ئىزدەپ ماڭدى. جىيالىيەن يېڭى ھۇجرىسىدا ئىدى، ئۇ شياڭلىيەننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتتى ـ دە، ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنى ئىچكىرىكى مېھمانخانىغا باشلاپ، يۇ چوڭ ئانىكا بىلەن كۆرۈشتۈردى. شياڭلىيەن قولىنى جۈپتەكلەپ، يۇ ئانىكىنى «چوڭ ئانا»، ئۆزىنى «كەمىنلىرى» دەپ سالام بەردى، جىيالىيەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ھەيران بولدى.

چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، شياڭلىيەن شۇنداق دېدى:

— مۇساپىرىڭىز سەپەر ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇتلا بولغان بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويۇپتىمەن. ھامام بۇ يىل تۆتىنچى ئايدا مەن ئۇچۇن بىر قىزغا چاي ئىچۈرۈپ قويغانىكەن، بۇنى ياندۇرۇۋېتىشكە گەپ تاپالمىدىم، سىز ئاكىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھامامدىن يۈز ئۆرۈي دېسەم، بۇ قائىدە ـ يوسۇنغا توغرا كەلمەيدىكەن، ئالتۇن ـ كۈمۈش ياكى لاتا ـ پۇتا بىلەن چاي ئىچۈرۈلگەن بولسىغۇ، ئىنىڭىز ئۇنداق نەرسىلەرنى ھەرگىز قايتۇرۇۋالمىغان بولاتتى، ئەمما بۇ شەمشەر بوۋامدىن مىراس قالغان، سىزدىن خۇش بولاي، شۇنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەرسىڭىز.

جىيالىيەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى غەلىتە بولۇپ قالدى ۋە:

— ئىنىم، بۇ گەپنى سىز خاتا قىلدىڭىز، پۈتۈشكەندىن كېيىن ئەمدى بولدى. ئەسلىدە پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئىشنىڭ بېشىدىلا پۈتۈشكەندۇق. بۇ توي ئىشى تۇرسا، دېگەن گەپتىن يېنىۋالسىڭىز بولامدۇ؟ بۇ ئىشنى ياندۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، — دېدى.

— ھەرقانداق تاپا ـ تەنە، جەرىمانىلىرىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا رازىمەنكى، ئەمما بۇ ئىشتا گېپىڭىزگە كىرەلمەيمەن، — دېدى شياڭلىيەن كۈلۈپ.

جياليەن يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە شياڭلىيەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاكا، مەرھەمەت قىلسىڭىز، تالادا پاراڭلاشساق، بۇ يەر بىئەپ ئىكەن، — دېدى.

يۇ سەنجيې ھۇجرىدا تۇرۇپ ھەممە گەپنى ئېنىق ئاڭلىدى. كۈتكەن ئادىمىنىڭ ئاران بىر كەلگىنىدە بىردىنلا پۇشايمان يەپ قېلىشىدىن ئۇنىڭ جيا قەسىرىدە بىرەر گەپ ئاڭلاپ قېلىپ، ئۆزىنى نومۇسسىز بۇزۇقىقا چىقىرىپ، ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا مۇناسىپ كۆرمىگەنلىكىنى چۈشەندى. ھازىر ئۇنىڭ چىقىپ كېتىپ جياليەن بىلەن توينى ياندۇرۇۋېتىش ھەققىدە سۆزلىشىگە يول قويىدىغان بولسا، جياليەن ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈش بىلەنلا تۈگىمەيدىغانلىقىغا، جياليەن تالاش ـ تارتىش قىلغان تەقدىردىمۇ سەنجيې ئۆزىنىڭمۇ ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، جياليەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن تالاغا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك بېرىپ شەمشەرنى ئالدى ۋە شەمشەرنىڭ چىشى تىغلىق بىرىنىڭ بىس تەرىپىنى جەينىكىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، ھۇجرىدىن چىقتى:

— بولدى، تالاغا چىقىپ قايتا مەسلىھەت قىلمايلا قويۇڭلار، پۇتۇملۇكىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرەي، — يۇ سەنجيې كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، سول قولىدا شەمشەرنىڭ يەنە بىرسى بىلەن قىنىنى شياڭلىيەنگە سۇنۇپ، ئوڭ قولىدىكى شەمشەرنى جەينىكىنىڭ ئارقىسىدىن شارتلا قىلىپ چىقىرىپ بويىنىغا ئۇردى. ھەي ئىسىت:

تۇزۇپ شاپتۇل چېچىكى يەر بويالدى قىزىلغا،
قاشتاش تېغى يىقىلدى تۆلەپ بولماس زادىلا.

www.uyghurkitap.com

قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. يۇ ئانىكا ھۇ تارتىپ يىغلىغىنىچە شياڭلىيەنىنى قاتتىق تىللاپ كەتتى. جياليەن شياڭلىيەنىنى كاپىلا قىلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە، ئادەملىرىنى ئۇنى باغلاپ يامۇلغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئېرجيې دەررۇ يىغىسىنى توختىتىپ، جياليەننى توستى:

ــ خەق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا قىستىغىنى يوق، ئۇ ئۆزى ئۆلۈۋالغان تۇرسا بۇ كىشىنى يامۇلغا ئاپىرىپ بەرسىڭىز بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئەكسىچە ئىش ئۇلغىيىپ، تېخىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنى قويۇۋەتكىنىڭىز ياخشى!

جياليەن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي شياڭلىيەنىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنى بۇ يەردىن تېز كەت دەپ قوغلىدى، شياڭلىيەن بولسا ئورنىدىن قوزغالماي، قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ مەن ئۇنىڭ بۇنچىلىك ۋىجدانلىق قىز ئىكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن! ھەقىقەتەن ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان قىز ئىكەن، مەن بىتەلەيگە نېسىپ بولماپتۇ، ــ دەپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى. جەسەت ساندۇقى ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، جەسەتنى ئۇنىڭغا سالغۇچە قاراپ تۇرۇپ، جەسەت ساندۇقىنى سىلاپ يەنە بىر پەس قاتتىق يىغلىدى ـ دە، ئاندىن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئىشىكتىن چىقىپ قاياققا بېرىشىنى ئۇقماي، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا تۇرۇپ قالدى، بايىقى ئىشلارنى ئەسلەپ: «ئەسلىدە ئۇ مۇنداق گۈزەل ھەم ۋىجدانلىق قىز ئىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدى، ئەمما پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، بېشى قايغان، پۇتى تايغان ياققا قاراپ ماڭدى.

لىيۇ شياڭلىيەن ئەنە شۇنداق كېتىۋاتقىنىدا، بىردىنلا قۇلىقىغا بېزەكلەرنىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاڭلىنىپ، سەنجيې بىر قولىدا قوشماق شەمشەرنى، بىر قولىدا

بىر يۈگەم رىسالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ـ دە، شىياڭلىيەنگە قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ: «رەپىقەڭ ئاشىق بولۇپ جانابىڭنى بەش يىل كۈتكەنىدىم، ئەمما ماڭا باغرى قاتتىقلىق قىلدىڭ، شۇڭا مەن ئۆز ئىشقىمغا ئۆلۈم بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم. ھازىر مەن پەرىزات جىڭخۇەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، روھىتىمكى جىمى ئاشىقلارنىڭ ئەرۋاھلىرى قاتارىغا قېتىلىش ئۈچۈن غايىب ئالەمگە كېتىۋاتىمەن. سەن بىلەن خوشلاشماي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىماي ئالايىتەن كېلىشىم، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆرۈشەلمەيمىز !» دېدى ـ دە، شىياڭلىيەنگە بىرنەچچە تامچە يېشىنى چېچىپلا خوشلىشىپ ماڭدى. شىياڭلىيەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىماقچى بولۇۋىدى، سەنجىي قولىنى سىلكىپلا يولىغا راۋان بولدى. لىيۇ شىياڭلىيەن ئۇن سېلىپ يىغلاۋەردى، گويا چۈشىدە يىغلاپ ئويغىنىپ كەتكەندەك بولۇپ، بۇ ئوڭمۇ، چۈشمۇ دەپ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئالدىدا خارابە بىر بۇتخانا كۆرۈندى. بۇتخانا يېنىدا بىر ئاقساق دەرۋىش پىت بېقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

شىياڭلىيەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى دەرۋىشكە بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن:

— بۇ يەر نە؟ پىر ـ ئۇستازىمىزنىڭ نامىشەرىپلىرى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەرنىڭ نەلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بۇ يەردە بىردەم هاردۇق ئېلىش ئۈچۈنلا ئولتۇرغانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى دەرۋىش كۈلۈپ.

— بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىياڭلىيەننىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. ئاندىن شەمشىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ، ئۆزىگە كۈلپەت كەلتۈرگۈچى چېچىنى شارت قىلىپ كەستى ـ دە، دەرۋىشنىڭ كەينىدىن قاياقلارغىدۇر راۋان بولدى. بۇنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشلارنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش يەتتىنچى باب

## قەلەم قاشنىڭ يۇرتىدىن كەلتۇرۇلگەن بۇيۇملارنى كۆرۈپ يۇرتىنى سېغىنغانلىقى
## فېڭجيېنىڭ خۇپىيانە ئىشنى ئاڭلاپ قېلىپ چاكار بالىنى سوراققا تارتقانلىقى

شۇنداق قىلىپ، سەنجيې ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۇ ئانىكا بىلەن ئېرجيې، جياجېن، جيالىيەنلەر قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالدى. بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار دەررۇ كىشىلەرنى بۇيرۇپ مېيىتنى كاتتا كېپەنلىتىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ كۆمۈپ قويۇشتى. سەنجيې ھالاك بولغاندىن كېيىن، لىۇ شياڭلىيەن ئۇنىڭ ئىشقىدا شەيدا بولۇپ ئىچى سىيرىلىپ تۇراتتى، دەرۋىشنىڭ بىرنەچچە ئېغىز توڭ گېپىنى ئاڭلاپ، غاپىللىقتىن ئويغاندى ـ دە، چېچىنى كېسىپ تەركىدۇنيا بولۇپ، مەجنۇن دەرۋىشنىڭ ئارقىسىدىن قاياققىدۇر غۇيۇلداپ راۋان بولدى، ھازىرچە بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى شۇ ھامىنغا كەلسەك، ئۇ شياڭلىيەننىڭ يۇسەنجيېگە ئۆيلىنىش ھەققىدە سۆز بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە بەكمۇ خۇشال بولغانىدى ۋە شۇ خۇشاللىقى بىلەن ئۆي ـ جاي سېتىۋېلىپ، ئۆي جابدۇقلىرى راسلاپ، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ توينى قىلىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ

قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب ياندۇرۇش كويىدا ئىدى. ئائىلىسىدىكى مۇلازىملار: «سەنجىي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ» دەپ بىردىنلا ئالالا ـ توۋا كۆتۈرۈشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان چۆرە قىزلار بۇ ئىشنى شۇ ھامىمغا يەتكۈزۈشتى. شۇ ھامما ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈۋالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قاتتىق ھەسرەت چەكتى. ئۇ شۇنداق دەرگۇمان بولۇپ تۇرغاندا، باۋچەي باغ تەرەپتىن قايتىپ كەلدى.

— قىزىم، سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى شۇ ھامما باۋچەيگە، — جياجېن تاغاڭنىڭ قېيىنسىڭلىسى سەنجىي خېنىمنى ئاكاڭنىڭ قىيامەتلىك ئۇكىسى ليۇ شياڭليەنگە دېيىشىپ قويغان ئەمەسمىدى؟ شۇ قىز بالا نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، ئۆزىنى بوغۇزلىۋاپتۇ! شياڭليەنمۇ نەگىدۇر كېتىپتۇدەك! ئادەم خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان بۆلەكچىلا بىر غەلىتە ئىشقۇ بۇ.

باۋچەي بۇ ئىشقا ئېرەن قىلماي شۇنداق دېدى:

— «كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر بولۇپ تۇرار ئالەمدە، ئاپەت ياكى ئامەت كېلۇر ئەتە ـ ئاخشام ئادەمگە» دېگەن ماقال توغرا ئېيتىلغانىكەن. ئەزەلدە ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن. قايسى كۈنىلا سىز، ئاكامنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەنىدىڭىز، بۈگۈنكى كۈنلۈككە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، كېتىدىغىنى كېتىپتۇ. مېنىڭچە، ئەمدى ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن ياخشى، سىزمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەيۈسلەنمەڭ. ئاكامنىڭ جياڭنەندىن قايتىپ كەلگىنىگىمۇ ئون ـ يىگىرمە كۈن بولۇپ قالدى. ئەكەلگەن ماللىرىنىمۇ بۇ چاغقىچە سېتىپ بولغاندۇ. ئاكامغا ھەمراھ بولۇپ بارغان خىزمەتكارلار بىرنەچچە ئاي جاپا چەكتى. ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇلارنى مېھمان قىلىپ رەھمەت ئېيتىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلىسىڭىز. بولمىسا، باشقىلار ئاڭلىسا قائىدە ـ يوسۇننى ئۇقمايدىغان خەق ئىكەن دەپ قالمىسۇن يەنە.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن شۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە شۆ پەن تالادىن كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئالىقىنىغا ئۇرۇپ، ئانىسىغا:

— ئانا، شياڭلىيەن ئاكام بىلەن يۇسەنجيېنىڭ ئىشلىرىنى ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— مەن تېخى ئەمدى ئاڭلىدىم، سىڭلىڭ بىلەن ئىككىمىز مۇشۇ چىگىچ ۋەقە ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، — دېدى شۆ هاما.

— شياڭلىيەننىڭ بىر دەرۋىشكە ئەگىشىپ تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ — دېدى شۆ پەن.

— بۇ تېخىمۇ غەلىتە ئىشقۇ ! — دېدى شۆ هاما، — شياڭلىيەن بايۋەچچە شۇنداق بىر ئەقىللىك يىگىت تۇرۇقلۇق، بىر دەملىك بېشى تەۋرەش بىلەنلا، نېمىدەپ دەرۋىشنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئىككىڭلار بىر ئۇبدان ئەپلىشىپ قاپتىكەنسىلەر، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يا قېرىنداشلىرى يوق، ئۆزى يالغۇزلا ئىكەن، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنى ئىزدەشتۇرۇپ باققىن، بالام. ئۇ دەرۋىشنىڭ كەينىگە كىرىپ يىراق يەرلەرگە كېتەلمەسمىكىن؟ هەرقاچان بارسا، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى بۇتخانا ياكى مازارغا بارغاندۇ.

— مېنى شۇنداق قىلمىدى دەمسىز؟ — دېدى شۆ پەن، — مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، بىرنەچچە مۇلازىم بىلەن بېرىپ ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، قارىسىنىمۇ تاپالمىدۇق. خەقلەردىن سورىساق، كۆرمىدۇق، دېيىشىدۇ.

— ئىزدەپ تاپالمىغان بولساڭ، دېمەك، ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزگەن بوپسەن، — دېدى شۆ هاما، — كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىشىدە ئوبدانراق بىر ماكان تېپىش مەقسىتىمۇ بارمۇ تېخى؟ ئەمدى سەن سودىگەرچىلىك ئىشلىرىڭدىن خەۋەر ئالغىن، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيلىنىشىڭگە كېرەكلىك بولغان ئىشلارغا هازىردىن باشلاپ

بالدۇرراق كويۇش قىلغىن. ئائىلىمىزدە باشقا ئادەم يوق، «قاشالڭ ئۆردەك بالدۇر ئۇچىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ـ بۇنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، كېرەكلىك نېمىلەر تەخ بولماي قالسا، خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز. يەنە بىر گەپ بار، بايا سىڭلىڭ: ئاكامنىڭ قايتىپ كەلگىنىگىمۇ يېرىم ئايدىن ئېشىپ قالدى، ماللىرىنىمۇ سېتىپ بولغاندۇ. ئەمدى بىللە بارغان خىزمەتكارلىرىغا داستىخان سېلىپ ھاردۇق سوراپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتسا بولاتتى، دەيدۇ. ئۇلار سېنىڭ بىلەن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، تۆت ـ بەش ئاي جاپا چەكتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار يولدا سېنى دەپ يۈرەكئالدى بولۇپ ئېغىر چىلىقىڭنى تارتىپتۇ.

ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شۆ پەن شۇنداق دېدى:

— راست ئېيتىسىز، ئانا، يەنىلا شۇ سىڭلىم ھەممىنى ئويلاپ يېتىپتۇ، مېنىڭمۇ شۇنداق خىيالىم بار ئىدى، يېقىنقىنىڭىياقى ھەرقايسى ئورۇنلارغا مال تارقىتىش بىلەن بولۇپ، بېشىم قاپاق بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شياڭلىيەن ئاكامنىڭ ئىشىغا بىرنەچچە كۈن پايپېتەك بولۇپ قۇرۇق ئاۋارە بولدۇم. بىر مەزگىل شۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، دېگەندەكلا رەسمىي ئىشىمغا دەخلى يەتتى. ئەمىسە، ئەتە ـ ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدىلا باغاق يېزىپ ئۇلارنى چىللىۋالاي.

— ئۇنى ئۆزۈڭ بىر ئىش قىل، — دېدى شۆ ھامما.

ئۇلارنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى، بىر مۇلازىم كىرىپ:

— باش گۇماشتا جاڭ ئاقساقال خىزمەتكارلاردىن ئىككى ساندۇق نەرسە ئەۋەتىپتۇ: «بۇنى غوجام ئۆزى سېتىۋالغان، مال ھېسابىغا كىرگۈزمىگەن، ئەسلىدە بالدۇرراق ئەۋەتىپ بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. بىراق، ساندۇقلار مالنىڭ تېگىدە قېلىپ ئالالمىغانىدۇق. ماللارنى تۈنۈگۈن تارقىتىپ بولغاچقا، بۇ نەرسىلەرنى بۈگۈن ئەۋەتەلىدىم» دەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىپ تۇراتتى، ئارقىدىنلا ئىككى مۇلازىم پالما دەرىخىدىن ياسالغان

يوغان بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىردى، ساندۇقنىڭ ئاستى ـ ئۈستى تاختاي بىلەن چىڭ تېگىلگەنىدى. شۆ پەن ساندۇقنى كۆرۈپلا:

ــ ئاپلا ! كاللام تەۋرەپ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىمنى قاراڭ ! ئانام بىلەن سىڭلىمغا دەپ ئالايىتەن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئۆيگە ئەكەلمەپتىمەن، مانا خىزمەتكارلار ئەكەپتۇ، ــ دېدى.

ــ ھېلىمۇ ياخشى «ئالايىتەن ئەكەلدىم» دېگەن نەرسە بولغىنى ئۇچۇن ئون ـ يىگىرمە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ، ناۋادا «ئالايىتەن ئەكەلگەن» بولمىساڭزە، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆيگە يېلىنىڭ ئاخىرىدا كېلەتتىكەنمۇ دەيمەن. پەمىچە، سەنچۇ نۇرغۇن ئىشلاردا تولىمۇ بىخەستەلىك قىلىسەن، ــ دېدى باۋچەي.

ــ يولدا خەق قورقۇتۇپ جېنىمنى چىقىرىۋېتىپتىكەنمۇ دەيمەن، تېخىچە ھوشۇمغا كېلەلمىگەن بولسام كېرەك، ــ دېدى شۆ پەن كۈلۈپ كېتىپ.

شۇ گەپ بىلەن بىردەم كۈلۈشكەندىن كېيىن، شۆ پەن بىر چۆرە قىزغا:

ــ چىقىپ مۇلازىملارغا ئېيتىپ قوي، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، قايتىپ كېتىشسۇن، ــ دېدى.

ــ زادى نېمىلەر بولغىيدى، شۇنچە چىڭ تېڭىۋېتىپسەن؟ ــ دەپ سوراشتى شۆ ھامما بىلەن باۋچەي.

شۆ پەن مۇلازىمدىن ئىككىنى چاقىرتىپ كىرىپ ئارغامچىنى يەشتۈردى، ئاستى ـ ئۈستىگە تېگىلگەن تاختاينى ئالدۇرۇۋەتتى، ئاندىن قۇلۇپنى ئاچتى. ساندۇق ئىچىلا تاۋار ـ دۇردۇن، دارايى ـ كىمخاب، پەرەڭ مالللىرى قاتارلىق ئادەتتە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر بىلەن تولغانىدى.

ــ ئاۋۇ ساندۇقتىكى سىڭلىمغا ئاتاپ ئەكەلگەن نەرسىلەر، ــ دېدى شۆ پەن ھىجىيىپ ۋە ساندۇقنى ئۆزى ئاچتى.

شۆ ھامما بىلەن باۋچەي كېلىپ ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى

كۆزدىن كەچۈردى: ساندۇقتا قەلەم، سىياھ، قەغەز، دۇۋەت، ياڭزىمۇ ياڭزا خەت ـ چەك قەغەزلىرى، خۇشبۇيلۇق خالتىسى، ئىپار مونچاق، يەلپۈگۈچ، يەلپۈگۈچ سىرغىسى، ئۇپا ـ ئەڭلىك قاتارلىق نەرسىلەر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇچيۇدىن ئەكەلگەن ئۆزى ماڭار قورچاق، شاراب چۆپتەكلىرى، ئىچىگە سىماب قۇيۇلغان موللاقچى بالا قورچاق، شىشە پانۇس، خىلمۇخىل ئويۇنچى لاي قورچاقلار تۇراتتى، بۇلار كۆك تاۋار بىلەن قاپلانغان قۇتىلارغا سېلىنغانىدى. شۇ پەننىڭ خۇچيۇشەن تېغىدا ياساتقان ھەيكىلىمۇ بار ئىدى. ھەيكەل شۇ پەنگە قىلچە ئوخشىمايتتى، باۋچەي باشقا نەرسىلەرگە قىزىقماي، شۇ پەننىڭ ھەيكىلىگە بۆلەكچىلا قىزىقتى ۋە ئۇنى قولىغا ئېلىپ، بىر ئاكىسىغا، بىر ھەيكەلگە سىنچىلاپ قاراپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. ئاندىن يىڭئېرنى چاقىرتىپ، بىرنەچچە خىزمەتكار ئايالLارنى باشلاپ كىرىپ بۇ نەرسىلەرنى ساندۇقى بىلەن باغقا ئاپىرىشنى بۇيرۇدى، ئۆزى ئانىسى، ئاكىسى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن باغقا قايتتى. شۇ ھامما ساندۇقتىكى نەرسىلەردىن ئايرىپ، بىر ئۈلۈش ـ بىر ئۈلۈشتىن ئېدىتلىق تەخلەپ، جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيلىرىگە چۆرە قىز تۇڭشىدىن ئەۋەتىپ بەردى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

باۋچەيگە كەلسەك، ئۇ ھوجرىسىغا قايتىپ كېلىپ ھېلىقى نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى ۋە ئۆزىگە لازىملىقلىرىدىن باشقىلىرىنى بىر ئۈلۈش ـ بىر ئۈلۈشتىن تەڭشەپ تەقسىم قىلدى: بەزىلىرىگە قەلەم، سىياھ ـ دۇۋەت، بەزىلىرىگە خۇشبۇيلۇق خالتىسى، يەلپۈگۈچ، يەلپۈگۈچ سىرغىسى، بەزىلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك، چاچ ماي، بەزىلىرىگە پەقەت ئويۇنچۇقلا سوۋغات قىلدى. پەقەت دەيىۈيگە باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق قىلىپ بىر ھەسسە ئارتۇق ئايرىدى. ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ تەخ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىڭئېرنى خىزمەتكار ئايالنى باشلاپ بۇ نەرسىلەرنى ھەرقايسى ھوجرىلارغا

www.uyghurkitap.com

يەتكۈزۈپ بېرىشكە جورۇدى.

ھەمشىرىلەر سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، سوۋغات ئەكەلگۈچىلەرگە ئىنئام بېرىپ: «ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندە يەنە ئايرىم رەھمەت ئېيتىمىز» دېيىشتى. يالغۇز دەييۇيلا يۇرتىدىن كەلگەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئويغا پاتتى: «ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، يا بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم بولمىسا، ئۆزۈم تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتسام، بۇ ھالدا يۇرتۇمنىڭ نەرسىلىرىدىن ماڭا ئەۋەتىپ بېرىدىغان كىم بار؟» خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، ئىختىيارسىز كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى.

زىچۈەن دەيیۇينىڭ يۇرىكىدىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى. لېكىن، ئوچۇق ئېيتىشقا پېتىنالماي، بىر چەتتە تۇرۇپ نەسىھەت قىلدى:

— خېنىم، ئۆزلىرى كېسەلچان، ئەتە ـ ئاخشىمى دورا ئىچىپ تۇرۇۋاتىدىلا، ئىككى كۈن بولدى، بالدۇرقىدىن خېلى ئوڭلىنىپ، روھلىرى ئازراق كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما دېگەندىكىدەك تۈزىلىپ كېتەلمىدىلە. باۋچەي خېنىمنىڭ بۈگۈنكى بۇ سوۋغاتلىرىدىن ئۇ خېنىمنىڭ سىلىنى بۆلەكچىلا ئەتىۋارلايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن سىلى خۇشال بولسىلا بولاتتى، خۇشال بولماقتا يوق، ئەكسىچە نېمىشقا بۇنداق كۆڭۈللىرىنى بۇزىدىلا؟ بۇنداق قىلسىلا، باۋچەي خېنىم سوۋغات ئەۋەتىپ سىلىنى بىئاراملىقتا سالغان بولۇپ قالامدۇ؟ باۋچەي خېنىم ئاڭلاپ قالسا ئۇنىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىلىنىڭ ساقىيىزلىقلىرىنى ئويلاپ، ئاماللا بولسا قىلىپ، سىلىنى ساقايسۇن دەپ ئۇستا تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ داۋالىتىۋاتىدۇ. ئەمدىلا ياخشى بولۇپ قېلىۋاتقانلىرىدا، يەنە مۇشۇنداق يىغلاۋەرسىلە، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى نابۇت قىلىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا غەم ئۈستىگە غەم تېپىپ بەرگەن بولامىلا؟ سىلىنىڭ بۇ كېسەللىرىمۇ ئادەتتە

ھەددىدىن تاشقىرى غەم - ئەندىشە قىلمىغۇچىرىپ ماغدۇرلىرى ئۈزۈلگەندىن بولغان. ئۆزلىرى بىر ئىپسىل خان قىز، ئۆزلىرىگە بۇنداق سەل قارىماي، ئالتۇن بويلىرىنى ئاسرىسىلا !

زىجۇەن شۇنداق نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى، ھويلىدىن چۆرە قىزنىڭ:

— باۋيۈي غوجام كەلدى ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— باۋيۈي غوجامنى باشلاپ كىرىڭلار، — دېدى زىجۇەن ئىتتىكلا.

— باۋيۈي ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. دەييۈي ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، باۋيۈي ئۇنىڭ يۈز - كۆزىدىكى ياش يۇقىلىرىنى كۆرۈپ:

— سىڭلىم، سىزنى يەنە كىم خاپا قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى كىم خاپا قىلالاتتى؟ — دېدى دەيىيۈي زورغا كۈلۈمسىرەپ.

ياندا تۇرغان زىجۇەن تۇمشۇقى بىلەن كارىۋاتنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان شىرەنى شەرەت قىلىپ قويدى. باۋيۈي بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ شىرەگە قارىدى. شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر قۇچاق نەرسىلەرنى كۆردى - دە، بۇ نەرسىلەرنى باۋچەينىڭ سوۋغات قىلغانلىقىنى بىلىپ، چاقچاق قىلىپ:

— نەدىن كەلگەن نەرسىلەر بۇ؟ سىڭلىم، مىلچمال دۇكىنى ئاچماقچىمۇ نېمە سىز؟ — دېدى.

دەيىيۈي جاۋاب بەرمىدى.

— غوجام، سىلىمۇ يەنە مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ گېپىنى قىلمىۋاتىدىلا ! — دېدى زىجۇەن كۈلۈپ، — باۋچەي خان قىز بۇ نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتىپتىكەن، بۇنى كۆرۈپ خېنىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. مەن تېخى ھازىر خان قىزغا تەسەللى بېرىپ تۇراتتىم، ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىرى تازا ئوبدان بولدى، ئەمدى بىز ئۈچۈن خان قىزغا سىلى نەسىھەت قىلىپ قويسىلا.

باۋيوي دەيىيوينىڭ مۇشۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىشقا پېتىنالماي، كۈلگەن پېتى شۇنداق دېدى:

— خان قىزىڭلارنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشى باشقا نەرسىدىن ئەمەس، چوقۇم باۋچەي خان قىزنىڭ سوۋغات قىلىپ ئەۋەتكەن نەرسىلىرى سىڭلىمغا ئازلىق قىلىپ قالغان، شۇڭا خاپا بولۇپ كۆڭلى بۇزۇلغان نېمە. سىڭلىم، غەم قىلماڭ، كېلەر يىلى مەن جىياڭنەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ نەرسىلەردىن لىق ئىككى كېمە ئەكەلدۈرۈپ، سىزنى كۆز يېشى قىلىشتىن خالاس قىلايلى.

دەيىيوي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، باۋيوينىڭ ئۆزىنى بەزلەۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يا ياق، يا ماقۇل دېيەلمەي:

— مەن ھەرقانچە بىرنېمە كۆرمەي چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، سوۋغات قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئازلىقىدىن خاپا بولۇپ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدىغان ھالەتتە ئەمەسمەن. مەن يا ئىككى ـ ئۈچ ياشتىكى بالا بولمىسام، سىزمۇ كىشىنى بەكمۇ كۆزى كىچىك چاغلايدىكەنسىز. مېنىڭ مۇنداق قىلىشىمنىڭمۇ سەۋەبى بار، بۇنى سىز نەدىن بىلەتتىڭىز؟ — دېدى ـ دە كۆزىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى.

باۋيوي دەررۇلا كارىۋاتقا كېلىپ دەيىيوينىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى بىر ـ بىردىن قولىغا ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ سىنچىلاپ قارىدى ۋە قەستەنگە: «بۇ نېمە، بۇنى نېمە دەيدۇ؟» «ئاۋۇنى نېمىدىن ياسىغان، نېمانچە چىرايلىق؟»، «بۇ نېمە، بۇنىڭ نېمىگە كېرىكى بار؟»، «بۇنى ئالدىڭىزغا قويۇپ قويسىڭىز بولغۇدەك»، «ئاۋۇنى ئاسارئەتىقە سۇپىتىدە ئۈزۈن شىرەگە قويۇپ قويسا ئوبدان بولىدۇ» دېگەندەك يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن دەيىيوينى ئەلەشتۈرگىلى تۇردى.

باۋيوي ئاشۇنداق دەۋەرگەندىن كېيىن، دەيىيويمۇ بىرئاز خىجىل بولدى ـ دە:

— بولدى، بۇ يەردە تولا ئىلەشتۈرمىسىڭىزچۇ، يۈرۈڭ، ئىككىمىز باۋچەي ئاچامنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەيلى، — دېدى.

باۋيۈي دەيىيۈينى سىرتقا چىقىپ، بىردەم ـ يېرىمدەم ئايلىنىپ، غەم ـ غۇسسىدىن خالاس بولۇپ كىرسىكەن دەپ تەقەززا بولۇپ تۇراتتى، شۇڭا دەررۇلا:

— باۋچەي ئاچام بىزگە سوۋغات ئەۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئەلۋەتتە، بېرىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— بىز بىر ئائىلىدىكى ھەمشىرىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشى ھاجەتسىز ئىدى. شۆ پەن ئاكام قايتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ قېشىغا بارساق، ئۇ بىزگە جەنۇبنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ، شۇلارنى ئاڭلىسام خۇددى يۇرتۇمغا بىر قېتىم بارغاندەك بولۇپ قالىمەن، — دەيىيۈي شۇنداق دەپلا كۆزىگە يەنە ياش ئالدى.

باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى كۈتۈپ تۇردى. دەيىيۈي نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھۇجرىسىدىن چىقىپ باۋچەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

شۆ پەنگە كەلسەك، ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەررۇلا باغاق يېزىپ جوزا راسلىدى، ئەتىسى چاقىرغان تۆت خىزمەتكارنىڭ ھەممىسى تولۇق كەلدى. داستىخان سېلىنغۇچە بۇلار سودا ـ سېتىق، ھېسابات، مال تارقىتىش ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن داستىخانغا ئولتۇرۇشتى. شۆ پەن ئۇلارغا نۆۋەت بىلەن شاراب قۇيۇپ بەردى. شۆ ھامما ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ ئادەم كىرگۈزدى. ئۇلار ئەمدى شاراب ئىچكەچ قۇرۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى قوپۇپ:

— بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشىمىزدا يېقىن ئاغىنىلەردىن ئىككىسى يوق، — دېدى.

— كىملەر ئۇ؟ — دەپ سوراشتى كۆپچىلىك بىردەكلا.
— كىملەر بولاتتى، جيا قەسرىدىكى جيالىيەن بېگىم بىلەن بىزنىڭ چوڭ غوجامنىڭ قىيامەتلىك قېرىندىشى شياڭلىيەن غوجام بولمامدۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى.
كۆپچىلىك شۇندىلا ئۇلارنى ئېسىگە ئېلىپ، شۆ پەندىن سورىدى:
— جيا ليەن بېگىم بىلەن شياڭلىيەن غوجامنى نېمىشقا چاقىرمىدىلا؟
شۆ پەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى:
— جيالىيەن بېگىم يەنە پىڭئەن ۋىلايىتىگە كەتتى، بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن يولغا چىقىپ كەتكەن. شياڭلىيەن غوجامنى سورىمايلا قويۇڭلار، ئۇنىڭ ئىشى دۇنيادا بىرىنچى قېتىم كۆرۈلگەن غەلىتە ئىش! ئۇنىڭ نېمىسى «شياڭلىيەن غوجام» بولسۇن، ھازىر ئۇ نەلەردە «شياڭلىيەن دەرۋىش» بولۇپ يۈرىدىكىنتاڭ، — دېدى.
— بۇ قانداق گەپ؟ — دېيىشىپ كەتتى كۆپچىلىك ئەجەبلىنىپ.
شۆ پەن شياڭلىيەننىڭ ئىشلىرىنى باشتىن - ئايىغىغىچە بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. كۆپچىلىك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەجەبسىنىپ شۇنداق دېيىشتى:
— قايسى كۈنى دۇكاندا بىزنىڭمۇ قولىقىمىزغا كىرگەندەك قىلىۋىدى، خەقلەر «بىر دەرۋىش ئىككى ئۈچ ئېغىز گەپ بىلەنلا بىر ئادەمنى كەينىگە سېلىپ باشلاپ كەتتى» دەپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان. ئۇلار يەنە: «قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى» دېيىشىۋاتقاندى. ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىزمۇ ئۇقماپتۇق، بىزنىڭ مال تارقىتىۋاتقان ۋاقتىمىز ئىدى، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈشكە نەدە چولىمىز تەگسۇن؟ ھازىرغىچە ئۇ ئىشقا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈرەتتۇق، ئۇ كىشىنىڭ شياڭلىيەن



www.uyghurkitap.com

غوجام ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن ! شۇ ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساق، ھەممىمىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، ھەرقانچە تۇرۇۋالغىنىغا قارىماي پەيلىدىن ياندۇرغان بولاتتۇق.
— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى.
— قانداق دەيسىز؟ — سورىدى كۆپچىلىك.
— شياڭلىيەن غوجام شۇنچىلىك زېرەك ئادەم تۇرۇپ، راستىلا شۇ دەرۋىشنىڭ ئارقىسىدىن كېتەرمۇ؟ — دېدى ھېلىقى كىشى، — ئۇ چامباشچىلىقنى بىلىدۇ، كۈچىمۇ بار، بەلكىم ئۇ ھېلىقى دەرۋىشنىڭ جادۇگەرلىك ھىيلىسىنى بىلىۋالغان بولسا، قەستەن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، تۈيدۇرماي ئۇنى چاڭگىلىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەتتىمۇ، بۇنى بىلىپ بولامدۇ؟
— ئەگەر شۇنداقلا بولسىغۇ مەيلى ئىدى، — دېدى شۇ پەن، — جاھاندا پىتنە - پاسات تارقىتىپ، كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ تانابىنى تارتىدىغانغا نېمىشقىمۇ بىرەر ئادەم چىقمايدىغاندۇ !
— بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانلىرىدىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ باقمىدىمۇ؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.
— شەھەرنىڭ ئىچى - تېشى بولۇپ مەن ئىزدىمىگەن يەر قالمىدى. مېنى زاڭلىق قىلساڭلارمۇ مەيلى، ئۇنى تاپالماي تېخى بىر پەس يىغلاپمۇ كەتتىم ! — شۆ پەن شۇنداق دەپلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كەيپى ئۇچتى - دە، ئادەتتىكى خۇشاللىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. خىزمەتكارلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇزاق ئولتۇرۇشنى ئەپ كۆرمىدى بولغاي، ئىختىيار قىلغىنىچە بىرنەچچە قەدەھتىن ئىچىشتى، تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىشتى.
باۋيۈي بىلەن دەييۈيگە كەلسەك، ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە باۋچەينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېلىشتى. باۋيۈي باۋچەي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ:
— شۆ پەن ئاكام مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئەكەلگەن

نەرسىلەرنى ئۆزىڭىز ئىشلەتسىڭىز بولاتتى، يەنە بىزگە سوۋغات قىپسىز، — دېدى.

— ھېچقانچە ياخشى دېگۈدەك نەرسىلەر ئەمەس، يىراق يەردىن ئەكەلگەن يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئىكەن، ھەممەيلەنگە يېڭىلىق بولسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

— بۇ نەرسىلەرگە كىچىك ۋاقتىمىزدا ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمەيتتۇق، ئەمدى بىزگە باشقىچىلا يېڭىلىق بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى دەييۈي.

— سىڭلىم، بىلسىڭىز كېرەك، بۇمۇ خۇددى كونىلارنىڭ «ھەر نەرسە ئۆزگە يەردە قەدىرلىك» دېگىنىدەكلا گەپ، ئەمەلىيەتتە ئەرزىگۈچىلىك نەرسىلەرمۇ ئەمەس، — دېدى باۋچەي تەبەسسۇم بىلەن.

باۋيۈيگە بۇ گەپ دەييۈينىڭ بايىقى خىيالىغا قارىتىلىپ ئېيتىلغاندەك تۇيۇلۇپ، دەررۇلا گەپنى يۆتكىۋەتتى:

— كېلەر يىلى شۆ يەن ئاكام يەنە بېرىپ قالسا، بىزگە بۇ نەرسىلەردىن كۆپرەك ئالغاچ كەلسۇنچۇ.

دەييۈي ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

— سىزگە لازىم بولسا ئۆزىڭىزلا دەڭ، خەقنى چېتىۋالماڭ. ئاچا، قاراڭ، باۋيۈي ئاكام سىزگە رەھمەت ئېيتقىلى ئەمەس، كېلەر يىلى ئەكەلدۈرىدىغان نەرسىلەرنى بۇيرۇتقىلى كەپتۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىگە باۋچەي بىلەن باۋيۈي كۈلۈپ كەتتى. ئۈچەيلەن يەنە بىردەم پاراڭ سېلىشتى، دەييۈينىڭ كېسىلى ئۈستىدە پاراڭ بولغاندا، باۋچەي دەييۈيگە بىردەم تەسەللى ئېيتىپ شۇنداق دېدى:

— سىڭلىم، سەل كەيپىڭىز بولماي قالغان چاغلاردا زورلاپ بولسىمۇ تىرمىشىپ تالاغا چىقىپ، ئۇيەر - بۇيەرنى سەيلە قىلىپ كۆڭلىڭىزنى ئاچسىڭىز ھۇجرىدا بۇرۇقتۇم بولۇپ ئولتۇرغاندىن ھەر ھالدا ياخشى. مەنمۇ ئالدىنقى كۈنلىرى بوشىشىپ، پۈتۈن

ئەزايىم قىزىپ ياتقۇملا كېلىپ تۇرىدۇ دېمىدىمۇ؟ ھاۋا ئوسال بولغاچقا، كېسەل بولۇپ قالماي دەپ قورقۇپ، مىلىك بولۇش ئۈچۈن ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ يۈردۈم. مانا ئىككى كۈن بولدى، بىرئاز ياخشى.

— ئاچا، دېگىنىڭىز توغرا بولمامدىغان، مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى دەييۈي.

ئۈچەيلەن يەنە بىرئاز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، باۋيۈي بىلەن دەييۈي قوزغىلىشتى. باۋيۈي دەييۈينى بامبۇكزار سارايىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ كېلىپ، ئاندىن ئۆز يولىغا كەتتى.

جاۋ كىچىك ئاپا باۋچەينىڭ جياخۇەنگە سوۋغات قىلغان نەرسىلىرىنى كۆرۈپ ئاجايىپلا سۆيۈنۈپ كەتتى: «خەقلەر باۋچەينى ئوبدان قىز، ئادەمگەرچىلىكى بار، قولى كەڭ دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، قارىسام، راستىلا شۇنداق ئىكەن. ئۇنىڭ ئاكىسى قانچىلىك نەرسە ئەكېلەلەيتتى؟ ئۇ ئۆزۈمگە يېقىن ـ يىراق دېمەي، بىرىنىمۇ ئالا قويماي، ئۆيمۇ ئۆي سوۋغات قىپتۇ، ھەتتا بىزدەك تەلەيسىزلەرنىمۇ ئېسىدىن چىقارماپتۇ. ئەگەر ھېلىقى دەييۈي قىز بولىدىغان بولسا، بىز ئانا ـ بالا ئىككىمىزگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغان يەردە، بىزگە سوۋغات قىلغۇسى كېلەمتى؟» شۇ خىياللار بىلەن ئۇ ھېلىقى نەرسىلەرنى ئۇياققا بىر ئۆرۈپ، بۇياققا بىر ئۆرۈپ قايتا ـ قايتا كۆرۈپ باقتى، بىردىنلا باۋچەينىڭ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشتى ـ دە، نېمە ئۈچۈن بېرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ياخشى كۆرۈنىدىغان ئىشنى قىلمايمەن دەپلا، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ھېلىقى نەرسىلەرنى ئېلىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە بىر چەتتە ئۆرە تۇرۇپ، ھىجايغان پېتى شۇنداق دېدى:

— بۇ نەرسىلەرنى باۋچەي خان قىز تېخى يېڭىلا جيا خۇەنگە سوۋغات قىلىپ ئەۋەتىپتۇ، خان قىز ياش تۇرۇپ ھەممىنى ئەتراپلىق ئويلاپ يېتىپتۇ. كاتتا ئادەملەرنىڭ بالىۋاقىسى دېگەن

شۇنداق چوڭ سۇپەت، قولى كەڭ كىلىدىكەن. بۇنداق قىزنى كىشىنىڭ بەك ئىززەت قىلغۇسى كەلمەي قالمايدۇ! شۇڭا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرى ئۇنى ھەمىشە ماختاپ ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىشىدىكەنلا. بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈملا كۆرۈپ خۇشال بولماي ئۆزلىرىنىمۇ كۆرۈپ خۇش بولسۇن دەپ ئالايىتەن ئالدىلىرىغا ئەكەلدىم.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن نىمە غەرەز بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچان ئۇقۇپ بولدى. ئاندىن ئۇ قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي قويۇشقا ئۇنىمايسىزلىنىپ:

— ئۇبدان بوپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ جياخۇەن غوجىغا بىرىڭ، ئوينىسۇن، — دەپ قويىدى.

جاۋ كىچىك ئاپا بۇ يەرگە كەلگەندە خۇشال كىلىۋىدى، ئەمما بۇرنىغا يەپ قېلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، سىرتىغا چىقىرالماي، ئوسال بولغىنىچە قايتىپ چىقتى. ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى نەرسىلەرنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ قانچىلىك بىر ئەرزىگۈدەك نىمىلەر ئىدى؟» دەپ غودۇڭشىپ، ئۆزىچە بىردەم قورسىقى كۆپۈپ ئولتۇردى.

يىڭئېر خىزمەتكار موماي‌لارنى باشلاپ سوۋغاتلارنى جاي ـ جايىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ھەممەيلەننىڭ رەھمەت ئېيتقانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىگە كۈمۈش پۇل ئىنئام قىلغانلىقىنى باۋچەيگە مەلۇم قىلدى. خىزمەتكار مومايلار چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن، يىڭئېر باۋچەيگە يېقىن كېلىپ ئاستاغىنا شۇنداق دېدى:

— بايا ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا تەرەپكە بېرىۋىدىم، ئۇ چىرايىدىن بەك خاپا كۆرۈنىدۇ، مەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ چىقىپ شياۋخۇڭدىن ئاستا سوراپ باقتىم. ئۇ: «ئوتتۇرانچى ئاغىچا بايا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ

كەلگەندىن بۇيان شۇنداق خاپا، بۇرۇنقى خۇشخۇيلۇقلىرى يوق. پىڭئېرنى چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇلداشتى» دېدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، بىرەر چوڭ ۋەقە بولغان ئوخشايدۇ. خان قىز، ئۆزلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تەرەپتە بىرەر ئىش بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغانلا؟

باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، فېڭجىيېنىڭ نېمىگە خاپا بولغانلىقىنى ئويلاپ تاپالماي، دىققەت بولدى ۋە:

— ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئىشى بولىدۇ، ئۇنىڭغا بىزنىڭ چىشىمىز پاتامتى؟ چىقىپ چاي دەملەپ كىر، — دېدى.

پىڭئېر چىقىپ كېتىپ چاي ئېلىپ كىردى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

باۋيۈي دەييۈينى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى، دەييۈينىڭ غېرىبسىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى. بۇنى شىرېنگە دەپ بەرگۈسى كېلىپ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ھۇجرىدا پەقەت شېيۆ بىلەن چيۇۋېنلار تۇراتتى. ئۇلاردىن:

— شىرېن ئاچاڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— مۇشۇ ھويلىلارنىڭ بىرسىدە باردۇ، يوقاپ كېتەمتى ئۇ؟ بىردەملا بولماي قالسا ئىزدەپ كېتىدىكەنلا، — دېدى شېيۆ.

— يوقاپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىمىدىم، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — بايا دەييۈي قىزنىڭكىگە بارغانىدىم، ئۇ يەنە كۆڭلى سۇنۇق ئولتۇرۇپتۇ، نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، بايا ئۇنىڭغا باۋچەي بىر نەرسە سوۋغات قىپتىكەن، قارىسا، ئۆز يۇرتىنىڭ ئالاھىدە بۇيۇملىرى ئىكەن، شۇنىڭغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ قاپتۇ. مەن شۇڭا شىرېن ئاچاڭغا دەپ، ئۇنى تەسەللى بېرىشكە ئەۋەتمەكچى ئىدىم.

باۋيۈي شۇنداق دەپ تۇرۇشىغىلا چىڭۋېن كىرىپ كەلدى ۋە باۋيۈيگە:

— قايتىپ كەپلا! يەنە كىمگە تەسەللى بېرىشكە ئەۋەتمەكچىدىلە، — دېدى.

باۋيۇي ھېلىقى گەپنى يەنە بىر قېتىم دەپ بەردى.

— شىرىن ئاچام تېخى يېڭىلا چىقىپ كەتكەن، ئوتتۇرانچىنى كېلىن ئاغىچا تەرەپكە بارىمەن دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. بەلكىم دەيىۋي قىزنىڭكىگىمۇ بارارمىكىن، — دېدى چىڭۋېن.

باۋيۇي ئۇنىڭ گېپىگە لام - جىم دېمىدى. چيۇۋېن چاي قۇيۇپ بەردى، ئۇ ئاغزىنى چايقاپ پىيالىنى چۆرە قىزغا بەردى - دە، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئۇدۇل كەلگىنىچە كارىۋاتقا قىڭغايدى.

باۋيۇي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شىرىن بىردەم يىڭنە ئىشى قىلىۋېتىپ، فېڭجيېنىڭ تاۋى يوقلۇقى، ئۇنى يوقلاپ بارمىغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانلىقى بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى. جيالىيەننىڭ سەپەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىشقا ياخشى پۇرسەت كەپتۇ دەپ ئويلاپ، چىڭۋېنغا:

— ئۆيدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، باۋيۇي غوجام كېلىپ قالسا ئادەم تاپالماي قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

ۋاي - ۋۇي! — دېدى چىڭۋېن، — بۇ ھۇجرىدا يالغۇز سەنلا ئۇنىڭ غېمىنى يەپ، باشقىمىز بىكار يۈرۈپ ھارام تاماق يەيدىكەنمىز - دە!

شىرىن كۈلۈپ قويۇپ، باشقا گەپ قىلمايلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپشان كۆۋرۈكگە يېتىپ كەلدى. ھازىر دەل يازنىڭ ئاخىرى، كۈزنىڭ بېشى ئىدى، كۆلدىكى نىلۇپەرلەرنىڭ ئېچىلغانلىرى بىلەن توزۇغانلىرى ئارىلىشىپ قىزىل - يېشىل بولۇپ تۇسلىنىپ تۇراتتى. شىرىن كۆلنى ياقىلاپ تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ، بېدىش تېگىدە بىر كىمنىڭ توزاڭ قاقىقۇچ بىلەن بىر نېمىنى قېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، يېقىن كېلىپ قارىسا جۇ ئانىكا ئىكەن.

موماي ئۇنى كۆرۈپ، ھىجايغان پېتى شىرىننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە:

— خېنىم، بۇگۈن قانداقلارچە ۋاقتىڭىز يېتىپ بۇياقلارغا

تاماشىغا ئۆتۈپ قالدىڭىز؟ — دېدى.

— شۇنى دەڭا؟ — دېدى شىرىن، — ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنى يوقلاپ كېلەي دەپ كېتىۋاتىمەن، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— بۇ يەردە ھەرىلەرنى قورۇۋاتىمەن، — دېدى موماي، — بۇ يىل تومۇز كۈنلىرى يامغۇر ئاز يېغىپ، مېۋىلەردە ھەرە بولۇپ قېلىپ مېۋىلەرنى يەپ، ساپلا زېدە قىلىۋەتتى، بىرمۇنچىسى تۆكۈلۈپ كەتتى. سىز ئۇقمايسىز، ھەرە دېگەن تازىمۇ ئوسال نېمە، بىر ساپاقتىن ئىككى - ئۈچ دانىسىنى زېدە قىلىۋەتسە، زېدە بولغانلىرىنىڭ سۈيى ساقلىرىغا ئېقىپ، بىر ساپاق ئۈزۈم كېرەكتىن چىقىدۇ. قارىڭا، ئىككىمىز پاراڭلىشىپ تۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا قورۇمىۋۇدىم بىرمۇنچىسى كېلىپ قونۇۋاپتۇ.

— توختىماي قورۇغىنىڭىز بىلەنمۇ ھېچقانچىسىنى قوروپ كېتەلمەيسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، دەللاللارغا ئېيتسىڭىز، ئۇلار داكىدىن بىرمۇنچە خالتا تىكتۈرۈپ بەرسە، بىر ساپىقا بىردىن كىيدۈرۈپ قويسىڭىز، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، ھەرىمۇ قونالمايدۇ، — دېدى شىرىن.

— راست دېدىڭىز، خېنىم، مەن تېخى بۇ يىلدىن تارتىپ قاراشقا باشلىدىم، بۇنداق ئەپچىل چارىنى نەدىن بىلەي؟ — دېدى موماي كۈلۈپ. ئاندىن ھىجىيىپ تۇرۇپ، — بۇ يىل ئۈزۈم بىر ئاز نابۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما تەمى ئوبدان، ئىشەنمىسىڭىز بىر تال ئۈزۈپ يەپ بېقىڭ، — دېدى.

— ئۇنداق قىلىشقا بولامدۇ؟ — دېدى شىرىن جىددىي قىياپەتتە، — ھازىرغۇ خام، يېگىلى بولمايدۇ، پىشقان ھالەتتىمۇ باش بۇرنىنى غوجايىنلار تېتىماي تۇرۇپ بىز يېسەك بولمايدۇ. سىز مۇشۇ خانىدانىنىڭ ئىشىنى قىلىپ ياشانغان ئايال تۇرۇقلۇق، مۇشۇنچىلىك قائىدە - يوسۇنىمۇ ئۇقمامسىز؟

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، خېنىم، — دېدى جۇ ئانىكا دەررۇلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — قارىسام، سىزگە

ياربغاندەك قىلدى، شۇڭا قائىدە ـ يوسۇننى ئۇنتۇپ، شۇنداق دەپ تاشلاپتىمەن، قېرىغاندا كىشى ئالجىپ قالىدىكەن.

ــ ھېچقىسى يوق، سىلەردەك ياشانغان ئانىكاملار مۇنداق ئىشنى باشلاپ بەرمىسەڭلارلا بولدى، ــ شىرىن شۇنداق دەپلا باغنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ فېڭجيې تەرەپكە ماڭدى. ھويلىغا كىرگەندە فېڭجيېنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ۋىجدان ـ ئىنساب دېگەن نەگە كەتكەندۇ! بۇ ئۆيدە شۇنچە جاپا تارتقىنىمغا قارىماي، ئاخىرىدا مەن ئەسكى بولۇپ چىقىپتىمەن ـ دە!

شىرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بارلىقىنى بىلدى ـ دە، قايتىپ كېتەي دېسە تېخى، كىرەي دېسە تېخى، تۇرۇپ قېلىپ، ئاخىر چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ كېلىپ، بىردىنلا:

ــ پىڭئېر ئاچام بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

پىڭئېر دەرھال «مانا مەن» دەپلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ــ ئوتتۇرانچى خېنىممۇ ئۆيدە ئوخشىمامدۇ؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟ ــ دېگەچ شىرىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

فېڭجيې كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتقان بولۇۋالدى. ئۇ شىرىننى كۆرۈپ، كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

ــ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، مېنى ئويلاپسەن، بىرنەچچە كۈن بولدى، بىز تەرەپكە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتەيمۇ دېمىدىڭ! ــ دېدى.

ــ خېنىمنىڭ ساقلىقى بولمىغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى كېلىپ ئەھۋال سوراپ تۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى، بىراق بىتاپ بولغاندا تىنچ يېتىپ ئارام ئېلىشقا توغرا كېلىدىكەن، بىز كەلسەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ بىئارام قىلىۋېتەرمىز دېدىم، ــ دېدى شىرىن.

ــ بىئارام بولىدىغان ئىش يوق. بىراق باۋيۇي ئىنىمنىڭ ھۇجرىسىدا ئادەم كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان پەقەت سەن بىرلا، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلالمايسەن، ــ

دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — پىڭئېردىن دائىم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭدىن ۋايىم يەپ، دائىم مېنى سوراپ تۇرىدىكەنسەن، بۇمۇ سىنىڭ ماڭا كۆيۈنگەنلىكىڭ، — فېڭجيې پىڭئېرگە كىچىك كۆرسى ئەكەلدۈرۈپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويدۇرۇپ، شىرىننى ئولتۇر، دېدى. فېڭئېر چاي ئەكىردى، شىرىن ئورنىدىن قوپۇپ چاينى ئېلىپ:

— سىڭلىم، ئاۋارە بولماي سەنمۇ ئولتۇرغىن، — دېدى.

ئۇلار پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندا، بىر چۆرە قىز تاشقىرىقى ھۇجرىدا، پىڭئېرگە ئاستا: «ۋاڭئېر كەلدى، ئارا دەرۋازىدا كۈتۈپ قالدى» دېگىنى، ئاندىن پىڭئېرنىڭمۇ ئاستاغىنا: «ئۇقتۇم، بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيت، ھازىرچە كېتىپ تۇرۇپ چاقىرغاندا كەلسۇن، دەرۋازا ئالدىدا تۇرمىسۇن!» دېگىنى ئاڭلاندى.

شىرىن ئۇلارنىڭ ئىشى بارلىقىنى بىلىپ، يەنە بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدى.

— قولۇڭ بوشىغاندا كېلىپ تۇرغىن، پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدىكەن، — دېدى فېڭجيې ۋە پىڭئېرنى بۇيرۇدى، — پىڭئېر، سىڭلىڭنى ئۇزىتىپ قوي.

پىڭئېر «خوش» دەپ، شىرىننى ئۇزىتىپ چىقتى، تاشقىرىدا ئىككى - ئۈچ چۆرە قىز ئۈن - تىن چىقارماستىن، خىزمەت كۈتۈپ قاتار تۇرۇشاتتى. شىرىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قايتىپ كەتتى.

پىڭئېر شىرىننى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن:

— بايا ۋاڭئېر كەپتىكەن، شىرىن بۇ يەردە بولغاچقا، ئۇنى ھازىرچە تالادا ساقلاپ تۇرسۇن دەپ چىقىرىۋەتكەنىدىم، ئۇنى ھازىرلا چاقىرتىمىزمۇ ياكى بىردەم تۇرۇپمۇ؟ — دېدى.

— ھازىرلا چاقىرىڭلار! — دېدى فېڭجيې.

پىڭئېر دەررۇلا ۋاڭئېرنى چاقىرىپ كىرىشكە چۆرە قىزنى بۇيرۇدى.

— زادى سىنىڭ ئاڭلىغىنىڭ قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې پىڭئىېردىن يەنە.

— يەنە شۇ بايىقى چۆرە قىزنىڭ گېپى، — دېدى پىڭئىېر، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئارا دەرۋازىدا ئىككى مۇلازىم بالا: «يېڭى كېلىن ئاغىچا كونا كېلىن ئاغىچىدىن چىرايلىق ئىكەن، مىجەزىمۇ ئوبدان ئىكەن» دېيىشىۋېتىپتىكەن، ۋاڭئىېرمىكىن، كىمدۇر بىرىكىم ئۇلارغا: «نېمە ئۇ، يېڭى كېلىن ئاغىچا، كونا كېلىن ئاغىچا دېگەن. جىم يۇرۇۋېرىشمەمسەن، ئىچكىرىدىكىلەر ئاڭلايدىغان بولسا تىللىرىڭنى كېسىۋېتىدۇ!» دەپ ۋارقىراپتۇ، — پىڭئىېر گەپ قىلىپ بېرىۋاتاتتى، چۆرە قىز كىرىپ:

— ۋاڭئىېر تالادا قالدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. فېڭجيې سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

— چاقىر، كىرسۇن! — دېدى.

ھېلىقى چۆرە قىز چىقىپ كېتىپ، ۋاڭئىېرگە:

— خېنىم چاقىرىدۇ! — دېدى.

ۋاڭئىېر خوش دېگىنىچە ئالمان - تالمان ئۆيگە كىردى. ۋاڭئىېر تەزىم قىلىپ بولۇپ، تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىدە قولىنى سىلىپ ئۆرە تۇردى.

— ئىچكىرىگە كىر! سەندىن گەپ سورايمەن، — دېدى فېڭجيې.

ۋاڭئىېر ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ ئۆرە تۇردى.

— ئوتتۇرانچى بېگىمنىڭ سىرتتا بىرسى بىلەن ئۆي تۇتۇۋېتىپتۇدەك. بۇنىڭدىن سىنىڭ خەۋىرىڭ باردۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

ۋاڭئىېر يەنە بىر تەزىم قىلىۋېتىپ، جاۋاب بەردى:

— قۇللىرى ھەر كۈنى ئارا دەرۋازىدا خىزمەتلىرىگە ھازىر بولۇپ تۇرۇۋاتسام، ئوتتۇرانچى بېگىمنىڭ سىرتتىكى ئىشلىرىنى نەدىن بىلەي؟

— راست، سەن ئەلۋەتتە «بىلمەيسەن !» بىلىدىغان بولساڭ، نېمىدەپ خەقنىڭ ئاغزىنى باساتتىڭ ! — دېدى فېڭجېي سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.
ۋاڭئېر بايىقى گەپنىڭ ئاللىبۇرۇن فېڭجېينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇ ئىشنى يوشۇرۇپ كېتەلمەسلىكىگە كۆزى يەتتى - دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى:
— پېقىر قۇللىرى راستلا بىلمەيمەن، بايا شىڭئېر بىلەن شىئېر ئىككىسى ئاشۇ يەردە ئاغزىغا كەلگىنىنى دېيىشىۋاتقانىكەن، پېقىر ئۇلارغا بىر - ئىككى ئېغىز ۋارقىراپ قويغانىدىم. پېقىر بۇ گەپنىڭ تېگىدە نېمىلەر بارلىقىنى ئۇقالماي، سىلىگە قارىسىغا مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمىدىم، ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، شىڭئېردىن سوراپ كۆرسىلە، ئۇ ئوتتۇرانچى بېگىم بىلەن دائىم سىرتقا بىللە چىقىپ تۇرىدۇ.
فېڭجېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق بىرنى تۈكۈردى - دە، تىللاپ كەتتى:
— ھەممىڭ ئوخشاشلا ۋىجدانسىز، دۆيۈز ھارامزادىلەر ! ھەممىڭ بىر يىپلەكنىڭ خەمەكلىرى ! مېنى ئۇقمايدۇ دەپ ئويلايدىكەنسىلەر - دە ! چىقىپ شىڭئېر دېگەن ھېلىقى نىجىسنى چاقىرىپ كىر، ئۆزۈڭمۇ كەتمە ! ئۇنىڭدىن سوراپ بىلگەندىن كېيىن، سەندىن يەنە گەپ سورايمەن. ياخشى، ياخشى، ياخشى ! مانا بۇ مەن ئىشلەتكەن ياخشى ئادەملىرىمنىڭ ئەھۋالى !
ۋاڭئېر ئارقا - ئارقىدىن «خوش، خوش» دەپ باش ئۇرۇپ ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپتى - دە، شىڭئېرنى چاقىرىپ كىرىشكە چىقىپ كەتتى.
شىڭئېر دەپتەرخانىدا مۇلازىملار بىلەن ئوينىشىۋاتاتتى، «ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا چاقىرىۋاتىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ۋە ھېلىقى ئىشنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋىرى يوقلا، دەررۇ ۋاڭئېرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ۋاڭئېر

ئالدى بىلەن ھۇجرىغا كىرىپ:
— شىڭئېر كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.
— كىرسۇن ! — دەپ فېڭجىيې قاتتىق ۋارقىرىدى.
شىڭئېر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى، ئارقىدىن سەل يۈرىكىنى توختىتىۋېلىپ ھۇجرىغا كىردى. فېڭجىيې ئۇنى كۆرۈپلا:
— ھوي، سولتەك ! بېگىمنىڭ بىلەن ئوبدان ئىش قىلىشىپسەن ! قېنى راستىنى ئېيت ! — دېدى.
شىڭئېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋە فېڭجىيېنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى، ئەتراپتا تۇرغان دېدەكلەرنىڭ ئەۋزايىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن بوشىشىپلا كەتتى، ئىختىيارسىز يەرگە تىزلىنىپ باش ئۇرۇشقا باشلىدى.
— بۇ ئىشنىڭ سېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم، بىراق بالدۇرراق كېلىپ ماڭا مەلۇم قىلماپسەن، مانا بۇ سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ، — دېدى فېڭجىيې، — ئەگەر راستىنى ئېيتىدىغان بولساڭ، سېنى كەچۈرىمەن، يەنە بىرەر ئېغىز يالغان گەپ قىلىدىغان بولساڭ، بېشىڭ ئون بولسىمۇ مەندىن قۇتۇلالمايسەن !
شىڭئېر تىترىگەن پېتى باش ئۇرۇپ تۇرۇپ:
— خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ سوراۋاتقانلىرى مەن قۇللىرى بىلەن بېگىم قىلىپ قويغان قايسى يامان ئىشكىن؟ — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ فېڭجىيېنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى - دە:
— كاچاتقا سال ! — دەپ ۋارقىرىدى.
ۋاڭئېر كېلىپ ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، فېڭجىيې ئۇنى تىللىدى:
— ھارامدىن بولغان كالۋا ! ئۆزى ئۇرسۇن، سېنى ئۇر دېدىمۇ؟ ئالدىرىماي تۇر، بىردەمدىن كېيىن سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۇرىسەن !
شىڭئېر راستىلا غۇلچىنى كېرىپ، ئوڭ - سول كاچىتىغا

ئۆزى ئون نەچچىنى سالدى.
— توختا ! — دەپ ۋارقىرىدى فېڭجيې ۋە يەنە سورىدى، — ئوتتۇرانچى بېگىڭنىڭ سىرتتا قانداقتۇر «يېڭى كېلىن ئاغىچا»، «كونا كېلىن ئاغىچا» ئالغان ئىشلىرىنى سەن بىلمەيسەنغۇ دەيمەن؟
شىڭئېر بۇ گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، تېخىمۇ ھودۇقتى ـ دە، دەرھال بۆكىنى ئېلىۋېتىپ، خىش يەرگە بېشىنى دۈك ـ دۈك ئۇرۇپ، شۇنداق دېدى:
— خېنىم، ئۆزلىرىدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلىسەم ! پېقىر ئەمدى بىر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلمايمەن !
— ئەمىسە چاپسان سۆزلە ! — دېدى فېڭجيې.
شىڭئېر تىك يۈكۈنگىنىچە مەلۇم قىلىشقا باشلىدى:
— باشتا بۇ ئىشتىن پېقىرنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى، شەرقىي قەسىردىكى ئۇلۇغ بېگىمنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىدىغان كۈنى يۈي لۇ جياجېن بېگىمنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كومۇش ئالغىلى كەتتى، ئوتتۇرانچى بېگىم بىلەن جيارۇڭ غوجام شەرقىي قەسىرگە كېلىۋېتىپ ئىككىيلەن يولدا جياجېن بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسىنىڭ ئىككى سىڭلىسى ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئوتتۇرانچى بېگىم ئۇلارنى ماختىۋىدى، جيارۇڭ غوجام چېقىشىپ، ئوتتۇرانچى يەزنە خېنىمنى ئوتتۇرانچى بېگىمگە ئېلىپ بەرمەكچى ...
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە فېڭجيې:
— تۇفى ! — دەپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى، — يۈزى قېلىن ھارامزادە ! ئۇ سېنىڭ قايسى يەتمىش پۇشتۇڭنىڭ يەزنە خېنىمى ئىدى؟
شىڭئېر ئىتتىك يەنە باش ئۇرۇپ:
— ۋاي مەن ئۆلەي، — دېدى ـ دە، سۆزلەشكە پېتىنالماي تورۇسقا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.
— تۈگىدىمۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ — دېدى فېڭجيې.

شۇندىلا شىڭئېر يەنە زوۋانغا كەلدى:

— خېنىم، مېنى كەچۈرسىلە، ئاندىن مەن دەپ بېرەلەيمەن.

— ئاناڭنىڭ غېرى ! — دېدى فېڭجيې بىرنى توكۇرۇپ، — «كەچۈر ـ پەچۈر» دېگەن نېمە ئىكەن ئۇ، ئايىغىنى سۆزلىمەمسەن، يەنە تېخى جىق گەپ بار !

شىڭئېر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئوتتۇرانچى بېگىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولدى، كېيىن مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ قانداقلارچە راستقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقماي قالدىم.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە ! بۇنى سەن نەدىن بىلەتتىڭ؟ سەن بالاغا قالماي دېگەننىلا بىلىسەن ! شۇنداق، ئايىغىنى سۆزلە ! — دېدى فېڭجيې مىيىقىدا سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

— كېيىن جيارۇڭ غوجام ئوتتۇرانچى بېگىمگە ئۆي ـ جاي تېپىپ بەردى، — دېدى شىڭئېر.

— ئۇ ئۆي نەدە؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې ئالدىراپ.

— قەسىرنىڭ ئارقىسىدا، — دەپ جاۋاب بەردى شىڭئېر.

— هە ! — فېڭجيې ئارقىسىغا قايرىلىپ پىڭئېرگە، — بىز ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ يېتىپتۇق ! ماۋۇ گەپنى ئاڭلا ! — دېدى.

پىڭئېر ئۈن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. شىڭئېر سۆزنى يەنە داۋام قىلدۇردى:

— جياجېن بېگىم تەرىپىدىن جاڭ ئائىلىسىگە قانچىلىك كۈمۈش بېرىلگەنلىكىنى، جاڭ ئائىلىسى بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايلا قويدى.

— بۇ ئىشقا جاڭ ـ پاڭ دېگەن نېمىلەر قانداقسىغا چېتىلىپ يۈرىدۇ؟ — دېدى فېڭجيې.

— خېنىم، ئۆزلىرى ئۇقمايلا. بۇ ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا ... — شىڭئېر بۇ گەپنى دەپ تاشلاپ ئۆزىنى يەنە كاچاتلاپ كەتتى، فېڭجيې ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۈلۈۋەتتى، ئىككى چەتتە

تۇرغان دېدەكلەرمۇ پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شىڭئېر بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى، — جىياجېن بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسىنىڭ سىڭلىسىنى …

— قانداق بولدى؟ چاپسان سۆزلە ! — دەپ فېڭجيې ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— جىياجېن بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسىنىڭ سىڭلىسىنى كىچىككىدىنلا بىر كىمگە، فامىلىسىنى جاڭ دەمدۇ، ئىسمىنى جاڭ خۇا دەمدۇ، ئاشۇنداق بىر كىمگە دېيىشىپ قويغانىكەن، ھازىر ئۇ ئادەم نامراتلىشىپ تىلەمچىلىك قىلىش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قاپتۇدەك، جىياجېن بېگىم ئۇنىڭغا كۈمۈش بېرىپتىكەن، ئۇ يېنىشىپ كېتىپتۇ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، فېڭجيې بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە دېدەكلەرگە قاراپ:

— ھەممىڭلار ئاڭلىغانسىلەر؟ بۇ ھارامدىن بولغان شۇم، بايا ئۇقمايمەن دېگەندى ! — دېدى.

— كېيىن ئوتتۇرانچى بېگىم ئۆيلەرنى خۇيلىتىپ، ياساپ - جابدۇپ، ئۇنى كۆچۈرۈپ كەلدى، — دېدى شىڭئېر سۆزىنى داۋام قىلىپ.

— نەدىن كۆچۈرۈپ كەلدى؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆچۈرۈپ كەلدى، — دېدى شىڭئېر.

— پاھ، قالتىسقۇ ! — دېدى فېڭجيې. ئاندىن يەنە، — كۆچۈرۈشۈپ كەلگۈچىلەر بولمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جىيارۇڭ غوجام بىلەن يەنە بىرقانچە دېدەكلەر، خىزمەتكار ئاياللار بىلەن كۆچۈرۈپ كېلىشتى، ئۇلاردىن باشقا ئادەم يوق، — دېدى شىڭئېر.

— چوڭ كېلىن ئاغىچا كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— ئىككى كۈندىن كېيىن، چوڭ كېلىن ئاغىچا بىر

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى ئېلىپ يوقلاپ بېرىپتۇ، ــ دېدى شىڭئېر.

فېڭجيې كۈلۈپ كېتىپ، كەينىگە قاراپ پىڭئېرگە:

ــ غوجامنىڭ ئاشۇ كۈنلەردە چوڭ كېلىن ئاغىچىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ يۈرگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە، ــ دەپ قويۇپ، شىڭئېر تەرەپكە بۇرۇلۇپ، يەنە ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا چۈشتى، ــ كىم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتىدۇ؟ ھەرقاچان سەن قىلىۋاتىدىغانسەن.

شىڭئېر دەرھال باش ئۇرۇپ قويۇپ، زۇۋان سۈرمىدى.

ــ ئاشۇ كۈنلەردە، نېرىقى قەسىردە ئىشىم بار دەپ يۈرەتتى، قىلغىنى مۇشۇ ئىش ئىكەن ـ دە؟ ــ دېدى فېڭجيې يەنە.

ــ ئىش بېجىرگەن چاغلىرىمۇ بار، يېڭى ھۆجرىغا بارغان چاغلىرىمۇ بار، ــ دېدى شىڭئېر.

ــ ئۇنىڭ بىلەن كىم بىللە تۇرۇۋاتىدۇ؟ ــ دەپ يەنە سورىدى فېڭجيې.

ــ ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۆزىنى بوغۇزلىۋالدى، ــ دېدى شىڭئېر.

ــ نېمە بوپتىكەن؟ ــ دېدى فېڭجيې.

شىڭئېر ليۇ شياڭليەننىڭ ئىشىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بەردى.

ــ ئۇنى تەلىيى ئوڭ ئىكەن دېسىمۇ بولغۇدەك، ھەر نېمە بولسا، يامان ئاتاقتا قېلىشتىن قۇتۇلۇپتۇ، ــ دېدى فېڭجيې ۋە يەنە، ــ باشقا ئىش يوقمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ باشقا ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، ــ دېدى شىڭئېر، ــ بايا دېگەن گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، ئەگەر بىر ئېغىز يالغان گەپ ئارىلىشىپ قېلىپ، خېنىم سۈرۈشتۈرۈپ ئۇقۇپ قالىدىغان بولسىلا، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلىمۇ مەن رازى!

فېڭجيې بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىڭئېرگە قاراپ يەنە:

ــ سەن مايمۇن كۈچۈكنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە بولىدۇ!

بۇنىڭ مەندىن يوشۇرىدىغان نېمىسى بار؟ بۇ ئىشنى مېنىڭدىن يوشۇرۇپ، گالۋاڭ بېگىگە ياخشچاق بولۇپ، يېڭى كېلىن ئاغىچاڭنى ئۆزۈڭگە ئامراق قىلماقچى بولغانمىدىڭ! بايا بىر ئاز قورقىنىڭدىن يالغان ئېيتمىغىنىڭنى دېمىسەم، پاچىقىڭنى چېقىۋەتكەن بولاتتىم، — دېدى، ئارقىدىنلا، — چىق! — دەپ ۋارقىرىدى.

شىڭئېر باش ئۇرۇپ ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپتى ۋە كەينىچە مېڭىپ تاشقىرىقى ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

— بۇ يەرگە كەل! يەنە دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى فېڭجيې.

شىڭئېر ئىتتىك قولىنى سېلىپ، ھۆرمەت بىلەن قولاق سېلىپ تۇردى.

— نېمىگە ئالدىرايسەن؟ يېڭى كېلىن ئاغىچاڭ ساڭا بىر نېمە ئىنئام قىلىمەن دەپ ساقلاپ تۇرامتى يا؟ — دېدى فېڭجيې.

شىڭئېر بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ پېتىنالمىدى.

— سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ تەرەپكە ئۆتمەيسەن! مەن سېنى قاچان چاقىرسام، شۇ چاغدا ئالدىمدا ھازىر بولىسەن. بىرقەدەم كېچىكىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكنى شۇ چاغدا كۆرىسەن! ئەمدى چىق! — دېدى فېڭجي.

شىڭئېر كەينى - كەينىدىن «خوش - خوش» دەپ قويۇپ، ئاندىن كەينىچىلەپ چىقىپ كەتتى.

— شىڭئېر! — فېڭجيې يەنە توۋلىدى.

شىڭئېر دەررۇلا كەينىگە ياندى.

— شاپاشلاپ بېرىپ بېگىڭگە ئېيتماقچىمۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى فېڭجيې.

— قۇللىرىنىڭ ھەددى ئەمەس، — دېدى شىڭئېر.

— چىقىپ بۇ ھەقتە بىر ئېغىز تىنىدىغان بولساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن! — دېدى فېڭجيې.

شىڭئېر دەررۇلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ۋاڭئېر قېنى؟ — دەپ يەنە چاقىردى فېڭجيې.

— ۋاڭئېر ئىتتىك خوش دەپ ھۇجرىغا كىردى.

فېڭجيې ئۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ ئېغىز گەپ قىلغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتكۈچە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن:

— ياخشى، ۋاڭئېر، ناھايىتى ياخشى! چىقىپ كەت! ئەگەر سىرتتىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن بۇگۇنكى ئىش ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام ھېسابىنى سېنىڭدىن ئالىمەن! — دېدى.

ۋاڭئېر «خوش» دەپ كەينىگە ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— بەزمە تۈگىدى! — دېدى فېڭجيې.

دېدەكلەر بۇنى چۈشىنىپ، ھەممىسى چىقىپ كېتىشتى.

— ھەممىنى ئاڭلىغانسەن؟ ئەمدى ئوبدان بولدى! — دېدى فېڭجيې پىڭئېرگە.

پىڭئېرمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي، كۈلۈپلا قويدى. فېڭجيې ئويلىغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ، ياستۇققا يۆلەنگىنىچە بۇرۇقتۇم ئىچىدە خىيالغا كەتتى. بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆڭلىگە بىر ئوي كەلدى - دە:

— پىڭئېر، بېرى كەل! — دەپ پىڭئېرنى چاقىردى. پىڭئېر ئىتتىك ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئويلىسام، بۇ ئىشنى مۇنداق قىلساق ياخشى بولغۇدەك، غوجام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن مەسلىھەتلىشىمىز دەپ تۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىكەن، — دېدى فېڭجيې.

فېڭجيېنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش سەككىزىنچى باب

## بىچارە يۈ ئېرجىيېنىڭ ئالدىنىپ نەزەرباغقا كىرىپ قالغانلىقى كۆنچى ۋاڭ فېڭجىيېنىڭ نىڭگو قەسرىدە چوڭ غوۋغا چىقارغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جيالىيەن سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پىڭئەن ۋىلايىتىدىكى ھىراۋۇل بەگ قېرىشقاندەك چەت ـ ياقىنى چارلاشقا كېتىپ قالغاندى، ئۇنىڭ بىرەر ئاي ئىچىدە يېنىپ كېلىشىگە جيالىيەن ئىشەنچ قىلالماي، چۈشكەن راۋاتتا يېتىپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. ھىراۋۇل بەگ يېنىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتىپ بارغۇچە ئىككى ئايچە ۋاقىت كېتەتتى.

فېڭجيېمۇ ئاللىقاچان كۆڭلىدە چوت سوقۇپ قويغانىدى: جيالىيەن سەپەر ئۈچۈن بوسۇغىدىن چىقىشى بىلەنلا، فېڭجيې يېنىپ كىرىپ ھەر خىل ئۇستىكارلارنى چاقىرتتى. شەرقىي تامدىكى يان ھۇجرىلاردىن ئۈچ ئېغىزنى ئۆزىنىڭ تۆر ھۇجرىلىرىغا ئوپئوخشاش قىلىپ ياسىتىپ چىرايلىق جابدۇتقۇزدى. ئون تۆتىنچى كۈنى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا، ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا راھىبەلەر بۇتخانىسىغا بېرىپ كۈجە كۆيدۈرۈپ كېلىمەن، دەپ مەلۇم قىلىپ قويدى. پىڭئېر، فېڭئېر، جۇرۇينىڭ ئايالى، ۋاڭ ئېرنىڭ ئايالى بولۇپ تۆتەيلەننى يېنىغا ئالدى. مەيىگە چىقماي تۇرۇپلا، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئايال خىزمەتكارلىرىغا ئېيتىپ بېرىپ،

ئارىدىن ئەر خىزمەتكارلىرىغىمۇ تاپىلاپ قويۇپ، ئۇستىبېشىغا ئاق ئېگىن كىيىپ يولغا راۋان بولدى. شىڭئېر يول باشلاپ، ئۇدۇل بىر دەرۋازىغا كەلگەندە دەرۋازىنى قاقتى. باۋئېرنىڭ خوتۇنى چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— چاپسان كىرىپ ئىككىنچى كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلىڭ، چوڭ كېلىن ئاغىچا كەلدى، — دەپ ھىجايدى شىڭئېر.

باۋئېرنىڭ خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن جان - پېنى چىقىپ، ئۇچقاندەك كىرىپ يۇ ئېرجيېگە مەلۇم قىلدى. يۇ ئېرجيېمۇ چۆچۈگەندەك بولدى - يۇ، لېكىن ئىششىك ئالدىغا كېلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن قائىدە - يوسۇن بويىچە كۆرۈشمەي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇستىبېشىنى ئالمان - تالمان تۈزەشتۈرۈپ ئالدىغا چىقتى. يۇ ئېرجيې ئىشىككە چىقىشىغا، فېڭجيېمۇ مەيدىنى ئەمدىلا چۈشۈپ كىرىپ كېلىۋاتاتتى. قارىسا، ئۇ بېشىغا ئاپپاق كۈمۈش جابدۇق تاقىغان، ئۇستىگە ھاۋا رەڭ تاۋاردىن نىمچە، كۈمۈش كالاۋۇتۇندىن زەيلىك تۇتقان قارا تاۋار جىلىتكە، ئاق دارايىدا سىيدام بەل كۆڭلەك كىيىۋالغان؛ سۆگەت يوپۇرمىقىدەك ئەگىم قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئېگىلىپ چۈشكەن، ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك كۆزلىرىگە پۈتۈن ھېس - تۇيغۇلىرى ئۇيۇشقاندى. لاتاپەتلىكلىكتە باھار كۈنلىرىدىكى شاپتۇل چېچىكى تەمسىل بولسا، نازاكەتلىكتە كۈز كۈنلىرىدىكى جۈيخار گۈلى مىسال بولالاتتى. جۇرۇينىڭ ئايالى بىلەن ۋاڭئېرنىڭ ئايالى ئۇنى يۆلەپ ھويلىغا ئەكىردى. ئېرجيې كۈلۈمسىرىگىنىچە دەرھال ئالدىغا كېلىپ تەزىم بىلەن قارشى ئالدى. ھە دېگەندىلا «ئاچا» دەپ گەپ باشلىدى:

— ئاچىمىزنىڭ بۈگۈن قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر قاپتىمەن، بالدۇرراق ئالدىلىرىغا چىقالمىغىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن!

ئېرجيې گېپىنى تۈگىتىپ يەنە تەزىم قىلدى. فېڭجيېمۇ دەرھال كۈلۈمسىرەپ كەينى - كەينىدىن تەزىم ياندۇردى.



www.uyghurkitap.com

ئېرجىيېنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بىللە ھۇجرىغا كىردى. فېڭجىيې تۆرگە چىقتى، ئېرجىيې دەرھال دېدەكلەرنى تۆشەك سېلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن يەنە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— مەن سىڭىللىرى ياشتا كىچىك، بۇ يەرگە كەلگەندىن تارتىپ ھەممە ئىشتا ئانام بىلەن ئاچامنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىپ كېلىۋاتاتتىم. بەختىمگە بۈگۈن سىلى بىلەن كۆرۈشتۇم. مېنى يوقسۇل كۆرۈپ تاشلىۋەتمەيدىغانلا بولسىلا، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ يول كۆرسىتىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، مەنمۇ جان ـ دىلىم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا رازى، — دەپ يەنە تەزىم قىلدى.

فېڭجىيېمۇ دەرھال ئورنىدىن چۈشۈپ تەزىم ياندۇردى ۋە شۇنداق دېدى:

— مېنىڭمۇ يېشىم كىچىك، — دېدى ئېغىز ئېچىپ، — ئەزەلدىن ئايال خەق دېگەننىڭ بىلىدىغىنى چاغلىقلا بولىدىكەن. ئۇلۇغ بېگىم بىلەن ئاغىچا خېنىملارنىڭ كۆڭلىگە مالالىق يەتمىگەي دېگەن ئەندىشىدە، ئوتتۇرانچى غوجامغا، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، تالا ـ تۈزگە قاتراپ گۈل قايرىپ غۇنچە ئۈزۈپ يۈرمەڭ، دەپ ھەمىشە نەسىھەت قىپتىمەن. بۇ سىز بىلەن مېنىڭ نادانلىقىمىزدىن ئىكەن، بۇ مەقسىتىمنى ئوتتۇرانچى غوجام خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ناۋادا، تالا ـ تۈزدە بىرەر كىمنىڭ ئېگىچە ـ سىڭىللىرىغا قانات سۆرەپ قويۇپ، بۇ ئىشنى ئائىلىسىدىن يوشۇرغان بولسىمۇغۇ، ئۇنىڭ كارى چاغلىق ئىدى. لېكىن، سىزنى كىچىك ئاغىچىلىققا ئېلىپ، خەقلەر كاتتا توي ـ مەرىكە بىلەن ئۆتكۈزىدىغان مۇشۇنداق چوڭ رەسمىي ئىشنى ماڭىمۇ دېمەپتۇ. مەنمۇ ئوتتۇرانچى غوجامغا بۇ ئىشنى بالدۇرراق قىلىۋېتىڭ، بىرەر پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ قالسىڭىز، كېيىنكى كۈنلەردە ماڭىمۇ يار ـ يۆلەك بولۇپ قالار، دەپ سايە قىلىپ كەلگەنىدىم. ئەتىمالىم ئوتتۇرانچى غوجام مېنى نەدىكى ھەسەتخورلاردەك چاغلىغان ئوخشايدۇ، بۇ ئىشنى يەڭ ئىچىدە

قىلىۋاپتۇ، بۇ توغرىدا راستىمنى ئېيتسام دەردىم ئىچىمدە قالدى. مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىگەمدىن ئۆزگىسى چۈشەنمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئون كۈن بۇرۇنلا قولىقىمغا مىش ـ مىش گەپلەر يەتكەن، لېكىن ئوتتۇرانچى غوجامنى خاتا چۈشىنىپ قالمىغاي دەپ، بالدۇر ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغانىدىم. بۈگۈن خۇددى كۈتكەندەكلا غوجام سەپەرگە چىقىپ كەتتى، شۇڭا بۇ يەرگە ئۆزۈم زىيارەتكە كەلدىم. سىڭلىم، مېنىڭ دەردى ـ ھالىمغا يەتسىڭىز ئىكەن، مېنى قوزغىتىۋەتتى دەپ مالال كۆرمەي، ئىچكىرىگە كۆچۈپ كىرگەن بولسىڭىز، ئىككىمىز ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ بىللە ئۆتسەك، ئوتتۇرانچى غوجامنى جاھاندارچىلىق ئىشلىرىدا ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۆزىنى ئاسراشقا ئىككىمىز بىر نىيەتتە بولۇپ تەڭ دەۋەت قىلساق، ئاندىن راسا ئەدەپكە لايىق ئىش بولاتتى. مۇبادا، سىز تاشقىرىسىدا، مەن ئىچكىرىسىدە تۇرىۋېرىدىغان بولساق، سىڭلىم، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭچۇ، بۇنىڭغا مېنىڭ قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن؟ ئاندىن يات كىشىلەر ئاڭلاپ تارتىپ قالسا، مېنىڭ نامىمغىمۇ ياخشى بولمايدۇ، سىزنىڭ نامىڭىزغىمۇ سەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئاچا ـ سىڭىل ئىككىيلەننىڭ ئۈستىدە سۆز ـ چۆچەك چىقىپ قالسا ئۇ چاغلىق ئىش، ئەمما ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ ئاتاق ـ ئابرۇيىغا تەسىر يېتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، بۇ يامان، شۇڭا ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاش ھەممىدىن مۇھىم ئىش. تۆۋەندىكى ھېلىقىدەك پەستەۋەت نائەھلىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە كەلسەك، ئادەتتە ئائىلە ئىشلىرىنى بەك چىڭ تۇتقانلىقىم ئۈچۈن، كەينىمدىن ئېگىز ـ پەس گەپ قىلىپ يۈرۈشسىمۇ يۈرگەندۇ، ئۇنداق بولۇشى تۇرغانلا گەپ. قەدىمكىلەر: «غوجىدارنىڭ ئىچى كەڭ، يۇندا قويار كۆپكە تەڭ» دەپتىكەن. راستلا مېنىڭ كىشىلەرگە يول قويمايدىغان يېرىم بولىدىغان بولسا، ئۈستۈمدە ئۈچ قات قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىم، ئالدىمدا بىرقانچە ئاچا ـ سىڭىللىرىم،

ئەپيەڭگىلىرىم تۇرغان يەردە، قانداقمۇ شۇ كەمگىچە ئۇلارنىڭ ئىچىگە سىغىپ كېلەلەيتتىم؟ مانا ھازىرقى ئىشنى ئالساق، ئوتتۇرانچى غوجام يەڭ ئىچىدىلا سىزنى ئېلىپ، تاشقىرىسىدا ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ، ئەگەر يۈزىڭىزگە قارىغۇم كەلمىگەن بولسا، شۇ تاپتا نېمىدەپ ئالدىڭىزغا كېلەتتىم؟ بىزنىڭ مۇنۇ پىڭئېرنى دېسەم، ئوتتۇرانچى غوجامغا بۇنى ئۆزىڭىزگە قوبۇل قىلىپ ئېلىۋېلىڭ دەپ سايە قىلىۋاتىمەن. مېنى ئاشۇنداق نائەھلىلەرگە دەپسەندە قىلدۇرغىنىنى پەرۋەردىگارىم راۋا كۆرمەي، مېنى ھەممە ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ تۇرسا كېرەك. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىڭلىم، يۈرۈڭ، ئىچكىرىگە كۆچۈپ كىرىپ مەن بىلەن بىللە تۇرۇڭ، تۇرالغۇ، خەج - راسخوت، كىيىم - كېچەك، بېزەك - جابدۇق، ھەرقانداق ئىشتا ئوخشاش ئۆتىمىز. سىڭلىم، سىزدەك زېرەك ئادەم ماڭا چىن كۆڭلىدىن يار - يۆلەك بولىدىغان بولسا، مەنمۇ قاناتقا ئىگە بولغان بولاتتىم. ھېلىقىدەك نائەھلىلەرنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىناتتى. ئوتتۇرانچى غوجاممۇ يېنىپ كەلگەندە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، مېنىڭ ئۇنداق كۈنچى قىتىغۇرلاردىن ئەمەسلىكىمنى چۈشىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن پۇشايمان يەيتتى - دە، بىز ئۇچىمىز تېخىمۇ ئەپ ئۆتەتتۇق. شۇڭا، سىزنى ئۆزۈمگە چوڭ شەپقەتچى دەپ بىلىۋاتىمەن. ناۋادا، مەن بىلەن بىللە كىرىپ كېتىشنى خالىمىسىڭىز، ئۇ چاغدا مانا مەن ئۆزۈم كۆچۈپ چىقىپ سىزگە ھەمراھ بولۇشنى خالايمەن. ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىپ، ماڭا ئارامىمدا پۇت دەسسىگۈچىلىكلا جاي چىقىرىپ بەرسىڭىزلا، مېنى يۇيۇنۇش - تارىنىش ئىشلىرىڭىزغا سالسىڭىزمۇ مەن رازى ئىدىم، — ئۇ دەپ بولۇپ، ئۆكسۈپ - بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ئېرجيېمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى.

ئىككىسى روبىرو تەزىم قىلىشىپ، ئۆز ئورنىغا يارىشا ئولتۇرۇشتى. شۇئان پىڭئېرمۇ كېلىپ يۈز كۆرۈشۈش تەزىمى قىلدى. ئېرجيې ئۇنىڭ ياسىنىشى ئۆزگىچە، يۈرۈش - تۇرۇش،

تەق ـ تۇرقى ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، پىنگئىر دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ چاغلىدى ـ دە، دەرھال ئۇنى ئۆزى يۆلىۋالدى:

— ئۇكام ئۇنداق قىلماڭ، سىز بىلەن مەن ئوخشاشلا ئادەم! — دېدى ئېرجىيې.

— بۇنچىۋالا ئىززەت قىلىسىڭىز ئۇ كۆتۈرەلمەيدۇ! — دېدى فېڭجىيېمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ، — سىڭلىم، سىز ئۇنىڭ تەزىمىنى قوبۇل قىلىۋېرىڭ، ئۇ دېگەن بىزنىڭ دېدىكىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق قىلماڭ، — ئاندىن ئۇ جۇرۇيىنىڭ ئايالىنى سالام ـ سوۋغىسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇغانىدى، جۇرۇيىنىڭ ئايالى بوغجۇمىدىن تۆت توپ ئېسىل كىيىملىك، تۆت جۈپ ئالتۇن ـ مەرۋايىت تۇرگۇچ سىرغا ئېلىپ سۇندى، ئېرجىيې سوۋغىلارنى تەزىم بىلەن ئالدى. ئاندىن ئىككىسى چاي ئىچكەچ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە مۇڭداشتى.

— مەن ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن. سىڭلىم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! — دېدى فېڭجىيې ئاغزىدا ئۆزىنى ئەيىبكار ساناپ.

ئېرجىيې كۆڭلى تۈز ئايال بولغاچقا، فېڭجىيېنى راستلا ياخشى ئايال ئىكەن دەپ بىلىپ: «چاكارلارنىڭ سەللا دىتىغا ياقماي قالسا، ئۆز غوجايىنلىرىنى يامانلايدىغىنى بار ئىش» دېگەن ئويغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن فېڭجىيېنى ئۇنى ئۆزىگە سىرداش بىلىپ، كۆڭۈل ـ كۆكسىدىكىنى تۆكۈپ بىردەم ھال ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇرۇيىنىڭ ئايالى ۋە باشقىلارمۇ بىر چەتتىن فېڭجىيېنىڭ ئادەتتىكى نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلىرىنى ماختىشىپ:

— كۆڭلى تولىمۇ ساددا بولغاچقا، ئۆزى زىيان تارتقانلىقىنى ئۈستىگە خەقنى رەنجىتىپ قويىدۇ.

— ھۇجرىلارنىمۇ تەييارلىتىپ قويىدى، خېنىم، ئۆزلىرى كۆچۈپ كىرگەنلىرىدە، بىر قاراپلا خېنىمىنىڭ كۆڭلىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالىلا، — دېيىشىپمۇ بىرىۋاتاتتى.



www.uyghurkitap.com

ئېرجىپ كۆڭلىدە، كۆچۈپ كىرىپ بىللە تۇرسام ئوبدان بولغۇدەك، دېگەن يەرگە بايىلا كېلىپ بولغانىدى. ئەمدى يەنە مۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتسا، ئۇنىڭ ياق دېيىشىگە ئورۇن قالامتى؟

— ئاچام بىلەن بىللىلا كىرىپ كەتسەمغۇ بولاتتى، بىراق بۇ يەرنى قانداق قىلساق بولاركىن؟ — دېدى يۈئېرجىپ.

— ئۇنىڭ نېمە تەسچىلىكى بولاتتى؟ ساندۇق ـ پاندۇق، كىيىم ـ جابدۇقلىرىڭىزنى مۇلازىم باللار توشۇۋەرسۇن، — دېدى فېڭجىپ، — ماۋۇ قاتتىق ـ قۇرۇق، قېقىر ـ چۇقۇرلىرىڭىزنىڭ نېمە كېرىكى بار، بۇلارنى بىر كىمگە قارىتىپ قويسىڭىز بولدى، كىمگە لايىق كۆرسىڭىز، شۇنى بۇ يەرگە قويۇڭ.

— ئاچا، بۇگۈن سىز بىلەن كۆرۈشتۇم، كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا سىزنىڭ جورۇقىڭىزغا قارايمەن. مەن بولسام تېخى يېقىندىلا كەلدىم. ئۆي ئىشلىرىنى ئۇستۇمگە ئېلىپ باققىنىممۇ يوق ھەم ئۇقمايمەن، بۇ ئەھۋالىم بىلەن مەن ئىشلارغا قانداق ئىگىدارچىلىق قىلالايمەن؟ مۇنۇ ساندۇقلارنى ئەكىرىپ كېتەيلى. مېنىڭمۇ ھېچقانچە نەرسەم يوق، بۇنىڭدا ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ نەرسىلىرى بار.

فېڭجىپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جۇرۇينىڭ ئايالىغا ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى ۋە ساندۇقنى شەرقىي تامدىكى يان ھۇجرىغا ئاپىرىشنى تاپىلىدى. شۇنداق قىلىپ، يۈ ئېرجىپنى ئالدىرىتىپ چاپسان كىيىندۈردى ـ دە، ئىككىسى يېتىلىشىپ مەيگە چۈشۈپ بىر يەردە ئولتۇردى.

— خانىدانىمىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى تولا، — دېدى فېڭجىپ كۇسۇرلاپ، — بۇ ئىشنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تېخى بىر تالمۇ ئۇقمايدۇ، ئالمادىس بىلىپىلا قالىدىغان بولسا، ئوتتۇرانچى غوجامنى قارىلىق تۇتۇۋېتىپمۇ سىزگە ئۆيلىنىپتۇ دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىنمۇ يانمايدۇ.

ھازىرچە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇڭ. بىزنىڭ ناھايىتى يوغان بىر بېغىمىز بار، ھەمشىرىلەر شۇ باغدا تۇرىدۇ، ئۇ يەرگە بىر كىم ئاسانلىقچە كىرەلمەيدۇ. بۈگۈنچە سىز بېرىپ، ئاشۇ باغدا بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بىر ئامال تېپىپ ئۇلارغا مەلۇم قىلىپ چۈشەندۈرەي، ئاندىن سىز بېرىپ كۆرۈنۈش قىلسىڭىز ئورۇنلۇق بولىدۇ.

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، — دېدى ئېرجيې.

مەپە بىلەن بىللە كېلىۋاتقان مۇلازىملار ئالدىنئالا خەۋەردار قىلىپ قويۇلغاچقا، مەپىنى چوڭ دەرۋازىغا ئەمەس، ئارقا دەرۋازىغا چاپتۇرۇپ كېلىشتى، فېڭجيې مەپىدىن چۈشۈپلا خىزمەتچىلەرنى قوغلىۋەتتى، ئېرجيېنى باشلاپ نەزەرباغنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن كىرىپ، لى ۋەننىڭ ھۇجرىسىغا كېلىپ، لى ۋەن بىلەن كۆرۈشتۈردى.

بۇ ۋەقەنى نەزەرباغدىكىلەرنىڭ ئوندىن توققۇزى بىلىپ بولغانىدى. ئۇلار فېڭجيېنىڭ بىردىنلا ئېرجيېنى باشلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ھامىداشقا ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. ئېرجيې ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ كېلىشكەن، خۇشخۇي جامالىنى كۆرۈپ قەۋەتلا ماختاپ كېتىشتى. فېڭجيې:

— تالا ـ تۈزدە بۇ توغرىدا گەپ ـ سۆز قىلىپ يۈرگۈچى بولماڭلار، ناۋادا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالىدىغان بولسا، ئاۋۋال سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىمەن! — دەپ بىر ـ بىرلەپ جېكىلىدى كۆپچىلىككە.

باغدىكى خىزمەتكار ئايالىلار ۋە چۆرە قىزلار فېڭجيېدىن قورقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت مۇسىبىتى ھەم ئائىلە مۇسىبىتى ئۈستىدە جيالىيەننىڭ بۇ قىلغان ئىشى تولىمۇ خەۋپلىك ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىش

بىلەن كارى بولمىدى.

فېڭجيې لى ۋەندىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئۈنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى ئاستا سورىدى.

— مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە كۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىمىز، — دېدى ئۇ.

لى ۋەنمۇ فېڭجيېنىڭ ئۇياقتا ھۇجرىلارنى جابدۇتۇپ قويغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇسىبەت ئۇستىدە تۇرۇۋاتقاندا بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مۇشۇنداق قىلىپ تۇرۇشنى توغرا تېپىپ، يېنىدا تۇرغۇزۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. فېڭجيې بېرىپ ئېرجيېنىڭ چۆرە قىزلىرىنى بىرنى قويماي چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ چۆرە قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بەردى، ئاندىن باغدىكى ئۆزىنىڭ خىزمەتكار ئاياللىرىغا:

— ئۇنىڭغا ئوبدان كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇڭلار، ناۋادا قېچىپ - تارتىپ كېتىدىغان بولسا، ھەممە ھېسابىنى سىلەردىن ئالىمەن! — دەپ يەڭ ئىچىدە تاپىلاپ قويدى. ئۆزى يەنە ئاستىرتىن ئىش كۆرۈشكە ماڭدى. بۇ ھەقتە ھازىرچە گەپ ئاچمايمىز.

ئەمدى خانداندىكىلەرگە كەلسەك، ھەممىسى ئىچىدە ھەيران بولۇشۇپ: «قاراڭلار، بۇ نېمانچە مېھرىبان بولۇپ كەتكەندۇ؟» دېيىشەتتى. ئېرجيې مۇنداق ماكانغا ئىگە بولغانلىقىنى ۋە باغدىكى ھەمشىرىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن مۇلايىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمگە پاناھلىق جاي تېپىپتىمەن دەپ، خاتىرجەم ۋە مەمنۇن بولدى.

ئۈچ كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا، چۆرە قىز شەنجيې ئۇنىڭ جورۇقىغا ئانچە بويسۇنمايدىغان بولۇۋالدى. ئېرجيې ئۇنى:

— چاچ ماي قالماپتۇ، سەن بېرىپ چوڭ كېلىن ئاغىچامغا مەلۇم قىلىپ، ئازراق چاچ ماي ئەكەلگىن، — دەپ بۇيرۇغانىدى، شەنجيې:

— كىلىن خېنىم، نېمىشقا ياخشى — يامانىنى پەرق ئەتمەيسىز، كۆزىڭىز يوقمۇيا؟ بىزنىڭ خېنىمچۇ، ھەر كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمىمىزنى كۈتۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاننىڭ تاشايىنىدا، نېرىقى ھويلىدىكى، بېرىقى ھويلىدىكى ئاغىچا خېنىملارنى كۈتۈش ئىشلىرىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. خان قىزلار، ئەپپەڭگىلەر، يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە نەچچە يۈزلىگەن ئەر - ئاياللار ھەر كۈنى ئورنىدىن قوپقان ھامان شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرىدۇ. كۈنىگە ئاز دېگەندە، چوڭ - چوڭ ئىشلاردىن ئون - يىگىرمىسى، كىچىك ئىشلاردىنمۇ قىرىق - ئەللىكى چىقىپ تۇرىدۇ. تاشقىرىسىدىكى، خانىشتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ۋاڭ - گۇڭ، خۇ - بو دېگەندەك ئېسىلزادىلەرگە بىرمۇنچە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. خانىدانىدا بولسا، شۇنچىۋالا كۆپ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرگە جورۇقچىلىق قىلىدۇ. كۈنىگە مىڭ سەرلەپ، تۈمەن سەرلەپ كۈمۈش يالغۇز شۇنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ، شۇنىڭ گېپى بىلەن ئۇيان - بۇيان قىلىنىدۇ. چاچ ماي سوراشتەك كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنمۇ ئۇنى ئاۋارە قىلغان بارمۇ؟ ئۆز ھالىڭىزغا يارىشا ئەپلەپ - سەپلەپ تۇرسىڭىز بولارمىكىن! ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز خەلقئالەم ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئالغان خوتۇن ئەمەس. ئۇ كىشى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە كەم ئۇچرايدىغان پەزىلەتلىك ئايال بولغاچقا، سىزنى مۇشۇنداق ئىززەت قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر رەزگىرەك بىرەرىگە يولۇققان بولسىڭىز، بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇ جېدەل قىلىپ، سىزنى ئاچىقىپ تالاغا چۆرۈۋېتىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىڭىز بىلەن كارى بولماي قوياتتى. ئۇ چاغدا سىز نېمىمۇ قىلالايتتىڭىز؟

بۇ سېسىق گەپلەر بىلەن ئېرجىېنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. بۇ گەپلەرگە قارىغاندا، يادىي - چۇدايىلا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغۇدەكمەن، دېگەن ئويغا كەلدى. شەنجىيى بارا - بارا ئۇنىڭغا غىزا ئەكىلىپ بېرىشكىمۇ گەدەنكەشلىك قىلىدىغان، بىر تۇرۇپ

بالدۇر، بىر تۇرۇپ كېيىن ئەكېلىپ بېرىدىغان، ئەكەلگەندىمۇ ئاشقان ـ تاشقانلىرىنى ئەكېلىدىغان بولۇۋالدى. ئېرجىيېپ بىر ـ ئىككى قېتىم تەگەپمۇ باقتى، لېكىن شەنجىيې چەكچىيىپ ۋارقىراپ كەتتى. ئېرجىيېپ كىشىلەر مېنى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمىدى دەپ زاڭلىق قىلمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن، چىشىنى چىشلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئېرجىيېپ بەش ـ ئون كۈندە بىر رەر قېتىم فېڭجىيې بىلەن كۆرۈشۈپ قالاتتى. فېڭجىيې ئوچۇق چىراي ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن «ئوبدان سىڭلىم» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشەرمەيتتى. تېخى: «خىزمەتكارلار بىخەستەلىك قىلىپ قويسا، سىزگە بوي بەرمىسە ماڭا دەۋېرىڭ، ئۆزۈم جاجىسىنى بېرىمەن» دەپ قوياتتى. ئاندىن چۆرە قىزلار ۋە خىزمەتكار ئاياللارنى تىللاپ: «مەن سىلەرنىڭ يۇمشاقنى ئانىي تاپىدىغان، قاتتىقتىن قورقىدىغان مىجەزىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن. كۆزۈمدىن نېرى بولساڭلار كىمدىن قورقاتتىڭلار؟ مۇبادا ئىككىنچى كېلىن ئاغىچىدىن سەللا بۇنداقراق گەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، جېنىڭلارنى ئالىمەن!» دەپ كېتەتتى. ئېرجىيېپ ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئاق كۆڭۈللۈكىنى كۆرۈپ: «بۇ بولغاندىن كېيىن، يوقىلاڭ ئىشقا ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلاتتىم؟ خىزمەتكارلارنىڭ ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتەلمەيدىغانلىقى بار ئىشقۇ؟ مەن ئۇلارنى چاقسام، ئۇلار ئازار يەپ قالسا، خەقلەر مېنى نائىنساب دەپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئوي بىلەن ئۇلارغا چاپان يېپىپ تۇراتتى.

فېڭجىيې ۋاڭئېرنى جورۇپ، سىرتتا تىڭتىڭلاتقۇزۇپ ئېرجىيېنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئوبدانلا بىلىۋالدى. دېگەندەكلا ئۇ قېيىنئانىلىق بولغانىكەن، كويۇئوغۇل بولغۇچى ئەمدى ئون توققۇز ياشقا كىرىپتۇ. بۇ بالا ئەتىدىن ـ كەچكىچە تالا ـ تۈزدە قىمار ئويناپ ھېچقانداق ئوقەت قىلماي، ئۆي ـ بىساتىنى خەجلەپ تۈگىتىۋەتكەچكە، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ،

ھازىر ئۇنىڭ ماكانى قىمارخانا ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى يۇ مومايدىن يىگىرمە سەر كۈمۈش ئېلىپلا قۇدىلىقتىن يېنىشىپ كېتىپتۇ، بۇنى كۆيۈئوغۇل بولغۇچى بىلمەيدىكەن. بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى جاڭ خۇا ئىكەن. فېڭجيې ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى زىر ـ زەۋىرىگىچە ئوبدان ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن، يىگىرمە سەر كۈمۈشنى پېچەتلەپ ۋاڭئىرغا بەردى ۋە: «مۈشۈنىڭ بىلەن جاڭ خۇانى ئۇندەككە چۈشۈرۈپ، بېرىپ دېگىن، ئۇ ئەرز يازسۇن، جياليەن غوجام دۆلەت ۋە ئائىلە مۇسىبىتى ئىچىدە يارلىققا خىلاپلىق قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن يوشۇرۇپ، مال ـ دۇنياسى ۋە ھوقۇقىغا تايىنىپ، مېنى توي قىلىشىدىغان قىزدىن زورلۇق بىلەن ياندۇرۇۋەتتى. خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ خوتۇن ئالدى، دېگەن مەزمۇندا يامۇلغا ئەرز قىلسۇن» دەپ ۋاڭئىرنى جىمغىنا بۇيرۇدى.

جاڭ خۇامۇ بۇنىڭ بوش ئىش ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، باشتا قارارلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ۋاڭئىر كېلىپ بۇ ئەھۋالنى فېڭجيېگە مەلۇم قىلدى. فېڭجيې ئاچچىقىدا ئۇنى تىللاپلا كەتتى:

— ھوي، ئانىسىنىڭ غېرى ! «لالما ئىت ئۇۋغا يارىماپتۇ» دېگەن راست گەپ ئىكەن ـ دە. سەن بېرىپ ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ ئۇقتۇرغىن: بىزنىڭ «خانىدانىمىزنى ئىسيان كۆتۈرمەكچى» دەپ چاقسىمۇ ھېچقىسى يوق ! ئاشۇنىڭ باھانىسىدە غوۋغا كۆتۈرۈلسە ھەممىمىزنىڭ يۈزى چۈشىدۇ. ئەمما، غەلۋە يوغىناپ كېتىدىغان ئىش بولسا ئۇنى بېسىقتۇرۇش ئەلۋەتتە مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ.

ۋاڭئىر ئاشۇ بۇيرۇق بويىچە بېرىپ جاڭ خۇاغا يەنە بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى. فېڭجيې يەنە ۋاڭئىرغا: «ئەگەر ئۇ سېنى ئەرز قىلسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋابكار بولىۋەرگىن»، ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل، «قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن» دەپ تاپىلىغانىدى. ۋاڭئىر بۇ ئىشقا فېڭجيېنىڭ ئۆزى ئىگە

بولىدىغانلىقىنىمۇ جاڭ خۇاغا دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: «لەي ۋاڭ دېگەن ئارىدا دەللاللىق قىلىپ، ئوتتۇرانچى غوجامنى مۇشۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتكەن دەپ مېنىڭ ئۈستۈمدە ئەرز قىل» دەپ، جاڭ خۇانىڭ ئەرزىگە ئۆزىنى قىستۇرغۇزۇپمۇ قويدى.

جاڭ خۇا ئىشنىڭ يولىنى بىلگەندىن كېيىن، ۋاڭئېر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر پارچە ئەرز يازدى، ئەتىسى تەپتىش يامۇلىغا بېرىپ ئەرز ـ داد قىلدى. باش مۇپەتتىش داتاڭغا چىقىپ ئەرزىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئەرز جىيالىيەن ئۈستىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە «خىزمەتچىسى لەي ۋاڭ دېگەن كىشى»مۇ چېتىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن لەي ۋاڭنى چاقىرىپ كېلىپ جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن جىيا قەسىرىگە كىشى ئەۋەتىلدى. يامۇلنىڭ دورغىلىرى قەسىرگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كىرىشكە پېتىنالماي، بىر كىمنى خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇماقچى بولغانىدى. لېكىن، خەۋەر قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىدى، چۈنكى ۋاڭئېر ئاشۇ ئىش ئۈچۈن ئاللىقاچان يامۇلنىڭ كوچىسىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇ دوغىلارنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئالدىغا كېلىپ:

— بۇرادەرلىرىمىزنى جوۋتىپ قويدۇم. ئەتىمالىم پېقىر ئىنىلىرىنىڭ جىنايەت ئىشى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېلىشكەنلا. گەپ لازىم ئەمەس، قېنى قولۇمغا كويزا سېلىشسىلا، — دېدى ھىجىيىپ.

دورغىلار كويزا سېلىشقا پېتىنالماي:

— ۋاي، ئاكا، بولدى، مېڭىۋېرىڭ، ئۇنداق غەلۋە قىلماڭ، — دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ۋاڭئېر داتاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى. باش مۇپەتتىش ئەرزىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشكە بۇيرۇدى. ۋاڭئېر قەستەن بىر قۇر كۆرگەن بولۇپ، باش ئۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— بۇ ئىشتىن پېقىرلىرىنىڭ تولۇق خەۋىرىم بار،

غوجايىنىمىزدىن بۇ ئىشنىڭ ئۆتكىنىمۇ راست. بىراق، مەزكۇر جاڭ خۇانىڭ پېقىر بىلەن ئۆچمەنلىكى بولغىنى ئۈچۈن، قەستەن ئارىغا مېنى قىستۇرۇۋاپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئىشتا باشقا ئادەملەرمۇ بار ئىدى، قايتا سۈرۈشتە قىلىشلىرىنى جانابلىرىدىن ئۆتۈنىمەن.

— باشقا ئادەمنىڭ بارلىقىمۇ بار، پېقىر ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرز قىلىشقا پېتىنالماي، ئۇ كىشىنىڭ خىزمەتكارى ئۈستىدىلا ئەرز قىلغانىدىم، — دېدى جاڭ خۇا باش ئۇرۇپ.

— ھوي، بىغەرەز! كىم ئىكەنلىكىنى چاپسان دېمەمسەن! بۇ دېگەن ئوردا شېرىپىنىڭ ئادالەتلىك سوراقخانىسى. ھەرقانچە غوجايىن بولسىمۇ دەۋېرىش كېرەك! — دېدى ۋاڭئېر قەستەن.

جاڭ خۇا ئاخىر جيارۇڭنىڭ ئىسمىنى چىقاردى. باش مۇپەتتىش ئاڭلاپ، نائىلاج جيارۇڭنى ھازىر قىلىشقا ئادەم بۇيرۇدى.

فېڭجيې يەنە بىر تەرەپتىن چىڭئېرنى يوشۇرۇنچە تىڭتىڭلاشقا ئەۋەتتى، ئەرزنىڭ سورىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ۋاڭ شىننى قىچقارتىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇنى باش مۇپەتتىش بىلەن كۆرۈشۈپ، قۇرۇق تېرە تاراقشىتىپ قورقۇتۇپ قويۇشنىلا ھاۋالە قىلىشقا بۇيرۇدى ھەم ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشنى ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن بەردى. شۇ كېچىسى ۋاڭ شىن باش مۇپەتتىشنىڭ شەخسىي خانىسىغا بېرىپ، ئىشنى توغرىلاشقا قولاق قېقىشىۋالدى. باش مۇپەتتىشمۇ ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىن كېيىن، پارا پۇلنى ئالدى. ئەتىسى داتاڭغا چىقىپ: جاڭ خۇا مۇتتەھەم ئىكەن، جيا ئەسىرىگە تۆلەيدىغان قەرزىنى كەينىگە سۈرۈش غەرىزىدە، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ياخشى ئادەمگە تۆھمەت چاپلاپتۇ، دېدى. باش مۇپەتتىش ئەزەلدىنلا ۋاڭ زىتېڭ بىلەن ئوبدان چىقىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ شىن جيا ئەسىرىنىڭ ئادىمى ئىدى، شۇڭا ۋاڭ شىن ئۇنىڭ ئۆيىگە

بىرىپ بىر ئىغىزلا تىنىپ قويۇۋىدى، بۇ ئىشنى شۇ پېتىچىلا يىغىشتۇرۇۋېتىپ قايتا تىلغا ئالمايلا قويدى، دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنى هازىرچە تۇتۇپ قېلىپ، جيا رۇڭنى جاۋاب بېرىشكە چاقىرغۇزدى.

جيا رۇڭ جيا لىيەننىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەندە، ئويلىمىغان يەردىن بىر كىم كېلىپ: «سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىن بىرسى ئەرز قىپتۇ»، ئۇنداق ئىش ئىكەن، مۇنداق ئىش ئىكەن، «چاپسانراق ئىشنىڭ يولىنى قىلىڭلار» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. جيارۇڭ هۇدۇقىنىچە كېلىپ بۇ ئىشنى جياجېنغا مەلۇم قىلدى.

— بۇنداق بولۇشىنى ئاللىقاچان پەملەپ ئالدىنى ئېلىپ قويغانمەن. ئەجەبمۇ شۇنچە يۈرىكى چوڭلۇق قىپتۇ ئۇ، — دېدى جياجېن ۋە دەرهال ئىككى يۈز سەر كۈمۈشنى پېچەتلەپ باش مۇپەتتىشكە سۇنۇپ بېرىشكە كىشى جورۇيدىغان، ئاندىن سوراقتا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن خىزمەتكارلىرىدىن بىرسىنى بۇيرۇيدىغان بولۇپ مەسلىهەتلىشىۋاتقاندا:

— غەربىي قەسىردىكى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلىندى.

جيا جېن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، جيا رۇڭ بىلەن ئىككىسى ئالمان ـ تالمان ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە فېڭجيې كىرىپ قېلىپ:

— ياخشى، چوڭ ئاكا ! قېرىنداشلىرىڭىزغا باشلامچى بولۇپ ياخشى ئىش قىپسىز ! — دېدى.

جيا رۇڭ دەرهال ئۇنىڭغا سالام قىلدى. فېڭجيې ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. جيا جېن هىجىيىپ:

— خان ئاچاڭنى ئوبدان كۈتۈۋال. ئۇلارغا بىرىپ تاپىلىغىن، توخۇ ئۆلتۈرۈپ غىزا تەييارلىسۇن، — دەپ قويۇپ، ئېتىنى ئېگەرلەتتى ـ دە، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن باشقا جايغا كەتتى.

www.uyghurkitap.com

فېگجىيې جىيارۇڭنى باشلاپ تۆر ئۆيگە كىردى. يۇشى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. فېگجىيېنىڭ تەرى يامانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئىش بولدى، ئەجەب ئالدىراشقۇ؟ — دەپ ئالمان - تالمان سورىدى.

فېگجىيې ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىر تۇكۇرۇپ:

— يۇ جەمەتىنىڭ قىزلىرىغا ئەر تېپىلماي، ھەدەپ ئوغرىلىقچە جىيا جەمەتىگە تۇتۇپسىلەر - دە! جىيا جەمەتىنىڭ ھەممە ئەرلىرى ياخشىمىكەن، ئالەمدە ئېرەكتە قالماي تۇگەپ كېتىپتۇمۇ يا؟ ھەرقانچە بەرگۈڭلار كېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەلقئالەم ئالدىدا ئەلچى - سوچى ماڭدۇرۇپ، ئوچۇق - ئاشكارا دېيىشىپ بەرگەن بولساڭلارمۇ كاشكى، قائىدىگە لايىق ئىش قىلغان بولاتتىڭلار. ئەقلىڭدىن ئېزىپ، كۆزۈڭنى ياغ قاپلىۋاپتۇ - دە، سېنىڭ! دۆلەتمۇ، ئائىلىمۇ مۇسىبەت ئىچىدە تۇرغاندا، ئاشۇنداق قوشلاپ ماتەمدار بولۇپ تۇرۇۋاتقان كىشىگە قاراپ تۇرۇپ توقال تۇتۇپ بېرىپسىلەر! مانا ئەمدى خەق بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرز قىپتۇ، ھەتتا سوراق يامۇلىدىكىلەرمۇ مېنى يامان، كۆنچى ئىكەن، دېيىشىپ مېنىڭمۇ ئىسمىمنى ئاتاپتۇ، تېخى مېنى تالاق قىلدۇرۇۋەتمەكچىمۇ بوپتۇ. مەن بۇ خانىدانغا كەلگەندىن بۇيان، سەن ماڭا بۇنچە يامانلىق قىلغۇدەك زادى نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپتىمەن؟ ياكى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملار ساڭا گەپ - سۆز قىلىپ، مېنى قاپقانغا چۈشۈرۈپ ئارىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىڭلار دېگەنمۇ يا؟ يۇر، ئەمدى ئىككىمىز يامۇلغا بىللە بېرىپ، شۇ يەردە ئاق - قارىنى ئايرىيلى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ، پۈتۈن جەمەتتىكىلەرنى ئىككىمىز بىللە چىللاپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا دەرقەمتە تۇرۇپ ئوچۇق سۆزلىشەيلى، ئاندىن تالاق خېتىمنى بەرسەڭلار، كېتىۋېرىمەن! — فېگجىيې ئاشۇنداق دەپ تۇرۇپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ، يۇر، يامۇلغا دېگىنىچە، يۇشىنى سۆرىگىلى تۇردى.

جىيارۇڭ تەمتىرەپ كېتىپ، دەرھال يۈكۈنۈپ باش قويۇپ:

— خان ئاچا، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! — دەپ يالۋۇردى.

— سەن ۋىجدانسىزنى ئىلاھىم تۆپەڭدىن ئۇرسۇن، مۇنكىر – نەكىرلەر مۇرداڭنى پارە – پارە قىلىۋەتسۇن! سەن ھازىر كىرىلىپ تېرەڭگە پاتماي قېلىۋاتىسەن، سېنىڭ كۆنبويى قىلىدىغان ئوقىتىڭ گەپ توشۇماق، شەرمەندىچىلىك قىلماق، پادىشاھلىق قانۇننى بۇزماق، بەتخەجلىك بىلەن مال – دۇنيانى بۇزۇپ – چاچماق! ئۆلگەن ئاناڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇرسۇن سېنى! ئاتا – بوۋىلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇرسۇن سېنى! تېخى ماڭا نەسىھەت قىلماقچى بولغىنىنى قارا بۇنىڭ! — دەپ تىللىغىنىچە فېڭجىيې غۇلاچلاپ كاچىتىغا بىرنى سالدى. جيارۇڭ قورقىنىدىن دەرھال باش ئۇرۇپ:

— خاپا بولماڭ، خان ئاچا! سىزدىن ئۆتۈنەي. مۇشۇ قېتىمقىنىلا نەزەردە تۇتماڭ، مەن جىيەنىڭىز مىڭ قېتىملاپ يامانلىق قىلغان ھالەتتىمۇ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ياخشىلىق قىلغان يېرىم باردۇ؟ خان ئاچا، راستىلا ئاچچىقىڭىزنى باسالمايۋاتقان بولسىڭىزمۇ سىزنىڭ ئۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزۈمنى ئۆزۈم كاچاتلاپ بېرەي، خان ئاچا، زادى خاپا بولماڭ! — دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ، غۇلاچلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى ۋە ئۆز – ئۆزىگە سوراق قويۇشقا باشلىدى، — بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئالدى – كەينىڭگە باقماي ئىش قىلامسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تاغاڭنىڭلا گېپىگە كىرىپ، خان ئاچاڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدىغان ئىشنى قىلامسەن؟ خان ئاچاڭ ساڭا نېمە ياخشىلىقلارنى قىلمىغانىدى؟ سەن شۇنچىمۇ يولدىن چىقىپ كېتەمسەن، ھەي، ۋىجدانسىز!

باشقىلار ئۇنىڭغا ھاي بەرمەكچى بولدى، كۈلگۈسى كەلسىمۇ كۈلۈشكە پېتىنالمىدى. فېڭجىيې ئۆزىنى يۇشىنىڭ باغرىغا تاشلاپ، ئالەمنى بېشىغا كىيىپ، ھۆڭگىرەپ يىغلاپ، داد – پەرياد كۆتۈرۈۋەتتى:

— ئىنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرگىنىڭگە خاپا بولمايمەن، نېمە

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئۇنىڭغا يارلىققا خىلاپ كېلىدىغان، ئاتا ـ ئانىسىدىن يوشۇرىدىغان ئىشنى قىلدۇرۇپ، بەتنامىنى ماڭا چاپلاپ قويىسىلەر؟ يوق، يامۇلغا بارايلى، دوغىلار مېنى تۇتۇش ئۈچۈن كەلمەيلا قويسۇن. ئاندىن يەنە ئىككىمىز نېرىقى قەسىرگە ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىم ۋە ھەممە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشەيلى، شۇلار خالىس بىر نېمە دېسۇن. مەن شۇنداق نائىنساب بولسام، ئېرىمنىڭ كىچىك خوتۇن ئېلىشىغىمۇ قورسىقى تارلىق قىلغان بولسام، مېنىڭ خېتىمنى بەرسۇن. مەنمۇ ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي چىقىپ كېتىۋېرىمەن! سىڭلىڭنىمۇ مەن ئۆزۈم بېرىپ ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەكەلدىم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملارنى خاپا بولۇپ قالارمىكىن دەپ، ئۇلارغىمۇ مەلۇم قىلمىغانىدىم. ھازىر ئۇ كەڭ ـ كۇشادە يەپ ـ ئىچىپ، ئېسىل چۆرىلىرى بىلەن باغدا تۇرۇۋاتىدۇ! مەن بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭكىگە ئوخشاش قىلىپ ئۆي جابدۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بىلىندۇرۇپ قويۇش كويىدا يۈرۈپتىمەن. باشتا، كۆچۈرۈپ كېلىپ ھەممىمىز ئۆز نېسىۋىمىزگە شۈكۈر قىلىپ ئۆتەرمىز، مەنمۇ ئۆتكەن ئىشنى تەگىمەسمەن دەپتىكەنمەن. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ دېيىشىپ قويغان ئادىمى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ نېمە قىلغىنىڭلاركىنتاڭ! ھېچنېمىسىنى ئۇقالمايلا قالدىم. ئەمدى ئاڭلىسام، خەق مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىپتۇ. تۇنۇگۈن ئىچىم تىتىلداپ كەتتى. ياملۇغا بېرىپ ـ تارتىپ قالسامۇ، بەربىر جىيا خاندانىنىڭ يۈزى چۈشىدۇ، دەپ ئويلاپ ئاغىچا خېنىمنىڭ پۇلىدىن بەش يۈز سەرنى ئوغرىلاپ ئېلىپ پارا بەردىم. مېنىڭ ئادەملىرىم تېخىچە ياملۇدا قاماقلىق تۇرۇپتۇ! ـــ دەپ بىردەم يىغلاپ، بىردەم تىللاپ كەتتى. ئاخىرىدا يەنە ئۇنىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ «ۋاي دادام، ۋاي ئانام» دەپ قاتتىق يىغلىدى، بىر تۇرۇپ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن تامغا ئۈسمەكچىمۇ بولدى. شۇنداق قىلىپ، يۇشىنىمۇ ماخاردەك قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى كۆز يېشى ۋە پوتلىسى بىلەن

بۇلغاندى. يۇشى باشقا گەپ قىلالماي، پەقەت جيارۇڭنى:

— ۋۇي ھارامدىن بولغان! ئاتاڭ بىلەن بىرلىشىپ قىلغان ياخشى ئىشىڭلار مۇشۇمىدى! باشتىلا مەن بولمايدۇ دېمىگەنمىدىم، — دەپ تىللىدى.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يىغلىغىنىچە، يۇشىنىڭ يۈزىگە دۈشكەلەپ:

— سېنىڭ ئەقىل - ھوشۇڭ نەگە كەتكەن؟ ئاغزىڭغا پېدىگەن تىقىۋالغانمىدىڭ؟ ياكى ئۇلار ئاغزىڭغا يۇگەن سېلىپ قويغانمىدى؟ نېمىشقا بېرىپ ماڭا دېمەيسەن؟ ماڭا دەپ قويغان بولساڭ بۇگۈنكى پاراكەندىچىلىك بولامتى؟ يامۇلنى بىسەرەمجان قىلغۇچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يېتەمتى؟ ئەمدى سەن تېخى ئۇلاردىن ئاغرىنىۋاتىسەن! كونىلار «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن»، «تېشىڭ تازا بولغۇچە، ئىچىڭ تازا بولسۇن» دەپتىكەن. سەن ياخشى بولساڭ، ئۇلارنىڭ مۇنداق ئىش تېرىشقا ھەددىمىدى؟ سەن ئۆزۈڭ كۆڭلىدە دىتى يوق، ئاغزىدا گېپى يوق، خۇددى بوينى كېسىلگەن بىر قاپاق، نېمىلا بولسا ۋاي دەپ ئېھتىيات قىلىپ، ئاق كۆڭۈل ئايال دېگەن نامغا ئېگە بولۇشنىڭلا كويىدا يۈرىسەن! — دەپ بىرنەچچىنى تۈكۈرۈۋەتتى.

— قاچان بىر ئۇنداق قىلماڭلار دېمىگەن يېرىم بار مېنىڭ؟ — دەپ يىغلىدى يۇشىمۇ، — چىنپۇتمىسەڭ، شۇلارغا سوڭدىشىپ يۈرىدىغانلاردىن سوراپ باق، قاچان ئۇلارنى ھاي دەپ توسماپتىمەن؟ ئۇلارمۇ گېپىمگە قۇلاق سالسا بولاتتى! مېنىڭ نېمە ئىلاجىم بار؟ سىڭلىم، سېنىڭ خاپا بولغىنىڭدىن ئاغرىنمايمەن، نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، مەن ئاڭلاي!

توقاللار، دېدەكلەر، خىزمەتكار ئايالالار گۈررىدە كېلىپ فېڭجيېنىڭ ئالدىدا يۈكۈندى.

— كېلىن خېنىم، ئۆزلىرى دېگەن دانالارنىڭ داناسى. بىزنىڭ خېنىمدىن ناماقۇلچىلىق ئۆتكەن بولسىمۇ، بىزدەك قۇل -

www.uyghurkitap.com

چاكارلارنىڭ ئالدىدىلا، دەپ ـ ئېيتىپ خېنىمنى يەر قىلىۋەتتىلە. ئىككىلىرى بالدۇردىن تارتىپ شۇنداق چىرايلىق ئۆتۈشۈپ كەلگەنغۇ؟ ھېلىمۇ بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئازراق يۈز ـ خاتىر قىلىشلىرىنى سورايمىز ! — دېيىشتى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ. ئاندىن فېڭجېيگە چاي تۇتۇۋىدى، فېڭجېي چاينى يەرگە ئېتىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، يەنە ۋارقىراپ جياروڭنى تىللاپ كەتتى:

— ماڭ، بېرىپ ئاتاڭنى چىللاپ كەل، يۈزتۇرا ئۆزىدىن سورايمەن ! ئۇلۇغ بېگىمنىڭ مۇسىبەت كۈنلىرىدىن تېخى بەشىنچى يەتتىسى ئۆتە ـ ئۆتمەيلا جىيەنىگە خوتۇن ئېلىپ بېرىدىغان مۇنداق قائىدە ـ يوسۇننى مەن بىلمەيدىكەنمەن، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ ئوبدانراق ئۆگىنىۋالاي، كېيىنكى كۈنلەردە سىلەرگە ئۆگىتىپ قويۇشقا كېرەك بولۇپ قالار ! — دېدى.

— ئاتام بىلەن ئانامنىڭ بۇ ئىش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — دېدى يۈكۈنۈپ باش ئۇرۇپ جياروڭ، — مەن جىيەنىڭىز پوق يەپ تاغامنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەپتىمەن. بۇ ئىشتىن ئاتامنىڭمۇ خەۋىرى يوق. خان ئاچا، مۇنداق غوۋغا كۆتۈرۈۋېرىدىغان بولسىڭىز، ماڭا ئۆلۈم راۋا بولۇپ قالىدۇ. سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، خان ئاچا، مېنى جازالاڭ، جازاغا مەن لايىق ! بۇ دەۋانىمۇ سىزنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىڭىزنى سورايمەن، بۇنداق چوڭ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. خان ئاچا، سىز دېگەن قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىغان قالتىس ئايال ! «بىلەك سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن ماقالنى بىلمەمسىز؟ مەن ئەقلىمدىن ئېزىپ، خۇددى ئىت ـ ئېشەكتەك مۇشۇنداق پەسلىكنى قىلىپ قويۇپتىمەن. خان ئاچا، يەنىلا سىز ئېغىر كۆرمەي كۆچ چىقىرىپ، تالادىكى بۇ غوۋغانى بېسىۋەتسىڭىز ئوبدان بولاتتى. خان ئاچا، مەن بىر بىۋاپا پەرزەنت بولغىنىم ئۈچۈن، بالا ـ قازاغا مەن سەۋەبچى بولدۇم، مەن ئۈچۈن خورلۇق

تارتىسىڭىزمۇ، ماڭا كۆيۈنىدىغان بەرىبىر يەنە سىز ! — جىيارۇڭ ئارقا ـ ئارقىدىن باش ئۇرۇۋەردى.

جىيارۇڭنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، فېڭجيېنىڭ دىلى يۇمشاپ قالدى. لېكىن، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا دېگەن گېپىدىن يېنىۋالالماي، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، جىيارۇڭنى تارتىپ تۇرغۇزدى ـ دە، كۆز يېشىنى ئېرتىپ، يۇشىغا گەپ قىلدى:

— يەڭگە، سىزمۇ مەندىن خاپا بولماڭ، مەن بولسام ھېچ ئىش كۆرمىگەن بىر گۆدەك، خەقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ، ئالدى ـ كەينىمگە باقماي مۇشۇنداق ھودۇقۇپ كېتىپتىمەن. جىيارۇڭ غوجام دېگەندەك «بىلەك سۇنسا يەڭ ئىچىدە قالىدۇ». يەڭگە، بايا دېگەن گەپلىرىمنى ئېغىر ئالماڭ، ئاكامغا مېنىڭ ئورنۇمدا دەپ قويۇڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ دەۋانى باستۇرۇۋەتكىنىمىز ياخشى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، خېنىم، — دېدى يۇشى بىلەن جىيارۇڭ تەڭلا، — قانداقلا بولسۇن، تاغىڭىزغا زادىلا كاساپىتىم تەگمەيدۇ. بايا سىز بەش يۈز سەر كۈمۈش سەرپ قىلدىم دېدىڭىز، بىز ئانا ـ بالا ئىككىمىز بەش يۈز سەر كۈمۈش جايلاپ سىزگە چىقارتىپ بېرەيلى، ئورنىغا سەپلەپ قويۇڭ، سىزنى زىيان تارتقۇزغان بىلەن بولامدۇ؟ ئۇنداق قىلساق، بىزگە ئۆلۈم بەرھەق بولىدۇ ! يەنە بىر گەپ بار: ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىدا گەپنى پۇختىراق توغرىلاپ، مۇنداق گەپلەرنى ئاغزىڭىزغا ئالمىغىنىڭىز ئوبدان !

— سىلەر مېنىڭ بېشىمغا دەسسەپ تۇرۇپ قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ، ئەمدى بىز ئۇچۇن گەپنى توغرىلاڭ دەپ مېنى ئالداۋاتىسىلەر ـ ھە ! — دېدى سوغۇققىنا كۈلۈپ فېڭجيې، — مەن ساراڭ بولغاندىمۇ ئۇ ھالغا چۈشكۈچىلىك ساراڭ ئەمەس. يەڭگە، سىزنىڭ ئىنىڭىز مېنىڭ نېمەم؟ سىز ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسىڭىز، مەن سىزدىن بەكرەك ئەنسىرىمەمدىكەنمەن؟ سىزنىڭ سىڭلىڭىز ئۆزۈمنىڭ

سىڭلىسىغا ئوخشاش. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقىمدا كىچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، دەرھال ئۇستىكارلارنى چاقىرتىپ ھۇجرىلارنى ياساپ ـ جابدۇتتۇم، بىللە ئۆتىمىز دەپ كۆچۈرۈپ كىردىم. چاكار دېگەن چاكارلىقىنى قىلىدىكەن، تېخى ئۇلار نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «خېنىم، تولىمۇ ئالدىراپ كەتتى، بىزنىڭ مەسلىھەتىمىزگە كىرسە، ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا مەلۇم قىلىپ باقسا، ئۇلار نېمە دەيدۇ، شۇنىڭغا قاراپ ئاندىن ئۆي جابدۇپ، كۆچۈرۈپ كىرسىمۇ كېچىكمەي قالمايتتى» دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ، تىللايدىغاننى تىللاپ بېرىۋىدىم، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاغزى بېسىلدى. لېكىن، ئىش مېنىڭ كۆتكىنىمدەك بولماي قالدى، تەتۈرىسىچە ئاغزىمغا شاپىلاق تەگدى. خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا جاڭ خۇا دېگەن بىرنېمە پەيدا بولۇپ ئەرز قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكىنىمدىن ئىككى كېچە كىرپىك قاقمىدىم، ئۇن ـ تىنىمنىمۇ چىقىرالمىدىم. ئاخىر، بۇنداق يۈرىكى چوڭلۇق قىلىدىغانغا جاڭ خۇا دېگەن ئۇ بىر نېمە زادى قانداق ئادەمدۇ دەپ تىڭتىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرگە يېلىندىم. بىر ـ ئىككى كۈن تىڭتىڭلىتىپ كۆرسەم، ئۇ بىر مۇتتەھەم قەلەندەر ئىكەن. مولازىملار ماڭا مۇنداق دەپ مەلۇم قىلىشتى: «كىچىك كېلىن ئاغىچىنى شۇنىڭغا بېرىدىغانغا ماقۇل كېلىشىپ بوپتىكەن. ئەمدى بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ: سوغۇقتا ئۆلسىمۇ، ئاچلىقتا ئۆلسىمۇ بەربىر بىر ئۆلۈم، ئەمدى قولۇمغا بۇ ساپاق ئېلىنىدىمۇ، بولدى، قويۇپ بەرمەيمەن، مۇشۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەم توغلاپ ياكى ئېچىرقاپ ئۆلگەندىن ئەۋزەلرەك» دەپتۇمىش. بۇنداق تۇرسا، ئەرز قىپتۇ دەپ ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولامدۇ؟ بۇ ئىشتا بېگىم تولىمۇ ئالدىراقسانلىق قىپتۇ، دۆلەت مۇسىبىتى مەزگىلىدە ئۆيلىنىش بىر گۇناھ، ئائىلە مۇسىبەت ئىچىدە تۇرغاندا ئۆيلىنىش بۇمۇ بىر گۇناھ، ئاتا ـ ئانىدىن يوشۇرۇنچە ئۆيلىنىش بۇمۇ گۇناھ، خوتۇن قويۇپ ـ

خوتۇن ئېلىش بۇمۇ گۇناھ. «مەيلى دەپتۇ بېشىغا كەلسە ھەر ئاپەت، خاننى ئاتتىن غۇلاتماقتا قىپتۇ جۇرئەت» دېگەن ماقالىدىكىدەك، نامراتلىقتىن تەلۋە بولۇپ كەتكەن ئۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كەلمەي قالارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىدا بۇنداق ئاساس تۇرغان يەردە، ئەرز قىلماي چىللاپ باغاق يازامتى؟ يەڭگە، سىز دەپ بېقىڭا قېنى، مۇبادا مېنىڭ ئورنۇمدا خەن شېڭ، جاڭ لياڭلار بولغان تەقدىردىمۇ قورقۇپ ئەقلىدىن ئاداشقان بولاتتى! بىرىنچىدىن، ئىنىڭىز ئۆيدە ئەمەس، ئىككىنچىدىن، مەسلىھەتلىشىدىغانغا ئادەم يوق، شۇڭا بۇ يوچۇقنى ئېتىش ئۈچۈن پۇل خەجلىمەكتىن باشقا ئىلاجىم بولمىدى. لېكىن، پۇل خەجلىگەنسېرى خەق پىچاقنىڭ دەستىسىنى قولغا چۇشۇرۇۋېلىپ تېخىمۇ تېرە تاراقشىتقىلى تۇردى. مەن شۇ تۇرقىمدا «چىقان ياراشسا توققۇزى چىقىدۇ، ياراشمىسا ئوتتۇزى» دېگەندەكلا بولۇپ قالدىم! شۇڭا، جىلە بولغاننىڭ ئۈستىگە خاپا بولۇپ، نائىلاج سىز يەڭگەمنىڭ قېشىغا كەلدىم ...

— بولدى، غەم يېمەڭ، ئەلۋەتتە بىزمۇ قارىشىپ بېرىمىز، — دېيىشتى يۇشى بىلەن جياۋلۇڭ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ھېلىقى جاڭ خۇا دېگەن نامراتلىقتىن ئۆزىنى ئۇرىدىغان يەر تاپالماي قالغان نېمە، شۇڭا جېنىنى تىكىپ قويۇپ تۇرۇپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلغان، — دېدى يەنە جياۋلۇڭ، — شۇ تاپتا مەن مۇنداق بىر ئامالنى ئويلاۋاتىمەن: ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرەيلى، ئۇ يالغاندىن تۆھمەت چاپلاپ ئەرز قىلدىم دېگەن گۇناھنى بوينىغا ئالسۇن، بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن يامۇلغا پۇل خەجلەپ دەۋانى تۈگىتىۋېتەيلى. ئۇ بوشىتىلغاندا، ئۇنىڭغا يەنە ئازراق پۇل بەرسەكلا ئىش تۈگەيدۇ.

— پاھ، سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭنى قارا! — دېدى فېڭجيې تاڭلىيىنى چېكىلداتقىنىچە ھىجىيىپ، — سېنىڭ ھېچنېمىگە باقماي بۇنداق ئىشنى تېرىغانلىقىڭدىن ئاغرىنمىساقمۇ

بولىدىكەن. مەن سېنى خاتا چاغلاپ كەپتىكەنمەن، مۇشۇنچىلىكلا دىتىڭ بار نېمە ئىكەنسەن ـ دە! ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولۇپ، ئۇ ۋاقتىنچە كۆڭگەنمۇ بولسۇن، يامۇلدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن پۇلغىمۇ ئىگە بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ھازىرچە ئىش تۇگىگەنمۇ بولسۇن. بىراق، مۇنداق ئادەملەر مۇتتەھەم، نائەھلى كېلىدۇ، قولغا پۇل كىرگەندىن كېيىنلا، ئۈچ ـ تۆت كۈنگە قالماي تۈگىتىۋېتىدۇ ـ دە، يەنە كېلىپ چاتاق چىقىرىپ پوپوزا قىلىشقا باشلايدۇ، يەنە كونا خامانني سورۇغىلى تۇرىدۇ. بۇنىڭدىنغۇ قورقۇپ قالمايمىز، شۇنداقتىمۇ كۆڭۈلنىڭ ئارامىنى قويمايدۇ. ئۇ ئۆزى گەپ كۆتۈرۈپ چىققۇچە، باشقىلار، مانا، قورسىقىدا ئاغرىقى بولمىسا نېمىشقا ئۇنىڭغا پۇل بېرىدۇ، دېگەن گەپ چىقىپ بولىدۇ.

جىياۋرۇڭ زېرەك ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلدى.

— مېنىڭ يەنە بىر مەسلىھەتىم بار، — دېدى ئۇ، — «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپتىكەن. بۇ ئىشنى يەنە ئۆزۈم تۇگەتكىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ. مەن جاڭ خۇانىڭ غەرىزىنى ئۇقۇپ باقاي، ئۇ زادى ئادەمنى ياندۇرۇۋالمەن دەمدۇ ياكى بۇ ئىشنى بولدى قىلىپ، پۇلغا ئىگە بولسا باشقا خوتۇن ئېلىشقا رازىمۇ؟ شۇنى سوراپ كۆرەي. ئەگەر ئۇ زادى ئادەمنى ياندۇرۇۋالمەن دەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئېرجيې يەزنىمىزنى تاغامدىن ئاجرىشىپ، شۇنىڭغا تېگىشكە سايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر پۇل كېرەك دېسە، ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بەرمەي بولمايدۇ.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، يەزنەڭنىڭ ئاجرىشىپ چىقىپ كېتىشىگە مېنىڭ كۆزۈم قىيمايدۇ، — دېدى فېڭجيې ئالمان ـ تالمان، — مەنمۇ ئۇنى ئاجراشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز ئۇنىمايمەن. ئۇ ئاجرىشىپ چىقىپ كەتسە، بىز يۈزىمىزنى نەگە قويىمىز؟ مېنىڭچە، ھەرقانچە پۇل كەتسىمۇ مەيلى، كۆپرەك پۇل بېرەيلى.

فېڭجيې ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئېرجيېنىڭ



uyghurkitap.com

چىقىپ كېتىشىگە ئالدىراۋاتقانلىقىنى، هازىر ئۆزىنى ئاق كۆڭۈل قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى جىيارۇڭ ئوبدان بىلەتتى. بىراق، ئۇ هازىر فېڭجىيې نېمە دېسە، شۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە مەجبۇر ئىدى.

— تاشقىرىدىكى ئىشىنىغۇ بىر نېمە قىلماق ئوڭاي، ئىچكىرىدىكى ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى يەنە فېڭجىيې، — سەن مەن بىلەن بىللە نېرىقى قەسىرگە ئۆتكىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئوچۇق مەلۇم قىلايلى، شۇنداق قىلغىنىمىز تۈزۈك.

يۇشى هودۇقۇپ كېتىپ، فېڭجىيېنىڭ يېڭىدىن تارتتى ۋە نېمە دەپ يالغان ئېيتسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت كۆرسىتىشىنى ئۆتۈندى.

— هالىڭ شۇنچىلىك تۇرۇپ هالىڭغا باقماي بۇنداق ئىشنى قىلىشقا سېنى كىم قويىدى؟ ئەمدى بولغاندا بۇنداق دەيسەن، ئەپتىڭگە قارىغۇمۇ كەلمەيدۇ مېنىڭ! مەسلىھەت كۆرسەتمەيمۇ دېۋىدىم، لېكىن مەن شۇنداق كۆڭلى يۇمشاق، يۈزۈم نېپىز ئادەم ئىكەنمەن، خەق مېنى كولدۇرلاتسىمۇ، مەن يەنىلا كومشالىق قىلىپ يۈرۈۋېرىدىكەنمەن، بوپتۇ، بۇ ئىشنى ئۈستۈمگە ئالسامۇ ئالاي. ئەمىسە، سىلەر هازىرچە ئوتتۇرىغا چىقمايراق تۇرۇڭلار، سىڭلىڭنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىغا مەنلا تەزىمگە باشلاپ باراي. ئۇلارغا: «ئېرجيې خانغا ئەسلىدە مېنىڭ كۆزۈم چۈشكەن. مەن ئانچە تۇغۇمچان بولمىغاچقا، باشتىلا بىر ـ ئىككى قىزنى سېتىۋېلىپ بولسىمۇ ئۆي كىشىسى قىلىپ بېرەي دەپ كەلگەنىدىم. ئەمدى قارىغۇدەك بولسام، ئېرجيې خېنىم بەك ئوبدان قىز ئىكەن، ئاندىن تۇغقاننىڭ ئۈستىگە تۇغقان بولىدىكەنمىز، شۇڭا مەن ئۇنى ئۆز رازىلىقىم بىلەن جىيالىيەن بېگىمگە كىچىك ئاغىچىلىققا ئېلىپ بەردىم، بۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئېگىچە ـ سىڭىل، يېقىن ـ يورۇقلىرىدىن بىرسىمۇ قالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بېشىغا كۈن

www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ كۈنى تەس بوپتۇ. سەدپارە كۈننى ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە كۈتىدىغان ئىش بولسا، ئۇ چاغدا نە ئۆيى، نە بىساتى يوق بىر كىشىنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشىغا بەك تەس كېلىدىكەن. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ خىيالى بويىچىلا ئۇنى ئىچكىرىگە ئەكىرىۋالدىم، يان ھۇجرىلارنى راسلاپ بېرىۋىدىم، ھازىرچە شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. قارىلىقنى سۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بولدۇق» دەيمەن. يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ئاشۇنداق دەپ تۇرۇۋالاي، ناۋادا ئەپلەشمەي قالسا سىلەرگىمۇ گەپ كەلمەيدۇ. ئانا ـ بالا ئىككىڭلار ئويلىنىپ بېقىڭلار، شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟

— خان ئاچا، زادىلا سىزنىڭلا قورسىقىڭىز دەريا، سىزلا پەم ـ پاراسەتلىك ئىكەنسىز ! — دېدى يۈشىغا قوشۇلۇپ جىيا رۇڭمۇ تەڭلا كۈلۈپ، — ئىش ئەپلەشكەندىن كېيىن، ئانا ـ بالا ئىككىمىز ئەلۋەتتە رەھمەت ئېيتىپ ئالدىڭىزغا تەزىمگە كىرىمىز.

— قويغىنا ! ئۇنداق رەھمەت ـ تەزىم دەيدىغان گېپىڭنى ! — دېدى فېڭجيې جىيارۇڭغا قول شىلتىپ تۇرۇپ، — سېنى ئەمدى بىلدىم ! — شۇ گەپ بىلەن ئۇ ھۇپپىدە قىزىرىپ، خۇددى بىر مۇنچە دىل ئازار يېگەندەك، كۆزىگە ياش ئالدى.

— بولدى، ئەمدى ! بۇ دورەمچە مۇشۇ ئېغىرلىقىمنى كۆتۈرۈڭ ! — دېدى جىيا رۇڭ ھىجىيىپ ۋە ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى.

فېڭجيې تەتۈر قارىۋېلىپ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي قويدى. جىيا رۇڭ كۈلۈۋېتىپ، ئورنىدىن تۇردى. يۈشى دەرھال چۆرە قىزلارنى سۇ، پەرداز قۇتىسى ئەكېلىپ، فېڭجيېنىڭ يۈيۈنۈپ ـ تارىنىشىغا قاراشقا ۋە كەچلىك غىزا تەييارلاشقا بۇيرۇدى. فېڭجيې كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. يۈشى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مۇشۇ تۇرقىڭىزچە چىقىپ كەتسىڭىز، بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن سىز تەرەپكە ئۆتىمىز؟ — دېدى.

— ئوبدان خان ئاچا ! جېنىم خان ئاچا ! بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە ھەقىقەتەن بىۋاپالىق قىلسام تەڭرى تۆپەمدىن ئۇرسۇن ! — دېدى جيارۇڭمۇ ھىجىيىپ ۋە ئۇنى غىزالىنىپ كېتىشكە سايە قىلىپ.

فېڭجيې ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، چىرتىلا قىلىپ توۈكۈرۈپ:

— كىم ئىشىنىدۇ سېنىڭ بۇ... — دەپلا، گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

خىزمەتكار ئاياللار، چۆرە قىزلار شاراب ـ تائام كەلتۈرۈشتى. ئۇنىڭغا يۇشى ئۆزى شاراب تۇتتى، ئالدىغا غىزا قويدى. جيارۇڭ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ بىر قەدەھ شاراب تۇتتى. فېڭجيې يۇشى بىلەن بىللە غىزالاندى، چۆرە قىزلار ئېغىز چايقايدىغان چاي كەلتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، قايتا چاي سۇندى. فېڭجيې چايدىن ئىككى ئوتلاپلا، كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالدى. جيارۇڭ ئۆزى ئۇزىتىپ بىللە كەلدى، دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، ئىچىدىكى گەپلىرىنى كۇسۇرلىدى، لېكىن فېڭجيې ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي، باتىنىغان پېتى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

فېڭجيې نەزەرباغقا كىرىپ، ھېلىقى ئىشلارنى يۇ ئېرجيېگە دەپ بېرىپ: مەن سىزنىڭ ئۇنداق غېمىڭىزنى يېدىم، مۇنداق تىڭتىڭلىدىم، مۇنداق قىلىش كېرەك، ئۇنداق قىلىش كېرەك، شۇ چاغدا ھەممىمىزگە گۇناھ كەلمەيدۇ، «ئەمدى بىزگە مۇشۇ چارە بويىچە ئىش قىلماي بولمايدۇ» دېگەن گەپلەرنى قىلدى. فېڭجيې يەنە قانداق چارە ـ تەدبىرلەرنى ئويلاپ تاپقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش توققۇزىنچى باب

## ئەپچىللىك بىلەن خەقنىڭ قولى ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئەجلى يەتكەنلىكىنى سېزىپ ئالتۇن يۇتۇپ ئۆلۈۋالغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، يۇ ئېرجىيې فېڭجىيېنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كەينىدىن ماڭدى. بۇ ھالدا يۇشىمۇ نېرىقى قەسىرگە ئۆتمەي بولمايتتى، ئاخىر ئۇمۇ فېڭجىيې بىلەن بىللە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بۇياققا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى.

— سەن گەپ قىلمىغىن، ئاۋۋال مەن ئېغىز ئاچاي، — دېدى فېڭجىيې كۈلۈپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە. بىراق، قاملاشمايدىغان يېرى چىقىپ قالسا، ساڭىلا دۆڭگەپ قويۇۋېرىمەن، — دېدى يۇشى.

بۇلار ئالدى بىلەن جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. جيا ئانا باغدىكى ھەمشىرىلەر بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ فېڭجىيېنىڭ ئىنتايىن كېلىشكەن بىر چوكاننى باشلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىنى سالدى:

— بۇ كىمنىڭ بالىسى؟ ۋاي، بىچارەي !

— بۇزرۇكۋار ئانا، ئوبدانراق سەپسېلىپ باقسىلا، چىرايلىقمىكەن؟ — دېدى فېڭجىيې كۈلگەن پېتى ئالدىغا بېرىپ ۋە يۇ ئېرجىيېنى تارتىپ قويدى، — بۇ كىشى ئۇلۇغ

قېيىنئانىمىز بولىدۇ، چاپسان باش قويۇڭ.
ئېرجىيې دەرھال ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈردى. فېڭجىيې ئاندىن ھەمشىرىلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ پالانى، ماۋۇ پۇستانى دەپ تونۇشتۇرۇپ بولۇپ:
— ئاغىچا خېنىمنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كېلىپ بۇلار بىلەن تونۇشۇۋالارسىز، — دەپ قويدى.
يۇ ئېرجىيې بۇلار بىلەن يېڭىباشتىن ئەھۋال سورىشىپ بولۇپ، بىر چەتتە يەردىن ئۇستۇن قارىماي تۇردى.
جيا ئانا ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئۇچىغىچە سەپسېلىپ چىقىپ، تورۇسقا قاراپ بىر پەس ئويلاندى، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ:
— بۇ بالىنى مەن نەدىدۇر كۆرگەندەكلا قىلىمەن، كۆزۈمگە بەك تونۇش تۇرىدۇ ! — دېدى.
— ھازىرچە بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرسىلا، بۇزرۇكۋار ئانا، مەندىن چىرايلىقمىكەن، شۇنىلا دېسىلە، — دېدى فېڭجىيې يەنە كۈلۈپ.
جيا ئانا كۆزئەينىكىنى تاقاپ:
— بۇ بالىنى ئالدىمغا ئەكېلىڭلار، مەن ئۇنىڭ ئەت ـ ئۆڭلىرىگە قاراپ باقاي، — دەپ يۇەنياڭ بىلەن خۇپونى بۇيرۇدى. چەتتە تۇرغانلار مىيىقىدا كۈلۈشۈپ، ئېرجىيېنى ئالدىغراق ئىتتىرىشتى. جيا ئانا ئۇنىڭغا بىر قۇر سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، خۇپوغا قاراپ:
— ئۇنىڭ قولىنى ئەكېلە، كۆرۈپ باقاي، — دېدى. جيا ئانا ئېرجىيېنىڭ قولىنى كۆرۈپ بولۇپ، كۆزئەينىكىنى ئېلىۋەتتى:
— توققۇزى تەل ئىكەن، مېنىڭچە، سەندىن چىرايلىق ئىكەن ! — دېدى كۈلۈپ.
فېڭجىيې بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ، دەرھال يۈكۈندى ـ دە، يۇشىنىڭ ئۆيىدە توقۇۋالغان گەپلىرىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ كېلىپ:
— بۇ قىزغا بولغان مېھىر ـ شەپقەتلىرىنى ئايىمىغايلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇزرۇكۋار ئانا، ئاۋۋال بۇنىڭ كۆچۈپ كىرىشىگە ئىجازەت بەرسىلە، بىر يىلدىن كېيىن ئاندىن بېشىنى قوشۇپ قويارمىز، — دېدى.

— بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بولاتتى؟ سېنىڭ مۇنداق ئەدەپ - ئىنسابلىق بولغىنىڭ ناھايىتى ياخشى. لېكىن، سەن دېگەندەك بىر يىلدىن كېيىن ئاندىن بېشىنى قوشۇش كېرەك، — دېدى جيا ئانا.

فېڭجيې باش قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن يەنە:

— خىزمەتكار ئاياللاردىن ئىككىنى بۇيرۇساق، بىللە بېرىپ ئاغىچا خېنىملارغا: بۇ بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ پىكرى دەپ، كۆرۈنۈش قىلىپ قويسا، — دېدى جيا ئانىغا ئۆتۈنۈش قىلىپ.

جيا ئانا ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىككى ئايالنى بۇيرۇدى، ئۇلار ئېرجيېنى شىڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن باشلاپ ماڭدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يۇ ئېرجيېنىڭ ئۈستىدىن ھەر قىسما مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بەك تەشۋىشلەنگەنىدى، لېكىن بۈگۈن بولۇۋاتقان بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇپ خۇشال بولماسلىقنىڭ ئورنى بولامتى؟ شۇنداق قىلىپ، يۇ ئېرجيې شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يورۇق دۇنياغا چىقىپ، يان ھوجرىغا كۆچۈپ كىرىپ جايلاشتى.

فېڭجيې يەنە بىر تەرەپتىن يەڭ ئىچىدە جاڭ خۇانى ئۆز خوتۇنۇمنى ياندۇرۇۋالىمەن دېگىن، دەپ قۇتراتقىلى تۇردى، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ساپ مال بېرىشتىن تاشقىرى، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈنمۇ كۈمۈش بېرىدىغان بولدى. جاڭ خۇانىڭ جيا خاندانى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا جۈرئىتىمۇ ۋە ئۇنداق قىلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. كېيىن جياروڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىمنى جاۋابكارلىققا ئەۋەتتى، ئەۋەتكەن كىشىسى بالدۇرقى گەپ بويىچە: «جاڭ خۇا باشتا يېنىشىپ كەتكەن، يۇ ئېرجيېنىڭ ئەسلىدە بىز بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى، ئۇنى خاندانىمىزغا كۆچۈرۈپ

ئەكېلىشۋالغانلىقىمىز راست. ئەمما، زورلاپ خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغان دېگەن گەپ يوق، جاڭ خۇا بىزگە تۆلەيدىغان قەرزنى كېيىنگە سۈرۈۋەردى، تۆلە دېسەك تۆلىمىدى، ئەمدى بولغاندا پېقىرنىڭ غوجايىنىغا تۆھمەت چاپلىدى» دەپ جاۋاب قىلغانىدى. باش مۇپەتتىشنىڭ جيا، ۋاڭ خانىدانلىرى بىلەن چېتىشلىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پارا يېگەنىدى. شۇڭا، ئۇ جاڭ خۇانى تۆھمەتخور، نامراتلىقىنى پەش قىلدى دەپ، ئەرزىنىمۇ قوبۇل قىلماي، تاياق ئاستىغا ئېلىپ قوغلىۋەتكەنىدى. چىڭئېر سىرتتا تۇرۇپ جاڭ خۇا ئۈچۈن پۇل خەجلەپ باقسىمۇ ئاقتۇرالمىدى. ئۇ يەنە: «ئەسلىدە قۇدا چۈشكۈچى سىلەر، سەن قۇدا چۈشكىنىمىز چۈشكەن دەپلا تۇرۇۋالساڭ، بۇ دەۋادا چوقۇم ئۇتۇپ چىقىسەن» دەپ جاڭ خۇانى كۈشكۈرتۈپ، قايتىدىن ئەرز قىلدۇردى. ۋاڭ شىنىمۇ بىر تەرەپتىن باش مۇپەتتىشكە گەپ پۈرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، باش مۇپەتتىش ئەرزگە: «جاڭ خۇا جيا خانىدانىدىن قەرز ئالغان كۈمۈشنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆز ئەدىدى بويىچە تۆلىسۇن؛ چاي ئىچۈرۈپ قويغان لايىقىنى قۇربى يەتكەندە ئەمرىگە ئالسۇن» دەپ تەستىق سالدى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ ھۆكۈمنى داتاڭدا ئوقۇپ بەردى. جاڭ خۇانىڭ ئاتىسىمۇ ئىشنىڭ تېگىنى چىڭئېردىن ئۇقۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمگىمۇ، پۇلغىمۇ ئىگە بولىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولۇپ، ئېرجىيېنى ياندۇرۇۋېلىشقا جيا خانىدانىغا كەلدى.

فېڭجيې بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپ، بىرىپلا جيا ئانىغا ئۇنداق بولغان، بۇنداق بولغان دەپ كېلىپ:

— بۇنىڭ ھەممىسى جېن يەڭگىمىزنىڭ ئىشنى ئوچۇق - يورۇق قىلمىغانلىقىدىن بولغان. ئاشۇ قۇدا چۈشكۈچىلەر يېنىشىپ كەتمەپتىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەرز قىلىشىغا سەۋەبچى بوپتۇ. مانا ئەمدى مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ، — دېدى.

جيا ئانا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال يۇشىنى چاقىرتىپ

www.uyghurkitap.com

كىرىپ، قىلغان ئىشىڭىز مۇۋاپىق بولماپتۇ دەپ كېلىپ، ئاخىرىدا:

— سىڭلىڭىزنى قورساقتا چېغىدىلا كىشىگە بېرىدىغان بولۇپ تويىنى قىلىۋېتىپتىكەنسىلەر، كېيىن يېنىشىپمۇ كەتمەپتىكەن، مانا ئەمدى خەق ئەرز قىپتۇ، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى.

— ئۇ كۆمۈشلىرىگىچە ياندۇرۇۋالغان تۇرسا، نېمىشقا يېنىشىپ كەتمىگەن بولىدىكەن؟ — دېيەلىدى يۇشى ئارانلا.

— جاڭ خۇا ئېغىزچە ئىقرارىدا كۆمۈشنىمۇ كۆرمىدىم، ئادەمنىمۇ كۆرمىدىم، دەپتۇدەك، — دېدى فېڭجيې بىر چەتتە تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئاتىسى يەنە: «قۇدىمىز بىر قېتىم شۇنداق دېگەن، لېكىن بىز ئۇنىڭغا تېخى ماقۇل دېمىگەن. قۇدىمىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كۆچۈرۈپ ئەكىرىپ كىچىك ئاغىچا قىلىۋالدىڭلار» دەپ، مۇشۇنداق جاۋابكارلىقى بولمىغان ئېگىز - پەس سۆزلەرنى ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلەپ يۈرگۈدەك. ھېلىمۇ ياخشى، جياليەن بېگىم ئۆيدە بولماي، بۇلارنىڭ بېشىنىڭ قوشۇلمىغىنىغا شۈكۈر. بىراق، بۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋالغان تۇرسا، قانداقمۇ ياندۇرۇۋەتكىلى بولار؟ يۈزىمىزگە سەت بولمامدۇ؟

— ئېرى بار ئادەمنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغان دېگەن گەپكە قالسا، نامىمىزمۇ سەت. تېخى بېشىنى قوشۇپ قويمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەرگەن تۈزۈك. ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىلىرى تېپىلماي قالاتتىمۇ؟ — دېدى جيا ئانا.

يۇ ئېرجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ جيا ئانىغا مۇنداق دەپ مەلۇم قىلدى:

— ئانا، پالانى يىلى پوكۇنى ئايىنىڭ پۇستانى كۇنى ئۇنىڭغا يىگىرمە سەر كۆمۈش بېرىپ ئۈزۈلۈشۈپ كەتكەندۇق. ئۇ كەمبەغەللىكىدىن كۈنىنى ئالالماي ئەرز قىلىپ، دېگەن لەۋزىدىن يېنىۋاپتۇ. بۇ ئىشتا ئاچام خاتا قىلغان ئەمەس.

— تادانىنىڭ چىشىغا تەگكىلى بولماس، دەپتىكەن، ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنى فېڭجىيې ئۆزى بىر نېمە قىلسۇن، — دېدى جيا ئانا.

فېڭجىيې بۇنى نائىلاج ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ يېنىپ چىقىپ. جيارۇڭنى قىچقارغىلى كىشى جورۇدى. فېڭجىيېنىڭ غەرىزىنى جيارۇڭ ئوبدان بىلەتتى. مۇبادا جاڭ خۋانى ئىشقا سېلىپ ئېرجيېنى ياندۇرغۇزۇۋالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەدەپ - قائىدە نەدە قالىدۇ؟ جيا رۇڭ شۇ ئوي بىلەن بۇ ئىشنى جيا جېنغا مەلۇم قىلىپ قويىدى ۋە ئاستىرتىن كىشى ئەۋەتىپ جاڭ خۋاغا: «سەن هازىر بىرمۇنچە كومۇشكە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن ئادەمنى ياندۇرۇۋالىمەن دەپ تۇرۇۋالىسەن؟ مۇشۇنداق دەپ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان بولساڭ، بەگ - غوجاملار بىردىنلا غەزەپكە كېلىپ، سەندىن بىرەر پۇتاق تېپىپ، جېنىڭنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدۇ جۇمۇ ! قولۇڭغا كومۇش كىرگەندىن كېيىن، ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتسەڭ، ساڭا نى - نى چىرايلىقلار تېپىلماي قالامتى؟ كېتمەنلا دېسەڭ، ساڭا يەنە ئاز - پاز يول خىراجىتىمۇ ئىنئام قىلىنىدۇ» دەپ ئېيتقۇزۇپ قويىدى. جاڭ خۋا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىر ئاز ئويلىنىپ قېلىپ:

— بۇ ياخشى گەپ ئىكەن ! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ بېرىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كېلىشتى، جەمئىي بىرەر يۈز سەرچە كومۇشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتا - بالا ئەتىسى بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا يولغا چىقىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىشتى.

جيارۇڭ بۇ ئەھۋالنىڭ راستلىقىنى ئېنىقلاپ ئۇققاندىن كېيىن، كېلىپ جيا ئانا بىلەن فېڭجىيېگە:

— جاڭ خۋا ئاتا - بالا ئىككىسى ئاۋۋال تۆھمەت بىلەن ئەرز قىلىپ قويۇپ، ئەمدى بولغاندا جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ، يامۇلمۇ بۇ ۋەقەنى ئۇقۇپ، ئىزدەك - سورىقىنى قىلماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماجىرامۇ تۈگەپتۇ، — دەپ مەلۇم

قىلدى.

فېڭجىيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «جاڭ خۋا راستىلا ئېرجىيېنى ياندۇرۇپ ئەكەتكەن تەقدىردىمۇ، جىيالىيەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانچە ـ مۇنچە پۇل خەجلەپلا، ئۇنى يەنە ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇ جاڭ خۋانىڭ كۆنمەسلىكىدىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. شۇڭا، ئېرجىيېنى كەتكۈزمەي، ئۆز يېنىمدا تۇتۇپ تۇرسام مۇۋاپىق بولغۇدەك، كېيىنچە يەنە بىر يولىنى تاپمايمەنمۇ. بىراق، جاڭ خۋا شۇ كەتكىنىچە نەگە كەتكەندۇ، بۇ ۋەقەنى باشقىلارغا دەپ بېرىپ يۇرسە ياكى بىر كۈنلەردە يەنە بىر پۇتاق چىقىرىپ خېمىغا يېنىۋالسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈمگە ئۆزۈم بالا تاپقان بولمايمەنمۇ؟ ئەسلىدە پىچاقنىڭ سېپىنى خەققە مۇنداق تۇتقۇزۇپ قويمايدىغان ئىش ئىكەن» دەپ خىيال سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان يېدى. ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا، يەنە بىر ئامال تاپتى ـ دە، ۋاڭئېرنى چاقىرىپ: سەن ئادەم ئەۋەتىپ جاڭ خۋانى ئىزدەتكىن، ئۇنى ئوغرىلىق قىلدى دېگەن تۆھمەت بىلەن يامۇلغا ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغاننىڭ ئىشىنى قىل ياكى بولمىسا بىر كىمنى ئىشقا سالغىن ـ دە، پەملەپ تۇرۇپ جاڭ خۋانى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن. شۇنداق قىلغاندا جېدەلنى تومۇرى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاتاق ـ ئابرۇيىمىزنى ساقلاپ قالىمىز، دەپ ئاستا ئىش تاپىلىدى.

ۋاڭئېر بۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ ئۆيگە كېلىپ: «ئۇ كېتىپ بولسا، ئىشمۇ تۈگىگەن تۇرسا، نېمىگە مۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟ بۇ جان ئىشى تۇرسا، ئويناشقىلى بولامدۇ؟ ھازىرچە ئالداپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېيىنچە بىر يولىنى قىلارمەن» دەپ ئويلاندى ـ دە، تالا ـ تۈزدە بىرنەچچە كۈن داجىپ يۈردى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ، فېڭجىيېگە:

— جاڭ خۋانىڭ يېنىدا بىرقانچە سەر كۈمۈش بار ئىكەن، ئۇ قېچىپ ئۈچىنچى كۈنى پايتەختكە كىرىدىغان ئېغىزغا بارغاندا،

بۇلاڭچىلار بەشىنچى جىسەك ۋاقتىدا ئۇنى تۇيۇقسىزدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى قورقۇپ كېتىپ دەڭدە ئۆلۈپ قاپتۇ، شۇ يەردىلا جەسەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆمۈۋېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

فېڭجىيې بۇ گەپكە ئىشەنمەي:

— سەن يالغان گەپ قىلغان بولساڭ، مەن يەنە ئادەم ئەۋەتىپ راستىنى ئۇقۇۋالسام، چىشلىرىڭنى تۆكۈۋېتىمەن! — دېدى. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلماي تاشلاپ قويدى. فېڭجىيې بىلەن يۇ ئېرجىيې ئاچا ـ سىڭىللاردىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق قەدىردان بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق ئۆتتۈشتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى جيا ليەن ئىشىنى تۈگىتىپ ياندى، ئاۋۋال يېڭى ئۆيگە كەلدى. قارىسا، ئۆيئىچى جىمجىتلىق، ئىشىكلەر قۇلۇپلاقلىق، ئۆيگە قارايدىغان بىرلا بوۋاي قاپتۇ. جيالىيەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، بوۋاي بولغان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرىۋىدى، جيالىيەن تېپىرلاپلا كەتتى. دەرھال كېلىپ، جياشې بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىمغا كۆرۈنۈش قىلىپ، پۈتكۈزۈپ كەلگەن ئىشىنى مەلۇم قىلدى. جيا شې ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، كارغا ياردىڭ دەپ، ئۇنىڭغا يۈز سەر كۈمۈش ۋە ئۆزىنىڭ ئۆيدە ئىشلەۋاتقان چيۇتۇڭ دېگەن ئون يەتتە ياشلىق دېدەكنى توقاللىققا ئىنئام قىلىۋەتتى. جيالىيەن ئىنئام ئۇچۇن باش قويدى ۋە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال بولدى. جيا ئانا ۋە باشقىلارغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولۇپ، كېلىپ فېڭجىيې بىلەن كۆرۈشكەندە، يۈزى سەل چىمىلدىدى. لېكىن فېڭجىيې ئۇنىڭ تەتۈرىچە، بالدۇرقىدىنمۇ ئارتۇق ئوچۇق چىراي ئېچىپ، يۇ ئېرجىيې بىلەن بىللە ئالدىغا چىقىپ ھامىداشتى. جيالىيەن چيۇتۇڭ توغرىسىدىكى ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىۋاتقاندا، چىرايىدىن بىر ئاز كۆرەڭلىك ئىپادىسى بىلىنىپ قالدى.

فېڭجيې بۇ ئىشنى ئاڭلاپلا، ئىككى خىزمەتكار ئايالنى مەپە بىلەن ئەۋەتىپ چيۇ تۇڭنى ئالدۇرۇپ كەلدى. يۈرىكىگە سانجىلغان بىر تال تىكەننى تېخى يۇلۇۋەتمەي تۇرۇپ، يەنە بىر تىكەن سانجىلغانىدى، نائىلاج دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئوچۇق چىراي بىلەن يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھاردۇق ئېشى ۋە شاراب تەييارلاشقا بۇيرۇپ قويۇپ، چيۇ تۇڭنى باشلاپ بېرىپ جيا ئانا ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرۈنۈش قىلدۇردى. جيالىيەن بۇنىڭغا ئىچىدە ھەيران قالدى. فېڭجيې ئۆيدە چاغلىرىدا، كۆرۈنۈشتە يۇ ئېرجيې بىلەن بولغان مۇئامىلىسىگە گەپ سىغمايتتى، لېكىن كۆڭلىدە باشقىچە غەرەز بىلەن يۈرەتتى. ئۆي خالىي قالغاندا، يۇ ئېرجيېگە شۇنداق دەيتتى:

— سىڭلىم، سىزنىڭ يامان ئاتىقىڭىز چىقىپ قاپتىكەن. خەقلەر سىزنى ئۆز ئۆيىدە قىز چېغىدىلا بۇلغىنىپ كەتكەن. قېينئاغىسى بىلەنمۇ ئالاقىسى بەك يېقىن ئىدى، دەيدىكەن، ھەتتا بۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارمۇ ئۇقۇپ: «ئەر ئالغان نېمىنى تالادىن تېرىپ كىرىپتۇ. تالاق خېتىنى بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن ئوبدانراقىنى تېپىۋالسا بولاتتى!» دەيدۇ. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىمدا يېرىلىپ كېتەي دېدىم. كىملەر تاپقان گەپتۇ بۇ دەپ كەينىدىن سۈرۈشتۈرۈپمۇ باقتىم، گەپ تاپقۇچىنى تاپالمىدىم، مۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ قول ـ چاكارلارنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ چوڭ گەپ قىلغىلى بولاركىن؟ شۇ تۇرقىدىچۇ، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى! — ئۇ بۇنداق گەپلەرنى ئىككى قېتىم دېدى. باشتا ئۆزى «خاپىغان» بولۇپ، غىزامۇ يېمەي قويدى. پىڭئېردىن باشقا دېدەكلەر ۋە خىزمەتكار ئاياللارنىڭ يۇ ئېرجيېگە قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا، دېگەندەك ياپتا گەپ بىلەن دارىتمىلاپ، دېمىگەن ـ ئېيتمىغىنى قالمىدى.

چيۇتۇڭغا كەلسەك، ئۇ ئۆزىنى جياشې ئىنئام قىلغانلىقىنى پەش قىلىپ، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى، ھەتتا فېڭجيې،

پېڭئېرلارنىمۇ كۆزىنىڭ قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمايتتى، بۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئاۋۋال ئاشنا ئويناپ، كېيىن خوتۇن بولغان ۋە ھېچكىمنىڭ ئالدىدا ئېتىبارى بولمىغان بىر ئايالنى سىغدۇرامتى؟ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ فېڭجىي ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى. فېڭجىي يالغاندىن ئاغرىق بولۇۋالغاندىن بۇيان، يۇ ئېرجىي بىلەن بىللە غىزالانمايدىغان، ھەر كۈنى چاي ـ غىزانى ئېرجىينىڭ ئۆيىگىلا ئەۋەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەۋەتكۈزگەن غىزالىرىمۇ يېگۈسىز بىر نەرسىلەر ئىدى. بۇنىڭغا پېڭئېرنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا غىزا ئەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى، بەزى چاغلاردا باغقا كىرىپ ئايلىنىپ چىقىمىز دېگەن باھانە بىلەن، باغدىكى ئاشخانىدا ئۇنىڭغا ئايرىم سۇيۇق ـ سەلەڭ غىزا ئەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ ئىشنى فېڭجىيگە يەتكۈزۈشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇ ئارىدا چيۇ تۇڭنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىپ، ئۇ تىلىنى بىر غېرىچ ئۇزارتتى ـ دە، فېڭجىيگە يەتكۈزدى:

— خېنىم، سىلىنىڭ ئابرۇيلىرىنى تۆككەن پېڭئېر ئىكەن، ئۇلارچۇ شۇنداق ئوبدان غىزالارنى يېمەي زايە قىلىشىۋېتىپ، باغقا كىرىپ ئوغرىلىقچە غىزا ئەتكۈزۈپ يېيىشىدىكەن.

فېڭجىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— خەق باققان مۇشۇك چاشقان تۇتسا، مەن باققان مۇشۇك توخۇ بوغىدىكەن ـ دە! — دەپ پېڭئېرنى تىللىدى. پېڭئېر ئوشۇق گەپ قىلالمىدى، شۇ كۈندىن باشلاپ يۇ ئېرجىيدىن ئۆزىنى تارتىپ، قورسىقىدا چيۇ تۇڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈردى.

باغدىكى ھەمشىرىلەرنىڭ ھەممىسى يۇ ئېرجىيدىن غەم يەيتتى. ئوشۇقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. كىشىلەردىن خالىي جايلاردا ئۇچرىشىپ، گەپلەشكەنلىرىدە، يۇ ئېرجىي يۇم ـ يۇم يىغلاپ كېتەتتى. لېكىن، فېڭجىينىڭ ئەپتىدىن بىرەر يامانلىق سەزمىگەنلىكى

ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.
جىيالىيەن ئۆيگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، فېڭجيېنىڭ ئەدەپ ـ ئىنسابلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئانچە ئېرەن سالماي يۈرۈۋەردى. ئۇ خېلى چاغلاردىن بېرى جىيا شېنىڭ كېنىزەك ـ توقال، دېدەكلىرى بەك تولا ئىكەنلىكىگە كۆزى چۈشۈپ نىيىتىنى بۇزۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن چېقىلالماي كېلىۋاتاتتى، مانا ئەمدى پېشانىگە پۈتۈلگەندەكلا ئىش ئوڭدىن كېلىپ، چيۇ تۇڭ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جۈپلەشتى ـ دە، خۇددى قاقشال ئوتۇنغا ئوت كەتكەندەك كۆيۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە يار يېلىمدەك يەملىشىپ، يېڭى تويىنىڭ لەززىتىنى سۈرۈۋاتقان تۇرسا، بىر ـ بىرىدىن نېرى بولالامتى؟ جىيالىيەننىڭ يۇ ئېرجيېگە بولغان كۆڭلى بارا ـ بارا سوۋۇپ، يالغۇز چيۇتۇڭلا ئۇنىڭ جېنى بولۇپ قالغانىدى.
فېڭجيې چيۇتۇڭغا چىشىنى بىلەپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئارقىلىق ئالدى بىلەن يۇ ئېرجيېنى كۆزدىن يوقىتىش، يەنى «باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزى «تاغ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ يولۋاسلارنىڭ ئۇرۇشقىنىنى تاماشا قىلىش»، چيۇتۇڭ يۇ ئېرجيېنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، چيۇتۇڭنى ئۆزى ئۆلتۈرۈش كويىدا ئىدى. شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆي خالىي قالغان چاغلاردا:
— سەن تېخى ياش، نادان، ئۇ ھازىر كىچىك كېلىن ئاغىچا بولۇپ قالدى، بېگىڭنىڭ يۈرىكىدىكى كىشىسى، مەن چېغىمدا ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە يول قويۇپ كېلىۋاتقان يەردە، سەن ئۇنىڭغا تېگىشسەڭ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولمامسەن؟ — دەپ چيۇ تۇڭنى خۇپىيانە نەسىھەتلىگەن بولاتتى.
چيۇتۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تېرىكەتتى ـ دە، ئەتىدىن كەچكىچە ئاغزىنى بۇزۇپ يۇ ئېرجيېنى تىللايتتى.
— خېنىم، سىلى ياۋاش ئىكەنلا، — دەيتتى ئۇ فېڭجيېگە، — مەن سىلىدەك ئىنسابلىق بولالمىغۇدەكمەن! قېنى سىلىنىڭ

بالدۇرقى ھەيۋىلىرى ! خېنىم، سىلى ئۇنداق كەڭ قورساق بولغانلىرى بىلەن، مېنىڭ قورسىقىمغا تېرىقمۇ پاتمايدۇ. مەن ئۇ جالاپقا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويايچۇ، ئاندىن كىملىكىمنى بىلىپ قالار !

فېڭجيې لام ــ جىم دېمەستىن ئۆيدە ئولتۇرۇۋەردى. قورساق كۆپۈكىدە يۇ ئېرجيې ئۆز ھۇجرىسىدا يۇم ــ يۇم يىغلاپ، غىزامۇ يېمەي، جىيالىيەنگىمۇ دېمەي كۇن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى جيا ئانا ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىسىمۇ دېيىشكە پېتىنالمىدى.

چيۇتۇڭنىڭ راسا غىلجىڭلىق قىلىپ نازلىنىپ يۇرگەن چاغلىرى ئىدى، بىر كۇنى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا:

ــــ ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئۆلۇم تىلەپلا يۇرىدۇ، بىر ئوبدان تۇرۇپ، ئەتىدىن ــ كەچكىچە ئاللا ــ توۋا سېلىپ يىغلايدۇ، ئوتتۇرانچى بېگىم بىلەن بىر جان ــ بىر تەن بولۇپلا ئۆتسەم دەپ، ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا بىلەن ئىككىمىزنىڭ كەينىمىزدىن قارغاپ ئۆلۇمىمىزنى تىلەيدۇ، ــــ دەپ كۇسۇرلاپ چېقىشتۇردى.

ــــ ئۆزى چىرايلىق بولغىنى بىلەن، ئىچى تار ئوخشىمامدۇ، ــــ دېدى جيا ئانا، ــــ فېڭجيې قىزىم ئۇنىڭغا شۇنچە ياخشى كۆڭلى بىلەن قاراۋاتسا، ئۇزە، شۇنداق كۇنداشلىق قىلىدىكەن ــ دە، زادى تېگى پەس نېمە ئىكەن ئۇ !

شۇنىڭ بىلەن جيا ئانا بارا ــ بارا ئۇنى ئانچە ياراتمايدىغان بولۇپ قالدى، باشقىلارمۇ جيا ئانىنىڭ ياراتماس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەپسەندە قىلىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ، يۇ ئېرجيېنى ئۆلەي دېسە ئۆلۇم كەلمىگەن، كۇن كۆرەي دەپ كۆرۈم راۋا بولمىغان ئەھۋالغا چۇشۇرۇپ قويدى. خەيرىيەت، فېڭجيېدىن يوشۇرۇنچە پىڭئېر ئۇنىڭغا پات ــ پات تەسەللى بېرىپ تۇردى.

يۇ ئېرجيې ئەسلىدە «كۆڭلى گۇلدەك نازۇك، ئۆڭى مۇنجام

قەغەزدىنمۇ نېپىز» چوكان تۇرسا، شۇنچىۋالا ئازاب ـ ئوقۇبەتنى كۆتۈرەلەمتى؟ بىر ئاي ئىچىدىلا ئىچىدىن ئاداپ، ھالىدىن كېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، پۈت ـ قوللىرى بوشىشىپ، گېپلىدىن غىزامۇ ئۆتمەي، بارا ـ بارا سارغىيىپ جۈدەپلا كەتتى. كېچىلىرى كۆزىنى يۇما ـ يۇمايلا سىڭلىسى قوشماق شەمشەرنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى ـ دە: «ئاچا، سەن ئۆمرۈڭ بويى گالۋاڭلىق ـ كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ، ئاخىر مانا زىيان تارتتىڭ! ئۇنداق تىل ياغلىمىچى، تېشىدا ئىنساب يالتىرايدىغان، ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان ھەسەتخور خوتۇنغا چىنىپۇتمە! ئۇ ساڭا شۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلىۋاتىدۇكى، سېنى ئۆلتۈرمىگۈچە قويمايدۇ. مەن ھايات بولغان بولسام سېنىڭ كۆچۈپ كىرىشىڭگە زادىلا ئۇنىمايتتىم، كۆچۈپ كىرگىنىڭدىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتىم. بىراق، بۇ پېشانىگە پۈتۈلگەن قىسمەت ئوخشايدۇ. ياشلىقىڭدا بەڭباشلىقىڭدىن نالايىق ئىشلارنى قىلىپ، خەقنىڭ بۇزۇلۇپ يولدىن چىقىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ، شۇڭا مۇشۇ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈۋاتىسەن. ئەمدى چاپسان مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ، مۇنۇ شەمشەر بىلەن ھېلىقى ھەسەتخور خوتۇننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بىللىلا ھۆر قىز جىڭخۇەنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، شۇنىڭ ھۆكمىگە بويسۇن. بولمىسا، بىكاردىن ـ بىكار جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، ساڭا ھېچكىممۇ ئىچىنمايدۇ!» دېدى. يۇ ئېرجېي يىغلاپ تۇرۇپ: «سىڭلىم، مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئەخلاقسىزلىق قىلدىم، شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرۈۋاتىمەن، ئەمدى بولغاندا ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك ئەسكىلىكنى قىلىپ نېمىمۇ قىلارمەن؟» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇ سەنجيې ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولدى.

يۇ ئېرجېي چۆچۈپ ئويغانسا، چۈشى ئىكەن. جيالىەن يوقلاپ كەلگەندە، ئۆي خالىي بولغاچقا، جيالىەنگە يىغلاپ تۇرۇپ:

— كېسىلىم ساقايمايدىغان ئوخشايدۇ! مەن بۇ يەرگە

كەلگىلى يېرىم يىل بولدى، هازىر بويۇمدا قاپتۇ، لېكىن ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايدىكەن. تەڭرى رەھمى قىلسا، ساق تۇغۇۋالسام بولاتتى. ئۇنداق بولماي قالسا، بالا تۇغۇل، جېنىمغىمۇ ئىشەنچىم يوق ! — دەپ نالە قىلدى.

— خاتىرجەم بولغىن، داڭلىق تېۋىپنى چاقىرتىپ كېلىپ داۋالىتىمەن، — دېدى جىيالىيەنمۇ يىغلاپ.

شۇنىڭ بىلەن جىيالىيەن تېۋىپ چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە ئوردا تېۋىپى ۋاڭمۇ ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلگىرى ھەربىي سەپتە خىزمەت كۆرسىتىپ كېلىپ، ئەمدى هازىر خان ئائىلىلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىرەر مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتقۇدەك. مۇلازىملار ئامالسىز، سوكۇلداپ يۈرۈپ ئاشۇ يىلى چىڭۋېننىڭ كېسىلىنى كۆرگەن ھېلىقى ئوردا تېۋىپى خۇجۇنرۇڭنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. ئۇ تومۇرنى تۇتۇپ بېقىپ، ھەيز ئېگىز ـ پەس بولۇپ قاپتۇ، ئوبدان بېقىش كېرەك دېدى.

— ئاي كۆرمىگىلى ئۈچ ئايدىن ئاشتى، ھەممىشە قەي قىلىپ تۇرىدۇ، بويىدا قالغان بولسا كېرەك، — دېدى جىيالىيەن.

خۇجۇنرۇڭ شۇ گەپ بىلەن، خىزمەتكار مومايىنى ئېرجيېنىڭ قولىنى چىقىرىپ بېرىشكە جورۇدى، يەنە بىر پەس تومۇرنى تۇتۇپ بېقىپ:

— بويىدا قالغان بولسا، ئەلۋەتتە جىگەر تومۇرلىرى يوغىناپ كەتكەن بولاتتى. ھالبۇكى، قورۇق سەپرا ئۆرلەپ ئىسسىق چىرمىۋاپتۇ، ھەيزنىڭ مۇقەددەم ـ ئاخىر بولۇشى جىگەردىكى قورۇق سەپرادىن بولىدۇ. كەمىنە تېۋىپلىرى يۈرەكلىك گەپ قىلسام، خېنىم ئالتۇن ھۆسنىنى ماڭا بىر ئاز كۆرسەتكەن بولسا، رەڭگىرويىغا نەزەر سالغاندىن كېيىن، دورا بۇيرۇشقا جۈرئەت قىلغان بولاتتىم، — دېدى.

جىيالىيەن نائىلاج بولۇپ، چىمىلدىقنى قىيا ئېچىشقا بۇيرۇدى. يۇ ئېرجيې چىرايىنى كۆرسەتتى. خۇ جۇنرۇڭ ئۇنىڭ چىرايىنى

كۆرۈشى بىلەنلا ئەرۋاھى ئۇچۇپ خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ رەڭگىرويىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. چىمىلدىق دەرھال چۈشۈرۈۋېتىلدى. جىيالىيەن ئۇنىڭ بىلەن چىقىۋېتىپ قانداقلىقىنى سورىدى.

— بويىدا قالماپتۇ، ئىچىدە قان ئۇيۇپ قاپتۇ. ئەمدى، ھەيىز يولىنى راۋان قىلىۋېتىش زۆرۈر ئىكەن، — دېدى تېۋىپ خۇ جۇنرۇڭ. ئاندىن دورا يېزىپ بېرىپ خوشلىشىپ، ياندى.

جىيالىيەن دورا ھەققىنى بېرىشكە ۋە دورا ئەكىلىپ ئىچۈرۈشكە كىشى بۇيرۇدى. تۆن يېرىمى بولغاندا يۇ ئېرجيېنىڭ قورسىقى ئاغرىپ توختىمىدى، ئاخىر ھەممە ئەزايى پۈتۈپ بولغان بىر ئوغۇل بالا بويىدىن ئاجراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇ ئېرجيې قانسىراپ ھوشىدىن كەتتى. جىيالىيەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇ جۇنرۇڭنى راسا تىللىدى. بىر تەرەپتىن يەنە تېۋىپ چاقىرىپ داۋالىتىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇجۇنرۇڭنى ئىزدەپ تېپىشقا ئادەم ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خۇ جۇنرۇڭ كۆدە - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى.

— ئەسلىدە كەم ماغدۇر ئىكەن، بويىدىن ئاجرىغاندىن كېيىن، خاپا بولۇپ، ئىچىگە ئاچچىق تۈگۈلۈۋاپتۇ. ھېلىقى تېۋىپ موللام قارامىلىق قىلىپ دورىنى خاتا بېرىپ قويغاچقا، مەزكۇر ئۈلۈغزادە خېنىم پۈتۈنلەي دېگۈدەك ماغدۇرىدىن كېتىپ ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشكە ھۆددە قىلىش تەس. قايىنتىپ ئىچىدىغان دورا بىلەن كۇمىلاچ دورىنى تەڭلا ئىستېمال قىلغاي، بەزى قۇرۇق گەپ - سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغاي، شۇنداق قىلغاندا ساقىيىپ قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ، — دېدى كېيىن چاقىرتىلغان ئوردا تېۋىپى. ئاندىن ئۇ قايىنتىپ ئىچىدىغان دورىغا ۋە دەردىنى تارقىتىپ ماغدۇر كىرگۈزىدىغان كۇمىلاچ دورىغا قەغەز يېزىپ بەرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

— ھېلىقى خۇجۇنرۇڭ دېگەن نېمىنى كىم چىللاپ كەلگەن؟ —

دەپ ئىزدەك ـ سورىقىنى قىلدى جىيالىيەن. ئۇنى چاقىرغان مۇلازىملارنى بىردەمدىلا تېپىپ، ئۇرۇپ نىمجان قىلىپ تاشلىدى. فېڭجيې جىيالىيەندىن ئۇن ھەسسە ئارتۇق تىتىلداپ:

— ئۆمرىمىزدە ئوغۇل يۈزى كۆرمەيدىغان ئوخشايمىز! ئاران دېگەندە بىر ئوغۇلغا ئېرىشمەكچى بولغاندا، ئاشۇنداق قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تېۋىپقا يولۇقۇپ قاپتۇق! — دېدى. ئاندىن تەڭرىگە ئاتاپ كۆجە يېقىپ ئىبادەت قىلدى، چىن ئىخلاس بىلەن تاۋاپ ـ تىلاۋەت قىلىپ:

— مەن كېسەل بولسام بولايكى، سىڭلىمىز يۇ ئېرجيېنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرگەيسىز، يەنە بىر بالا ئاتا قىلىپ، ئوغۇل يۈزى كۆرسەتكەيسىز، بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن مەن دائىم روزى تۇتۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇراي! — دەپ نالە قىلدى.

جىيالىيەن ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

جىيالىيەن چيۇتۇڭ بىلەن بىللە تۇراتتى. فېڭجيې سۇيۇق ـ سەلەڭ غىزا ئەتكۈزۈپ يۇ ئېرجيېگە كىرگۈزۈپ بېرىپ تۇردى. ئاندىن كىشى جورۇپ پال ئاچۇرۇپ، رەم سالدۇرۇپ باقتى. پال سالدۇرۇپ كەلگەن كىشى كېلىپ: «توشقان يىللىق مەزلۇم خەقنىڭ ئايىغى ياراشماپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. ھەممەيلەن ھېسابلىشىپ كۆرۈۋىدى، ئارىدا يالغۇز چيۇتۇڭلا توشقان يىللىق بولۇپ چىقىپ، ئاشۇنىڭ ئايىغى ياراشماپتىكەن، دېيىشتى.

چيۇتۇڭ جىيالىيەننىڭ تېۋىپ چاقىرغۇزۇپ داۋالىتىپ، ئۇنى ئۇرۇپ، بۇنى تىللاپ دېگەندەك يۇئېرجيې ئۈچۈن قەۋەتلا جان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللىقاچان كۈنداشلىق كۈپىگە چۆمۈپ كەتكەنىدى، ئۈستىلەپ بۈگۈن، «مۇشۇنىڭ ئايىغى ياراشماپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدى. فېڭجيې ئۇنى:

— سەن ھازىرچە باشقا يەردە بىرنەچچە كۈن داجىپىراق تۇرغىن، — دەپ سايە قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چيۇتۇڭ تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى.

— ئاچتىن ئۆلمەيدىغان ئۇنداق ھارامدىن بولغان پەس

www.uyghurkitap.com

تىلىنى چاينىسا چايناۋەرمەمدۇ! «ئۆستەڭدە سۇ تاشسا، ئۆردەكنىڭ نېمە پەرۋايى» دەپتىكەن. قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا مېنىڭ ئايغىم ياراشمايدىكەن؟ شۇنچە ئەتىۋارلىق بىر نېمىمكەن ئۇ! تالا ـ تۈزدە ئۇ كۆرمىگەن ئادەممۇ بارمىكەن؟ ئەمدى كېلىپىزە، مېنىڭ ئايغىم ياراشماپتۇ ـ دە! مەن ئۇنىڭدىن سوراپ باقايچۇ: ئۇ بالىنى زادى كىمدىن تېپىپتۇ؟ ئۇچۇ، بىزنىڭ ھېلىقى قۇلىقى يۇمشاق غوجىمىزنىلا ئالدىيالايدۇ شۇ. ماقۇل، قورساق كۆتۈرگەن بولسا، ئۇ جاڭدىن بولغان بالىمۇ ياكى ۋاڭدىنمۇ، بۇنى كىم بىلىدۇ! خېنىم، ئۇنداق ھارامدىن بولغان شۇمنى سىلى ئەتىۋارلىغانلىرى بىلەن مەن ھەرگىزمۇ ياقتۇرمايمەن! كىم تۇغالمايدىكەن؟ بىرەر ـ يېرىم يىلدىن كېيىن، تۇغار بولساڭ، بىرەرمۇ ھارام قان ئارىلاشمىغىنىدىن بىرنى تۇغۇۋېرىمىز! — دەپ يىغلىغىنىچە تىللاپلا كەتتى.

باشقىلارنىڭ كۆلكىسى قىستىغان بولسىمۇ، كۆلۈشكە پېتىنالمىدى. شۇ ئەسنادا شىڭ ئاغىچا خېنىم ئەھۋال سوراپ كىرىپ كەلدى. چيۇتۇڭ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا:

— ئوتتۇرانچى غوجام بىلەن كېلىن ئاغىچىلا مېنى پاتقۇزمايۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى. ھەرقانداق بولسىمۇ، خېنىم ماڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلسىلا! — دەپ دادلاپ بەردى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنى بىر قۇر ئەيىبلىۋېتىپ، ئاندىن جيالىيەننى:

— ياخشى ـ يامانني پەرق ئەتمەيدىغان شۇم! ھەرقانداق بولسىمۇ ئۇنى ساڭا بېگىم بەرگەن، تالادىن كەلگەن بىر نېمىنى دەپ بۇنى تەپمەكچى بولغان بولساڭ، ئاتاڭنىمۇ نەزىرىڭگە ئالمايدىكەنسەن ـ دە! — دەپ تىللىدى ۋە شۇ گەپنى دەپلا قېيداپ چىقىپ كەتتى.

چيۇتۇڭ تېخىمۇ كېرىلىپ، ھە دېسىلا پەنجىرە تۈۋىگە كېلىپ يۇ ئېرجيېنى تىللاۋېرىدىغان بولدى. بۇ ئاھانەتتىن يۇ

ئېرجېيىنىڭ دەردى ئۈستىگە ئەلەم قوشۇلدى. شۇ كېچىسى جيالىيەن چيۇتۇڭنىڭ ھۇجرىسىدا قونۇپ قالدى، فېڭجيېمۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. پىڭئېر يۇ ئېرجيېنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىر قۇر كۆڭلىنى ياساپ قويدى، يۇ ئېرجيېمۇ يىغلاپ دەردىنى ئېيتتى. پىڭئېر يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلاپ، تۈن يېرىم بولغاندا ياتقىلى چىقىپ كەتتى.

يۇ ئېرجيې يالغۇز قالغاندا: «كېسىلىم پىشىپ قاپتۇ، كۈنگە كۈتۈنۈشنىڭ ئورنىغا دىل ئازار يەۋاتىمەن، ساقىيىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بويۇمدىن ئاجراپ كەتتى. ئەمدى تارتىشىدىغان ھېچنېمەم بولمىسا، مۇنداق تۈگىمەس ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە ياشاپ نېمىمۇ قىلاتتىم؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈپىلا تۈگەشكىنىم ياخشى. خەقلەرنىڭ «ئالتۇن يېسە ئۆلىدۇ» دېگەن گېپىنى تولا ئاڭلىغانىدىم. ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغاندىن كۆرە، بۇ تۈزۈكرەك ئىكەن» دەپ خىيال سۈرۈپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن قوپتى ـ دە، ساندۇقىنى ئېچىپ، ئېغىرلىقى قانچىلىككىنتاڭ، بىر پارچە ئالتۇننى ئالدى، ئاندىن يەنە بىر پەس يىغلىدى، بەشىنچى جېسەك ۋاقتى بولۇپ قالاي دېگەنىدى، يۇ ئېرجيې چىشىنى چىشلەپ، جان ئاچچىقى بىلەن ئالتۇننى ئاغزىغا سالدى، نەچچە قېتىملاپ بويىنىنى سوزۇپ، قېقىلىپ يۇرۇپ ئاران يۇتالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ، بېزەك ـ جابدۇقلىرىنى تاقاپ، ئۈستىبېشىنى ياساپ ـ جابدۇنۇپ بولۇپ، كاڭغا چىقىپ ياتتى. بۇنى ئىنس ـ جىنمۇ ئۇقماي قالدى.

ئەتىسى سەھەردە دېدەك ۋە خىزمەتكار ئاياللار يۇ ئېرجيېنىڭ ھېچكىمنى قىچقارمىغانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ، ئۆزلىرى يۇيۇنۇپ ـ تارىنىشقا كىرىشىپ كەتتى. فېڭجيې بىلەن چيۇتۇڭ چوڭلارغا كۆرۈنۈش قىلىشقا كېتىشكەنىدى. پىڭئېرنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي، چۆرە قىزلارنى:

— سىلەرنىچۇ، باغرى قاتتىقلار ئورۇپ ـ تىللاپ يورۇپ

www.uyghurkitap.com

ئىشقا سالسا بولغۇدەك! كېسەل كىشىگە ئىچ ئاغرىتىشنىمۇ ئۇقمايدىكەنسىلەر. ئۇ ياۋاش بولغاندىن كېيىن، سىلەرمۇ لايىقىداراق بولۇشۇڭلار كېرەك ئىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» قىلىپ، ئۇنچىلىكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار! — دەپ كايىدى.

دېدەكلەر شۇ گەپ بىلەن ئالمان ـ تالمان ھۇجرىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئېرجيې راۋرۇس كىيىنىپ ـ ياسىنىپ، كاڭدا ياتقىنىچە ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ ۋارقىرىشىۋەتتى. پىڭئېرمۇ كىرىپ كۆرۈپلا ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى.

باشقا خىزمەتكارلار ئادەتتە فېڭجيېدىن بەك قورقىسىمۇ، لېكىن ئېرجيېنىڭ ھەقىقەتەن تۆۋەندىكىلەرگە مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇلارمۇ ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلماي تۇرالمىدى، ئەمما فېڭجيېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

بۇ ئىشتىن پۈتۈن خاندان خەۋەر تاپتى. جيالىيەن كىرىپ جەسەتنى قۇچاقلاپ، توختىماي قاتتىق يىغلىدى، فېڭجيېمۇ يالغان ـ ياۋىداقتىن:

— ھەي، تاش يۈرەك سىڭلىم! نېمىشقا مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز؟ كۆڭلۈمنى يەردە قويدىڭىز! — دەپ كۆز يېشى قىلدى.

يۇشى، جيارۇڭلارمۇ كېلىپ بىر پەس يىغا ـ زار قىلىشىپ بولۇپ، جيالىيەننى يىغىدىن توختاتتى. جيالىيەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، جەسەتنى تۆمۈر ئاستانىلىق مازارغا ئۇزاتقۇچە بەش كۈن توختىتىپ تۇرۇش ئۇچۇن نەشپۇتلۇك ھويلىنى بېرىپ تۇرۇشنى سورىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ماقۇل كۆردى. جيالىيەن دەرھال نەشپۇتلۇك ھويلىدا جەسەت قويىدىغان ئورۇننى راسلاش ئۇچۇن كىشىلەرنى جورۇدى، ئاندىن يۇ ئېرجيېنىڭ جەسەت ساندۇقىغا يوپۇق ياپتۇردى، جەسەت

ساندۇقنى سەككىز مۇلازىم كۆتۈرۈپ، سەككىز خىزمەتكار ئايال چۆرىدەپ، نەشپۈتلۈك هويلىغا ئەكىردى. مۇنەججىممۇ تەكلىپ قىلىنىپ، ئەتىسى سۈبھى ۋاقتىنى كېپەنلىككە ئالسا بولىدىغان خاسىيەتلىك چاغ دەپ تاللىدى. ئاندىن بەشىنچى كۈنى ئۆزىتىشقا بولمايدۇ، يەتتىنچى كۈنى ئۆزىتىشقا بولىدۇ، دېدى.

— يەتتىنچى كۈنى بولسىمۇ بولسۇن، — دېدى جىيالىيەن، — تاغىلىرىمىز، ئاكىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سىرتتا بولغاچقا، كەمىنىڭىز بۇ ئۆلۈمنى ئۆزىتىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە ھەددى ئەمەس.

مۇنەججىم ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، بىر پارچە رەتنامە يېزىپ بېرىپ ياندى. باۋيۈيمۇ ئەتىگەندىلا كېلىپ بىر پەس هازىدار بولۇشۇپ بەردى. ھەممە جەددى ـ جەمەتلەر كېلىشتى. جىيالىيەن ئۆلۈم مەرىكىسىنى ئۆزىتىدىغانغا كۆمۈش ئېلىش ئۈچۈن دەرهال فېڭجيېنى ئىزدەپ كەلدى.

فېڭجيې ئېرجيېنىڭ جەسىتىنى ئاچىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئاغرىپ قالدىم دېگەن باھانە بىلەن:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملار مېنى سەن ئاغرىق، ئۈچ ئۆيگە كىرىشتىن ھەزەر قىل[1] دەپ، مېنىڭ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ چىقىپ قارىلىق تۇتالمىدىم، — دەپ نەزەرباغقا كىرىپ ئايلىنىپ يۈردى، شىمال تەرەپتىكى تام تۈۋىگە كەلگەندە، تاشقىرىسىدىن ئازراق گەپ ئاڭلاپ قېلىپ، باغدىن چىقىپلا جيا ئانىغا، خەقلەر ئۇنداق دەۋاتىدۇ، مۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ مەلۇم قىلدى. جيا ئانا:

— ھەرقىسىما گەپلەرگە چىنپۇتمە! قېنى، كىم سىل بولۇپ ئۆلگەن بالىنى كۆيدۈرمەپتۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ ئالاھىدە هازا ئېچىپ، يەرلىك قېزىپ يۇرەمدىكەن! بىر مەزگىل كىچىك ئاغىچا

① ئۈچ ئۆيگە كىرىشتىن ھەزەر قىلماق — كونا ئادەت بويىچە، ئاغرىپ قالغان ئادەم تۇغۇتلۇق ئۆيگە، يېڭى ھۆجرىغا (يېڭى توي بولغان ئۆيگە)، هازىدار ئۆيگە (جەسەت قويۇلغان ئۆيگە) كىرىشتىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

بولغىنى ئۈچۈنلا، ئەر ـ خوتۇنلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، تۆت ـ بەش كۈن توختىتىپ، ئاندىن ئاچقىپ كۆيدۈرۈۋەتسە ياكى بىرەر قىر بېشىغا بولۇشىغىلا كۆمۈپ قويسا بولىۋېرىدۇ، ــ دېدى.

ــ شۇ گەپ ئەمەسمۇ، مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم، ــ دېدى كۈلۈپ فېڭجيې.

گەپ ئۈستىگە بىر دېدەك كىرىپ:

ــ ئوتتۇرانچى بېگىم ئۆيدە، كۆمۈش ئالمەن دەپ خېنىمنى ساقلاپ قالدى، ــ دەپ فېڭجيېنى تەكلىپ قىلدى.

فېڭجيې نائىلاج يېنىپ كېلىپ:

ــ نەدىكى كۆمۈش ئىكەن؟ ــ دەپ سورىدى، ــ خانىدانىمىزنىڭ يېقىندىن بۇيان قىسىلىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟ ئايلىق خىراجىتىمىزمۇ ئايدىن ـ ئايغا يېتىشمەي كېلىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن ئىككى دانە ئالتۇن زۇننارىمنى ئۈچ يۈز سەر كۆمۈشكە گۆرۈگە قويغانىدىم، شۇ پۇلدىن يىگىرمە نەچچە سەر ئېشىپتۇ، ئالمەن دېسىڭىز شۇنى ئېلىڭ، ــ دەپلا، پىڭئېرگە ئاچقۇتۇرۇپ جيالىيەنگە بەردى ـ دە، جيا ئانىنىڭ گېپى بار ئىكەن دەپ قويۇپ يەنە چىقىپ كەتتى. جيالىيەن جۇدۇنى ئۆرلەپ گەپ قىلالماي قېلىپ، يۇ ئېرجيېنىڭ ساندۇقىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ تاپقان ـ تۇگكىنىدىن ئالماقچى بولدى. ساندۇقىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ساندۇقتا سۇنغان تۇرگۈچ، پۇرلەشكەن گۈل، ئادەتتە يۇ ئېرجيې كىيىپ يۈرىدىغان بىرنەچچە قۇر نىمكەش تاۋار ـ دۇردۇن كىيىملەردىن بۆلەك ھېچنېمە يوق ئىدى. جيالىيەن بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. ئېرجيېنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى تېخى ئېنىق ئەمەسلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. نائىلاج بايىقى نەرسىلەرنى ئۆزى بوغچىغا ئوراپ، مۇلازىم ياكى دېدەكلەرگىمۇ كۆتۈرتكۈزمەي، ئۆزى كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ ماڭدى.

پېڭئېرنىڭ بۇ ئىشقا بىر تۇرۇپ كۆڭلى يېرىم بولدى، بىر تۇرۇپ كۈلگۈسى كەلدى. ئۇ شۇ زامانلا ئىككى يۈز سەر چامىسىدىكى بىر بولاق پارچە ـ پۇرات كۆمۈشنى ئوغرىلىقچە ئاچىقىپ جيالىيەنگە سۇنۇپ تۇرۇپ:

— بىر كىمگە دەپ قويمىسىلا بولدى، — دېدى كۆسۈرلاپ، — يىغلايدىغان ئىشلىرى بولسا، تالاغا چىقىپ ھەرقانچە يىغلىسىلا يىغلاۋەرمەملا؟ بۇ يەرگە كېلىپ يىغلىسىلا خەقنىڭ كۆزى چۈشمەمدۇ !

— توغرا دېدىڭ، — دېدى جيالىيەن. ئاندىن كۆمۈشنى ئېلىپ بىر تال ئىشتانباغنى پېڭئېرگە سۇندى، — بۇنى ئۇ دائىم باغلاپ يۈرەتتى، ماڭا ئوبدانراق ساقلاپ بەرگىن، يادىكارلىق قىلىمەن ! — دېدى.

پېڭئېر ئۇنى ئېلىپ ساقلاپ قويدى. جيالىيەن كۆمۈشنى ئېلىپ تاختاي سېتىۋالدۇرۇپ، كېچىچە جەسەت ساندۇقى ياساپ چىقىشقا كىشى جورۇدى. مېيىتكە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن كىشىلەرنى تەيىنلىدى. ئاخشىمى ئۆيگە يانماي، مېيىتكە ھەمراھ بولۇپ تۈنەپ چىقتى. مېيىت يەتتە كۈن ساقلانغاندىن كېيىن، ئۇنچىلا داۋراڭ قىلىشقا پېتىنالمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئېرجيېنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئەسلەپ، دەرۋىش ـ راھىبلارنى چىللاپ، مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھىنى ئازابتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن تىلاۋەت قىلدۇردى. شۇ ئەسنادا جيا ئانا ئۇنى ئۇشتۇمتۇت چاقىرتىپ قالدى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەتمىشىنچى باب

## لىن دەيۈيىنىڭ يېڭىباشتىن شاپتۇل چېچىكى جەمئىيىتىنى تەسىس قىلغانلىقى
## شى شياڭيۈننىڭ سۆگەت پوتلىسى توغرىسىدا تاسادىپىي نەزم يازغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جىيالىيەن نەشپۈتلۈك ھويلىدا يۇ ئېرجيېنىڭ جەسىتىگە يەتتە كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولدى. راھىب - دەرۋىشلەر ھەر كۈنى بۇددا تىلاۋەت ئىشلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي قىلىپ تۇردى. جىيا ئانا جىيالىيەننى چاقىرتىپ كىرىپ، ئېرجيېنىڭ جەسىتىنى خاندان مازارىغا ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، دەپ جېكىلەپ قويدى، جىيالىيەن نائىلاج، شىجۆگە يۇ سەنجيېنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىن يەرلىك تاللاپ، شۇ يەرگە كۆمۈپ قويۇشنى ئېيتتى. مېيىت ئۇزىتىلىدىغان كۈنى پەقەت بىر جەمەتتىكىلەر بىلەن ۋاڭ فامىلىلىك ئەر - خوتۇنلار، يۇشى ۋە ئانىسىلا چىقىشتى.

فېڭجيې بۇ ئىشنى جىيالىيەننىڭ ئۆزىگىلا تاشلاپ قويۇپ، ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولمىدى. چۈنكى، چاغان قىستاپ كېلىپ قېلىپ، ئۇنى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بېسىۋالغانىنىڭ تاشايىنىدا، لىن جىشياۋ بىر رويخەت تۈزۈپ: يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن مۇلازىملاردىن سەككىزى بار، بۇلارنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇلارغا ئۆز لايىقىدا چېتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئىچكىرىدە ئازاد قىلىنىدىغان چۆرە قىزلارغا قاراپ

قالدۇق، دەپ مەلۇم قىلغانىدى. فېڭجيې رويخەتنى كۆرۈپ، ئاۋۋال جيا ئانا بىلەن ۋالڭ ئاغىچا خېنىمدىن سورىدى، ھەممەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلەشتى. چېتىپ قويۇشقا تېگىشلىكلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبلىرى چىقىپ قالدى: ئۇلارنىڭ بىرسى يۈەنياڭ ئىدى. ئۇ ئەرگە تەگمەيمەن دەپ قەسەم ئىچكەن بولۇپ، ئاشۇ كۈندىن تارتىپ باۋيۈيگىمۇ زادىلا گەپ قىلمايدىغان، تولا ياسىنىپمۇ كەتمەيدىغان بولۇۋالغانىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئىرادىسى قەتئىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، زورلاشنى ئەپ كۆرمىدى. ئىككىنچىسى خۇپو ئىدى، لېكىن ئۇ ھازىر كېسەل بولغاچقا، بۇ قېتىمدا بۇنى ئۇنداق قىلىشقا بولمىدى. سەييۈن بولسا يېقىندىن بۇيان جياخۇەن بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇمۇ ئۆزىگە داۋاسىز كېسەل تېپىۋالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې بىلەن لى ۋەننىڭ ھۇجرىلىرىدا قاتتىق ـ قۇرۇق ئىشلارغا سېلىپ كېلىۋاتقان چوڭ چوڭرە قىزلارنىلا ياتلىق قىلىشتى. باشقىلىرىنىڭ ياشلىرى توشمىغانلىقتىن، قالغان بويتاقلارنى تالادىن ئۆزۈڭلار تېپىۋىلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى.

ئەسلىدە فېڭجيې ئاغرىپ قېلىپ، ئائىلە ئىشلىرىدىن لى ۋەن بىلەن تەنچۈن خەۋەر ئېلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ قوللىرى بوشىيالماي، ئاندىن ھېيت ـ ئايەم ئىشلىرى ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۇشائىرە جەمئىيىتى بىر ياققا قايرىلىپ قالغانىدى. ھازىر ئارا باھار كۈنلىرى كېلىپ، ئىشلار سېلىككەن بولسىمۇ، لېكىن لىۇ شياڭلىيەننىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ كۆزدىن يىتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈ سەنجيېنىڭ ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغانلىقى، فېڭجيېنىڭ ئازابىدىن يۈ ئېرجېنىڭ ئۆلگەنلىكى، يەنە كېلىپ لىۇ ۋۇئېر ئاشۇ كېچىسى نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقى ... دېگەندەك ئىشلار كەينى ـ كەينىدىن بولىۋەرگەنلىكى

تۇپەيلىدىن، باۋيۇي بىھۇدە غەم ــ غۇسسە ئىچىدە قېلىپ، دەرد ئۈستىگە دەرد چېكىپ، روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك، ئېگىز ــ پەس سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن شىرېن ۋە باشقىلار جىيا ئائىلىسىنى مەلۇم قىلىشقىمۇ پېتىنالماي، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئويۇن ــ چاقچاققا قىزىقتۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە باۋيۇي ئەمدىلا ئويغىنىپ تۇرۇشىغا، تاشقىرىقى ئارىلىق ئۆيدىن «ھا ــ ھا ــ ھا ... ھى ــ ھى ــ ھى ...» قىلىشقان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىۋەردى.

ــــ چاپسان بولۇڭ، چىقىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويۇڭ، چىڭۋېن بىلەن شېيۆ ئىككىسى فاڭگۇەننى بېسىۋېلىپ، قىچىقلاۋاتىدۇ، ــــ دېدى كۈلۈپ شىرېن.

باۋيۇي دەرھال تىيىن جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ئارىلىق ئۆيگە چىقتى. قارىسا، ئۇ ئۈچى ئورۇن ــ كۆرپىلىرىنىمۇ يىغماپتۇ، چاپانلىرىنىمۇ كىيىشمەپتۇ. چىڭۋېن ئۈچىسىغا پىياز كۆكى خاڭجۇ شايىسىدىن ئىچ نىمچە، قىزىل شايى تامبال كىيگەن، چاچلىرى چۇۋۇق پېتىچە فاڭگۇەننىڭ ئۈستىگە مىنىۋاپتۇ؛ شېيۆ قىزىل دارايىدىن باغىرداق تارتىپ، كونا چاپىنىنى يېپىنچاقلىغىنىچە فاڭگۇەننىڭ بىقىنىنى قىچىقلاۋېتىپتۇ؛ فاڭگۇەن بولسا چاچما گۈللۈك جىلىتكە، قىزىل تامبال ۋە يېشىل پايپاق كىيگىنىچە، كاڭدا ئوڭدىسىغا يېتىپ تېپچەكلەپ، كۈلۈپ تېلىقىپلا قاپتۇ.

ــــ ئىككى چوڭ بىر كىچىكنى بوزەك قىلىۋېتىپسىلەر ــ دە ! سىلەرنى مەن بىر قىچىقلاپ باقايچۇ، ــــ دەپلا باۋيۇي كارىۋاتقا چىقىپ چىڭۋېننى قىچىقلاشقا باشلىدى. چىڭۋېننىڭ قىچىقى كېلىپ كۈلۈۋېتىپ فاڭگۇەننى قويۇۋەتتى ــ دە، باۋيۇي بىلەن قىچىقلىشىپ كەتتى، فاڭگۇەن پەيتتىن پايدىلىنىپ چىڭۋېننى بېسىۋالدى. شىرېن بۇ تۆتەيلەننىڭ يوملاقلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، راسا كۈلدى ۋە:

— پەخەس بولۇڭلار، سوغۇق تېگىپ قالسا ئىش چاتاق بولىدۇ، كىيىمىڭلارنى كىيىۋېلىڭلار ! — دېدى.

شۇ ئارىدا بىيۆ كىرىپ كەلدى:

— تۈنۈگۈن ئاخشام كېلىن ئاغىچا قول ياغلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىكەن، مۇشۇ يەردىمىكىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مۇشۇ يەردە ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى چۈنيەن دەرھال، — مەن پەگاھتىن تېپىۋالغان، كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىغاندىم، بايىلا يۇيۇپ، يېيىپ قويدۇم، تېخى قۇرۇمىدى.

بىيۆ تۆتەيلەننىڭ دوملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلدى:

— ھەممە تاماشا سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئىكەن، قاق سەھەردىلا ھا ـ ھا، ھى ـ ھى قىلىپ ئويناشقىلى تۇرۇپسىلەر.

— سىلەرنىڭكىدىمۇ ئادەم ئاز ئەمەس، نېمىشقا ئوينىمايسىلەر؟ — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي.

— بىزنىڭ كېلىن ئاغىچا ئويۇننى خالىمايدىكەن، — دېدى بىيۆ، — شۇڭا ئىككىلا كىچىك خېنىم ۋە خان قىزلار قورۇنۇپ قېلىشتى. ھازىر باۋچىن خان قىز ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىۋىدى، تېخىمۇ غېرىبسىنىپ قالدۇق. ئىككى كىچىك خېنىم ياندۇرقى يىلى قىشتا ئۆيلىرىگە كەتسە، تېخىمۇ بەك غېرىبسىنىدىغان بولدۇق ! كۆرمىدىلىمۇ، باۋچەي خان قىزنىڭكىدىن شياڭلىڭ كۆچۈپ چىقىپ كېتىۋىدى، خۇددى ئۆيدە ئادەم قالمىغاندەكلا بولۇپ قاپتۇ، ھەتتا شياڭيۈن خان قىزمۇ يېتىمسىراپ قالدى.

شۇ گەپ ئۈستىگە شياڭيۈن ئەۋەتكەن سۇيلۇ كىرىپ كەلدى:

— غوجام، چاپسانراق بېرىپ، ئوبدان يېزىلغان بىر شېئىرنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى.

باۋيۈي ئالمان ـ تالمان يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ چىقىپ كەتتى، بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، دەييۈي، باۋچەي، شياڭيۈن، باۋچىن، تەنچۈنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە، بىر پارچە شېئىرنى قولىدا تۇتۇپ ئوقۇشۇۋېتىپتۇ. ئۇلار باۋيۈينى كۆرۈپلا:

ــ تېخىچە قوپماي يېتىپسىز ! بىزنىڭ مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزنىڭ تارقىلىپ كەتكىنىگە بىر يىل بولدى، يا ئۇنى تىرىلدۈرىدىغانغا بىرەر كىم چىقمىدى. هازىر ئەتىياز پەسلى، جىمى نەرسىلەر يېڭىباشتىن تىرىلىدىغان چاغ، بىزمۇ ئىلهام ئېلىپ، جەمئىيىتىمىزنى قايتا تىكلىسەك ئوبدان بولاتتى، ــ دېيىشتى.

ــ مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرۇلغان چاغ كۈز پەسلى ئىدى، شۇڭا روناق تاپالمىغان، ــ دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، ــ هازىر جىمى نەرسىلەرنىڭ باهار بىلەن راسا ياشىرىدىغان پەيتى، بىزمۇ جەمئىيىتىمىزنى يېڭىباشتىن رەتلىسەك، ئەلۋەتتە گۈللەپ ـ ياشنايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «شاپتۇل چېچىكى توغرىسىدا نەزم» ئوبدان يېزىلىپتۇ، يەسمەن جەمئىيىتىنى شاپتۇل چېچىكى جەمئىيىتى دەپ ئۆزگەرتسەك راسا قاملاشقان ئىش بولامدۇ؟

ــ ناهايىتى ياخشى بولىدۇ، ــ دېدى باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە شېئىرنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

ــ بىز شۇ تاپتىلا بېرىپ، «شالچى دېهقان»نى زىيارەت قىلىپ، مۇشائىرە جەمئىيىتى قۇرۇش ھەققىدە ھەممەيلەن بىر مەسلىھەتكە كېلىۋالايلى، ــ دېيىشتى باشقىلار.

شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن تەڭلا قوزغىلىپ، خۇشبۇي شالزارغا ماڭدى. باۋيۈي يولدا كېتىۋېتىپ شېئىرنى ئوقۇدى. شېئىر مۇنداق يېزىلغانىدى:

## شاپتۇل چېچىكى توغرىسىدا نەزم

ئېچىلىپ شاپتۇل تالادا ئەستى سەلكىن لەرزىنىپ،  
قىلمىدى پەرداز سەھەردە، ئۆيدە گۈلتەن ئېرىنىپ:  
پەردىنىڭ سىرتىدا شاپتۇل، ئىچىدە نازبوي تۇرار،  
ئارىسى يىراق ئەمەس، دەل بىر ـ بىرىگە كۆرۈنۈپ؛  
قايرىغاندەك قىلدى سەلكىن پەردىنىڭ بىر چېتىنى،

كۆرگۈچە چېچەك كىشىنى پەردە توستى سىرىنىپ.
پەردە سىرتىدا ياساپتۇ ئال چېچەك ئۆز بەستىنى،
ئىچىدە تۇرغان كىشىنىڭ خوي جۇدەپتۇ بەدىنى؛
قايغۇراتتى گۈلمۇ بىلسە شۇ كىشىنىڭ دەردىنى،
ئۆزئارا بەرگەي خەۋەر بەس بىرلا شەرقىنىڭ سەلكىنى.
كىردى سەلكىن پەردىدىن گۈلگە تولۇپتۇ هويلا ــ ئارام،
قىلدى دەردمەننى باهار تۇسى تېخىمۇ بىئارام:
قاپلىغان سەينانى مۇخ ــ چىم، يوق ئىشىكتە ئۈن ــ تىۋىش،
كەچكى ئاپتاپ قاشا بويلاپ كىشىگە چۈشتى تارام.
تەلمۈرۈپ سەلكىنگە يىغلار قىپ قاشانى تىرىكى،
ياندىشىپ شاپتۇل تۈۋىگە يەلپۈنەر ئال كۆڭلىكى؛
چىرمىشىپ شاپتۇلدا ياپراقلار بىلەن گۈل ــ غۇنچىلار،
ياپرىقى زۇمرەتكە كىرسە، قىزىرىپتۇ چېچىكى.
مىڭلىغان شاپتۇلنى قاپلاپتۇ گويا قىزىل تۇتەك،
تام ــ راۋاقنى خوي قىزارتقان ئوتمىدۇ ياكى چېچەك.
هۆر قىزىل زەرباب توقۇپ يايغانمىدۇ كەڭ ئەرشىدىن،
ئويغىنىپ مارجان تەكى سۇرۇلدى، باهار چۈشىدىن؛
كىردى ئاستا كۆتۈرۈپ سۇ ئالتۇن داستا چۆرە قىز،
سۇپسۇزۇك سۇ ئۈنچە بولۇپ تامچىدى ئەڭلىكىدىن.
نېمىگە ئوخشار شۇ ئەڭلىكىنىڭ قىزىل ــ ئال چاقنىشى،
مىسلى شاپتۇل چېچىكى هەم كىشىنىڭ قانلىق يېشى؛ ــــ
كۆز يېشى بولسا ئەگەر كىم مىسلى شاپتۇل چېچىكى،
ئۈز چېچەك جىلۋە ئېتەر، توختىماس هېچ كۆز يېشى؛
باقسا ياشلىق كۆز چېچەككە ياش قۇرۇپ كەتكەي ئاسان،
ياش تۆگەپ، ئۆتكەي باهارمۇ تۈگىشەر گۈلنىڭ ئىشى.
قاپلىغاي سولغۇن كىشىنى بەس، سۇلاشقان گۈل ــ چېچەك،
توزدى چېچەك، هاردى كىشى، يايدى زاۋالمۇ ئېتەك؛
سايرىدى كاككۇك پەرىشان، ئۈزىدى باهار تۈگەل،
قالدى مىسكىن پەردىدە ئايدىن پەقەت ئىز ۋە دېرەك !

www.uyghurkitap.com

باۋيوي شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ماختاشنىڭ ئورنىغا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قېلىپ، بىردىنلا يىغلاپ تاشلىدى. لېكىن، باشقىلارنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، دەرھال يېشىنى سۈرتۈۋەتتى. باۋچىندىن:

— بۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا قانداق چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— كىم يازغانلىقىنى تېپىڭا، قېنى؟ — دەپ سورىدى باۋچىنمۇ كۈلۈپ.

— تايىنلىق بامبۇكزار مەلىكىسى يازغاندۇ، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيوي كۈلۈمسىرەپ.

— ھازىر مەن يازدىمغۇ ! — دېدى كۈلۈپ باۋچىن.

— ئىشەنمەيمەن ! — دېدى باۋيوي، — بۇنىڭ ئۇرغۇسى، تەلەپپۇزى زادىلا سىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

— شۇڭا، سىزنى چۈشەنمەيدۇ دەيمەن، — دېدى باۋچىن كۈلۈپ، — ئىنشائات دىۋانىنىڭ چوپدار بېگى دۇفۇ ھەزرەتمۇ ھەممىلا شېئىرلىرىدا «ئېچىلىپ ئىككىلا جۇيخار ئۆزگە چاغدا يىغلىغاي» دەپ يازمىغاندۇ؟ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا «مېيخۇا بولۇق بولغۇسى قىزىل كوستا»، «پاقا لېشى يەلدە لەيلەپ بولدى زۇمرەت لېنتىدەك» دېگەن مىسرالارمۇ بار.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى باۋيوي كۈلۈپ، — بىراق، مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز سىڭلىمنىڭ مۇنداق ھەسرەتلىك جۈملىلەرنى ئىشلىتىشىڭىزگە ئاچىمىز ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. سىزنىڭ مۇشۇنداق قابىلىيىتىڭىز بولسىمۇ، مۇنداق شېئىرلارنى زادىلا يازغۇڭىز كەلمەيدۇ. سىڭلىم دەيىۋي ئۆز بېشىدىن جۇدالىق ـ مۇسىبەت ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇنداق مەرسىيەلەرنى يېزىپ كۆنگەن، سىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايسىز.

كۆپچىلىك بۇ گەپكە كۈلۈشتى. خۇشبۇي شالزارغا كېلىپ، ھېلىقى شېئىرنى لى ۋەنگە كۆرسەتتى. لى ۋەننىڭ ئۇ شېئىرنى

ئاجايىپ ماختىنغانلىقى توغرىسىدا گەپ لازىم ئەمەس. مۇشائىرە جەمئىيىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدا كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ، ئەتە، يەنى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى تەسىس قىلىدىغان ۋە «يەسسەمەن جەمئىيىتى»نى «شاپتۇل چېچىكى جەمئىيىتى»گە ئۆزگەرتىدىغان بولدى، دەيىۋي جەمئىيەتنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلاندى.

ئەتىسى غىزادىن كېيىن، ھەممەيلەن بامبۇكزار سارايغا يىغىلىپ تېما ئۈستىدە پىكىرلەشتى.

— ھەممەيلەن شاپتۇل چېچىكى توغرىسىدا يۈز مىسرا غەزەل يازسۇن، — دېدى دەيىۋي.

— بولمايدۇ، — دېدى باۋچەي، — قەدىمدىن تارتىپ شاپتۇل چېچىكى توغرىسىدا يېزىلىپ كېلىۋاتقان شېئىرلار بەك كۆپ. يازغىنىمىز بىلەنمۇ بەرىبىر تەقلىدچىلىك بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا سىزنىڭ مۇنۇ قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى شېئىرىڭىزگىمۇ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا، باشقا تېما ئۈستىدە ئويلىشايلى.

گەپ ئۈستىگە بىر كىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— تاغا ئاچا خېنىم كەلدى، خان قىزلارنى تەزىمگە كەلگەي، دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئالدىنقى ھويلىغا ئۆتۈپ، ۋاڭ زىشېڭنىڭ ئاغىچا خېنىمى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ھەمسۆھبەتتە بولۇشتى. غىزادىن كېيىن ھەمشىرىلەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ باغقا كىرىپ بىر پەس سەيلە قىلدى، كەچلىك غىزانى يەپ بولۇپ، چىراغ يېقىلغاندا تارقىلىشتى.

ئەتىسى تەنچۈننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولدى. يۈەنچۈن ئىككى ئاغۋات بالىدىن بىرنەچچە خىل ئويۇنچۇقلارنى چىقارتتى. ھەمجەمەتلەرمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلاپ سوۋغاتلار تۇتۇشتى، بۇ ھەقتە بىر - بىرلەپ بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. غىزادىن كېيىن تەنچۈن رەسمىيانە كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تەزىم قىلدى.

— مېنىڭ بۇ مۇشائىرە جەمئىيىتىم بىئەپ بىر چاغدا تەسىس قىلىنىپ قاپتۇ، بۇ ئىككى كۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپتۇق، — دېدى دەيىۋي كۈلۈپ كۆپچىلىككە، — زىياپەت، ئويۇن هازىرلانمىغىنى بىلەن، هەممىمىز ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ۋە ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىدا كۈنبويى ئويۇن - كۈلكە قىلمىساق بولمايدىكەن، بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ بىكار ۋاقىت چىقارغىلى بولسۇن؟

شۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتنىڭ يىغىلىشىنى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىگە قالدۇردى. شۇ كۈنى هەمشىرىلەر ئۆز هۇجرىلىرىدا ناشتا قىلىپ بولۇپ تۇرۇشىغا جياجېڭدىن خەت كېلىپ قالدى. باۋيۇي تەزىم قىلىپ، جيا ئانىنىڭ هۇزۇر شەرىپىدە خەتنى ئېچىپ جيا ئانىغا ئوقۇپ بەردى. خەتتە ئامان - ئېسەنلىك سوراپ سالام يوللاپ، ئالتىنچى ئايدا پايتەختكە چوقۇم يېنىپ كېلىدىغانلىقى يېزىلغانىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئائىلە ئىشلىرىغا تەئەللۇق خەت - چەكلەرنى جياليەن بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئېچىپ ئوقۇشتى. كۆپچىلىك جياجېڭنىڭ ئالتە - يەتتىنچى ئايلاردا يېنىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، چەكسىز خۇشال بولۇشتى. قېرىشقاندەك شۇ كۈنى ۋاڭ زىشېڭ جيەن قىزىنى باۋنىڭخۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە ماقۇل كېلىشىپ، بەشىنچى ئايدا ئۇزاتماقچى بولغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن فېڭجيې شۇ ئىش بىلەن ئالدىراپ، تۆت - بەش كۈنگىچە ئۆيدە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى ۋاڭ زىشېڭنىڭ ئاغىچىسى فېڭجيېنى ئالغىلى كەلدى هەمدە بىر تۇغقان هەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى بېرىپ بىر كۈن كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشكە چىللاپ قويدى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋيۇي، تەنچۈن، دەيىۋي، باۋچەي تۆتىنى فېڭجيې بىلەن بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى. بۇلار بۇيرۇقنى يىرالماي، نائىلاج ئۆز هۇجرىلىرىغا يېنىپ بېرىپ باشقىدىن جابدۇنۇشتى. بۇ بەشەيلەن كۈنبويى شۇ يەردە بولۇپ، چىراغ يېقىلغاندا قايتىپ كېلىشتى.

باۋيوٴي ئارامبەخش هويلىغا كېلىپ بىر پەس ئارام ئالدى، شىرىن بۇ پۇرسەتنى غەنيمەت بىلىپ، باۋيوٴينى كوٴڭلىنى بىر يەرگە قويۇپ، بىكار چاغلىرىدا كىتاب بىلەن بولۇپ، ئوبدانراق تەييارلىق كوٴرۇپ قويۇشقا سايە قىلدى، باۋيوٴي بارمىقى بىلەن ساناپ بېقىپ:

— تېخى بالدۇر ئىكەن، — دېدى.

— كىتاب ئوقۇشقۇ ئىككىنچى ئىش، — دېدى شىرىن، — ۋاقتى كەلگەندە بەربىر قولىڭىزغا كىتاب چىقماي قالمايدۇ، قېنى سىزنىڭ يازغان مەشىق خەتلىرىڭىز؟

— مەن ھەمىشە يېزىپلا كېلىۋاتىمەنغۇ، ئۇلارنى سەن ئېلىپ قويمىغانمىدىڭ؟

— قاچان ئېلىپ قويماپتىمەن؟ تۇنۇگۇن سىز ئوٴيدە يوق چاغدا ھەممىسىنى ئېلىپ ساناپ باقتىم، ھەممىسى بولۇپ ئاران بەش يۇز ئاتمىش نەچچە پارچە يېزىپسىز. مۇشۇ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئارىلىقىدا ئاران مۇشۇ بىرقانچە پارچىلا يېزىلسا بولاتتىمۇ؟ مېنىڭ گېپىمگە كىرسىڭىز، ئەتىدىن باشلاپ باشقا ئىشلارغا بوٴلۇنگەن كوٴڭلىڭىزنى بىر يەرگە يىغىپ، ھەر كۇنى كەملىرىنى يېزىپ تېزرەك تولدۇرۇۋېلىڭ. ھەر كۇنىگە بىردىن توغرا كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھەرھالدا مۇنداقلا كوٴزدىن ئوٴتكۇزگۇدەك بولسۇن.

باۋيوٴي شۇ گەپ بىلەن ئوٴزى يازغان خەتلەرنى ئالمان - تالمان بىر قۇر كوٴزدىن كەچۇرۇپ چىقتى، راستلا ئەپلەپ - سەپلەپ ئوٴتكۇزۇۋېتەلمەيدىغانلىقىغا كوٴزى يېتىپ:

— ئەتىدىن باشلاپ كۇنىگە يۇز خەت يازسام ئاندىن بولغۇدەك، — دېدى.

بۇلار گەپلىشىۋاتقاندا باشقىلار ئۇخلاپ قالغانىدى. ئەتىسى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولغاندىن كېيىن، دېرىزە تۇۋىدە راۋرۇس ئولتۇرۇپ مەشىق خەت يېزىشقا كىرىشتى. باۋيوٴي كوٴرۇنمىگەندىن كېيىن، جيا ئانا ئۇنى ئاغرىپ قالدىمىكىن دەپ،

www.uyghurkitap.com

دەرھال كىشى ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈردى. باۋيۈي ئاندىن سالامغا كېلىپ، جيا ئانىغا:

— مەشىق خەت يازىمەن دەپ، سالامغا كېچىكىپ قاپتىمەن، — دېدى.

جيا ئانا ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە:

— بۇنىڭدىن كېيىن مەشىق خەت يېزىپ، كىتاب ئوقۇيدىغانلا ئىشىڭ بولسا كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ، بېرىپ خان ئاناڭنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويغىن، — دەپ تاپىلىدى.

باۋيۈي شۇ گەپ بىلەن كېلىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغىمۇ ئېيتىپ قويدى.

— «سۇ كېلىپ بولغاندا تۇغان تۇتقان» بىلەن كارغا يارىمايدۇ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئەمدى بولغاندا بۇنداق تېنەپ - تەمتىرىگۈچە، ۋاقتى - ۋاقتىدا يېزىپ - ئوقۇپ تۇرغان بولساڭ، ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ بۇ چاغقىچە تۈگىمەمتى؟ مۇشۇنداق يېزىپ ئۈلگۈرتىمەن دەپ يۈرۈپ كېسەل تېپىۋالمىساڭلا بولاتتىغۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي.

— ئاغىچا خېنىم، ئانچە ۋايىم يېمىسىلە، — دېيىشتى باۋچەي، تەنچۈنلەر كۈلۈشۈپ، — كىتابنىغۇ ئۇنىڭ ئورنىدا ئوقۇشۇپ بەرگىلى بولمايدۇ، خەتنى يېزىشىپ بەرگىلى بولىدۇ. ھەر بىرىمىز ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر پارچىدىن يېزىشىپ بەرسەك، بۇ دورەمقى سوئال - سوراقتىن ئەپلەپ ئۆتۈۋالسىلا بولىدۇ. ئۇ چاغدا بەگ ئاتىمىز خاپا بولمايدۇ، بۇمۇ تېنىگەنلىك ئازابىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولمايدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپلا قويدى.

دەييۈي جياجېڭنىڭ يېنىپ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپلا: جياجېڭ ھەرقاچان باۋيۈينىڭ دەرس تەكرار قىلىش ئەھۋالىنى سورايدۇ، باۋيۈي بولسا كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم زىيان تارتىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. شۇڭا، ئۇمۇ

ئۆزىنى بىتاپلىقتا سېلىپ، مۇشائىرە جەمئىيىتى توغرىسىدا
ئېغىز ئاچمايلا قويدى. تەنچۈن بىلەن باۋچەي ئىككىسى كۈنىگە
بىر پارچىدىن رەسمىي نۇسخىدىكى مەشىق خېتى يېزىپ باۋيۈيگە
بېرىپ تۇردى. باۋيۈي ئۆزىمۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ
كۈنىگە ئىككى - ئۈچ يۈز خەت يېزىشقا باشلىدى. شۇنداق
قىلىپ، ئۈچىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە مەشىق خەتلىرى
خېلىلا ئاۋۇدى. بىر كۈنى باۋيۈي يازغانلىرىنى ھېسابلاپ باقتى،
يەنە بىرقانچە ئون پارچە يازسىلا، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈۋالاتتى.
شۇ كۈنى زىجۈەن كىرىپ بىر ئورام نەرسىنى باۋيۈيگە سۇندى.
باۋيۈي ئورامنى ئېچىپ قارىۋىدى، سۈت قەغەزگە ۋېي جۇڭيۇ —
ۋاڭ شىزى دېگەن خەتتاتلارنىڭ نۇسخىلىرى بويىچە يېزىلغان
ئۇششاق رەسمىيانە مەشىق خەتلەر ئىكەن. خەتلەرنىڭ
ئۇستىخىنى ئۆزىنىڭ يازغانلىرىغا بەك ئوخشايتتى. باۋيۈي
خۇشاللىقىدا زىجۈەنگە قولىنى جۈپتەكلەپ سالام قىلدى، ئۆزى
ئالايىتەن بېرىپ دەييۈيگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن
شياڭيۈن بىلەن باۋچىن ئىككىسىمۇ بىرنەچچە پارچىدىن يېزىپ
ئەۋەتىپ بېرىشتى. ھەممىسىنى يىغقاندىمۇ يەنە ئۆكسۈپ قالدى،
شۇنداقتىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولاتتى.

باۋيۈي بۇنىڭدىن كۆڭلى تىنىپ، تەھسىل قىلىشقا تېگىشلىك
كىتابلارنى يەنە بىرقانچە قېتىم تەكرار قىلىپ چىقتى. ئەنە
شۇنداق كۈن - كۈنلەپ ئىجتىھات قىلىپ تۇرغىنىدا، دېڭىز
بويىدىكى جايلاردا يەر تەۋرەپ دېڭىز داۋالغۇپ، بىرقانچە جايدىكى
پۇقرالار نابۇت بولدى، شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلار خانغا
ئەرز - ئەھۋال ئېيتىپ ئىلتىماس تۇتتى. خان ئالىيلىرى
بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، جيا جېڭنى يول ئۈستە تەكشۈرۈپ،
قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاپ قايتىشقا پەرمان بەردى. بۇ
سەپىرىنى ھېسابلاپ كۆرگەندە، جيا جېڭ يەتتىنچى ئاينىڭ
ئاخىرلىرىدا ئاندىن قايتىپ كېلەلەيتتى. باۋيۈي بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنى بىر چەتكە قايرىپ

قويۇپ، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كەتتى.
بۇ چاغ كەچ باھار پەيتى ئىدى، شىياڭيۇننىڭ ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ لەرزان لەپىلدەپ تۇرغان سۆگەت پوتىلىرىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، بىردىنلا كىچىككىنە بىر نەزم يازغۇسى كېلىپ، «رۇمېڭلىڭ» شەكلىدە تۆۋەندىكى نەزمنى يازدى:

مەشۇت يىپتەك، تال ـ سۆگەت ئەنە پوتلا ياراي دەپتۇ،
خۇش تۇماندەك، پەردىنى تەڭدىن تولا قاپلاي دەپتۇ،
ئەۋرىشىمدەك قولۇمنى سوزۇپ كاپلا ئۇنى تۇتسام،
كاككۇك سايراپ قارلىغاچ كۆرۈپ ھەسەت قىلاي دەپتۇ.
توختا، پوتلا، ھاي، توختا!
ئەگەشتۇرمە باھارنى سەن بىلەنلا ئۇچاي دەپتۇ.

شىياڭيۇن بۇ يازغان نەزمسىگە كۆڭلىدە مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى بىر پارچە قەغەزگە كۆچۈرۈپلا باۋچەيگە كۆرسەتتى، ئاندىن دەييۇينىڭ قېشىغا كەلدى. دەييۇي كۆرۈپ بولۇپ:
— بەك ياخشى ئىكەن! يېڭىلىق ھەم قىزىقارلىق بوپتۇ، — دېدى كۈلۈپ.
— مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزنىڭ بىرقانچە يىغىلىشلىرىدا زادىلا نەزم يېزىپ باقمىدۇق، — دېدى شىياڭيۇن، — سىز ئەتىلا جەمئىيەتنىڭ يىغىلىشىنى چاقىرىپ، نەزم يازدۇرسىڭىز تېخىمۇ يېڭىلىق بولماسمىدى؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەييۇي بىردىنلا روھلاندى ـ دە:
— بۇمۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى شىياڭيۇن، — بۈگۈن ھاۋا ياخشى، نېمىشقا بۈگۈنكى پەيتتىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنلا ئۆتكۈزمەيمىز؟
— شۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، — دەپلا دەييۇي بىرقانچە خىل مېۋە ـ گېزەك تەييارلاشقا تاپىلاپ قويۇپ، باشقىلارنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە كىشىلەرنى ئەۋەتتى.

دەيیۇي بىلەن شياڭيۇن ئىككىسى «تال پوتلىسى»نى تېما قىلىپ بىر قانچە نەزم شەكلىنى بەلگىلەپ، ئاندىن يېزىپ تامغا چاپلاپ قويۇشتى. باشقىلار كېلىپ ئوقۇپ چىقىشتى. ئۇنىڭدا: «تال پوتلىسى تېما قىلىنىدۇ، ھەر خىل ئۇششاق نەزم شەكلىدە بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. ئاندىن ئۇلار شياڭيۇن يازغان نەزمىنىمۇ ئوقۇپ چىقىپ، بىر پەس ماختاشتى.

— نەزمگە كەلگەندە مەن چاغلىقلا، ئاغزىمغا كەلگىنىنى دەيدىغان بولدۇم - دە، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك چەك تاشلاشتى. باۋيۇي «تاتلىق چۈش» دېگەن كۇجىنى يېقىپ قويدى، ھەممەيلەن ئويلاشقا باشلىدى.

بىردەمدىن كېيىن دەيیۇي نەزمنى يېزىپ بولدى، ئاندىن باۋچىنىمۇ ئالدىراپ يېزىشقا باشلىدى.

— مېنىڭمۇ پۈتتى، — دېدى كۈلۈپ باۋچەي، — ئاۋۋال سىلەرنىڭكىنى كۆرەي، ئاندىن مېنىڭكىنى كۆرۈڭلار.

— بۈگۈن بۇ كۇجە ئەجەبمۇ تېز كۆيگىلى تۇردىغۇ! مېنىڭ ئەمدى تېخى يېرىمى پۈتتى، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ. ئاندىن باۋيۇيدىن سورىدى، — سېنىڭ قانداق بولدى؟

باۋيۇي يېزىپ بولغان بولسىمۇ، ئۆزى ياراتماي ئۆچۈرۈۋېتىپ باشقىدىن يازماقچى بولدى، لېكىن كەينىگە قارىۋىدى، كۇجە كۆيۈپ بولاي دەپتۇ.

— باۋيۇي يەنە ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان بولدى! بانان قىزنىڭ قانداق بولدى؟ — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ.

شۇ ئارىلىقتا تەنچۈن يېزىپ بولدى، كۆپچىلىك قارىغۇدەك بولسا، ئۇ «نەنكېزى» شەكلىدە ئاران يېرىمىنىلا يېزىپتۇ. ئۇنىڭ يازغىنى مۇنداق ئىدى:

تالا - تالا ئەۋرىشىم ئېسىلىپتۇ بىكارلا،
ئەگىم - ئەگىم چىرمىشىپ ساڭگىلاپتۇ تالالار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يۆگەشمۇ تەس، چۆگەشمۇ تەس كېلىدۇ، ئاقىۋەت —
كېتەر توزۇپ ھەرياققا، يوق ئىلاجىم زادىلا.

بۇ ياخشى يېزىلىپتۇغۇ، نېمىشقا داۋامىنى يازمىدىڭىز؟ — دېدى كۈلۈپ لى ۋەن.

باۋيۈي كۈجىنىڭ كۆيۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈتتۈرۈپ قويغانلىقىنى تەن ئالدى، يۆلەپ ـ سىيپاپ بىرنېمە قىلىشقا زورۇققۇسى كەلمەي، قەلەمنى تاشلاپ قويۇپ، ھېلىقى يېرىم نەزمىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلھامى كېلىپ قالدى ـ دە، قەلەمنى ئېلىپلا داۋامىنى مۇنداق يازدى:

لەيلەپ چۈشسەم ئېچىنىماڭ، ئەپسۇسلىنىپ سىز ئەسلا،
قاچان كېلەر ۋاقتىمنى بىلىمەن بىر ئۆزۈملا.
كەچكى باھار پەيتى بۇ — بۇلبۇل كېپىنەك قايغۇرار،
كۆرۈشسەكمۇ باھاردا —
ئۆتەر بىر يىل يەنىلا !

— ئۆز ئۇلۇشىڭىزنى يېزىش قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ، بۇنىڭغا ئىلھامىڭىز كېلىپ قاپتۇ. ياخشى يېزىلغىنى بىلەنمۇ، بۇنى سىزنىڭ دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ. ئاندىن دەييۈيىنىڭكىنى كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يازغىنى «تاڭ دولىڭ» شەكلىدە ئىدى:

توزۇپ پوتلا شامالدا كېلىپ قوندى بوستانغا،
خۇشبۇيىنى قالدۇرۇپ قارلىغاچلىق ئەشيانغا.
توپ ـ توپ بولۇپ، سەپ تۈزۈپ،
ئۇچۇپ كەتتى ئاسمانغا.
سەرسانلىقتا ئادەمدەك شور پېشانە ئىكەن ئۇ:

ئاچمىغىل سۆز ئىشقىدىن،
— كۆزۈڭ قىيماي جانانغا!

گىياھىنىڭمۇ يېتىپتۇ ئەقلى ئاھۇ - پىغانغا؛
قىرووۋ كېلىپ قونۇپتۇ ئاشۇ ياش - نەۋ جۇۋانغا.
ۋا دەرىخا، بۇ ئۆمۈر
كىمدىن كېتىپ، كىمگە بارۇر مېھمانغا!
باھار يىلى بىلەن كېتەي دېدىڭ باھار كۆز سالمىدى:
بىۋاپانىڭ دەردىدە سەن
كەتتىڭ توزۇپ ھەريانغا!

بۇ نەزمىنى كۆپچىلىك كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، باشلىرىنى لىڭشىتىپ:
— ياخشىلىقىغۇ بەك ياخشى ئىكەن، بىراق تولىمۇ ھەسرەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ، — دەپ نادامەت قىلىشتى.
ئاندىن باۋچىنىڭ «شىجياڭيۈ» شەكلىدە يازغان نەزمىسىنى ئوقۇشتى:

خەن بېغىدا شالاڭشىپ كەتسە تالنىڭ پوتلىسى،
تېرەك بىلەن بېزەلدى سۇي دەۋرىنىڭ توسمىسى:
شەرق شامالى ئۇچۇرۇپ كەتتى باھار پەيزىنى،
قالدى ئامۇت گۈلىدە چۇش كەبى ئاي شولىسى.

تولدى قىزىل بەرگ بىلەن قانچە كىشى ھويلىسى،
خۇددى ئاپپاق مامۇقتا چۆمدى كىملەر پەردىسى؛
تەڭلا جياڭنەن - جياڭبېينى قاپلىدى باھار تۇسى،
بىرەھىم كەتتى ئەتەي، قالدى دىلدا قايغۇسى!

— يەنىلا مۇشۇ قىز ۋەزنى بىلەن ئۇرغۇسىنى مۇڭلۇق ھەم ھەيۋەتلىك قىلىپ يېزىپتۇ. «تولدى ...»، «خۇددى ...» سۆزلىرى

بىلەن باشلانغان ئىككى مىسرا بەك ئېسىل چىقىپتۇ، — دېدى كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ.

— شۇنداقتىمۇ، ئارتۇقچە ھەسرەت ـ نادامەتتىن خالىي بولالماپتۇ، — دېدى باۋچەي كۈلۈمسىرەپ، — تال پوتلىسىغۇ ئەسلىدە يىلتىزى يوق يەڭگىل بىرنېمە. مېنىڭ پىكرىمچە بولسا، ئۇنى ئەتەي ئەجابىي قىلىپ تەسۋىرلىسەك، ئاندىن قېلىپبازلىق قىلغان بولمايمىز. شۇڭا، مەنمۇ بىر كۇپلېت بىرنېمە دەپ باقتىم، سىلەرنىڭ دىتىڭلارغا يېقىشىمۇ ناتايىن.

— ئۇنچىۋالا كەمتەرلىك قىلماڭ، سىزنىڭ ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ، قېنى بىز بىر ھۇزۇرلىنىپ كۆرەيلى، — دېدى كۈلۈشۈپ باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «لىنجياڭشيەن» شەكلىدىكى مۇنۇ نەزمىگە نەزەر تاشلىدى:

ئاق كاشانە ئالدىدا چۈشتى باھار ساماغا،
شەرق شامالى پوتلىنى يايدى تەكشى ھاۋاغا...

— ھۇششەرە! — دېيىشىپ ھەممىدىن بۇرۇن كۈلۈپ، — «شەرق شامالى پوتلىنى يايدى تەكشى ھاۋاغا» دېگەن مۇشۇ مىسرانىڭ ئۆزىلا باشقىلارنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدۇ...

ھەرە بىلەن كېپىنەك ئۇچۇپ تۇرسا ۋاژىلداپ:
قاچاندا ئۇ سۇ بىلەن كەتتى ئۇزۇنغا؟
تاشلانغاندۇ نېمىشقا خۇشبۇي تۇزانغا؟

رىشتىسى چىڭ چىرماشقان ئۆزگەرمىگەي تا ئەبەد.
مەيلى بولسۇن ۋىسالغا ياكى ھىجرانغا.
زاتىدىن يوق يىلتىزى دەپ باھارسەن كۈلمىگىن:
مەدەت بېرىپ شەرق شامالى،
ئۆرلەيمەن تىك ئاسمانغا.

ھەممەيلەن شىرەنى شاپىلاقلىغىنىچە بەكلا ماختىشىپ:
— راستىلا قالتىس ئەجابىي قىلىپ تەسۋىرلەپتۇ! ئەلۋەتتە مۇشۇ شېئىر ئەڭ بىرىنچى بولىدۇ. كۆزى قىيماي ھەسرەت چېكىش بامبۇكزار مەلىكىسىگە تەن بولسا، ھېسسىي كۆركەملىك شەپەق يارغا خاس. باۋچىن قىزچاق بىلەن بانان مۇخلىسى بوگون ئارقىدا قالدى. بۇلارغا جەرىمانە قويۇش كېرەك، — دېيىشىپ كەتتى.
— بىزگە جەرىمانە قويۇشۇڭلار تۇرغان گەپ، لېكىن قەغەزنى ئاق تاپشۇرغانلارغا قانداق جەرىمانە قويىسىلەركىنتاڭ؟ — دېدى كۇلۇپ باۋچىن.
— ئالدىرىماڭ، — دېدى لى ۋەن، — ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئېغىر جەرىمانە قويىمىز، كېيىنكى دورەمدە كۆرەيلى قېنى.
گەپ تۈگە - تۈگىمەيلا، دېرىزە تۈۋىدىكى بامبۇكزاردىن خۇددى پەنجىرىنىڭ قاپقىقى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك تاراقلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھەممەيلەن چۆچۈپ كېتىشتى. دېدەكلەر چىقىپ قاراپ باقتى، چۆرە قىزلار پەنجىرە تۈۋىدە تۇرۇپلا:
— بىر دانە كېپىنەك لەگلەك بامبۇك شېخىغا ئىلىنىپ قاپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.
— ساپساقلا لەگلەك ئىكەن! كىم ئۇچۇرغانتىكىن، تانىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. بىز ئۇنى ئېلىپ چۈشەيلى، — دېدى دېدەكلەر.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋيۈيلەرمۇ تالاغا چىقىپ قاراپ بېقىشتى.
— بۇ لەگلەكنى مەن تونۇيمەن، — دېدى باۋيۈي كۇلۇپ، — بۇنى ئۇلۇغ بېگىمنىڭ ھويلىسىدىكى يەنخۇڭ قىز ئۇچۇرغان. ئەپچۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىڭلار.
— دۇنيادا ئوخشاش بولغان لەگلەكلەر يوقتەك، بۇندىقى شۇنىڭدىلا بولامدىكەن؟ غوجاممۇزە، بەك كاجلىشىدىكەن! ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، مەن ئېلىۋالىمەن، — دېدى كۇلۇپ زىجۈەن.
— زىجۈەن، سەنمۇ بەك ئاچ كۆز ئىكەنسەن، — دېدى تەنچۈنمۇ كۇلۇپ، — ئۆزۈڭلارنىڭ بار تۇرۇقلۇق، خەقنىڭ ئولجا

كەتكەن لەگىلىكىنى ئېلىۋالساڭ يامان بولىمدۇ؟

— شۇنى دەڭا، بىزنىڭكىنى ئاچىقىڭلار، بىزمۇ ئۇچۇرۇپ پېشكەللىكنى نېرى كەتكۈزۈۋېتەيلى، — دېدى دەييۈي.

چۆرە قىزلار، لەگلەك ئۇچۇرىمىز دېگەن گەپ ئېغىزدىن چىقىشىغىلا، هاپىلا ـ شاپىلا كىرىپ لەگلەكلەرنى ئېلىپ چىقىشتى. ئۇ لەگلەكلەرنىڭ بەزىسى ساھىبجامال لەگلەك، بەزىسى ساڭقارا لەگلەك ئىدى، چۆرە قىزلار كۆتۈرمىلەرنى ئاچىقىپ، تەڭشەكلەرنى باغلاپ، يىپ بالدىقىنى ئوڭشاشقا كىرىشىپ كەتتى. باۋچەيلەر هويلا دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ چۆرىلەرنى تالادىكى ئوچۇقچىلىقتا لەگلەكلەرنى ئۇچۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— سىزنىڭ ماۋۇ سەت ئىكەن، — دېدى كۈلۈپ باۋچىن، — ئۈچىنچى ئاچىمىزنىڭ يۇمشاق قاناتلىق سۇمۇرغ لەگلىكىدەك چىرايلىق ئەمەس ئىكەن.

— ماڭ، سىلەرنىڭكىنى ئاچىقىپ ئۇچۇرۇپ باققىنا، — دېدى باۋچەي كەينىگە بۇرىلىپ باۋچىنگە.

باۋيۇينىڭمۇ هەۋىسى كېلىپ قېلىپ، ئۇمۇ:

— تۈنۈگۈن لەي ئانىكام سوۋغا قىلغان هېلىقى بېلىق لەگلەكنى ئاچىققىن، — دەپ چۆرە قىزنى بۇيرۇدى.

چۆرە قىز كېتىپ خېلىدىن كېيىن قۇرۇق قول يېنىپ كېلىپ:

— چىڭۋېن قىز تۈنۈگۈن ئۇچۇرىمەن دەپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى كۈلۈپ.

— مەن ئۇنى تېخى بىرەر قېتىممۇ ئۇچۇرۇپ باقمىغانىدىم! — دېدى باۋيۈي.

— هەرنېمە بولسىمۇ سەندىكى پېشكەللىكنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ! — دېدى كۈلۈپ تەنچۈن. — ئەمىسە، هېلىقى چوڭ قىسقۇچپاقا لەگلەكنى ئاچىققىن، — دېدى باۋيۈي.

چۆرە قىز كېتىپ، بىرقانچەيلەن بىلەن ساھىبجامال لەگلەكنى يىپ بالداقلىرى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— شىرىن قىز: قىسقۇچپاقا لەگلەكنى تونۇگۇن ئۇچىنچى غوجامغا بېرىۋەتكەن، بۇنى لىن ئانكام باياراقتا كىرگۈزۈپتىكەن، مۇشۇنى ئۇچۇرغاي دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

باۋيوي لەگلەككە بىر قۇر سەپسېلىپ چىقتى، بۇ لەگلەكنىڭ ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، بەك سۆيۈنۈپ:

— ئۇچۇرۇڭلار ! — دېدى.

شۇ ئارىدا چۆرە قىزلار تەنچۇننىڭكىنىمۇ ئەكىلىشىپ قاپتالدا تۇرۇپ ئۇچۇردى. باۋچىن چۆرە قىزغا چوڭ شەپەرەڭ لەگلىكىنى ئۇچۇرغۇزدى، باۋچەيمۇ قاتارىسىغا تىزىلغان يەتتە غاز لەگلىكىنى ئۇچۇرغۇزدى. يالغۇز باۋيۈنىڭلا ساھىبجامال لەگلىكى ھېچ ئۇچالمىدى. باۋيوي چۆرە قىزلارنى ئۇچۇرۇشنى بىلمەيدىكەن دەپ، ئۆزى خېلى ۋاقىتقىچە ئۇچۇرۇپ باقتى، لېكىن ئۆگزە بويى كۆتۈرۈلۈپلا موللاق ئېتىپ چۈشەتتى. جىلە بولغىنىدىن باۋيۈنىڭ باش - كۆزىدىن تەر چىقىپ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭدىن كۈلۈشكەنىدى، ئۇ ئاچچىقى بىلەن لەگلەكنى يەرگە ئۇرۇپ:

— ساھىبجامال بولمىغان بولساڭ، دەسسەپ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتەتتىم ! — دېدى.

— تارازىسى ئوبدان تەڭشەلمەپتۇ، — دېدى دەييوي، — بىر كىمنى ئاپىرىپ يەڭگۈشلەتكۈزۈۋەتسە ياخشى ئۇچىدۇ. باشقىسىنى ئەكېلىپ ئۇچۇرۇڭ بولمىسا.

باۋيوي ۋە باشقىلار ئاسمانغا بېقىپ، ھاۋادا يۈرگەن لەگلەكلەرگە قارىشىپ تۇراتتى. بىردەمدىلا شامال كۈچىيىپ كېتىپ، چۆرە قىزلار ئالىقانلىرىغا قول ياغلىقلىرىنى قويۇپ تانا تارتتى. دەييوي شامالنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بېرىپلا بالداقنى بوشىتىۋىدى، لەگلەك غۇيۇلدىغىنىچە ئېگىز كۆتۈرۈلدى - دە، بىردەمدىن كېيىن تانىسى تۈگەپ، لەگلەك شامال بىلەن بىللە ئۇچۇپ كەتتى. دەييوي باشقىلارنىمۇ لەگلەكلىرىنى قويۇۋېتىشكە ئۈندىدى.

— دەيىۋي قىزنىڭ كىسلىنىڭ يىلتىزىمۇ ئۈچۈپ كەتتى، قېنى بىزمۇ قويۇۋېتەيلى، — دېدى باشقىلار كۈلۈشۈپ.

شۇنىڭ بىلەن چۆرە قىزلار قايچا ئەكىلىپ تانىلارنى كېسىۋېتىۋىدى، لەگلەكلەر شامال بىلەن تەڭ لەيلەپ كېتىۋەردى. دەسلەپتە لەگلەكلەر تۇخۇمدەكلا كۆرۈندى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قارا چېكىتكە ئايلىنىپ قېلىپ، بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

— قىزىق بولدى، راسا قىزىق بولدى ! — دېيىشتى ھەممەيلەن ئاسمانغا بېقىپ. شۇ ئەسنادا چۆرە قىز كېلىپ غىزاغا تەكلىپ قىلدى. ھەممەيلەن تارقالدى.

قايسى كۈندىن تارتىپ باۋيۇي دەرس ـ ساۋىقىنى بالدۇرقىدەك بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغاندى. بەزىدە ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلسا، بەزىدە كىتاب ئوقۇيتتى. ئىچى پۇشۇپ قالغان چاغلاردا چىقىپ ھەمشىرىلىرى بىلەن ئازراق ئوينايتتى ياكى بامبۇكزار سارايغا كېلىپ بىر پەس پاراڭ سېلىشاتتى. ھەمشىرىلىرىمۇ ئۇنىڭ گەدىنىدە تۈگىتەلمىگەن دەرس تاپشۇرۇقلىرى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى چاقىرىۋالغۇسى كەلمەي، ئۆزلىرى يىغىلىشىپ، شېئىر ئېيتىشىپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى ياكى بولمىسا يىڭنە ئىشى ئۈستىدە سۆزلىشەتتى. دەيىۋي جياجېڭ قايتىپ كەلگەندە باۋيۈينىڭ خاپىلىققا قېلىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەپ، ھەر قېتىم كەلگەنلىرىدە ئۇخلايمەن دەپ ئۆزرە قويۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئانچە تۇتۇپ كەتمەيتتى. باۋيۈيمۇ نائىلاج قايتىپ كېتىپ ئۆز ئۆيىدە خالىغىنىچە دەرسىنى تەكرار قىلاتتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ياز تۈگەپ كۈز كىرىپ قالدى. بىر كۈنى جيا ئانىنىڭ قېشىدىن ئىككى چۆرە قىز ئالدىراپ ـ سالدىراپ كېلىپ باۋيۈينى چاقىردى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش بىرىنچى باب

## قورسىقىدا غوم ساقلاپ يۈرگۈچىنىڭ قەستەن غوم پەيدا قىلغانلىقى
## يۈەنياڭنىڭ ئۆيلىمىغان يەردە ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كۆرۈپ قالغانلىقى

جيا ئانىنىڭ قېشىدىكى ئىككى چۆرە قىز ھاپىلا ـ شاپىلا كېلىپ باۋيۈينى ئىزدەپ تاپتى:

— غوجام، يۈرسىلە، چاپسان بولسىلا، بېگىم قايتىپ كەلدى.

باۋيۈي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشالمۇ بولدى ھەم غەمكىنمۇ چۆمدى، ئالمان ـ تالمان كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ سالامغا كەلدى. جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ ئۆيىدە ئىكەن، ھەتتا كىيىملىرىنىمۇ يەڭگۈشلىمىگەنىكەن. ئۇ باۋيۈينى كۆرۈپ بەك خۇش بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆڭلى بۇزۇلغاندەكلا قىلدى. ئاندىن جيا ئانىغا خانىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئۆتەش جەريانىدىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھېرىپ كېتىپسەن، چىقىپ ئارام ئالغىن، — دېدى جيا ئانا.

جيا جېڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ خوش ئېيتتى، ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ يېنىپ چىقتى. باۋيۈيلەرمۇ بىللە چىقتى. جيا جېڭ ئۇنىڭدىن دەرس ـ ساۋاقلىرى توغرىسىدا سوراپ قويۇپ، ئۆيىگە ماڭدى.

جيا جېڭ پەرمانىنى ئادا قىلغانلىقىدىن پايتەختكە ئۇچۇر

بەرگىلى كەلگەندى. ئەسلىدە ئۇ مائارىپ تەپتىشلىكىگە بۇيرۇلغاچقا، ئاۋۋال ئۆيىگە كېلىشكە پېتىنالمىدى، جىيا جېن، جىيا لىيەن، باۋيۈيلەر بىر كۈن بۇرۇن بىر ئۆتەڭ يەرگىچە ئالدىغا چىققاندى. جىيا جېڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئاۋۋال جىيا ئانىنىڭ ئېسەنلىكىنى سوراپ ئۇلارنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتكەندى. ئەتىسى خانغا كۆرۈنۈش قىلىپ، ھەممە ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن، ئائىلىسىگە يېنىپ كەلدى. خان ئالىيلىرى مەرھەمەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆيىدە ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق رۇخسەت بەردى. جىيا جېڭ ياشقا خېلى چوڭ بولۇپ قالغان، ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىچاقىسىدىن ئايرىلىپ بىرنەچچە يىل ياقا يۇرتلاردا يۈرگەندى. ھازىر ئۇلار بىلەن تىنچ - ئامان كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىپ، كىتاب ئوقۇش بىلەنلا بولدى، ئىچى پۇشۇپ قالسا سۆھبەتچىلەر بىلەن شاھمات ئوينىغاچ شاراب ئىچەتتى ياكى بولمىسا بەزى كۈنلىرى ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ، ئانا - بالا، ئەر - خوتۇن بىرلىكتە جەددى - جەمەت جەملىكىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

بۇ يىل سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى جىيا ئانىنىڭ سەكسەن ياشقا تولغان چوڭ قۇتلۇق كۈنى بولغاچقا، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى كەلسە، زىياپەت بېرىشكە يېتىشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ، جىيا جېڭ بالدۇرلا جىيا شې ۋە جىيا لىيەنلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنىدىن باشلاپ سەككىزىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنىگىچە نىڭگو - رۇڭگو قەسىرلىرىدە تەڭلا زىياپەت ئۆتكۈزىدىغان بولدى، نىڭگو قەسىرىگە ئېرەكتە مېھمانلارنى، رۇڭگو قەسىرىگە ئايال مېھمانلارنى چىللايدىغان بولدى. نەزەرباغدا زەرەپشان بالىخانا ۋە شارابەت ئايۋىنى قاتارلىق بىرقانچە جايىنى ئارام ئېلىش ئورۇنلىرى قىلىپ راسلايدىغان

بولدى. يىگىرمە سەككىزىنچى كۆنى خاننىڭ تۇغقانلىرى، گورگان، ۋاڭ ـ گۇڭ، ئىنالچى تۆرە، ئايماقبەگلەر، خانىش، خانىكە، تۆرە ئاغىچا، بېكە، ئاغىچا خېنىملار، يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى دىۋان ـ مەھكىمىلەرنىڭ نازىر ـ باسقاق بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىك خېنىملىرى، ئوتتۇزىنچى كۈنى باشقا مەنسەپدارلار ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىك خېنىملىرى ھەم يىراق ـ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىللىرى چىللىنىدىغان بولدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى جىيا شې، ئىككىنچى كۈنى جىيا جېڭ، ئۈچىنچى كۈنى جىيا جېن بىلەن جىيا لىيەن چاقىرىدىغان، تۆتىنچى كۈنى جىيا قەسىرىدىكى ھەممەت ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلار قوشۇلۇپ ئائىلىۋى زىياپەت ئۆتكۈزىدىغان بولدى، بەشىنچى كۈنى لەي دا، لىن جىشياۋ قاتارلىق غوجىدارلار ئولاش ـ چولاش بىر كۈن زىياپەت بېرىدىغان بولدى.

يەتتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى ئون كۈنىدىلا قۇتلاش سوۋغاتلىرى سۇنغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مەرىپەت دىۋانى خاننىڭ يارلىقى بويىچە، خان ئىنئام قىلغان ئالتۇن ـ قاشتاش مۇتىكىدىن بىر دانە، رەڭدار تاۋاردىن تۆت ئۈچا، ئالتۇن ۋە قاشتاش قەدەھلەردىن تۆت دانىدىن، خەزىنە كۈمۈشىدىن بەش يۈز سەر سوۋغات قىلدى. يۈەنچۈنمۇ ھەرەم ئاغىسى ئارقىلىق قۇيما ئالتۇن ئۆمۈر يۇلتۇزىدىن بىر دانە، ئاقۇلە ھاسا بىر دانە، كەنان تەسۋىسىدىن بىر تىزىق، بەختلىك ئۆمۈر كۈجىسىدىن بىر قۇتا، ئالتۇن لەردۈدىن بىر جۈپ، كۈمۈش لەردۈدىن تۆت جۈپ، رەڭدار تاۋارلاردىن ئون ئىككى توپ، قاشتاش قەدەھتىن تۆت دانە چىقارتىپتۇ. ئاندىن قالسا تارخان، گورگان ۋە چوڭ ـ كىچىك قەلەم ـ ئەلەم مەنسەپدارلىرىدىن كەلگۈچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قۇرۇق كەلمەي، سوۋغات ئەكەلگەن، بۇلارنى بايان قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئايۋانغا چوڭ ئۈستەل قويۇپ، ئۈستىگە قىزىل كىگىز سېلىپ، سىپتا ـ ئىنچىكە ئىشلەتكەن

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە تىزىپ، جيا ئانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. جيا ئانا دەسلەپكى ئىككى كۈنى خۇشى تۇتۇپ كېلىپ كۆرۈپ باقتى، كېيىن ئېرىنىپ قېلىپ كۆرمەيلا قويدى.

— فېڭجيې قىز تاپشۇرۇۋالسۇن، كېيىن ئىچىم پۇشقاندا كۆرەرمەن، — دېدى ئۇ.

يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى ئىككى قەسىردە رەڭگارەڭ پانۇسلار ئېسىلىپ، قىزىل شەلپەرلەر تارتىلدى، سۇمۇرغلار قانات كەرگەندەك شىرمەللەر تىزىلدى، نېلۇپەر ئېچىلغاندەك كۆرپە ـ تۆشەكلەر سېلىندى. نەي ـ يالغۇزەك، داپ ـ دۇمباقلار ياڭراپ، كوچا كويلىنى بىر ئالدى. نىڭگو قەسىرىدە بۇگۈنكى زىياپەتكە پەقەت بېيجىڭ ۋاڭ، نەنئەن جۇنۋاڭ، يۇڭچاڭ گورگان، لېشەن جۇنۋاڭ ۋە بىرقانچە قەدىناس گۇڭ ـ خۇلارنىڭ ۋارىس ئەۋلادلىرىلا كەلدى. رۇڭگو قەسىرىدىكى زىياپەتكە نەنئەن جۇنۋاڭنىڭ ئۇلۇغ خانىشى، بېيجىڭ ۋاڭنىڭ خانىشى ۋە قەدىناس گۇڭ ـ خۇلارنىڭ مەرتىۋىلىك خېنىملىرى كەلدى. جيا ئانا ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋە ـ جىركىلىرى بويىچە كاتتا ياسىنىشىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مېھمانلار نەزەرباغدىكى شاراپەت ئايۋىنىغا تەكلىپ قىلىندى. مېھمانلار چاي ئىچىپ بولۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۇ يەردىن مۇبارەك ئايۋانغا كېلىپ، جيا ئانىنى قۇتلاپ بولۇپ داستىخانغا كېلىشتى ۋە بىر ھازاغىچە تۇزۇت قىلىشقاندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. تۆردىكى ئىككى ئورۇنغا نەنئەن، بېيجىڭ ۋاڭلارنىڭ خانىشلىرى، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە ئۆز ئورنى بويىچە گۇڭ ـ خۇلارنىڭ مەرتىۋىلىك خېنىملىرى ئولتۇرۇشتى. سول ياندىكى ئورۇندا ئۇلارغا جىڭشياڭخۇنىڭ مەرتىۋىلىك خېنىمى ۋە لىڭچاڭبونىڭ مەرتىۋىلىك خېنىمى ھەمراھ بولدى. ئوڭ ياندىكى ئورۇن جيا ئانىنىڭ ساھىبخانىلىق ئورنى ئىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ

ئاغىچا خېنىملار بولسا يۈشى، فېڭجيې ۋە بىر جەمەت كېلىنلەرنى باشلاپ، ئىككى ياندا غاز قانات بولۇپ، جيا ئانىنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرۇشتى؛ لىن جىشياۋ، لەي دانىڭ ئاياللىرى خىزمەتكار خوتۇنلارنى باشلاپ، بامبۇك پەردىنىڭ سىرتىدا سەي، غىزا، شاراب تارتىش ئىشلىرى بىلەن بولدى؛ جۇرۇينىڭ ئايالى بىرقانچە دېدەكلەرگە باشچىلىق قىلىپ، شىرمەلنىڭ كەينىدە كۇتۇش ـ چاقىرىش ئىشلىرىنى ئۆتىدى. مېھمانلارغا ئەگىشىپ كەلگەنلەرنى باشقا جايدا مەخسۇس كىشىلەر كۇتۇۋالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئويۇنچىلار مۇبارەكلەپ كۆرۈنۈش بەردى، سەھنە تۈۋىدە چاچ قويمىغان بىردەك ئون ئىككى قىز مۇلازىملارچە ياسىنىپ، قوللىرىنى سېلىپ كۇتۇپ تۇرۇشتى، شۇ ئەسنادا بىر كىم ئويۇن تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەي تۈۋىگە كېلىپ، ئاۋۋال ئۇچۇرچى ئايالغا سۇندى؛ بۇ ئايال تىزىملىكنى ئېلىپ لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا ئۇزارتتى؛ لىن جىشياۋنىڭ ئايالى پەتنۇسقا سېلىپ، مىلەڭزىدىن يېنىچە كىرىپ، يۈشى خېنىمنىڭ دېدىكى توقال پېيېفېڭغا ئۇزارتتى؛ پېيېفېڭ ئېلىپ يۈشى خېنىمغا بەردى؛ يۈشى ئېلىپ تۆردىكى داستىخانغا كەلدى. نەنئەن جۇنۋاڭنىڭ خانىشى بىر پەس تۈزۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر مۇبارەكلەش ئويۇنلىرىدىن بىرىنى تاللاپ تىزىملىكنى قايتۇردى. ئاندىن بېيجىڭ ۋاڭنىڭ خانىشىمۇ بىرنى تاللىدى. باشقىلار يەنە بىردەم تۈزۈت قىلىشىپ، ئوبدان ئويۇنلارنى تاللاپ ئويناپ بەرسىلا بولدى، دەپ جورۇشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي تۆت قېتىم سەي، بىر قېتىم شورپا تارتىلدى. مېھمانلارغا ئەگىشىپ كەلگەنلەرگە ئىنئاملار بېرىلدى. ھەممەيلەن يەنە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ باغقا يېنىپ كىرىشتى، باشقىدىن ئېسىل چاي تارتىلدى. نەنئەن جۇنۋاڭنىڭ خانىشى باۋيۈينى سورىغانىدى، جيا ئانا:

— بۈگۈن بىرقانچە بۇتخانىدا «ئامانلىق ۋە ئۆمۈر ئۇزۇنلۇق تىلاۋەتنامە» سى ئوقۇلماقچىدى، باۋيۈي تىلاۋەتنامە ئاڭلىغىلى

www.uyghurkitap.com

كەتكەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئاندىن ئۇياق خان قىزلارنى سورىدى.

ــ ئۇلارنىڭ ھەمشىرىلىرىدىن بەزىلىرى كېسەل، بەزىلىرى ئاجىز، كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن تارتىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆيگە قاراشقا قويغانىدىم. ئويۇنچى باللاردىن بىر بەنزىنى ئايرىپ بەرگەن، نېرىسىدىكى مېھمانخانىدا ھاما خېنىمنىڭ خان قىزلىرى بىلەن بىللە ئويۇن كۆرۈۋاتىدۇ، ــ دېدى جيا ئانا.

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇلارنى تەكلىپ قىلدۇرۇپ كەلسەك بوپتىكەن، ــ دەپ كۈلدى نەنئەن جۇنۋاڭنىڭ خانىشى.

جيا ئانا كەينىگە قاراپ، فېڭجېيگە بۇيرۇدى:

ــ سەن بېرىپ، شياڭيۈن، باۋچەي، باۋچىن، دەيىيۈي تۆت خان قىزنى باشلاپ كەل، ئۇلارغا تەنچۈن سىڭلىڭلا ھەمراھ بولۇپ كەلسۇن.

فېڭجېي خوش دەپ چىقىپ كېتىپ، جيا ئانىنىڭ ھويلىسىغا كەلدى، ئۇ يەردە ھەمشىرىلەر مېۋە - چېۋە يېگەچ ئويۇن كۆرۈۋاتقان، باۋيۈمۇ تىلاۋەتنامە ئاڭلاپ بولۇپ بۇتخانىدىن يېنىپ كەلگەنىكەن. فېڭجېي خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، باۋچىن بىلەن دەيىيۈي، شياڭيۈن ۋە تەنچۈن بەشەيلەن نەزەربافقا كەلدى. مېھمانلارغا كۆرۈنۈش قىلىپ سالام بەردى. مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار كۆرگەن كىشىلەرمۇ، تېخىچە كۆرمىگەن بىر - ئىككىسىمۇ بار ئىدى. مېھمانلار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۇلارنى ماختاشتى. ھەمشىرىلەردىن شياڭيۈن بەك تونۇش بولغاچقا، نەنئەن جۇنۋاڭ خانىشى كۈلۈپ:

ــ سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز، مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ تەكلىپ قىلمىغۇچە ئالدىمغا كەلمەپسىز ! ئەتە تاغىڭىز بىلەن ھېسابلىشىمەن ! ــ دەپ، بىر قولىدا تەنچۈننى، يەنە بىر قولىدا باۋچەينى ئالدىغا تارتىپ، ــ نەچچە ياشقا كىردىڭىز ؟ ــ دەپ سوراپ قويۇپ، ئۇنى قەۋەتلا ماختاپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى قويۇۋېتىپ، دەيىيۈي بىلەن باۋچىننى تارتىپ،

تەبەسسۇم بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، بىر پەس راسا ماختىدى، — ھەممىسى كېلىشكەن قىزلار ئىكەن! قايسىسىنى ماختاشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن!

خانىشنىڭ خىزمەتكارلىرى ئالدىغا چاپان بىرنەچچە ئۆلۈش سوۋغاتلىق: ئالتۇن - قاشتاش ئۈزۈكتىن بەش دانە، بېغىشقا ئورايدىغان خۇشبۇي ئۈنچە - مونچاقتىن بەش تىزىق تەييارلاپ قويغانىدى.

— خان قىزلار، زاڭلىق قىلماي، بۇلارنى قوبۇل قىلىپ، دېدەكلىرىڭلارغا بېرىۋېتەرسىلەر، — دېدى نەنئەن جۇنىۋاڭ خانىشى كۈلۈپ.

بەشەيلەن دەرھال تەزىم قىلىپ ھەشقاللا ئېيتتى. بېيجىڭ ۋاڭنىڭ خانىشمۇ بەش خىل سوۋغات بەردى، قالغانلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانلار باغدا بىردەم سەيلە قىلىشتى، جىيا ئانىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە داستىخانغا كېلىشتى.

— ھېچلا كەيپىم يوق، بۇگۈن كەلمەي دېسەم زادىلا قاملاشمىغۇدەك. كەچۈرۈشسىلە، بۇرۇنراق خوشلىشىدىغان بولدۇم، — دەپ، نەنئەن جۇنىۋاڭنىڭ خانىشى ئۆزرە ئېيتتى.

جىيا ئانىلار يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇپ بەرسىلە دەپ قىستاپمۇ كەتمىدى. بىر قۇر تۇزۇت قىلىشقاندىن كېيىن، خانىشنى باغنىڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشتى. خانىش تەختىراۋانغا چۈشۈپ قايتىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن بېيجىڭ ۋاڭنىڭ خانىشىمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ خوشلاشتى. قالغان مېھمانلاردىن بەزىلىرى زىياپەت ئاخىرلاشقۇچە ئولتۇردى، بەزىلىرى ئاخىرلاشمايلا كېتىپ قالدى. جىيا ئانا شۇ كۈنى ھېرىقىپ كەتكەنلىكتىن ئەتىسى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي قويدى. قالغان مېھمانلارنى شىڭ ئاغىچا خېنىم كۈتۈۋالدى. قەدىناس بەگلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن قۇتلاپ كەلگەنلەر مېھمانخانىدىلا تەزىم

قىلىشتى، جىيا شې، جىيا جېڭ، جىيا جېنلار تەزىمگە جاۋاب ياندۇرۇشۇپ، ئۇلارنى نىڭگو قەسىرىدە مېھمان قىلدى. بۇگەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

بىرقانچە كۈندىن بۇيان، يۈشى خېنىم ئاخشاملىرىمۇ نېرىقى قەسىرگە ئۆتەلمىدى. كۈندۈزلىرى مېھمان كۈتتى، ئاخشاملىرى جىيا ئانىغا ھەمراھ بولۇپ، ئويۇن ـ كۈلكە قىلىشىپ بەردى. ئاندىن فېڭجيېنىڭ چوڭ ـ كىچىك قاچا ـ قۇچىلاردىن خەۋەر ئېلىشىغا ۋە سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىشىغا قارىشىپ بېرىپ تۇردى. ئاخشاملىرى باغقا كىرىپ، لى ۋەننىڭ ئۆيىدە ئارام ئېلىپ قونۇپ قالدى، شۇ كۈنى جىيا ئانىنىڭ كەچلىك غىزاسىدىن خەۋەر ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، جىيا ئانا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ھېرىپ كەتتىڭلار، چىقىپ ئارام ئېلىڭلار، ئەتە يەنە سەھەر تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يۈشى خېنىم خوش دەپ يېنىپ چىقىپ، فېڭجيېنىڭ ئۆيىگە غىزا يېگىلى ماڭدى. فېڭجيې بالىخانىدا تاپشۇرۇۋېلىنغان شىرمەللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى، ئۆيدە پىڭئېر يالغۇز قېلىپ فېڭجيېنىڭ كىيىملىرىنى قاتلاۋاتاتتى. يۈشى خېنىم يۇ ئېرجيې ھايات چېغىدا ئۇنىڭدىن كۆپىنچە پىڭئېر خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلىقىنى ئەسلەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، پىڭئېرگە مۇنداق دېدى:

— ئوبدان قىز! ئاق كۆڭۈل ئىكەنسەن، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى جوۋتىپ جاپادا قاپسەن!

پىڭئېرنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىدى، لېكىن دەرھاللا گەپنى چالغىتىۋەتتى.

— كېلىن ئاغىچاڭ غىزا يەپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يۈشى كۈلۈمسىرەپ.

— غىزا يەيدىغان چاغدا ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلماي قالاتتىمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ پىڭئېر.

— ئۇنداق بولسا، مەن باشقا جايغا بېرىپ غىزا يەي،



www.uyghurkitap.com

قورسىقىم ئېچىپ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دەپلا يوشى كەينىگە يانغانىدى، پىكئېر كۆلۈپ:

— خېنىم، بۇ ياقىقا كەلسىلە، بۇ يەردە توقاچ بار، ئاۋۋال قورساقنى ئازراق ئەستەرلىۋېلىپ، غىزا يېسىلە، — دېدى.

— سىلەر بەك ئالدىراش ئىكەنسىلەر، باغقا كىرىپ ھەمشىرىلەرنى ئېلىشتۇرۇپ چىقاي، — يوشى خېنىم شۇنداق دەپ يولىغا كېتىۋەردى. پىكئېر ئۇنى تۇتۇپ قالالماي مەيلىگە قويدى.

يوشى خېنىم شۇ ماڭغىنىچە باغقا كەلدى. باغنىڭ دەرۋازىسى ۋە يان ئىشىكلىرى تېخىچە چىڭ ئېتىلمىگەن، ھەر خىل رەڭدار پانۇسلار ئېسىقلىق تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كەينىدىن بىللە كېلىۋاتقان چۆرە قىزنى نۆۋەتچى ئايالنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. چۆرە قىز كۆزەتخانىغا كىرىپ قارىدى، ئۇ يەردە ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. قايتىپ چىقىپ يوشى خېنىمغا مەلۇم قىلدى. يوشى غوجىدار ئايالنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. چۆرە قىز خوش ئېيتىپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى بوغا ئەگمىگە، غوجىدار ئاياللار مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يىغىلىدىغان جايغا كەلدى. ئۇ يەردە ئىككى خىزمەتكار ئايال مېۋە - گېزەك يېيىشىۋاتقانىكەن.

— غوجىدار ئانىكىلاردىن بۇ يەردە كىم بار؟ شەرقىي قەسىردىكى كېلىن ئاغىچا كۈتۈپ قالدى، تاپالايدىغان گېپى بار ئىكەن، — دېدى چۆرە قىز.

ئۇ ئىككى خىزمەتكار ئايال مېۋە - گېزەك يېيىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، شەرقىي قەسىردىكى كېلىن ئاغىچا قىچقىرىۋاتىدۇ دېگەن گەپكە ئانچە ئېرەنشىمەي:

— غوجىدار ئانىكىلار قايتىپ كېتىشكەن، — دەپلا جاۋاب بېرىشتى.

— قايتىپ كەتكەن بولسا ئۆيىدىن چاقىرىپ كېلىڭلار، — دېدى چۆرە قىز.

— بىز ئۆيگە قاراشنىلا بىلىمىز، ئادەم چاقىرىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. ئادەم چاقىرتىدىغان ئىشىڭىز بولسا ئادەم

چاقىرىدىغانلارنى بۇيرۇڭ.

— مانا كۆرۈڭ، قانداق تەتۈرچىلىك بۇ! سىلەر نېمىشقا چاقىرتىپ قويمايسىلەر؟ يېڭى كەلگۈندىنى ئالدىساڭلارمۇغۇ مەيلى ئىدى، مېنى نېمە دەپ ئالدايسىلەر؟ ئادەتتە سىلەر چاقىرماي كىم چاقىراتتى؟ شۇ تۇرقىدا بىرەر نەپ يۇقىدىغان ئىشنى ياكى بىرەر غوجىدارغا نەرسە ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولساڭلارغۇ، كىم ئىكەنلىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرمەي، بىر - بىرىڭلاردىن ئىتتەك قىزغىنىشىپ چاقىرغىلى شاپاشلاپ كېتەر بولغىيدىڭلار! ئەگەر فېڭجيي كېلىن ئاغىچا چاقىرىپ قوي دېسىمۇ مۇشۇنداق جاۋاب بېرىشكە پېتىنالامتىڭلار؟

بۇ خىزمەتكار ئاياللار بىرىنچىدىن، شاراب ئىچكەن، ئىككىنچىدىن، بۇ چۆرە قىز يېغىرىنى تاتىلاپ قويغان بولغاچقا، ئىزاغا چىدىماي ئاچچىقلاپ كەتتى:

— ماڭغىنا، سېستىماي! چاقىرامدۇق - چاقىرمامدۇق بىزنىڭ ئىشىمىز، سېنىڭ نېمە كارىڭ! سەن بىرىنىڭكىنى ئاچىمەن دېمەي، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭ ئانىسىنى ئويلىغىنا، ئىرىقى قەسىردىكى غوجىدار بەگلەرنىڭ ئالدىدا ئاناڭ بىزدىنمۇ ئۆتە خۇشامەتچىلىك قىلىدۇ. سەن ئۇ ئائىلىنىڭ، بىز بۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى، قېنى بىڭسىڭ بولسا، سىلەر تەرەپتىكى كىشىلەرنى شۇنداق ئەيىبلەپ باقە! بىزنىڭ بۇ تەرەپتىكىلەرگە سېنىڭ چىشىڭ پاتمايدۇ!

چۆرە قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كەتتى - دە:

— ھە، شۇنداقمۇ تېخى! بۇنى ئوبدان دېدىڭ! — دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، مەلۇم قىلغىلى ماڭدى.

يۇشى خېنىم باغقا كىرىپ كەتكەندى. شىرېن، باۋچىن، شياڭيۈن ئۈچى يەر مۇئەككەللى ئىبادەتخانىسىدىكى ئىككى راھىبە قىز بىلەن كۆلكە - چاقچاقلارنى قىلىپ ئوينىشىپ كېلىۋاتاتتى. يۇشى خېنىم: «قورسىقىم ئاچتى» دېگەچكە، ئۇلار ئاۋۋال ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى. شىرېن گۆشلۈك ۋە گۆشسىز

بىرنەچچە خىل سامسا ـ پىچىنىلەردىن يۇشى خېنىمغا ئاچىقىپ بەردى، بايىقى چۆرە قىز يۇشى خېنىمنى ئىزدە ـ ئىزدە شۇ يەرگە كەلدى ۋە ئاچچىقىدا يىپىرلىغۇدەك بولۇپ، ئۇ خىزمەتكار ئايالللارنىڭ ھېلىقى گەپلىرىنى ئېيتىماي ـ تىمتىماي مەلۇم قىلدى. يۇشى خېنىم دىمىقىدا كۇلۇپ قويۇپ، بىر ھازادىن كېيىن:

— ئۇ ئىككىسى قانداق ئايالللار ئىكەن؟ — دېدى.

— ھوي قىز، ئەجەبمۇ ئاچچىقىڭىز يامان ئىكەن! — دەپ، ئۇ چۆرە قىزنى كۇلۇپ نوقۇشلاپ قويدى ئىككى راھىبە، — ئۇنداق ئەخمەق موماىلارنىڭ گەپلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ مەلۇم قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتى. كېلىن ئاغىچا خېنىم ئالتۇن بوينى ئۈپرىتىپ نەچچە كۈن جاپا چەكتى، قورسىقىغا زەرداب چاغلىق نەرسىمۇ يېيەلمىدى. ئامال قىلىپ خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقتا يوق، مۇنداق گەپلەرنى دەپ نېمە قىلاتتۇق؟

— ئوبدان سىڭلىم! — دەپ تارتتى شىرېنمۇ ئۇنى، — چىقىپ بىردەم ئارام ئېلىۋال، مەن ئۇلارنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتەي.

— ئادەم ئەۋەتمەيلا قوي، ئۆزۈڭ بېرىپ، ئاشۇ موماينى چاقىرىپ كەل. ئۇياقتا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى قېڭجيېنىمۇ قىچقىرىپ كەل، — دېدى يۇشى خېنىم.

— ماقۇل، مەن باراي، — دېدى كۇلۇپ شىرېن.

— ئەتەي سېنى ئىشقا سېلىپ قويدۇم، — دەپ كۇلدى يۇشى.

ئىككى راھىبە قىز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كۇلۇشتى:

— خېنىم، ئۆزلىرى ناھايىتى كەڭ قورساق ئىدىلە، بۈگۈن بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ قۇتلۇق مەۋلۇت كۈنىدە خىزمەتكارلارغا خاپا بولسىلا، خەقلەرنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قالارلىمىكىن؟

باۋچىن بىلەن شياڭيۈن ئىككىسىمۇ كۇلۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قۇتلۇق مەۋلۇت كۈنىنى

دېمەيدىغان بولسام رايىمدىن زادىلا يانمايتتىم! مەيلى، بولدى قىلساممۇ قىلايلا، — دېدى يۈشى.

گەپ ئارىلىقىدا، شىرىن ئادەم ئىزدىتىپ ئاللىقاچان بىر چۆرە قىزنى باغ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا بۇيرۇۋەتكەنىدى. بۇ چۆرە قىز جۇرۇينىڭ ئايالىغا ئۇچراپ قېلىپ، بايىقى گەپلەرنى دەپ بېرىپتۇ. جۇرۇينىڭ ئايالى ئىش باشقۇرغۇچى بولمىسىمۇ، لېكىن ۋاڭ ئائىلىسى خېنىمنىڭ مۇلازىم ئاتىسىنىڭ ئابرۇيى بىلەن ئۇمۇ بىرئاز يۈزلۈك كىرەك ھەم قۇۋراق ئىدى، ئۇدۇل كەلگەن يەردە خۇشامەت قىلىپ ياخشىچاق بولۇپ يۈرەتتى، شۇڭا ھەرقايسى ھۇجرا غوجايىنلىرى ئۇنى ياقتۇراتتى. بۈگۈن بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا:

— ئۇنداقمۇ ئىش بولامدىغان! خېنىمنىڭ بەك ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ - دە. ھەتتىگىنەي، مەن بولماي قاپتىمەن، بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا نەچچە شاپىلاق سېلىپ، مۇنۇ قۇتلۇق كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ھېسابلاشقان بولاتتىم! — دېگىنىچە، ھاپىلا - شاپىلا ئارامبەخش ھويلىغا قاراپ چاپتى.

يۈشى خېنىم ئۇنى كۆرۈپلا كۈلۈمسىرىدى:

— جۇ ئائىلىكا، بۇ يەرگە كېلىڭ، ئىشنىڭ يولىنى سىزگە دەپ بېرەي: شۇ چاغقىچە باغنىڭ دەرۋازىسى ئۇلۇغ ئوچۇق، شام - پانۇسلار يېنىقلىق، ھەر خىل ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ تۇرسا، ناۋادا بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ قالسا قانداق بولغىنى؟ شۇڭا، كۆزەتچىلىك قىلىدىغانلار پانۇسلارنى ئۆچۈرۈپ، دەرۋازىنى تاقىۋېتىشى كېرەك ئىدى. قارىسام، بىرمۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ!

— ئۇنداق قىلسا بولامدۇ! — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — قايسى كۈنىلا تېخى فىڭجيې خېنىم جېكىلەپ قويغان، بۈگۈن مانا ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. مەۋلۇت كۈنلىرى ئۆتكەندىن كېيىن، بىرقانچىسىنى ئۇچۇقلاپ قويساق بولغۇدەك.

يۈشى خېنىم چۆرە قىزنىڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن گەپلىرىنىمۇ

دەپ بەردى.

— خېنىم، ھەرگىز خاپا بولمىسىلا، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — مەۋلۇت ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، مەن غوجىدارغا ئېيتاي، ئۇنى جېنى چىققۇدەك ئۇرسۇن. باشقىسىنى قويۇپ «ئۇ ئائىلە، بۇ ئائىلە» دېگەم گەپنى كىم چىقارغان دەپ، شۇنىلا سورۇشتۇرسۇن. مەن پانۇسلارنى ئۆچۈرتكۈزۈپ، دەرۋازىنى تاقىتىۋەتتىم. خېنىم، ئەمدى ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن.

شۇ ئەسنادا فېڭجيې غىزاغا تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— قورسىقىممۇ تويۇپ قالدى، بىرنەچچە تال توقاچ يەۋالدىم. كېلىن ئاغىچا ئۆزى يەۋەرسۇن، — دېدى يۇشى.

بىردەمدىن كېيىن جۇرۇينىڭ ئايالى چىقىپ كەتتى، بېرىپ بايىقى ئىشنى فېڭجيېگە مەلۇم قىلدى.

— ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىۋېلىپ، مۇنۇ كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، باغلاپ نېرىقى قەسىرگە چىقارتىپ بېرىڭلار، يۇشى ئاغىچا قانداق قىلسا، شۇنداق قىلسۇن. ئۇرامدۇ ياكى رەھمى كېلەمدۇ، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس ئىكەن! — دەپ بۇيرۇدى فېڭجيې.

جۇرۇينىڭ ئايالى ئادەتتە ئاشۇ ئىككى ئايال بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلىشى بىلەنلا تالاغا ماڭدى، مۇلازىم بالىنى لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا فېڭجيېنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپ، لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنى دەرھال كىرىپ يۇشى خېنىم بىلەن كۆرۈشسۇن دەيدۇ دەپ چاقىرتىشقا ئەۋەتتى. ئاندىن بايىقى ئىككى ئايالنى باغلىتىپ، ئېغىلىغا سولىتىپ، ئۇلارغا قاراپ تۇرىدىغانغا ئادەم قويدى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي، ئالمان - تالمان مەيگە چۈشۈپ يېتىپ كەلدى. ئاۋۋال فېڭجيې بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭدى. ئارا دەرۋازىغا كېلىپ مەلۇم قىلدۇرغانىدى، چۆرە قىزلار چىقىپ:

— كېلىن ئاغىچا يېڭىلا ئارام ئالغىلى ياتتى. چوڭ كېلىن ئاغىچا باغدا، ئانىكا، ئۆزلىرىنى چوڭ كېلىن ئاغىچا بىلەن كۆرۈشسۇن دەيدۇ، — دەپ ئۇچۇر بەردى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى باغقا كىرىپ، خۇشبۇي شالزارغا كەلدى. چۆرە قىزلار مەلۇم قىلغىلى كىرىپ كەتتى. يۇشى خېنىم ئالدىراپ تەكلىكتە قېلىپ، دەرھال ئۇنى كىرسۇن، دېدى.

— مەن خىزمەتكارلارنى ئىزدىتىپ تاپالمىغاندىن كېيىن، سىزنى سۈرۈشتۈرگەنىدىم، — دېدى كۈلۈپ يۇشى خېنىم لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا، — سىز كېتىپ قاپتىكەنسىز. ئانچىمۇ چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى، سىزنى ئاۋارە قىلىپ كىم قىچقىرىپ كىرگەندۇ؟ سىزنى بىكارلا يول ماڭدۇرۇپتۇ. كارايىتى يوق ئىش ئىدى، بولدى قىلىۋەتكەنىدىم.

— ئۆزلىرىنىڭ گېپى بار ئىكەن، دەپ، فېڭجيې خېنىم مېنى قىچقارتىپتىكەن، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالىمۇ كۈلۈپ.

— ھەرقاچان جۇ ئايىلىكام دېگەن بولغىيدى، — دېدى يۇشى، — ئۆيىڭىزگە قايتىپ ئارام ئېلىڭ، ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس.

لى ۋەن بولغان ۋەقەنى دەپ بەرمەكچى بولغانىدى، يۇشى دېگۈزمىدى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كەينىگە ياندى ـ دە، باغدىن چىقتى. يولدا جاۋ كىچىك خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ۋاي ئاتامەي، يەڭگە! شۇ چاغقىچە ئۆيلىرىگە بېرىپ ئارام ئالماي نېمە قىلىپ يۈرىلا؟ — دەپ سورىدى جاۋ كىچىك خېنىم.

— بۇ چاغقىچە ئۆيگە قايتماي قالامتىم؟ — شۇ گەپتىن كېيىن، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى نېمە ئۈچۈن قايتا يېنىپ كىرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى.

— ئوسۇرۇقچىلىكمۇ ئىش ئەمەس ئىكەن! — دېدى جاۋ كىچىك خېنىم، — رەھمى كەلسە، ئاغزىغا ئالمايلا قويسا بولىدىغان ئىش. ئىچىگە سىغدۇرەلمىگەن بولسا، بىرنەچچە تاياق

سالسىلا تۈگىمەمدۇ. شۇنىڭغىمۇ سىلىنى چاقىرتىپ كەپتۇ! سىلىنى چاي ئىچىۋالسىلا دەپمۇ ئولتۇرماي، بېرىپ ئارام ئالسىلا.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى چىقىپ يان ئىشىككە كەلگەندە، بايىقى ئىككى خىزمەتكار ئايالنىڭ قىزلىرى يىغلاپ يالۋۇرۇپ، ئالدىنى توسۇۋالدى.

— ھەي بالا، ئەجەبمۇ ئەقىلسىز ئىكەنسەن! — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى كۈلۈمسىرەپ، — كىم سېنىڭ ئاناڭنى ھاراق ئىچىۋېلىپ ئاغزىغا كەلگىنىنى كاپشىسۇن دەپتىكەن؟ ئۇنىڭ چاتاق چىقىرىپ قويغىنىنى مەنمۇ ئۇقماي قاپتىمەن. فېڭجيې ئاغىچا ئۇنى باغلىتىپ قويۇپتۇ، ھەتتا مەنمۇ يەرگە قاراپ قالدىم، مەن كىمگە ھال ئېيتارمەن؟

ھېلىقى ئىككى قىز ئەمدىلا ئون نەچچە ياشقا كىرگەن قىزلار ئىدى، ئىشنىڭ يولىنى بىلمىگەچكە، ھەدەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپ، لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنى ئىلەشتۈرۈپلىۋەتتى.

— ھوي، كالۋا! ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ماڭماي ماڭىلا يامىشىۋالغىنىنى بۇنىڭ! سېنىڭ ئاچاڭنى ئۇ قاتتىكى چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇلازىم ئانىكىسى فېڭ ئانىكىسىنىڭ ئوغلىغا بەرگەنغۇ، سەن بېرىپ ئاچاڭغا ئېيتساڭ، ئۇنىڭ قېيىنئانىسى چوڭ ئاغىچا خېنىمغا دېسە ئىش تۈگىمەمدۇ؟

بۇ گەپ بىلەن ئۇ قىز ئېسىنى يىغىۋالدى. لېكىن، يەنە بىرسى يەنىلا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

— ھاماقەتنىڭ چاي خالتىسى! بۇ بېرىپ دېسە، ھەممە ئىش پۈتىدۇ، بۇنىڭ ئانىسىنىلا قويۇپ بېرىپ، سېنىڭ ئاناڭنى ئۇرىدىغان ئىش بولمايدۇ! — لىن جىشياۋنىڭ ئايالى شۇنداق دەپ قويۇپلا مەپىگە چۈشۈپ ئۆيىگە ياندى.

ھېلىقى قىز قايتىپ كېلىپ ئاچىسىغا ئېيتىۋىدى، ئاچىسى قېيىنئانىسىغا دېدى. فېڭ ئانىكا ئەزەلدىن پاراكەندە ئايال ئىدى، تامدىن نېرى ئۆتمەيلا بىر پەس قاتتىق تىللىۋېتىپ، شىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا كىردى ۋە:

ــ قۇدام نېرىقى قەسىردىكى چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ چۆرە قىزىغا بىر ـ ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ تاشلاپتىكەن، جۇرۇينىڭ ئايالى فېڭجيېي ئاغىچىنى كۇشكۇرتۇپ، قۇدىمىزنى ئېغىلغا باغلىتىپ قويۇپتۇ. بىر ـ ئىككى كۇندىن كېيىن تېخى تاياق ئاستىغىمۇ ئالىدىكەن. خېنىم، ئۆزلىرى فېڭجيېي ئاغىچىغا تىنىپ قويغان بولسىلا، ئۇنىڭ بىر قېتىملىق گۇناھىدىن كەچسە ئىكەن! ــ دەپ شىڭ ئاغىچا خېنىمغا يالۋۇردى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم يۇەنياڭ توغرىسىدا لەت يەپ قالغاندىن بۇيان، جيا ئانا ئۇنىڭغا توڭ تېگىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلۇشكۇن نەئەن جۇنۋاڭنىڭ چوڭ خانىشى كەلگەندە، جيا ئانا يالغۇز تەنچۇننىلا چاقىرتىپ كۆرۇشتۇرگەنلىكىگە شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قورسىقى كۆپكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېنىدىكى كالتە ـ كۆسەيلەرمۇ ھەسەت قىلىپ، فېڭجيېيگە ئاداۋەت ساقلاپ يۇرەتتى، ئۇلارمۇ ھەدەپ يەل بېرىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمنى فېڭجيېيگە تېخىمۇ ئۆچ قىلىۋەتكەنىدى. ئەمدى بايىقىدەك گەپلەرنى ئاڭلىشى بىلەن ئۇلارمۇ بىرمۇنچە قاپسىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممەيلەن جيا ئانىغا كۆرۇنۇش قىلىپ بولدى، ھەمجەمەتلەر تەل بولغاندىن كېيىن، سەھنە ئويۇنى باشلاندى. جيا ئانا خۇشال ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇگۇن يىغىلغانلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ۋۇجۇدى ئىدى. شۇڭا، جابدۇنۇپ چىقىپ ئايۋاندىلا تەزىم قوبۇل قىلماقچى بولدى. ئوتتۇرىغا ئايرىم بىر كات قويۇلدى، تەكيە، يۆلەنچۇك، دەسسىگۇچلەر تەل قىلىندى. جيا ئانا كات ئۇستىدە قىيسىيىپ ياتتى. كاتنىڭ چۆرىسىگە ئوخشاش پاكار كۇرسىلار قويۇلدى. باۋچەي، باۋچىن، دەيىۋي، شياڭيۇن، يىڭچۇن، تەنچۇن، شىچۇن قاتارلىق ھەمشىرىلەر چۆرىدەپ ئولتۇردى. جيا پيەننىڭ ئانىسىمۇ قىزى شىلۇەننى، جيا چۇڭنىڭ ئانىسىمۇ قىزى سىجيېرنى ئالغاچ كەلگەنىكەن، يەنە باشقا ھوجرىلاردىكى قىز نەۋرىلەر بىلەن

قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ - ئۇششاق يىگىرمىچە ئادەم بولدى. جىيا ئانا شىلۇەن بىلەن سىجيېرنىڭ چىرايلىق، گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشتا باشقىلاردىن ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالدى - دە، ئۇ ئىككىسىنىمۇ چاقىرىپ كاتىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. باۋيۇي كات ئۈستىدە جىيا ئانىنىڭ پۇتىنى ئۇيقىلاۋاتاتتى. تۆردە شۆ ھامما، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئۆيلەرنىڭ كاتتىلىرى بولۇشىغا ۋە ياش قۇرامىغا قاراپ باشقىلار ئۆز قاتارى بويىچە ئولتۇرۇشتى. پەردە سىرتىدىكى ئىككى پېشايۋاندا ئۆز جەمەت ئەرلەرمۇ قاتارى بويىچە ئولتۇرۇشتى. ئاۋۋال ئاياللار بىر - بىرلەپ تەزىم قىلىشاتتى، ئاندىن ئەرلەر تەزىم قىلىشاتتى. جىيا ئانا كات ئۈستىدە قىڭغايغىنىچە:

— بولدى، تەزىم قىلمايلا قويسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

ئاندىن لەي دا قاتارلىقلار قول ئاستىدىكى ئۆي خىزمەتكارلىرىنى باشلاپ، مۇراسىم دەرۋازىسىدىن چوڭ مېھمانخانىغىچە يۈكۈنۈپ باش قويۇشتى. بۇلاردىن كېيىن خىزمەتكار ئاياللار، ئاندىن ھەرقايسى ھۇجرىلاردىكى دېدەك - چۆرىلەر تەزىم قىلىشتى. بۇنىڭغا ئىككى - ئۈچ ئاش پىشىمچە ۋاقىت كەتتى، ئاندىن كېيىن بىرمۇنچە قەپەسلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇشلارنى ئازاد قىلىۋەتتى. جىيا شې قاتارلىقلار ئاسمان - زېمىن ئۆمۈر يۇلتۇزى قەغەزلىرىنى كۆيدۈردى. ئاندىن ئويۇن باشلىنىپ شاراب ئىچىلدى. ئويۇن يېرىملاشقاندا، جىيا ئانا ئىچكىرىگە ئارام ئېلىشقا كىرىپ كېتىپ، باشقىلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. فېڭجيېگە، شىلۇەن، سىجيېلەر قېلىپ بىر - ئىككى كۈن تاماشا قىلىپ كەتسۇن، دەپ تاپىلىغانلىقتىن، ئۇ چىقىپ قىزلارنىڭ ئانىلىرىغا دەپ قويدى. ئادەتتە، بۇ ئىككى قىز ئۆز ئانىلىرىنىڭ ھالىدىن فېڭجيې خەۋەر ئېلىپ تۇرغاچقا، باغدا قېلىپ ئويناشقا رازى ئىدى، ئۇلار ئاخشىمى ئۆيگە قايتمايدىغان بولدى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم ئاخشىمى مېھمانلار تارقىلىدىغان چاغدا،

كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا كۈلۈمسىرەپ، فېڭجېيگە يېلىندى:

ــ ئاڭلىسام، تۈنۈگۈن ئاخشام كېلىن ئاغىچا، سىز خاپا بولۇپ قاپسىز. جۇ غوجىدارنىڭ ئاغىچىسىنى بۇيرۇپ، ئىككى خىزمەتكار ئايالنى باغلىتىپ قويۇپسىز. ئۇلار نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىكىن؟ قائىدە بويىچىغۇ مېنىڭ ئەپۇ سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قۇتلۇق مەۋلۇت كۈنلىرىدە پۇل ــ مال، ئۇن ــ گۈرۈچ سەدىقە قىلىپ، يوقسۇللار، قېرى ــ چۆرىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقتا يوق، تېخى ياشانغان چاكارلارنى ئازابلىغىلى تۇرۇپتۇقمۇ دەيمەن؟ مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمىسىڭىزمۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ھازىرچە ئۇلارنى قويۇۋەتسىڭىز! ــ گېپىنى تۈگىتىپلا، شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۆز يولىغا كېتىۋەردى.

فېڭجېيې خەقلەرنىڭ ئالدىدا بۇنداق گەپ ئىشىتىپ قالغىنىغا ئىزا تارتتى ھەم ئاچچىقىمۇ كەلدى. بىر مەھەل بۇ گەپنىڭ باش ــ ئايىغىغا يېتەلمەي، بۆلەكچە بولۇپ تاتىرىپ كەتتى. كەينىگە بۇرۇلۇپ، لەي دانىڭ ئايالىغا قاراپ، سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

ــ بۇ قانداق گەپ بولدى؟ تۈنۈگۈن بۇ يەردىكىلەر نېرىقى قەسىردىكى چوڭ كېلىن ئاغىچىنى رەنجىتىپ قويۇپتىكەن، چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالمىسۇن دەپ، شۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانىدىم. مېنى رەنجىتتى دەپ قىلغان ئىش ئەمەس. مۇنداق تېز خەۋەر يەتكۈزگەن كىمنىڭ قۇلاقچى گۆشىدۇ؟ ــ دېدى.

ــ نېمە ئىش بولغانىدى؟ ــ دەپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

فېڭجېيې كۈلۈمسىرەپ، تۈنۈگۈن بولغان ئىشنى دەپ بەردى.

ــ مەنمۇ ئۇقماپتىمەن، سەنمۇغۇ تولىمۇ چىپپىلغاق! ــ دەپ كۈلدى يۈشى.

ــ مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى ئاياپ، ئەدەپ يۈزىسىدىن سېنىڭ ئىختىيارىڭغا قويغان ئىش ئىدى، ــ دېدى فېڭجېيې، ــ

سىڭىلىمدە مېنى بىر كىم رەنجىتىپ قويسا، ئەلۋەتتە سەنمۇ ماڭا شۇنداق ئادەمگەرچىلىك قىلىسەن. ھەرقانچە ئوبدان چاكار بولسىمۇ، بۇنداق ئەدەپ - قائىدىدىن چەتتە قالالمايدۇ. كىم بىرىپ دېگەن بولغىيدىكىن، خۇشامەتچىلىك قىلىدىغانغا ئىش تاپالماي، شۇنىمۇ بىر ئىش قىلىپ يەتكۈزۈپتۇ !

— قېيىنئاناڭنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، يۇشى يەڭگەڭمۇ يات ئادەم ئەمەس، مۇنداق قۇرۇق تەكەللۇپىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مەۋلۇت كۈنىنى ئۆتكۈزۈش ھەممىدىن مۇھىم ئىش، شۇڭا ئۇلارنى قويۇۋەتكەن تۈزۈك، — شۇ گەپ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كەينىگە بۇرىلىپ، ھېلىقى ئىككى ئايالنى قويۇۋېتىشكە ئادەم بۇيرۇدى.

فېڭجيې بۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى قورسىقى كۆيۈپ، بىردىنلا كۆڭلى غەش بولدى - دە، كۆزىگە ياش ئالدى. دومسىيىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ يىغلاشقا باشلىدى. بىر كىمگە بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشقاندى، قېرىشقاندەك، جيا ئانا: دەرھال كەلسۇن، گېپىم بار، دەپ چاقىرتىپ خۇپيونى ئەۋەتىپتۇ. خۇپيو ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى:

— بىر ئوبدانلا ئىدى، نېمە بولدىكىنە؟ سىلىنى چاقىرىۋاتىدۇ.

فېڭجيې ئالمان - تالمان يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، باشقىدىن ئۇپا - ئەڭلىك سۈرۈپ، خۇپيو بىلەن بىللە بۇ ياققا ئۆتتى.

— قايسى كۈندىكى خەقلەر ئەۋەتكەن سوۋغاتلارنىڭ ئىچىدە قانچە ئائىلىدىن شىرمەل كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— جەمئىي ئون ئالتە ئائىلىدىن، — دېدى فېڭجيې، — بۇلاردىن ئون ئىككىسى چوڭ شىرمەل، تۆتى كاڭغا قويۇلىدىغان شىرمەل ئىكەن. ئارىسىدا جېن ئائىلىسىدىن ئەۋەتىلگەن بىر دانىسى قىزىل نەقىشلىك «كارىۋاتقا تولغان تەمتەكلەر»

سۈرەتلىك تاۋار تارتىلغان ئون ئىككى قاناتلىق ئېسىل شىرمەل ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر يۈزىگە «ئۆمۈر» دېگەن خەت ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلىپ خىلمۇخىل قىلىپ ئويۇلغانىكەن. يۇيغەي دېگىز سەركەردىسى ۋۇ ئائىلىسىدىن ئەۋەتىلگەن ئەينەكلىك شىرمەلمۇ يارايدىكەن.

— ئۇنداق بولسا، ئاشۇ ئىككىسىنى مىدىرلاتماي ئوبدان ساقلىتىپ قوي، خەققە سوۋغات قىلىمەن.

فېڭجيې خوش دەپ جاۋاب بەردى. يۈەنياڭ بىردىنلا فېڭجيېنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈزىگە تىكىلىپ قارىغانىدى، جيا ئانا ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ:

— ئۇنى تونۇمامتىڭ؟ نېمانچە قاراپلا قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— قارىسام، قاپاقلىرى ئىششىپ قاپتۇ، شۇڭا ھەيران بولۇپ قاراۋاتىمەن، — دېدى يۈەنياڭ كۈلۈپ.

— بېرى كەلگىنە، — دەپ جيا ئانا فېڭجيېنى ئالدىغا چاقىرىپ. ئاندىن ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ باقتى.

— بايا كۆزۈم قىچىشقۇدى، ئۇۋۇلىسام ئىششىپ قاپتۇ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى فېڭجيې.

— بىر كىم ئازار بەرگەن ئوخشايدۇ جۇمۇ ساڭا! — دېدى يۈەنياڭ.

— ماڭا ئازار بېرىدىغان كىم ئىكەن ئۇ؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئازار يەپ قالساممۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇنداق قۇتلۇق كۈنلىرىدە يىغلاشقا ھەددىم ئەمەس - دە.

— شۇنى دېگىنە، غىزا يەي دەپ تۇراتتىم. مەن غىزا يەۋالغۇچە سەن قاراپ تۇر، ئاشقىنىنى جيا جېن بالامنىڭ ئاغىچىسى بىلەن سەن يېگىن. ئىككىڭلار ئۇستاز بۇۋۇملەرگە ياردەملىشىپ، بۇددا تەڭرىمگە ئاتالغان پۇرچاقلاردىن پارلىشىپ بېرىپ، سىلەرمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن ساۋاب تېپىڭلار. قايسى كۈنى ھەمشىرەڭلار بىلەن باۋيۈيگە پارلاتقانىدىم، بۈگۈن

سىلەرگە پارلاتقۇزاي، مېنى ئالا كۆكۈللۈك قىلدى دەپ قالماڭلار يەنە.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، بىر شىرەگە گۈشسىز غىزا كەلتۈرۈلدى، ئىككى راھىبە غىزالاندى. ئاندىن گۆشلۈك غىزا كەلتۈرۈلۈپ، جيا ئانا يەپ بولغاندىن كېيىن قالغىنىنى تاشقىرىقى ئۆيگە چىقارتىپ بەردى. يۈشى بىلەن فېڭجيې يېگىلى باشلىغاندا، جيا ئانا شىلۈەن بىلەن سىجيېرنىمۇ ئۇ ئىككىسى بىلەن بىللە غىزا يېيىشكە چاقىردى. غىزادىن كېيىن قولىلىرىنى يۇيۇپ، كۈجە ياقتى، ئاندىن بىر شىلىڭ پۇرچاق كەلتۈرۈلدى، ئىككى راھىبە «بۇددا گاتا» دۇرۇتى ئوقۇدى. ئاندىن پۇرچاقلارنى بىر ـ بىردىن تاللاپ پۇلۇققا سالدى، ئەتىسى قاسقاندا پىشۇرغۇزۇپ تۆت كوچىغا ئاچىقتۇرۇپ، باش ـ كۆزىدىن سەدىقە قىلدۇردى. جيا ئانا قىيسىيىپ ياتقىنىچە، ئىككى راھىبەنىڭ ساۋابلىق ئىشلار توغرىسىدىكى مۇكالىمىسىنى ئاڭلىدى.

يۈەنياڭ فېڭجيېنىڭ يىغلىغانلىقىنى خۇيپودىن ئاڭلىغان ۋە پىڭئېردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالغانىدى. ئاخشىمى كىشىلەر تارقىلىشقاندىن كېيىن، جيا ئانىغا:

— ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا يىغلاشنى يىغلاپتۇ، نېرىقى هويلىدىكى چوڭ ئاغىچا خېنىم خەقلەرنىڭ ئالدىدىلا ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ يۈزىنى يەر قىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— نېمە سەۋەبتىن؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

يۈەنياڭ بولغان ئىشنى دەپ بەردى.

— فېڭجيې قىزنىڭ ئاشۇنداق قىلغىنى ئىشنىڭ يولىنى بىلگەنلىكى، — دېدى جيا ئانا، — مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، قول ـ چاكارلارنىڭ بىر جەمەت غوجايىنلارنى رەنجىتىشىگە يول قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا بولامدىكەن؟ چوڭ ئاغىچا خان ئادەتتە قورسىقىدا غۇم ساقلاپ، دەردىنى ئالالماي يۈرگەچكە، بۈگۈن ئەتەي شۇنى باھانە قىلىپ خەقنىڭ ئالدىدا فېڭجيېنى يەرگە قاراتقانلىقى مانا مەن دەپ

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇغۇ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا باۋچىن كىرىپ قېلىپ، جيا ئانا گېپىنى توختىتىۋالدى. جيا ئانا شىلۇەن بىلەن سىجېيىرنى ئېسىگە ئېلىپ، باغدىكى خىزمەتكار ئاياللارغا: «ئۆز ئائىلىمىزدىكى خان قىزلاردىن قانداق خەۋەر ئالسا بۇلاردىنمۇ شۇنداق خەۋەر ئالسۇن. بىرەرىنىڭ ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالىدىغان بولسا ئۇنى كەچۈرمەيمەن!» دەپ گەپ تاپىلاپ كىشى بۇيرۇدى. خىزمەتكار ئايال خوش دەپ ماڭاي دېيىشىگە، يۈەنياڭ:

— مەن بېرىپ دەپ قوياي، ئۇلار بۇنىڭ گېپىنى ئاڭلامتى؟ — دېدى ـ دە، ئۇدۇل باغقا كىردى. ئاۋۋال خۇشبۇي شالزارغا كەلدى، لى ۋەن بىلەن يۈشى خېنىم بۇ يەردە يوق ئىكەن. دېدەكلەردىن سورىغانىدى، ئۇلار:

— ئۈچىنچى خان قىزنىڭ ئۆيىدە، — دەپ جاۋاب بەردى.

يۈەنياڭ كەينىگە يېنىپ، روشەن زۇمرەت ئايۋانىغا كەلدى. باغدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار يۈەنياڭنى كۆرۈشى بىلەنلا:

— بۇ يەرگە نېمە بار دەپ قاتراپ كەلدىڭ؟ — دېدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— مېنى تاماشا قىلدۇرمامتىڭلار؟ — دېدى كۈلۈپ يۈەنياڭ ۋە جيا ئانىنىڭ تاپىلىغان گېپىنى يەتكۈزدى. لى ۋەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، گەپكە قۇلاق سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، باشقىلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى جېكىلىدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھەممە ئىشنى ئويلاپ يېتىدۇ، — دەپ كۈلدى يۈشى، — بىزدەك مەزمۇت ياشلاردىن ئۇننى بىر قىلسىمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يېتەلمەيمىز.

— فېڭجيې خان ھوشيار بولغاچقا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئوبدانلا سوغدىشىپ ماڭالايدۇ، بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، —

دېدى لى ۋەن.

— ۋاي - ۋۇي! يەنىلا شۇ «فېڭجىيې خان»، «مېڭجىيې خان» نىڭ گېپى، — دېدى يۈەنياڭ، — ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى دېسە، ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىچ ئاغرىتقۇسى كېلىدۇ! نەچچە يىل بولدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىدا بىرمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىدى، شۇنداقتىمۇ جىق ئادەمنى ئۆزى بىلىپ - بىلمەستىن رەنجىتىپ قويدى. قىسقىسى، كىشىلەرگە ياخشى بولماق تەس گەپ ئىكەن. تولىمۇ ياۋاش بولۇپ كېتىپ، ئۇستىلىق ئىشلىتىشنى ئۇقمىسا، قېيىنئانا بولغۇچىمۇ بەك ياۋاش كۆرۈپ قالىدىكەن، خەقلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھېيىقمايدىكەن. ئانچە - مۇنچە ئۇستاتلىق ئىشلەتسە، بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالغىنى بىلەن، يەنە بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىدىكەن. بۇ ئائىلىمىزغۇ بەك ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ. يېڭىدىن تۆرگە چىققان تۆۋەندىكى ئاغىچىلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇسىغا قېنىپ يۈرگەچكە، قانداق قىلسا ئوبدان بولاركىن دەپ نېمە قىلىشنى ئۇقمايۋاتىدۇ، سەللا دىتىغا ياقماي قالسا ياكى كەينىدىن غاجايدۇ، يا بولمىسا چېقىمچىلىق قىلىشىدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بۇ توغرىدا تىنماي كېلىۋاتىمەن. ئۇنداق قىلماي، دەپ قويىدىغان بولسامغۇ ھېچ كىمنىڭ كۆڭلى ئارام تاپالمايدۇ. تەنچۈن قىزنىڭ ئالدىدا دەۋاتقىنىم ئەمەس، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باۋيۈيگە قەۋەتلا ئامراق، بەزىلەر كەينىدىن ئاغرىنىپ گەپ قىلسا ئۇنىڭ كارى چاغلىق، ناھايىتى شۇ ئالا كۆڭۈللۈك قىلدى، دەيدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تەنچۈن قىزغا ئامراقلىق قىلغىنىغا بەزىلەرنىڭ غوتۇلدىغىنى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بۇ گەپكە كىشىنىڭ كۈلگۈسى كەلمەمدۇ؟

— ھاماقەتلەر تولا، ئۇلارنىڭ قايسىبىرى بىلەن تەڭ كېلىپ ئۆلگۈرگىلى بولاتتى؟ — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — بىزچۇ كالتە كۆسەي خەقلەرگىمۇ يېتەلمەيدىكەنمىز، ئۇلار نامرات بولسىمۇ، ئەتىدىن كەچكىچە ئانا - باللار خۇشال - خۇرام، كۆڭۈللۈك

ئۆتۈشىدىكەن. بىزدەك ئادەملەرنى، خەقلەر، پۇل ـ دۇنيادىن غېمى يوق، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ياشايدىغان كىشىلەردۇ، دەپ قارايدۇ، بىزنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىمىزنىڭ ئېيتقۇسىز دەرىجىدە يامان ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ!

ــ سەندەك گاشاتخور ئادەمدىن يەنە تېپىلارمۇ؟ ــ دېدى باۋيۇي، ــ مەن ھەمىشە ساڭا دەپ كېلىۋاتىمەن، ئۇنداق چاكىنا گەپلەرگە قۇلاق سالما، ئۇنداق چاكىنا ئىشلارنى ئويلىما، كۆرۈۋاتقان دۆلىتىمىزگە شۇكۇر قىلىپ، شان ـ شۆھرىتىمىزنىڭ قەدرىگە يەتسەكلا بولىدى، بىز دېگەن ئۇنداق راھەت ـ پاراغەت نېسىپ بولمىغان ئادەملەردەك پەلىپەتىش يۇرۇۋېرىدىغانلاردىن ئەمەس.

ــ ھەممە ئادەم سەندەك قىلچە غەم يېمەس ئەمەس! ــ دېدى يۈشى، ــ سەنچۇ، ھەمشىرىلەر بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈشنىلا بىلىسەن، قورسىقىڭ ئاچسا يەيسەن، مۈگدىسەڭ ئۇخلايسەن، بىرقانچە يىلدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداقلا ئۆتۈۋېرىمەن دەپ، كېيىنكى ئىشلاردىن غەممۇ يەپ قويمايسەن.

ــ ھەمشىرىلىرىم بىلەن بىر كۈن بولسىمۇ بىللە ئۆتسەملا بولدى، ئۆلسەم تۈگەيدۇ شۇ، كېيىنكى ئىشلار بىلەن نېمە كارىم! ــ دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

ــ يەنىلا بىلجىرلاشقا باشلىدى بۇ! ــ دېدى لى ۋەن ۋە باشقىلار كۈلۈشۈپ، ــ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دەپ سېنى دېسە بولىدۇ. ھەمىشە ئۇلار بىلەن مۇشۇ يەردە بىللە ئۆتىمەن دەپ ئويلامسەن؟ سېنىڭچە، ھەمشىرىلىرىڭ ياتلىق بولمايدىكەن ـ دە!

ــ خەقلەر سېنى دۇنياغا بىھۇدە تۆرەلگەن دەپ بىكار دېمەپتىكەن، راستلا ھاماقەت نېمە ئىكەنسەن! ــ دېدى كۈلۈپ يۈشى.

ــ بۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى بىلمەك تەس، كىم ئۆلۈپ، كىم قالاتتى؟ ــ دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، ــ مەن بۈگۈن ـ ئەتە ياكى

بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆمۈرلۈك مۇرادىمغا يەتكەن بولىمەن!

— تېخىمۇ ئالجىغىلى باشلىدىغۇ بۇ، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى باشقىلار، — ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەيلا قويغان ياخشى، گەپلەشسىلا ياكى دۆگىنىلارچە گەپ قىلىدۇ، ياكى بولمىسا ئالجىغاندەك سۆزلەيدۇ.

— باۋيۈي ئاكا، ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى كۈلۈپ شىلۈەن، — بۇ يەردىكى ئاچىلىرىم ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، هامان ئۆلۈغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنىڭ يالغۇزلۇقتىن ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا مەن كېلىپ سىزگە ھەمراھ بولىمەن.

— سەنمۇ ئۇنداق دۆگىنىدەك گەپ قىلما، سەنمۇ ياتلىق بولماي قالامتىڭ؟ — دەپ كۈلدى لى ۋەن بىلەن يۈشى.

بۇ گەپ بىلەن شىلۈەن ئىزا تارتىپ كېتىپ يەرگە قارىۋالدى. جېسەكچى چىقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ھەممەيلەن ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ ئارام ئېلىشتى.

يۈەنياڭ ئۇدۇل قايتىپ، باغنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە، يان ئىشىكنىڭ تېخى تاقالماي قىيا ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. باغقا كىرىپ ـ چىققۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن، نۆۋەتچىلەرنىڭ ئۆيىدە چىراغ غۇۋا يېنىقلىق، ئاي خېلىلا كۆتۈرۈلگەنىدى. يۈەنياڭ يېنىغا ھەمراھىمۇ ئالماي، پانۇسمۇ كۆتۈرمەي، ئۆزى يالغۇز شىپ ـ شىپ مېڭىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى نۆۋەتچىلەر تۇيماي قالغانىدى. ئۇ تەرىتى قىستاپ، كۆتۈرمە يولدىن چۈشۈپ ئوت ـ چۆپلەر شالاڭراق جاينى ئىزدەپ ماڭدى. بامبۇكلۇق قورام تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، دالچىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئەمدىلا ئوڭ يانغا بۇرۇلۇشىغا، كىيىمىنىڭ شىرتىلدىغىنى ئاڭلىنىپ چۆچۈپ كەتتى. يۈرىكىنى سەل توختىتىۋېلىپ، سەپسېلىپ قارىۋىدى، شۇ يەردىلا ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇلار يۈەنياڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، دەرەخ تۈۋىدىكى تاشنىڭ كەينىگە مۈكۈۋالماقچى بولغانىدى، يۈەنياڭنىڭ كۆزى ئىتتىك بولغاچقا، يېرىم ـ يارتا چۈشكەن ئاي يورۇقىدا، قىزىل جۇيازا كىيگەن، پاخماق باش، قامەتلىك بىر كىمنى، يەنى يىڭچۈننىڭ ھۇجرىسىدىكى سىچىنى كۆرۈپ قالدى. يۈەنياڭمۇ ئۇنى، مۇشۇ يەرنى ئەپ كۆرۈپ كەلگەن باشقا بىر قىز ئوخشايدۇ، مېنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ئەتەي مۆكۈۋېلىپ، مېنى قورقۇتۇپ ئوينىماقچى بولسا كېرەك، دەپ چاغلاپ:

— سىچى، بۇ ياققا چىق، مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭ، بولمىسا «ئوغرى» دەپ ۋارقىرايمەن. چوپچوڭ بولۇپ قالغان قىزمۇ كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئويۇنغا تويمايدىكەنسەن ! — دېدى.

بۇ ئەسلىدە يۈەنياڭنىڭ ئۇنى بۇ ياققا چىق دەپ ئويناشقان گېپى ئىدى. لېكىن، ئۇ قىزنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك بولغاچقا، يۈەنياڭ مېنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىمنى كۆرۈپ قاپتۇ، ۋارقىراپ تاشلىسا باشقىلار بىلىپ قېلىپ، تېخىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەنياڭ باشقىلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ قىزغا يۈەنياڭنىڭ كۆڭلى يېقىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ قىز دەرەخنىڭ كەينىدىن ئىلدام چىقىپ، يۈەنياڭغا كاپلا ئېسىلدى ـ دە، يۈكۈنۈپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— خېنىم ئاچا ! ھەرگىزمۇ ئۈنىڭىزنى چىقارمىسىڭىز !

يۈەنياڭ ئۇنىڭ نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقالماي تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟

سىچى زۇۋان سۈرمەي، غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى. يۈەنياڭ تېخىمۇ ھەيران بولدى، نېرىسىغىراق يەنە بىر سىنچىلاپ قاراپ باققانىدى، يەنە بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ، ئۇ مۇلازىم بالىدەك بىلىندى. يۈەنياڭ ئەھۋالنى خېلى ئوبدانلا پەملەپ، بىردىنلا ئىزا تارتىپ يۈرەكلىرى گۈپۈلدەپ، قورقۇشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ئاۋۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.
— بىر نەۋرە ئاكام، — دەپ جاۋاب بەردى سىچى يەنە يۈكۈنۈپ.
يۈەنياڭ «تۇفى» دەپ تۈكۈرۈپ قويدى، ئىزا تارتقىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.
— بولدى، يوشۇرۇنمايلا قوي، ئاچام كۆرۈپ قاپتۇ، چاپسان كېلىپ باش قويغىن، — دېدى ئاستا سىچى كەينىگە قاراپ.
ھېلىقى مۇلازىم بالا نائىلاج دەرەخنىڭ كەينىدىن چىقىپ، توكۇلدىتىپ باش قويۇۋەردى. يۈەنياڭ كەينىگە بۇرىلىپلا ماڭاي دېيىشىگە، سىچى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ يالۋۇردى:
— ئاچا، بىزنىڭ جېنىمىز سىزنىڭ قولىڭىزدا، جېنىمىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!
— بولدى، تولا گەپ قىلما، ئاۋۇنى چاپسان بۇ يەردىن چىقىرىۋەت. ھېچكىمگە دېمىسەملا بولدىغۇ، بۇ قىلىقىڭنى نېمە دېسە بولاركىنتاڭ!
شۇ ئەسنادا يان ئىشكتىن بىركىمنىڭ: «يۈەنياڭ قىز چىقىپ كەتتى، يان ئىشككە قۇلۇپ سېلىپ قويۇڭ» دېگىنى ئاڭلاندى. سىچى چىڭ ئېسىلىۋالغاچقا، يۈەنياڭ ئۇنىڭدىن بوشىنالماي تۇراتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، يۈەنياڭ:
— مەن بۇ يەردە، ئازراق ئىشىم بار، مەن چىقىۋالغۇچە سەل تۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى.
سىچى نائىلاج ئۇنى قويۇپ بەردى، يۈەنياڭ باغدىن چىقىپ كەتتى. ئاندىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# يەتمىش ئىككىنچى باب

## ۋاڭ شىفېڭنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاغرىق دېيىشتىن نومۇس قىلغانلىقى
## لەي ۋاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆز ھىماتىغا تايىنىپ خەقنى قوۋدا چۆشۆشكە زورلىغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، يۆەنياڭ يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ ياناتتى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. بۇ ھەقىقەتەن خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇيغا چۆمدى: «بۇ ئىش يامان بوپتۇ. ئەگەر ئېغىزدىن چىقىپ كېتىدىغان بولسا، بۇزۇقچىلىق بىلەن ئوغرىلىق قوشۇلۇپ خەقنىڭ جېنىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، يەنە تېخى باشقىلارغىمۇ كاساپىتى تېگىشى تۇرغان گەپ. بەربىر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغاندىن كېيىن، ئىچىمگە سىغدۇرۇۋېتەيمەنمۇ، ئاغزىمدىن چىقارمىساملا خەقمۇ ئۇقمايدىغۇ.» ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، جيا ئانا بۇيرۇغان ئىشنىڭ جاۋابىنى بەردى، ھەممەيلەن ئارام ئېلىپ ياتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

سىچى كىچىكىدىن ھامىسىنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، كىچىك چېغىدا بالىلىق قىلىپ ئوينىشىپ، چوڭ بولغاندا ئېلىشمايمىز ـ تېگىشمەيمىز دەپ ۋەدە قىلىشقانىدى. ئەمدى چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى چىراي ـ تۇرقى يېتىلىپ باشقىچىلا بولۇپ قالغانىدى. ھەر قېتىم سىچى ئۆز

ئۆيگە كەلگەندە، ئىككىسى قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىشىپ بىر - بىرىگە بولغان كونا ئىشقىنى ئۈزەلمەي، پەقەت قول سىلىشالمايلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى ئاتا - ئانىلىرىنى ئۇنىماسمىكىن دەپمۇ ئەنسىرىشەتتى. شۇڭا، ئۇلار بىرسى باغنىڭ ئىچىدە، بىرسى سىرتىدا تۇرۇپ، بىر ئامال بىلەن باغدىكى خىزمەتكار مومايلارنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىشككە قارىتىپ قوياتتى، بۈگۈنمۇ ئۇلار مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ باغقا كىرىشكەندى. ئۇلار تۈنجى قېتىم ئىشىنىڭ ئېپىنى كەلتۈرۈپ، تېخى ئەر - خوتۇن بولۇشمىسىمۇ، ۋەدە قىلىشىپ، قەسەم ئىچىشىپ، بىر - بىرىگە نىشانلىق بېرىشىپ، كۆيدۈم - پىشتىم دەپ تۇرۇشاتتى، بىردىنلا يۈەنياڭنى كۆرۈپ قېلىپ چۆچۈپ كېتىشتى، ئۇ مۇلازىم بالا گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنىڭ دالدىسى بىلەن يان ئىشىكتىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

سىچى پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي، كېچىچە بىر ئۇخلىمىدى. ئەتىسى ئۇ يۈەنياڭنى كۆرۈپ، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ بەك خىجىل بولدى، قورسىقىنىڭ ئاغرىقى بولغاچقا، كۆڭلى غىزاغا تارتماي، ئولتۇرسا - قوپسا كۆڭلى دەككە - دۈككىدىلا بولۇپ يۈردى. ئىككى كۈنگىچە ھېچقانداق تىۋىش بولمىغاندىن كېيىن، يۈرىكى ئازراق ئىزىغا چۈشكەن بولدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇشتۇمتۇت بىر موماي كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ھاممىڭىزنىڭ ئوغلى قېچىپ كېتىپتۇ، كەلمىگىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولدى، ھازىر تەرەپ - تەرەپكە ئادەم چىقىرىپ ئۇنى ئىزدەۋاتىدۇ، — دەپ شىۋىرلاپ قويدى.

سىچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىتىلداپ كەتتى، ئاچچىقىمۇ كەلدى ھەم قايغۇردى. «بولار ئىش بولغاندىن كېيىن، ئۆلسەكمۇ بىر يەردە ئۆلسەك بولاتتىغۇ. راستلا ئەركىشى دېگەننىڭ ئىشقى بولمايدىكەن - دە، مەندىن بۇرۇن قېچىپ كەتكىنىنى قارا» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يەنە بىر ئەلەم قېتىلدى. ئەتىسى

كۆڭلى غەش بولۇپ تاۋى قاچتى، ھېچ بەرداشلىق بېرەلمەي، بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ ئاغرىپ قالدى.

يۈەنياڭ ئۇ تەرەپتىكى بىر مۇلازىمنىڭ سەۋەبسىز قېچىپ كەتكەنلىكىنى، باغدا سىچىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ سىرتقا چىقىرىۋېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «ئىككىسى مېنى ئېيتىپ قويارمىكىن دەپ، ئۆز گۇناھىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلغان ئوخشايدۇ» دېگەن يەرگە كېلىپ، خىجىل بولدى ۋە شۇ ئاندىلا سىچىنى يوقلاپ كەلدى. ھۇجرىدىكىلەرنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، قەسەم ئىچىپ سىچىغا شۇنداق دېدى:

— ئەگەر سېنىڭ ئىشىڭنى بىرسىگە ئېيتىدىغان بولسام، شۇ يەردىلا تىن تارتماي ئۆلەي ! سەن خاتىرجەم بولۇپ كېسىلىڭنى ئوبدان باق، كىچىككىنە جېنىڭنى بىكاردىن ـ بىكار نابۇت قىلما !

— جېنىم ئاچا ! — دېدى سىچى يۈەنياڭغا ئېسىلغان پېتى يىغلاپ، — بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىر ـ بىرىمىزگە يامىشىپ ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەلدۇق، سىز مېنى يات كۆرمىدىڭىز، مەنمۇ سىزگە يۈزى سۆرۈنلۈك قىلمىدىم. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە مەن خاتا قەدەم بېسىپ قويۇپتىمەن، ئەگەر راستىلا بۇ ئىشنى بىرسىگە ئېيتىپ قويمايدىغان بولسىڭىز، سىزنى ئۆز ئۈمىنىڭ ئانىسى ئورنىدا كۆرىمەن ! بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىر كۈن ئۆمۈر كۆرسەم، شۇ بىر كۈنىمۇ سىزنى بەرگەن دەپ قارايمەن. ساقىيىپ قالىدىغان بولسام، سىزنى ئۆمۈرلۈك چوقۇنىدىغان ئادىمىم قىلىپ، ھەر كۈنى كۈجە كۆيدۇرۇپ باش قويۇپ، سىزنىڭ ئۆمۈرۋايەت بەختلىك بولۇپ ئۇزۇن ياشىشىڭىزنى تىلەيمەن. ئەگەر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسام، روھىم ئىت ـ ئېشەككە ئايلىنىپ، قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ياندۇرسۇن ! ناۋادا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، كېيىن يەنە ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولساق، قىلغان ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن قەرزىمنى ئادا قىلىمەن، — ئۇ سۆزلەپ تۇرۇپ يىغلايتتى.

بۇ گەپلەردىن يۈەنياڭنىڭ دىلى ئېرىپ، ئۇمۇ يىغلىۋەتتى:
— سەن ھازىر ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىۋاتىسەن! — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — مەن نېمىدەپ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ، نامىڭنى بۇلغاپ بىكاردىن - بىكارغا خەققە سۆز - چۆچەك قىلىپ بېرىدىكەنمەن؟ بۇ ئىشنىڭ خەققە دېيىشكە مەنمۇ خىجىل بولىمەن. بۇنىڭدىن سەن خاتىرجەم بول، ساقىيىپ قوپقىنىڭدىن كېيىن، ئۆز نېسىۋەڭگە شۈكۈر قىلىپ، ئۇنداق ئىشلارنى قىلماي جىم يۈرگىن.
سىچى بېشىنى ياستۇققا قويغىنىچە لىڭشىتىپ تۇردى. يۈەنياڭ ئۇنىڭغا يەنە بىر قۇر تەسەللى بېرىپ قايتىپ چىقتى. كېتىۋېتىپ جىيا ليەنىنىڭ ئۆيىدە يوقلۇقىنى، بىر - ئىككى كۈندىن بۇيان فېڭجيېنىڭ رەڭگىرويى سولىشىپ، ئۆتكەن كۈنلەردىكىدىن ئۆزگىچە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ فېڭجيېنىڭ ھويلىسىغا كىرىشى بىلەنلا، ئارا ئىشىكتىكىلەر ئۇنى كۆرۈپ دەررۇ ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ، ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكۈچە ئۆرە تۇرۇشتى. يۈەنياڭ دالانغا كىرىشكە پىڭئېر ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ يۈەنياڭنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈلۈمسىرەپ:
— يېڭىلا بىر چىشلەم غىزا يەپ چۈشلۈك ئارام ئېلىشقا ياتتى. ماۋۇ ئۆيدە بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى كۈسۈرلاپ.
يۈەنياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پىڭئېر بىلەن كۈنچىقىش تەرەپتىكى ھۇجرىغا ئۆتتى. چۆرە قىز چاي ئېلىپ كىردى.
بىر - ئىككى كۈندىن بۇيان كېلىن ئاغىچاڭغا نېمە بولدى؟ يېقىنقىنىڭياقى سەپسالسام، سولىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ سورىدى يۈەنياڭ ئاستاغىنا.
پىڭئېر ھۇجرىدا ھېچكىم بولمىغاچقا، ئۇنىڭ سوئالىغا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ بۇنداق سۆلىشىپ قېلىشى بوگۈنلا باشلانغان ئىش ئەمەس، بىر ئاي بۇرۇنلا مۇشۇنداق بولۇپ قالغان. بىرنەچچە كۈن ئالدىراپ ـ تېنىگەنىنىڭ ئۈستىگە يوقىلاڭ ئىشقا چېچىلىپ، يېڭىباشتىن ئۆزىگە دەرد تېپىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن كېسەل ئۈستىگە كېسەل چاپلىشىپ، بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر بولالماي قالدى.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا بالدۇرراق تېۋىپقا كۆرۈنۈپ داۋالانمايدۇ؟ — دېدى يوەنياڭ.

— ۋاي جېنىم ئاچا، — دېدى پىڭئېر چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — سەن تېخى ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۇقمامسەن؟ تېۋىپقا كۆرۈنۈپ دورا يېسىلە دېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ھالىغا چىدىماي «مىجەزلىرى قانداقراق؟» دەپ بىر ئېغىز سوراپ قويغىنىمغا ئاچچىقى كېلىپ، مېنى سەن قارغاپ كېسەل قىلىپ قويدۇڭ، دەۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇنداقلىقىغا قارىماي، ھەر كۈنى يەنە ئۇنى ـ بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ تۇرىدۇ، يا ئۆزىنىڭ ھالىغا ئۆزى يېتىپ ئۆزىنى ئاسرىمايدۇ!

— شۇنداقتىمۇ، تېۋىپقا كۆرسىتىپ نېمە كېسەللىكىنى بىلىپ باقسا ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى تىناتتى ـ دە، — دېدى يوەنياڭ.

— ئۇنىڭ كېسىلى، مېنىڭچە، ئادەتتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك كېسەللەردىن ئەمەس! — دېدى پىڭئېر چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ.

— نېمە كېسەل ئىكەن؟ — دەپ سورىدى يوەنياڭ.

يوەنياڭ بۇنى سوراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پىڭئېر ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ:

— ئۆتكەن ئايدا ئۇ ھەيز كۆرگەندىن كېيىن، بىر ئاينىڭياقى توختىماي خۇن كېلىۋاتىدۇ. بۇ چوڭ كېسەل بولماي نېمە؟ — دېدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

يوەنياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا:



www.uyghurkitap.com

— ۋىيەي ! ئۇنداق بولسا «خۇن كېسىلى» بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟ — دېدى.

پىڭئېر شارتلا بىرنى تۇكۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىن يەنە ھىجىيىپ تۇرۇپ ئاستاغىنا:

— سەن قىز بالا تۇرۇپ نېمە دېگەن گېپىڭ بۇ؟ ئادەم قارغاشنىمۇ بىلىدىكەنسەن ـ ھە ! — دەپ قويدى.

يۈەنياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى، ئارقىدىن كۈلۈپ كېتىپ، شىۋىرلاپ شۇنداق دېدى:

— خۇن كېسىلى، پۇن كېسىلى دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، مېنىڭ ئاچاممۇ مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ دەسلەپتە ئۇنىڭ نېمە كېسەللىكىنى ئۇقمايتتىم. كېيىن ئانام بىلەن قۇدا ئانىمىزنىڭ قىلىشقان پارىڭى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. باشتا ئۇقماي ئىچىم پۇشۇپ يۈرەتتى، كېيىن ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇ كېسەلنى ئانچە ـ مۇنچە بىلىپ قالدىم.

ئىككىسى تازا پاراڭلىشىۋاتاتتى، بىر چۆرە قىز كىرىپ پىڭئېرگە:

— بايا جۇ ئانىكام يەنە كەپتىكەن، بىز ئۇنىڭغا: «كېلىن ئاغىچا تېخى يېڭىلا چۈشلۈك ئۇيقۇغا ياتتى» دېيۋىدۇق، ئۇ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۆر ئۆيىگە كەتتى، — دېدى. پىڭئېر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— قايسى جۇ ئانىكا ئۇ؟ — دەپ سورىدى يۈەنياڭ.

— ھېلىقى دەللە جۇ يەڭگىچۇ. سۇن ئامبال دېگەن بىرسى بىزگە كۇيۇئوغۇل بولماقچى بوپتىكەن، شۇڭا ئۇ ئىككى كۈننىڭ ياقى ئايىغى ئۈزۈلمەي باغاق توشۇپ كىشىنى بىزار قىلىۋەتتى، — پىڭئېر شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا بىر چۆرە قىز يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئوتتۇرانچى بېگىم كەلدى ! — دەپ خەۋەر قىلدى.

ئاڭغىچە جيا ليەن دالاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ بولدى،

پېڭئېر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، جيا لېن پېڭئېرنىڭ شەرقىي ھۇجرىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ھۇجرىغا ماڭدى ۋە ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كاڭدا ئولتۇرغان يۈەنياڭغا كۆزى چۈشتى ـ دە، قەدىمىنى توختىتىپ، كۈلگەن پېتى:

— يۈەنياڭ ئاچا، بۈگۈن مۇبارەك قەدىمىڭ بىزنىڭ بۇ غېرىبخانىمىزغا يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى.

يۈەنياڭ ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ، تەبەسسۇم بىلەن:

— بېگىم بىلەن كېلىن ئاغىچا خېنىمنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى سوراپ كېلىشۈدىم، كەلسەم، بىرسى ئۆيدە يوق ئىكەن، بىرسى ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدى.

— ئاچىمىز بۇزرۇكۋار ئانىمىزنى كۈتمەن دەپ يىل بويى جاپا چېكىۋاتسا، مەن بېرىپ سېنى يوقلىماقتا يوق، سەن ئاچىمىزنى ئاۋارە قىلىپ بىزنى يوقلىتىشقا ھەددىمىزمۇ ! — دېدى جيا لېن ھىجىيىپ. ئاندىن يەنە، — ئەجەبمۇ ۋاقتىدا كەپسەن، مەن تېخى سېنىڭ قېشىڭغا بارماقچىدىم. مۇنۇ تون بەك ئىسسىتىۋېتىپ، ئۆيگە كېلىپ يەڭگۈشلەپ، يەكتەك كىيىپ ئاندىن باراي دېگەنىدىم، تەلىيىمگە تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ مېنىڭ يولۇمنى قىسقارتىپتۇ، — دېدى ـ دە، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— يەنە نېمە گەپ بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى يۈەنياڭ.

جيا لېن ئاۋۋال بىر ھىجىيىۋېتىپ، ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— مەن بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، شۇ ئىش ئاچامنىڭ ئېسىدە بارمىكىن: ئۆتكەن يىلى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، بىر مۇساپىر راھىب مومدىن ياسالغان بىر بەرغەمۇتنى سوۋغا قىلىۋىدى. ئۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپ، دەررۇلا ئۇنى ئۆيگە تىزدۇرۇپ قويغان. ئۇلۇشكۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا، مەن ئاسارئەتىقىلەر تىزىملىكىگە قارىسام، شۇ بەرغەمۇتمۇ تىزىملىكتە بار ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ ھازىر نەدە

ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئاسارئەتىقەخانىغا قارايدىغان كىشىمۇ ماڭا ئىككى قېتىم ئېيتتى، مەن بۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، تىزىملىككە ئەسكەرتىپ قويساق بولىدۇ، دېدىم. شۇڭا، ئاچامدىن سورايدىغىنىم: ئۇ نەرسە ھېلىمۇ ئۇلۇغ ئاغچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە تىزىقلىقمۇ ياكى بىركىمگە بېرىۋەتكەنمۇ؟

يۈەنياڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۈنداق دېدى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇ نەرسىدىن زېرىكىپ خېنىملىرىغا بېرىۋەتكەن. ئەمدى بولغاندا مەندىن سوراۋاتىدىلىغۇ؟ ئاي ـ كۈنىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، لاۋ ۋاڭنىڭ ئايالىدىن ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم. سىلى ئۇنتۇپ قالغان بولسىلا، خېنىملىرى بىلەن پىڭئېردىن سوراپ باقسىلا.

پىڭئېر جيا ليەننىڭ يەڭگۈشلەيدىغان كىيىمنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەنىدى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپلا ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقتى ـ دە، شۈنداق دېدى:

— ئۇنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، ھازىر بالىخانىدا تۇرۇپتۇ. خېنىم شۇ چاغدىلا ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى دەپ قويغان تۇرسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ قېلىپ تىزىملىماستىن، ئەمدى كېلىپ بۇنداق يوقىلاڭ ئىش توغرىسىدا كاپشىپ كېلىشىپتۇ.

ئۇنى كېلىن ئاغىچاڭغا بەرگەن بولسا مەن نېمىدەپ ئۇقمايمەن، مېنىڭدىن يوشۇرۇپتىكەنسىلەر ـ دە ! — دېدى جيا ليەن ھېجىيىپ.

— خېنىم سىلىگە دېگەندە، سىلى قوپۇپ ئۇنى بىرىگە سوۋغا قىلىمەن دېۋىدىلە، خېنىم ئۇنىماي مىڭبىر تەسلىكتە ئېلىپ قالغانىدىغۇ؟ — دېدى پىڭئېر، — ئەمدىلىكتە ئۆزلىرى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىزنى يوشۇرۇپسىلەر دەيدىلىغۇ؟ ئۇ قانچىلىك بىر ئېسىل نېمە ئىدى ! ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسىلەپ ياخشى نەرسىلەرنىمۇ سىلىدىن بىرەر قېتىممۇ يوشۇرۇپ باقمىغان ئادەم، ئەمدى كېلىپ بىر تىيىنگە يارىمايدىغان ئاشۇ بىرنېمىگە

كۆزىمىز چۈشۈپ قالارمۇ؟

جىيا لىيەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھىجايغىنىچە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، ئالقىنىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— راستلا كاللام ئېلىشىپ قاپتۇ جۇمۇ! ئۇنتۇغاقلىق قىلىپ كىشىنى رەنجىتىپتىمەن. ھەي، ھازىر ئىلگىرىكىگە جىق ئوخشىماي قېلىۋاتىمەن، — دېدى.

— سىلىدىن ئاغرىنىشقىمۇ بولمايدۇ، — دېدى يۈەنياڭ كۈلۈپ، — ئىشمۇ كۆپ، گەپ - سۆزمۇ تولا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قەدەھ ئىچىۋالسىلا ئۇ ئىشلار ئەسلىرىدە قالامتى؟ — يۈەنياڭ شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، جىيا لىيەنمۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئوبدان ئاچا، بىردەم ئولتۇرغىن، ئىنىمنىڭ سەندىن ئۆتۈنىدىغان يەنە بىر ئىشى بار ئىدى، — دەپ، ئارقىدىن چۆرە قىزنى تىللاپ، — نېمىشقا ئوبدان چايدىن دەملەپ كېلىشمەيسەن؟ قاپقاقلىق پاكىز چىنىگە تۈنۈگۈن تارتۇق قىلىپ ئەۋەتىلگەن يېڭى چايدىن دەملەپ چىقىش! — دېدى - دە، يەنە يۈەنياڭغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىككى كۈنىنىڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىمىز دەپ، يېنىمىزدا بار بىرنەچچە مىڭ سەر كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىۋەتتۇق. بىرقانچە جايلاردىكى ئۆيلەرنىڭ، يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققى توققۇزىنچى ئايدا قولغا تېگىدۇ، ھازىر پۇلدىن ئۈزۈلۈپ قالدۇق. ئەتە نەنئەن جۇنۋاڭ قەسرىگە سوۋغاتلىق ئاپىرىدىغان گەپ. ئاندىن خانىش ئۈچۈن توققۇزىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنىدىكى بايرامغا تەييارلىق قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرقانچە خانىدانغا تويلۇق، ئۆلۈملۈك ئۈچۈن ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان ئىشلارمۇ بار. بۇلارغا ئاز دېگەندە ئىككى - ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش كېتىدۇ، دەماللىققا بۇنچە پۇلنىڭ ئورنىنى قىلماقمۇ تەس، «ئۆزگىنىگە يالۋۇرغۇچە، ئۆزگە يالۋۇر» دېگەن ماقال توغرا ئېيتىلغانىكەن. شۇڭا، ئاچا، سېنى

مۇشۇ ئىشنى ئۇستىگە ئالالامدىكىن، بولسا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش جابدۇقلىرىدىن ئوغرىلىقچە بىر ساندۇق ئاچقىپ بەرگەن بولساڭ، بىرنەچچە مىڭ سەر كۈمۈشكە گۆرۈڭگە قويۇپ ئىشلىتىپ تۇرساق، يېرىم ئايغا قالمايلا قولغا پۇل تېگىدۇ. شۇ چاغدا گۆرۈڭگە قويغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرەتتىم، سېنى ئوتتۇرىدا خىجىل قىلىدىغان ئىش زادىلا بولمايتتى.

— ھىيلە ئىشلىتىشكىمۇ ئۇستىكەنلا! قانداق ئويلاپ تاپتىلىكىن بۇ ئەقىلنى! — دېدى يۈەنياڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ كۈلگىنىچە.

— يالغان گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق! — دېدى جيا لىيەن ھىجىيىپ، — گەپ قىلىپ كەلسەم، سەندىن باشقا مىڭ سەرلەپ كۈمۈشنى ئۇيان ـ بۇيان قىلالايدىغان ئادەملەرغۇ بار، بىراق ئۇلار خەقنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ساڭا ئوخشاش ئوڭلۇق، يۈرەكلىك ئەمەس. مەن ئۇلارغا بۇ گەپنى شۇنداقلا دەيدىغان بولسام، ئۇلار قورقۇپ قېتىپلا قېلىشىدۇ. شۇڭا، مەن «تۆت جەزنى ئۈچ مىڭ قېتىم ئۇرغاندىن كۆرە، ئالتۇن قوڭغۇراقنى بىر قېتىم چالاي»① دېدىم، — جيا لىيەن شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، جيا ئانىنىڭ يېنىدىن بىر چۆرە قىز يۈەنياڭنى ئىزدەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ كەلدى:

— ئاچا، سىزنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چاقىرىۋاتىدۇ، باياتىندىن بېرى سىزنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، بۇ يەردە ئىكەنسىز.

يۈەنياڭ دەرھال تۇرۇپ جيا ئانىنىڭ قېشىغا ماڭدى. يۈەنياڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جيا لىيەن قايتىپ فېڭجيېنىڭ قېشىغا كىردى. فېڭجيې ئاللىقاچان ئويغىنىپ، يۈەنياڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۆزى جاۋاب

① «قۇربى يەتمەيدىغان ئادەمگە مىڭ قېتىم يالۋۇرغاندىن كۆرە، قۇربى يېتىدىغان ئادەمگە بىرلا قېتىم يالۋۇر» دېگەن مەنىدە.

بىرىشنى ئەپ كۆرمەي كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇ يۇمىياڭنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، جيا ليەن كىرگەندە، ئۇنىڭدىن:

— ئۇ ماقۇلغا كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ماقۇل دېمىسىمۇ، ھەر ھالدا يېقىن كەلگەندەك تۇرىدۇ، ئەمدى سەن بېرىپ گەپ قىلساڭ، بۇ ئىش ئەلۋەتتە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، — دېدى جيا ليەن ھىجىيىپ.

— بۇنداق ئىشلار بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئەگەر ئۇ ئۇناپ قالسا، ھازىر چىرايلىق گەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتكىنىڭىز بىلەن، قولىڭىزغا پۇل كىرگەندە مېنى بىر چەتكە قايرىپ قويارسىز، ئۇ چاغدا كىم سىز بىلەن دە تالاش قىلىپ يۈرەتتى؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، نەچچە يىلدىن بۇيان تاپقان يۈزۈم يەر بولىدۇ!

— سەن بەلەن نېمە جۇمۇ! — دېدى جيا ليەن كۈلۈپ، — ئۇنى ماڭا ئۇنىتىپ بېرىدىغانلا بولساڭ، ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن.

— نېمە بىلەن رەھمەت ئېيتاتتىڭىز؟ — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

— نېمە كېرەك دېسەڭ شۇنىڭ بىلەن، — دېدى جيا ليەن ھىجىيىپ.

— خېنىم، باشقا نېمىنى دېمىسىلە، — دېدى بىر چەتتە تۇرغان پىڭئېر كۈلۈپ، — بايا قانداقتۇر بىر ئىشقا بىر - ئىككى يۈز سەر كۈمۈش كەملەپ قالدى دەۋاتاتتىلە، بىگىم ئۆتنە ئېلىپ كەلگەندە شۇنىڭدىن بىر - ئىككى يۈز سەر كۈمۈش ئالسىلا، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققان بولمامدىلا؟

— ئېسىمگە سېلىپ ياخشى قىلدىڭ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

سىلەرزە، تولىمۇ باغرى قاتتىق ئىكەنسىلەر! — دېدى جيا ليەن كۈلۈپ، — شۇ تاپتا مىڭ سەر ئەمەس، نەق كۈمۈشتىن تۆت - بەش مىڭ سەر دېسەڭلارمۇ مېنى تەڭلىكتە قويالمايسىلەر، مەن

سىلەردىن ئۆتنە ئالمىساملا بولدىغۇ. بۈگۈن سېنى بىر ئېغىزلا گەپ قىلىشىپ بەر دېگىنىمگە تاپان ھەققى ئالساڭ، ئۇنداقتا سىلەر بىلەن مەن ...

— مەن تۆت - بەش مىڭ سەر كۈمۈشنى سىزدىن ھايان ئالغىنىم يوق! — فېڭجيې ياتقان يېرىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيدىكىلەر، تالادىكىلەر، مەيلى يۇقىرىدىكىلەر ياكى تۆۋەندىكىلەردىن بولسۇن، كەينىمدىن غاجايدىغانلار ئاز ئەمەس. بۇنىڭغا سىزلا كەملىك قىلىپ تۇراتتىڭىز! «يېغى ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەن گەپمۇ راست ئىكەن. سىلەرنىڭ خانىدانىڭلار قايسىبىر شى چوڭ - دىڭ تۇڭلاردىن ئىدى[1]! بىز ۋاڭ جەمەتىنىڭچۇ، بوسۇغىسىدىن سىيرىپ - سۈپۈرۈۋالساڭلارمۇ سىلەرگە ئۆمۈرۋايەت يېتىدۇ. ئىزا تارتماي شۇ گەپنىمۇ دەيدىكەن تېخى! دەلىل - ئىسپاتمۇ تۇرۇپتۇ: ئاغىچا خېنىم بىلەن مېنىڭ بېزەكلىرىمنى ئوبدانراق كۆرۈپ چىقىپ سېلىشتۇرۇپ بېقىڭا، قايسىبىر نەرسىمىز سىلەرنىڭكىدىن قېلىشىدىكەن؟

— بىر ئېغىز چاقچاق گەپكىمۇ شۇنچىۋالا چېچىلىپ كېتىدىكەنسەن. بۇ قانچىلىك نېمە ئىدى؟ — دېدى جيا ليەن ھىجىيىپ — ئىشلىتىمەن دېسەڭ بىر - ئىككى يۈز سەر كۈمۈش دېگەن نېمە ئۇ؟ كۆپ تاپالمىسامۇ، ئۇنىڭغا يەتكۈچىلىكى بار، ھازىرچە شۇنى ئېلىپ ئىشلەتكىن، ئاندىن بېرىپ دەپ باق، بولامدۇ؟

— «مۇردامنىڭ ئاغزىغا چىشلىتىدىغان، تېگىگە قويىدىغان»[2]غا

---

① شى چوڭ — غەربىي جىن (265 — 317) زامانىسىدىكى ئىنتايىن ئەيش - ئىشرەتچى چوڭ باي؛ دىڭ تۇڭ — غەربىي خەن زامانىسىدىكى خۇسۇسىي تەڭگە - يارماق قۇيۇش يولى بىلەن پۇل تاپقان باي، بۇلار كېيىنكى زاماندا باي - زەردارلارنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالغان.

② قەدىمكى زاماندىكىلەر جەسەتنى دەپنە قىلىش ۋاقتىدىكى خۇراپىي ئادەت: جەسەتنىڭ ئاغزىغا مەرۋايىت، قاشتاش ياكى گۈرۈچ چىشلىتىپ ھەم جەسەتنى ياتقۇزغان تۆشەكنىڭ تېگىگە پۇل تىقىپ قويىدىغان.

قاراپ قالمىغاندىن كېيىن، نېمىگە ئالدىرايتتىم! — دېدى فېڭجيې.

— نېمانچە قىلىدىغانسەن؟ بۇنچىلىك بۇنچىلىك سەپرايىڭنى ئۆرلىتىش كەتمەيدۇ! — دېدى جيا لېيەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ فېڭجيې كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— مەن چېچىلىپ كەتمىدىم. بىراق، سىزنىڭ دېگەن گېپىڭىز يۈرەككە تەگدىچۇ. مېنىڭ ئويلىغىنىم، ئۆگۈنلۈككە ئېرجيېنىڭ يىلى بولىدۇ، ئىككىمىز بىر يەردە ئوبدان ئۆتتۇشكەن، باشقا نەرسە قىلالمىسامۇ، ھەر ھالدا تۇپراق بېشىغا بېرىپ روھىغا ئاتاپ قەغەز كۆيدۈرسەممۇ ھەمشىرىلىكنى يەتكۈزگەن بولاتتىم. ئۇ پەرزەنت قالدۇرالمىغان بولسىمۇ، «ئالدىدىكىلەر تويا چاچسا، كەينىدىكىلەر كۆزىنى ئاچالمايدۇ» دېگەندەك بولۇپ قالغىنى ياخشى.

جيا لېيەن بىر ھازادىن كېيىن زۇۋانغا كەلدى:

— ئەتراپلىق ئويلايسەن، — فېڭجيېنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن جيا لېيەن ئۈن دېيەلمەي قېلىپ، يەرگە قاراپ بىردەم قورسىقىدا چوت سوقتى - دە، ئاندىن، — ئۆگۈنلۈككە ئىشلەتمەكچى بولساڭ، ئەتە پۇل قولغا كېلىپ قالسا، ئۆزۈڭ بىلىپ قانچىلىك ئىشلەتمەن دېسەڭ ئىشلىتىۋەرمەمسەن، — دېدى. شۇ ئارىدا ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى كىرىپ كەلدى.

— پۈتتۈشتۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې ئۇنىڭدىن.

— ئەپلەشمىدى، — دېدى ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى، — خېنىم، بۇ ئىشقا ئۆزلىرى باش بولغان بولسىلا پۈتەتتى.

— يەنە نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ سورىدى جيا لېيەن.

— چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، — دېدى فېڭجيې جيا لېيەن سوراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، — ۋاڭئېرنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردى، تېخى ئۆيلەنمىگەن، شۇڭلاشقا ئاغچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى سەيشيانى بېرىشنى سورىغانىكەن. ئاغچا خېنىمنىڭ بۇ ئىشقا نېمە دەيدىغانلىقى نامەلۇم. ئالدىنقى كۈنى



www.uyghurkitap.com

ئاغىچا خېنىم سەيشياننىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، كېسەلچانلىقىنى كۆرۈپ رەھمى كېلىپ، ئۇنى ئازاد قىلىپ، كۆيۈئوغۇلنى ئۆزۈڭلار تېپىۋېلىڭلار دەپ ئاتىسىنىڭ ئىختىيارىغا بەرگەنىكەن. شۇڭا، بۇ كېلىپ ماڭا يېلىنىۋاتىدۇ. مەنمۇ بۇ ئىككى ئائىلە بىر ـ بىرىگە تازا لايىق كېلىدۇ، ئېغىز ئېچىش بىلەنلا ئىش پۈتىدۇ، دەپ ئويلىۋىدىم، بۇ كېلىپ، ئەپلەشمىدى، دەيدىغۇ تاڭ!

— بۇ قانچىلىك چوڭ ئىش بولاتتى؟ سەيشيادىن ئېسىللىرى كۆپقۇ! — دېدى جيا ليەن.

— بېگىم، ئۆزلىرى بۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، بىزنى ھەتتا ئاشۇلار چېغىدا ياراتمايۋاتقان يەردە، باشقىلار تېخىمۇ ياراتمايدۇ، — دېدى ۋاڭئەيرنىڭ خوتۇنى كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ كېلىنىمۇ ئاران بىر تاللىۋىدىم. مەن تېخى بېگىم بىلەن خېنىمدىن ئىلتىپات تىلەپ ئېغىز ئاچسام ئىش پۈتىدۇ، دەپتىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىن ئاغىچا: ئۇ جەزمەن ماقۇل بولىدۇ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ ئۇلاردىن گەپ ئېلىپ بېقىشقا ئەۋەتىۋىدىم، ئۇ ئادەم سۆلىشىپ قۇرۇق قايتىپ كەپتۇ. ئۇ قىزغۇ بەكلا ئوبدان، ئادەتتە مەن ئەتەي ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ باققان چاغلىرىمدا، كۆڭلىدە ياق دەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەممىنى قىلىۋاتقان ئاشۇ ئاتا ـ ئانىسى دېگەن ئىككى قېرى، بەكمۇ ئوقۇرى ئېگىزلىك قىلىشىۋاتىدۇ.

بۇ گەپ فېڭجيې بىلەن جيا ليەنگە بېرىپ تەگدى. بۇ يەردە جيا ليەن بولغاچقا، فېڭجيې ئۈن چىقارماي، جيا ليەننىڭ ئەۋزايىغا قاراپ تۇردى. جيا ليەننىڭ كۆڭلىدە باشقا ئىشلار تۇرسا، بۇنداق ئىش كىرىپ چىقامتى؟ ئەمما كارىم بولمايلا قوياي دېسە، بۇ فېڭجيېنىڭ ئاناغىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجىر سىڭدۈرگەن تۇرسا، ئۇنداق قىلىشقا تېخى يۈزى چىدىمايدۇ، شۇڭا ئۇ:

— قانچىلىك چوڭ ئىش ئىكەن ئۇ؟ جاۋىلداپلا كەتتىڭلارغۇ!

خاتىرجەم بولۇپ چىقىپ تۇرۇڭ، ئەتە مەن ئۆزۈم سوچى بولۇپ يۈزلۈك ئادەمدىن ئىككىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتەي. ئۇلار چايلىق نەرسىلەرنىمۇ ئالغاچ بېرىپ، بۇنى مېنىڭ مەسلىھەتىم قىلىپ دېسۇن. ئەگەر ئۇ زادىلا ئۇنىمايدىكەن، چاقىرتىپ ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى فېڭجيېگە قارىۋىدى، فېڭجيې ئۇنىڭغا ئىمىلاپ قويدى، ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى چۈشىنىپ، ئىتتىككىلا يۈكۈندى ــ دە، جيا ليەنگە باش قويۇپ رەھمەت ئېيتقىلى تۇردى. جيا ليەن ئالمان ــ تالمانلا:

— مۇنۇ خېنىم قىزىڭىزغا باش قويۇڭ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېيتارمەن، ھەر ھالدا خېنىم قىزىڭىز ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ خوتۇنىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ قىلسا تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ. بولمىسا، زورلۇق قىلغان بولۇپ قېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە سىلەر قۇدىلارنىڭ باردى ــ كەلدى قىلىشىڭلار ئۇچۇن ياخشى بولمايدۇ، — دېدى.

— ھەتتا سىز چېغىڭىزدا مۇنداق ئىلتىپات كۆرسىتىپ غەمگۇزارلىق قىلىۋاتسىڭىز، مەنزە، چەتكە چىقىپ قاراپ تۇرىدىكەنمەن ــ دە! — دېدى فېڭجيې ئىتتىككىلا، — يەڭگە، ئاڭلىدىڭىزغۇ؟ بۇ ئىشنى دېيىشتۇق، ئەمدى دەررۇ مېنىڭ ئىشىمنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن بېرىپ ئېرىڭىزگە ئېيتىڭ، سىرتقا بېرىلگەن ھەممە قەرزلەرنى مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي يىغىشتۇرۇپ بولسۇن، بىر تىيىنىمۇ كەم قالسا بولمايدۇ. مېنىڭ ئاتىقىم يامان، يەنە بىر يىللا بېرىدىغان بولساق، بۇ خەق مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەيدۇ!

— خېنىم، سىلىمۇ بەك يۈرەكسىز ئىكەنلا، — دېدى ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى ھېجىيىپ، — ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىن سۆز ــ چۆچەك قىلىشقا كىمنىڭ ھەددى؟ ئۇ پۇللارنى يىغىشتۇرۇۋالىدىغان بولساق، مەنمۇ ئەخمەق بولۇپ بىكارلا ئەجىر قىلغان بولىمەن ــ دە!

— مەن كۈندىلىك خىراجەتلەرنى دېمىسەم، پۇل دەپ پۇلنى نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى فېڭجيې، — ھازىر چىقىم كۆپ، كىرىم ئاز. بۇ ئۆيدە بار - يوقى بولۇپ مەن بىلەن بېگىڭىزنىڭ بىر ئايلىق مائاشى، ئۇنىڭغا تۆت دېدەكنىڭ مائاشى قوشۇلسا جەمئىي ئون - يىگىرمە سەر كۈمۈش بولىدىكەن، بۇ پۇل ئۈچ - تۆت كۈنگىمۇ يەتمەيدۇ. ئەگەر مەن تۈرلۈك يوللار بىلەن تېرىپ - تېجەپ ئىش قىلمايدىغان بولسام، ياتار يېرىمىز ئاللىقاچان سامانلىق بولاتتى! ھازىر بىز جازانىخور دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇپ قالدۇق. بۇنداق بولغاندا، كېيىن پۇللارنى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك - دە. مەن ئېيدىتلىق پۇل خەجلەشتە كىمدىن قېلىشىدىكەنمەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن جىم ئولتۇرۇپ خەجلىشىپ باقايلى. قېنى قاچانغىچە يېتەركىن. ئالدىمىزدىن ئۆتتۇغۇ؟ ئۆتكەندە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا، ئاغىچا خېنىم ئىككى ئايغىچە شۇنچە ئالدىراپ باقتى، ھېچ ئامال قىلالمىدى، شۇ چاغدىمۇ يەنە مەن سەمىگە سېلىپ قويۇۋىدىم، ئارقا بىنادىكى كېرەكسىز مىس - قەلەي جابدۇقلاردىن تۆت - بەش ساندۇق ئاچىقىپ ساتقۇزۇۋىدۇق، ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشكە ياراپتۇ. ئاشۇ پۇل بىلەن ئاندىن ئاغىچا خېنىم سوۋغاتلىق تەييارلاپ ئىززادىن قۇتۇلۇپ قالدى. مېنى سىلەر بىلىسىلەر: ھېلىقى ئالتۇندىن ياسالغان كاككۇك سائەتنى بەش يۈز ئاتمىش سەر كۈمۈشكە سېتىۋىدۇق، يېرىم ئايغا قالماي، چوڭ - كىچىك ئىشلاردىن ئونچىسى چىقتى، ئۇ پۇلمۇ قاراپ تۇرۇپ شۇلارغا سەپلىنىپ كەتتى. ئەمدى سىرتتىمۇ ئۆكسۈپ قاپتىكەن، كىمنىڭ پىلانىكىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يانچۇقىغا قول سۇنماقچى بولۇشۇپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستىبېشىمىزدىكى نەرسىلەرگە قول سۇنۇلسا، ئوبدان بولغىنىنى شۇ چاغدا كۆرىمىز!

— قايسىبىر ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچىنىڭ ئۇستىبېشىدىكى نەرسىلەرنى ساتسا بىر ئۆمۈرگە يەتمەي قالار؟

www.uyghurkitap.com

بىراق، ئۇناشمايلىدە، ــــ دېدى ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى ھىجىيىپ.

ــــ بىتوغۇشلۇقۇمدىن دەۋاتقان گېپىم ئەمەس، ئەگەر شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىمايمەن، ــــ دېدى فېڭجيې، ــــ تۈنۈگۈن ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، دېسەم بىر كۆلكىلىك ئىش: چۈشۈمدە بىر ئادەمنى كۆردۈم. چىرايى تونۇش بولسىمۇ، ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئۇقمايمەن. ئۇ ماڭا: خانىش مېنى يۈز توپ كىمخاب ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى، دېدى. مەن ئۇنىڭدىن قايسى خانىش، دەپ سورىۋىدىم، ئۇنىڭ دېگىنى بىزنىڭ خانىش بولماي چىقتى. شۇنىڭ بىلەن كىمخابنى ئۇنىڭغا بەرگۈم كەلمىدى، ئۇ تارتىۋالماقچى بولدى. شۇنداق تارتىشىۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ــــ خېنىم، ئوردىغا كېتىدىغان لازىمەتلىك ئىشلىرىنى يادىلىرىدىن چىقارماي، ھەر كۈنى غەم يەپ تۇرغانلىقلىرىدىن شۇنداق چۈش كۆرۈپتىلا، ــــ دېدى كۈلۈپ ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى.

شۇ ئارىدا بىرسى كىرىپ:

ــــ ھەرەمئاغىسى شيا بېگىم ئاغۋات باللاردىن بىرسىنى گەپ تاپلاپ ئەۋەتىپتۇ، ــــ دەپ خەۋەر قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا جيا ليەننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

ــــ يەنە نېمە گەپتۇ؟ يىل بويى ئۇلارنىڭ توشۇغىنىمۇ يېتىپ ئاشاتتى.

ــــ سىز يوشۇرۇنۇۋېلىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشەي، ئەگەر كىچىك ئىش بولسا مەيلى، چوڭراق ئىش بولۇپ قالسا، مېنىڭ دەيدىغان جاۋابىم تەييار، ــــ دېدى فېڭجيې. شۇ گەپ بىلەن جيا ليەن ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

فېڭجيې بۇيرۇغان كىشى بالا ئاغۋاتنى باشلاپ كىردى، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئالدىغا چاي كەلتۈردى. ئاندىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

ــــ شيا بېگىمگە بۈگۈن ئۇشتۇمتۇت بىر قورۇ ـ جاي ئۇچراپ

قاپتىكەن، ئۇنى سىتىۋېلىشقا ئىككى يۈز سەر كۈمۈش كەملەپ قاپتۇ، شۇڭا مېنى سىلى تاغا خېنىمغا، بولسا ۋاقىتلىق بىر - ئىككى يۈز سەر كۈمۈش ئۆتنە بېرىپ تۇرسۇن، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئەۋەتىپ بېرىمەن، دەپ بۇيرۇغانىدى، — دېدى ھېلىقى بالا ئاغۋات.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئەۋەتىپ بېرىمەن دېگەنمۇ گەپمۇ؟ كۈمۈش دېگەن بار نېمە، ئاپىرىپ ئىشلىتىۋېرىڭلار. كېيىنچە بىزدە ئۆكسۈپ قالغاندا سىلەردىن ئۆتنە ئالساقمۇ بولىدۇ.

— شيا بېگىم يەنە: ئۆتكەنكى ئىككى دورەمدە ئالغان بىرمىڭ ئىككى يۈز سەر كۈمۈشنى تېخى ئاپىرىپ بەرمىدۇق، مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ھەممىسىنى بىر يوللا ئەۋەتىپ بېرىمەن، دەيدۇ، — دېدى بالا ئاغۋات.

— شيا بېگىمنىڭ قەۋەتلا كۆزى كىچىك ئادەم ئىكەن، شۇنچىلىك نېمىنىمۇ كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرۈپتۇ! بېگىمنىڭ كۆڭلىگە كەلسىمۇ مەيلى، دەيدىغام بىر ئېغىز گېپىم بار: ئەگەر ئۆتنە ئالغىنىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىمەن دەپ مۇشۇنداق ئېدىتلىق ئەسلەپ تۇرىدىغان بولسا، قايسىبىرىنى قايتۇرۇپ بولاركىنتاڭ! بىزدە ئۆكسۈپ قالماي، بارلا بولسا ئاپىرىپ ئىشلىتىۋەرسۇن، — دەپ بولۇپ، فېڭجيې ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنىنى چاقىردى، — چىقىپ نەدىن بولسۇن، ھازىرچە ئىككى يۈز سەر كۈمۈش تېپىپ كېلىڭ.

ۋاڭئېرنىڭ خوتۇنى گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، كۈلگەن پېتى:

— مەنمۇ تېخى باشقا يەردىن ھېچ يولىنى قىلالماي، كېلىن ئاغىچىدىن ئالاي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى.

— سىلەر ئىچكىرىسىدىلا ئېلىشنى بىلىسىلەر، سىرتتىن تېپىڭلار دېسە، تاپالمايسىلەر، — فېڭجيې شۇنداق دەپ، پىڭئېرنى چاقىرتتى، — مېنىڭ ھېلىقى ئىككى دانە ئالتۇن مۈزنىقىمنى ئاچىقىپ ھازىرچە تۆت يۈز سەر كۈمۈشكە گۆرۈگە

قويۇپ كىر.

پىشكەللىدۇ، سۆزمەن بولغانلىقى بىلەن ماقۇل دەپ چىقىپ كېتىپ، دېگەندەكلا بىر دانە كىمخاب تاشلىق قۇتىنى كۆتۈرۈپ كىردى، قۇتىنىڭ ئىچىدە ئىككى تاۋار بولاق تۇراتتى. بولاقنى ئېچىۋىدى، بىرىنىڭ ئىچىدىن ئالتۇن زەنجىرگە چوڭ ـ كىچىكلىكى نىلۇپەر ئۇرۇقىدەك مەرۋايىتلار قويۇلغان مۇزناق، يەنە بىرىنىڭ ئىچىدىن دان ـ دان يېشىل زۇمرەتلەرگە گۆھەر قويۇلغان مۇزناق چىقتى، بۇ مۇزناقلار ئوردىغا خاس بويۇملاردىن قېلىشمايتتى. بۇ ئىككى مۇزناقنى چىقارتىۋىدى، دېگەندەكلا تۆت يۈز سەر كۈمۈشكە ياراپتۇ. فېڭجىي بالا ئاغۋاتقا كۈمۈشنىڭ يېرىمىنى بەرگۈزۈپ، قالغان يېرىمىنى تاۋۇز چاغىنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن چاڭئېرنىڭ خوتۇنىغا بەردى. ھېلىقى بالا ئاغۋات خوشلىشىپ ماڭدى. فېڭجىي بىرسىنى كۈمۈشنى كۆتۈرۈپ، ئاغۋاتنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

— بۇ غودۇر ئالۋاستىلاردىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز! — دېدى جيا ليەن ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن چىقىپ.

— پۇلنىڭ گېپىنى دەپ تۇرساق، مانا بىرسى پۇل دەپ كەپتۇ! — دېدى كۈلۈپ فېڭجىي.

— تۈنۈگۈن ھەرەمئاغىسى جۇ بېگىم كېلىپ مىڭ سەر كېرەك دەپ ئېغىز ئاچتى، سەل ئالدىرىمايراق جاۋاب قىلىۋىدىم. خاپا بولغاندەك قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئىشلار كۆپىيىدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ تاپتا يەنە قىرىق ـ ئەللىك مىڭ سەر پۇلنىڭ ئېپىنى قىلغان بولساق ئوبدان بولاتتى! — دېدى جيا ليەن.

شۇ گەپ ئارىلىقىدا، پىڭئېرنىڭ كۈتۈشى بىلەن فېڭجىي جيا ئاننىڭ كەچلىك غىزاسىنى بېرىش ئۈچۈن شۇ ياققا كەتتى.

جيا ليەن ھۇجرىدىن چىقىپ تاشقىرىقى كۈتۈپخانىغا كېلىشىگە، ئۇشتۇمتۇت لىن جىشياۋ يېتىپ كەلدى، جيا ليەن ئۇنىڭ نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سورىۋىدى، لىن جىشياۋ:

— بايا جيا يۈيسۈننى مەنسىپىدىن چۈشۈپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكى نامەلۇم، بەلكىم بۇ گەپ راست ئەمەستۇ، — دېدى.

— مەيلى راست بولسۇن، بولمىسۇن، ئىشقىلىپ، ئۇ مەنسىپىنى ئۇزاققىچە ساقلىيالمايتتى، كېيىنكى كۈنلۈكتە چاتىقى تەگمىسۇن دېسەك، ئىلاج بار ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرغىنىمىز ياخشى، — دېدى جيا لىيەن.

— شۇنداق قىلماي بولامدۇ؟ — دېدى لىن جىشياۋ، — ئەمما بىردىنلا يىراقلىشىپ كېتىش قىيىن - دە. ھازىر شەرقىي قەسىردىكى بېگىم ئۇنىڭ بىلەن بەك چىقىشىدۇ، بىزنىڭ ئۇلۇغ بېگىمىمۇ ئۇنى ياقتۇرىدۇ، دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرۇشىدۇ، بۇ ئىشلارنى كىم بىلمەيدۇ دەيلا؟

— بەربىر ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئىشنى بىرلىشىپ قەستلىمىگەندىن كېيىن، بىزنىڭ كارىمىز بولمايدۇ. سىز چىقىپ راست - يالغانلىقىنى، راست بولسا نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى تىڭتىڭلاپ بېقىڭ، — دېدى جيالىيەن.

لىن جىشياۋ ماقۇل دەپ قويۇپ، ئورنىدىن قوزغالماي، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە قورۇق پاراڭ سېلىشقا باشلىدى. ئاخىر خانىداندىكى مۇشكۇلچىلىكلەر ئۈستىدە گەپ بولغاندا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شۇنداق دېدى:

— جان سانىمىز بەك كۆپىيىپ كەتتى، بىكار ۋاقتىنى تاپقاندا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۇلۇغ بېگىمگە مەلۇم قىلىپ باقساق، كۆچىدىن قالغان خىزمەتكار قېرىلاردىن كېرەكسىزلىرىنى ئىلتىپات كۆرسىتىپ يولغا سېلىپ قويساق، ئۇلار ھالىغا يارىشا كۈننى كۈن ئېتىپ كېتەلەيدۇ، بىزمۇ ھەر يىلى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك، ئايلىق مائاشىنى تېجەپ قالالايمىز. ئاندىن قالسا ئىچكىرىدىكى قىزلارمۇ بەك كۆپ، كونىلارنىڭ: «كۈندىن - كۈنگە بەتتەر» دەيدىغان بىر گېپى بار، ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

كىشىلەر رەنجىسىمۇ مەيلى، سەككىز ئادەم ئىشلىتىدىغانلار ئالتىنى ئىشلەتسە، تۆت ئادەم ئىشلىتىدىغانلار ئىككىنى ئىشلەتسە، مۇشۇنداق قىلساق، ھەربىر ھۇجرا بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر يىلدا ئايلىق ئاشلىق بىلەن مائاشتىنلا بىرمۇنچە تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىدىكى دېدەكلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى چوڭ بولۇپ قالدى، چاتىدىغانلىرىنى مۇلازىملارغا چېتىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويساق، ئۇلار بالىچاقىلىق بولۇپ بىزگە ئادەم يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرەتتىم، — دېدى جيا ليەن، — بىراق بېگىم تېخى يېقىندىلا قايتىپ كەلدى، بېگىمگە مەلۇم قىلمىغان شۇنچىلا كۆپ چوڭ ئىشلار تۇرغان يەردە، بۇ توغرىدا گەپ قىلىشقا نۆۋەت تېگەمتى؟ قايسى كۈنى بىر دەللە بىز بىلەن قۇدا چۇشىدىغانغا تەۋسىيىنامە كۆتۈرۈپ سوچى بولۇپ كەپتۇ. ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا بېگىم تېخى يېقىندا قايتىپ كەلدى، ھازىر «قوۋم ـ قېرىنداشلار جەم بولدۇق» دەپ خۇشاللىقى قىن ـ قىنىغا سىغمايۋاتقان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت بۇ گەپنى دېسەك بېگىمنىڭ كۆڭلى يەنە يېرىم بولىدۇ، دەپ ھېلىقى دەللىگە ئۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچۇرماپتۇ.

— بۇ قىلغىنىمۇ ئورۇنلۇق ئىش بوپتۇ، ئاغىچا خېنىم ئەتراپلىق ئويلاپتۇ، — دېدى لىن جىشياۋ.

— شۇنداق، — دېدى جيا ليەن، — بۇ گەپ بىلەن بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى: ۋاڭئېرنىڭ ئوغلى ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىكى سەيشيانى ئالماقچى ئىكەن، ئۇ ماڭا ئېيتقان، مەن ئاغىچا خېنىمغا ئېيتاي دەپ يۈرەتتىم، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر تۈنۈگۈن كېلىپ ماڭا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. مېنىڭ خىيالىمچە بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىشمۇ ئەمەس ئىكەن، كىملا بولسۇن، بېرىپ، مېنى دېدى دېسىلا بولىۋېرىدۇ.

لىن جىشياۋ خوش دەپ قويۇپ، بىر ھازادىن كېيىن كۈلگەن پېتى يەنە شۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە بولغاندا، بېگىم مۇشۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىلىكەن.
ۋاڭئېرنىڭ ئوغلى ئۆزى ياپياش تۇرۇپ، تالادا ھاراق ئىچىپ، قىمار ئويناپ، قىلمايدىغان قىلىقى يوق. ھەر ئىككىسى چاكار بولسىمۇ، بىراق بۇ ئۆمۈرلۈك ئىش - دە. سەيشيا قىزنى بىر نەچچە يىل بولدى كۆرمىدىم، ئاڭلىسام، بۇ بارغانسېرى ئۆسۈپ ۋايىغە يېتىپتۇدەك. مۇشۇنداق بىر قىزنى بىكاردىن - بىكار نابۇت قىلىپ نېمە قىلىمىز؟
— ھوي! بۇ شۇم تېخىچە ئادەم بولماي ھاراق ئىچەمدىكەن؟ ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا نەدە خوتۇن؟ ئۇنى ئاۋۋال كالتەك بىلەن ئەدىپىنى بېرىپ سولاپ قويۇپ، ئاندىن ئاتا - ئانىسىدىن سوراپ بېقىش كېرەك! — دېدى جيا لىيەن.
— ھازىر پەيتى ئەمەسمىكىن؟ — دېدى لىن جىشياۋ ھىجىيىپ، — ئۇ بىرەر چاتاق تېرىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلساق، ئاندىن ئەدىپىنى بېرىپ قويسىلا، ھازىرچە ئۇنى سۈرۈشتە قىلماي تۇرساق.
جيا لىيەن باشقا گەپ قىلمىدى. بىردەمدىن كېيىن لىن جىشياۋ چىقىپ كەتتى.
كەچقۇرۇن فېڭجيې سەيشيانىڭ ئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ سوچىلىق توغرىسىدا ئۇنىڭغا گەپ قىلدى. سەيشيانىڭ ئانىسى بۇ ئىشقا كۆڭلىدىن زادىلا رازى ئەمەس ئىدى، بىراق بۇ ئىش توغرىسىدا فېڭجيې ئۆزى گەپ ئېچىپ ئۇنىڭ شۇنچە يۈزىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىختىيارسىز ماقۇل دەپ چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى فېڭجيې جيا لىيەندىن:
— قانداق، ئېيتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مەن ئەسلىدە گەپ قىلاي دېگەنىدىم، ئاڭلىسام، ئۇ شۇم ئانچە ياخشى ئادەم بولماپتۇ، شۇڭا تېخىچە دېمىدىم، — دېدى جيا لىيەن.
— ئەگەر ئۇ راستىلا ئادەم بولمىغان بولسا، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۇنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ، ئاندىن خوتۇن ئېلىپ بەرسەكمۇ

www.uyghurkitap.com

كېچىكمەيمىز.

— بىز ۋاڭ جەمەتىنىڭ ئادەملىرىدىن ھەتتا مەن چېغىمدا سىلەرنىڭ دىتىڭلارغا ياقمايۋاتقان يەردە، غالچىلىرىمىز بايىلا باقمايدۇ! مەن سەيشيانىڭ ئانىسى بىلەن سۆزلەشتىم، خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولدى. ئەمدى ئۇنى يەنە چاقىرتىپ كىرىپ بۇ ئىشنى ياندۇرۇۋېتىمىزمۇ؟ — دېدى فېڭجيې ئاچچىق كۈلۈپ.

— ئېيتقان بولساڭ ياندۇرۇۋېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — ئەته مەن ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئېيتىپ قوياي، ئۇنى چىڭراق تۇتسىلا بولدى، — دېدى جيا ليەن. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

سەيشياغا كەلسەك، ئۇ قايسى كۈنى ئازاد قىلىنغاندىن بۇيان، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا لايىق ئىزدىشىپ يۈرەتتى. گەرچە ئۇنىڭ جيا خۇەنگە بۇرۇندىن مەيلى بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ تېخى بىر قارارغا كېلىنمىگەن ئىش ئىدى. ئەمدى قارىسا، ۋاڭئېر قۇدا چۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ ھەدەپ كېلىۋەرگىلى تۇردى. ئۇ ۋاڭئېرنىڭ ئوغلىنىڭ ھاراقكەش، قىمارۋاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايى سەت بىرنەرسە ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇنى ئۆزىگە لايىق كۆرمىگەنىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ بارغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، مۇبادا ۋاڭئېر ھىماتىغا تايىنىپ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋالسا، ئۆمۈر بويى ئارمان بىلەن ئۆتەرمەنمۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن، تېخىمۇ ئىچى تىتىلداپ كەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ سىڭلىسى شياۋشياۋنى ئاستا ئارا ئىشىكتىن كىرىپ جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپ بىلىشكە ئەۋەتتى. جاۋ كىچىك ئاپا ئادەتتە سەيشيا بىلەن ناھايىتى ئوبدان چىقىشاتتى ۋە ئۇنىڭ سەيشيانى جيا خۇەنگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە يانتاياق قىلىۋالغۇسى كېلەتتى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇ جيا خۇەننى

پات ـ پات شۇ توغرىدا ئاغىچا خېنىمدىن سوراشقا كۈشكۈرتەتتى. ئەمما، جيا خۇەن بىرىنچىدىن، ئۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشتىن ئىزا تارتسا، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭغا ئانچىمۇ قىلىپ كەتمەي، ناھايىتى كەلسە ئۇ بىر دېدەكقۇ، ئۇ كېتىپ قالسا، كېيىن يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدىنى چىقىپ قالىدىغۇ، دېگەن ئوي بىلەن كەينىگە تارتىپ ئېغىز ئاچقۇسى كەلمەيۋاتاتتى، مەقسىتى ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈش ئىدى. چارىسىز قالغان جاۋ كىچىك ئاپا سەيشىيادىن مېھرىنى ئۈزەلمەي تۇرغان چاغدا، سەيشىيانىڭ سىڭلىسى كېلىپ قانداق بولغانلىقىنى سوراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخشىمى بىر پۇرسەت تېپىپ، بۇ تەلىپىنى جيا جېڭغا ئېيتتى.

— نېمىگە ئالدىرايتتىڭ! — دېدى جيا جېڭ، — ئۇلار يەنە بىر ـ ئىككى يىل ئوقۇسۇن، ئاندىن ئۆي كىشىسى قوشۇپ بەرسەكمۇ كېچىكمەيمىز. مەن خېلى بۇرۇنلا ئىككى دېدەككە كۆز سېلىپ قويغان، بىرسىنى باۋيۈيگە، يەنە بىرسىنى خۇەنئېرگە ئېلىپ بېرىمەن. تېخى ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك، ئۇ ئىشنى قىلىپ قويساق، ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرەيمەن، بۇ ھەقتە بىرەر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن بىرنېمە دەرمىز.

جاۋ كىچىك ئاپا يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى، تالادا نېمىدۇر بىر نەرسە تاراقلىغاندەك بولۇپ، ھۇجرىدىكىلەر چۆچۈپ كېتىشتى. نېمە بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يەتمىش ئۈچىنچى باب

## گالۋاڭ چۆرە قىزنىڭ كەشتىلىك جۈپ تەن ئىپار قاپچۇقنى ئوغۇرلاپ تېپىۋالغانلىقى
## بوزەك خان قىزنىڭ ئالتۇن زەنجىرلىك مەرۋايىت سۇمۇرغنى سۈرۈشتە قىلمىغانلىقى

جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن جيا جېڭ پاراڭلىشىۋاتقاندا، تالادا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ تاراقلىغىنى ئاڭلاندى. دەرھال سۈرۈشتۈرگۈدەك بولسا، تاشقىرىقى ئۆينىڭ دېرىزىسىنىڭ قاپقىقى ئوبدان ئېتىلمىگەچكە، قاپقاقنى ئېتىدىغان تۆمۈر ھالقا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. جاۋ كىچىك خېنىم چۆرە قىزلارنى بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ، ئۆزى ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ دېرىزىنى مەھكەم ئەتكۈزدى ـ دە، قايتىپ كىرىپ جيا جېڭغا ئورۇن سېلىپ بەردى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى ئارامبەخش ھويلىغا كەلسەك، باۋيۈي تېخى يېڭىلا ئۇخلاشقا ياتقان، دېدەكلەر بولسا ئۆز ئورۇنلىرىغا تارقىلىپ ياتايلى دەپ تۇرۇشقانىدى. ئۇشتۇمتۇت، بىرسىنىڭ ئىشىك قاققانلىقى ئاڭلاندى. خىزمەتكار موماي ئىشىكنى ئېچىۋىدى، جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ ھۇجرىسىدىكى چۆرە قىز شياۋچۆ ئىكەن، موماي ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىۋىدى، شياۋچۆ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ئۇدۇل ئىچكىرىگە مېڭىپ باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. باۋيۈي يېڭىلا ياتقان، چىڭۋېنلار كاتىنىڭ

لېۋىدە چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. شياۋچۈنى كۆرۈپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن:

— نېمە ئىش بولدى؟ بۇ چاغ بولغاندا يەنە كەپسەنغۇ؟ — دەپ سوراشتى.

شياۋچۈ ئالدىراپ - تېنەپ باۋيۇيگە:

— سىلىگە بىر ئىشنى ئېيتىپ قوياي دەپ كېلىۋىدىم، بايا بىزنىڭ خېنىم ئۇلۇغ بېگىمگە سىلىنىڭ نېمە گەپلىرىنى قىلدىكىنتاڭ، بىرنېمىلەر دەپ كۇسۇرلىدى. ئۇنىڭ «باۋيۇي» دېگىنىنىلا ئاڭلاپ قالدىم. سىلىنى پەخەس بولسۇن، ئەتە ئۇلۇغ بېگىم سىلىگە گەپ قىلىشى مۇمكىن، شۇنى دەپ قويغىلى كەلدىم، — دېدى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ماڭدى، شىرېنىنىڭ ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىڭلار، دېگىنىگىمۇ قارىماي، ئىشىك ئېتىلىپ قالمىسۇن، دەپ چىقىپ كەتتى.

باۋيۇي شياۋچۈنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، جاۋ كىچىك ئاپىنىڭ نىيىتى يامانلىقىنى، خۇددى دۈشمىنىدەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇقالماي، خۇددى سۇڭ ۋۇكۇڭ «ئىسكەنجىنى قىسىش ئەپسۇنى» نى ئاڭلىغاندىكىدەك، جىمى ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتى. ئويلا - ئويلا ئەتىكى سوئال - سوراقتا كىتاب ئوقۇپ دەرسىنى پىششىقلاشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. ئىشقىلىپ، كىتابتىنلا ئېلىشىپ قالمىسا، باشقا ئىشلاردا ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كېتەتتى. باۋيۇي شۇ خىيال بىلەن ئىتتىك ئورنىدىن قوپۇپ چاپىنىنى يېپىنچاقلىدى - دە، كىتاب ئوقۇماقچى بولدى. يەنە تۇرۇپ، ئۆزىچە: «خېلى كۈنلەر بولدى، سۈرۈشتۈرمىدىغۇ دەپ تاشلىۋېتىپ ئۇنتۇپ كەتتىم. بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ھەر كۈنى ئوقۇپ تەكرارلاپ تۇراتتىم» دەپ پۇشايمانمۇ قىلدى. قورسىقىدا ياد بىلىدىغانلىرىنى چاغلاپ باقتى، ئاران «ئىلمى ئەزەم»، «مۇرەسسە - مادارا»، «ئىككى قىسىم مۇھاكىمە ۋە بايان» نىلا ئوقۇپ بېرەلەيدىكەن. بىرىنچى

www.uyghurkitap.com

قىسىم «مېڭزى» نىڭ يېرىمىنى چالا بىلىدىكەن. ئەگەر بۇ كىتابتىن پوسۇقىدە بىر ئېغىز سوراپ قالسا يادلاپ بېرەلمەيدىكەن. ئىككىنچى قىسىم «مېڭزى»نىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بىلمەيدىكەن. «بەش نامە» گە كەلسەك، يېقىنىنىڭياقى شېئىر يېزىش ئۈچۈن دائىم «بەش نامە»دىن ئىبارە توپلاپ يۈرگەچكە، گەرچە پىششىق بىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىرنېمە قىلالايدىكەن. بۇنىڭدىن باشقىلىرى ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قالماپتۇ. ئۇنىڭ بەختىگە ئادەتتە جياجېڭ ئوقۇ دېمىگەنلىكى ئۈچۈن بىلمىسىمۇ ھېچقىسى يوق ئىدى. ئەمدى قەدىمكى ئەدەبىياتقا كەلسەك، بۇلاردىن ئۆتكەن يىللاردا «زۇچيۇمىڭ يىلنامىسى»، «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى»، «گۇڭياڭ تەزكىرىسى»، «گۇلياڭ تەزكىرىسى» خەن، تاڭ زامانلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ بىرقانچە پارچىنىلا ئوقۇغان، ئەمما بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلارنى قايتا ئوقۇپ باقمىغانىدى، خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا بىرەردەم ئوقۇپ قوياتتى. لېكىن، ئوقۇغىنىنى يەنە دەررۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ھېچقاچان قېتىرقىنىپ ئوقۇمىسا، ئۇنى قانداقمۇ ئەستە تۇتالىسۇن؟ بۇ جەھەتتىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈپ كېتىش تېخىمۇ تەس ئىدى. زامانىۋى سەككىز بۆلەك يېزىقچىلىقىدىن جاۋاب بېرىش ئۆتكىلىمۇ بار ئىدى. باۋيۈي ئادەتتە بۇنداق ئۇسلۇبنى بەك يامان كۆرەتتى، بۇنى ئەسلىدە ئەۋلىيالار تەسنىپ قىلمىغان تۇرسا، ئۇ ئەۋلىيالارنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرىنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلىسۇن؟ كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۇ پەقەت نام چىقىرىش ۋە مەنسەپكە چىقىش شوتىسىلا بولۇپ قالغان، دەيتتى باۋيۈي. جياجېڭ سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كۈنى ئوقۇغىن دەپ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان بىرەر يۈزچە ئەسەرنىڭ ھەممىسى كېيىنكىلەر يازغان زامانىۋى ئەدەبىياتتىن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ ئىككى بۆلىكى، يەنى ماۋزۇ شەرھلەش ياكى بايان دېگەن بۆلەكلىرىدىن نەپىس يېزىلغانلىرىمۇ ئۇچراپ قالاتتى. مەسىلەن، سەرگەردانلىق، ئويۇن ـ

تاماشا ياكى قايغۇ ـ ھەسرەت توغرىسىدا يېزىلغانلىرىدىن كىشىنى ئانچە ـ مۇنچە قىزىقتۇرالايدىغانلىرىنى ئاندا ـ ساندا ئوقۇپ قوياتتى. بىراق، ئۇلار بىردەملىك قىزىقىش بىلەن ئوقۇيدىغان نەرسىلەر تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ پۈتۈن باب بويىچە تولۇق زېھنىگە ئالالىسۇن؟ ئەمدى بۇگۈن باۋيۇي بۇنى تەكرارلاي دېسە، ئەتە ئاتىسىنىڭ ئۇنى سوراپ قېلىشىدىن، ئۇنى تەكرارلاي دېسە، بۇنى سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگىلى تۇردى. قانداقلا بولسۇن، بىر كېچىنىڭ ئىچىدە ھەممىنى تەكرارلاپ بولغىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇ تېخىمۇ تىتىلداشقا باشلىدى. ئۆزى يالغۇز كىتاب ئوقۇسىغۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى، بىراق ھۇجرىدىكى دېدەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاۋارە قىلىپ ئۇخلاتمايدىغان بولدى. شىرېن قاتارلىقلار بىر چەتتە چىراغنىڭ پوتلىسىنى كېسىپ، چاي قويۇپ بېرىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇششاق چۆرە قىزلارنىڭ بولسا مۈگدەپ، بولالىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

— ھۇ جۇۋاينىمەك شۇملار! — دەپ تىللىدى چىڭۋېن، — كېچە ـ كۈندۈز مۈردىدەك سۇنايلىشىپ يېتىشقىنىنى ئاز دەپ، بىرەر قېتىم ۋاقچىرەك ئۇخلاشقا توغرا كېلىپ قالغانغا قىلىپ ئولتۇرغان قىلىقىنى قاراڭلار. يەنە مۇشۇنداق قىلىشىدىغان بولساڭ يىڭنە سانجىيمەن.

چىڭۋېن شۇنداق دەپ تۇراتتى، تاشقىرىقى ھۇجرىدىن «دۈك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ھاپىلا ـ شاپىلا چىقىپ قارىسا، بىر چۆرە قىز مۈگدەپ قېلىپ تامغا ئۇسسۇۋالغانىكەن، چىڭۋېننىڭ بايىقى گېپى ئۇنىڭ تامغا ئۇسسۇۋېلىپ چۆچۈپ ئويغانغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئۇ چىڭۋېن مېنى ئۇرغان ئوخشايدۇ دەپ تەمتىرەپ، يىغلامسىراپ:

— جېنىم ئاچا، مەن ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن، — دەپ يالۋۇردى. بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇنى كەچۈرگىن، — دېدى باۋيۇي ئىتتىك چىڭۋېنغا ھاي بېرىپ، — ئۇلارنى ئۇخلاشقا قويساڭلار بولىۋېرەتتى. سىلەرمۇ

نۆۋەتلىشىپ ئۇخلاۋېرىڭلار.

— بۇزرۇكۋار غوجام، — دېدى شىرىن، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى بىلەن بولۇڭ! ئاران مۇشۇ بىر كېچىلا ۋاقتىڭىز بار، زېھنىڭىزنى ھازىرچە مۇنۇ بىرنەچچە كىتابقا قويۇپ، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا ئىشلارغا قارىسىڭىزمۇ ھېچقانچە كېچىككەن بولمايسىز.

باۋيۈي ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن دېگەن بۇ گېپىگە قۇلاق سېلىپ، كىتابتىن يەنە بىرنەچچە جۈملە ئوقۇدى. باۋيۈي ئىغىزىنى نەمدىۋالسۇن دەپ شېيۆ بىر پىيالە چاي قۇيۇپ كەلدى، باۋيۈي چاينى ئېلىپ ئىچتى. شېيۆنىڭ بىرلا كالتە پەشمەت كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— كېچىمۇ جىمىقتى، ھاۋا سوغۇق، ھەر ھالدا ئۇزۇن چاپان كىيىۋالساڭ بولاتتى! — دېدى باۋيۈي.

شېيۆ كۈلگەن پېتى:

— بىزنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ يادلىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە بولمامدىكەن؟ — دېدى كىتابنى كۆرسىتىپ، — زېھنىلىرىنى مانا مۇشۇنىڭغا قويسىلا.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، چۈنيەن بىلەن چيۈۋېن ئارقا ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن:

— ۋاي بولمىدى! تامدىن بىرسى سەكرەپ چۈشتى! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئالدىراپ:

— ۋاي، نەدە؟ — دەپ سوراشتى ـ دە، ئادەم چاقىرىپ ھەممە يەرنى ئاختۇرۇشقا چىقىپ كېتىشتى.

چىڭۋېن باۋيۈينىڭ كىتاب ئوقۇيمەن دەپ بېشى قاتقانلىقىنى، كېچىچە پۈتۈن پىكىر ـ زېھنىنى سەرپ قىلسىمۇ ئەتە سىناقتىن ئۆتەلىشىنىڭ ناتايىنلىقىنى پەملەپ، باۋيۈينى بۇ مۇشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت دۇچ كەلگەن بۇ ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال

كەلدى ـ دە، باۋيۈيگە:
— بۇ پەيتنى قولدىن بەرمەي، قورقۇپ كەتتىم دەپ، ئاغرىپ قالغان بولۇپ يېتىۋالسىلا، — دېدى.
بۇ گەپ باۋيۈيگە ياغدەك ياقتى. كېچىلىك جېسەكچىلەر ئويغىتىلىپ، پانۇس بىلەن ھەممە يەر ئاختۇرۇلدى، ئەمما ھېچقانداق ئىز كۆرۈنمىدى.
— كىچىك قىزلارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ قالغاچقا، تالاغا چىقىپلا شامالدا لىڭشىغان دەرەخ شاخلىرىنى ئادەم دەپ خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك.
— قوي، بىكار گەپ قىلىشما ! — دېدى چىڭۋېن، — ئۆزۈڭلار ئوبدان ئاختۇرۇشماي، بىز ئەيىبلىك بولۇپ قالمايلى دەپ قورقۇپ، مۇشۇ گەپ بىلەن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرۇۋاتىسىلەر ـ ھە ! بايا ئۇنى كۆرگەن يالغۇز بىرلا ئادەم ئەمەس، باۋيۈي بىلەن ھەممىمىز تالاغا چىقىپ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. شۇ تاپتا باۋيۈي قورقىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ كەتتى. مۇشۇ تۇرقىدا مەن تۆر ئۆيگە يۈرەكنى ئورنىغا چۈشۈرىدىغان كۇمىلاچ ئەكېلىشكە بارىمەن. ئاغىچا خېنىم سوراپ قالسا، ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىشىم كېرەك، سىلەرنىڭ گېپىڭلار بويىچە يەتكۈزسەم بولامتى يا؟
كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورققانلىرىدىن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرەلمەي، يەنە تەرەپ ـ تەرەپكە ئاختۇرۇپ كېتىشتى. چىڭۋېن بىلەن چيۇ ۋېن ئىككىسى راستلا دورىغا مېڭىشتى، ھەممەيلەن باۋيۈي قورقۇپ كېتىپ ئاغرىپ قاپتۇ، دېگەن تونۇشقا كەلسۇن دەپ قەستەن شۇنداق غوۋغا كۆتۈرۈشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ، باۋيۈينى كۆرۈپ كېلىش ۋە ئۇنىڭغا دورا بېرىشكە دەررۇ كىشى بۇيرۇدى، ھەرقايسى جايلاردىكى كېچىلىك جېسەكچىلەرگىمۇ پۇختا ئاختۇرۇپ چىقىشنى تاپىلىدى. يەنە ئارا دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى قوشنا باغنىڭ تېمىدا جېسەكچىلىك

www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتقان مۇلازىملارنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن باغنىڭ ئىچىدە، پانۇس بىلەن مەشئەل كۆتۈرۈپ ئاختۇرۇپ كېچىچە پاتىپاراق بولۇشتى. بەشىنچى جىسەك ۋاقتى بولغاندا، غوجىدارلارنى ياخشىلاپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە چاقىرىشتى.

جيا ئانا باۋيۈيىنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى. كۆپچىلىك يوپۇتۇۋېتىشكە پېتىنالماي، بولغان ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىپ بەردى.

— مەن بۇنداق ئىش چىقار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى جيا ئانا، — ھەرقايسى جايلاردىكى كېچىلىك جىسەكچىلەرنىڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويۇشلىرى كىچىك ئىش، كىم بىلسۇن، بەلكىم ئوغرى شۇلارمۇ تېخى.

بۇ يەرگە شىڭ ئاغىچا خېنىم، يۈشىلار سالامغا كەلگەنىدى، لى ۋەن، فېڭجيې ۋە ھەممە ھەمشىرىلەرمۇ جيا ئانىنىڭ خىزمىتىگە كېلىشكەنىدى. ئۇلار جيا ئانىنىڭ بۇ گېپىگە جاۋاب بەرمەي جىمجىت ئولتۇرۇشتى. يالغۇز تەنچۇنلا ئورنىدىن قوپۇپ شۇنداق دېدى:

— يېقىنىنىڭياقى فېڭجيې ئاچامنىڭ بىرنەچچە كۈن ساقلىقى بولماي قېلىۋىدى، باغدىكىلەر بۇرۇنقىدىن خېلى كۆپ بەگباش بولۇپ كەتتى. بۇرۇن ئۇلار ناھايىتى كەلسە، ئوغرىلىقچە بىردەم ـ يېرىمدەم ئارام ئېلىشىۋالاتتى ياكى كېچىدە جىسەكتە تۇرغاندا ھېرىپ مۈگدەپ قالمايلى دەپ، ئۈچ ـ تۆتى بىر يەرگە يىغىلىشىپ شىشىخال، قەغەزگە ئوخشاش ئەرزىمەس بىرنېمىلەرنى ئوينىشاتتى. بۈگۈنكى كۈنلۈككە كەلگەندە، ئۇلار بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ تاۋكا قورۇپ، تاۋكا بېشى، دوكار بولۇشۇپ، قىرىق ـ ئەللىك تىزىقلاپ يارماق تىكىپ ئويىنىشىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭدىن يېرىم ئاي بۇرۇن تېخى سوقۇشۇپ چاچلىشىدىغان ئىشلارمۇ چىقتى.

— بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق مەلۇم قىلمىدىڭ؟ — دېدى جيا ئانا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا.

— مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشى تولا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقىنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلماي، چوڭ يەڭگەم بىلەن ئىش باشقۇرىدىغانلارغا ئېيتقاندىم. بىرقانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ ئەيىبلىگەندىن كېيىن، ئۇلار خېلى تۈزىلىپ قېلىشتى، — دېدى تەنچۈن.

— سەن دېگەن قىز بالا تۇرساڭ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە چىقىدىغان يامانلىقنى نەدىن بىلەتتىڭ؟ — دېدى جيا ئانا دەررۇلا، — سەن بىلمەيسەن، قىمار ئويناش ئادەتتىكى ئىش، ئۇرۇش - جېدەل چىقمىسىلا بولدى، دەپ ئويلايسەن، ئەمما كېچىدە قىمار ئوينىغاندا شاراب ئىچمەي قالمايدۇ، شاراب ئىچكەندىن كېيىن ئىشىكلەرنى ئۆز مەيلىچە ئېچىپ - يېپىپ، سىرتقا بىرنەرسە سېتىۋالغىلى چىقىشىدۇ. كېچىدە جىمجىتلىق بولىدۇ، ئادەملەر سېلىكىپ قالىدۇ، شۇنداق چاغدا ئوغرى - قاراقچىلارنى باشلاپ كىرسە، ئۇلار نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە باغدا ھەمشىرىلىرىڭگە يېتىپ - قوپۇشقا ھەمراھ بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېدەك قىزلار بىلەن ئايالлар، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھوشيارلىرىمۇ، كالۋالىرىمۇ بار، بىر نەرسىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇشقۇ كىچىك ئىش، ناۋادا باشقا ئىشلار بولۇپ قېلىپ، شەنىمىزگە ئازراق داغ چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ، بۇ ئىشنى بۇنداقلا ئەپۇ قىلىۋەتكىلى بولامدۇ؟

تەنچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۈندىمەي جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. فېڭجيې گەرچە سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن روھى ئانچە چۈشكۈن ئەمەس ئىدى. ھازىر جيا ئانىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپلا:

— قېرىشقاندەك مېنىڭ كېسەل بولۇپ قالغىنىم، — دېدى - دە، ئارقىغا بۇرىلىپلا، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى قاتارلىق تۆت نەپەر باش غوجىدار ئايالنى چاقىرتىپ كىرىپ، جيا ئانىنىڭ

كۆز ئالدىدىلا ئۇلارغا بىر قۇر تەنبىھ بەردى.

— دوكارنى، قىمارۋازلارنى ئېنىقلاپ دەرھال كەلتۈرۈڭلار! باشلامچىلارنى پاش قىلغۇچىلارغا ئىنئام بېرىلسۇن، ئەھۋالنى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغۇچىلار جازاغا تارتىلسۇن! — دېدى جىيا ئانا بۇيرۇق بېرىپ.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى قاتارلىقلار جىيا ئانىنىڭ غەزەپكە كەلگىنىنى كۆرۈپ، ھېچقايسىسى يۈز - خاتىر قىلىشقا پېتىنالماي، دەررۇلا باغقا كىرىپ ھەممىنى يىغدى - دە، بىر - بىردىن سوراپ چىقتى. دەسلەپتە ئۇلار بىردەم تېنىپ بېقىشتى، لېكىن ئاخىرىدا ھەممە ئىش ئايان بولماي قالمىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، چوڭ دوكاردىن ئۈچى، كىچىك دوكاردىن سەككىزى، توپلىشىپ قىمار ئوينىغانلاردىن جەمئىي يىگىرمە نەچچە ئادەم چىقتى، بۇلارنى جىيا ئانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىدىلا يۈكۈنۈپ ھەدەپ باش ئۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغىلى تۇردى.

جىيا ئانا ئالدى بىلەن چوڭ دوكارلارنىڭ ئىسمىنى ۋە قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى سورىدى. نەتىجىدە چوڭ دوكارلاردىن بىرسى لىن جىشياۋنىڭ ئايالىنىڭ ئىككى تۇغقان ھەمشىرىسى، بىرسى باغدىكى ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان لىيۇ يەڭگىنىڭ سىڭلىسى، بىرسى يىڭچۈننىڭ ئېمىكئانىسى بولۇپ چىقتى. مۇشۇ ئۈچى باشلامچىلىرى ئىدى. باشقىلىرى بۇ يەردە ئانچە قەيت قىلىنمىدى. جىيا ئانا: شىشىخال، قەغەز - پەغەزلىرى كۆيدۈرۈلسۇن؛ ھەممە پۇلى مۇسادىرە قىلىنىپ كۆپچىلىككە تارقىتىپ بېرىلسۇن؛ باشلامچىلىرىنى قىرىق پالاقتىن ئۇرۇپ، ئۇلار قوغلاپ چىقىرىلسۇن، بۇ يەرگە قايتا كىرگۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەشكۈچىلىرىنى يىگىرمە پالاقتىن ئۇرۇپ، ئۈچ ئايلىقتىن مائاشىنى بەرمەي، ھاجەتخانا تازىلاشقا قويۇلسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، ئاندىن لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغىمۇ بىر قۇر تەنبىھ بەردى.



www.uyghurkitap.com

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى توغقىنىنىڭ يەنە ئۆزىگە سەتچىلىك تېپىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ كەيپى ئۇچتى. شۇ يەردە ئولتۇرغان يىڭچۇنمۇ ئوڭايسىزلاندى. دەييۇي، باۋچەي، تەنچۇنلەر يىڭچۇننىڭ ئىمىكئانىسىنىڭ بۇ ھالەتكە چۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، «بىر ئۇينىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا، مىڭ ئۇينىڭ تۇيىقى سىرقىرايدۇ» دېگەندەك بولۇشۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، كۆلگەن پېتى جيا ئانىدىن كەچۈرۈم سوراشتى.

— بۇ ئانىكىمىز ئادەتتە ئۇنداق نەرسىلەرنى ئوينىمايتتى، نېمە بولغانكىن، بىردىنلا خۇشلۇقى تۇتۇپ قېلىپ ئويناپ تاشلاپتۇ. ئىككىنچى ئاچىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بۇ دورەمچە ئۇنى ئەپۇ قىلغان بولسىلا.

— سىلەر ئۇقمايسىلەر! — دېدى جيا ئانا، — ئەتىمالىم، بۇ ئىمىكىلەر غوجام - خېنىملارنى ئەمگۈزگەنلىكىنى دەستەك قىلىشىپ ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن يۇزلۇكرەك ساناشقان - دە، مۇشۇنداق ئىش تېرىشقان، باشقىلارغا قارىغاندا ئەڭ يامىنى مۇشۇلار! غوجايىنلىرىنى كۇشكۇرتۇپ، يامانلارغا يانتاياق بولىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى مەن بېشىمدىن كەچۈرگەن. ئاشۇنداقلاردىن بىرىنى تۇتۇپ ئىبرەت قىلسام دەپ يۈرەتتىم، ئاخىر دېگەندەك بىرسى قولۇمغا چۇشتى. سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇلارنى قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

باۋچەيلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، نائىلاج بولدى قىلدى.

جيا ئانىنىڭ چۇشلۇك ئارام ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، كۆپچىلىك ئۆيدىن تارقىلىشتى. ئەمما، ھەممەيلەن جيا ئانىنىڭ ئاچچىقى كەلگىنىنى بىلگەچكە، ئۆيلىرىگە قايتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردىرەك تۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يۇشى فېڭجيېنىڭ ھۇجرىسىغا كېلىپ بىردەم پاراڭ سېلىشتى، فېڭجيېنىڭمۇ كۆڭلى پەرىشان بولغاچقا، يۇشى ئۇ يەردىن چىقىپ باغقا قاراپ ماڭدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭمۇ باغقا كىرىپ ئايلىنىپ چىققۇسى كېلىپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىشىگە، ئۇدۇلىدىن جىيا ئانىنىڭ ھۇجرىسىدىكى بىر چۆرە قىز چىقىپ كەلدى. بۇ قىزنى گالۋاڭ داجيې دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ ھىجايغىنىچە قولىدىكى ئالىيىشىل بىر نەرسىگە بېشىنى كۆتۈرمەستىن قاراپ كېلىۋېتىپ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ۋە قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بېقىپ، ئاندىن توختىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم:

— مۇنۇ گالۋاڭ يەنە قانداق ئەتىۋارلىق نەرسە تېپىۋالغانكىنە، ئەجەب خۇشالغۇ؟ ئەكېلە، مەنمۇ كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

گالۋاڭ داجيې ئون تۆت ياشتا بولۇپ، جىيا ئانىنىڭ ھۇجرىسىدىكى قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى قىلىشقا يېڭىدىن سېتىۋېلىنغانىدى. ئۇ سېمىز، يۈزى تاۋاقتەك، پۇتلىرى يوغان قىز ئىدى. قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى قىلىشقا شۇنچىلىك ئەپچىل ھەم چاققان، لېكىن ئەخمەق ھەم جاھىل، ھېچقانداق پەم - پاراسىتى يوق، قىلغان گەپلىرى ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرەتتى. جىيا ئانا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا «گالۋاڭ داجيې» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغانىدى. سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى ئۇنچە ئەيىبلەپمۇ كەتمەيتتى. ئۇ ئىشى يوق چاغلاردا باغقا كىرىپ ئويناپتتى. بۈگۈن ئۇ سۇنئىي تاغنىڭ ئارقىسىدا چېكەتكە تۇتۇپ ئويناۋېتىپ، رەڭگارەڭ كەشتىلەنگەن ئىپار قاپچۇقى تېپىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەشتىلەنگىنى گۈلمۇ ئەمەس، قۇشمۇ ئەمەس، بىر تەرىپىدە قۇچاقلىشىپ تۇرغان قىپيالىڭاچ ئىككى ئادەمنىڭ سۈرىتى، بىر تەرىپىدە بىرنەچچە خەت بار ئىدى. بۇ گالۋاڭ قىز ئەسلىدە ئاشىق - مەشۇقلۇق نىشانىسىنى بىلمىگەچكە، كۆڭلىدە: «ئىككى ئالۋاستىنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىقى ئوخشىمامدۇ؟ ئالۋاستى بولمىسا، ئىككى ئادەمنىڭ سوقۇشۇۋاتقىنىدۇ ھەرقاچان؟» دەپ ئويلاپ، يا ئۇنى چۈشىنەلمەي، جىيا ئانىغا كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن ھىجايغىنىچە كېتىۋاتاتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شۇنداق دېيىشى

بىلەنلا، ئۇ ھىجىيىپ:

— ئاغىچا خېنىم تېپىپ دېدىلە، راستىلا ئەتىۋارلىق نېمە ئىكەن! خېنىم، كۆرۈپ باقسىلا، — دەپ، ئۇ نەرسىنى ئۇزارتتى.

شىلىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپلا قورقۇپ كېتىپ، چىلىڭ مىجىقلىنىۋالدى ۋە ئالدىراپ:

— بۇنى سەن نەدىن تېپىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— چېكەتكە تۇتىمەن دەپ، سۇنئىي تاغنىڭ ئارقىسىدىن تېپىۋالدىم، — دېدى گالۋاڭ داجيې.

— بۇنى ھەرگىز بىر كىمگە ئېيتقۇچى بولما! — دېدى شىلىڭ ئاغىچا خېنىم، — بۇ ياخشى نەرسە ئەمەس. بۇنى كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ سەنمۇ تاياق ئاستىدا ئۆلىسەن، ئادەتتىمىغۇ سەن گالۋاڭ قىز، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمە.

گالۋاڭ داجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن تاتىرىپ كەتتى ـ دە:

— ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن! — دېگىنىچە شىلىڭ ئاغىچا خېنىمغا باش قويۇپ، ھاڭقىيىپ چىقىپ كەتتى.

شىلىڭ ئاغىچا خېنىم كەينىگە قاراپ باقتى، ئۇ يەردە تۇرغانلار ساپلا قىزلار ئىدى، بۇنى ئۇلارغا بېرىشنى ئەپ كۆرمەي يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى. كۆڭلىدە بۇنىڭغا ھەيران بولدى، بۇ نەرسە نەدىن كىرىپ قالغاندۇ دەپ پەرەز قىلىپ باقتى، لېكىن تېگىگە يېتەلمىدى. چىرايىدىن بىلىندۇرمەي يىڭچۇننىڭ ھۇجرىسىغا كەلدى. يىڭچۇن ئېمىكئانىسىنىڭ گۇناھ قىلىپ قويغانلىقىدىن كۆڭلى چېچىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت ئانىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە باشلىدى. يىڭچۇن ئانىسىغا چاي تۇتقاندىن كېيىن، شىلىڭ ئاغىچا خېنىم شۇنداق دېدى:

— چوپچوك قىز تۇرۇپ، ئېمىكئاناڭ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە ئۇنىڭغا گەپ قىلىپمۇ قويماپسەن. باشقىلاردىن ھېچ ئىش چىقماي، قېرىشقاندەك بىزنىڭ ئادەملىرىمىز

مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە، بۇ قانداق بولغىنى؟
يىگچۈن بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، بەلدەمچىسىنى مىجىقلاپ، بىر هازادىن كېيىن:
— مەن ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ئېيتتىم، گەپ ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، مېنىڭمۇ ئامالىم بولمىدى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ ماڭا ئاتا بولغاندىن كېيىن، ماڭا دەپ — ئېيتالايدىكەن، مەن ئۇنىڭغا دەپ — ئېيتالمايدىكەنمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.
— بىكار گەپ، — دېدى شاڭ ئاغىچا خېنىم، — سېنىڭدىن سەۋەنلىك ئۆتسە، ئەلۋەتتە، ئۇ ساڭا گەپ قىلىشقا تېگىشلىك. بۇگۈن ئۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانىكەن، سەن ئۇنىڭغا خان قىزلىق سۈپىتىڭنى كۆرسىتىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ گەپكە كىرمەيدىغانلىغا ھەددى ئەمەس، گەپكە كىرمىسە، ماڭا مەلۇم قىلساڭ توغرا قىلغان بولسەن. مانا بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم بىلىپ قالدى، بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك! ئاندىن ئۇ ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ سېنىڭدىن تۇرگۇچ — ھالقا، كىيىم — كېچەكلەرنى ئۆتنە ئېلىپ قىمارغا دەسمايە قىلىسىمۇ قىلغاندۇ. سەن كۆڭلۈك يۇمشاق، يۈزۈك تۆۋەن بولغاچقا، ئۇنى ھاجىتىدىن چىقارمايمۇ تۇرمىغانسەن. ئەگەر ئۇ ئالداپ سېنىڭدىن ئەكەتكەن بولسا، مېنىڭ ساڭا بېرىدىغان بىر تىيىنىممۇ يوق. قېنى، ئەتە بايرامنى قانداق ئۆتكۈزىسەنكىن؟
يىڭچۈن زۇۋان سۈرمەي، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە جىم ئولتۇراتتى. شاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ يەنە شۇنداق دېدى:
— سېنى چوڭ بېگىمنىڭ يېنىدىكى ئايال تۇغقان، بۇ يەردىكى تەنچۈن قىزنى ئىككىنچى بېگىمنىڭ يېنىدىكى ئايال تۇغقان. كېلىپ چىقىشىڭلار ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن سېنىڭ ئاناڭ جاۋ كىچىك خېنىمدىن ئون ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ، سەنمۇ ئەلۋەتتە تەنچۈن قىزدىن ئۈستۈن تۇرۇشۇڭ كېرەك ئىدى. ئەكسىچە، سەن ئۇنىڭ پوقىنىمۇ دورىيالمايسەن؟ ھەر نېمە

بولسا، مەن بالا يۈزى كۆرمەيتىمەن، ئۆمرۈم بويى گەپ - سۆزدىن خالىي بولۇپ، خەقنىڭ كۈلكىسىگىمۇ قالماي ئۆتۈۋاتىمەن!

— ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا كەلدى! — دەپ بىرىكىم خەۋەر قىلدى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سوغۇققىنا بىر كۈلۈپ قويدى - دە، ئۇنىڭغا گەپ يەتكۈزۈشكە كىشى جورۇپ:

— ئۆزى ئوبدان كۈتۈنسۇن، بۇ يەردە ماڭا ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ هاجىتى يوق، — دېدى.

ئارقىدىنلا يەنە بىر ئايغاقچى چۆرە قىز كېلىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئويغاندى، — دەپ خەۋەر قىلدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدى تەرەپكە ماڭدى. يىڭچۈن ئانىسىنى هويلىنىڭ تېشىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى.

— قانداق؟ — دېدى شيۇجۈي ئۇنىڭغا، — قايسى كۈنى مەن سىلىگە: «هېلىقى ئالتۇن زەنجىرلىك مەۋرايىت سۈمۈرغ سۈرەتلىك جىغا نەگە كەتتىكىن» دەپ مەلۇم قىلسام، سىلى ئۇ توغرىدا بىر ئېغىزمۇ سۈرۈشتە قىلىپ قويمىدىلا. مەن يەنە: «بۇنى هەرقاچان ئېمىكئانا ئاچىقىپ گۆرۈگە قويۇپ قىمار ئوينىغان نېمە» دېسەم، ئۇنىڭغا سىلى ئىشەنمەي: «سىچى ئېلىپ قويغان» دەپ سىچىدىن سوراتقۇزدىلا. سىچى كېسەل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە بار ئىكەن، ئۇ: «مەن ئېلىپ قويغان، تېخىچە كىتاب جازىسىدىكى قۇتىنىڭ ئىچىدە، تاۋۇز چاغنى كۈنى خان قىزنىڭ تاقىشى ئۈچۈن شۇ يەرگە قويۇپ قويغان» دېدى. خان قىز، ئەمدى بىر كىمنى بۇيرۇپ ئېمىكئانىدىن بىر سورىتىپ باقمىساق بولمايدۇ.

— سوراشنىڭ نېمە هاجىتى؟ — دېدى يىڭچۈن، — دېسەم - دېمىسەم، ئۇ ئاچىقىپ گەدىنىدىكى قەرزىنى ئۈزگەندۇ. مەن ئۇنى خەققە تۇيدۇرماي ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئۆتكەندە، يەنە تۇيدۇرماي جايىغا قويۇپ قويار دەپتىكەنمەن.

ۋايتاڭەي، ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇگۈن قېرىشقاندەك ئىش تېرىپتۇ، ئۇنىڭدىن سورىغانلىقىمۇ پايدىسى يوق.

— قانداقسىغا ئۇنتۇپ قالسۇن؟ — دېدى شيۇجۇي، — ئۇ خان قىزنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالغاچقا، ئاشۇنداق قىلىدۇ. ماڭا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ: ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلايلى، ئۇ يا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ كېلەر، ياكى بولمىسا ئىشنى ئۇلغايتماي بىرنەچچە تىزىق داچەن چىقىرىپ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويغان يېرىدىن ياندۇرۇپ كېلەر، قانداق؟

— بولدى، بولدى! — دېدى يىڭچۇن ئىتتىككىلا، — ئىشنى ئاۋۇتمىغىنىمىز ياخشى. يوقاپ كەتكەن بولسا بوپتۇلا، ئىش تېپىپ نېمە قىلاتتۇق؟

— خان قىز، نېمانچە مۇنداق ياۋاش - يۇمشاقلىق قىلىدىغانلا؟ ھەممە ئىشتا مۇشۇنداق ئىشنى ئاۋۇتمايلى دەپ يۈرۈۋېرىدىغان بولسىلا، كەلگۈسىدە بۇ خەق ئۆزلىرىنىمۇ ئالداپ ئەكېتىدۇ! مەن زادى بارىدىغىنى. — شيۇ جۈي شۇنداق دەپلا ماڭدى. يىڭچۇن گەپ قىلماي، ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردى.

بايا يىڭچۇننىڭ ئېمىكئانىسىنىڭ كېلىنى — يۇيجۇرنىڭ خوتۇنى — قېيىنئانىسىنىڭ گۇناھ قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، يىڭچۇندىن ئۇنىڭ گۇناھىنى سورىۋېلىشنى تىلەپ كەلگەن ۋە ئۇلار ئالتۇن سۇمۇرغ توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاچقا ھۇجرىغا كىرمەي تۇرغانىكەن. بۇلار ئادەتتىمۇ يىڭچۇننى بوزەك كۆرۈپ، نەزىرىگىمۇ ئېلىپ قويمايتتى؛ ئەمدىلىكتە ئۇ شيۇجۈينىڭ بۇ ئىشنى فېڭجيېگە ئېيتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشتىن ئەمدى قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، ھۇجرىغا كىرىپلا ھجايغىنىچە ئالدى بىلەن شيۇجۈيگە شۇنداق دېدى:

— ھەي قىز، ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشنى غولداتماڭ، بىزنىڭ ئانىكىمىز قېرىغىنىدا ئالجىپ ئازراق پۇل ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ،

دەسمايىسىنىمۇ تۆلىۋالالماي، خان قىزنىڭ ئالتۇن زەنجىرلىك سۇمۇرغ جىغىسىنى ئاچىقىپ ئىشلەتكەچ تۇرۇپتىكەن، ئويلىمىغان يەردىن بوگۇن بۇ ئىش تېرىلىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ دېگەن غوجايىنىنىڭ نەرسىسى تۇرسا، بىزنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى كەينىگە سۈرۈۋېرىشكە هەددىمىز ئەمەس. هامان بىر كۈنى پۇلىنى تۆلەپ قايتۇرۇپ كېلىمىز. خان قىزدىن شۇنى تىلىسەم، بوۋاق چاغلىرىدا سىلىگە بەرگەن ئاق سۈتىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تەرەپكە ئۆتۈپ كەچۈرۈم سوراپ، ئانىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىلا ئوبدان بولاتتى !

— ئوبدان يەڭگە، بۇنداق خام خىيالنى بالدۇرراق تاشلاڭ، — دېدى يىڭچۇن، — مېنىڭ بېرىپ كەچۈرۈم سورىشىمنى كۈتسىڭىز كېلەر يىلغىچىمۇ هېچنېمە چىقمايدۇ. بايا هەتتا باۋچەي ئاچام، دەييۈي سىڭلىم قوشۇلۇپ هەممەيلەن كەچۈرۈم سورىغاندا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنىمىغان تۇرسا، مەن بىر ئادەمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالامدۇ؟ مۇشۇ تۇرقىدا تارتقان ئىزايىمغا ئۆلەي دەۋاتسام، يەنە ئىزا تىلەپ بارامدىمەن؟

— ئالتۇن سۇمۇرغ جىغىنى ياندۇرۇپ كېلىش بىر گەپ، كەچۈرۈم سوراش بولسا باشقا گەپ، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەڭ. خان قىز بېرىپ كەچۈرۈم سورىمىسا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەمتىسىڭىز؟ يەڭگە، ئاۋۋال ئالتۇن سۇمۇرغ جىغىنى ئەكېلىپ بېرىپ، ئاندىن قالغان گېپىڭىزنى دەڭ، — دېدى شيۇجۈي.

يۈيجۇرنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ گېپىنى يىڭچۇننىڭ رەت قىلغانلىقىنى، شيۇ جۈينىڭ نەشتەردەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا گەپ تېپىپ بېرەلمىدى ۋە يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قالدى، بوزەك يىڭچۇننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، شيۇ جۈيگە يەنە شۇنداق دېدى:

— هەي قىز، ئۇنچىۋالا كېرىلىپ كەتمەڭ ! هەممە

www.uyghurkitap.com

ھۆجرىلارغا قاراپ بېقىڭا، قايسىبىر ئانىكا ـ ئېيمىكئانىلار ئۆز غوجىسى بولغان غوجام ـ خان قىزلارنى ھىمات قىلىپ ئانچە ـ مۇنچە نەپ ئالماي كېلىۋېتىپتۇ؟ يالغۇز بىزلا مۇشۇنداق «غېرى غاز، ئۆردىكى ئۆردەك» بولامتۇق؟ يالغۇز سىلەرلا قونچۇم ئوغرى ـ بوغچۇم ئوغرى قىلىپ خەقنى ئالداپ يۈرسەڭلارلا بولىدىكەن ـ دە. شىۋيەن خان قىز كەلگەندىن كېيىن، ئاغىچا خېنىم بىر سەر كۈمۈشنى تېجەپ تاغا ئاچا خېنىمغا بېرىشنى تاپىلىغاچقا، بۇ يەرگە شىۋيەن خان قىزنىڭ خىراجىتى قوشۇلۇپ قىلىپ، بىر سەر كۈمۈش ئۆكسۈپ قالغان. ھەمىشە ئۇنىسى ئۆكسۈپ، بۇنىسى كېمىيىپ ـ تارتىپ تۇرىدۇ، قايسىبىرىنى بىز قامدىماپتۇق؟ ئۇنى كىم تەلەپ قىپتۇ؟ ھەممەيلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتسەكلا بولىدىغان گەپ، بۇگۈنگىچە سەپلىگەننى ھېسابلايدىغان بولساق، ئاز دېگەندە ئوتتۇز سەرگە يېتىدۇ! بىزنىڭ بۇ پۇللىرىمىز بىكاردىن ـ بىكار سەپلىنىپ كېتىۋېرىدىكەن ـ دە؟

ئۇنىڭ گېپىنى ئۇزۇپلا شىۋجۇي بىرنى تۈكۈردى ـ دە:

— سەن قايسى ئىشلارغا ئوتتۇز سەر كۈمۈش سەپلىدىڭ؟ مەن سېنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن! خان قىز زادى قانداق نەرسىلىرىڭنى ئاپتۇ؟

يىڭچۇن بۇ خوتۇننىڭ شاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قورسىقىدىكى گەپنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەررۇ ئۇلارنى توسۇپ:

— بولدى، بولدى! ئالتۇن سۇمۇرغ جىغىنى دەپ ھەممىنى چىشلەپ ـ تارتىپ چۇقان كۆتۈرمەڭ. ماڭىمۇ ئۇ جىغىنىڭ كېرىكى يوق. ئاغىچا خېنىم سوراپ قالسا، يىتتۇرۇپ قويدۇم، دەيمەن، سىزگە ھېچقانداق كاشىلىسى تەگمەيدۇ. چىقىپ دەم ئېلىڭ، بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە جاپا؟ — دېدى يىڭچۇن ۋە شىۋجۈينى چاي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

— خان قىز، سىلى قورقىمىغانلىرى بىلەن مەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — دېدى شىۋجۇي ئاچچىقلاپ ھەم تىتىلداپ، —

خان قىزنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ چىقىپ گۆرۈگە قويۇپ، يەنە تېخى خان قىز بىزنىڭ پۇلىمىزنى ئىشلەتتى، دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتسا، زادى بۇگۈن بۇ گەپنىڭ ئېقىنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلىش كېرەك! ناۋادا ئاغىچا خېنىم خان قىزدىن نېمىشقا ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئىشلەتتىڭ، دەپ سوراپ قالسا، بىز ئىككى ئوتتۇرىدا ھايان ئالغان بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ ئۇنى بىز كۆتۈرەلمەيمىز! — شيۇجۇي سۆزلەپ تۇرۇپ يىغلايتتى. سىچى چىدىيالماي ئارانلا ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، شيۇجۇيگە بولۇشۇپ، ھېلىقى ئايالغا سوئال قويدى. يىڭچۈن ئۇلارنى ھاي دەپ توختىتالماي «ئىجابەتنامە» دېگەن كىتابنى ئېلىپ ئوقۇغىلى نېرى كەتتى.

بۇ ئۇچى ئەنە شۇنداق دە تالاش قىلىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە باۋچەي، دەييۈي، باۋچىن، تەنچۈنلەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار بۇگۈن يىڭچۈننىڭ كۆڭلى سۇنۇق، ھەممىمىز تەسەللى بېرىپ كېلەيلى دەپ كېلىشكەندى. ئۇلار ھويلىغا كىرگەندە، ھۇجرىدا بىرنەچچە ئادەمنىڭ كالدىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، تەنچۈن شايىلىك دېرىزىدىن ئىچكىرىسىگە قاراپ باقتى، يىڭچۈن ھۇجرىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاڭلىمىغان كىشىدەك، كارىۋاتقا يۆلىنىپ كىتاب ئوقۇۋېتىپتۇ، تەنچۈن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. چۆرە قىزلار دەرھال مىلەڭزىنى قايرىپ:

— خان قىزلار كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

يىڭچۈن قولىدىكى كىتابنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ھېلىقى ئايال ئادەم كېلىپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەنچۈننىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ـ ئۆزى ھاي بەردى ـ دە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

تەنچۈن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

— بايا بۇ يەردە كىملەر گەپ قىلىشتى؟ خۇددى تاكاللىشىپ قالغاندەكلا قىلىشىپ كەتتىڭلارغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچ ئىش يوق، ئۇلار كىچىك ئىشنى يوغىنىتىۋاتقانلا

www.uyghurkitap.com

گەپ، ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى يىگچۈن كۈلۈپ.

— قۇلىقىمغا «ئالتۇن سۇمۇرغ»، «پۇلۇڭلار قالمىغاندا بىز چاكارلاردىن ئالىسىلەر» دېگەندەك گەپلەر كىرىپ قالدى. كىم چاكارلاردىن پۇل ئاپتۇ؟ ياكى ئاچام چاكارلاردىن پۇل ئالامدىكەن؟ — دېدى تەنچۈن تەبەسسۇم بىلەن.

— راست ئېيتتىلا، خان قىز! بىزنىڭ خان قىز قاچانلاردا ئۇنىڭدىن بىرنېمە ئالغان يېرى بولاتتى؟ — دېدى سىچى بىلەن شيۇ جۇي.

— ئاچىمىز ئۇنىڭدىن ئالمىغان بولسا، بەلكىم بىز ئۇلاردىن ئالغان ئوخشىمامدۇق؟ ئۇنى چاقىرىپ كىرگىنە، مەن ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي، — دېدى تەنچۈن.

— بۇمۇ قىزىق گەپ بولدى، — دېدى يىگچۈن كۈلۈپ، — بۇ ئىشنىڭ سىلەرگە يۇقىدىغان يېرى بولمىسا، بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى تەنچۈن، — ئاچا، سىز بىلەن مەن ئوخشاش، ئاچامنىڭ ئىشى مېنىڭ ئىشىم. ئۇنىڭ ئاچامنى دەپ ـ ئېيتقىنى مېنى دەپ ـ ئېيتقىنى. مەن تەرەپتە بىرسىنىڭ مەندىن ئاغرىنغانلىقىنى ئاچام ئاڭلاپ قالسا، ئوخشاشلا ئۇ ئاچامدىنمۇ ئاغرىنغان بولىدۇ. بىز بولساق غوجايىن، ھېچقاچان ئۇنداق پۇل ـ مال دېگەندەك چاكىنا ئىشلارنى ئېغىزغا ئېلىپ يۈرمەيمىز، خىيالىمىزغا نېمە كەلسە شۇنى ئېلىشنىلا بىلىمىز، بۇ بار ئىش. بىراق، زەنجىرلىك سۇمۇرغ جىغا نېمىدەپ بۇ گەپنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلۇپ يۈرىدۇ؟

يۈيجۈرنىڭ خوتۇنى شيۇ جۈيلەرنىڭ بايىقى گەپنى ئېيتىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئىتتىك ھۇجرىغا كىرىپ گەپ بىلەن يۈپۈتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، تەنچۈن ئۇنىڭ غەرىزىنى ئوبدان بىلىپ، كۈلگەن پېتى شۇنداق دېدى:

— سىلەرمۇ تازا ئەخمەق ئىكەنسىلەر، ھازىر سىزنىڭ ئېھتىكئانىڭىز ناماقۇل ئىش قىلىپ قويغاندىن كېيىن،

ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا يالۋۇرۇپ، بايىقى پۇلنىڭ كىشىلەرگە تارقىتىلماي قالغىنىدىن ئازراق ئېلىپ سۇمۇرغ جىغىنى گۆرۈدىن ياندۇرۇپ كەلسەڭلارلا ئىش تۈگەيدۇغۇ؟ ھەممەيلەن يۈزۈڭلارنى ئايىساڭلار بولاتتى. ئەمدى يۈزۈڭلارمۇ يەرگە چۈشۈپتۇ، شۇ تاپتا ئۇنى گۇناھ ئۆتكۈزگە بولسىمۇ جازاسىنى بىرلا ئادەم تارتىدۇ، ئىككى باشنى تەڭ كېسىدىغان قائىدە يوق. سىز مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىپ، ۋاقتىدا بېرىپ بۇ ئىشنى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا ئېيتىڭ، بۇ يەرگە كېلىپ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ چاكىنىلىق قىلىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟...

تەنچۈننىڭ گەپلىرى ئۇ خوتۇننىڭ يېغىرىنى ئېچىۋەتكەچكە، يا تېنىۋالالماي، يا فېڭجېيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى ئۆزى مەلۇم قىلىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى.

— مەن ئاڭلىمىسامغۇ مەيلى ئىدى، — دېدى تەنچۈن كۈلۈمسىرەپ، — ئاڭلاپ قالغاندىن كېيىن، سىلەرگە گەپنىڭ نەق يېرىنى دەپ بەرمىسەم بولمايدۇ ـ دە.

تەنچۈن بايىلا سىشۇغا كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ قويۇپتىكەنمۇ دەيمەن، سىشۇ چىقىپ كەتتى. ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە پىڭئېر كىرىپ كەلدى.

پىڭئېرنى كۆرۈپ باۋچىن چاۋاك چېلىپ، كۈلگەن پېتى:

— ئۈچىنچى ئاچامنىڭ مالائىكىنى ئەۋەتىپ سەركەردىنى چاقىرتىپ كېلىدىغان سېھىرگەرلىك ھۈنىرى بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— بۇ داۋجياۋچىلارنىڭ سېھىرگەرلىك ھۈنىرى ئەمەس، تەتۈرسىچە لەشكەر ئىشلىتىشتىكى ماھارەت: «مۇداپىئە قىلغاندا قىز بالىدەك جىمجىت تۇرۇۋېلىش، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغان توشقاندەك چاققان بولۇش»، «قارشى تەرەپ تەييارلىقسىز تۇرغاندا ھۇجۇمغا ئۆتۈش» دېيىلگەن قالتىس تەدبىر بۇ، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

ئۇ ئىككىسى ئاشۇنداق دەپ كۈلۈشۈۋاتقاندا، باۋچەي گەپنى

www.uyghurkitap.com

بۆلمەڭلار، دېگەندەك قىلىپ ئىككىسىگە شەرەت قىلىپ قويدى. تەنچۇن پېڭئېرنى كۆرۈپ:

— خېنىمىڭ خېلى ساقىيىپ قالغاندۇ؟ كېسەل راستىلا ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ باقمايدىكەن، بىزنىلا مۇشۇنداق خورلۇققا سېلىپ قويۇۋاتىدۇ، — دېدى.

— سىلىنى خاپا قىلىشقا پېتىنغان كىم ئىكەن ئۇ؟ خان قىز، ماڭا ئېيتسىلا، — دېدى ئالدىراپ پېڭئېر.

يۈيجۇرنىڭ خوتۇنى بۇ گەپتىن ھودۇقۇپ كېتىپ پېڭئېرنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

— خان قىز، ئولتۇرسىلا، مەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەي، سىلى ئاڭلاپ باقسىلا، — دېدى.

— خان قىز سۆزلەۋاتقان يەردە سىزنىڭ قالايمىقان ئېغىز ئېرىچىلىشىڭىزنىڭ ئورنى بارمۇ؟ — دېدى پېڭئېر چىرايىنى سۈرلۈك قىلىپ، — قائىدە ـ يوسۇننى بىلىدىغان بولسىڭىز، سىرتتا تۇرۇپ تۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. تالادىكى خىزمەتكارلار خان قىزلارنىڭ ھۇجرىسىغا مۇشۇنداق سەۋەبسىزلا كىرىۋېرەمدىكەن؟

— بىزنىڭ بۇ ھۇجرىدا قائىدە ـ يوسۇننىڭ يوقلۇقىنى سىز بىلمەيسىز، كىمنىڭ كىرگۈسى كەلسە، كىرىۋېرىدۇ! — دېدى شيۇجۈي.

— ھەممە ئەيىب سىلەردە! — دېدى پېڭئېر، — خان قىز ياۋاشلىق قىلغان بولسا، سىلەر ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويساڭلار بولاتتى.

يۈيجۇرنىڭ خوتۇنى پېڭئېرنىڭ بۇ گېپى بىلەن قىزارغان پېتى چىقىپ كەتتى. تەنچۇن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي: ناۋادا باشقىلار مېنى رەنجىتكەن بولسا ئۇنىڭ كارى چاغلىق ئىدى، ھازىر يۈيجۇرنىڭ خوتۇنى بىلەن قېيىنئانىسى ئېمىكئانىلىقىنى ھىمات قىلىپ،

ئاندىن ئىككىنچى ئاچامنىڭ ياۋاشلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئالتۇن جابدۇقىنى يوشۇرۇنچە ئاچقىپ قىمار ئويناپتۇ. ئۇنى ئاز دەپ تېخى يالغان ھېسابات ياساپ چىقىپ، خەقنى كەچۇرۇم سوراشقا قىستاپ، ھۇجىرىدا مۇنۇ ئىككى دېدەك بىلەن ھەدەپ ۋارقىرىشىۋېتىپتۇ، ئىككىنچى ئاچام بۇلارنى باشقۇرالماي قاپتۇ. مەن بۇنىڭغا چىدىماي، سېنىڭدىن بىر سوراپ باقاي دەپ چاقىرتقاندىم. ئۇ قائىدىنى بىلمەيدىغانغا بۇ جاھاننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان ئادەممۇ ياكى بىر كىم ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قىلىپ، ئاۋۋال ئىككىنچى خان قىزنى بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن مېنىڭ بىلەن تۆتىنچى خان قىزنى بوسۇندۇرىمىز دەپ يول كۆرسىتىۋاتامدۇ؟

— بۇگۇن نېمىدەپ بۇنداق گەپنى قىلىپ قالىلا؟ بۇ گەپنى بىزنىڭ خېنىم قانداق كۆتۈرىدۇ؟ — دېدى پىڭئېر دەرھال كۈلۈپ.

— «بىر ئۇينىڭ مۇڭگۇزىگە ئۇرسا، مىڭ ئۇينىڭ تۇيىقى سىرقىرايدۇ. كالپۇك بولمىسا، چىش مۇزلايدۇ» دېگەندەك، ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ يۈرىكىم جىغىلدايدۇ - دە ! — دېدى تەنچۇن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

— مۇشۇ ئىش بىلەنلا ئۇنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. بىراق، ئۇ خان قىزنىڭ ئېمىكئانىسى، ئۇنىڭغا خان قىز نېمە دەيدىكىن؟ — دەپ سورىدى پىڭئېر يىڭچۇندىن.

يىڭچۇن باۋچەي بىلەن «ئىجابەتنامە» دىكى قىسسەلەرنى ئوقۇۋاتاتتى، ھەتتا تەنچۇننىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى. بىردىنلا پىڭئېرنىڭ بۇ گېپى قۇلىقىغا كىرىپ، يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مېنىڭدىن سورىساڭلار، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ھېچقانداق ئامالىم يوق. ئۇلار ناماقۇل ئىشنى قىلغاندىن كېيىن دەردىنى ئۆزى تارتسۇن. مەن گۇناھىنى تىلەپمۇ ئولتۇرمايمەن ھەم ئۇلارنى ئۇستىلەپ ئەيىبلەپمۇ كەتمەيمەن شۇ. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئېلىپ كەتكەن نەرسىگە كەلسەك، ئۇنى قايتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئەكەلسە ئالىمەن، قايتۇرۇپ ئەكەلمىسە سۇرۇشتۇرۇپمۇ كەتمەيمەن. ئاغىچا خېنىملار مېنىڭدىن ئۇ نەرسىنى سوراپ ـ تارتىپ قالسا، يوشۇرۇپ كېتەلىسەم، ئۇنىڭ تەلىيى، يوشۇرۇپ كېتەلمىسەم، ئۇنىڭغا ئامالىم يوق. ئۇلارنى دەپ ئاغىچا خېنىملارنى ئالداشنىڭ ئورنى يوق، توغرىسىنى ئېيتىمەن. سىلەر مېنى رايىش ـ يۇمشاق، كەسكىن ئەمەس، دەيسىلەر، مەسلىھەتنىڭ ياخشىسى شۇكى، ھەممىنى ئەتراپلىق ئويلاپ، ئاغىچا خېنىملارنى خاپا قىلىپ قويمىساقلا بولدى. ئۇنىڭغا قانداق چارە كۆرسەڭلار ئىختىيارىڭلار، مېنىڭ كارىم يوق.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— «يولۋاس تەخت ئاستانىسىغا كېلىپ قالسىمۇ، سەۋەبىيەت توغرىسىدا سۆزلىشىپتۇ» دېگەن مۇشۇ ـ دە. ئىككىنچى ئاچام ئەگەر ئەركىشى بولۇپ قالغان بولسا، پۈتۈن خاندانلىكى يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنى قانداقمۇ يۈگەنلىگەن بولاتتىكىن؟ — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

— شۇنى دەڭ، — دېدى يىڭچۈن تەبەسسۇم بىلەن، — ئەمەل تۇتقان مەن ـ مەن دېگەن ئەرلەرمۇ بېشىغا ئىش كەلگەندە شۇنداق بولىدۇ. ھالبۇكى، «ئىنجابەتنامە» دە: كىشىلەرنى مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەڭ ساۋابلىق ئىش، دەپ ياخشى ئېيتىلغانىكەن. مەن كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرالمايدىغان تۇرۇقلۇق، نېمىدەپ بىكاردىن ـ بىكارغا خەق بىلەن ئۆچەكىشىپ، ئۇنداق پايدىسى يوق، زېيىنى بار ئىشلارنى قىلاتتىم؟

يىڭچۈن شۇنداق دەپ تۇراتتى، ھۇجرىغا يەنە بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش تۆتىنچى باب

## ھېلىگەر چېقىمچىنىڭ ئېزىتقۇلۇقى بىلەن نەزەرباغنىڭ تىنتىلغانلىقى
## گۇماندىن ساقلىنىش ئۈچۈن نىڭگو قەسرىگە ئۆتۈشتىن ئۆزىنى تارتقانلىقى

يىڭچۈننىڭ گەپلىرىگە پىڭئېرنىڭ كۆلگۈسى كېلىپ تۇراتتى، ئۈشتۈمتۇت باۋيۈي كېلىپ قالدى. ئەسلىدە ئاشخانىنى باشقۇرىدىغان لىيۇ يەڭگىنىڭ سىڭلىسىمۇ تاۋكاغا چۈشۈپ قىمار ئويناپ ئەيىبلىك بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە باغدا لىيۇ يەڭگە بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتقانلار لىيۇ يەڭگىنى، سىڭلىسى بىلەن شېرىك، تاپقىنىنى تەڭ بۆلۈشىدۇ، دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن فېڭجيې لىيۇ يەڭگىگىمۇ جازا بەرمەكچى بولغان، لىيۇ يەڭگە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ ھودۇقۇپ كەتكەن. ئارامبەخش ھويلىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇ يەرگە كىرگەن ـ دە، ئاستاغىنا چىڭۋېن، فاڭگۇەنلەرگە يالۋۇرغان، شۇلار ئارقىلىق بۇ گەپنى باۋيۈيگە يەتكۈزگەن. باۋيۈي بۇلارنىڭ ئارىسىدا يىڭچۈننىڭ ئېمىكئانىسىمۇ مۇشۇنداق گۇناھ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇ ئۆزۈم يالغۇز بېرىپ لىيۇ يەڭگىنىڭ گۇناھىنى تىلىگەندىن كۆرە، يىڭچۈن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ بىللە بېرىپ كەچۈرۈم سورىغىنىمىز مۇۋاپىق، دېگەن ئوي بىلەن كەلگەنىدى. كىرىپ قارىسا، بۇ يەردە بىرمۇنچەيلەن تۇرۇپتۇ،

www.uyghurkitap.com

بۇلار باۋيۇينى كۆرۈپ تۇشمۇ تۇشتىن:

— كېسىلىڭىز ساقىيىپتىمۇ نېمە؟

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراشتى، باۋيۇي كەچۈرۈم سوراشقا بارماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىشقا ئەپسىزلىنىپ:

— ئىككىنچى ئاچامنى يوقلاپ كەلدىم، — دەپلا قويدى. هۇجرىدىكىلەر ئانچە ئېرەن قىلماي، يەنە ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى.

پىڭئېر «ئالتۇن زەنجىرلىك سومۇرغ جىغا» ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. يۈيجۈرنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي مېڭىپ، ھەدەپ ئۇنىڭغا:

— خېنىم، ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ مۇشۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان بولسىڭىز، مەن چوقۇم ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن، — دەپ يالۋۇراتتى.

— كېيىن بولسۇن، هازىر بولسۇن، ئۇنى بەربىر ئەكېلىسىز، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ، — «ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتتى، بورىغا يۆگىنىپ ئون كۈن ياتتى» دېگەن مانا شۇ! سىزنىڭ غەرىزىڭىز بۇ ئىشنى ياپتى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىش. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، مەنمۇ خەققە بۇ ئىشنى دېيىشتىن خىجىل بولىدىكەنمەن. بالدۇرراق ئەكېلىپ ماڭا تاپشۇرۇڭ، بۇنى تەگمەيلا قويايلى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈيجۈرنىڭ خوتۇنىنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى ـ دە، پىڭئېرگە تەشەككۈر ئېيتىپ، يەنە شۇنداق دېدى:

— خېنىم، ئۆز ئىشىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، بۈگۈن كەچكىچە ياندۇرۇپ ئەكېلىمەن، ئاۋۋال سىزگە كۆرسىتىپ، ئاندىن ئاپىرىپ بەرسەم قانداق؟

— كەچكىچە ئەكەلمىسىڭىز مېنىڭدىن ئاغرىنماڭ، — دېدى پىڭئېر. شۇ گەپتىن كېيىن ئىككىسى ئۆز يولىغا مېڭىشتى.

پىڭئېر هۇجرىغا بارغاندا فېڭجيې ئۇنىڭدىن:

— ئۆچىنچى خان قىز سېنى نېمىشقا چاقىرتىپتىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆچىنچى خان قىز سىلى خېنىمنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەپ، مېنى سىلىگە تەسەللى بېرىپ قويسۇن، دەپ چاقىرتىپتىكەن. ئىككى كۈننىڭ ياقى نېمە يېڭەنلىكلىرىنىمۇ سورىدى، — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ.

— ھەر نېمە بولسا ئۇ يەنىلا مەندىن ئۈيەپ تۇرۇپتۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — يەنە بىر ئىش چىقتى. بايا بىرسى لىۇ يەڭگە سىڭلىسى بىلەن بىرلىشىپ تاۋكا ئىچىپتۇ، سىڭلىسىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى شۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان، دەپ ئەرز قىلىپ كەپتۇ. سەن دائىم ماڭا، تولا ئىشقا ئۆزلىرىنى جوۋاتماي، ئازراق باش قاتۇرسىلا، ئۆزلىرىنى ئوبدانراق ئاسرىغانلىرى ياخشى، دەپ نەسىھەت قىلساڭ، ئۇ گېپىڭنى ئاڭلىغۇم كەلمەي، ئاغزىمنىڭ ئۆچىدىلا ھە دەپ قويغانىكەنمەن، نەتىجىدە ئاغىچا خېنىمغا يامان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ئۆزۈمگە كېسەلمۇ تېپىۋالدىم. مانا ئەمدى ھەممىگە كۆزۈم يەتتى، ئۇ خەق نېمە قىلسا قىلىشسۇن ! ئىش تېرىپ يۈرگەنلەر تولا ! بىر مەزگىل بىكاردىن - بىكار غەم يەپ ئۆزۈمنى جوۋىتىپ، كۈرمىڭ ئادەمنىڭ قارغىشىغا قالدىم، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆيۈمدە يېتىپ كېسىلىمنى كۈتكىنىم ياخشى ئىكەن. كېسىلىم ساقايغاندىن كېيىن، ياخشىچاق ئادەم بولۇپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان يېرىدە كۆڭۈل ئېچىپ، كۈلىدىغان يېرىدە كۈلۈپ، ھەممە ئىشنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېرىمەن. شۇڭلاشقىمۇ بايا ئەرز قىلىپ كەلگەن ئادەمگە «ئۇقتۇم» دەپلا قويدۇم.

— خېنىم، مۇشۇ دېگەنلىرىدەكلا قىلىدىغان بولسىلا، بىزنىڭ تەلىيىمىز كەلگەن بولاتتى ! — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ.

شۇ ئارىدا جيالىيەن كىرىپ كەلدى - دە، ئالىقىنىغا ئالىقىنىنى ئۇرۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان پېتى سۆزلەپلا كەتتى:

— بىر ئوبدان كېتىۋاتاتتۇق، يەنە چاتاق چىقتى! قايسى كۈنى يېڭىيىلدىكى ئۇنى ئالغىنىمىزنى ئۇ تەرەپتىكى ئاغىچا خېنىم قانداق ئۇقۇپ قالدىكىنتاڭ؟ بايا ئاغىچا خېنىم مېنى چاقىرتىپ، تاۋۇز چاغىنى ئۇچۇن ئىشلىتىشكە نەدىن بولسۇن ئىككى يۈز سەركۇمۇش تېپىپ بەر، دېدى. ئۇنىڭغا قەرز ئالىدىغان يەرمۇ يوق، دېسەم، ئۇ: «پۇلۇڭ بولمىسا، پۇلغا يارايدىغان نەرسە يۆتكەيدىغان يېرىڭ بارغۇ؟ مەن ھېچنېمىنى ئۇقماي تۇرۇپلا سېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتقىنىم يوق، مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتقىنىڭنى قارا! پۇل ئالىدىغان يېرىڭ يوقمۇ؟ ئەمىسە ئالدىنقى كۈندىكى مىڭ سەر كۇمۇشلۇك ۋەج نەدىن كەلگەن. ھەتتا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ نەرسىلىرىنىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئاچىقىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەپتىكەن، ئەمدىزە ئىككى يۈز سەر كۇمۇش ساڭا شۇنچە تەس كېلىۋاتامدۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى باشقا بىرسىگە دېمىگىنىم!» دەيدۇ. مېنىڭچە، ئاغىچا خېنىمدا زادىلا پۇل ئۆكسۈمەيتتى، نېمىشقا مۇنداق كىشىنى ئەتەي تەڭلىكتە قالدۇرىدىغاندۇ!

— ئۇ كۈنى بۇ يەردە يات ئادەم يوق ئىدى، بۇ خەۋەرنى كىم يەتكۈزگەندۇ؟ — دېدى فېڭجيې.

پىڭئېرمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنى بۇ يەردە كىملەرنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىشقا باشلاپ، بىر ھازادىن كېيىن كۈلگەن پېتى:

— ھە راست! — دېدى ئۇ، — شۇ كۈنى ئۇ پاراڭ بولغاندا، بۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى. كەچتە ئۇ نەرسىلەرنى يۆتكەپ كەلگەندە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تەرەپتىكى گالۋاڭ داجيېنىڭ ئانىسى يېڭىيۈلغان كىر - قاتلارنى ئەكېلىپ خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيىدە بىردەم ئولتۇرۇپ قالغان، ھەرقاچان ئۇ شۇ چاغدا يوغان بىر ساندۇق نەرسىنى كۆرۈپ، نېمىلىكىنى سورىغان بولسا، چۆرە قىزلار خەۋىرىدە يوقلا دەپ قويغان بولسىمۇ قويغاندۇ.

شۇ گەپ بىلەن بىرقانچە چۆرە قىزلارنى چاقىرتىپ كىرىپ:

— ئاشۇ كۈنى گالۋاڭ داجيېنىڭ ئانىسىغا كىم بىرنېمە دېدى؟ — دەپ سورىشتى.

بۇ گەپتىن چۆرە قىزلار ھودۇقۇشۇپ، تىزلانغان پېتى:

— بىز زادىلا بىرەر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمايمىز، ئادەتتىمۇ بەزىلەر نېمىنىلا سورىسا، بىلمەيمىز دەپ جاۋاب بېرىمىز، بۇ ئىشنى ئېيتىشقا بىزنىڭ ھەددىمىزمۇ، — دېيىشىپ مىڭ يەردىن قەسەم ئىچىشتى.

فېڭجيې پەرەز قىلىپ بېقىپ:

— بۇلار بىرەر ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بۇلارغا ئازار بەرمەيلى. ھازىرچە بۇ ئىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ئەڭ زۆرۈرى ئاغىچا خېنىمنىڭ دېگىنىنى توغرىلاپ بېرەيلى. ئۆزىمىز قىستىلساقمۇ مەيلى، مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن يەنە كۆڭۈلسىزلىك چىقمىسۇن، — دېدى. ئاندىن پىڭئېرنى بۇيرۇدى، — مېنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىمدىن ئاچىقىپ گۆرۈگە قويۇپ ئىككى يۈز سەر ئېلىپ كىرگىن، شۇ پۇلنى ئاپىرىپ بېرىپ بېشىمىزنى ساقايتايلى، — دېدى.

— ئارتۇقراق ئاچىقىپ يەنە ئىككى يۈز سەرلىك قويسۇن، ئۆزىمىزگىمۇ كېرەك، — دېدى جيالييەن.

— زادىلا كېرىكى يوق، پۇل ئىشلىتىدىغان يېرىمۇ يوق، — دېدى فېڭجيې، — شۇ تاپتا قايسىبىرىنى ياندۇرۇۋېلىشنىمۇ ئۇقمايمىز !

پىڭئېر ئۇ نەرسىلەرنى ئاچىقىپ ۋاڭئېرنىڭ ئايالىغا بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئايال كۈمۈشنى ئېلىپ كىردى. جيالييەن كۈمۈشنى ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىپ بەردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ھۇجرىدا فېڭجيې بىلەن پىڭئېر:

— ئەمدى بىزنىڭ كاساپىتىمىزدىن يۈەنياڭغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى، — دەپ، بۇ ئىشنى ئاشكارىلاپ قويغان ئادەم كىمدۇ دېگەن گۇمان بىلەن كەلسە ـ كەلمەس خىيال بىلەن

ئولتۇرۇشاتتى، بىرسى كىرىپ:

— ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلىپ قالدى.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە ئاغىچا خېنىمنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئۇقالماي، پىڭئېر بىلەن ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئۆزىنىڭ يېقىن بىرلا چۆرىسىنى ئېلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇدۇللا ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇردى. فېڭجيې ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنىڭغا چاي تۇتتى. ئارقىدىن ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— ئاغىچا خېنىم، بۈگۈن كەيپىلىرى چاغ ئوخشىمامدۇ، شۇڭا بۇ تەرەپلەرگە كەپتىلا؟ — دېدى.

— پىڭئېر، چىقىپ كەت! — دەپ ۋارقىرىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

پىڭئېر بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، خوش دېدى - دە، چۆرە قىزلارنى باشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئىشىكنىڭ تېشىدا توختىدى، ئاندىن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئۆزى پەلەمپەيدە ئولتۇردى، ھۇجرىغا بىرمۇ ئادەمنى كىرگۈزمىدى.

فېڭجيېمۇ ھودۇقۇپ، نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۆزىگە ياش ئېلىپ، يېڭىنىڭ ئىچىدىن بىر ئىپار قاپچۇقنى چىقىرىپ ئاتتى - دە:

— بۇنى كۆر! — دېدى.

فېڭجيې ئىتتىك ئۇنى قولىغا ئالدى، قارىسا، ئاشىق - مەشۇقلار كەشتىلەنگەن كىمخاب ئىپار قاپچۇقى ئىكەن، ئۇمۇ كۆرۈپ قورقتى - دە، ئالدىراپ:

— ئاغىچا خېنىم، بۇنى نەدىن تېپىۋالىلا؟ — دەپ سورىدى.

بۇ سوئال بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىردىنلا يىغلاپ كەتتى، تىترەك ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى:

— مەن بۇنى نەدىن تېپىۋالاتتىم؟ مەن ئەتىدىن كەچكىچە

قۇدۇقنىڭ ئىچىدىلا ئۆلتۈرغان ئادەم ئىكەنمەن! مەن سېنى ئىشقا پۇختا دەپ ئويلىغاچقا، قولۇمنى بۇ ئىشلاردىن تارتقانىدىم. ۋايتاڭەي، سەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئىكەنسەن! مۇشۇنداق نەرسە كۆپكۆندۈزدە باغدىكى سۇنئىي تاغنىڭ كەينىدە تۇرۇپتۇ، بۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ چۆرىسى تېپىۋاپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى بۇنى قېيىنئانىڭ كۆرۈپ قاپتۇ، بولمىسا ئاللىقاچان ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارىدىكەن! قېنى سەندىن سورايچۇ، بۇ نەرسىنى قانداقلارچە ئۇ يەرگە چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ فېڭجيېنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە ئالدىراپ سورىدى:

— ئاغىچا خېنىم، بۇ نەرسىنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلدىلە؟

— تېخى مېنىڭدىن سورايسەنغۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ھالدا، — ئويلاپ باق، پۈتۈن خانىداندا ياش ئەر - خوتۇنلاردىن سىلەر ئىككىڭلارلا بار، قالغىنى قېرى مومايلار تۇرسا، ئۇلار بۇ نەرسىنى نېمە قىلىدۇ؟ قىزلار بۇ نەرسىنى نەدىن ئالىدۇ؟ دېمەك، بۇنى جيالىيەن دېگەن ئىلگىرى كەلمەيدىغان پەس بىر يەردىن تېپىپ كەلگەن بولغىيدى! ئىككىڭ ئەپ بولغاچقا، بۇنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەنسىلەر. ياشلار دېگەندە قىز - يىگىتنىڭ ھۇجرا تاماشىلىرى بولىدىغۇ، تېخى مېنىڭدىن يوشۇرماقچى بولۇۋاتىسەن - ھە! ھېلىمۇ ياخشى، باغدىكى يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىش ئۇقمايدىغانلار، بۇ نەرسە ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماپتۇ. ناۋادا بۇنى دېدەكلەر تېپىۋېلىپ، ھەمشىرىلىرىڭ كۆرۈپ قالغان بولسا، ئىش تېخىمۇ ئوخشايتتى! ياكى بولمىسا بۇنى چۆرە قىزدىن بىرەرسى تېپىۋېلىپ سىرتقا ئاچىقىپ، باغنىڭ ئىچىدىن تېپىۋالدىم دېسە، تالادىكى خەقلەر ئۇقۇپ كەتسە، بىزگە بۇ جان بىلەن يۈزنىڭ نېمە كېرىكى قالاتتى؟

فېڭجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جىلە بولدى ھەم ئىنزا تارتتى،

www.uyghurkitap.com

شۇ ئاندىلا يۈزى تاتىرىپ ئېسىلىپ كەتتى، كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ يۆكۈندى ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆكتى:

ــ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېگەنلىرى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق، ئۆزۈمنى ئاقلاشقىمۇ ھەددىم ئەمەس. بىراق، مەندە ئۇنداق نەرسە زادىلا بولۇپ باقمىغان. ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. بۇ ئىپار قاپچۇقنى سىرتتىكىلەر ھەرەمنىڭ كەشتە نۇسخىسىنى دوراپ تىككەن ئوخشايدۇ، ھەتتا تىكىلگەن باشاقلارمۇ بازاردا سېتىلىۋاتقانلىرىغا ئوخشاش ئىكەن. مەنغۇ ياش، ھەرقانچە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولسامۇ، لېكىن بۇنداق نەرسىنى مەن تۇتمايمەن. يەنە كېلىپ بۇ دائىم ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، مېنىڭدە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزۈمگە خاس جايدا قويۇپ قويماستىن، دائىم يېنىمغا ئېسىپ كۆرۈنگەن يەرلەرگە ئاپىرىپ يۈرەمتىم؟ تېخى باغنىڭ ئىچىگىمۇ ئېلىپ كىرەرمەنمۇ؟ ھەممە ھەمشىرىلەر بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئوينىشىپ ـ تارتىشىپ يۈرۈۋاتساق، شۇنداق چاغلاردا بۇ بىر نېمە پوسۇقتىدا چىقىپ قالسا، ھەمشىرىلەرلا ئەمەس، غالچىلارمۇ كۆرۈپ قالسا، مەن نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟ يەنە بىر تەرەپتىن، مەن غوجايىنلارنىڭ ئىچىدىكى ياش كېلىن. ئويلاپ باقسام، چاكارلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭدىنمۇ ياشلىرى بىرلا ئەمەس ئىكەن، ئۇلارمۇ دائىم باغقا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ نەرسىنى شۇلار چۈشۈرۈپ قويمىدى دېگىلى بولامدۇ؟ ئاندىن قالسا، مېنىڭدىن باشقا باغقا كىرىپ ـ چىقىدىغانلارمۇ تولا، ئېرىقى ھويلىدىكى ئاغىچا خېنىممۇ ھېلىقى بىرنەچچە كىچىك خېنىمنى دائىم باشلاپ كىرىدۇ. يەنخۇڭ، سۈيۈن دېگەنلەرمۇ ياش بىر نېمىلەر، ئۇلاردا بۇنداق نەرسە ئەلۋەتتە بولۇشى مۇمكىن. ئاندىن ئېرىقى قەسىردىكى چوڭ يەڭگىمىزنىمۇ ئۇنچىلا قېرى دېگىلى بولمايدۇ، ئۇمۇ دائىم پېيفېڭلارنى باشلاپ كېلىدۇ، بۇنى ئۇلارنىڭمۇ ئەمەس دېگىلى بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە باغدا چۆرە ـ دېدەكلەرمۇ كۆپ، ھەممىسىنىڭ راۋۇرۇس بولۇپ كېتىشىمۇ

ناتايىن. بەلكىم يېشى چوڭىراقلىرىدىن ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالغانلىرى، ئانچە سۇرۇشتە قىلىنماي قالغان چاغلاردا يوشۇرۇنچە باغدىن چىقىپ، بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن، ئارا ئىشىكتىكى مۇلازىملارغا چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ غىلجىڭلىق قىلغان بولسا، شۇلار تالادىن تېپىپ بەرسىمۇ بەرگەندۇ. يالغۇز مەندىنلا ئەمەس، ھۆددە قىلالايمەنكى، ھەتتا پىكئېردىنىمۇ مۇنداق ئىش ئۆتكىنى يوق. ئاغىچا خېنىم، ئوبدانراق ئويلاپ باققان بولسىلا.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنىڭ بۇ گەپلىرىنى خېلى ئەقىلگە سىغىدىغان گەپلەر دېگەن يەرگە كېلىپ:

— ئورنۇڭدىن تۇر، — دېدى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — مەنمۇ بىلىمەن، سەن چوڭ خاندانىدىن چىققان قىز، سەنمۇ بۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلمايسەن، مەن ئاچچىقىمدا ساڭا قاتتىق تېگىپ قويدۇم. ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بايا قېيىنئاناڭ بۇنى پېچەتلەپ مېنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ، بىرسىدىن ماڭا ئەۋەتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىمدا ئۆلەي دېدىم.

— ئاغىچا خېنىم، ھەرگىز خاپا بولمىسىلا، — دېدى فېڭجيې، — ناۋادا بۇ ئىشنى كۆپچىلىك سېزىپ قالىدىغان بولسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشى تۇرغانلا گەپ! ئۆزىمىزنى توختىتىپ، ئاچچىقىمىزنى بېسىپ، يەڭ ئىچىدە كۆزىتىپ باقساق، ئاندىن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز. بۇنىڭ ئىگىسىنى تاپالماي قالغان تەقدىردىمۇ سىرتتىكىلەر ئۇقماي قالىدۇ. ھازىر بىردىنبىر چارە، قىمار ۋەقەسى بىلەن كۆپ ئادەملەر ھەيدەلگەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جورۇيىنىڭ ئايالى، ۋاڭئېرنىڭ ئايالى قاتارلىق ئىشەنچلىك، ئاغزى چىڭ ئاياللاردىن تۆت ـ بەشىنى قىمار ئوينىغانلارنى تەكشۈرىدۇ دېگەن باھانە بىلەن باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايلى. ھازىر خان قىزلارنىڭ دېدەكلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، ئۇلارنى چوڭايغانسېرى يۈرىكىمۇ تەڭ يوغىناپ، ئىش تېرىپ

ئەسكىلىك قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، چاتاق چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن، پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، مۇبادا باھانە ـ سەۋەبسىزلا ئۇ دېدەكلەرنى ھەيدىۋەتسەك، خان قىزلار ئازار يەپلا قالماستىن، ھەتتا ئۆزلىرى بىلەن مەنمۇ تەڭلىكتە قالىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، مۇشۇ پەيتنى قولدىن بەرمەي، ھازىردىن باشلاپ يېشى چوڭراقلىرىنى ياكى ئۇرۇشقاق، چاتاقچىلارنى بىرەر گۇناھ قويۇپلا چىقىرىۋېتىپ، بىرەرسىگە چېتىپ قويساق! بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، خىراجەتنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە تېجەپ قالالايمىز. ئاغىچا خېنىم، ئويلىنىپ باقسىلا، مېنىڭ بۇ گېپىم قانداقكىن؟

ــ دېگەنلىرىڭ توغرا بولمامدىغان! ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، ــ لېكىن، ئومۇمنى نەزەردە تۇتۇپ ئويدانراق ئويلانغاندا، بىرنەچچە ھەمشىرىلىرىڭنىڭ ئىككى ـ ئۈچتىنلا تۇزۇكرەك دېدەكى بار، قالغانلىرى شەيتاننىڭ ئۆزى، ئۇلارنى شۇ تۇرقىدىلا چىقىرىۋېتىشكە مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ كۆنمەسمىكىن. ھازىر مۇشكۈلچىلىكتە قالغان بولساقمۇ، لېكىن نامراتلىشىپ ئادەم ئىشلىتەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىدۇق. مەن چوڭ شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بولالمىغان بولساممۇ، ھەر ھالدا سىلەردىن مەزمۇتراق، مېنىڭ خىراجىتىمنى تېجىسەك تېجەيلىكى، ئۇلارغا ئازار بېرىپ قويمايلى. ئەڭ زۆرۈرى، سەن شۇ تاپتىلا جۇرۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلارنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئۇلارغا بۇ ئىشنى يوشۇرۇنچە چاپسانراق سۈرۈشتە قىلىشنى تاپىلىغىن.

فېڭجيې دەررۇ پىڭئېرنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا جېكىلىدى.

ھايال بولمايلا جۇرۇينىڭ ئايالى بىلەن ۋۇشىڭنىڭ ئايالى، جىن خۇانىڭ ئايالى، لەي ۋاڭنىڭ ئايالى، لەي شىنىڭ ئايالى قاتارلىق بەش نەپەر ئانىغا ئايال كىرىپ كېلىشتى. ۋاڭ ئاغىچا

خېنىم بۇلارنى چارلاشقا يېتىشەلمەي ئازلىق قىلارمىكىن دەپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇتلا شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئانىغىسى — ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى، ھېلىقى ئىپار قاپچۇقنى ئاشۇ ئەكەلگەنىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يارامىلىق يېقىن ئادەملىرىگە ئەزەلدىنلا كۆز سېلىپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن كۆڭلىدە باشقا غەرىزى يوق ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ھېلىقى ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— بېرىپ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېلىپ باغدا قىلىدىغان ئىشقا قارىشىپ بېرىڭ، باشقىلارغا قارىغاندا بۇ ئىشقا سىز پۇختىراق، — دېدى.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئادەتتە باغقا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا، دېدەكلەر ئۇنىڭغا ئانچە خۇشامەت قىلىپ كەتمەيتتى، بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىدىن بىرەر چاتاق تاپاي دېسە تاپالماي يۈرگىنىدە، تەلىيىگە بۇ ئىش چىقىپ قېلىپ، ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشكەندۇ، دەپ تۇراتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن بۇ تاپشۇرۇقى ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى:

— بۇ ئاسان، — دېدى ئۇ، — مەن قۇللىرىنىڭ گەپدانلىقىم ئەمەس، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشنى بۇرۇنراق چىڭ تۇتۇش كېرەك ئىدى. خېنىم، ئۆزلىرىمۇ باغقا ئانچە كىرىپ تۇرمايلا، بۇ قىز باللار خۇددى يارلىق بويىچە مەرتىۋىگە ئېرىشكەندەك قىلىشىپ، ئېسىلزادە خان قىزلاردەك بولۇشۇۋالدى. ئۇلار ئالەمنى مالەم قىلىۋەتسىمۇ، بىر كىمنىڭ ئۇلارغا غىڭ دېيىشكە ھەددى ئەمەس ! ياكى خان قىزلارنى كۈشكۈرتۈپ، بىزنى بوزەك قىلدى، دېسىمۇ، ھېچكىم بۇ گەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ !

— خان قىزلارغا سوڭدىشىپ يۈرىدىغان دېدەكلەر باشقىلىرىغا قارىغاندا ئۈستۈنرەك بولىدۇ، بۇمۇ ئادەتتە بار ئىش، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ.

— باشقىلىرىغۇ مەيلى، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى، — ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى ئۇقمايلا، ئاشۇنداقلارنىڭ ئەڭ

www.uyghurkitap.com

بىرىنچىسى باۋيۇيىنىڭ ھۇجرىسىدىكى ھېلىقى چىڭقۇيىن دېگەن دېدەك. ئۇ چىرايىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن سەل تۈزۈكلۈكىگە بەكمۇ تەمەننا قويىدۇ. ئۆزىمۇ بەك گەپدان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندە خۇددى شى شىغا ئوخشاش ياسىنىپلا يۈرىدۇ. خەققە زادىلا گەپ بەرمەي، ئۆزىنى كۆرسىتىپ مەنمەنلىك قىلىدۇ، بىرەر ئېغىز گەپ كۆڭلىگە ياقماي قالىدىغان بولسا، شۇ زامانلا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئادەمنى تىللاپلا كېتىدۇ. شۇنداق شېتىلە بىرنېمىكىن، قائىدىدىن پەقەتلا چىقىپ كەتكەن!

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئۆتكەنكى ئىشنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، فېڭجيېدىن شۇنداق دەپ سورىدى:

— ئۆتكەن قېتىم بىز ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن باغنى ئايلىنىپ يۈرگىنىمىزدە، بېلى ئىنچىكە، مۈرىسى تۈز كەلگەن، قاش ـ كۆزى دەييۈي سىڭلىنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرسى بىر چۆرە قىزنى تىللاۋېتىپتىكەن، مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇنداق ھاكاۋۇرلۇقىنى زادىلا ياقتۇرمىغانىدىم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن كېتىۋاتقاچقا، ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدىم. كېيىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورايمەن دەپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بۈگۈن مېنىڭ كۆرگىنىم بۇنىڭ دېگەنلىرى بىلەن تازا بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ. بۇ دېدەك بەلكىم ئاشۇ ئوخشىمامدۇ؟

— بۇ دېدەكلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چىڭقۇيىندەك چىرايلىق ئەمەس، — دېدى فېڭجيې، — گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتە ئۇ بىر ئاز يېنىكرەك، ئاغىچا خېنىمنىڭ دەۋاتقىنى شۇنىڭغا بەكرەك ئوخشاپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنكى ئىشنى مەنمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قالايمىقان بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

— بۇنداق دەپمۇ ئولتۇرمايلى. ئۇنى ھازىر چاقىرتىپ كېلىش تەس ئەمەس، ئاغىچا خېنىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى ۋاڭ شيەنباۋنىڭ ئايالى.

— باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغىنىم شىرېن

بىلەن شېيىۋ ئىدى، بۇ ئىككىسى پالاكەترەك بولسىمۇ ھەر ھالدا ياخشى، ئۇمۇ شۇ يەردە بولىدىغان بولسا، ئۇ كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمايدۇ ! مەن ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئەڭ يامان كۆرەتتىم، ئۇنىغانىنى يونىغاندەك، بۇنداق ئادەمنىڭ تاپىنىمنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقىنىنى ! بىر ئوبدان باۋيۇينى بۇ جۇۋاينىمەك يولدىن ئازدۇرۇۋېتىدىغان بولسا قانداقمۇ قىلارمىز ! — دەپلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆزىنىڭ دېدىكىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ تاپىلىدى، — سەن بېرىپ ئۇلارغا ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭدىن سورايدىغان گېپى بار ئىكەن دېگىن، شىرىن بىلەن شېيىۋ قېلىپ، باۋيۇينىڭ خىزمىتىنى قىلسۇن، ئۇلار كەلمىسىمۇ بولىدۇ، چىڭۋېن دەيدىغان زېرەك بىرسى بار، شۇنى تېز كەلسۇن دەيدۇ دەپ چاقىرىپ كەل، كەلگۇچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ قىلغۇچى بولما !

چۆرە قىز خوش دەپ چىقىپ كېتىپ ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى، چىڭۋېننىڭ تاۋى بولمىغاچقا، چۈشلۈك ئۇيقۇدىن تېخى يېڭىلا قوپۇپ ئېزىلىپ ئولتۇراتتى، چۆرە قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئامالسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

چىڭۋېن ئادەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشقا پېتىنمايتتى. نەچچە كۈنىڭياقى تاۋى يوق بولۇپ قېلىپ، تازا ياسىنىپ - جابدۇنۇپ كەتمەي، ھېچ ئىش بولماس دەپلا يۈرگەنىدى. فېڭجېيېنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، جىغىسى مايماق، كۆڭلىكى ساڭگۇل - سۇڭگۇل، ئۇيقۇ بېسىپ تۇرغان ئېزىلەڭگۈ تۇرقىغا قاراپ ھەم ئۇنىڭ چىراي - شەكلىدىن بىر ئاي بۇرۇن ئۆزى كۆرگەن ھېلىقى دېدەكنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بايىقى ئاچچىقى غۇژژىدە تۇتتى.

— قالتىس ساھىبجامال ئىكەن بۇ ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — «كېسەل شى شى» غا تازىمۇ ئوخشاپسەن ! ئەتىدىن كەچكىچە كىمگە بۇنداق شاللاقلىق قىلىپ بېرىپ يۈرىسەن ! قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى مېنى ئۇقمايدۇ

دەپ ئويلايدىغانسەن ! مەن ئەتەي سېنى مۇشۇنداق قويۇپ بەرگەن، تېرەڭنى تەتۈر سويىدىغان كۈنلەرمۇ بار ! باۋيۇي بۈگۈن خېلى تۈزىلىپ قالغاندۇ؟

چىڭۋېن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە بىركىم يوشۇرۇنچە ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن زېرەك ئىدى، باۋيۇي خېلى تۈزىلىپ قالغاندۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا، راست گەپ قىلماي، ئىتتىك يۈكۈنۈپ، شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— مەن باۋيۇينىڭ ھۇجرىسىغا ئانچە كىرىپ قالمايمەن، باۋيۇي بىلەنمۇ دائىم بىللە تۇرمايمەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن تازا خەۋىرىم يوق. بۇ شىرىن بىلەن شېيۆ ئىككىسىنىڭ ئىشى. ئاغىچا خېنىم، شۇلاردىن سوراپ باققان بولسىلا.

— مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كاچىتىڭغا سىلىش كېرەك ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — سەن ئۆلۈكمىدىڭ؟ سەنلەرنى نېمىدەپ ئەكەلگەن؟

— مەن ئەسلىدە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئادىمى ئىدىم، — دېدى چىڭۋېن، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم: باغ يوغان، ئادەم ئاز بولغاچقا، باۋيۇي قورقىدۇ دەپ مېنى باۋيۇينىڭ تاشقىرىقى ھۇجرىسىدا كېچىلىك جېسەكتە تۇرۇپ ھۇجرىغا قاراشقا چىقارغانىدى. شۇ چاغدا مەن، ئۆزۈم گالۋاڭراق، خىزمىتىنى ئەپلەشتۈرەلمەي قالارمەنمىكىن دېسەم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى تاللاپ، «سېنى ئۇنىڭ ئىشىنى قىل دېمىگەندىن كېيىن، چېچەنلىكىڭنىڭ نېمە كېرىكى بار؟» دېدى. شۇ گەپ بىلەن بارماسلىققا پېتىنالماي، ئاخىر بارغانىدىم. ئون - يىگىرمە كۈندە بىرەر قېتىم باۋيۇي چاقىرىپ قالسا، كىرىپ گېپىنى ئاڭلاپلا چىقىپ كېتىمەن. باۋيۇينىڭ يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇشىغا قارايدىغانغا يۇقىرىدا ئېمىكئانىلار، ئانىكىلار بار، تۆۋەندە شىرىن، شېيۆ، چيۇۋېنلەر بار. بىكار بولۇپ قالغان

چاغلىرىمدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىمەن، شۇڭا باۋيۈينىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەپتىكەنمەن. ئاغىچا خېنىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇيدىغان بولسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۈل بۆلەي.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گېپىگە راست دەپ ئىشىنىپ قېلىپ، ئىتتىكلا:

— ئامىتابا! ھەرنېمە بولسا سەن باۋيۈيگە يېقىنلاشمايدى-كەنسەن. مېنىڭ تەلىيىم بار ئىكەن. سېنىڭ ئۇنىڭغا جان كۆيدۈرۈپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق! سېنى باۋيۈينىڭ خىزمىتىگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بەرگەن بولسا، ئەتە - ئۆگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، ئاندىن سېنى قوغلايمەن! — دېدى - دە، ئارقىدىن ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا، — سىلەر كىرىپ كېتىۋېرىڭلار، بۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن ئۇبدان قاراڭلار، باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدا ئۇخلاشقا يول قويماڭلار، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇنىڭ جاجىسىنى بېرى-مەن، — دەپ بولۇپ، چىڭۋېنغا قاتتىق ۋارقىرىدى، — ماڭ چىق، بۇ يەردە كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ تۇرماي! ساڭا بۇنداق ئالىيپىشىل ياسىنىشنى كىم قويۇپتۇ!

چىڭۋېن ھۇجرىدىن يېنىپ چىقتى، بۇ ئەلەم سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئەلەم ئىدى، ئۇ ھۇجرىدىن چىقىپلا قول ياغلىقى بىلەن يۈزىنى توسۇپ، يىغلىغان پېتى ئۇدۇل باغقا كەلدى.

چىڭۋېن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجېيلەرگە ئۆزىدىن ئاغرىنىپ بەردى:

— بىرنەچچە يىل بولدى، بارغانسېرى ماغدۇرۇم كېتىپ، ھەممە ئىشقا يېتىشەلمەي قالدىم. مۇشۇنداق ئالۋاستىدەك بىر نېمىگىمۇ كۆزۈم چۈشمەپتۇ! بۇنداقلاردىن يەنە بولۇشى مۇمكىن، ئەتە تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك.

فېڭجېيىنىڭ نەزىرىدە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ راسا غەزىپى كەلگەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى شىڭ ئاغىچا

خېنىمنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇپ، دائىم شاڭ ئاغىچا خېنىمنى كۈشكۈرتۈپ چاتاق تۇغدۇرۇپ تۇراتتى، فېڭجېيېنىڭ دېمەكچى بولغان تۈمەنمىڭ تۈرلۈك گەپلىرى بولسىمۇ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھەممىگە خوش دەپلا ئولتۇردى.

— ئاغىچا خېنىم، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى، — بۇ كىچىك ئىشلار، بۇنى مەن چاكارلىرىغا تاپشۇرسىلا، ھازىر بۇنى تەكشۈرۈش ناھايىتى ئاسان. ئاخشاملىقىقا باغنىڭ ئىشىكى ئېتىلگەن چاغدا ئىچكىرى بىلەن تاشقىرىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ، شۇ چاغدا بىز ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، كىشىلەرنى باشلاپ كىرىپلا ھەممە ئورۇنلاردىكى دېدەكلەرنىڭ ياتاقلىرىنى ئاختۇرايلى. مۇشۇ نەرسە پالانىنىڭ دەپ ئويلىغان بولساق، ئۇنىڭدا يالغۇز بۇلا ئەمەس، چوقۇم باشقا نەرسىمۇ چىقىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا باشقا نەرسىنى ئۇنىڭدىن ئاختۇرۇپ تېپىۋالدۇقمۇ، دېمەك بۇمۇ شۇنىڭ دېگەن گەپ.

— بۇ توغرا گەپ بولدى. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇنى ئېنىقلاپ چىققىلى زادىلا بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. ئاندىن فېڭجېيېدىن سورىدى، — قانداق؟

فېڭجېيې باشقا گەپ قىلماي:

— ئاغىچا خېنىم بولىدۇلا دېسە، شۇنداق قىلايلى، — دەپ ماقۇل بولدى.

— بۇ ناھايىتى ئوبدان مەسلىھەت بولدى. بۇنداق قىلمىساق بىر يىلغىچىمۇ ئاختۇرۇپ تاپالمايمىز! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇردى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، جيا ئانا ئارام ئالغان، باۋچەيلەر باغقا كىرىپ كەتكەن چاغدا، ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى فېڭجېيېنى تەكلىپ قىلىپ باغقا بىللە كىردى ـ دە، يان ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىشنى بۇيرۇپ، تىنتىشنى كېچىلىك جېسەكتە تۇرىدىغان مومايلاردىن

باشلىدى. ئۇلاردىن تىنتىپ تېپىلغىنى ئېشىپ قالغان شام، چىراغ يېغىغا ئوخشاش نەرسىلەر بولدى.

— بۇمۇ زاڭ مال، جايىدىن قوزغالمىسۇن، ئەتە ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن قوزغاشقا بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاۋۋال ئارامبەخش ھويلىغا كېلىپ، ئىشىكنى تاقاشقا بۇيرۇق قىلدى.

باۋيۈي چىڭۋېننىڭ ئىشى بىلەن كۆڭلى غەش ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت بىر توپ ئادەم كىرىپ كەلدى. باۋيۈي ئۇلارنىڭ نېمىگە كىرگەنلىكىنى ئۇقالماي، ئۇدۇل دېدەكلەرنىڭ قېشىغا ئۆزىنى ئېتىۋىدى، ھۇجرىدىن فېڭجيې چىقىپ قالدى، باۋيۈي ئۇنىڭدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، فېڭجيې ئۇنىڭغا:

— مۇھىم بىر نەرسە يىتىپ كەتكەنىدى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئالغىنىنى ئىقرار قىلمىدى. شۇڭا، گۇمانىنى يوقىتىش ئۈچۈن دېدەكلەرنى ئالدىمىكىن دەپ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقماقچى، — دېدى-دە، ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى قاتارلىقلار ھۇجرىنىڭ ئىچىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، يەنە:

— بۇ ساندۇقلار كىمنىڭ؟ — دەپ بىر-بىرلەپ سوراپ چىقتى، — ساندۇقلارنى ئۆز ئىگىسى كېلىپ ئاچسۇن!

شىرېن چىڭۋېننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، چوقۇم بۆلەكچە بىر ئىش بولدى دەپ ئويلىغانىدى، ئارقىدىنلا بۇ ئاختۇرۇش باشلاندى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ ئۆزىنىڭ ساندۇقى بىلەن قۇتىسىنى ئۇلارنىڭ خالىغانچە ئاختۇرۇشى ئۈچۈن ئېچىپ بەردى، ئۇنىڭدا ئادەتتە دائىم ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرلا بار ئىدى، ئۇلار بۇنى قويۇپ، باشقىسىنىڭكىنى ئاختۇردى. قاتارىسىغا بىر-بىردىن ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، نۆۋەت چىڭۋېننىڭ ساندۇقىغا كەلگەندە:

— بۇ كىمنىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئېچىپ ئاختۇرغۇزمايدۇ؟ — دەپ

سوراشتى.

شىرىن چىگۆىننىڭ ئورنىدا ئىچىپ بېرەي دەپ تۇراتتى، چاچلىرىنى تۇرۇۋالغان چىگۆىن ئېتىلىپ كىرگىنىچە ساندۇقنى تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ ئېچىپ، ساندۇقنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى، ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى جىمى نەرسە يەرگە تۆكۈلدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىپ، تاتارغىنىچە شۇنداق دېدى:

— خېنىم، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، بىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ كەلگىنىمىز يوق، ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كېلىپ ئاختۇرۇۋاتىمىز. بىزنى ئاختۇرغۇزساڭلار، ئاختۇرىمىز، ئاختۇرغۇزمىساڭلار، قايتىپ بېرىپ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويىمىز شۇ. بۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتكۈلۈك ئەمەس!

بۇ گەپ بىلەن چىگۆىن ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك تېخىمۇ ئۆرلەپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— سەن ئۆزۈڭنى ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن دېسەڭ، مېنىڭچۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەۋەتكەن جۇمۇ! ئاغىچا خېنىم تەرەپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى مەن كۆرگەن، ئەمما سەندەك بېشى چوڭ، يۈزى بار، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالىدىغان ئاغىچىنى كۆرمەپتىكەنمەن.

چىگۆىننىڭ مۇنداق ئۆتكۈر، ئاچچىق گەپلىرىدىن فېڭجيې ئىچىدە بەك خۇشال بولدى، ئەمما شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىنى دەپ دەرھال ۋارقىراپ چىگۆىننىڭ ئاغزىنى باستى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە قېلىپ، ئۇنىڭغا گەپ قايتۇرماقچى بولۇپ تۇراتتى، فېڭجيې:

— ئانىكا، سىز دېگەن كۆپنى كۆرگەن، ئۇلار بىلەن تەڭ بولمايلا قويۇڭ، ئاختۇرىدىغاننى ئاختۇرۇۋېرىڭ، يەنە تېخى باشقا يەرلەرگىمۇ بارىمىز ئەمەسمۇ. بۇ يەردە ھايال قىلىپ، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، بۇنى مەن ئۈستۈمگە ئالالمايمەن، — دېدى.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى چىشىنى چىشلەپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە

يۇتتى ــ دە، چىڭگىۋىننىڭ نەرسىلىرىنى ئوبدان قاراشتۇرۇپ، خىيانەتكە ياتىدىغان ھېچبىر نەرسە تاپالماي، فىڭجىيىگە مەلۇم قىلىپ باشقا يەرگە بېرىشنى ئېيتتى.

ــ زەن قويۇپ تەكشۈردۈڭ، مۇشۇ قېتىمدا ئاختۇرۇپ تاپالمىساق جاۋاب بەرمەك تەس، ــ دېدى فىڭجىيى.

ــ ھەممىنى تولۇق ئاختۇرۇپ چىقتۇق، ھېچقانداق چاتاق نەرسە چىقمىدى، ــ دېيىشتى كۆپچىلىك، ــ ئەرلەرگە كېرەكلىك بىرنەچچە خىل نەرسە بار ئىكەن، بىراق ھەممىسى ئۆششاق باللارنىڭ نەرسىلىرى ئىكەن، باۋيۈيىنىڭ كونا ئويۇنچۇقلىرى ئوخشايدۇ، ئالاقىسى يوق بىر نېمىلەر ئىكەن.

فىڭجىيى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ قويۇپ:

ــ ئۇنداق بولسا ماڭايلى، باشقا يەرلەرگە قاراپ چىقايلى، ــ دېدى ـ دە، ھۇجرىدىن چىقىپلا ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا، ــ مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم بار، توغرىمۇ، يوق دەپ باقاي: تىنتىغاندا ئۆزىمىزنىڭكىلەرنى تىنتىساق، باۋچەي خان قىزنىڭ ھۇجرىسىنى تىنتىغان بىلەنمۇ چىقمايدۇ، ــ دېدى.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق، ئۇرۇق ـ تۇغقاننىڭ ئۆيىنى تىنتىسا بولمايدۇ! ــ دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ھىجىيىپ.

ــ مەنمۇ شۇنى دەيمەن، ــ دېدى فىڭجىيى بېشىنى لىڭشىتىپ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پاراڭ بىلەن بامبۇكزار سارايغا يېتىپ كېلىشتى.

دەييۈي ئۇخلاپ قالغانىدى، ئۇشتۇمتۇت بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئەمدى ئورنىدىن قوپاي دەپ تۇرۇشىغا، فىڭجىيى ھۇجرىغا كىرىپ كېلىپ، ئىتتىك ئۇنى مۇرىسىدىن بېسىپ قويۇپقىلى قويماي:

ــ ئۇخلاۋېرىڭ، بىز ھايال بولماي كېتىمىز، ــ دېدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن قۇرۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى قالغانلارنى باشلاپ، دېدەكلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە، ساندۇق ـ پاندۇقلارنى ئېچىپ ئۆڭتۈرۈپ بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىقتى. زىجۇەن ياتقان ھۇجرىدىن باۋيۈي ئۆتكەندە يەڭگۈشلەپ تاشلاپ قويغان ئىككى دانە ئات قويۇش تۇمارى، بىر دانە باغلىق ئىلمە مۇرىلىك، ئىككى ھەميان ۋە يەلپۈگۈچ قاپچۇقى تېپىلدى، قاپچۇقنىڭ ئىچىدە يەلپۈگۈچمۇ بار ئىدى، ئۇلار بۇرۇن باۋيۈي ئۆز قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىلەر ئىدى، ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كېتىپ، كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىشقا دەررۇ فېڭجيېنى تەكلىپ قىلدى ۋە:

— بۇ نەرسىلەر نەدىن كەلگەن؟ — دېدى.

— باۋيۈي ئۇلار بىلەن كىچىكىدىن بىرنەچچە يىل بىللە ئارىلىشىپ ئۆتۈشكەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بۇ نەرسىلەر تايىنلىق باۋيۈينىڭ كونا نەرسىلىرى. تۇمار بىلەن يەلپۈگۈچكە كەلسەك، بۇ نەرسىلەرمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىم دائىم كۆرۈپ يۈرگەن نەرسىلەر، بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، ئاپىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتسەك بولىدۇ.

— كېلىن ئاغىچا، ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە بولغاندىن كېيىن بولدى، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ھىجىيىپ.

— بۇمۇ ھېچقانچە ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس، بۇنى قويۇپ تۇرۇپ، باشقا يەرگە بارغىنىمىز تۈزۈك، — دېدى فېڭجيې.

— تاكى بۈگۈنگىچە، بىز ئىككى ياقنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلىيالمايۋاتساق، بۇنى سورىغىنىڭلار بىلەن، بۇنىڭ قايسى يىلى، قايسى ئاي، قايسى كۈنلەردە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى زىجۇەن كۈلۈپ.

شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې بىلەن ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى تەنچۈننىڭ ھويلىسىغا كېلىشتى. بۇ ئىشنى بىر كىم ئاللىقاچان تەنچۈنگە يەتكۈزۈپ بولغانىكەن. تەنچۈن بۇنىڭ بىر سەۋەبى بار، شۇڭا بۇلار مۇشۇنداق رەسۋا ئىش قىلىشىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، دېدەكلەرگە چىراغ ياقتۇرۇپ، ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچۇرۇۋېتىپ

ئۇلارنى كۆتۈپ تۇرغـانىدى. بىـردەمدىن كېيىـن ئۇلارمـۇ يېتىـپ كېلىشتى. تەنچۈن ئۇلاردىن قەستەنگە:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— بىـر نەرسە يـوقالغانـىدى، ئەتىـگەندىـن بېرى ئۇنـىڭ ـ بۇنىڭدىن سوراشتۇرۇپ تاپالمىدۇق، باشقىلار ئۇنـى بۇ قىزلارغا دۆڭگەپ قويمىسۇن دەپ، گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن ھەممەيلەننى ئاختۇرۇپ يۈرىمىز. بۇ ئۇلارنى ئاقلاشنىڭ ئـوبدان چارىسـى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

تەنچۈن تەنە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:

— بىـزنىڭ دېدەكلەرنىـڭ ھەمـمىسى ئوغرى بـولسا، دېمەك ئۇلارنىڭ باش يوشۇرغۇچىسـى مەن بولىـمەن. ئۇنداق بـولغاندىـن كېيىن، ئالدى بىلەن مېنىڭ ساندۇقلىرىمـنى تىنـتىڭلار، ئـۇلار ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىدۇ، مـەن يوشۇرۇپ بېرىمەن، — دېـدى ـ دە، دېدەكلەرگـە ساندۇقـلارنـى، ئەينەك ـ ئەڭلـەك قۇتىلـىرىنى، ئـورۇن ـ كۆرپە ياپقۇچلىـرى، كىيىم بوغچىلىرى بولۇپ، چوڭ ـ كىچىـك ھەممە نـەرسىلەرنـى بىر يولىلا ئاچقىنىشقا بۇيرۇپ، فـېڭجيېنى ئاختـۇرۇپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

— مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدىم، بـاشقىچە چۈشـىنىپ مـېنىڭدىن رەنجـىپ يۈرمەڭ، سىـڭلىـم، — دېـدى فېڭجيې ھىجىيىپ. ئاندىن دېدەكلەرگە بۇيـرۇق قىلدى، — خـان قىزنىڭ ساندۇقلىرىنى چاپسان ئېتىۋېتىڭلار.

پىڭئېر، فېڭئېرلەرمـۇ سىشۇلارغـا ياردەملىـشىپ نەرسە ـ كېرەكلـەرنىڭ ياپىدىغىـنىنى يېپىپ، يىغىشـتۇرىدىغـىنىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى.

— مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشۈڭلارغا بولىـدۇ، — دېـدى تـەنچۈن، — ئـەمـما دېدەكلـىرىمـنىڭ نـەرسىلـىرىنـى ئاختـۇرماقچى بـولىدىكـەنسىلـەر، بۇنـىڭغا ئۇنـىمايمـەن ! مـەن باشقىلارغا قارىغاندا ئەسكى، دېدەكلەرنىڭ ھەمـمە نەرسىلىرىنى

مەن بىلىمەن، ھەممىسى مېنىڭ ئىچكى ھۇجرامدا ساقلاقلىق، بىر تال يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئۇلار ئۆز ئالدىغا ساقلىمايدۇ. تىنتىماقچى بولساڭلار، مېنىڭكىنى تىنتىڭلار. ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭلار، ئاغىچا خېنىمغا بېرىپ، مېنى ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدى، دەپ مەلۇم قىلىڭلار، ماڭا قانداق چارە قوللانسا، ئۇنى قوبۇل قىلىمەن. سىلەر ئالدىراپ كەتمەڭلار، سىلەر تىنتىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ! سىلەر بۈگۈن ئەتىگەندىلا تېخى جېن جەمەتىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ، ئۆزلىرى بىر ئوبدانلا تۇرۇپ، بىزنى تىنتىۋەتىسكەن دەپ ئارزۇ قىپتىكەن، دېگەندەكلا بوپتۇ، راستىلا تىنتىلىپتۇ، دېگەنىدىڭلارغۇ! مانا ئەمدى بىزگىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇنداق چوڭ ئۇرۇق ـ جەمەتنى سىرتتىن كېلىپ بوغسا، ھە دېگەندىلا بوغۇپ ئۆلتۈرەلمەيدۇ. بۇ خۇددى كونىلارنىڭ «مىڭئاياغ ئۆلىدۇ، ئەمما قاتمايدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش. ئالدى بىلەن پەقەت جەمەت ئىچىدە بىر ـ بىرىنى بوغۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ۋەيران قىلىش باشلانغاندىلا، ئاندىن يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ! ــ شۇنداق دەپلا تەنچۈننىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى.

فېڭجيې خىزمەتكار ئاياللارغا قاراپلا قالدى.

ــ قىزلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرى مۇشۇ يەردە بولسا، كېلىن ئاغىچا خېنىم، باشقا يەرگە بارساقمىكىن، خان قىزمۇ ئارام ئالسۇن، ــ دېدى جۇرۇيىنىڭ ئايالى. فېڭجيې ئورنىدىن تۇرۇپ تەنچۈن بىلەن خوشلاشتى.

ــ ئوبدان تىنتىڭلار، كۆڭلۈڭلار ئايدىڭلاشسۇن! ئەگەر ئەتىگەنلىككە يەنە كېلىدىغان بولساڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىمايمەن، ــ دېدى تەنچۈن.

ــ دېدەكلەرنىڭ نەرسىلىرى مۇشۇ يەردىلا بولسا تىنتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ــ دېدى فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئۇستاتلىقىڭىزنى كۆرۈڭ، ــ دېدى تەنچۈن سوغۇققىنا

كۆلۈپ قويۇپ، ـــ ھەتتا مېنىڭ بوغچىلىرىمدىن تارتىپ ئاچۇرۇپ بولۇپ، يەنە تېخى ئاختۇرمىدۇق دەيسىزغۇ! ئەتىگەنلىككە مېنى دېدەكلەرنى ياقلىدى، ئاختۇرۇشقا قويمىدى دەپ بېقىڭلارچۇ قېنى! گەپىنىڭ ئېنىقىنى ئېيتاڭ، يەنە ئاختۇرمىز دەيدىكەنسىلەر، مەرھەمەت، يەنە ئاختۇرۇڭلار، ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

فېڭجيې تەنچۈننىڭ ئادەتتە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كۈلكىگە زورلاپ:

ـــ ھەتتا سىزنىڭ نەرسىلىرىڭىزنىمۇ تىنتىدۇق، كۆڭلىمىز ئايدىڭلاشتى، ـــ دەپ قويدى.

ـــ سىلەرمۇ تىنتىپ ئايدىڭلاشتۇردۇڭلارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى تەنچۈن قالغانلاردىن.

ـــ ھەممىمىزگە ئايدىڭلاشتى، ـــ دەپ جاۋاب بېرىشتى جۇرۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلار كۈلۈمسىرىشىپ.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئەسلىدە ئالدى - كەينىنى ئويلىمايدىغانراق ئايال ئىدى، ئادەتتە تەنچۈننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقىچە ئويلايتتى: بۇگۈن باشقىلار كۆزى يوق، يۇرەكسىز ئىكەن، قىز بالىمۇ شۇنچىۋالا يامان بولامدۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دېگەن توقالدىن تۇغۇلغان، قولىدىن نېمە كېلەتتى! ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چېغىدىمۇ ماڭا باشقىچە قاراۋاتقان يەردە باشقىلار نېمىدى؟ تەنچۈن يالغۇز فېڭجيېگىلا چېچىلىۋاتىدۇ، بىزگە چېچىلغىنى يوق، دەپ ئويلاپ، ھەماتىغا يۆلىنىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى - دە، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تەنچۈننىڭ ئېتىكىدىن تارتىپ، قەستەن سىلىكىپ قويۇپ قاقاھلاپ كۈلدى:

ـــ خان قىزنىڭ ئۇستىبېشىنىمۇ ئاختۇرۇۋىدىم، دېگەندەك، ھېچنېمە چىقمىدى، ـــ دېدى.

فېڭجيې ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىكلا شۇنداق دېدى:

ـــ ئانىكا، مېڭىڭ، ساراڭدەك قىلىق قىلماڭ ...

گەپىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا «چاڭ» قىلىپ ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنى تەنچۈن بىر تەستەك سالدى، ئاندىن بىردىنلا غەزەپكە كېلىپ، قولىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— كېلىپ مېنىڭ كىيىمىمنى تارتىشقا قولۇڭ بارغۇدەك قانچىلىك نېمە سەن! مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھەم يېشىڭغا قاراپ «ئانىكا» دەپ قويسامزە، سەن ئىگىسىگە تايىنىپ ھەيۋە قىلىدىغان ئىتتەك ئەتىدىن كەچكىچە ئۇپۇراقچىلىق قىلىپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىدىغان بىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ بۈگۈن تېخىمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭغۇ! مېنىڭ ساڭا قول ياندۇرۇشۇمنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەنسەن - دە! مېنىمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ خان قىزىڭلاردەك رايىش چاغلاپ، خالىغانچە بوزەك قىلىشماقچىمىدىڭ، چۆچۈرىنى خام ساناپسەن! بۇ يەرگە كېلىپ نەرسىلىرىمنى تىنتىغىنىڭغا مەن خاپا بولمايمەن، لېكىن مېنى زاڭلىق قىلغۇچى بولما! — تەنچۈن شۇنداق دەپلا، تۈگمىلىرىنى يېشىپ، فېڭجيېنى، ئوبدان ئاختۇرۇڭ، دەپ قولىدىن تارتتى، — سىلەرنىڭ غالچاڭلار ئاختۇرغاندىن كۆرە، كېلىپ سىز ئاختۇرۇڭ!

فېڭجيې، پىڭئېر ئالمان - تالمان كېلىپ تەنچۈننىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى ۋە ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا ۋارقىراپ:

— ئانىكا، سىز ئىككى يۇتۇم شاراب ئىچىۋالسىڭىزلا مۇشۇنداق ساراڭدەك قىلىق قىلىدىكەنسىز. قايسى كۈنى ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ چىشىغا تەگدىڭىز، مېڭىڭ چىقىڭ، تولا سەتلەشمەي! — دېدى. ئاندىن تەنچۈنگە تەسەللى ئېيتتى، — ئوبدان خان قىز، خاپا بولماڭ. ئۇ قانچىلىك بىر نېمىدى؟ سىزنىڭ بۇنچە خاپا بولۇشىڭىزغا ئەرزىمەيدىغان بىر نېمە ئۇ.

— ئاچچىقىم كەلگەن بولسا، ئاللىقاچان تامغا ئۇسۇپلا ئۆلۈۋالاتتىم! ئەمىسە نېمىشقا ئوغرىلانغان مالنى تاپىمىز دەپ بىر چاكارنىڭ يېنىمنى ئاختۇرۇشىغا يول قويسىلەر؟ ئەتە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەتىگەندە ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئانىكامنىڭ ئالدىغا ناماقۇللۇققا بارىمەن. نېمە قىلىمەن دېسە مانا مەن تەييار! — دېدى تەنچۆن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى بۇ ئىشتىن يۈزى يەر بولۇپ، ئالمان ـ تالمان ئۆزىنى دېرىزىنىڭ سىرتىغا ئالدى ـ دە، شۇنداق دېدى:

— بولدى، بولدى! بۇ مېنىڭ تۈنجى قېتىم تاياق يېيىشىم! ئەتە ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن! قېرىغىنىمدا ماڭا بۇنداق جاننىڭ نېمە كېرىكى بار!

تەنچۆن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دېدەكلەرگە ۋارقىرىدى:

— سەنلەر ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە مېنى ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىشقا سالماقچىمۇ؟

سىشۆ شۇ گەپ بىلەن سىرتقا چىقتى ـ دە، ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا:

— ئانىكا، سىز بىرئاز بولسىمۇ غەرەز ئۇقۇپ، بىر ئېغىز گەپتىن قالسىڭىز بولمامدۇ؟ ئانىڭىزنىڭ ئۆيىگە كەتسىڭىزغۇ بىزنىڭ تەلىيىمىز كەلگەن بولاتتى. سىز كەتسىڭىز غوجايىنلارغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ خان قىزلارنى نازارەت قىلىدىغانغا، بىزنى قىينايدىغانغا، دەيدەيچىلىك قىلىدىغانغا ئادەم يوق، ئوبدان بولاتتى، — دېدى.

— پاھ، مۇنۇ قىزنى! ئىگىسىگە بېقىپ چاكىرى بولىدۇ، دېگەننىڭ دەل ئۆزى ئىكەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ كېتىپ.

— بىزدەك ئوغرىلارنىڭ ئاغزىمىزدا ئانچە ـ مۇنچە گېپىمىز بولىدۇ. شۇغىنىسى، يەڭ ئىچىدە غوجايىنلارنى كۇشكۇرتۇشنى ئۇقمايدىكەنمىز، — دېدى تەنچۆن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

پىڭئېرمۇ ھىجايغىنىچە ئىتتىك كېلىپ، ئۇلارنى ئايرىچىلاپ، سىشۆنى تارتىپ ھۇجرىغا ئەكىردى. جۇرۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلارمۇ بىر قۇر تەسەللى ئېيتىشتى. فېڭجيې دېدەكلەر تەنچۈننى ئۇخلاتقۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن

كىشىلىرىنى باشلاپ ئىللىق توسۇق تەرەپكە كەتتى.

بۇ چاغدا لى ۋەن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى، ئۇ شىچۈن بىلەن تام قوشنا، تەنچۈن بىلەنمۇ ئارىلىقى يېقىن ئىدى. شۇڭا، فېڭجيېلەر يول ئۆتەر ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىككى ھۇجرىغا كىرمەكچى بولدى. لى ۋەن تېخى يېڭىلا دورا يەپ ئۇخلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى پاراكەندە قىلمايلى دېيىشىپ، ئۇنىڭ دېدەكلىرىنىڭ ياتىقىغا كىرىشتى ــ دە، ئۇلارنىمۇ بىر ــ بىردىن تىنچتىپ ھېچنېمە تېپىشالمىدى، ئاندىن شىچۈننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتى. شىچۈن تېخى كىچىك، ئانچە ئىش ئۇقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، نېمە ۋەقە بولغاندۇ دەپ ئۇقالماي قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ، فېڭجيې ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدى. ئاختۇرۇش نەتىجىسىدە ئويلىمىغان يەردىن رۇخۋانىڭ ساندۇقىدىن يوغان بىر بولاقتا جەمئىي ئوتتۇز ــ قىرىق دانىچە كۈمۈش لەردۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار بۇزۇقلارنى تاپىمىز دەپ ئوغرىلانغان مال تېپىۋېلىشقانىدى. يەنە بىر دانە قاشتاش قويۇلغان بەلباغ، بىر بوپىدا ئەرەنچە ئۆتۈك ــ پايپاق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ چىقتى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ فېڭجيېنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

ــ بۇ نەدىن كەلگەن نەرسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ رۇخۋادىن.

ــ بۇ، جياجېن بېگىم ئاكامغا ئىنئام قىلغان نەرسىلەر ئىدى، ــ رۇخۋا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلىغان پېتى ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلىدى، ــ ئاتا ــ ئانىمىز جەنۇبتا بولغاچقا، ئاكام بۇ يەردە تاغامغا يۆلىنىپ جان بېقىپ كېلىۋاتاتتى، تاغام بىلەن ئايالى ئىككىسى ھەدېسىلا ھاراق ئىچىپ قىمار ئوينايدۇ، شۇڭا ئاكام تاپقان ــ تەرگىنىنى ئۇلارغا بەرسەم خەجلىۋېتىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، خىزمەتكار ئانىكام ئارقىلىق ئاستىلا كىرگۈزۈپ بېرىپ ماڭا ساقلىغىلى قويۇپ قويغان.

شىچۈن ئەسلىدە قورقۇنچاق قىز ئىدى، بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ، فېڭجيېگە:

— مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، بۇ قانداق گەپ بولىدى؟ يەڭگە، ئۇنى ئۇرىدىغان بولساڭلار تالاغا ئاچىقىپ ئۇرۇڭلار، مەن ئاڭلىمايلا قوياي، — دېدى.

— ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راستلا بولسا، ئۇنى كەچۈرۈشكىمۇ بولىدۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ كېتىپ، — بىراق، ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بۇنداق نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. بۇنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولمايدىغان نېمىسى بار؟ گەپ ئېلىپ كىرگەن ئادەمدە. ئەگەر بۇ گېپىڭ راست بولماي، ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسە بولسا، ئۇ چاغدا ساڭا كۈن يوق.

— يالغان گەپ قىلىدىغانغا ھەددىم ئەمەس، — دېدى رۇخۇا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلىغان پېتى، — خېنىم، ئەتە بىزنىڭ خېنىم بىلەن بېگىمدىن سوراپ باقسىلا، ناۋادا ئىنئام قىلمىغان بولۇپ چىقسا، ئاكام ئىككىمىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلىمۇ بىز رازى.

— بۇنى سوراشنىغۇ سورايمىز، — دېدى فېڭجيې، — راست ئىنئام قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ يەنە توغرا بولمىغان تەرىپى بار. كىم سېنى باشباشتاقلىق قىلىپ بۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىشكە ئالسۇن دېدى؟ بۇنى ئەكىرىپ بەرگەن كىشىنى ئېيتساڭ، سېنى كەچۈرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق قىلما.

— يەڭگە، ئۇنى كەچۈرمەڭ، — دېدى شىچۈن، — بۇ يەردە ئادەم كۆپ، بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويمىساق، چوڭلىرى ئاڭلىسا، يەنە نېمە ئىشلارنى چىقىرىدىكىن تېخى. يەڭگە، سىز ئۇنىغىنىڭىز بىلەن، مەن ئۇنىمايمەن.

— ئادەتتە كۆزىتىپ يۈرگىنىمگە قارىغاندا، ئۇنى يەنە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. كىمدىن سەۋەنلىك ئۆتمەيدۇ؟ بۇ تۇنجى قېتىمقىسى، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسا قوشلاپ جاجىسىنى بېرىمىز. بىراق بۇ نەرسىلەرنى باغقا ئەكىرىپ بەرگەن

www.uyghurkitap.com

ئادەم كىمكىن؟ شۇنى بىلسەك بولدى، — دېدى فېڭجيې.

— ئەكىرىپ بەرگەن ئادەم باشقا بىرسى ئەمەس، ئارقا ئىشىكتىكى لاۋجاڭ بولسا كېرەك. ئۇ دائىم مۇشۇ دېدەكلەر بىلەن تىمىسقىلىشىپلا كۇسۇرلىشىپ يۈرەتتى، بۇلارمۇ ئۇنىڭغا بەك غەمخورلۇق قىلىپ كېتىشىدۇ، — دېدى شىچۈن.

فېڭجيې بۇ گەپنى يېزىپ قويۇشقا بىرسىنى بۇيرۇدى. نەرسە - كېرەكلەرنى بولسا ئەتە يۈزلەشتۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جۇرۇينىڭ ئايالىغا ۋاقىتىنچە ساقلاپ تۇرۇشقا بەردى. لاۋجاڭ ئانىكىنىڭ ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. يېقىنىنىڭياقى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇۋالغاندىن كېيىن، تۇغقانلىرىنى ۋە بىللە ئىشلەيدىغان ھەمراھلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالغانىدى. كېيىن جاڭ ئانىكىنىڭ بۇنىڭغا قورسىقى كۆپۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم دېيىشىپ قالغان ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككىسى گەپلەشمەس بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ نەرسىلەرنى باغقا ئەكىرگەن ئادەمنىڭ جاڭ ئانىكا بولۇپ چىققانلىقى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا دەستەك بولدى - دە، بايا تەنچۈندىن يېگەن تاياق، سىشۆدىن ئاڭلىغان ئاھانەتلەرنىڭ دەردىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي تۇرغان ئادەم جاڭ ئانىكىنىڭ بۇ ئىشىنى ئاڭلاپ، فېڭجيېنى قۇتراتماقچى بولدى:

— باغقا بىرنېمە ئەكىرىش دېگەن چوڭ ئىش. ئويلىسام، ھېلىقى نەرسىلەرمۇ مۇشۇ يول بىلەن ئەكىرىلگەن ئوخشايدۇ، خېنىم، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلمىساق بولمىغۇدەك.

— سىز دېمىسىڭىزمۇ مەن بىلىمەن، — فېڭجيې شۇنداق دەپلا شىچۈن بىلەن خوشلاشتى - دە، يىڭچۈننىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يىڭچۈن ئۇخلاپ قالغان، دېدەكلەرمۇ ئەمدىلا ئۇخلاشقا ياتقانىدى. ئۇلار كېلىپ ئىشىكنى قېقىۋىدى، بىر ھازادىن كېيىن

ئىشىك ئېچىلدى، فېڭجيې ئۇلارغا:

— خان قىزنى ئويغىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ تاپىلاپ، ئۇدۇل دېرىزە-دەكلەرنىڭ ياتىقىغا ماڭدى. سىچى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنىڭ قىز نەۋرىسى ئىدى. فېڭجيې ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنى يۈز قارامدۇ، قارىمامدۇ دەپ، ئۇنىڭ ئاختۇرۇشىغا دىققەت قىلدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ ساندۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، باشقا بىر نەرسە تاپالمىدى. نۆۋەت سىچىنىڭ ساندۇقىغا كەلگەندە مۇنداقلا بىر قېتىم مالتىلاپ قويۇپ:

— بۇنىڭدىمۇ ھېچنېمە يوق ئىكەن، — دەپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپاي دەپ تۇرۇشىغا، جۇرۇينىڭ ئايالى:

— بۇ قانداق گەپ؟ بار بولسۇن، يوق بولسۇن، ھەممىگە ئوخشاش قارىساق، ئاندىن ئادىللىق بولىدۇ ـ دە، — دەپلا بېرىپ ساندۇققا قولىنى سېلىپ بىر پار ئەرەنچە سەرناق پايپاق بىلەن تاۋاردىن تىكىلگەن بىر پار خەينى ئالدى، يەنە كىچىك بىر تۈگۈنچەكمۇ چىقتى. تۈگۈنچەكنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن بىر دانە «قوش مۇتكە» نەقىشلىق ئويۇنچۇق چىقتى. ئۇنىڭغا يانداپ بىر پارچە باغاقچىمۇ بار ئىدى. ھەممىسىنى قوشۇپ فېڭجيېگە ئۇزارتتى. ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقانغا ئۇزاق بولغاچقا، فېڭجيې ھەر خىل خەت ـ چەك، ھېسابات قاتارلىقلارنى كۆپ كۆرۈپ يۈرۈپ ئانچە ـ مۇنچە خەت تونۇيالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھېلىقى باغاق خۇشاللىق دېگەن جۇپ خەت چۈشۈرۈلگەن قىزىل قەغەز بولۇپ، باغاققا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

ئۆتكەن ئاي سىز ئۆيگە كەلگەندە ئاتا ـ ئانىمىز ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇڭىنىسى، خان قىز تېخى ياتلىق قىلىنمىغاچقا، ھازىرچە ئىككىمىز مۇرادىمىزغا يېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز. ئەگەر باغدا كۆرۈشۈشىمىزگە مۇمكىن بولسا، جاڭ ئانىكام ئارقىلىق ئۇچۇرىنى بېرەرسىز.

ئەگەر باغدا كۆرۈشەلىسەك، ئۆيدىكىگە قارىغاندا كەڭ ـ كۇشادىرەك پاراڭلاشقىلى بولىدۇ. ھەرگىز ئۇنتۇماڭ، زادى ئۇنتۇماڭ! ماڭا ھەدىيە قىلغان ئىككى تىزىق ئىپار مونچاقنى بوگۇن تاپشۇرۇۋالدىم. يۇرىكىمنىڭ ئازراققىنا ئىززھارى سۈپىتىدە سىزگە ئىپار قاپچۇقىدىن ئالاھىدە بىرنى كىرگۈزدۈم، چوقۇم ئوبدان ساقلاڭ! بىر نەۋرە ئىنىڭىز پەن يۇئەن.

فېڭجېي خەتنى كۆرۈپ بولۇپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى بۇ قىز نەۋرىسىنىڭ بۇنداق ئاشىق ـ مەشۇقلۇق ئىشلىرىنى ئادەتتە بىلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ خەي بىلەن پايپاقنى كۆرۈپ چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ تۇراتتى، ئارقىدىن چىققان قىزىل باغاقچىنى فېيجيېنىڭ ئوقۇپ كۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ھەرقاچان ئۇلارنىڭ يازغان ھېساباتى قاملاشمىغان بولسا، خېنىم شۇنىڭغا كۇلۇۋاتىلىغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ھەئە، بۇنىڭدىكى ھېسابنى چىقىرالمايۋاتىمەن! — دېدى فېڭجېي كۈلۈپ كېتىپ، — سىز سىچىنىڭ مومىسى، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ فامىلىسى ۋاڭ بولماي، نېمە ئۇچۇن پەن بولۇپ قالدى؟

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئۇنىڭ غەلىتە سوئال سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپكە ئارانلا تىلى كەلدى:

سىچىنىڭ ھاممىسى پەن جەمەتىگە ياتلىق قىلىنغان، شۇڭا ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ فامىلىسى پەن. ئۆتكەندە قېچىپ كەتكەن پەن يۇئەن دېگەن شۇ.

— ئەمدى ئايدىڭ بولدى. ئەمدى مەن سىزگە بۇ خەتنى ئوقۇپ بېرەي. ئاڭلاپ بېقىڭ، — فېڭجېي كۈلگەن پېتى خەتنى باشتىن ـ ئاياغ بىر قېتىم ئوقۇپ بەردى. كۆپچىلىك ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىشتى.



www.uyghurkitap.com

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى باشقىلارنىڭ كۇكۇلىسىدىن تۇتۇۋالسام دەپلا يۈرەتتى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ قولىغا ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسىنىڭ كۇكۇلىسى چىقىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۇ بوغۇلدى ھەم نومۇس قىلدى، جۇرۈينىڭ ئايالى قاتارلىق تۆت ئايال خەتتىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ تىللىرىنى چىقىرىپ، باشلىرىنى چايقاپ قويۇشتى.

— ۋاڭ ئانىكا، ئاڭلىغانسىز! بۇ ئىش ئايدىڭلاشتى، ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى! بۇنى ئەمدى قانداق قىلىدىغان گەپ؟ — دېدى جۇرۈينىڭ ئايالى.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا يەرگە كىرەي دېسە، يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە، ئاسمان يىراق بولدى. فېڭجيې ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي، پىخىلداپ كۈلەتتى.

— بۇمۇ ئوبدان بوپتۇ، — دېدى فېڭجيې جۇرۈينىڭ ئايالىغا، — ئۇ مومىسىنى قىلچە غەم قىلدۇرماستىن، ھېچكىمگە تۈيدۇرمايلا بۇلارغا ئوبدان كۈيۈئوغۇلدىن بىرنى تېپىپ بېرىپتۇ.

جۇرۈينىڭ ئايالىمۇ كۈلۈپ ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ تىللاشقا چۈشتى:

— ئۆلمەيدىغان قېرى جالاپ، بۇ قارغىش تەگكۈرنىڭ ئانىسىنى نېمە دەپمۇ تۇغقان بولغىيدىڭ؟ يوغان گەپ قىلغان ئاغزىم تۇۋاقلاندى، قىلغىنىم ئۆزۈمگە ياندى!

كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلگۈسى كەلسىمۇ كۈلۈشكە پېتىنالمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خوپ بولدى دېسە، بەزىلىرى خەققە يامانلىق تىلىگەنىدى، ئۆزىگە ياندى دەپ كۆڭلىدە تەسىرلەندى.

فېڭجيې سىچىنىڭ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي، قورقۇش ۋە نومۇس قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، فېڭجيې ئۇنى سوراق قىلىشنى لازىم

تاپمىدى. كېچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىسۇن دەپ ئىككى خىزمەتكار ئايالنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ئەتە بىر تەرەپ قىلماق بولۇپ، قولغا چۈشكەن ئىسپاتلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن كۆپچىلىكنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. بىراق، كېچىچە فېڭجيېدىن توختىماي خۇن كېلىپ، ئەتىسى ماغدۇرى قالماي بوشىشىپلا كەتتى، ھېچ بولالماي ئاخىر تېۋىپ چاقىرتىپ تومۇر تۇتقۇزدى. تېۋىپ ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بېرىپ، ئۆزىنى ئوبدان ئاسرىسۇن دەپ كېتىپ قالدى. ئېمىكئانىلار دورا قەغىزىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىشتى، بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا يەنە بىر غەم قوشۇلۇپ، سىچېنىڭ ئىشى ۋاقتىنچە كېيىنگە قالدۇرۇلدى.

دەل شۇ كۈنى يۈشى فېڭجيېنى كۆرگىلى كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇردى، ئارقىدىن لى ۋەنلەرنى يوقلاپ باردى. شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت شىچۈن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا تەكلىپ قىلىپ قالدى، يۈشى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تۇنۇگۈن ئاخشام بولغان ئىشلارنى بېشىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپ، رۇخۇانىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى ئەكەلدۇرۇپ يۈشىغا كۆرسەتتى.

— بۇ نەرسىلەرنى سىنىڭ ئاكاڭنىڭ ئۇنىڭ ئاكىسىغا ئىنئام قىلغىنى راست، بىراق بۇنى ئۆز مەيلىچە بۇنداق تۇشۇپ يۈرمەسلىك لازىم ئىدى. ئەمدىلىكتە ياخشى ئىش يامان ئىشقا ئايلىنىپ قاپتۇ، — دېدى يۈشى. ئاندىن رۇخۇانى تىللىدى، — گالۋاڭ نىجىس!

— ئۆزۈڭلار قاتتىق تۇتماي، ئەمدى بولغاندا دېدەكلەرنى تىللايسىلەر، — دېدى شىچۈن، — ھەممە ھەمشىرىلىرىمنىڭ ئىچىدە يالغۇز مېنىڭ دېدىكىملا مۇشۇنداق يۈز كېتىدىغان ئىشنى قىلسا، مەن خەقنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن! تۇنۇگۈن فېڭجيې ئاچامغا بۇنى ئەكېتىڭ دېسەم ئۇنىمىدى. بۈگۈن سىزنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كەلگىنىڭىز ئوبدان بولدى، ئۇنى بۇ يەردىن چاپسانراق ئەكېتىڭ. ئۇرامسىز، ئۆلتۈرۈۋېتەمسىز، سېتىۋېتەمسىز، قانداق قىلسىڭىز قىلىڭ.

رۇخۋا بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، دەرد ئېيتىپ قاتتىق يالۋۇردى. يۇشى بىلەن شىچۇنىڭ ئېمىكئانىسى ۋە باشقىلارمۇ شىچۇنگە:

— ئۇ بۇ دورەم ئېزىپتۇ، ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايدۇ، كىچىكىدىن خىزمىتىڭىزنى قىلغانىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىلىڭ، — دېيىشىپ كۆپ سايە قىلىشتى.

بىراق، شىچۇن تېخى گۆدەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەزى غەلىتە بولغاچقا، ئەتراپتىكىلەر ھەرقانچە گەپ قىلسىمۇ، دېگىنىدىن يانماي، رۇخۋانى ئېلىپ قېلىشقا زادىلا ئۇنىمىدى ۋە:

— رۇخۋانىڭمۇ كېرىكى يوق، ئەمدى مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭمۇ سىلەر تەرەپكە ئۆتۈشۈم ئەپسىز. يېقىنىنىڭياقى ئاڭلىسام، سۆز - چۆچەكلەرمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ، ئۇ تەرەپكە يەنە ئۆتىدىغان بولسام، مەنمۇ گەپكە قالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— سۆز - چۆچەك قىلىدىغانغا كىمنىڭ ھەددى ئىكەن؟ — دېدى يۇشى، — سۆز - چۆچەك قىلارلىق نېمە ئىش بولاتتى؟ خان قىز، سىز كىم؟ بىز كىم؟ بىزنىڭ ئۇستىمىزدىن كىم گەپ تاپقان بولسا، شۇنىڭدىن سۈرۈشتە قىلسىڭىز بولىدۇ.

— بۇ گەپنى مېنىڭدىن سورىغىنىڭىز قىزىق! — دېدى شىچۇن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — مەن دېگەن قىز بالا، ئۇنداق جاڭجاللاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشۇم كېرەك، ئۇنداق قىلماي جاڭجال ئىزدەپ يۈرسەم، مەن قانداق ئادەم بولۇپ قالىمەن؟ كونىلار: «ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئىشىدا ئاتا بىلەن بالا بىر - بىرىگە ھېچقانچە ياردەم بېرەلمەيدۇ» دەپتىكەن. ھالبۇكى، بىز ئىككىمىزمۇ ھەم شۇنداق. مەن ئۆزۈمنىلا قوغدىسام بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىڭلار

www.uyghurkitap.com

بولسا، ياخشىسى، مېنى ئاۋارە قىلماڭلار.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۇشىنىڭ ھەم ئاچچىقى كەلدى، ھەم كۈلگۈسى كەلدى.

— ھەممە ئادەم تۆتىنچى خان قىز ياش، گالۋاڭراق دېسە ئىشەنمەيتتىكەنمەن. بۇنىڭ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاڭلار، قىلچە تۇتۇرۇقى ھەم قىممىتى بولسا كاشكى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىدىغان گەپلەر، — دېدى يۇشى ئەتراپتا تۇرغانلارغا.

— خان قىز تېخى ياش، خېنىم، ئۆزلىرى يەنە خان قىزنىڭ جاپاسىنى تارتىلا تېخى، — دېيىشتى كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ.

— مەن تېخى ياش بولسامۇ، ئەمما بۇ گېپىم ياشلىقىنىڭ گېپى ئەمەس، — دېدى شىچۇن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — سىلەر كىتاب ئوقۇمايسىلەر، ساۋاتسىز، شۇڭا ھەممىڭلار دۆت! تېخى مېنى گالۋاڭ دېيىشىدۇ.

— سىز دېگەن جۇاڭيۇەن، بىرىنچى ئۆلىما! بىز ھەممىمىز گالۋاڭ ئادەملەر، سىزدەك بىلىمدان ئەمەس، — دېدى يۇشى.

— مۇشۇ سۆزىڭىزدىنلا بىلىمدان ئەمەسلىكىڭىز چىقىپ تۇرۇپتۇ. جۇاڭيۇەنلەرنىڭ ئىچىدە گالۋاڭلىرى يوقمىكەن؟ دېمەك، ھەممىڭلار بىدئەتچى قارا پاي خەق تۇرساڭلار، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار راست بىلەن يالغاننى ئىلغامتى، دىلىڭلار ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئېتەلەمتى؟ سىلەر كىشىلەرگە توغرا قارىماقچى بولساڭلار، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ قەلبىگە نەزەر سېلىڭلار، شۇ چاغدا ئاندىن چۈشىنىسىلەر! — دېدى شىچۈن.

پاھ، پاھ! — دېدى يۇشى كۈلۈپ، — بايىلا ئۆلىما ئىدى بۇ، مانا ئەمدى چوڭ راھىب بولۇپ، غەپلەتتىن پارىغ بولۇش توغرىسىدا سۆز ئاچقىلى تۇردى.

— مەن ھېچقانداق پارىغ بولغىچىمۇ ئەمەس. مېنىڭچە، ھازىر خەقلەرنىڭ ھەممىسى رۇخۇاغا ئوخشاشلا بولۇپ كەتتى، پەقەتلا تىلغا ئالغۇچىلىكى قالمىدى! — دېدى شىچۈن.

— ئەمدى بىلدىم، راستلا سىز باغرى قاتتىق، گېپى توڭ قىز ئىكەنسىز، — دېدى يۈشى.

— نېمىشقا مەن توڭ بولماي! — دېدى شىچۈن، — مەن بىر پاك ئادەم تۇرۇپ، نېمىدەپ سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلارغا يولۇقاي!

ئەسلىدە يۈشىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاغرىقى بولغاچقا، بۇنداق گەپلەردىن قورقاتتى، بەزى ئادەملەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلىرىدىن نومۇس قىلىپ، بۈگۈن شىچۈننىڭ ئالدىدا تەگىيەلمەي سەۋر قىلىپ ئولتۇراتتى، ئەمدى شىچۈننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى باسالماي:

— سىزگە قانداق كاساپىتىمىز تېگىپتۇ؟ قىلغۇلۇقنى سىزنىڭ دېدىكىڭىز قىلسا، بىكاردىن - بىكار ماڭا گەپ قىلىسىزغۇ؟ گەپ قىلماي سەۋر قىلىپ بەرسەم، بۇنىڭ تېخىمۇ ئەدەپ، قىلىۋاتقان گېپىنى قاراڭلار! سىز دېگەن ئېسىلزادە خان قىز، بۇنىڭدىن كېيىن سىزگە يېقىنلاشمايلا قويايلى، سىلى خېنىمنىڭ ئېسىل نامىرىنى بۇلغاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلمىساق بولمىغۇدەك! مەن ھازىرلا ئادەم چاقىرىپ رۇخۋانى ئەكېتەي، — دېدى - دە، باتناپ ئورنىدىن قوپۇپ ماڭدى.

— مۇشۇ كەتكىنىڭىزچە ئۆزىڭىز دېگەندەك ئىككىنچى كەلمەيدىغان بولسىڭىز، دېمەك، قۇرۇق سۆز - چۆچەكتىن خالىي بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ قۇلىقى تىنچىيتتى، — دېدى شىچۈن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈشىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى. بىراق، نېمىلىكى بولسۇن، ئۇ بىر خان قىز - دە. مەيلى نېمە دېسە دېسۇن، ئۇنىڭ بىلەن چىڭ تۇرۇپ تاكاللىشىش ياخشى ئەمەس، شۇڭا يۈشى ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر ئېغىزمۇ جاۋاب ياندۇرماي ئۇدۇل ئالدى تەرەپكە كەتتى. ئەمدى قانداق ئىشلار بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# يەتمىش بەشىنچى باب

## كېچىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەندە غەلىتە نادامەت ئاڭلىنىپ نەسلىكتىن بېشارەت بېرىلگەنلىكى
## كۆزگى تولۇن ئاي تاماشىسىدا يېڭى نەزمىلەر مۇكاپاتلىنىپ ياخشى تىلەككە ئېرىشىلگەنلىكى

دېمەك، يۈشى خېنىم شىچۈننىڭ يېنىدىن قېيىداپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا بارماقچى بولغانىدى. سوڭدىشىپ ماڭغان ئىنىگىلەردىن بىرسى كۈسۈرلاپ شۇنداق دېدى:

— كېلىن ئاغىچا، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىپ قوياي، ھازىرچە تۆر ئۆيگە كىرمەي تۇرسىلا. بايىلا جېن ئائىلىسىدىن بىرقانچەيلەن كەلدى، بەزى نەرسە - كېرەكلىرىنىمۇ ئالغاچ كەپتۇ. قانداق مەخپىي ئىشى باركىن، ئۇقمىدۇق. خېنىم، شۇ تاپتا ئۆزلىرى ئۇ يەرگە كىرىپ بارسىلا، بىئەپ بولارمىكىن دەيمەن.

— تۈنۈگۈن بېگىملار: — دېدى يۈشى، — تىنىتىش توغرىسىدىكى جاكارنامىدە كۆردۈم، جېن ئائىلىسى گۇناھ قىپتىكەن، ئۆيۋاقى تىنتىلىپ مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزىنى جازالاش ئۈچۈن پايتەختكە ئالدۇرماقچى بوپتۇ، دېيىشىدۇ، نېمىشقا ئۇلاردىن يەنە ئادەم كەلگەندۇ؟

— شۇنى دېسىلە، — دېدى ئىنىگە، — بايا كەلگەن ئاياللارنىڭ رەڭگىرويىغا باقسام، ئۆڭسۈلى يوق، ھودۇقۇپلا

كېتىپتۇ. ئەتىمالىم خەقتىن يوشۇرىدىغان بىرەر ئىشى بارمىكىن دەيمەن.

يۇشى خېنىم ماڭغان يولىدىن يېنىپ، يەنە لى ۋەننىڭكىگە ماڭدى. ئوردا تېۋىپى لى ۋەننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بولۇپ قايتىپ كەتكەنىدى. لى ۋەنمۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان يېنىكلىشىپ، خېلىلا ئۆزىگە كېلىپ قالغانىدى، شۇ تۇرقىدا كارىۋاتتا ياستۇققا يۆلەنگىنىچە، بىر كىم بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ ئولتۇراتتى. يۇشى كىرىپ كەلدى، لېكىن ئۇ بايىقىدەك ئوچۇق چىراي ئەمەس ئىدى، ھاڭقايغىنىچە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ھالنى كۆرۈپ لى ۋەن:

— بۇيانغا ئۆتكەندىن بۇيان بىر نېمە يېدىڭىزمۇ؟ قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟ — دەپ سوراپ قويۇپ سۆيۈننى ئىشقا بۇيرۇدى، — قاراپ باق، يېڭى پىچىنە - توقاچلاردىن بولسا ئەكىر.

— ياق، كېرەك ئەمەس، — دەپ يۇشى ئۇنى توستى، — سىز خېلىدىن بۇيان كېسەل بولۇپ ياتسىڭىز، سىزنىڭكىدە يېڭى پىچىنە - توقاچ نېمە قىلسۇن؟ قورسىقىممۇ ئاچمىدى.

— تۈنۈگۈن بىركىم ئوبدان تالقان ئەۋەتىپتىكەن، شۇنىڭدىن شېكەر قوشۇپ بىر چىنە تەييارلاپ بەرسۇن، ئىچىپ بېقىڭ، — لى ۋەن تالقان چاي ئېتىپ كىرىشكە كىشى بۇيرۇدى.

يۇشى بۇرۇقتۇم بولۇپ، زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋەردى.

— خېنىم، بۈگۈن چۈشكىچە يۈزلىرىنىمۇ يۇمىدىلا، شۇ تۇرقىدا ئېرىقدىنىۋالسىلا ئوبدان بولاتتى، — دېيىشتى ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ كەلگەن دېدەك بىلەن خىزمەتكار ئاياللار.

يۇشى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، لى ۋەن دەرھال سۆيۈننى پەرداز جابدۇقى ئەكەل دەپ بۇيرۇدى. سۆيۈن ئۆزىنىڭ ئۇپا - ئەڭلىكلىرىنى ئەكېلىپ:

— بىزنىڭ كېلىن ئاغىچىدا مۇشۇ نەرسىلا كەم، خېنىم، مەينەت كۆرمەي ئىشلىتەرلا، — دېدى كۈلۈپ.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭدە يوق بولغاندىن كېيىن، خان قىزلارنىڭكىدىن ئەكەلسەڭ بولاتتى، نېمىشقا ھېيىقماي ئۆزۈڭنىڭكىنى ئەكېلەتتىڭ؟ ھېلىمۇ ياخشى بۇنىڭغا توغرا كېلىپ قالدى، ئەگەر باشقا بىركىم بولغان بولسا تېرىكىپ كەتمەمدۇ؟ — دېدى لى ۋەن.

— بۇنىڭ نېمە كارايىتى بولاتتى؟ — دەپ كۈلدى يۈشى. ئاندىن يۈزىنى يۇدى. چۆرە قىز چىلاپچىنى سەل ئېگىلىپرەك تۇتۇپ بەردى.

— نېمانداق بىئەدەپلىك قىلىسەن؟ — دېدى لى ۋەن.

بايىقى چۆرە قىز دەرھال تىزلاندى.

— ئائىلىمىزدىكى چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىلا ئەدەپلىك بولۇپ، ياسىما تەكەللۇپقىلا بېرىلىدۇ. بۇ توغرىدا قىلغان - ئەتكەنلىرى يېتىپ - ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ! — دەپ كۈلدى يۈشى.

لى ۋەن بۇ گەپنىڭ تۈنۈگۈن كېچىدە بولغان ئىشقا دارىتمىلىنىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، كۈلدى:

— بۇنداق دېيىشىڭىزنىڭ سەۋەبى بار، — دېدى ئۇ، — كىمنىڭ قىلغان ئىشى يېتىپ - ئېشىپتۇ؟

— مېنىڭدىن سوراۋاتىسىزغۇ! سىز كېسەل بولغىنىڭىزچە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانمىدىڭىز؟ — دېدى يۈشى.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا بىركىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— باۋچەي خان قىز كەلدى.

— دەرھال تەكلىپ قىلىڭلار، — دېدى لى ۋەن بىلەن يۈشى تەڭلا.

باۋچەي كىرىپ كەلدى. يۈشى ئالمان - تالمان يۈزىنى ئېرتىۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ باۋچەيگە ئورۇن كۆرسەتتى:

— ئۆزىڭىز يالغۇز ئۇشتۇمتۇتلا كەپسىز، قالغان ھەمشىرىلەر كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— شۇنى دېسىلە، مەنمۇ ئۇلارنى كۆرمىدىم، — دېدى

باۋچەي، — بۇگۇن بىزنىڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ مىجەزى يوق، ئۆيدىكى ئىككى خىزمەتكار ئايالمۇ جاڭداپ يېتىپ قالدى. باشقىلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇگۇن ئۆزۇم چىقىپ، ئانامغا كېچىلىرى ھەمراھ بولاي دېگەنىدىم. بۇ ئىشنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن، ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلايمۇ دېدىم، لېكىن ئويلاپ باقسام، ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس ئىكەن، ئانام ساقايغاندا بەرىبىر مەن باغقا يېنىپ كىرىدىغان ئىش بولغاندىن كېيىن، دېمەيلا قويساممۇ بولغۇدەك. شۇڭا، چوڭ كېلىن ئاغىچىغا ئېيتىپ قوياي دەپ كەلگەنىدىم.

لى ۋەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۇشىغا قاراپ كۇلۇپ قويدى، يۇشىمۇ لى ۋەنگە قاراپ كۇلۇمسىرىدى. بىردەمدىن كېيىن يۇشى يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولدى، ئاندىن ھەممەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى.

— ئۇنداق بولسا، ھامما خېنىمدىن ئەھۋال سوراپ كىشى ئەۋەتەيلى، نېمە كېسەل بولغانلىقىنى بىلىپ كەلسۇن، — دېدى لى ۋەن كۇلۇپ باۋچەيگە، — مەنمۇ كېسەل، ئۆزۇم بېرىپ كۆرۇپ كېلەلمەيدىكەنمەن. ئوبدان سىڭلىم، سىز چىقىپ كېتىۋېرىڭ، ھۇجرىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا مەن كىشى بۇيرۇي. قانداقلا بولسۇن، سىز بىر ـ ئىككى كۇن ئانىڭىزنىڭ يېنىدا بىللە بولۇپ، ئاندىن يېنىپ كىرەرسىز. بۇ ئىشتا مەندىن ناماقۇلچىلىق ئۆتۇپ قالمىسۇن.

— ناماقۇلچىلىق ئۆتىدىغان نېمىسى بولاتتى؟ بۇمۇ بىر ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئادەمگەرچىلىك ـ دە، — دېدى كۇلۇپ باۋچەي، — سىلىمۇ ئوغرىنى قويۇۋەتكەندەك گۇناھ قىلىپ تۇرغانلىرى يوق ئىدى. مېنىڭچە بولسا، ھۇجرامغا قاراش ئۇچۇن يەنە ئادەم ئەۋەتىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. شياڭيۇن قىزنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى كۇن بىللە تۇرسىلا ئىش ئازايمامدۇ؟

— شۇنى دەڭا ! — دېدى يۇشى، — شياڭيۇن سىڭلىم نەگە

www.uyghurkitap.com

كەتكەن؟

— مەنمۇ بايا ئۇنى بۇ يەرگە بىللە كەلسە، ئۇنىڭغا ئېنىقراق ئۇقتۇرۇپ قويماي دەپ، سىلەرنىڭ تەنچۈن قىزنىڭكىگە كېتىشى ئەۋەتكەنىدىم، — دېدى باۋچەي.

ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا:

— شياڭيۈن خان قىز بىلەن ئۇچىنچى خان قىز كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

ھەممەيلەن كەلسىلە، ئولتۇرۇشسىلا، دەپ تۇزۇت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، باۋچەي ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقىپ، ھەمراھ بولۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇلارغا قايتا سۆزلەپ بەردى.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، — دېدى تەنچۈن، — ھامما خېنىم ساقايغاندا يېنىپ كىرسىڭىزمۇ بولىدۇ، يېنىپ كىرمەي قويسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

— بۇ غەلىتە گەپ بولدى! ئۇرۇق - تۇغقاننى نېمىدەپ چەتكە تېپىسىز؟ — دەپ كۈلدى يۈشى.

— شۇنى دېسىلە، — دەپ سوغۇققىنا كۈلدى تەنچۈن، — باشقىلار تەپكەندىن كۆرە بالدۇرراق مېنىڭ تەپكىنىم تۈزۈك! ئۇرۇق - تۇغقان دېگەن ئۆلگۈچە بىللە تۇرسىلا ياخشى ئۆتۈشكەن بولمايدۇ. بىز بىر ئائىلىدىكى قان قېرىنداشلار بولۇشىمىزغا قارىماي، قېنى قايسىبىرىمىز توخۇدەك چوقۇلاشماي قاپتۇق؟ بىر - بىرىمىزنى يەۋەتكۈمىز كېلىدۇ!

— بۈگۈن ماڭا نېمانداق تولا قورساق كۆپۈكى بولىدىغاندۇ؟ — دېدى يۈشى كۈلۈمسىرەپ ئالمان - تالمان، — قېرىشقاندەك، سىلەر ھەمشىرىلەرنىڭ سەپرايىڭلار ئۆرلەپ تۇرغانغا يولۇقۇپلا تۇرىمەنغۇ تاڭ.

— كىم سىلىنى ئوت تۇتاشقان چاغدا كەلسۇن دەپتۇ؟ سىلىنى يەنە كىم رەنجىتىپ قويغاندۇ؟ — دەپ سورىدى تەنچۈن. ئاندىن بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ سورىدى، — فېڭجيې خانىغۇ سىلى بىلەن ئارازلاشمايتتى، زادى كىم رەنجىتىپ قويدى سىلىنى؟

يۈشى خېنىم تۈتۈقلا جاۋاب بەردى. تەنچۈنمۇ ئۈنىڭ چاتاق چىقىشىدىن ئەنسىرەپ تولا گەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ياۋاش - مۆمىن بولۇۋالمايلا قويسىلا، پادىشاھدىن باشقا ھېچكىم بىر ئادەمنى گۇناھقا تارتىپ، كاللىسىنى ئېلىۋېتەلمەيدۇ. مۇنچىلىك قورقۇپ - پىشىپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ. سىلىگە دەپ بەرسەم، تۈنۈگۈن مەن ۋاڭ شەنباۋنىڭ خوتۇنىنى ئۇرۇپ قويۇپ، گۇناھكار دېگەن ئاتاقتا قالدىم. ناھايىتى كەلسە، كەينىمدىن كاپىشىپ قويۇشار، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىمۇ ئۇرامتى يا؟

— نېمىشقا ئۇردىڭىز ئۇنى؟ — دەپ سورىدى باۋچەي.

تەنچۈن تۈنۈگۈن كېچىدە بولغان ئىشنى بىر - بىرلەپ دەپ بەردى. بۇ ئىشنى تەنچۈن دەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، يۈشىمۇ شىچۈننىڭ ھېلىقى ئىشنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ مىجەزى ئەسلى شۇنداق، ئۆزىنى تولىمۇ يالغۇزلۇققا سالىدۇ. ئۇنىڭ مىجەزىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمىدۇق، — دېدى تەنچۈن. ئاندىن ئۇلارغا بۈگۈنكى ئەھۋالنى دەپ بەردى، — بۈگۈن ئەتىگەن قولاق سالسام، ھېلىقى مەن قىلغان ئىشنىڭ شەپىسىمۇ بىلىنمىدى. فېڭجيې خاننىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ۋاڭ شەنباۋنىڭ خوتۇنى قانداق قىلىدىكىن دەپ، تەرەپ - تەرەپتىن سۈرۈشتۈرگۈزدۈم. ئەۋەتكەن ئادەملىرىم كېلىپ ماڭا: «ۋاڭ شەنباۋنىڭ خوتۇنى تاياق يەۋاپتۇ، ئىش تېرىپلا يۈرىدىغان خوتۇن بولغاچقا، خوپ بوپتۇ دېيىشىۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلىشتى.

— بۇ راسا ئەدەپ - قائىدىگە لايىق ئىش بوپتۇ، — دەپ كۈلۈشتى لى ۋەن بىلەن يۈشى.

— خەقنىڭ كۆزىنى بويايدىغان ئۇنداق ئىش كىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى؟ قېنى يەنە ئاخىرىغا قاراپ باقارمىز، — دەپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى تەنچۈن.

يۈشى بىلەن لى ۋەن جاۋاب ياندۇرماي سۈكۈت قىلىشتى، بىردەمدىن كېيىن چۆرە قىزلار كىرىپ غىزاغا تەكلىپ قىلدى. شياڭيۈن بىلەن باۋچەي ھۇجرىغا قايتىپ ئىككىلىرىنى تەخلەشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

يۈشى لى ۋەن بىلەن خوشلىشىپ، جيا ئانا تەرەپكە كەلدى. جيا ئانا كات ئۈستىدە قىڭغىيىپ ياتاتتى. جېن ئائىلىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن گۇناھلىق بولۇپ قالغانلىقى، ھازىر ئۆيىۋاقىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىپ، جازالاش ئۈچۈن پايتەختكە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم گەپ قىلىپ بېرىۋاتاتتى. جيا ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇراتتى، يۈشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نەدىن كېلىشىڭىز؟ فېڭجيې بىلەن لى ۋەن ئەپىيەڭگىلەر ئاغرىپ قاپتىكەن، بۈگۈن ھالى قانداقراقكىن؟

— بۈگۈن خېلى ئوبدانلا بولۇپ قاپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى يۈشى دەرھال.

— خەقنىڭ ئىشى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىسۇن، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى جيا ئانا، — ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئاي تاماشىسى قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋالغىنىمىز تۈزۈك.

— تەييارلىق قىلىپ قويغان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەبەسسۇم بىلەن، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىگە قەيەر پىسەنت كېلەركىن؟ باغدا كېچىسى ھاۋا سالقىنلىق قىلارمۇ؟

— بىر - ئىككى قۇر كىيىمنى قوشلاپ كىيىۋالساق نېمە دەخلىسى بولاتتى؟ باغ ئاينى تاماشا قىلىدىغان راسا باب جاي تۇرسا، شۇ يەرگە بارماي نەگە باراتتۇق؟ — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا.

گەپ ئارىلىقىدا خىزمەتكار ئاياللار تاماق يەيدىغان شىرەنى ئەكېلىپ قويدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن يۈشى خېنىملار



www.uyghurkitap.com

دەرھال چوكا تىزىپ، غىزا سۇندى. جيا ئانا ئۆزىگە تېگىشلىك سەيلەرنىڭ تىزىلىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە چوڭ ئىككى تاماقدانغا قاچىلانغان بىرقانچە خىل سەيگە كۆزى چۈشتى، بۇ ھەرقايسى ھۇجرىلاردىن كونا قائىدە بويىچە ۋاپادارلىق بىلدۈرۈپ سۇنۇلغان غىزالار ئىدى.

— بولدى، ئۇنداق قىلماڭلار دەپ نەچچە قېتىم جېكىلىسەممۇ سىلەر قۇلاق سالماپسىلەر، — دېدى جيا ئانا.

— بۇلار ئادەتتىكى ئۆي تامىقى، — دېدى كۈلۈمسىرەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بۈگۈن مەن پەرھىز تۇتقانلىقىم ئۈچۈن، بۇنىڭدىن بۆلەك ئەرزىگۈدەك ھېچنەرسە سۇنالمىدىم. ئۆزلىرى ئۇنداق خېمىر تىلىپى دۇفۇنى ئانچە يەپ قالمايلا، شۇڭا كاۋاۋىچىن يېغىدا ئېتىلگەن سۇ گۈلخەيرىسى پىشلىقىنىلا تاللىدىم.

— مېنىڭمۇ شۇنى يېگۈم كېلىپ تۇراتتى، — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

يۈەنياڭ تەخسىنى جيا ئانىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. باۋچىن ھەممەيلەنگە بىردىن تۇزۇت قىلىپ بولۇپ، داستىخانغا ئولتۇردى. جيا ئانا تەنچۈننى بىللە غىزالىنىشقا بۇيرۇدى. تەنچۈنمۇ باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، باۋچىننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. سىشۇ دەرھال تەخسە ـ چوكا كەلتۈردى.

— مۇنۇ ئىككى خىل قورۇمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا سۇنۇلغانىكەن، — دېدى يۈەنياڭ قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — مۇنۇ چىنىدىكىسى توخۇ يىلىكىدەك بامبۇك بىخى ئىكەن، تاشقىرىقى ھويلىدىكى چوڭ بېگىم كىرگۈزۈپتۇ، — ئاندىن ئاشۇ چىنىنى شىرەگە ئەكەلدى.

سۇنۇلغان سەيلەرنى جيا ئانا ئازراقلا تېتىپ بېقىپ:

— مېنى يېدى دەڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى غىزا سۇنۇۋەرمىسۇن. نېمە يېگۈم كەلسە شۇنى سورىتىپ كىشى ئەۋەتىمەن، — دەپ قايتۇرغۇزۇۋەتتى.

خىزمەتكار ئاياللار خوش دېيىشىپ، ئۇ سەيلەرنى ئاچىقىپ كەتتى. بۇ گەپمۇ شۇ يەردە قالغاي.

— ئاق شويلىدىن يەپ باقاي، — دېدى جيا ئانا.

يۈشى قىزىل خەسە گۈرۈچتىن ئېتىلگەن ئاق شويلا دەپ بىر قاچىنى سۇندى، جيا ئانا ئېلىپ، يېرىم چىنىچە يەپلا:

— مۇنۇ شويلىدىن فېڭجېيگە ئاپىرىپ بېرىڭلار، — دەپ تاپىلىدى ۋە بىر تەخسە مېۋىنى كۆرسىتىپ، — مۇنۇنى پىڭئېر ئۆزىلا يېسۇن. مەن يەپ بولدۇم، سىزمۇ غىزالىنىۋېلىڭ، — دەپ يۈشىغا قاراپ قويدى.

يۈشى خوش دەپ، جيا ئانا ئاغزىنى چايقاپ، قوللىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇردى. جيا ئانا پەگاھقا چۈشۈپ، غىزا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن يۈرۈشمە قىلدى. يۈشى غىزاغا ئولتۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلىۋىدى، جيا ئانا يەنە يۈەنياڭلارنىمۇ بىللە غىزالىنىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. يۈشىنىڭ ئاق گاڭپەن يەۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ:

— نېمىشقا مېنىڭ ئېشىمدىن ئۇسۇپ بەرمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىگە ئەتكەن ئاش تۈگەپ قالغان. بۈگۈن خان قىزلاردىن بىرسى قوشۇلۇپ قالغاچقا، ئاش ئۆكسۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى دېدەكلەر.

— بۈگۈنكى كۈندە ھەممىلەننىڭ «بېشىغا بېقىپ دوپپا تىكىدىغان» بولۇپ قالدۇق، ئېشىنغۇدەك قىلىشقىمۇ بولمايۋاتىدۇ، — دېدى يۈەنياڭ.

— بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان بىردەم قۇرغاقچىلىق، بىردەم ھۆلچىلىك بولۇپ، جاڭزىلار گۈرۈچلەرنى ئۆز مىقدارى بويىچە تاپشۇرالمايۋاتىدۇ، — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — مۇشۇ بىرنەچچە خىل ئاق گۈرۈچمۇ تەسلىكتە تېپىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، غىزانى ئۆز لايىقىدا ئېتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

— راست، «قولى ئەپچىل كېلىنىمۇ گۈرۈچسىز ئاش ئېتەلمەيدۇ» — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

باشقىلارمۇ تەڭ كۈلۈشتى. يۈەنياڭ تاشقىرىغا قاراپ، خىزمەتكار ئاياللارغا:

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىلەر بېرىپ ئۈچىنچى خان قىزنىڭ ئېشىنى ئەكېلىپ سەپلىسەڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى.

— ماڭا مۇشۇ يېتىدۇ، باشقا ئاش ئەكېلىشىنىڭ هاجىتى يوق، — دېدى كۈلۈمسىرەپ يۇشى.

— سىلىگە يەتكىنى بىلەن، ماڭىچۇ، مەن يېمەمدىمەن؟ — دېدى يۈەنياڭ.

خىزمەتكار ئاياللار پايپاسلاپ چىقىپ كېتىشتى. بىردەمدىن كېيىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ غىزا يېگىلى چىقىپ كەتتى. بۇ يەردە يۇشى گەپ قىلىپ بېرىپ، جيا ئانىنى كۈلدۈرۈپ ئولتۇردى. بىرىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا:

— سىزمۇ ئۆيىڭىزگە يېنىڭ، — دېدى جيا ئانا.

يۇشى خوشلىشىپ تالاغا چىقتى، ئارا دەرۋازىدىن ئۆتۈپ مەپىگە چۈشتى، خىزمەتكار ئاياللار پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى. تۆت مۇلازىم مەپىنى سۆرەپ چىقىپ ئۇلاغ قوشتى. بىرقانچە خىزمەتكار ئايال چۆرە قىزلار بىلەن ئالدىدا بېرىپ، ئۇ ياندىكى چوڭ دەرۋازىدا كۈتۈپ تۇرۇشتى. يۇشىنى ئۇزىتىپ چىققان دېدەكلەرمۇ قايتىپ كېلىشتى.

يۇشى مەپىدە كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى تاش شىر تۈۋىدە تۇرغان تۆت ـ بەش هارۋىغا كۆزى چۈشتى. بۇ قىمار ئوينىغىلى كەلگەن كەلگۈندىلەرنىڭ هارۋىلىرى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، چۆرە قىز يىڭدېرگە:

— قارا، هارۋىلاردا كەلگەنلىرى شۇنچە بولسا، ئاتلىق كەلگەنلىرى قانچە باردۇ! — دېدى. ئاندىن قەسىرگە كىرىپ مېهمانخانىغا كەلدى. جيا رۇڭنىڭ خوتۇنى دېدەك ـ خىزمەتكار ئاياللارنى باشلاپ، مۆڭگۈز پانۇسلارنى كۆتۈرگەن هالدا ئالدىغا

چىققانىدى.

— بۇلارنىڭ قىمار ئوينىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي دەپ كۈنبويى مارىسامىمۇ، ھېچ ئېپىنى كەلتۈرەلمەي يۈرەتتىم. ئاشۇلار يىغىلىشقان ئۆينىڭ پەنجىرە تۈۋىدىن ئۆتەيلى، — دېدى كۆلۈپ يۈشى.

خىزمەتكار ئاياللار خوش دەپ، پانۇس تۇتۇپ يول باشلىدى. بەگ - غوجاملارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقان مۇلازىملارنىڭ ھودۇقۇپ ئۇيۇر - توپۇر قىلىشماسلىقلىرى ئۈچۈن ئالدىنئالا كىشى ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئۇقتۇرغۇزۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن يۈشى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئاستا پەنجىرە تۈۋىگە كەلدى. ئىچكىرىسىدىن ئۆزئارا ماختاشلار ئاڭلاندى، بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە كۆلكە - چاقچاق ئاۋازلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ نەپرەت - ئاھانەت، ئاغرىنىش، قىيىداش ئاۋازلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

جيا جېن يىقىنىدىن بۇيان ھازىدار بولغاچقا، ئويۇن - تاماشا قىلالماي شۇنچىلىك زېرىكتىكى، ئاخىر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر ئامال تاپتى. كۈندۈزى قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىمىز دەپ، نەسەبداش بۇرادەرلىرىدىن بىرقانچەيلەننى ۋە زەردار - ئېسىلزادە ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنى چىللاپ ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى قىلماقچى بولدى.

— بىكاردىن - بىكار قۇرۇق ئېتىپ ئوينىساق ئۇنىڭ ھېچ پايدىسى يوق، — دېدى جيا جېن، — ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئوقيا ئېتىش تەرزىمىزنىمۇ بۇزۇۋالىمىز. شۇڭا، شەرتلىشەيلى، سوۋغات ئۇتۇش ئۈچۈن ئوينىساق، ھەممىمىز ھەۋەسلىنىپ غەيرەت قىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن سەنەملەر راۋىقى تۈۋىدىكى ئوق يولىدا قارىغا ئالىدىغان ئۇقار نىشان تىكلەندى. ھەر كۈنى ناشتىدىن كېيىن قارىغا ئاتىدىغان بولۇپ كېلىشتى، جيا جېن بۇ مەشىقنى ئۆز نامىدا ئۆتكۈزۈشنى ئەپ كۆرمەي، جيا رۇڭنى كەمەنچى بېشى

بولۇشقا بۇيرۇدى. يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى يىگىتلەر بولۇپ، كەچكىچە خوراز سوقۇشتۇرۇپ، ئىت تالاشتۇرىدىغان، كۆرۈنگەنلا نېمىلەر ئۈستىدە شاڭخو قىلىپ يۈرىدىغان سەيلىچى نوچى بەگزادىلەر ئىدى. شۇڭا، ھەممەيلەن ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن كەچلىك تاماققا ساھىبخانا بولۇشقا كېلىشىپ قويدى. ھەر كۈنى قوي، توڭگۇز سويۇپ، غاز - ئۆردەك ئۆلتۈرۈپ، خۇددى «لىڭتۇڭدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەنلەر»① سىياقىدا، ئۆز ئائىلىسىدىكى ئۇستا ئاشپەزلەرنىڭ ھۈنەرلىرىنى، ئېسىل تائاملىرىنى كۆز - كۆز قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

يېرىم ئاي بولا - بولمايلا بۇ ئىش جىيا جېڭلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭدىكى سىرنى بىلمىگەچكە:

— مانا بۇ توغرا ئىش بوپتۇ. قەلەم مەشقىگە تەسىر يەتكەندىن كېيىن، ئەلەم مەشقىنى بولسىمۇ قىلىپ تۇرغىنى تۈزۈك. چۈنكى، بىز ئەلەم مەنسەپدارلىرىنىڭ نەسلى - نەسەبى - دە، — دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باۋيۈي، جىيا خۇەن، جىيا رۇڭ، جىيا ليەن تۆتىنىمۇ غىزادىن كېيىن نېرىقى قەسىرگە ئۆتۈپ، جىيا جېننىڭ كەينىدە يۈرۈپ قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئەسلىدە جىيا جېننىڭ كۆڭلى بۇ ئىشتا ئەمەس ئىدى، شۇڭا بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەلكىسىنى يەڭگىللىتىپ ئارام ئېلىشنى باھانە قىلىپ، بارا - بارا ئاخشاملىرى ئۇستىخان كوزىر ئويناشنى باشلىدى. دەسلەپتە شارابقا ساھىبخانا بولۇشنى ئۇتۇپ ئوينايدىغان، كېيىنچە بېرىپ پۇل تىكىشىدىغان بولدى.

① «لىڭتۇڭدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش» — قەدىمكى دەۋردىكى قىسسە. چۇنچيۇ پادىشاھلىقلىرى زامانىسىدا، چىن پادىشاھى موگۇڭ باشقا بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش كويىدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لىڭتۇڭ دېگەن يەرگە يىغىلىپ، ھەركىم ئۆز كارامىتىنى (ئېسىل نەرسىلەردە) كۆرسىتىش يولى بىلەن يېڭىش - يېڭىلىشنى ئايرىدىغان بولۇپ كېلىشىدۇ. چۇ پادىشاھىنىڭ كۈيئوغلى سورۇندا داڭقان كۆتۈرۈپ كارامىتىنى كۆرسىتىپ موگۇڭنى بويسۇندۇرىدۇ.

ئۈچ ـ تۆت ئايدىن بۇيان ھەر كۈنى ئۇدا شۇنداق بولۇۋېرىپ، مەرگەنلىكتىن قىمارۋازلىق ئېشىپ چۈشتى. ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق چوڭ تاۋكا تۇزۇپ، قەغەز، شىشىخال ئويناشقا ئۆتۈپ قىمارغا چوڭ تۇتۇش قىلىنىشتى. خىزمەتكارلار بۇ ئىشتىن ئانچە ـ مۇنچە نەپ كۆرۈپ قالغاچقا، شۇنداق بولۇۋېرىشنى ماقۇل كۆرۈشتى، شۇنىڭ بىلەن قىمار رەسمىيلىشىپ قالدى. باشقىلارنىڭ بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى.

شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىنىسى شىڭ دېچۈەنمۇ بۇ ئىشقا بەك ھېرىس بولغاچقا، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇمۇ قاتارغا قوشۇلۇۋالغانىدى. ئاندىن شۇ پەنمۇ كىشىلەرگە پۇل تارتۇق قىلىشقا ئامراق بولغىنى ئۈچۈن، بۇنداق تاماشىنى كۆرگەندە خۇشال بولماي تۇرالامتى؟ شىڭ دېچۈەن گەرچە شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نىيەت ـ پەيلى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئۇ ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، ئاشنا ئويناش بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنىلا بىلەتتى، قولىغا كىرگەن پۇلنى شۇ ئىشلارغا بۇزۇپ ـ چاچاتتى، كىشىلەرگە نىيىتى يامانلىق قىلاتتى، شۇڭا ئۇنى «ساراڭ تاغا» دەپ ئاتىشاتتى. شۇ پەنغۇ ئاللىقاچان «دۆگىنا غوجا» دەپ نام چىقارغانىدى. بۇ ئىككىسى بىر يەردە بولغاندا، ئالتە كوزىردا «كەسىر تالىشىش» ئويناشقا ئامراق ئىدى، شۇڭا ئىككىسى كېلىشىۋېلىپ، تاشقىرىقى ئۆينىڭ كېڭىدا «كەسىر تالىشىش» ئويۇنىغا چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىرقانچەيلەن شۇ ئۆيدىلا پەگاھتىكى شىرەدە «قوي قوغلاش» ئويۇنىغا چۈشتى. ئىچكىرىكى ئۆيدە بىرئاز مەدەنىيرەك بولغان بىرقانچىسى ئۇستىخان كوزىردا «توقۇز چېكىت» ئويناشتى. بۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئون بەش ياشتىن تۆۋەن باللار ئىدى.

ئەمدى گەپنى يۇشى خېنىمدىن ئاڭلايلى. يۇشى پەنجىرە تۈۋىگە كېلىپ ماراپ باقتى. ئۆيدىكىلەرگە شارابنى ئۇلپەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىككى سەتەڭ بالا تاۋار ـ دۇردۇنغا ئورىنىپ بەك

پۇزۇر ياسىنىشىۋالغانىدى. بۇگۈن شۇ پەن ئۇتتۇرۇۋەتكەچكە، ئۇنىڭ كەيپى قىچىپ تۇراتتى، بەختىگە يارىشا، كىيىنكى دورەمدە بارا ـ بارا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، قەرزىنى تۆلىگەندىن باشقا يەنە بىرمۇنچە پۇل ئۇتۇۋالغانىدى، شۇڭا كۆڭلى ئېچىلىپ ـ يايراپ كېتىۋاتاتتى.

— ئويناۋەرمەي، غىزا يەپ ئاندىن ئوينايلى، — دېدى جيا جېن، — ئاۋۇ ئىككى تاۋكادا قانداق بولدى؟

شۇ تاپتا «توققۇز چېكىت»، «قوي قوغلاش» ئويناۋاتقانلارنىڭ ئويۇنى تېخى بىرتەرەپ بولمىغانىدى. ھازىرچە بىر شىرە غىزا تەييارلىتىپ، جيا جېن باشقىلار بىلەن غىزاغا ئولتۇردى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كەيپى چاغ بولغاچقا، سەتەڭ باللاردىن بىرىنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا شاراب ئىچۈردى، ئاندىن ئۇنى ساراڭ تاغىغا شاراب تۇت دەپ بۇيرۇدى.

ساراڭ تاغا ئۇتتۇرۇۋەتكەچكە كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ھاراقتىن ئىككى جام ئىچىپ، مەست بولۇشقا باشلىدى. شاراب سۇنۇۋاتقان سەتەڭ باللارنى ئۇتتۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن كارىڭلار بولماي، ئۇتقۇچىنىلا كۈتتۈڭلار دەپ، ئاغرىنىپ كايىپ كەتتى:

— سەن بوجىلەرچۇ راسا ۋىجدانسىز، ھارامدىن بولغان نېمىلەر ئىكەنسەن! ھەمىشە بىللە بولۇپ كېلىۋاتىمىز، قېنى قايسىمىزدىن ئىلتىپات كۆرۈشمەيسەن؟ بۇ دورەم بىرنەچچە سەر كومۇشنى ئۇتتۇرۇۋەتسەمىزە، كىشىلەرنىڭ قولىدىكى تەڭگىلىرىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋاپسىلەر ـ دە! بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا زادى ھاجىتىڭلار چۈشمەي قالارمۇ؟

باشقىلار ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، باشقا ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەر گەپ قىلىشنى ئەپ كۆرمەي، ئېغىزلىرىنى تۇتقىنىچە كۈلۈشۈپ قويدى. لېكىن، ئۇتۇۋالغانلار:

— تاغا، توغرا كايىدىڭىز. بۇ ئىت كۈچۈكلىرىنىڭ قىلىقى ئاشۇنداق، — دېيىشتى دەرھال كۈلۈشۈپ، — غوجا تاغىمىزغا شاراب تۇتماي نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر!

بايىقى ئىككى سەتەڭ بالا راسا شېتىلە باللار ئىدى، شۇ
هامان يۈكۈنۈپ ئۇنىڭغا شاراب تۇتتى ۋە سارالىڭ تاغىنىڭ پۇتىنى
قۇچاقلاپ ئەركىلىگىلى تۇردى:
— ئاتاجان، ئاچچىقلانمىسىلا، بىز ئىككى بالىغا رەھمىلىرى
كەلسۇن. ئۇستازىمىز بىزگە: مەيلى يىراق ـ يېقىن، يات ـ ئۆز
بولسۇن، كىمنىڭ قاچان پۇلى بولسا شۇنىڭغا يېقىنچىلىق
قىلىڭلار، دەپ ئۆگەتكەن. ئاتاجان، بۇ گېپىمىزگە ئىشەنمەيدىغان
بولسىلا، قېنى ئۆزلىرى كېيىنكى تاۋكادا راسا بىر دوغا چىقىپ
ئۇتسىلاچۇ، شۇ چاغدا بىزنىڭ قانداق قىلىپ
كېتىدىغانلىقىمىزنى بىكىرىغا كۆرىدىلا!
بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى، سارالىڭ تاغىمۇ ئۆزىنى
تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىپ، قولىنى ئۇزارتىپ شارابنى ئالدى:
— ئىككىڭلارنىڭ ئادەتتىكى بىچارىلىقىڭلارنى دېمەيدىغان
بولسام، بىرلا تېپىك بىلەن ساقاڭلارنى چۇۋۇۋېتەتتىم، — دەپلا
پۇتىنى كۆتۈرگەنىدى، ئۇ ئىككى بالا شۇئان ئۆمىلەپ قوپۇپ
تېخىمۇ ناينىاقلاپ كەتتى، گۈل چېكىلگەن قول ياغلىق بىلەن
سارالىڭ تاغىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆتۈرۈپ، قەدەھنى ئۇنىڭ
ئاغزىغا ئەكەلدى.
سارالىڭ تاغا قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىپ، بىر قەدەھ شارابنى غۇرتلا
قىلىپ ئىچىۋەتتى، بالىنىڭ يۈزىنى چىمدىپ قويۇپ:
— بۇ ئەپتىڭگە قاراپ يەنە ئىچىم كۆيۈۋاتىدۇ، — دېدى.
بىراق، كونا ئىش ئېسىگە كېلىپ، شىرەگە پاققىدە بىرنى
ئۇردى ـ دە، ئۇدۇلىدىكى جيا جېنىدىن:
— تۈنۈگۈن تاغا ئاچىڭىز بىلەن تەگىشىپ قالغىنىمنى
ئۇققانسىز؟ — دەپ سورىدى.
— ئاڭلىماپتىمەن، — دېدى جيا جېن.
— پۇل توغرىسىدا تەگىشىپ قالدۇق! — دەپ ئۇلۇغ ـ
كىچىك تىنىدى سارالىڭ تاغا، — دانىشمەن ئۇكام، بىز شىڭ
ئائىلىسىنىڭ تېگى ـ تەكتىمىزنى سىز ئانچە ئۇقمايسىز.

ئائىمىز قازا قىلغاندا مەن كىچىك ئىدىم، ھېچقانداق ئىشنى ئۇقمايتتىم، ئۈچ ھەمشىرەمدىن تاغا ئاچىمىز بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىدى. ئۇ ياتلىق بولىدىغان چاغدا ئائىلىمىزنىڭ ھەممە بىساتىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتكەن. ئىككىنچى ئېگىچەممۇ ياتلىق بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆي ئەھۋالى مۇشكۇل ئىدى. ئۈچىنچى ئېگىچەم تېخى ياتلىق بولمىدى. كېرەكلىك خىراجىتىمىزگە بۇ يەردىكى ئاتاغا ۋاڭ شەنباۋنىڭ خوتۇنى ئىگىدارلىق قىلىپ تۇراتتى. مەن بۇ يەرگە بىرنەچچە يارماق پۇل دەپ كەلگىنىم بىلەن، ھېچقاچان جيا خانىدانىنىڭ بىساتىدىن تەلەپ قىلىپ كەلمەيمەن، ئۆز ئائىلىمىزنىڭ بىساتىمۇ مېنىڭ خىراجىتىمگە يېتىپ ئاشاتتى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭغا ھېچ قولۇم يەتمەيۋاتىدۇ! سىلەر بولساڭلار مېنى پۇلى يوق دەپ بوزەك ئېتىۋاتىسىلەر!

جيا جېن ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلار ئاڭلىسا سەت بولمىسۇن دەپ، دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدى.

بۇ گەپلەرنى تالادىكى يۈشى خېنىم ئېنىق ئاڭلاپ قېلىپ، كۆلگىنىچە يىڭدېرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئاڭلىغانسەن، بۇ شىمالىي ھويلىدىكى چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىنىسى، ئاچىسىدىن ئاغرىنىۋاتىدۇ. بىر تۇغقان ئىنىسىنىڭ ئەھۋالى بۇ بولغاندىن كېيىن، ئۇ باشقىلاردىن ئاغرىنمىسىمۇ بولغۇدەك.

يەنە قۇلاق سېلىپ تۇرۇشىغا، «قوي قوغلاش» ئويناۋاتقانلارمۇ قىمارنى توختىتىپ ھاراق دەپ ۋارقىراشتى.

— بايا غوجام تاغىمىزنى كىم رەنجىتىپ قويغان؟ بىز ئۇقالماي قاپتۇق. بىزگە دەپ بېرىڭ، ئادىللىق بىلەن كېسىم قىلايلى، — دەپ سوراپ قالدى ئۇلاردىن بىرسى.

شىڭ دېچۈەن بايا شاراب تۇتقان ئىككى بالىنىڭ ئۆزىگە پىسەنت قىلماي قويغانلىقىنى بىر قۇر ئېيتىپ بەردى. بايىقى

سورىغان ئادەم گەپنى ئۇلاپلا:
— قاملاشماپتۇ! غوجا تاغىمىز بىكار ئاچچىقلانماپتىكەن، بايا. هاي، ماڭا قارا، غوجا تاغىمىز ناھايىتى كەلسە بىرنەچچە يارماق پۇل ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ، زەدىكىنى ئۇتتۇرۇۋەتكىنى يوق، نېمىشقا قارىماي قويدۇڭلار؟ — دېدى.

بۇ گەپتىن ھەممەيلەن كۈلۈشتى. شىلىڭ دېچۇەنمۇ يەۋاتقان ئېشىنى يەرگە يۇرقۇۋېتىپ:
— سەنچۇ، ھە دېسىلا ئاغزىڭنى بۇزىدىغان نېمە ئىكەنسەن! — دېدى.

تالادا قولاق سېلىپ تۇرغان يوشى ئاستاغىنا «توفى» دەپ بىرنى تۈكۈردى ـ دە:
— ئاڭلىدىڭمۇ، نومۇسسىز ئۆلۈمتۈكلەرنىڭ دېگەن گەپلىرىنى! گېلىغا سىرىق زەردابتىن يەنە ئۆكتۈرىدىغان بولسا يەنە قانداق يېڭىلىقلارنى چىقىرار كىن! — دەپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ، يېشىنىپ ئارام ئېلىشقا ياتتى.

تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىدا جيا جېن يېنىپ چىقىپ پېيفېڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەتىسى قوپۇپ تۇرۇشىغا، بىركىم:
— تاۋۇز، توقاچلار تەييارلاپ قويۇلدى، تەقسىم قىلىپ يوللاپ بېرىشنىلا كۈتۈپ قالدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى.
— خېنىمنى تەكلىپ قىلساڭ، ئەھۋالغا قاراپ يوللىتىپ بەرسۇن، مېنىڭ باشقا ئىشلىرىم بار، — دەپ تاپىلىدى جيا جېن پېيفېڭغا.

پېيفېڭ خوش دەپ چىقىپ يوشىغا مەلۇم قىلدى، ئاندىن سوۋغاتلارنى تەقسىملەپ، بىر ـ بىرلەپ يوللاتقۇزۇپ بەردى، بىردەمدىن كېيىن، كىرىپ يەنە مەلۇم قىلدى:
— بېگىم ئۆزلىرىنى تالاغا چىقامدىكىن دەيدۇ؟ بىز ھازىر قارىلىق ئۈستىدە بولغاچقا، ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ھېيت قىلالمايتتۇق. بۈگۈن ئاخشام ئېپى كېلىپ قالغاچقا، ھەممىمىز مۇنداقلا بىر شەرتنى ئادا قىلىپ قويساقمۇ بولغۇدەك دەيدۇ.

— مېنىڭغۇ تالاغا چىققۇم يوق ئىدى ! — دېدى يۇشى، — نېرىقى قەسىردىكى چوڭ كېلىن ئاغىچا ئاغرىپ قاپتۇ، ئىككىنچى كېلىن ئاغىچمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇڭا، مەن ئۆتمىسەم ئۇ ياندا ئادەمنىڭ تايىنى يوق ئىكەن.
— بېگىم، خېنىم تالاغا چىقسا، قانداقلا بولسۇن، بالدۇرراق يېنىپ كەلسە، دەيدۇ. ئاندىن مېنى خېنىم بىلەن بىللە چىققىن دەپ جورۇدى، — دېدى پېيفېڭ.
— ئۇنداق بولسا چاپسانىراق غىزالىنايلى، ئاندىن مەن چىقاي، — دېدى يۇشى.
— بېگىم تاشقىرىدا ناشتا قىلىمەن، خېنىمنى ئۆزى غىزالىنىۋەرسۇن، دەيدۇ.
— بۈگۈن تاشقىرىدا كىم بار ئىكەن؟
— ئاڭلىشىمچە، تاشقىرىدا نەنجىڭدىن يېڭى كەلگەن ئىككى كىشى بار ئوخشايدۇ، كىملەر ئىكەنلىكىنى ئۇقمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى پېيفېڭ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غىزالىنىپ بولۇپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى، ئاندىن رۇڭگو قەسرىگە ئۆتۈپ، ئاخشىمى يېنىپ چىقىشتى.
جيا جېن توڭگۇزدىن بىرنى قازانغا باستۇرۇپ، قويدىن بىرنى كاۋاپ قىلدۇرۇپ، بىر شىرە كۆك - گېزەك تەييارلاتقۇزۇپ چىمەن باغدىكى بوستانلىق ئايۋاندا خوتۇن، توقال، كېنىزەكلىرىگە باش بولۇپ كەچلىك غىزا يېدى. ئاندىن شاراب داستىخىنىنى سالدۇرۇپ خۇشال - خۇرام ئاي تاماشىسى قىلدى. بىرىنچى جېسەك ۋاقتىدا هاۋا سۈزۈلۈپ، ئاي روشەنلەشتى، سامانيولى غۇۋا بولۇپ قالدى. جيا جېن پېيفېڭ باشلىق تۆتەيلەننى داستىخانغا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار تۆۋەنكى قاتاردا ئولتۇرۇپ، بارماق چىنەك ئويۇنىغا چۈشتى. بىر پەس ئىچىشكەندىن كېيىن، جيا جېننىڭ بىر ئاز كەيپى كۆتۈرۈلدى - دە، خۇشلۇقى تۇتۇپ كېتىپ، قارا بامبۇكتىن

ياسالغان يالغۇزەكنى ئالدۇرۇپ، پىيفىتىنى يالغۇزەك چىلىشقا، ۋىنخۇانى غەزەل ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ۋىنخۇانىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ـ يېقىملىق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىۋەتتى. غەزەل تۈگىگەندىن كېيىن، يەنە شاراب ئويۇنى باشلاندى.

ئۈچىنچى جىسەك ۋاقتى بولغانىدى، جيا جېن خېلىلا كەيپ بولۇپ قالدى. باشقىلار قىلىنراق كىيىنىپ، چاي ئىچىشىۋاتقان، شام ـ چىراغلارنى ئالماشتۇرۇۋاتقان پەيتتە نېرى ياندىكى تام تۈۋىدىن بىر كىمنىڭ ئاھ ـ ۋاھ قىلغىنى ئاڭلىنىپ قالدى. بۇ نادامەتنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك بولدى، جيا جېن شۇ زامان ۋارقىراپ كايىدى:

— كىم، ئۇ يەردىكى؟

ئۇدا بىر قانچە قېتىم سورىسىمۇ ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

— بەلكىم، تامنىڭ ئۇ قېتىدىكى بىر كىمنىڭ ئۆيىدىن چىققان ئاۋازدۇ، — دېدى يۇشى.

— بىكار گەپ! — دېدى جيا جېن، — تۆت تەرىپىمىزدە سولتەكلەرنىڭ ئۆيلىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەر خانىقاغا يېقىن تۇرسا ئادەم نېمە قىلاتتى؟

شۇنداق دېيىشىگىلا، قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ تامدىن ھالقىپ چۇشۇپ كەتتى. خانىقادىكى روجەكلىك پەنجىرە غىچىلدىغاندەك قىلىدى. شامال كۈچىيىپ، ھاۋا بالدۇرقىدىن تېخىمۇ سۆرۈنلىشىپ كەتتى. ئايمۇ بالدۇرقىدەك روشەن ئەمەس، تۇتۇق كۆرۈندى. بۇ ھالدىن ھەممەيلەننىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلدى. جيا جېن مەستلىكىدىن خېلىلا سەگىپ، باشقىلارغا قارىغاندا سەل ئۆزىنى ھوشيار تۇتۇپ ئولتۇراتتى. لېكىن، يۈرىكى پوكۇلداپ، كەيپى قاچقانىدى. زورمۇ زور بىر پەس ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئاخىر ھۇجرىسىغا ئارام ئېلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئورنىدىن ئەتىگەن تۇردى. ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى بولغاچقا، ئوغۇل جىيەنلىرىنى باشلاپ، تولۇق ئاي پەيتىدە

ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن خانىقاغا ماڭدى. خانىقانىڭ ئىچىگە ئوبدان سەپسېلىپ چىقتى، ھەممە نەرسە ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ، غەلىتە ئىشتىن ئەسەر يوق. جيا جېن، مەست بولۇپ قالغاچقا ماڭا شۇنداق غەلىتە تۇيۇلغان ئوخشايدۇ دېگەن ئويغا كېلىپ، ئاخشامقى ئىشنى قايتا تىلغا ئالمىدى. ئىبادەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئىشىكنى بالدۇرقىدەك تاقىتىپ، ئۆزى قاراپ تۇرۇپ قۇلۇپ سالدۇردى.

جيا جېن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كەچلىك غىزادىن كېيىن رۇڭگو قەسىرىگە ئۆتتى. جيا شې، جيا جېڭلار جيا ئانىنىڭ ئۆيىدە پاراڭ سېلىپ، جيا ئانىنى كۆلدۈرۈپ ئولتۇراتتى. جيا ليەن، باۋيۈي، جيا خۇەن، جيا لەنلەر پەگاھتا ئۆرە تۇرۇشاتتى. جيا جېن كىرىپ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر ـ ئىككى ئېغىز دىن ئامانلاشتى، ئاندىن ئىشىك تۈۋىدىكى كىچىك كۇرسىدا يېنىچە ئولتۇردى.

— بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، باۋيۈي ئىنىمىزنىڭ ئوق ئېتىشى قانداقراق؟ — دەپ كۈلۈپ سورىدى جيا ئانا.

— خېلى ئوبدانلا ئۇستا بولۇپ قالدى، — دەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى جيا جېن، — ئوقيانى قاملاشتۇرۇپ تۇتۇش بىلەنلا قالماي، تېخىمۇ كۈچ بىلەن كېرىيدىغان بولۇپ قالدى.

— شۇمۇ يېتىدۇ، بەك كۈچىنىپ كېتىپ زەخىم يەپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى جيا ئانا.

جيا جېن كەينى ـ كەينىدىن خوش ـ خوش دەپ دەرھال جاۋاب بەردى.

— تۈنۈگۈن سىز كىرگۈزگەن ئايتوقاچ ئوبدان ئىكەن، تاۋۇز خېلى چىرايلىق كۆرۈنگەنىدى، يېرىپ باقسا ئانچە ياخشى چىقمىدى، — دېدى جيا ئانا.

— ئايتوقاچنى يېڭى كەلگەن ئاشپەز ئۇستام ئەتكەن، يەپ باقسام ئوبدان ئىكەن، شۇڭا ئۆزلىرىگە سۇنۇشقا پېتىنالىدىم.

www.uyghurkitap.com

تاۋۇز بالدۇرقى يىللىرى خېلى ئوخشايتتى، بۇ يىل نېمە بولدىكىن، ئوخشىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى جىيا جېن كۈلۈمسىرەپ.

— بۇ يىل ھۆل - يېغىن كۆپ بولغانلىقتىن شۇنداق بولۇپ قالسا كېرەك، — دېدى جىيا جېڭ.

— شۇ تاپتا ئاي تۇغدى، بىز چىقىپ كۆچە ياقايلى، — جىيا ئانا شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، باۋيۈيىنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ، باشقىلارنى باشلاپ باغقا قاراپ ماڭدى.

باغنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئۇلۇغ ئوچۇق، مۈڭگۈز پانۇسلار ئېسىلغانىدى. شاراپەت ئايۋىنىنىڭ سۇپىسىدا كۈرە كۆجىلەر يېقىلغان، شاملارياندۇرۇلغان، تاۋۇز، ئايتوقاچ قاتارلىق نەرسىلەر تىزىلغانىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار ئايۋاندا كۈتۈپ تۇرغىلى خېلى بولغانىدى. ئايىنىڭ شولىسى ۋە پانۇسلارنىڭ رەڭگارەڭ يورۇقلۇقى پارىلداپ، كۆجىلەرنىڭ تۈتۈنلىرى ئۆرلەپ، تەڭدىشى يوق چىرايلىق بىر مەنزىرە ئەكس ئەتتۈرەتتى. سەجدە قىلىش ئۈچۈن يەرگە كىمخاپ كۆرپە سېلىنغانىدى. جىيا ئانا قولىنى يۇيۇپ، ئاندىن كۆجە كۆيدۇرۇپ سەجدە قىلدى، ئارقىدىن باشقىلارمۇ سەجدە قىلىشتى.

— ئاينى تاغدا تاماشا قىلسا ئوبدان كۆرۈنىدۇ، — دېدى جىيا ئانا ۋە سۇنئىي تاغ تۆپىسىدىكى گۈللۈك مېھمانخانىغا چىقايلى دەپ بۇيرۇدى.

ھەممەيلەن شۇ يەرگە ئورۇن راسلاشقا ئالدىرىدى. جىيا ئانا شاراپەت ئايۋىنىدا چاي ئىچىپ ئارام ئالغاچ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن بىركىم كېلىپ:

— ھەممە تەييار بولدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جىيا ئانا بىرسىگە تايىنىپ تاغقا ماڭدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار:

— تاش تاغدىكى چىم - كۆدەيلەر تېيىلغاق، بامبۇك كۈرسىغا ئولتۇرۇپ چىقسىلا بولارمىكىن، دېيىشتى.

— ھەر كۈنى سۈپۈرۈپ تۇرىدىغۇ، ئاندىن يولمۇ ناھايىتى تۈز ھەم كەڭ، كىرىشىپ كەتكەن پەيلىرىمنى يول مېڭىپ سوزۇلدۇرسام ئوبدان بولمامدۇ؟ — دېدى جيا ئانا.

شۇنىڭ بىلەن جياشې، جيا جېڭلار ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى، ئىككى خىزمەتكار موماي ئىككى دانە مۈڭگۈز پانۇس كۆتۈردى، يۈەنياڭ، خۇپو، يۈشىلار ياندىشىپ جيا ئانىنى يۆلەپ ماڭدى، شىڭ ئاغىچا خېنىملار كەينىدىن سوڭداشتى. ئۇلار ئەگىپ يۇرۇپ يۈز قەدەمچە ماڭا ـ ماڭمايلا تاش تاغ چوققىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالدى. ئۇ يەردە ئازادە مېھمانخانا بار ئىدى. بۇ يەر تاغنىڭ ئېگىز يېرى بولغاچقا، «كۆك تۆپە جاڭزىسى» دەپ نام بېرىشكەنىدى، مېھمانخانا ئالدىدىكى تەكچە ـ سۇپىغا شىرە ـ ئورۇندۇقلار قويۇلغان، شىرمەل بىلەن ئىككى ئېغىز قىلىپ ئاجرىتىلغانىدى. تولۇن ئايدەك جەم بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شىرە ـ ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى دۆڭگىلەك ئىدى. تۆرنىڭ ئوتتۇرىسىدا جيا ئانا ئولتۇردى. سول يېنىدا جيا شې، جيا جېن، جيا ليەن، جيا رۇڭ، ئوڭ يېنىدا جيا جېڭ، باۋيۈي، جيا خۇەن، جيا لەنلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. بۇلار شىرەنىڭ يېرىمىنى ئالدى، قالغان يېرىمى تېخى بوش ئىدى.

— بالدۇر كىشىلىرىمىز ئازلىق قىلمايتتى، — دېدى جيا ئانا كۈلۈمسىرەپ، — ئەمدى قارىساق، ئادەملىرىمىز جىق ئازلاپ كېتىپتۇ، ھېچقانچە كىشىمىز قالماپتۇ، ئۆز ۋاقتىدىكى كۈنلىرىمىزنى ئويلىسام، بۈگۈنكىدەك ئاخشاملىرى ئەر ـ ئايال بولۇپ ئوتتۇز ـ قىرىقەيلەن جەم بولۇپ قانداق قىزىتىۋېتەتتۇق! بۈگۈن نەدە ئۇنچىلىك ئادەم بولسۇن؟ ئەمدى قىزلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار بۇياقتا ئولتۇرسۇن.

شۇنىڭ بىلەن شىرمەلنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى شىڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغان يىڭچۈن، تەنچۈن، شىچۈن ئۈچىنى چاقىرىپ كەلدى. جيا ليەن، باۋيۈيلەر تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاۋۋال ھەمشىرىلىرى ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار ئۆز قاتارى بويىچە ئولتۇرۇشتى.

جىيا ئانا بىر تال دالچىن گۈلىنى ئۈزدۈرۈپ كېلىپ، بىر خىزمەتكار ئايالنى شىرمەلىنىڭ كەينىدە دۈمباق چېكىپ گۈلنى ئايلاندۇرۇشقا بۇيرۇدى. گۈل كىمنىڭ قولىدا توختاپ قالسا، شۇ بىر قەدەھ شاراب ئىچىپ، ئۇنىڭغا قىزىق گەپتىن بىرنى ئېيتىپ بېرىشنى جەرىمانە سالىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن جىيا ئانىدىن باشلاندى. ئاندىن گۈلنى جىيا شې ئالدى، گۈل قولدىن ـ قولغا ئۆتتى. دۈمباق توكۇلداپ، گۈل ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن جىيا جېڭنىڭ قولىغا ئۆتكەندە توختاپ قالدى. جىيا جېڭ نائىلاج بىر قەدەھ ئىچتى. ھەمشىرىلەر، ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىگە پىچىرلىشىپ، ئاستا بىر ـ بىرىنى چىمدىشىپ قويۇپ، كۈلۈمسىرەشكەنلىرىچە قانداق قىزىق گەپ ئاڭلارمىزكىن دەپ تەقەززا بولۇشتى.

جىيا جېڭ جىيا ئانىنىڭ كۆڭلى خۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، رايىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى گەپ باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، جىيا ئانا:

— گەپ قىلىپ كۈلدۈرەلمىسە، قوشلاپ جەرىمانە سالىمىز، — دېدى كۈلۈپ.

— بىرلا گەپ قىلىمەن، كۈلدۈرەلمىسەم، جەرىمانىگە مەن رازى، — دەپ كۈلدى جىيا جېڭ.

— قېنى، شۇ گەپنى دېگىن، — دېدى جىيا ئانا.

— بىر ئائىلە، — دەپ گەپ باشلىدى جىيا جېڭ، — بىر ئادەم خوتۇنىدىن بەك قورقىدىكەن.

ئۇ شۇنداق دېيىشىگىلا ھەممەيلەن كۈلۈشتى. ئۇلار جىيا جېڭنىڭ مۇنداق گېپىنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا كۈلۈشكەنىدى.

— بۇ ئوبدان گەپ ئوخشايدۇ، — دېدى كۈلۈپ جىيا ئانا.

— ئوبدان بولسا، ئۆزلىرى ئاۋۋال بىر قەدەھنى ئارتۇق ئىچىپ بەرسىلە، — دەپ كۈلدى جىيا جېڭ.

— ماقۇل، — دەپ رازى بولدى جىيا ئانا كۈلۈمسىرەپ.

جىيا شې دەرھال قەدەھ تۇتتى، جىيا جېڭ چەينەكنى ئېلىپ شاراب قۇيدى. جىيا شې قەدەھنى جىيا جېڭغا بەردى، جىيا شې بىر

ياندا ئۆرە تۇردى.

جيا جېڭ قەدەھنى ئىككى قوللاپ بېشىغىچە كۆتۈرۈپ جيا ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى. جيا ئانا بىرلا ئوتلاپ قويدى. جيا شې، جيا جېڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا ئۆتۈشتى. ئاندىن جيا جېڭ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— خوتۇنىدىن قورقىدىغان ھېلىقى ئادەم بىر قەدەمنىمۇ ئارتۇق باسالمايدىكەن. قېرىشقاندەك، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى بازارغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى بارغاندا، بىرقانچە ئاغىنىسى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنى ياق دېگىنىگە قويماي ئۆيىگە ئاپىرىپ، شاراب بىلەن مېھمان قىلىشىپتۇ. ئۇ ئادەم مەست بولۇپ قېلىپ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ، پۇشايمانىنى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي، نائىلاج ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىدىن گۇناھىنى تىلەپتۇ. خوتۇنى پۇتىنى يۇيۇۋاتقانىكەن: «ئۇنداق بولسا، پۇتۇمنى يالىساڭ، گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن» دەپتۇ. ھېلىقى ئەر نائىلاج خوتۇنىنىڭ پۇتىنى يالاپتىكەن، كۆڭلى ئاينىپ، قۇسقۇسى كەپتۇ. خوتۇنى ئاچچىقلاپ: «سەن شۇنداق تەنتەكلىك قىلامدىغان !» دەپ ئۇنى ئۇرماقچى بوپتۇ. ھېلىقى ئەر قورققىنىدىن ئالمان - تالمان يۈكۈنۈپ: «خېنىم، سىزنىڭ پۇتىڭىز سېسىق ئەمەس ئىكەن. تۈنۈگۈن سېرىق ھاراقنى جىقراق ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايسامسىنىڭ قيمىسىنى يەپتىكەنمەن، شۇڭا بۈگۈن مەيدەم بىرئاز ئېچىشىپ كەتتى» دەپتۇ.

جيا ئانا ۋە باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. جيا جېڭ دەرھال بىر قەدەھ قۇيۇپ جيا ئانىغا سۇندى.

— ئەمىسە، دەرھال جۇنجۇن ئالدۇرۇڭلار، بولمىسا سىلەردەك ئايالى بار ئېرەكتىلەر قىينىلىپ قېلىپ يۈرمەڭلار يەنە، — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

بۇ گەپكە يەنە ھەممەيلەن كۈلۈشتى. پەقەت جيا لىيەن بىلەن باۋيۈيلا قاتتىق كۈلۈشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇمباق يەنە ئۇرۇلۇپ، ئويۇن جيا جېڭدىن باشلاندى. گۈل باۋيۈينىڭ

www.uyghurkitap.com

قولىغا ئۆتكەندە دۇمباق توختاپ قالدى. بۇ يەردە جيا جېك بولغاچقا، باۋيۇي ئەنسىرەپ ئولتۇراتتى. قېرىشقاندەك، گۈل ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. كۆڭلىدە: «قىزىق گەپ قىلىمەن دەپ قاملاشتۇرالماي قالسام، گەپكە چېچەن ئەمەس دەيدۇ، قاملاشتۇرۇپ دېسەم، توغرا ئىشنى بىلمەيدۇ، جاۋجاقلىق قىلىشنىلا ئۆگەنگەن دەپ يەنە ئەيىبكە تارتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، گەپ قىلمايلا قوياي» دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇردى:

— مەن قىزىق گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن، باشقا شەرتنى ئادا قىلىپ بەرسەم، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا «كۈز» دېگەن سۆزنى كەلتۈرۈپ، هازىر جاۋاب شېئىردىن بىرنى توقۇپ چىققىن. ياخشى توقۇساڭ، مۇكاپاتلايمىز، ياخشى توقۇيالمىساڭ، ئەتە ئۆزۈڭگە هېزى بول، — دېدى جيا جېڭ.

— بىر ئوبدان شاراب ئويۇنى قىلىۋاتساق، نەدىن چىقتى بۇ شېئىر توقۇش دېگەن؟ — دېدى جيا ئانا.

— ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، — دېدى هېجىيىپ جيا جېڭ.

— ئۇنداق بولسا توقۇسۇن، قەغەز - قەلەم ئەكېلىپ بېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى جيا ئانا.

— ئۇنداق «سۇ»، «شېشە»، «مۇز»، «قاشتاش»، «كۈمۈش»، «رەڭگارەڭ»، «نۇر»، «روشەن»، «سىيدام» دېگەندەك قالايمىقان سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۆز ئالدىغا ئايرىمچە پىكىر يۈرگۈز. قېنى بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئىشقىۋازلىق پىكىر - تۇيغۇلىرىڭ قانداقراق بولدىكىن، كۆرۈپ باقاي، — دېدى جيا جېڭ.

بۇ گەپ باۋيۇينىڭ يۈرىكىگە جاققىدە تەگدى - دە، ئۆرە تۇرغىنىچە تۆت مىسرانى ئويلاپ، قەغەزگە يېزىپ جيا جېڭغا سۇندى. جيا جېڭ ئوقۇپ چىقىپ گەپمۇ قىلماي، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. جيا ئانا بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ، ئانچە ياخشى يازالمىغانلىقىنى پەملەپ:

— قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا:
— بۇنىڭغا تەس بوپتۇ، كىتاب ئۇقۇغۇسى كەلمىگەچكە، سۆز ـ ئىبارىلىرى پاساھەتلىك ئەمەس، — دەپ قويدى.
— شۇمۇ يېتەرلىك، — دېدى جيا ئانا، — مۇكاپاتلاش كېرەك، كېيىن تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدۇ.
— خوش، شۇنداق، — دېدى جيا جېڭ ۋە كەينىگە قاراپ ئىنىگە مومايىنى بۇيرۇدى، — مۇلازىملارغا ئېيتقىن، مەن خەينەندىن ئالغاچ كەلگەن يەلپۈگۈچلەردىن ئىككىنى ئېلىپ باۋيۈيگە بەرسۇن.
باۋيۈي باش قويۇپ، ئاندىن بېرىپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى. جيا لەن باۋيۈينىڭ مۇكاپات ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، داستىخاندىن قوپتى ـ دە، بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ جيا جېڭغا تۇتتى. جيا جېڭ كۆرۈپ بەك ياقتۇرۇپ كەتتى. جيا ئانىغا ئوقۇپ بېرىۋىدى، جيا ئانىمۇ بەك يارىتىپ، جيا جېڭغا ئۇنىمۇ مۇكاپاتلىغىن دەپ بۇيرۇق قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇپ شاراب ئويۇنى قايتا باشلاندى. بۇ قېتىم گۈل جيا شېنىڭ قولىغا كېلىپ توختىدى. ئۇمۇ بىر قەدەھ ئىچىپ قىزىق گەپ باشلىدى:
— بىر ئائىلىدە بىرلا ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىغا بەك ۋاپادار ئىكەن. قېرىشقاندەك ئۇنىڭ ئانىسى ئاغرىپ قاپتۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن تېۋىپ ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىر نەشتەر بىلەن داغلايدىغان مومايىنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. بۇ موماي تومۇرنىڭ يوللىرىنى ئۇقمايدىكەن، شۇڭا ئۇ: يۈرىكىدە سەپرا بار ئىكەن، بىر نەشتەر بىلەن ساقىيىدۇ، دەپتۇ. ھېلىقى ئوغۇل ھودۇقۇپ كېتىپ: «يۈرەككە تىغ تەگسە ئادەم ئۆلمەمدۇ، ئۇنىڭغا قانداق نەشتەر ئۇرغىلى بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. موماي: «يۈرەككە نەشتەر ئۇرمايمىز، سىڭىرغا ئۇرسا» دەپتۇ. ئوغۇل: «سىڭىر يۈرەكتىن يىراق تۇرسا، سىڭىرغا ئۇرسا يۈرەك قانداق ساقىيىدۇ؟» دەپتۇ. موماي: «ھېچقىسى يوق. سىز ئۇقمايسىز، دۇنيادىكى ئاتا ـ ئانىلاردىن يۈرىكى بىر يانغا ئېغىپ كەتكەنلىرى

تولا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ گەپكىمۇ ھەممەيلەن كۈلۈشتى. جىيا ئانىمۇ بىرىم قەدەھ ئىچىۋېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن:

ــ ماڭىمۇ ئاشۇ موماي نەشتەر سانجىپ قويسا، تۈزۈلۈپ قالاتتىم، ــ دېدى كۈلۈپ.

جىيا شي قاراملىق بىلەن دەپ تاشلىغان بۇ گېپىنىڭ جىيا ئانىنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنلىكىنى دەرھال سەزدى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، ھىجايغىنىچە جىيا ئانىغا قەدەھ تۇتۇپ، بايىقى گېپىنى باشقىچە مەنە بىلەن چۈشەندۈردى. جىيا ئانىمۇ قايتا تەرگەپ ئولتۇرمىدى. شاراب ئويۇنى يەنە باشلاندى. گۈل جىيا خۇەننىڭ قولىغا كېلىپ توختىدى، جىيا خۇەن يېقىندىن بۇيان ئوقۇشتا سەل ئالغا بېسىپ، رەسمىي كىتاب ـ نامەلەرنى ئوقۇغاندىن تاشقىرى، باشقا جەھەتتىمۇ خېلى نەتىجە قازىنىپ قالغانىدى. بۇگۈن باۋيۈينىڭ شېئىر يېزىپ مۇكاپاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى تارلىقى كەلگەن، لېكىن جىيا جېڭنىڭ ئالدىدا دېۋەڭلىك قىلىشقا پېتىنالمىغانىدى. ئەمدى گۈل ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەچكە، قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ بىر پارچە قىتئە يېزىپ، جىيا جېڭغا سۇندى. جىيا جېڭ ئوقۇپ بېقىپ ھەيران بولدى، سۆز ـ ئىبارىلىرىدىن ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى سېزىپ، خۇشى كەلمەي شۇنداق دېدى:

ــ بۇمۇ ئاكىسىنىڭ ئۇكىسى ئىكەن، سۆز ـ پىكىرلىرى ئوخشاشلا بىدئەتچىلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە ياتىدۇ. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا «قېيىنئاكا ـ ئۇكىلار» ئۆتكەنىكەن، سىلەر ئىككىڭلارمۇ شۇنداق «قېيىنئاكا ـ ئۇكا» ئىكەنسىلەر. بۇ دەۋاتقىنىم «قالتىس» مەنىسىدىكى «قېيىن» ئەمەس، بۇنى «ئەدەپ ئۆگىتىش تەس» دېگەندىكى «قېيىن» مەنىسىدە چۈشەنسە توغرا بولىدۇ. ئاكىسى ئۆزىنى ۋېن فېيچىڭ دەپ چاغلىسا، ئەمدى ئۇكىسىمۇ ئۆزىنى دۇنياغا قايتا كەلگەن ساۋ تاڭ دەپ چاغلايدىغان بولۇپ چىقىپتۇ.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

— قېنى شېئىرنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى جيا شې ۋە قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ كۆرۈپ ماختاپ كەتتى، — مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ شېئىر ناھايىتى كۈچلۈك يېزىلىپتۇ. چامامچە، بىزدەك ئادەملەر كېچە - كېچىلەپ ئاي ۋە شام يورۇقلىرىدا جاپا چېكىپ يۈرمەي، كىتابنى ئانچە - مۇنچە ئوقۇپ قويىدىغان بولساق، بۇنداق شېئىرلارنى باشقىلارغا قارىغاندا ئاسان چۈشىنىۋالىمىز، ئەمەلدار بولۇشقا توغرا كەلگەندە ئەمەل بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىرمۇنچە ئەجىر تارتىپ، ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەكسىچە قۇرۇق كىتاب مولللىسى بولۇپ چىققاننىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ شۇڭا، بۇنىڭ شېئىرىنى مەن يارىتىپ قالدىم. بىزدەك ئېسىلزادىلەرنىڭ شان - شەۋكىتىنى قولدىن بەرمىگۈدەك جۇمۇ بۇ ! — ئاندىن جيا شې ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئويۇنچۇقلىرىدىن ئالدۇرۇپ جيا خۇەنگە بېرىشكە كىشى جورۇۋېتىپ، جيا خۇەننىڭ كالللىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ يەنە دېدى، — بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق يېزىۋەرگىن، كەلگۈسىدە ئاتا - بوۋىمىزدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ مەنسەپ - مەرتىۋىنىڭ ۋارىسلىقى سەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

جيا جېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئىزاھ بەردى:

— ئۇ مۇشۇنداق ئاغزىغا كەلگىنىنى يېزىۋېرىپتۇ. كېيىن بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ھازىر بىرنېمە دېگىلى بولماس ! — ئاندىن بىر قەدەھ قۇيۇپ، يەنە بىر پەس شاراب ئويۇنى قىلدى.

— سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، — دېدى جيا ئانا، — تاشقىرىسىدا مىرزا مولللاملار كۈتۈشۈپ تۇرغاندۇ، ئۇلارنى مەنسىتمەي قويۇشقا بولمايدۇ. ئاندىن ۋاقىتمۇ ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. سىلەر كەتسەڭلار، قىزلار بىر پەس كۆڭۈل ئېچىۋالسا، ئاندىن ئارام ئالايلى.

جيا جېڭلار شاراب ئويۇنىنى توختىتىپ، جيا ئانىغا بىر قەدەھ سۇنۇپ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى ۋە ئوغۇل جيەنلىرىنى باشلاپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان ئىشلارنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتمىش ئالتىنچى باب

## كۆك تۆپە ئايۋاندا نەي ساداسىدىن تەسىرلىنىپ مۆڭلانغانلىقى ئاق ئۆيمان سارايدا بېيت ئېيتىشىپ ئىچ پۇشۇقىدىن زارلانغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جىيا شې بىلەن جىيا جېنىڭ جىيا جېن ۋە باشقىلارنى باشلاپ داستىخاندىن ياندى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

ئۇ يەردە قالغان جىيا ئانا شىرمەلىنى ئېلىۋېتىپ، ئىككى سورۇننى بىرلەشتۈرۈشكە بۇيرۇدى. خىزمەتكار ئاياللار قايتىدىن شىرەلەرنى ئېرتىشتۈرۈپ، كۆك - گېزەكلەرنى تۈزەشتۈرۈپ، قەدەھلەرنى يەڭگۈشلەپ، چوكىلارنى يۇيۇشتۇرۇپ يېڭىباشتىن داستىخان راسلىدى. جىيا ئانا ۋە باشقىلار قوشلاپ كىيىنىشتى، ئېغىز - قوللىرىنى چايقىشىپ، چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، قايتىدىن داستىخانغا كېلىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. جىيا ئانا ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە باۋچەي بىلەن باۋچىن ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ جەم بولۇش ئۈچۈن ئۆز ئۆيلىرىگە كەتكەنلىكىنى بىلدى. لى ۋەن بىلەن فېڭجيې ئىككىسى يەنە ئاغرىپ قالغانىدى. بۇ تۆتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، داستىخان بەك چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

— ئۆتكەن يىلى بەگ - غوجاملىرىڭلار ئۆيدە بولمىغىنى ئۈچۈن، هاما خېنىمنىمۇ تەكلىپ قىلىپ، هەممىمىز بىللە ئاي تاماشىسى قىلىۋېدۇق، بەك كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، — دېدى جىيا ئانا كۈلۈمسىرەپ، — بىر تۇرۇپ، بېگىمىز ئېسىمگە كەلدى - دە،

ئانا ـ بالا، ئەر ـ خوتۇن، بالىۋاقىلار بىر يەردە بولالمىغىنىڭلار ئۈچۈن ھەممەيلەن ئىچىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ يىل بېگىڭىزمۇ يېنىپ كەلگەچكە، ھەممىمىز جەم بولۇپ كۆڭۈل ئاچارمىز دېسەم، ئۇلار ئانا ـ بالا ئىككىسىنى چاقىرىپ بىللە ئويۇن ـ كۈلكە قىلىشقا توغرا كەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭكىدە ئىككى ئادەم قوشۇلۇپ قالغاچقا، ئۇلارنى تاشلاپ، ئۆزلىرى بۇ يەرگە كېلىشىمۇ تەس. قېرىشقاندەك، بۇ يىل فېڭجيې قىزنىڭ ئاغرىپ قالغىنى، ئۇ بولىسىغۇ ئۆزى يالغۇز كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ ئون ئادەمگە تېتىيتتى. ھەي ... ئالەمدە ھەممە ئىشنىڭ تەلتۆكۈس بولمىقى تەس ئىكەن! — شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — جامغا ئىللىق شارابتىن قۇيۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

— بۇ يىل ئانا ـ بالىلار جەم بولۇپ، بولتۇرقىدىنمۇ كۆڭۈللۈك بولدى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ، — بولتۇر كېلىن ـ بالىلار كۆپ بولسىمۇ، بۇ يىل قان قېرىنداشلار تەل بولغىنىدەك ئوبدان بولمىغان.

— شۇڭا، مەنچۇ بەك خۇشال بولۇپ، شارابنى جامدا ئىچەي دەۋاتىمەن، سىلەرمۇ قەدەھنى جامغا يەڭگۈشلىسەڭلار بولاتتى، — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا.

شىڭ ئاغىچا خېنىملار نائىلاج قەدەھلىرىنى جاملارغا يەڭگۈشلىدى. تەڭ كېچە بولۇپ قېلىپ ھېرىقىپ كەتكەچكە، شارابنى كۆتۈرەلمەي سەل ئېرىنىپ قېلىشقانىدى. بىراق، جيا ئانىنىڭ پەيزى تۇتۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىللە ئىچىشىشكە مەجبۇر بولدى. جيا ئانا يەنە ئايۋان سۇپىسىغا كىگىز ـ پالاس سېلىپ، ئايتوقاچ، تاۋۇز، مېۋە ـ گېزەكلەرنى شۇ يەرگە تىزدۇرۇپ، چۆرە قىزلار بىلەن خىزمەتكار ئاياللارنىمۇ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئاي تاماشىسى قىلىشقا بۇيرۇدى.

جيا ئانا ئاسماندا ئاي ئۇدۇل كېلىپ، بالدۇرقىدىن تېخىمۇ ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

www.uyghurkitap.com

— مۇنداق چىرايلىق ئايدىڭدا نەي ئاڭلىماي بولمايدۇ، — دەپلا سازەندە قىزلارنى چاقىرتقۇزدى، — ساز كۆپ بولۇپ كەتسە ئانچە پەيزى بولمايدۇ، نەي چالدىغىنى يىراقتىن چالسىلا بولىدى.

شۇ گەپ بىلەن نەيچى ئەمدىلا نەي چېلىشقا ماڭغاندا، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمەتكار ئاياللىرىدىن بىرسى كېلىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمغا بىر - ئىككى ئېغىز شۇبىرلىدى.

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى جيا ئانا.

— چوڭ بېگىم چىقىپ كېتىۋېتىپ تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ پۇتى چۆچۈپ كېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شىڭ ئاغىچا خېنىم.

جيا ئانا دەرھال جيا شېنى يوقلاپ كېلىشكە ئىككى خىزمەتكار مومايىنى بۇيرۇدى، شىڭ ئاغىچا خېنىمنىمۇ چاپسان بېرىڭ، دېدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم خوشلىشىپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— جيا جېن غوجامنىڭ كۆجەسى، سىزمۇ ئەمدى بىللە ئۆيىڭىزگە يېنىڭ، مەنمۇ ئۇخلايمەن، — دېدى جيا ئانا يەنە.

— بۈگۈن ئۆيگە يانماي، بۇزرۇكۋار ئانىمىز بىلەن كېچىچە شاراب ئىچىشەي دەيمەن، — دېدى يۇشى كۈلۈپ.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى جيا ئانىمۇ كۈلۈپ، — ئىككىڭلار تېخى ياش تۇرساڭلار، بۈگۈن كېچە جەم بولۇشۇڭلار كېرەك، مېنى دەپ ئىشلىرىڭلارغا دەخلىسى يەتسە قانداق بولغىنى؟

— بۇزرۇكۋار ئانىمىز بۇ گەپ بىلەن بىزنى بەك چۈشۈرۈۋەتتىلە، — دېدى يۇشى ھوپپىدە قىزىرىپ، — بىز ياش بولساقمۇ، لېكىن يىگىرمە نەچچە يىللىق ئەر - خوتۇن بولۇپ قالدۇق، يېشىمىزمۇ قىرىقتىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارىلىق مۇددىتىمىزمۇ توشمىدى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ھەمراھ بولۇپ، بىر كېچە بىللە تاماشا قىلغىنىم ئورۇنلۇق بولارمىكىن.

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا، — دېدى جيا ئانىمۇ كۈلۈپ، —

قارىلىق مۇددىتى توشمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىچارە قېيىنئاتىڭىزنىڭ ۋاپات بولغىنىغىمۇ ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ! ئۇنتۇپ قالغىنىم ئۇچۇن ماڭا بىر جام شاراب جەرىمانە سېلىش كېرەك بوپتۇ. ئەمىسە بۇنداق بولسۇن: سىزمۇ ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭماي ماڭا ھەمراھ بولۇڭ. رۇڭئېرنىڭ كۆجەسى ئۇزىتىپ قويغاچ، ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن.

يۇشىنىڭ يەتكۈزۈشى بىلەن، جيا رۇڭنىڭ خوتۇنى خوش دەپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمنى ئۇزاتقاچ چوڭ دەرۋازىغىچە بىللە بارغاندىن كېيىن، ئۆز مەپىلىرىگە چۇشۇپ ئۆيلىرىگە يېنىشتى. بۇ گەپمۇ شۇ يەردە قالغاي.

بۇ يەردە قالغانلار بىر پەس دالچىن گۈلنى تاماشا قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، قايتىدىن داستىخانغا كېلىپ، ئىللىتقان شاراب ئالدۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. تۇيۇقسىز نېرىسىدىكى دالچىن گۈل تۈۋىدىن سوزۇپ چېلىنغان لەرزان نەي ساداسى ئاڭلاندى. يورۇق ئايدىڭ، سالقىن شامال ۋە ئالەمنىڭ جىمجىتلىقىدا ئاڭلانغان بۇ سادا كىشىلەرنى ئىچ پۇشۇقىدىن ئازاد ۋە غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلدى ـ دە، ھەممەيلەن تىپتىنچ ئولتۇرۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىدى. ئىككى پىيالىچە چاي ئىچكۈچىلىك ۋاقىتقىچە چېلىنىپ، نەي توختىدى. ھەممەيلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى، يەنە ئىللىق شارابلار قۇيۇلدى.

— بەك ئوبدان ئاڭلىنىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا.

— راستىلا چىرايلىق ئاڭلىنىدىكەن! — دېيىشتى باشقىلارمۇ كۈلۈشۈپ، — بىزنىڭغۇ خىيالىمىزغىمۇ كەلمەپتىكەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باش بولۇپ بەرسىلا، بىزنىڭمۇ كۆڭلى - كۆكسىمىز ئېچىلىپ قالىدىكەن.

— بۇمۇ ئانچە دېگۈدەك ئەمەس، غەزەلنامىگە قاراپ، ئالدىرىماي چالسا تېخىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ، — دېدى جيا

ئانا ۋە بىر جامغا شاراب قۇيدۇرۇپ، نەي چالغۇچىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئالدىرىماي ئىچىپ تۇرۇپ تېخىمۇ زىل چىقىرىپ بىر قەپەس چېلىپ بەرسۇن، دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتكار ئاياللار خۇش دېيىشىپ، شارابنى ئېلىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بابا جىيا شىنى يوقلاشقا كەتكەن ئىككى موماي كېلىپ:

— كۆرۈپ كەلدۇق. ئوڭ پۇتىنىڭ يۇزى سەل ئىششىپ قاپتۇ. دورا ئىچىۋىدى، ئاغرىشىمۇ بىر ئاز قويۇپ بەردى. ھېچقانچە كارايىتى يوق ئىكەن، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

— مەنزە تولىمۇ غەم يەپ كېتىدىكەنمەن! ھەرقانچە مېنى يۆلىكى بىر ياقلا ئېغىپ كەتكەن ئالا كۆڭۈل دېگىنى بىلەنمۇ مۇشۇنداق غەم يېيىشتىن نېرى بولالمايدىكەنمەن، — دېدى جىيا ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ ئاھ ئۇرۇپ.

شۇ ئەسنادا يۈەنياڭ لېچەك بىلەن چوڭ يېيىنچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— تۇن يېرىم بولۇپ قالدى، شەبنەم چۈشۈپ، باشلىرىغا شامال تېگىپ قالارمىكىن، بىرئازلا ئولتۇرۇپ ئاندىن ئارام ئالسىلا، — دېدى.

— ئەمدى راسا خۇشلۇقۇم تۇتۇۋاتسا، سەن يەنە ئالدىرىتىپ كەپسەن، — دېدى جىيا ئانا، — مەست بولۇپ قالارمىدىم؟ تاڭ ئاتقۇچىمۇ ئولتۇرماسىمەن! — جىيا ئانا يەنە شاراب قۇيۇشقا جورۇۋېتىپ، لېچەكنى بېشىغا كىيدى، يېيىنچىنى ئۇچىسىغا ئارتتى. كۆپچىلىك بىللە ئىچىشىپ، كۈلكە ـ چاقچاقتا چۈشتى. دالچىن گۈللەر ئارىسىدىن يەنە نەي ساداسى كۆتۈرۈلدى. بۇ سادا بالدۇرقىدىنمۇ بەكرەك موڭلۇق ئىدى، ھەممەيلەن شۈك بولۇشۇپ قالدى. تىنچ كېچىدە، يورۇق ئايدىڭدا ھەممەيلەننىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەرھال چىرايلىرىنى تۈزەپ، كۈلۈمسىرىشىپ گەپ ـ سۆزگە چۈشۈشتى ۋە شارابنى يەڭگۈشلەپ، نەينى توختىتىشقا بۇيرۇدى.

— مەنمۇ بىر چاقچاق گەپ ئۆگىنىۋالغاندىم، ئىچ پۇشۇقىنى



www.uyghurkitap.com

چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا سۆزلەپ بېرەي، ــ دېدى كۈلۈپ يۈشى.

ــ ئۇنداق قىلىسىڭىزغۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. قېنى سۆزلەپ بېرىڭ، ــ دېدى جىيا ئانا زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

ــ بىر ئائىلىنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن، ــ دەپ گەپ باشلىدى يۈشى، ــ چوڭ ئوغلى يەكچەشمە، ئىككىنچى ئوغلى سىڭار قۇلاق، ئۈچىنچى ئوغلى پۇچۇق ئىكەن، كەنجى ئوغلىنىڭ ھەممە ئەزاسى تەلتۆكۈس، لېكىن گاچا ئىكەن، ــ گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، داستىخاندا ئولتۇرغانلاردىن جىيا ئانىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ئۇيقۇسى كەلگەندەك بولدى. يۈشى گېپىنى توختىتىپلا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا پىچىرلىدى.

ــ ئۇيقۇم كەلمىدى، ــ دېدى جىيا ئانا كۆزىنى ئېچىپ كۈلۈمسىرەپ، ــ كۆزۈمنى يۇمۇپ مېڭەمنى ئارام ئالدۇرۇۋاتىمەن، سۆزلەۋېرىڭلار، ئاڭلاۋاتىمەن.

ــ تەڭ كېچە بولۇپ قالدى. شەبنەممۇ خېلى چۈشتى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئەمدى ئارام ئېلىپ ئەتە تاماشا قىلىسىلا بولارمىكىن، ئون ئالتىنچى كۈنى ئاي تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈمسىرەپ.

ــ ۋاقىت قانچە بوپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى جىيا ئانا.

ــ تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىغا ئۆتتى، ھەمشىرىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇخلىغىلى كېتىشتى، ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

جىيا ئانا ھەممىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، راستىلا كېتىدىغانلار كېتىپ، يالغۇز تەنچۈنلا قاپتۇ.

ــ مەيلى ئەمىسە، ــ دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، ــ بەربىر سىلەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، بەزىڭلار ئاجىز، بەزىڭلار كېسەل، يېنىپ ئارام ئالايلى ئەمىسە. بىچارە، ئۈچىنچى خان قىز تېخىچە كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. سەنمۇ كەتكىن، بىزمۇ يانىمىز، ــ شۇ گەپ بىلەن جىيا ئانا ئورنىدىن قوزغالدى. بىر ئوتلام چاي ئىچىپ، بامبۇكتىن ياسالغان كۇرسىراۋانغا ئولتۇردى، ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمەتكار ئايال كۆتۈرۈپ، باشقىلار چۆرىدەپ مېڭىپ باغدىن چىقىپ كېتىشتى. بۇ گەپمۇ شۇ يەردە قالغاي.

— خىزمەتكار ئاياللار چىنە – قاچىلارنى يىغىشتۇرغانىدى، كىچىك پىيالىدىن بىرسى يوق بولۇپ چىقتى. ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالماي، خىزمەتكار ئاياللاردىن بىرسى باشقىلاردىن:

— قولدىن چۈشۈپ سۇنۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. نەگە چۆرۈۋەتكەندۇ؟ دەپ بېرىڭلارچۇ، سۇنۇقلىرىنى بولسىمۇ، ئىسپات قىلىش ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بەرسەم بولاتتى، بولمىسا، يەنە ئوغرىلىۋاپتۇ دەيدۇ، — دەپ سورىدى.

— سۇنۇپ كەتمىگەندۇ. خان قىزلارنىڭ كەينىدە يۈرىدىغانلاردىن بىرەرسى ئېلىپ قويدىمىكىن. ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ ياكى شۇلاردىن سوراڭ! — دېيىشتى باشقىلار. بۇ گەپ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئېسىگە كېلىپ:

— ھە راست، ئەسلىسەم، سۈيلۈ ئالغاندەك قىلىۋىدى. شۇنىڭدىن سوراپ باقاي، — دېدى كۈلۈپ. ئۇ ئايال ئىزدەپ مېڭىپ كۆتۈرمە يولغا كەلگەندە زىجۈەن بىلەن سۈيلۈغا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ياندىمۇ؟ بىزنىڭ خان قىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى سۈيلۈ.

— مەن بىر دانە پىيالىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سىزدىن سوراي دەپ كەلسەم، مەندىن خان قىزنى سورايسىزغۇ، — دېدى ھېلىقى ئايال.

— مەن چاي قۇيۇپ، خان قىزغا ئەكېلىپ بەرگەنىدىم، ئۆرۈلۈپ قاراپ بولغۇچە خان قىزمۇ كۆزدىن غايىب بولدى، — دېدى سۈيلۈ كۈلۈپ.

— ئاغىچا خېنىم بايا ھەممىسىنى ئۇخلىغىلى كەتتى دەۋاتقان، سىز بىر يەرگە ئوينىغىلى كېتىپ ئۇقماي قالغانسىز! — دېدى خىزمەتكار ئايال.

— ھەرگىز جىم – جىملا ئۇخلىغىلى كەتمەيدۇ. بىرەر يەردە

ئايلىنىپ يۈرەمدىكىنتاڭ ! — دېيىشتى سۆيلۈ بىلەن زىجۇەن، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم يانغان بولسا، ئالدىنقى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ كەتسىمۇ كەتكەندۇ ! ئالدىنقى ھويلىغا بېرىپ باقايلى. خان قىز تېپىلسا، سىزنىڭ پىيالىڭىزمۇ تېپىلىدۇ. ئەتە ئەتىگەندە ئىزدەڭ، نېمانچە ئالدىرايتىتىڭىز؟

— ئىز - دېرىكى بولسىلا ئالدىراشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق، ئەتە بېرىپ سىزدىن ئالاي ئەمىسە، — دېدى ئايال كۈلۈپ ۋە قاچا - قومۇچىنى يىغىشتۇرغىلى يېنىپ كەتتى. زىچۇەن بىلەن سۆيلۈ جيا ئانىنىڭ ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغاي.

دەيىۈي بىلەن شياڭيۈن ئىككىسى ئۇخلىغىلى كەتمىگەنىدى. دەيىۈي جيا قەسىرىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئاي تاماشىسى قىلىۋاتقاندا، جيا ئانىنىڭ كىشىلەر ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن ھەسرەت چەككەنلىكىنى ئاڭلاپ، باۋچەي ئاچا - سىڭىللار ئۆيىگە قايتىپ ئانا - بالا، ئاكا - ئۇكىلار ئۆز ئالدىغا ئاي تاماشىسى قىلماقچى بولغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى - دە، ئۆزى يالغۇز قاشاغا تايىنىپ كۆز يېشى قىلىپ تۇراتتى. يېقىندىن بۇيان چىڭۋېننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، باۋيۈيمۇ ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتماي ئولتۇراتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى بېرىپ ئۇخلىغىن دەپ بىرقانچە قېتىم سۆيلىگەندىن كېيىن قايتىپ كەتكەنىدى. تەنچۈن يېقىندىن بۇيان ئائىلە ئىشى بىلەن پەرىشان بولۇپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭمۇ ئويۇن - تاماشىغا كۆڭلى تارتمىغانىدى. يىڭچۈن بىلەن شىچۈن ئىككىسى دەيىۈي بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە دەيىۈي بىلەن ئانچە بەك چىقىشىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، يالغۇز شياڭيۈنلا قېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— سىز ئوڭلۇق قىز، ھەممىنى چۈشىنىسىز، ئۆزىڭىزنى ئاسرىسىڭىز بولىدۇ، — دېدى دەيىۈيگە، — خەپ ئىگەكىم،

باۋچەي ئاچام بىلەن باۋچىن سىڭلىم ئىككىسى ئەتىدىن كەچكىچە شۇنداق قىزىقىشىپ، بۇ يىل تاۋۇز چاغىنىدا ھەممىمىز يىغىلىپ ئاي تاماشىسى قىلغاچ مۇشائىرە بولۇپ، بېيىت ئېيتىشايلى دېيىشكەندى، ئەمدى بولغاندا بىزنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزلىرىلا ئاي تاماشىسى قىلغىلى كېتىپتۇ، جەمئىيىتىمىزمۇ تارقىلىپ كەتتى، شېئىرمۇ يازالمىدۇق. يەنىلا ئاتا ـ بالا، تاغا ـ جىيەنلەرنىڭ خالىغانچە يايرىغىنى ياخشى! سىزمۇ بىلىسىز كېرەك، سۇڭ سۇلالىسىدىن تەيزۇڭ خان: «كارۋىتىمىزنىڭ يېنىدا، يول قويامتىم ئۆزگىنىڭ ئۇخلىشىغا؟» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. ئۇلار كەلمىسىمۇ بوپتۇ، بىز ئىككىمىزلا بېيىت ئېيتىشىپ، ئەتە ئۇلارنى بىر ئىزا تارتقۇزايلى!

دەييۈي ئۇنىڭ بۇنداق كۆڭۈل ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ زوقىنى يەردە قويغۇسى كەلمەي، كۈلۈمسىرەپ:

— قارىڭا، بۇ يەردە كىشىلەر شۇنچە غەلۋە قىلىۋاتسا شېئىرغا ئىلھام كېلەمتى؟ — دېدى.

— تاغ تۆپىسىدە ئاي تاماشىسى قىلىشقۇ ياخشى، لېكىن سۇ بويىدا تاماشا قىلغانغا يەتمەيدۇ، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ، — سىزمۇ بىلىسىز، مۇشۇ قاپتالنىڭ تۆۋىدە بىر كۆلچەك بار، تاغ ئازگىلىنىڭ سۇغا يېقىن يېرىدە بىر جاي بار، ھېلىقى ئاق ئويمان سارايچۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا بۇ باغنى سالدۇرغاندا خېلى كاللىسى ئىشلەپتىكەن. مۇنۇ تاغنىڭ ئېگىز يېرىنى كۆك تۆپە، تاغنىڭ تۆۋىدىكى سۇغا يېقىن ئازگال يەرنى ئاق ئويمان دەيدۇ. «تۆپە»، «ئويمان» دېگەن ئىككى سۆزنى ئۆتمۈشتە مۇنداق ئىشلەتكۈچىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇگۈنكى كۈندە بۇ سۆزلەرنى ئايۋان ـ ساراي نامىغا ئىشلىتىپتىكەن، كونا ئەندىزىگە چۈشۈپ قالماي، خېلى يېڭىلىق بوپتۇ. دېمەك، بۇ ئىككى جاينىڭ بىرسى يۇقىرى، بىرسى تۆۋەن، بىرسى يورۇق، بىرسى قاراڭغۇ، بىرسى ئېگىز، بىرسى پەس، بىرسى تاغ، بىرسى سۇ، ئاينى تاماشا

قىلىش ئۇچۇن ئالاھىدە سىلىنغانىكەن. ئېگىز تاغدا كىچىك ئايغا خۇشتار بولغانلار بۇياققا كەلسۇن، يورۇق ئاي بىلەن سۇزۇك ئۆركەشكە خۇشتار بولغانلار ئۇياققا بارسۇن. ھېلىقى ئىككى سۆزنى ئادەتتە «ئازگال»، «چوڭقۇر» دەۋەرگەچكە، ئانچە كۆپ ئىشلەتمەيدىغان بولۇپ قالغان. پەقەت لۇ فاڭۋېڭلا «ئازگال» سۆزىنى «تېيىز» مەنىسىدە ئىشلىتىپ، «توپلىنىپتۇ شۇنچە سىياھ بولسىمۇ تېيىز دۇۋەت» دەپ يازسا، تېخى بەزىلەرنىڭ ئۇنى چاكىنا دېيىشى كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

— ئۇنى ئىشلەتكۈچى يالغۇز لۇ فاڭۋېڭلا ئەمەس، قەدىمكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىشلەتكۈچىلەر كۆپ بولغان، — دېدى دەييۇي، — مەسىلەن، «كۆك كۇدەي نەزمىسى»، دۇڭفاڭسۇنىڭ «ئاجايىپنامە»سى، شۇنىڭدەك «داڭلىق رەسساملار خاتىرىسى» دىكى «جاڭ سېڭيۇ سىزغان قاپارتما ئىبادەتخانا» دېگەن ۋەقەلىكنى ئالساق، مۇنداق مىساللار كۆپ. نېمىشقىدۇر بۈگۈنكى كۈندە ئۇقۇشماي چاكىنا سۆزلەر دەپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. سىزگە راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىككى سۆزنى مەنمۇ ئىشلىتىپ باققاندىم. قايسى يىلى باۋيۈيىنى سىنىماقچى بولغاندا، باۋيۈيىنىڭ ئىشلەتكەن سۆزلىرى قاملاشماي قېلىۋىدى، بىز يېزىشىپ بەردۇق، چوڭ ئاچىمىزغا سۇنسا، ئۇ تاشقىرىغا چىقارتىپ، تاغامنى كۆرۈپ باقسۇن دېگەنىدى. شۇڭا، ھەممە ئىشلىتىدىغان بولدى. بىز ھازىرلا ئاشۇ ئاق ئۆيمان سارايغا بارايلى، يۈرۈڭ.

ئىككىسى گەپلەشكەچ تاغ قاپتىلىدىن بىللە چۈشۈپ، بىرلا ئايلىنىپ، دېگەن يېرىگە كېلىشتى. كۆلنىڭ لېۋىدە بامبۇك قاشانى بويلاپ ئۇ قاتتىكى نېلۇپەر سەيناسىغا ئۇدۇل كەتكەن يول بار ئىدى. ئۇ يەردە پەقەت ئىككى موماي جېسەكچىلىك قىلىۋاتاتتى، بۇلار كۆك تۆپە جاڭزىسىدا بولۇۋاتقان ئاي تاماشىسىنىڭ بىزگە ئالاقىسى يوق دەپ بىلىپ، ئاللىقاچان پانۇسلىرىنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاپ قېلىشقانىدى، دەييۇي بىلەن

شياڭيۈن پانۇسلارنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بۇلارنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى ئوبدان بوپتۇ. بىز چىدىر تۈۋىدىلا تۇرۇپ ئاينى تاماشا قىلساق قانداق؟ — دېدى كۈلۈشۈپ.

ئىككىسى بامبۇك كۆتىكىدە ئولتۇرۇشتى. ئاسماندا دۇپدۇگىلەك يورۇق ئاي، كۆلدە ئاينىڭ ئەكسى، بىر - بىرى بىلەن نۇر تالاشقاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، گوياكى كىشى ئۆزىنى سۇ پەرىلىرى ماكانىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. لەرزان شامال ئۆتۈشى بىلەنلا كۆلنىڭ يۈزىدە تۇرۇم - تۇرۇم ئۆركەش پەيدا بولۇپ، كىشىنى ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇرۇۋەتتى.

— شۇ تۇرقىدا كېمىدە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچسەك قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ئۆز ئۆيۈمدە بولغان بولسامغۇ دەرھال كېمىگە چۈشكەن بولاتتىم، — دېدى كۈلۈپ شياڭيۈن.

— قەدىمكى كىشىلەرنىڭ دائىم: «ھەر ئىش بولسا توققۇزى تەل، قانداق بولسۇن خۇشاللىق؟» دېگىنى توغرا ئىكەن. مېنىڭچە، مۇشۇ يەرمۇ بولىۋېرىدۇ، كېمىگە چۈشۈپ نېمە بوپتۇ؟ — دېدى دەييۈي.

— توققۇزىغا ئۇلاشقاندا ئوتتۇزىنى كۆزلەش ئادەت بولۇپ قالغان ئىش، — دەپ كۈلدى شياڭيۈن.

بۇلار گەپلىشىۋاتقاندا لەرزان نەي ساداسى كۆتۈرۈلدى.

— بۈگۈن چوڭ ئانام بىلەن ئاغىچا خېنىم خۇشال بولغاچقا، مۇنۇ نەينىڭ چېلىنىشى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولدى، بىزنىڭ زوقىمىزغا مەدەت بەردى! — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، — ئىككىلىمىز بەش سۆزلۈك شېئىر ۋەزنىنى ياخشى كۆرىمىز، بەش سۆزلۈك ۋەزىن بويىچە ئۇزۇن بېيىت ئېيتىشايلى.

— قاپىيەسى قانداق؟ — دەپ سورىدى شياڭيۈن.

— مۇنۇ قاشانىڭ بالداقلىرىنى بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە ساناپ چىقايلى، ئەگەر ئۇ توققۇز بالداق بولسا، توققۇزىنچى قاپىيەدە ئېيتايلى، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

— بۇ تېخىمۇ بۆلەكچە بولىدىغان بولدى! — دەپ كۈلدى شياڭيۈن.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، قاشانى بېشىدىن ئاخىرىغىچە سانىۋىدى، ئون ئۈچىنچى بالداق بىلەن تۈگىدى.

— يەنىلا شۇ «ئون ئۈچىنچى قاپىيە» ئىكەن! — دېدى شياڭيۈن، — بۇ قاپىيە كەم ئىشلىتىلىدىغان قاپىيە ئىدى، بۇنىڭدا ئۇزۇن بېيىت ئېيتىلىدىغان بولساق، قاپىيەنى يېتىشتۈرەلمەي زورۇقۇپ قالارمىزمىكىن! سىز بىرىنچى مىسرانى باشلاپ بېرىڭ ئەمىسە.

— قېنى قايسىمىز كۈچلۈك، قايسىمىز ئاجىز ئىكەنمىز، بىر سىنىشىپ باقايلى، — دېدى كۈلۈمسىرەپ دەييۈي، — بىراق قەغەز - قەلەم يوق - دە.

— ئەتە يازارمىز، ئۇنى ساقلىغۇچىلىك زېھنىمىزغۇ باردۇ! — دېدى شياڭيۈن.

— ئەمىسە، مەن تەييار تەمسىللەردىن بىر مىسرانى باشلاپ بېرەي، — دەپلا دەييۈي مۇنۇ بېيىتنى باشلىدى:

ئەقرەب ئاينىڭ ئون بەشى، بايرام كېچىسى[1]،

شياڭيۈن ئويلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپ قوشتى:

ئاي تولۇن چاغاندەك ھۇزۇر سەيلىسى.
كۆكنى قاپلاپتۇ زاراغ، دەلۋە شولىسى[2]،

دەييۈي كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلىدى:

ھەممە يەردە ياڭراپتۇ چالغۇ نەغمىسى.
قانچە جايدا قايناپتۇ قەدەھ بەزمىسى؟

---

① كونىچە سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى تاۋۇز چاغىنى.
② زاراغ — تۆت يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان كۆرەك شەكلىدىكى يۇلتۇز؛ دەلۋە — ئالتە يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان كەمچەن شەكلىدىكى يۇلتۇز. بۇ يەردە ئاسماننى قاپلىغان يۇلتۇزلار نەزەردە تۇتۇلغان.

www.uyghurkitap.com

— مۇنۇ «قانچە جايدا قايناپتۇ قەدەھ بەزمىسى؟» دېگەن مىسرا خېلى مەنىلىك بولدى! بۇنىڭغا قاملاشتۇرۇپ قوشماي بولمايدۇ ئەمدى، — دېدى شىياڭيۇن ۋە كۈلگىنىچە ئويلىنىپ بېقىپ مۇنداق دېدى:

قايسى ئۆيدە يىپەكتەن پەنجىر قاپقىسى؟
چۈشتى سالقىن سانجىلىپ، سەلكىن لەرزىنىپ،

— راسا قاملىشىپ قوشۇلدى! مېنىڭكىدىنمۇ ياخشى چىقتى، — دېدى دەييۈي، — بىراق بۇ مىسراغا چاكىنا سۆزلەر قىستۇرۇلۇپ قاپتۇ. كۆچەيتىپرەك ئېيتىلسا ئوبدان بولاتتى.
— بېيىت ئۇزۇن، قاپىيەسى چەكلىك، شۇڭا كەڭرەك بايان قىلسا ئەپلىشىدۇ، — دېدى كۈلۈپ شىياڭيۇن، — ياخشى مىسرالارمۇ بار، كېيىنرەك چىقىدۇ.
— كېيىنگە بېرىپ ياخشى مىسرالارنى ئېيتالماي قالسىڭىز ئىزا تارتىپ قالارسىزمىكىن، — دەپلا دەييۈي ئايغىنى ئۇلىدى:

ئاي بىلەن تەڭ ئېچىلدى تۈننىڭ چېھرىسى.
تالاپ يېسە توقاچنى ماك ـ ماك قېرىلار،

— بۇ مىسرا قاملاشمىدى، توقۇما بولۇپ قالدى، چاكىنا ئىشلار بىلەن مېنى قىينىماقچى بولۇۋاتىسىز، — دېدى كۈلۈپ شىياڭيۇن.
— سىزنى كىتاب ئوقۇمىغان دېگەندىم، راست ئوخشايدۇ. «توقاچ يېيىش» دېگەنچۇ، قەدىمكى بىر تەمسىل، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، — «تاڭ يىلنامىسى»، «تاڭ تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇپ بېقىپ، ئاندىن گەپ قىلىڭ.
— بۇمۇ ھېچقانچە تەس گەپ ئەمەس، ماڭىمۇ شۇنىڭغا جور بولغۇدەك ئىلھام كەلدى:

تاۋۇز پىچقان قىزلارنىڭ شوختۇر كۈلكىسى.
ئايدىكى بۈك دالچىن گۈل چاچسا خۇش پۇراق،

— مانا بۇنى راستلا توقۇپ چىقاردىڭىز ! — دېدى دەيىيۇي.
— ئەته بىز كىتاب كۆرۈپ كىتابقا سىڭىشتۇرۇپ چىقايلى، كۆپچىلىك كۆرۈپ باقسۇن، هازىر ۋاقىتقا دەخلى يەتكۈزمەيلى، — دېدى كۈلۈپ شياڭيۈن.
— مۇنداق كېتىۋەرسە كېيىنكى مىسرالىرىمۇ ياخشى چىقمايدۇ. يەنە شۇنداق «ئاق دالچىن»، «ئالتۇن خۇش قات» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك، — دەپ قويۇپ، دەيىيۇي ئايىغىغا ئۇلىدى:

مەغەز ئاينىپ، غوللاپتۇ ئالتۇن بەرگىسى.
شامدىن يورۇپ چاقنىسا ئەلۋەك داستىخان،

— «ئالتۇن مەغەز بەرگىسى» دېگەن سۆزلەر سىزگە ئەرزان چۈشتى، بىرمۇنچە كۈچىڭىزنى ئاياپ قالدىڭىز ! مۇنداق تەييار قاپىيەلەر سىزگىلا تېپىلىدىكەن. بەزمە قىلىۋاتقانلارغا گۈپپاڭچىلىق قىلىپ بېرىشىنىڭ هاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى مىسرانى سىزمۇ توقۇپ چىقاردىڭىز، — دەپ كۈلدى شياڭيۈن.
— سىز «ئاق دالچىن» دېمىگەن بولسىڭىز، مەن «ئالتۇن مەغەز» دېگەن سۆزنى زورلاپ كەلتۈرەمتىم؟ ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرەك بايان قىلساق بېيىت مەزمۇنلۇق بولۇپ چىقىدۇ، ئاندىن ئەھۋالغا ئۇيغۇن هازىرباب بولىدۇ، — دېدى دەيىيۇيمۇ كۈلۈپ.
شياڭيۈن نائىلاج بېيىتنىڭ ئاخىرىنى ئۇلىدى:

سالدى باغنى لەرزىگە چوپ ـ جام غەلۋىسى.
بۇيرۇقچىغا بويسۇنار ئىككى سەپ مەيخور،

www.uyghurkitap.com

— كېيىنكى مىسراسى ئوبدان بولدى، ئۇنىڭغا قاملاشتۇرۇپ كەلتۈرۈش تەس، — دېدى دەييۈي، — ئاندىن ئويلىنىپ كېتىپ، ئايىغىنى قوشتى:

كۆتەر ياپتا جاۋاب سۆز بەزمە ساقىيسى.
شىشخالنى گۈل قىلغان قىزىل نۇقتىسى،

— «بەزمە ساقىيسى» دېگەن قىزىقارلىق بولدى، ئاددىي سۆز بەدىئىي قىلىپ ئىشلىتىلدى. بىراق، كېيىنكى مىسراغا شىشخال سۆزى كىرىپ قالدى ـ دە ! — دېدى شياڭيۈن. ئاندىن ئايىغىنى مۇنداق دەپ ئۇلاشقا مەجبۇر بولدى:

ئايلاندۇرغان گۈلنى تېز دۈمباق سوقىسى.
يورۇتۇپتۇ هويلىنى نۇرلار جىمىرلاپ،

— قاملاشتۇرۇپ چۈشۈردىڭىز، بىراق كېيىنكى مىسراسى قېيىپ كەتتى. ئەمدى ئاي، يەل دېگەن سۆزلەر بىلەن ئېيتىشقا توغرا كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى كۈلۈپ دەييۈي.
— ئاي توغرىسىدا ئېيتمىغاندۇق، ئانچە ـ مۇنچە بېيىتنى بېزەپمۇ قويۇش كېرەك. ئاندىن ماۋزۇدىنمۇ چەتلەشمەيدۇ، — دېدى شياڭيۈن.
— بۇنى قويۇپ تۇرايلى، ئەتە يەنە ئويلىشارمىز، — دېدى دەييۈي ۋە ئايىغىغا قوشتى:

يەر بىلەن كۆكنى قوشۇپ ئاينىڭ ياغدۇسى.
پەرقى بولماس مېھماننىڭ ئىنئام، پالدە،

— ئۇلارنى بېيىتقا قوشۇپ نېمە قىلاتتۇق؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزىمىز توغرىسىدا ئېيتايلىچۇ، — شياڭيۈن شۇنداق دەپ قويۇپ

مۇنداق ئۇلىدى:

ئايرىلغۇسى رەت بىلەن ھەر كىم نەزمىسى.
تۇرۇپ ھەردەم قاشادا قىلسا تەپەككۇر،

— مانا بۇ بىزنىڭ دىتىمىزغا باب كېلىدۇ، — دېدى دەييۇي.
ئاندىن ئايىغىنى مۇنداق دەپ ئۇلىدى:

پۈتەر گاھى ئىشىكتە شېئىر جۈملىسى.
تۈگەپ كەتتى مەي، لېكىن قالدى خۇمارى،

— مانا بۇ ھازىرباب بولدى! — دەپ شىياڭيۈن مۇنداق قوشتى:

خۇشاللىقتىن ئۇنتۇلدى تاڭ جېسەكچىسى.
بارا - بارا تىنچىدى كۆلكە - پاراڭلار،

— مانا ئەمدى بارغانچە تەس كېلىدىغان بولدى، — دېدى دەييۇي ۋە ئايىغىنى ئۇلىدى:

ئاي غۇۋۇالاپ شەبنەمدە قالدى بەلگىسى.
پەلەمپەي ئارا تاڭدا ئېچىلىپ لەيلە،

— بۇ مىسراغا قانداق قاپىيە چۇشۇرمە بولار قېنى، ئويلىنىپ باقاي، — دەپ شياڭيۈن ئورنىدىن تۇرۇپ. قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن كۆلۈپ كېتىپ، — بولدى، بەختىمگە يارىشا بىر سۆزنى ئويلاپ تاپتىم، بولمىسا يېڭىلىپ قالاتتىم! — دېدى - دە، ئايىغىنى مۇنداق چۇشۇردى:

يۇمۇلدى كەچ تۈتەكتە ھويلا سىرىسى.

www.uyghurkitap.com

ئۈرغۈپ چىقتى كۆز سۈيى سۈمۈلەك غاردىن،

دەيىۋى ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، بۇ مىسرانى قالتىس مىسرا بولدى دەپ ماختاپ كەتتى:

— ھەي، يامان شەيتان! راستلا ياخشى مىسرالارنى كېيىنگە قالدۇرۇپتىكەن. مانا ئەمدى، «سىرىس» دېگەن سۆزنى ئويلاپ تاپقىنىنى قارا!

— تۈنۈگۈنلا تېخى «ئۆتكەن پادىشاھلىقلار زامانىسىدىكى ئەسەرلەر تاللانمىسى» نى ئوقۇغىنىمدا ئاشۇ سۆزنى ئۇچراتقانىدىم. ئۇنىڭ قانداق دەرەخلىكىنى ئۇقماي، لۇغەت كۆرۈپ باقاي دېسەم، باۋچەي ئاچام: كۆرمەيلا قويۇڭ، بۇنى ھازىر «كۈندۈزى ئېچىلىپ، تۈندە يۇمۇلار» دەيدۇ، دېدى. مەن بۇ گەپكە ئىشەنمەي، يەنىلا ئاختۇرۇپ باققانىدىم، دېگەندەك شۇنداق گەپ ئىكەن. باۋچەي ئاچامنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ ئىكەن.

— «سىرىس» سۆزىنى مۇشۇ كەمدە ئىشلەتسە راسا جايىدا كېلىدۇ. بۇمۇغۇ بىر نۆرى، — دېدى كۈلۈپ دەيىۋى، — «ئۈرغۈپ چىقتى كۆز سۈيى ...» دېگەن مىسرانى ئوبدان ئويلاپ تېپىپسىز! مۇشۇ مىسرا بولىدۇ، باشقىلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك. بۇ مىسراغا راسا زېھنىمنى توپلاپ قوشمىسام بولمىدى. لېكىنزە، بۇ مىسراغا ئوخشىتىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ جۇمۇ، — شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئويلىنا ـ ئويلىنا، ئاران ئايغىنى ئۇلىدى:

تاغ تۈۋىگە يىغىلدى غازاڭ دۆۋىسى.
ئەتىۋارلىق ۋۇنۇينى تۇتتى غېرىبلىق[1]،

— بۇنى قاملاشتۇرۇپ قوشالىدىڭىز، بىراق مۇنۇ مىسرايىڭىز

---

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ۋۇنۇي چۇي يۇەننىڭ ئاچىسى ياكى كۇتكۇچىسى ئىكەن، چۇي يۇەننىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋۇنۇينى غېرىبلىق تۇتقان.

قېيىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى ھازىر باب بولغىنى، شۇنداقتىمۇ بۇ يەرگە «ۋۇنۇي» نى كەپلەپ قويماسلىق كېرەك ئىدى، — دەپ شياڭيۇن ئايغىنى ئۇلىدى:

كۇمۇش تۇسكە ئوراندى ئاينىڭ چۆرىسى.
ئاق توشقانمۇ تۇتۇندى دورا يانجىشقا،

دەيىۈي گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ، بىر ھازادىن كېيىن ئايغىنى ئېيتتى:

كىشى ئايغا تەلمۈرۈپ كەلدى ئۇچقۇسى.
كۆككە چىقىپ چىلىلىسا چوپان ۋە قىزنى،

شياڭيۇن ئايغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئايغىنى چۇشۇردى:

سالدا يۇرسە ئۇچراپتۇ تەڭرى نەۋرىسى[1].
ئاي بولۇر گاھى تولۇن، گاھىدا كەمتۈك،

— قاملاشمىدى، جۈپ بولالمىدى، تەمسىل تەكرارلىنىپ قالدى. كېيىنكى مىسرا بىر قەدەم سىلجىپ، «تومۇرنىڭ سوقۇشىغا بېقىپ داغلىغان» دەك بولدى، — دەپ دەيىۈي ئايغىنى ئېيتتى:

ئاي ئاخىرى ـ بېشىدا غايىب بولغۇسى.
تامچە سائەت چېپىلداپ سۇيىمۇ پۈتتى،

---

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، باپكار قىز تەڭرىنىڭ نەۋرىسى ئىمىش، بىركىم دېڭىزدا سال بىلەن كېتىۋېتىپ، سامانيولىغا يەتكەندە باپكار قىز بىلەن ئۇچراشقان-ىمىش.

www.uyghurkitap.com

شىياڭيۇن ئۇنىڭغا ئۇلاپ ئېيتاي دەپ تۇرۇشىغا، دەيىيۇي كۆلدىكى سايىنى كۆرسىتىپ، شىياڭيۇنگە:

— قارىغا كۆلگە، ئادەمدەك بىرنەرسە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتىغۇ! جىن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— كۆزىڭىزگە يەنە جىن كۆرۈنۈپتۇ - دە. مەن جىندىن قورقمايمەن، ئۇنى بىر ئۇرايچۇ، — دەپلا شىياڭيۇن ئېڭىشىپ، بىر دانە تاشنى ئېلىپلا كۆلگە ئاتتى. چولتۇككىدە قىلىش بىلەن پەيدا بولغان تورۇم - تورۇم ئۆركەش ئاينىڭ ئەكسىنى داۋالغۇتۇپ، بىرنەچچە قېتىم شۇنداق تورۇملەندى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن «غا ... غا ...» قىلىپ ئاق تۇرنا كۆتۈرۈلۈپ نېلۇپەر سەيناسىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

— ھە، ئاشۇ ئىكەن - دە! «بۇ تۇرنا خىيالىمغا كەلمىگەچكە مېنى قورقۇتۇۋەتتى، — دەپ كۈلدى دەيىيۇي.

— مانا قىزىق، بۇ تۇرنا ماڭا مەدەت قىلدى! — دەپلا شىياڭيۇن بېيتنىڭ ئايىغىنى ئۇلىدى:

بولدى غۇۋا پەردىدە شامنىڭ شولىسى.
سۇرلۇك كۆلنى سىيپىدى تۇرنا سايىسى،

دەيىيۇي بۇ مىسرانى ماختاپ كېتىپ، يەرنى بىرنى تەپتى - دە:

— يامان بولدى، بۇ تۇرنا راستىلا بۇنىڭغا ياردەم بەردى! بۇ مىسرا «ئۇرغۇپ چىقتى كۆز سۈيى ...» دېگەن مىسرادىنمۇ قالتىس بولۇپ چىقتى. بۇنىڭغا نېمە دەپ ئۇلىسام بولار؟ «سايە» سۆزىگە پەقەت «جان، ھەۋەس» سۆزىلا جۈپ كېلىدۇ. لېكىنزە، «سۇرلۇك كۆلنى سىيپىدى تۇرنا سايىسى» دېگەن جۈملە نېمىدېگەن تەبىئىي، نېمىدېگەن كۆركەم، نېمىدېگەن يېڭىلىق بولۇپ چىققان - ھە! مەن قەلەمنى چۆرۈۋەتسەم بولغۇدەك، — دېدى.

— ئوبدانراق ئويلاپ باقساق تېپىلىپ قالىدۇ، — دېدى كۈلۈپ شىياڭيۇن، — ياكى بولمىسا بۇنى قويۇپ تۇرۇپ ئايىغىنى

ئەتە ئۆلىساقمۇ بولىدۇ.

دەيىۋي ئۈنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئاسمانغا بېقىپ تۇرۇپ بىر ھازادىن كېيىن، بىردىنلا كۈلۈۋەتتى ۋە:

— بولدى، كاپشىماڭ، مەنمۇ تاپتىم! قېنى ئاڭلاڭ، — دەپلا ئايىغىنى چۈشۈردى:

ئاي ئۆچۈپلا ئۇجۇقتى شېئىر ھەۋسى.

— قالتىس ئوبدان چۈشتى. بۇنىڭغا زادىلا ئۇلاپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. «ئۇجۇقتى شېئىر ھەۋسى» دېگىنىڭىز ئاجايىپ قاملاشتى! — دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى شياڭيۈن، ئاندىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، — بۇ شېئىرغۇ ئاجايىپ يېگىلىق بولدى، لېكىن تولىمۇ سولغۇن بولۇپ قالدى! سىز ھازىر كېسەل بولغاندىن كېيىن، مۇنداق ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇ - نادامەتلىك مىسرالارنى تۈزمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى.

— مۇشۇنداق قىلمىسام، سىزنى قانداق بېسىپ چۈشەلەيمەن؟ — دەپ كۈلدى دەيىۋي، — كۆچۈمنى ئاشۇ مىسراغىلا ئىشلەتتىم ... — ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، قاشا سىرتىدىكى سۇئىي تاغ كەينىدىن بىركىم ئايلىنىپ چىقىپ، كۈلگەن بويى:

— قالتىس ياخشى بېيىت بولدى، بەك قاملاشتى! دېمىسىمۇ، بەكمۇ قايغۇ - ھەسرەتلىك بولۇپ كەتتى. بولدى داۋاملاشتۇرمايلا قويۇڭلار، ئاخىرى مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، بايىقى ئىككى مىسرا كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ - دە، زورمۇزور تىزىلغان سۆزلەر دۆۋىسى بولۇپ قالىدۇ.

دەيىۋي بىلەن شياڭيۈن بىردىنلا چۆچۈپ كېتىشتى، سەپسېلىپ قارىغانىدى، ئۇ مياۋيۈي ئىكەن. ئىككىسى ھەيران بولۇشۇپ:

— قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— ھەممىڭلارنى ئاي تاماشىسى قىلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئاندىن قۇلاق سالسام نەيمۇ بەك ئوبدان چېلىنىدى، — دەپ كۈلدى مياۋيۈي، — شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ مۇنۇ سۈزۈك سۇ بىلەن يورۇق ئاينى تاماشا قىلاي دەپ چىقتىم. ماڭا - ماڭا بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن، ئىككىڭلارنىڭ بېيىت ئېيتىشىۋاتقىنىڭلار قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ماڭا بەك نەپىس تۇيۇلۇپ، قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قالدىم. بىراق، بايا ئاڭلىغان شېئىرنىڭ ئىچىدە بىرقانچە مىسرا ياخشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ روھسىز، قايغۇلۇق بولۇپ كەتتى. بۇمۇ كىشىنىڭ تەقدىر - پېشانىسىگە باغلىق، شۇڭا مەن سىلەرنى توسۇپ قالاي دەپ تاغ كەينىدىن چىقتىم. ھازىر ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىملار ئۆيلىرىگە يېنىشتى، باغدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇيقۇغىمۇ كەتكەندۇ. ئىككىڭلارنىڭ دېدەكلىرى سىلەرنى نەلەردە ئىزدەپ يۈرىدىكىن؟ سوغۇقتىنمۇ قورقماپسىلەر؟ يۈرۈڭلار مەن بىلەن، مېنىڭكىگە بېرىپ چاي - پاي ئىچىڭلار، تاڭمۇ ئاتاي دەپ قالدى.

— شۇنچە ۋاقىت بولغىنىنىمۇ ئۇقماي قاپتۇق ! — دەپ كۈلدى دەييۈي.

ئۈچى بىللە يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىغا كەلدى. مېھراب - تەكچىلەردە ئىس تۈتەپ، كۈجىدانلاردا كۈجىلەر تۈگەل كۆيۈپ بولمىغان، بىرقانچە راھىبە موماي ئۇخلاپ قالغان، يالغۇز چۆرە قىزلا يېكەن سېلىنچىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ مۈگدەپ ئولتۇرغانىدى. مياۋيۈي ئۇنى ئويغىتىپ چاي دەملەشكە جورۇدى. شۇ ئەسنادا دەرۋازا قېقىلىپ قالدى. چۆرە قىز شۇئان چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى. قارىسا، زىجۈەن بىلەن سۇيلۇ ۋە بىرقانچە ئىنىگە ئىككى ھەمشىرىنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇلار كىرىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغان دەيیۈي بىلەن شياڭيۈننى كۆرۈپ كۈلۈشتى:

— ئەجەبمۇ ئىزدىتىشتىلە ! باغنىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ چىقتۇق. ھەتتا ھاما خېنىم تەرەپكىمۇ ئىزدەپ باردۇق. ئىزدە - ئىزدە، كىچىك شىپاڭغا كەلسەك، كىچىلىك جېسەكچىلەر ئەمدىلا ئويغىنىپ تۇرۇشۇپتىكەن، خان قىزلارنى سورىساق، ئۇلار:

«بايىراقتا شىپاڭ تېشىدىكى چېدىر تۈۋىدە ئىككىيلەن گەپلىشىۋاتاتتى، كېيىن يەنە بىرسى كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلار ئىبادەتخانىغا بارىمىز دېگەندەك قىلىشقان» دەپ جاۋاب بەردى. بىز ئاندىن ھەربىرلىرىنى بۇ يەردىكەن دەپ بىلدۇق.

مياۋيۈي دەرھال ئۇلارنى نېرىقى ئۆيگە باشلاپ چىقىپ چاي قويۇپ بېرىپ، بىر پەس ئارام ئالدۇرۇشقا دېدەكنى بۇيرۇدى. ئۆزى قەلەم ـ دۇۋەت، قەغەز ـ سىياھ ئېلىپ، دەيىيۈي بىلەن شياڭيۈنگە بايىقى قوشقان بېيىتلىرىنى ياد ئېيتقۇزۇپ بىر باشتىن يېزىۋالدى. دەيىيۈي بۇگۈن ئۇنىڭ ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

ــ سىزنىڭ مۇنداق خۇشال بولغىنىڭىزنى زادىلا كۆرمىگەنىدىم، ــ دەپ كۈلدى، ــ بۇنى دېۋەتكىلىك قىلىپ سوراشقا مېنىڭمۇ ھەددىم ئەمەس. مۇنۇ شېئىر توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسىڭىز بولار؟ بەك قاملاشمىغان بولسا كۆيدۈرۈۋېتەيلى. ئۆزگەرتكۈدەك يېرى بولسا سىز تۈزىتىپ قويارسىز.

ــ ئورۇنسىز باھا بېرىشكە ھەددىم ئەمەس، ــ دەپ كۈلدى مياۋيۈي، ــ بۇ ئاران يىگىرمە ئىككى بېيىت بوپتۇ. ئۆز خىيالىمچە، ئىككىڭلارنى ئەڭ پاساھەتلىك مىسرالارنى ئېيتىپ بولدى، يەنە داۋام قىلدۇرىدىغان بولسا بېرىپ ـ بېرىپ كۈچ ئېلىشالماي قالارمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. مەن ئايىغىنى ئۇلاي دېسەم، خۇددى بۇلغۇن كۆرپىگە ئىت قۇيرۇقىنى ئۇلاپ قويغاندەك، داغ چۈشۈرۈپ قويىمەنمىكىن دەيمەن.

دەيىيۈي مياۋيۈينىڭ شېئىر يازىدىغانلىقىنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى خۇشاللىقىنى كۆرۈپلا:

ــ شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىزغۇ، بىز ياخشى يازالمىغان بولساق، سىزگە ئەگىشىپ ياخشى يازىدىغان بولۇپ قالاتتۇق، ــ دېدى.

ــ ھازىرچە باشقىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئەسلىي قىياپىتىمىزگە يېنىشقا توغرا كېلىدۇ. چىن تۇيغۇ، ھەقىقىي

ئىشنى چۆرۈۋېتىپ، غەلىتە ـ ئۆڭگىلەك گەپلەرنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرسەك، بىرىنچىدىن، ھەرەم ئەھلى بولۇش قىياپىتىمىزنى يوقاتقان، ئىككىنچىدىن، ماۋزۇدىن چەتلەشكەن بولۇپ قالىمىز.

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، — دېدى دەيىيۈي بىلەن شياڭيۈن تەڭلا.

مياۋيۈي قەلەمنى ئېلىپلا پىچىرلاپ شېئىر ئوقۇدى، ئاندىن شارتلا يېزىپ ئۇ ئىككىسگە سۇنۇپ:

— زاڭلىق قىلماڭلار. مېنىڭچە، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئەسلىي مەنىگە يانغىلى بولىدۇ. بېشىدا قايغۇلۇق گەپلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانچە دەخلىسى يوق، — دېدى.

دەيىيۈي بىلەن شياڭيۈن شېئىرنى ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇ داۋامىنى مۇنداق يازغانىدى:

زەر داڭقاندا تۈتىدى ۋاقىت كۈجىسى،
تولدى سۈزۈك ياغ بىلەن قاشتاش قاچىسى.
زېرىكتۈردى يېسىر دەك نەينىڭ يىغىسى،
يېپىنچىنى ئىسسىتقاي قىزنىڭ چۆرىسى.
سۈمۈرغ گۈللۈك چىملىدىق قوزغىدى ھەسرەت،
بىكار تۇرار رەڭگارەڭ ئەنقا شىرمىسى.
قويۇق شەبنەم بىلەن مۇخ بولدى تېيىلغاق،
يۆلەك بولماس قىروۋلىق بامبۇك شادىسى.
ئەگىم كۆلچەك بويىدا ئايلىنىپ بىر پەس،
تارتتى كۆڭۈلنى تىمتاس تۆپە سەيلىسى.
چېلىشقاندەك ئالۋاستى كۆرۈنسە تاشلار،
زوڭ ئولتۇرغان يولۋاسكەن كۆتەك ـ چوقچىسى.
تاش كۆتۈرگەن تاشپاقا پارلىدى تاڭدا،
قوندى ئايۋان تورىغا سەھەر ئۈنچىسى.
قۇشلار ۋىچىر ـ ۋىچىرلاپ ياڭرىدى ئورمان،
تولدى مايمۇن ئۈنىگە تاغنىڭ جىلغىسى.
بىلىپ شۇنچە ئاچالنى ئاداشقۇلۇقمۇ؟

بۇلاق بىلگەن سورىماس نە دەپ چەشمىسى.
تۇچ قوڭغۇراق چېلىندى يېشىل كەنسە[1] دە،
چېلىلدى سەھەر خۇشبۇي شاللىق توخۇسى.
كەلسە پەيزى نېمىشقا قىلغاي نادامەت؟
نېچۈك بولسۇن پەرىشان يوقتۇر قايغۇسى؟
كۆڭلى ـ كۆكسىنى پەقەت بەزلىگەي ئۆزى،
ئىزھار بولۇر كىمگىمۇ مەسۇم تۇيغۇسى !
دېمە تالدىم ـ چارچىدىم تاڭ يورۇغاندا،
چاينى دەملەپ قىلغۇلۇق سۆھبەت سەلقىسى[2].

ئاخىرىغا «تاۋۇز چاغىنى كېچىسى نەزەر باغدا مەنزىرىنى كۆيلەپ ئېتىلغان ئوتتۇز بەش بېيىت» دەپ يېزىپتۇ.

دەييۇي بىلەن شياڭيۈن ئىككىسى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى:

— بىز ئەتىدىن كەچكىچە يېقىندىكىنى قويۇپ، يىراقتىكىگىلا يۈگۈرۈپ يۈرگىنىمىزنى قاراڭ، مۇشۇنداق شائىر يېنىمىزدىلا تۇرسا، بۇنى كۆرمەي كۈنبويى قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرۈۋېرىپتۇق.

— ئەتە قايتىدىن تۈزىتەرمىز، ھازىر تاڭ يورۇپ قالدى. ئەمدى ئارام ئالساقمۇ بولار، — دېدى كۈلۈپ مياۋيۈي.

دەييۇي بىلەن شياڭيۈن ئىككىسى بۇ گەپنى چۈشىنىپ، ئورنىدىن قوزغىلىپ خوشلاشتى ـ دە، دېدەكلەرنى باشلاپ ماڭدى. مياۋيۈي تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى تاقاپ يېنىپ كىردى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

— چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىزنى كېلىپ

① يېشىل كەنسە — يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانا.

② سۆھبەت سەلقىسى — سەلق: قايناش. «سۆھبەت سەلقىسى» بۇ يەردە قىزغىن سۆھبەت قۇرماق (شېئىر ھەققىدە) دېگەن مەنىدە كېلىۋاتىدۇ.

ئۇخلايدۇ دەپ كۈتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ يەرگە بارساق بولارمىكىن، — دېدى سۈيلۈ شياڭيۇنگە.

— يول ئۆتەر سەن كىرىپ ئۇلارغا دەپ قوي، ئۇلار ئۇخلاۋەرسۇن، بۇ تۇرقىدا بارسام كېسەل ئادەمنى بىسەرەمجان قىلىپ قويارمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، بېرىپ دەييۈي قىزنىلا ئاۋارە قىلاي، — دېدى كۈلۈپ شياڭيۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بامبۇكزار سارايغا كېلىشتى. كىشىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۇخلاپ قاپتۇ. دەييۈي بىلەن شياڭيۇن كىرىپلا بېزەكلىرىنى ئېلىپ، ئېگىنلىرىنى سېلىپ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، كارىۋاتقا چىقىپ ئارام ئېلىشتى. زىجۈەن شايى چىمىلدىقنى چۈشۈرۈپ قويدى، چىراغنى ئورنىدىن يۆتكەپ، ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى.

شياڭيۇننىڭ ئورۇن يۆتكەلسە ئۇخلىيالمايدىغان كېسىلى بار ئىدى، بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. دەييۈيمۇ كەم ماغدۇر بولغاچقا، كۆپىنچە ئۇخلىيالماي چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ئۇخلاش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ ھېرىقىپ قالغاچقا، تېخىمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئىككىسى ئۇياققا - بۇياققا ئېغىناۋەردى.

— نېمىشقا تېخىچە ئۇخلىيالمايسىز؟ — دەپ سورىدى دەييۈي.

— مېنىڭ ئورۇن يۆتكەلسەم ئۇيقۇم كەلمەيدىغان كېسىلىم بار، — دەپ كۈلدى شياڭيۇن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى. مۇشۇنداقلا ياتسام بولدى، سىز نېمىشقا ئۇخلىمايسىز؟

— مېنىڭ ئۇخلىيالماسلىقىم بۈگۈنلا بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس! — دېدى ئاھ ئۇرۇپ دەييۈي، — بىر يىلدا ئىچىدە جۈغى - جەمى ئاران ئون كېچىلا تولۇق ئۇخلىيالايمەن.

— ئەمىسە سىزنىڭ بۇ كېسىلىڭىزدىن ئەجەبلەنمىسەك بولغۇدەك! — دېدى شياڭيۇن.

بۇنىڭ كەينىدىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

## يەتمىش يەتتىنچى باب

### چىرايلىق دىدەكىنىڭ نوچىلىقىدىن دەرد ئىچىدە ۋاقىتسىز قازا تاپقانلىقى
### گۈزەل ئويۇنچىنىڭ ھەۋەستىن قول ئۈزۈپ بۇۋىلىك يولىغا قەدەم قويغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، تاۋۇز چاغىنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، فېڭجيېنىڭ كېسىلىمۇ بۇرۇنقىدىن خېلى تۈزىلىپ قالدى، سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ تالا ـ تۈزلەرگە چىقالايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېۋىپ ھەر كۈنى كېلىپ تومۇر تۇتۇپ، دورا ئىچۈرۈپ تۇردى، يەنە كۆمىلاچ دورىغا قەغەز يېزىپ، مادەتۇلھايات كۆمۈلىسى تەييارلاپ بەرمەكچى بولدى.

بۇ دورىغا ئەلا سورتلۇق مېھرىگىياھدىن ئىككى سەر لازىم بولۇپ قېلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سورىۋىدى، ھۇجرىدىكىلەر خېلىغىچە ئاختۇرۇپ، ئاران دېگەندە كىچىك قۇتىدىن چاي تۈرگۈچىنىڭ تومۇقچىلىك بولغان بىرنەچچە تال مېھرىگىياھ تېپىشتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنى ياراتماي، يەنە ئىزدەشتۈرۈشكە بۇيرۇغانىدى. بۇ قېتىم مېھرىگىياھنىڭ ئۇششاق يىلتىزلىرى ۋە ئۇۋاقلىرىدىن چوڭ بىر بولاق تېپىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— لازىم قىلمىغاندا پۇتلىشىپ يۈرىدۇ، لازىم بولغاندا تېپىلمايدۇ. مەن سىلەرگە ئىزدەشتۈرۈپ ھەممىنى بىر يەرگە

يىغىپ قويۇڭلار، دەپ دائىم دەيمەن. لېكىن، قۇلىقىڭلارغا گەپ كىرمەي خالىغان يەرگە تاشلاپ قويۇۋېرىسلەر، — دېدى.

— بۇنىڭدىن باشقىسى يوق ئىكەن، — دېدى سەييۇن، — ئۆتكەن قېتىم ئۇ تەرەپتىكى خېنىم كېلىپ ئەكەتكەن.

— بىكار گەپ ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — يەنە بىر قېتىم ئوبدانراق ئاختۇرۇپ باق.

سەييۇن يەنە چىقىپ ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇپ، بىرنەچچە بولاق دورىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە:

— بۇنىڭ قانداق دورىلىقىنى ئۇقمايدىكەنمىز، ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرى كۆرۈپ باققان بولسىلا، ئەمدى بۇنىڭدىن باشقىسى يوق، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بولاقنى ئېچىپ، ئۇنتۇپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، بولاقتىكى دورىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىدى. بولاقتا بىر تالمۇ مېھرىگىياھ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فېڭجيېنىڭ ئۆزىدە بار - يوقلۇقىنى سورىتىپ ئادەم ئەۋەتتى. فېڭجيې كېلىپ:

— مېھرىگىياھدىن ياسالغان مەلھەم دورىدىن ئازراق بار. مېھرىگىياھ يىلتىزلىرىدىن بىرنەچچە تال بولسىمۇ، ئەمما دېگەندەك ياخشىسىدىن ئەمەس، ئۇنى ھەر كۈنى قايىنىتىۋاتقان دورىغا ئىشلىتىۋاتىمىز، — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمدىن سوراپ ئادەم ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم كەلگۈچىگە: «ئۆتكەن قېتىم بىزدە بولمىغاچقا، سىلەردىن سورىتىپ ئەكەلگەن، شۇ چاغدىلا ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بوپتىمىز» دەپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھېچ ئامال قىلالماي، ئۆزى بېرىپ جيا ئانىدىن سوراشقا مەجبۇر بولدى.

جيا ئانا شۇ زامانلا ئۆتكەندە ئىشلىتىپ قېلىپ قالغىنىنى ئاچىقتىشقا يۈەنياڭنى بۇيرۇدى. جيا ئانىدا تومۇلۇقى بارماقچىلىك بولغان مېھرىگىياھدىن يوغان بىر بولاق بار ئىكەن، شۇنىڭدىن



www.uyghurkitap.com

ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئىككى سەر تارتىپ بەردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چىقىپ مېھرىگىياھنى جۇرۇيىنىڭ ئايالىغا بەردى ۋە مۇلازىملاردىن بىرسى ئارقىلىق تېۋىپنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن قانداق دورا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ھېلىقى بىرنەچچە بولاق دورىنىمۇ ئالغاچ بېرىپ تېۋىپقا كۆرسەتسۇن، تېۋىپ تونۇپ بەرگەندىن كېيىن، ھەربىر بولاقنىڭ ئۈستىگە دورىنىڭ ناملىرىنى يېزىپ قويسۇن، دەپ تاپشۇردى.

بىرەمدىن كېيىن جۇرۇيىنىڭ ئايالى ھېلىقى دورىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ شۇنداق دېدى:

— مۇنۇ بىرنەچچە بولاق دورىلارنىڭ ناملىرىنى ئۈستىگە يېزىپ بېرىپتۇ، ماۋۇ بولاقتىكىسى ياخشى مېھرىگىياھدىن ئىكەن، بىراق بەكمۇ كونىراپ كېتىپتۇ. بۇ باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، يۈز يىلدىن ئۆتۈپ كەتسىلا ئۆزلۈكىدىن كۇلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، بۇنىسى تېخى كۇلگە ئايلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما چىرىپ قۇرۇق ياغاچقا ئايلىنىپ قاپتۇ، بۇنىڭ ئەمدى كۈچىمۇ قالمىغان، ئاغىچا خېنىم، بۇنى ئېلىپ قويۇپ، ئىنچىكە ـ تومۇلۇقىنى سورۇشتۇرمەي، يېڭىسىدىن بىر ئاز ئالدۇرسا، دەپتۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي، بىر ھازادىن كېيىن:

— بۇنىڭغا باشقا ئامال يوق، سېرىتتىن ئىككى سەر سېتىۋالمىدىغان بولدۇق شۇ، — دېدى ـ دە، ھېلىقى مېھرىگىياھقا قارىغۇسىمۇ كەلمەي، — ئېلىپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇپ، ئارقىدىن جۇرۇيىنىڭ ئايالىغا، — سەن چىقىپ سىرتتىكىلەرگە ئېيت، ياخشىسىدىن ئىككى سەر سېتىۋېلىپ كەلسۇن، ناۋادا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بەرگىنىنى ئىشلەتتۇق دەڭلار، باشقا ئارتۇق گەپ قىلماڭلار، — دېدى. جۇرۇيىنىڭ ئايالى چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان باۋچەي

www.uyghurkitap.com

كۇلۇپ تۇرۇپ:

ــ ھاما، سەل تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، ــ دېدى، ــ ھازىر بازاردا مېھرىگىياھنىڭ ئوبدانلىرى يوق، ھەممە شاخ ـ يىلتىزلىرى پۇتۇنلىرىدىن بار بولسىمۇ، خەقلەر ئۇنى ئىككى ـ ئۈچ پارچە قىلىپ توغراپ، ئاندىن سۇغا چىلاپ كۆپچۇتۇپ شاخ ـ يىلتىز قاداپ، تەڭشەپ ساتىدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە ـ تومىلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ گۆرۈخانىدىكىلەر شۇنىڭ ئەھلى بىلەن دائىم ئېلىم ـ بېرىم قىلىشىپ تۇرىدۇ. مەن بېرىپ ئانامغا ئېيتاي، ئاكام بېرىپ دۇكان خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق مېھرىگىياھ سودىگەرلىرىدىن ئەسلىي مېھرىگىياھنىڭ ئۆزىدىن ئىككى سەر ئەكەلسۇن، بىر ـ ئىككى سەر كۈمۈشنى ئارتۇق خەجلىسەكمۇ ئوبدىنىنى ئالغىنىمىز ياخشى.

ــ يەنىلا سىزنىڭ ئەقلىڭىز بار ئىكەن، قىزىم، ئەمدى بۇ ئىشقا ئۆزۈڭلا ماڭغان بولساڭ تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى، ــ دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۇلۇپ.

شۇنىڭ بىلەن باۋچەي چىقىپ كېتىپ، بىر ھازادىن كېيىن كىردى ۋە:

ــ ئادەم ئەۋەتتۇق. كەچقۇرۇنغىچە ئۇچۇرىنى بېرىدۇ، دورىنى ئەتە ئەتىگەندە ياسىسىمۇ كېچىكمەس، ــ دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋچەيدىن سۆيۈنۈپ كېتىپ:

ــ «كاسىپ ئۆزىگە چىقىنالمايدۇ» دېگەن مۇشۇ ـ دە، ئۆزىمىزدە بار نېمىنى خەققە بېرىۋېتىپتۇق، ئەمدى ئۆزىمىزگە كېرەك بولغاندا، باشقا يەردىن ئىزدەشكە توغرا كەلدى، ــ دېدى ـ دە، چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى.

ــ بۇ ئۆزى پۇللۇق نەرسە بولغىنى بىلەن، بەربىر دورا ـ دە، ھاجەتمەنگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەن ياخشى ئىش. بىز ئۇنداق بىرنېمىنى تاپسا خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك تىقىشتۇرۇپ كېتىدىغان ھېچنېمە كۆرمىگەن ئادەملەرگە ئوخشىمايمىز، ــ دېدى باۋچەي.

— بۇ گېپىڭمۇ ئورۇنلۇق، — دەپ قويدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ.
بىردەمدىن كېيىن باۋچەي چىقىپ كەتتى، ھۇجرىدا ھېچكىم قالمىغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جۇرۇيىنىڭ ئايالىنى يېنىغا چاقىرىپ:
— قايسى كۈندىكى باغنى تىنتىش ئىشىنىڭ ئاخىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.
جۇرۇيىنىڭ ئايالى ئالىلقاچان فېڭجيې بىلەن بىر مەسلىھەتكە كېلىۋالغاچقا، بىر ئېغىز گەپنىمۇ قالدۇرماي ھەممىنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. سىچى يىڭچۈن خان قىزنىڭ چۆرىسى ھەم نېرىقى تەرەپنىڭ ئادىمى بولغاچقا، بۇ ئىشنى شىڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىشقا ئادەم بۇيرۇماقتىن باشقا ئامال قىلالمىدى.
— قايسى كۈنى شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا چېپىلغاق دەپ كايىپ، ئۇنى بىرنەچچە تەستەك ساپتۇ، — دېدى جۇرۇيىنىڭ ئايالى بولغان ئىشنى مەلۇم قىلىپ، — ھازىر ئۇ ئايال ئاغرىپ قالدىم، دەپ كۆزگە كۆرۈنگۈسى كەلمەي يېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىچى ئۇنىڭ قىز نەۋرىسى بولغاچقا، ئۆزىنى كاچاتلاپ ئاغزى يۇمۇلۇپتۇ، بۇ ئىشنى يادىدىن چىقىرىۋەتكەندەك بولۇۋېلىپ، كۈنلەر ئۆزاپ، گەپ - سۆزلەر بېسىققاندىن كېيىن بىرنېمە دەرمەن دېسە كېرەك. ھازىرلا ئۇ تەرەپكە بۇ ئىشنى مەلۇم قىلساق، خۇددى بىز يوقىلاڭ ئىش تاپقاندەك تۇيۇلۇپ قېلىپ، ئۇلاردا گۇمان پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە، سىچىنى ساندۇقىدىن چىققان نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپلا ئۇ تەرەپكە ئاپىرىپ ئاغىچا خېنىمغا كۆرسەتسەك، ئۇنى ئانچە - مۇنچە ئۇچۇقلاپ ئەرگە بېرىۋېتىپ، ئورنىغا باشقا دېدەكتىن بىرنى سەپلەپ بەرسەك ئىشنى ئاۋۇتمىغان بولارمىزمىكىن؟ شۇ تۇرقىدىلا بېرىپ ئېيتقىنىمىز بىكار، ئۇ ياقتىكى ئاغىچا خېنىم

ئاڭلاپ مانا ـ ئەنە دەپ ئاغى قىلسا ياكى «بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئاغىچا خېنىمىڭىز ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلسا بولمامدۇ، كېلىپ ماڭا دەپ نېمە قىلاتتىڭىز؟» دېسە، ئۇ چاغدا ئىشقا دەخلىسى يېتەرمىكىن؟ ناۋادا ئۇ چۆرە قىز پەيتىنى تېپىپ ئۆلۈۋالسا ئوبدان بولمايدۇ، ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭياقى نەزەر سالغۇدەك بولسام، ئۇ سەل ھورۇنلىشىپ قاپتۇ، ناۋادا ئازراقلا بىخەستەلىك قىلىنىپ قالسا، بىرەر ۋەقە چىقىرىپ قويمىسۇن يەنە !

— بۇمۇ بار گەپ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سەل ئويلىنىپ قېلىپ، — ئەمىسە، بۇ ئىشنى چاپسانراق تۈگىتىپ، ئاندىن بىزدىكى ھېلىقى غەنناجلارنى بىر تەرەپ قىلايلى.

جۇرۇيىنىڭ ئايالى چىقىپ كېتىپ، ئۇ تەرەپتىكى بىرنەچچە خىزمەتكار ئايالنى يىغدى. ئالدى بىلەن يىڭچۈننىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى يىڭچۈنگە مەلۇم قىلدى. يىڭچۈن ئاڭلاپ، سىچىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك بولۇپ كۆزىگە ياش ئالدى، قايسى كۈنى ئاخشىمى بولغان ۋەقەنى دېدەكلەر ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىرنەچچە يىل بىللە بولۇپ بىر ـ بىرىگە ئىچەكىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئىش قائىدە ـ يوسۇنغا بېرىپ تاقالغاچقا، ئۇمۇ ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى. سىچىمۇ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسا ئىكەن دېگەن ئۈمىدتە يىڭچۈندىن پاناھ تىلەپ باقتى، ئەمما يىڭچۈن تىلى گال، قولىقى يۇمشاق، كۆڭلى ئېرىگەك قىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز ھۆددىسىگە ئالالماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. سىچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، تىزلانغىنىچە يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— خان قىز، باغرىلىرى ئەجەبمۇ قاتتىق ئىكەن ! ئىككى كۈندىن بۇيان مېنى گوللاپ كەلگەنىدىلە، ئەمدى بولغاندا نېمىشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىلا؟

— سەن تېخىچىلا مېنى خان قىز ئېلىپ قالسىكەن

دېمەكچىمىدىڭ؟ — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — ئېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ باغدىكىلەرنىڭ يۈزىگە قارىيالمايسەن. چىرايلىق گەپ قىلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرىپ بۇ قىلىقىڭنى قوي، چاپسان بول، ئىنىس ـ جىنغىمۇ تۈيدۇرماي چىقىپ كەتسەڭ ھەممىمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن ياخشى.

يىڭچۈن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كىتابقىمۇ قارىماي، گەپكە جاۋابمۇ بەرمەي، ئۈيانغا تولغىنىپلا، تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— چوپچوڭ بولۇپ قالغان قىزمۇ ئۆزۈڭنىڭ قىلغىنىنى ئۆزۈڭ بىلمەمسەن؟ خان قىزغىمۇ سەتچىلىك تېپىپ بەرگەن تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىۋالغىنىڭنى قارا! — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يىڭچۈن ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— رۇخۇانى قارىغىنا، ئۇمۇ مېنىڭ يېنىمدا بىرنەچچە يىل تۇرغانغۇ؟ ئۇ نېمىشقا چىقىپ كەت دېيىشكە چىقىپ كېتىدۇ؟ ئەلۋەتتە، كېتىدىغانلار يالغۇز ئىككىمىزلار ئەمەس، ئويلاپ باق، باغدىكىلەردىن بويىغا يەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىلا كېتىدۇ. گېپىمگە كىرگىن، كەلگۈسىدە بەرىبىر تارقىلىمىز، شۇڭا ھازىردىن باشلاپ بىردىن ـ ئىككىدىن مېڭىپ تۇرغىنىمىز ياخشى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — يەنىلا مۇشۇ خان قىز ئەقىللىك ئىكەن. ئەتە ـ ئۆگۈن يولغا سېلىنىدىغانلار يەنە بار، مەنىلىمىكىن دېمە، خاتىرجەم بول.

ئامالسىز قالغان سىچى كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ يىڭچۈنگە باش قويدى، ئاندىن كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى، يەنە يىڭچۈننىڭ قۇلىقىغا:

— ناۋادا مېنىڭ جاپا تارتىپ قالغانلىقىم قۇلاقلىرىغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزلىرىگە قىلغان چاكارلىقىمنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلىپ بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ

قىلىپ قويسىلا، ــــ دېدى.

ــــ ئۇنىڭدىن غەم يېمە، ــــ دېدى يىگىچۈن كۆزىگە ياش ئېلىپ.

جۇرۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلار سىچىنى ئاچقىپ كەتتى. سىچىنىڭ جىمى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىككى خىزمەتكار ئايال كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئۇلار تېخى بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا شيۇجۇي يۈگۈرۈپ چىقىپ، يېشىنى سۈرتكەچ سىچىغا قول ياغلىقىقا ئورالغان بىر نەرسىنى بەردى ۋە:

ــــ بۇنى خان قىز ساڭا بەردى، سەن بىر مەزگىل خان قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلدىڭ، بۈگۈن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەچكە، خان قىز بۇنى ساڭا يادىكار قىلدى، ــــ دېدى.

سىچى ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي تېخمۇ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن شيۇجۇي بىلەنمۇ يىغا ـ زار قىلىشتى. جۇرۇينىڭ ئايالى تاقەتسىزلىنىپ، ھە دەپ ئۇلارنى ئالدىرىتاتتى، ئاخىر ئىككىسى ئامالسىز ئايرىلىشتى.

ــــ يەڭگە، ئانىكىلىرىم، ــــ دەپ يىغلاپ تۇرۇپ يەنە يالۋۇردى سىچى، ــــ قانداقلا بولسۇن، ئازراق يۈزۈمنى قىلغان بولساڭلار: سىلەر مۇشۇ يەردە كىچىككىنە ئارام ئېلىپ تۇرغاننىڭ ئارىلىقىدا مەن بېرىپ، بۇرۇن ياخشى ئۆتۈشۈپ كەلگەن ئېگىچە ـ سىڭىللىرىم بىلەن خوشلىشىۋالسام، ھېچبولمىغاندا شۇلار بىلەن ئوبدان ئۆتۈشكىنىمىزنىڭ يۈز ـ خاتىرى بولۇپ قالاتتى.

جۇرۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشلىرى بار ئىدى، ھازىرقى بۇ ئىشلارنى ئامالىنىڭ يوقىدىن قىلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ قىزلارنىڭ ئادەتتە قىلىپ يۈرگەن يوغانچىلىقلىرىغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچلۈك قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغانغا نەدە ئۇلارنىڭ چولىسى؟ شۇڭا جۇرۇينىڭ ئايالى سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، قەدىمىنى توختاتماي:

ــــ قىرچاڭغۇلۇق قىلماي، گېپىمگە كىرىپ يولۇڭغا ماڭ!



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بىزنىڭ تېخى بۇنىڭدىن مۇھىم ئىشلىرىمىز بار. بۇ يەردىكىلەردىن قايسىسى سەن بىلەن بىر قورساقتىن چۈشۈپتىكەن؟ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۇلار بىلەن مۈشۈيەردىلا تونۇشۇپ بىر مەزگىل بىللە بولغىنىڭغا، بولدىلا دېمەيدىغان نېمىسى بار ئىدى؟ گېپىمگە كىرىپ چاپسانىراق ماڭ ! — دېگىنىچە ئۇنى ئېلىپ مېڭىپ ئارقا يان ئىشىكتىن چىقتى. سىچى ئامالنىڭ يوقىدىن، يەنە بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالماي ئارقىدىن ماڭدى.

دەل شۇ چاغدا باۋيوي سىرتتىن كىرىۋاتاتتى، ئۇ سىچىنى ھېلىقىلارنىڭ ئاچىقىپ كېتىۋاتقىنىنى ھەم ئارقىدا نۇرغۇن بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانلارنى كۆرۈپ، سىچىنىڭ مۇشۇ كەتكىنىچە ئىككىنچى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆتكەن ئاخشام بولغان ئىشنى ئاڭلىغانىدى، چىڭۋېننىڭ كېسىلىمۇ ئاشۇ كۈندىكى ئىش سەۋەبىدىن ئېغىرلاشقانىدى، چىڭۋېندىن كوچىلاپ سورىغاندا، ئۇ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئېيتمىغانىدى. ئەمدى سىچىنىڭمۇ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك تۇرۇپ قالدى - دە، دەررۇلا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

جۇرۈينىڭ ئايالى باۋيوينىڭ ئادەتتىكى پەيلىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە گەپ سېتىپ ئىشىمىزغا دەخلى يەتكۈزمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ:

— بۇ ئىشنىڭ سىلى بىلەن ئالاقىسى يوق، مەكتەپلىرىگە چاپسان ماڭسىلا، — دېدى.

— ئاچىلىرىم، بىردەم تۇرۇپ تۇرساڭلار، ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى باۋيوي كۈلۈپ.

باۋيوينىڭ بۇ گېپىگە جۇرۈينىڭ ئايالى:

— ئاغىچا خېنىم، ۋاقىتنى تولا كەينىگە تارتماڭلار، دەپ تاپىلىغان، يەنە نېمە گەپ بولغاي؟ بىز ئاغىچا خېنىمنىڭلا

گېپىنى بىلمىمىز، ئارتۇق ئىش بىلەن كارىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بەردى.

سىچى باۋيۈيىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە يىغلاپ:

— ئۇلار بۇ ئىشنى ئىلىگىدالمايدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، ئۆزلىرى بېرىپ ئاغىچا خېنىمدىن تىلەپ باققان بولسىلا، — دېدى.

باۋيۈيمۇ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش ئالدى ــ دە، شۇنداق دېدى:

— قانداق چوڭ ئىش تۇغدۇرۇپ قويغانسىزكىنتاڭ! چىڭۋېنمۇ ئاچچىق يۇتۇپ كېسەل بولۇپ قالدى، بۇگۈن سەنمۇ چىقىپ كېتىۋاتىسەن، قانداق قىلىدىغان گەپ ئەمدى!

— سەن ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ ئورۇنباسار خان قىز ئەمەس، — دېدى جۇرۇيىنىڭ ئايالى سىچىغا تېرىكىپ، — گەپكە كىرمەيدىكەنسەن، مەندىن تاياق يەيسەن. بۇرۇنقىدەك خان قىزلارنىڭ ھىماتى بىلەن بىلگىنىمىزنى قىلىمىز دەپ خىيال قىلىشما! شۇنچە گەپ قىلغاندىن كېيىن، چىرايلىقچە يولۇڭغا ماڭمامسەن! غوجامنى كۆرۈپلا يەنە قىرچاڭغۇلۇق قىلغىلى تۇردى، قانداق گەپ بۇ؟

بىللە كېتىۋاتقان بىرنەچچە ئايال سىچىغا ئېغىز ئاچۇرماي ئۇنى سۆرىگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى.

باۋيۈي ئۇلارنىڭ چىقىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا نەپرەت بىلەن تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى ۋە ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن زەردە بىلەن:

— غەلىتە ئىش، غەلىتە ئىش! نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ خەقلەر ئەرگە تەگكەندىن كېيىنلا ئەرلەرنىڭ خۇيلىرىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ مۇشۇنداق دۆيۈزلۈك قىلىدىكەن، ئەرلەردىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدىكەن! — دېدى.

باغنىڭ ئىشىكىنى بېقىۋاتقان مومايلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى:

— بۇ گەپلىرىچە بولغاندا، قىزلارنىڭ ھەممىسى بەلەن، خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ئوسال ئىكەن - دە، — دېيىشتى ئۇلار.

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى باۋيۇي زەردە بىلەن.

شۇ ئارىدا بىرنەچچە موماي ئالدىراپ - سالدىراپ كېلىپ:

— پەخەس بولۇڭلار! ھەممىڭلار بىر يەرگە يىغىلىپ ھازىر بولۇپ تۇرۇڭلار. ئاغىچا خېنىم باغقا كىرىپ كىشىلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىكەن، — دەپ تاپىلاپ قويۇشتى، — چاپسان بېرىپ ئارامبەخش ھويلىدىكى چىڭۋېن قىزنىڭ يەڭگىسىنى باشلاپ كىرىڭلار، مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرسۇن، سىڭلىسىنى ئاچىقىپ كېتىدىكەن، ئامىتابا! بۇگۈن خۇدانىڭ كۆزى كۆرۈپتۇ، بۇ بالا - قازا غەننىاجنى كۆزدىن يوقىتىپ، بىزنى ئارام تاپتۇرىدىغان بولدى، — دەپ كۈلۈشتى.

باۋيۇي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزى كىرىپ تەكشۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، چىڭۋېنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، باغقا ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. شۇڭا، مومايلارنىڭ خوپ بوپتۇ دېگەن ھېلىقى گېپىنى ئاڭلىماي قالدى.

باۋيۇي ئارامبەخش ھويلىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ يەردە بىر توپ ئادەملەر تۇراتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھۇجرىدا خاپا چىراي ئولتۇراتتى. ئۇ باۋيۇيگە پەرۋامۇ قىلمىدى. چىڭۋېن تۆت - بەش كۈندىن بېرى تېرىقچە نەرسىگىمۇ ئېغىز تەگكۈزمىگەنىدى. چاچلىرى پاخپايغان، يۈز - كۆزى مەينەت ئىدى، ئۇنى كاڭدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، ئىككى ئايال قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاچىقىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇچىسىغا سىپىپ يۈرگەن كىيىملىرىنى چۈرۈۋېتىڭلار. قالغانلىرىنى ئېلىپ قېلىپ ئوبدان دېدەكلەرگە بېرىڭلار! — دەپ جېكىلىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. ئاندىن ھەممە دېدەكلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، — مۇشۇ ھۇجرىدا تۇرۇۋاتقان ھەممە دېدەكلەرنى چاقىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دېدەكلەرنىڭ باۋيۇيىنى يامان يولغا باشلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن شىرېندىن باشلاپ تاكى قارا ئىش قىلىدىغان كىچىك چۆرىلەرگىچە ھەممىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

— قايسىڭلار باۋيۈي بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

شۇ دېدەكنىڭ ئۆزى «مەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، لى ئېمىكئانا:

— مانا ماۋۇ خۇيشياڭ، ئۇنى سىئېرمۇ دېيىشىدۇ، باۋيۈي بىلەن مۇشۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىر، — دەپ كۆرسىتىپ قويدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قارىدى، ئۇنىڭ چىراي - شەكلى چىڭۋېننىڭ نىسپىيگە كېلەلمىسىمۇ، ئەمما خېلى ئىسكەتى بار ئىدى، زېرەكلىكى يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، كىيىنىشلىرىمۇ باشقىچە ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— بۇمۇ بىر شەرمەندە بىرنېمە ئىكەن! ئىزا تارتماستىن تېخى بىر كۈندە تۇغۇلغانلار ئەر - خوتۇن بولىدۇ، دەپ يۈرۈپتىمىش. بۇ گەپنى قىلغان سەنغۇ دەيمەن؟ مېنىمزە بىزدىن يىراق تۇرىدۇ، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەنسەن - دە! بۇ يەرگە ئۆزۈم ئانچە كەلمىگىنىم بىلەنچۇ، قۇلىقىم، ئەس - يادىم ھەممىشە مۇشۇ يەردە. بارى - يوق بىر تالىلا باۋيۈي بالامىنىزە، سەنلەر ئازدۇرۇپ يولدىن چىقارساڭلار مەن قاراپ تۇرامتىم؟

سىئېر ئۆزىنىڭ باۋيۈي بىلەن يەڭ ئىچىدە قىلىشقان گەپلىرىنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۇپپىدە قىزاردى - دە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ بۇقۇلدىغىلى تۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— بۇنىڭمۇ ئۆيىدىكىلىرىنى چاقىرىپ كىرىڭلار، ئاچىقىپ

بىرىگە چېتىپ قويسۇن! — دەپ بۇيرۇدى. ئارقىدىن، — ھېلىقى فاڭگۇەن دېگەن قېنى؟ — دەپ سورىدى. فاڭگۇەن ئالدىغا كېلىۋىدى، ئۇنىڭغا، — چاڭچىلىكەش قىز بالا دېگەن غەنناجىنىڭ نەق ئۆزى! ئۆتكەندە ھەرقايسىڭنى ئازاد قىلار چاغدا كېتىشنى خالاشمىۋىدىڭ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن نېسىۋەڭگە شۈكۈر قىلىپ يۈرۈشسەڭ بولاتتى. سەن ئېزىتقۇلۇق قىلىپ، باۋيۈينى قۇترىتىپ قىلمىغىنىڭ قالمىدى! — دېدى.

— غوجامنى بىرەر ئىشقا قۇترىتىشقا ھەددىم ئەمەس، — دېدى فاڭگۇەن كۈلگەن پېتى ئۆزىنى ئاقلاپ.

— سەن تېخى گەپ ياندۇرۇۋاتىسەنغۇ! ھەتتا ئاتاق ئاناڭنىڭ بېشىغا چىقىۋالغان يەردە باشقىلاردىن تەپ تارتامتىڭ! — ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى - دە، ئارقىدىن، — بۇنىڭ ئاتاق ئانىسىنى چاقىرىڭلار، بۇنى ئاچىقىپ كېتىپ كۈيۈئوغۇللۇق بولۇۋالسۇن. نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتاق ئانىسىغا بېرىلسۇن! — دەپ ۋارقىراپ بۇيرۇق چۈشۈردى ھەم مۇنداق دەپ جېكىلىدى، — ئۆتكەن يىلى خان قىزلارنىڭ خىزمىتىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن چاڭچىلىكەش قىزلارنىڭ بىرسىمۇ باغدا قالمىسۇن، ئاتاق ئانىلىرى ئاچىقىپ كېتىپ ئۆزلىرى ياتلىق قىلىۋەتسۇن.

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ ئاتاق ئانىلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىشى بىلەنلا، ئۇلار مۇرادىغا يەتكەنلىكى ئۈچۈن تۈگىمەس مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا باش قويۇشتى - دە، چاڭچىلىكەش قىزلارنى ئاچىقىپ كېتىشتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆينى ئالا قويماي، باۋيۈينىڭ جىمى نەرسىلىرىنى تىنتىپ چىقتى، كۆزىگە سەللا يات كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى ۋە:

— مانا ئەمدى بۇ يەر پاكىز ئېرىقدالدى، خەقلەرمۇ تىلىنى چاينىيالمايدۇ، — دەپ قويۇپ، شىرېن، شېيۆلەرگە تاپىلىدى، —

پەخەس بولۇڭلار ! بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىن قىيىق كېتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا ھېچقايسىڭلارنى كەچۈرمەيمەن ! رەمىمالغا پال باقتۇرۇپ باقتىم. بۇ يىل كۆچۈش مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن، شۇڭا بۇ يىلچە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، كېلەر يىلى بۇ يەردىن بىر يولىلا كۆچۈپ چىقىپ كەتسەڭلار، ئاندىن كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم گەپنى تۈگىتىپ، چايمۇ ئىچمەي، بىللە كەلگەنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، باشقىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

بۇ گەپنى ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە قويۇپ تۇرۇپ باۋيۈيگە كەلسەك، ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى باغقا كىرىپ تىنتىمايدۇ، تىنتىغۇدەك چوڭ ئىشلارمۇ يوق، دەپ يۈرەتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ مۇنداق قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ دەرغەزەپ بولۇپ كىرىپ كېلىشىنى كىم بىلدى دەيسىز. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەيىب ئەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەتتە يەڭ ئىچىدە قىلىشقان گەپلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ نېرى - بېرى بولماي يەتكەنىدى. ئەمدى بۇ گەپلەرنى ياندۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە باۋيۈينىڭ كۆزى يەتتى. ئۇ جېنىدىن جاق تويغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ راسا غەزىپى كەلگەن چاغدا ئارتۇق گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى ئەترەپشان شىپىڭغىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

— بېرىپ كىتابىڭنى ئوبدان ئوقۇ ! ئەتە - ئۆگۈن ئاتاڭنىڭ سوراپ - تارتىپ قېلىشىدىن ھېزى بول. سۇ كەلگەندە تۇغان تۇتىمەن دەپ يۈرمە يەنە، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ.

باۋيۈي شۇ گەپ بىلەن كەينىگە ياندى ۋە يول بويى: «بۇنداق چېقىمچىلىق قىلغان كىمدۇ؟ بۇ يەردىكى ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئەمدى كېلىپ بۇ ئىشلار قانداقلارچە ئانامنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالدى؟» دەپ ئويلىغان پېتى ھوجرىسىغا كىرىپ كەلدى. شىرېن ئۆپكىدەپ ئولتۇراتتى. تىرناقتا



www.uyghurkitap.com

توختىغۇدەك قىزلار كېتىپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلماي تۇرالامتى؟ باۋيۈي كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى - دە، ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى. باۋيۈي ئۇچۇن باشقىلىرىغۇ بىر نۆرى، يالغۇز چىڭۋېننىڭ ئىشىلا چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى شىرېن چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ باۋيۈيگە تەسەللى بەردى.

— يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن سىزگە بىر گەپنى دەپ بېرەي: چىڭۋېن ساقىيىپ قالغان، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئارامخۇدا دېمىنى ئېلىۋالسۇن. راستلا ئۇنىڭغا كۆزىڭىز قىيمىسا، ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يېلىنىپ باقسىڭىز، ئۇنى ئاستاغىنا ياندۇرۇپ كىرىشمۇ تەس بولماس. ئاغىچا خېنىم بىرەرسىنىڭ قۇرۇق گېپىنى ئۇشتۇمتۇت ئاڭلاپ قېلىپ، غۇززىدە ئاچچىقى كەلگەن ئوخشايدۇ.

— مەن چىڭۋېننىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان قانداق چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم، — دېدى باۋيۈي.

— ئاغىچا خېنىم ئۇنى بەك چىرايلىق ئىكەن، شاللاقلىق قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ياراتمىغان بولسا كېرەك، — دېدى شىرېن، — ئاغىچا خېنىم بۇنداق ساھىبجاماللارنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن كۆڭلى تىنىم تاپمايدۇ، شۇڭا ئۇنى ياقتۇرمىغان گەپ. بىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق توم تۇۋاق بولغىنىمۇ ياخشى ئىكەن.

— ساھىبجاماللا بولسا ئۇنىڭدىن كۆڭلى تىنىم تاپمامدىكەن؟ — دېدى باۋيۈي، — بىلەمسەن، قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بولغان ساھىبجامالاردىن تېپىتىنچ ئۆتكەنلىرى كۆپ! ماقۇل، بۇنىغۇ بوپتۇ دەيلى، ئەمدى بىزنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان چاقچاق گەپلىرىمىزنى ئانام قانداقسىغا بىلىۋالغاندۇ؟ ئارىمىزدا گەپ توشۇيدىغان يات ئادەم بولمىسا، بۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك!

— سىزنىڭ ھەزەر ئەيلەپ تىلىڭىزنى تارتىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بارمۇ؟ — دېدى شىرېن، — خۇشىڭىز تۇتۇپ كەتكەندە،

ئەتراپىڭىزدا ئادەم بارمۇ، يوق، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمايدۇ. بەزىدە غەمزە قىلىپ قويىمەن ياكى ئىما قىلىپ باقىمەن، بۇنى يېنىڭىزدىكى ئادەم بىلىۋالىدۇ، ئەمما سىز زادىلا سەزمەيسىز.

— ئەمىسە، نېمىشقا ئانام ھەممىسىنىڭ ئەيىبىنى بىلىدۇ ـ يۇ، يالغۇز سەن بىلەن شېيۆ، چيۇۋېنلاردىنلا قۇسۇر چىقارمايدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىرىننىڭ يۈرىكى شۈررىدە قىلدى ـ دە، خېلىغىچە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ھەم جاۋابمۇ تاپالماي، بىر ھازادىن كېيىن، ئاندىن ھىجىيىپ قويۇپ:

— شۇنى دەڭا، بىزنىڭمۇ كۈلكە ـ چاقچاقلاردا ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويغان يەرلىرىمىز بار ئىدى، بۇنى ئاغىچا خېنىم قانداقسىغا ئۇنتۇپ قالىدىكىنە؟ بەلكىم ئىشى چىقىپ قېلىپ، شۇنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئىشىمىزنى توغرىلىماقچى بولغاندۇ، — دەپ قويدى.

— سەنچۇ، بىرىنچى بولۇپ نام چىقارغان ئەڭ ئىنسابلىق، ئەڭ دانىشمەن ئادەم، بۇ ئىككىسى سېنىڭ تەربىيەڭدە پىشىپ چىققان تۇرسا، جازاغا ئۇچرىغۇدەك نېمىسى بولاتتى؟ فاڭگۇەن بولسا تېخى كىچىك، ئۆتۈپ كەتكەن زېرەك، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تەرىپى بىلەن باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈپ خەققە يامان كۆرۈنۈپ قالغان. سىئېرگە بولسا مەن زامىن بولدۇم. ھېلىقى يىلى سەن بىلەن ئىككىمىز تەرگىشىپ قالغان كۈندىن باشلاپ ئۇنى سىلىق ئىشلارغا سالغاندۇق. باشقىلار مېنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئورنىمىزنى ئۇ تارتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالسىمۇ قالغاندۇ. ئاقىۋەتتە مانا بۈگۈنكىدەك بولدى. چىڭۋېنغا كەلسەك، ئۇمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا، كىچىكىدىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھوجرىسىدا ئىشلەپ كەلگەن. چىراي ـ شەكلى باشقىلارنىڭكىدىن تۈزۈكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچكىمنىڭ بارار ـ تۇرار يېرىگە پۇتلىشىۋالمىغانىدى. بىرلا يېرى، مىجەزى تۈز، ئاغزى ئىتتىك ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىر كىمنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى

كۆرمىۋىدۇق. ئەمدى سەن قوپۇپ، ئۇنىڭ تولىمۇ چىرايلىق بولۇشى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى، دەۋاتىسەن، — باۋيۈي سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

شىرىن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىپ، ئۆزىدىن باۋيۈينىڭ گۇمانلانغانلىقىنى سەزدى ـ دە، يەنە تەسەللى بېرىشكە ئوڭايسىزلىنىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان هالدا:

— تەڭرىم بىلەر ! گەپ توشۇغۇچىنى شۇ تۇرقىدىلا تەكشۈرۈپ تاپقىلى بولمايدۇ، بۇنداق بىكار يىغىنىڭ هېچنېمىگە پايدىسى يوق، — دېدى.

باۋيۈي سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— ئۇ كىچىكىدىن ئەركە ئۆگىنىپ قالغان، بىرەر قېتىم دىلى ئازار يەپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئېچىلاي دەپ پورەكلىگەن بىر تەشتەك خۇشبۇي گۈلنى چوشقا قوتىنىغا تاشلىۋەتكەندەكلا ئىش بولدى. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچى دەرد ـ ئەلەم بىلەن توشتى. ئۇنىڭ يا ئۆز ئاتىسى، يا مېھرىبان ئانىسى يوق، بىرلا هېلىقى شاراب ئىچىۋالسا لايچى بېلىقتەك پاتقاقتا بۇلغىنىپ يۈرىدىغان تاغىسىلا بار. مۇشۇ كەتكىنىچە ئۇ بىرەر ـ يېرىم ئايغا بارالامدۇ، يوق؟ ئەمدى بىرەر ـ ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپمۇ ۋالالمايدىغان بولدۇق، — سۆزلىگەنسېرى باۋيۈينىڭ يۈرىكى شۇنچە سىقىلاتتى.

— سىز هازىر «ئامبالنىڭ ئوت قويۇشىغا يول قويۇپ، پۇقرانىڭ چىراغ يېقىشىغا يول قويمىغان»دەك گەپ قىلىۋاتىسىز، — دېدى شىرىن هىجىيىپ، — بىز بىرەر ئېغىز قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويىدىغان بولساق، سىز ئۇنى يامان بولىدۇ، دەيتتىڭىز، ئەمدى بۈگۈن ئۆزىڭىز ساپساق تۇرغان ئادەمنى قارغىسىڭىز بولۇۋېرىدىكەن ـ دە !

— مەن بىكاردىن ـ بىكار خەقنى قارغاۋاتقىنىم يوق، بۇ يىل باهاردا شۇنداق ئىشتىن بېشارەت بولغان، — دېدى باۋيۈي.

— نېمە بېشارەت بولغان؟ — دەپ سورىدى شىرىن.

www.uyghurkitap.com

— پەلەمپەي تۈۋىدىكى بىر ئوبدان ئېچىلىۋاتقان يەسمەن گۈلىنىڭ يېرىمى ھېچبىر سەۋەبسىزلا قۇرۇپ كەتكەنىدى، بۇنىڭدىن بىر نەسلىكنىڭ بارلىقىنى بىلگەنىدىم. دېگەندەك، شۇ نەسلىك ئۇنىڭ بېشىغا كەلدى.

شىرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە كۈلۈپ كەتتى ـ دە، شۇنداق دېدى:

— گەپ قىلماي دېۋىدىم، ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. تولىمۇ ئىچ ئاغرىتقاق ئىكەنسىز، بۇنداق گەپلەر سىزدەك ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنىڭ ئاغزىدىن قانداقمۇ چىققاندۇ؟

— سىلەر نەدىن بىلەتتىڭلار؟ — دېدى باۋيۈي ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئوت ـ گىياھلارلا ئەمەس، دۇنيادىكى ھېسسىيات ۋە ئىدراكقا ئىگە بولغان بارلىق نەرسىلەر ئۆزىنى بىلىش دەرىجىسىگە يەتكەندە ئىنتايىن تۇيغۇن بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، چوڭ ئىشلارغا سېلىشتۇرۇپ باقساق، كۇڭزى ئىبادەتخانىسى ئالدىدىكى قارا ئارچا، قەبرىستانلىقلاردىكى پال ئوت، جوگې لياڭ ئىبادەتخانىسى ئالدىدىكى ئاق ئارچا، يۆ ۋۇمۇ قەبرىسى ئالدىدىكى قوچۇر، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ـ يورۇق خىسلەتلىك، مىڭلاپ يىللار ئۆچمەيدىغان نەرسىلەر. جاھان مالىمان بولغاندا ئۇلار قۇرۇپ كېتىدۇ، جاھان تۈزەلگەندە كۆكلەپ باراقسانلىدۇ، ئۇزاق يىللار قۇرۇپ قېلىپمۇ بىرنەچچە قېتىم قايتا كۆكلىگەن، مانا بۇ بېشارەت بولماي نېمە؟ ئەمدى كىچىك ئىشلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى: ياڭ تەيجېن خانىشنىڭ ئۇدزار شىپىڭدىكى مودەنگۈل، تەزىنى تۈزەش راۋىقىدىكى سېغىنىش دەرىخى، ۋاڭ جاۋجۈن قەبرىسى ئۈستىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئوت ـ چۆپلەردىمۇ ئاشۇنداق تۇيغۇنلۇق بولغان؟ شۇڭا دېمەكچىمەنكى، بۇ يەسمەن گۈلمۇ ئادەمگە بېقىپ ياشايدۇ.

ئۇنىڭ بۇ مەجنۇنلارچە گەپلىرىگە شىرىننىڭ ھەم كۈلگۈسى، ھەم ئاھ ئۇرغۇسى كېلەتتى.

— راستىنى ئېيتسام، بۇ گەپلىرىڭىز بارغانسېرى

جۇدۇنۇمنى ئۆرلىتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ كۇلۇپ، — شۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ، ئاشۇنداق راۋرۇس ئادەملەرگە سېلىشتۇرغۇدەك ئۇ قانچىلىك بىرنېمە ئىدى؟ يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، چىڭقۇپېن ھەرقانچە ياخشى بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ ھۇجرىدا مېنىڭ دەرىجەمدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەسىمەننى ماڭىلا مىسال قىلغان بولسىڭىزغۇ، بۇ بالا - قازا ئۇنىڭغا كەلمەس ئىدى، مەنلا ئۆلگەن بولاتتىم.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىتتىك ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— نېمانچە قىلىسەن؟ بىرىنىڭ دەردىنى تارتالمايۋاتقاندا ئەمدى سەن قوپتۇڭمۇ؟ بولدى، بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمايلى، ئۈچىنى قولدىن چىقىرىۋەتكەننىڭ ئۈستىگە، يەنە قوشلاپ چىقىرىۋېتىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

شىرېن بۇ گەپكە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ:

— مۇنداق بولمايدىغان بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئايىغىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى، — دەپ قويدى.

— سېنىڭ بىلەن مەسلىھەت قىلىدىغان يەنە بىر گەپ بار ئىدى، ئۇنامسەنكىن، — دېدى باۋيۈي يەنە، — ھازىر ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى تۆۋەندىكىلەردىن باشقا يۇقىرىدىكىلەر ئۇقمايدۇ، شۇڭا ئاستىلا ئۆزىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەتتە يىغىپ كېلىۋاتقان پۇلىمىزدىن بولسا بىرنەچچە تىزىق داچەن چىقارتىپ بەرسەڭ، كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلەتسە، بۇمۇ ئاچا - سىڭىل بولۇپ ئۆتكىنىڭلارنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلغىنىڭ بولاتتى.

شىرېن ئاڭلاپ كۇلۇپ كەتتى - دە، شۇنداق دېدى:

— سىززە، مېنى شۇنچىلىك كۆزى كىچىك ھەم ۋىجدانسىز كۆرىدىكەنسىز - دە ! سىز دېگۈچە قاراپ تۇرامتىم؟ ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن باشقا نەرسىلىرىنى تەخ قىلىپ ئەنە ئاۋۇ يەرگە قويۇپ قويدۇم. كۈندۈزى ئادەم كۆپ، كۆز - قۇلاق

بولغۇچى تولا، يەنە بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، ئاخشاملىقىقا سۈك ئانىكامدىن ئاستا چىقارتىپ بەرمەكچى بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ يىغىپ قويغان بىرنەچچە تىزىق داچەن پۇلۇمنىمۇ شۇنىڭغا بەرمەكچىمەن.

باۋيۈي ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بۇرۇندىن «داڭدار دانىشمەن» ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم تۇرسام بۇنچىلىك ياخشى ئاتاق چىقىرىشنىمۇ بىلمەسمەنمۇ؟ — دېدى شىرېن ھىجىيىپ.

باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى مەيۈسلىنىپ قالمىسۇن دەپ، تەڭ كۈلۈشۈپ كۆڭلىنى ياساپ قويدى. ئاخشىمى شىرېن دېگەندەكلا سۈك ئانىكىدىن چىڭۋېننىڭ نەرسىلىرىنى چىقارتىپ بەردى.

ئاخشىمى ھەممە ياق تىنچىغاندىن كېيىن، باۋيۈي پەيت تېپىپ ئۆزى يالغۇز باغنىڭ ئارقا يان ئىشىكىگە كەلدى ۋە مېنى چىڭۋېننىڭ ئۆيىگە باشلاپ بار، دەپ شۇ يەردىكى بىر خىزمەتكار مومايغا يالۋۇردى. دەسلەپتە ئۇ موماي، بىرسى بىلىپ قېلىپ «ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئېيتىپ قويسا، مەن جېنىمنى باقامدىم، باقمامدىم؟» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. باۋيۈي ئۇنىڭغا بەك يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقى ھەم ئازراق پۇل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ موماي باۋيۈينى نائىلاج باشلاپ چىقتى.

ئەمدى چىڭۋېنگە كەلسەك، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا لەي دا سېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بىر تاغىسى بولۇپ، ئىسمى ۋۇگۈي ئىدى، كىشىلەر ئۇنى گۈيئېر دەيتتى. ئۇ چاغلاردا چىڭۋېن ئون ياشلاردا ئىدى. لەي ئانىكا ئۇنى دائىم قەسىرگە بىللە ئەكىرىپ تۇراتتى. ئۇ جيا ئانىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغاچقا، لەي ئانىكا ئۇنى جيا ئانىغا تۇتقانىدى. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، لەي دا ئۇنىڭ تاغىسىنى ئۆيلەپ قويدى. گۈيئېر قورقۇنچاق ھەم ياۋاش ئىدى، خوتۇنى بولسا چېچەن، ئۇنىڭ

ئۈستىگە بىر ئاز ئىسكەتلىك ئىدى. بۇ خوتۇن گۈيئېرنىڭ بوشاڭلىقىنى كۆرۈپ، ئەتىدىن كەچكىچە ياسىنىپ - غىرمىيىپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ لەي دانىڭ خىزمەتكارلىرىنى خۇددى سېسىقچىلىقتا چىۋىن ئۇلاشقاندەك ئۆزىگە تارتىپ، بارا - بارا ئۇلار بىلەن بەتقىلىقلىق قىلغىلى تۇردى. ئۇ چاغلاردا چىڭۋېن باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى، ئۇنىڭ تاغىسى چىڭۋېن ئارقىلىق فېڭجيېگە يېلىنىپ يۈرۈپ، لەي دانىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقتى، ھازىر ئەر - خوتۇن ئىككىسى باغنىڭ ئارقا يان ئىشىكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇشاتتى، باغنىڭ دەللاللىقتا ئوخشاش پارچە - پۇرات ئىشلىرىنى قىلاتتى.

چىڭۋېن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن شۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇردى. ئاشۇنداق خوتۇن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالامتى؟ بۇگۇن ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۆيمۇ ئۆي تېجىمەللىك قىلغىلى چىقىپ كەتكەنىدى، چىڭۋېن ئۆزى يالغۇز تاشقىرىقى ئۆيدە ياتاتتى. باۋيۈي ھېلىقى مومايىنى تالاغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆيگە كىردى، چىڭۋېن بورا ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ ئۆزى يېپىنىپ كېلىۋاتقان يوتقان - كۆرپىسى بار ئىدى، بۇنى كۆرۈپ باۋيۈي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى - دە، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى بوش تارتتى ۋە ئىككى قېتىم ئاستا چاقىردى.

چىڭۋېنگە سوغۇق تەگكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغىسى بىلەن يەڭگىسىنىڭ قىلغان يامان گەپلىرى ۋەجىدىن بىر كېسىلى ئىككى بولۇپ، كەچكىچە يۆتىلىۋېرىپ، يېڭىلا گىرەم - سىرەم ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇشتۇمتۇت بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچتى ۋە باۋيۈينى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى ھەم خۇشال بولدى، ئەلەم چەكتى ھەم ئازابلاندى، ئۇنىڭ قولىغا كاپلا قىلىپ ئېسىلىپ، بىر ھازاغىچە ئۆكسۈپ - ئۆپكىدەپ كېتىپ، ئاندىن:

— مەن سىلىنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ

تۇراتتىم، — دېيىشىگە يۈتەل تۇتۇپ توختىمايلا كەتتى. باۋيۇيمۇ ئۆكسۈدى، — ئامىتابا ! — دېدى چىڭۋېن، — كەلگەنلىرى ئوبدان بولدى. ئاۋۇ چايدىن ماڭا يېرىم پىيالە قۇيۇپ بەرسىلە، ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم، ئادەم چاقىرسام ھېچكىم يوق.

باۋيۇي ئىتتىك يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— چاي نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— ئوچاق بېشىدا، — دېدى چىڭۋېن.

باۋيۇي قارىسا، ئۇ چۇگۇنىمۇ ئوخشىمايدىغان كۆمۈردەك قاپقارا قۇمغان ئىكەن. پىيالە ئالاي دەپ شىرەنىڭ قېشىغا كەلدى، پىيالىنى تېخى قولىغا ئالمايلا بەتبۇي پۇراق كېلىپ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. باۋيۇي ئامال يوق پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى ئىككى قېتىم سۇ بىلەن يۇدى، ئاندىن قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ پۇراپ بېقىۋىدى، يەنە ئازراق پۇرىدى، ئامال يوق قۇمغاندىن يېرىم پىيالە چاي قۇيدى، ئۇ چايغىمۇ ئوخشىمايدىغان قىپقىزىللا بىرنەرسە ئىدى. چىڭۋېن ياستۇققا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— چاپسانراق ماڭا بىر ئوتلاتسىلا ! شۇنىڭ ئۆزى چاي، بۇنى بىزنىڭ چايلىرىمىزغا ئوخشاتقىلى بولامدۇ ! — دېدى.

باۋيۇي شۇ گەپ بىلەن ئاۋۋال ئۆزى تېتىپ باقتى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق چاي تەمى يوق، شۇنداق تۇزلۇق ھەم قاڭسىق ئىدى. ئامال يوق، باۋيۇي ئۇنى چىڭۋېنگە سۇندى، چىڭۋېن خۇددى شەربەتكە ئۇلاشقاندەك تىنماستىن ھەممىنى ئىچىۋەتتى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ باۋيۇينىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ:

— دەيدىغان نېمە گېپىڭ بار؟ ئۆيدە ئادەم يوق چاغدا ماڭا دېگىن، — دېدى.

— دەيدىغان نېمە گېپىم بولاتتى ! — دېدى چىڭۋېن ئۆكسۈپ - بۇقۇلداپ تۇرۇپ، — ھازىر مەن ئۇچۇن بىر كۈن ھەتتا بىر سائەتمۇ غەنىيمەت بولۇپ قالدى. ئۆزۈمگە مەلۇملۇق، كۆپ بولسا

مېنىڭ تۆت ـ بەش كۈنلۈكلا ۋاقتىم قالدى، ئاندىن مەن ئۈزاپ كېتىمەن. بىر نەرسىگە مەن ئۆلسەممۇ رازى ئەمەسمەن: مەن چىراي ـ شەكلىم باشقىلارنىڭكىدىن تۈزۈكرەك بولسىمۇ، ئەمما سىلىنى ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن ئازدۇرغىنىم يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مېنى چورتلا «غەنناج» قاتارىغا چىقىرىۋېتىدۇ! هازىر مەن قۇرۇق ئاتاقتا قالدىم، كېلەچىكىممۇ تۈگىدى. پۇشايمان يەپ داۋاتقان گېپىم ئەمەس، ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىمنى بۇرۇن بىلگەن بولسام، ئۆز ۋاقتىدىلا مەن ... گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ قېلىپ گەپ قىلالماي قالدى. ئىككى قولىمۇ مۇزلاپ كەتتى. باۋيۈي ئىچ ئاغرىقىدا تىتىلداپ هەم قورقۇپ كەتتى. بورىغا قىڭغىيىپ بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن ئاستا دۈمبىسىگە ئۇردى. باۋيۈي ئۈنلۈك تۈۋلاشقا پېتىنالمايتتى، گويا يۈرىكىگە مىڭلىغان نەشتەر ئۇرۇلغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز گەپ قىلغانىنىڭ ئارىلىقىدا، چىڭۋېندىن يىغا ئاۋازى كەلدى. ئۇنىڭ باۋيۈي تۇتۇپ تۇرغان قولى جۇدەپ قاقشالدەك قۇرۇپ قالغانىدى، بىلىكىدە تۆت دانە كۈمۈش بىلەزۈك تۇراتتى.

— بۇ بىلەزۈكلىرىڭنى ئېلىۋېتىپ ساقايغىنىڭدىن كېيىن سېلىۋالساڭ بوپتىكەن، — دېدى باۋيۈي يىغلاپ، — مۇشۇ كېسەلدىن ساقايساڭ دەرد ـ ئەلەمدىنمۇ خېلى خالاس بولاتتىڭ.

چىڭۋېن كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، بار ماغدۇرى بىلەن بارماقلىرىنى تۈگۈپ، ئاغزىغا ئاپىرىپ قاتتىق بىر چىشلىۋىدى، «كىرىس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئىككى تال سۆڭپىيازنىڭ پوستىدەك تىرنىقى تۈۋى بىلەن يۇلۇنۇپ چىقتى. تىرناقنى ئۇ باۋيۈينىڭ ئالقىنىغا قويدى، ئاندىن قولىنى يەنە تارتىپ، يوتقاننىڭ ئىچىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ ئىچىگە كىيگەن قىزىل دارايى نىمچىسىنى يەشتى ـ دە، ئۇنىمۇ باۋيۈيگە بەردى. هالسىزلىنىپ ماغدۇرى كەتكەن ئادەم بۇنداق قېقىنىش -

سىلكىنىشلەرگە چىداشلىق بېرەلمەي، ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ تۇگۇلۇپلا قالدى.

باۋيۇي ئۇنىڭ بۇ ئىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى ـ دە، دەررۇ ئۆزىنىڭ چاپىنىنى يېشىپ ئىمچىسىنى سالدى ـ دە، چىڭۋېنىنىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويۇپ، چىڭۋېنىڭ ئىمچىسىنى كىيىپ، تۇگمىلىرىنى ئەتمەيلا ئۇستىگە چاپىنىنى كىيدى، بەلبېغىنى چىگىۋاتقاندا چىڭۋېن كۆزىنى ئېچىپ:

ــ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويسىلا، ــ دېدى.

باۋيۇي يۆلىمەكچى بولدى، لېكىن كۈچى يەتمىدى. دۇمبىسىنى ئارانلا قوزغاپ بېرىۋىدى، چىڭۋېن باۋيۇينىڭ ئىمچىسىنى ئۇچىسىغا ساپماقچى بولدى، باۋيۇي ئالمان ـ تالمان يېپىنچاقلىتىپ، بىلىكىنى سۇنايلىتىپ يېڭىنى سىيىپ ئاستا ياتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن چىڭۋېنىنىڭ تىرنىقىنى ھەميانىغا سېلىۋالدى.

ــ ئەمدى قايتىپ كەتسىلە ! ــ دېدى چىڭۋېن يىغلاپ، ــ بۇ يەر مەينەت تۇرسا، سىلى قانداق چىدايلا؟ بويلىرىنى ئاسراش مۇھىم ئىش، بۇگۇن سىلى كەلدىلە، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ قۇرۇق ئاتاققا قالغىنىمدىن پۇشايمان يېمەيمەن !

تېخى گەپىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا چىڭۋېنىنىڭ يەڭگىسى مىلەڭزىنى قايرىپ قاقاھلاپ كۇلگەن پېتى كىرىپ كەلدى:

ــ مانا كۆرسىلە ! ئىككىڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىۋالدىم، ــ ئاندىن ئۇ باۋيۇيگە مۇنداق دېدى، ــ سىلى غوجايىن تۇرۇپ چاكارلارنىڭ ئۆيىگە نېمىدەپ كەلدىلە؟ مەندەك ياش ھەم كېلىشكەن چوكاننى كۆرۈپ مەن بىلەن ئوينىغىلى كەلدىلىمۇ؟

باۋيۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن ھىجىيىپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

ــ جېنىم ئاچا، چۇقان كۆتۈرمىسىڭىز. ئۇ بىر مەزگىل مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغاچقا، بۇگۇن بۇنى ئۆزۈمچىلا يوقلاپ كەلگەنىدىم.



www.uyghurkitap.com

ھېلىقى چوكان بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ھىجايغان پېتى:
— خەقلەرنىڭ سىلىنى ئىشقى بار، جۇرئەتلىك دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، — دېدى - دە، باۋيۇينى تارتقىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە سۆرەپ كىردى، — مېنى چۇقان كۆتۈرمە دېسىلە، بۇ ئاسان گەپ، ئۇنداقتا بىر ئىشتا مېنىڭ ئىختىيارىمغا بويسۇنىدىلا، — دەپلا ئۆزى كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى - دە، باۋيۇينى قويىنىغا تارتىپ، چاترىقىغا چىڭ قىسىۋالدى.
باۋيۇي نەدە بۇنداق ئىشنى كۆرسۇن؟ ئۇنىڭ يۈرىكى دۈك - دۈك سالغىلى تۇردى، تىتىلدىغىنىدىن يۈزلىرى ئېسىلىپ، پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى، بىر تۇرۇپ نومۇس قىلدى، بىر تۇرۇپ خورسىنىدى ھەم قورقتى، ئاچچىقىمۇ كەلدى:
— ئوبدان ئاچا، ئويناشماڭ ! — دېيىشىنىلا بىلدى.
ھېلىقى چوكان بولسا كۆزلىرىنى ئالايتىپ:
— تۇفى ! ئاڭلىسام ئەتىدىن كەچكىچە قىزلار بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرىدىكەنلا، بۈگۈن نېمىدەپ بۇنچىۋالا قورۇنۇپ كېتىلا؟ — دېدى.
— ئاچا، مېنى قويىۋېتىڭ، — دېدى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتكەن باۋيۇي كۈلۈمسىرەپ، — گەپ بولسا ئالدىرىمايراق گەپلەشمەيمىزمۇ، سىرتتىكى ئانىكام ئاڭلاپ قالسا قانداق بولغىنى؟
ئۇ چوكان ئۇنى قويۇپ بېرەمتى؟
— مېنىڭ كىرگىنىمگە خېلى بولدى، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ، — ئۇ مومايىنى ئاللىقاچان باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇرسىلا دەپ يولغا سېلىپ قويغان. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىلىنى كۈتۈپ يۈرەتتىم، مانا بۈگۈن قولۇمغا چۈشتىلە ! گېپىمگە كىرمەيدىكەنلا، چۇقان كۆتۈرىمەن. ئىچكىرىدىكى ئاغىچا خېنىم ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا كۆرگۈلۈكلىرىنى كۆرىدىلا ! شۇنچە بولغان ئادەممۇ مۇشۇنداق يۈرەكسىزلىك قىلىدىكەنلا. مەن كىرىپ باياتىن خېلى ۋاقىتقىچە دېرىزىنىڭ

تۇۋدە قولاق سېلىپ تۇردۇم، قارىسام، ئۆيدە ئىككىلىرى يالغۇز ئىكەنلا، بۇگۈن يۇرەك سىرلىرىنى ئېيتىشىدۇ دەپتىكەنمەن، قارىغۇدەك بولسام، ئىككىڭلار چاتىقىڭلار يوق تۇردۇڭلار. مەن ئۇنىڭدەك كالۋا ئەمەس، — دەپلا قول سالماقچى بولۇۋىدى، باۋيۇي جىلە بولۇپ كېتىپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى.

شۇنداق غەلۋە قىلىشىۋاتقاندا تالادىن بىرسىنىڭ:

— چىڭۋېن ئاچام مۇشۇ يەردە تۇرامدۇ؟ — دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ھېلىقى چوكان چۆچۈپ كېتىپ، دەررۇ باۋيۇينى قويۇپ بەردى. قورققىنىدىن گاڭگىراپ قالغان باۋيۇي ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭقىرالماي قالدى. تاشقىرىقى ئۆيدە ياتقان چىڭۋېن يەڭگىسىنىڭ باۋيۇيگە چاپلىشىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ جىلە بولۇپ كەتتى، ئىزا تارتتى، ئاچچىقىمۇ كەلدى. بىر دىنلا سەپراسى ئۆرلەپ ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى. ھېلىقى چوكان ئالمان ـ تالمان ئىلىك ئېلىپ تالاغا چىقتى. كەلگەنلەر باشقا كىشى ئەمەس، ليۇ ۋۇئېر بىلەن ئانىسى ئىككىسى ئىدى، قولىدا بىر بوغچا تۇراتتى. ليۇ يەڭگە قولىدىكى بىرنەچچە تىزىق داچەننى كۆرسىتىپ، ھېلىقى چوكاندىن:

— بۇنى ئىچكىرىدىكى شىرېن قىز سىلەرنىڭ قىزغا ئەۋەتكەن، ئۇ قايسى ئۆيدە؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— مانا مۇشۇ ئۆيدە، بۇنىڭدىن باشقا نەدە ئۆيى بولسۇن؟ — دېدى ھېلىقى چوكان ھىجىيىپ.

ليۇ يەڭگە ۋۇئېرنى باشلاپ بوسۇغىدىن ئەمدىلا ئاتلىشىغا، ئىشتىكىلا ئىچكىرىكى ئۆيگە ئۆزىنى ئالغان بىر كىمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ليۇ يەڭگە بۇ چوكاننىڭ كېلىش ـ پەخەشلىكىنى بىلگەچكە، ئاشنىسى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. چىڭۋېن ئۇخلاۋاتاتتى، ليۇ يەڭگە ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئىشتىكىلا يەرگە قويۇپ ۋۇئېرنى باشلاپ كەينىگە ياندى. لېكىن، ۋۇئېرنىڭ كۆزى ئىتتىك بولغاچقا باۋيۇينى تونۇۋالغانىدى، شۇڭا

ئانىسىدىن:

— بايا شېرىن ئاچام ئۇ يەردە باۋيۇي غوجامنى جىم - جىمغىنا ئىزدەۋاتقانىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ۋۇي راست، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارا. بايا سۇڭ ئانىكام: «باۋيۇي غوجامنىڭ يان ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈۋىدىم، ئىشىكتە بىرسى ئۇنى ساقلاپ تۇرىدۇ، باغنىڭ ئىشىكىنى ئەتمەكچى ئىدۇق» دەۋاتاتتى، — لىۇ يەڭگە شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھېلىقى چوكاندىن سورىۋىدى، ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بولغاچقا:

— باۋيۇي غوجام بىزنىڭ ئۆيلەرگە كېلەمتى؟ — دەپ قويدى.

لىۇ يەڭگە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ماڭاي دەپ تۇراتتى، باغنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن ھەم ھېلىقى چوكانىنىڭ يەنە كىرىپ چاپلىشىۋېلىشىدىن قورققان باۋيۇي ھېچنېمىگە قارىماي، مىلەڭزىنى قايرىپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقتى - دە:

— لىۇ يەڭگە، توختاپ تۇرۇڭ، بىللە ماڭايلى، — دېدى.

لىۇ يەڭگە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— ۋاي غوجام، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

باۋيۇي بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇچقاندەك ماڭدى.

— ئانا، — دېدى ۋۇئېر، — باۋيۇي غوجامنى ئالدىرىمىسىلا دەپ توختىتىۋالغىن، شاپاشلىمايراق ماڭسۇن. بىر كىمگە ئۇچراپ قالسا ياخشى بولمايدۇ. بىز باغدىن چىقىۋاتقاندا شېرىن ئاچام ئىشىكلەرگە ئادەم قويۇپ قارىتىپ قويىدىغۇ، — ۋۇئېر ئانىسى بىلەن ھاپىلا - شاپىلا باۋيۇيگە يېتىشىۋالدى. چىڭۋېننىڭ يەڭگىسى كېلىشكەن يىگىتنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپ كەينىدىن قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

باۋيۇي يان ئىشىكتىن كىرىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلى تىنغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى يەنىلا گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ۋۇئېرنىڭ سىرتتا قېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئانا - بالا

www.uyghurkitap.com

ئىككىسى ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە شۇ يەردە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. يىراقتىن ئانىكىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ دىرىكىنى ئېلىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ئەگەر سەللا كېچىككەن بولسا باغنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قالاتتىكەن. باۋيۇي باغقا كىرىپ بولۇپ ھېچكىمنىڭ ئۇقماي قالغانلىقىدىن قاتتىق خۇشال بولدى. ھۇجرىسىغا كىرىپ شىرېنگە شۆ ھاممىنىڭكىگە باردىم، دەپ قويدى. ئورۇن سالىدىغان چاغدا شىرېن ئۇنىڭدىن:

— بۈگۈن قانداق ياتىسىز؟ — دەپ سوراشقا مەجبۇر بولدى.

— قانداقلا بولسا بولىۋېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۇي.

شىرېن بىر - ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزىنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەتىۋارلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ئۆزى قىلىپ، مەيلى ئادەم يوق يەردە ياكى كېچىلىرى بولسۇن، زادىلا باۋيۇي بىلەن بەتقىلىقلىق قىلمايدىغان، كىچىك چاغلىرىدىكىگە قارىغاندا ئۆزىنى يىراق قاچۇرىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بېجىرىدىغان چوڭ ئىشلىرى بولمىسىمۇ، يىڭنە ئىشلىرى، باۋيۇي بىلەن چۆرە قىزلارنىڭ پۇل - پۇچەك، كىيىم - كېچەك ۋە نەرسە - كېرەكلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئوخشاش گىچىك ئىشلىرى قەۋەتلا كۆپ ئىدى. شىرېن ئۆتكەن قېتىم قان قۇسقاندىن بۇيان، كېچىسى باۋيۇي بىلەن بىر ھۇجرىدا ياتمايۋاتاتتى. باۋيۇي كېچىلىرى قورقاتتى، ئويغىنىپ كەتسىلا ئادەم چاقىراتتى، چىڭۋېننىڭ ئۇيقۇسى سەگەك بولغاچقا، كېچىلىرى چاي قويۇپ بېرىش، ئولتۇرۇپ - قوپقۇچە تۇۋلىسا، ھە، دېيىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى، شۇڭا باۋيۇينىڭ چىمىلدىقىنىڭ تېشىدىكى كارىۋاتتا چىڭۋېن ياتاتتى. چىڭۋېن بۈگۈن كېتىپ قالغاچقا، شىرېن ئورۇن - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ چىمىلدىقنىڭ سىرتىغا سېلىشقا مەجبۇر بولدى.

باۋيۇي كېچىچە كۆزىنى پارقىرىتىپلا ياتتى. شىرېن ئۇنى ئۇخلاشقا ئۈندەپ قويۇپ ئۆزى كۆزىنى يۇمدى. ئەمما، باۋيۇي

بېشىنى ياستۇققا قويغىنىچە توختىماي ئاھ ئۇراتتى، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلەتتى. ئۇچىنچى جىسەك ۋاقتى بولغاندىلا، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندى، شىرىنمۇ خاتىرجەم بولۇپ، گىرەم ـ سىرەم ئۇيقۇغا كەتتى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا باۋيۈي «چىڭۋېن» دەپ ۋارقىرىدى، شىرىن دەررۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن:
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى. باۋيۈي چاي ئىچمەكچى ئىدى. شىرىن ئورنىدىن قوپۇپ چاي قۇيۇپ كەلدى.
— مەن يېقىندىن بېرى ئۇنى تۇۋلاپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، سەن ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ.
— ئۇ يېڭى كەلگەن چاغلاردا، سىز ئۇخلاۋېتىپ چۈشىڭىزدىمۇ مېنى تۇۋلاپ سالاتتىڭىز، كېيىن ئۇ ئادىتىڭىزمۇ ئۆزگەرگەن، — دەپ قويدى شىرىن كۈلۈپ.
شۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئۇخلاشقا ياتتى. باۋيۈي يەنە بىر جىسەك ۋاقىت ئۆتكۈچە ئۇيان ـ بۇيان ئېغىناپ يېتىپ، بەشىنچى جىسەك ۋاقتى بولغاندا كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپ، سىرتتىن كىرىپ كېلىۋاتقان چىڭۋېننى كۆردى. ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقى ھالىتىدە ئىدى، كىرىپلا باۋيۈيگە: «سىلەر ئوبدان ھايات كەچۈرۈڭلار، مەن بۇگۈندىن باشلاپ سىلەر بىلەن ۋىدالىشىمەن!» دەپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. باۋيۈي ئالدىراپ ئۇنى تۇۋلىشىغا، شىرىن ئويغىنىپ كەتتى. شىرىن ئۇنى يەنە ئاشۇنداق ئېگىز ـ پەس تۇۋلاپ ئادەتلىنىپ قالغان دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما باۋيۈي يىغلاپ:
— چىڭۋېن ئۆلدى! — دېدى.
— بۇ قانداق گېپىڭىز؟ — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — خەق ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟
باۋيۈي ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالامتى؟ ئۇنىڭ شۇ تاپتىلا تاڭ ئاتقان بولسا، ئادەم ئەۋەتىپ چىڭۋېننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باققۇسى كېلىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

تالڭ يورۇشىغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىكى چۆرە قىز ئالدىنقى يان ئىشىكنى قېقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى:

— ئاغىچا خېنىم: «چاپسان بېرىپ باۋيۈيىنى ئويغىتىڭلار، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ تېز يېتىپ كەلسۇن. بۈگۈن بېگىمنى بىركىم كۈزلۈك جۇيخار گۈللىرىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇنىڭ قايسى كۈندىكى شېئىرلىرى بېگىمگە ياراپ كەتكەچكە، بۈگۈن ئۇلارنى بىللە ئاپارماقچى بوپتۇ» دەيدۇ. سىلەر چاپسان كىرىپ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئۇ دەرھال بارسۇن. ئۇلۇغ بېگىم ناشتىنى بىللە قىلىمىز دەپ، ئۇلارنى تۆر ئۆيدە ساقلاپ تۇرىدۇ. جيا خۇەن غوجامنىڭ بارغىنىغا خېلى بولدى. چاپسان بولۇڭلار، مەن ئەمدى جيا لەن غوجامنى چاقىرغىلى بارىمەن.

ئىچكىرىدىكى خىزمەتكار موماي ھەربىر ئېغىز گەپكە بىردىن خوش ئېيتىپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتكەچ ئىشىكنى ئاچتى. شىرېن ئىشىك قېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر ئىش بارلىقىنى بىلدى ـ دە، بىرسىنى چىقىپ سوراپ باقسىن، دەپ بۇيرۇدى، ئۇنىڭغىچە ئۆزىمۇ قوپۇپ بولدى ۋە ئۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ زامان سۇ ئېلىپ كېلىشكە چۆرە قىزنى بۇيرۇدى. باۋيۈينى تۇرۇپ يۇيۇنۇشقا ئالدىرىتىپ قويۇپ، باۋيۈينىڭ كىيىملىرىنى ئېلىشقا ماڭدى. باۋيۈينىڭ جيا جېڭ بىلەن سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، تولىمۇ بەك كۆزگە چېلىقىدىغان ئېسىل كىيىملىرىنى ئالماي، سەل مۇنداقراق كىيىملىرىنى ئەكەلدى.

باۋيۈي شۇ تاپتا نائىلاج ئىدى، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئالدى تەرەپكە ئۆتتى. دېگەندەك جيا جېڭ ئۇ يەردە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئىنتايىن خۇشال ئىدى. باۋيۈي ئاتىسىغا سالام بېرىپ بولۇپ، جيا خۇەن، جيا لەنلەر بىلەن كۆرۈشتى، جيا جېڭ ئۇنى ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە بۇيرۇپ، جيا خۇەن بىلەن جيا لەنلەرگە:

— باۋيۈي ئوقۇشتا ئىككىڭلارغا يېتەلمەيدۇ، لەۋھە بېيىت

بىلەن شېئىر يېزىشتەك چېۋەرلىكتە سىلەر ئۇنىڭغا يەتمەيسىلەر. بۈگۈن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئېھتىمال سىلەرنى شېئىر يازدۇرۇشلىرى مۇمكىن، باۋيۈي، سەن بۇلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم بەرگىن! — دېدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنداق ئىشنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغاچقا، بۇ ئىشتىن تولىمۇ سۆيۈندى ھەم قاتتىق خۇشال بولدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئانا - بالىلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تەرەپكە ئۆتەي دەپ تۇرغاندا، فاڭگۇەن قاتارلىق ئۈچ چۆرىنىڭ ئاتاق ئانىلىرى كېلىپ قالدى.

— ئاغىچا خېنىم، ئالدىنقى كۈنى ئۆزلىرى شەپقەت ياغدۇرۇپ فاڭگۇەننى ئىنئام قىلغانىدىلە، — دېدى فاڭگۇەننىڭ ئاتاق ئانىسى، — ھازىر ئۇ ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك تاماقمۇ يېمەي، چايمۇ ئىچمەي يۈرۈۋاتىدۇ، ئوۋگۇەن، رۇيگۇەنلەرنىمۇ يولدىن ئازدۇردى. ھەممىسى چېچىمىزنى كېسىۋېتىپ راھىبە بولۇپ كېتىمىز دەپ كاجلىشىپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنى تېخى كىچىك بالا، بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەماللىققا كۆنەلمەي قېلىشىمۇ بار گەپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتسە ئوڭشىلىپ قالار، دەپتىكەنمەن. ۋايتاڭەي، ئۇ غەلۋە قىلىپ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، تىللىمۇ، تاياقمۇ كار قىلمايدىغان بولۇۋالدى، ھېچ ئامال قىلالمىدىم. شۇڭا، خېنىم، ئۆزلىرىدىن شۇنى تىلىسەم، ئۇلار ئۆز رايى بويىچە راھىبە بولسا بولۇۋەرسە ياكى بىر قۇر تەزرىنى بېرىپ، ئاندىن باشقىلارغا ئىنئام قىلىنسا، شۇلار قىز قىلىنۇالغان بولسا. بۇ ئىشتا بىزنىڭ تەلىيىمىز يوق ئىكەن.

— بىكار گەپ! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — نەدە ئۇلارنىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان ئىش بار؟ بۇددا ئىشىكىدىن شۇنداق ئاسان كىرگىلى بولامدىكەن؟ ھەربىرىنى بىر قۇردىن ساۋاڭلار، قېنى يەنە غەلۋە قىلامدىكىن؟!

سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى بولۇپ قالغانىدى. بۇ كۈنى ئىبادەتخانىلاردا سەدىقات تىزىلاتتى، ئىبادەتخانىلاردىكى

ىكسۇنلار سەدىقات ئۇچلىرى سۇنۇشقا كېلىشكەندى. شۇ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە شۇيىۋ ئىبادەتخانىسىدىن جىنتۇڭ بىلەن يەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسىدىن يۈەنشىن قايتىشماي قىلىپ قېلىشقانىدى. ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئىككى قىزنى ئازدۇرۇپ ئەكېتىپ ئىشلىرىغا سېلىش غەرىزىدە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئىلتىجا قىلدى:

— بۇ قەسىر شەرىپ نىمىلا دېگەنبىلەن خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىلارنىڭ خاندانى. ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق خەير ـ ئېھسانلىق خېنىم، شۇڭا بۇ قىزلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەربىيەتلىرىدە ئاشۇنداق بولۇپ يېتىشىپتۇ. «بۇددا دەرۋازىسىدىن كىرىش ئاسان ئەمەس» بولسىمۇ، «بۇددا ھۆكمى ئالدىدا ھەممە باراۋەر» ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بۇددىمىز بارلىق مەخلۇقاتنى كۈلپەت دېڭىزىدىن ئۇ گىردابقا ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلىدۇ. بۇ ئۈچ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يوق ئىكەن، يۇرتىمۇ يىراقتا ئىكەن؛ ئۇلار بۇ خاندانغا كېلىپ بەخت ـ دۆلەت كۆرگەن، ئاندىن ئۇلار كىچىككىدىنلا شور پېشانە بولغاچقا، ئىشقىۋازلىق قاتارىغا كىرىپ قالغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدا قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىغان. شۇڭا، «كۈلپەت دېڭىزىدىن قايتىپ» زاھىت بولۇپ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ، بۇ نىيىتى يۈكسەك نىيەت، ئاغىچا خېنىم ئۇلارنى بۇ ياخشى نىيىتىدىن توسمىغان بولسىلا.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەسلىدە خەير ـ ئېھسانلىق ئايال ئىدى، بۇ گەپنى دەسلەپتە ئاڭلىغاندا، بۇ، بۇ كىچىك باللارنىڭ كۆڭلىگە مۇنداقلا كېلىپ قالغان بىر خىيال، كېيىنكى كۈنلەردە مۇسەللەم ـ پاك بولالماي قالسا، ئەكسىچە گۇناھقا گىرىپتار بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئىككى قەللاپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇنى ئەقىلگە سىغىدۇ دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان خانىداندا ئىش ئاۋۇپ كەتكەنىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم يىغىچۇنىنى قۇدا بولغۇچىلارغا

كۆرسەتمەك بولۇپ، ئەتە ئۆيىگە ئەكېتىپ ئىككى كۈن تۇرغۇزماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقۇزۇپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. يەنە تەنچۇنگە كېلىۋاتقان سوچىلارمۇ بار ئىدى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقان ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇنداق ئۇششاق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تېگەمتى؟ شۇڭا ئۇ ئىككى راھىبنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— ئىككىڭلارنىڭ گېپى شۇنداقلا بولسا، ئۇلارنى ئاپىرىپ ئۆزۈڭلارغا شاگىرت قىلىۋالساڭلار قانداق؟ — دېدى كۈلۈپ.

ھېلىقى ئىككى نىكسۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دۇرۇت ئوقۇشتى ھەم:

— باركاللا، باركاللا ! ئاشۇنداق قىلىدىغان بولسىلا، خېنىم نۇرغۇن ساۋاب تاپىلا، — دېيىشىپ كەتتى ۋە باش قويۇپ رەھمەت ئېيتىشتى.

— ئۇنداق بولسا سىلەر بېرىپ ئۇلاردىن سوراپ كېلىڭلار، شۇنداق قىلىشقا چىن نىيىتى بىلەن بەل باغلىغانلا بولسا، كېلىپ مېنىڭ ئالدىمدا سىلەرنى ئۇستاز تۇتسۇن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

ھېلىقى ئاياللار چىقىپ كېتىپ ئۇ ئۈچىنى باشلاپ كىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلاردىن ياندۇرمىلاپ سوراپ باقتى، ئۇ ئۈچى ئاللىبۇرۇن شۇ نىيەتكە كېلىپ بولغانىكەن، شۇ يەردىلا ھېلىقى ئىككى نىكسۇنىغا باش قويدى، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغىمۇ باش قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلارنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئەمدى ياندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە ئادەم چاقىرىپ، ئۇلارغا بىرنەرسە ئىنئام قىلىشنى بۇيرۇدى. ئىككى نىكسۇنىغىمۇ بەزى نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن فاڭگۇەن شۇيىۋ ئىبادەتخانىسىدىكى جىتۇڭ بىلەن، رۇيگۇەن، ئوۋگۇەن ئىككىسى يەر مۇئەككىلى ئىبادەتخانىسىدىكى يۈەنشىن بىلەن تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتمىش سەككىزىنچى باب

## ئوقۇمۇشلۇق تۆرىنىڭ باتۇر ئايال توغرىسىدا بىھۇدە گەپ ساتقانلىقى
## مەستانە بەگزادىنىڭ ئېلۇپەر تەزىيەنامىسىنى توقۇپ چىققانلىقى

شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئىكسۇنى فاڭگۇەنلەرنى باشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جىيا ئانىنىڭ قېشىغا كەلدى. جىيا ئانىنىڭ كۆڭلى خۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، پەيتتىن پايدىلىنىپ مۇنداق دەپ مەلۇم قىلدى:

— باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدا چىڭۋېن دېگەن بىر دېدەك بار ئىدى، ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالغان، يىل بويى كېسەلدىن بېرى بولالمىدى. ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ھەددىدىن ئارتۇق كەپسىز ھەم ھۇرۇن ئىكەنلىكى ماڭا چېلىقىپلا تۇردى. قايسى كۈنلىرى يەنە ئاغرىپ، ئون نەچچە كۈن يېتىپ قالدى، تېۋىپقا كۆرسەتسەك، قىزلار سىل كېسىلى بولۇپ قاپتۇ، دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى چىقىرىۋەتتىم، ساقىيىپ قالغاندىمۇ، ئۇنى ياندۇرۇپ كەلمەي، ئۆيىدىكىلىرى بىر كىمگە ياتلىق قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ، دېدىم. ئاندىن ھېلىقى ئويۇن قويۇشنى ئۆگىنىدىغان قىزلارنىمۇ ئۆزۈم ئىگىدارلىق قىلىپ ئازاد قىلىۋەتتىم. بىرىنچىدىن، ئۇلار ئويۇن قويۇشنى ئوبدان بىلگەچكە نېرى – بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئاغزىغا كەلگىنىنى ۋالاقشىۋېرىدىكەن، بۇنى خان قىزلار ئاڭلاپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئويۇن قويۇشنىلا بىلىدۇ، شۇڭا

بىكىرىغىلا ئازاد قىلىنۇېتىشكىمۇ تېگىشلىك ئىكەن. چۆرە قىزلارمۇ تولا، يەنە يېتىشمەيۋاتىدۇ دەيدىغان ئىش بولسا، باشقا بىرقانچىسىنى سېتىۋالساقمۇ ئوخشاشلا بولىۋېرىدۇ.

جيا ئانا بۇ گەپكە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— بۇمۇ توغرا ئىش بوپتۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلساق دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. لېكىن، چىڭۋېن دېگەن قىز ماڭا خېلى ئوبدان كۆرۈنەتتى، گەپ - سۆزدە، يىڭنە ئىشلىرىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى، كېيىنكى كۈنلەردە باۋيۈيىنىڭ خىزمىتىگە قويساقمۇ بولاتتى. نېمىشقا ئايىنىپ كەتتىكىنتاڭ! — دېدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى تاللىغان قىزلارچۇ بەك ئوبدان، — دەپ كۈلدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئاشۇ چىڭۋېنىنىڭلا تەلىيى يوق ئىكەن، شۇڭا مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. «قىز بالا ئون سەككىز ياشقا بارغۇچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئاشۇنداق قىزلارنىڭمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىرى بولىدىكەن. ئۆزلىرى نېمە ئىشلارنى باشتىن كەچۈرمىگەنىدىلە؟ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇنلا مۇشۇ ئىش توغرىسىدا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاۋۋال ئاشۇ چىڭۋېننى تاللىغانىدىم. كېيىن تازا زەن سېلىپ قارىغۇدەك بولسام، ئۇ ھەممە جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىكەن. بىراق، ئانچە ئېغىر - بېسىق ئەمەس. ھەممىنى ھېسابقا ئېلىپ تۇرۇشتا، شىرېنلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. «ئەقىللىك ئايال، چىرايلىق توقال» دېگەن گەپمۇ بار، لېكىن مىجەز - خۇلقى مۇلايىم، يۇرۇش - تۇرۇشتا ئېغىر - بېسىق بولغىنى ھەممىدىن ياخشى ئىكەن. شىرېن چىراي - شەكىل جەھەتتە چىڭۋېندىن تۆۋەن تۇرغىنى بىلەن، لېكىن ئۇنى ئۆي كىشىسى قىلىپ قويساقمۇ، ھەر ھالدا قاتارغا ئۆتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىش قىلىشتا قورۇنمايدۇ، كۆڭلى تۈز، بىرقانچە يىلدىن بۇيان باۋيۈيگە زادىلا كەپسىزلىك قىلىپ باققىنى يوق، باۋيۈي بەكرەك ئەسكىلىك قىلغىلى تۇرسا، شىرېن ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ

نەسىھەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئىككى يىلچە سىناپ باقتىم، ئۇ بىر ئازمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىدى، مەن بىلىندۈرمەيلا ئۇنىڭ دېدەكلىك مائاشىنى توختىتىپ، ئۆزۈمنىڭ ئايلىقىمدىن ئىككى سەرنى ئاجرىتىپ شۇنىڭغا بېرىدىغان قىلىپ قويدۇم، تېخىمۇ پەخەسلىك بىلەن خىزمىتىنى قىلسۇن دېگەن ئويدا بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا بىلىندۈرۈپ قويدۇم، لېكىن ئېنىقىنى دېمىدىم. بىرىنچىدىن، باۋيۈينىڭ تېخى يېشى كىچىك، بېگىم ئۇقسا ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا دەخلىسى يېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئىككىنچىدىن، باۋيۈي ئۇنى يېنىمدىكى ئادىمىمغۇ دەپ قاراپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا شىرېنمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا پېتىنالماي قېلىپ، نەتىجىدە باۋيۈي تېخىمۇ ئۆز مەيلىگە بېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى ئەمدى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— ئەسلىي مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە. شۇنداق قىلغىنىڭىز تېخىمۇ ئوبدان بوپتۇ! — دەپ كۈلدى جىيا ئانا، — شىرېن كىچىكىدىنلا كەم سۆزلۈك بولغاچقا، مەن ئۇنى «ئاغزى يوق قاپاق» دەيتتىم. سىز ئىشنىڭ يولىنى ئوبدان بىلگەندىن كېيىن، چوڭ خاتالىق بولامتى؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۈگۈن جىيا جېڭنىڭ باۋيۈينى قانداق ماختىغانلىقىنى، ئۇلارنى باشلاپ سەيلە قىلدۇرغانلىقىنىمۇ مەلۇم قىلغانىدى، جىيا ئانا بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇش بولدى.

بىردەمدىن كېيىن يىڭچۇن جابدۇنغان پېتى خوشلاشقىلى كىردى. فېڭجيېمۇ ئەتىگەنلىك سالام بەرگەچ، ناشتىلىقىدىن خەۋەر ئالغىلى كىرىپ قالدى. بىردەم كۈلكە ـ پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن، جىيا ئانا بىردەم ئارام ئالماقچى بولدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېدىن، كۆمىلاچ دورىنى تەييارلاتتىڭمۇ؟ دەپ سورىدى.

— تېخى تەييار بولمىدى، — دېدى فېڭجيې، — تېخىچە قايىناتما دورا ئىچىۋاتىمەن. خېنىم، خاتىرجەم بولسىلا، مەن

ئوبدانلا ساقىيىپ قالدىم.

ۋالى ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ رەڭگىرويىدىن خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ گېپىگە ئىشەندى. ئاندىن ئۇنىڭغا چىڭۋېيىنى چىقىرىۋەتكەنلىكىنى دەپ بېرىپ:

— باۋچەي قىز نېمىشقا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتۇ؟ سىلەر ئۇقامسىلەر؟ — دېدى ئۇ، — مەن قايسى كۈنى شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم، جىيا لەن بالىنىڭ ھېلىقى يېڭى كەلگەن ئىنىگىسى تولىمۇ شېتىلە بىرنېمىكەن، ئۇمۇ ماڭا ياقماي قالدى. چوڭ يەڭگەڭگە، مەيلى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئۇنى يولغا سېلىۋېتىڭ، دەپ قويدۇم. مەن چوڭ يەڭگەڭدىن: «باۋچەي قىزنىڭ كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سىلەر ئۇقماي قالغانمىدىڭلار؟» دەپ سورىسام، ئۇ: ماڭا دەپ قويغان، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ھامما خېنىم ساقىيىپ قالسا يېنىپ كىرىدۇ، دېدى. ھامما خېنىم ئېغىر دېگۈدەكمۇ كېسەل ئەمەس، گاھىدا يۆتىلى ئازراق قوزغىلىپ، بېلى ئاغرىيدۇ، يىل بويى شۇنداق. باۋچەي قىزنىڭ چىقىپ كېتىشىدە بىرەر سەۋەب بولسا كېرەك، بىركىم ئۇنى رەنجىتىپ قويمىغاندۇ؟ ئۇ بالا كۆڭلىدە بەك دىققەت قىلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار بىللە تۇرغاندا بىر - بىرىنى رەنجىتىپ قويسا ياخشى بولمايدۇ.

— ھەممىسى ئوبدان ئۆتۈۋاتسا كىم رەنجىتەتتى؟ — دەپ كۈلدى فېڭجيې.

— باۋيۈينىڭ پەملىمەي گەپ قىلىپ قويىدىغان ئىشى بولىدىغان، زادىلا ھەزەر قىلىشنى بىلمەيدۇ، خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە، ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ، شۇ رەنجىتىپ قويسىمۇ قويغاندۇ، — دېدى ۋالى ئاغىچا خېنىم.

— خېنىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ غەم يەپ كېتىپلا، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — ئۇنى تالا - تۈزدە توغرا ئىش قىلىپ، تۈزۈك گەپ قىل دېسە، ساراڭغا ئوخشاش قىلىق قىلىدۇ؛ ئەمما ئۆيدە،

www.uyghurkitap.com

ھەمشىرىلىرىنىڭ ئالدىدا ھەتتا چوڭ ـ كىچىك چۆرىلەرنىڭ ئالدىدا ئەڭ تۈزۈتلۈكى شۇ. خەقنى رەنجىتىپ قويغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچكىم ئاغرىنمايدۇ. خىيالىمچە، باۋچەي سىڭلىمنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئالدىنقى ئاخشىمى دېدەك ـ چۆرىلەرنى تىنتىغان ئىش سەۋەب بولدىمىكىن دەيمەن. ھەرقاچان ئۇ باغدىكىلەرگە ئىشەنچ قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇ تۇغقان ـ دە، شۇڭا ئىپتىيات قىلغان نېمە. ھازىر بۇ ئىشقا چۆرە قىز، خىزمەتكار موماي لاردىن چېتىلىپ قالغانلىرىمۇ بار، بىزمۇ كىرىپ تىنتىشقا ئوڭايسىزلاندۇق. باۋچەي قىز بىزنى «مەندىن شەكلىنىپتۇ» دېگەن گۇمان بىلەن ئۆزىنى داجىتقان بولسا كېرەك. مېنىڭچە، ئۆزىنى گۇماندىن قاچۇرغىنىمۇ ئوبدان بوپتۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى توغرا تېپىپ، بېشىنى سىلىپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، باۋچەينى چاقىرتىپ كىردى، قايسى كۈندىكى ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنى گۇماندىن خالاس قىلدى ۋە كۆچۈپ كىرىپ بالدۇرقىدەك تۇرۇۋېرىشكە بۇيرۇدى.

— مەن بالدۇرلا چىقىپ كەتمەكچىدىم، ھاما، سىلىنىڭ باش قاتۇرىدىغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۆزلىرىگە دېيىشكە ئېپىنى كەلتۈرەلمىدىم — دەپ كۈلۈمسىرىدى باۋچەي، — قايسى كۈنى ئانام ساقسىز بولۇپ قاپتۇ، ئۆيدە ھەمدەم بولارلىق ئىككى ئايال بار ئىدى، ئۇلارمۇ ئاغرىپ قاپتۇ، شۇڭا مەن يېنىپ چىققان. ھاما، بۈگۈن ئۆزلىرى بۇ ئىشنى ئۇقۇپتىلا، مەنمۇ ئېنىقىنى مەلۇم قىلمىسام بولمىدى. بۈگۈندىن باشلاپ خوشلاشقان بولاي ـ دە، نەرسە ـ كېرەكلىرىنىمۇ يۆتكەپ ئاچىقىپ كېتەي.

— سىز تولىمۇ كاج ئىكەنسىز، — دەپ كۈلۈشتى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجېي تەڭلا، — توغرىسى، قايتىدىن كۆچۈپ كىرىسىڭىز بولىدۇ. ھېچقانچە كارايىتى يوق ئىشلارنى دەپ، ئۆزىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن ئۇنداق يىراقلاشتۇرمايدىغان.

— بۇ گەپ ماڭا ئېغىر كېتىدۇ، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، —

چىقىپ كېتىشىمگە بىرەر ئىشنى باھانە قىلغىنىم يوق. يېقىندىن بۇيان ئانامنىڭ زېھنى بالدۇرقىدىن خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى، ئاخشاملىرى يېنىدا ئىشەنچلىكرەك ئادىمىمۇ يوق، يالغۇز مەنلا بار ئىكەنمەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئاكام ھازىر ماڭا بىر يەڭگە پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىرمۇنچە يىڭنە ئىشلىرى، ئۆيگە كېرەكلىك ھەرخىل قاچا - قومۇچلاردىن تەل بولمىغانلىرىمۇ بار، شۇڭا مەن ئانامغا قارىشىپ بەرمىسەم بولمايدۇ. ھاما، فېڭجيې ئاچا، سىلەر بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى بىلىشىلا، مەن يالغان گەپ قىلىۋاتمايمەن. مەن باغدا تۇرغىنىم بىلەن، شەرقىي جەنۇب بۇلۇڭدىكى كىچىك ئىشىك مېنىڭ كىرىپ - چىقىشىم ئۈچۈن دائىم ئوچۇق تۇرىدىكەن. باغقا كىرىپ - چىقىدىغانلار يولىمىز قىسقىرايدۇ دەپ شۇ يەردىن مېڭىشىدىكەن، ئۇلارنى ھېچكىممۇ سۈرۈشتە قىلمايدىكەن. ناۋادا شۇ يەردىن ئىش تېرىلىپ قالسا، ئىككىلا تەرەپكە كاشىلىسى تەگمەمدۇ؟ مېنىڭ باغدا تۇرۇشۇممۇ ئانچىمۇ چوڭ بىر ئىش ئەمەسقۇ. ئۆتكەن يىللىرى يېشىمىز كىچىك ئىدى، ئۆيدە قىلىدىغانغا ئىش يوق، شۇڭا سىرتتا تۇرغاندىن كۆرە كۆچۈپ كىرىپ باغدا ھەمشىرىلەر بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ، بىللە يىڭنە ئىش قىلسام سىرتتا ئۆزۈم يالغۇز ئىچىم پۇشۇپ تۇرغاندىن ياخشى ئىدى. ئەمدى بىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاما، سىلىنىڭ بۇ تەرەپتىمۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى كۆڭۈللىرىگە ياقمايدىغان ئىشلار ئۇچراپلا تۇردى. شۇڭا، باغدىن خەۋەر ئېلىشقا گاھىدا يېتىشەلمەي قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بار. بىرنەچچە ئادەم بولسىمۇ ئازايسا غەملىرىمۇ ئازىيىدۇ. بۈگۈن مەن كۆچۈپ چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلگەننىڭ ئۈستىگە ھاما، سىلىنى بىر ئىشقا سايە قىلايمىكىنمۇ دەيمەن: ھەممىمىزنىڭ يۈز - ئابرۇيىمىزنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە كېمەيتىشكە تېگىشلىكلىرىنى كېمەيتىۋەتسىلە، مېنىڭچە، باغدا بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنىمۇ قىسقارتىۋەتكىلى

بولاتتى. ھازىرمۇ ئۆز ۋاقتىدىكىدەك ئۆتىمىز دېسەك بولماس. ھامما، بىزنىڭ ئائىلىنى ئوبدان بىلىدىلا، بىزنىڭ ئائىلىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇنداق چۆلدەرەپ ئۆتكەنمىدى؟

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ كۈلدى.

— بۇ گەپچە، بۇنى زورلىمىساق بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ.

— مەنمۇ بۇنىڭغا گەپ تاپالماي قالدىم، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بوپتۇ ئىختىيارىڭ، ئۆزۈڭ بىل.

گەپ ئۇستىگە باۋيۈي كېلىپ قېلىپ:

— بەگ ئاتام تېخى يانمىدى، كۈن كەچ كىرىپ قالدى دەپ، بىزنى بالدۇرراق قايتۇرۇۋەتتى، — دېدى.

— بۈگۈن شەرمەندە بولىدىغان ئىشنى قىلمىغانسەن؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— شەرمەندە بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بىرمۇنچە نەرسىگە ئىگە بولدۇم، — دەپ كۈلدى باۋيۈي. ئۇنىڭغىچە خىزمەتكار مومايلار ئارا دەرۋازىدىكى مۇلازىملار تۇتۇپ تۇرغان نەرسىلەرنى ئەكىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قارىغۇدەك بولسا، بۇ نەرسىلەر ئۈچ دانە يەلپۈگۈچ، ئۈچ دانە يەلپۈگۈچ سىرغىسى، ئالتە قۇتا قەلەم - سىياھ، ئۈچ تىزىق ئىپار مونچاق، قاشتاش ئورنىتىلغان ئۈچ دانە كەمەر ئىكەن.

— ماۋۇنى دىۋان مىرزىبېگى مېي جانابلىرى بەردى، ئاۋۇنى دىۋانبېگى ياڭ ھەزرەتلىرى بەردى، بۇنى قوشۇمچە چوپدار لى بېگىم بەردى، ھەر بىرىمىزگە بىر ئۈلۈشتىن، — دېدى باۋيۈي. ئاندىن قوينىدىن سەندەل ياغىچىدا ئىشلەنگەن تۇمارلىق بۇت - سەنەمنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — بۇنى چىڭگوگۇڭ ماڭلا بەردى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم زىيابەتتە كىملەر بارلىقىنى، قانداق شېئىر - نەزمىلەر تۈزگەنلىكىنى سورىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم گەپلىشىپ بولغاندىن كېيىن، باۋيۈينىڭ ئۇ نەرسىلەرنى بىر



www.uyghurkitap.com

كىمگە كۆتۈرتكۈزۈپ، باۋيۈي، جيا خۇەن، جيا لەنلەرنى باشلاپ، جيا ئانىغا كۆرۈنۈش قىلىشقا كەلدى. جيا ئانا كۆرۈپ ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە بەزى گەپلەرنىمۇ سوراپ باقتى. بىراق، باۋيۈينىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى چىڭۋېندا بولغاچقا، جاۋاب بېرىپ بولۇپلا:

— ئاتتا ئولتۇرۇپ قاتتىق سىلكىنىپ كېتىپتىكەنمەن، سۆڭەكلىرىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

— چاپسان ھۇجرىغا بېرىپ كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلەپ، كېرىلىپ بەرسەڭ تۈزىلىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇخلىغۇچى بولما، — دېدى جيا ئانا.

باۋيۈي ئالدىراپ باغقا ماڭدى. شېيۆ بىلەن چيۇۋېن ئىككى چۆرە قىزنى كەينىگە سېلىپ باۋيۈينى كۈتۈپ تۇرغانىدى. باۋيۈي جيا ئانا بىلەن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، چيۇۋېن قەلەم ـ سىياھ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ باۋيۈي بىلەن باغقا كىردى. باۋيۈي كېتىۋېتىپ: «نېمانچە ئىسسىق بۇ !» دەپ ۋاي سېلىپ، قالپىقىنى ئېلىپ، كەمىرىنى يېشىپ، ئۈستىدىكى تونىنىمۇ سېلىۋەتتى، بۇ نەرسىلەرنى شېيۆ كۆتۈرۈۋالدى. باۋيۈينىڭ ئۈچىسىدا گۈللۈك يېشىل دارايى پەشمەتلا قالدى. پەشمەتنىڭ پېشىدىن چېكىت گۈللۈك قىزىل تاۋار ئىشتان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ قىزىل ئىشتاننى چىڭۋېن تىككەنىدى، شۇڭا چيۇۋېن:

— راستلا «ئۆلدى ئادەم، قالدى مال» دېگەندەك بولدى، — دەپ ئاھ ئۇردى.

شېيۆ چيۇۋېننى ئېتىكىدىن تارتىپ قويۇپ كۈلدى:

— مۇشۇ ئىشتانغا گۈللۈك يېشىل پەشمەت بىلەن قۇلۇپى رەڭ ئۆتۈك بەك ئېچىپتۇ، لىلدەك كۆكىرىپ تۇرغان بېشى بىلەن قاردەك ئاپپاق چىرايىنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپتۇ.

باۋيۈي بۇلارنىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولۇپ كېتىۋەردى، ئىككى قەدەمچە مېڭىپلا توختاپ:

— بىرئاز ماڭغۇم كېلىۋاتىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ — دېدى.

— كۈپكۈندۈزدە نېمىدىن قورقاتتىلا؟ يېتىپ كېتەرمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتاملا يا؟ — دېدى شېيۇ. ئاندىن ئىككى چۆرە قىزنى ئۇنىڭ كەينىدىن بىللە مېڭىشقا جورۇدى، — بىز ماۋۇ نەرسىلەرنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلىمىز.

— جېنىم ئاچا، ئۆيگە مەن بىرئازدىن كېيىن باراي، — دېدى باۋيۈي.

— بىز ئۆيگە بېرىپلا كېلىمىز، — دېدى شېيۇ، — ئىككىمىزنىڭ قولىدا بۇ بىر نەرسىلەر تۇرسا، خۇددى پەرمانچىلاردەك، بىرىمىز كاتىپلىق سايمانلىرىنى، بىرىمىز تاج ـ تون، كەش ـ كەمەرنى كۆتۈرۈپ ماڭساق قاملاشماس !

بۇ گەپ باۋيۈينىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئۇ ئىككىسىگە رۇخسەت قىلدى. باۋيۈي ئىككى چۆرە قىزنى كەينىگە سېلىپ، سۇنئىي تاغنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسىدىن:

— مەن كەتكەندىن كېيىن، شىرىن ئاچاڭ چىڭۋېننى يوقلاپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— سۇڭ ئانىكامنى ئەۋەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى بىرسى.

— ئۇ يېنىپ كەلگەندە مۇنداق دېدى: چىڭۋېن ئاچام بوينىنى سوزۇپ كېچىچە بىرسىنى قىچقىرىپ چىقىپتۇ، بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ كۆزىنىمۇ ئاچماپتۇ، گەپتىنىمۇ قاپتۇ، ھوشىدىن كېتىپ تىنىقى ئارانلا قاپتۇ.

— كېچىچە كىمنى قىچقىرىپتۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى باۋيۈي.

— كېچىچە «ئانا» دەپ قىچقىرىپ چىقىپتۇ.

— يەنە كىمنى قىچقىرىپتۇ؟ — دېدى باۋيۈي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

— باشقا بىر كىمنى قىچقارغانلىقىنى ئاڭلىماپتۇ.

— كالۋا، سەن موماينىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالغان ئوخشايسەن.

يېنىدىكى يەنە بىر چۆرە قىز بەك زېرەك بولغاچقا، باۋيۈينىڭ

بۇ گېپىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، ئالدىغىراق كېلىپ:

— بۇ راستلا كالىۋا ئىكەن! — دېدى ئۇ. ئاندىن باۋيۈيگە قارىدى، — مەن ئېنىق ئاڭلىدىم، تېخى ئۆزۈم ئوغرىلىقچە بېرىپ يوقلاپمۇ كەلدىم.

— نېمىشقا ئۆزۈڭ باردىڭ؟ — دەپ ھودۇقۇپ سورىدى باۋيۈي.

— چىڭۋېن ئاچام ئادەتتە باشقىلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى، بىزگە بەك ئوبدان قارايتتى، — دېدى ھېلىقى چوڭرە قىز، — ئەمدى ئۇ ئازار يەپ بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە، بىزنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغۇدەك باشقا ئامالىمىز بولمىسىمۇ، بېرىپ يوقلاپ قويساق، بىزگە قىلغان كۆيۈمچانلىقىنى يەرگە ئۇرغان بولمايمىز. خەقلەر بارغىنىمنى بىلىپ قېلىپ، ئاغىچا خېنىمغا چاقسىمۇ، ناھايىتى كەلسە شۇ، بىرەر قېتىم تاياق يەرمەن، بۇنىڭغا مەن رازى. شۇڭا، تاياق يېيىشىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئوغرىلىقچە بېرىپ يوقلاپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى زېرەكلىكى ئۆلگۈچىمۇ ئۆزگەرمەيدىكەن. مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپلا كۆزىنى ئېچىپ، قولۇمدىن تارتىپ، مەندىن: «باۋيۈي نەگە كەتتى؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا دەپ بەردىم. ئۇ ئاھ ئۇرۇپ قويۇپ: «ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق!» دېدى. مەن: «ئاچا، بىردەم تەخىر قىلسىڭىز، ئۇ كېلىپ كۆرۈشۈۋالسا بولمامدۇ؟ دېسەم، ئۇ كۈلۈمسىرەپ: «سىلەر ئۇقمايسىلەر، مەن ئۆلمەيمەن، ھازىر ئاسماندا گۈل مۇئەككىلىدىن بىرسى كەم ئىكەن. تەڭرى مېنى گۈللەردىن خەۋەر ئېلىشقا چاقىردى. مەن ئەمدى ئاخىر پېشىن ۋاقتىدىن ئىككى چارەك ئۆتكەندە ۋەزىپەمنى ئۆتەشكە كېتىپ قالىمەن. باۋيۈي بولسا، ئاخىر پېشىن ۋاقتىدىن ئۈچ چارەك ئۆتكەندە ئۆيگە يانىدۇ، ئۇنىڭغىچە بىر چارەك ۋاقىت ئۆتىدۇ، شۇڭا يۈز كۆرۈشەلمەيمىز. بۇ دۇنيادا ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان ئادەملەرنى يامارا ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، جىنلارنى ئەۋەتىپ جاننى ئالىدۇ. بىرەر - يېرىمدەم

كىچىكتۇرۇشكە توغرا كەلگەندە، قەغەز كۆيدۈرۈپ ئاش ـ چاچقۇ قىلسا، ئۇ جان ئالغۇچى جىنلار تەڭگە تالىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆلگۈچى بىرئاز ۋاقىت بولسىمۇ كېچىكىپ جان تەسلىم قىلىدۇ. مېنى ھازىر ئاسماندىكى مالائىكىلەر تەكلىپ قىلىۋاتسا، ۋاقىتنى كەينىگە تارتقىلى بولامدۇ؟» دېدى. مېنىڭ بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئۆيگە كىرىپ سائەتكە سىنچىلاپ قارىسام، راستىلا ئاخىر پېشىن ۋاقتىدىن ئىككى چارەك ئۆتۈپتىكەن، ئۇ نەپەستىن توختىدى، ئۈچ چارەك ئۆتكەندە، ئۆزلىرىنى «كەلدى» دەپ بىر كىم كىرىپ بىزنى قىچقاردى.

— سەن ساۋاتسىز بولغاچقا ئۇقمايسەن، بۇ بار ئىش. ھەربىر گۈلنىڭ بىردىن مۇئەككىلى بولۇپ قالماستىن، گۈللەرنىڭ باش مۇئەككىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي ئالمان ـ تالمان، — لېكىن، ئۇ باش مۇئەككىل بولۇشقا كەتتىمىكىن ياكى بىرەر گۈلدىنلا خەۋەر ئالىدىغان مۇئەككىل بولۇشقا كەتتىمىكىن؟

ھېلىقى چۆرە قىز بىر پەس زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ راسا سەككىزىنچى ئاي ۋاقتى، باغدىكى كۆلدە نىلۇپەر ئېچىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ھېلىقى چۆرە قىز بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، گۇپپىدە بىر ئىش خىيالىغا كېلىپ، ئالمان ـ تالمان مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— ئۇنىڭدىن: «قانداق گۈلدىن خەۋەر ئالىدىكەنسىز؟ دەپ بەرسىڭىز، كېيىنكى كۈنلەردە شۇ گۈلگە ئاتاپ نەزىر قىلىپ تۇراتتۇق» دەپ سورىسام، ئۇ: «سەن باۋيۈينىڭ ئۆزىگىلا دېگىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە بۇ سىرى ھېكمەتنى بىلىندۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ ماڭا ئېيتىپ بەردى. ئۇ مەخسۇسلا نىلۇپەر گۈلىدىن خەۋەر ئالىدىكەن.

باۋيۈي بۇ گەپكە ئەجەبلەنمىدى، بەلكى قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلىنىپ، ئۆرۈلۈپلا نىلۇپەر گۈلگە قاراپ كۈلدى:

— بۇ گۈلدىن زادى ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەم بېرىپ خەۋەر ئېلىشى كېرەك. مەن ئاشۇنداق ئادەمنىڭ قىلىدىغان

ئۆزىگە خاس ئىشى بولىدۇ دەپ پەملىگەنىدىم. بىراق، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلغىنى بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن يۈز كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق ـ دە ! — ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇنى ئەسلىدى ۋە: «جان ئۈزەر چېغىدىغۇ كۆرۈشەلمەپتىمەن، ئەمدى بولسىمۇ جەسىتىنى كۆرۈپ، باش ئۇرۇپ قويسام، بەش ـ ئالتە يىللىق مېھرىبانلىقىمىزنىڭ ئەجرىنى ئۆتىگەن بولارمەن !» دەپ ئويلاپلا، ھۇجرىسىغا ئالدىراش ماڭدى، شېيۈ بىلەن چيۇۋېن ئۇنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانىكەن.

باۋيۈي ئۆزى كىيىنىپ: «دەيييۈينى يوقلاپ كېلىمەن» دەپ قويۇپلا، ئۆزى يالغۇز باغدىن چىقىپ، ئالدىنقى دورەم يوقلاپ بارغان جايغا كەلدى. چىڭۋېننىڭ جەسەت ساندۇقى تېخى ئۆيدە بار دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، چىڭۋېننىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى چىڭۋېن تىنىقىدىن قېلىشى بىلەنلا، بالدۇرراق ئۇزىتىۋېتىش ئۈچۈن بىرقانچە سەر كۈمۈشكە ئىگە بولۇش كويىدا قەسىرگە كىرىپ مەلۇم قىلغان، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئون سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىشنى بۇيرۇپ: «دەرھال سىرتقا ئاچىقىپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن. سىلىدىن ئۆلگەن قىزنى زادىلا توختىتىشقا بولمايدۇ !» دەپ جېكىلىگەنىدى. چىڭۋېننىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى شۇ گەپ بىلەن كۈمۈشنى ئېلىپلا، جەسەتنى دەرھال جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىغا ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى. چىڭۋېندىن قالغان كىيىم ـ كېچەك، جىغا ـ سىرغا جابدۇقلار ئۈچ ـ تۆت يۈز سەر پۇلغا ياراتتى. بۇلارنى كېيىنكى كۈنلەردە تىرىكچىلىككە لازىم قىلىش ئۈچۈن، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى يىغىشتۇرۇپ قويغان ۋە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، جەسەت ساندۇقىنىڭ كەينىدىن كېتىشكەنىدى.

باۋيۈينىڭ كەلگىنى بىكار بولدى، ئۇ بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدى. ھېچ ئىلاج تاپالماي، ئاخىر باغقا يېنىپ كەلدى. ھۇجرىسىغا كىرەي دېسە، ھېچبىر مەززىسى يوقتەك تۇيۇلۇپ،

يول ئۆتەر دەيىۋىنىڭكىگە كەلدى. لېكىن، دەيىۋى ھوجرىسىدا يوق ئىدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىغانىدى، دېدەكلەر: «باۋچەي قىزنىڭكىگە كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. باۋيۈي ئاسارۇنزار ھويلىغا كەلدى، ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت، ئادەمدىن ئەسەر يوق، ئۆي ـ سەرەمجانىنى كۆچۈرۈپ كەتكەن، ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران بولۇپ، قايسى كۈنى باۋچەي كۆچۈپ چىقىپ كەتكۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، بىر ـ ئىككى كۈندىن بۇيان دەرس تەكرارلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇ گەپنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، راستلا كۆچۈپ كەتكەنلىكىگە ئاندىن ئىشەندى. خېلى ۋاقىتقىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، بىردىنلا كاللىسىغا: «بوپتۇلا، شىرېن بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرۇپ، ئاندىن دەيىۋى بىلەن جور بولارمەن، مۇشۇ ئىككىسى بىلەنلا ئۆلگۈچە بىللە ئۆتىدىغان ئوخشايمەن» دېگەن خىيال كەچتى ـ دە، يەنە بامبۇكزار سارايغا كەلدى. قىرىشقاندەك دەيىۋى تېخىچە يېنىپ كەلمىگەنىدى. نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇقالماي تۇرغىنىدا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ چۆرە قىزى كېلىپ:

— بېگىم يېنىپ كەپتۇ، ئۆزلىرىنى ئىزدىتىۋاتىدۇ. يەنە ياخشى ماۋزۇ تاپقان ئوخشايدۇ. چاپسان بولسىلا، يۈرسىلە، — دېدى.

باۋيۈي نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن بىللە باغدىن چىقتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئاتىسى چىقىپ كەتكەنىكەن. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينى قىرائەتخانىغا باشلاپ بېرىشقا كىشى بۇيرۇدى.

بۇ چاغدا جيا جېڭ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كىتابتىن ئىزدىنىش ئۈستىدە قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. جيا جېڭ گەپ ئاخىرىدا:

— سۆھبىتىمىز ئاياغلىشاي دېگەندە يەنە بىر ئىش يادىمغا چۈشتى، قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان گەپلەر «داڭدار قابىللار كىشىنى ساداقەتلىكى بىلەن ھاياجانلاندۇرار» دېگەن جۈملە بىلەن تاكامۇللىشىدىكەن. بۇ ئوبدان ماۋزۇ، قېنى ھەممىلىرى مۇشۇ

ماۋزۇدا بىر مەرسىيە يېزىشىسىلا، ــ دېدى.
ــ قانداق ئاجايىپ ئىشكەن ئۇ؟ ــ دەپ ئىلتىجا قىلىشتى ھەمسۆھبەتلىرى.
ــ ئۆز زامانىسىدا بىر ۋاڭ غوجام بولغانىكەن، ــ دەپ چۈشەندۈردى جيا جېڭ، ــ ئۇ زات خېڭۋاڭ دەپ نام ئالغانىكەن، چىڭجۇ ۋىلايىتىگە باسقاق بەگ بوپتىكەن. بۇ خېڭۋاڭ غوجام ئايال جىنسىغا بەك ئامراق ئىكەن. ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى، ئەلەم ئىشلىرىغىمۇ ھەۋەس قىلىدىكەن. بىرمۇنچە چىرايلىق ئاياللارنى تاللاپ، كۈنبويى ئەلەم مەشقى قىلدۇرماقچى بولۇپ، چىرايلىق ئاياللارنى جەڭنىڭ ھۇجۇم - ھىيلە ئىشلىرىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇپتۇ. شۇلارنىڭ ئارىسىدا لىن جەمەتىدىن تۆتىنچى قىز دېگەن بىرسى بار ئىكەن. ھۆسن - جامالدا ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە چامباشچىلىق سەنئىتىدە ماھىر بولۇپ، ئۇنى ھەممەيلەن لىن سىنياڭ دەپ ئاتايدىكەن. خېڭۋاڭ ئۇنى بەك ياقتۇرۇپ، ھەممە كېنىزەكلىرىگە باش قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە «تەمكىن باتۇر سەركەردە» دەپ نام بېرىپتۇ.
ــ نېمىدېگەن كارامەت ئىش بۇ ! ــ دەپ ماختاشتى سۆھبەتچىلەر، ــ «تەمكىن باتۇر» دېگەن نامغا «سەركەردە» ئۇنۋانىنى قوشقاندىن كېيىن، تېخىمۇ دىلبەر ۋە داڭدار بوپتۇ - دە. ھەقىقەتەن جاھاندا مىسلى يوق ئاجايىپ نام بوپتۇ ! خېڭۋاڭ دېگەن زاتمۇ ئەبەدىلئەبەد بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان زاتلاردىن بولسا كېرەك.
ــ ئۇغۇ ئەلۋەتتە شۇنداق، ــ دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى جيا جېڭ، ــ لېكىن، بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ تاڭ قالدۇرىدىغان ئىش بار تېخى.
ــ بۇنىڭ ئاخىرىدا يەنە قانداق ئاجايىپ ئىشلار باردۇ؟ ــ دەپ ھەيرانلىق بىلەن سوراشتى سۆھبەتچىلەر.
ــ ياندۇرقى يىلى «سېرىق ياغلىقلىقلار»، «قىزىل قاشلىقلار» دېگەن ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ قالدى - قاتتىلىرى يېڭىباشتىن توپلىشىپ، تەيخاڭ تېغىنىڭ سول قاسنىقىدا بۇلاڭ - تالاڭ

قىلىپ يۈرۈپتۇ. خېڭۋاڭ بۇنداق ئىت ـ مۈشۈكلەرنىڭ غەلىيانىغا، چوڭ ھەرىكەت قوللانغۇچىلىقى يوق دەپ قاراپ، يېنىك ئاتلىق لەشكەر بىلەنلا قورشاپ ھۇجۇم قىپتۇ. ئوغرىلارنىڭ كۆپ ھەم مۇغەمبەر ئىكەنلىكىنى پەملىمەي، ئىككى قېتىم تۇتۇش قىلىپ يېڭىلمەپتۇ. خېڭۋاڭ ئوغرىلار تەرىپىدىن قەتل قىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىڭجۇ شەھىرىدە، قەلەم ـ ئەلەم مەنسەپدارلىرى «ۋاڭ غوجام يېڭىلمىگەن يەردە، سەن بىلەن بىزنىڭ قولىمىزدىن نېمە كېلەتتى؟» دېيىشىپ، شەھەرنى تۇتۇپ بېرىشكە ھەرىكەت قىپتۇ. لىن سىنىياڭ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان، بارلىق ئايال سەركەردە ـ باتۇرلارنى يىغىپ: «بىز ئالەمچە ئىش قىلساقمۇ، ۋاڭ غوجامنىڭ بىزگە قىلغان مەرھەمىتىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ ياندۇرالمايمىز. ھازىر ۋاڭ غوجام دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەتنى تۈگىتىش يولىدا جېنىدىن ئايرىلدى. مەنمۇ شۇنىڭ كەينىدىن جېنىمنى سېلىپ بېرىشكە رازى. ماڭا ئەگىشىشنى خالىغىنىڭلار مەن بىلەن بىللە يۈرۈڭلار، خالىمىغىنىڭلار ئۆز يولۇڭلارغا كېتىۋېرىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئايال سەركەردىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەممىسى تەڭلا: «خالايمىز!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لىن سىنىياڭ ئۇلارنى باشلاپ، كېچىلەپ شەھەردىن چىقىپ، ئۇدۇل ئات سالغانلىرىچە ئوغرىلارنىڭ چۈشكۈنىگە بېرىپتۇ. چۈشكۈن ئىچىدىكى ئوغرىلار بىخەستە تۇرغاچقا، ئوغرىلارنىڭ بىرقانچە ئاتامانلىرى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. كېيىن ئوغرىلار ھوشىنى تېپىپ قارىسا، ئۇلار بىرنەچچىلا ئايال ئىكەن. ئوغرىلار: بۇلار ھېچنېمىگە دال بولمايدىغان ئاياللار ئىكەن، دەپ چاغلاپ قېلىپ، ئۇلارغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. بىر قەپەس قاتتىق ئېلىشىپ، لىن سىنىياڭ بىلەن باشقا قىزلارنىڭ بىرىنىمۇ تىرىك قويماپتۇ. لېكىن، بۇ ئىش لىن سىنىياڭنىڭ سادىق ۋاپادارلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ تونۇلۇپتۇ. كېيىن بۇ ئەھۋال پايتەختكە مەلۇم قىلىنغانىكەن، پادىشاھىئالەم ۋە بارلىق

مەنسەپلدارلار ھەسرەت ـ نادامەت قىلىشىپتۇ. دەرۋەقە، پادىشاھلىقتا ئۇغرىلارنى يوقىتىشقا ئاتالانغانلار مەيدانغا چىققان ۋە خان لەشكەرلىرى يېتىپ بېرىشى بىلەنلا ئۇغرىلار تىرىپىرەن بولغان. بۇ ھەقتە گەپ لازىم ئەمەس. لىن سىنياڭنىڭ ۋەقەسىنى ھەربىرلىرى ئاڭلاشتىلا، قانداق، كىشىنىڭ زوقى كەلگۇدەك ئىشمىكەن؟

— ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقى كەلگۇدەك ئاجايىپ ئىش ئىكەن! — دەپ ھەسرەتلىنىشتى مەسلىھەتچىلەر، — بۇ قالتىس ياخشى ماۋزۇ ئىكەن، ھەممىمىز مەرسىيە ئوقۇساق بولغۇدەك.

شۇ ئەسنادا دۇۋەت ـ قەلەم كەلتۈرۈلدى، ئۇلار جىيا جېڭنىڭ دېگەن گەپلىرىدىن بىرقانچە سۆزنىلا ئۆزگەرتىپ، بىر پارچە قىسقىغىنا مۇقەددىمە قىلىپ جىيا جېڭغا سۇندى.

— مۇشۇنداق گەپ، — دېدى جىيا جېڭ مۇقەددىمىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇنىڭ ئەسلىي مۇقەددىمىسىمۇ بار. تۇنۇگۇن خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە: ئۆتكەن زامانلاردىن بۇيان تەقدىرلەشكە تېگىشلىك بولۇپ، ئۇنتۇلۇپ قالغان، يوقىرىغا سۇنۇلماي قالغان ھەر ساھەدىكى ئاشۇنداق كىشىلەر، مەيلى سامغا ـ نىكسۇنى، قەلەندەر ياكى خوتۇن ـ قىزلاردىن بولسۇن، تەكشۈرۈپ چىقىپ، تەقدىرلەشكە تېگىشلىك بىرەر پائالىيىتى بولسىلا دەرھال تىزىملاپ، تەرجىمىھاللىرى بىلەن قوشۇپ مەرىپەت دىۋانىغا يوللاپ، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا سۇنۇش مەرھەمەت قىلىنغانىدى. شۇڭا، بۇنىڭ ئەسلىي مۇقەددىمىسىنىمۇ مەرىپەت دىۋانىغا يوللاپ بەرگەن. ھەممەيلەن بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، «تەمكىن باتۇر ھەققىدە قەسىدە» يېزىپ، ئۇنىڭ ساداقىتىنى تەزكىرە قىلىشماقچى بولدى.

باشقىلار بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈشتى:

— ئەسلىدە بۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە. بىراق، مەزكۇر خاندانلىقىمىز زامانىسىدا، كىشىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زوقىنى كەلتۈرگۈچىلەر بار، بۇنداقلار قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ تېپىلمايدۇ. دېمەك، «دانىشمەن پادىشاھنىڭ ئىشى كەم ـ

www.uyghurkitap.com

كوتىسىز بولىدۇ» دېگەن ھەق گەپ ئىكەن.

ـــ شۇنداق، ـــ دەپ بېشىنى لىڭشىتتى جىيا جېڭ.

گەپ ئارىلىقىدا باۋيۈي، جىيا خۇەن، جىيا لەنلەرنىڭ تۇرغانلىرىچە ماۋزۇغا نەزەر سېلىشتى. جىيا جېڭ ئۇ ئۇچىنى بىردىن مەرسىيە يېزىشقا بۇيرۇدى، قايسىسى بالدۇر يېزىپ چىقسا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى، ئەلاچىغا قوشۇمچە ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جىيا خۇەن بىلەن جىيا لەن ئىككىسى يېقىندىن بۇيان بىرقانچە ئادەمنىڭ ئالدىدا شېئىر يېزىپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ، ماۋزۇنى كۆرۈپلا ئويلىنىشقا باشلىدى.

بىردەمدىن كېيىن جىيا لەن ھەممىدىن بالدۇر يېزىپ بولدى، جىيا خۇەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىدا قالماي، يېزىپ چىقتى. ئۇ ئىككىسى يازغانلىرىنى كۆرسىتىشتى، لېكىن باۋيۈي تېخىچە خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. جىيا جېڭ ۋە باشقىلار ئۇ ئىككىسى يازغان ئىككى شېئىرنى ئوقۇپ بېقىشتى. جىيا لەننىڭ يازغىنى قىتئە بولۇپ، مۇنداق يېزىلغانىدى:

سەركەردە سىنياڭ باتۇر نازاكەتتە يېگانە،
ئۇچەي ـ باغرى پولاتتىن، گەۋدىسى قاش دۇردانە.
ئىزباسار بوپ خېڭۋاڭغا ئۆزلۈكىدىن جان تىككەن،
شۇ كۈن چىڭجۇ يېرىدە شۆھرەت تاپقان مەردانە.

ھەمسۆھبەتلەر ئوقۇپ كۆرۈپ بەكلا ماختىشىپ كەتتى:

ـــ ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن كىچىك غوجامنىڭ مۇشۇنداق ياخشى يازالىشىدىن قارىغاندا، دېمەك، ئائىلىنىڭ چوڭقۇر بىلىم ئەھلى بولۇشى راستلا بىكار ئەمەس ئىكەن!

ـــ گۆدەك بالىنىڭ كالدىرلىشى بوپتۇ، يېزىش بۇنىڭغىمۇ ئاسان چۈشمەپتۇ، ـــ دېدى كۈلۈپ جىيا جېڭ.

ئاندىن جىيا خۇەننىڭ يازغىنىنى كۆرۈشتى. ئۇ ئون ئىككى

بوغۇملۇقتىن ئىككى كۇپلېت يازغانىدى:

چىقتى بىلمەي قايغۇنى بېزەك ئەھلىدىن،
يانمىدى ھېچ سەركەردە نىيەت ـ پەيلىدىن.
يىغىسىنى يوشۇرۇپ، كېچىپ پەردىدىن،
ئارمان بىلەن ئاتلاندى چىڭجۇ شەھرىدىن.

ۋاڭنىڭ ئىلتىپاتىغا ياندۇرۇپ جاۋاب،
كىم ئۇنىڭدەك ئۆچىنى ئالدى ئوغرىدىن؟
سادىق ئايال قەبرىگە قىلدۇق تەنتەنە،
داڭدارلىقتا يېگانە ئۆتمۇش دەۋرىدىن.

— تېخىمۇ ئېسىل يېزىپتۇ! بىرنەچچە ياش چوڭ بولغاننىڭ چوڭلۇقى بولىدىكەن ـ دە، يۇرىكىمۇ ئوخشىمايدىكەن، — دېيىشتى باشقىلار.

— ئانچە چوڭ خاتالىقى بولمىسىمۇ، يەنىلا سەممىي ئىپادە قىلالماپتۇ، — دېدى جيا جېڭ.

— مۇشۇمۇ كۇپايە، — دېيىشتى باشقىلار، — ئۇچىنچى غوجام كۆپ بولسا، ناھايىتى شۇ بىرنەچچە ياشلا چوڭ، تېخى قىرانىغا يەتمىگەن. مۇشۇنداق كۆڭۈل قويۇپ يېزىۋېرىدىغان بولسا، بىرقانچە يىلدىن كېيىن تۇنجى رۇەن ياكى كەنجى رۇەن[①] بولۇپ يېتىشمەي قالماس؟

— بۇ تولىمۇ ئارتۇق تەقدىرلىنىپ كەتتى. كىتاب ئوقۇشقا ئىنتىلمىگەنلىكى مۇشۇ شېئىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، — دەپ كۈلدى جيا جېڭ. ئاندىن باۋيۈيدىن، — يازغىنىڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى.

① تۇنجى رۇەن — رۇەن جى (210 — 263)، ئۈچ پادىشاھلىقتىن ۋېي پادىشاھ-لىقى زامانىسىدىكى شائىر؛ كەنجى رۇەن — رۇەنجىنىڭ جىيەن ئوغلى رۇەن شيەن، تارىختا بىر ئاز «داڭقى چىققان» شائىرلار.

www.uyghurkitap.com

— باۋيۇي غوجام ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ داڭدارلارنى ئەسلەپ ھەسرەت چېكىشى ئەلۋەتتە بۇ دەرىجىدە بولمايدۇ، — دېيىشتى باشقىلار.

— بۇ ماۋزۇ يېقىنقى زامان ئۇسلۇبىغا سېلىشقا مۇناسىپ كەلمەيدىكەن، — دېدى كۈلۈپ باۋيۇي، — بۇنى قەدىمكى ئۇسلۇبتا يېزىشقا توغرا كېلىدىكەن. غەزەل ياكى قەسىدە بولامدۇ، ئاشۇنداق ئۇزۇنراق قىلىپ يېزىلسا سەممىيەتنى بايان قىلغىلى بولىدۇ.

باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ، چاۋاك چېلىشىپ كەتتى:

— يۈرىكى ئوخشمايدۇ دېگەنىدۇق! مانا ھەرقانداق ماۋزۇنى قولىغا ئېلىشى بىلەنلا ئاۋۋال ئۇنىڭغا قانداق ئۇسلۇب باب كېلىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ. مانا بۇ ماھىرلار قوللىنىدىغان ئوبدان ئۇسۇل. بۇ ماۋزۇنىڭ نامى «تەمكىن باتۇر ھەققىدە قەسىدە» ئىكەن. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ بار ئىكەن، بۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پەقەت ئۇزۇن غەزەل شەكلى مۇناسىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ۋېن چاقچاننىڭ «جام چېكىش غەزىلى»گە ياكى لى چاڭجىنىڭ «كۆيىجى غەزىلى»گە، ياكى بەي لېتيەننىڭ① «تۈگىمەس نەپرەت» غەزىلىگە تەقلىد قىلىنسا، ياكى بولمىسا قەدىمكى نەزمىلەر شەكلىدە نىسپىي بايان، نىسپىي غەزەل ئۇسۇلىدا يېزىلسا، شېئىر راۋان، ئەركىن چىقىدۇ، بۇنداق شېئىر قالتىس ئېسىل شېئىر بولىدۇ.

بۇ گەپ جيا جېڭنىڭ دىتىغا ياقتى ۋە ئۆزى باۋيۇينىڭ شېئىرىنى قەغەزگە چۈشۈرۈۋالماقچى بولۇپ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئاندىن باۋيۇيگە قاراپ:

— ئاشۇنداق بولسا بەك ياخشى چىقىدۇ. سەن ئوقۇ، مەن

---

① لى چاڭجى — يەنى لى خې (790 — 816)، تەخەللۇسى چاڭجى، تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر؛ بەي لېتيەن — يەنى بەي جۈيى (772 — 864)، تەخەللۇسى لېتيەن، تاڭ دەۋرىدىكى شائىر.

يازاي. ياخشى ئېيتالمىساڭ، گۆشۆڭنى شىلىۋالىمەن. كىم سېنى نومۇس قىلماي چوڭ گەپ قىلسۇن دەپتۇ! — دېدى.
باۋيۈي نائىلاج بىر مىسرا ئوقۇدى:

خېڭۋاڭ خۇشتار بولغىنى — نازىنىن ھەم سەرۋازلىق،

جيا جېڭ يېزىپ بولۇپ، بېشىنى چايقاپ:
— قوپال! — دېدى.
— قەدىمكىگە مۇشۇنداق تەقلىد قىلسا، ھەر ھالدا قوپال بولمايدۇ. كېيىنكىلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ھەمسۆھبەتلەردىن بىرسى.
— بۇنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى، — دېدى جيا جېڭ.
باۋيۈي داۋام قىلدۇردى:

گۈزەللەرگە ئۆگەتكەن مەرگەنلىك - چەۋەندازلىق؛
ئېسىل ناخشا، شوخ ئۇسسۇل ئاچالماستىن كۆڭلىنى،
قاندۇرۇپتۇ كۆكسىنى سەپتە نەيزە - تىغۋازلىق.

جيا جېڭ بۇ مىسرالارنى يېزىپ قويدى. باشقىلار:
— پەقەت ئۈچىنچى مىسراسىلاساددا - ساغلام بولدى، بەك ياخشى چىقتى. تۆتىنچى مىسراسى ئاددىي بايان تەرىقىسىدە بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇسلۇبقا چۈشىدۇ، — دېيىشتى.
— بىھۇدە ماختاشنى قويۇپ تۇرايلى، قېنى، قانداق ئەگىتىدىكىن، — دېدى جيا جېڭ.
باۋيۈي ئايىغىنى ئوقۇدى:

چاڭسىز مۇھىت قويندا قىلدى مەشىنىڭ پەيزىنى،
جىلۋىلەتتى قىزىل شام سەركەردىنىڭ تەرزىنى؛

بۇ ئىككى مىسرانى ئاڭلاش بىلەنلا ھەممەيلەن ماختاشتى:

www.uyghurkitap.com

— قالتىس چىقتى! «چاڭسىز مۇھەببەت قوينىدا» ئىبارىسى بەك قاملاشتى! ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «جىلۋىلەتتى قىزىل شام تەرزىنى» دېگەن مىسراسىدا ئىشلەتكەن سۆز ـ ئىبارىسى تېخىمۇ جان كىرگۈزۈۋەتتى!
باۋيۈي داۋام قىلدۇردى:

ئاڭلىناتتى ھەر ئاندا ئۇر ـ چاپ دېگەن نەرىلەر،
كۆتۈرەلمەي نازۇك قول ئاپپاق شەمشەر ـ نەيزىنى.

باشقىلار كۈلۈپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى:
— تېخىمۇ سۈرەتلەپ بەردى! باۋيۈي غوجامۇ شۇ چاغدا ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ نازۇك قولىنى كۆرگەن ۋە خۇشبۇيىنى ھىدلىغان ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا مۇنچە ۋايىغا يەتكۈزەلەمتى؟
— ھەرەم قىزى ئەلەم ئىشىنى مەشىق قىلغاندا، ھەرقانچە باتۇرلۇق قىلسىمۇ ئەر كىشىگە ئوخشىتالامدۇ؟ سورىمايمۇ ئۇنىڭ نازۇكلۇق قىياپىتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى كۈلۈپ باۋيۈي.
— ئاخىرىنى چاپسان داۋاملاشتۇرمامسەن! يەنە لاپ ئۇرغىلى تۇردۇڭغۇ! — دېدى جيا جېڭ.
باۋيۈي يەنە ئويلىنىپ ئاخىرىنى ئېيتتى:

نېلۇپەر رەڭ پوتىدا قەلەمپۇردەك توپچە بار،

— «ئار» قاپىيەسىگە يۆتكىگىنى ئوبدان بولدى، بۇنىڭدا تېخىمۇ ئەركىن، راۋان چىقىدۇ. بۇ مىسرامۇ ناھايىتى بەدىئىي، گۈزەل تۈزۈلدى، — دېدى باشقىلار.
— بۇ مىسرا ياخشى بولمىدى، — دېدى يېزىۋېتىپ جيا جېڭ، — «ئۇر ـ چاپ نەرىسى»، «كۆتۈرەلمەي نازۇك قول» دەپ بولۇپ، يەنە مۇنداق دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ چامىسى يەتمەي قېلىپ، ئەتەي مۇشۇنداق سۆزلەر تىزمىسى بىلەن يەنە ئەپلەپ ـ

سەپلەپ ئۈتكۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ بۇ.
— ئۇزۇن غەزەلگىمۇ بەزى سۆزلەر بىلەن زىننەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بولمىسا، كۆرۈمسىز تۇيۇلۇپ قالىدۇ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.
— سەن مۇشۇنداق نېمىلەرنى دېگىلى تۇرساڭ، كېيىنكى مىسرالارنى قانداق قىلىپ ئەلەم ئىشلىرىغا يۆتكىيەلەيسەن؟ بۇنىڭغا يەنە ئىككى مىسرا قوشۇلسا، پايپاقتا نال قاققاندەك بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى جيا جېڭ.
— شۇنداق، كېيىنكى مىسرانى شارتلا توختىتىپ يۆتكىۋەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى باۋيۇي.
— سېنىڭ قانچىلىك ماھارىتىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى جيا جېڭ، — باشتا دەرۋازىنى يوغان ئېچىپ، بىر مىسرا پارچە - پۇرات گەپ سېتىپ قويۇپ، ئەمدى بولغاندا بىر مىسرانى شارتلا توختىتىپ يۆتكىۋەتمەكچى بولساڭ، ئارمىنىڭ بار، دەرمانىڭ يەتمەي قالارمىكىن؟
باۋيۇي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئويلاندى - دە، يەنە بىر مىسرانى ئېيتتى:

ئاسقىنى مونچاق ئەمەس، بەلكى ئېسىل زۇلپىقار؛

— بۇ مىسراغۇ بولىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراپ.
باشقىلار شىرەنى شاپىلاقلاپ، يارايدۇ، دېيىشىپ كەتتى.
— بۇنى قويۇپ تۇرۇپ يەنە داۋاملاشتۇر، — دېدى كۈلۈپ جيا جېڭ.
— بولسا، ئۇزۇپ قويماي، داۋاملاشتۇراي، — دېدى باۋيۇي، — بولمىسا، ئۇنى ئۈچۈرۈۋېتەيلى، باشقا مەزمۇندا ئويلىنىپ، قايتىدىن سۆز تېرەي.
— تولا ۋالاقلىما! — دېدى جيا جېڭ ۋارقىراپ، — ياخشى بولماي قالسا، قايتىدىن تۈز. بىرەر يۈز پارچە شېئىر تۈزگەنگە

جاپا تارتىپ كېتەرمىدىڭ؟
باۋيوۋي نائىلاج بىردەم ئويلىنىپ، يەنە ئوقۇدى:

تۇگەپ مەشمۇ كېچىدە كەتتى بارچە ھالىدىن،
ئەڭلىك ـ تەردە بۇلغاندى ئۇچىسىدا گۈل تاۋار.

— بۇ يەنە بۆلەكچە بولدى، ئايغى قانداق؟ — دېدى جيا جېڭ.
باۋيوۋي داۋام قىلدۇردى:

ياندۇرقى يىل شەندۇڭدا قوپتى تۇغيان تاپ بولۇپ،
يولۋاستەك ئەجەب قەيسەر، ھەربىدەك توپ ـ توپ بولۇپ:

— «قوپتى» سۆزى بەك قاملىشىپ چۈشتى! چامىسى يېتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. مىسرانىڭ يۆتكىلىشىمۇ قاتمال بولمىدى، — دېيىشتى باشقىلار.
باۋيوۋي يەنە داۋاملاشتۇردى:

خېڭۋاڭ باشلاپ لەشكەرنى يوقاتماقنى قەستلىدى
نەچچە جەڭدە يېڭەلمەي، قالدى ئۆزى مات بولۇپ؛
قان بۇسىنى ئۇردى يەل دالادىكى بۇغدايغا،
تۇغ ـ ئەلەمگە كۈن چۈشتى، قالدى چۇشكۈن يات بولۇپ.

ئىگرىغاندەك ئېقىن سۇ شىرىلداپتۇ كۆك تاغدا،
چۆلدە خېڭۋاڭ جەڭ قىلىپ ئۆلگەنىدى شۇ چاغدا:
قالدى سۆڭەك يامغۇردا، ئوت بويالدى قان بىلەن،
ھەمراھ بولدى مۇردىغا جىنلار گۇگۇم ـ ئاخشامدا.

— قالتىس چىقتى! راسا قاملاشتى! — دېيىشتى ھەممىسى، — تۈزۈلۈشى، بايانى، سۆز ئىبارىلىرى بىر ـ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرىدىن گۈزەل بولدى. ئاخىرىدا سىنىاڭ قانداق قىلغانلىقى توغرىسىدا ئەپچىللىك بىلەن يۆتكەپ بايان قىلىپ بېرىدىغان ئاجايىپ مىسرالار بولۇشى چوقۇم.

باۋيوۋي يەنە داۋامىنى ئوقۇدى:

شۇنچە لەشكەر ـ سەركەردە ئۆزىدىنلا غەم يەپتۇ،
قىرغىن بىلەن چىڭجۇمۇ چاڭغا ئايلىناي دەپتۇ؛
كۆتمىگەندە ھەرەمدىن چىقىپ سادىق ـ پىداكار —
ۋاڭ دىتلىغان شۇ ئايال غەزەپلىنىپ ئات ساپتۇ.

— بايان ناھايىتى سىلىق بولدى! — دېيىشتى باشقىلار.

— بەك ئۇزىراپ كەتتى، ئايىغى پەلەپەتىش بولۇپ كېتەرمىكىن، — دېدى جىيا جېڭ.

باۋيوۋي يەنە ئوقۇدى:

كىم مۇناسىپ دېسىڭىز ۋاڭغا دىل شاد بولۇشقا،
خاستۇر بۇ نام لىن سىنىاڭ — نازاكەتلىك خانىشقا؛
پەرمان بەردى شۇنچە كۆپ كېنىزەككە ـ توقالغا،
تاۋار ـ تورقا ئەھلىنى سۈردى سەپكە ـ ئۇرۇشقا؛

كىم يېڭىلۇر، كىم يېڭۇر — ئالدىن بىلمەك تەس بۇنى،
كەچتى جاندىن ئانت ئىچىپ ۋاڭغا ۋاپا قىلىشقا.

ئاشتى تۇغيان ھەيۋىسى، بولدى قىيىن توسماققا،
شېخى سۇنغان گۈزەلدىن قان تۆكۈلدى ئوتلاققا؛
چەيلىدى ئات تۇيىقى ئۇپا سىڭگەن سۆڭەكنى،
ئەل ـ يۇرتىدىن ئايرىلىپ روھى قالدى قىشلاقتا.

پايتەختكە يەتكۈزدى خەۋەر تۇن يۇلتۇزلىرى،
قايسى ئۆي قايغۇرمىسۇن بولسا پارە قىزلىرى!

چىڭجۇ قولدىن كېتەرمۇ دەپ ھودۇقتى خاقانمۇ،
قەلەم ــ ئەلەم ئەھلىنىڭ ئېگىلدى باش ــ تىزلىرى.

ئەي، ئەلەمدار ــ قەلەمدار، قېنى خانلىق يارلىقى؟
يېتەلمىدى سىنياڭغا ساداقەتتە بارلىقى.
ئاھ ئۇرارمەن ھەسرەتتە سىنياڭ ئۇچۇن قايغۇرۇپ،
پۈتتى غەزەل، تۈگىمەس ھاڭ قېلىش ــ خۇشتارلىقى !

غەزەل تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن توختىماي ماختاشتى، يەنە بىر قېتىم يېڭىباشتىن ئوقۇپ چىقىشتى.

ــ بىرقانچە مىسرانى ئېيتالىغان بولسىمۇ، يەنىلا سەممىي بايان قىلالمىدى، ــ دەپ كۇلدى جيا جېڭ. ئاندىن باۋيۈيگە، ــ بولدى، چىقىپ كەت، ــ دېدى.

باۋيۈي، جيا خۇەن، جيالەن ئۈچى خۇددى ئومۇمىي كەچۈرۈمگە ئىگە بولغاندەك، تەڭلا يېنىپ چىقىپ ئۆيلىرىگە يېنىشتى.

باشقىلارنىڭ دەيدىغان گەپلىرى تۈگەپ، كەچ بولغاندا ئارام ئېلىشتى. يالغۇز باۋيۈيلا غەمكىن ھالدا باغقا يېنىپ كىردى، بىردىنلا كۆلدىكى نىلۇپەرگە كۆزى چۈشۈپ، چۆرە قىزنىڭ، چىڭۋېن نىلۇپەر مۇئەككىلى بوپتۇ، دېگەن گېپى ئېسىگە كەلدى ــ دە، باشقىدىنلا كۆڭلى ئېچىلدى، نىلۇپەرگە قاراپ بىردەم ئاھ ئۇردى. ئاندىن يەنە: «ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، جەسىتى ئالدىدا نەزىر ــ سەدىقە قىلالمىدىم، ئەمدى بولسىمۇ نىلۇپەر ئالدىدا نەزىر ئۆتكۈزمىسەم، ئەدەپ ــ قائىدىنى ئادا قىلمىغان بولۇپ قالمايمەنمۇ؟» دېگەن ئويغا كېلىپ، تەزىم قىلماقچى بولغانىدى، بىردىنلا يەنە: «مۇنداق بەك يۈزەلا قىلىپ قويسام بولماس، كىيىم ــ كېچەكلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ، نەزىر ــ سەدىقە رەسمىيىتىنى تەلتۆكۈش قىلغاندا، سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرگەن بولىمەن» دەپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى. ئاندىن يەنە

ئويلىنىپ قالدى: «كونىلار: ئازگال ـ كاتاڭدىكى توختام سۇلار، سۇ چىچىكى، لەش، جامكا، ئاق جاۋسان دېگەندەك ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ۋاڭ ـ گۇڭلارنىڭ ئەرۋاھلىرىغا نەزىر قىلسا، جىن ـ ئالۋاستىلارغا سەدىقە قىلسىمۇ بولىدۇ، دەپتىكەن. گەپ نەرسىنىڭ قەدىرلىك ـ قەدىرسىز بولۇشىدا ئەمەس، چىن يۈرەكتىن ئېھتىرام بىلدۈرۈشتە. شۇڭا، بىر پارچە تەزىيەنامە يازمىسام، ئۆز ۋاقتىدىكى دەرد ـ ئەلەم، ئىچ ئاغرىقلىرىمنى تۆكىدىغان يەر چىقماي قالىدۇ.» شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئادەتتە چىڭۋېن ياخشى كۆرىدىغان پەتلىك بۆرتمە ئاق شايىغا رەسمىيانە خەت بىلەن «نىلۇپەر قىزغا تەزىيەنامە» دېگەن ماۋزۇدا مۇقەددىمە، ئاخىرىغا قەسىدە يازدى. ئاندىن چىڭۋېن ئادەتتە ياخشى كۆرىدىغان تۆت خىل يېمەكلىك تەييارلىدى. شۇنىڭ بىلەن كەچقۇرۇن ئەل ئايىغى بېسىققاندا، بايىقى نەرسىلەرنى چۆرە قىزغا كۆتۈرتكۈزۈپ، نىلۇپەر گۈلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئاۋۋال تەزىم قىلىپ، ئاندىن بايىقى تەزىيەنامىنى نىلۇپەرنىڭ شېخىغا ئىلىپ قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئوقۇدى:

ئەبەدىي تىنچ ـ ئامانلىق يىلىدا، نىلۇپەردالچىنلار راسا ئېچىلغان ئايدا، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئارامبەخش ھويلىدىكى غۇبارلىق قاشتاش كەمىنە باۋيۈي ئەرزىمەس تۆت خىل بۇيۇمنى ــ خىلمۇ خىل گۈللەرنىڭ چېچەك بەرگىلىرىنى، سۈتتەك ئاپپاق جۇلالىق شايىنى، ئەتىردەك خۇشبۇي بۇلاق سۈيىنى ــ يۈرەك ـ باغرىمنىڭ زاھىرى سۈپىتىدە، ئاق تەگرى ئوردىسىدىكى كۆز گۈلىدىن خەۋەر ئالغۇچى نىلۇپەر قىزنىڭ ئەرۋاھىغا قىلىپ سەدىقە، ئۆز تەۋسىيىمنى شۇنداق بايان قىلغايمەن: بۇ ھۆر قىز بۇ ئالەمگە تۆرىلىپ، شۇ كەمگىچە جۇغى ـ جەمى ئون ئالتە يىل ئۆمۈر كۆردى. ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەدەم جايى ئۆچۈپ، ئات ئۆچۈرى كۆزدىن كۆچۈپ، ئۇنى ئېنىقلاشقا تەس

بولدى. لېكىن، بۇ قىز ماڭا ئورۇن ـ كۆرپە سېلىپ، يۇيۇنۇپ ـ تارىنىشىمدا خىزمىتىمنى يەتكۈزدى. خاھى ئارام ئالغاندا ياكى سەيلە ـ بەزمە قىلغاندا بولسۇن، قائىدە ـ يوسۇن ئاسارىتىدىن قورۇنۇپ قالماي، ئەتىسى ـ ئاخشىمى مەن بىلەن بىللە بولۇپ، ئاران بەش يىل يەنە سەككىز ئاينى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىنى ئەسلىگىنىمدە، ئۇنىڭغا ئالتۇن ۋە قاشتاشمۇ ئازلىق قىلىدۇ ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىنى تەرىپلەشكە؛ بىللۇردەك ئاق قار ۋە يالتىراق كۆك مۇزمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ ئۇنىڭ جىسمىنىڭ پاكلىقىنى سۈپەتلەشكە؛ كۈن ـ ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ كەملىك قىلىدۇ ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ساپلىقىنى ئىپادىلەشكە. باھار گۈللىرى ۋە كۆز ئايلىرىمۇ يېتەرسىزلىك قىلىدۇ ئۇنىڭ سىياقىنىڭ چىرايلىقلىقىنى تەسۋىرلەشكە. ھەۋەس قىلسا ھەمشىرىلەر ئۇنىڭ كېلىشكەنلىكىگە ۋە نازاكىتىگە، ئىززەت قىلالاتتى موماي ـ ئىنىگىلەرمۇ ئۇنىڭ مېھرىبانلىق پەزىلىتىگە. كۈتۈلمىگەندە، قاغا ـ قۇزغۇنلار ئۇنىڭ ئېگىز پەرۋاز قىلغىنىغا ھەسەت ـ نەپرەتلىرىنى بىلىندۈردى ۋە لېچىن ـ ئالمان قۇشلار ئۇنى قىلتاق ـ تورغا ئىلىندۈردى. ئوغرىتىكەن ـ بۇدۇشقاقلار ئۇنىڭ بويىدىن ئىچى ئاداپ كۆزلىرى ياشلاندى ۋە توزغاق ـ چىغىرتماقلار تەرىپىدىن ئۇ ئاخىر قېزىپ تاشلاندى. گۈل ـ گىياھ ئەسلى ئاجىز تۇرسا بەرداشلىق بېرەلەمتى قۇترىغان بورانغا؟ سۆگەت ئەسلى دەردمەن تۇرسا چىداشلىق بېرەلەمتى سەل ـ يېغىنغا؟ ئۇنىڭغا زەھەرلىك يىلان ئۈشتۈمتۈت پىتنە ئوقىنى ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە داۋاسىز كېسەل ـ رەنجى تاپتى؛ جىنەستە لەۋلىرىدىن قىزىللىق كەتتى. دەرد ـ ئەلەمدىن قىينىلىپ پىغان چەكتى. ئالىمدەك چىرايى بارغانسېرى سارغىيىپ سولدى. رەڭگىرويى ياداپ قاقشال بولدى. ئىچكى ھەرەمدە توقۇلغان ئۆسەك ـ پىتنە ۋە تاپا ـ تەنە بازارىنى بىر

ئالدى، ئازغان ـ شوخا ۋە چېتىن تىكەندەك پۈتلىكاشالڭ
چۈپرەندىلەر دەستىدىن ئۇ چەكسىز دەرد ـ ئەلەمگە چۆمۈپ
بۇرۇقتۇرما ئىچىدە قالدى، تۈگىمەس تۆھمەتكە قېلىپ،
ناھەقچىلىق ئۇنى قويىنغا ئالدى. ئاسماندىن يۈكسەك قەلبى
قوزغىدى دىللاردا ھەسەت، ھەرەم قىزى خۇددى دەردمەن جىيا
يىدەك تارتتى ھەسرەت. مەسۇم جىگەرلىكى بولدى دەپسەندە،
جاۋجۇندىنمۇ ئېشىپ چۈشتى سەرگۈزەشتىدە. دەرد ـ ئەلەم
ساڭا بولدى يولداش، ۋاقىتسىز ئۆلۈمىڭگە كىم بولدى
ھېسداش؟ تارقالدى ھۆر قىزنىڭ شەپەقتەك سايىسى، ئەمدى
تېپىلماس ئۇنىڭ ئىز ـ پايىسى. غايىب بولسا پەرىزاتلار
ئەشيانى، نەدىن تاپقۇلۇق تىرىلدۈرگۈچ تۇتىيانى؟ پايانسىز
دېڭىزدا يېتەكچەكە سال، تاپقىن بولماس جان كىرگۈزگۈچ
مېھرىگىياھنى. گويا تۇنۇگۇنلا قاشلىق ئەتكەنىدىم قەلەم
قاشلىرىڭغا، كىم لېۋىدىن ھارارەت بېرەر ئەمدى ئۈزۈك
سالغان بارماقلىرىڭغا؟ قۇمغان ـ ئوچاقتا ئاسقان دورىلىرىڭ
تېخىچە تۇرۇپتۇ، ئېتەكتىكى ياش داغلىرىڭ ھۆل پېتىچە
تۇرۇپتۇ. ئىككى بۆلەك قىلىنغان ئەنقا ئەينىكىڭ ئەمدى جۈپ
بولماس، شېيۈنىڭ ئەينەك قۇتىسى سەن ئۇچۇن قايتا
ئېچىلماس. تارغاق ـ سۆزگۈچۈڭ ئەجدىھا بولۇپ ئۇچۇپ
كەتتى، تەنيۈننىڭ سەندەل تارغىقىنىڭ چىشلىرى پۇچۇلۇپ
كەتتى. گويا ياڭ گۈيفېينىڭ سەرگۈزەشتىدىكىدەك ئالتۇن
جابدۇقلىرىڭ قالدى ئوتلاقتا. زۇمرەت قۇتاڭ قالدى توزان ـ
تۇپراقتا. بوش قالدى بىنا سەنسىز، يوق سېغىزخان كۆۋرۈكى
كۆرۈشكىلى بولماس دىدار. يەتتىنچى ئاينىڭ يەتتىسى
چېۋەرلىك تىلەپ ئاسقان كەچتە يىڭنىلىرىڭ بولدى بىكار.
قوشماق ئۆردەك كەشتىلەنگەن پوتا ئۈزۈلدى ـ پۈتتى ئىشى،
رەڭدار مەشۇت بىلەن ئۇنى يۆمەر ئەمدى قايسى كىشى؟
ھالبۇكى، دەل مۇشۇ ئالتۇن سۈپەت باش كۈز كېزىدە، كۈز
ئىلاھى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلىدە، تۆشەكتە تەنھا قېلىپ

چۈش كۆردۈم، ئويغانسام، ھۇجرىنى سەنسىز بوش كۆردۈم. سەن يۈرگەن سۇپىغا چىنار سايىسىدا زۇلمەت چۈشتى، روھىڭ بىلەن گۈزەل سىياقىڭ كۆزدىن ئۇچتى. نىلۇپەر گۈللۈك چىملىدىقىڭدا بار تېخى كۈجىنىڭ قالدۇقى، لېكىن بىلىنمەس تىنىقلىرىڭ بىلەن نازۇك بەللىرىڭنىڭ ئۆچتى چىرىغى. پايانسىز دالادا ئوت ـ گىياھلار سولاشتى سارغىيىپ، چەكسىز كەڭ يېيىلغان قۇمۇش ـ شىۋاقلار تۇرار ئاقىرىپ. ھەممە يەرنى قاپلىغان نالە ـ پەرياد، چىرقىراپ چېكەتكىلەر سالدى ۋايداد. شەبنەمدىن سۇپىنىڭ يانلىرى ئالا قالمىدى، پەردىدىن ئەمدى كىيىم قېقىشلىرىڭنى ئاڭلاشقا بولمىدى. مىسسىل ياماشقان تامغا كۆز يامغۇرى قۇيۇلدى ئۈزۈلمەي، قوشنا ھويلىدىن ئاڭلاندى ئاندا ـ ساندا مۇڭلۇق نەي. ئۆچمىدى تېخى بۇ قىزنىڭ چىرايلىق ئىتى، چۈنكى توختىماي قىچقىرىدۇ ئۇنى پىشايۋاندىكى شاتۇتى. غايىب بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭ گۈزەل زاتى، بوسۇغا سىرتىدىكى يەسسەمەن سولۇپ كەلدى بىشارىتى. نىلۇپەر بەرگىدەك پۇتلىرىڭنىڭ تىۋىشى تېخىچە بار تېپىشماق يوشۇرغان شىرمە كەينىدە، ئۇچقۇلاق تېپىپ ئوينىغان سەينا ئالدىدا سېنى خۇشقات كۈتمەكتە بىھۇدە. رەڭگارەڭ مەشۈت ياتسا چۇۋۇلۇپ، قېنى ئەمدى ئىگىسى پىچقۇچى. پۇرلەشكەن تاۋار ـ تورقا تۇرسا دۆۋىلىنىپ، يوق ئەمدى ئالتۇن ھەللىك دەزمالنى خۇشبۇي كۈجە بىلەن قىزىتقۇچى. تۇنۇگۈن بۇزرۇكۋار ئاتامنىڭ ئەمرى بىلەن كېتىپ قاپتىمەن سەيلە ـ تاماشىغا، بۇگۈن بولسىمۇ مېھرىبان ئانامنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلىپ ھاسا تۇتۇپ كەلسەم قېشىڭغا، ئاپىرىپ تاشلاپتۇ جەسىتىڭنى شەھەر تېشىغا. خۇشقات گۈلىدەك جەسىتىڭنى سالغان ساندۇقىڭنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، گۆردە بىللە بولۇش مۇرادىمغا يېتەلمىدىم. ئۇيۇل تاشتەك لەھىدىڭ بۇزۇلغاچ، بىللە تۇپراققا ئايلىنىش ئۈچۈن

ئۈلگۈرەلمىدىم. ئەمدى غەرب شامىلى ئۇشقىرتقان خارابىدە، سۆڭەكلىرىڭدىن چاقنىغان جىن ئۇچقۇنى چۆرگۈلەپ يۈرۈپتۇ، دىلنى غەش قىلىدىغان زاۋال قۇياشى چۆلسىرىگەن قەبرىلەرگە چۈشۈپ، ھەممە يەردە سۆڭەكلەر چېچىلىپ تۇرۇپتۇ. تۈن شامىلىدا سېدە ـ قارىياغاچلار شىلدىرلاپتۇ، ئەمەن ـ قامغاقلار شىتىرلاپتۇ. مايمۇنلار چىرقىراپتۇ تۇمان باسقان كەڭ دالىدا، جىنلار يىغلاپتۇ مانان قاپلىغان قەبرىستان چىغىر يولىدا. بەگزادىنىڭ ئىشتىياقىنى چوقۇر دېگىلى بولماس قىزىل شايى چىمىلدىقتىكى كىشىنىڭ دىلبەرلىكىگە، ئەمدى ئىشەندىم سېرىق توپىغا كىرىپ كەتكەن قىزنىڭ شور پېشانە ئىكەنلىكىگە! قىيامەتلىك دوستى جاڭ شاۋغا ئاھ ئۇرغان فەن شىدەك قانلىق ياشلىرىمنى غۇيۇلدىغان غەرب شامىلىغا سەپكەيمەن. مەشۇقى لۇيجۇنى سېغىنغان شى چۇڭدەك قايغۇلىرىمنى سۆرۈن ئايدىڭغا تۆككەيمەن. ۋادەرىخا! ساڭا جىن ـ ئېسىرلەر كەلتۈرگەن تۇرسا ئاپەت، نەدە ساڭا ئەرۋاھلار قىلغاي مۇنداق ھەسەت؟ بەتنىيەت غالچىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى يىرتىپ تاشلاش كېرەككى، جازالىمىسا ئۇلارغا كەڭچىلىك راۋا بولماس! رەھىمسىز ئايالنىڭ ئوغا قاينايدىغان يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالسامۇ قەلبىمدىكى نەپرىتىم ئادا بولماس! بۇ دۇنيادا بىللە ئۆتكەن چېغىمىز يۇزە بولسىمۇ گەرچە ۋە لېكىن مېنىڭ ھېقىر كۆڭلۈم چوڭقۇر ئىدى دېڭىزچە. شۇڭا، ئىزھار قىلىپ سەممىي كۆڭلۈمنى، ئېرىنمەي سۇرۇشتۇردۇم چۆرە قىزدىن ئۆلۈمىڭنى. ئاندىن بىلدىمكى، يارلىق چۈشۈرۈپتۇ تەڭرى ساڭا گۈلغىزاردا ۋەزىپە ئادا قىلىشقا، ئۆلۈكۈڭمۇ نېلۇپەرنى باشقۇرۇپتۇ ئۆمرۈڭ خۇشقات گۈلدەك خۇشبۇي بولغاچقا. چۆرە قىزنىڭ گېپىچە بۇ ئىش بىمەنىدەك كۆرۈندى. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ پەمىچە ئىسپاتلىق ئىكەنلىكى بىلىندى. ئۆز بوۋىسى ئۇچۇن يى فاشەن تاشپۇتۇك يازدۇرغانىكەن چۇشىدە لى يۇك

خەتتاتقا، تەگرى شائىر لى چاگجىنىڭ جېنىنى ئالغانىكەن خاتىرىنامە يازدۇرۇش ئۈچۈن قاش راۋاقتا. گەرچە بولسىمۇ بۇ ئىشلار باشقا ـ باشقا، لېكىن ئەمەلىيىتىڭ ئوخشايدۇ يوسۇندا شۇ ئىشقا. ۋەزىپىگە قويغاندا ئەلۋەتتە قابىلىيەتنى تاللايدۇ، قايسىبىر لاياقەتسىز ئادەم ۋەزىپە ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ؟ ئەمدى ئىشەندىمكى، ۋەزىپە تاپىلاشتا تەگرى تارازىغا سېلىپ ئايرىغان، بۇ ئىشقا مۇناسىپ كېلىپ سەنلا يارىغان، سېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى بارچىدىن ئۆزگىچە دەپ قارىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۈمىد قىلىمەنكى، ھۆر قىزنىڭ ئۆلمەس روھى بۇ يەرگە ئىلتىپات قىلسا دەپ دىتلاپ، پەس ـ قوپال ئىبارىلىرىم سېنىڭ ھوشيار سەزگۈلىرىڭنى بۇلغاپ قويۇشىغىمۇ قارىماي، مەزكۇر مەرسىيەنى تۇزدۇم ساڭا بېغىشلاپ، ئەرۋاھىڭنى چىللاپ:

ئۇزاق ئاسمان نېمىشقا كۆپكۆك، سۇرگە تولغاندۇ،
يۇرۇن قاشتەك ئەجدەردە سەن ساماغا ئۇچقانمۇ؟
زېمىن مۇنچە نېمىشقا پايانسىز كەڭ بولغاندۇ،
بوز پىل قوشقان مەپىدە سەن سەھراغا چاپقانمۇ؟
ئېسىل تاۋۇت ـ مەركەڭنى رەڭگارەڭ نۇر چۇلغاپتۇ،
بەلكى زاراغ نۇرىدىن رەڭ ـ جىلاغا تولغانمۇ؟
تۇتۇپ ئۇقا سايىۋەن يول باشلاپتۇ تۇغچىلار،
زەبرە ـ سەرپە[1] يېنىڭدا قاراۋۇلدا ماڭغانمۇ؟
قورۇقلاشقا كەينىڭدىن بۇلۇت تەگرى بۇيرۇپتۇ،
ئايغا مەپكەش تەگرى[2] ساڭا ھەمراھ بولغانمۇ؟
غىچىلدايدۇ گۇل مەپەڭ ــ ئاڭلىغاندەك بولدۇم، ــ
سەن ئەنقا سۇرەت مەپىدە تاماشىغا چىققانمۇ؟

---

① زەبرە ـ سەرپە ــ يىگىرمە سەككىز يۇلتۇز تۈپىدىكى ئىككى يۇلتۇز.

② بۇلۇت تەگرى ــ رىۋايەتتىكى بۇلۇت تەگرىسى؛ ئايغا مەپكەش تەگرى ــ رىۋايەتتىكى ئاينىڭ مەپىسىنى ھەيدەيدىغان تەگرى.

دىمىقىمدا گۈپۈلدەپ ئەجەب خۇشبۇي پۇرايدۇ،
دۇر ـ گۆھەردىن كۆز قۇيۇپ جىلا ـ سىرغا تاققانمۇ؟
ئاسمان ـ زېمىن تەڭرىگە گۈل جايناماز بولۇپتۇ،
نېلۇپەردەك چىراغقا گۈل يېغىنى ياققانمۇ؟
زىننەتلەنگەن قاپاقنى گۈل جام قىلىپ راسلاپ مەن،
دالچىن شاراب، گۈلابنى ئەرۋاھىڭغا چاچقانمۇ؟
كۆزنى تىكىپ ئاسمانغا، بۇلۇت ئۈستى مانانغا،
گويا كۆردۇم بىر نەرسە مەن ھاۋاغا باققانمۇ؟
ئېڭىشىپمەن تۆۋەنگە باقسام جىمىر ئۆركەشكە،
قۇلىقىمغا ئاڭلاندى ـــ يەردىن سادا چىققانمۇ؟
ۋەدە قىلدىڭ پايانسىز ئاسماندا كۆرۈشمەككە،
مېنى پانىي قالدۇرۇپ، سەن ۋەدىدىن قايتقانمۇ؟
يەل تەڭرىنى چىللىغىن ساڭا بولسۇن مەپىكەش،
ئاندىن چاپساڭ مەن بىلەن يېتەتتىڭ دەپ قوشقانمۇ؟
يۈرەك ـ باغرىم پۇچۇلدى، قەھرىم راسا چېچىلدى،
بىراق بىكار پىغاندىن بىركىم پايدا تاپقانمۇ؟
قەبرەڭ كەلمەس زۇۋانغا، كەتتىڭ مەڭگۈ ئۈيقۇغا،
ئايلىنىپسەن ھۆر قىزغا پەلەك تەتۈر بولغانمۇ؟
پۈت ـ قول كويزا ـ كىشەندە، ئەركىم يوق، مەن بىھۇدە،
روھىڭ ئېرىپ قايتسا دەپ مەن ئەلەمگە تولغانمۇ؟
كەل بۇياققا، توختا ـ توختا،
ئەي، قىز، مۇنداق كەلچۇ قايتا!

دەرۋەقە، سەن ياشايسەن ئەرشئەلادا، ئىز ـ دېرىكىڭنى بىلەلمەيمەن، گەرچە ئىلتىپات قىلساڭمۇ مۇندا، ئەلۋەتتە مەنمۇ كۆرەلمەيمەن. پايانسىز ئازغان ـ قامغاقلار يولۇڭدا توسۇق بوپتۇ، كۆپكۆك شىۋاق ـ قىياقلار قوشۇندەك سەپ تارتىپ ياساق بوپتۇ. ئاچقىن، خىرە ـ شىرە ئۈيقۇ باسقان

كۆزۈڭنى، يۈرىكىڭدىكى ئاچچىق دەردتىن خالاس قىلغىن ئۆزۈڭنى. كۈتمەكتە سېنى مەبۇدىلەر قارشى ئېلىپ: مۇزىكا مەبۇدىسى سۇنۇي دالچىنزارلىق ياردا قالۇن چېلىپ، لۇشۇي مەبۇدىسى پىچانلىق جەزىرىدە ئارغىنۇن چېكىپ؛ شاھزادە قىز نۇڭيۇي يالغۇزەك چېلىپ، گۇلچى پەرىزات خەنخۇاڭ چىكىلداق چېكىپ؛ ھەتتا ئالدىڭغا چىقىشقا سۇڭشەن ئېغىدىكى مەلىكىنى ۋە لىشەن ئېغىدىكى مەبۇدىنى چىللاپ كېلىپ؛ خۇاڭخېدىكى ئەجدىھا يېشىل لەۋھە كۆتۈرۈپ؛ لۇشۇيدىكى تاشپاقا قىزىلنامە يۇدۇپ؛ خاقان خۇاڭدىنىڭ «سۈزۈك بۇلاق» مۇقامىغا ھەممە ھايۋان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ؛ كۈتمەكتە سېنى تىلسىم دەريادىكى كۆك ئەجدىھا نەرە سېلىپ؛ مۇقەددەس مەرۋايىتزار ئىبادەتخانىسىدا سۇمۇرغلار پەرۋاز قىلىپ. مەن بولسام سۇ سەپمەستىن يولۇڭغا، سەدىقە تەييارلىماي روھىڭغا، كۈتمەكتىمەن پەقەت چىن قەلبىمدىلا بىلىپ. ئەرشئەلادىكى شەپەق قورغاندىن مەپەڭ بولسۇن راۋان، قونار يېرى بولغاي كۇئېنلۇندىكى سىرلىق داۋان. غىل - پاللا كۆرۈندۈڭ ئېگىز ئاسماندا، سەزگەندەكلا بولدۇق ئۆزئارا، بىراق كۆزۈم خىرەلەندى ماناندا. تۇمان گاھى توپلانسا گاھى تارالدى، سىم - سىم يامغۇر جاھاننى بىر ئالدى. تۇتۇن - توزان تارقالغاندا، يامغۇر تىنىپ توختىغاندا، يۇلتۇزلار چاقناپ نۇر چاچىدۇ، تاغ ۋە سۇلار زۇمرەت يۈزىنى ئاچىدۇ، ئېگىز ئاسمانغا ئاي ئۆزىنى تىك ئاسىدۇ. نېمىشقا قەلبىم مۇنداق ھاياجاندا تەلپۈنىدۇ، بۇ ئىشلار گويا ماڭا چۈشۈمدەكلا بىلىنىدۇ؟ ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ، ئارماندا قالدىم، ياش تۆكۈپ گاڭگىراپ سەرساندا قالدىم. ئاسمان - زېمىن تىمتاسقۇ، يوق ئادەملەرنىڭ شىۋىرلىشى، پەقەت كېلۇر شامالنىڭ ئۇشقىرتىشى ۋە بامبۇكلارنىڭ شىلدىرلىشى. تۈن سالقىنىدىن دۇگدەرەپ تەرەپ - تەرەپكە كەتتى ئۇچارقاناتلار، قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ شاقىلدايدۇ بىلىقلار. مەزكۇر

تەزىيەنامە بىلەن بىلدۈردۈم ھەسرىتىمنى، ئۈشبۇ نەزىر-سەدىقە بىلەن ئادا قىلدىم ساڭا بولغان ياخشى تىلەك-نىيىتىمنى. ۋادەرىخا، ئاھ دەردىم! قوبۇل قىلغىن نەزىر بەردىم.

تەزىيەنامىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، باۋيۈي تورقا لەۋھە كۆيدۈرۈپ خۇشبۇي چاي سەپتى، ئۇ يەردىن زادىلا كەتكۈسى كەلمىدى. چۆرە قىزنىڭ قايتا-قايتا سۆيلىشى بىلەن ئاندىن كېيىنگە ياندى. شۇ ئەسنادا سۈنئىي تاغ كەينىدىكى بىركىمنىڭ كۈلگىنى ئاڭلاندى.

— مەرھەمەت قىلىپ سەل توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ كىشى.

باۋيۈي بىلەن چۆرە قىز چۆچۈپ كەتتى. چۆرە قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغانىدى، ئېلۇپەرلەر ئارىسىدىن چىقىۋاتقان بىركىمنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— يامان بولدى، جىن بار ئىكەن! چىڭۋېن راستىلا ئۆز ئەرۋاھىنى كۆرسەتمەكچى بولغان ئوخشايدۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى چۆرە قىز.

باۋيۈي قورقۇپ كېتىپ، دەرھال شۇ ياققا قارىدى. ئۇ كۆرۈنگەن ئادەم ياكى جىن ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش توققۇزىنچى باب

## شۆ پەننىڭ بىشەم ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكىدىن پۇشايمان يەپ قالغانلىقى
## جيا يىڭچۈننى ئۇقۇشماي «جۇڭشەن بۆرىسى»گە ياتلىق قىلىپ قويغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، باۋيۈي ئەمدىلا چىڭۋېنغا ئاتىغان نەزىرىسىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا، گۈللەر سايىسىدىن بىركىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ چۆچۈپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ باشقا بىر كىم ئەمەس، دەييۈي ئىكەن. دەييۈي كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ:

— نېمىدېگەن ئاجايىپ تەزىيەنامە بۇ! بۇنى «ساۋئې تاش پۈتۈكى»① بىلەن بىرقاتاردا قويسا بولغۇدەك، — دېدى.

باۋيۈي بۇ گەپتىن ھۇپپىدە قىزىرىپ:

— دۇنيادىكى مۇنداق تەزىيەنامىلەرنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن دەپ، يېڭى نۇسخا ياراتماقچىدىم، — دەپ كۈلدى، — بىراق بۇ ماڭا بىردەملىكلا ئاۋۇنچۇق ئىدى، سىز ئاڭلاپ قاپسىز. قاملاشمىغان يەرلىرى كۆپ بولسا تۈزىتىپ قويمامسىز؟

— كوپىيەسى قېنى؟ ئوبدانراق كۆرۈپ باقاي، دېدى دەييۈي، — بىرمۇنچە گەپ سېتىپ كەتتىڭىز، نېمىلەرنى دېدىڭىزكىنتاڭ، ئارىسىدا «قىزىل شايە چىملىدىقتىكى دىلبەرگە بەگزادىنى

---

① ساۋئې تاش پۈتۈكى — كېيىنكى خەن زامانىسىدا خۇيجى ئايمىقى شاڭيۈي ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى دۇشاڭ ۋاپادار قىز ساۋئېنى قايتىدىن دەپنە قىلدۇرۇپ، تەزىيەنامە يازدۇرۇپ تاشقا ئويدۇرغانىكەن. بۇ يەردە ئاپتور بۇنى «قالتىس ئېسىل نەزم» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن.

مېھرىبان دېگىلى بولماس، سېرىق توپىغا كىرىپ كەتكەن قىز شور پېشانە ئىكەن» دېگەن بىر - ئىككى جۈملىسىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ قوشاقنىڭ مەنىسى ئۇبدان ئىكەن، بىراق «قىزىل شايە چىمىلدىقتىكى» دېگەن ئىبارە چاكىنا بولۇپ قاپتۇ. تەييار تۇرغان چىنلىقنى ئىشلەتمەي چۆرۈۋەتكىنىڭىز نېمىسى؟

— تەييار تۇرغان چىنلىق دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى باۋيۈي.

— ھەممىمىزنىڭ دېرىزىلىرى شەپەق رەڭلىك شايىلەر بىلەن يەملەنگەن تۇرسا، نېمىشقا «رويان شايە يەملەنگەن دېرىزە تۈۋىدە بەگزادىنىڭ ئىشقى بار» دېمەيسىز؟

— ئەجەب ياخشى دېدىڭىز ! بەك ياخشى بولدى ! — دېدى باۋيۈي يەرنى تەپكىلەپ قويۇپ كۈلۈپ، — يەنىلا سىز ئويلاپ تاپالايدىكەنسىز، دەپ بېرەلەيدىكەنسىز، جاھاندا تەييارلا مۇشۇنداق چىرايلىق مەنزىرە ۋە ياخشى ئىشلار كۆپ تۇرسا، بىزدەك دۆتلەرلا ئويلاپ تاپالماي تۇرىدىكەنمىز. شۇنداق ئۆزگەرتىلسىغۇ ئاجايىپ يېقىملىق بولاتتى. سىزلا ئاشۇنداق يەردە تۇرۇشقا لايىق كېلىسىز، مەن زادىلا ئەرزىمەيمەن، — ئۇ «ئەرزىمەيمەن» دېگەن سۆزنى يېنىشلاپ ئېيتتى.

— بۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟ — دېدى دەيیۈي كۈلۈپ، — مېنىڭ دېرىزەم سىزنىڭ دېرىزىڭىزمۇ بولمۇۋېرىدۇغۇ؟ مۇنداق ئىنچىكىلەپ كېتىدىغان ئىش بولسا، تولىمۇ ياتسىرىغانلىق بولۇپ قالىدۇ. قەدىمكىلەر يول ئۈستىدە يات كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، مۇبادا «ئۆزى سېمىز ئاتقا مىنگەن ۋە ئەپچىل كىيىنگەن بولسا ئۆكۈنمەيدىكەن»، بىزمۇ شۇنداقمىدۇق يا؟

— رابىتە قىلغاندا، «سېمىز ئاتقا مىنىش ۋە ئەپچىل كىيىنىش» بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا «ئالتۇن - گۆھەر» گە پۇركىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنداق ئىشلارنى سەرلەپ - مىسقاللاپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — بولۇپمۇ ھەرەم قىزلىرىغا ئۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىشقا زادىلا

بولمايدۇ. ئەمدى مەن «بەگزادە»، «قىز» دېگەن سۆزلەرنى ئۆزگەرتىۋېتەي، ئاندىن بۇنى سىزنىڭ ئۇنىڭغا ئاتىغان تەزىيەنامىڭىز دەپ ھېسابلىساق تېخىمۇ ئېسىل ئىش بولىدۇ. چۈنكى، سىز ئادەتتە ئۇنىڭغا بەك يېقىنچىلىق قىلاتتىڭىز، شۇڭا بۇ تەزىيەنامىنى چۆرۈۋېتەسەك چۆرۈۋېتەيلىكى، لېكىن «رويان شايە» دېگەن يېڭى ئىبارىنى زادىلا چۆرۈۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا، «رويان شايە يەملەنگەن دېرىزە تۈۋىدە خان قىزنىڭ ئىشقى ھەدسىز ئىكەن، سېرىق تۇپراققا كىرىپ كەتكەن دېدەك تەلەيسىز ئىكەن» دەپ ئۆزگەرتەيلى، مۇشۇنداق ئۆزگەرتسەك، سىز بىلەن ماڭىمۇ ئالاقىسى بولمايدۇ، مېنىڭ دىتىمغىمۇ ياقىدۇ.

— ئۇ مېنىڭ دېدىكىم بولمىسا، نېمىشقا بۇ گەپنى دەيدىكەنمەن؟ — دېدى كۆلۈپ دەييۈي، — ئاندىن، «خان قىز»، «دېدەك» دېگەن سۆزلەرمۇ پاساھەتلىك سۆزلەر ئەمەس. كېيىن زىجۈەن ئۆلگەندە مۇشۇنداق دېسەممۇ كېچىكمەي قالماسمەن.

— بۇ گەپنىڭ نېمە ھاجىتى، يەنە ئۇنى قارغاۋاتىسىزغۇ ! — دەپ كۈلدى باۋيۈي.

— سىز قارغاۋاتىسىز، ئۆزۈمچە دېگىنىم يوق، — دېدى كۈلۈپ دەييۈي.

— مېنىڭ يەنە ئىلھامىم كېلىپ قالدى، مۇنداق ئۆزگەرتسەك تېخىمۇ لايىقىدا بولىدىكەن، — دېدى باۋيۈي، — «رويان شايە يەملەنگەن دېرىزە تۈۋى ماڭا ئەسلى نېسىپ بولماپتۇ، سېرىق توپىغا كىرىپ كەلگەن مەشۇق نېمىشقا تەلەيسىز بولغاندۇ» دېسەك بولغۇدەك.

بۇ گەپ بىلەن دەييۈينىڭ بىردىنلا رەڭگى ئۆڭدى. كۆڭلىگە چەكسىز گۇمان كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تېشىدا بىلىندۇرگۈسى كەلمەي، ئەكسىچە دەرھال كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ «ئېسىل بولدى» دەپ ماختاپ قويدى:

دەرۋەقە، ياخشى ئۆزگەرتتىڭىز، ئەمدى كەلسە ـ كەلمەس ئۆزگەرتىۋەرمەڭ، بولدى. ئەمدى بېرىپ تېگىشلىك ئىشىڭىزنى

قىلىدىغان ئىشلىرى. بايا ئاغىچا خېنىم سىزنى ئەتە ئەتىگەندىلا چوڭ خېنىمنىڭكىگە بارسۇن دەپ قىچارتىپتىكەن. ئىككىنچى ئاچىڭىزنى بىركىمگە بېرىدىغان بولۇپ ماقۇل كېلىشىپتۇ. شۇڭا، سىزلەرنى شۇياققا چىقىپ كىرسۇن دەپتۇ.

— نېمانچە مۇنداق ئالدىرىشىدىغاندۇ؟ — دېدى باۋيۇي ھودۇقۇپ، — سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى ئەمەس، ئەتە بارالماسلىقىممۇ مۇمكىن.

— يەنە خۇيىڭىز تۇتقىلى تۇردى! مۇنداق مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. ئادەم بىر ياش چوڭ بولغاندا، ئىككى ياش كەينىگە كېتىدۇ ... — دەۋېتىپ دەييۇي يۆتىلىپ كەتتى.

— بۇ يەر شاماللىق ھەم سوغۇق، سېنەكىمەي تۇرۇۋېرىپتۇق. سوغۇق بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، چاپسانراق بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى ئالدىراپ باۋيۇي.

— مەنمۇ ھۇجرامغا قايتىپ ئارام ئالاي، ئەتە كۆرۈشەرمىز، — دېدى دەييۇي ۋە ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. باۋيۇي بۇرۇقتۇرما ئىچىدە قېلىپ، بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولغانىدى، دەييۇيگە ھەمراھ بولغۇچى يوقلۇقى بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، چۆرە قىزنى ئۇنى ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى. راست دېگەندەك، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىنىكىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئەتە ئەتىگەندىلا جياشې تەرەپكە ئۆتۈشنى تاپىلىغانىكەن. بۇ دەييۇينىڭ بايىقى دېگەن گېپى بىلەن ئۇدۇل چىقتى.

جياشې يىگچۇننى سۇن ئائىلىسىگە ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغانىدى. سۇن جەمەتى ئەسلىدە داتۇڭ ئايمىقىدىن بولغان زاتلاردىن بولۇپ، بوۋىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەربىي مەنسەپدار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا نىڭگو - روڭگو قەسىرلىرىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، قەدىناسلاردىن ھېسابلىناتتى. ھازىر بولسا سۇن جەمەتىدىن پەقەت بىرلا كىشى پايتەختتە تۇراتتى، ئۇ قاراۋۇلبېگى دېگەن مەنسەپنىڭ ۋارىسى ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىسمى سۇن شاۋزۇ ئىدى، تەق ـ تۇرقىدىن بەستلىك، جۇغى ساغلام، تەيرەنداز ۋە چەۋەندازلىقنى ئوبدان بىلىدىغان، ئادەملەرگە داستىخىنىغا بېقىپ مۇئامىلە قىلىدىغان، يېشى تېخى ئوتتۇزغا يەتمىگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆي تەئەللۇقاتى كۆپ، باي ئادەم ئىدى، ئەسكىرىي دىۋاندا ئورنى كەم قالغان ۋەزىپىگە سەپلىنىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى. شۇڭا، جياشې ئۆز قەدىناسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئەسلىي ـ ۋەسلىنى لايىق تېپىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ تاللىغانىدى. بۇ ئىشنى جيا ئانىغا مەلۇم قىلغاندا، جيا ئانا كۆڭلىدە ئانچە رازى بولمىدى، لېكىن يەنە: قىز بالىنىڭ ئىشى تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتىسى ئاشۇنداق قىلماقچى بوپتۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، مەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشنى ئاۋۇتۇپ نېمە قىلارمەن، دېگەن يەرگە كېلىپ، «ئۇقتۇم» دەپلا قويىدى، باشقا ھېچقانداق ئىشى بىلەن كارى بولمىدى. جيا جېڭ سۇن جەمەتىنى بەك يامان كۆرەتتى. گەرچە قەدىناسلىرىدىن بولسىمۇ، لېكىن سۇن شاۋزۇنىڭ بوۋىسى ئۆز ۋاقتىدا نىڭگو ـ رۇڭگو گۇڭلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئۇمىد باغلاپ، ئۆزىنىڭ تۈگىتەلمەي قالغان چاتىقى تۈپەيلىدىن بۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا باش قويۇپ كەلگەن، مەرىپەتلىك ـ داڭلىق جەمەتنىڭ پۇشتى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشتىن جيا شېنى ياندۇرۇشقا جيا جېڭ بىر ـ ئىككى قېتىم دەۋەت قىلىپ باقتى، لېكىن جياشې قۇلاق سالمىغاچقا، ئىختىيارىغا تاشلاپ قويغانىدى.

باۋيۈي سۇن شاۋزۇ دېگەن كىشى بىلەن بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى. ئەتىسى جياشې تەرەپكە نائىلاج ئۆتۈپ، رەسمىيەتنى كۆز كۆرەرگىلا ئادا قىلىپ قويىدى. قىز كۆچۈرىدىغان كۈنلەر يېقىنلىشىپ قالغان، مۇشۇ يىل ئىچىدىلا كۆچۈرۈپ كەتمەكچىدى. ئاندىن شىڭ ئاغىچا خېنىملار جيا ئانىغا مەلۇم قىلىپ، يىڭچۈننى نەزەرباغدىن يۆتكەپ چىقىپ

كەتمەكچى بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باۋيۇي تېخىمۇ كەيپسىزلەندى ـ دە، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، بۇ ئىچ پۇشۇقىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئاندىن يەنە چۆرە قىزلاردىن تۆتىنى يىگچۈنگە ئېگەت قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ بۇ دۇنيادا پاكلاردىن يەنە بەش كىشى كېمىيىدىغان بوپتۇ!» دەپ تېپىرلاپلا كەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ھەر كۈنى بىنەپشىزار جەزىرىگە كېلىپ، ھەريانغا تېگىرقاپ كۆز سالاتتى. قارىسا، يىگچۈننىڭ ھۇجرا ـ ئايۋانلىرى جىمجىت، پەردە ـ چىمىلدىقلىرى سۆرۈن كۆرۈنۈپ قالغان، ئۇ يەردە كېچىسى جېسەكچىلىك قىلىدىغان بىرقانچە مومايلاردىن باشقا ھېچكىم يوق. ئاندىن ئۇ نېرىقى قىرغاقتىكى چاكاندا چېچەكلىرى ۋە قومۇش يوپۇرماقلىرىغا كۆز يۇگۈرتتى، ئۇلارمۇ يېتىمسىراپ گويا ئايرىلغان قەدىناسىنى ئەسلىگەندەك تۇيۇلدى. باۋيۇيدە ئادەتتىكى سىياقى ـــ ئويۇن ـ ھەۋەسكە بولغان زوقىدىن زادىلا ئەسەر يوق ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنى تۇتالماي، ئاغزىغا كەلگىنىچە مۇنداق غەزەل ئوقۇدى:

ئۆتتى سىيپاپ تىنچ كۆلنى كۈز شامىلى ـ سالقىنى،
چاچتى سورۇپ ئاق پىچىم گۇل، نېلۇپەر سىياقىنى؛
پايلىماي ھىجران دېغىدا ئەگرى باش چاكاندا گۇل،
تاڭ قىرووۋسى، شەبنەمى كۆپ باستى ئاجىز شاھىنى.
ئەمدى ئاڭلانماس تاكىلداپ تۇندە شاھمات ئويىنىشى،
بۇلغىدى تاختىنى تامچىپ قارلىغاچنىڭ لايقىنى؛
كۇيلىسە ھىجراندا شائىر سېغىنىپ سىرداشىنى،
مەنچۇ ھېس قىلماقتىمەن جانجىگىرىم پىراقىنى!

باۋيۇي ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا، كەينىدە بىركىمنىڭ كۇلكىسى ئاڭلاندى:
ـــ يەنە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىدىغانلا؟

www.uyghurkitap.com

باۋيۇي ئىتتىك ئۆرۈلۈپ قارىغانىدى، كۈلگەن شياڭلىڭ ئىكەن. باۋيۇيمۇ كۈلۈمسىرەپ:

— ئاچا، شۇ تاپتا بۇ يەرگە نېمىدەپ كېلىپ قالدىڭىز؟ باغقا كىرىپ سەيلە قىلمىغىنىڭىزغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان، — دەپ سورىدى.

— قاچانلاردا مەن كىرمەس بولۇپ قاپتىمەن؟ — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى شياڭلىڭ، — ئاكىلىرى قايتىپ كەلگەن تۇرسا، بالدۇرقىدەك ئەركىن - ئازادە يۈرۈش نەدە دەيلا! بىزنىڭ ئاغىچا خېنىم بايا فېڭجيې خان ئاچىلىرىنى قىچارغىلى كىشى ئەۋەتكەنىدى، باغقا كىرىپ كېتىپتۇ دەپ تاپالماي كەلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا مەن تېپىپ كېلەي دەپ باغقا ئىزدەپ كىردىم. ئۇنى چۆرە قىزدىن سورىسام خۇشبۇي شالزارغا كەتتى، دېدۇ. شۇڭا، خۇشبۇي شالزارغا كېتىۋاتاتتىم، سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۆزلىرىدىن شۇنى سوريماقچىمەن: بىرنەچچە كۈندىن بۇيان شىرېن ئاچامنىڭ ئەھۋالى خېلى ئوبدانمۇ؟ چىڭۋېن ئاچام نېمىشقا ئۇشتۇمتۇتلا قازا قىلىپ كېتىپتۇ؟ زادى قانداق كېسەل بولغانىكەن ئۇ؟ ئىككىنچى خان قىز ئەجەبمۇ تېز كۆچۈپ چىقىپ كېتىپتۇ - ھە! قارىسىلا مانا، بۇ يەر بىردەمدىلا چۆلدەرەپ قاپتۇ.

باۋيۇي ئۇنىڭ گەپلىرىگە «ھەئە، شۇنداق» دەپلا جاۋاب بېرىۋەردى، ئاندىن ئۇنى ئارامبەخش ھويلىغا بىرىپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

— بۇ تۇرقىدا بارالمايمەن، — دېدى شياڭلىڭ، — ئىككىنچى كېلىن ئاغىچىنى تېپىپ، تېگىشلىك گەپنى دەپ قويغاندىن كېيىن باراي.

— شۇنچە ئالدىراش دەيدىغان قانداق تېگىشلىك گەپ ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— ئاكىلىرىغا يەڭگە ئېلىپ بېرىدىغانلىقى گېپى، ناھايىتى زۆرۈر گەپ.

— زادى قايسى ئائىلىنىڭ قىزىنى ياخشى ئىكەن دېيىشىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي، — بۇ توغرىدا چۇقان كۆتۈرگىلى بەش - ئالتە ئاي بولدى، بۇگۇنى پالانىنىڭ قىزى ياخشى ئىكەن دېسە، ئەتىسى قويۇپ پۇستانىنىڭ قىزىنى ئالىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۆگۈنى يەنە پوكۇننىڭ قىزى ياخشى ئىكەن، دەيدۇ. بۇ خەقنىڭ قىزلىرىنىڭ نېمە گۇناھى بارلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ، بىر ئوبدان خەقنى سۆز - چۆچەككە قويۇپ كېلىۋاتىدۇ!

— ئەمدى پۈتۈشتى، باشقا خەققە ئېغىز ئاچماس، — دېدى شىياڭلىڭ.

— كىمنىڭ قىزى بىلەن پۈتۈشۈپتۇ؟

— ئۆتكەندە ئاكىلىرى سەپەرگە چىققاندا، يولى توغرا كېلىپ قېلىپ بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەن. بۇ تۇغقىنى ئەسلىدە قەدىناسلىرىدىن ئىكەن، يەنە كېلىپ تېخى بىزگە ئوخشاش ئۇلارمۇ مەئىشەت دىۋانىدا داڭزىغا ئالدۇرغان سودىگەرلەردىن ئىكەن، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان چوڭ خانىدانلاردىن ئوخشايدۇ. قايسى كۈنى شۇلارنىڭ گېپى بولغاندى، سىلەرنىڭ ئىككى قەسىردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى بىلىدىكەن. پايتەخت ئەھلىنىڭ ئارىسىدا، يۇقىرىسىدىكى بەگ - غوجاملاردىن تارتىپ تۆۋەندىكى سودىگەرلەرگىچە ھەممىسى ئۇ ئائىلىنى «دالچىنچى شيا ئائىلىسى» دەپ ئاتايدىكەن.

— نېمىشقا «دالچىنچى شيا ئائىلىسى» دەيدىكەن؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى باۋيۇي.

— فامىلىسى شيا، ئىنتايىن باي ئىكەن، — دېدى شىياڭلىڭ، — باشقا يەر - زېمىنلىرى توغرىسىدا دېمەيلا قويايلى. بىرقانچە ئون تاناب يەرگە دالچىن گۈل تېرىيدىكەن. مۇشۇ «چاڭئەن» دىلا شەھەرنىڭ ئىچى - تېشىدىكى دالچىنزارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇلارغا قارايدىكەن، ھەتتا ئوردىدا

www.uyghurkitap.com

تىزىدىغانغا تەشتەك گۈللەر كېرەك بولۇپ قالسا، ئاشۇ ئائىلە سوۋغات قىلىپ سۇنۇپ بېرىدىكەن، شۇڭا شۇنداق لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بەگ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، هازىر قېرى ئانىسى ئۆزى تۇغقان يالغۇز قىزى بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن، ئۇ قىزنىڭ يا ئاكىسى، يا ئۇكىسى يوق ئىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ نەسلى قۇرۇغان ئائىلە ئىكەن.

— نەسلى قۇرۇغانمۇ، قۇرۇمىغانمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، — دېدى باۋيۇي، — زادى ئۇ قىز ياخشىمىكەن؟ سىلەرنىڭ چوڭ غوجا قانداقسىغا ئۇنى يارىتىپ قاپتۇ؟

— بىرىنچىدىن، ئەزەلدە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، ئىككىنچىدىن، «هەر ئاشىقنىڭ نەزىرىدە ئۆز شىمىسى بولىدۇ»، دەپ كۈلدى شياڭلىڭ، — ئۆز ۋاقتىدا باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇرىدىغان قەدىناسلار ئىكەن. بۇلار كىچىكىدە بىر يەردە بىللە ئوينايمۇ ئۆتۈپتىكەن. ئۆزلىرىنى بىر نەۋرە ئاكا - سىڭىل تۇغقان دەپ يۈرگەچكە، هېچقانداق گۇمانمۇ تۇغۇلماپتىكەن. بىرقانچە يىل ئايرىلىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ئاشۇ چاغدا غوجام ئۇلارنىڭكىگە بارغاندا شيا خېنىمنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئۇ ئاكىلىرىنىڭ ۋايىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر تۇرۇپ يىغلاپتۇ، بىر تۇرۇپ كۈلۈپتۇ، غوجامنى ئۆز ئوغلىدىنمۇ چارە كۆرۈپتۇ. ئاندىن ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنى كۆرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇ قىزمۇ گۈلدەك ۋايىگە يەتكەنىكەن، ئۆيدە كىتاب ئوقۇپ، خەت مەشىق قىلىدىكەن. شۇڭا، ئاكىلىرىنىڭ شۇ زامانلا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، هەتتا گۆرۈخانىدىكى بىر توپ خىزمەتكارلىرىمۇ مېهمان بولۇپ، ئۇلارنى ئۈچ - تۆت كۈنگىچە بىسەرەمجان قىپتۇ. ئۇلار تېخى بىرنەچچە كۈن ئارتۇقراق تۇرغۇزۇپ قالماقچى بوپتىكەن، مىنىڭ تەسلىكتە يالۋۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىپ يۈرۈپ ئاران يېنىپ كېلەلەپتۇ. ئاكىلىرى كېلىپ بوسۇغىدىن ئاتلا - ئاتلىمايلا، سوچى ئەۋەتىڭ دەپ ئاغىچا خېنىمغا چۈۋۈلداپ يالۋۇرۇپلا كەتتى. بىزنىڭ ئاغىچا خېنىممۇ بالدۇر ئۇ قىزنى كۆرگەنىكەن، ئاندىن

تېگى ـ تەكتىمۇ بىزگە لايىق كېلىدىكەن دەپ ماقۇل بولدى. بۇ يەردىكى ئۆزلىرىنىڭ خان ئانىلىرى ۋە فېڭجېي خېنىملار بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ، كىشى ئەۋەتكەنىكەن، ئىش پۈتۈپ قاپتۇ. توي قىلىپ قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىدىغان كۈنىمۇ ناھايىتى تېز بولغاچقا، بىزمۇ بەك ئالدىراش بولۇپ قالدۇق. مەنمۇ بالدۇرراق كۆچۈرۈپ كەلسە ئىكەن دەپ ئىنتىزار بولۇپ كېتىۋاتىمەن، چۈنكى بىزگە يەنە بىر شېئىر يازغۇچى قوشۇلىدىكەن ـ دە.

— شۇنداقمۇ دەيسىز، لېكىن مەن سىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن! — دېدى باۋيۈي سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ.

— قانداق گەپلىرى بۇ؟ مەن ھېچلا ئۇقالمىدىم، — دېدى شياڭلىڭ.

— بۇنىڭ ئۇقمايدىغان نەرى بار، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — يەنە بىرسى كېلىپ قوشۇلسا، شۆ پەن ئاكام سىزگە كۆيۈنمەي قويارمىكىن دەيمەن.

شياڭلىڭ بۇ گەپ بىلەن ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتىپ، جىددىي قىياپەتتە:

— بۇ قانداق دېگەن گەپ؟ ئادەتتە بىر ـ بىرىمىزنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتۇق، بۈگۈن ئۇشتۇمتۇتلا بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتىلا. خەقلەرنىڭ سىلىنى يېقىنلىشىدىغان كىشى ئەمەس دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، — دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ، خۇددى بىرنېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى ـ دە، خېلىغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر خامۇش ھالدا ئارامبەخش ھويلىغا يېنىپ كەلدى. كېچىچە بىئارام بولۇپ خاتىرجەم ئۇخلىيالماي چىقتى. ئەتىسى گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەي بويى قىزىپ قالدى. يېقىندا نەزەرباغنىڭ تىنتىلىشى، سىچىنىڭ قوغلىنىشى، يىڭچۈندىن ئايرىلىش، چىڭۋېنگە قايغۇرۇش

دىگەندەك ئىزا ـ ئاھانەت، قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىڭ كاساپىتى ۋە شامال تېگىپ جاغداپ قېلىش تۈپەيلىدىن بارا ـ بارا كېسەل چاقتى ـ دە، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. جىيا ئانا بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ھەر كۈنى ئۆزى كېلىپ يوقلاپ تۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ چىڭۋېننىڭ سەۋەبىدىن ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئەيىبلىمىسەم بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدى. كۆڭلىدە شۇنداق دەپ ئويلىسىمۇ، چىرايىدىن بىلىندۇرمەي، ئېمىكئانىلارغا ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار دەپ تاپىلاپ تۇردى. كۈنگە ئىككى ۋاخ تېۋىپ چاقىرتىپ تومۇر تۇتقۇزۇپ دورا ئىچۈردى، بىر ئايدىن كېيىن بارا ـ بارا ساقىيىپ قالدى. يۈز كۈنگىچە ئوبدان ئاسرىغاندىن كېيىن، گۆشلۈك، ياغلىق نەرسىلەرنى يېيىشكە، تالاغا چىقىپ مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىندى.

ئاشۇ يۈز كۈن ئىچىدە ھويلىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، پەقەت ئۆي ئىچىدىلا ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتتى. قىرىق ـ ئەللىك كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا بۇنداق تۇتقۇنلۇقتىن زېرىكىپ، ئىچىگە ئوت كىرىۋالغاندەك بولۇپ كەتكەن تۇرسا ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالامتى؟ خىلمۇخىل ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن جىيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى رايىغا قويۇپ بەرمىگەچكە، نائىلاج يۈرۈۋەردى. شۇڭا، ئۇ دېدەكلەر بىلەن خالىغىنىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ قىلمىغىنى قالمىدى. ئاندىن شۇ پەن تەرەپتە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئويۇن قويدۇرۇپ، ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنلىكىنى، كېلىننى كۆچۈرۈپ ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. شىيا جەمەتىدىن بولغان بۇ قىزنىڭ ئىنتايىن كېلىشكەن، چىرايلىق ۋە يېزىقچىلىقتىنمۇ ئانچە ـ مۇنچە خەۋىرى بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، باۋيۈينىڭ بېرىپ ئۇنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىڭچۈننىڭ ياتلىق قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. باۋيۈي ئۆز ۋاقتىدىكىنى بۇ ھەمشىرىسى بىلەن ناھايىتى ئاپاق ـ چاپاق ئۆتكەنلىكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئايرىلىپ، قايتا يۈز كۆرۈشكەندە



www.uyghurkitap.com

بالدۇرقىدەك ئۇنداق يېقىنچىلىق قىلالمايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈردى. شۇ تاپتىلا بېرىپ ئۇنى يەنە بىر كۆرۈۋالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت ئىچىدە بەك پەرىشان بولۇپ كەتتى. لېكىن، قايغۇسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سەۋر قىلىپ، ۋاقتىنچە دېدەكلەر بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ تۇردى. بەختىگە يارىشا، ئۇ جىيا جېڭنىڭ ئەيىبلەپ كىتاب ئوقۇشقا زورلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئاشۇ يۈز كۈن ئىچىدە ئارامبەخش ھويلىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتمىدى، ئۇنىڭ بىرسىنى قىلىپ دېدەكلەر بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيىپ، دۇنيادا بارلىكى ئىش بولسا شۇنى قىلىپ، ئوينىمىغان ئويۇنى قالمىدى. ھازىرچە بۇ ھەقتە بىر ـ بىرلەپ بايان قىلماي قويايلى.

شياڭلىڭ شۇ كۈنى باۋيۈينى قەستەن دېۋەڭلىك قىلدى دەپ سىلكىۋەتكەندىن كېيىن، «بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن يىراق يۈرگىنىم تۈزۈك ئىكەن» دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، كېيىنچە نەزەرباغقا ئوڭايلىقچە كىرمەيدىغان بولدى. بىرنەچچە كۈنگىچە شۆ پەننىڭ ئۆيلىنىش ئىشى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈردى. ئۇ: ئەمدى تىلتۇمارغا ئىگە بولدۇم، ئۈستۈمدىكى مەسئۇلىيىتىممۇ بىرئاز يېنىكلەيدىغان بولدى. ھەر ھالدا ھازىرقىدىنغۇ تىنىم تېپىپ قالارمەن، دېگەن ئويغا كەلدى ۋە يېڭى كېلىننى قاۋۇل ـ چىرايلىق ئىكەن، ئەلۋەتتە سالاپەتلىك ـ تەمكىن بولسا كېرەك دەپ بىلدى. شۇڭا، ئۇنى كۆچۈرۈپ كەلگۈچە، شۆپەندىن ئون ھەسسە ئارتۇق ئالدىراپ، ئىنتىزار بولۇپ كەتتى. شۇنداق تەقەززا بولۇپ يۈرگەچكە، كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن كۈندىن تارتىپ ناھايىتى سەمىمىي ۋە ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

شيا جەمەتىدىن بولغان بۇ قىز بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىرگەن، چىراي ـ شەكلىمۇ خېلىلا كېلىشكەن، ئانچە ـ مۇنچە خەت ساۋاتىمۇ بار قىز ئىدى. خۇي ـ پەيلى ۋە نىيىتىنىڭ

ياخشى ـ يامانلىقى جەھەتتە دەل ۋاڭ شىفېڭنىڭ ئىزى بىلەن ماڭىدىغانلاردەك قىلاتتى. بىر تۇغقان بىرلا يېرى: كىچىكىدە ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن، قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكىلىرى يوق، تۇل ئانىسىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. گۆھەردەك ئارزۇلۇق بولغاچقا، بەكمۇ ئەركە ـ نايناق بولۇپ ئۆسكەنىدى. نېمىلا قىلىمەن دېسە، ئانىسى جان دەپ ئۇنىڭ رايىغا باراتتى، شۇڭا ئۇ قاراقچى لىيۇ شياۋتونىڭ مىجەزىنى ئېلىپ قالغانىدى، ئۆزىنى بۇدساتۋا ـ ئەۋلىيا چاغلىسا، باشقىلارنى خاك ـ توپا ئورنىدا كۆرەتتى. ئەپتىدىن گۈلدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىچىدە توڭگۇز قاترايتتى. ئۆز ئۆيىدە چاغدا دېدەكلەرگە قېيىداپ قالسا، ئۇلاردىن ئۇرىدىغىنىنى ئۇرۇپ، تىللايدىغىنىنى تىللاپ كېتەتتى. ئەمدى ياتلىق بولۇپ، ئۆزىنى غوجىدار كېلىن ئاغىچا بولدۇم دەپ، قىز ۋاقتىمدىكىدەك تارتىنچاقلىق ـ مۇلايىملىق قىلىپ يۈرمەي، ھەيۋە قىلىپ ئۆزۈمنى كۆرسەتسەم، ئاندىن باشقىلارنىڭ شىللىسىغا دەسسەپ تۇرالايمەن، دېگەن نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۆپەنىنىڭ مىجەزى ناھايىتى چۈس، يۇرۇش ـ تۇرۇشىدىن تەكەببۇر ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قازاننىڭ قىزىقىدا قورۇۋالمىسام، كەلگۈسىدە ئۆز ئالدىمغا بايراق تىكلەپ تۇرالمايمەن دېگەن يەرگىمۇ كەلگەنىدى. ئاندىن قابىلىيەتتە ھەم چىرايدا تەلتۆكۈس بولغان شياڭلىڭدەك ئامراق توقالنىڭ ئۆزىگە ھۆجرىداش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا تېخىمۇ «سۇڭ تەيزۇڭنىڭ جەنۇبىي تاڭ پادىشاھلىقىنى يوقىتىش»[1] نىيىتى پەيدا بولدى. ئۆز ئائىلىسىدە دالچىن گۈل كۆپ بولغاچقا، كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئالتۇن دالچىن مەنىسىدە جىنگۈي دەپ قويغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدىكى چاغدا، كىشىلەرنى ئاغزىدىن

① سۇڭ پادىشاھى تەيزۇڭ جەنۇبىي تاڭ پادىشاھلىقىنى يوقىتىدىغان چاغدا: «جەنۇبىي تاڭ پادىشاھىنىڭ نېمە گۇناھى بولاتتى؟ ئالەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك ـ دە. كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا يول قويامتىم ئۆزگىنىڭ ئۇخلىشىغا!» دەپتىكەن. بۇ تەمسىل شياجىنگۈينىڭ ھەسەتخورلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئالتۇن»، «دالچىن» دېگەن سۆزلەرنىڭ چىقىشىغا زادىلا يول قويمايتتى. بىرەركىم دىققەت قىلماي ئاشۇ سۆزلەرنى دەپ تاشلايدىغان بولسا، شۇ كىشىنى ئۇرۇپ قاتتىق جازالايتتى. ئۇ كېيىنچە «دالچىن گۈل» دېگەن سۆزنى دېيىشتىن كىشىلەرنىڭ چەكلەپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇ گۈلگە باشقا بىر نام قويماقچى بولدى. دالچىن گۈلنىڭ «ئاي پەرىسى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلەپ، دالچىن گۈلنىڭ نامىنى «ئايپەرى گۈل» دەپ ئۆزگەرتتى ۋە بۇنى ئۆز سۆيپتىنىڭ تىمسالى دەپمۇ ھېسابلىدى. شۆ پەن بولسا، يېگىسىنى كۆرگەندە كونىسىنى تاشلايدىغان ئۇجمە كۆڭۈل ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغزىدا گۇر - گۇر قىلغىنى بىلەن يۈرىكى شۇر - شۇر ئىدى. ھازىر بۇنداق بىر خوتۇنغا ئىگە بولۇشى بىلەنلا، يېڭى قازاننىڭ ئېشى تاتلىق تېتىپ، ھەرقانداق ئىشتا بۇ خوتۇنغا يول قويماي تۇرالمىدى. شياجىنگۇيمۇ بۇ ئەھۋالنى پەملەپ، قەدەممۇقەدەم ئۆز ھۇنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بىر ئايغىچە شۆ پەن بىلەن جىنگۇي ئىككىسى ھەيۋىدە تەڭ تۇرۇشۇپ ئۆتتى. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ شۆ پەننىڭ ھەيۋىسى بارا - بارا سۇنۇپ، پەسكويغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدى.

بىر كۈنى شۆ پەن شارابتىن كېيىن، قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ، ئاۋۋال جىنگۇيغا مەسلىھەت سالدى، جىنگۇي كاجلىق قىلىپ ئۇنىمىدى، شۆ پەن ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ، ئاندىن قېيىداپ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلدى. جىنگۇي بولسا يىغلاپ - سىغداپ، غىزامۇ يېمەي، ئاغرىپ قالدىم دەپ تېۋىپ چاقىرغۇزدى. تېۋىپ: «ئىچىگە ئاچچىق يۇتۇۋېلىپ سەپراسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، كۆكسىنى بوشىتىپ كۆڭلىنى ئاچىدىغان دورا يېسە بولىدۇ» دېدى. شۆ ھامما خېنىم ئاچچىقلاپ، شۆ پەنگە بىر پەس كايىدى:

— ئەمدى ئۆيلەندىڭ، ئەتە - ئۆگۈن ئوغۇل يۈزىمۇ كۆرىسەن، يەنىلا مۇشۇنداق كېلىش - پەخەشلىك قىلىپ

www.uyghurkitap.com

يۈرەمسەن ! خەق خۇددى سۇمۇرغدەك ئارزۇلاپ، مىڭ تەسلىكتە بىر قىزنى گۈلدەك چىرايلىق چوڭ قىلىپ، سېنى ئادەم كۆرۈپ ساڭا بەردى. سەن ھەرقىسما خىياللارنى تاشلاپ، شۈكۈر قىلىپ، جان ـ دىلىڭ بىلەن ئەپلىك ئۆتمەي، يەنىلا مۇشۇنداق كېلىش ـ پەخەشلىك قىلىپ يۈرسەن، سېرىق زەردابىنى ئىچىۋالساڭلا خەقنى قىينايسەن. مانا ئەمدى دورىغا پۇل خەجلەپ، بىكارلا ئۆزۈڭنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قويدۇڭ !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شۆ پەن پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي، قايتا جىنگۈينى بەزلىگىلى تۇردى. قېيىنئانىسى بۇنداق دەپ بەرگەنلىكتىن، جىنگۈي تېخىمۇ كېرىلىپ بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كەتتى، شۆ پەننى نەزىرىگىمۇ ئىلمايدىغان بولۇۋالدى. شۆ پەن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ، لاسسىدە بولۇپ قالدى. مىڭ تەسلىكتە ئون ـ يىگىرمە كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئالداپ ـ سىلاپ يۈرۈپ، جىنگۈينىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلالىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتى، ھەيۋە ـ ئابرۇيىنىڭ تەڭدىن تولىسى قالمىدى.

جىنگۈي ئېرىنىڭ تۈغ ـ ئەلەملىرى يىقىلغانلىقىنى، قېيىنئانىسىنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بارا ـ بارا ئۇيۇننى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆرسەتكىلى تۇردى. ئاۋۋال شۆ پەننىلا تىزگىنلەش كويىدا بولغانىدى، كېيىنچە تېخىمۇ ئەركىلەپ، شۆ ھامما خېنىمغا، ئاندىن باۋچەيگىمۇ تېگىشكە باشلىدى. باۋچەي ئۇنىڭ بەتنىيەتتىنى خېلى بالدۇر سەزگەن، ھەمىشە ئەھۋالغا بېقىپ، ياپتا گەپ ـ سۆز بىلەن ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ تۇرغانىدى. جىنگۈي ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يوچۇق ئىزدەپ باقتى، يوچۇق تاپالماي قالغاندا، نائىلاج مادارا قىلىپ يۈردى.

بىر كۈنى جىنگۈي بىكارچىلىقتىن شياڭلىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يۇرتى، ئاتا ـ ئانىسىنى سوراپ

قالدى. شياڭلىك ئۇنتۇپ قاپتىمەن دەپ جاۋاب بەردى، جىنگۇي قەستەن مەندىن يوشۇردى دەپ، ئۇنىڭدىن خاپا بولدى.
— «شياڭلىك» دېگەن ئىسمىنى سىزگە كىم قويغان؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— خان قىز قويغان، — دەپ جاۋاب بەردى شياڭلىك.
— كىشىلەر خان قىزنى ھەممىدىن خەۋىرى بار، دەيدىكەن، مۇشۇ ئىسمىنىمۇ ئۇقمايدىكەن، — دەپ سوغۇققىنا كۈلدى جىنگۇي.
— كېلىن ئاغىچا، خان قىزنى «ئۇقمايدىكەن» دېگەن يەرگە كەلگەن بولسىلا، سىلى تېخى خان قىز بىلەن بەھس قىلىشىپ باقماپتىلا، — دېدى ئالمان - تالمان شياڭلىك كۈلۈپ، — گەپ قىلىپ بەرسەم، ئۇنىڭ مەلۇماتىنى ھەتتا ھامما خېنىمنىڭ چوڭ بېگىمۇ پات - پات ماختاپ تۇرىدۇ!
شياڭلىكنىڭ قانداق گەپ قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئۇقماق بولسىڭىز، كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگە ئادرېسى

# سەكسىنىنچى باب

## ساھىبجامال شياڭلىڭنىڭ ئاچ كۆز ئىپردىن كالتەك يېگەنلىكى
## ۋاڭ دەرۋىشنىڭ كۆنداشلىق دورىسى ئۈستىدە جۆيلىگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، جىنگۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بوينىنى شاپتۇل قېقىپ، كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، دىمىقىنى قېقىپ قويىدى.

— نېمە ئۇ پىچىم گۈل دېگەن، خۇشبۇيىنى كىم كۆرۈپتۇ ئۇنىڭ؟ — دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ، — ناۋادا پىچىم گۈلنى خۇشبۇي دەيدىغان بولسا، ھەقىقىي خۇشبۇي گۈللەرنى نېمە دېگۈلۈك؟ مۇشۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايدىكەن.

— يالغۇز پىچىم گۈللا خۇشبۇي ئەمەس، نېلۇپەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن تارتىپ گۈل كاسىسىغىچە ئوخشاشلا بىر خىل خۇش پۇراق بار. بىراق، ئۇ خۇشبۇي گۈللەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئەگەر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن كۈندۈزدە ياكى تۈندە، ياكى بولمىسا سەھەردە، تەڭ كېچىدە راسا زەن سالىدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭدىكى خۇش پۇراق ھەرقانداق گۈلنىڭكىدىن ياخشى پۇرايدۇ. ھەتتا پىچىم گۈل، قارىغۇ كۆز، قومۇش يوپۇرماقلىرى، قومۇش يىلتىزلىرىمۇ شامال ـ شەبنەم تەگكەندە، ئۇلاردىن چىقىدىغان خۇش پۇراقلار كىشىنىڭ كۆڭلىنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

— سىڭىڭچە، — دېدى جىنگۈي، — خۇشبۇي گۈل بىلەن دالچىن گۈلنىڭ پۇرىقى ياخشى ئەمەس ئىكەن ـ دە؟

گەپكە قىزىقىپ كەتكەن شياڭلىڭ ئىپتىراز قىلىشنىمۇ

ئۇنتۇپ قېلىپ:
— خۇشبۇي گۈل بىلەن دالچىن گۈلنىڭ پۇرىقىنى باشقا گۈللەرنىڭكىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ ... — دېيىشكىلا، جىنگۈينىڭ باۋچەن ئىسىملىك دېدىكى ئۇنىڭ يۈزىگە نوقۇپ:
— ئۆلگۈڭىز كەلدىمۇ سىزنىڭ؟ نېمىدەپ خان قىزنىڭ ئىسمىنى تىلىڭىزغا ئېلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى.
شياڭلىڭ بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ خىجىل بولغان هالدا ئىتتىك كۈلۈمسىرىدى:
— ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ قاپتۇ، خېنىم، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى.
— هېچقىسى يوق، — دېدى جىنگۈي هىجىيىپ قويۇپ، — سەنمۇ بەك ئېهتىياتچان ئىكەنسەن، ئويلاپ كۆرسەم، سېنىڭ ئىسمىڭدىكى «شياڭ»① دېگەن سۆز ئانچە قاملاشماپتۇ، شۇنى يۆتكىۋېتەيمىكىن دەيمەن، بۇنىڭغا رازى بولامسەنكىنتاڭ؟
— بۇ نېمە دېگەنلىرى، خېنىم؟ دېدى شياڭلىڭ كۈلۈپ، — هازىر مەن جان - تېنىم بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇرسام، ئىسمىمنى يەڭگۈشلەيدىغانغىمۇ رازى بولامسەن - بولمامسەن دەپ سورىغانلىرى نېمىسى؟ بۇنداق هۆرمەتكە ئەرزىيدىغان ئادەممۇ مەن ! ئۆزلىرى قايسى ئىسىمنى ياخشى كۆرسىلە، شۇ بويىچە ئاتاۋەرسىلە.
— سەن ماقۇل دېگىنىڭ بىلەن، خان قىزنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە تۇيۇلارمىكىن ! — دېدى جىنگۈي سوغۇق كۈلۈپ.
— ئۆزلىرى ئۇقمايلا، — دېدى شياڭلىڭ كۈلۈپ، — ئۇز ۋاقتىدا مېنى سېتىۋالغان چاغدا ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتىم، شۇڭا خان قىز ماڭا مۇشۇ ئىسىمنى قويۇپ قويغان، كېيىن غوجامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، خان قىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۆزلىرى كەلدىلە، دېمەك، خان قىز بىلەن تېخىمۇ ئالاقەم يوق دېگەن گەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە

① شياڭ — (香) خۇشبۇي مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

خان قىزمۇ ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان قىز، بۇنىڭغا رەنجىپ يۈرىدۇ دەملا؟

ئۇنداق بولسا، مېنىڭچە، «شىياڭ» دېگەن سۆز «چيۇ»[1] دېگەن سۆزدەك قاملاشمايدىكەن. پىچىم گۈل كۈزدە راسا ئاينىيدۇ، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، «چيۇ» دېگەن سۆز «شىياڭ» دېگەن سۆزدىن مەنىلىكرەك بولمامدۇ؟

— ئۆزلىرى دېگەندەك بولسۇن ئەمىسە، — دېدى شىياڭلىڭ كۈلۈپ.

شۇنىڭدىن كېيىن شىياڭلىڭنىڭ ئىسمى چيۇلىڭغا ئۆزگەرتىلدى. باۋچەيمۇ بۇنىڭغا ئېرەن قىلمىدى.

شۆ پەننىڭ تۇغما مىجەزى «توققۇزىغا ئۇلاشسا ئوتتۇزىغا كۆزلەيدىغان» بولغاچقا، جىنگۈينى ئالغاندىن كېيىن، جىنگۈينىڭ دېدىكى باۋچەننىڭ ئانچە - مۇنچە كېلىشكەن چىرايىغا، يەڭگىلتەك خۇي - پەيلىنىڭ يېقىملىقلىقىغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭغا دائىم چاي، سۇ ئەكەلدۈرۈپ، ئەتەي ئۇنى ئەركىلىتىدىغان بولۇپ قالدى. باۋچەن ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنسىمۇ جىنگۈيدىن قورقۇپ، قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالماي، جىنگۈينىڭ كۆزىگە قاراپ قوياتتى. جىنگۈيمۇ شۆ پەننىڭ غەرىزىنى سېزىپ: «شىياڭلىڭنى نېرى - بېرى قىلىش ئۈچۈن يوچۇق تاپالماي يۈرسەم، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزى باۋچەنگە چۈشۈپتۇ. بوپتۇ، باۋچەننى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەرسەم، ئۇ چوقۇم شىياڭلىڭدىن يىراقلىشىدۇ، ئاندىن مەن ئۇنىڭ يىراقلاشقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ شىياڭلىڭنى نېرى - بېرى قىلىۋېتىمەن. باۋچەن دېگەن ئۆزۈمنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ نەپ تېگىدىغان يېرىمۇ بار» دېگەن قارارغا كەلدى - دە، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پەيتىنى كۈتتى.

شۇ كۈنى كەچتە سەل كەيپ بولۇپ قالغان شۆ پەن يەنە

[1] چيۇ — (秋) كۈز مەنىسىدە.

باۋچەننى چاي قۇيۇپ بەر دەپ بۇيرۇدى. شۆ پەن پىيالىنى ئېلىۋېتىپ، باۋچەننىڭ قولىنى چىمداپ قويدى. باۋچەن ئۆزىنى قاچۇرغان بولۇپ ئىتتىك قولىنى تارتىۋىدى، ئۇنىڭ قولىدىن تېخى بۇنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن پىيالە «جاڭ» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ، چاي ئۇلارنىڭ ئۈستىبېشىغا، يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى. شۆپەن خىجالەت بولغىنىدىن گەپ ياساپ، باۋچەننى تۈزۈك تۇتمىدىڭ، دېۋىدى، باۋچەن:

— غوجام، ئۆزلىرى تۈزۈك تۇتالمىدىلا، — دېدى.

— ئىككىڭلارنىڭ سۇتۇغىمۇ جايىدا بولدى، بىركىمنى دۆت چاغلىماڭلار! — دېدى جىنگۇي سوغۇق كۈلۈپ.

شۆ پەن ھىجىيىپ، گەپ قىلماي يەرگە قارىۋالدى. باۋچەن قىزىرىپ چىقىپ كەتتى.

ياتىدىغان چاغدا جىنگۇي خۇددى سىل كېسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك، قەستەن شۆ پەننى باشقا يەردە ئۇخلاڭ دەپ قوغلىدى. شۆ پەن ھىجىيىپلا تۇردى.

— قانداقلا ئىش قىلماقچى بولسىڭىز ماڭا ئېيتىپ قويۇڭ، ئوغرىلىقچە قىلماڭ، پايدىسى يوق، — دېدى جىنگۇي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شۆ پەن شارابنىڭ كۈچى بىلەن يۈزىنى قېلىن قىلىپ يوتقاننىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھىجايغىنىچە:

— جېنىم ئاچا، ئەگەر باۋچەننى ماڭا ھەدىيە قىلىۋېتىدىغان بولساڭ، نېمە دېسەڭ ماقۇل دەيتتىم. تىرىك ئادەمنىڭ مېڭىسىنى دېسەڭمۇ ئەكېلىپ بېرەتتىم، — دېدى.

— بۇ قاملاشمىغان گەپ بولدى! — دېدى جىنگۇي كۈلگەندەك قىلىپ، — كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئېيتىپ قويۇپلا ھۇجرىڭىزغا سولىۋېلىڭ، ئۇ چاغدا باشقىلارمۇ سەتلەپ كەتمەيدۇ. مەن نېمىنى تەلەپ قىلاتتىم؟

بۇ گەپتىن خۇش بولۇپ كەتكەن شۆ پەننىڭ ئۇنىڭغا ئېيتمىغان رەھمىتى قالمىدى. كېچىچە يىگىتلىكىنى راسا

كۆرسەتتى، جىنگۇيگە بولۇشچە خۇشامەت قىلدى. ئەتىسىمۇ ئۆيدىن تالاغا چىقماي، ھە دېسە ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ كۈن ئۆتكۈزدى، بارغانسېرى يۈرىكى يوغىناپ، ئۆز مەيلىگە بېرىلىدىغان بولدى.

چۈشتىن كېيىن جىنگۇي ئەتەي سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ھۇجرىنى ئىككىسىگە ئۇچچە تاشلاپ بەردى. شۆ پەن باۋچەن بىلەن ئويناشقىلى باشلىدى، باۋچەنمۇ بۇنى كۆڭلىدە ئوبدانلا پەملىۋېلىپ، غىلجىڭلاپ ناز قىلغىلى تۇردى. جىنگۇينىڭ ئۇ ئىككىسىنى مەقسەتلىك يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇلار ئەمدى تۇتىشاي دېگەن پەيتتە، جىنگۇي چۆرە قىز شېئېرنى چاقىردى. بۇ قىز ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، قارايدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، كىچىكىدىن تارتىپ جىنگۇينىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. خەقلەر ئۇنىڭغا شېئېر دەپ ئات قويۇپ قويۇشقانىدى، ئۇ ساپلا قارا ئىشلارنى قىلاتتى. جىنگۇي مەقسەتلىك ھالدا يالغۇز شۇنىلا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن بېرىپ چيۇلىڭغا ئېيت، ھۇجرامدىن قول ياغلىقىمنى ئاچىقىپ بەرسۇن، بۇ گەپنى مېنى دېدى دېمە ! — دەپ تاپشۇردى.

شېئېر ئاڭلاپ، چيۇلىڭنى ئىزدەپ ماڭدى.

— خېنىم، — دېدى ئۇ چيۇلىڭغا، — كېلىن ئاغىچا قول ياغلىقنى ھۇجرىسىدا ئۇنتۇپ قاپتىكەن، شۇنى سىز ئاچىقىپ بەرسىڭىز ئوبدان بولاتتى.

چيۇلىڭ جىنگۇينىڭ يېقىندىن بېرى ئۆزىگە ماڭدامدا بىر مۇشكۈلچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلمەي، بار ئامالى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماسلىققا تىرىشىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئىتتىك ھۇجرىغا مېڭىپ، شۆ پەن بىلەن باۋچەننىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغىنىنىڭ ئۈستىگىلا كىرىپ قالدى ـ دە، ئىزا تارتىپ

قۇلاقلىرىغىچە قىزارغان پېتى دەررۇلا كەينىگە ياندى. بىراق، ئۇلار چيۇلىڭنى كۆرۈپ قېلىشقانىدى. شۈ پەن بۇنى ئەمدى يوشۇرىدىغان ئىش ئەمەس دەپ قاراپ، جىنگۇيدىن باشقا ھېچكىمدىن تەپ تارتمايتتى، شۇڭا ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنىمۇ ياپمىغانىدى. ئۇ چيۇلىڭنىڭ مۇشۇنداق چاغدا ئۇسۇپ كىرگىنىگە پەرۋا قىلمىغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە خەققە ھەرگىزمۇ گەپ بەرمەيدىغان باۋچەن چيۇلىڭنى كۆرۈپ، يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدى ـ دە، شۈ پەننى ئىتتىرىۋېتىپ، ماڭا زورلۇق بىلەن باسقۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دېگىنىچە غۇدۇراپ قېچىپ چىقىپ كەتتى. شۈ پەننىڭ مىڭبىر مۇشەققەتتە قولغا كەلتۇرگىنىنى چيۇلىڭ قاچۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا، شۈ پەننىڭ بايىقى خۇشلۇقى بىردىنلا غەزەپكە ئايلىنىپ، دەردىنى چيۇلىڭدىن ئالماقچى بولدى ـ دە، ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىپ، ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكۈرۈپ:

— ئۆلۈمتۈك جالاپ! نېمىدەپ جىن ـ ئەرۋاھتەك ھەممە يەرگە دوقۇرۇپ يۈرىسەن؟ — دەپ تىللىدى.

چيۇلىڭ ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، بەدەر قاچتى.

شۈ پەن باۋچەننى قايتا ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي، چيۇلىڭنى تىللىغىلى تۇردى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن شاراب ئىچىپ كەيپ بولدى، يۇيۇنىدىغان چاغدا سۇ سەل ـ پەل قىزىق بولۇپ قالغانلىقى ئۇچۇنلا، پۇتۇم كۆيۈپ قالدى، ماڭا قەست قىلدىڭ دەپ، يالىڭاچ پېتى قوغلاپ يۈرۈپ چيۇلىڭنى ئىككىنى تەپتى، چيۇلىڭ بۇنداق ئاھانەتكە زادىلا ئۇچراپ باقمىغانىدى، بۇ دەرىجىگە يەتكۈچە بولغاندىن كېيىن ئەمدى ئىش تۈگەپتۇ دەپ، ئۆز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇ ئىشنى ئۆزىدىن كۆردى. شۈ پەن ئۆز ئىشى بىلەن بولدى، چيۇلىڭ چىقىپ كەتتى.

جىنگۇي بۈگۈن كېچە شۈ پەننى چيۇلىڭنىڭ ياتىقىغا چىقىپ شۇنىڭ قوينىدا ياتقىن، دەپ قوغلىۋېتىپ، چيۇلىڭنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چاقىرىۋېلىپ، كېچىچە ئۆزىگە ھەمراھ قىلماقچى

بولغانلىقىنى باۋچەنگە ئاستىرتىن بىلدۈرۈپ قويغانىدى. دەسلەپتە چيۇلىڭ بۇنىڭغا ئۇنىمىدى، جىنگۇي سەن مېنى مەينەت كۆردۈڭ، يا بولمىسا ئۆزۈڭگە ئاراملىق ئىزدەپ، كېچىدە مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشنى ئېغىر كۆردۈڭ دەپ، ئاخىرىغا كەلگەندە تىللىغىلى چۈشتى:

— سېنىڭ ھېچنېمە كۆرمىگەن غوجايىنىڭ كىمنى كۆرسە شۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالىدىكەن، مېنىڭ ئادىمىمنىمۇ زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى، ئەمدى سېنىمۇ مېنىڭ قېشىمغا كىرگۈزمەيدىغان بولدى، زادى نېمە غەرىزى بار ئىكەن؟ مېنى مۇشۇنداق زەردىگۈش قىلىپ ئۆلتۈرمەكچىغۇ ھەرقاچان!

شۇ پەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋچەن بىلەن بولغان ئىشنىڭ يېيىلىپ كېتىشىدىن قورقتى ـ دە، ئىتتىك كېلىپ چيۇلىڭنى تىللىدى:

— ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پەس! يەنە ئۇنىمايدىغان بولساڭ تاياق يەيسەن!

چيۇلىڭ نائىلاج يوتقان ـ كۆرپىسىنى ئېلىپ كىردى. جىنگۇي ئۇنىڭغا يەرگە ئورۇن سېلىپ يېتىشنى بۇيرۇدى، چيۇلىڭنىڭ بويسۇنماي ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇ ئەمدىلا يېتىشىغا، جىنگۇي ئۇنى چاي ئېلىپ كېلىشكە، ئارقىدىن پۇتىنى تۇتۇپ قويۇشقا جورۇدى. بۇنداق ئىشلار كېچىچە يەتتە ـ سەككىز قېتىم تەكرارلىنىپ، ئۇنىڭغا بىرەمۇ ئارام ئېلىپ يېتىۋېلىش پۇرسىتى بولمىدى.

شۇ پەن باۋچەننى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولۇپ، باشقىلارنى كۆڭلى ـ كۆكسىدىن چىقىرىپىلىۋەتكەنىدى. جىنگۇينىڭ بۇنىڭغا ئىچى ئاداپ: «ھازىرچە بىرنەچچە كۈن كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ تۇرغىن، كېيىن ئۇنى قىلتاققا شۇنداق بىر ئىلايكى، ئۇ چاغدا مېنىڭدىن يامانلىما!» دەپ غەزەپلىنەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ تۇرۇپ، چيۇلىڭنى كۆزدىن نېرى قىلىشنىڭ يولىغا كىرىشتى،

يېرىم ئايدىن كېيىن، ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا يۈرىكىم چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. پۇت - قولۇمنى مىدىرلىتالمايمەن، دورىمۇ كار قىلمايۋاتىدۇ، دەپ يالغاندىن كېسەل بولۇپ يېتىۋالدى. ھەممەيلەن ئۇنى چيۇلىڭ خاپا قىلىپ ئاغرىتىپ قويدى، دېيىشتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن جىنگۇينىڭ ياستۇقىنىڭ تېگىدىن قەغەز ئادەم چىقىپ قالدى، ئۇنىڭغا جىنگۇينىڭ مۇچەلنامىسى پۈتۈلگەن، يۈرىكى بىلەن قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئارىسىغا بەش دانە يىڭنە سانجىپ قويۇلغانىدى. كىشىلەر بۇنى يېڭىلىق سۈپىتىدە، ئالدى بىلەن شۆ ھامىغا مەلۇم قىلىشتى. بۇنى ئاڭلاپ شۆ ھاما تەمتىرەپلا قالدى، شۆ پەنمۇ تېپىرلاپ كېتىپ، باشقىلارنى ئۇرماقچى بولدى.

— ئۇلارغا ئۇۋال قىلىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى جىنگۇي، — بۇ ھەرقاچان باۋچەننىڭ قىلغان جادۇگەرلىكى.

— يېقىندىن بېرى سېنىڭ ھۇجراڭغا كىرىشكە ئۇنىڭ ئانچە چولىسىمۇ تەگمىدى، مۇنداق تۇرۇقلۇق، ياخشى ئادەمگە تۆھمەت چاپلىساڭ بولامدۇ؟ — دېدى شۆ پەن.

— ئۇنىڭدىن باشقا كىم بولاتتى؟ — دېدى جىنگۇي سوغۇق كۈلۈپ، — ئەمىسە ئۆزۈمگە ئۆزۈم قەست قىلىپتىمەن - دە؟ باشقا ئادەممىكىن دېسەم، كىم مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىشكە پېتىنالايدۇ؟

— ھازىر چيۇلىڭ ھەركۈنى سەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئىشنى چوقۇم شۇ بىلىدۇ، ئاۋۋال شۇنى ئۇرۇپ سوراققا تارتساقلا مەلۇم بولىدۇ، — دېدى شۆ پەن.

— كىمنى سوراققا تارتىسىز؟ بۇنى كىم بويىنىغا ئالاتتى؟ — دېدى جىنگۇي سوغۇق كۈلۈپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە قۇلاقنى يوپۇرۇپ، بۇ ئىشقا قول سىلكىۋېتەيلى. ئۆلتۈرسە مېنى ئۆلتۈرەر، بۇنىڭ كارى چاغلىق، ناھايىتى كەلسە گۇلقەقەلىرىڭىز ئېچىلىپ، يەنە بىرنى ئېلىۋالارسىز. كۆڭلۈڭلاردىكىنى ئېيتقاندا، ئۇچىلىڭلار مېنى يامان كۆرۈپ

قالدىڭلار ! ــــ ئۇ شۇنداق دەپلا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى.
بۇ گەپتىن شۆ پەنىنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ، قولىغا ئىشسكىنىڭ دىمىنى ئالدى ـ دە، ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى، چيۇلىڭنى ئىزدەپ تېپىپ، نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، بۇ سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ دەپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردى. چيۇلىڭ زارلىنىپ كەتتى. شۆ ھاما يۇگۇرۇپ كېلىپ شۆ پەنگە قاتتىق ۋارقىراپ ئۇنى توستى:
ــــ ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئادەم ئۇرغىنىڭ نېمىسى ! بۇنىڭ بىر نەچچە يىل خىزمىتىڭنى قىلىپ، بىر ەر قېتىم بىخەستەلىك قىلىپ قويغان يېرى بارمۇ؟ ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ئۇ بۇنداق ۋىجدانسىزلىقنى قىلارمۇ؟ ئاۋۋال ئىشنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئاندىن قىلغۇلۇقۇڭنى قىلمامسەن؟
جىنگۈي قېيىنئانىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، شۆ پەنىنى كۆڭلى ئېرىپ تەۋرىنىپ قالارمىكىن دەپ، بىشەملىك بىلەن ئۇن سېلىپ، تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى:
ــــ ئىككى ھەپتە بولدى، مېنىڭ دېدىكىم باۋچەنىمۇ تارتىۋېلىپ ھۇجرامغا كىرگۈزمىدىڭىز، ھازىر يالغۇز چيۇلىڭلا مەن بىلەن يېتىۋاتىدۇ. سوراقتا تارتىسىڭىز باۋچەنى تارتىڭ دېسەم، ئۇنى قانتىڭىز ئاستىغا ئالدىڭىز. ئەمدى قويۇپ ماڭا قېيىداپ ئۇنى ئۇرۇۋاتىسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا، دۆلەتمەن سەتەڭلەردىن ئېلىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ بۇنداق مايمۇن ئوينىتىپ سىزگە نېمە جاپا !
بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۆ پەن تېخىمۇ جىلە بولدى. شۆ ھاما جىنگۈينىڭ ھەربىر گېپىدىن ئوغلىغا دوق قىلىۋاتقانلىقىنى، بىشەملىكتە ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق نەپرەتلەندى، ئوغلى بولسا بىجىمبوشلۇق قىلىپ، خوتۇنىنىڭ دوق قىلىشىدىن ئاللىبۇرۇنلا سالپىيىپ كەتكەندى. ئەمدى كېلىپ ئۇنىڭ دېدىكىگە ئىچ پەش تارتىپ قالغانلىقىدىن، خوتۇنى ئۇنى باسقۇنچى دەپ ئەيىبلەۋاتاتتى، جىنگۈي بولسا ئۆزى

www.uyghurkitap.com

مۇلايىملىق بىلەن ئېرىگە يول قويغان ئاتاقتا مەيدانغا چىقىۋاتاتتى. زادى كىم شۇنداق سېھىرگەرلىك قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ كونىلارنىڭ «ئادىل ئەمەلدارمۇ ئۆز ئۆيىگە ھۆكۈمىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن گېپى راست ئىكەن. شۇ تاپتا دەل شۇنداق ئىش بولۇۋاتاتتى. ئىلاجسىز قالغان شۆ ھاما شۆ پەنگە قېيداپ ۋارقىرىدى:

— لامزەللە شۇم، ئىتمۇ سەندىن نومۇسلۇقراق. ھەي بەغەرەز، سەن ئاشۇ ئېگەت قىزنىڭمۇ پېيىگە چۈشۈۋاپسەن ـ ھە! مانا ئەمدى خوتۇنۇڭنىڭ دېدىكىمنى تارتىۋالدى دېگەن گېپىگە قېلىۋاتىسەن، خەققە قايسى يۈزۈڭ بىلەن قارايسەن؟ كىمنىڭ قىلىۋاتقان ھىيلىسىكىن، بۇ، سۈرۈشتۈرمەيلا دۇمبالىغىنىنى قارا بۇنىڭ. مەن سېنىڭ يېڭىسىنى تاپقاندا كونىسىنى تاشلايدىغان بىرنېمىلىكىڭنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ بۇ چاغقىچە بولغان كۆڭلىنى يەرگە ئۇردۇڭ. ئۇ يامانلىق قىلغان بولسىمۇ ئۇرماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. قەللاپنى چاقىرتىپ كىرىپ ئۇنى سېتىۋەتسەمغۇ كۆڭلۈڭ تىنچار، — شۆ ھاما ئاچچىقى بىلەن چىۋىلىڭغا قارىدى، — چىۋىلىڭ، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ، كەينىمدىن ماڭ، — دەپ بۇيرۇپ يەنە ئادەم چاقىردى، — قەللاپ چاقىرىپ كېلىڭلار، نەچچىگە ئالسا، شۇنچىگە سېتىۋېتىپ، بەدەنگە سانجىلغان تىكەن، كۆزگە قادالغان مىختىن قۇتۇلۇپ ئارامخۇدا ياشايلى!

ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شۆ پەننىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا جىنگۆي يىغلىغىنىچە دېرىزىدىن تالاغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئۇنى ساتسىلا سېتىۋەرسىلە، لېكىن باشقىلارنى چىشلەپ تارتقۇچى بولمىسىلا. بىز شۇنداق كۇنداشلىق قىلىپ چاكارلىرىمىزنى پاتقۇزمايدىغان ئادەم بولۇپ قالدۇقمۇ؟ «بەدەنگە سانجىلغان تىكەن، كۆزگە قادالغان مىختىن قۇتۇلۇپ» دېگەن نېمە گەپ؟ كىم تىكەن، كىم مىخ ئىكەن؟ ئوغۇللىرى ئۇنىڭدىن

ھەرقانچە بىزار بولغان ھالەتتىمۇ، مېنىڭ دېدىدىكىمنى ھۇجرىسىغا سولىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى.

شۆ ھامما ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا تىترەپ، بوغۇلۇپلا قالدى:

— قايسى ئائىلىدىن چىققان قائىدە بۇ؟ قېيىنئانىسى بۇ يەردە گەپ قىلىۋاتسا، كېلىنى ئۆيدە تۇرۇپ تاكاللىشىدىغان! تېگى بار كونىلارنىڭ قىزىمىش تېخى! ئاغزىغا كەلگىنىچە كاپشىپ، نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ بۇ!

— بولدى، بولدى! — دېدى شۆ پەن جىلە بولغىنىدىن يەرنى تېپىپ، — خەقلەر ئاڭلىسا زاڭلىق قىلمامدۇ!

جىنگۈي بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى بۇ جېدەلنى بىر باشقا ئاچچىقىش كېرەك، دېگەن يەرگە كېلىپ، تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— خەقنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقۇپ قالمايمەن! توقىلىڭ ماڭا قەست قىلغان تۇرسا، مەن خەقنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقامدىمەن؟ بولمىسا ئۇنى ئېلىپ قېلىپ، مېنى سات! شۆ ئائىلىسىنىڭ پۇلى بارلىقىنى، ھە دېسىلا خەقنى پۇل بىلەن باسىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ خەققە دوق قىلىشىڭلار ئۈچۈن يۈزلۈك تۇغقىنىڭلار بار! قىلىدىغىنىڭنى چاپسانراق قىلماي يەنە نېمىگە ساقلاپ تۇرىسەن؟ مەن يامان بولسام، ئۆز ۋاقتىدا كۆزۈڭلار كور بولۇپ قالغانمىدى، يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، بوسۇغىمىزدىن نېرى كېتەلمەي قالمىغانمىدىڭلار؟

جىنگۈي ھە دەپ يىغلاپ، ئۆزىنى كاچاتلىغىلى تۇردى. شۆ پەن گەپ قىلاي دېسە تېخى، نەسىھەت قىلاي دېسە تېخى، ئۇراي دېسە تېخى، يالۋۇراي دېسە تېخى، جىلە بولغىنىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۆز - ئۆزىدىن ئاغرىنغان ھالدا: «مەن شور پېشانە ئىكەنمەن!» دەپ قويدى.

شۆ ھاممىنى باۋچەي تەسەللى ئېيتىپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ

كەتتى، شياڭلىڭنى سېتىۋېتىشكە شۆ هامما ئادەم بۇيرۇغانىدى.

— ئانا، — دېدى باۋچەي كۇلۇپ تۇرۇپ، — خاپىچىلىقتا بېشىڭىز ئايلىنىپ قاپتۇ. بىزنىڭ ئائىلىمىز ئادەم سېتىۋېلىشنىلا بىلىدۇ، ئادەم سېتىش دېگەننى ئۇقمايدۇ، ناۋادا بۇ گەپنى خەقلەر ئاڭلاپ قالسا زاڭلىق قىلمامدۇ؟ ئۇ ئاكام بىلەن يەڭگەمگە يامان كۆرۈنۈپ قالغان بولسا، ماڭا بېرىڭ، مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلسۇن، يېنىمدىمۇ ئادەم يوق.

— ئۇنى ئېلىپ قالغان بىلەن بەربىر خاپىچىلىق تۈگىمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتىپلا، كۆڭۈلنى تىنچىتقان ياخشى، — دېدى شۆ هاما.

— ئۇ مېنىڭ بىلەن قالسا، سىز دېگەندەك كۆڭۈل تىنچىيدىغان ئىش بولىدۇ. ئۇلار تەرەپكە ئۆتكۈزمىسەملا بولىدىغۇ؟ هازىردىن باشلاپ ئۇ تەرەپ بىلەن باردى - كەلدىنى ئۈزسە، سېتىۋەتكەن بىلەن ئوخشاش بولمامدۇ!

شياڭلىڭمۇ باياتىندىن بېرى شۆ هامىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كەتمەيمەن، خان قىز بىلەن تۇرۇشقا رازى، دەپ زار - زار يىغلاپ يالۋۇرۇۋاتاتتى. شۆ هاما ئىلاجسىز ماقۇل بولدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شياڭلىڭ باۋچەينىڭ قېشىدا بولدى، ئالدى تەرەپكە بېرىشنى چورتلا توختاتتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇ دائىم ئايغا قاراپ ھەسرەت چېكەتتى، چىراغ پەرلەۋېتىپ ئاھ ئۇراتتى. ئۇ گەرچە شۆ پەننىڭ ھۇجرىسىدا بىرنەچچە يىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قېنىدا كېسەل بولغانلىقتىن، پەقەتلا هامىلىدار بولمىغانىدى. ئەمدى ئۇستىلەپ قوشۇلغان دەرد - ئەلەم جىگىرىگە ئۆتتى - دە، ھەم ئىچىدىن، ھەم تېشىدىن ئازابلىنىپ، قان قويۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، كۈندىن - كۈنگە ياداپ كەتتى، ئىشتىهاسى تۇتۇلدى، تېۋىپنىڭ دورىسىمۇ كار قىلمىدى.

جىنگۈي بولسا هېلىقى ئىشتىن كېيىن يەنە بىرقانچە قېتىم جېدەل چىقاردى. شۆ پەن گاھىدا شارابنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنى

ئۇرماقچى بولۇپمۇ باقتى، ئۇرۇش ئۇچۇن قولىغا تاياق ئالسا، جىنگۇي ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ، ئۇرە قېنى دەپ ئۆزىنى تۇتۇپ بېرەتتى، بوغۇزلىۋېتىمەن دەپ قولىغا پىچاق ئالسا، بوينىنى تۇتۇپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا شۆپەن قول سېلىشقا پېتىنالماي، بىردەم ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ پەسكويغا چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، شۆپەنمۇ بارا ـ بارا ئۇنىڭ مىجەزىگە كۆنۈپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن جىنگۇي تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى، بارا ـ بارا باۋچەننىمۇ خورلايدىغان بولۇۋالدى.

باۋچەن شياڭلىنگغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ئىنتايىن چارس ـ چۇرس ئىدى. شۆپەن بىلەن چىقىشىپ قالغاندىن بېرى جىنگۇينى بىر ياقىغا قايرىپ قويغانىدى. يېقىندىن بېرى جىنگۇينىڭ ئۆزىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىزەمۇ بوي بەرگۇسى كەلمىدى. دەسلەپتە بىرنى دېسە، بىرنى دەپ تاكاللىشىپ تۇردى. كېيىن جىنگۇي ئۆپكىسىنى باسالماي ئۇنى تىللايدىغان، ھەتتا ئۇرىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا باۋچەن گەرچە قول ياندۇرالمىسىمۇ، لېكىن كۆكەرمىلىك قىلىپ يەردە ئېغىناپ، ھە دېسە ئۆلۈۋالىمەن دەپ، قولىغا كۈندۈزى پىچاق ـ قايچا، كېچىسى ئارغامچا ئېلىۋېلىپ قىلمىغان بىشەملىكى قالمايتتى.

شۆپەن ئىككىسىگە بىرنېمە دېيەلمەي، تەمتىرەپ قاراپلا تۇراتتى ۋە جېدەل ئەۋجىگە چىقىپ يىغىشتۇرۇۋالالمىغۇدەك ھالغا يەتكەندە، ئۆزىنى قاچۇرۇپ تالاغا چىقىپ كېتەتتى. جىنگۇينىڭ ئالا كۆچۈكلىرى كېتىپ، خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا، باشقىلارنى چاقىرىپ كىرىپ قارتا، شىشخال ئويناپ كۆڭلىنى ئاچاتتى. ئۇ ئۇستىخان غاجىلاشنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ھەر كۈنى توخۇ، ئۆردەك ئۆلتۈرگۈزۈپ گۆشىنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلاتتى، ئۇستىخىنىنى ياغدا قورۇپ، ھاراققا چىلايتتى. بۇنى يەپ زېرىككەندە: «باشقا جۇۋاينىمەك جالاپلار كۆڭلىنى خۇش قىلغان يەردە مەن نېمىشقا كۆڭلۈمنى خۇش قىلمايتتىم!» دەپ، باشقىلارنى بولۇشىغا تىللايتتى. شۆ ھامما

بىلەن باغچەي ئۇنىڭغا زادىلا پىسەنت قىلمىدى، ئەمما كىشى يوق يەردە كۆز يېشى قىلىشاتتى. ئىلاجسىز قالغان شۆ پەن بۇ «پاراكەندە غەنناج»نى ئالمىسام بوپتىكەن، دەپ قاتتىق پۇشايمان يەيتتى. بۇلارنىڭ بىر مەزگىل راسا بېشى قاتتى. رۇڭگو، نىڭگو قەسىرلىرىدىكى غوجايىنلاردىن تارتىپ چاكارلارغىچە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپمىغانلىرى قالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن ھەسرەت چېكىشتى.

باغيۈي يۈز كۈننى تۈشتۈرغاندىن كېيىن، تالا ـ تۈزگە چىقىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بېرىپ جىنگۈينى كۆرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن، يېڭى ئېچىلغان گۈل بىلەن يۇمران تال چىۋىقنىڭ ئۆزى، باشقا ھەمشىرىلەردىن قېلىشىدىغان يېرىمۇ يوق ئىكەن. نېمىشقا خۇيى مۇنداقتۇ ! ئاجايىپ ئىش. بۇنى ئويلاپ باغيۈينىڭ ئىچى پۇشتى. بىر كۈنى ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام بەرگىلى بارغانىدى، يىڭچۈننىڭ ئېمىكئانىسىمۇ سالامغا كەلگەنىكەن. بۇ موماي سۈن شاۋزۇنىڭ راۋرۇس ئادەم ئەمەسلىكىدىن ھال ئوقۇپ:

— خان قىز كىشى يوق يەردە كۆز يېشى قىلىپلا تۇرىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇرلىرىغا كېلىپ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كەتكۈسى بار ئىكەن، — دېدى.

— مەنمۇ قايسى كۈنى ئۇنى ئالدۇرۇپ كەلمەكچى بولغانىدىم — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇ ئىش ـ بۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كۆڭلۈم ئارامىدا بولماي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئالدىنقى كۈنى باغيۈيمۇ بېرىپ كېلىپ، مۇشۇ گەپنى دېگەن. ئەتە ئوبدان كۈن، ئۇنى ئالدۇرۇپ كېلەيلى.

شۇ ئارىدا جىيا ئانا باغيۈينى ئىزدىتىپ ئەۋەتكەن بىر خىزمەتكار ئايال كىرىپ:

— غوجام، ئەتە ئەتىگەندە تيەنچى ئىبادەتخانىسىغا ئاتىغاننى ئادا قىلغىلى بارىدىكەنلا ! — دېدى.

مۇشۇ كۈنلەردە باۋيۇيىنىڭ باشقا جايلارغا بېرىپ شۇنچىلىك تاماشا قىلىپ كەلگۈسى كېلىپ كەتكەنىدىكى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا كىچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە باۋيۇي يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، كىيىنىپ جابدۇندى، ئىككى ـ ئۈچ خىزمەتكار موماينى كەينىگە سېلىپ، مەپە بىلەن شەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقىدىن چىقىپ، تيەنچى ئىبادەتخانىسىغا كۆجە كۆيدۈرۈپ ئاتىغانلىرىنى ئادا قىلىشقا ماڭدى. بۇ ئىبادەتخانا تۇنۇگۈنلا ئۆز لايىقىدا تەييارلاپ قويۇلغانىدى. باۋيۇي تۇغۇلۇشىدىنلا قورقۇنچاق بولغاچقا، بەتبەشىرە جىن ـ ئالۋاستى بۇتلارغا يېقىن بارالماي، قەغەز ئات، قەغەز پۇللارنى ئالمان ـ تالمان كۆيدۈرۈپ بولۇپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

تاماقتىن كېيىن، خىزمەتكار مومايلار بىلەن لى گۈي قاتارلىقلار باۋيۇينى ئۇ يەر، بۇ يەرگە ئاپىرىپ تاماشا قىلدۇردى، باۋيۇي ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، قايتىپ مۇستەھەبخانىدا ئارام ئالدى. خىزمەتكار مومايلار باۋيۇينى ئۇخلاپ قالمىسۇن دەپ، دەرۋىشلەرنىڭ ئاقساقىلى ۋاڭ دەرۋىشنى ئۇنىڭغا پاراڭ سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ قېرى دەرۋىش يۇرت كېزىپ دورىپۇرۇشلۇق قىلىدىغان، خىسلەتلىك رۇشەتتە بويىچە كېسەل داۋالاپ كۆپ ھايان ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئىدى، ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويغان پەيزىسىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدا كۆمىلاچ، تالقان، مەلھەم دورىلىرىنىڭ ھەرقاندىقى تەييار ئىدى. ئۇ نىڭگو، رۇڭگو قەسىرلىرىگە تولا بېرىپ ھەممىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن، ئۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ مەلھىمى ناھايىتى شىپالىق، بىرلا چاپلىسا كېسەلنى ساقايتىدۇ دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭغا «ۋاڭ مەلھەم» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. ۋاڭ مەلھەم كىرگەندە باۋيۇي كاڭدا يانپاشلاپ ياتاتتى، ئۇ ۋاڭ مەلھەمنى كۆرۈشى بىلەنلا، كۈلگىنىچە:

— كېلىڭ، كېلىڭ. سىزنى كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىشقا بەك ئۇستا دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇنداق گەپلەردىن بىرنى دەپ

بەرسىڭىز، ئاڭلاپ باقساق، — دېدى.
— شۇنى دېسىلە، — دېدى ۋاڭ مەلھەم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمىسە، غوجام ئۇخلىمىسىلا، ھېرى بولسىلا، قورساقلىرىغا جىن كىرىۋالمىسۇن.
بۇ گەپكە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. باۋيۈي كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى. ۋاڭ مەلھەم مۇرىتلىرىغا بۇيرۇپ:
— چاپسان چاي دەملەپ كىرىڭلار! — دېدى.
— بىزنىڭ غوجام سىزنىڭ چېيىڭىزنى ئىچمەيدۇ، غوجامنىڭ بۇ ئۆيدە مەلھەم دورىلارنىڭ پۇراقلىرىدىن بىزار بولۇپ ئولتۇرغىنىمۇ يېتەر، — دېدى بېيمىڭ.
— ئەھۋالنى ئۇقماي سۆزلەۋېرىدىكەنسەن، — دېدى ۋاڭ مەلھەم كۈلۈپ، — مەلھەم دورىلىرىنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە زادىلا يولاتمايمەن. غوجامنىڭ بۈگۈن جەزمەن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۈچ - تۆت كۈن بۇرۇنلا ئۆيدە كۈجە تۈتىتىۋەتكەن.
— شۇنداقتەك تۇرىدۇ، — دېدى باۋيۈي، — خەقلەر سىزنىڭ مەلھەم دورىڭىزنى ياخشى ئىكەن دەپ كەچكىچە ماختايدىكەن، زادى نېمە كېسەللەرگە داۋا؟
— مەلھەم دورىلىرىمنى سورىسىلا، بۇ توغرىدا سۆزلەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن، — دېدى ۋاڭ مەلھەم، — بۇ دورىلارنىڭ زىر - زەۋىرىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن دەپ بېرىش قىيىن: بۇ دورىلار جەمئىي بىر يۈز يىگىرمە خىل بولۇپ، خانىغىمۇ، پۇقراغىمۇ باب كېلىدۇ، مۆتىدىل مىجەزلىك ھەم سوغۇقچان ئادەملەر ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن مىجەزنى تەڭشەپ، ماغدۇرنى ئاشۇرىدۇ، قۇۋۋەتنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئەسەبنى تىنچلاندۇرۇپ، كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ، ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇقنى باسىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلاپ، بەلغەمنى يوقىتىدۇ. تاشقى جەھەتتىن تومۇرلارنىڭ سوقۇشىنى تەڭشەپ، پەي - سىڭىرلارغا ھۇزۇر بېرىدۇ، ئادەمنى ئۆلۈمدىن دەپئى قىلىپ ياشارتىدۇ، يەلنى قوغلاپ، زەھەرنى

www.uyghurkitap.com

قايتۇرىدۇ. بۇ دورىلار شۇنداق پايدا قىلىدۇكى، خىسلىتى چاپلاپ كۆرگەندە مەلۇم بولىدۇ.

— بىر تال مەلھەم دورىنىڭ شۇنچە كېسەللەرگە شىپالىق بېرىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى باۋيوي، — مەن سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، بىر خىل كېسەل بار، شۇنىڭغا چاپلىسىمۇ ساقىيامدۇ؟

— ھەرقانداق كېسەل ئاپتىگە پايدا قىلماي قالمايدۇ، ئەگەر پايدا قىلمىسا، غوجام، ساقىلىمنى يۇلۇۋەتسىلە، مەن قېرىنىڭ كاچىتىغا سالسىلا، بۇتخانامنى بۇزۇۋەتسىلە، قانداق؟ قېنى، نېمە كېسەللىكىنى دەپ باقسىلا، — دېدى ۋاڭ مەلھەم.

— ئۆزىڭىز تېپىڭ، — دېدى باۋيوي، — تاپالىسىڭىزلا چاپلىغان زامان ساقىيىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋاڭ مەلھەم سەل ئويلىنىپ قېلىپ، ئاندىن:

— بۇنى تاپماق تەس ئوخشايدۇ. مەلھەم دورىمۇ قاملاشماسمىكىن، — دېدى.

باۋيوي ئۇنى يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ۋاڭ مەلھەمنىڭ كۆڭلىگە گۇپپىدە بىر نەرسە كەلدى ـ دە، كۈلگەن پېتى ئاستاغىنا شۇنداق دېدى:

— ئەمدى تاپتىم! ھەرقاچان غوجامنىڭ بۈگۈن ھۇجرا ـ كەپە ئىشى بولسا كېرەك، شۇڭا قۇۋۋەت قىلىدىغان دورا لازىم بولۇپ قالغانمىكىن، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزى تۈگمەيلا، بېيمىڭ:

— ھەي ئۆلگۈر! ئاغزىڭغا سالىمەن بىكار! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

باۋيوي نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، دەررۇلا:

— ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ پەلىپەتىش گەپلىرىگە ئىشەنمىسىلە! — دېدى بېيمىڭ.

قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچقان ۋاڭ مەلھەم باۋيوينىڭ جاۋابىنى

كۆتمەيلا:

— غوجام، ئېنىقراق دەپ بەرسىلە ! — دېدى.

— سىزدىن سورايدىغىنىم، — دېدى باۋيۇي، — ئاياللارنىڭ كۆنداشلىق كېسىلىگە چاپلايدىغان دورىمۇ بارمۇ؟

ۋاڭ مەلھەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چاۋاك چېلىپ كۈلۈپ كەتتى:

— مۇنداق گەپ دېسىلە ! بۇنداق دورىنى بار دېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا دورىڭىز تايىنلىق ئىكەنغۇ؟ — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

— كۆنداشلىق كېسىلىگە چاپلايدىغان مەلھەم دورىنى تېخى ياساپ باقمىدىم، — دېدى ۋاڭ مەلھەم دەررۇلا سۆزىنى توغرىلاپ، — بىرخىل قايناتما دورا بار، شۇنىڭ بىلەن داۋالاش مۇمكىن، بىراق ئۇ ئاستا تەسىر قىلىدۇ، دەررۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

— ئۇ قانداق دورا؟ ئۇنى قانداق ئىچىدۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— بۇنى «كۆنداشلىق شىپاسى» دەپ ئاتايدۇ، — دېدى ۋاڭ مەلھەم، — راسا ئوبدان ئامۇتتىن بىر تال، ناۋاتتىن ئىككى مىسقال، ئۈترۈجدىن بىر مىسقالنى ئۈچ پىيالە سۇغا سېلىپ ئامۇت پىشقۇچە قاينىتىمىز، ھەر كۈنى سەھەردە يەيدۇ، ئاشۇنداق يەپ بېرىۋېرىدىغان بولسا تۈزىلىپ كېتىدۇ.

— بۇ دورا دېگۈچىلىك نەرسە ئەمەس ئىكەن، ھەيناڭەي، پايدا قىلارمۇ، — دېدى باۋيۇي.

— بىر قېتىمدا پايدا قىلمىسا، ئون قېتىم يېسۇن؛ بۈگۈن پايدا قىلمىسا ئەتىسى يەنە يېسۇن. بۇ يىل پايدا قىلمىسا، كېلەر يىلى يەنە يېسۇن. بۇ ئۈچ خىل دورا ئۆپكىنى ياشارتىپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئادەمگە زىيان قىلمايدۇ، ئۆزى تاتلىق ھەم يۆتەلنى باسىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەززىلىك. يۈز ياشقا كىرگۈچە يېسۇنمۇ دەيلى، ئادەم بەرىبىر ئۆلىدىغۇ، ئۆلگەندىن كېيىن نېمىگە كۆنداشلىق قىلاتتى؟ ئەنە شۇ چاغدا پايدا قىلىدۇ.

بۇ گەپتىن باۋيۇي، بېيمىڭلار ئۆزلىرىنى توختىتالماي

قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىچە:
— ۋاي كاسكىيەي! — دەپ ئۇنى تىللاپ كەتتى.
— سىلەرنى چۈشتە مۆگدەپ قالمىسۇن دەپلا قىلىۋاتقان گەپقۇ، بۇنىڭ نېمە كارايىتى بولسۇن؟ — دېدى ۋاڭ مەلھەم، — بۇ گەپلەرنىڭ قىممىتى سىلەرنى كۈلدۈرۈشتە. سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي: مەلھەم دورىلىرىمۇ ساختا. مەندە راست دورا بولىدىغان بولسا ئۆزۈم يەپ ئەۋلىيا بولۇۋالمامدىمەن! بۇ يەردە قىزىل كۆزلۈك قىلىپ يۈرەمتىم؟

شۇ ئارىدا خەيرلىك سائەت ۋاقتى بولۇپ قېلىپ، باۋيۈينى ئەرۋاھلار ھەققىگە ھاراق سېپىپ قەغەز پۇل ۋە قەغەز ئات كۆيدۈرۈپ ئۆزىگە بەخت ياغدۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. تىلاۋەت تۈگىگەندىن كېيىن، باۋيۈي شەھەرگە قايتىپ ئۆيگە كەلدى.

يىڭچۈننىڭ ئۆز ئائىلىسىگە كەلگىنىگە يېرىم كۈن بولۇپ قالغانىدى، سۈن ئائىلىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىشكەن قېيىنئانا ـ كېلىنلەر كەچلىك تاماققىچە ئولتۇرۇشۇپ، ئاندىن قايتىپ كېتىشتى. يىڭچۈن شۇندىلا ۋاڭ ئائىچا خېنىمغا ئۆزىنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

— سۈن شاۋزۇ، — دەيتتى ئۇ، — ئۆتۈپ كەتكەن شەھۋەتپەرەس، قىمارۋاز، ھاراقكەش بىر نېمىكەن، ئائىلىدىكى ھەممە قىز ـ جۇۋانلارغا چېپىلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چىرايلىق نەسىھەت قىلسام، مېنى «كۆنداش خوتۇننىڭ بويىدىن چۈشكەن» دەپ تىللىدى. ئۇ يەنە، ئاتاڭ مەندىن بەش مىڭ سەر كۈمۈش ئالغان، دەيدۇ. ئاتام ئۇنىڭ كۈمۈشىنى ئىشلەتمىسىمۇ بوپتىكەن. شۇ كۈمۈشنى سورىتىپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كېلىپ ئالالماپتىكەن، ماڭا قوللىرىنى شىلتىپ، يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە شۇنداق دەيدۇ: «ماڭا تولا ئاغىچىلىقىڭنى كۆرسەتمە! ئاتاڭ مېنىڭ بەش مىڭ سەر كۈمۈشۈمنى ئىشلىتىۋېلىپ، سېنى شۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا ساتقان. مەيلى ياخشى بول، مەيلى يامان، ئۇرۇپ ئەدىپىڭنى بېرىپ، ئاياغ ئاستىدىكى ئۆيگە قوغلاپ چىقىرىۋەتسەم

چىقىرىۋېتىۋېرىمەن. ئۆز ۋاقتىدا بوۋاڭ بار چاغدا بىزنىڭ دۆلەتمەنلىكىمىزگە قىزىقىپ، بىزگە خۇشامەت قىلىپ باردى - كەلدى قىلىشىدىغان. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەن سېنىڭ ئاتاڭ بىلەن قۇرداش، ئەمدى ئۇ مېنىڭ بېشىمغا چىقىۋېلىپ، مەن بىر بوغۇن تۆۋەن ئادەم بولۇپ قالدىم. بۇنداق قېيىنبويانلىقنى قىلمىسام بوپتىكەن، ئۇ چاغدا مەنمۇ خەقلەرنىڭ كۆزىگە پۇل - ئابرۇيى بارلارغا خۇشامەت قىلغۇچى بولۇپ كۆرۈنمەس ئىدىم.»

يىڭچۈن سۆزلەۋېتىپ، ھۆر - ھۆر يىغلايتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن تارتىپ ھەمشىرىلەرگىچە ھەممەيلەن تەڭ كۆز يېشى قىلىشتى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ گەپ قىلىپ قويدى:

— غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمگە ئۇچراپ قاپسەن، بۇنىڭغا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەيتتى ئۇ، — ئۆز ۋاقتىدا كىچىك ئاتاڭمۇ بۇ تويىنى قىلماسلىققا ئۇلۇغ بېگىمنى دەۋەت قىلغان. بىراق، ئۇلۇغ بېگىم گەپكە قۇلاق سالماي، دېگىنىدە چىڭ تۇرۇپ رازىلىق بىلدۈرگەن. مانا ئەمدى ئاقىۋىتى ياخشى بولمىدى. قىزىم، بۇمۇ سېنىڭ پېشانەڭنىڭ تەتۈرلۈكى.

— مەن بۇنداق شور پېشانە بولۇپ قېلىشىمغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى يىڭچۈن يىغلاپ تۇرۇپ، — ئانامدىن كىچىك قالغانىدىم، بەختىمگە سىلى خان ئاچامنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، بىرنەچچە يىل خاتىرجەم ئۆتتۇم، ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالدىم!

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەسەللى بەرگەچ، ئۇنىڭدىن نەدە ئارام ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى سورىدى.

— ھەمشىرىلىرىمدىن تېخى يېقىندىلا ئايرىلغان بولساممۇ، ئۇلارنى ئۇخلىسام چۈشۈمدىمۇ سېغىنىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇجرامنىمۇ ياد ئېتىپ تۇرىمەن. باغدا تۇراي، تۆت - بەش كۈن تۇرۇۋالسام ئۆلسەممۇ رازى. يەنە بىر قېتىم كېلىپ ئۇ يەردە تۇرۇش ماڭا نېسىپ بولامدۇ، بولمامدۇ، تەڭرى ئۆزى بىلىدۇ! —

www.uyghurkitap.com

دېدى يىڭچۈن.

— ئۇنداق كەلسە ــ كەلمەس گەپنى قىلما! — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەرھال ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، — ياش ئەر ــ خوتۇنلارنىڭ غاز ــ غۇز بولۇپ قېلىشى ھەممە ئادەمدە بار ئىش. نېمىشقا بۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلىسەن؟ — ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىشىلەرنى دەررۇ بېرىپ بىنەپشە پىچىمزارلىقتىكى ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇشقا، ھەمشىرىلەرنى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ را ئېيتىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن باۋيۈيگە:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا بۇ ھەقتە بىر ئېغىز تىنغۇچى بولما. ئەگەر ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، سېنىڭدىن كۆرىمەن، — دەپ تاپىلىدى.

باۋيۈي بۇيرۇققا بويسۇنماي بولمىدى.

يىڭچۈن بۇرۇنقى ھويلىسىغا كېلىپ ئارام ئالدى. ھەمشىرىلەر، دېدەكلەر ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا كۆيۈنۈپ مۇئامىلە قىلىشتى. ئۇ بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، شىڭ ئاغىچا خېنىم تەرەپكە ئۆتمەكچى بولدى، ئاۋۋال جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن، ئاندىن ھەمشىرىلىرى بىلەن خوشلاشتى، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئايرىلغۇسى كەلمەي كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شۆ ھامما قاتارلىقلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بەرگەندىن كېيىنلا ئۇ يىغىدىن توختاپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، سۈن ئائىلىسىدىن ئۇنى ئەكەتكىلى ئادەم كەلدى. يىڭچۈننىڭ كەتكۈسى يوق بولسىمۇ، سۈن شاۋزۇنىڭ ئۇساللىقىدىن ئىلاجسىز ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋېلىپ خوشلاشتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ئەزەلدىن ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى، ئەر ــ خوتۇن ئىككىسى ئىناق ئۆتۈۋاتامدۇ، ئۆي ئىشلىرىدا نېمە مۈشكۈلچىلىكلىرى بار، بۇنى سوراپمۇ قويمىدى، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئاندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# سەكسەن بىرىنچى باب

## تۆت ساھىبجامالنىڭ تەلەي سىناپ بېلىق تۇتۇپ ئوينىغانلىقى ئاتىسىنىڭ قاتتىق تەنبىھى بىلەن باۋيۈيىنىڭ مەكتەپكە قايتا بارغانلىقى

شۇنىڭ بىلەن يىڭچۈن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، شىڭ ئاغىچا خېنىم گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىۋەردى، ئەمما ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىڭچۈننى ئۆز قولى بىلەن تەربىيەلىگەن بولغاچقا، كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدا ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇراتتى، باۋيۈي ئۇنىڭغا سالام بەرگىلى كىرىپ كەلدى. ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىدىكى ياش يۇقىنى كۆرۈپ، ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي بىر چەتتە ئۆرە تۇردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغاندىلا، ئاندىن كاڭغا كېلىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گەپ قىلايمۇ، قىلمايمۇ دېگەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرغان ئەپتىنى كۆرۈپ:

— يەنە نېمىگە بۇنداق ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى.

— ھېچنېمىگە، — دېدى باۋيۈي، — تۈنۈگۈن ئىككىنچى ئاچامنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، راستلا چىدىيالماي قالدىم. چوڭ ئانامغا بۇ ھەقتە بىرنېمە دېمىگەن بولسامму، لېكىن ئىككى كېچە بولدى، زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. ئىككىنچى ئاچام بوشاڭ قىز ئىدى، ئەزەلدىن بىركىم بىلەن تاكاللىشىشنى بىلمەيتتى، ئەمدى بېرىپ ئاياللارنىڭ دەردىگە يەتمەيدىغان ئاشۇنداق ۋىجدانسىز بىرنېمىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى! — باۋيۈي شۇ

گەپلەرنى قىلىۋېتىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— بۇنىڭغا چارە يوق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — كونىلاردا: «ياتلىق قىلىنغان قىز يەرگە سېپىلگەن سۇ» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟

— ئاخشام ئويلىنىپ بىر ئامال تاپتىم: بىز بۇ ئىشنى چوڭ ئانامغا دەپ، ئىككىنچى ئاچامنى قايتۇرۇپ كېلەيلى، ئۇ يەنە بىنەپشىزارلىقتا تۇرسۇن. ئاچا ـ سىڭىل، بىر تۇغقانلار بۇرۇنقىدەكلا بىللە يەپ ـ ئىچىپ، بىللە ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسەك، ئىككىنچى ئاچام سۇن دېگەن ئۇ هارامزادىنىڭ خاپىلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ئۇ ئاچامنى ئالغىلى كەلسە هەرگىز ئەۋەتمەيمىز، يۈز قېتىم كەلسە يۈز قېتىم قايتۇرۇۋېتىمىز. بۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپى دېسەكلا بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلساق بۇنىڭ نەرى يامان؟ — دېدى باۋيۈي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ هەم كۈلگۈسى كەلدى، هەم ئاچچىقى كەلدى.

— يەنە تەلۋىلىكىڭ تۇتۇپ قاپتۇ سېنىڭ! نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ، — قىز بالا دېگەن هامان ياتلىق بولىدۇ. ياتلىق قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالامتى؟ ئۆزىنىڭ پېشانىسىدىن كۆرسە بولىدۇ، ئوبدانغا ئۇچرىسا، ئوبدان بولغىنى، يامانغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا ئامال يوق. خەقلەرنىڭ قىز بالا «ئىتقا تەگسە ئىتنىڭ قۇلى، پىتقا تەگسە پىتنىڭ» دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ هەممە قىزلارغا چوڭ ئاچاڭدەك خانىش بولۇش چۈشۈپ قاپتۇمۇ؟ ئوتتۇرانچى ئاچاڭ دېگەن يېڭى كېلىن، سۇن قېيىنئاغاڭمۇ تېخى ياش. هەركىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا مىجەزى بولىدۇ. يېڭى ئۆي تۇتقاندا ماي تارتىشىپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بىرنەچچە يىل ئۆتسە، بىر ـ بىرىنىڭ مىجەزىنى چۈشىنىپ، پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قېلىشىدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئالدىدا بۇ هەقتە بىر ئېغىز

تىنغۇچى بولما. ئەگەر ئۇقۇپ قالغۇدەك بولسام سىنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. ئەمدى بۇ يەردە ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈپ ئولتۇرماي، بىرىپ ئىشىڭنى قىل!

باۋيۇي بۇ گەپ بىلەن غىدىق - پىدىق قىلالماي، بىردەم ئولتۇرۇپ بىقىپ، ئاندىن سۇلىشىپ يىنىپ چىقتى. بۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي، باغقا كىرىپ، ئۇدۇل بامبۇكزار سارايغا ماڭدى ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى.

دەييۇي يىڭىلا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولغانىدى، باۋيۇينىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— نىمە بولدىڭىز؟ كىم بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ يىنىشلاپ.

باۋيۇي جوزىغا ئىگىشكىنىچە بىشىنى ئىچىگە تىقىۋىلىپ، بۇقۇلداپ يىغلاۋىرىپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. دەييۇي ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە ئۇنىڭغا تىكىرقاپ قاراپ قالدى. بىر دەمدىن كىيىن ئۇ يەنە:

— سىزنى بىر كىم خاپا قىلىپ قويدىمۇ ياكى مەن رەنجىتىپ قويدۇممۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ياق! — دىدى باۋيۇي قولىنى چايقاپ.

— ئەمىسە، نىمىدەپ كۆڭلىڭىزنى بۇنچىلا يىرىم قىلىسىز؟ — دىدى دەييۇي.

— ئويلاپ كۆرسەم، ھەممىمىز قانچە بالدۇر ئۆلۈپ كەتسەك شۇنچە ياخشى ئىكەن، بۇ دۇنيادا ياشىغاننىڭ ھىچبىر مەنىسى يوق ئىكەن، — دىدى باۋيۇي.

دەييۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىخىمۇ چۆچۈدى:

— بۇ قانداق گەپ؟ راستىلا ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نىمە؟

— ساراڭ بولغىنىم يوق، — دىدى باۋيۇي، — بۇنى سىزگە ئىيتىپ بەرسەم، سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىز يىرىم بولماي قالمايدۇ. ئالدىنقى كۈنى ئوتتۇرانچى ئاچامنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن چاغدىكى

تۇرقىنى، قىلغان گەپلىرىنى سىزمۇ كۆردىڭىز ھەم ئاڭلىدىڭىز. شۇنىڭدىن كېيىن، ئادەم چوڭ بولغاندا نېمىشقا ياتلىق قىلىنىدىغاندۇ، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، ياتلىق قىلىنىسا خەقتىن ئاشۇنداق ئازاب تارتىدىكەن. ئېسىڭىزدىمۇ، دەسلەپتە بىز يەسسەمەن مۇشائىرە جەمئىيىتىنى قۇرغان چېغىمىزدا ھەممىمىز شېئىر يېزىپ، ساھىبخانا بولۇپ، كۈنلەرنى نېمىدېگەن قىزىق ئۆتكۈزگەنىدۇق! ئەمدى، باۋچەي ئاچام ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىۋالدى، ھەتتا شياڭلىڭمۇ بۇ يەرگە كىرمەيدىغان بولدى، ئوتتۇرانچى ئاچام ياتلىق قىلىنىپ كەتتى. كۆڭلى - كۆكسىمىزدىكىنى چۈشىنىدىغان بىرنەچچىمىز بىر يەردە بولالماي مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق! مەن چوڭ ئانامغا ئېيتىپ ئوتتۇرانچى ئاچامنى قايتۇرۇپ كەلسەك دەپ ئويلىۋىدىم، كىم بىلسۇن، ئانام ئۇنىڭغا ئۇنىماي، مېنى ئەخمەق، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈمە، دەپ جىملىدى. مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلالمىدىم. قارىڭا، ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا باغدا ئەھۋال كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى. يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتسە نېمە بولۇپ كېتەركىنتاڭ! بۇنى ئويلىغانسېرى ئادەمنىڭ شۇنچە ئىچى ئېچىشىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دەييۈينىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا شوخشۇپ كاڭغا باردى - دە، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي ئاھ ئۇرۇپ، ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى.

چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن زىجۈەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىچى تىتىلداپ تۇراتتى، شىرېن كىرىپ كەلدى ۋە باۋيۈينى كۆرۈپلا:

— غوجام بۇ يەردە ئىكەنغۇ؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چاقىرتىپتۇ. مەنمۇ سىزنى مۇشۇ يەردىمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم، — دېدى.

دەييۈي شىرېننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن ئارانلا قوپۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دەييۈينىڭ كۆزلىرى يىغىدىن

قىزىرىپ كەتكەنىدى. باۋيۇي ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

— سىڭلىم، بايىقى دېگەنلىرىم ئەخمەقلەرچە گەپ، سىزمۇ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مېنىڭ گېپىم يادىڭىزغا كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۆز سالامەتلىكىڭىزنى ئاسرىغىنىڭىز تۈزۈك. ئارام ئېلىڭ، چوڭ ئانام چاقىرتىپتۇ، بېرىپ كېلەي، — دېدى ـ دە، تالاغا قاراپ ماڭدى.

شىرېن دەييۇيدىن ئاستاغىنا:

— ئىككىڭلارغا يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىۋىدى، دەييۇي:

— ھېچنېمە بولمىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى ئاچىسىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قاپتۇ، مېنىڭ بايا كۆزۈم قىچىشىۋىدى، ئۇۋۇلىسام قىزىرىپ كەتتى، — دەپ قويدى.

شىرېن باشقا گەپ قىلماي ئالدىراپ باۋيۇينىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. تالاغا چىققاندا ئىككىسى ئىككى ياققا ماڭدى. باۋيۇي جيا ئانىنىڭكىگە كەلگەندە، جيا ئانا چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارامبەخش ھويلىغا يېنىپ كەلدى.

چۈشتىن كېيىن باۋيۇي چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، بەكمۇ زېرىككىنىدىن قولىغا چىققان بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇدى. شىرېن باۋيۇينىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چاي دەملەپ كىرىشكە چىقىپ كەتتى. كىم بىلسۇن، باۋيۇي قولىغا ئالغان كىتاب قەدىمكى غەزەلنامىلەر ئىكەن، كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ، ساۋ مېڭدېنىڭ: «مەي ـ غەزەل ئالدىدا تۇرمۇش ئەرزىمەس ھېچ نەرسىگە» دېگەن بىر مىسرا شېئىرىغا كۆزى چۈشۈپ، يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى قويۇپ يەنە بىر كىتابنى ئېلىپ قارىۋىدى، بۇ جىن زامانىسىدىكى ئەسەرلەردىن ئىكەن، باۋيۇي ۋاراقلاپ بېقىپ، بىردىنلا كىتابنى يېپىپ ـ دە، ئىڭەكىنى يۆلەپ خىيالغا كەتكىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. چاي قۇيۇپ كىرگەن شىرېن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

— يەنە نېمىدەپ ئوقۇمايسىز؟ — دېدى باۋىيوۋى ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمەي، چاينى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر ئوتلام ئىچىپ قويۇپ قويدى. شىرىن نېمە بولغانلىقىنى دەمال ئاڭقىرالماي، بىر چەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. باۋىيوۋى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كېتىپ: «خوي بوشاندى بويى ـ بەدەن ئىلكىدىن» دەپ گۇدۇڭلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىرىننىڭ كۈلگۈسى كەلدى. لېكىن، سوراپ بېقىشقا پېتىنالماي، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— بۇ كىتابلارنى ئوقۇغىڭىز كەلمىسە باغقا كىرىپ ئايلىنىپ چىقىڭ، ئىچىڭىز پۇشۇپ ئولتۇرغاندىن ياخشى، — دېدى. باۋىيوۋى «هە» دەپ قويۇپلا، خىيال سۈرگىنىچە تالاغا ماڭدى. بىر دەمدىلا ئەتراپىشان شىپىڭغا كېلىپ قالدى، ئۇ يەر چۆلدەرەپ قالغانىدى، ئۆيلەر بوش تۇراتتى. ئاندىن ئاسارۇنزار هويلىغا كىرىۋېدى، ئۇ يەردىكى خۇشبۇي گۈل ـ چېچەكلەر بۇرۇنقىدەك تۇرۇپتۇ، ئەمما ئىشىك ـ دېرىزىلەر تاقاق. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ نىلۇپەر سەيناسىغا كەلدى، بىرنەچچەيلەننىڭ چاكاندىلىق قاينام بويىدىكى شادىلارغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى، بىرنەچچە چۆرە قىزنىڭ يەردە زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ بىرنەرسە ئىزدەۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆردى. باۋىيوۋى شىپ ـ شىپ دەسسەپ سۈنئىي تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

— سۇنىڭ يۈزىگە چىقامدۇ، چىقمامدۇ قاراپ تۇرايلى، — دېدى ئۇلاردىن بىرسى. بۇ لى ۋېننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— ئەنە! چۆكۈپ كەتتى. دېسەم ـ دېمىسەم ئەمدى چىقمايدۇ، — بۇ تەنچۈننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بولدى. ئاچا، قىمىرلىماڭ، كۈتۈپ باقايلى، بەربىر چىقماي قالمايدۇ.

— چىقتى.

بۇ لى چى بىلەن شىڭ شيۈيەننىڭ ئاۋازى ئىدى.

باۋيوي چىداپ تۇرالماي، پاخشە خىشنى ئېلىپ سۇغا ئاتتى، «پولتۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇ تۆتى چۆچۈپ كەتتى.

— بىز بىلەن چېقىشىۋاتقان كىمدۇ ئۇ؟ ئەجەبمۇ چۆچۈتۈۋەتتا! — دېيىشتى ئۇلار ھەيران بولۇپ.

باۋيوي ھىجايغان پېتى سۇنئىي تاغنىڭ كەينىدىن چىقىپ:

— قالتىس ئوينىۋېتىپسىلەرغۇ! نېمىشقا مېنى چاقىرىۋالمىدىڭلار؟ — دېدى.

— مەن باشقا ئادەم مۇنداق قىلمايدۇ، جەزمەن ئوتتۇرانچى ئاكام مۇشۇنداق كەپسىزلىك قىلىدۇ، دەپ بىلگەنىدىم، — دېدى تەنچۈن، — باشقا گەپنى قويۇپ، ياخشىلىقچە بىزنىڭ بېلىقىمىزنى تۆلەپ بەر! بىر بېلىق قارماققا ئەمدىلا ئىلىناي دەپ تۇراتتى، سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ.

— بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلگەندە مېنى چاقىرىۋالمىغىنىڭلار ئۈچۈن، مەن تېخى سىلەرگە جەرىمانە سالسام بولىدۇ، — دېدى باۋيوي كۈلۈپ.

كۆپچىلىك بىردەم كۈلۈشتى.

— بۈگۈن بېلىق تۇتۇپ كىمنىڭ تەلىيى بارلىقىنى سىناپ باقايلى — دېدى باۋيوي كۈلۈپ، — كىم تۇتالىسا، بۇ يىل شۇ تەلەيلىك، تۇتالمىسا، تەلەيسىز بولسۇن، قېنى، كىم ئاۋۋال قارماق تاشلايدۇ؟

تەنچۈن لى ۋېننى ئاۋۋال تاشلىسۇن، دېۋىدى، لى ۋېن ئۇنىمىدى.

— ئەمىسە، ئاۋۋال مەن تاشلاي، — دەپ تەنچۈن كۈلدى، ئاندىن باۋيويگە قاراپ شۇنداق دېدى، — ئاكا، ئەگەر بېلىقىمنى يەنە قوغلىۋېتىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭغا مەن ئۇنىمايمەن جۇمۇ.

— بايا مەن سىلەرنى قورقۇتۇپ ئويناش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان، ئەمدى خاتىرجەم تۇتىۋەرگىن، — دېدى باۋيوي.

تەنچۈن مەشۇت يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن قارماقنى سۇغا تاشلىدى، ھايال بولمايلا سۆگەت ياپرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان لەيلىگۈچ

بېلىقتىن بىرسى كېلىپ قارماقنى چىشلەپلا يەمچۈكنى سۇنىڭ تېگىگە تارتتى. تەنچۈن قارماقنى شارتتىلا تارتىۋېلىپ يەرگە ئىرغىتىۋىدى، بېلىق پىلتىڭلاپ سەكرەپ كەتتى. سىشۇ بېلىقنى قاماللاپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە تۇتۇپ، سۈزۈك سۇ قۇيۇلغان چىنە كومزەككە سېلىپ قويدى. تەنچۈن خادىنى لى ۋېنغا بەردى. لى ۋېن قارماقنى سۇغا تاشلىدى، بىر چاغدا يىپ مىدىرلىغاندەك قىلىۋىدى، ئىتتىك تارتتى، قارىسا، قارماقتا ھېچنېمە يوق. يەنە تاشلىدى. خېلىدىن كېيىن يىپ يەنە قىمىرلىۋىدى، تارتسا يەنە ھېچنېمە يوق. لى ۋېن قارماقنى ئېلىپ قارىسا، قارماق ئىچىگە ئېگىلىپ قاپتۇ. لى ۋېن كۈلۈپ قويۇپ:

— ھە شۇڭا بېلىق ئىلىنماپتىكەن ـ دە ! — دەپلا، سۈيۈننى قارماقنى ئوڭشاپ، باشقىدىن سازاڭ ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇدى، ئاندىن قارماقنىڭ ئۈستىگە قومۇش يوپۇرمىقى بېكىتىپ يەنە تاشلىدى. بىردەم ئۆتۈپ، قومۇش يوپۇرمىقى سۇغا چۆكۈشكە باشلىۋىدى، لى ۋېن قارماقنى ئىتتىك تارتتى، بۇ قېتىم يېرىم غېرىچ كېلىدىغان تاپان بېلىقى ئىلىنىپ چىقىپتۇ.

— باۋيۈي ئاكا، ئەمدى سىز تاشلاڭ، — دېدى لى ۋېن كۈلۈپ.

— ئۈچىنچى سىڭلىم بىلەن شيۈيەن سىڭلىم تاشلاپ بولغاندىن كېيىن مەن تاشلايمەن، — دېدى باۋيۈي.

شيۈيەن گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— باۋيۈي ئاكا، ئاۋۋال سىز تاشلاڭ، — لى چى شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، سۇنىڭ ئۈستىدە كۆپۈك پەيدا بولدى.

— بولدى، تۇزۇت قىلىشىۋەرمەڭلار، — دېدى تەنچۈن، — قاراڭلار، بېلىقلار ئۈچىنچى سىڭلىمىز تەرەپكە ماڭدى، ئەمدى شۇ تاشلىسۇن.

لى چى كۈلگەن پېتى خادىنى ئېلىپ قارماقنى سۇغا تاشلىۋىدى، دېگەندەك ئۇنىڭ قارمىقىغا بېلىق ئىلىندى. ئاندىن شيۈيەن تاشلاپ، ئۇمۇ بىرنى تۇتتى. خادا ئايلىنىپ يەنە



uyghurkitap.com

تەنچۇننىڭ قولىغا كەلگەندە، تەنچۇن ئۇنى باۋيۇيگە سۇندى.
باۋيۇي:
— مەن جياڭ تەيگۇڭ① پەدىسىدە بېلىق تۇتىمەن، — دەپ قويۇپ، تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كۆلنىڭ بويىدىلا ئولتۇردى ـ دە، قارماقنى تاشلىدى. لېكىن، كۆلدىكى بېلىقلار ئادەمنىڭ سايىسىنى كۆرۈپلا، باشقا ياققا قېچىپ كېتىشكەندى. باۋيۇي قارماق خادىسىنى قىمىرلىتىپ خېلى ئولتۇردى، يىپ قىمىرلاپ قويايمۇ دېمەيتتى. بىر بېلىق كۆلنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ تۇراتتى، باۋيۇي خادىنى ئىرغىتىپ ئۇنىمۇ قاچۇرۇۋەتتى.
— مەن بەكمۇ ئالدىراڭغۇ، ئەكسىچە بېلىق ئېزىلەڭگۇ ئىكەن، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى جىلە بولغان باۋيۇي، — بېلىقجان، چاپسان كەل ! مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزگىن.
ئۇنىڭ گېپىگە تۆتەيلەن كۈلۈپ كەتتى، گېپىنىڭ تۈگىشىگە قارماقنىڭ خادىسى سەل ـ پەل مىدىرلىغاندەك قىلىپ قالدى، باۋيۇي خۇشال بولۇپ كېتىپ، قارماق خادىنى بار كۈچى بىلەن شارتلا كۆتۈرۈۋىدى، خادا تاشقا تېگىپ كېتىپ ئىككى بۆلەك بولۇپ كەتتى، يىپمۇ ئۈزۈلدى، قارماق نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۆتەيلەن تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشتى.
— سېنىڭدەك بۇنداق ھولۇلۇپنى كۆرمەپتىكەنمىز، — دېدى تەنچۇن. ئاشۇ گەپ ئۈستىگە شيېۆ ئالدىراپ ـ سالدىراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ:
— غوجام، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئويغاندى، سىلىنى چاپسان كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ بەشى چۆچۈپ كەتتى.
— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باۋيۇينى نېمە ئىشقا چاقىرتىپتۇ؟ —

① جياڭ تەيگۇڭ — جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جياڭ تەيگۇڭ ۋېنشۇي دەرياسى بويىدا يەمچۈكسىز قارماقنى سۇنىڭ يۈزىدىن بىر گەز ئېگىز تۇتۇپ: «جېنىدىن تويغانلار قارماققا ئىلىنىڭلار» دەپ ئولتۇرغانىكەن.

دەپ سورىدى تەنچۈن شېيۈدىن.

— مەنمۇ ئۇقمىدىم، — دېدى شېيۈ — ئاڭلىشىمچە، يەنە بىر چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، باۋيۈي غوجامدىن سوراپ باقىدىغان بىر ئىش بولسا كېرەك. ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىمۇ چاقىرتىپ كېلىپ سورايدىكەن، دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باۋيۈي تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى:

— دېدەكتىن يەنە بىرسى ۋاباغا يولۇقۇپتۇ - دە، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئىش بولدىكىن، باۋيۈي ئاكا، چاپسان بارغىن. خەۋەر بەرگۈدەك ئىش بولسا، ئاۋۋال بىزگە شېيۈدىن ئۇچۇرىنى بىرىۋېتەرسەن، — تەنچۈن شۇنداق دەپلا لى ۋېن، لى چى، شيۈيەنلەر بىلەن بىللە كەتتى.

باۋيۈي جيا ئاننىڭ ھۇجرىسىغا كەلدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىغا قارتا ئوينىشىپ بېرىۋاتاتتى، بىر ئىش بولغاندەك قىلمايتتى، بۇنى كۆرۈپ باۋيۈينىڭ يۈرىكى خېلى ئورنىغا چۈشتى. جيا ئانا ئۇنى كۆرۈپ:

— ئۆلۈش يىلى ھېلىقى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىڭدا، تەلپىنگگە بىر تاز راھىب بىلەن بىر ئاقساق دەرۋىش كېلىپ قېلىپ ساقايتىپ قويغان ئەمەسمىدى. شۇ قېتىمقى كېسەلدە ساڭا قانداق تۇيۇلغان؟ — دەپ سورىدى.

باۋيۈي بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، جاۋاب بەردى:

— ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا بىر ئوبدانلا ئۆرە تۇراتتىم، ئۇشتۇمتۇت ئارقامدىن بىر كىم كېلىپ بېشىمغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بولدى، ئاغرىق ئازابىدىن كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، ئۆينىڭ ئىچى قىلىچ بىلەن كالتەك تۇتقان بەتبەشىرە ئالۋاستىلار بىلەن تولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى. كاڭدا ياتقىنىمدا، بېشىم بىرنەچچە چەمبەردە قىسىلغاندەك شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، كېيىن خۇدۇمنى بىلمەيلا قالدىم.

ساقايغاندا ئەسلەپ باقسام، دالاندىن ئالتۇن نۇر چاقناپ ئۇدۇل مېنىڭ كارىۋىتىمغا چۈشۈۋىدى، ھېلىقى ئالۋاستىلار قىچقىرىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى، بېشىممۇ ئاغرىمايدىغان بولدى، كۆڭلۈممۇ يورۇپ كەتتى.

— بۇ تۇرقىدا توغرا چىقىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى جىيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا.

شۇ ئارىلىقتا فېڭجيېمۇ كىرىپ ئاۋۋال جىيا ئانىغا، ئاندىن بۇرىلىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سالام بەردى.

— بۇزرۇكۋار ئانىمىز مېنىڭدىن نېمىنى سورايلىكىن؟ — دېدى ئۇ.

— ئۇلۇش يىلى ساڭا شامال دارىپ كەتكەن چاغدىكى ھالىتىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— تازا ئېسىمدە يوق، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بىراق، ئۆزۈمنى باشقۇرالمايلا قالغاندىم، خۇددى بىركىم مېنى تارتقۇشلاۋاتقاندەك، ئادەم ئۆلتۈرسەم تىنىم تاپىدىغاندەك بولۇپ كەتكەن، شۇڭا ئالدىمغا نېمە ئۇچرىسا، شۇنى ئالدىم، نېمە ئۇچرىسا، شۇنى چاپتىم، ھېرىپ ھالىمدىن كەتسەممۇ زادىلا تىنىم تاپقۇم كەلمىدى.

— ساقايغان چېغىڭدىچۇ؟ — دېدى جىيا ئانا.

— ساقايغىنىمدا خۇددى ئاسماندىن بىر كىم گەپ قىلغاندەك بولدى، بىراق نېمە دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق، — دېدى فېڭجيې.

— قارىغاندا، بۇ ئاشۇنىڭ ئىشى ئىكەن، — دېدى جىيا ئانا، — ئاچا - ئىنى ئىككىسىنىڭ كېسەل تەگكەن چاغدىكى ھالىتى بىلەن بايا دېيىلگەن گەپ ئوخشاش چىقتى. بۇ قېرى دۆيۈزنىڭ نېمىدېگەن نىيىتى يامان - ھە! باۋيۈي ئۇنى بىكارلا ئۆزىگە ئاتاق ئانا قىپتىكەن! خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى راھىب بىلەن دەرۋىش كېلىپ قېلىپ باۋيۈيىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇغىنىسى ئۇنى ياخشى رازى قىلالمىدۇق - دە.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، نېمىدەپ بىزنىڭ ئۇ كېسىلىمىزنى

www.uyghurkitap.com

ئەسلەپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— بۇنى قېيىنئاناڭدىن سورا، ماڭا ھازىر گەپمۇ خۇشياقمايدۇ، — دېدى جيا ئانا.

— بابا ئۇلۇغ بېگىم كىرىپ باۋيۇيىنىڭ ئاتاق ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى، ئۇ ئىپلاس دەللە جادۇگەر ئىكەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئەمدى چاتىقى چىقىپ، تۇرقاۋۇللۇق مەھكىمىسىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئەدلىيە دېۋانىنىڭ زىندىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىغۇدەك. بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىركىم ئەرز قىپتۇ، ئۇ ئەرز قىلغۇچىنىڭ ئىسمىنى پەن سەنباۋ دەيدىكەن. ئۇ ئادەم بىر ئېغىز ئۆيىنى ئۇدۇلىدىكى گۆرۈخانىغا ساتماقچى بوپتىكەن، گۆرۈكەش ئۆيىنىڭ باھاسىدىن بىرنەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ پۇل بەرمەكچى بولىسىمۇ، پەن سەنباۋ ئۇنىڭغا ئۇنىماي، يەنە باھا قوشۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ، بۇنىڭغا گۆرۈكەش قانداق ئۇنىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن پەن سەنباۋ بۇ جادۇگەر دەللىنى سېتىۋاپتۇ، بۇ جادۇگەر گۆرۈخانىغا پات - پات بېرىپ تۇرىدىكەن، گۆرۈكەشنىڭ خوتۇنىغا ئوقۇپتىكەن، ئۇ خوتۇنغا شامال دارىپ، ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ مالىمان قىپتۇ. ئارقىدىن ئۇ يەنە، بۇ كېسەلنى مەن داۋالايمەن، دەپ قەغەز ئات، قەغەز پۇللارنى كۆيدۈرۈپتىكەن، دېگەندەك ئۇ خوتۇن شىپالىق تېپىپتۇ، بۇنىڭ ھەققىگە ئۇ دەللە يەنە گۆرۈكەشنىڭ خوتۇنىدىن ئون نەچچە سەر كۈمۈش ئاپتۇ. بۇددا ئىگەمنىڭ كۆزى بار تۇرسا، بۇنداق ئىش ئەلۋەتتە ئاشكارا بولىدۇ - دە. ھېلىقى دەللە شۇ كۈنى قايتماقچى بولۇپ، ئالدىراشچىلىقتا ياغلىقتا ئوراقلىق بىرنەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىپتۇ. گۆرۈكەش تېپىۋېلىپ ئېچىپ قارىسا، ياغلىقنىڭ ئىچىدە شۇنداق نۇرغۇن قەغەز ئادەم، يەنە تۆت كۈمىلاچ ئۆتكۈر پۇراقلىق دورا بىھوش تۇرغۇدەك. بۇ نەرسىلەرگە قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا ھېلىقى دەللە ياغلىقنى ئالغىلى كەپتۇ. بۇ يەردىكىلەر ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. يېنىنى

ئاختۇرسا، بىر قۇتا چىقىپتۇ، قۇتىنىڭ ئىچىدە پىل چىشىدىن ياسالغان بىر جۈپ ئەر ـ ئايال، قىپيالىڭاچ ئىككى يالماۋۇز، يەنە يەتتە دانە قىزىل كەشتە يىڭنىسى چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ زامان ئۇنى تۇرقاۋۇللۇق مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە سوراق قىپتىكەن. نۇرغۇن مەنسەپدار، چوڭ خانىداندىكى ئاغىچا خېنىم، خان قىزلارنىڭ سىرلىق ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، بۇ ئىشنى ساقچى كۇرەسىگە ئۇقتۇرۇپ قويغانىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ بىرمۇنچە شۇملۇق تەگرى قورچاقلىرى، بىرنەچچە قۇتا دورا بىھوش تېپىشىپتۇ. كاڭنىڭ كەينىدىكى بوش قازناقتا «يەتتە تىكەن يۇلتۇز» چىرىغى ئېسىقلىق ئىكەن، چىراغنىڭ ئاستىدا بىرقانچە قارانچۇق بار ئىكەن، بەزىسىنىڭ بېشىغا چەمبەر كىيدۇرۇپ قويۇلغان، بەزىسىنىڭ مەيدىسىگە مىخ تىقىپ قويۇلغان، بەزىسىنىڭ بوينىغا قولۇپ سېلىپ قويۇلغانىكەن. ساندۇقىدىن سان ـ ساناقسىز قەغەز ئادەم چىقىپتۇ. ساندۇقنىڭ تېگىدىن يەنە نەچچە پارچە ھېسابات دەپتىرى تېپىلىپتۇ، ئۇنىڭغا قايسى ئائىلە نېمىنى ۋەدە قىلغانلىقى، ئۇنىڭدىن قانچىلىك پۇل ئېلىش كېرەكلىكى پۈتۈپ قويۇلغانىكەن، خەقلەردىن ئالغان چىراغ ـ كۈجە ھەققىنىڭ سانى يوق ئىكەن.

— بىزگە ئۇ كېسەلنى جەزمەن شۇ چاپلاشتۇرۇپتۇ، — دېدى فېڭجيې، — ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇ ئېزىتقۇ دەججال بىرنەچچە نۆۋەت جاۋ كىچىك ئاپىنىڭكىگە پۇل سوراپ كەلگەنىدى، شۇ چاغلاردا مېنى كۆرسە چىرايى بوزىرىپ، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتەتتى. مەن ئۇنى نېمىشقا شۇنداق بولىدىغاندۇ دەپ خېلى ئويلاپمۇ سەۋەبىنى تاپالمىغان. بۇگۇنكى گەپلەردىن قارىغاندا، بايا ئۇنىڭدا گەپ بار ئىكەن. مەنغۇ بۇ يەردە غوجىدار بولغانلىقىم ئۈچۈن خەقلەرنى ئۆزۈمگە ئۆچ قىلىپ قويسامىمۇ قويغاندىمەن، شۇ سەۋەبتىن باشقىلار مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرمەكچى بولغاندۇ. بىراق، باۋيۈينىڭ

كىم بىلەن ئاداۋىتى بولاتتى؟ ئۇنىڭغا شۇنداقمۇ باغرى قاتتىقلىق بىلەن قەست قىلامدۇ!

— دېمەك، مەن باۋۇيغە كۆيۈنۈپ، جيا خۇەنگە كۆيۈنمىگىنىم ئۇچۇن سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان ـ دە، — دېدى جيا ئانا.

— هازىر بۇ دەللە سولاقتا بولغاچقا، چاقىرتىپ كېلىپ يۈزلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. يۈزلەشتۈرمىسەك، جاۋ كىچىك خېنىم بويىنىغا ئالامدۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، داۋراڭ كۆتۈرگەن بىلەن سىرتتىكىلەر ئاڭلىسىمۇ سەت. ئۆزى تاپقان ئىشنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتىدۇ، بەربىر ئۆزىنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ.

— بۇ گەپنى توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى جيا ئانا، — بۇنداق ئىشتا يۈزلەشتۈرمەي تۇرۇپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. بۇددا بۇدساتىۋا ئىگەم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاچا ـ ئىنى ئىككىسىنىڭ هازىر كىمدىن قېلىشقۇچىلىكى بار؟ بولدى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى فېڭجېي سەنمۇ ئاغزىڭغا ئالما، بۇگۈن قېيىنئاناڭ ئىككىڭلار كەچلىك غىزانى مېنىڭكىدە يەڭلار.

جيا ئانا يۈەنياڭ بىلەن خۇپونى غىزا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

— بۇزرۇكۋار ئانىمىز نېمانچە بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيدىغانلا؟ — دېدى فېڭجېي ئىتتىكلا ھجىيىپ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ كۈلۈپ قويدى. سىرتتا بىر نەچچە خىزمەتكار ئايال غىزانىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇۋاتاتتى. فېڭجېي دەرھال چۆرە قىزنى:

— ئاغىچا خېنىم ئىككىيلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىللە غىزالىنىدىغان بولدۇق، — دەپ، غىزاغا بۇيرۇۋەتتى.

شۇ ئارىدا يۈيچۇەر كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا:

— ئۇلۇغ بېگىم بىر نەرسە ئىزدىمەكچىكەن، ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ غىزاسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ تېپىپ بەرسە دەيدۇ، — دېدى.

— سىز بېرىۋېرىڭ، — دېدى جيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا، —



www.uyghurkitap.com

بېگىنىزنىڭ مۇھىم بىر ئىشى باردۇ ھەرقاچان.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خوش دەپ، جيا ئانىنىڭ خىزمىتىگە
فىڭجيېنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن،
جيا جېڭ بىلەن بىردەم پاراڭ سېلىشتى، جيا جېڭنىڭ ئىزدىگەن
نەرسىسىنى تېپىپ بەردى.
— يىڭچۈن قايتىپ كەتتىمۇ؟ سۈن شاۋزۇ بىلەن قانداقىراق
ئۆتۈۋېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.
— يىڭچۈن قىز كۈيئوغلىمىز سۈن غوجامنى ئۆتۈپ كەتكەن
ئۆكتەم ئىكەن دەپ زار - زار يىغلايدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا
خېنىم، ئاندىن يىڭچۈننىڭ گەپلىرىنى بىر قۇر ئېيتىپ بەردى.
— دەسلەپتىلا مەن ئۇنى لايىق كۆرمىگەن. چوڭ بېگىم
پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ماڭىمۇ ئامال بولمىدى. ئەمدى
يىڭچۈن قىز بىر ئاز خورلۇق تارتىدىغان بوپتۇ - دە، — دېدى
جيا جېڭ چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ.
— ئۇ ھازىر يېڭىياچە كېلىن ئەمەسمۇ، كېيىن بارا - بارا
ياخشى بولۇشۇپ قالار، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. ئاندىن
«پىخ» قىلىپ كۈلدى.
— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.
— باۋيۈي بۈگۈن ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالايتەن مېنىڭ
قېشىمغا كېلىپ، خۇددى گۆدەك بالىدەك بەزى گەپلەرنى
قىلىۋېدى، شۇنىڭغا كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
— نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينىڭ گەپلىرىنى كۈلۈپ تۇرۇپ
ئېيتىپ بەردى.
ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، جيا جېڭمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ
كەتتى.
— باۋيۈينىڭ گېپىنى چىقىرىۋېدىڭ، بىر ئىش يادىمغا
كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ، — بۇ بالىنى كۈندە باغقا قويۇپ
بېرىشىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. قىز بالا دېگەن كارغا يارىمايدۇ،

بەرىبىر خەقنىڭ بالىسى. ئەمما، ئوغۇل بالا كارغا يارىماس ئادەم بولۇپ قالسا، بۇنى ئاددىي چاغلىغىلى بولمايدۇ. قايسى كۈنى بىرەيلەن ماڭا بىر موللامنى تونۇشتۇردى، بىلىمدە، پەزىلەتتە ناھايىتى يېتۈك ئادەم ئىكەن، ئۆزى جەنۇبلۇق ئوخشايدۇ. بىراق، جەنۇبنىڭ موللاملىرى بەكمۇ سىلىق - يۇمشاق كېلىدۇ. بىزنىڭ شەھەرنىڭ بالىلىرى دېگەن ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بالىلار - دە، ئەمما ئۇلاردا زېرەكلىكمۇ بار، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنىمۇ بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ چوڭ. موللام بولغان ئادەم ئۇلارنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتكۈسى كەلمەي، باۋۇچچە - غوجاملارنى ئەركىلەتكەندەك تۇتسا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆمرى زايە كېتىدىغان گەپ. شۇڭا، پېشۋالىرىمىز سىرتتىن موللام تەكلىپ قىلماي، ئۆز خاندانىمىزدىن ياشانغان ھەم ئانچە - مۇنچە مەلۇماتلىق بىرەيلەننى تاللاپ، خۇسۇسىي مەكتىپىمىزگە خەلپەت قىلاتتى. دەيرۇ مويسىپىت ئاتىمىزنىڭ مەلۇماتى ئوتتۇراھال بولسىمۇ، ھەرھالدا بۇ بالىلارنى تۇتۇشنى بىلىدۇ، بىغەرەزلىك قىلىپ بوپتىلا دەيدىغانلاردىن ئەمەس، باۋيۈينىڭ بۇنداق بىكار يۈرۈۋېرىشى ياخشى ئەمەس، ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك ئائىلىۋى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ تۇرسا بولارمىكىن.

— بېگىم، ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىلا، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۆزلىرى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن باشقا جايلارغا كەتكەنلىرىدىن بۇيان، باۋيۈي تولا كېسەل بولۇپ، بىرنەچچە يىللىق ئۆمرى بىكارغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى بولسىمۇ مەكتەپكە بېرىپ ساۋىقىنى تەكرارلىغىنى ياخشى.

جيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئىككىسى يەنە بىر دەم پاراڭ سېلىشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەتىسى ئەتىگەندە باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولۇپ تۇراتتى، مۇلازىم جيا جېڭنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى:

— بېگىم ئوتتۇرانچى غوجامنى چاقىرىۋاتىدۇ.

باۋيۇي ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، جيا جېڭنىڭ كۈتۈپخانىسىغا كەلدى، جيا جېڭغا سالام بېرىپ، بىر چەتتە ئۆرە تۇردى.

— يېقىنقى قانداق دەرسلەرنى تەكرارلاۋاتىسەن؟ — دېدى جيا جېڭ، — بىرنەچچە پارچە نەرسە يازغان بولساڭمۇ، ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر. يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىڭغا نەزەر سالغۇدەك بولسام، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن تېخىمۇ لاللىشىپ كېتىپسەن، كېسەلنى باھانە قىلىپ كىتاب ئوقۇماي يۈرۈۋاتقىنىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمدىغۇ ساقايغانسەن؟ يەنە ئاڭلىسام، ئەتىدىن كەچكىچە باغدا ئاچا - سىڭىللىرىڭ بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ، ھەتتا چۆرە قىزلار بىلەن پەلپەتىش ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋېتىپسەن، ئۆزۈڭ شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك توغرا ئىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەنسەن. بىرنەچچە مىسرا شېئىر يازالىغىنىڭ بىلەن، ئۇ يازغانلىرىڭمۇ ھېچقانچە ئەمەس، ئۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بولاتتى؟ ئىمتىھان ئېلىپ تاللاشتا بەرىبىر ماقالىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ ئىجتىھات قىلىپ باقمىدىڭ. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي: بۈگۈندىن باشلاپ شېئىر - بېيىت يازمايسەن، پەقەت سەككىز بۆلەكلىك ماقالە يېزىشنىلا مەشىق قىلىسەن. ساڭا بىر يىللىق مۇددەت بېرىمەن، ئەگەر شۇنىڭغىچە سېنىڭدە قىلچە ئىلگىرىلەش كۆرۈلمىسە، سەنمۇ ئوقۇمايلا قوي، ماڭمۇ سېنىڭدەك بالىنىڭ كېرىكى يوق، — ئاندىن ئۇ لى گۈيىنى چاقىرتىپ كىردى، — بېيىمىڭغا بېرىپ ئېيت ئەتە ئەتىگەندە باۋيۇينىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنى ئېلىپ باۋيۇي بىلەن قېشىمغا كەلسۇن، مەن كۆرۈپ باقىمەن، ئاندىن ئۇنى ئائىلىۋى مەكتەپكە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن، — ئارقىدىن باۋيۇيگە بۇيرۇق قىلدى، — ماڭ، چىق! ئەتە ئەتىگەندە كىرىپ ماڭا كۆرۈن!

باۋيۇي بىرھازاغىچە بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي تۇردى، ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ ئارامبەخش ھويلىغا قايتىپ كەلدى. شىرىن تەقەززالىق بىلەن خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى، مەكتەپكە بارىدىغان گەپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. يالغۇز باۋيۇيلا، مومام مېنى مەكتەپكە بېرىشتىن توسسا بولاتتى، دېگەن غەرەزدە، بۇ خەۋەرنى بىركىمدىن دەررۇ جيا ئانىغا يەتكۈزدى. جيا ئانا خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، باۋيۇينى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن ئاۋۋال خاتىرجەم مەكتەپكە بېرىۋەر، ئاتاڭنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويما. سېنى تەڭقىسلىققا سالىدىغان ئىش بولۇپ قالسا مانا مەن بار، — دېدى.

باۋيۇي ئامالسىز قايتىپ كېلىپ، دېدەكلەرگە:

— ئەتە مېنى سەھەردە ئويغىتىۋېتىڭلار، ئاتام مېنى مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ بەرمەكچى، — دەپ تاپىلىدى.

شىرىن ۋە باشقىلار خوش دېيىشتى، شىرىن بىلەن شېيۆ ئىككىسى ئويغىنالماي قالمايلى دەپ، نۆۋەت بىلەن ئۇخلاشتى.

ئەتىسى سەھەردە، شىرىن باۋيۇينى ئويغاتتى. باۋيۇي يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولۇپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى ۋە چۆرە قىزدىن بىرسىنى بېيمىڭغا ئارا ئىشىكتە ساقلاپ تۇرسۇن، دەپ ئېيتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن كىتاب - دەپتەرلىرىنى قولىغا ئېلىپ، شىرىننىڭ ئىككى قېتىم سۆيلىشى بىلەن ھوجرىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئاتىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا ماڭدى. ئۇ يەرگە بېرىپ، ئاتىسىنى كەلدىمۇ، كەلمىدىمۇ دەپ ئۇقۇشۇۋىدى، كۈتۈپخانىدىكى مۇلازىم:

— بايا سۇخەنچى موللامدىن بىرسى كېلىپ، بېگىمگە مەلۇم قىلىدىغان ئىشىم بار، دېۋىدى، ئىچكىرىدىن «يۇيۇنۇۋاتىدۇ» دەپ ئۇچۇر بېرىپ، سۇخەنچى موللامنى سىرتقا چىقىپ ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باۋيۇينىڭ يۈرىكى سەل - پەل ئىزىغا چۈشتى - دە، ئالدىراپ جيا جېڭ تەرەپكە ماڭدى. جيا جېڭ ئۆنى

چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم چاقىرغانىكەن، باۋيۈي ئۇنىڭ بىلەن جىيا جېڭنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى. جىيا جېڭ باۋيۈيگە يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ جېكىلەپ قويدى، ئاندىن ئۇنى يېنىغا ئېلىپ مەپىگە چۈشتى، كىتاب ـ دەپتەرلەرنى بېيمىڭ كۆتۈرۈۋالدى. ئۇلار ئۇدۇل ئائىلىۋى مەكتەپكە كەلدى، ئاللىقاچان بىركىم ئۇلاردىن بۇرۇنراق بېرىپ، دەيرۇغا: «بېگىم كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىپ قويغانىدى، دەيرۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا چىقاي دېگۈچە جىيا جېڭ كىرىپ كەلدى ۋە دەيرۇ بىلەن سالاملاشتى. دەيرۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن تىنچ ـ ئامانلىق سوراپ، ئارقىدىن يەنە:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

باۋيۈيمۇ كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. جىيا جېڭ دەيرۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن ئۆزى ئولتۇردى.

— بۈگۈن بۇنى مەكتەپكە ئالاھىدە ھاۋالە قىلىش نىيىتىدە ئۆزۈم ئەكەلدىم، — دېدى جىيا جېڭ، — بۇ بالىنىڭ يېشىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئادەم بولۇشنىڭ ئىش ـ ئەمەلىنى ئۆگەنگەندە، ئاندىن ئۆمۈرۋايەت ئاتاق ـ ئابروي بىلەن ئۆتەلەيدۇ. ھازىر ئۇ ئۆيدە ئۇششاق بالىلار بىلەن ئويناپ كەپسىزلىك قىلىپ يۈرىدۇ. ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يېزىش قولىدىن كېلىسىمۇ، يازغانلىرى ساپلا پەلىپەتىش بىرنېمىلەر. ياخشى يازىدۇ دېگەندىمۇ، يازغانلىرى يەنىلا شۇ مەنزىرە، ئىشىق ـ مۇھەببەت تەسۋىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇيازغانلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەقىقىي ئىشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.

— مېنىڭچە، بۇ بالىنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئەقىل ـ ھوشىمۇ جايىدا تۇرۇپ نېمىشقا كىتاب ئوقۇماي بەڭباشلىق قىلىپ تاماشىغا بېرىلىدىكىنتاڭ. شېئىر يېزىشقۇ ئۆگەنسە بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس، بىلىمدە كامالەتكە يېتىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆگەنسىمۇ كېچىكمەيدۇ، — دېدى دەيرۇ.

— شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

كىتاب ئوقۇشنى، كىتابتىن سۆزلەشنى، ماقالە يېزىشنى ئۆگىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر تەنبىھلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان بولسا، ئوبدانراق ئەدىپىنى بېرىپ تۇرسىلا، شۇنداق قىلغاندا ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق ئادەملەردىن بولۇپ قالمايدۇ ھەم ئۆمرى زايە كەتمەيدۇ، — جىيا جېڭ شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ دەيرۇغا قولىنى جۈپتەكلەپ سالام بەردى. ئاندىن بىرپەس باشقا پاراڭلارنى قىلىشقاندىن كېيىن، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا سالام ئېيتىسىلا، — دېدى دەيرۇ جىياجېڭنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ.

جىيا جېڭ، خوپ، دەپ مەپىگە چۈشۈپ ياندى. دەيرۇ يېنىپ كىردى، باۋيۈي غەربىي جەنۇب بۇلۇڭدىكى دېرىزىگە يېقىن قويۇلغان گۈللۈك ئامۇت شىرەنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى يۇرۇش كونا كىتاب، بىر پارچە نېپىز ماقالە مەشىق رىسالىسىنى تىزىپ قويۇپ، بېيمىڭغا قەغەز ـ قەلەم، سىياھ ـ دۈۋەتلەرنى شىرەنىڭ تارتمىسىغا سالدۇرۇپ قويدى.

— باۋيۈي، قايسى كۈنى سىزنى ئاغرىپ قالدى، دەپ ئاڭلىۋىدىم، سەللىمازا ساقايدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دەيرۇ.

— سەللىمازا ساقايدىم، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئەمدى ئوقۇشقا ئىجتىھات قىلىشىڭىز كېرەك. ئاتىڭىز سىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭىزنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلىدۇ. بۇرۇن ئوقۇغان كىتابلىرىڭىزنى باشتىن ـ ئاياغ بىر قۇر تەكرارلاپ چىقىڭ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىتابنى تەكرارلايسىز، ناشتىدىن كېيىن خەت يازىسىز، چۈشتە كىتابتىن سۆزلەيسىز، بىرنەچچە پارچە ماقالە مەشىق قىلىش رىسالىسى ئوقۇيسىز.

باۋيۈي «خوش» دەپ ئورنىغا ئولتۇرۇپ، ئەتراپىغا قارىدى، جىن رۇڭ قۇراملىقلاردىن بىرقانچەيلەن كۆرۈنمەيتتى. كىچىك

تالىپلاردىن بىرنەچچىسى قېتىلىپتۇ، ھەممىسى سەھرا سوۋېت بالىلار ئىكەن. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە چىن جوڭ كېلىپ، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە ئۇلپەت بولۇپ سىرداشقۇدەك بىرەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى، زۇۋان سۈرمەي بېشىنى ئىچىگە تىقىپ كىتابقا قارىدى.

— بۈگۈن بىرىنچى كۈنى بولغاچقا، سىزنى بالدۇرراق قويۇپ بېرىمەن. ئەتە كىتابتىن سۆزلەيسىز، سىز ئۇنچىۋالا كالۋامۇ ئەمەس. ئەتە ئالدى بىلەن سىزنى كىتابتىن بىرنەچچە باب سۆزلىتىپ ئاڭلاپ باقىمەن. يېقىندىن بۇيان دەرس - ساۋاقلارنى تەكرارلىشىڭىز قانداقراق بولغانلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىڭىزنى بىلىشىم مۇمكىن، — دېدى دەيرۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋيۈينىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. باۋيۈينىڭ ئەتىسى قانداق سۆزلىگەنلىكىنى بىلمەك بولسىڭىز، كېيىنكى بابنى ئوقۇغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# سەكسەن ئىككىنچى باب

## مويسىپىت موللامنىڭ زەمىردىن دەرس ئېيتىپ تەرسا يىگىتكە تەنبىھ بەرگەنلىكى
## كېسەلچان بامبۇكزار مەلىكىسىنىڭ مەستانىلىق قىلىپ يامان چۈشىدىن چۆچۈگەنلىكى

شۇنىڭ بىلەن باۋيۈي مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ جيا ئانىغا كۆرۈنۈش قىلدى.

— ئەمدى توسۇن تايىنىڭ بېشىغا يۈگەن سېلىنىپ ئوبدان بولدى. بېرىپ ئاتاڭغا كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئاندىن ئويۇنۇڭنى ئوينا، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

باۋيۈي جيا جېڭنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مەكتەپتىن نېمانداق بالدۇر ياندىڭ؟ ئۇستازىڭ تاپشۇرۇق بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— بەردى، — دېدى باۋيۈي، — ئەتىگەن تۇرۇپ كىتاب ئوقۇيمەن، ناشتىدىن كېيىن خەت يازىمەن، چۈشتە كىتابتىن دەرس سۆزلەيمەن، ماقالە رىسالىسى ئوقۇيمەن.

جيا جېڭ ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— چىقىپ كەت! — دېدى جيا جېڭ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كىرىپ يېنىدا ئولتۇرغىن. سەنمۇ ئەمدى ئادىمىيلىكنىڭ يولىنى ئانچە - مۇنچە ئۆگەنسەڭ بولىدۇ، ئويۇنغىلا بېرىلمە. ئاخشىمى بالدۇرراق ئۇخلا، مەكتەپكە ھەر كۈنى بارغىن، ئورنۇڭدىن ئەتىگەنرەك تۇرغىن، ئاڭلىدىڭمۇ؟

باۋيۈي «خوش، خوش» دەپ يېنىشلاپ ئىلىك ئېلىپ، ئاندىن

يېنىپ چىقتى، ئاندىن ئالدىراپ ـ سالدىراپ بېرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا، ئاندىن جيا ئانىغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا يېنىپ چىقىپ، بامبۇكزار سارايغا بىرلا ئاتلاپلا يېتىپ بارسام دەپ ئۇچقاندەك ماڭدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا چاۋاك چېلىپ كۈلگىنىچە:

— مەن يەنە شۇ پېتىمچە قايتىپ كەلدىم، — دېۋىدى، ئۆيدە تۇيۇقسىز تۇرغان دەييۈي چۆچۈپ كەتتى.

زىجۈەن مىلەڭزىنى قايرىپ بەردى، باۋيۈي ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— سىزنى مەكتەپكە كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم، بالدۇرلا قايتىپ كەپسىزغۇ؟ — دېدى دەييۈي.

— ياپىرىم، ئاجايىپ ئىش بولدى جۇمۇ! — دېدى باۋيۈي، — بەگ ئاتام بۈگۈن مېنى ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ماڭا خۇددى سىلەر بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنلەر كەلمەيدىغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. بۇ بىر كۈن مىڭبىر تەسلىكتە ئۆتتى، مانا ھازىر سىلەر بىلەن كۆرۈشەلىگىنىم ئۈچۈن، خۇددى ئۆلگەن ئادەم تىرىلگەندەكلا بولۇپ قالدىم. كونىلارنىڭ «بىر كۈن كۆرۈشمىسەڭ، ئۈچ يىل كۆرۈشمىگەندەك بولۇپ قالىسەن» دېگىنى تازىمۇ توغرا ئېيتىلغان گەپ ئىكەن.

— چوڭ ئۆيلەرگە باردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۈي.

— ھەممىسىگە باردىم.

— باشقا يەرلەرگىچۇ؟

— بارمىدىم.

— بېرىپ ئۇلارنىمۇ كۆرۈپ كەلسىڭىز بوپتىكەن.

— مەن شۇ تۇرقىمدا قىمىرلاشقىمۇ ئېرىنىۋاتىمەن. يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ سىز بىلەن بىردەم پاراڭلىشايچۇ، بەگ ئاتام بالدۇرراق يېتىپ، ئورنۇڭدىن ئەتىگەنرەك تۇر، دېگەن. ئۇلار بىلەن ئەتە بېرىپ كۆرۈشەيلا.

— ئولتۇرسىڭىزغۇ بولاتتى، ئەمما ئارام ئېلىشىڭىزمۇ

www.uyghurkitap.com

كېرەك ــ دە.

ــ نېمە قىلغانغا ھېرىپ كېتەرمەن؟ ئىچىم پۇشۇپ ئۆلەيلا دېدىم شۇ. سىز بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دەۋاتسام، سىز قوپۇپ مېنى قوغلاۋاتىسىزغۇ!

دەييۈي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، زىجۇەنگە بۇيرۇدى:

ــ لۇڭجىڭ چېيىمدىن ئوتتۇرانچى غوجامغا بىر چىنە دەملەپ بەرگىن. ئۇ ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمدى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ.

زىجۇەن كۈلۈپ كېتىپ، خوش دېدى ۋە چايدىن ئېلىپ چۆرە قىزنى دەملەشكە جورۇدى.

ــ بۇ ئوقۇشنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىك نېمىسى بولاتتى؟ ــ دېدى باۋيۈي ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، ــ مەن بۇ داۋشۇناسلىقنىڭ گەپلىرىدىن بەك بىزار بولۇپ كەتتىم. تېخىمۇ كۈلكىلىكى، ئۆزلىرى سەككىز بۆلەكلىك ماقالە يېزىپ، ساختىپەزلىك بىلەن ئاتاق ــ مەنسەپكە ئېگە بولۇۋېلىپ نان قېپىلىق قىلغىنىنى ئاز دەپ، «ئەۋلىيا ــ دانىشمەنلەر مەپكۇرىسى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك» دېيىشىدۇ تېخى! ئۇنداق ئۇسلۇبتىكى ماقالىلەرنىڭ تولىسى كىتابنامىلەردىن يۇغۇرۇلغان ئەبجەش ــ قۇراق بىرنېمىلەر. بۇنىڭدىنمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش بار، يەنە قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى يوق ئادەملەر تاغدىن ــ باغدىن ئالا سۆزلەپ، بازارغا سالغىنى ساپلا جىن ــ شەيتانلار تۇرۇقلۇق، تېخى ئۆزلىرىنى ناھايىتى كاتتا موللا چاغلىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ نېمىسى ئەۋلىيا ــ دانىشمەنلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ بەرگەنلىك بولسۇن؟ ھازىر بەگ ئاتام مېنى ئاشۇلارنى ئۆگەن دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دەۋەت قىلىدۇ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا مېنىڭمۇ ھەددىم ئەمەس. ئەمدى كېلىپ كىتاب ئوقۇش دېگەن سۆزنى سىزمۇ تىلغا ئېلىۋاتىسىز!

ــ بىزدەك قىز بالىلارغىغۇ ئوقۇشنىڭ كېرىكى يوق، ــ دېدى دەييۈي، ــ ئەمما كىچىككىنىمدە مەنمۇ سىلەرنىڭ

قوۋمىغلاردىن بولغان يۇيسۇن خەلپەت ئوقۇتقاندا شۇنداق كىتابلارنى كۆرۈپ باققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى ئەقىللىگە مۇۋاپىق بايان قىلىنغانلىرىمۇ بار، يىراق - يېقىندىن قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلىرىمۇ بار. ئۇ چاغلاردا مەن تازا چۈشىنىپ كېتەلمىسەممۇ، ھەممىنى بىر يولىلا يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، بۇمۇ سىزنىڭ نام قازىنىشىڭىز ئۈچۈن ئەۋزەل جۇمۇ.

بۇ گەپلەر باۋيۇينىڭ قۇلىقىغا زادىلا ياقمىدى. ئۇ: «دەييۇي ئەزەلدىن بۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى، نېمانداق بۇمۇ مەرتىۋە - مەنپەئەتكە ھېرىس بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا يۈز تۇرا رەددىيە بېرىشكە پېتىنالماي، دىمىقىدا كۈلۈپلا قويدى.

دەل شۇ چاغدا تالادا ئىككىيلەننىڭ پاراڭلىشىۋاتقىنى ئاڭلىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ بىرسى چيۈۋېن، بىرسى زىجۇەن ئىدى.

— شىرېن ئاچام مېنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە غوجامنى ئالغىلى بار دەپ ئەۋەتكەنىدى، بۇ غوجام بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى چيۈۋېن.

— غوجامغا بۇ يەردە ئەمدى بىر پىيالە چاي دەملىدۇق، ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بارسۇن! — دېدى زىجۇەن.

ئىككىسى شۇ پاراڭ بىلەن ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى.

— كېتەي دەپ تۇراتتىم. سېنى يەنە ئىزدىتىپ ئاۋارە قىپتىمەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ چيۈۋېنغا.

چيۈۋېن جاۋاب بەرگۈچە، زىجۇەن ئېغىز ئېچىپ:

— چاي ئىچىپ بولۇپ چاپسان ماڭسىلا، خەق ئەتىگەندىن بېرى سىلىگە ئىنتىزار بولۇپ كېتىپتۇ، — دېۋىدى، چيۈۋېن بىرنى تۈكۈرۈپ:

— تۇفى! ھارامزادە قىز! — دېدى.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. باۋيۇي ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىپ ماڭدى. دەييۇي ئىشىككىچە، زىجۇەن پەلەمپەيگىچە ئۇزىتىپ چىقتى، باۋيۇي ھويلىدىن چىقىپ

كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن قايتىپ كىرىشتى.

باۋيۈي ئارامبەخش ھويلىغا قايتىپ كەلدى. ھۇجرىغا كىرىشكە، شىرېن ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— باۋيۈي غوجام بالدۇر قايتىپ كەپتىكەن، دەيىۈي خان قىزنىڭكىدە ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى چيۇۋېن.

— بۈگۈن بىر ئىش بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— ئىش يوق ئىكەن، — دېدى شىرېن، — بايا ئاغىچا خېنىم: بېگىم ھازىر ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىنى قاتتىق تۇتۇۋاتىدۇ، ئەگەر دېدەكلەر يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپ يۈرىدىغان بولسا، چىڭۋېن بىلەن سىچېننىڭ كۈنىگە قالىدۇ، دېگەن گەپنى جېكىلەپ قويغىلى يەنياڭ ئاچامنى ئەۋەتىپتۇ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە بۇنداق گەپكە قالسام ماڭىمۇ سەتچىلىك بولغۇدەك! — شۇ گەپنى قىلىپلا شىرېننىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

— ئوبدان ئاچا! — دېدى باۋيۈي دەررۇلا، — خاتىرجەم بولغىن، مەن ئوقۇشۇمنى ئوبدانلا ئوقۇسام ئاناممۇ سىلەرنى ئەيىبلىمەيدۇ. بۈگۈن ئاخشام كىتاب ئوقۇشۇم كېرەك، ئۇستازىم ئەتە مېنى كىتابتىن دەرس سۆزلەتمەكچى. ئىشىم بولسا شېيۈ بىلەن چيۇۋېننى چاقىراي، سەن ئارام ئېلىۋەرگىن.

— راستلا كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىدىغان بولسىڭىزغۇ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا بىزمۇ خۇشتار بولاتتۇق، — دېدى شىرېن.

شۇنىڭدىن كېيىن باۋيۈي كەچلىك تامىقىنى ئوپۇل - توپۇل يەپلا چىراغنى ياقتۇرۇپ، بۇرۇن ئوقۇپ چىققان «تۆت نامە»نى ۋاراقلاشقا باشلىدى. «نەدىن باشلاپ ئوقۇسام بولار؟» ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن كىتابنى ۋاراقلاپ كۆزدىن كەچۈردى، ھەممە بابلىرى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىكتەك تۇيۇلدى، ئەمما زېھن سېلىپ ئويلاپ بېقىۋىدى، ئانچە چۈشەنمەيدىغانلىقى بىلىندى. ئۇ كىتابنىڭ

ئىزاھىنى، ئاندىن مەزمۇنىنى ئوقۇدى. شۇ ئېيتىشقىنىچە بىرىنچى جېسەك ۋاقتىنى ئۆتكۈزدى، «ماڭا شېئىر ـ نەزم يېزىش ناھايىتى ئاسان تۇيۇلاتتى، بۇنىڭغا كەلگەندە كاللام ئىشلىمەي قېلىۋاتىدۇ» دەپ شۇ ئولتۇرغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى.

— ئەمدى ئارام ئېلىڭ. بىر دەملىك ئىجتىھات بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدۇ، — دېدى شىرىن.

باۋيۈي ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ماقۇل دەپ قويدى. شېيۈ بىلەن شىرىن ئۇنى ياتقۇزۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزلىرىمۇ ياتتى. شىرىن بىر ئۇخلاپ ئويغىنىپ قۇلاق سېلىپ باقتى، باۋيۈي تېخىچىلا ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتاتتى.

— تېخىچە ئويغاقمۇسىز؟ كەلسە ـ كەلمەس خىياللارنى قىلماي ئوبدان ئارام ئالسىڭىز ئەتە مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالايسىز، — دېدى شىرىن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، بىراق ئۇيقۇم كەلمەيۋاتامدۇ، ئۇستۇمدىكى يوتقاندىن بىرنى ئېلىۋەتكىنە، — دېدى باۋيۈي.

— ھاۋا سوغۇق، ئېلىۋەتمەيلى — دېدى شىرىن

— ئىچىم بەك تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ، — باۋيۈي شۇنداق دەپلا يوتقاننى پۇتى بىلەن تېپىپ چۇشۇرۇۋەتتى.

شىرىن دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يوتقاننى باشقىدىن يېپىپ قويدى، ئاندىن باۋيۈينىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى، سەل ـ پەل قىزىتمىسى ئۆرلىگەندەك قىلاتتى.

— قىمىرلىماڭ، ئازراق قىزىپ قاپسىز، — دېدى ئۇ.

— شۇنى دېمەمسەن؟ — دېدى باۋيۈي.

— ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ — دېدى شىرىن.

— قورقما، — دېدى باۋيۈي، — ئۇخلىيالمىغىنىمدىن شۇنداق بولغان نېمە. چۇقان كۆتۈرمە، بەگ ئاتام ئاڭلاپ قالسا، ئوقۇشتىن قېچىپ ئاغرىۋاپتۇ، بولمىسا كېسىلى بۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالامدۇ؟ دەيدۇ. ئەتىگىچە تۈزىلىپ، مەكتەپكە بارساملا

ئىش تۇگەيدۇ.

شىرىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— ئەمىسە يېنىڭىزدا ياتاي، — دېدى ۋە يېنىغا كېلىپ يېتىپ باۋيۇينىڭ دۇمبىسىنى ئۇۋۇلىدى. شۇ ياتقىنىچە ئۇيقۇغا كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قېلىشتى. ئۇلار كۈن ئۆرلەپ كەتكەندە ئويغىنىشتى. باۋيۇي:

— يامان بولدى، كېچىكىپ قالدىم، — دېدى - دە، ھاپىلا - شاپىلا يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، سالام بېرىدىغان يەرلەرگە بېرىپ سالام بېرىپ بولۇپلا مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. دەيرۇ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا:

— بەگ ئاتىڭىزنىڭ سىزنى ئادەم بولمايدۇ، دەپ خاپا بولۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن، — دېدى، — مەكتەپكە كېلىپ ئىككىنچى كۈنىلا ھورۇنلۇق قىلىۋاتىسىز، مۇشۇنداقمۇ ۋاخ قالامدىغان؟

باۋيۇي ئاخشام بويى قىزىپ قالغانلىقىنى دەپ بېرىپ، ئاندىن كىتاب ئوقۇشقا ئولتۇردى.

كەچقۇرۇن دەيرۇ باۋيۇيگە:

— باۋيۇي، ماۋۇ كىتابنىڭ بىر بابىدىن سۆزلەپ بېقىڭ! — دېدى.

باۋيۇي كېلىپ قارىغۇدەك بولسا «كېيىنكىلەر ئەيمىنەرلىك بولۇر» دېگەن باب ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ ئۆز كۆڭلىدە: «بۇ ياخشى بولدى! بەختىمگە ‹بىلىم ئەزەم›، ‹مۇرەسسە - مادارا›دىن سوراپ قالمىدى» دەپ ئويلاپ:

— قانداق سۆزلەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۆلەكنىڭ شەرھىسىدىكى جۈملىلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى دەيرۇ.

باۋيۇي ئالدى بىلەن بۇ بابنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، ئاندىن:

— بۇ بابتا دانىشمەن - ئەۋلىيا كېيىنكىلەرگە ئىلھام

بېرىپ، دائىم تىرىشىش، ئۇنداق... — دەپلا توختاپ قالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ دەيرۇغا قاراپ قويدى.

دەيرۇ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن قارىغانلىقىنى سېزىپ، كۈلۈپ قويدى - دە: «يۇسۇفنامە»دە «كىتاب ھۆزۈرىدا ئېھتىراز[①] قىلماسلىق» دېيىلگەن. «ئۇنداق - بۇنداق» دەپ قورۇنۇپ ئولتۇرماي سۆزلەۋەرمەمسىز؟ — دېدى.

— چوڭ بولغاندا، ئۇنداق كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالماسلىقتا ئۆگىنىمدۇ. ئاۋۋال «ئەيمىنەرلىك» دېگەن سۆز بىلەن كېيىنكىلەرنىڭ جاسارىتىنى قوزغاپ، ئاندىن «ئەيمىنەرلىك بولۇشتا قانائەتلەنمەسلىك» دېگەن سۆز بىلەن كېيىنكىلەرنى كەلگۈسى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان.

باۋيۇي شۇنداق دەپ، دەيرۇغا يەنە قاراپ قويدى.

— بۇمۇ بولىدۇ، داۋامىچۇ؟ — دېدى دەيرۇ.

— ئەۋلىيا - دانىشمەنلەر دەيدۇكى، — دەپ داۋام قىلدۇردى باۋيۇي — ئادەم كىچىك ۋاقتىدا، ئوي - پىكىر، كۈچ - ئىقتىدار جەھەتلىرىدە ئەقىللىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، ئۇنى ھەقىقەتەن ئەيمىنەرلىك دېسە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنى مېنىڭ ھازىرقى كۈنۈمگە ئوخشاش بولمايدۇ دەپ قانداقمۇ ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغىلى بولغاي؟ ئەگەر ئۇلار كۈنلىرىنى لاغايلاپ ئۆتكۈزىدىغان بولسا، قىرىق - ئەللىك ياشلارغا بارغاندا راۋاج تاپالماي قالىدۇ، بۇنداق ئادەملەر گەرچە كىچىك ۋاقىتلىرىدا يارامىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، بىرچاغلارغا كەلگەندە ئۇلاردىن ئۆمۈرۋايەت ھېچكىم ئەيمەنمەيدىغان بولىدۇ.

— بايا شەرھىدىن سۆزلىگەنلىرىڭىز خېلى ئېنىق بولدى، ئەمما ئايرىم جۈملىلەردە بالىلىقىڭىز بىلىنىپ قالدى، — دېدى

---

① فېئوداللىق زاماندا گەپ - سۆزدە، ماقالە يازغاندا، پادىشاھ، ئاتا - ئانا ياكى «ئەۋلىيا - دانىشمەنلەر»نىڭ ئىسىملىرى توغرا كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى توغرىدىن - توغرا ئېيتىشقا ياكى يېزىشقا بولمايتتى، ئەنە شۇنى «ئېھتىراز قىلىش» دەيتتى.

دەيرۇ كۆلۈپ، — «بىلىمسىزلىك» دېگەنلىك، راۋاج تېپىپ ئەمەلدار بولالمايدۇ، دېگەن گەپ ئەمەس. «بىلىملىك» — ھەقىقەتەن ئۆزى ئىنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ يول تاپقانلىق، دېمەكتۇر. ئەمەلدار بولمىغانلاردىنمۇ بىلىملىكلەر بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا قەدىمكى ئەۋلىيا ـ دانىشمەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنى باشقىلارغا بىلىندۇرمەي پىنھان تۇتۇپ ئۆتكەنلەرنى بىلىمسىزلەر دېگىلى بولامدۇ؟ «ئەيمىنەرلىك بولۇشتا قانائەتلەنمەسلىك» كىشىنى ئالدىنئالا قىياس قىلدۇرماق بولۇپ، «قورقۇش» سۆزىگە ئەمەس، بەلكى «قانداق بىلىمەك» دېگەندىكى «بىلىش» سۆزىگە مۇقابىل كېلىدۇ. بىلىمگە مانا شۇ نۇقتىدىن قارىغاندىلا، ئاندىن تەپسىلاتقا قەدەم قويغىلى بولىدۇ. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، — دېدى باۋيۇي.

— يەنە بىر باب بار، ئۇنىڭدىنمۇ سۆزلەپ بېقىڭ، — دېدى دەيرۇ. ئاندىن يەنە بىر بابنى ئېچىپ باۋيۇيگە كۆرسەتتى. باۋيۇي قارىسا، «مەن لاتاپەتكە ھەۋەس قىلىشتىن كۆرە پەزىلەتكە ھەۋەس قىلغۇچىلارنى كۆرمىدىم» دېگەن باب ئىكەن.

بۇ بابنى كۆرۈپ باۋيۇينىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى.

— بۇ جۈملىنىڭ ھېچقانداق دەرس ئېيتقۇچىلىك يېرى يوق، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— بىكار ئېيتىسىز! — دېدى دەيرۇ، — مەسىلەن، ئىمتىھاندا مۇشۇ ماۋزۇ چىقىپ قالسا، يازغۇچىلىك يېرى يوق دېگىلى بولامدۇ؟

باۋيۇي نائىلاج ئۆز مۇلاھىزىسىنى قويدى:

— دانىشمەن ـ ئەۋلىيا نەزەر سالغۇدەك بولسا، كىشىلەر پەزىلەتكە ھەۋەس قىلغۇسى كەلمەي، لاتاپەتنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا شۇنچە ھەۋەس قىلىشىدۇكى، پەزىلەتنىڭ ئۆز تەبىئىتىدە ئەسلىدىن بار نەرسە ئىكەنلىكىنى ئويلاشماي ئۇنىڭغا ئانچە ھەۋەس قىلىپ كېتىشمەيدۇ. لاتاپەتكە كەلسەك، ئۇنى گەرچە

توغۇلۇشىدىنلا بىللە يارالغان ۋە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمايدىغان ئادەم يوق دېگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن پەزىلەت تەڭرىنىڭ ھېكمىتى، لاتاپەت بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىستىكىدۇر، بۇ ھالدا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىستىكىگە بولغان ھەۋەستەك تەڭرىنىڭ ھېكمىتىگىمۇ نەدە شۇنداق ھەۋەس قىلغۇسى كەلگەي؟ بۇغۇ كۈڭزىنىڭ نادامەت چېكىپ ئېيتقان گېپى، شۇنداقلا بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ بۇزۇلۇش ياسىشىنى ئۈمىد قىلغانلىق مەنىسىمۇ بار ھەمدە كىشىلەرگە نەزەر سالغانكى، كىشىلەر ئىچىدە پەزىلەتكە ھەۋەس قىلغۇچىلار بار، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەۋەسى بەربىر يۈزەكى ھەۋەستۇر، تاكى لاتاپەتكە بېرىلگەندەك ھەۋەس قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ چىن ھەۋەس ھېسابلىنىدۇ.

— بۇ سۆزلىگەنلىرىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى دەيرۇ، — سىزدىن بىر گەپ سوراي: سىز ئەۋلىيا ـ دانىشمەننىڭ سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئىككى ئىللەتتىن خالىي بولالمايسىز؟ مەن سىلەرنىڭ خانىدانىڭلاردا بولمىسامىمۇ، بەگ ئاتىڭىز ماڭا سىز توغرۇلۇق ھېچنېمە ئېيتمىغان بولسىمۇ، مەن سىزنىڭ ئىللەتلىرىڭىزنى تولۇق بىلىمەن. ئادەم بولۇپ تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى بېسىشقا ئىنتىلمەيسىز؟ ھازىر دەل سىزنىڭ «ئەيمىنەرلىك بولغان ياشلىق» دەۋرىڭىز. «بىلىملىك» بولۇش، «ئەيمىنەرلىك بولۇشتا قانائەتلەنمەسلىك» پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزگە باغلىق. مەن سىزگە بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىمەن، بۇرۇن ئوقۇپ چىققان كىتابلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە باشتىن ـ ئاياغ تەكرارلاپ چىقىسىز. ئاندىن يەنە بىر ئاي ماقالە ئوقۇيسىز. شۇنىڭدىن كېيىن سىزگە ماۋزۇ كۆرسىتىپ بېرىمەن، ماقالە يازىسىز، ناۋادا ئېرىنچەكلىك قىلىدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمەن. قەدىمدىن كېلىۋاتقان «ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە بېرىلمىگەي، ئۆز مەيلىگە بېرىلسە ئادەم بولالمىغاي» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئېسىڭىزدە

تۈتۈك.

باۋيۈي خوش دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەر كۈنى بېرىلگەن ساۋاق بويىچە دەرس تەييارلايدىغان بولدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

باۋيۈي مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلىغاندىن بېرى، ئارامبەخش ھويلا بىكارچىلىقتىن جىمجىتلا بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن شىرېننىڭ ئانچە ـ مۇنچە يىڭنە ئىشى قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ئۇ يىپ ـ يىڭنە ئېلىپ سىپارى قاپچۇقى تىكمەكچى بولدى. باۋيۈي دەرس تەكرارلاش بىلەن بەند بولغاچقا، دېدەكلەرمۇ ئارام تېپىپ قالدى، بالدۇرلا مۇشۇنداق بولغان بولسا، چىگۇۋېن ھېچقاچان شۇنداق ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتى. شىرېن شۇنداق خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ، توشقان ئۆلسە تۈلكە قايغۇرۇپتۇ، دېگەندەك، ئىختىيارسىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى چۈشۈپ، قايتا خىيالغا كەتتى: مەن كەلگۈسىدە بەرىبىر باۋيۈينىڭ چوڭ خوتۇنى ئەمەس، غەيرىي رەسمىي كىچىك خوتۇنى بولىمەن. باۋيۈينىڭ ئادەمگەرچىلىكىگىمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولىدۇ، بىراق ئۇ يامان خوتۇنغا ئۆيلىنىپ قالىدىغان بولسا، مەنمۇ يۈئېرجىيې بىلەن شىياڭلىڭنىڭ ئاقىۋىتىگە قالىمەن. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئادەتتىكى ئەۋزايىدىن ھەم فېڭجيېنىڭ پات ـ پات گەپ ـ سۆزلىرىدە بىلىندۈرۈپ قويۇشلىرىدىن قارىغاندا، باۋيۈيگە دەيىۈينى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىدا شەك يوق، بىراق دەيىۈي گۇمانخورراق... شىرېننىڭ خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە يۈزى قىزىرىپ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى، ھەتتا يىڭنىنى نەگە سانجىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ قولىدىكى يىڭنە ئىشنى قويۇپ قويۇپ، دەيىۈيدىن گەپ ئېلىپ بېقىش نىيىتىدە شۇ ياققا قاراپ ماڭدى.

دەيىۈي كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، شىرېننىڭ كەلگەنلىكىنى

كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، شىرىن ئىتتىك ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:
— خان قىز، نەچچە كۈندىن بۇيان خېلى ئوبدانلا ساقىيىپ قالغانلا؟
— ساقىيىش دېگەن نەدە؟ ھەرھالدا تېتىكلىشىپ قالدىم. ئۆيدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى دەييۇي.
— باۋيۇي غوجام مەكتەپكە كېتىپ، ھۇجرىدا قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا سىلىنى يوقلىغاچ، پاراڭلىشىپ كېلەي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى شىرىن.
گەپ ئارىلىقىدا زىجۈەن چاي ئەكىردى. شىرىن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ:
— سىڭلىم، سەنمۇ ئولتۇر، — دېدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە، — چيۇۋېندىن ئاڭلىشىمچە، بىزنىڭ كەينىمىزدىن گەپ قىپتىمشىسەنغۇ؟ — دېدى.
— ئاچا، شۇنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەندىڭىزمۇ! — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ كېتىپ، — مېنىڭ دېگىنىم، باۋيۇي غوجام مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، باۋچەي خان قىز كەلمەسلا بولۇپ كەتتى، ھەتتا شياڭلىڭمۇ كىرىپ باقمىدى، شۇڭا زېرىكىپ كەتكەندۇ، دېگەنىدىم.
— شياڭلىڭنىڭ گېپىنى قىلمايلا قوي، ئۇنىڭ ھالى خاراب! ھېلىقى «چولپان ئاغىچا»غا يولۇققاندىن بېرى ئۇنىڭ كۈنى تەس بولۇۋاتىدۇ! — شىرىن ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — گەپ قىلىپ كەلسەك، بۇ ئۇنىڭدىنمۇ يامان، ئۆزىنىڭ تالادىكى يۈزىنىمۇ قويمىدى.
دەييۇي ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:
— ئۇنىڭ دەردىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ! يۈئېرجيې خان قىز نېمىشقا ئۆلدى! — دېدى.
— شۇ گەپ ئەمەسمۇ! — دېدى شىرىن، — ئويلاپ باقساق،

ھەر ئىككىسى ئوخشاش ئادەم، پەقەت نام ـ نېسىۋىسىدىلا پەرقلىنىدۇ، شۇنچىمۇ باغرى تاشلىق قىلغان بارمۇ؟ تالا ـ تۈزدە ئۆزىنىڭ نامىغىمۇ سەت بولدى.

دەييۇي شىرىنىنىڭ باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلغىنىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ بۈگۈن مۇنداق دېيىشىدە مەلۇم سەۋەب بارلىقىنى سېزىپ، يۈرىكى بىرقىسما بولدى.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىشمۇ تەس، — دېدى ئۇ، — ئائىلە ئىشلىرىدا، شەرق شامىلى غەرب شامىلىنى بېسىپ چۈشمىسە، غەرب شامىلى شەرق شامىلىنى بېسىپ چۈشىدىغان گەپ.

— بىزدەك بىر چەتتە تۇرغانلار ئۆزىمىزنىڭ يۈرىكى پوكۇلداۋاتقان يەردە خەقنى بوزەك قىلالامدۇق؟ — دېدى شىرىن.

شۇ ئەسنادا بىر موماينىڭ ھويلىدا تۇرۇپ:

— دەييۇي خان قىزنىڭ ھۇجرىسى مۇشۇمۇ؟ بۇ يەردە ئاچىلىرىمىزدىن كىم باركىن؟ — دەپ سورىغىنى ئاڭلاندى.

شۆيەن چىقىپ، ئۇ موماينى شۆ ھامما تەرەپتە كۆرگەندەك قىلىپ:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ خان قىز دەييۇي خان قىزغا مېنىڭدىن بىر نەرسە ئەۋەتكەنىدى، — دېدى موماي.

— مۇشۇ يەردە سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ! — دېدى شۆيەن.

شۆيەن كىرىپ دەييۇيگە مەلۇم قىلىۋىدى، دەييۇي ئۇنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى.

موماي ھۇجرىغا كىرىپ، دەييۇيدىن ئەھۋال سوراپ، نېمە ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتماي دەييۇيگە تىكىلىپ قاراپلا قالدى، دەييۇي ئۇنىڭ بۇنداق قاراۋېرىشىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدى.

— باۋچەي خان قىز سىزدىن نېمە ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىزنىڭ خان قىز سىلىگە بىر شېشە گۈلسۇ مۇرابباسى

ئەۋەتكەن، — دەپ ھەجىيىپ جاۋاب بەردى موماي. ئاندىن بۇرۇلۇپ شىرىنگە قارىدى، — بۇ قىز باۋيۇي غوجامنىڭ ھۇجرىسىدىكى شىرىن قىز ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئانىكا، مېنى قانداق تونۇيلا؟ — دەپ سورىدى شىرىن كۈلۈپ.

— مەن ھامما خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا، ئۆيگە قارايمەن، — دېدى موماي كۈلۈپ، — ھامما خېنىم، خان قىزلار بىلەن تولا بىر يەرگە بارمايمەن، شۇڭا خان قىزلار مېنى ئانچە تونۇپ كەتمەيدۇ. خان قىزلار بىز تەرەپكە بېرىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنى ئانچە - مۇنچە تونۇيمەن، — موماي شېشىنى شۆيەنگە بېرىپ، بۇرۇلۇپ يەنە دەييۇيگە قاراپ قويدى. ئاندىن شىرىنگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىزنىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دەييۇي خان قىز بىلەن سىلەرنىڭ باۋيۇي غوجامنى بىر جۈپ دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، پەرىزاتنىڭ ئۆزى ئىكەن ئەمەسمۇ؟

شىرىن ئۇنىڭ گەپتە دېۋەڭلىك قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپلا، گەپنى دەررۇ باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— ئانىكا، ھېرىپ كېتىپلا، ئولتۇرۇپ چاي ئىچسىلە.

— بىز ھازىر باۋچەي خان قىزنىڭ ئىشى بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، — دەپ پىخىلداپ كۈلۈپ قويدى موماي، — خان قىز يەنە ئىككى شېشە گۈلسۇنى باۋيۇي غوجامغا ئاپىرىپ بەرگىن، دېگەن.

موماي شۇنداق دەپلا ھۇجرىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ مومايىنىڭ دېۋەڭلىكىگە دەييۇينىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن باۋچەي ئەۋەتكەن ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىشنى ئەپ كۆرمىدى، موماي ئىشىكتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن:

— خان قىزىڭلار جوۋاپ كېتىپتۇ، رەھمەت ئېيتىپ قويۇڭ، —

www.uyghurkitap.com

دەپلا قويدى.

موماي: «بۇنداق سياقى كېلىشكەن قىزغا باۋيۇيدىن باشقا ھېچكىم لايىق كېلەلمەيدۇ !» دەپ ئۆزىچە كالدىرلاپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. دەيیۇي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا سالدى.

— ئادەم قېرىغاندا نېمىشقا ئاشۇنداق ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ قىلغان گەپلىرى كىشىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ ھەم كۈلگۈسىنى كەلتۈرىدۇ، — دېدى شىرېن.

شۆيەن شېشىنى ئەكېلىپ دەيیۇيگە كۆرسىتىۋىدى، دەيیۇي:

— يېگۈم يوق، ئېلىپ قويغىن، — دېدى.

شىرېن يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن دەيیۇي كەچلىك بېزەك - جابدۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ ئارىلىق ئۆيگە كىردى، بېشىنى كۆتۈرۈۋىشىگە، كۆزى گۈلسۇ شېشىسىگە چۈشۈپ، ئىختىيارسىز ھېلىقى مومايىنىڭ كۈندۈزى قىلغان ئېگىز - پەس گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى - دە، شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەتراپ جىمىغاندى، ئۇنى خىلمۇخىل غەم چىرمىۋېلىپ ئويغا كەتتى: «بەدىنىم ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىممۇ چوڭىيىپ قالدى، باۋيۇينىڭ ئەۋزايىدىن قارىغاندىغۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا ئادەم يوقتەك قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلۇغ مومام بىلەن تاغاچامدىن بىز توغرۇلۇق ئازراقمۇ شەپە بىلىنمەيۋاتىدۇ. ئاتام بىلەن ئانام ھايات ۋاقتىدا نېمىشقىمۇ توي ئىشىنى بالدۇرراق بېكىتىۋەتمىگەن بولغىيدى.» ئۇ يەنە باشقا نەرسىنى ئويلاپ كەتتى: «ئاتا - ئانام ھايات بولۇپ ماڭا باشقا يەردىن لايىق تاپقان بولسا، ئۇ باۋيۇيدەك كېلىشكەن، كۆڭۈللۈك بولامتى؟ بىر ھېسابتا بۇ ئىشنىڭ بۈگۈنگە قالغىنىمىغۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بوپتىكەن.» ئۇنىڭ كۆڭلى ئېگىز - پەس بولۇپ، خىيالى چىگىچلىشىپ، خۇددى بۇلدەك چۆرگۈلىگىلى تۇردى، بىر ئاھ ئۇرۇش بىلەن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئاخىر روھسىزلىنىپ، كىيىملىرى

بىلەنلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى.

دەييۈي بىخۇد هالدا ياتاتتى، بىر چۆرە قىز تالادىن كىرىپ ئۇنىڭغا:

— جيا يۈيسۈن بېگىم خان قىزنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇغان بولسامۇ، ئەمما مېنى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، مەن بىلەن نېمىدەپ كۆرۈشىدىكەن؟ — دېدى دەييۈي، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مېنىڭ تاغام بىلەن رابىتە قىلغانلىرىدا مېنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ قويغان ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈمنىڭ هاجىتى يوق، — ئاندىن ئۇ چۆرە قىزغا، — ئاغرىپ قاپتۇ، چىقالمايدىكەن، يوقلاپ كەلگىنىگە رەهمەت دەيدۇ، دەپ قويغىن، — دەپ جېكىلىدى.

— خان قىزغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەندەك قىلىدۇ، نەنجىڭدىن سىزنى ئەكەتكىلى ئادەم كەپتۇمىش، — دېدى چۆرە قىز.

شۇ ئارىدا فېڭجيې، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار، باۋچەي كىرىپ كېلىپ، كۈلۈشكەن پېتى:

— بىز سىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى هەم سىزنى ئۇزاتقىلى كەلدۇق! — دېيىشتى.

— سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر؟ — دېدى دەييۈي هودۇقۇپ.

— يەنە نېمىگە خۇپسەنلىك قىلىسىز؟ — دېدى فېڭجيې، — خەۋىرىڭىزدە يوقمۇ؟ لىن رۇخەي ئاكىمىز خۇبېيدا غەللە - پاراق مۇپەتتىشلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، دىتىغا راسا ياقىدىغان بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ. ئەمدى سىزنى بۇ يەردە تۇرىۋەرسە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، جيا يۈيسۈننى سوچى قىلدۇرۇپ، سىزنى ئۆگەي ئانىڭىزنىڭ قانداقتۇر بىر تۇغقىنىغا بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئادەمنى بىر نىكاهلىق بوپتىكەن دېيىشىدۇ، شۇڭا سىزنى ئەكېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۆيىڭىزگە بارغان هامان

www.uyghurkitap.com

ياتلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ ئىشقا ئۆگەي ئانىڭىز ئۆزى باش بوپتۇ. يولدا خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولماي قالمىسۇن دەپ، جيا لىەن ئاكىڭىز بىللە بارىدىغان بولدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەييۈينىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. دەييۈيگە ئاتىسىنىڭ شۇ يەردە ئەمەلدار بولغان تۇرقى خىرە كۆرۈنگەندەك قىلدى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئىنتىلداپ:

— قويۇڭلار، ئۇنداق يوق گەپنى، ھەممىسى فېڭجيې ئاچامنىڭ قىلىۋاتقان ئويۇنى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

بىر چاغدا شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ:

— ئۇ ئىشەنمەيۋاتىدۇ، قايتىپ كېتەيلى، — دېدى.

— تاغاچىلىرىم ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى دەييۈي كۆزگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ.

كۆپچىلىك لام ـ جىم دېمەي، سوغۇققىنا كۈلۈشكەن پېتى چىقىپ كەتتى.

دەييۈينىڭ ئىچى سىيرىلىپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي ئېسەدەپ كەتتى. يەنە بىردەمدىلا ئۆزىنى جيا ئانا بىلەن بىر يەردە تۇرغاندەك كۆردى. كۆڭلىدە: «بۇ ئىش توغرىسىدا چوڭ ئانامغا يالۋۇرۇپ باقسام، بەلكىم مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالار» دەپ ئويلاپ، يەرگە تىزلاندى ـ دە، جيا ئانىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— چوڭ ئانا، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا! مەن ئۆلسەممۇ جەنۇبقا كەتمەيمەن. ئۆگەي ئانام بولغىنى بىلەن، ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئانامغا ئوخشىمايدۇ، مەن ئۆزلىرى بىلەن بىر يەردە تۇرۇشنى خالايمەن — دېدى.

لېكىن، جيا ئانا سۇر چىرايى بىلەن، كۈلگىنىچە:

— بۇ ئىشقا مەن ئارىلىشالمايمەن، — دېدى.

— چوڭ ئانا، بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ — دېدى دەييۈي يىغلاپ تۇرۇپ.

— بىر نىكاھلىق بولغان يىگىتمۇ ئوبدان، يەنە بىر يۇرۇش

پەرداز قۇتىسىغا قوشلاپ ئىگە بولىسەن، ــ دېدى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم.

ــ سىلىنىڭ يانلىرىدا تۇرسام، ھەرگىزمۇ تېگىشلىك ئۇلۇشتىن ئارتۇقچە چىقىم قىلدۇرمايتتىم. چوڭ ئانا، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا، ــ دېدى دەييۇي يىغلىغىنىچە.

ــ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ــ دېدى جيا ئانا، ــ قىز بالا دېگەن بەرىبىر ياتلىق بولىدۇ. سەن قىز بالا بولغاندىن كېيىن، بۇنى بىلمەيسەن. بۇ يەردە تۇرىۋەرگەن بىلەنمۇ تۇرمۇش ئىشىڭنى بەرىبىر بىر تەرەپ قىلىدىغان گەپ.

ــ دېدەكنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ، ئۆزۈم ئىشلەپ، ئۆزۈم تېپىپ يېيىسەممۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇشقا رازىمەن، چوڭ ئانا، ماڭا ئىگىدارچىلىق قىلسىلا، ــ دېدى دەييۇي.

جيا ئانا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. دەييۇي ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يەنە يىغلىدى:

ــ چوڭ ئانا! ئەزەلدىن شەپقەتلىك ئىدىله، ماڭا شۇنچىلىك كۆيۈنەتتىله، ئەمدى جىددىي پەيت كەلگەندە مېنىڭ بىلەن مۇشۇنداق كارىلىرى بولمامدۇ؟ مېنى قىزدىن بولغان نەۋرە، ئارىمىزدا بىر قات توسۇق بار دەپ قارىمىسىلا! مېنىڭ ئانام ئۆزلىرى تۇغقان ئۆز قىزلىرىغۇ؟ ئانامغا بولغان مېھىرلىرىنى دەپ بولسىمۇ، مېنى قاناتلىرى ئاستىغا ئېلىشلىرى كېرەككقۇ!

دەييۇي شۇنداق دەپلا بېشىنى جيا ئانىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

ــ يۈەنياڭ، خان قىزنى ئاپىرىپ قويغىن، ئارام ئالسۇن، مېنى ھاردۇرۇۋەتتى، ــ دېدى جيا ئانا.

دەييۇي بۇ يول بىلەن قۇتۇلۇشقا ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى. ئۆز ئانىسىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم بولدى، مومىسى بىلەن تاغاچىلىرى ھەم ھەمشىرىلىرى ئادەتتە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلىشاتتى،

ئەمدىلىكتە ئۇ بۇنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدى. ئۇ يەنە: «بۇگۇن نېمىشقا يالغۇز باۋيۇيلا كۆرۈنمەيدىغاندۇ؟ شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقسام، بەلكىم ئۇ بىر ئامال قىلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا باۋيۇي پەيدا بولۇپ قېلىپ، كۈلگەن پېتى:

— سىڭلىم، خۇش خەۋەر ئاڭلايمەنغۇ! — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەييۇي تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ كەتتى ۋە ھېچنېمىگە باقماي باۋيۇيگە چىڭ ئېسىلىپ:

— ئەسلىي مۇنداق ئىش ئىكەن - دە. باۋيۇي، مەن سىزنىڭ رەھىمسىز، ۋاپاسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئەمدى بىلدىم! — دېدى.

— مەن قانداق رەھىمسىز، ۋاپاسىز ئىكەنمەن؟ — دېدى باۋيۇي، — سىزنىڭ ئىگىڭىز بار ئىكەن، بۇنداق بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرىمىز - دە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەيۇينىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، گاڭگىراپلا قالدى، باۋيۇينى تارتقىنىچە يىغلاپ كەتتى:

— جېنىم ئاكا! سىز مېنى كىمنىڭ كەينىگە كىرىپ كەت، دەۋاتىسىز؟

— كەتمىسىڭىز، مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرىڭ، — دېدى باۋيۇي، — ئەسلىدە سىزنى ماڭا ماقۇل دېيىشىپ قويغاچقا، سىز بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغان. مېنىڭ سىزگە قىلغان مۇئامىلەم قانداق بولغان، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ.

دەيۇي ئۆزىنى باۋيۇيگە دېيىشىپ قويۇلغان كىشى دېگەن خىيالغا كېلىپ، يۈرىكىدىكى قايغۇ - ئەلەم بىردىنلا خۇشاللىققا ئايلاندى.

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، مەن بىر پىكىرگە كېلىپ بولدۇم، ئەمدى سىز زادى مېنى قايتىپ كەت دەمسىز، قانداق؟ — دەپ سورىدى دەيۇي ئۈنىگدىن.

— مەن سىزنى مۇشۇ يەردە تۇرۇڭ دەيمەن، ئەگەر مېنىڭ

سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز، يۈرىكىمنى كۆرۈپ بېقىڭ ! — دەپلا باۋيۈي قەلەمتىراچنى ئېلىپ كۆكسىنى يېرىپ تاشلىغانىدى، قان ئېتىلىپ چىقتى. قورققىنىدىن دەييۈيىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئىتتىك بېرىپ باۋيۈينىڭ يۈرىكىنىڭ قان چىقىۋاتقان ئېغىزىنى چىڭ توسۇۋالدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— بۇ نېمە قىلغان ئىشىڭىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئالدى بىلەن مېنىلا ئۆلتۈرۈۋېتىڭ ! — دېدى.

— قورقماڭ ! — دېدى باۋيۈي، — مەن يۈرىكىمنى ئېلىپ سىزگە كۆرسىتىمەن.

باۋيۈي كۆكسىدىكى يېرىقتىن قولىنى سېلىپ مالتىلىغىلى تۇردى. دەييۈي تىترەيتتى، يىغلايتتى ھەم خەق كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، باۋيۈينى قۇچاقلاپ ھۆر ـ ھۆر يىغلايتتى. باۋيۈي:

— ۋاي بولمىدى، يۈرىكىم يوق تۇرىدۇ، ئەمدى مەن ياشىيالمايدىغان بولدۇم ! — دېگىنىچە كۆزىنىڭ قارىقى تارتىلىپ، «گۈپ»لا قىلىپ يەرگە يىقىلدى.

دەييۈي بار ئاۋازى بىلەن ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. زىجۈەننىڭ:

— خان قىز، خان قىز ! قارا بېسىپ قالدىمۇ نېمە؟ كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، كىيىملىرىڭىزنى سېلىپ ئۇخلاڭ ! — دېگىنى ئاڭلاندى.

دەييۈي كۆزىنى ئېچىپ بۇ ياققا ئۆرۈلدى. ئۇ ئەسلىدە يامان چۈش كۆرگەنىدى، ئۇنىڭدىكى ئېسەدەش تېخى كەتمىگەن، يۈرىكى تېخىچىلا قاتتىق سالاتتى، ياستۇق چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن، غول ـ ئېغىزمانلىرى مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەندەك ئىدى. «ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان، تېخىچە باۋيۈيگە دەپ ماڭا چاي ئىچۈرۈلمىگەن تۇرسا، بۇنى نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟» دەپ ئويلىنىپ باقتى. ئاندىن يەنە چۈشىدىكى ئىگە ـ چاقىسىز ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەگەر باۋيۈي راستىلا ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالىدىغان بولسا قانداقمۇ قىلارمەن؟ دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندە، قايغۇ ـ ھەسرىتى باشقىدىن ئۆرلەپ،

پىكىر ـ خىيالى چىچىلىپ، يەنە بىر پەس يىغلىدى، پۈتۈن بەدىنىدىن ۋىلىلىدە تەر ئۆرلىدى. ئۇ مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، تېشىدىكى چوڭ پەشمىتىنى سېلىۋەتتى، يوتقىنىنى يېپىپ قويۇشقا زىجۇەننى بۇيرۇپ، قايتىدىن ياتتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. تالادا بىر تۇرۇپ شامال چىققاندەك، بىر تۇرۇپ يامغۇر ياغقاندەك غۇر ـ غۇر، شىر ـ شىر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى، بىردەم يوقاپ كېتىپ، يەنە يىراقتىن خىرقىرىغاندەك بىر ئاۋاز كېلەتتى. بۇ، ئۇخلاۋاتقان زىجۇەننىڭ پۇشۇلدىغىنى ئىدى. ئۇ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يوتقانغا يۆگىنىپ ئولتۇردى، بىردەمدىن كېيىن دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن سوغۇق شامال كىرگەندەك تۇيۇلۇپ، بەدىنى تىكەنلىشىپ يەنە يېتىۋالدى. دەيىۈيىنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىپ تۇراتتى، بامبۇك شاخلىرىدىكى قۇشچاقلار توختىماي ۋىچىر ـ ۋىچىر قىلىپ چۇرۇقلاۋەردى، پەنجىرىنىڭ قاپقاق يوچۇقىدىن بارا ـ بارا يورۇق چۈشۈشكە باشلىدى.

دەيىۈي ئويغىنىپ كېتىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ياتاتتى، بىر دەمدىن كېيىن قاتتىق يۆتەل تۇتتى، ئۇنىڭ يۆتىلىدىن زىجۇەنمۇ ئويغىنىپ كېتىپ:

— خانىم، تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ يەنە يۆتىلىپ قاپسىز، شامال تېگىپ قالغان ئوخشايدۇ، پەنجىرىنىڭ قەغەزلىرى سۇزۇلۇپ قاپتۇ، ھېلى يورۇق چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇنى ـ بۇنى ئويلىماي بىر دەم ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دېدى.

— مېنى ئۇخلىغۇسى يوق دەمسەن؟ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. ئۇيقۇڭنى ئۇخلاۋەر! — دەپ، دەيىۈي يەنە يۆتىلىپ كەتتى.

دەيىۈيىنىڭ بۇ ئەۋزايىدىن زىجۇەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇيقۇسى قاچتى، دەيىۈيىنىڭ يۆتەلگىنىنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ تۈكۈرۈكدانىنى تۇتۇپ بەردى. ئاڭغىچە تاڭ ئېتىپ قالغانىدى.

— ئۇخلىمامسەن؟ — دېدى دەيىۈي.

— تاڭ يورۇپ قالسمۇ ئۇخلاۋېرەمدىمەن؟ — دېدى زىجۇەن كۇلۇپ.
— ئەمىسە تۇكۇرۇكداننى يەڭگۇشلەپ كىر، — دېدى دەيىيۇي.
زىجۇەن ماقۇل دەپ، ئىستىتىك چىقىپ باشقا تۇكۇرۇكداننى ئەكىرىپ جوزىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويدى، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئارىلىقتا چىقىپ ئىشىكنى قايتا ياپتى ـ دە، چاچما گۇللۇك يۇمشاق مىلەكزىنى چۇشۇرۇپ قويۇپ شۆيەننى ئويغاتتى، ئاندىن يەنە ھۇجرىغا قايتىپ كىرىپ، تۇكۇرۇكداننى ئېلىپ تۆكۈۋېتەي دەپ تالاغا ماڭدى. تۇكۇرۇكدان خەپرۇككە تولۇپ كەتكەندى، خەپرۇك قان ئارىلاش كۆرۈندى، زىجۇەن چۆچۈپ كېتىپ: «ۋىيەي بۇ نېمە ئىشتۇ!» دەپ تاشلىغىنىنى ئۆزى تۇيماي قالدى.
— نېمە بولدى؟ — دېدى دەيىيۇي ھۇجرىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ.
زىجۇەن شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ:
— قولۇمدىن سىيرىلىپ كېتىپ، تۇكۇرۇكدان چۇشۇپ كەتكىلى قىل قالدى، — دەپ گېپىنى تۇزەپ قويدى.
— تۇكۇرۇكداندىكى بەلغەمدە بىرنېمە بارمىكەن يا؟ — دېدى دەيىيۇي.
— ھېچنېمە يوق! — بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ زىجۇەننىڭ يۈرەك ـ باغرى سىيرىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ قالغانىدى.
تامىقىدىن بىر خىل تاتلىق ـ بېرىق كەلگەنلىكىدىن دەيىيۇينىڭ ئۆزىمۇ بايا گۇمان قىلىپ قالغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ زىجۇەننىڭ تالادا تۇرۇپ ھەيران بولغانلىقىنى ھەم گەپ ئاغزىدىكى ھەسرەت ـ نادامەتنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە خېلى ئوبدانلا پەملىدى ـ دە:
— تالا سوغۇق، ئۆيگە يېنىپ كىرگىن! — دەپ زىجۇەننى چاقىردى.

www.uyghurkitap.com

زىجۇەن ماقۇل، دەپ جاۋاب بەردى، لېكىن ئۇنىڭ ماقۇل، دېگەن ئاۋازى بالدۇرقىدىن تېخىمۇ قايغۇلۇق بولۇپ، دىمىقىدىن بوغۇلۇپ چىقتى. بۇنى ئاڭلاپ دەيىيۇي شۇركىنىپ كەتتى ۋە زىجۇەننىڭ ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ، ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەتىگەن ئورنۇڭدىن بىر ئوبدان تۇرۇۋېدىڭغۇ، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— كىم يىغلاپتۇ؟ ئورنۇمدىن تۇرسام، كۆزۈم سەل ئاغرىغاندەك قىلدى، — دېدى زىجۇەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — خان قىز، بۈگۈن كېچە باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئويغاق ياتقان ۋاقتىڭىز كۆپرەك بولدىغۇ دەيمەن؟ كېچىچە يۆتىلىپ چىقتىڭىز.

— شۇنى دېمەمسەن؟ — دېدى دەيىيۇي، — ھەرقانچە ئۇخلاي دېسەممۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم.

— خان قىز، ئانچە تاۋىڭىز يوقتەك قىلىدۇ، مېنىڭچە، سەل كۆڭلىڭىزنى كۆتۈرۈپ ئۆزىڭىزگە ئارام بېرىڭ. سالامەتلىك مۇھىم، «بولسا تاغدا قارىغاي، ئوتۇندىن غەم قالمىغاي» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملاردىن تارتىپ قايسىبىرى سىزگە كۆيۈنمەيدۇ؟ — دېدى زىجۇەن.

زىجۇەننىڭ بۇ گېپى بىلەن دەيىيۇينىڭ ئېسىگە كېچە كۆرگەن چۈشى كەلدى ـ دە، يۈرىكى سىقىلىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، رەڭگىرويى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى، زىجۇەن تۈكۈرۈكدانىنى دەرھال تۇتۇپ بەردى، شۆيەن دۈمبىسىگە ئاستا ئۇرۇپ بەردى. بىر ھازادىن كېيىن دەيىيۇي تۈكۈرۈۋېدى، بەلغەم قىزغۇچ قان ئارىلاش كەلدى. بۇنى كۆرۈپ، زىجۇەن بىلەن شۆيەننىڭ قورققىنىدىن چىرايى سارغىيىپ كەتتى. ئۇلار دەيىيۇينىڭ ئىككى يېقىنىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى، دەيىيۇي خۇدىنى بىلمەي كارىۋاتقا سوزۇلدى. زىجۇەن ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، شۆيەنگە قاراپ ئادەم چاقىرىپ كەل دېگەندەك قىلىپ تۇمشۇقى

بىلەن شەرەت قىلدى.
شۆيەن ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا، سۇيلۇ بىلەن سۇيمۇ كۇلۇشكەن پېتى كىرىپ كېلىشتى.
— دەيىۋي خان قىز نېمە دەپ مۇشۇ كەمگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ؟ — دېدى سۇيلۇ، — بىزنىڭ خان قىز بىلەن ئۈچىنچى خان قىز تۆتىنچى خان قىزنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇ سىزىۋاتقان باغنىڭ مەنزىرىسىنى باھالاپ ئولتۇرىدۇ.
شۆيەن ئۇلارغا قاراپ ئىتتىك قولىنى چايقىۋىدى، ئۇ ئىككىسى چۆچۈپ كېتىپ:
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.
شۆيەن ئۇ ئىككىسىگە بايىقى ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.
ئىككىسى شۆيەنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تىللىرىنى چىقىرىشىپ قويىدى.
— بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس! — دېدى ئۇلار، — نېمىشقا بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلمايسىلەر؟ بۇ ئىشلار بولماپتۇ! نېمانداق بىخۇدلۇق قىلىسىلەر؟
— مۇشۇ تۇرقىدا شۇ ياققا كېتىۋاتاتتىم، سىلەر كېلىپ قالدىڭلار، — دېدى شۆيەن.
شۇ ئارىدا زىجۇەننىڭ:
— تالادا گەپ قىلىشىۋاتقان كىم؟ خان قىز سوراۋاتىدۇ، — دېگىنى ئاڭلاندى.
ئۈچەيلەن ئالمان - تالمان ھۇجرىغا كىرىشتى. دەيىۋي كارىۋاتتا يوتقان يېپىنىپ ياتاتتى، ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ:
— سىلەرگە كىم دېدى، نېمانچە ھودۇقىسىلەر؟ — دېدى.
— بىزنىڭ خان قىز بىلەن شياڭيۈن خان قىز تۆتىنچى خان قىز سىزىۋاتقان باغنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن شۇياققا بارغانىدى، خان قىزنى تەكلىپ قىلىپ كېلىڭلار دەپ بىزنى ئەۋەتكەن. خان قىزنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىدىن

www.uyghurkitap.com

خەۋەرىمىز يوق ئىكەن، ــــ دېدى سۆيلۈ.

ــــ چوڭ دېگۈچىلىك كېسەلمۇ ئەمەس، ــــ دېدى دەيىيۆي، ــــ بەدىنىم سەل بوشاشقاندەك قىلدى، ئازراق يېتىپلا تۇرۇپ كېتىمەن. سىلەر قايتىپ ئۆچىنچى خان قىز بىلەن شياڭيۈن خان قىزغا ئېيتىپ قويۇڭلار، غىزادىن كېيىن ئىشى بولمىسا كېلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتسۇن، باۋيۈي سىلەرنىڭكىگە بارمىغاندۇ؟

ــــ بارمىدى ! ــــ دەپ جاۋاب بەردى ئىككىيلەن.

ــــ باۋيۈي غوجام ئىككى - ئۈچ كۈندىن بۇيان مەكتەپكە بېرىۋاتىدۇ، ئۇلۇغ بېگىم ھەر كۈنى ئۇنىڭ ساۋاقلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ھەريان قاتراپ يۈرۈش نەدە دەيلا؟ ــــ دەپ قوشۇپ قويدى سۆيلۈ.

دەيىيۆي بۇ گەپكە لام - جىم دېمىدى. سۆيلۈ بىلەن سۆيمۇ بىردەم تۇرۇپ بېقىپ، ئاستىلا چىقىپ كېتىشتى.

تەنچۈن بىلەن شياڭيۈن شىچۈننىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى، ئۇلار شىچۈن سىزغان «نەزەر باغ مەنزىرىسى» توغرىسىدا، ماۋۇ ئارتۇق بولۇپ قاپتۇ، ئاۋۇ كەم قاپتۇ. مۇنۇ يەر شالاڭراق بولۇپ قاپتۇ، بۇ يەر زىچ بولۇپ قاپتۇ، دەپ باھا بېرىشتى، بېغىشلىما شېئىرىغا كەلگەندە، دەيىيۆينى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، دەپ كېڭىشى ئەۋەتكەندى. گەپ ئۈستىگە سۆيلۈ بىلەن سۆيمۇ ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ كېلىشتى.

ــــ دەيىيۆي خان قىز كەلمەپتۇغۇ؟ ــــ دەپ سورىدى شياڭيۈن ھەممىدىن بۇرۇن.

ــــ دەيىيۆي خان قىز تۈنۈگۈن كېچە يەنە ئاغرىپ قېلىپ، كېچىچە يۆتىلىپ چىقىپتۇ. شۆيەننىڭ ئېيتىشىچە، بىرمۇنچە قان تۈكۈرگەن ئوخشايدۇ، ــــ دېدى سۆيلۈ.

ــــ بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ ــــ دېدى تەنچۈن ھەيران بولۇپ.

— راست بولمايچۇ؟ — دېدى سۇيلۇ.
— بايا بىز كىرىپ كۆرۈپ باقتۇق، رەڭگىرويى بۆلەكچىلا بولۇپ قاپتۇ، گەپنىمۇ ئارانلا قىلىدۇ، — دېدى سۇيمۇ.
— ئەھۋال شۇنچىلىك دەرىجىدە يامان بولسا، ئەجەب گەپ قىلالايدىكەنغۇ؟ — دېدى شياڭيۈن.
— نېمانداق گالۋاڭسەن! گەپ قىلالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالسا، ئاللىبۇرۇن... — تەنچۈن گېپىنىڭ ئايغىنى دېمىدى.
— دەيىيۈي ئاچام شۇنداق ئەقىللىق قىز، مېنىڭچە، ئۇنىڭ كۆزى يەتمەيۋاتقان ئىشلار بولسا كېرەك، بىرەر ئىش قىلدىن قىيىق كەتسىلا ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قالىدۇ، دۇنيادا نەدە ئۇنداق راست چىقىشۋېرىدىغان ئىش بولاتتى؟ — دېدى شىچۈن.
— ئۇنداق بولسا، ھەممىمىز بېرىپ يوقلاپ كېلەيلى، — دېدى تەنچۈن، — ئەگەر كېسىلى ئېغىر بولسا چوڭ يەڭگىمىزگە بېرىپ ئېيتايلى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلسۇن، تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسەتسە بىر ئامالى بولار.
— شۇنداق قىلايلى! — دېدى شياڭيۈن.
— سىلەر ئاۋۋال مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن كەينىڭلاردىن باراي، — دېدى شىچۈن.
شۇنىڭ بىلەن تەنچۈن، شياڭيۈنلەر چۆرە قىزلارغا تايىنىپ بامبۇكزار سارايغا كېلىشتى. ھۇجرىغا كىرىشى بىلەنلا ئۇ ئېككىسىنى كۆرۈپ، دەيىيۈينىڭ كۆڭلى ئىختىيارسىز يەنە بۇزۇلدى. لېكىن، خىيالىنى بۆلۈپلا چۈشىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ: «ھەتتا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چېغىدا ماڭا شۇنداق قىلىۋاتسا، بۇلار قانداق بولماقچىدى؟ مەن تەكلىپ قىلمىغان بولسام، بۇلارمۇ كەلمەيتتى!» دەپ ئويلىدى، ئەمما كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى چىرايىدا بىلىندۈرمىدى، زىجۇەنگە ئۇزىنى يۆلەتكۈزۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
تەنچۈن بىلەن شياڭيۈن كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى، دەيىيۈينىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭمۇ كۆڭۈللىرى بۇزۇلدى.

www.uygurkitap.com

— ھېچقانچە ئەمەس، ئازراق ئىلەڭ ـ سىلەڭ بولۇپ قالدىم، — دېدى دەييۈي.

دەييۈينىڭ كەينىدە تۇرغان زىجۈەن ئوغرىلىقچە قولى بىلەن تۇكۇرۇكدانىنى كۆرسىتىپ قويدى. شياڭيۈن يېشى كىچىك ھەم مىجەزى تۈز بولغاچقا، تۇكۇرۇكداننى قولىغا ئالدى. كۆرمىسىمۇ بولغان، كۆرۈپلا چۆچۈپ، ئۆزىنى باسالماي:

— ئاچا، بۇ سىزنىڭ تۇكۇرۇكىڭىزمۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى ! — دەۋەتتى.

دەسلەپتە دەييۈي ئانچە خۇدنى بىلمىگەچكە، خەپرۇككە زەن سالمىغانىدى، شياڭيۈننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئېگىشىپ قاراپلا چىراپى تاتىرىپ كەتتى. تەنچۈن شياڭيۈننىڭ قاراملىق قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك چۈشەندۇردى:

— بۇ ئۆپكىنىڭ ئىسسىق سەپراسى ئۆرلەپ، سوغۇق تەگكەندە چىققان كىچىككىنە بىرنېمە، ئادەتتە بولىدىغان ئىش. شياڭيۈن قىز شەپشەكلىك قىلىپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتىدۇ.

شياڭيۈن قىزىرىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاغزى ئىتتىكلىك قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

تەنچۈن دەييۈينىڭ چارچاپ كەتكەندەك روھسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— جىم يېتىپ ئارام ئېلىڭ، بىز سىزنى يوقلاپ يەنە كېلىمىز ! — دېدى.

— ياد ئەتكىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدى دەييۈي.

تەنچۈن يەنە زىجۈەنگە:

— خان قىزغا كۆڭۈل قويۇپ ئوبدان قاراڭلار ! — دەپ تاپىلىدى.

زىجۈەن خوش دەپ جاۋاب بەردى. تەنچۈن ئەمدى قوزغىلاي دەپ تۇرۇشىغا، تالادا بىركىمنىڭ سۈرەن سالغىنى ئاڭلاندى. ئۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى باپتىن بىلگەيسىز.

# سەكسەن ئۈچىنچى باب

## كېسەل تەگكەن خانىش يۈەنچۈننى تۈغقانلىرىنىڭ ئۆردىغا كىرىپ يوقلىغانلىقى
## هۈجرىدىكى غەلۋىگە شۆ باۋچەينىڭ لېۋنى چىشلەپ چىداپ تۇرغانلىقى

شۈنداق قىلىپ، تەنچۈن بىلەن شياڭيۈن ماڭايلى دەپ قوزغالغاندا، تالادا بىر كىمنىڭ سورەن سالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:

— ئادەم بولمايدىغان جۈۋاينىمەك! باغقا كىرىپ ئېلىشتۇرىدىغانغا سەن قانچىلىك بىرنېمىدىڭ!

بۇنى دەييۈي ئاڭلاپ قېلىپ ۋارقىردى:

— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى! — بىر قولىدا دېرىزىدىن تالانى كۆرسەتكىنىچە، كۆزلىرى قادىلىپلا قالدى.

دەييۈي جيا ئانا ئامراق بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنىڭ ھىمايىسىدە نەزەرباغدا تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا باشقىلار بىلەن رابىتە قىلغاندا، ھەرقانداق ئىشتا ھەربىر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن باساتتى. موماينىڭ قىلغان بۇ ئاھانىتى باشقىلارغا بىرەر ئېغىز ىمۇ يۇقۇشماي، خۇددى دەييۈيگە قارىتىلغاندەكلا تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىچە ئويلاندى: بىر ئېسىلزادە خان قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولمىغىنى ئۈچۈنلا بۇ موماينى ئۇنىڭغا بۇنداق ئاھانەت قىلىشقا سالغان كىمدۇ؟ بۇ ئازارغا قانداق چىدىغۇلۇق؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرەك ـ باغرى يېرىلغۇدەك بولۇپ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى.

— خان قىز، نېمە بولدىڭىز؟ ھوشىڭىزغا كېلىڭ! — دەپ

www.uyghurkitap.com

زىجۇەنمۇ يىغلاپ تاشلىدى. تەنچۈنمۇ ئۇنى بىرپەس قىچقىرىپ باقتى. بىر هازادىن كېيىن دەيىۈيىنىڭ تىنىقى ئىزىغا چۈشتى، لېكىن تىلى گەپكە كەلمىدى. قولى تېخىچە دېرىزىدىن تالانى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

تەنچۈن ئەھۋالنى چۈشىنىپ، تالاغا چىقىپ قاراپ باقتى. بايىقى موماي قولىدا هاسا، قولى ئەگرىلىك قىلىغان شەپشەك قىزنى سۆرۈپ يۈرەتتى:

— مەنغۇ بۇ باغدىكى گۈل - گىياھ، مېۋە - دەرەخلەردىن خەۋەر ئالغىلى كىرگەن، سەن نېمىدەپ كىردىڭ؟ خەپ توختاپ تۇر، ئۆيگە بارغاندىن كېيىن تاياق بىلەن ساڭا ئۇقتۇرۇپ قويىمىسام!

بايىقى قىز بويۇن تولغاپ، بارمىقىنى ئاغزىغا تىققىنىچە، مومايغا قاراپ كۈلەتتى.

— سەنلەر ئەمدى بارغانسېرى قائىدىدىن چىقىپ كېتىشىۋاتىسەن! بۇ يەر سىنىڭ ئادەم تىللايدىغان يېرىڭمىدى؟ — دەپ كايىدى تەنچۈن ئۇ مومايغا.

موماي تەنچۈننى كۆرۈشى بىلەنلا ھىجىيىپ:

— بۇ مېنىڭ قىز نەۋرەم ئىدى، مېنىڭ بۇ يەرگە ماڭغىنىمنى كۆرۈپلا كەينىمدىن ئەگىشىپ كىرىپتۇ. ئۇنى غەلۋە قىلارمىكىن دەپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىغاندىم، بۇ يەردە ئادەم تىللاشقا مېنىڭ ھەددىممۇ؟ — دېدى.

— بولدى، تولا ۋالاقشىماي چىقىپ كېتىڭلار، بۇ يەردە خان قىزنىڭ تاۋى يوق، چاپسانراق نېرى بولۇڭلار! — دېدى تەنچۈن.

موماي «خوش، خوش» دېگىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى، ھېلىقى قىزمۇ قېچىپ كەتتى. تەنچۈن ئۆيگە قايتىپ كىردى. شياڭيۈن دەيىۈيىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلاۋاتاتتى، زىجۇەن بىر قولىدا دەيىۈينى يۆلەپ، بىر قولىدا دەيىۈيىنىڭ مەيدىسىنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى. دەيىۈيىنىڭ كۆزلىرى بارا - بارا ئوڭلاندى.

— موماينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، گۇمان قىلىپ قالغان

ئوخشايسىز؟ — دەپ كۈلدى تەنچۈن.
دەيىۋې بېشىنى چايقاپلا قويدى.
— ئۇ موماي ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسىنى تىللاپتۇ، مەنمۇ بايا ئاڭلىغانىدىم، — دېدى تەنچۈن، — مۇنداق بىرنېمىلەرچۇ، بىزەمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ھەزەر قىلىش دېگەن نېمىنى بىلەمتى؟
دەيىۋې ئۇھ تارتىپ، تەنچۈننىڭ قولىنى تۇتتى:
— ئاچا... — ئۇ قايتا گەپ قىلالمىدى.
— ئىچىڭىزنى پۇشۇرماڭ، — دېدى تەنچۈن، — بىز بولساق ئاچا - سىڭىل، مەن ئەلۋەتتە سىزنى يوقلاپ تۇرۇشۇم كېرەك، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىدىغانلارمۇ ئاز. خاتىرجەم بولۇپ، دورا يەپ بەرسىڭىز، كۆڭلىڭىزدە ھەمىشە خۇشاللىقنى ئويلاپ تۇرسىڭىز، كۈندىن - كۈنگە تىمەنلىشىسىز، ئاندىن ھەممەيلەن بالدۇرقىدەك جەمئىيەت قۇرۇپ شېئىر يازساق ئوبدان ئەمەسمۇ؟
— شۇنى دەڭە، ئۇچىنچى ئاچامنىڭ دېگىنىدەك قىلسىڭىز كۆڭلىڭىزمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ! — دېدى شياڭيۈن.
— سىلەر مېنى خۇش قىلىشنىڭلا كويىدا بولۇۋاتىسىلەر، لېكىن مەن بىچارە ئۇ كۈنلەرگە يېتەلەمدىمەن؟ ھەي، ئۇنىڭغا ئۇلىشالمايدىغان ئوخشايمەن! — دېدى دەيىۋې ئۇھسىنىپ.
— بۇ گېپىڭىز تولىمۇ ئېشىپ كەتتى، ئاغرىپ - تارتىپ قالمايدىغان كىم بار؟ — دېدى تەنچۈن، — شۇنىمۇ ئويلامدىكەن؟ ئوبدان ئارام ئېلىڭ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا بېرىپ مەلۇم قىلىپ قويۇپ، يەنە سىزنى يوقلىغىلى كېلىمىز. سىزگە نېمە كېرەك بولسا زىجۇەننى ماڭا ئەۋەتىڭ.
— ئوبدان سىڭلىم! — دېدى كۆز يېشى قىلىپ دەيىۋې، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مېنىڭدىن سالام ئېيتىڭ، مېنى بىر ئازلا ساقسىز بولۇپ قاپتۇ، چوڭ دېگۈدەكمۇ كېسەل ئەمەس، دەپ قويۇڭ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم غەم يەپ كەتمىسۇن.
— ئۇقمەن، ئۆزىڭىزنى ئوبدان كۈتۈڭ، — دېدى تەنچۈن،

ئاندىن شياڭيۇن بىلەن چىقىپ كەتتى.

زىجۇەن دەييۇينى يۆلەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى، پەستىكى ئىشلاردىن شۆيەن خەۋەر ئالدى، زىجۇەن ئۆزى يالغۇز دەييۇينىڭ يېنىدا قاراپ تۇردى، دەييۇينىڭ ئەھۋالىدىن ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يىغلاشقا پېتىنالمىدى. دەييۇي خېلى ۋاقىتقىچە كۆزىنى يۇمۇپ باقتى، بۇ ھالدا ئۇ ئۇخلىيالامتى؟ ئادەتتىكى چاغلاردا باغنىڭ ئىچى زېرىكەرلىك، جىمجىت بولۇپ قالاتتى، ھازىر بولسا قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا شامالنىڭ ئىسقىرتىشى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى، قۇشلارنىڭ سايرىشى، كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، يىراقتا باللارنىڭ ئىڭراشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى، شۇڭا پات ـ پاتلا دادلاپ بىئارام بولۇۋېرىپ، زىجۇەنگە چىملىدىقنى چۈشۈرگۈزۈۋەتتى. شۆيەن بىر چىنە قارلىغاچ چاڭگىسىدىن قاينىتىلغان شورپىنى ئېلىپ كىرىپ زىجۇەنگە بەردى. زىجۇەن چىملىدىقنىڭ تېشىدا تۇرۇپلا:

— خان قىز، شورپىدىن ئۇتلاپ باقامسىز؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

دەييۇي ئارانلا «ھە» دەپ جاۋاب بەردى. زىجۇەن شورپىنى يەنە شۆيەنگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى كارىۋاتقا چىقىپ دەييۇينى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن شورپىنى ئېلىپ، ئۆزى لېۋىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ، بىر قولىدا دەييۇينى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، بىر قولىدا شورپىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى. دەييۇي كۆزىنى ئاران ئېچىپ، ئىككى ـ ئۈچ ئۇتلاپلا، ئىچمەيمەن دەپ بېشىنى چايقىدى. زىجۇەن چىنىنى شۆيەنگە سۇنۇپ بېرىپ، دەييۇينى ئاستا پەپىلەپ ئۇخلاتتى. ئۇ بىردەم تىنچىپ، ئارام ئالغاندەك بولۇۋىدى، دېرىزىدىن بىر كىمنىڭ ئاستاغىنا:

— زىجۇەن سىڭلىم ئۆيدىمۇ؟ — دېگىنى ئاڭلاندى. شۆيەن ئالمان ـ تالمان چىقىپ قارىۋىدى، ئۇ شىرېن ئىكەن.

— ئاچام ئۆيدە، — دېدى شۆيەن ئاستا.

— خان قىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ ئاستا سورىدى شىرىن كىرىپ كېلىۋېتىپ.

شۆيەن كېچىچە ۋە بايا بولغان ئىشلارنى دەپ بەردى. شىرىن چۆچۈپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

— بايا سۇيلۇ بىز تەرەپكە بېرىپ سىلەرنىڭ خان قىزنى ئاغرىپ قاپتۇ، دېۋىدى، باۋيۇي غوجام قورقۇپ كېتىپ، دەرھال مېنى بېرىپ كۆرۈپ كەلگىن، ئەھۋالى قانداقراقكىن دەپ ئەۋەتتى، — دېدى.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا زىجۇەن ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ مىلەڭزىسىنى قايرىپ، شىرىننى كۆرۈپلا، «بېرى كەل» دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. شىرىن شىپ ـ شىپ دەسسەپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

— خان قىز ئۇخلاپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

زىجۇەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— ئاچا، ئەمدى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— زادى قانداق قىلىدىغان ئىشكىنتاڭ؟ ئاۋۇ غوجاممۇ كېچىچە مېنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرەي دېدى! — دېدى.

— نېمە بولدى! — دەپ سورىدى. زىجۇەن.

— تۈنۈگۈن ئاخشام بىر ئوبدانلا يېتىپ قالغان، — دېدى شىرىن، — يېرىم كېچە بولغاندا، ۋاي يۈرىكىم دەپ توختىماي ۋاي سېلىپ كەتتى، ئاغزىغا كەلگىنىنى دېگىلى تۇردى. خۇددى يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك بولۇپ كەتتى، دەيدۇ. شۇ غەلۋە قىلغانچە، تاڭ جېسەكچىسى جىڭ قاققاندىن كېيىنلا سەل بېسىلدى. دېگىنە، مۇشۇنداق ئىشتا كىشىنىڭ قورققۇسى كەلمەمدۇ؟ بۈگۈن مەكتەپكىمۇ بارالمىدى، تېۋىپ قىچقارتىپ دورا ئىچۈرمەكچى بولۇۋاتىمىز.

بۇلار گەپلىشىۋاتقاندا، چىمىلدىق ئىچىدە دەييۇي يەنە يۆتىلىشكە باشلىدى، زىجۇەن ئىتتىك بېرىپ تۈكۈرۈك قاچىسىنى تۇتۇپ بەردى. دەييۇي كۆزىنى ئارانچە ئېچىپ:

www.uyghurkitap.com

— كىم بىلەن گەپلىشىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— شىرىن ئاچام سىزنى يوقلاپ كەپتۇ، — دېدى زىجۇەن.

ئاڭغىچە شىرىنمۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى. دەييۈي ئۆزىنى زىجۇەنگە يۆلەتكۈزۈپ، شىرىننى ئولتۇر دېگەننى قىلىپ قولى بىلەن كارىۋاتنىڭ لېۋىنى كۆرسەتتى. شىرىن يېنىچە ئولتۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ:

— خان قىز، يېتىۋەرسىلە، — دەپ سايە قىلدى.

— ھېچقىسى يوق، سىلەر ئۈنچىۋالا ئالاقزەدە بولۇپ كەتمەڭلار! — دېدى دەييۈي، — يېرىم كېچىدە يۈرىكى ئاغرىدى دەپ بايا كىمنىڭ گېپىنى قىلدىڭلار؟

— باۋيۈي غوجامنى قارا بېسىپ قاپتىكەن، ئۈنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق، — دېدى شىرىن.

دەييۈي گەپنىڭ مەنىسىگە يەتتى، شىرىننىڭ ئۆزىنى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويغانلىقىنى چۈشىنىپ، مىننەتدارمۇ بولدى ھەم كۆڭلىمۇ بۇزۇلدى.

— قارا باسقان بولسا، ئۇنىڭ نېمە دەپ جۆيلۈگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ بىردىنلا سوراپ قالدى دەييۈي.

— ھېچنېمە دېمىدى، — دېدى شىرىن.

دەييۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، خېلىدىن كېيىن ئۇلۇغ بىر تىندى ـ دە:

— سىلەر باۋيۈي غوجامغا مېنى ساقىسىز ئىكەن دېمەڭلار، بولمىسا ئۇنىڭ ئوقۇشىغا دەخلى يېتىدۇ، چوڭ بېگىممۇ ئۇنىڭغا خاپا بولىدۇ، — دېدى.

شىرىن خوش دەپ بولۇپ:

— خان قىز، يېتىپ ئارام ئالسىلا، — دېدى.

دەيىيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆزىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشقا زىجۇەننى بۇيرۇدى. شىرىن ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى بېرىپ قويۇپ، ئاندىن خوشلىشىپ ياندى. ئارامبەخش ھويلىغا كەلگەندە،

باۋيۇيگە دەيىۇينىڭ ئازراق تاۋى يوق بولۇپ قاپتۇ، چوڭ كېسەل ئەمەس ئىكەن، دەپ قويدى، باۋيۇينىڭ ئاندىن كۆڭلى تىندى.

تەنچۇن بىلەن شياڭيۈن بامبۇكزار سارايدىن چىقىپ ئۇدۇل جيا ئانا تەرەپكە ماڭدى.

— سىڭلىم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا كۆرۈنۈش قىلغاندا، بايىقىدەك دېۋەڭلىك قىلىپ قويماڭ جۇمۇ، — دەپ جېكىلىدى تەنچۇن شياڭيۈنگە.

— ئۇقتۇم، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى شياڭيۈن، — دەسلەپتە كۆرۈپلا قورقۇپ كېتىپ، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن.

ئۇلار جيا ئانىنىڭ قېشىغا كىرگەندە، تەنچۇن دەيىۇينىڭ كېسىلى توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەردى. جيا ئانا ئاڭلاپ كۆڭلى پەرىشان بولدى ۋە:

— ئاشۇ ئىككى «يۇي»لا مۇشۇنداق ئاغرىق - سىزلاقتىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدۇ. دەيىۇي قىزمۇ ئۇنداق - مۇنداق دەپ يۈرۈپ چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تەن ساقلىقى ھەممىدىن مۇھىم، مېنىڭ نەزىرىمچە، ئۇ بالىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئىنچىكە، — دېدى. باشقىلار بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئاندىن جيا ئانا يۈەنياڭغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەن ئۇلارغا ئېيتىپ قوي، ئەتە تېۋىپ كېلىپ باۋيۇينى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، تېۋىپنى دەيىۇي قىزنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ بارسۇن.

يۈەنياڭ خوش دەپ چىقىپ، خىزمەتكار ئاياللارغا ئېيتىپ قويدى. خىزمەتكار ئاياللار بۇ گەپنى يەتكۈزگىلى مېڭىشتى. تەنچۇن بىلەن شياڭيۈن ئىككىسى جيا ئانا بىلەن كەچلىك غىزانى يەپ بولغاندىن كېيىن، باغقا يېنىپ كىرىشتى.

ئەتىسى تېۋىپ كەلدى. باۋيۇينى كۆرۈپ: غىزا سىڭمەي، ئازراق شامال دەرىپتۇ. ھېچقىسى يوق، يەلىنى سەل يۈرۈشتۈرۈۋەتسە ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە فېڭجيېلار دورا قەغىزىنى جيا ئانىغا كۆرسىتىشكە

كىشى بۇيرۇۋەتتى، ئاندىن بامبۇكزار سارايىغا «تېۋىپ كېلىدۇ» دەپ ئېيتىپ قويۇشقا كىشى ئەۋەتتى. زىجۇەن خەۋەر تېپىپ، دەرھال دەييۇيگە يوتقان يېپىپ چىمىلدىقنى چۈشۈرۈۋەتتى، شۆيەن ئۆيدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، جيا ليەن تېۋىپنى باشلاپ كىرىپ:

— بۇ تېۋىپ بېگىم بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدۇ، قىزلار، قاچىمىساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى.

خىزمەتكار موماي مىلەڭزە قايرىپ بەردى، جيا ليەن تېۋىپنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى.

— زىجۇەن ئاچا، ئاۋۋال خان قىزنىڭ كېسىلىنى ۋاڭ بېگىمگە سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى جيا ليەن.

— سۆزلىمەيلا قويسۇن، — دېدى ۋاڭ تېۋىپ، — تومۇرىنى تۇتۇپ مەن دەپ باقاي، توغرا چىقامدىكىن. مۇۋاپىق كەلمەي قالغان يەرلىرى بولسا، ئاندىن قىزلار ماڭا دەپ بەرسۇن.

زىجۇەن چىمىلدىقتىن دەييۇينىڭ بىر قولىنى چىقىرىپ، بېغىش ياستۇققا قويۇپ بەردى. زىجۇەن تومۇرىنى بېسىۋالمىسۇن دەپ، دەييۇينىڭ يېڭىنى قايرىپ، بىلەزۈكىنى ئاستا يۇقىرىغا سىيرىپ قويدى. تېۋىپ بۇ قولىنىڭ تومۇرىنى خېلى ئۇزاق تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنىڭ تومۇرىنىمۇ تۇتۇپ باقتى. ئاندىن جيا ليەن بىلەن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ:

— ئالتە پەللە تومۇرى كىرىشتەك تارتىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىچىگە دەرد تۈگۈلۈپ قالغانلىقتىن بولىدۇ، — دېدى.

زىجۇەن چىقىپ، ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە تۇردى. ۋاڭ تېۋىپ زىجۇەنگە شۇنداق دېدى:

— بۇ كېسەلنىڭ ئالامىتى شۇكى، دائىم بېشى قايىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، تولا چۈش كۆرىدۇ، ھەمىشە بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا بىرقانچە قېتىم ئويغىنىپ كېتىدۇ. كۈندۈزلىرى ئۆزىگە ئالاقىسى بولمىغان ئىشلارنى ئاڭلىسىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەيدۇ، گۇمان ـ ئەندىشىنى تولا قىلىدۇ. بىلمىگەنلەر مىجەزى

www.uyghurkitap.com

قىيىق دەيدۇ، ھەقىقەتتە بولسا جىگەر زەئىپلىشىپ، يۈرەك ماغدۇرسىزلانغان، بۇ ئەھۋال ئاشۇ كېسەلنىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ. شۇنداقتۇ؟

زىجۈەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، جيا لىيەنگە قاراپ:

— دېگىنى توغرا، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بولدى، — دېدى ۋاڭ تېۋىپ ئورنىدىن تۇرۇپ. ئاندىن جيا لىيەن بىلەن تاشقىرىقى كۈتۈپخانىغا چىقىپ دورا قەغىزى يېزىپ بەرمەكچى بولدى.

مۇلازىم بالىلار ئاللىقاچان كۆكۈچ قىزىل قەغەزنى تەييارلاپ قويغانىدى. ۋاڭ تېۋىپ چاي ئىچىپ بولۇپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ يازدى:

ئالتە پەللە تومۇرى كىرىشتەك قاتتىق، بۇ ئىچىگە دەرد تۈگۈلگەنلىكتىن بولىدۇ. سول بېغىشىنىڭ بىر ئىلىك تومۇرى كۈچسىز، بۇ يۈرەك ماغدۇرسىزلىقىنىڭ ئالامىتى. ئىككى ئىلىك تومۇرى گۈپۈلدەپ سوقىدۇ، بۇ جىگەردە ئىسسىق سەپرا ئۆرلىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. گىيا ئاناسىرىدىن بولغان يەل راۋان بولالماي يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىپ، مەيدىنىڭ خاك ئاناسىرىغا دەخلە قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن غىزا تېتىماس بولۇپ قالغان؛ ھەتتا ئۆپكىنىڭ مەدەن ئاناسىرى بۇنىڭغا غالىب كېلەلمەي، ئەكسىچە پالاكەتكە ئۇچرىغان؛ يەل يۇرۇشمەي، خىلىت تۈگۈلۈپ بەلغەمگە ئايلانغان؛ يەل تۈپەيلىدىن قان يۇقىرىغا ئۆرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە يۆتەل تۇتۇپ ھۆ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جىگەرنى تازىلاپ، ئۆپكىنى ئاسراش ۋە يۈرەك بىلەن مەيدىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا لايىق قۇۋۋەت دورىلىرى بولسىمۇ، ھازىرچە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئالدى بىلەن «ئەسۋەدى كۈشاد» دورىسىنى يەپ بېرىپ، ئاندىن «ئۆپكىدە مەدەن ئاناسىرىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش» دورىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئىشلەتسە بولىدۇ. نادانلىقىمغا قارىماي بۇ پەرەزلىرىمنى بايان قىلدىم، بۇ ھەقتە دانا ھۆكۈما قايتا ھۆكۈم قىلىپ باققاي.

ئاندىن ئۇ يەتتە لەززەت دورىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسىنى يېزىپ بەردى.

جيا ليەن قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىپ:

— قان يۇقىرىغا ئۆرلەپ تۇرغاندا پەربۇننى يېسە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بېگىم، ئۆزلىرى پەربۇننىڭ ئۆرلىتىش خۇسۇسىيىتى بولغانلىقىدىن بۇرۇندىن قان ئاقتۇرۇپ قويىدۇ دەپ، ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىش كېرەكلىكىنىلا بىلىدىلا، — دەپ كۈلدى ۋاڭ تېۋىپ، — شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، پەربۇن ئەگەر تاشپاقا قېنى بىلەن قورۇلىدىغان بولسا، مەيدە، ئۇچەي، ئۆتتىن ئىبارەت كىچىك مۇئەننىسلەردىكى يەلنى پەقەت پەربۇنلا يۇرۇشتۇرەلەيدۇ. تاشپاقا قېنى بىلەن تەييارلىسا، پەربۇننىڭ ئۆرلىتىش خۇسۇسىيىتى سۇنۇپ، ئەكسىچە جىگەرگە ياردەم بېرىپ، بۇزۇق سەپرانى چەكلەيدۇ. شۇڭا، «رەسمىي رىسالە»①دە: «خىلىت تۇپەيلىدىن بولسا خىلىتنى راۋان قىلىدۇ، سۇددە تۇپەيلىدىن بولسا سۇددىنى ھەيدەيدۇ» دېيىلگەن. مۇبادا پەربۇن تاشپاقا قېنى بىلەن قورۇلىدىغان بولسا، خۇددى «جۇبۇننىڭ كۈچى بىلەن ليۇسىننىڭ ئىقلىمىنى تىنچىتقاندەك»② تەسىر كۆرسىتىدۇ.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە، — دېدى جيا ليەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى.

— ئاۋۋال مۇشۇ ئىككى خىل دورىنى ئىچىپ كۆرسە، —

① «رەسمىي رىسالە» قەدىمكى جۇڭيى تېبابەتچىلىك كىتابى «خۇاڭدى زامانىسىدىكى رەسمىي رىسالە»نىڭ قىسقىچە نامى. ئېھتىمال ئالدىنقى چىن خانلىقى زامانىسىدىكى تىب ئالىملىرى تۈزگەن بولسا كېرەك.

② جۇبو — خەن زامانىسىدىكى سەركەردە. بۇ يەردە: پەربۇننىڭ تەبىئىتى سوغۇق، ئۇنىڭغا تاشپاقا قېنى قوشۇلسا تېخىمۇ سوغۇق دورا بولىدۇ، ئۆز جايىدا ئىشلىتىلسە كېسەلنى ساقايتقىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىدە كەلتۈرۈلگەن.

دېدى ۋاڭ تېۋىپ يەنە، — كېيىن دورىلارنىڭ تەركىبىنى قوشۇپ ياكى كېمەيتىپ ئۆزگەرتىپ بېرەرمەن، ياكى بولمىسا باشقا دورا يەڭگۈشلەپ بېرەرمەن. مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايمەن، باشقا كۈنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن.

جيا ليەن ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىپ:

— ئىنىمىزغا بېرىلىدىغان دورا ئاشۇلىمۇ، — دەپ سورىدى.

— باۋيۈي غوجامدا ھېچقانچە چوڭ دېگۈدەك كېسەلمۇ يوق، يەنە بىر قېتىم دورا يېسە ساقىيىپ قالىدۇ، — دەپ قويۇپ، ۋاڭ تېۋىپ مەيىگە چۇشۇپ قايتىپ كەتتى.

جيا لىيەن دورا ئەكېلىشكە كىشى بۇيرۇۋېتىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ، فېڭجيېگە دەييۈينىڭ كېسىلىنى، تېۋىپنىڭ يېزىپ بەرگەن دورىسىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. شۇ ئارىدا جۇرۇينىڭ ئايالى كىرىپ، ئانچە زۆرۈر بولمىغان بىرقانچە ئىش ئۈستىدە مەلۇم قىلغىلى باشلىۋىدى، جيا لىيەن ئۇنىڭ گېپىنى يېرىمىغىچە ئاڭلاپ بېقىپ:

— ئىككىنچى كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلىڭ، مېنىڭ ئىشىم بار، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

جۇرۇينىڭ ئايالى ئىشلىرىنى مەلۇم قىلىپ بولۇپ:

— مەن بايا لىن دەييۈي خان قىز تەرەپكە ئۆتكەنىدىم، ئۇنىڭ كېسىلى خەتەرلىكتەك كۆرۈندى. چىرايىدا قان دىدارى يوق، بەدىنىنى سىلاپ باقسام قۇرۇق سۆڭەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئۆزىدىن گەپ سورىسام، گەپمۇ قىلماي يۇم - يۇم يىغلايدۇ. كېيىن زىجۇەن ماڭا: «خان قىز ھازىر ئاغرىپ ياتىدۇ، كېرەكلىك نەرسىنى ئۆزى ئالدۇرغۇسى كەلمەيدۇ. كېلىن ئاغىچىغا ئېيتىپ، بىر - ئىككى ئايلىق مائاشىنى ئېلىپ خەرج قىلىپ تۇرايمىكىن دەۋاتىمەن. ھازىرغۇ دورا پۇلى ئومۇمىي خىراجەتتىن بېرىلىۋاتىدۇ، لېكىن پارچە - پۇرات خەرج ئۈچۈن پۇل كېرەك بولىدىكەن» دېدى. ئۇنىڭغا: مەن كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلاي، دەپ جاۋاب بەردىم، — دېدى.

فېڭجيې خېلىغىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ:

— ئەمىسە بۇنداق بولسۇن، ئۇنىڭ خەرجى ئۈچۈن مەن بىرنەچچە سەر كۈمۈش بېرەي، — دېدى، — بۇنى دەپيۈي قىزغىمۇ ئېيتمىسۇن، ئايلىق مائاشىنى ئالدىن چىقىم قىلىش تەس. تۈزۈمنى بۇزۇپ، بىرىگە بۇنداق قىلساق، باشقىلارمۇ ئۇنى دوراپ قەرز ئالىمىز دەپ قويسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ جاۋ كىچىك ئاپا بىلەن ئۈچىنچى خان قىزنىڭ تاكاللىشىپ قالغىنى ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭ جېدىلىمۇ باشقا ئىش ئۈستىدە ئەمەس، ئايلىق مائاش توغرىسىدا بولغان. يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، چىقىم كۆپ، كىرىم ئاز. بۇ ئەھۋالنى ھېچلا ئوڭلىيالمايۋاتىمىز. بىلمىگەنلەر مېنى ئوبدان ھېسابلىيالمايدۇ، دەيدۇ. تىلىنى چاينايدىغانلار تېخى مېنى ئۆز ئانىسىنىڭكىگە يۆتكەپ كېتىۋاتامدىكىن دەپمۇ غاجايدۇ. جۇ يەڭگە، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرى سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئۆتۈپ تۇرغاچقا، بۇ ئەھۋالنى، ئەلۋەتتە، سىزمۇ ئانچە ـ مۇنچە بىلىسىز.

— بۇ خەق راستلا كىشىگە ئۆلگۈدەك ئەلەم قىلىشىدىكەن! بۇنداق چوڭ خانىدانىدىچۇ، پەقەت ئۆزلىرىلا مۇشۇنداق ئېدىتلىق غوجىدارلىق قىلالايدىلا. ئايالار ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ دېيىشقۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ئۈچ بېشى، ئالتە قولى بولغان ئەر خەقمۇ كۈچ ئېلىشالمايدۇ. شۇنداقمۇ بولمىغۇر گەپنى دېيىشىدىكەن تېخى! — جۇرۇينىڭ ئايالى شۇنداق دەپ قويۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — خېنىم، تېخى ئۆزلىرى ئاڭلىمىدىلا، سىرتتىكى ئادەملەر ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەن! قايسى كۈنى جۇرۇي ئۆيگە قايتىپ كېلىپ سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ دېگەن گەپلىرىنى دەپ بەردى، ئۇلار بىزنىڭ خانىدانىنى، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك پۇلى بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن، دېيىشىدىكەن. بەزىلىرى: «جيا خانىدانىدا كۈمۈش خەزىنىسى مۇنچە، ئالتۇن خەزىنىسى ئۇنچە، ئىشلىتىلىدىغان

جابدۇق ـ سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، قاشتاشتىن كۆز قويۇلغانىكەن» دەيدىكەن. بەزىلىرى تېخى: «چوڭ خان قىز خانىش بولدى، ئەلۋەتتە خان ھەزرەتلىرىنىڭ خانىدانىدىكى نەرسىلەردىن يېرىمىنى ئۆز ئائىلىسىگە ئاپىرىپ بەرگەن بولماي. قايسى چاغدا خانىش تۇغقان يوقلاپ كەلگەندە، ئۆزى بىلەن بىرنەچچە هارۋىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. شۇڭا، بۇلار ئۆي ـ جايىنى خۇددى بىللۇر ئوردىدەك ياساپ جابدۇۋېتىپتۇ. قايسى كۈنى بۇتخانىدا تەڭرىنىڭ ھەققىگە نەزىر ـ سەدىقە قىلغاندا، نەچچە تۈمەن سەر كۈمۈش خەجلەشكەن بولسىمۇ، بۇ پەقەت يېرىم كالىنىڭ بەدىنىدىكى بىر تال موينى يۇلغانچىلىكلا ئىش» دەيدىكەن. بەزى ئادەملەر تېخى: «ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى شىرلار ھېچبولمىغاندا قاشتاشتىن ياسالغان. بېغىدا ئىككى ئالتۇن بوبرا كېيىك بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن بىرسىنى خەق ئوغرىلىۋېلىپ، هازىر بىرسى قاپتۇ. خانىدانىدىكى كېلىن ئاغىچا، خان قىزلار بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ھۇجرىلاردا خىزمەت قىلىدىغان قىزلارمۇ قىمىرلاپ قويمايدىكەن، شاراب ئىچىش، شاھمات ئويناش، ساز چېلىش، رەسىم سىزىش ئىشلىرىدا تېخى باشقىلار ئۇلارنى كۈتىدىكەن. ئۇلار پەقەت كىيىنىش ـ جابدۇنۇش ئىشىغىلا قارايدىكەن. يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرى خەقلەر كۆرۈپمۇ باقمىغان نەرسىلەر ئىكەن. غوجاملار، خېنىملار توغرىسىدىغۇ گەپ لازىم ئەمەس، ئۇلار ئاسماندىكى ئاي كېرەك دېسە، بىر كىم شۇنىمۇ ئۇلارغا ئوينىغىلى ئېلىپ بېرىدىكەن» دېيىشىدىكەن. بۇ توغرىدا قوشاقمۇ قوشۇۋاپتۇ: «نىڭگو قەسرى بار ئىكەن، رۇڭگو قەسرى بار ئىكەن، ئالتۇن ـ كۈمۈش دۇنياسى، توپىدىنمۇ خار ئىكەن، يېگىنىنىڭ چامى يوق، ئېگىنىنىڭ سانى يوق، بىر ھېسابتا...» جۇرۇينىڭ ئايالى شۇنداق دەپ كېلىپ، بىردىنلا گېپىنىڭ ئايىغىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئەسلىدە قوشاقتا: «بىر ھېسابتا دەپ كەلسە، ئاخىرىنىڭ تايىنى

يوق» دېيىلگەنىدى. جۇرۇينىڭ ئايالى ئېغىز يۇگۇرۇكلۇك قىلىپ ئۇ قوشاقنى ئېيتىپ بايىقى يېرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ياخشى گەپ ئەمەسلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، ئايىغىنى دېمەي ئۈچىگە يۇتۇۋەتكەنىدى.

فېڭجيېمۇ قوشاقنىڭ ئايىغىدىن ياخشى گەپ چىقمايدىغانلىقىنى پەملەپ، سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمىدى.

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق، بىراق «ئالتۇن بوبرا كېپىك» دېگەن گەپ نەدىن كېلىپ چىققاندۇ؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— بۇتخانىدىكى دەرۋىش بوۋاي باۋيۈي غوجامغا بەرگەن ھېلىقى كىچىك ئالتۇن بوبرا كېپىكنى دەيدىغاندۇ، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى كۈلۈپ، — كېيىن ئۇنى يىتتۈرۈپ قويۇپتىكەن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شياڭيۈن قىز تېپىۋېلىپ ئۆزىگە ياندۇرۇپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سىرتتا ئاشۇنداق ئۆسەك گەپ تارقىلىپتۇ. قارىسىلا خېنىم، بۇ خەقنىڭ گەپلىرى نېمىدېگەن كۈلكىلىك گەپلەر ـ ھە!

— بۇ كۈلىدىغان گەپ ئەمەس، قورقۇنچلۇق گەپلەر! — دېدى فېڭجيې، — بىز كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتساقمۇ، تالا ـ تۈزدە بىزنى شۇنداق دېيىشىدىكەن. كونىلارنىڭ «ئادەم ئاتاق چىقىرىشتىن، توڭغۇز ئەت ئېلىشتىن قورقسا بولىدۇ» دېگەن بىر گېپى بار. بىزنىڭ ئاتىقىمىز بولغىنى بىلەن، ئۇ قۇرۇق ئاتاق. ئاخىرى قانداق بولاركىنتاڭ؟

— خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشە قىلغانلىرىمۇ توغرا، — دېدى جۇرۇينىڭ ئايالى، — پۈتۈن شەھەردىكى چايخانا، قاۋاقخانىلاردا، ھەتتا ئەھلىمەھەللىنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدىكەن، بۇ گەپ چىققىلى بىر يىلدىن ئاشتى. خەقنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالغىلى بولامتى؟

فېڭجيې بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ئاندىن يىڭئېرنى قىچقىرىپ، بىرنەچچە سەر كۈمۈش سەرلىتىپ جۇرۇينىڭ ئايالىغا بەرگۈزدى.

— هازىرچە مۇشۇنى ئاپىرىپ زىجۇەنگە بېرىڭ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن مېنى سەپلەپ بەردى دەڭ، — دېدى ئۇ، — ئومۇمىي خىراجەتتىن ئالدىغىنىنى ئېلىۋەرسۇن، ئايلىق مائاشىنىڭ كېيىنى قىلمايلا قويسۇن. ئۇمۇ ھوشيار قىز، مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنىدۇ. پۇرسەت تاپسام، كىرىپ خان قىزنى يوقلاپ چىقىمەن، — دېدى.

جۇرۇيىنىڭ ئايالى كۈمۈشنى ئېلىپ، خوش دەپ چىقىپ كەتتى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

جيا ليەن تالاغا چىقىشى بىلەنلا، مۇلازىم بالا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— چوڭ بېگىمنىڭ ئۆزلىرىگە گېپى بار ئىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جيا ليەن ھاپىلا - شاپىلا كېلىپ، جيا شېغا كۆرۈنۈش قىلدى.

— بابا، بىر مىش - مىش گەپ ئاڭلاپ قالدىم، دېدى جيا شې، — خانلىق شىپاخانىدىن بىر تېۋىپ، ئىككى خادىم ئوردىغا كېسەل كۆرگىلى كىرىپتۇمىش. بۇلار ئوردىنىڭ ئادەتتىكى كېنىزەكلىرىنى كۆرگىلى كىرگەن بولمىسا كېرەك. خانىشىنىڭ ئوردىسىدىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

— يوق، — دېدى جيا ليەن.

— سەن بېرىپ ئىككىنچى بېگىمدىن ۋە جيا جېن ئاكاڭدىن سوراپ باق ياكى بولمىسا خانلىق شىپاخانىدىن تىڭتىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەت، — دېدى جيا شې.

جيا ليەن خوش دەپ چىقىپ، خانلىق شىپاخانىغا كىشى جورۇۋېتىپ، ئۆزى جيا جېڭ، جيا جېنلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ ماڭدى.

— نەدىن چىققان خەۋەر ئىكەن بۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

www.uyghurkitap.com

— چوڭ بېگىم ھېلى شۇنداق دېدى، — دېدى جىيا لىيەن.

— سەن جىيا جېن ئاكاڭ بىلەن بېرىپ، ئوردا ئىچكىرىسىدىن تىڭتىڭلاپ باق، — دېدى جىيا جېڭ.

— خانلىق شىپاخانىدىن ئۇقۇشۇپ بېقىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتىم، — جىيا لىيەن جاۋاب بېرىپ بولۇپ ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتى، ئاندىن جىيا جېننى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن جىيا جېن ئۆزى چىقىپ قالدى. جىيا لىيەن دەرھال بايىقى خەۋەرنى جىيا جېنغا يەتكۈزدى.

— مەنمۇ شۇ گەپنى ئاڭلاپ، چوڭ بېگىم بىلەن ئىككىنچى بېگىمگە مەلۇم قىلاي دەپ كېتىۋاتاتتىم، — دېدى جىيا جېن.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى كېلىپ جىيا جېڭغا كۆرۈنۈش قىلدى.

— مۇبادا يۈەنچۈن خانىش ئاغرىپ قالغان بولسا، بىزگە چوقۇم خەۋەر بېرىدۇ، — دېدى جىيا جېڭ.

گەپ ئۈستىگە جىيا شېمۇ يېتىپ كەلدى. سۈرۈشتۈرگىلى كەتكەن كىشى چۈشكىچە قايتىپ كەلمىدى. شۇ ئارىدا دەرۋازىۋەنلەردىن بىرسى كىرىپ:

— ئىككى مويسىپىت ئاغۋات كەپتۇ، بېگىملەر بىلەن كۆرۈشىمىز دەيدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— تەكلىپ قىلىپ كىرىڭلار، — دېدى جىيا شې.

دەرۋازىۋەن چىقىپ ئۇ ئىككى مويسىپىت ئاغۋاتنى باشلاپ كىردى. جىيا شې بىلەن جىيا جېڭ ئارا دەرۋازىغىچە ئالدىغا چىقىپ، ئاۋۋال خانىشنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى سورىدى، ئاندىن بىللە ئىچكىرىگە كىرىپ، مېھمانخانىغا كەلگەندە ئۇلارغا ئورۇن كۆرسەتتى.

— ئۇلۇشكۈن خانىش خېنىم بىرئاز ساقسىز بولۇپ قالغانىدى، — دېدى مويسىپىت ئاغۋات، — تۈنۈگۈن خان ئالىيلىرىدىن پەرمان چۈشتى: ئايال تۇغقانلىرىدىن تۆت كىشى ئوردىغا كىرىپ يوقلايدۇ. ھەرقايسىسى بىردىن دېدەكنى ئېلىپ

كىرىشكە بولىدۇ، قالغانلارنىڭ كىرىشى ھاجەتسىز. ئېرەكتە تۇغقانلىرى ئوردا دەرۋازىسى تېشىدا تۇرۇپلا، ئۆزىنىڭ نام ـ ئەمەل نامەسىنى كىرگۈزۈپ، سالام بېرىپ ئىچكىرىگە كىرمەي خەۋەر كۇتسە بولىدۇ. ئەتە چاشگاھ بىلەن چۈش ئارىلىقىدا كىرىپ، دىگەر ۋاقتىدا يېنىپ چىقىشقا ئىجازەت بېرىلدى.

جيا جېڭ، جيا شېلار ئۆرە تۇرغىنىچە خانىنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاپ بولۇپ قايتا ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. مويسىپىت ئاغۋاتلارغا چاي سۇنۇلدى، ئاندىن ئاغۋاتلار خوشلىشىپ ئوردىغا ياندى. جيا شې بىلەن جيا جېڭ ئۇلارنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپ، ئاۋۋال جيا ئانىغا مەلۇم قىلدى.

— تۇغقانلىرىدىن تۆت كىشى دىگەن بولسا، ئەلۋەتتە مەن بىلەن سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ئاغىچىلىرىدىن باشقا يەنە بىرسى كىمدۇ؟ — دىدى جيا ئانا.

باشقىلار جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىدى.

— يەنە بىرسى، ھەرقاچان فېڭجيې بولسا كېرەك، — دىدى جيا ئانا ئويلىنىپ بېقىپ، — ئۇ ھەممە ئىشتىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ، قالغىنىنى سىلەر ئۆزۈڭلار مەسلىھەتلىشىڭلار.

جيا شې بىلەن جيا جېڭ خوش دەپ يېنىپ چىقىپ، جيا ليەن بىلەن جيا رۇڭنى ئۆيگە قاراشقا قالدۇردى. ئومۇمەن ئىسىملىرىدا «ۋېن» (文) بەلگىسى بولغانلاردىن تارتىپ «ساۋ» (草) بەلگىسى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىرىشقا بەلگىلىدى. ئاندىن خىزمەتكارلارغا تۆت دانە يېشىل تەختىراۋان، ئون دانە زۇمرەت سايىۋەنلىك مەپە تەييارلاپ، ئەتە سەھەردە كۇتۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى. خىزمەتكارلار خوش دەپ چىقىپ كېتىشتى. جيا شې بىلەن جيا جېڭ يەنە جيا ئانىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئوردىغا چاشگاھ بىلەن چۈش ئارىلىقىدا كىرىپ، دىگەر ۋاقتىدا يېنىپ چىقىدىكەنمىز. بۈگۈن بالدۇرراق ئارام ئېلىپ، ئەتە ئەتىگەنرەك قوپۇپ ئوردىغا كىرىشكە جابدۇنۇپ تەييار بولساق، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇقتۇم، بولدى چىقىپ كېتىۋېرىڭلار، — دېدى جيا ئانا.

جيا شې، جيا جېڭلار چىقىپ كەتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجيېلارمۇ خانىش يوەنچۇننىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا بىردەم گەپلەشتى، ئاندىن بىردەم قۇرۇق پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن يېنىپ چىقىشتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا ھەرقايسى ھۇجرىلاردىكى دېدەكلەر پانۇس - چىراغلارنى ياندۇرۇشتى. ئاغىچا خېنىملار يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، بەگ - غوجاملارمۇ جابدۇنۇپ بولۇشتى. بامدات ۋاقتىدا لىن جىشياۋ بىلەن لەي دا ئارا دەرۋازىغا كېلىپ:

— تەختىراۋان، مەپىلەر تەييار بولدى، چوڭ دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

بىردەمدىن كېيىن جيا شې بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىم بۇيانغا ئۆتۈشتى. ھەممەيلەن ناشتا قىلىشتى. فېڭجيې جيا ئانىنى يۆلەپ، باشقىلار چۆرىدەپ ماڭدى. ھەربىرى بىردىن دېدەك ئېلىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ چىقىشتى. لى گۈي بىلەن يەنە بىرەيلەننى ئالدىدا ئاتلىق بېرىپ ئوردا دەرۋازىسىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى، قالغانلار كەينىدىن ماڭدى. ئىسىملىرىدا «ۋېن» بەلگىسى بولغانلار بىلەن «ساۋ» بەلگىسى بولغانلار ئۆز مەپىلىرىگە چۈشۈپ ياكى ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ھەممە ئۇرۇق - جەمەت بىللە يولغا چىقىشتى. جيا لىەن بىلەن جيا رۇڭ ئۆيدە بېقىپ قالدى.

جيا خاندانىنىڭ تەختىراۋان، مەپە، ئات - ئۇلاغلىرى تاشقىرىقى غەربىي ئەرك دەرۋازىسى تېشىدا توختاپ تۇرۇشتى، بىردەمدىن كېيىن ئىككى ھەرەمئاغىسى چىقىپ:

— جيا خاندانىدىن يوقلاپ كەلگەن ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچىلار ھەرەمخانىغا كىرىپ ئەھۋال سورىسۇن! بەگلەر ئىچكى ئوردىنىڭ دەرۋازىسى تېشىدا تۇرۇپلا سالام بەرسۇن! بۇلار كىرىپ كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ! — دەپ خەۋەر

قىلدى.

— چاپسان كىرىشسىلە، — دېدى دەرۋازىۋەن.

جىيا خانىدانىنىڭ تۆت تەختىراۋىنى كىچىك ھەرەمئاغىلىرىنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىگە ماڭدى، جىيا خانىدانىدىكى بەگ - غوجاملار تەختىراۋاننىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. ئۆي خىزمەتكارلىرى تاشقىرىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا قالدۇرۇلدى. ئىچكى ئوردا دەرۋازىسىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە بىرنەچچە مويسىپىت ئاغىۋات ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— جىيا خانىدانىنىڭ بېگىملىرى مۇشۇ يەردە توختىغاي، — دېدى.

جىيا شى بىلەن جىيا جېڭ ئۆز رېتى بويىچە ئۆرە تۇرۇشتى. تەختىراۋانلار ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرگەندىن كېيىن، تەختىراۋاندىكىلەر يەرگە چۈشۈشتى. بالا ئاغۋاتلار يول باشلىدى. جىيا ئانا ۋە باشقىلارنى بىردىن دېدەك يۆلەپ ماڭدى. خانىش يۈەنچۈننىڭ ھەرەم سارىيىغا كىردى. ئۇ يەرنىڭ تاملىرى رەڭگارەڭ چاقناپ، بىللۇر شېشىلەر يالتىراپ تۇراتتى، ئوردا كېنىزەكلىرىدىن ئىككىسى چىقىپ:

— ئېسەنلىك سوراشقىلا بولىدۇ، باشقا تەزىم رەسمىيەتلىرى ئادا قىلىنمايدۇ، — دېگەن يارلىقنى يەتكۈزدى.

جىيا ئانا ۋە باشقىلار بۇ ئىلتىپاتقا ھەشقاللا ئېيتىپ، ئىچكىرىگە كىرىپ كارىۋات يېنىغا كېلىشتى. سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، خانىش يۈەنچۈن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا مەرھەمەت قىلدى. جىيا ئانا ۋە باشقىلار بارىكاللا ئېيتىپ ئولتۇرۇشتى.

— يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكلىرى ياخشىمدۇ؟ — دەپ سورىدى خانىش يۈەنچۈن جىيا ئانىدىن.

جىيا ئانا دېدەككە تايىنىپ، تىترەپ - تەمتىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىشنىڭ بەختى - تەلىيى شاراپىتى بىلەن، يېتىپ -

قوپۇشتا خېلى تىمەن تۇرۇپتىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.

خانىش يۇەنچۇن شىنىڭ ئاغىچا خېنىمى ھەم ۋاڭ ئاغىچا خېنىملاردىن ئەھۋال سورىدى. ئۇلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرىشتى.

ـــ ئائىلىنىڭ ھال ـ كۈنى قانداقراق؟ ـــ دەپ سورىدى خانىش فېڭجيېدىنمۇ.

ـــ ھازىرچە بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىمىز، ـــ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى فېڭجيې.

ـــ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تولا غەم يەپ جاپامۇ تارتقانسىز؟ ـــ دېدى خانىش.

فېڭجيې ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرەي دېيىشىگە، ئوردا كېنىزىكى بىرمۇنچە نام ـ ئەمەل نامەنى ئەكىرىپ، خانىشقا مۇبارەك كۆزىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سۇندى، خانىش كۆرۈپ چىققتى. بۇلار جيا شې، جيا جېڭ ۋە باشقىلارنىڭ نام ـ ئەمەل نامەلىرى ئىدى. خانىش بۇ نام ـ ئەمەل نامەلەرنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ، ئۆزىنى توختىتالماي كۆزىگە ياش ئالدى. كېنىزەك قول ياغلىق سۇنۇپ بەردى، خانىش كۆز يېشىنى سۈرتكەچ يەنە سۆز ئىلتىپات قىلدى:

ـــ بۈگۈن خېلى ئۇخشىلىپ قالدىم، ئۇلار سىرتتا ئارام ئېلىپ تۇرسۇن.

جيا ئانا ۋە باشقىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئىلتىپاتقا رەھمەت ئېيتتى.

ـــ ئاتا ـ ئانا قېرىنداشلار بىلەن پىقىر ئائىلىمىزدىكىدەك دائىم يېقىن بولۇپ ئۆتكىلى بولمايدىكەن! ـــ دەپ خانىش يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

ـــ خانىش، ھەرگىز كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئائىلىدە خانىشنىڭ بەخت ـ شاراپىتىدىن كۆپ بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، ـــ دېيىشتى جيا ئانا ۋە باشقىلار كۆز يېشى قىلىشتىن ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

— يېقىندىن بۇيان باۋيۇيىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى خانىش.

— ھازىر كىتاب ئوقۇشقا بەك بېرىلىدىغان بولدى، — دېدى جيا ئانا، — ئاتىسى قاتتىق تۇتۇپ مەجبۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن يېزىقچىلىقنىمۇ قىلالايدىغان بولدى.

— شۇنداق قىلغىنى ياخشى، — دېدى خانىش. ئاندىن ئۇلارنى تاشقىرىقى كاشانىدە زىياپەتكە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئوردا كېنىزەكلىرىدىن ئىككىسى، بالا ئاغۋاتلاردىن تۆتى ئۇلارنى باشقا بىر كاشانىگە باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە داستىخان تەلتۆكۈس راسلانغانىدى، بۇلار ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە ئولتۇرۇشتى. بۇ ھەقتە بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ تۇرمايمىز.

بىردەمدىن كېيىن غىزالىنىپ بولۇپ، جيا ئانا كېلىنلىرىنى باشلاپ كىرىپ، زىياپەت ئۈچۈن خانىشقا رەھمەت ئېيتتى. يەنە بىرئاز ھايال بولۇشقاندىن كېيىن، دىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇزاق ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي خوشلىشىپ يېنىپ چىقىشتى. خانىش يۈەنچۈننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، كېنىزەكلەر يول باشلاپ ئىچكى ئوردا دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. دەرۋازا تېشىدا تۇرغان تۆت ئاغۋات بالا تاشقىرىسىغا ئۇزىتىپ قويدى. جيا ئانا ۋە باشقىلار بالدۇرقىدەك تەختىراۋانلارغا چۈشۈپ، جيا شې باشلىق ھەممەيلەن بىللە يېنىپ چىقىشتى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئەتە - ئۆگۈن يەنە ئوردىغا كىرىدىغانلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەك تەييار بولۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويدى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

شۈي ھاممىنىڭ ئائىلىسىدە، جىنگۈي شۆ پەننى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، كۈنىبويى قارا - قويۇق تەگەپلا تۇرىدىغان بولۇۋالدى. چيۇلىڭ باۋچەي بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز باۋچەنلا بىللە تۇراتتى. باۋچەن شۆ پەنگە كىچىك خوتۇن بولۇپ بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن،

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى بالدۇرقىدەك ئەمەس ئىدى. جىنگۇي ئۇنى ئۆزىگە كۆشەندە كۆرۈشكە باشلىدى، لېكىن پۇشايمان قىلغىنى بىلەنمۇ ئەمدى ئورنىغا كەلمەيتتى. بىر كۈنى ئىچ پۇشۇقىدا بىرنەچچە قەدەھ شاراب ئىچىپ كاڭغا چىقىپ ياتتى. شارابنىڭ كەيپىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن شورپا تەييارلاپ بەر دېگەن باھانە بىلەن، باۋچەندىن:

— چوڭ غوجام ئۇلۇشكۇن تالاغا چىققاندا زادى نەگە باردى؟ سەن ئەلۋەتتە بىلىدىغانسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى باۋچەن، — كېلىن ئاغىچا، ئۇ ئۆزلىرىگە دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۇ ئىشلىرىنى كىم بىلەتتى؟

— ھازىر بۇ ئۆيدە ئۇنداق «كېلىن خېنىم»، «ئاغىچا خېنىم» نېمە قىلسۇن؟ جاھان سىلەرنىڭ بولۇپ قالدى ! — دەپ سوغۇققىنا كۈلدى جىنگۇي، — سىلەرگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ، سىلەرنى قانتى ئاستىغا ئالىدىغان كىشى بار، مەنمۇ يولۋاسنىڭ بېشىدىن پىت ئىزدەشكە پېتىنالمايمەن؛ سەن مېنىڭ دېدىكىم تۇرۇقلۇق، سەندىن بىرەر ئېغىز گەپ سورىسام، يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە دەككەمنى بېرىسەن ! سېنىڭ شۇنچە قۇدرىتىڭ بولغاندىن كېيىن، مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، چيۇلىڭ ئىككىڭلار قېلىپ، بىرىڭلار تەپ تارتماي كېلىن ئاغىچا بولۇۋالساڭلار جاھان سىلەرگە ئوڭچە قالامدۇ؟ قېرىشقاندەك يا ماڭا ئۆلۈم كەلمىدى، مەن يولۇڭلارغا كاشىلا بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن !

باۋچەن بۇ گەپلەرگە چىداپ تۇرالامتى؟ جىنگۇيغا ھومايغىنىچە شۇنداق دېدى:

— خېنىم، مۇنداق قۇرۇق گەپلىرىنى باشقىلارغا دەپ بەرسىلە ! مەن سىلىگە ھېچنېمە دېمىدىم. سىلى باشقىلارغا چېقىلالماي بىزدەك ئۇششاق ـ يۈمشاقلاردىن ئاچچىقلىرىنى ئالماقچى بولغانلىرى نېمىسى؟ تۈزۈك گەپنى ئاڭلىماسقا سالىلا،

ھېچ ئىش يوقتەك قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇۋالىدى، — ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

جىنگۇينىڭ تېخىمۇ خۇيى تۇتۇپ، كاڭدىن ئۆملەپ چۈشۈپ باۋچەننى ئۇرماقچى بولدى. باۋچەنگىمۇ شىيا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مىجەزى سىڭىپ قالغاچقا، ئۇمۇ زادىلا يول قويمىدى، جىنگۇي ئۇستەل - ئورۇندۇق، چىنە - قاچىلارنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ، ئۇرۇپ - چاققىلى تۇردى، باۋچەن ھە دەپ داد - پەرياد سېلىۋەردى، جىنگۇي ئۇنىڭغا پەرۋا قىلامتى؟

شۆ ھاما خېنىم باۋچەينىڭ ئۆيىدە ئىدى، بۇ غەلۋىنى ئاڭلاپ:

— شياڭلىڭ، چىقىپ قاراپ باق، ئۇلارغا ھاي بەرگىن، — دېدى.

— بولمايدۇ، — دېدى باۋچەي، — ئانا، ئۇنى چىقارماڭ، بۇ ئۇ يەرگە كىرسە ئۇنىڭغا ھاي بېرەلەمتى؟ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ياغ چاچقاندەك بولىدۇ شۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم چىقاي، — دېدى شۆ ھاما.

— مېنىڭچە، ئانا، سىزمۇ چىقمايلا قويۇڭ، — دېدى باۋچەي، — غەلۋە قىلسا قىلىۋەرسۇن، بۇ بىر ئىلاجسىز ئىش بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق قىلساق بولماس! — دېدى شۆ ھاما ۋە ئۆزى چۆرە قىزغا تايىنىپ جىنگۇينىڭ ھۇجرىسىغا چىقتى. باۋچەيمۇ نائىلاج كەينىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، شياڭلىڭغا:

— سەن مۇشۇ يەردە قالغىن، — دەپ تاپىلاپ قويدى.

ئانا - بالا ئىككىسى جىنگۇينىڭ ئىشىكىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۆيدىن توختىماي يىغا - چۇقان ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭلار، يەنە ئۆينى بېشىڭلارغا كىيگىلى تۇرۇپسىلەرغۇ؟ — دېدى شۆ ھاما، — شۇمۇ ئادەم قىلىدىغان قىلىقمۇ؟ مۇنداق ئېگىز - پەس بولۇشۇۋەرسەڭلار ئۇرۇق - تۇغقانلار ئاڭلاپ قالسا زاڭلىق قىلمامدۇ؟

— مەنغۇ خەقنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم! —

www.uyghurkitap.com

دېدى جىنگۋي ئۆيدە تۇرۇپلا، ــــ بۇ يەردە «ئېتەك ياقا بولۇپ قالدى...» يا غوجايىن بىلەن غالچىنىڭ، يا چوڭ خوتۇن بىلەن كىچىك خوتۇننىڭ پەرقى يوق ئىكەن، ھەممىسى داشقايناق بولۇپ كەتكەن ! بىزنىڭ شىيا ئائىلىسىدە مۇنداق قائىدە ـ يوسۇننى كۆرمەپتىكەنمەن. سىلەرنىڭ ئائىلىدىكى مۇنداق ئازارغا زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى !

ــــ يەڭگە ! ــــ دېدى باۋچەي، ــــ ئانام سىلەرنىڭ بەك غەلۋە قىلىپ كېتىۋاتقىنىڭلارنى ئاڭلاپ كىرگەن. جىلە بولۇپ سىزگە قاتتىقراق تېگىپ قويدى، «كېلىن خېنىم» بىلەن «باۋچەي»نى پەرق ئەتمەي دەپ تاشلىغان بولسىمۇ ھېچقىسى يوق. ھازىرچە جېدەلنى گەپ ـ سۆز بىلەن تۈگىتىپ، ئەپلىك ئۆتسەك، ئاناممۇ بىز ئۈچۈن ھەر كۈنى غەم يەپ ئولتۇرمايتتى.

ــــ شۇنى دېگىنە، ــــ دېدى شۇ ھاما، ــــ ئاۋۋال جېدەلنى گەپ ـ سۆز بىلەن تۈگىتەيلى، ئاندىن مەندىن ئۆتكەن ناماقۇلچىلىقنى تەگسىڭىزمۇ كېچىكىپ قالمايسىز.

ــــ جېنىم خان قىز، ئوبدان خان قىز ! سىز دانىشمەن پەزىلەتلىك قىز، ــــ دېدى جىنگۋي، ــــ سىزگە چوقۇم ئوبدان لايىق، ئوبدان كۈيئوغۇل چىقسۇن، ھەرگىزمۇ مەندەك ئەرلىك تۇل، قارىغۇدەك تۇغقىنى يوق، خەق شىللىسىگە مىنىپ بوزەك ئېتىدىغان كىشى بولۇپ قالماڭ. مەن بىر يەمسىز، دىتى يوق ئادەم. خان قىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، گېپىمدىن يۇتاق چىقىرىپ، مېنى ھە دەپ كوچىلاۋەرمەڭلار ! كىچىكىمدىن تارتىپ شۇ كەمگىچە ئاتا ـ ئانامنىڭ تەربىيەسىنى كۆرمىدىم. ئاندىن قالسا بىزنىڭ ھۇجرىدىكى ئەر ـ خوتۇن، چوڭ خوتۇن، كىچىك خوتۇنلارنىڭ ئىشلىرىغا سىزنىڭمۇ چىشىڭىز پاتمايدۇ !

باۋچەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىزا تارتتى ھەم ئاچچىقىمۇ كەلدى، ئانىسىنىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچىمۇ ئاغرىدى. ئاخىر ئاچچىقىنى يۇتۇپ:

ــــ يەڭگە، گەپنى ئازراق قىلىڭ، كىم سىزنى كوچىلاپتۇ؟

كىم سىزنى بوزەك قىپتۇ؟ يەڭگە، سىز تۇگۇل ھەتتا چيۇلىڭغىمۇ چىرايىمنى تۇرۇپ باققىنىم يوق مېنىڭ، — دېدى.

جىنگۇي بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا، كاڭنىڭ لېۋىنى شاپىلاقلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلىغىلى تۇردى:

— مەن نەدە چيۇلىڭچىلىك بولاي؟ ھەتتا ئۇنىڭ تاپىنىدىكى لايچىلىكمۇ بولالمىدىم! ئۇنىڭ كەلگىنىگە ئۇزاق بولغان، ئۇ خان قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ، خۇشامەتچىلىك قىلىشنىمۇ بىلىدۇ. مەن بولسام يېڭى كەلگەن، خۇشامەتچىلىك قىلىشنىمۇ بىلمەيمەن، مېنى ئۇنىڭغا ئوخشاتقىلى بولامدۇ؟ نېمىدېگەن جاپا بۇ! جاھاندا خانىشتەك پېشانىسى ئوڭلاردىن قانچىسى بار ئىكەن؟ كىشىلەرگە قولىڭىزدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىلىڭ. ئۇنداق بۇۋۇمدەك ئۆتۈپ، مەندەك ھاماقەتنىڭ چارخالتىسىغا تېگىپ قويۇپ، ئەرلىك تۇل بولۇپ قالماڭ، بولمىسا تىرىك تۇرۇپ كۆرگۈلۈكنى كۆرىسىز!

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە، شۆ ھامىمىنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئۆز قىزىمنى ياقلىغىنىم ئەمەس، — دېدى، — ئۇ ھەربىر گېپىدە سىزگە نەسىھەت قىلىۋاتسا، سىز ھە دەپ ئۇنىڭ قورسىقى كۆپىدىغان گەپنى قىلىۋاتىسىز، ھەرقانچە ناماقۇلچىلىق ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا چاپلاشماي، مېنىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز پىغاندىن چىقىسىز!

— ئانا، ئاچچىقلانمايلا قويۇڭ، — دېدى باۋچەي ئانىسىغا ھاي بېرىپ، — بىز بۇنىڭغا نەسىھەت قىلغىلى كىرىپ ئۆزىمىزنى خاپا قىلىپ، خاپىلىق ئۈستىگە خاپىلىق تېپىۋالدۇق. يۈرۈڭ، چىقىپ كېتەيلى، يەڭگەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن گەپلىشەرمىز. سەنمۇ غەلۋە قىلما، — باۋچەي باۋچەنگە شۇ گەپنى جېكىلەپ قويۇپ، شۆ ھاما بىلەن چىقىپ كەتتى.

ھويلىغا چىققاندا جيا ئانىنىڭ يېنىدىكى چۆرە قىز چيۇلىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تېنى ساقتۇ؟ — دەپ سورىدى شۆ ھامما.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تېنى ساق، مېنى ئۆزلىرىدىن ئەھۋال سورىغاچ، ئۇلۇشكۇنكى گۈلسۇ مېۋىسى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتقىلى، ئاندىن باۋچەن قىزنى مۇبارەكلىگىلى ئەۋەتتى، — دېدى چۆرە قىز.

— سەن قاچان كەلگەنىدىڭ؟ — دەپ سورىدى باۋچەي.

— مەن كەلگىلى خېلى بولۇپ قالدى.

شۆ ھامما بايىقى غەلۋىنى ئۇنىڭ ئۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ:

— مۇشۇ كۈنلەردە بىز ئائىلىمىزدە غەلۋە قىلىۋېرىپ، خۇددى كۈن كەچۈرۈشنى بىلمەيدىغان خەقلەرگە ئوخشاپ قالدۇق. سىلەر تەرەپكە ئاڭلىنىپ قالسا، چوقۇم زاڭلىق قىلىسىلەر، — دەپ قىزىرىپ كەتتى.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، ھامما خېنىم! قايسى بىر ئۆيدە «چىنىگە قوشۇق، تەخسىگە چىنە ئۇرۇلمايدىغان» ئىش يوق؟ بۇ ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرى ئوخشايدۇ، — دېدى چۆرە قىز. ئاندىن شۆ ھامما بىلەن ئۆيگە كىرىپ، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

باۋچەي شياڭلىڭغا گەپ تاپالماي تۇراتتى، بىردىنلا شۆ ھامما: «سول بىقىنىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپلا ئۆزىنى كاڭغا تاشلىدى. باۋچەي بىلەن شياڭلىڭ ئىككىسى قورقىنىدىن تەمتىرىشىپلا قالدى. ئەمدى قانداق ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# سەكسەن تۆتىنچى باب

## باۋيۈينى يېزىقچىلىقتىن سىناپ باققانلىقى ۋە ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا گەپ بولغانلىقى
## جيا خۇەننىڭ ئۇچۇق تەگكەن چياۋجيېنى يوقلاپ كېلىپ ئاداۋەت ئۈستىگە ئاداۋەت پەيدا قىلغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، جىنگۇيىنىڭ مۇنداق خاپىلىق كەلتۈرۈشى بىلەن، شۆ ھاممىنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ سول بىقىنى ئاغرىپ كەتتى. باۋچەي بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تېۋىپنىڭ كېلىپ كۆرۈشىنىمۇ كۈتۈپ تۇرماستىن، بازاردىن بىرنەچچە مىسقال قۇنۇن سېتىۋالدۇرۇپ كېلىپ، قويۇق قىلىپ بىر چىنە قاينىتىپ ئانىسىغا ئىچۈردى. چيۇلىڭ بىلەن ئىككىسى شۆ ھاممىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ، مەيدىسىنى ئۇيقىلاپ قويۇۋىدى، بىر سائەتتىلا بىرئاز ئارام تاپقاندەك بولدى.

شۆ ھامما غەمكىن ھەم خاپا ئىدى، جىنگۇيىنىڭ بىشەملىكىدىن خاپا بولاتتى، باۋچەي تەمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىچارىلىكىدىن غەم يەيتتى. باۋچەينىڭ يەنە بىر قۇر تەسەللى بېرىشى بىلەن ئازراق ئۇخلىۋالغانىدى، سەپراسى بارا ـ بارا پەسلەپ قالدى.

— جېنىم ئانا، — دېدى باۋچەي ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — مۇنداق بىھۇدە خاپىلىقنى ئىچىڭىزگە سالمىسىڭىز ياخشى بولاتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتسە، ماڭغۇچىلىك بولغىنىڭىزدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ھاماملارىڭىزگە ئۆتۈپ، مۇڭدىشىپ، ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىپ كېلىڭ. ئۆيدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى

چيۇلىنىڭ ئىككىمىز خەۋەر ئېلىپ تۇرايلى، ئۇمۇ ھېچنېمە قىلماس.

— بىر - ئىككى كۈن ئۆتسۇن، قاراپ باقارمىز، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى شۆ هاما.

خانىش يۆەنچۈن ساقايغاندىن كېيىن، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىرقانچە مويسىپىت ئاغۋات نەرسە - كېرەك ۋە كۈمۈش ئەكېلىپ، خانىشنىڭ، ئائىلىمىز مۇلاقات ئارىلىقىدا مۇشەققەت چەكتى، دېگەن پەرمانىنى يەتكۈزۈپ، نەرسە - كېرەك، كۈمۈشلەرنى بىر - بىرلەپ ئېدىتلىق تاپشۇرۇپ بەردى، جيا شې، جيا جېڭلار جيا ئانىغا مەلۇم قىلىپ، بۇ ئىلتىپاتقا بىللە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئاغۋاتلار چاي ئىچىپ بولۇپ قايتىپ كېتىشتى. كۆپچىلىك جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ بىرپەس كۈلكە - پاراڭ قىلىشىپ تۇراتتى، تاشقىرىدىن خىزمەتكار موماي كىرىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— مۇلازىم باللار: «ئۇياقتىن بىركىم مۇھىم گەپ بار ئىدى، دەپ چوڭ بېگىمنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ» دەيدۇ.

— چىقىپ باققىن، — دېدى جيا ئانا.

جيا شې خوش دەپ چىقىپ كەتتى، بىردىنلا جيا ئانىنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېچىپ، جيا جېڭغا:

— خانىش باۋيۈينى دائىم كۆڭلىدە ياد ئېتىپ تۇرىدىكەن، قايسى كۈنى ئالايتەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دېدى كۈلۈپ.

— شۇغىنىسى، باۋيۈي ئوقۇشقا ئانچە بېرىلمەي، خانىشنىڭ ياخشى ئۈمىدىنى يەردە قويۇۋاتىدۇ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى جيا جېڭ.

— مەن باۋيۈينى يېقىندىن بۇيان ماقالىمۇ يازالايدىغان بولدى دەپ ماختاپ بەردىم، — دېدى جيا ئانا.

— ئۇ تېخى ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ دېگىنىدەك بولالىغىنى يوق، — دەپ كۇلدى جىيا جېڭ.

— سىلەر پات ـ پاتلا ئۇنى چاقىرتىۋېلىپ شېئىر ـ ماقالە يازدۇرغىنىڭلاردا ئۇمۇ ھېچقايسىڭنى يازالمايمۇ قالمىغاندۇ؟ — دېدى جىيا ئانا، — ئۇ دېگەن كىچىك بالا، ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىش كېرەك. «بىر كاپام ئاش بىلەنلا سەمرىگىلى بولمايدۇ» دېگەن گەپمۇ بار.

— ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ دېگىنى توغرا، — دەپ جىيا جېڭ دەرھال ھىجايدى.

— باۋيۈيىنىڭ گېپى بولۇپ قالدى، بۇ توغرىدا سەن بىلەن قىلىدىغان مەسلىھەتىم بار ئىدى، — دېدى جىيا ئانا، — ئەمدى ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، سىلەرمۇ كۆڭۈل بۆلسەڭلار بولىدۇ، ئوبدان بالىدىن بىرنى تېپىپ چاي ئىچۈرۈپ قويساق بولاتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشى. يىراق ئىكەن، يېقىن ئىكەن، ئۇرۇق ئىكەن، تۇغقان ئىكەن، باي ئىكەن، گاداي ئىكەن دەپ يۈرمەي، قىز بالىنىڭ خۇي ـ پەيلى ئوبدان، تەق ـ تۇرقى جايىدا بولسىلا بولدى.

— ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ جېكىلىگەنلىرى ناھايىتى توغرا، — دېدى جىيا جېڭ، — قىز بالىغۇ ياخشى بولۇشى كېرەك، ئەمما ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى ئوبدان ئۆگىنىشى لازىم. ئۇنداق قىلماي، ئۆزى رەتتىمۇ يوق، رەپتاردىمۇ يوق بولۇپ قالسا، خەقنىڭ قىزىغا دەخلىسى تېگىپ ئۇۋال بولمامدۇ؟

بۇ گەپ جىيا ئانىنىڭ كۆڭلىگە ئانچە ياقمىدى.

— گەپ قىلىپ كەلسەم، سىلەردەك ئاتا ـ ئانىلار تۇرغان يەردە مەن نېمە دەپ غەم يەپ يۈرەتتىم؟ — دېدى جىيا ئانا، — لېكىن، باۋيۈي بالام كىچىكىدىن تارتىپ مېنىڭ يېنىمدا بولۇپ كەلدى. مەن كۆپرەك كۆيۈنۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىشىغا دەخلى يەتكۈزسەممۇ يەتكۈزگەندىمەن. بىراق، مېنىڭ ئويۇمچە، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا تەق ـ تۇرقى راۋۇرۇس،

كۆڭلى ـ مىجەزىمۇ تۈز بالا، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇنداق يارامسىزلاردىن بولۇپ چىقىشى، خەقنىڭ قىزىنى دەپسەندە قىلىپ قويۇشىمۇ ناتايىن. بەلكىم مېنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكلۈكۈمدۇر؟ زادى ماڭا ئۇ جىيا خۇەندىن ياخشىراق كۆرۈنىدۇ. سىلەرچە قانداقكىنتاڭ؟

بۇ گەپلەر جىيا جېڭنىڭ كۆڭلىنى بەك بىئارام قىلىۋەتتى. شۇڭا، ئۇ ئالمان ـ تالمان ھىجىيىپ:

— ئۇلۇغ ئانىمىز كۆپنى كۆرگەن، ئۆزلىرى ئۇنى ياخشى دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئامىتى بار ئىكەن، ئەسلىدىمۇ يامان بالا ئەمەس. بىراق، كەمىنە ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىلىشىدە بىرئاز ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويۇپتىمەن ياكى بولمىسا، قەدىمكىلەر دېگەن تەمسىلنىڭ ئەكسىچە «ئوغلۇمنىڭ ئېسىللىقىنى بىلمەي قالغان» ئوخشايمەن.

بۇ گەپ جىيا ئانىنى كۈلدۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭغا باشقىلارمۇ كۈلۈشۈپ بەردى.

— سەنمۇ ئەمدى خېلى ياشىنىپ قالدىڭ، مەنسىپىڭمۇ بار، تەجرىبەڭ ئېشىپ، چوڭ بولغانسېرى پىشىپ قالدىڭ — دېدى جىيا ئانا، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ قويدى، — بۇنىڭ ياش ۋاقتىنى ئويلىسام، باۋيۈيىڭكىدىنمۇ بەتتەر غەلىتە خۇيلىرى بار ئىدى. ئۆيلەنگىنىدىن كېيىن، ئىشنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئانچە ـ مۇنچە بىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ھازىر ھەدېسىلا باۋيۈيدىن ئاغرىنىدۇ. شۇ تۇرقىدا باۋيۈيچۇ بۇنىڭغا قارىغاندا ئادەمگەرچىلىكنى خېلى بىلىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، يەنە قىزىق گەپ قىلىپ بەرگىلى تۇردىلا، — دېيىشتى ئۇلار.

شۇ ئەسنادا چۆرە قىز كىرىپ، يۈەنياڭغا شۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمدىن سوراپ باققان بولسىڭىز،



www.uyghurkitap.com

كەچلىك غىزا ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— سىلەر يەنە نېمە دەپ كۈسۈرلىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

يۈەنياڭ كۈلۈۋېتىپ، غىزا توغرىسىدا مەلۇم قىلدى.

— ئەمىسە، سىلەرمۇ چىقىپ غىزالىنىڭلار، فېڭجيې بىلەن جىيا جېن غوجامنىڭ ئاغىچىسى قېلىپ، مەن بىلەن بىللە مۇشۇ يەردە غىزالانسۇن، — دېدى جىيا ئانا.

جىيا جېڭ ۋە شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار خوش دېيىشىپ، غىزا تارتىلغۇچە قارىشىپ بەردى، جىيا ئانا ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئالدىراتقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزاپ ئۆز ئۆيلىرىگە يېنىشتى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۆيىگە كەتتى. جىيا جېڭ بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى. جىيا جېڭ جىيا ئانىنىڭ بايىقى گەپلىرىنى دەپ كېلىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باۋيۈيگە شۇنچە كۆيۈنىدۇ. ھەر ھالدا ئۇ ھەقىقىي ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەپلەپ - سەپلەپ نام - ئەمەلگە ئىگە بولۇۋالسا ياخشى بولاتتى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈنگىنىمۇ بىكارغا كەتمەيتتى، خەقنىڭ قىزىنىمۇ دەپسەندە قىلىپ قويمايتتى، — دېدى.

— بېگىم، بۇ دېگەنلىرى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق گەپلەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

جىيا جېڭ ئۆيىدىكى دېدەكنى بۇيرۇپ، لى گۈيغا:

— باۋيۈي مەكتەپتىن يانغاندىن كېيىن، غىزاسىنى يەپ بولۇپ مېنىڭ قېشىمغا كىرسۇن، ئۇنىڭدىن سورايدىغان گېپى بار ئىكەن دېسۇن، — دەپ ئېيتقۇزۇپ قويدى.

لى گۈي «خوش» دەپ قۇللۇق بىلدۈردى. باۋيۈي مەكتەپتىن يېنىپ كېلىپ، سالامغا كىرمەكچى بولغانىدى، لى گۈي:

— غوجام، ھازىر كىرمىسىلىمۇ بولىدۇ. بېگىم تاپىلاپ قويغان، بۇگۈن غىزالىرىنى يەپ بولۇپ كىرىدىكەنلا، ئۆزلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

سورايدىغان گېپى بار ئوخشايدۇ، — دېدى.
بۇ گەپتىن باۋيۇيىنىڭ بېشىغا ئىسما چۈشتى، نائىلاج، جيا ئانىغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولۇپ، باغقا غىزا يېگىلى كىرىپ كەتتى. غىزاسىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپ بولۇپ ئاغزىنى چايقىدى، ئاندىن جيا جېڭنىڭ قېشىغا كەلدى. جيا جېڭ ئىچكىرىكى كۇتۇپخانىدا ئولتۇراتتى. باۋيۇي كىرىپ سالام بېرىپ، بىر چەتتە ئۆرە تۇردى.
— نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆڭلۈمگە بىر ئىش كەچكەندى، سەندىن سورۇشتۇرۇپ بېقىشنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، — دېدى جيا جېڭ، — قايسى كۈنى سەن، ئۇستازىم بىر ئاي دەرس سۆزلەپ، ئاندىن ساڭا ماقالە يازدۇرىمەن دېدى دېگەنىدىڭ. ھېسابلاپ باقسام، بۇنىڭغا ئىككى ئاي بولاي دەپ قاپتۇ. قەلەم تەۋرىتىشكە كىرىشتىڭمۇ؟
— ئۈچ قېتىم يېزىپ باققاندىم، ئۇستازىم: «ھازىرچە بېگىمگە مەلۇم قىلماي تۇر، ياخشىراق يازىدىغان بولغىنىڭدا، ئاندىن مەلۇم قىل» دېگەن. شۇڭا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندىم.
— قانداق ماۋزۇ كۆرسىتىپ بەرگەن؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.
— بىرسى، «ئون بەش يېشىمدا ئىلىمگە نىيەت باشلىغان»، بىرسى، «كىشىلەر مېنى چۈشەنمىسىمۇ ئاغرىنما»، يەنە بىرسى، «موزىغا مەنسۇپ» دېگەن ماۋزۇلار.
— يازغانلىرىڭ بارمۇ؟
— يېزىپ كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇستازىم ئۆزگەرتىپ بەرگەن.
— ئۆيگە ئەكەلدىڭمۇ ياكى مەكتەپتە قويۇپ قويدۇڭمۇ؟
— مەكتەپتە قالغان.
— ئالدۇرۇپ كېلىپ ماڭا كۆرسەت.
باۋيۇي مۇلازىمنى چاقىرىپ: «بېيمىڭغا ئېيتقىن، ئۇ

مەكتەپكە بېرىپ، پارتامىنىڭ تارتمىسىدا قومۇش قەغەزلىك نېپىز دەپتەر بار، ئۇستىگە (پەنجىر ساۋىقى) دەپ يېزىلغان، شۇنى ئەكەلسۇن» دەپ چىقىرىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن بېيىمنىڭ دەپتەرنى ئەكېلىپ باۋيۇيگە سۇندى، باۋيۇي ئېلىپ جيا جېڭغا تۇتتى. جيا جېڭ ۋاراقلاپ كۆردى. بىرىنچى ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «ئون بەش يېشىمدا ئىلىمگە نىيەت باغلىغان» دېيىلگەنىكەن. باۋيۇي ئەسلىدە ماۋزۇنىڭ شەرھىسىنى «ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ئىلىمگە نىيەت باغلىشى گۆدەك چېغىدىلا باشلانغان» دەپ يازغانىكەن. دەيرۇ «گۆدەك» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، «ئون بەش» دەپ ئېنىق قىلىپ يېزىپ قويۇپتۇ.

— سېنىڭ قول يازمائڭدىكى «گۆدەك» سۆزى ماۋزۇغا ئېنىق باغلانمايدۇ. كىچىكىدىن باشلاپ ئون ئالتە ياشقىچە «گۆدەك» ھېسابلىنىدۇ، — دېدى جيا جېڭ، — كىتابنىڭ بۇ بابىدا ئەۋلىيا ئەزەم ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشكەن ۋاقتى ۋە يىلمۇيىل يۇكسەلگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەرنى بايان قىلغان. شۇڭا، ئون بەش، ئوتتۇز، قىرىق، ئەللىك، ئاتمىش، يەتمىش دېگەن سانلارنى ئېنىق كۆرسەتكەندە، ئاندىن قايسى چاغدا شۇنداق ئەھۋالغا ۋە قايسى ۋاقىتتا مۇنداق ئەھۋالغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇستازىڭنىڭ سەن يازغان گۆدەك دېگەن سۆزنى ئون بەش قىلىپ ئۆزگەرتكىنى ئۇقۇشلۇق بوپتۇ.

جيا جېڭ ئوقۇپ كېلىپ، ماۋزۇنىڭ بايانىغا كەلگەندە، ئەسلىي قول يازمىدىكى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن «ئەر كىشىنىڭ ئىلىمگە نىيەت باغلىماسلىقى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ» دېگەننى كۆرۈپ، بېشىنى چايقاپ:

— بالىلىق قىپسەن، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سېنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىڭدە ئالىملىق شىجائىتى يوق، — دېدى. ئاندىن «ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ئون بەش يېشىدا ئىلىمگە نىيەت باغلىشى تەس ئىش ئەمەسمۇ؟» دېگەن كېيىنكى جۈملىسىنى كۆردى، — بۇ گەپ

تېخىمۇ قاملاشماپتۇ ! — ئاندىن دەيرۇنىڭ «ئەر كىشى نېمە ئۇچۇن ئۆگەنمىسۇن؟ ئىلىمگە نىيەت باغلىغۇچىلارغۇ كەم تېپىلىدۇ، لېكىن ئەۋلىيا ئەزەم نېمە ئۇچۇندۇر ئون بەش يېشىدا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلماي تۇرمىغان؟» دەپ ئۆزگەرتكىنىنى كۆرۈپ، — ئۆزگەرتكىنىنى چۈشەندىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چۈشەندىم، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۇي.

ئاندىن جىيا جېڭ ئىككىنچى مەشىقنى كۆرۈشكە باشلىدى. ماۋزۇسى «كىشىلەر مېنى چۈشەنمىدى دەپ ئاغرىنما» ئىكەن. ئاۋۋال، دەيرۇنىڭ «مېنى چۈشەنمىدى دەپ ئاغرىنىشنى بىلمىگۈچىلەر ئاخىرىغىچە ئۆزگەرمەي خۇشال - خۇرام ئۆتىدۇ» دەپ ئۆزگەرتكىنىنى ئوقۇدى. ئاندىن، ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ئەسلىي تېكىستنى كۆزىنى يىپلاشتۇرۇپ ئوقۇپ باقتى.

— سەن نېمە دەپسەن؟ ... «كىشىلەردىن ئاغرىنماسلىق روھىدا بولغۇچى نوقۇل ئالىم دەپ ئاتالغاي»، بۇ جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، پەقەت «ئاغرىنماسلىق» دېگەن ماۋزۇنىلا ئىشلەپ، كېيىنكى قىسمىدا قەلىمى ئاجىز موللامالارنىڭ قاتارىغا كىرىپ قاپسەن. يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىلگەچكە ماۋزۇغا باپ كەپتۇ. كېيىنكى جۈملە ئالدىنقى جۈملىنى ئېنىقلاپ كەلسە، ئاندىن قەلەمكەشلىك قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولىدۇ. بۇنى كۆڭۈل قويۇپ چۈشىنىۋال.

باۋيۇي خوش دېدى. جىيا جېڭ ئاخىرىنى كۆردى: «كىشىلەر ئارىسىدا مېنى چۈشەنمىدى دەپ ئاغرىنمىغۇچىلار يوق دېيەرلىك. ھالبۇكى مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس. ئاغرىنىش سەۋەبىدىن خۇشال - خۇرام بولمىغۇچى قانداقمۇ بۇ دەرىجىگە يېتەلىگەي؟» ئەسلىدە ئاخىرقى جۈملىنى باۋيۇي «نوقۇل ئالىم ئاتالمىغاي» دەپ يازغانىكەن.

— بۇنىڭدىمۇ ماۋزۇنىڭ شەرھىسىدىكىدەك نۇقسان بار. مۇشۇ ئۆزگەرتكىنىمۇ بوپتۇ، بىراق تومتاقراق بولۇپ قاپتۇ، ھەر ھالدا بۇمۇ بولىدۇ، — دېدى جىيا جېڭ.

ئۇچىنچى مەشىق «موزىغا مەنسۇپ» ئىدى. جىيا جېڭ ماۋزۇنى كۆرۈپ، تورۇسقا قاراپ ئويلىنىپ باقتى، ئاندىن باۋيۇيدىن:
— كىتابتىن ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلىك شۇ يەرگە كەلگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇستازىم «موزى» چۈشىنىشلىك كىرەك دەپ، ئاۋۋال «موزى»دىن دەرس ئۆتكەن، ئۇلۇشكۇن دەرس ئېيتىپ بولدى. ھازىر «مۇھاكىمە - بايان»نىڭ بىرىنچى قىسمىدىن دەرس ئۆتۈۋاتىدۇ، — دېدى باۋيۇي.
بۇ تاپشۇرۇقتا ماۋزۇنىڭ شەرھى - بايانى ئانچە ئۆزگەرتىلمىگەنىكەن. ماۋزۇنىڭ شەرھىسى «تەلىماتلار، ياڭ - جۇ ئېقىمىنى مۇستەسنا قىلغاندا، مەنسۇپ بولىدىغان باشقا ئېقىم يوق ئەمەس دېمەكتۇر» دەپ يېزىلغانىكەن.
— ئىككىنچى جۈملىدە قېيىنلىپ قاپسەن، — دېدى جىيا جېڭ، ئاندىن يەنە ئوقۇدى:
«موجەيچىلەر ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولۇشنى كۆتكەن ئەمەس ۋە لېكىن موجەينىڭ تەلىماتى ئىقلىمىنىڭ نىسپىيغا تارقالغان. ھالبۇكى ياڭ - جۇ ئېقىمىنى مۇستەسنا قىلغاندا، موجەي ئېقىمىغا مەنسۇپ بولماي قالامدۇ؟»
— بۇنى سەن يازغانمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا جېڭ.
— خوش، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۇي.
— بۇنىڭدىمۇ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئالاھىدىلىك يوق ئىكەن، — دېدى جىيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — لېكىن سىناق تەرىقىسىدە دەسلەپ قىلىپ مۇشۇنچىلىك يازالىغانلىقىنىڭ ئۆزىنى ماۋزۇدىن چەتنەپتۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئاشۇ يىلى. مەن مەنسەپكە چىقار چېغىمدا، «پەقەت ئوقۇمۇشلۇق تۆرىلەرلا بەجا كەلتۈرەلەيدۇ» دېگەن ماۋزۇنى چىقىرىپ بەرگەنىدى. تالىپلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەنكى ئالىملارنىڭ ئاشۇنداق رىسالىلىرىنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرى يېڭى پىكىر ئويلاپ چىقىرالماي، ئەينى بويىچىلا كۆچۈرۈپ قويۇشقانىدى. ئۇنى سەنمۇ ئوقۇغانمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ئوقۇغان.

— سەن مەزمۇننى باشقىچىرەك قىلىپ باق، ئۆتكەن كىشىلەرنى سورىماي، ماۋزۇنىلا شەرھلىسەڭمۇ بولىدۇ.

باۋيۈي «خوش» دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ، بېشىنى سالغىنىچە ئويلىنىپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دېدى. جيا جېڭمۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ ئىشىك تۈۋىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا مۇلازىم بالا ئۇچقاندەك تالاغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، جيا جېڭنى كۆرۈپ شاپپىدە توختاپ، قولىنى سىلىپ تۇردى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە هاما خېنىم كەپتىكەن. ئىككىنچى كېلىن ئاغىچا غىزا تەييارلىسۇن دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ، — دېدى مۇلازىم بالا.

جيا جېڭ گەپ قىلمىدى، مۇلازىم بالا ئۆز ئىشىغا ماڭدى. باۋچەي ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈي ئۇنى بەك ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇ هاما كەپتۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، باۋچەيمۇ بىللە كەلگەندۇ دەپ، ئىچ - ئىچىدىن تاقىلداپ:

— ماۋزۇنىڭ شەرھىسىدىن بىرنى ئويلاپ قويدۇم، توغرا چىقارمىكىن؟ — دەپ چورتلا مەلۇم قىلدى.

— قېنى، ئوقۇپ باق، — دېدى جيا جېڭ.

— ئەقلىمدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئوقۇمۇشلۇق بولىشۇەرمەيدۇ، مال - مۈلۈككە بېرىلمەيدىغانلارمۇ كەم تېپىلىدۇ، — دەپ ئوقۇپ بەردى باۋيۈي.

— بۇمۇ يارايدۇ، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى جيا جېڭ، — بۇنىڭدىن كېيىن ماقالە يازغىنىڭدا چەك - چېگرانى ئېنىق ئاجرىتىپ، مەفھۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن قەلەم تەۋرىتىشكە باشلا. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى بىلەمتى ؟

— بىلەتتى.

— ئۇنداق بولسا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كىرگىن.
باۋيۇي «خوش» دەپ ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. دەھلىز ئايۋان بىلەن كېمىر ئىشىكنىڭ توسۇقىدىن ئۆتۈپلا، قۇيۇندەك يۈگۈرگىنىچە جيا ئانىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى.
— كۆزلىرىگە قارىسىلا، يىقىلىپ كەتمىسىلە! بىگىم كېلىۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بېيمىڭ.
باۋيۇي ئۇنىڭغا قۇلاق سالامتى؟ دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجيې، تەنچۇنلەرنىڭ كۇلكە - پاراڭلىرى ئاڭلاندى. دېدەكلەر باۋيۇينى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆينىڭ مىلەڭزىسىنى قايرىپ:
— هاما خېنىم مۇشۇ يەردە، — دەپ كۇسۇرلىدى.
باۋيۇي ئىتتىك كىرىپ، شۆ هامىغا سالام بەردى، ئاندىن جيا ئانىدىن كەچلىك ئەھۋال سورىدى.
— بۈگۈن مەكتەپتىن ئەجەب كەچ يېنىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.
باۋيۇي بايا جيا جېڭنىڭ ماقالىسىنى كۆرۈپ باققانلىقىنى ۋە ماۋزۇ شەرھىنى باشقىدىن ئىشلەتكۈزۈپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، بۇنى ئاڭلاپ جيا ئانىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.
— باۋچەي ئاچام قايسى ئۆيدە؟ — دەپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا سورىدى باۋيۇي.
— باۋچەي ئاچىڭىز كەلمىدى. ئۆيدە شياڭلىڭ بىلەن يىڭنە ئىشى قىلىپ قالدى، — دېدى كۇلۇپ شۆ هاما.
باۋيۇي بۇ گەپتىن ھەپسىلىسى ئۇچۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چىقىپ كېتىشكە ئوڭايسىزلاندى. باشقىلار پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا غىزا تارتىلىپ قالدى. جيا ئانا بىلەن شۆ هاما تۆرگە ئولتۇردى، تەنچۇنلەر ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇشتى.
— باۋيۇي غوجامچۇ؟ — دېدى شۆ هاما.
— باۋيۇي مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرسۇن، — دېدى جيا ئانا.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مەكتەپتىن يېنىپ كېلىشىمگە، لى گۈي بەگ ئاتامنىڭ مېنى، غىزاسىنى يەپ بولۇپ يېنىمغا كىرسۇن، دېگەن گېپىنى يەتكۈزگەنىدى. شۇڭا، بىر تەخسە سەي ئالدۇرۇپ يەپلا ئاتامنىڭ يېنىغا كىرگەنىدىم. ئۇلۇغ ئانا، هاما، ئاچىلىرىم ماڭا قارىماي بەھۇزۇر بىقىنۇۋېرىشلار.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ يېنىمغا فېڭجيي قىز كەلسۇن، — دېدى جيا ئانا، — ئاناڭ بوگۇن پەرھىز تۇتقانىكەن، ئۇلار ئۆز تامىقىنى يەۋەرسۇن.

— سەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، هاما خېنىم بىلەن ئولتۇرۇپ غىزايىڭنى يەۋەرگىن، ماڭا قارىما، مەن پەرھىز تۇتقان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

شۇنىڭ بىلەن فېڭجيي ئولتۇرۇشقا ئىجازەت سوراپ داستىخانغا كەلدى، چۆرە قىز قەدەھ، چوكىلارنى قويدى. فېڭجيي چەينەكنى ئېلىپ، بىر قۇر شاراب قۇيۇپ چىقىپ، ئاندىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەممەيلەن شاراب ئىچىشتى.

— بايا هاما خېنىم شياڭلىڭنىڭ ئىتىنى چىقىرىپ قالدى. قايسى كۈنى چۆرە قىزلارنىڭ «چيۇلىڭ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئۇقالماي سورىسام ئاشۇ ئىكەن. ئۇ بالىنىڭ ئىسمى بىر ئوبدانلا تۇرسا، نېمىشقا ئۆزگەرتىۋەتكەندۇ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايلا قويسىلا! — دېدى شۆ هاما ھۇپپىدە قىزىرىپ، — شۆ پەن بالام ياخشى - يامانىنى بىلمەيدىغان بىر خوتۇنغا يولۇقۇپ قالدى، ئەتىدىن كەچكىچە كاپىشىپ ئاغزى تىنمايدۇ. بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە، ئۇ غەلۋە قىلىۋېرىپ، ئادەم قېلىپىدىن چىقىپ كەتتى. مەنمۇ بىرنەچچە قېتىم نەسىھەت قىلىپ باقتىم، تەرسالىق قىلىپ گېپىمگە پەقەتلا كىرمىدى. مېنىڭمۇ ئۇلار بىلەن ئۆرتۈپە بولۇشقا ماجالىم يەتمەي، ئىختىيارىغا قويۇپ بەردىم. ئاشۇ كېلىن بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ياراتماي ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ!

— ئىسمىنىڭ كارى چاغلىققۇ، — دېدى جيا ئانا.

— بۇ توغرىدا گەپ قىلىپ كەلسەم، مەنمۇ خىجىل بولىمەن، — دېدى شۆ هامما، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى تەرەپتىكىلەر بىلمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ ئۇ كېلىنىمنىڭ بۇ ئىسمىنى ياراتمىغانلىقىدىن قىلىۋاتقان ئىشى ئەمەس. بۇ ئىسمنى باۋچەي قىزنىڭ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ قەستەن ئۆزگەرتمەكچى بولغان گەپ.

— نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلىدىكەن؟ — دېدى جيا ئانا.

شۆ هامما كۆز يېشىنى قول ياغلىقى بىلەن تىنماي ئېرتىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇلارغا گەپ قىلىپ بەردى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى تېخى بىلمەيلا! هازىر بۇ كېلىنىمىز هە دېسىلا باۋچەي قىزنى خاپا قىلغىلى تۇردى. قايسى كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرى مېنى يوقلىتىپ كىشى ئەۋەتىپتىكەنلا، ئۇ كەلگەن چاغدا ئۆيىمىزدە راسا غەلۋە بولۇۋاتاتتى.

— هە، شۇ كۈنى هامما خېنىمنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، يوقلاپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتمەكچى بولغانىدىم، كېيىن ساقىيىپ قاپتۇ، دېگەچكە ئەۋەتمەپتىمەن، — دېدى جيا ئانا، — مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ، هامما خېنىم، ئۇ ئىشلارنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ئۇلار يېڭىدىن ئۆي تۇتقان ياش ئەر - خوتۇنلار، بىرنەچچە زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئەپلىشىپ قالىدۇ. باۋچەي قىز مىجەزى ئوبدان، مۇلايىم قىز، ئۆزى ياش بولسىمۇ، چوڭلاردىن نەچچە هەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ. قايسى كۈنى چۆرە قىز كېلىپ دەپ بەرگەنىدى، بىز بۇ يەردە باۋچەي قىزنى ماختاپ، بىردەم ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. باۋچەي قىزدەك كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، مىجەزى ئوبدانلار يۈزنىڭ ئىچىدىن بىرسى چىقىدۇ! دېۋەڭلىك قىلىپ دەپ تاشلىمىغانلا بولسام، مېنىڭچە، ئۇ قىز خەققە كېلىن بالا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا

قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرى كۆيۈنمەي، ئائىلىدىكى چوڭ ـ كىچىكلەر تەن بەرمەي قالمايدۇ!

باۋيۈي باشتا بۇ گەپلەردىن زېرىكىپ، باھانە ئىزدەپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغانىدى، بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

— ئۇمۇ ئەسقاتمايدۇ، — دېدى شۆ ھاما، — ئوبدان بولغىنى بىلەن، بۇ بەرىبىر قىز بالا ـ دە. پەنئېر دېگەن بۇ ھاماقەتنى تۇغۇپ بېقىپتىكەنمەن، ئۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامىنى زادىلا قويمىدى. تالا ـ تۈزدە ھاراق ئىچىپ، ئىش تېرىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەپلا تۇراتتىم. بەختىمگە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىكى چوڭ غوجام، ئوتتۇرانچى غوجاملار ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولغاچقا كۆڭلۈم بىرئاز ئارام تېپىپ قالدى.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، شۆ ھاممىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— ھاما، ھەرگىزمۇ ئەندىشە قىلمىسىلا، — دېدى باۋيۈي، — شۆ پەن ئاكام بىلەن چىقىشىدىغانلارنىڭ ھەممىسى سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان راۋرۇس، ئابرۇيلۇق ئادەملەر تۇرسا، چاتاق چىقىرامتى؟

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسىغۇ زادىلا غەم يېمىگەن بولاتتىم، — دېدى شۆ ھاما كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار ئاشۇنداق گەپلەشكەچ غىزالىنىپ بولدى. باۋيۈي:

— ئاخشاملىقتا كىتاب ئوقۇيدىغان ئىشىم بار ئىدى، — دەپ قويۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. باشقىلارمۇ ئۆيلىرىگە ياندى.

چۆرە قىزلار چاي سۇنۇپ تۇرۇشىغا، خۇيو كىرىپ جيا ئانىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويغانىدى، جيا ئانا:

— سەن چاپسانراق بېرىپ چياۋ جيېردىن خەۋەر ئالغىن، — دېدى فېڭجيېگە.

فېڭجيې نېمە ئىشلىقىنى ئۇقالماي قالدى، باشقىلارمۇ ھەيران بولۇشتى. شۇڭا، خۇيو فېڭجيېنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بايا پىگئېر بىر چۆرە قىزنى ئۆزلىرىگە: «چياۋجېيېرنىڭ ئانچە تاۋى بولمايۋاتىدۇ، خېنىم چاپسانراق كېلىپ كۆرۈپ باقسا ياخشى بولاتتى» دەپ مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنىكەن، — دېدى.

— چاپسانراق بارغىن، هامما خېنىممۇ يات ئادەم ئەمەس، — دېدى جيا ئانا.

فېڭجيې دەرهال «خوش» دەپ قۇللۇق بىلدۇرۇپ، شۆ هامما بىلەن خوشلاشتى، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— سەن بارغاچ تۇر، مەنمۇ كەينىڭدىن بارىمەن، كىچىك بالا دېگەننىڭ روهى قېچىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن چۆرە قىزلار قورقۇپ كېتىشمىسۇن، ئۆيدىكى ئىت - مۈشۈكلەرگىمۇ ئۇلار بىر ئاز پەخەس بولسۇن. بالىنىڭ ئالتۇن بويىنى شۇنچە ئاسىرىغانغا تۇشلۇق، قېرىشقاندەك ئاشۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار تۇغۇلۇپلا تۇرىدىكەن.

فېڭجيې خوش دەپ، چۆرە قىزنى كەينىگە سېلىپ ئۆيىگە ياندى. شۆ هامما قېلىپ، دەيیۈينىڭ كېسىلىنى سورىغانىدى، جيا ئانا:

— دەيیۈي قىزنى قويسىلا، بۇ بالىمۇ بىر نۆرى — دېدى، — ئۇنىڭچۇ كۆڭلى بەك ئىنچىكە، شۇڭا بەدىنى ئانچە مەزمۇت ئەمەس. زېرەكلىكىنى دېسەك، باۋچەي قىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، كەڭ قورساق بولۇش ۋە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىن باۋچەي ئاچىسىدەك تەمكىن، يول قويغاق ئەمەس.

شۆ هامما يەنە بىر - ئىككى ئېغىز باشقا پاراڭلارنى سېلىپ، ئاندىن:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئارام ئالسىلا، مەنمۇ بېرىپ ئۆيدىن خەۋەر ئالاي. ئۆيدە باۋچەي قىز بىلەن شياڭلىڭ يالغۇز قالغان. خان ئاچام بىلەن بېرىپ چياۋجيېرنى يوقلاپ قوياي، — دېدى.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى جيا ئانا، — ئۆزلىرى ياشىنىپ

قالغان كىشى، بېرىپ كۆرۈپ باقسىلا، ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارغا دەپ بەرسىلە، ئۇلارمۇ بىرئاز دىققەت قىلسۇن.

شۆ ھامما خوشلىشىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىللە فېڭجيېنىڭ ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى.

جيا جېڭ باۋيۈينى بىر قۇر سىناپ بېقىپ كۆڭلىدە خۇش بولدى. سىرتقا چىقىپ، سۇخەنچىلىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندا، بايىقى گەپلەرنى ئۇلارغا دەپ بەرگەندى، يېڭىدىن قاتارغا قوشۇلغان ئېرتياۋ تەخەللۇسلۇق شاھماتچى ۋاڭ زومېي شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ نەزىرىمچە، باۋيۈي غوجام ئىلىم تەھسىل قىلىشتا كۆپ ئىلگىرىلەپتۇ.

— نەدە ئىلگىرىلەيدۇ؟ — دېدى جيا جېڭ، — ئانچە - مۇنچە ئوقۇيدىغان بولۇپ قاپتۇ شۇ. «ئىلىم تەھسىل قىلدۇ» دېيىشكە خېلى بار تېخى.

— بۇ قەدىناس مويسىپىت بېگىمىزنىڭ تەكەللۇپ بىلەن قىلغان سۆزى، — دېدى جەن گۇاڭ، — بۇ يالغۇز ۋاڭ ئاغىمىزنىڭلا گېپى ئەمەس، بىزمۇ شۇنداق ئويلايمىز، بىزنىڭ نەزىرىمىزدىمۇ باۋيۈي غوجام چوقۇم روناق تاپىدۇ.

— بۇمۇ ھەربىرلىرىنىڭ ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەنلىكلىرىنىڭ ئىپادىسى، — دېدى كۈلۈپ جيا جېڭ.

— كەمىنىلىرىنىڭ يەنە بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى ۋاڭ ئېرتياۋ، — ئۆزۈمنى چاغلىمىغانلىق بولۇپ قالمىسا، قەدىناس مويسىپىت بېگىمىزگە بىر ئىشتا مەسلىھەت بەرمەكچىمەن.

— نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ.

— كەمىنىلىرى رابىتە قىلىپ كەلگەن بىر كىشى بار، — دېدى ۋاڭ ئېرتياۋ ھىجىيىپ، — ئۇ نەنجاۋغا ۋالىي بولغان جاڭ

بېگىم دېگەن كىشى. ئۇنىڭ بىر خان قىزى بار، ئۇ قىزنى خۇي - ئەپئال ۋە ھۆسن - جامالدا تەلتۆكۈس دېيىشىدۇ، تېخىچە بىر كىمدىن چاي قوبۇل قىلىنماپتۇ. جاڭ بېگىمنىڭ ئوغلى يوق، ئۆي - تەئەللۇقاتى ئىنتايىن كۆپ. ئۇ كىشى باي - ئېسىلزادە ئائىلە بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈيئوغۇل بولغۇچى ھەممىدىن لاياقەتلىك بولسا قۇدا چۈشىدىكەن. كەمىنىلىرى بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئىككى ئاي بولدى. باۋيۈي غوجامنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم ئەمەلىيىتىنى كۆرۈپ، تەھقىق يېتۈك ئىكەن دەپ ھېسابلىدىم. قەدىناس مويسىپىت بېگىمنىڭ نەسىل - نەسەبىگە كەلسەك، بۇ توغرىدا ھېچقانداق گەپ لازىم ئەمەس. مۇبادا كەمىنىلىرى بېرىپ ئېغىز ئاچىدىغانلا بولسام، ھۆددىگە ئىش پۈتەتتى.

— باۋيۈينى ئۆيلەشنىڭ گېپىنى قىلساققۇ، ئۇنىڭمۇ يېشى توشۇپ قالدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىممۇ پات - پات شۇ گەپنى دەيدىغان بولدى، — دېدى جيا جېڭ، — بىراق، ئۇ جاڭ بېگىم بىلەن ئانچە تونۇشمايدىكەنمىز.

— ۋاڭ ئاغىمىز گېپىنى قىلغان جاڭ بېگىمنى كەمىنىلىرىمۇ بىلىمەن. ئۇ كىشى چوڭ بېگىمنىڭ كونا قۇدىلىرىدىن بولىدۇ. قەدىناس مويسىپىت بېگىم سوراپ باقسىلا بىلىدىلا، — دېدى جەن گۇاڭ.

— چوڭ بېگىمنىڭ مۇنداق تۇغقىنى بارلىقىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدى جيا جېڭ ئويلىنىپ بېقىپ.

— قەدىناس مويسىپىت بېگىم بىلمەسلىكلىرى مۇمكىن، — دېدى جەن گۇاڭ، — بۇ جاڭ خاندانىنىڭ ئەسلىدە شىڭ تاغا بەگ بىلەن تۇغقانچىلىقى بار.

جيا جېڭ بۇ گەپتىن ئۇنىڭ شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن تۇغقانچىلىقى بارلىقىنى ئۇقتى. ئۇ ئۇلار بىلەن يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ ئۆيىگە يېنىپ كىردى ۋە بۇ گەپنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا دەپ بېرىپ، شىڭ ئاغىچا خېنىمدىن سورىتىپ

www.uyghurkitap.com

باقماقچى بولدى. لېكىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇ ھامما بىلەن فېڭجىيېنىڭكىگە چىياۋجىيېرنى يوقلاپ كەتكەنىكەن. شۇ كۈنى چىراغ ياقىدىغان چاغدا، شۇ ھامما قايتىپ كېتىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يېنىپ كىردى. جيا جېڭ ۋاڭ ئېرتىياۋ بىلەن جەن گۈاڭنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپ بولۇپ، ئاندىن:

— چىياۋجىيېر نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇچۇق تەگكەندەك قىلىدۇ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— ئانچە ئېغىر ئەمەستۇ؟

— ئەپتىدىن ئۇچۇق يېڭىلا تېگىپتۇ، تېخى ياناپتۇ.

جيا جېڭ «ھىم» دەپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى شىڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىغا سالام بەرگىلى كىرگەندە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جاڭ ئائىلىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ، جيا ئانىغا مەلۇم قىلغاچ، شىڭ ئاغىچا خېنىمدىن سورىغانىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم:

— جاڭ ئائىلىسى بىزگە كونا تۇغقانلاردىن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر - بىرىمىز خەۋەر ئېلىشمايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق، — دېدى — ئۇنىڭ قىزى قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمايدىكەنمەن. قايسى كۈنى قۇدىمىز سۇن خېنىم بىزدىن ھال سوراپ خىزمەتكار موماينى ئەۋەتىپتىكەن. ئاشۇ موماي جاڭ ئائىلىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ: ئۇلارنىڭ بىر قىزى بار، ئۇلار قۇدىمىز سۇن خېنىم تەرەپتىن بىرەر ئوبدان لايىق تاپقان بولسا، دەپتۇ دېدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ قىز ناھايىتى ئەركە، نازۇك، ئانچە - مۇنچە ساۋاتىمۇ بار ئىكەن، چوڭ سورۇنلارنى كۆرگۈسى كەلمەيدىكەن، ھەمىشە ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىكەن. جاڭ بېگىم: مۇشۇ بىر تاللا قىزىم بار، ياتلىق قىلاي دېسەم، قېيىنئاتا - قېيىنئانىلىرى قاتتىق تۇتۇۋېتىپ، قىزىم ئازار يەپ قالارمىكىن دەپ ياتلىق قىلغۇم كەلمەيدۇ، بىركىم كۈيئوغۇل چىلاپ كىرسە، ئائىلىمىزدە تۇرۇپ، ئائىلە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ بەرسە،

دەيدىكەن.

— بۇ زادىلا بولمىغۇدەك، — دېدى جىيا ئانا ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپلا، — بىزنىڭ باۋيۇي، باشقىلار ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يېتىشەلمەيۋاتقان يەردە، خەققە خىزمەت قىلىپ بېرىشى كېرەكمىكەن؟

— شۇنى دېسىلە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم.

— سىز قايتقىنىڭىزدا بېگىڭىزگە مېنى دېدى دەپ ئېيتىڭ، — دېدى جىيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا، — جاڭ ئائىلىسى بىلەن زادىلا قۇدا چۈشكىلى بولمايدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خوش دەپ قۇللۇق بىلدۈردى.

— سىلەر تۈنۈگۈن چياۋجيېرنى يوقلىغاندا، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟ باشتا پىڭئېر كېلىپ ماڭا ئانچە ياخشى ئەمەس دېگەن، مەنمۇ بېرىپ يوقلاپ قوياي دېۋېدىم، — دېدى جىيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىكلىرىدىن يوقلاپ بارىمەن دېگەنلىرى بىلەن، بۇ ھۆرمەتكە ئۇ ئەرزىمەسمىكىن! — دېدى شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار تەڭلا.

— يالغۇز شۇنى دەپلا ئەمەس، ئۆزۈممۇ مېڭىپ ھەرىكەتلىنىپ، كىرىشكەن پەيلىرىمنى سوزۇۋالاي دەۋاتىمەن، — دېدى جىيا ئانا، — سىلەر غىزالىنىپ كېلىڭلار، ئاندىن مەن بىلەن بىللە بارارسىلەر.

شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار خوش دەپ يېنىپ چىقىپ ئۆيلىرىگە ياندى. بىردەمدىن كېيىن غىزالىرىنى يەپ بولۇپ كېلىپ، جىيا ئانىغا ھەمراھ بولۇپ فېڭجيېنىڭ ھۇجرىسىغا كېلىشتى. فېڭجيې دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— چياۋ جيېرنىڭ ئەھۋالى زادى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— ئۈچۈق تەگكەن ئوخشايدۇ، — دېدى فېڭجيې.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ كۆرسىتىپ باقمايسىلەر؟ — دېدى جيا ئانا.

— تەكلىپ قىلغىلى كەتتى، — دېدى فېڭجيې.

جيا ئانا بىلەن شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئۆيگە كىردى. چياۋجيېرنى ئىنىكئانىسى شاپتۇل چېچىكى دارايىدىن تىكىلگەن كۆرپىگە ئوراپ كۆتۈرۈۋاپتۇ. چياۋجيېرنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، قاپاقلىرى تارتىشىپ، بۇرۇنلىرى كۆپچۇپ، لىپىلداپ تۇراتتى. جيا ئانا بىلەن شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىللە كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن تاشقىرىقى ھۇجرىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا، چۆرە قىز كىرىپ فېڭجيېگە:

— بېگىم چياۋجيېرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كىشى ئەۋەتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— مېنىڭ نامىمنى بېگىمگە مەلۇم قىلىپ قويغاي: تېۋىپ چاقىرغىلى كەتتى، بىردەمدىن كېيىن دورا قەغىزى يېزىپ بەرگەندە بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمىز، — دېدى فېڭجيې.

جيا ئانا بىردىنلا جاڭ ئائىلىسى توغرىسىدىكى گەپنى ئېسىگە ئېلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا:

— سىز بېرىپ بېگىمىزگە دەڭ، خەققە سوچى ئەۋەتمەيلا قويسۇن، بولمىسا كېيىن رەت قىلىنىۋېتىدىغان ئىش چىقىپ سەت بولمىسۇن، — دېدى، ئاندىن شىڭ ئاغىچا خېنىمدىن سورىدى، — سىلەر ھازىر جاڭ ئائىلىسى بىلەن نېمىشقا باردى-كەلدى قىلىشمايدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟

— جاڭ ئائىلىسىنىڭ ئىش-ئەمەلىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىزگە قۇدا بولالمايدۇ، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل، باۋيۈينىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈپ قويىدۇ، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەنلا گەپنىڭ مەنىسىگە تولۇق دېگۈدەك يېتىپ، كۈلدى:

— ئاغىچا خېنىم، باۋيۈي ئۇكامنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا

گەپ بولۇۋاتىدىغۇ دەيمەن؟

— هەئە، شۇ گەپ ! — دېدى شىلىڭ ئاغىچا خېنىم.

جيا ئانا باياتىندىن بولغان گەپلەرنى فېڭجيېگە ئېيتىپ بەردى.

— بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ، ئاغىچا خېنىملارنىڭ ئالدىدا دادىل گەپ قىلغىنىم ئەمەس، ئەزەلدە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن جۇپنى قويۇپ، باشقا يەردىن ئىزدەپ نېمە قىلاتتۇق؟ — دەپ كۈلدى فېڭجيې.

— نەدە ئىكەن ئۇ جۇپ؟ — دەپ كۈلدى جيا ئانا.

— بىرى «ئېسىل قاشتاش»، بىرسى «ئالتۇن قۇلۇپ»، بۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىلا؟ — دېدى فېڭجيې.

— تۈنۈگۈن هاماڭ بۇ يەرگە كەلگەندە بۇ گەپنى نېمىشقا دېمىدىڭ؟ — دېدى كۈلۈپ جيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئانىمىز بىلەن ئاغىچا خېنىملار تۇرغان يەردە بىزدەك بالىلارغا سۆز قىلىشقا نېمە قويۇپتۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە هامام ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەن تۇرسا، بۇ گەپنى قانداقسىغا دېگىلى بولىدۇ؟ بۇ ئىشتىچۇ، ئاغىچا خېنىملار بېرىپ ئېغىز ئاچسا قامىلىشىدۇ.

جيا ئانا كۈلۈۋەتتى، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مەنچۇ، دۆتلىشىپ قاپتىمەن، — دېدى جيا ئانا.

گەپ ئۈستىگە بىركىم كىرىپ:

— تېۋىپ كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

جيا ئانا تاشقىرىقى هۇجرىدا ئولتۇرىۋەردى. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ئۆزلىرىنى بىرئاز دالدىغا ئېلىشتى. تېۋىپ جيا ليەن بىلەن كىرىپ جيا ئانىغا سالام بەردى، ئاندىن ئىچكىرىكى هۇجرىغا كىرىپ كەتتى. كېسەلنى كۆرۈپ بولۇپ چىقىپ، پەگاهتا ئېگىلىپ تۇرۇپ، جيا ئانىغا:

www.uyghurkitap.com

— قىزچاقنىڭ بىرىنچىدىن ئىچى ئىسسىق ئىكەن، ئىككىنچىدىن قىزچاقتا ئۇچۇق تېگىپتۇ. ئاۋۋال يەل ـ بەلغەمنى سۈرۈش دورىسىدىن بىر بولاق ئىچىپ، ئاندىن تۆت مۇرەككەپ ئارامىلىق تالقىنى يېسە تۈزىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، تەگكەن كېسەل يېنىك ئەمەس ئىكەن. ھازىر بازاردا سېتىلىۋاتقان دېڭىزىيالارنىڭ ھەممىسى جا، دېڭىزىيانىڭ جىگىدىن تېپىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جىيا ئانا سىزنى جوۋاتتۇق، دېدى. تېۋىپ جىيا لىيەن بىلەن چىقىپ دورا قەغىزى يېزىپ بېرىپ قايتىپ كەتتى.

— مېھرىگىياھقۇ ئۆيدە ئۈزۈلمەيدۇ، — دېدى فېڭجېي، — لېكىن دېڭىزىيا ئۆيدە يوقمىكىن. بازاردىن سېتىۋالغاندا جىگى تېپىلسا ياخشى بولاتتى.

— مەن ھامما خېنىمنىڭكىگە كىشى ئەۋەتىپ باقاي، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — شۆپەن دائىم غەرب سودىگەرلىرى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشىپ تۇراتتى. بەلكىم دېڭىزىيانىڭ جىگىدىن بولسىمۇ باردۇ، مەن كىشى ئەۋەتىپ سوراتاي.

گەپ ئۈستىگە ھەمشىرىلەر يوقلاپ كېلىشتى. ئۇلار بىردەم ئولتۇرۇپ، جىيا ئانا بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى.

فېڭجېي دورىنى قاينىتىپ چياۋجېيېرغا ئىچۈرۈۋىدى، «ھۆ» قىلىشى بىلەنلا، دورا ـ پورا، بەلغەم ـ مەلغەمنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتى. فېڭجېينىڭ كۆڭلى ئاندىن بىر ئاز تىنىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىكى بىر چۆرە قىز كىچىككىنە قىزىل قەغەز بولاقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى:

— خېنىم، دېڭىزىيا بار ئىكەن. ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ ئىشلەتكەي، دەيدۇ.

فېڭجېي خوپ دەپ بولاقنى ئالدى، پىڭئېرنى مەرۋايىت، بورنېئو ـ كامفور، سىرسۇرۇخ قوشۇپ تېزرەك قايناتقىن، دەپ جورۇدى. دورا قەغىزى بويىچە، ئۆزى مىسقال تارازا بىلەن ئۆلچەپ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييار قىلىپ بەردى. دورا تەييار

بولغاندا، چياۋجيېرنى ئويغىتىپ ئىچۈرمەكچى بولدى. شۇ ئارىدا جيا خۇەن پەردىنى قايرىپ كىرىپ كەلدى.

— ئاچا، چياۋجيېر قانداقراق؟ ئانام مېنى يوقلاپ كەل دەپ ئەۋەتتى، — دېدى.

فېڭجيې ئانا ـ بالا ئىككىسىنى يامان كۆرگەچكە:

— ياخشى بولۇپ قالدى، سەن بېرىپ ئاناڭغا دېگىن، ئانا ـ بالا ئىككىڭلارنىڭ ياد ئەتكىنىڭلارغا رەھمەت، — دېدى.

جيا خۇەن خوش دەپ قويۇپ، ئۇيەر ـ بۇيەرگە قاراشتۇرغىلى تۇردى. بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— سىزنىڭكىدە دېڭىزىيا بار دەيدۇ، دېڭىزىيا دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟ ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭا، — دېدى فېڭجيېگە.

— بۇ يەردە غەلۋە قىلما، قىزچاق ئەمدىلا ئوڭلاندى، دېڭىزىيانى قاينىتىۋەتكەن، — دېدى فېڭجيې.

جيا خۇەن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، كۆرمەن دەپ قۇمغانغا قول سوزغاندى، كالانپايلىق قىلىپ قولى تېگىپ كېتىپ، قۇمغان ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئوت ئۆچۈپ قېلىشقا تاسلا قالدى. جيا خۇەن ئوسال ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، پالاق ـ پۇلۇق قىلىپ چىقىپ كەتتى. فېڭجيې ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— هوي، كۈشەندىنىڭ پۇشتى شۇم! يەنە بىزنى قەستلەپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟ بالدۇر ئاناڭ مېنى قەستلىگەنىدى، ئەمدى قىزىمنى قەستلىمەكچىمۇسىلەر. سەن خەقنىڭ ئۇرۇق ـ ۋۇجۇدىڭنىڭ ماڭا زادى نېمە ئۆچى بار بولغىيدى؟ — دەپ كايىدى، پىڭئېرنىمۇ دىققەت قىلماپسەن، دەپ تىللاپ كەتتى.

تىللاۋاتقانلىقىنىڭ ئۇستىگە جيا خۇەننى ئىزدەپ چۆرە قىز كىرىپ كەلدى.

— سەن بېرىپ، جاۋ كىچىك ئاپىغا دېگىن، ئۇ غەم يەپ ئادا بولاي دېگەن ئوخشايدۇ! چياۋجيېرگە ئۆلۈم كەلگۈدەك بولسىمۇ، ئۇ ئۇيمەيلا قويسۇن، — دېدى فېڭجيې.

پىڭئېر ئالدىراپ ـ سالدىراپ دورا تەڭشەپ قايتا قاينىتىش

www.uyghurkitap.com

بىلەن بولۇۋاتاتتى، ھېلىقى چوڭرە قىز نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، پىڭئېردىن پىچىرلاپ سورىدى:

— خېنىم نېمىشقا ئاچچىقلاپ قالدى؟

پىڭئېر جيا خۇەننىڭ دورا قۇمغىنىنى ئۆڭتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— ھە، شۇڭا ئۇ ئۆيگە بېرىشقا پېتىنالماي باشقا يەرگە يوشۇرۇنۇۋاپتىكەن ـ دە، — دېدى چوڭرە قىز، — بۇ جيا خۇەن غوجام ئەتە ـ ئۆگۈن نېمە بولاركىنتاڭ ! پىڭئېر ئاچا، مەن قىلىشىپ بېرەي.

— بولدى، ھاجىتى يوق. ھېلىمۇ ياخشى دېڭىزىيادىن يەنە بىرئاز بار ئىدى، دورىغا يەنە قوشتۇق. سەن قايتىپ كېتىۋەر، — دېدى پىڭئېر.

— مەن زادى بىرىپ جاۋ كىچىك ئاپىغا ئېيتىدىغىنى، ئۇمۇ ئەتىدىن كەچكىچە ۋالاقشىپلا يۈرمىسۇن، — دېدى چوڭرە قىز.

چوڭرە قىز قايتىپ بېرىپ جاۋ كىچىك خېنىمغا بۇ ئەھۋالنى دەپ بەرگەنىدى، ئۇ ئاچچىقلاپ، جيا خۇەننى چاپسان تېپىپ كېلىشكە ئۇنى جورۇدى. جيا خۇەن تاشقىرىقى ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن، چوڭرە قىز ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ جاۋ كىچىك ئاپىغا دەپ قويدى. جاۋ كىچىك ئاپا:

— ھوي، پېسەندە شۇم ! نېمىشقا خەقنىڭ دورىسىنى ئۆڭتۈرۈۋېتىپ قارغىشىغا قالىسەن؟ مەن سېنى ئەھۋال سوراپ كەل، ئۆيگە كىرمىگىن دېمىگەنمىدىم. سەن ئەتەي ئۆيگە كىرىپسەن، كىرگەندىن كېيىن يېنىپ چىقماي، يەنە تېخى «يولۋاسنىڭ بېشىدىن پىت ئىزدىگىنىڭ» نېمىسى؟ خەپ توختاپ تۇر، بېگىمگە دەپ سېنى ئۇرغۇزمايدىغان بولسام ! — دەپ كايىپلا كەتتى.

جاۋ كىچىك ئاپا ئاشۇنداق دەۋاتقاندا، جيا خۇەن تاشقىرىقى ھۇجرىدا تۇرۇپ ھەيران قالارلىق بىرگەپنى قىلدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# سەكسەن بەشىنچى باب

## جيا جېڭنىڭ تەۋسيە بىلەن ئورپاق بەگلىك مەنسپىگە چىققانلىقى
## شۆ پەننىڭ يەنە چاتاق چىقىرىپ سۈرگۈنگە ھەيدەلمەك بولغانلىقى

شۈنداق قىلىپ، جاۋ كىچىك ئاپا ھۇجرىسىدا جيا خۇەندىن ئاغرىنىپ تۇراتتى، تاشقىرىقى ھۇجرىدا جيا خۇەن چالۋاقاپ كەتتى:

— دورا قۇمغىنىنى ئۆرۈۋېتىپتىكەنمەن، ئازراق دورىسى تۆكۈلۈپ كەتتى شۇ، ئۇ قىزمۇ ئۆلۈپ قالغىنى يوق. شۇنچىلىك ئىشقا مېنى سەنمۇ تىللىساڭ، ئۇمۇ تىللىسا، زادى مېنى نىيىتى يامان دەپ يۇرۇپ نابۇت قىلماقچىمۇ سىلەر؟ قاراپ تۇر، ئەتە ـ ئۆگۈن ئاشۇ شۇمتەك قىزنىڭ جېنىنى ئالمايدىغان بولسام! قېنى، نېمە قىلالايسىلەركىن! ئۇلار ئۆزىگە ھېزى بولسۇن.

جاۋ كىچىك ئاپا ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن ئالمان ـ تالمان چىقىپ، جيا خۇەننىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى:

— يەنە ئاغزىڭغا كەلگىنىنى ۋالاقلىغىلى تۇردۇڭ، مۇنداق قىلىۋەرسەڭ، خەق ئاۋۋال سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ!

ئانا ـ بالا ئىككىسى ئەنە شۇنداق بىر پەس جاڭجاللاشتى. جاۋ كىچىك ئاپا فېڭجيېنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئويلىغانسېرى جۇدۇنى ئۆرلەپ، فېڭجيېگە بىرەر ئېغىز بولسىمۇ تەسەللى ئېيتىش ئۈچۈن كىشىمۇ ئەۋەتمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، جياۋجيېرمۇ ساقىيىپ قالدى. ئەمما، ئىككى تەرەپنىڭ ئاداۋىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بالدۇرقىدىن تېخىمۇ كۆچەيدى.

بىر كۈنى لىن جىشياۋ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— بۈگۈن بېيجىڭ جۇڭنۇاڭنىڭ مەۋلۇدى ئىكەن، بېگىمدىن كۆرسەتمە سوراپ كىرگەنىدىم.

— بالدۇرقى يىللاردىكى رەسمىيەت بويىچە قىلىڭلار، چوڭ بېگىمگە مەلۇم قىلىپ قويۇپ، سوۋغاتنى يوللاپ بەرسەڭلارلا بولىدۇ، — دەپ تاپىلىدى جيا جېڭ.

لىن جىشياۋ خوش دەپ، بېجىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن جياشې بۇياققا ئۆتۈپ جيا جېڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ئۇلار جيا جېن، جيا لىيەن، باۋيۈلەرنى باشلاپ، بېيجىڭۋاڭنى قۇتلاپ بارىدىغان بولىدى. باشقىلارغۇ بىر نۆۋرى، پەقەت باۋيۈيلا ئۆتكەندە بېيجىڭۋاڭنىڭ قىياپىتى ۋە ھەيۋىسىگە مەپتۇن بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ئىنتىزار ئىدى. شۇڭا، ئالمان - تالمان ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلەپ ئاتلىرى بىلەن بىللە بېيجىڭۋاڭ قەسرىگە كەلدى. جيا شې، جيا جېڭلار نام - ئەمەل نامەسىنى سۇنۇپ پەرمان كۈتۈپ تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىچكىرىدىن ھەرەمئاغىسى تەسۋى تۇتۇپ چىقىپ كەلدى ۋە جيا شې، جيا جېڭلارنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— ئەسسالام، بەگلىرىم! — دېدى.

جيا شې بىلەن جيا جېڭمۇ دەرھال سالاملاشتى، قالغان ئاكا - ئۇكا ئۈچەيلەنمۇ كېلىپ سالاملاشتى.

— ۋاڭ غوجام ھەربىرلىرىنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىدۇ، — دېدى ھەرەمئاغىسى.

ئاتا - بالا بەشەيلەن ھېلىقى ھەرەمئاغىسىنىڭ كەينىدىن قەسرىگە قەدەم تاشلىدى. ئىككى قات دەرۋازىدىن كىرىپ، بىرىنچى قات كاشانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچكىرىدە ھەرەم دەرگاھىنىڭ دەرۋازىسى بار ئىدى. جيا شىلار دەرۋازا تۈۋىگە

كېلىپ توختىدى. ھەرەمئاغىسى ۋاڭ غوجامغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. دەرۋازىدا تۇرغان كىچىك ئاغىۋاتلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى.

بىردەمدىن كېيىن ھەرەمئاغىسى چىقىپ «مەرھەمەت» دەپ ئۇلارنى تەكلىپ قىلدى. ئاتا ـ بالا بەشەيلەن تەۋازۇ بىلەن ئىچكىرىگە كىردى. بېيجىڭۋاڭ رەسمىيانە ئېگىنلىرىنى كىيگەن ھالدا پېشايۋانغىچە ئالدىغا چىققانىدى. ئاۋۋال جيا شې بىلەن جيا جېڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى، ئاندىن جيا جېن، جيا ليەن، باۋيۈيلەر نۆۋەت بويىچە سالام بېرىشتى. بېيجىڭۋاڭ باۋيۈينىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— سىزنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزاق بولدى، ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرىمەن، — دېدى، ئاندىن كۈلۈپ سورىدى، — ھېلىقى قاشتېشىڭىز ساقمۇ؟

باۋيۈي پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ:

— ۋاڭ غوجامنىڭ دۆلىتى سايىسىدا، ھەممىسى ساق، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بۈگۈن كەلگىنىڭىزگە لايىق ئوبدانراق غىزامۇ تەييارلىتىپ قويماپتىمەن، ھەر ھالدا ھەممىمىز بىرئاز پاراڭلىشارمىز، — دېدى بېيجىڭۋاڭ.

شۇ ئارىدا ھەرەمئاغىلىرى مېلەڭزىنى قايرىپ بەردى.

— مەرھەمەت، — دېدى بېيجىڭۋاڭ. ئاندىن ئالدىدا ئۆزى ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن جيا شېلار ئېگىلگەنلىرىچە كىرىپ كېلىشتى. ئاۋۋال جيا شې بېيجىڭۋاڭدىن تەزىم قوبۇل قىلىشنى سورىدى. بېيجىڭۋاڭمۇ بىر ـ ئىككى ئېغىز تەكەللۇپ قىلىپ قويدى. جيا شې ئاللىقاچان يۈكۈنۈپ بولغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن جيا جېڭلار نۆۋەت بويىچە تەزىم قىلىشتى. قالغىنىنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

جيا شېلار تەۋازۇ بىلەن يېنىپ چىقتى. بېيجىڭۋاڭ ئۇلارنى قەدىرلىك ئۇرۇق ـ جەمەت ۋە قەدىناسلىرى بىلەن بىر ئورۇندا

ئوبدان كۇتۇۋېلىشنى ھەرەمئاغىسىغا تاپىلاپ قويۇپ، گەپلىشىش ئۈچۈن باۋيۇينىلا ئېلىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشنى ئىلتىپات قىلدى. باۋيۇي يەنە باش قويۇپ، بۇ مەرھەمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئىشىك يېنىدىكى كەشتىلىك كۆرپىچەك يېپىلغان كۇرسىدا يېنىچە ئولتۇردى ۋە كىتاب ئوقۇش، يېزىقچىلىق ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بېيجىڭۋاڭ ئۇنى بەك ياقتۇرۇپ كېتىپ، ھەتتا چايمۇ ئىلتىپات قىلدى.

— تۈنۈگۈن، — دەپ گەپ باشلىدى بېيجىڭۋاڭ، — مۇراقىپ ۋۇ جانابلىرى كېلىپ كۆرۈنۈش قىلغاندا، پەدەرىڭىزنىڭ مائارىپ تەپتىشلىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىپ كېلىپ، ئىشنى ئادىل قىلغانلىقىنى، بارلىق تالىپلار چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغانلىقىنى بايان قىلدى، ئۇ خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، خان ھەزرەتلىرى پەدەرىڭىزنى سورىغاندىمۇ، ئۇ ئىنتايىن ماختاپ تەۋسىيە قىلدى. دېمەك، بۇ، پەدەرىڭىز ئۈچۈن خۇشاللىقنىڭ بېشارىتى.

باۋيۇي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھۆرمەت بىلەن:

— بۇ ئەلۋەتتە ۋاڭ غوجامنىڭ ئىلتىپاتى، ۋۇ جانابلىرىنىڭ ھىممىتى، — دەپ بارىكاللا بىلدۈردى.

گەپ ئۈستىگە كىچىك ئاغۋات كىرىپ:

— تاشقىرىدا ئۇلۇغلار، بېگىملەر ئالدىنقى كاشانىدا ۋاڭ غوجامنىڭ ئىلتىپات قىلغان زىياپىتىگە تەشەككۇر بايان قىلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى ۋە زىياپەتكە رەھمەت ئېيتقان ھەم چۇشلۇك ئىسمىلىك تىلىگەن نامەلەرنى سۇندى. بېيجىڭۋاڭ نامەلەرگە ئاندا - مۇندىلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ، كىچىك ئاغۋاتقا ياندۇرۇپ بەردى.

— ئۇقتۇم، — دېدى بېيجىڭۋاڭ كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇلارنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم.

— جىيا باۋيۇيگە ۋاڭ غوجام ئىلتىپات قىلغان غىزا تەييار



www.uyghurkitap.com

بولدى، — دەپ يەنە مەلۇم قىلدى ھېلىقى ئاغۋات.

بېيجىڭۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، باۋيۇينى ھېلىقى ئاغۋات ئىنتايىن ئەپچىل ياسالغان چاققان بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى. غىزادا ھەمراھ بولۇشقا ئادەم تەيىنلىدى. باۋيۇي غىزادىن كېيىن قايتىپ كىرىپ رەھمەت ئېيتتى. بېيجىڭۋاڭ يەنە بىرقانچە ياخشى گەپ قىلىپ:

— ئۆتكەندە سىزنىڭ ھېلىقى قاشتېشىڭىزنى كۆرۈپ بەك قىزىقىپ قالغانىدىم، — دېدى كۈلۈپ كېتىپ، — ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىپ بىرنى ياستىپ قويغان، بۈگۈن كەلگىنىڭىز ئوبدان بوپتۇ، شۇنى ئالغاچ كېتىپ ئوينارسىز، — ئاندىن ئۇ كىچىك ئاغۋاتنى بۇيرۇپ قاشتاشنى ئالدۇرۇپ باۋيۇيگە ئۆز قولى بىلەن بەردى، باۋيۇي قولىغا ئېلىپ، ھەشقاللا ئېيتتى، ئاندىن يېنىپ چىقتى. بېيجىڭۋاڭ كىچىك ئاغۋاتلاردىن ئىككىسىنى ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. باۋيۇي چىقىپ جيا شېلار بىلەن يېنىپ كەلدى.

جيا شې جيا ئانىغا كۆرۈنۈش قىلىپ قويۇپ ئۆز ئۆيىگە ياندى. جيا جېڭ ئاكا - ئۇكا ئۈچىنى بىللە باشلاپ كىرىپ، جيا ئانىغا سالام بەردى، ئاندىن بېيجىڭۋاڭنىڭ قەسىرىدە كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، باۋيۇيمۇ ۋۇ جانابلىرىنىڭ خان ئالىيلىرىغا كۆرۈنۈش قىلغاندا تەۋسىيە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى گەپنى جيا جېڭغا دەپ بەردى.

— ۋۇ جانابلىرى ئەزەلدىن بىز بىلەن يېقىن دوست، مەن بىلەن قۇرداش، ئاندىن، جىگەرلىك زات، — دېدى جيا جېڭ. يەنە بىرنەچچە ئېغىز باشقا پاراڭلارنى قىلىشتى.

— چىقىپ ئارام ئېلىڭلار، — دېدى جيا ئانا.

جيا جېڭ يېنىپ چىقتى، جيا جېن، جيا ليەن، باۋيۇيلەر ئۇنىڭ بىلەن ئىشىككىچە بىللە كەلگەنىدى، جياجېڭ:

— سىلەر كىرىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ھەمراھ بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇشلار، — دەپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە ياندى.

ئۇ ئەمدىلا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، چۆرە قىز كىرىپ:

— لىن جىشياۋ تالادا قالدى، بېگىمگە مەلۇم قىلدىغان گېپى بار ئىكەن، — دەپ خەۋەر قىلىپ، بىر قىزىل باغاقنى سۇندى، بۇ مۇراقىپ ۋۇ بېگىمنىڭ ئىسمى يېزىلغان باغاق ئىدى. جىيا جېڭ ئۇنىڭ زىيارەتكە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، لىن جىشياۋنى چاقىرىپ كىرىشكە چۆرە قىزنى بۇيرۇدى، ئاندىن ئۆزى پېشايۋانغا چىقتى. لىن جىشياۋ كىرىپ:

— بۇگۈن مۇراقىپ بەگ ۋۇ جانابلىرى زىيارەتكە كەلمەكچى ئىكەن، پېقىر ئۇچۇرىنى بېرىپ قويدۇم، — دېدى، — پېقىر قۇللىرى مۇنداق بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم: هازىر ئىنشائات دىۋانىدا ئورپاق بەگلىك① ئورنى بوش ئىكەن، سىرتتىكىلەر ھەم دىۋاندىكىلەر بېگىمنى شۇ مەنسەپكە تەيىنلىنىپتۇ دەپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ.

— قېنى كۆرەرمىز، — دەپ قويدى جىيا جېڭ.

لىن جىشياۋ يەنە بىرنەچچە گەپنى مەلۇم قىلىپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى.

جىيا جېن، جىيا لىيەن، باۋيۈي ئۈچى يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، جىيا ئانىنىڭ قېشىدا يالغۇز باۋيۈي قېلىپ، بېيجىڭۋاڭنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىسىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ھېلىقى قاشتاشنى ئېلىپ كۆرسەتتى. ھەممەيلەن كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئېلىپ قويۇپ ساقلاپ بېرىڭلار، يىتىپ كەتمىسۇن، — جىيا ئانا بىرسىگە تاپىلاپ قويۇپ باۋيۈيگە جېكىلىدى، — ئۆزۈڭنىڭ قاشتېشىڭنى تۈزۈك ئېسىپ يۈرگىن، ئارىلاشتۇرۇپ قويما.

---

① ئورپاق بەگ دىۋان بېگىگە ياردەملىشىپ بىر مەھكىمىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

— مىنىڭ قاشتېشىم مانا تۇرۇپتۇغۇ؟ — دېدى باۋيۇي بويىندىن ئېلىپ، — بۇنى تاشلىۋېتەمدىغان! ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا بىر - بىرىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقى بار تۇرسا، ئارىلىشىپ كېتەمتى؟ چوڭ ئانا، مەن سىلىگە دەپ بەرمەكچىدىم: قايسى كۈنى ئاخشىمى ئۇخلىغىلى ياتقىنىمدا، قاشتاشنى بويۇنۇمدىن ئېلىپ چىملىدىققا ئىلىپ قويسام، چاقناپ، چىملىدىقنى قىپقىزىل قىلىۋەتتى.

— يەنە ئالجىغىلى تۇردۇڭ، — دېدى جيا ئانا، — چىملىدىقنىڭ ماڭلىيى قىزىل بولغاچقا، چىراغنىڭ شولىسى بىلەن ئاشۇنداق قىزىرىپ كۆرۈنگەن.

— ياق، — دېدى باۋيۇي، — ئۇ چاغدا چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى، قاشتاشنىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈنۈپ تۇردى.

شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار مىيىقىدا كۈلۈشۈپ قويدى.

— بۇچۇ، تويدىن بېرىلگەن دېرەك، — دېدى فېڭجيې.

— نەدىكى تويىنىڭ دېرىكى ئىكەن؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— سەن ئۇقمايسەن، — دېدى جيا ئانا، — بۈگۈن كەچكىچە مېڭىپ ھاردىڭ، بۇ يەردە ئالجىغاندەك گەپ قىلىپ تۇرماي چىقىپ ئارام ئال.

باۋيۇي بىردەم ئۆرە تۇرۇپ بېقىپ، ئاندىن باغقا يېنىپ كىردى.

— ھە راست، سىلەر، — دېدى جيا ئانا باۋيۇي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ھامما خېنىمنى يوقلاپ بېرىپ ھېلىقى ئىش توغرىسىدا گەپلەشتىڭلارمۇ؟

— شۇ كۈنىلا يوقلاپ بارماقچىدۇق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — فېڭجيې قىز چياۋجيېرنىڭ كېسىلى بىلەن بولۇپ قېلىپ، بىر - ئىككى كۈن ھايال بولۇشقا توغرا كەلدى. بۈگۈن بېرىپ يوقلاپ قويدۇق. ئۇ ئىشنى ئېيتىۋىدۇق، ھامما خېنىممۇ قەۋەتلا رازىلىق بىلدۈردى. بىراق، شۆ پەن ھازىر ئۆيدە ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

ئاتىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا شۇ قالدى، شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، ئاندىن بىرنېمە دېيىشسەك دەيدۇ.

— بۇمۇ قائىدىدە بار گەپ، — دېدى جىيا ئانا، — ئۇنداق بولسا، ھېچقايسىڭلار ھازىرچە بۇ گەپنى دېمەي تۇرۇڭلار، ھامما خېنىملار مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، قاراپ ئىش قىلارمىز.

جىيا ئانىنىڭ يېنىدا دېيىشكەن تويىنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرايلى. باۋيۈي ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ شىرېنغا شۇنى دەپ بەردى:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيې ئاچامنىڭ بايا دېيىشكەن گەپلىرى تۇتۇقلا تۇرىدۇ، نېمە دېگىنىدۇ؟

— بۇنى مەنمۇ ئويلاپ تاپالمىدىم، — دېدى شىرېن ئويلىنىپ بېقىپ كۈلۈپ قويۇپ، — بايا شۇ گەپ بولغاندا دەيیۈي قىزمۇ بارمىدى؟

— دەيیۈي قىز ئاغرىق تۇرسا، مۇشۇ كەمدە قانداقسىغا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا كىرىدۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

بۇلار گەپلىشىۋاتقاندا، تاشقىرىقى ھۇجرىدا شېيۆ بىلەن چيۈۋېن گەپ تالىشىپ قالدى.

— يەنە نېمە دەپ غەلۋە قىلىشىۋاتىسىلەر — دەپ سورىدى شىرېن.

— ئىككىمىز قەغەز ئوينىغانىدۇق، — دېدى شېيۆ، — ئۇ ئۇتۇۋېلىپ پۇلۇمنى ئېلىۋالدى، ئەمدى ئۇتتۇرۇپ قويۇپ پۇلنى بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئۇنىمۇ بوپتۇ دېسەم، ئۇستىلەپ ھەممە پۇلۇمنى تارتىۋالدى.

— بىرنەچچە ياماق نېمىگە ئەرزىيتتى؟ — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئەخمەق، بولدى غەلۋە قىلما!

ئىككىسى دومسايغىنىچە نېرى بېرىپ ئولتۇرۇشتى. شىرېن

باۋيۇيگە ئورۇن سېلىپ بەردى. بۇ گەپ شۇ يەردە قالغاي.

شىرىن باۋيۇينىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باۋيۇينى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدىكى گەپ ئىكەنلىكىگە ئېنىق كۆزى يەتتى. بىراق، باۋيۇينىڭ كاللىسىغا خام خىيال كىرىۋالغاندا، بۇ گەپنى دەيدىغان بولسا ئۇنىڭ يەنە بىرمۇنچە ئالجىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، قەستەن بىلمىدىم دەپ قويغانىدى. ئەمما، بۇ ئىش شىرىن ئۆز كۆڭلىدە بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى.

كېچىسى يېتىپ ئويلاپ بىر ئامال تاپتى: ئەتە بېرىپ زىجۇەن بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئۇنىڭدا نېمە ئەھۋال بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ بىلىۋالماقچى بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە باۋيۇينى مەكتەپكە يولغا سېلىۋېتىپلا، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ ئاستا بامبۇكزار سارايىغا كەلدى، زىجۇەن گۈل ئۈزۈۋاتقانىكەن. ئۇ شىرىننى كۆرۈپلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئاچا، بۇيان كەپسىز، ئۆيگە كىرىڭ.

— كىرەرمەن. سىڭلىم، گۈل ئۈزۈۋاتامسەن؟ خان قىز قېنى؟ — دەپ سورىدى شىرىن.

— خان قىز ئەمدىلا تارىنىپ بولدى، دورا ئىللىتىپ بېرىشنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.

زىجۇەن شۇ گەپنى دېگەچ شىرىن بىلەن ئۆيگە كىردى. دەييۇي كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

— خان قىز، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپلا ئۆزلىرىنى ئاۋارىچىلىككە سېلىپ كىتاب ئوقۇغىلى باشلاپلا، — دېدى شىرىن كۈلۈمسىرەپ، — باۋيۇي غوجاممۇ ئۆزلىرىدەك مۇشۇنداق كىتاب ئوقۇيدىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى!

دەييۇي كۈلۈمسىرەپ كىتابنى تاشلاپ قويدى. شۆيەن كىچىك خونچىدا بىر چىنە دورا، بىر چىنە سۇ، چۆرە قىز ئۇنىڭ كەينىدىن تۈكۈرۈكدان كۆتۈرۈپ كىردى.

شىرىن ئەسلىدە ئۇلارنىڭ گەپ ئاغزىنى ئىسكىتىڭلاپ بېقىش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن كەلگەنىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ نېمەدەپ گەپ باشلاشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دەييۈي بەك گۇمانخور بولغاچقا، خەۋەر تىڭتىڭلاش بۇ ياقتا قېلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ، تاغدىن ـ باغدىن گەپ قىلىپ قويۇپ خوشلىشىپ ياندى. ئارامبەخش ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلەي دېگەندە، ئۇ يەردە تۇرغان ئىككى ئادەمگە كۆزى چۈشتى. شىرىن ئالدىغا مېڭىۋېرىشنى ئەپ كۆرمەي تۇرۇپ قېلىۋىدى، ھېلىقى ئىككى ئادەمدىن بىرسى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. قارىسا، ئۇ چۈيۈ ئىكەن.

— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى شىرىن ئۇنىڭدىن.

— ھېلىقى يۈنئېر غوجام كەپتىكەن، قولىدا بىر پارچە خەت بار، ئۇنى باۋيۈي غوجامغا بېرىدىغان خەت دەيدۇ، ئۆزى مۇشۇ يەردە ئۇچۇر كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى چۈيۈ.

— باۋيۈي غوجامنىڭ ھەر كۈنى مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمتىڭ؟ يەنە نېمىدەپ ئۇچۇر كۈتىدىكەن؟ — دېدى شىرىن.

— مەن شۇنداق دېسەم، ئۇ سىزگە دەپ باقسىڭىز دەيدۇ، سىزدىن ئۇچۇر كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى چۈيۈ.

شىرىن گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، يەنە بىرسى ئاستا ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. قارىسا، ئۇ جيا يۈن ئىكەن. جيا يۈن غىپىلداپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى، شىرىن ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا، چۈيۈگە:

— سەن ئېيتىپ قوي، ئۇقتۇم، خەتنى كېيىن باۋيۈي غوجامغا كۆرسىتەي، — دېدى.

جيا يۈن ئەسلىدە شىرىن بىلەن گەپلەشمەكچى بولۇپ بۇيانغا ماڭغانىدى. شىرىن بىلەن يېقىنلىشىش غەرىزى بولسىمۇ، لېكىن دېۋەڭلىك قىلىپ قويماي دەپ، نائىلاج قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

يېقىنلاپ كەلگەندە، شىرىننىڭ ئۇ گېپىنى ئاڭلاپ، يەنە يېقىنراق بېرىشقا ئۇتايسىزلىنىپ، كەلگەن يېرىدىلا تۇرۇپ قالدى. شىرىن تەتۈر قارىۋېلىپ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. جىيا يۈن ئىشىك كەينىگە يېنىپ، چۆيۈ بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئاخشىمى باۋيۈي قايتقاندا، شىرىن ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن پېشايۋان تۈۋىدىكى يۈنئېر غوجام كەپتىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— نېمىشقا كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— بىر پارچە خېتىمۇ بار، — دېدى شىرىن.

— قېنى ئەكەل، ئوقۇپ باقاي.

شېيۈ ئىچكىرىكى ھۇجرىدىكى كىتاب جاۋىنىنىڭ ئۈستىدىكى خەتنى ئېلىپ بەردى، باۋيۈي ئېلىپ قارىدى. لېپاپىغا «تاغام جانابلىرىنىڭ ھۇزۇر شەرىپىگە» دەپ يېزىلغانىكەن.

— بۇ بالا نېمىشقا مېنى يەنە ئاتا تۇتۇشتىن تېنىۋالدىكىنە؟ — دېدى باۋيۈي.

— نېمە؟ — دەپ سورىدى شىرىن.

— قايسى يىلى ئۇ ماڭا ئاق يەسمەن سۇنغاندا، مېنى ئاتام جانابلىرى دەپ ئاتىغانىدى، — دېدى باۋيۈي، — ئەمدى مۇنۇ خەتنىڭ لېپاپىغا تاغام دەپ يېزىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ مېنى ئاتا دېيىشتىن تېنىۋالغانلىقى ئەمەسمۇ؟

— ئۇمۇ ئىزا تارتمايدىكەن، سىزمۇ ئىزا تارتمايدىكەنسىز! — دېدى شىرىن، — ئۇ شۇنچە چوڭ تۇرۇپ، ئۆزىدىن كىچىك سىزنى ئاتا تۇتقان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئىزا تارتمىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ سىز ھەتتا تۇزۇككىنە ... — گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، شىرىن قىزىرىپ كېتىپ ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى باۋيۈي سېزىپ، — كونىلار: «راھىبنىڭ ئۆز بالىسى بولمىسىمۇ، ۋاپادار باللىرى تولا» دەپتىكەن. مەن ئۇنىڭ زېرەكلىكى كۆڭلۈمگە ياققاچقا

ئاشۇنداق قىلغان. ئۇ خالىمىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايمەن! ــ شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ لېپاپىنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدى.
ــ يۇنئېر غوجىمۇ ئوغرى مۈشۈكتەك بىر نېمە ئوخشايدۇ، ــ دېدى شىرىپنىمۇ كۈلۈپ قويۇپ، ــ ۋاقتى كەلگەندە كىشىگە كۆرۈنۈپ، ۋاقتى كەلگەندە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدىكەن، نىيىتى يامان نەرسىمۇ نېمە ئۇ!
باۋيۈي لېپاپىنى يىرتىپ خەتنى ئوقۇش بىلەن بولۇپ، شىرىپنىڭ بۇ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. شىرىپ ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان خېتىگە قاراپ قاپىقىنى تۈردى، كېيىن كۈلۈۋېتىپ بېشىنى چايقىدى، ئاندىن تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. باۋيۈي خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شىرىپ:
ــ نېمە ئىش ئىكەن؟ ــ دەپ سورىدى.
باۋيۈي جاۋابمۇ بەرمەي، خەتنى نەچچە پارە قىلىپ يىرتىۋەتتى. شىرىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قايتا سۈرۈشتۈرۈپ تۇرمايلا:
ــ غىزادىن كېيىن يەنە كىتاب ئوقۇمسىز؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ماۋۇ يۇنئېر دېگەن بالىنىڭ كۈلكىلىكلىكىنى قارىمامدىغان، شۇنداقمۇ هارامزادە نېمە ئىكەن! ــ دېدى باۋيۈي.
شىرىپ «كاللا دېسە پاقالچاق» دېگەن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ:
ــ زادى نېمە گەپ ئىكەن؟ ــ دەپ سورىدى كۈلۈمسىرەپ.
ــ سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ــ دېدى باۋيۈي، ــ غىزا يەيلى.
غىزادىن كېيىن ئارام ئالاي، كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ تۇرىدۇ.
ئاندىن ئۇ چۆرە قىزغا گۈڭگۈرت ياقتۇرۇپ، بايىقى خەتنى كۆيدۈرۈۋەتتى، بىردەمدىن كېيىن چۆرە قىزلار غىزا كەلتۈردى، باۋيۈي گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ قالدى. شىرىپ ئالداپ ـ سىيلاپ زورلاپ بېرىۋىدى، غىزادىن بىر قوۋۇزلا يەپ، بولدى قىلدى ـ دە، ئىچى پۇشۇپ، كارىۋاتقا قىڭغايدى ۋە بىردىنلا كۆزىگە ياش ئالدى. شىرىپ بىلەن شېيۈ ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى ئۇقالمايلا

قىلىشتى.

— بىر ئوبدانلا ئىدى، يەنە نېمە بولغاندۇ؟ ھەممىسى ئاشۇ «يۇنئېر»، «يۇيئېر» دېگەن نېمىنىڭ كاساپىتى! — دېدى شېيۋ، — نېمە ئىشى بار بولغىيدى ئۇنىڭ؟ نەدىكى قاملاشمىغان خەتنى كىرگۈزۈپ غوجامنى ساراڭدەكلا قىلىپ قويدىغۇ. نېمە بۇ، بىردەم يىغلىغان، بىردەم كۈلگەن، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بېرىپ - بېرىپ مۇشۇنداق بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالسا كىشى قانداق چىدايدۇ؟

شېيۋنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. شىرىن بىر چەتتە تۇرۇپ كۈلكىسى قىستاپ كېتىپ، شېيۋگە:

— ئوبدان سىڭلىم، سەنمۇ خەقنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرمىگىنە، — دېدى، — ئۆزىنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماي تۇرسا، ئۇستىلەپ سەن مۇنداق دەۋاتىسەن. جىيا يۇنىنىڭ خېتىدىكى ئىشنىڭ ساڭا ئالاقىسى بارمىدى يا؟

— سەنمۇ ئېگىز - پەس كاپىشىغىلى تۇردۇڭ، — دېدى شېيۋ، — خەتتە قانداق بىمەنە گەپلەرنى يازغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ قارىسىغىلا خەققە چاپلايدىكەنسەن. ئۇنداق دەيدىغان بولساڭ، خەتتە يېزىلغىنى سەن بىلەن ئالاقىدار ئوخشايدۇ!

شىرىن جاۋاب بەرگۈچە باۋيۈي كارىۋاتتا يېتىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ:

— ئۇخلايلى، غەلۋە قىلىشماڭلار، ئەته سەھەردە تۇرۇپ كىتاب ئوقۇيمەن، — دەپلا ئۇخلاشقا ياتتى. كېچىچە باشقا گەپ بولمىدى.

ئەتىسى باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولۇپ مەكتەپكە ماڭدى. ھويلىغا چىققاندا بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ، بېيمىڭنى سەل توختاپ تۇر دەپ قويۇپ، شارتلا كەينىگە ياندى - دە:

— شېيۋ ئاچا! — دەپ قىچقاردى.

شېيۋ خوش دەپ چىقىپ:

— نېمىشقا ياندىلا؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇگۇن يۇنئىر كەلسە ئۇنىڭغا دەپ قوي، بۇ يەرگە كېلىپ غەلۋە قىلمىسۇن. يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، بېگىمگە مەلۇم قىلىمەن.

شېيۆ خوش دېدى. باۋيۇي بۇرىلىپ ماڭدى. تالاغا چىقىشىغىلا جىيا يۈن شاپاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە باۋيۇينى كۆرۈپلا سالام بېرىپ:

— تاغا، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى.

باۋيۇي تۈنۈگۈنكى ھېلىقى ئىشنى دەۋاتسا كېرەك دەپ چاغلاپ:

— تولىمۇ تەنتەك نېمە ئىكەنسەن! — دېدى، — خەقنىڭ كۆڭلىدە بىرەر ئىش بارمۇ، يوقمۇ سۈرۈشتۈرمەيلا كېلىپ ئېلىشتۇرىۋېرىدىكەنسەن.

— تاغا، ئىشەنمىسىلە قاراپ باقسىلا، — دېدى جىيا يۈن كۈلۈمسىرەپ، — خەقلەر كېلىپ، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشىدۇ.

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دېدى باۋيۇي تېخىمۇ تىتىلداپ.

شۇ ئەسنادا كوچىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

— تاغا، ئاڭلىدىلىمۇ، شۇنداقمىكەن؟ — دېدى جىيا يۈن.

باۋيۇينىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ گۇمان چۈشتى. كوچىدا بىر كىمنىڭ: «سىلەر زادىلا قائىدە بىلمەيدىغان خەقلەر ئىكەنسىلەر! بۇ قانداق جاي، بۇ يەردە چۇقان كۆتۈرسەڭلار بولامدۇ؟» دېگىنى، يەنە بىر كىمنىڭ: «بېگىمنى كىم يېڭى مەنسەپكە چىقسۇن دەپتۇ؟ نېمىشقا بىزنى سۆيۈنچە ئېلىشقا قويمايسىلەر؟ باشقىلار بۇنداق سۆيۈنچە بېرىشكە ئىنتىزار بولسىمۇ ئۇلىشالمايۋاتىدۇ!» دېگىنى ئاڭلاندى.

باۋيۇي بۇ گەپلەردىن جىيا جېڭنىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ، ئورپاق بېگى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەقلەر خۇش خەۋەر ئېيتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، بۇنىڭغا كۆڭلىدە بەك سۆيۈندى. ماڭاي

دەپ تۇراتتى، جيا يۈن:
— تاغا، خۇش بولغانلا؟ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىنىش ئىشلىرى پۈتۈپ قالسا، توي ئۈستىگە توي بولاتتى، — دېدى.
باۋيۈي قىزىرىپ كېتىپ:
— تۇفى! — دەپ تۈكۈردى، — ئۇيالمايدىغان نەرسە ئىكەنسەن! يۇگۇر يولۇڭغا ماڭ.
— بۇ ھېچ گەپ ئەمەسقۇ؟ ئاتىجان، ئۆزلىرىگە ... — دەپلا قالدى جيا يۈنمۇ قىزىرىپ.
— ھە، نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ئۆڭدى باۋيۈي.
جيا يۈننىڭ گېپى ئۈزۈلگىنىچە قالدى، قايتا زۇۋان سۈرەلمىدى. باۋيۈي ئالدىراش مەكتەپكە ماڭدى. جيا دەيرۇ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا ھىجىيىپ:
— بەگ ئاتىڭىزنىڭ مەنسىپى ئۆسكەنلىكىنى ھېلى ئاڭلىدىم، بۇگۈن نېمىدەپ كېلىپ يۈرەتتىڭىز! — دېدى.
— ئۆزلىرىگە كۆرۈنۈش قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بەگ ئاتامنىڭ يېنىغا باراي دەپ كەلدىم، — دېدى كۈلۈمسىرەپ باۋيۈي.
— بۈگۈن كەلمىسىڭىزمۇ بولاتتى، سىزگە بىر كۈنلۈك رۇخسەت قىلدىم. بىراق، باغقا كىرىپ ئويناشقا بولمايدۇ. يېشىڭىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، خىزمەت بېجىرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، چوڭ ئاكىلىرىڭىزنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۆگەنسىڭىز بولىدۇ، — دېدى جيا دەيرۇ.
باۋيۈي خوش دەپ ئىلىك ئېلىپ يېنىپ كەلدى. ئارا دەرۋازىغا كەلگەندە، لى گۈي ئالدىغا چىقىپ:
— غوجام، يېنىپ كەپتىلا؟ — دېدى ھىجىيىپ، — پېقىر قۇللىرى ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلغىلى مەكتەپكە باراي دەپ تۇراتتىم.
— كىم بۇيرۇدى؟ — دېدى باۋيۈي.
— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھېلى ئۆزلىرىنى ئىزدىتىپ ھويلىغا كىشى چىقارتىپتىكەن، — دېدى لى گۈي، — ئۇ يەردىكى قىزلار

غوجام مەكتەپكە كەتتى، دەپتۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم پېقىر قۇللىرىنى بېرىپ غوجامغا بىرنەچچە كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ بەرسۇن، دەپ ئادەم چىقارتىپتۇ. تېخى ئويۇنمۇ قويدۇرۇپ مۇبارەكلەيدىكەن، مەن بارغۇچە غوجام ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا.

باۋيوي ئىچكىرىگە ماڭدى. ئارا دەرۋازىدىن ئۆتۈپ قارىغۇدەك بولسا، هويلىدا ھەممە چۆرە قىزلارنىڭ، خىزمەتكار ئاياللارنىڭ چىرايلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

— غوجام، ئەمدى كەلدىلىمۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار كۈلۈشۈپ، — چاپسانراق كىرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى مۇبارەكلىسىلە.

باۋيوي كۈلۈپ قويۇپ ئۆيگە كىردى. جيا ئانىنىڭ سول تەرىپىدە دەيىۋي، ئوڭ تەرىپىدە شياڭيۈن ياندىشىپ ئولتۇراتتى. پەگاھتا شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار تۇراتتى. تەنچۈن، شىچۈن، لى ۋەن، فېڭجيې، لى ۋېن، لى چى، شىڭ شيۈيەن قاتارلىق ھەمشىرىلەرمۇ شۇ ئۆيگە يىغىلىشىپتۇ، ئارىدا پەقەت باۋچەي، باۋچىن، يىڭچۈن ئۈچىلا كۆرۈنمەيتتى.

باۋيوي خۇشاللىقىدا دەيدىغان گەپ تاپالماي، دەرھال جيا ئانىنى مۇبارەكلىدى، ئاندىن شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىمۇ مۇبارەكلىدى، ھەمشىرىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولۇپ:

— سىڭلىم، ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ دەيىۋيدىن سورىدى كۈلۈپ.

— ساقىيىپ قالدىم، — دېدى دەيىۋيمۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئاكا، سىزنىمۇ ساقسىز بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىغاندىم، ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ساقايدىمغۇ مانا ! — دېدى باۋيوي، — قايسى كۈنى كېچىسى بىردىنلا يۈرىكىم ئاغرىپ كەتكەن، بىرنەچچە كۈن بولدى، ساقىيىشىم بىلەنلا مەكتەپكە باردىم، شۇڭا سىڭلىمنىمۇ يوقلاپ بارالمىدىم.

دەيىۋي ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا، ئۆرۈلۈپ

تەنچۇن بىلەن گەپكە چۈشۈپ كەتتى. فىكجىيې پەگاھتا تۇرۇپ:

— سىلەر ئىككىڭلارنىڭ ھەر كۈنى بىللە يۈرگىنىڭلار نەدە قالدىكىن؟ — دېدى كۈلۈپ، — خۇددى مېھمانلاردەك شۇنچىمۇ تەكەللۇپ قىلىشقان بارمۇ؟ خەقلەرنىڭ: «مېھماندەك ئۆتىدىغانلار» دېگىنىنىڭ ئۆزى ئىكەنسىلەر.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى. دەييۈي ھۇپپىدە قىزىرىپ، گەپ قىلاي دېسە تېخى، قىلماي دېسە تېخى، بىردەم شۇنداق ئارىسالدى بولۇپ قېلىپ، ئاخىر:

— سىز نېمىنى بىلەتتىڭىز ! — دېدى. بۇ گەپكە كۆپچىلىك تېخىمۇ كۈلۈشتى.

فىكجىيې شۇ ئاندىلا ئويلىنىپ قالدى، ئۆزىنىڭ تەنتەكلىك قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، گەپ پۇتلاي دەپ تۇرۇشىغا، باۋيۈي:

— دەييۈي سىڭلىم، قاراڭ، يۈنئېر دېگەن شالاقنىڭ... — دەپلا، گەپنىڭ ئايىغىنى گۇپپىدە ئېسىگە ئالدى - دە، دېمەي قويدى. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى:

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟

دەييۈيمۇ باش - ئايىغىنى ئۇقالماي، خۇدۈكسىنىپ كۈلۈپ قويدى. باۋيۈيمۇ گەپنى يوپۇتالماي:

— بايا بىركىمدىن بىزگە ئويۇنچىلارنى ئەۋەتىدىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم، قاچان كېلىدىكەن؟ دەپ گەپنى يۆتكىۋىدى، باشقىلار ئۇنىڭغا قارىغىنىچە يەنە كۈلۈشتى.

— سەن تالادا ئاڭلاپ كىرگىنىڭنى بىزگە دەپ بېرىۋېتىپ، ئەمدى بولغاندا كىمدىن سورىماقچىدىڭ؟ — دېدى فىكجىيې.

— تالاغا چىقىپ يەنە سوراشتۇرۇپ باقاي، — دېدى باۋيۈي گېپىنى تېپىپ.

— بولدى، تالاغا چىقمايلا قوي، — دېدى جيا ئانا، — بىرىنچىدىن، خۇش خەۋەر ئېيتىپ كەلگەنلەر زاڭلىق قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاتاڭنىڭ بۈگۈن چوڭ مەرىكە كۈنى، ئۇ قايتىپ

كەلگەندە سەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا يەنە ئاچچىقى كېلىدۇ.
باۋيۇي خوش دەپ قويۇپ يېنىپ چىقتى.
— ئويۇنچىلارنى ئەۋەتىدىكەن دەپ كىم دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا فېڭجىيېدىن.
— ئوتتۇرانچى تاغامىلارنىڭكىدە شۇ گەپ بولدى: ئۆگۈنلۈككە ياخشى كۈن ئىكەن، بىر بەنزە ئويۇنچىلاردىن ئەۋەتىپ، يېڭى تەييارلىغان قىسقا ئويۇنلارنى ئوينىتىپ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى، بېگىمنى، ئاغىچا خېنىمنى مۇبارەكلەيدىكەن، — دېدى فېڭجىيې، ئاندىن كۈلۈپ قويۇپ، — تاللىغان كۈنى ياخشى كۈن بولغانلىقى ئۈستىگە تېخى قۇتلۇق كۈن ئىكەن، ئۆگۈنلۈككىچۇ ... — دەپلا دەيىۋېگە قاراپ كۈلدى. دەيىۋېمۇ كۈلۈمسىرەپلا قويدى.
— راست، شۇنداق، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۆگۈنلۈككە بۇ نەۋرە قىزىمىزنىڭ قۇتلۇق مەۋلۇت كۈنى.
جىيا ئانا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:
— مەن ئەمدى قېرىپ، ھەرقانداق ئىشقا كاللام ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دەپ كۈلدى، — ھەر نېمە بولسا، مۇنۇ فېڭجىيې قىز ماڭا «مۇشاۋىر»① بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق قىلغىنىمۇ ئوبدان. بۇنىڭ تاغىسى ئۇلارنى تەبرىكلىسە، سېنىڭ تاغاڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى قىلىپ بەرسە، نېمىدېگەن ئوبدان ئىش!
بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈشتى:
— بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ دېگەن گەپلىرى بەكمۇ ئېسىل گەپلەر، مۇنچە چوڭ دۆلەتكە ئىگە بولغىنىغا ئەجەبلىنىشنىڭ زادىلا ئورنى يوق ئىكەن! — دېيىشتى.
شۇ گەپ ئۈستىگە باۋيۇي كىرىپ كەلدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي، پۇت - قوللىرىنى

① مۇشاۋىر — تەپتىش دىۋانىغا قاراشلىق مەسلىھەتچى. بۇ يەردە جىيائانا، يارامىلىق ياردەمچىم دېمەكچى.

ئويناقشىتىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھەممەيلەن جىيا ئانىنىڭ يېنىدا غىزالىنىپ، بىر پەس راسا قىزىپ كېتىشتى. بۇ ھەقتە بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلار غىزا يەپ بولۇپ تۇراتتى. جىيا جېڭ خانىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كېلىپ، ئەجدادلار خانىقاسىغا كىرىپ باش قويدى، ئاندىن بۇيانغا ئۆتۈپ جىيا ئانىغا باش قويدى. ئۆرە تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ، ئاندىن مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىپ كەتتى. ئۇرۇق - تۇغقان، بىر جەمەتتىكىلەردىن كېلىپ - كەتكۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، قەسىر خۇددى بازاردەك قايناپ كەتكەنىدى. مەپە، ئات - ئۇلاغلار دەرۋازا ئالدىغا سىغماي قالدى، تاج - ئوتۇغاتلىقلار مېھمانخانىلارنى بىر ئالدى. بەئەينى:

> ھەرە - كېپىنەك مىغىلدار گۇل - چېچەك ئېچىلغاندا،
> قۇچاق ئاچقاي كەڭ ئاسمان ئاي ھۆسنىگە تولغاندا.

دېگەندەك بولۇپ كەتتى.

ئىككى كۈن ئاشۇنداق تەبرىكلەش بىلەن ئۆتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ۋاڭ زىشېڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر بەنزە ئويۇنچىلارنى ئەۋەتتى. جىيا ئانىنىڭ چوڭ مېھمانخانىسى ئالدىدىلا كۆچمە سەھنە ياسالدى. تاشقىرىدىكى بەگ - غوجاملار رەسمىيانە ئېگىنلىرىنى كىيىشىپ ھەمراھ بولۇشتى. ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن تەبرىكلەپ كەلگۈچىلەر ئۈچۈن ئون نەچچە جوزا شاراب - تائام تەييارلاندى. ئىچكىرىكى ھويلىدا يېڭى ئويۇن قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، جىيا ئانىنىڭ خۇشاللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئارقا كاشانىغا رىلىيۇرى - شېشە شىرمەلىنى قويۇپ، ئىچكىرىسىگە زىياپەت سورۇنى راسلاندى. تۆرگە شۇ ھامما ئۈچۈن بىر جوزا قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەن ھەمداستىخان بولدى؛ ئۇدۇلىغا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۈچۈن بىر جوزا قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن شىڭ شيۇيەن

uyghurkitap.com

ھەمداستىخان بولدى. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئىككى جوزا بوش ئىدى، جىيا ئانا ھەمشىرىلەرنى چاپسان كەلسۇن دەپ چاقىرغۇزدى.

بىردەمدىن كېيىن فېڭجيېنىڭ يول باشلىشى بىلەن دېيدەكلەر دەييۈينى ئارىغا ئېلىپ كىرىپ كېلىشتى. دەييۈي ئانچە ـ مۇنچە يېڭى ئېگىن يەڭگۈشلىگەن، گويا زېمىنغا چۈشكەن ئاي پەرىسىدەك ياسانغان، خىجىل ئارىلاش كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئارىدىن چىقىپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشتى. شياڭيۈن، لى ۋەن، لى چىلار ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى، دەييۈي تۆرگە چىققىلى ئۇنىمىدى.

— تۆردە بۈگۈن سەن ئولتۇرغىن، — دېدى جىيا ئانا.

— بۈگۈن دەييۈي قىزنىڭمۇ مەۋلۇت مەرىكىسىمىدى؟ — دەپ سورىدى ئورنىدىن تۇرۇپ شۆ ھاما.

— ھەئە، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، — دېدى جىيا ئانا.

— ھەي ! مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپ شۆ ھاما ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، — مەن ئۇنتۇغاقنى كەچۈرۈڭ ! باۋچەن سىڭلىڭىز تەزىم قىلىپ سىزنى قۇتلىسۇن.

— يوقسۇ ! — دېدى دەييۈي كۈلۈمسىرەپ.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى، دەييۈي ھەممەيلەنگە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى، ئارىدا باۋچەيلا كۆرۈنمەيتتى.

— باۋچەي ئاچام سالامەتتۇ؟ نېمىشقا كەلمىدى؟ — دەپ سورىدى دەييۈي.

— ئۇ كەلمەكچىدى، ئۆيگە قارايدىغان كىشى بولمىغاچقا، كېلەلمىدى، — دېدى شۆ ھاما.

— ھاما، ئۆزلىرىنىڭكىدە چوڭ يەڭگىمىز بارغۇ، نېمىشقا باۋچەي ئاچامنى ئۆيگە قارىتىپ قويىدىلا؟ — دېدى دەييۈي قىزىرىپقىنا كۈلۈمسىرەپ، — ھەرقاچان باۋچەي ئاچام بۇ يەردە ئادەم تولا، پاتىپاراق بولىدۇ، دەپ كېلىشتىن ئۆزىنى تارتقان ئوخشايدۇ ! مەن ئۇنى سېغىنىپ كەتتىم.

— جوۋاپ ئۇنى ياد ئېتىپسىز، — دېدى شۆ ھاممىمۇ

كۇلۇپ، — ئۇمۇ سىلەر ھەمشىرىلەرنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، بىرەر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى سىلەر بىلەن مۇڭدىشىشقا ئەۋەتەي.

ئاڭغىچە دېدەكلەر سەي ـ گېزەك كەلتۇرۇپ، شاراب قۇيدى، تاشقىرىدا ئويۇن باشلاندى. دەسلەپتە قۇتلاش ـ مۇبارەكلەش توغرىسىدىكى مەدھىيەلەردىن ئىككى كۆرۈنۈش كۆرسىتىلدى. ئاندىن ئۈچىنچى كۆرۈنۈشتە، زەر ـ زۇمرەتتەك ياسانغان ئوغۇل ـ قىزلار رەڭگارەڭ تۇغ ـ بويداشلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى، كەينىدىن بېشىغا رومال، ئۇچىسىغا قوزا ـ كۆستەك ماموق كىيىنگەن بىر قىز چىقىپ بىرنەچچە ئېغىز ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كەتتى. تاماشىچىلار بۇ كۆرۈنۈشتىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدى. سىرتتا ئولتۇرغانلاردىن بىر كىم:

— بۇ يېڭىدىن تەييارلانغان «غۇنچە دۇرنامە»دىكى «كۆككە ئۆرلەش» دېگەن ئويۇن. رەڭدار كىيىملىك قىزنىڭ ئوينىغىنى ئاي پەرىسىنىڭ رولى. ئاي پەرىسى ئادەمزات ئارىسىغا چۈشۈپ قېلىپ بىر كىمگە ياتلىق بولۇشقا تاسلا قالىدۇ. بەختىگە يارىشا، ئاۋالوكتىسۋارا — پەرياد مۇئەككىلىنىڭ ئۇندىشى بىلەن ئۇ ياتلىق بولماي ۋاپات قىلىدۇ. ھازىر ئۇ كۆككە چىقىپ ئاي ئوردىسىدا تۇرىدۇ. غەزەلنىڭ بېشىدا: «ئادەمزات ئارىسىدا جىلۋە ـ ناز ياخشى دېدى، كۆزگى ئاي كۆكلەم گۈلىدىن ۋاز كېچىش ئاسانمىدى؟ كۆك قۇچاقىدىكى ئاينى بىر مەھەل يادلانمىدى !» دەپ ئېيتتىغۇ ئەنە، — دېدى.

تۆتىنچى كۆرۈنۈش «جىرىس يېيىش» ئىدى، بەشىنچى كۆرۈنۈشتە دارمانىڭ تالىپلىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ قايتىپ كەتكەنلىكى، ساراپ ـ تىلسىم مەنزىرىلىرى كۆرسىتىلىپ، ئاجايىپ قىزىپ كەتتى.

ھەممەيلەن خۇشال ـ خۇرام بولۇۋاتقاندا، شۆ ئائىلىسىدىكى خىزمەتكار تەرلەپ ـ تەپچىرەپ كىرىپ، شۆ كېغا:

www.uyghurkitap.com

— غوجام، ئۆيگە چاپسان يانسىلا ! ئىچكىرىگە مەلۇم قىلساق، ئاغىچا خېنىممۇ ئۆيگە قايتقان بولسا، ئۆيدە زۆرۈر ئىش چىقىپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى شۆ كې.

— ئۆيگە بارغاندا گەپلىشەيلى، — دېدى خىزمەتكار.

شۆ كې خوشلاشمايلا ياندى. ئىچكىرىدىكى چوڭرە قىزنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن شۆ هاممىمۇ قورقۇپ - تاترىپ، دەرھال قوزغالدى، باۋچىننى ئەگەشتۈرۈپ، خوش دەپ قويۇپلا، مەپىگە چۈشۈپ ياندى. بۇ ئەھۋالدىن ئىچكىرىدىكى ھەم تاشقىرىدىكىلەر ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.

— بىز تەرەپتىن بىر كىم بىللە بارسۇن، زادى نېمە ئىش ئىكەن، ئۇقۇپ كەلسۇن، بۇنىڭغا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بۆلۈندى، — دېدى جيا ئانا.

باشقىلار «خوش» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

جيا قەسرىدە شۆ پېتىچە ئويۇن داۋام قىلغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، شۆ ھاممىنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا بايان قىلايلى. ئارا دەرۋازىدا يامۇلنىڭ ئىككى دورغىسى تۇراتتى. ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغان گۆرۈخانا خىزمەتكارلىرى:

— ئاغىچا خېنىم كەلگەندە، ئەلۋەتتە بىر گەپ بولىدۇ، — دەۋاتاتتى.

شۆ ئەسنادا شۆ ھامما يېتىپ كەلدى. دوغىلار بىرمۇنچە ئەر - ئاياللار ئارىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ياشانغان بىر ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپ، شۆ پەننىڭ ئانىسى ئىكەن دەپ پەرەز قىلىشتى. دورغىلار ئۇنىڭ بۇ سالاپىتىنى كۆرۈپ، ھېچقانداق قىلىشالماي، نائىلاج قوللىرىنى سىلىپ تىك تۇرغىنىچە شۆ ھاممىنىڭ كىرىپ كېتىشىگە يول بەردى. شۆ ھامما مېھمانخانىنىڭ كەينىگە ئۆتكەندە، بىر كىمنىڭ «ھۇ» تارتىپ يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلىدى، يىغلىغان جىنگۈي ئىدى. شۆ ھامما ئالمان - تالمان شۇياققا ماڭدى. باۋچەي ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ئۇنىڭمۇ يۈز ـ كۆزى ياش يۇقى ئىدى. ئۇ شۆ ھاممىنى كۆرۈپلا:
ــ ئانا، ئاڭلىغانسىز؟ ھازىرچە بۇنىڭغا ھودۇقۇپ كەتمەي، ئىشنىڭ يولىنى قىلىش ھەممىدىن زۆرۈر، ــ دېدى.
شۆ ھاما باۋچەي بىلەن ھۇجرىغا كىردى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقاندىلا خىزمەتكارلارنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغاچقا، قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەپ كەتكەنىدى:
ــ زادى كىم ئىكەن ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى شۆ ھاما يىغلاپ.
ــ خېنىم، بۇ تۇرقىدا ئۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرسىلا، ــ دېدى خىزمەتكار، ــ مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن جانغا جان كېلىدۇ، ھازىر قانداق قىلىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلغىنىمىز تۈزۈك.
ــ نېمىسىنى مەسلىھەتلىشەتتۇق؟ ــ دېدى يىغلاپ شۆ ھاما.
ــ كەمىنىلىرىنىڭ پىكرىچە، ــ دېدى خىزمەتكار، ــ بۈگۈن ئاخشام ئازراق كۈمۈش راسلاپ، ئوتتۇرانچى غوجام بىلەن بىللە بېرىپ چوڭ غوجام بىلەن كۆرۈشەيلى، شۇ يەردىن بىرەر پەتىۋاچى موللامنى زىيارەت قىلىپ، ئازراق كۈمۈش بېرىپ شۇنى ئىشقا سالساق، ئاۋۋال غوجامنى قاتىللىق گۇناھىدىن خالاس قىلىۋەتسەك، ئاندىن جىيا خانىدانى ئەدلىيە يامۇلىغا بېرىپ ئارىغا چۈشۈپ باقسا. شۇ تاپتىلا تالادا تۇرغان دورغىلارغا بىرنەچچە سەر كۈمۈش بېرىپ ئۆلارنى يولغا سېلىۋېتىپ، كەينىدىنلا بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلساق.
ــ شۇ خەقنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تاپساڭلار، ــ دېدى شۆ ھاما، ــ ئۆلارغا پۇل تۆلىسەك، ئاندىن تىرىكچىلىكى ئۈچۈنمۇ بىرئاز كۈمۈش بەرسەك. دەۋاگەر كەينىگە چۈشۈۋالمىسىلا ئىش بېسىلىپ قالاتتى.
ــ ئانا، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ــ دېدى پەردە ئىچىدە تۇرۇپ باۋچەي، ــ بۇ ئىشقا پۇل چىقارغانسېرى ئۇ خەق تېخىمۇ بەكرەك غەلۋە قىلىدۇ، مۆلازىمنىڭ بايا دېگەن گېپى توغرا.

— ماڭمۇ جاننىڭ لازىمى يوق ! — دېدى شۈ هامما يىغلاپ تۇرۇپ، — مەنمۇ شۇ يەرگە بېرىپ ئوغلۇم بىلەن بىللە ئۆلۈپلا تۈگىشەي !

ئىچى ئىتىلدىغان باۋچەي ئانىسىغا تەسەللى ئېيتقاچ، پەردە ئىچىدە تۇرۇپلا بۇيرۇدى:

— چاپسانراق ئوتتۇرانچى غوجام بىلەن بېرىپ شۇنداق قىلىڭلار.

چۆرە قىزلار شۈ هاممىنى يۆلەپ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتتى، شۆ كې تالاغا ماڭاي دەپ تەمشىلىشىگە، باۋچەي:

— نېمە خەۋەر بولسا بىر كىمدىن دەرهال يەتكۈزۈپ تۇرغىن، سىلەر سىرتتىكى ئىشلار بىلەن بولۇڭلار، — دېدى.

شۆ كې خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. باۋچەي ئانىسىنى بەزلەپ تۇراتتى، ئۇياقتىن جىنگۈي پەيتتىن پايدىلىنىپ، شياڭلىڭغا يامىشىپ، غەلۋە قىلىشقا باشلىدى:

— ئادەتتە بۇلارنى ئۆز ئائىلىسىدىكى چاغدا، خەقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، هېچ ئىش بولمىغاندەك پايتەختكە كۆچۈپ كىرگەندى، دەپ ماختىشاتتىڭلار، مانا ئەمدى تېخىمۇ قۇتراپ يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ ! ئەتىگەندىن كەچكىچە پۇلى بار، قۇدرىتى بار، ئوبدان تۇغقانلىرى بار دەپ، شۇلارنى هىمات قىلاتتىڭلار، شۇ تاپتا، قورققىنىڭلاردىن تەمتىرىشىپ قېلىشۋاتىسىلەر. چوڭ غوجام ئەتە - ئۆگۈن بىرەر قازاغا يولۇقۇپ يېنىپ كېلەلمەيدىغان ئىش بولسا، ئۇ چاغدا ھەممە دەردىسەرگە مېنى تاشلاپ قويۇپ ئۆز يولۇڭلارغا كېتىۋېرەرسىلەر ! — ئۇ شۇنداق دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى تۇردى.

شۆ هامما بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ ئايلىنىپ كەتتى. باۋچەي نېمە قىلىشىنى بىلمەي تىتىلداپ قالدى. غەلۋىنىڭ ئۇستىگە جيا خانىدانىدىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇقۇشۇپ بىقىش ئۇچۈن ئەۋەتكەن چوڭ دېدەك كىرىپ كەلدى. باۋچەي ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىنى جيا خانىدانىنىڭ ئادىمى دەپ

بىلسىمۇ، لېكىن ئۇ گەپ تېخى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىلمىغانلىقى ھەم ئۆز ئۆيىدە بۇنداق جىددىي ئىش چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھېلىقى دېدەككە مۇنداق دېدى:

— ھازىر ئىشنىڭ باش ـ ئايىغى تېخى ئېنىق ئەمەس، ئاڭلىشىمىزغا قارىغاندا، ئاكام ئۆزگە يۇرتتا بىر كىمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىكەن، ئۇنى ناھىيە يامۇلى قولغا ئاپتۇ، نېمە دەپ گۇناھ قويغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس. سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئوتتۇرانچى غوجام يېڭىلا يولغا چىقىپ كەتتى. بىرەر كۈندىن كېيىن ئېنىق ئۇچۇرى بولۇپ قالسا ئۇ ياندىكى ئاغىچا خېنىملارغا خەۋىرىنى بېرىمىز، سەن قايتىپ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قوي، بىزدىن ئۇيۇگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياندىكى بېگىملەرگە تايىنىدىغان جايلىرىمىز كۆپ.

ھېلىقى دېدەك خوش دەپ چىقىپ كەتتى، شۇ ھاما بىلەن باۋچەي ئۇ ئىشنى ھېچ ئۇقۇشالماي كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇلازىم يېنىپ كېلىپ بىر پارچە خەتنى چۆرە قىزغا بەردى، چۆرە قىز ئىچكىرىگە ئەكىردى، باۋچەي يىرتىپ ئوقۇغانىدى، خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىكەن:

... ئاكام قەستەن ئادەم ئۆلتۈرمىگەنىكەن، پەخەسسىزلىكتىن زەخىملەندۈرۈپ قويۇپ، خۇن دەۋاسىغا ئۇچراپ قاپتۇ، بۈگۈن ئەتىگەن ئۆز نامىمدا بىر پارچە ئەرز يېزىپ يامۇلغا كىرگۈزدۈم، تېخىچە تەستىقلىتىپ چىقمىدى. ئاكامنىڭ بالدۇرقى ئىقرارى ياخشى ئەمەس ئىكەن. بۇ قېتىم مېنىڭ قىلغان ئەرزىم تەستىقلانغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم سوراق قىلىنىپ، بالدۇرقى ئىقرارىدىن ئوڭشۇلۇق يېنىۋالالايدىغانلا بولسا، ئاكامنىڭ ھاياتى قۇتۇلۇپ قالىدۇ. دەرھال گۆرۈخانىدىن يەنە بەش يۈز سەر كۈمۈش ئېلىپ ئەۋەتىلسە، جىددىي كېرەك بولۇپ

قالدى، بۇنى ھەرگىزمۇ كىچىكتۇرگىلى بولمايدۇ! ئاغىچا خېنىم خاتىرجەم بولغاي. قالغان ئىشلارنى مۇلازىمدىن سوراشسىلا ...

باۋچەي خەتنى ئۆزى كۆرۈپ بولۇپ، شۇ ھامىغا بىرمۇبىر ئوقۇپ بەردى. شۇ ھاما كۆز يېشىنى سۈرتۈپ:

— بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھايات قېلىشى تېخى بىر تەرەپ بولماپتۇ ! — دېدى.

— ئانا، ھازىرچە كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي تۇرۇڭ، — دېدى باۋچەي، — مۇلازىمنى چاقىرتىپ كىرىپ ئېنىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، شۇنىڭغا قاراپ بىر نېمە دەرمىز، — ئۇ چۆرە قىزنى بۇيرۇپ مۇلازىمنى چاقىرتىپ كىردى.

— چوڭ غوجامنىڭ ئىشىنى ماڭا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەرگىنە، — دەپ سورىدى شۇ ھاما مۇلازىمدىن.

— قايسى كۈنى ئاخشىمى چوڭ غوجام بىلەن ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قورققىنىمدىن كاللام قېيىپلا كەتتى، — دەپ گەپ باشلىدى مۇلازىم.

مۇلازىمنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# سەكسەن ئالتىنچى باب

## ئامبالنىڭ پارا يەپ دەۋا ـ ئەنزىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكى
## ساھىبجامالنىڭ دىلسوزلۇق بىلەن قالۇن رىسالىسىنى چۈشەندۈرگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، شۆ ھاما شۆ كېيىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇلازىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— چوڭ غوجاڭنىڭ دېيىشىچە، ئۇ زادى قانداقسىغا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ؟

— پېقىرلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم، — دېدى مۇلازىم، — قايسى كۈنى چوڭ غوجام ئىككىنچى غوجامغا مۇنداق دېدى ... — ئۇ كەينىگە قاراپ قويدى، باشقا يات ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — چوڭ غوجامنىڭ دەپ بېرىشىچە: ئائىلىدە جېدەل بولىۋەرگەچكە، غوجامنىڭ ئۆيدىن كۆڭلى سوۋۇپ، جەنۇب تەرەپكە سودا قىلغىلى سەپەر قىلغانىكەن. شۇ كۈنى غوجام ھەمسەپەر بولۇش ئۈچۈن بىر كىشى بىلەن كېلىشىپ قويۇپتۇ. ئۇ كىشى بىز تۇرغان مۇشۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ئىككى يۈز قانچە چاقىرىم نېرىدىكى بىر يەردە تۇرىدىكەن. غوجام شۇ كىشىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىدا، بالدۇر ئوبدان چىقىشىپ ئۆتكەن ھېلىقى جياڭ يۈيخەن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بىر بەنزە ئويۇنچىلىرىنى باشلاپ شەھەرگە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. غوجام

غىزا يېيىش ۋە شاراب ئىچىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئاشخانىغا كىرىپتۇ. ئاشخانىدىكى تاڭجاڭ ھە دەپ جىياڭ يۈيخەنگە كۆزىنى قىسىۋېرىپتىكەن، غوجامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ، كېيىن جاڭ يۈيخەن كېتىپتۇ. ئەتىسى غوجام ھېلىقى ئىزدىگەن ئادىمىنى تېپىپ شاراب ئىچىشكە چىللاپتۇ. شاراب ئىچىۋېتىپ، تۇنۇگۈنكى ئىش ئېسىگە كەپتۇ ـ دە، غوجام تاڭجاڭنى شارابنى يەڭگۈشلەپ بەر دەپ قىستىقىرىپتۇ، تاڭجاڭ كېچىكىپرەك كەپتىكەن، غوجام كايىپتۇ، تاڭجاڭمۇ يول قويماپتۇ، ئاندىن غوجام شاراب ئىچىۋاتقان جامنى ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. تاڭجاڭمۇ راسا ئۇششۇق نېمىكەن، «ھە ـ ئۇر» دەپ غوجامغا بېشىنى تەڭلەپ تۇرۇۋاپتۇ، غوجام چىنە بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىرنى ساپتىكەن، كاللىسىدىن قان ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. باشتا ئۇ تىللاپتۇ، بارا ـ بارا زۇۋانى ئۆچۈپتۇ.

— بىرەر كىم نېمىشقىمۇ ھاي بەرمىگەندۇ؟ — دېدى شۆ ھاما.

— بۇ توغرىدا غوجام گەپ قىلىپ بەرمىدى، پېقىرلىرى، قارىسىغا بىر نېمە دېيىشكە ھەددىم ئەمەس، — دېدى مۇلازىم.

— سەن چىقىپ ئارام ئال، — دېدى شۆ ھاما.

مۇلازىم خوش دەپ چىقىپ كەتتى. شۆ ھاما ئۆزى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇنىڭغا جىيا جېڭدىن مەدەت تىلەپ باقسىڭىز، دەپ ھاۋالە قىلدى. جىيا جېڭ ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى سوراپ بېقىپ، شۆ كېنىڭ تۇتقان ئەرزىگە ناھىيە ئامبىلى نېمە دەپ تەستىق سالىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز، دەپ مۇجمەللا جاۋاب بەردى.

شۆ ھاما گۆرۈخانىدىن يەنە كۆمۈش ئالدۇرۇپ مۇلازىمنى دەرھال يولغا سالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن شۆ كېدىن خەت ئالدى، شۆ ھاما خەت تېگىش بىلەنلا چۆرە قىزنى چاقارتتۇدى، باۋچەي كىرىپ خەتنى ئوقۇپ بەردى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

... ئەۋەتىلگەن كۈمۈشنى يامۇلدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ قەدەم ھەققى ئۈچۈن ئىشلەتتىم. ئاكام زىنداندا بولسىمۇ، ئانچە كۆپ جاپا تارتمىدى، ئاغىچا خېنىم، خاتىرجەم بولغايلا. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بەك مۇتتەھەم ئىكەن، مۇردىنىڭ تۇغقانلىرى گۇۋاھ ئىسپاتنى كۆرۈپمۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، ھەتتا ئاكامنىڭ مېھمان قىلغان ھېلىقى دوستىمۇ شۇلارغا بولۇشۇۋاتىدۇ. مەن بىلەن لى شياڭ ئىككىمىز بۇ يەرگە مۇساپىر بولغاچقا، كىشىلەر بىلەن تونۇشمايدىكەنمىز. بەختىمىزگە ئوبدان بىر پەتىۋاچى موللام تېپىلىپ قالدى، ئۇنىڭغا كۈمۈش بەرگەندۇق، ئۇ بىزگە: ئاكام بىلەن بىللە شاراب ئىچىشكە ۋۇلياڭنى چېتىۋېلىش كېرەك، ئۇنى بىر كىمنىڭ كېپىللىكى بىلەن زىنداندىن چىقىرىۋېلىش، ئۇنى پۇل بېرىپ ئىشقا سېلىش؛ ئۇ ئۇنىماي قويسا، جاڭ سەننى شۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن دەپ، جاۋابكارلىقنى ئاشۇ ياقا يۇرتلۇققا ئارتىپ قويۇش كېرەك. ئۇ بۇ جاۋابكارلىقنى پايلىيالمايدۇ، ئاندىن ئىش ئوڭغا تارتىدۇ، دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى. شۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش قىلغانىدىم، دېگەندەكلا، ۋۇلياڭ ئوتتۇرىغا چىقتى. ھازىر مۇردىنىڭ تۇغقانلىرىنى گۇۋاھ بولۇشقا سېتىۋېلىپ، باشقىدىن بىر پارچە ئەرز يېزىپ يامۇلغا ئۈلۈشكۈن تۇتقانىدىم، يامۇلدىن بۈگۈن تەستىقلاپ چۈشۈرۈپتۇ، ئەرزنىڭ كوپىيەسىنى ئەۋەتتىم، ئوقۇپ بىلگەيلا.

شۇنىڭ بىلەن باۋچەي ئەرزنىڭ كوپىيەسىنى ئوقۇدى:

«ئەرز تۇتقۇچى پالانى. ئاكام توقۇناق بالاغا ئۇچراپ قالغانلىقى ۋەجىدىن، كەمىنە شۇ توغرىسىدا ئەرز ـ داد قىلىمەنكى: قېرىنداش ئاكام شۆ پەن، ئەسلى يۇرتى نەنجىڭ، ھازىرقى ئولتۇرۇشلۇق جايى شىجىڭ. پالانى يىلى

پۇستانى ئاينىڭ پالانى كۇنى دەسمايە راسلاپ، جەنۇب تەرەپكە سودا قىلغىلى سەپەرگە چىققانىدى. يولغا چىقىپ بىرنەچچە كۇن ئۆتمەيلا، چاكارلىرىمىزدىن بىرسى كېلىپ، ناھىيە يامۇلى ئاكامنى خۇن دەۋاسى بىلەن تۇتۇپ كەتكەنلىكنى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۇزدى. ئۇقساق، جاڭ جەمەتىدىن بولغان بىر كىشىنى ئاكام بىخەستەلىكتىن زەخىملەندۇرۇپ قويغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاكام زىندانغا چۇشۇپ قاپتۇ. ئاكامنىڭ نالىسىگە قارىغاندا، ئاكام ئۇ جاڭ دېگەن كىشى بىلەن زادىلا تونۇشمايدىكەن ھەم ئاكامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىمۇ يوق ئىكەن. شارابنى يەڭگۇشلەپ بەر دەپ ئاكام تاكاللىشىپ قېلىپ، شارابنى يەرگە تۆكۇۋېتىپتۇ، دەل شۇ پەيتتە جاڭ سەن ئېغىشىپ يەردىن بىرنەرسە ئېلىۋاتقانىكەن، ئاكامنىڭ قولىدىن جام چىقىپ كېتىپ، جاڭ سەننىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ ـ دە، جاڭ سەن ئۆلۇپ قاپتۇ. ئامبال جانابلىرى سوراقتا تارتقاندا، ئاكام قىيىن ـ قىستاقتىن قورقۇپ كېتىپ، ئۇرۇشۇپ قېلىش نەتىجىسىدە ئۆلگەن، دەپ بويىنىغا ئاپتۇ. رەھىم ـ شەپقەتلىك ئامبال جانابلىرى بۇ ئىشتا ئاكامغا ئۇۋال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، تېخىچە ئەنزىنى بېكىتمەي ئىلتىپات كۆرسەتتىلە. ئاكام زىنداندا بولغىنى ئۇچۇن، ئۆزىنى ئاقلاش توغرىسىدا ئەرز ـ شىكايەت قىلالماي دېسە، زىندان رەسمىيىتىگە دەخلىسى يېتىدىكەن. يېقىر قېرىندىشى بولغىنىم ئۇچۇن، ئۆلۇمنى ئۆز ئۇستۇمگە ئېلىپ، ئاكامنىڭ ئورنىدا مەزكۇر ئەرزنى تۇتتۇم. ئامبال جانابلىرىنىڭ مەرھەمەت قىلىپ، قايتىدىن گۇۋاھ ـ ئىسپاتلارنى كۆزدىن كەچۇرۇپ سوراق قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن. جانابلىرىنىڭ شەپقەت دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ، كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىنى كەمىنىلىرى پۇتۇن ئائىلىمىز بويىچە ئۆمۇرۋايەت ئۇنتۇماي، ھەدسىز چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۇرۇپ

تۇرىمىز! ئىنتىزارلىق بىلەن ئەرز تۇتتۇم.»
بۇ ئەرزنى مۇنداق دەپ تەستىقلاپتۇ:
«مۇردا ۋە قاتىللىق يۈز بەرگەن ئورۇن تەكشۈرۈلگەن، گۇۋاھ ئىسپات ئېنىق. ھېچقانداق قىيىن - قىستاق قىلىنمىغان، ئاكاڭ ئۆزى ئۇ ئادەمنى مەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۈم دەپ ئىقرار قىلغان، ئىقرارنامىسى ئەنزىگە يېزىلغان. سەن يىراقتىن كەلگەن كىشى، ۋەقەنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىگەن. نېمىشقا بوھتان چاپلاپ، قارامىلارچە شىكايەت قىلىسەن؟ ئەسلىي قائىدە بويىچە سېنى جازاغا تارتىش لازىم ئىدى، ئەمما ئاكىلىق مېھىر ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىڭنى نەزەردە تۇتۇپ ئەپۇ قىلدىم. ئەرزىڭ قوبۇل قىلىنمايدۇ.»

— قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولمىغۇدەكقۇ! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى شۇ ھامما خەت ئوقۇلۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە.
— ئىككىنچى ئاكامنىڭ خېتىنى تېخى ئوقۇپ بولمىدۇق، ئايىغى بار تېخى، — دېدى باۋچەي، ئاندىن يەنە ئوقۇدى:

«قالغان مۇھىم ئىشلارنى مۇلازىمدىن سوراپ بىلگەيلا.»

شۇنىڭ بىلەن كەلگەن مۇلازىمدىن شۆ ھامما سورىدى.
— يامۇلدىن ئائىلىمىزنىڭ قول - ئىلكىدە بار ئائىلە ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىكەن، — دېدى كەلگەن مۇلازىم، — ئەمدى بۇ توغرىدا پايتەختتىكىلەردىن ئىلتىپات تىلەپ باقساق، ئاندىن كۆپرەك سوۋغات يوللىساق، قايتا سوراق قىلىندىغانلا بولسا ئەنزىنى يېنىكرەك بېكىتىشى مۇمكىن. خېنىم، بۇ ئىشقا چاپسانراق تۇتۇش قىلايلى، كېچىكىپ قالساق چوڭ غوجام جاپا تارتىپ قالىدۇ.
شۆ ھامما مۇلازىمنى چىقىپ تۇر، دېدى، ئۆزى شۇ ھامان جيا

قەسىرىگە ئۆتۈپ، بولغان ۋەقەنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا دەپ بەردى، جىيا جېڭغا يېلىنىپ - يالۋۇردى. جىيا جېڭ بىر كىم ئارقىلىق ناھىيە ئامبىلىغا يۈز - خاتىر قىلىش توغرىسىدا گەپ قىلىپ قويماقچى بولدى. لېكىن، پۇل توغرىسىدا ئېغىز ئاچقۇسى كەلمىدى. شۇ ھاما بۇ ئادەم ئەسقاتمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ۋايىم يەپ، فېڭجيې بىلەن جىيا لىيەنگە يالۋۇردى. بىرنەچچە مىڭ سەر كۈمۈش خەجلەپ يۈرۈپ ئامبالنى قولغا كىرگۈزدى. شۇ كېمۇ شۇ يەردە ئىشنىڭ يولىنى قىلدى. ئاندىن كېيىن ئامبال ئەلام چىقىرىپ داتاڭغا چىقتى. دەۋاغا ئالاقىدار قوشنا - قولۇم، كېپىل - گۇۋاھچى، مۇردىنىڭ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىنى سوراققا ھازىر قىلدى، شۆ پەننى زىنداندىن ئالدۇردى. سوراقخانا مىرزىسى تىزىملىك بويىچە ئۇلارنى بىر - بىردىن يوقلىما قىلدى. ئامبالنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، مەھەللە ئاقساقىلى دەسلەپكى ئىقرارنامىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئاندىن ئامبال يەنە مۇردىنىڭ ئانىسى جاڭ - ۋاڭ ۋە تاغىسى جاڭ ئېرلەردىن گەپ سورىدى.

— مەن ئاجىزلىرى، — دەپ ئەرز - داد قىلدى يىغلاپ جاڭ سەننىڭ ئانىسى ۋاڭ، — ئېرىمنىڭ ئىسمى جاڭ دا ئىدى، تۆۋەنكى مەھەللىدە ئولتۇراتتۇق، ئېرىم ئۆلگىلى ئون سەككىز يىل بولدى، تۇنجى ئوغلۇم بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلۇممۇ ئۆلۈپ كەتكەن. مۇشۇ ئۆلگەن ئوغلۇم يالغۇز ئوغۇل ئىدى، ئىسمى جاڭ سەن، بۇ يىل يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن، تېخىچە ئۆيلەنمىگەن. ئائىلىمىز يوقسۇل - يوپۇن ئائىلە بولغاچقا، كۈنىمىزنى ئالالماي، ئوغلۇم جاڭ سەن لى ئېرنىڭ ئاشخانىسىدا تاڭجاڭلىق قىلاتتى. قايسى كۈنى چۈش ۋاقتىدا، لى ئېرنى ئاشخانىسىدىن: «ئوغلۇڭنى بىر كىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ كىشى كەپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ قورققىنىمدىن ئۆلەي دېدىم. ئادالەتلىك بېگىم! ھاپىلا - شاپىلا بارسام، ئوغلۇم باش - كۆزى يېرىلىپ قانغا مىلىنىپ خارقىراپ يېتىپتۇ، گەپ سورىسام، جاۋابىمۇ

بىرەلــمىدى، بىــردەمدىن كىيىنلا جــان ئۈزدى. مەن زادى مۇشــۇ قاتىل هارامزادىگە جىنىمنى تىكىپ قويدۇم !

دوغىلار ۋارقىراپ هاي بەردى.

— ۋاي، داد، ئــادالەتلىــك بىگــم ! — دەپ باش قويــدى جــاڭ سەنىنىڭ ئانىسى، — مىنىڭ مۇشۇ بىرلا ئوغلۇم قالغانىدى !

— چىقىــپ تــۇر، — دىدى ئــامبــال ئۇ ئــايالــنى. ئــاندىــن ئاشخانىنىڭ غوجايىنى لى ئېردىن سورىدى، — جاڭ سەن سىنىڭ ئاشخاناڭدا ئىمكارمىدى؟

— يوقسۇ، ئىمكار ئەمەس، تاڭجاڭلىق قىلاتتى، — دەپ جاۋاب بەردى لى ئېر.

— قــايسى كۇنــكى سوراقتــا، سەن جاڭ سەنــنى شۇ پــەن جــام بىــلــەن ئــۇرۇپ ئــۆلتــۈردى دېــگــەنىــدىــڭ، ئــۆز كۆزۈڭ بــىــلــەن كۆرگــەنمىدىڭ؟ — دەپ سوردى ئامبال.

— يېقىــر كەنــتىردە ئولــتــۇراتتــىــم، تاماقــخــانىدىــن شــاراب سوراتقانلىقىنى ئاڭــلاپ قالدىم، ئــۇزاق ئۆتمەيــلا «ۋاي بولمــىدى، جاڭ سەننى بىرسى قاتتىق ئــۇرۇۋەتتى !» دېگــەن گــەپ ئاڭلانــدى. يېقىر يۈگۈرۈپ كىرىپ قارىسام، جاڭ سەن يەردە يېتىپتۇ، ئاغزى گەپكــە كەلمەيــدۇ. شۇنىڭ بــىلەن مەھــەللە ئاقساقىلــىغا مــەلــۇم قىلدىم، ئاندىن ئۇنىڭ ئانىسىغىمۇ خەۋەر قىلــدۇردۇم. راستىنــى ئېيتسام، ئۇلارنىڭ زادى قــانداقســىغا ئۇرۇشۇپ قــالغانلىــقىنــى مەنمــۇ بىلمــەيمەن. ئامــبال بىگــىم، بىــلــلە شاراب ئــىچىشــكــەن كىشىدىن سوراپ باقسىلا مەلۇم بولىدۇ.

— دەسلەپكى سوراقتا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دېگەنىدىڭ، ئەمدى نېمىشقا كۆرمىدىم دەيسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى ئامبال.

— يېقىر قايسى كۈنى، قورقىنىــمدىن هودۇقــۇپ كېتىــپ، ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ سايتىمەن، — دىدى لى ئېر.

دورغىلار هاي - هايلاپ ئۇنى جىملىدى.

— ســەن بىللــە شاراب ئىچــكەنمۇ؟ — دەپ ســورىدى ئامبــال ۋۇلــياڭدىن، — شــۇ پەن ئۇنى قــانداقســىغا ئۇرغان؟ راســتىڭنــى

ئېيت !

— پېقىر شۇ كۈنى ئۆيۈمدە ئولتۇراتتىم، — دېدى ۋۇلياڭ، — بۇ شۆ پەن غوجام مېنى شاراب ئىچىشكە چىللىدى. شۆ پەن شاراب ياخشى ئەمەس ئىكەن، يەڭگۈشلەپ بەر، دېگەنىدى، جاڭ سەن ئۇنىمىدى. شۆ پەن غوجام ئاچچىقلاپ، شارابنى ئۇنىڭ يۈزىگە چاچقانىدى، قانداق بولدىكىنتاڭ، جام ئۇنىڭ كاللىسىغا تېگىپتۇ، بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— ۋالاقشىما ! — دېدى ئامبال، — قايسى كۈنكى سوراقتا شۆ پەن ئۆزى ئۇنى جام بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۈم دەپ ئىقرار قىلغان، سەنمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، دېگەنىدىڭ. نېمىشقا بۈگۈنكى ئىقرارىڭ ئۇ كۈنكىسىگە توغرا كەلمەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇڭلار !

دورغىلار «خوش» دەپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرماقچى بولغانىدى، ۋۇلياڭ:

— شۆ پەن راستىلا جاڭ سەن بىلەن ئۇرۇشمىغان، — دەپ يالۋۇردى، — جام ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ جاڭ سەننىڭ كاللىسىغا تېگىپ كەتتى. ئامبال بېگىم، ئىلتىپات قىلىپ شۆ پەننىڭ ئۆزىدىن سوراپ باققان بولسىلا !

ئامبال شۆ پەننى ئالدىغا چاقىرىپ سورىدى:

— زادى سېنىڭ جاڭ سەن بىلەن قانداق ئاداۋىتىڭ بار ئىدى؟ ئۇ قانداقسىغا ئۆلدى؟ راستىڭنى ئېيت !

— ئۇلۇغ بېگىم جانابلىرىنىڭ شەپقەت قىلىشلىرىنى سورايمەن ! — دېدى شۆ پەن، — پېقىر راستىنى ئېيتسام، ئۇنى ئۇرمىدىم، هاراقنى يەرگە تۆكۈۋەتمەكچى بولغانىدىم، جام قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا تەگدى. پېقىر، ئۇنىڭ قېنىنى توختىتىۋالاي دەپ شۇنچە ئامال قىلىپ باقتىم، زادىلا توختىتالمىدىم. قانسىراپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن جان ئۈزدى. قايسى كۈنى بېگىم جانابلىرى مېنى تاياق ئاستىغا ئالدۇ دەپ قورقۇپ كېتىپ، شۇ جايدا مەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن دەپ

تاشلاپتىمەن. ئۇلۇغ بېگىم، رەھىم قىلسىلا!

— ۋۇي ئەخمەق! — دەپ ۋارقىرىدى ئامبال، — سېنىڭدىن ئۇنى قانداق ئۆلتۈردۈڭ دەپ سورىسام، سەن شارابنى يەڭگۈشلەپ بەرمىدى دەپ خاپا بولۇپ ئۇنى ئۇردۇم، دەپ ئىقرار قىلغانىدىڭ. بۈگۈن ئەمدى قولۇمدىن جام چىقىپ كېتىپ بېشىغا تەگدى دەيسەنغۇ؟

ئامبال ئادەملىرىگە، ئۇنى ئۇرۇڭلار، قىيىن - قىستاققا ئېلىڭلار، دەپ تېرە تاراقشىتتى. شۆ پەن بايا دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

— مۇردا ياتقان جايدا يېزىۋالغان خاتىرەڭ بويىچە تاياق ئىزىنى ئەينەن مەلۇم قىل، — دېدى ئامبال مۇردىكارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

— شۇ كۈنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، — دەپ بايان قىلدى مۇردىكار، — جاڭ سەننىڭ بەدىنىدە تاياق ئىزى كۆرۈنمىدى، پەقەت چېكىسىدە چىنە چاقچۇقىدىن بولغان زەخىم بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر سۇڭ يەتتە فۇڭ، چوڭقۇرلۇقى بەش فۇڭ، تېرىسى يېرىلغان، چېكە سۆڭىكى يانجىلغان، يېرىقىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ فۇڭ. بۇ بېشىنى يەرگە ئۇرغاندىن بولغان يارا ئىكەن.

ئامبال مۇردىنامىگە① سېلىشتۇرۇپ كۆرگەنىدى، ئوخشاش چىقتى. ئامبال مىرزىنىڭ ئالىلقاچان يەڭگىللىتىپ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، رەت قىلماي، سوراقنامىگە قول قويۇشقا پەلىپەتىش بۇيرۇق قىلدى.

— ئادالەتلىك بېگىم! — دەپ دادلىدى جاڭ سەننىڭ ئانىسى، — قايسى كۈنى بىرمۇنچە يارا ئىزى بار دېگەنىدى، بۈگۈن ئەمدى ھېچ نېمە يوق بولۇپ چىقتىغۇ!

— بۇ خوتۇن بىكار كاپشىيدىكەن! مۇردىنامە تۇرۇپتۇغۇ مانا، كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئامبال. ئاندىن جاڭ سەننىڭ تاغىسى

① مۇردىنامە — مۇردىكار (جەسەت تەكشۈرگۈچى) جەسەتنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تولدۇرىدىغان جەدۋەل.

جاك ئېردىن سورىدى، — سېنىڭ جىيەنىڭ ئۆلگەندە قانچە يېرىدە زەخىم بارلىقىنى بىلەمسەن؟

— كاللىسىدا بىرلا يېرى زەخىم يەپتىكەن، — دەپ ئالمان ـ تالمان جاۋاب بەردى جاك ئېر.

— قېنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىڭلار! — دەپ ئامبال مۇردىنامىنى جاك سەننىڭ ئانىسىغا كۆرسىتىشكە مىرزىنى بۇيرۇدى. مەھەللە ئاقساقىلى بىلەن جاك سەننىڭ تاغىسى مۇردىنامىنى جاك سەننىڭ ئانىسىغا قولى بىلەن كۆرسىتىپ: ئۆلۈم يۈز بەرگەن جايدا قەيتنامىگە قويۇلغان ئىمزا، گۇۋاھ ـ ئىسپات، ئىقرار بويىچە قارىغاندا، ئۇلار ئۇرۇشمىغان، مۇشتلاشمىغان، بىخەستەلىكتىن زەخىملەنگەن دەپ، جاك سەننىڭ ئانىسىنى سوراقنامىگە قول قويۇشقا دەۋەت قىلدى. شۇ پەيت زىنداندا تەستىقنى كۈتۈپ تۇرىدىغان، باشقىلارنى بالدۇرقى كېپىللەر كېپىللىككە ئاچىقىپ كېتىدىغان بولدى. سوراق تۈگىدى. جاك سەننىڭ ئانىسى يىغلاپ چۇقان كۆتۈرگەنىدى، ئامبال:

— ئۇنى قوغلاپ چىقىرىڭلار! — دەپ دورغىلارنى بۇيرۇدى.

— راستلا بىخەستەلىكتە بولغان زەخىم تۇرسا، خەققە ئۇششۇقلۇق قىلغان بىلەن بولامدۇ؟ ئۇلۇغ ئامبال بىگىم ئېنىقلاپ بولدى. تولا غەلۋە قىلماڭ ئەمدى، — دەپ جاك ئېرمۇ ئۇ ئايالنى باستى.

شۇ كې بۇ ئەھۋالنى يامۇلنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تىڭتىڭلاپ بىلگەندىن كېيىن، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈندى ـ دە، ئۆيگە ئۇچۇر بېرىش ئۈچۈن ئادەم ماڭدۇردى. يۇقىرىدىن تەستىقلىنىپ چۈشكەندىن كېيىن، شۇ پەيتنىڭ گۇناھىنى تۈگىتىش ئۈچۈن پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ ئۇچۇر كۈتۈپ تۇردى. ئەمما، كوچا ـ كويلاردا: «خانىش قازا قىپتىكەن، خان ئالىيلىرى ھۆكۈمەت ئىشىنى ئۈچ كۈنگىچە توختىتىپتۇدەك» دېگەن مىش ـ مىش گەپ تارقالدى. بۇ يەر خانلىق مازارغا يېقىن ئىدى، يول تۈزەش، ئالۋاڭ يىغىش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئامبالنىڭ بىرقانچە كۈنگىچە

قولى بوشىمايتتى. شۆ كې بۇ يەردە تۇرنۇپېرشىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ، زىندانغا بېرىپ ئاكىسىغا: «خاتىرجەم بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن ئۆيگە بېرىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن كېلىمەن» دېدى. شۆ پەنمۇ ئانىسىنىڭ غەم يېيىشىدىن ئەنسىرەپ: «چاتاق تۈگىدى، يامۇلغا يەنە بىرنەچچە قېتىم پۇل خەجلىسەك ئۆيگە قايتىپ كېتەلەيمەن. پۇل كەتكەنگە ئىچ ئاغرىتمىسۇن» دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى. شۆ كې خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن لى شياڭنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ ئۆزى ئۆيگە قايتتى. كېلىپ شۆ ھاما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئامبالنىڭ قانداق يان باسقانلىقىنى، قانداق ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ: ئاخىر بىخەستەلىكتىن زەخىم قىلىپ قويغان دەپ بېكىتتى، «كېيىنچە ئۆلگۈچىنىڭ ئانىسىغا يەنە بىر ئاز پۇل خەجلىسەك، ئاكام جىنايەتتىن قۇتۇلىدۇ، چاتاقمۇ تۈگەيدۇ» دېدى.

— سېنى قايتىپ كېلىپ، ئائىلىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالسىكەن دەپ ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتىم، — دېدى شۆ ھاما، — جيا خانىدانىغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك ئىدى. جۇ خانىش ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەر كۈنى ئوردىغا كىرىپ تۇرغاچقا، ئائىلىسىدە ئادەملەر سېرەكلىشىپ قالدى. مەن خان ئاچامنىڭ ئورنىدا ئۇ تەرەپتىن خەۋەر ئېلىپ، ھەمراھ بولۇپ بېرەي دېسەم، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيدە ئادەم يوق. سېنىڭ كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى.

— مەن ياقا يۇرتتا خانىش يۈەنچۇننى ۋاپات بوپتۇ دەپ ئاڭلاپ، دەرھال يېنىپ كەلدىم، بىزنىڭ خانىش ئاچىمىز ساپساق تۇرسا قانداقسىغا قازا قىلغاندۇ؟ — دېدى شۆ كې.

— ئۇلۇش يىلى بىر قېتىم ئاغرىپ قېلىپ ساقايغانىدى، — دېدى شۆ ھاما، — ھازىرغۇ يۈەنچۇن خانىشنىڭ ھېچقانداق كېسەل بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق. نېرىقى قەسىردە قايسى كۈنلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ «كۆزۈمنى يۇمسىملا خانىش يۈەنچۇن كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى پەرىشان بولغان.

سۇرۇشتۇرۇپ كۆرسە، ھېچ گەپ يوق ئىكەن، ئۇزاكۇن ئاخشىمى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆزى «يۈەنچۈن خانىش نېمىشقا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆزى يالغۇز كېلىدۇ؟» دېۋىدى، بىز ھەممەيلەن كېسەل ۋەجىدىن شۇنداق خىيال قىلغاندۇ دەپ گېپىگە ئىشەنمىدۇق. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم يەنە: ئىشەنمىسەڭلار، خانىش يۈەنچۈن ماڭا: «شان ـ شەۋكەت تامام بولدى، جاھاندىن داجىپ قول ئۈزمەك كېرەك، دەۋاتىدۇ» دېدى. باشقىلار: «ئۆيلىماسقا بولامدۇ بۇنى؟ ياشانغان كىشى ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ شۇنداق غەم يەيدۇ» دېيىشىپ، ئۇ گەپكە ئېرەن سالمىغانىدى. دېگەندەك، ئەتىسى ئەتىگەندە خانىشنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن دەپ، ئىچكىرىكى ھويلىدا چۇقان كۆتۈرۈلدى. مەرتىۋىلىك خېنىملار ئوردىغا كىرىپ ئېسەنلىك سوراپ چىقسۇن، دېگەن پەرمان چۈشتى. بۇلار قەۋەتلا ھودۇقۇشۇپ كەتتى. دەرھال ئوردىغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار تېخى يېنىپ چىقمىغانىدى، جۇ خانىشنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۆيدە تۇرۇپ ئاڭلىدۇق. ئويلاپ باققىنا، تالا ـ تۈزدە بولغان ئۆسەكلەرنىڭ ئائىلىدە بولغان شەك ـ شۈبھىلەر بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

ـــ تالا ـ تۈزدە بولغان يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرگۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ـــ دېدى باۋچەي، ـــ ھەتتا ئائىلىدىمۇ «خانىش» دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن ھەممە ئادەم تەمتىرەپ قېلىشىدۇ، كېيىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئاندىن كۆڭلى يورۇيدۇ. بىر ـ ئىككى كۈن بولدى، نېرىقى قەسىردىكى دېدەكلەر، خىزمەتكار ئايالار كېلىپ: ئاغرىغىنى بىزنىڭ ئائىلىدىن چىققان خانىش ئەمەس ئىكەن، بۇنى بۇرۇنلا بىلگەنىدۇق، دېيىشكەنىدى. مەن: «ئۇنداق ئەمەسلىكىنى سىلەر نەدىن بىلەتتىڭلار؟» دېسەم، دېدەك ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: قايسى يىلى ئارام ئېيىدا، ياقا ئۆلكىدىن بىر رەممال كەپتىكەن، ناھايىتى توغرا تاپىدىكەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم خانىش يۈەنچۈننىڭ مۇچەلنامىسىنى دېدەكلەرنىڭ مۇچەلنامىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ سىرتقا چىقارتىپ، ھېلىقى

رەمالغا پال ئاچۇرغانىدى. رەمال «نورۇز كۈنى تۇغۇلغان بۇ خان قىزنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى خاتا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇ ناھايىتى ئىززەتلىك خېنىم ئىكەن، بۇ قەسىردە تۇرغۇچىمۇ ئەمەس ئىكەن» دەپتۇ. ئۇلۇغ بېگىم ۋە باشقىلار: «خاتا بولغان ـ بولمىغىنى بىلەن كارى بولماستىن، مۇچەلنامىسى بويىچە پال ئېچىۋەرسۇن» دېدى. رەمال موللام ئاندىن: «ھەمەل بۇرجىنىڭ مايمۇن يىلى، ئارام ئاينىڭ ئاراندىز ـ يولبارس كۈنى دېگەن بۇ تۆت سۆز ‹مەنسەپكە شىكەستە›، ‹مال دۇنياغا تالاپەت› دېگەنگە بېشارەتتۇر، لېكىن مايمۇن سۆزىلا ‹مەنسەپتە راۋرۇس›، ‹مەئىشەتتە ئۇچقۇر ئات› بولماق دېگەنگىمۇ دالالەت بېرىدۇ، يەنى ئائىلىدە تەربىيە قىلغىلى بولماس دېمەكتۇر، بۇنىڭدىن ھېچقانداق ياخشىلىق بىلىنمەيدۇ. بۇ كۈن بولسا سەۋر بۇرجىنىڭ توشقان ئېيىغا مەنسۇپ بولۇپ، باش باھاردا جىمى گىياھلار باراقسان بولغىنىدەك، ‹نىسبەتتە تەڭ تۇرماق› دېگەنگە بېشارەت بولسىمۇ، لېكىن قانچە ‹نىسبەت› بولغانسېرى شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولماس. بەئەينى ياخشى ياغاچ مىسالدۇركى، ‹قانچە كېسىپ ـ يونۇغانسېرى ئۇنىڭدىن چوڭ جاھاز ھاسىل بولۇر› دەپتۇ. ئۇ يەنە: ‹دۇنياغا كۆز يورۇغان چېغى جەھەتتىن ئاقراق بولغان مەدەنگە تەئەللۇق بولغاچ، قەدىرلىك بولۇپ ئۆتكەي، ۋاھالەنكى مەنسەپتە راۋرۇس، مەئىشەتتە ئۇچقۇرئات بولۇپ يېگانە سانالغاي›، بۇ ‹كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان مەئىشەت ئېتى ماقامى› دېيىلىدۇ» دەپتۇ. ئاندىن ئۇ رەمال يەنە: «كۈنى خاس مەئىشەت چېغىدا دۈچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن ئىززەت كۆرىدۇ، پېشانىسىگە ئەزەلدە ‹شەمس ـ قەمەر قوش پەزىلەت›، پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن ھەرەمخانىنىڭ سۆيۈملۈك ئەركىسى بولۇپ ھۆرمەت تاپىدۇ. مۇبادا بۇ خان قىزنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى توغرا كەلگەن بولسا، غوجا خانىش بولۇشى تەھقىق ئىدى» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلدى. پالدىمۇ توغرا چىقىپتۇغۇ؟ ئېسىمىزدە قېلىشىچە، يەنە: «ئەپسۇسكى، شان ـ شەۋكەت ئۇزاققا

www.uyghurkitap.com

بارماس ۋە لېكىن يولبارس يىلىنىڭ توشقان ئېيىغا توغرا كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەش كېرەككى، بۇنىڭدا ‹نىسبەت› تىن ‹نىسبەت› چىقىپ، ‹كالپا›①دىن ‹كالپا› تۇغۇلىدۇ. ياخشى ياغاچ تولىمۇ سىپتا ـ نازۇك بولۇپ كەتسە، تەكتى ـ تەبىئىتى چىڭ بولمايدىغانلىقى شۇنىڭغا مىسالدۇر» دېگەن گەپنىمۇ قىپتۇ. ئۇلار بۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ، قارىسىغىلا تېنەپ كېتىشتى. بۇ گەپ بايا ئېسىمگە كېلىپ، چوڭ كېلىن ئاغىچىغا بۇ يىل نەدە يولبارس يىلىنىڭ توشقان ئېيى بولسۇن، دېدىم ...

باۋچەي دېدەكنىڭ دەپ بەرگەن گەپلىرىنى تېخى بايان قىلىپ بولمىغانىدى، شۆ كې ئالدىراپلا شۇنداق دېدى:

— خەقنىڭ ئىشى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن! شۇنداق ئەۋلىيادەك رەممال بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا پال ئاچقۇرۇپ، ئاكامغا بۇ يىل قانداق نەسلىك يۇلتۇزى توغرا كېلىپ قېلىپ مۇنداق بالا ـ قازاغا يولۇقۇپتۇ، شۇنى ئۇقۇپ باقايلى. قېنى مۇچەلنامىنى يېزىپ بېرىڭ، شۇنىڭغا پال ئاچقۇرۇپ باقاي، يەنە كاشىلا بارمىكىن.

— ئۇ ياقا ئۆلكىدىن كەلگەنىكەن، بۇ يىل پايتەختتە بولدىمىكىن، قانداقكىن، — دېدى باۋچەي. ئاندىن شۆ هاممىنى جابدۇتۇپ جىيا قەسرىگە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ يەردە شۆ هاممىنى پەقەت لى ۋەن بىلەن تەنچۇنلا قارشى ئالدى.

— چوڭ غوجامنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن.

— يۇقىرى يامۇلدىن ئۇچۇر كەلگەندىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ، هەر هالدا ئۆلۈم گۇناهى كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى شۆ هامما.

بۇ گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىنىدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام، — دېدى تەنچۇن، — ئاغىچا خېنىم

① كالپا — سانسكرىت تىلىدا «بالا ـ قازا» دېگەن سۆز.

ئۆزلىرىنى ئەسلەپ: «ئۆتكەن قېتىم بىزنىڭ ئائىلىدە ئىش چىقىپ قالغاندا ھامما خېنىم قارىشىپ بەرگەندى، ھازىر ئۆزىنىڭ ئىشى چىقىپ قالغاچقا، يەنە قارىشىپ بېرىڭ دېگىلى بولمىدى» دەپ ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى قىلغانىدى.

— ئۆيۈمدىمۇ ماڭا تەس كېلىۋاتىدۇ، — دېدى شۆ ھامما، — ئاكىڭىز بۇ چاتاققا يولۇققاندىن بۇيان، ئىككىنچى ئاكىڭىز شۇ ئىشنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ياقا يۇرتقا كەتتى. ئائىلىمىزدە ئاچىڭىز يالغۇز تۇرسا، ئۇ نېمە قىلالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە كېلىنىمىزمۇ ئىشنىڭ يولىنى ئانچە بىلمەيدىكەن. شۇڭا، ئۆيدىكى ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەي، بۇ يەرگە چىقالمىدىم. ھازىر ئۇ يەردىكى ئامبالمۇ جۇ خانىشنىڭ دەپنە ئىشىغا تەئەللۇق ئالۋاڭ ـ ياساق بىلەن بولۇپ كېتىپ، دەۋانىڭ ئايىغىنى چىقارمىدى، شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى ئاكىڭىز يېنىپ كەلگەندى. ئاندىن مەن بۇيانغا سىلەرنى يوقلاپ كېلەلىدىم.

— ھامما خېنىم، بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ بەرگەن بولسىلا بەك ئوبدان بولاتتى، — دېدى لى ۋەن.

— مېنىڭمۇ بۇ يەردە سىلەر ھەمشىرىلەرگە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇپ بەرگۈم بار ئىدى، شۇغىنىسى، باۋچەي سىڭلىڭىز ئۇ يەردە يالغۇزسىراپ قالىدىكەن، — دېدى بېشىنى لىڭشىتىپ شۆ ھامما.

— ھامما، باۋچەي ئاچامدىن ئۆيگەن بولسىلا، نېمىشقا بىللە ئالغاچ كەلمەيلا؟ — دېدى شىچۈن.

— توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى شۆ ھامما كۈلۈپ.

— توغرا كەلمەيدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى شىچۈن، — ئۇ بالدۇر مۇشۇ يەردە بىز بىلەن بىللە تۇرغانىدىغۇ؟

— سىز ئۇقمايسىز، — دېدى لى ۋەن، — ھازىر ئۆيىدە ئىشى بار تۇرسا، قانداق كېلىدۇ؟

شىچۈنمۇ بۇ گەپكە چىنپۈتۈپ، قايتا سوراپ ئولتۇرمىدى. ئۇلار شۇنداق گەپلىشىۋاتقاندا جيا ئانا ۋە باشقىلار يېنىپ

كېلىشتى. جىيا ئانا شۇ ھامىنى كۆرۈپ، ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرماي، ئاۋۋال شۇ پەننىڭ ئىشىنى سورىدى. شۇ ھامما بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. بىر چەتتە تۇرغان باۋيۇي جىياڭ يۈيخەن توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى سۈرۈشتە قىلالماي، كۆڭلىدە: «ئۇ پايتەختكە كەلگەن بولسا، نېمىشقا مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمىگەندۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ باۋچەيىنىڭمۇ بۇيانغا ئۆتمىگەنلىكىنى ئويلاپ، سەۋەبىنى بىلەلمەي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇراتتى، شۇ ئارىدا دەييۇي سالامغا كېلىپ قالدى. باۋيۇي بۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، باۋچەي توغرىسىدىكى خىيالىنىڭ بېلىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ھەمشىرىلىرى بىلەن بىللە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە كەچلىك غىزا يېدى. باشقىلار ئۈزاشقاندىن كېيىن، شۇ ھامما ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئارىلىق ئۆيىدە قونۇپ قالدى.

باۋيۇي ئۆز ھۇجرىسىغا يېنىپ كېلىپ ئىگىنلىرىنى يەڭگۈشلىدى، جىياڭ يۈيخەن بەرگەن ئىشتانباغ ئېسىگە كېلىپ قېلىپ، ئۇنى شىرېندىن سورىدى:

— قايسى يىلى سەن باغلىماي قويغان ھېلىقى قىزىل ئىشتانباغ بارمۇ؟

— مەن ئېلىپ قويغان، ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى شىرېن.

— ئۆزۈمچە سوراپ باقتىم.

— شۇ پەن غوجامنىڭ ئاشۇنداق مۇتتەھەملەر بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ، خۇن دەۋاسى تۇغدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ يەنە شۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ بۇنداق يوقىلاڭ ئىشلارنىڭ غېمىنى يېگۈچە، جىمغىنا كىتابىڭىزنى ئوقۇڭ، ئۇنداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئىشلارنى نېرى چۆرۈۋەتكىنىڭىز تۈزۈك.

— ھېچقانداق غەلۋە قىلمىدىم، ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ سوراپ قويدۇم، مەيلى بولسۇن، بولمىسۇن، ئۇنىڭ كارى

چاغلىق، سوراپ قويغىنىمغا بىرمۇنچە كاپشىپلا كەتتىڭلارغۇ.
— ۋالاقتەگكۈرلۈك قىلىۋاتمايمەن، — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — ئادەم دېگەن ئىلىم تەھسىل قىلسا، ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلسە، يۇقىرىغا ئىنتىلسە ئوبدان بولىدۇ. كۆڭلىدە ياراتقان كىشى كەلگەندە، ئۇمۇ كۆرۈپلا يارىتىپ ئىززەتلەيدىغان بولسۇن.
شىرىننىڭ بۇ گېپى باۋيۈيىنىڭ سەمىگە بىر ئىشنى سالدى:
— بولماپتۇ ! بايا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدا ئادەم كۆپ بولغاچقا، دەييۈي سىڭلىم بىلەن گەپلەشمىگەنىدىم، ئۇمۇ ماڭا پەرۋا قىلماي قويدى، قايتار چاغدا ئۇ مەندىن بالدۇر چىقىپ كەتتى، ھازىر ئۆيىدە بولسا كېرەك، مەن شۇنىڭكىگە بېرىپ كېلەي، — دېدى ئۇ.
— چاپسانراق يېنىپ كېلىڭ، مەن سەمىڭىزگە سېلىشىم بىلەنلا خۇشلۇقىڭىز تۇتۇپ كەتتى.
باۋيۈي جاۋابمۇ بەرمەي، بېشىنى سېلىپ، ئۇدۇل بامبۇكزار سارايغا كەلدى. دەييۈي ئۆزى يالغۇز ئۇستەلگە يۆلىنىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. باۋيۈي ئالدىغا كېلىپ:
— سىڭلىم، بالدۇرلا يېنىپ كەپسىز؟ — دېدى كۈلۈپ.
— سىزنىڭ مەن بىلەن كارىڭىز بولمىغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە تۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى دەييۈيمۇ كۈلۈپ.
— ئۇ يەردە ئادەم تولا ئىكەن، ھەممىسى گەپ قىلىشىۋاتقاچقا، ماڭا گەپ تەگمەي سىز بىلەن گەپلىشەلمىدىم، — دېدى كۈلۈمسىرەپ باۋيۈي.
ئاندىن ئۇ دەييۈي ئوقۇۋاتقان كىتابقا كۆز يۈگۈرتتى، كىتابتىكى خەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ تونۇيالمىدى: بەزىسى «چوغلۇق» مەنىسىدىكى «شاۋ» خېتىگە، بەزىسى «پايانسىز» مەنىسىدىكى «ماڭ» خېتىگە ئوخشايتتى؛ بەزىسىدە «چوڭ» دېگەن خەتنىڭ يېنىدا «توققۇز» رەقىمى بولۇپ، ئۇستىگە بىر كىرتىك قوشۇپ، ئارىسىغا «بەش» رەقىمى قىستۇرۇلغانىدى؛ بەزىسىنىڭ ئۇستىدە «بەش»، «ئالتە» رەقەملىرى بولۇپ، يەنە «ياغاچ» مەنىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

«مۇ» خېتى يېزىلىپ، ئاستىغا يەنە «بەش» رەقىمى پۈتۈلگەنىدى. باۋيۇي بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ سورىدى:

— سىڭلىم، يېقىندىن بۇيان تەھسىلدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپسىز، مۇنەججىملىك كىتابىنى ئوقۇشقا باشلاپسىزمۇ نېمە؟

— ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغىنىڭىزغا ۋاي، — دېدى دەييۈي قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ھەتتا قالۇن چېلىش رىسالىسىنىمۇ كۆرۈپ باقماپسىز - دە!

— قالۇن رىسالىسىنى نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟ — دېدى باۋيۇي، — بىراق، بۇنىڭدا يېزىلغان خەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئۇقمىدىمغۇ؟ سىڭلىم، سىز ئۇقامسىز؟

— ئۇقمىسام ئوقۇپ نېمە قىلاتتىم؟

— ئىشەنمەيمەن، قالۇن چالغىنىڭىزنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بىزنىڭ قىرائەتخانىدا بىرنەچچىسى ئېسىقلىق تۇراتتى، قايسى يىلى قەدىمخۇمار دېگەن بىر سۇخەنچى موللام كېلىشۈدى، بەگ ئاتام ئۇنى قالۇن چېلىپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ قالۇننى ئېلىپ كۆرۈپ بېقىپ، بۇ بولمايدىكەن، «جانابلىرىنىڭ بۇنىڭغا خاھىشلىرى بولسا، باشقا كۈنى ئۆزۈمنىڭ قالۇننى ئالغاچ كېلىپ مەرھەمەتلىرىدىن ئۆتكۈزەي» دېدى. ئۇ ئاتامنى قالۇن ئۇقمايدىكەن دېدى بولغاي، كېيىن كەلمەي قويدى. شۇنداق ھۈنىرىڭىز بار تۇرۇقلۇق نېمىشقا يوشۇردىڭىز؟

— مەن قاچان قالۇن چېلىشنى بىلىمەن دەپتىمەن؟ — دېدى دەييۈي، — ئۈلۈشكۈن ساقلىقىم بىر ئاز ئوبدان بولۇپ قالغانىدى، كىتاب جاۋىنىدىن كىتاب ئىزدەۋېتىپ، قولۇمغا بىر يۇرۇش قالۇن رىسالىسى چىقىپ قالدى. قارىسام، خېلى قىزىقارلىق ئىكەن، قالۇن توغرىسىدا يېزىلغان قائىدىلىرىمۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك، چېلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئۇقۇشلۇق، قەدىمكى زاماندىكىلەرنىڭ ئۆز كۆڭلىگە ئارام بېرىشى ئۈچۈن يارامىلىق قورال ئىكەن. ياڭجۇدا چېغىمدا بۇنىڭدىن دەرسىمۇ

ئاڭلىغان، بۇنى ئۆگىنىپمۇ باققانىدىم. كېيىن ئېيتىشىپ بەرمىگەچكە ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. «سازنى ئۈچ كۈن چالماپتىكەن، قولغا ئۇنۇپتۇ چېتىن ـ تىكەن» دېگەن گەپ راست ئىكەن. قايسى كۈنى مۇنۇ بىرنەچچە پارچىنى ئوقۇپ باقسام، تېكىستلىرى يوق ئىكەن، پەقەت چېلىنىدىغان كۈيلەرنىڭ ناملىرىلا بار ئىكەن، تېكىست يېزىلغان باشقا بىر پارچىنى تېپىپ ئوقۇغانىدىم، خېلىلا قىزىقىپ قالدىم. زادى قانداق قىلغاندا ياخشى چالغىلى بولىدىكىن، بۇنى بىلىش راستلا تەس ئىكەن. رىسالىدە ئېيتىلىشىچە: شى كۇاڭ① قالۇن چالسا، بوران ـ چاپقۇن، ئەجدىھا ـ سۇمۇرغلارمۇ ساماغا چۈشىدىكەن. كۇڭزى قالۇن چېلىشنى شى شياڭدىن ئۆگەنمەكچى بولۇپ، چېلىشى بىلەنلا خىيالىغا جۇۋېنۋاڭ كەپتىكەن. دېمەك، بىر ـ بىرىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان پاراسەتلىك دوست بولۇش ئۈچۈن قەلبداش... ـــ دەپلا دەييۈي توختاپ قالدى، قاپاقلىرى لىپىلداپ كېتىپ، يەرگە قارىۋالدى.

باۋيۈي راسا زوق بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.

ـــ ئوبدان سىڭلىم، باياتىن بەك قىزىق گەپ قىلىپ بەردىڭىز، رىسالىدە پۈتۈلگەنلەرنى ئۇقمايدىكەنمەن، ماڭا بىر قانچىسىنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، ـــ دېدى باۋيۈي.

ـــ ئۆگىتىشنىڭ هاجىتى يوق، دەپ بەرسىلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ـــ دېدى دەييۈي.

ـــ مەن بولسام بىر گالۋاڭ، ماڭا «چوڭ» دېگەن خەتنىڭ ئۈستىگە بىر كىرتىك سىزىپ، ئارىسىغا «بەش» رەقىمى يېزىلغىنىنى ئۆگىتىپ بېقىڭا.

ـــ «چوڭ»، «توققۇز» دېگىنى سول قولنىڭ چوڭ بارمىقى بىلەن «توققۇزىنچى» پەدىنى باس، كىرتىك ئۈستىگە «بەش»

① شى كۇاڭ ـــ چۈنچيۇ زامانىسىدا جىن پادىشاھلىقىدىكى نەغمىچى؛ شى شياڭ ـــ چۈنچيۇ زامانىسىدا لۇ پادىشاھلىقىدىكى نەغمە ئەمەلدارى. ئېيتىلىشىچە، كۇڭزى شۇنىڭدىن قالۇن چېلىشنى ئۆگەنگەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

رەقىمىنى يازغىنى ئوڭ قول بىلەن «بەشىنچى» تارىنى ئىل دېگىنى. ئۇ خەت ئەمەس، بىر ئاھاڭ، بۇ ناھايىتى ئاسان. ئاندىن يەنە، غۇننە قىلىش، تارىنى ئۇۋۇلاش، ئېلىش، يىغىش، ئۇرۇش، يورغىلىتىش، ئۇچۇرۇش، تۇرتۇش دېگەن ئۇسۇللىرىمۇ بار، بۇلار قولنىڭ ھەرىكەتلىرى.

— ئوبدان سىڭلىم، — دېدى باۋيۇي قىن - قىنىغا پاتماي خۇش بولۇپ، سىز ئۇنىڭ قائىدىسىنى بىلىدىكەنسىز، بىز نېمىشقا ئۆگەنمەيمىز؟

— قالۇن چېلىش مەنئى قىلىنغان، — دېدى دەييۈي، — قەدىمكىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۇچۇن، ئاۋۋال ئۆزىنى ئىگداپ، مىجەز - ئەپئالىنى تەربىيەلەپ، ھاۋايى - ھەۋەسنى تەرك ئېتىپ، ئەيش - ئىشرەتتىن قول تارتقان. قالۇن چالماقچى بولغانلىرىدا، خالىي ئۆي ۋە بەلەن خانىدا، مەسىلەن، راۋاقنىڭ ياكى بالىخانىنىڭ ئۇستىدە، ئورمانىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە ياكى تاغنىڭ چوققىسىدا، يار ئۇستىدە ئولتۇرىدىكەن. ئاندىن ئالەم سۇپسۈزۈك بولغان چاغدا، يورۇق ئايدىڭدا كۆجە كۆيدۈرۈپ، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدە باشقا نەرسىنى ئويلىماي، زېھنىنى يىغىپ، كۆڭلىنى توختىتىپ چالىدىكەن، ئاندىن ئۇ مالائىكىلار بىلەن روھداش ۋە تەرىقەت بىلەن سىرداش بولالايدىكەن. شۇڭا، قەدىمكىلەر: «قەلبداش بولماق تەس» دەپتىكەن. قەلبداش بولماي قالغان تەقدىردە، ئۆزى يالغۇز سالقىن شامالدا يورۇق ئايغا قاراپ، كۆپكۆك قارىغايلىقتىكى غارايىپ تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، مايمۇن ۋە تۇرنىلارغا چېلىپ بېرىپ ئۇلارنى زوقلاندۇرسا، ئاندىن قالۇننىڭ قەدرىنى بىلگەن بولىدىكەن. يەنە بىر شەرتىمۇ بار تېخى: چېكىش ئۇسۇلى ياخشى بولسا، ئاھاڭ يېقىملىق بولۇپ چىقىدۇ. قالۇن چالماقچى بولغاندا، ئازادە - پۈزۈر كىيىنىپ، يەنى پەر - ماموق تون ياكى رەسمىيەت ئېگىنى كىيىپ، بەئەينى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ سىياقىدا بولۇپ، ئاندىن ئەۋلىيانىڭ بۇ ئەسۋابىنى

قولغا ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن قولىنى يۇيۇپ، كۇجە كۆيدۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە، قالۇننى شىرەگە قويۇپ، بەشىنچى مۇقامدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يۇرىكىگە ئۇدۇل كەلتۇرۇپ، ئىككى قولىنى ئازادە تۇتۇش كېرەك. شۇ چاغدا دىل بىلەن تەن راۋرۇس بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاكت - سۇرئىتىنى بىلىپ، كەڭ - كۇشادە ۋە ئەركىن - ئازادە، تۇرقى - سىياقى جەھەتتىن ئىززەتلىك بولۇپ كۆرۈنۈش كېرەك.

— ئەسلىدە مەن قالۇننى ئۆگىنىپ ئوينارمىزمىكىن دېگەنىدىم، مۇشۇنداق رەسمىيەتلىرى بولىدىغان بولسا، بۇ بەك تەس ئىش ئىكەن، — دېدى باۋيۇي.

ئىككىسى شۇنداق پاراڭ سېلىشىۋاتقاندا، زىجۇەن كىرىپ كەلدى:

— غوجام، بۈگۈن ئەجەب خۇشالغۇ سىلى ! — دېدى كۈلۈپ ئۇ.

— دەييۇي سىڭلىم سۆزلەپ - چۈشەندۈرۈپ، كۆڭلى - كۆكسۈمنى ئېچىۋەتكەچكە، گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى باۋيۇي.

— بۇنىڭغا خۇشال بولغانلىقلىرىنى دېمىدىم، بۈگۈن بىزنىڭكىگە كەلگەنلىكلىرىنى دەۋاتىمەن، — دېدى زىجۇەن.

— سىڭلىمنىڭ تاۋى بولمىغاچقا، ئاۋارە قىلىپ قويماي دەپ كەلمىگەن. مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن بولۇپ بۇ يەرگە كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن، سىلەرگە يىراقلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلغان ئوخشايدۇ ...

— خان قىزمۇ ئەمدى ساقايدى، — دېدى زىجۇەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا، — غوجام، بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، خان قىزمۇ ئارام ئېلىۋالسۇن، خان قىزنى سۆزلىتىۋېرىپ هاردۇرۇپ قويمىسىلا.

— ئاڭلاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىڭلىمنىڭ هېرىپ قېلىشىنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ قويۇپ.

— ئاشۇ گەپلەرنى دەپ بەرسەم كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ قالىدىكەن، ھارغىنىمنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى دەييۇيمۇ كۈلۈپ، — بىراق مەن سۆزلەۋەرگىنىم بىلەن، سىز ئۇقالماي قالارسىزمىكىن.

— ئاستا - ئاستا ئۇقۇۋالىمەن. راست، سىڭلىم ئارام ئېلىۋالسۇن، — دەپلا باۋيۇي ئورنىدىن تۇردى، — ئەتە ئۈچىنچى، تۆتىنچى سىڭلىلىرىمغا بېرىپ دەيمەن، ئۇلارمۇ ئۆگىنىپ ماڭا چېلىپ بەرسۇن.

— سىززە، ھۇزۇر ئېلىشقىلا تۇرۇپسىز - دە، — دېدى كۈلۈپ دەييۇي، — ھەممەيلەننى چېلىشنى ئۆگىنىۋالدىمۇ دەيلى، بىراق سىز ئۈچۈن خۇددى كالا ... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلىدىكى ئىشى خىيالىغا كېچىپ، گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئايغىنى دېگۈسى كەلمىدى.

— سىلەر چالالايدىغانلا بولساڭلار مەن زوقلىنىپ ئاڭلايمەن، — دېدى كۈلۈپ باۋيۇي، — مەيلى «كالا - پالا» دېسەڭلار دەۋېرىڭلار.

دەييۇي قىزىرىپ، كۈلۈۋەتتى، زىجۇەن، شۆيەنلەرمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىللە تالاغا چىقتى. چيۇۋېن چۆرە قىزغا بىر تەشتەك خۇشبۇي چېچەكنى كۆتۈرتكۈزۈپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە بىر كىم تۆت تەشتەك خۇشبۇي چېچەك سوۋغات قىلغانىكەن، ئوردىغا كىرىدىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ ئۇنى تاماشا قىلىدىغانغا چولىسى تەگمەپتۇ، شۇڭا باۋيۇي غوجامغا بىر تەشتەك، دەييۇي خان قىزغا بىر تەشتەكنى ئاپىرىپ بېرىڭلار، دەپتۇ.

دەييۇي گۈلگە نەزەر سالغانىدى، بىرقانچە شېخىدا قوشماق غۇنچىلىرى بار ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى - دە، خۇشال بولغىنىدىنمۇ ياكى قايغۇرغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. باۋيۇينىڭ پىكىر - خىيالى قالۇن چېلىشتا بولغاچقا:

— سىڭلىم، خۇشبۇي چېچەككە ئىگە بولدىڭىز، ئەمدى «ئاھ، خۇشبۇي چېچەك» دېگەن ماۋزۇدا بىر غەزەل يېزىپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.

دەييۇينىڭ بۇ گەپتىن كۆڭلى غەش بولدى. ھۇجرىسىغا يېنىپ كىرىپ، گۇلگە قارىغىنىچە ئويغا پاتتى: «گۇل - گىياھلار باھاردا يوپۇرماق چىقىرىپ، چېچەكلەپ ئاينىيدۇ، مېنىڭ يېشىم كىچىك بولسىمۇ، لېكىن كۇز پەسلىدىكى سېرىق سۆگەتكە ئوخشايمەن، ئاقىۋەتتە مۇرادىمغا يېتەلىسەمغۇ بارا - بارا ياخشى بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن، بولمىسا ھۆل - يېغىنغا پايلىماي تۇزۇپ كەتكەن باھار چېچىكىدەك نابۇت بولۇپ كېتىمەن!» خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، دەييۇينىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. بىر چەتتە تۇرغان زىجۇەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «باياتىن باۋيۇي بار چاغدا شۇنچە خۇشال بولغانىدى، ئەمدى گۇلنى بىر ئوبدان تاماشا قىلىۋېتىپ يەنە نېمىدەپ كۆڭلىنى بۇزىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ھېچ سەۋەبىنى تاپالمىدى. ئۇ دەييۇينى قانداق بەزلىسەم بولار دەپ ئامال تاپالماي تۇراتتى، باۋچەي ئەۋەتكەن ئايال كىرىپ كەلدى. ئەمدى نېمە ئىش بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# سەكسەن يەتتىنچى باب

## كۆز شەپىسىدىن تەسىرلەنگەن قىزنىڭ قالۇن چېلىپ ئۆتكەن ئىشتىن ھەسرەتلەنگەنلىكى
## ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مياۋيۈينىڭ خىيالەتتە كۆزگە جىن كۆرۈنگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، دەييۈي باۋچەيىنىڭكىدىن كەلگەن خىزمەتكار ئايالنى چاقىرتىپ كىردى. خىزمەتكار ئايال ئۇنىڭدىن ئېھسانلىك سوراپ، ئاندىن بىر پارچە مەكتۇپ سۇندى. دەييۈي ئۇنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، باۋچەي ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى، ئۇنىڭغا مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

كەمىنە سىڭلىڭىز بىمەھەل تۆرىلىپتىكەنمەن. ئائىلىمىزنىڭ تەقدىرىدە مۇشكۇلچىلىك كۆپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھەمشىرىڭىز پاناھسىز يېگانىمەن، مېھرىبان ئانام ياشىنىپ ماجالىدىن كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىنى بىزار قىلىدىغان غەلۋە ــ غۇدۇر كېچە ــ كۈندۈزلەپ بېسىلمايۋاتىدۇ. بالايىئاپەتمۇ ئارقا ــ ئارقىدىن كېلىپ، داۋالغۇش دەھشىتى ھېچ سېلىكمەيۋاتىدۇ. نىسپىي شەپتىمۇ كارىۋاتتا ئۇيان ــ بۇيان ئۆرۈلىۋېرىپ، غەم ــ قايغۇغا ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ! سىزدەك سىرداشلىرىمنىڭ ماڭا ئېچىنغۇسى كېلەرمۇ؟ يەسىمەن مۇشائىرە جەمئىيىتىمىزنى ئەسلىسەم، باش كۈز پەسلىدە جۈيخار گۈلىگە نەزەر سېلىپ، قىسقۇچپاقا يەپ، بىللە ئويناپ ــ كۈلگەنلىرىمىز كۆز

ئالدىمغا كېلىدۇ. «بىر ئۆزۈملا دەپ جاھاندا كىم بىلەن پىنھانە سەن؟ بارچە گۈل ئېچىلسا، سەنلا كېچىكەرسەن نەچچە ئاي» دېگەن مىسرالار ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئاشۇ سالقىن پەسىلنىڭ خۇشبۇيىنى گويا ئىككىمىزنىڭ مىسالى دەپ لەززەتلەنمەي تۇرالمىدىم! ھەسرەت بىلەن سېغىنغانلىقىمدىن ھېسسىياتىم قوزغىلىپ، تۆت كۇپلېت شېئىر يازدىم. سەۋەبسىز نالە - پەرياد دېمىسىڭىزمۇ، پىغان ئورنىدىكى شېئىر مەنىسىدە دەپ ئىشتىكەيسىز.

ئاھ، پەسىل قاتارلىشىپ ئۆتمەكتە بىرلەپ رەت بىلەن،
كەلدى شۇ كۈز سالقىنى.
ئائىلەمگە كەلدى نەسلىك، ماڭىلا كۈلپەت بىلەن —
سالدى غەم - پىراقنى؛
مېھرىبانىم تۇرسا تۆردە ئۆرتىنىپ ھەسرەت بىلەن
نەدە ئۇنتاي قايغۇنى؟
بولمىدىم جۇدا ئەلەمدىن، يۈرىكىمگە دەرد بىلەن
ئۇردى قايغۇ تىغىنى.

تۇرۇلۇپ قات - قات بۇلۇت كۈز شامىلى سوقتى شۇئان،
ھويلىنى كەزسەم، قىرووۋدىن بوپتۇ ياپراقلار خازان.
كەتتى ئۆتمۈش شادلىقىم مەن نە قىلاي ھالىم يامان!
سىيرىلىپ باغرىم يېنىپ سۇرەلمىدىم ھېچبىر زوۋان!
شەلبى[1] شۇڭغۇپ ئۈزەركەن ئوي - تېرەن سۇدا،
پەرلىرىنى كۆۋرۈكتە يېيىپتۇ تۇرنا.
ئەي، خۇدا! يوقمۇ ئورۇن جاھاندا ماڭا؛
ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق چىقمىدى سادا،
بۇ تۇگىمەس دەردىمنى كىم بىلگەي يانا؟

سامانيولى ئاقاردى جۇدۇن ئۇردى پەنجىنى،

---

[1] شەلبى — بىر خىل بېلىق.

ئايمۇ ئېغىپ، يۆتكىدى تامچە سائەت پەللىنى،
بىدارلىقتىن ئاھ ئۇرۇپ تارتتىم پىغان رەنجىنى،
يولللىدىم ئەي سىردىشىم سىزگە پەرياد دەردىنى.

مەكتۇپنى ئوقۇپ چىقىپ دەيىۇينىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ: «باۋچەي ئاچامنىڭ بۇنى باشقىلارغا ئەۋەتمەي ماڭىلا ئەۋەتىشى، زېرەكنىڭ ھالىغا زېرەك يېتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۇرسە كېرەك» دېگەن خىيال بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇراتتى، تاشقىرىدىن بىر كىمنىڭ:

— دەيىۇي ئاچام ئۆيدىمۇ؟ — دېگىنى ئاڭلاندى.

دەيىۇي باۋچەينىڭ خېتىنى قاتلاپ تۇرۇپ:

— كىم ئۇ؟ — دېيىشىگە، بىرنەچچەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلار تەنچۇن، شىياڭيۈن، لى ۋېن، لى چىلار ئىدى. بىر - بىرىدىن ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن، شۆيەن چاي ئەكەلدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. دەيىۇي ئۇلۇش يىلىدىكى «جۇخار گۈلىگە بېغىشلانغان شېئىر»لارنى ئېسىگە ئېلىپ:

— باۋچەي ئاچام كۆچۈپ كەتكەندىن بېرى ئىككى قېتىملا كەلدى. ئەمدى ئىش چىقىپ قالسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئاجايىپ ئىش - ھە ! مېنىڭچە، ئۇ ئاخىر بىر كۈنى بىزنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىدۇ ! — دېدى.

— نېمىشقا كەلمەيدىكەن؟ — دېدى تەنچۇن تەبەسسۇم بىلەن، — بەرىبىر كېلىدۇ. بىراق، ھېلىقى ئارزۇلۇق يەڭگىسىنىڭ بىرئاز خۇيى بار ئىكەن، ھاممىمىزمۇ ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۆ يەن ئاكىمىز ئىش تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشقا باۋچەي ئاچام قارىشىپ بەرمىسە بولمايدۇ - دە. بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ نەدە بوش ۋاقتى بولسۇن؟

شۇ ئارىدا بىردىنلا غۇرقىراپ شامال چىقىپ، غازاڭلارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ پەنجىرە قەغىزىگە ئۇردى. بىر پەستىن كېيىن



www.uyghurkitap.com

بىر خىل خۇش پۇراق كېلىپ دىماققا ئۇرۇلدى.

— نەدىن كەلگەن خۇش پۇراقتۇ بۇ؟ نېمىنىڭ پۇرىقىكىنە؟ — دەپ سوراشتى باشقىلار.

— دالچىنىنىڭ پۇرىقىدەك قىلىدۇ، — دېدى دەييۈي.

— دەييۈي ئاچام ھەممىشە جەنۇبلۇقلارنىڭ گېپىدىن نېرى كېتەلمەيدىكەن، — دېدى تەنچۈن كۈلۈپ، — توققۇزىنچى ئاي تۇرسا، دالچىن گۈلى نېمىش قىلسۇن!

— شۇنداق! شۇڭا، دالچىن پۇرىقى «ئىكەن» دېمەي، دالچىن پۇرىقى «دەك» قىلىدۇ دېدىمغۇ؟ — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

— تەنچۈن ئاچا، گەپ قىلمايلا قويۇڭ، — دېدى شياڭيۈن، — «چاڭقىپ يەتتى يىراققا نېلۇپەر بۇيى، كۆز پەسلىدە ئېچىلدى خۇش دالچىن گۈلى» دېگەن مىسرالار ئېسىڭىزدە باردۇ؟ مۇشۇ كەمچۇ، جەنۇبتا كەنجى دالچىنىنىڭ راسا چېچەكلەيدىغان ۋاقتى. سىز ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، ئەتە - ئۆگۈن جەنۇب تەرەپكە بېرىپ قالغىنىڭىزدا ئاندىن بىلىسىز.

— جەنۇبقا بارىدىغان نېمە ئىشىم بار ئىدى مېنىڭ؟ بۇنى مەن ئاللىقاچان بىلەتتىم، تاكاللاشمايلا قويۇڭلار، — دەپ كۈلدى تەنچۈن.

لى ۋېن بىلەن لى چى مىيىقىدا كۈلۈشۈپ قويدى.

— سىڭلىم، ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى دەييۈي، — «ئادەم — يەردە يۇرەر پەرىشتە» دېگەن گەپ بار. بۇگۈن بۇ يەردە تۇرساق، ئەتە نەدە تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. ئۆزۈمنى ئالسام، ئەسلىدە جەنۇبلۇق ئىدىم، بۇ يەرگە قانداقچە كېلىپ قالدىم؟

— تەنچۈن ئاچامنى دەيیۈي ئاچام گەپتە تۇتۇۋالدى! — دېدى چاۋاك چېلىپ كۈلگەن پېتى شياڭيۈن، — دەيیۈي ئاچامغۇ جەنۇبتىن بۇ يەرگە كەپتۇ، بىز بىرنەچچىمىزمۇ ئوخشاشمايمىزغۇ، ئەسلىمىزدىن شىماللىقلىرىمىزمۇ بار، تېگىمىز جەنۇبلۇق بولۇپ، شىمالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىرىمىزمۇ،

جەنۇبتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ شىمالغا كەلگەنلىرىمىزمۇ بار. بۇگۈن مانا ھەممەيلەن بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز. دېمەك، ئادەمنىڭ تەقدىردە پۈتۈلگىنى بولىدىكەن. زادىچۇ، زېمىنىمىزمۇ، ئادەمنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا زىرقى ـ نېسىۋىسى بولىدۇ.

قالغانلار بۇ گەپكە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، تەنچۈن كۈلۈپلا قويدى. ئۇلار يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن قوزغىلىشتى، دەييۈي ئۇلارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئۇلار:

— يېڭىلا ئوڭشالدىڭىز، بولدى چىقماڭ، شامال تېگىپ قالمىسۇن يەنە، — دېيىشتى.

دەييۈي گەپ قىلغىنىچە ئىشىكتە تۇرىۋەردى، تۆتىگە يەنە بىرنەچچە ئېغىز ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇلار ھويلىدىن چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى. ھۇجرىسىغا كىرگەندە، چاڭگىسىغا قايتىپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا، ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. شى شياڭيۈن بايا جەنۇبنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قويغاچقا، شۇنى ئويلاپ خىيالغا كەتتى: «ئاتا ـ ئانام ھايات بولسىمۇ كاشكى ... جەنۇبنىڭ مەنزىرىسى، باھار چېچەكلىرى، كۈزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى، گۈزەل تاغ ـ دەريالار، يىگىرمە تۆت كۆۋرۈك①، ئالتە سۇلالىنىڭ يادىكارلىقلىرى ... نۇرغۇن خىزمەتكارلار خىزمىتىمنى قىلاتتى، ھەممە ئىش ئۆز خاھىشىم بىلەن بولاتتى، گەپ ـ سۆزدە قورۇنۇپمۇ قالمايتتىم ... ئېسىل مەپە ۋە نەقىشلىك كېمە، قىزىل گۈللىرى چاقناپ تۇرىدىغان كۆك پەردە ـ كېشەك بولاتتى. مەنلا ئەتىۋارلىق ئۆتەتتىم ... ئەمدىچۇ، خەقنى پاناھ تارتىپ كېلىپ كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالدىم. بۇلار ھالىمدىن كۆپ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ،

① ياڭجۇ (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى جياڭدۇ ناھىيەسى) دىكى غەربىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدا يىگىرمە تۆت كۆۋرۈك بارمىش، بەزىلەر، بۇ بىر كۆۋرۈك بولۇپ، «يىگىرمە تۆت كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلىدۇ دېسە، بەزىلەر، راست يىگىرمە تۆت كۆۋرۈك بار، دەيدىكەن.

ھەممە جەھەتتىن ئېھتىيات قىلمىسام بولمايدۇ ... بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق غېرىبچىلىق تارتقۇدەك بۇرۇن نېمە گۇناھ قىلغانىدىمكىنتاڭ! مېنىڭ ھالىم خۇددى لى يۈي خانىنىڭ① «مۇشۇ كەمدە ھەر كۈنى يۈزۈمنى كۆز يېشىم بىلەن يۇماقتىمەن» دېگىنىدەك بولۇپ قالدى. ئاھ!» ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

زىجۇەن كىرىپ ئۇنىڭ بۇ ئەۋزايىنى كۆردى ـ دە، بايا جەنۇب بىلەن شىمال توغرىسىدا بولغان گەپلەر دەيىيۈينىڭ يۈرىكىگە تەگدى بولغاي، دەپ ئويلاپ:

خان قىزلار كېلىپ پاراڭ بىلەن ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغاچقا ھېرىپ قاپسىز ـ دە. مەن شۆيەننى، ئاشخانىغا بېرىپ ئېيتىپ قوي، خان قىزغا بەسەي سېلىنغان چامبۇن شورپىسىدىن بىر چىنە ئېتىپ بەرسۇن، ئۇنىڭغا ئازراق راك تىرنىسى، ئاز ـ تولا بامبۇك نوتىسى، پالەك سېلىۋەتسۇن، دەپ بۇيرۇۋەتتىم. خان قىز، ئوبدان بوپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بوپتۇ، — دېدى دەيىيۈي.

— تۇتىشاڭغۇ گۈرۈچتىن ئازراق شوۋىگۈرۈچمۇ قاينىتىپ قويسۇن، دېدىم، — دېدى زىجۇەن يەنە.

دەيىيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— شوۋىگۈرۈچنى ئاشخانىدا ئۇلارغا قايناتقۇزماي ئىككىڭلار قايناتساڭلار بولاتتى، — دېدى.

— ئاشخانىدا قايناتسا پاكىز بولماي قالمىسۇن دەپ ئۆزىمىز قايناتماقچى بولدۇق. ليۇ يەڭگە شورپىنى پاكىز ئېتىپ بەرسۇن دەپ شۆيەندىن گەپ ئېيتىپ بېرىۋىدىم، ليۇ يەڭگە: كېتىدىغان ھەممە خۇرۇچلىرىنى تەخ قىلىپ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ، ئۆزۈم قاراپ تۇرۇپ ۋۇئېرگە ئەتكۈزىمەن دەپتۇ، — دېدى زىجۇەن.

---

① جەنۇبىي تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى لى يۈي دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ ئۆزى ئەسىرگە چۈشكەندە، ھەرەم قىزلىرىغا يازغان خېتىدە ئاشۇ سۆزلەرنى دېگەنىكەن.

— ئۇلارنى مەينەت كۆرۈۋاتقىنىم يوق. ئاغرىپ قالغىنىمغا ئۇزاق بولۇپ قالدى، كەم ـ كوتىلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار قارىشىپ بەردى. ئەمدى يەنە شورپا ـ شوۋىگۇرۇچ دەپ جورۇتۇۋېرىپ، خەقنى ئۆزۈمدىن بىزار قىلىپ قويماي دېمەن، — دەپلا دەبيۇينىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش ئەگىدى.
— خان قىز، بۇ گېپىڭىز ئوشۇقچە گەپ بولۇپ قالدى، — دېدى زىجۇەن، — سىز دېگەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قىز نەۋرىسى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ جانجىگىرى. باشقىلار سىزگە ياخشى كۆرۈنسەك دەپ پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن يەردە، سىزدىن ئاغرىنامتى؟
دەبيۇي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يەنە:
— ھېلى سەن گېپىنى قىلغان ۋۇئېر دېگەن قىز باۋيۇي غوجامنىڭ ھۇجرىسىدىكى فاڭگۇەن بىلەن بىر يەردە تۇرغان ھېلىقى قىز شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھەئە، شۇ.
— ئۇنى باغقا خىزمەتكە كىرىدىغان بولدى دېگەندەك قىلىۋىدىغۇ؟
— شۇنداق بولماقچىدى، — دېدى زىجۇەن، — ئۇ بىر مەزگىل ئاغرىپ قالدى، كېيىن ساقىيىپ، كىرمەكچى بولغىنىدا چىڭۋېنلارنىڭ چاتىقى بىلەن يەنە كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتكەن.
— ئۇ تەق ـ تۇرقىدىن خېلى پاكىز قىزدەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى دەبيۇي.
شۇ ئەسنادا تاشقىرىدىن خىزمەتكار ئايال شورپىنى ئەكىردى. شۆيەن چىقىپ شورپىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋاتقاندا، خىزمەتكار ئايال:
— ليۇ يەڭگەم: شورپىنى ئاشخانىدا ئەتسەم خان قىزنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ ۋۇئېرگە ئەتكۈزدۇم، خان قىزغا مەلۇم قىلىپ قويغىن، دەپ تاپىلىدى، — دېدى.
شۆيەن «ئۇقتۇم» دەپ قويۇپ شورپىنى ئەكىردى. دەبيۇي

تالادا بولغان گەپلەرنى ئىشىتكەنىدى، شۇڭا شۆيەنگە جىكىپ:

— چىقىپ ئۇ ئايالغا دىگىن، قايتىپ بېرىپ ليۇ يەڭگىگە ئېيتسۇن، ئاۋارە قىپتۇق، رەھمەت — دىدى.

شۆيەن چىقىپ دەييۈينىڭ گېپىنى خىزمەتكار ئايالغا يەتكۈزدى، خىزمەتكار ئايال قايتىپ كەتتى.

شۆيەن دەييۈنىڭ چىنە - چوكىلىرىنى كىچىك شىرەگە تىزدى، ئاندىن:

— بىزنىڭ جەنۇبتىن كەلتۈرۈلگەن دورا - دەرمەكلىك ئاچا سەيدىنىمۇ بار، ئازراق كەندىر يىغى بىلەن ئاچچىقسۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئەكىرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ماقۇل، بىراق بەكمۇ ئاۋارە بولۇپ كەتمىگىن، — دىدى دەييۈي.

شۆيەن دەييۈيگە شوۋىگۈرۈچتىن ئۇسۇپ بەردى، دەييۈي يېرىم چىنىلا ئىچىپ، شورپىدىن ئىككى قوشۇق ئوتلاپلا بولدى قىلدى. ئىككى چۆرە قىز قاچا - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ، شىرەنى سۈرتۈپ ئاچىقىۋېتىپ، يەنە ھەمىشە قويىدىغان كىچىك شىرەنى قويۇپ قويدى. دەييۈي ئاغزىنى چايقاپ قولىنى يۇدى، ئاندىن:

— زىجۈەن، كۈجە سالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مانا ھازىر سالىمەن، — دىدى زىجۈەن.

— شورپا بىلەن شوۋىگۈرۈچ خېلى تەملىك ھەم پاكىز ئىكەن، ئۇنى ئىچىۋېتىڭلار، كۈجىنى ئۆزۈم سالاي، — دىدى دەييۈي.

ئۇلار ماقۇل دېيىشىپ، تاشقىرىقى ئۆيگە غىزالىنىشقا چىقىپ كەتتى.

دەييۈي كۈجىنى سېلىپ بولۇپ، كىتابتىن بىرنى ئېلىپ كۆرەي دەپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا باغدا گۈركىرەپ شامال كۆتۈرۈلدى، غەربتىن ئۇدۇل شەرققە سوققان شامالدىن دەل - دەرەخلەر توختىماي شالدىرلاپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

پېشايۋانغا ئېسىقلىق قوڭغۇراقمۇ شامالدا «جاراڭ ـ جۇرۇڭ» قىلىپ كەتتى.

شۆيەن غىزالىنىپ بولۇپ، دەيىۋىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەندە، دەيىۋي ئۇنىڭدىن:

ــ ھاۋا سوغۇق بولۇپ قالدى، ئۇلۇشكۇن ھېلىقى موينا ئېگىنلىرىمنى يېيىپ قويۇڭلار دېگەنىدىم، يايغانىمىدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەممىسىنى يېيىپ بولغان، ــ دېدى شۆيەن.

ــ بىرىنى ئەكىرگىن، يېپىنىۋالاي، ــ دېدى دەيىۋي.

شۆيەن چىقىپ موينا كىيىملەر ئورالغان بوغجۇمىنى ئەكىردى ۋە يېشىپ دەيىۋيگە تۇتۇپ بەردى. بوغجۇمىنىڭ ئىچىدە دۇردۇن تۇگۇنچەك كۆرۈندى، دەيىۋي ئۇنى ئېلىپ ئېچىپ قارىۋىدى، باۋيۈي كېسەل بولۇپ قالغاندا ئەۋەتكەن كونا ياغلىق ئىكەن. ياغلىقتا ئۆزى پۈتكەن شېئىر ۋە تۆككەن ياش داغلىرى ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە قايچىدا قىيىۋېتىلگەن ئىپار قاپچۇقى، يەلپۈگۈچ قاپچۇقى ۋە باۋيۈينىڭ ھېكمەتلىك قاشتېشىنىڭ پۆپۈكلىرى ئورالغانىدى. بۇ نەرسىلەر كىيىم ـ كېچەكلەرنى يېيىش ۋاقتىدا ساندۇقتىن چىققاچقا، زىجۇەن يوقىلىپ كەتمىسۇن دەپ مۇشۇ بوغجۇمىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويغانىدى.

دەيىۋي بۇنى كۆرمىسىغۇ بولغان، كۆرگەندىن كېيىن قايسى كىيىمنى كىيىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتماي، ئىككى قول ياغلىقنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى كونا شېئىرلارغا تىكىلىپلا قالدى. بىر پەس قارىغاندىن كېيىن، كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش قۇيۇلدى. زىجۇەن تاشقىرىقى ئۆيدىن كىرىپ قارىسا، شۆيەن بىر بوغجۇما كىيىم ـ كېچەكنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە بىر چەتتە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپتۇ، كىچىك شىرەدە قايچىلانغان ئىپار قاپچۇقى، پارە ـ پارە قىلىۋېتىلگەن يەلپۈگۈچ قاپچۇقى ۋە قىيىپ تاشلانغان پۆپۈكلەر تۇراتتى. دەيىۋي قولىدا ئىككى دانە نىمكەش قول ياغلىقنى

تۇتقىنچە ياغلىقتىكى خەت ئىزلىرىغا قاراپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى. بەئەينى شۇنداق بوپتۇكى:

نائۇمىدكە دۇچ كېلىپتۇ نائۇمىدلىك كۆلىپتى،
يېڭى دەرد پەيدا قىلىپتۇ كونا دەردنىڭ زەخمىتى.

بۇ ھالنى كۆرگەن زىجۇەن ئۇنىڭ ياغلىققا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى پەملەپ، نائىلاج كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خان قىز، بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ نېمىمۇ قىلاتتىڭىز؟ بۇ ئاشۇ يىللىرى باۋيۈي غوجام بىلەن سىز بىر تۇرۇپ ئەپلىشىپ، بىر تۇرۇپ ماي تارتىشىپ يۈرۈشكەن كىچىك چاغلىرىڭىزدا قىلغان كۈلكىلىك ئىشلار. ئەگەر ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ئىززەت ـ ئابرۇيىڭلارنى قىلىشقان بولساڭلارغۇ بۇ نەرسىلەر بىكارلا نابۇت بولۇپ كەتمەس ئىدى! — دېدى.

زىجۇەن بۇ گەپلەرنى دەييۈينىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن قىلغانىدى، كۈتۈلمىگەن يەردىن بۇ گەپ دەييۈيگە يېڭى كەلگەن چاغدا باۋيۈي بىلەن بولغان كونا ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئەسلىتىپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن ئۈنچىدەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— شۆيەن سىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ، كىيىمدىن بىرنى ئېلىپ يېپىنىۋالسىڭىز، — دېدى زىجۇەن ئۇنى سۆيلەپ.

دەييۈي شۇندىلا ياغلىقنى تاشلاپ قويدى، زىجۇەن دەررۇ ئىپار قاپچۇقى قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئاچىقىپ كەتتى.

دەيىيۈي جۇۋىدىن بىرنى يېپىنچاقلاپ، غەمكىن ھالدا تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ ئولتۇردى. قايرىلىپ قارىشىغا، تېخىچە ئۈزۈنچاق شىرەدە يىغىشتۇرۇۋېتىلمەي تۇرغان باۋچەينىڭ نەزمىسىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، ئۇنى قايتا قولىغا ئېلىپ يەنە

www.uyghurkitap.com

ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا: «كەچۈرمىشلىرىمىز ئوخشاش بولمىغان بىلەن، دەرد ـ مۇڭىمىز بىر ئىكەن. مەنمۇ نوتىغا سېلىپ، سازنى تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشقا بولىدىغان تۆت كۇپلېت شېئىر يازاي، ئۇنى ئەتە مۇشائىرە سورۇنىدە كۆچۈرۈپ ئەۋەتىپ بېرەي» دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇيەنگە تاشقىرىدىكى شىرەدە قويۇقلۇق قەلەم ـ دۇۋەتنى ئەكىرگۈزدى ۋە سىياھ ئېزىپ، قەلەم يۇگۈرتۈپ تۆت كۇپلېت شېئىر يېزىپ چىقتى. ئاندىن نوتا رىسالىسىنى ۋاراقلاپ «يىلەن»، «سىشيەن» دېگەن ئىككى ئاھاڭنى لايىق تېپىپ، شۇنىڭ ۋەزنىگە سالدى. ئۆزى يازغان ئىككى شېئىرنى ئۇنىڭغا چۈشۈردى. ئاندىن كۆچۈرۈپ چىقىپ، باۋچەيگە ئەۋەتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويدى. شۇيەننى چاقىرىپ ساندۇقتىكى ئۆزى ئالغاچ كەلگەن قىسقا قالۇننى ئالدۇردى. تارلىرىنى تەڭشەپ چېلىشنى بىر قۇر مەشىق قىلدى. دەييۈي ناھايىتى زېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جەنۇبتىكى ۋاقتىدا بىر مەزگىل قالۇن چېلىشنى ئۆگەنگەنىدى، گەرچە قولى چېلىشتىن چىقىپ قالغان بولسىمۇ، چېلىشنى بىلەنلا قولى كېلىپ قالدى. ئۇ شۇ تەرىقىدە بىر پەس چالدى. كېچىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، ئاندىن زىجۈەننى چاقىرىپ ئورۇن سالدۇرۇپ، ئۇخلاشقا ياتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

باۋيۈيگە كەلسەك، ئەتىگىنى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ ـ تارانغاندىن كېيىن، بېيمىڭنى ئەگەشتۇرۇپ كۇتۇپخانىغا كېتىۋاتاتتى. مويۈي قاقاھلاپ كۈلگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

ـــ غوجام، بۈگۈن سىلىگە ئىش ئوڭدىن كەلدى ! خەلپەت بېگىم كۇتۇپخانىغا كەلمىدى، ھەممەيلەننى ئازاد قويۇپ بەردى، ـــ دېدى.

ـــ راستىمۇ؟ ـــ دېدى باۋيۈي.

— چىنپۇتمىسلە، ئەنە ئۇچىنچى غوجام بىلەن جيا لەن غوجاممۇ قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مويۇي.

باۋيۇي قارىغۇدەك بولسا، راست دېگەندەك جيا خۇەن بىلەن جيا لەن مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كۈلۈشكىنىچە چۇرۇقلىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇلار ئۇدۇل كەلگىنىچە باۋيۇينى كۆرۈپلا قوللىرىنى سېلىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئىككىڭلار نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي.

— بۈگۈن خەلپەت بېگىمنىڭ ئىشى چىقىپ قاپتىكەن، بىر كۈن قويۇپ بەردى، ئەتە بارىدىكەنمىز، — دېدى جيا خۇەن.

بۇنى ئاڭلىغان باۋيۇي كەينىگە يېنىپ، جيا ئانا بىلەن جيا جېڭنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۇلارنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويدى، ئاندىن ئارامبەخش ھويلىغا قايتىپ كەلدى.

— نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى شىرېن.

باۋيۇي ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە سەل ئولتۇرغاندىن كېيىن تالاغا مېڭىۋىدى، شىرېن:

— نېمانچە ئالدىراش، نەگە ماڭدىڭىز؟ مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، مېڭىڭىزنى دەم ئالدۇرسىڭىز بولاتتى، — دېدى.

باۋيۇي قەدىمىنى توختىتىپ بېشىنى ساڭگىلاتتى-دە:

— گېپىڭىز توغرا، بىراق ئاران بىر كۈن قويۇۋەتكەندە ئايلىنىپ كەلمىسەم بولامدۇ؟ ماڭا ئازراق ئىچىڭمۇ ئاغرىسۇن، — دېدى.

— ئەمىسە ئىختىيارىڭىز، — دېدى باۋيۇينىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرگەن شىرېن تەبەسسۇم بىلەن.

شۇ ئارىدا غىزا كېلىپ قالدى، باۋيۇي ئامالسىز غىزاغا ئولتۇردى ۋە ھاپىلا-شاپىلا يەپ بولۇپلا، ئاغزىنى چايقاپ، دەييۇينىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى. ئىشىك

ئالدىغا كەلگەندە، شۆيەننىڭ ھويلىدا ياغلىق يېيىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— خان قىز غىزالاندىمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي شۆيەندىن.

— ئەتىگەن يېرىم چىنە شوۋىگۈرۈچ ئىچكەنىدى، — دېدى شۆيەن، — غىزاغا كۆڭلى تارتماي، شۇ تاپتا مۈگدەپ قالدى، غوجام، ئۆزلىرى باشقا ياقلارنى چۆرگۈلەپ، ئاندىن كېلەرلا.

باۋيۈي نائىلاج كەينىگە ياندى. ئۇ بارار يېرىنىڭ تايىنى يوق تۇراتتى، شىچۈننى كۆرمىگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغانلىقى بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، چاكاندىزار ئايۋان تەرەپكە بەخۇدۇك قەدەم تاشلىدى. پەنجىرە تۈۋىگە كېلىپ قاراپ باقتى، ئۆيئىچى جىمجىت، ئادەمنىڭ ھېچقانداق شەپىسى يوق ئىدى. باۋيۈي ئۇنىمۇ چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئوخشايدۇ دەپ چاغلاپ كىرىشنى ئەپ كۆرمىدى. كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، ھۇجرىدىن قانداقتۇر غوڭۇلدىغاندەك بىر ئاۋاز ئارانچە ئاڭلىنىپ قالدى. باۋيۈي ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ يەنە قۇلاق سالدى، خېلىدىن كېيىن يەنە «تاك» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، باۋيۈي نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي تۇراتتى، بىرەيلەننىڭ:

— بۇ يەرگىمۇ بىر ئۇرۇق يۇردىڭىز، بۇ ياقنى توسىمامسىز؟ — دېگىنى ئاڭلاندى.

باۋيۈي شۇندىلا ھۇجرىنىڭ ئىچىدە قورشام دامكا ئوينىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى، لېكىن گەپ قىلىۋاتقان كىم ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن شىچۈننىڭ ئاۋازىنى پەرق ئەتتى:

— نېمىدىن قورقاتتىم؟ مۇنداق يېسىڭىز، مانا مۇنداق توسۇيمەن، ئۇنداق يېسىڭىز، مەنمۇ ئۇنداق توسۇيمەن. بىر قەدەم كېيىن قالغىنىم بىلەن، ئاخىر يېتىشىۋالىمەن.

ئارقىدىن ھېلىقى كىشى يەنە:

— مۇنداق يېسەمچۇ؟ — دېۋىدى، شىچۈن:

— ۋىيەي! بۇيەردىن بىر يوچۇق ئېچىلىپ قاپتىكەن

ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى.

باۋيۇيگە بۇ ئاۋاز ناھايىتى تونۇشتەك ئاڭلاندى، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئاۋازى ئەمەس ئىدى. ئۇ شىچۈننىڭ ھۇجرىسىدا يات ئادەم يوق دەپ ئويلاپ، مىلەڭزىنى ئاستاغىنا قايرىپ كىردى، قارىسا، ئۇ كىشى باشقا بىرسى ئەمەس، يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدىكى «بوسۇغا سىرتىدىكى ئادەم» مياۋيۇي ئىكەن. باۋيۇي ئۇنى كۆرۈپ، دىققىتىنى بۆلگۈسى كەلمىدى. شۇ تۇرقىدا مياۋيۇي بىلەن شىچۈن پۈتۈن زېھنىنى بىر يەرگە يىغىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشمىغانىدى. باۋيۇي بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى كۆزەتتى. مياۋيۇي دامىكىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ:

— سىزگە ماۋۇ بۇلۇڭ كېرەك ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىشقا كېرەك ئەمەس ئىكەن؟ — دېدى شىچۈن، — ئۇ يەردىكى ئۇرۇقلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈك ئۇرۇقلار، نېمىدىن قورقاتتىم؟

— پوچىلىق قىلماڭ، سىنىشىپ باقايلى، — دېدى مياۋيۇي.

— ھېلى بىر يېڭىلى تۇرىمەن، تويىسىز، — دېدى شىچۈن.

مياۋيۇي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، چەتتىكى ئۇرۇقتىن بىرنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ يېڭىلى تۇرۇۋىدى، شىچۈننىڭ ئالدىدىكى بىر بۇلۇڭنىڭ ئۇرۇقلىرى يېيىلىپ تۈگىدى.

— مانا بۇنى «ئۆتۈكنى تەتۈر سالدۇرۇش ئۇسۇلى» دەپ ئاتايمىز، — دەپ كۈلدى مياۋيۇي.

— شىچۈن بىر نېمە دېگۈچە، ياندا تۇرغان باۋيۇي ئۆزىنى تۇتالماي قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، بۇنىڭدىن ئىككىسى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ قىلىقىڭىزنى نېمە دېسە بولار؟ — دېدى شىچۈن، — كىرگەندە زۇۋانمۇ سۈرمەي ئادەمنى ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىزا! قاچانلاردا كىرگەنىدىڭىز؟

— كىرگىلى خېلى بولغان، قارىسام، ئىككىڭلار بىر بۇلۇڭنى

www.uygurkitap.com

تالىشىۋېتىپسىلەر، — دېدى باۋيۇي ۋە مياۋيۇيگە سالام بېرىپ، كۆلگەن پېتى ئۇنىڭدىن سورىدى، — مياۋيۇي بۇۋى، ئېتىكاپتىن ئانچە چۇشىمەيتتىڭىز، بۇگۇن ئادەمزات ئارىسىغا چۇشۇشكە قانداق نېسىپ بولغاندۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مياۋيۇي ھۇپپىدە قىزىرىپ، جاۋابمۇ بەرمەي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دامكىغا قارىۋالدى. باۋيۇي ئۆزىنىڭ قارامىلىق قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، ئالمان ـ تالمان ھىجايدى ۋە:

— تەركىدۇنيا كىشىلەرنى بىزدەك ئەھلىدۇنيا چاكىنىلىرىغا ئوخشاتقىلى بولمايدىكەن. بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تەسكىن بولىدىكەن، كۆڭلى تەسكىن بولسا، ھوشيار بولىدۇ، ھوشيار بولسا، زېھنىلىك ...

باۋيۇينىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگمەيلا، مياۋيۇي باۋيۇيگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىۋالدى، رەڭگىرويىدىمۇ بارا ـ بارا قىزىللىق ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ئۇ سىنەكمەي قويغاچقا، باۋيۇي خىجىل بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

شىچۇن يەنە ئۇرۇق يۇرمەكچى بولۇۋىدى، مياۋيۇي بىر پەستىن كېيىن:

— قېنى يۇرۇڭ، ئەمسە! — دېدى ۋە ئورنىدىن قوپۇپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۇرۇپ، باشقىدىن ئولتۇردى.

— نەدىن كېلىشىڭىز، — دەپ خىيالىغا كەلگىنىچە سوراپ قويدى ئۇ باۋيۇيدىن. باۋيۇي بايا دېگەن گېپىنى چۇشەندۇرۇپ قويۇش مەقسىتىدە، مياۋيۇينىڭ گەپ تېشىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۇتۇپ تۇراتتى، لېكىن بىردىنلا يەنە «بۇ مياۋيۇينىڭ مەنىلىك گېپى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەپ ئويلىدى ـ دە، قىزىرىپ كېتىپ جاۋاب بېرەلمەي قالدى. مياۋيۇي مىيىقىدا كۇلۇپ قويۇپ، شىچۇن بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردى.

— ئاكا، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش تەس ئەمەسقۇ؟ — دېدى شىچۇن كۇلۇپ، — خەقلەرنىڭ دائىم «كەلگەن يېرىمدىن

كەلدىم» دەيدىغان سۆزلىرىنى ئىشتىمىگەنمىدىڭىز؟ خۇددى يات ئادەمنى كۆرگەندەك، شۇ گەپكىمۇ قىزىرىپ كېتىدىكەنسىز!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مياۋيۈي ئۆز ماكانىنى ئېسىگە ئالدى ۋە كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى ـ دە، خىجىل بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـــ كەلگىنىمگە خېلى ۋاق بولۇپ قالدى، ئەمدى ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېتەي، ـــ دېدى ئۇ.

شىچۈن مياۋيۈينىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئولتۇرۇشقا كۆپ زورلىماي، ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ باردى.

ـــ بۇ ياقلارغا ئۆتمىگىنىمگە ئۇزۇن بولدى، يوللارمۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئىكەن، قايتقۇچە ئادىشىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، ـــ دەپ كۈلدى مياۋيۈي.

ـــ ئەمىسە، مەن يول باشلاپ ماڭسام قانداق دەيسىز؟ ـــ دېدى باۋيۈي.

ـــ ئەرزىمەيتتى! ئەمىسە، مەرھەمەت قىلسىلا، ـــ دېدى مياۋيۈي.

ئۇلار ئىككىسى شىچۈن بىلەن خوشلىشىپ، چاكاندىزار ئايۋاندىن چىقتى، ئەگىپ ـ چۆرگۈلەپ يۈرۈپ، بامبۇكزار سارايغا يېقىن قالغاندا بىردىنلا «تىرىڭ ـ تىرىڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ـــ نەدە چېلىنىۋاتقان قالۇنكىنە بۇ؟ ـــ دېدى مياۋيۈي.

ـــ سىڭلىم لىن دەييۈي چېلىۋاتسا كېرەك، ـــ دېدى باۋيۈي.

ـــ ئۇمۇ ساز چېلىشنى بىلەمتى؟ ئۇنىڭ بۇنداق ھۈنىرى بارلىقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن! ـــ دېدى مياۋيۈي.

باۋيۈي دەييۈي ھەققىدە ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپ:

ـــ كىرىپ يوقلاپ چىقايلى، ـــ دېدى.

ـــ قەدىمدىن تارتىپ ساز ئاڭلىغۇچى بولسا بولغانكى، سازنى كۆرگۈچى بولۇپ باقمىغان، ـــ دېدى مياۋيۈي.

www.uyghurkitap.com

— شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى چاكىنا ئادەم دەيمەن ئەمەسمۇ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ كېتىپ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار بامبۇكزار سارايىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، سۇئىي تاغدا تاشنىڭ ئۈستىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ قۇلاق سالدى. مۇزىكا ئۇلارغا شۇنچىلىك يېقىملىق تۇيۇلدى. بىر ئاز ئۆتۈپلا لەرزان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

سوقتى ۋىژىلداپ شامال كەلدى كۈز پەسلى يېتىپ،
كۆيلىدى ساھىبجامال غەمگە يېگانە پېتىپ.
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى دەيدۇ يۇرتۇم قايدا سەن؟
يىغلىدى يانداپ قاشا ئېتىكىنى نەم ئېتىپ.

بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ، يەنە كۆيلىدى:

خويمۇ يىراقكەن بۇ تاغ، تېخى دەريا بىپايان،
تولۇن ئاينىڭ شولىسى بولدى روجەكتە ئايان.
قاقمىدىم كىرپىك پەقەت ئۆچكىچە سامانيولى،
شايى كۆڭلىكىم نېپىز تەگدى سالقىن شۇ ھامان.

كۆيلىگۈچى يەنە دېمىنى ئالدى.

— بايا «سې» قاپىيەسى بىلەن بىرىنچى كۇپلېتنى ئېيتقانىدى، ئەمدى «ئان» قاپىيەسى بىلەن ئىككىنچى كۇپلېتنى ئېيتتى. يەنە ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى مياۋيۇي.

ئىچكىرىدىن يەنە ناخشا ئاۋازى كەلدى:

سەرگۈزەشتىڭدىن بىلىندى ئىختىيارلىق سەندە يوق،
غەم ـ ئەلەمنىڭ كۆپلۈكىدىن دىل ئاراملىق سەندە يوق.
سەن بىلەن مەنمۇ ئەزەلدىن كۆڭلىمىز ئوخشاش ئىكەن،
ئەسلىسەم قەدىمكىلەرنى ھېچ خاتالىق مەندە يوق.

— بۇ يەنە باشقىچە ۋەزىن بولدى. ئۇنىڭ غەمكىن خىيالى نېمىدېگەن چوڭقۇر - ھە ! — دېدى مىياۋيۈي.

— مەنمۇ چۈشەنمىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا تولىمۇ ھەسرەتلىك بولۇپ تۇيۇلدى، — دېدى باۋيۈي.

ئىچكىرىدىن پەدە تەڭشەۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بوم تارىنى بەك ئېگىز تەڭشىۋەتتى. قەۋس ناۋاسىغا① چۈشمەي قالارمىكىن، — دېدى مىياۋيۈي.

ناخشا يەنە باشلاندى:

بۇ جاھانغا يارىلىشتا ئەسلى ئىنسان خاك ئىكەن،
ئادەمزات ھەم پەلەكنىڭ قىسمىتى شۇنداق ئىكەن.
ئەسلى قىسمەت بولسا شۇنداق بولمىغاي غەمدىن خالاس،
كۆكتىكى ئاينىڭ مىسالى بەلكى ئاق كۆڭلۈمگە خاس.

بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ مىياۋيۈينىڭ رەڭگى بىردىنلا تاتاردى.

— ۋىيەي، نېمىشقا ئۇشتۇمتۇتلا ئېگىز ئاھاڭغا يۆتكىۋەتتىكىنە، ئاۋازىمۇ چىرقىراپ كېتىۋاتىدۇ ! بەك ئېگىز بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

— ئېگىز بولسا نېمە بولىدۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

— ئۇزۇن داۋام قىلدۇرالماي قالارمىكىن، — دېدى مىياۋيۈي.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، «تىرىڭ !» قىلىپ بوم تارىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى ئاڭلاندى. مىياۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالمان - تالمان ماڭدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— كېيىن بىلىپ قالىسىز، سىزمۇ تولا گەپ قىلىۋەرمەڭ، — دەپلا مىياۋيۈي كېتىپ قالدى.

---

① قەۋس ناۋاسى — ئون ئىككى خىل ناۋادىن بىرسى. قەدىمكى دەۋردە بۇ ئون ئىككى ئايغا نىسبەت قىلىنىپ، قەۋس ناۋاسى توققۇزىنچى ئايغا بېغىشلىناتتى.

باۋيۇيىنىڭ كۆڭلىگە بىرمۇنچە گۇمان تۈگۈلۈپ، كەيپى چۈشكۈن هالدا ئارامبەخش هويلىغا قايتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالغاي.

ئەمدى گەپنى مياۋيۇيدىن ئاڭلىغايسىز. ئۇ ئىبادەتخانىغا قايتىپ بارغاندا، دەرۋىش بۇۋى ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى، مياۋيۇي ئىشىكنى تاقىتىپ بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، «ئېتىكاپ دۇرۇتنامىسى»نى بىر قۇر ئوقۇدى. كەچلىك غىزادىن كېيىن كۈجە كۆيدۈرۈپ، بۇدساتۋاغا چوقۇندى، دەرۋىش بۇۋىنى ئارام ئېلىڭ، دەپ چىقىرىۋەتتى. مياۋيۇينىڭ ئېتىكاپ كارىۋىتىدا يۆلەنچۈكى تەخلەپ قويۇلغانىدى. ئۇ پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى، باداشقان قۇرۇپ، پاسىق خىياللاردىن خالاس بولۇپ، چىن ئىخلاس بىلەن ھەقىقەتكە يۈزلەندى. ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئۆتكەندە ئۆگزىدىن گۈپۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئوغرى چۈشكەن ئوخشايدۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن، كاتتىن چۈشۈپ ئايۋانغا چىقتى. بىپايان كۆكتە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئاسماندا ئاي تىنىق سۇدەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. هاۋامۇ ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇراتتى، بىردىنلا ئۆگزىدىن ئىككى مۈشۈكنىڭ ئاغىل - تاغىل مىياڭلىغىنى ئاڭلاندى.

مياۋيۇي بىردىنلا باۋيۇينىڭ كۈندۈزى قىلغان گېپىنى ئەسلەپ، يۈرىكى پوكۇلداپ، قۇلىقى قىزىشقا باشلىدى. ئۇ دەرھال ھوشىنى يىغىپ ئېتىكاپخانىغا يېنىپ كىردى - دە، بايىقىدەك ئېتىكاپقا ئولتۇردى. لېكىن، پىكرى چېچىلدى، گويا تۈمەن تۇلپار بەيگىگە چۈشكەندەك ھەر يان چاپقىلى تۇردى، كات چايقىلىۋاتقاندەك، ئۆزىمۇ ئىبادەتخانىدا ئەمەستەك تۇيۇلدى. گويا بىرمۇنچە بەگزادە - بايۋەچچىلەر ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندەك، بىر تۈرۈپ سوچى دەللەلەر ئۇنى سۆرەپ تارتىشتۇرۇپ مەپىگە چىقىرىۋاتقاندەك، ئۆزى بولسا ئۇنىمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ



www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئوغرى ـ قاراقچىلار ئۇنى بۇلىغىلى كېلىپ، قىلىچ ـ توقماقلار بىلەن زورلاۋاتقاندەك بولدى ـ دە، «قۇتۇلدۇرۇڭلار» دەپ يىغلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى.
ئۇنىڭ داد ـ پەريادىدىن ئىبادەتخانىدىكى راھىبە ـ بۇۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ، چىراغلارنى كۆتۈرۈشكەن پېتى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى. مياۋيۈي قولىلىرى كېرىلگەن، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ چىققان ھالدا يەردە ياتاتتى. ئۇلار ئۇنى دەرھال ئويغاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.
ــ مېنى بۇدساتۋا ئىگەم ساقلايدۇ، سەن قاراقچىلار نېمە قىلىشالايتتىڭ؟ ــ دەپ تىللىدى ئۇ.
تۇرغانلار قورقىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلىشەلمەي:
ــ بۇ يەردە بىز بار، تېز ئويغانسىلا ! ــ دېيىشتى.
ــ ئۆيۈمگە كېتىمەن، ئاراڭلاردا ئىنسابلىق ئادەم بولسا مېنى ئاپىرىپ قويسۇن ! ــ دېدى مياۋيۈي.
ــ سىلى تۇرۇۋاتقان ئۆي مۇشۇ، ــ دېدى دەرۋىش بۇۋى. ئاندىن ئۇ باشقا بىر راھىبەنى ئاۋۇلقىتىسۋارادىن مەدەت تىلەشكە بۇيرۇدى. ئۆزى پال چۈپتىكىدىن بىر تالنى ئېلىپ تەبىرنامىنى ئېچىپ قارىۋىدى، مياۋيۈيگە باغنىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىدىكى جىن ـ ئەرۋاھ چاپلاشقانلىقى مەلۇم بولدى.
ــ شۇنداق ! نەزەرباغنىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭى ئادەم تۇرۇپ باقمىغان يەر. ئۇ يەردە جىن ـ ئەرۋاھلار بار، ــ دېدى بىرەيلەن.
قالغانلىرى شورپا، قايناق سۇ تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى.
ئۇ راھىبە ئەسلىدە مىيايۈي جەنۇبتىن بىللە ئەكەلگەن ئايال بولۇپ، مياۋيۈينىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك كۆيۈپ ـ پىشىپ، كاتقا چىقىپ مياۋيۈينىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى.
ــ سەن كىم؟ ــ دەپ سورىدى مياۋيۈي قايرىلىپ ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قاراپ.

— بۇ مەن ! — دېدى ئۇ راھىبە.

مياۋىيۇي ئۇنىڭغا بىرقۇر سەپسېلىپ چىقىپ:

— ھە ! سەنمىدىڭ ! — دېدى ـ دە، ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە، — سەن مېنىڭ ئانامسەن ! مېنى قۇتقۇزۇۋالمىساڭ ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ راھىبە ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چاقىراتتى ھەم ئۇنىڭ ئۇچىسىنى ئۇيقىلايتتى. دەرۋىش بوۋى چاي قويۇپ ئۇنىڭغا ئىچۈردى. ئۇ تاڭ سوزۇلغىنىدىلا ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى. راھىبە ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتقۇزۇپ بېقىش ئۈچۈن تېۋىپ چاقىرىشقا ئادەم جورۇدى. كەلگەن تېۋىپلارنىڭ بەزىلىرى غەم ـ غۇسسە تۈپەيلىدىن تال زەخىملەنگەن، دېدى، بەزىسى قاننى ئىسسىق سەپرا چىرمىۋاپتۇ، دېدى، بەزىسى جىن چاپلىشىۋاپتۇ، دېدى، بەزىسى ئىچى ـ تېشىدىن تەڭلا زۇكام تېگىپتۇ، دېدى. ئىشقىلىپ، نېمە كېسەللىكى مۇقىم بولمىدى. كېيىن چاقىرىلغان تېۋىپ كۆرگەندىن كېيىن:

— ئېتىكاپتا ئولتۇرغانمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، دائىم ئولتۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دەرۋىش بوۋى.

— بۇ كېسەل تۈنۈگۈن كېچە تۇيۇقسىز تەگكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى تېۋىپ يەنە.

— شۇنداق.

— بۇ، كۆزىگە جىن كۆرۈنگەنلىكتىن تەگكەن كېسەل ئىكەن، — دېدى تېۋىپ.

— دەخلىسى بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى تۇرغانلار.

— بەختىگە يارىشا، ئېتىكاپتا ئۇزاق ئولتۇرماپتىكەن، جىن تازا چاپلىشىپ كېتەلمەپتۇ، قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى تېۋىپ. ئاندىن يۈرەكتىكى ئىسسىق سەپرانى پەسلىتىدىغان دورىدىن يېزىپ بەردى. ئۇنىڭدىن بىر بولاق ئىچۈرۈلگەندىن

كېيىن، مياۋيۈي بىر ئاز تىنچلاندى.

سىرتتىكى بىكار تەلەپلەر بۇ ئىشنى ئاڭلاپ:

— يېشى چوڭىيىپ قالغان تۇرسا، نەپسىگە هاي بېرەلەمتى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە رەڭگىرويىدىن ناھايىتى سەتەڭ، ئاجايىپ خۇلقلۇق ئىكەن! كېيىن كىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، كىملەرنىڭ ئامتى كېلەركىن! — دېيىشىپ، پىتنە - پاسات تېرىغىلى تۇردى.

بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، مياۋيۈي سەل - پەل ئوڭشالدى، لېكىن تېخىچە ئەس - ھوشىنى يىغالماي، ئىلەڭ - سىلەڭ يۈرەتتى.

بىر كۈنى شىچۈن ھۇجرىسىدا ئولتۇرسا سەيىيىڭ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كېلىپ:

— خان قىز، مياۋيۈي خەلپەمنىڭ ئىشىنى ئۇقتىلىمۇ؟ — دېدى.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دېدى شىچۈن.

— تۈنۈگۈن شيۇيەن خان قىز بىلەن چوڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ قىلىشىۋاتقان پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم، — دېدى سەيىيىڭ، — قايسى كۈنى سىلى بىلەن شاھمات ئويناپ قايتىپ كەتتىغۇ، شۇ كېچىسى تۇيۇقسىزلا جىن چاپلىشىپ قېلىپ ئوغرى - قاراقچىلار مېنى بۇلىغىلى كەلدى دەپ ھەررەڭ - سەررەڭ سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، تېخىچە ئوڭشىلىپ كېتەلمەپتۇ. خان قىز، قارىسىلا، بۇ غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ شىچۈن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى. «مياۋيۈي ئۆزى پاك بولغىنى بىلەن، بۇ دۇنيادىن تېخى قول ئۈزمەپتۇ. ئەپسۇسكى، مەن مۇشۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قاپتىمەن، مېنىڭ تەركىدۇنيا بولۇشۇمغا ئەپ كەلمەيدىكەن، ئەگەر مەن تەركىدۇنيا بولىدىغان بولسام، ماڭا جىن - ئالۋاستىلار چېقىلالامتى؟ ئەمىن بولسا نەپسانىيەت ئەپكارىدىن، خالاس بولغاي بارچە قىسمەت دەركارىدىن.» خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، دەرھال ئىلھامى كېلىپ، تۆۋەندىكى

مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ياراتقۇچى تائەزەلدىن لا ماكاندۇر،
قايدا تۇرار دېمەكلىككە نەئىمكاندۇر؟
يارالمىشتۇر ئەزەل يوقتىن بارچە مەخلۇق،
شۇڭا قايتار يېرى بولغاي يەنە يوقلۇق.

مۇناجات قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چۆرە قىزنى كۆجە يېقىشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ، ئاندىن دامكا رىسالىسىنى ئېچىپ، كۇڭ رۇڭ، ۋاڭ جىشىن[1]لارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىكى «باراقسان ياپراققا قىسقۇچپاقنى ئورنۇېلىش»، «قارچىغىنىڭ توشقان ئېلىشى» دېگەندەك يۇرۇشلىرى ئۇنىڭغا ئانچە ئۆزگىچە تۇيۇلمىدى. «ئوتتۇز ئالتە يول بىلەن بۇلۇڭغا ھۇجۇم قىلىش يۇرۇشى» بىردىنلا ئۆگىنىۋېلىشقا، ئەستە تۇتۇشقا تەستەك كۆرۈندى، پەقەت «ئون ئەجدىھادەك ھەيۋە بىلەن ئاتنى مىڭىش» ئۇسۇلى ئۇنىڭغا قىزىقارلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، تالادىن بىرسى ھويلىغا كىرىپ:
— سەيىيىڭ! سەيىيىڭ! — دەپ توۋلىدى.
كىرگەن كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمەك بولسىڭىز، كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

---

[1] كۇڭ رۇڭ — ئۈچ پادىشاھلىق زامانىسىدا ئۆتكەن كىشى؛ ۋاڭ جىشىن — تاڭ خانىدانلىقى زامانىسىدا ئۆتكەن كىشى. بۇ ئىككىسى ئۇستا شاھماتچىلار ئىدى.

# سەكسەن سەككىزىنچى باب

## باۋيۇينىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن يېتىم بالىنى ماختىغانلىقى
## جيا جېنىڭ ئائىلە قائىدە ـ قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ غالچىلىرىنى قاتتىق دۇمبالىغانلىقى

شىچۈن دامكا رىسالىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئولتۇراتتى، ھويلىدا بىر كىم سەيىپىڭنى قىچقاردى، ئۇ يۈەنياڭنىڭ ئاۋازى ئىدى. سەيپىڭ چىقىپ كېتىپ يۈەنياڭ بىلەن كىرىپ كەلدى. يۈەنياڭ سېرىق دۇردۇن بوغجۇما كۆتۈرگەن بىر چۆرە قىزنى باشلاپ كەلگەنىدى.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى شىچۈن تەبەسسۇم بىلەن.

ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كېلەر يىلى سەكسەن بىر ياشقا كىرىدۇ، «توققۇز كەررە توققۇز» بولىدۇ. شۇڭا، توققۇز كېچە ـ كۈندۈز ساۋابلىق ئىش قىلماقچى بولۇپ، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك ئايەتلىك بىر يۈرۈش «ۋاجرانوم»نى كۆچۈرتۈشنى نىيەت قىلدى، بۇنى كۆچۈرۈپ چىقسۇن دەپ سىرتتىكىلەرگە چىقارتىپ بەردى. كونىلاردا «ۋاجرانوم» تەرىقەتچىلەر تۇمارنامىلىرىنىڭ پوستى، «قەلبنامە» بولسا ئۇنىڭ يۈرىكى، دەيدىغان گەپ بار ئىكەن، «ۋاجرانوم»نىڭ ئىچىگە «قەلبنامە» قېتىلسا تېخىمۇ ساۋابلىق بولىدىكەن. شۇڭا، «قەلبنامە» شۇنداق مۇھىم بولغىنى ھەم ئاۋالوكىتىسۋارانىڭ ئايالى بۇدساتۋا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش ئايەتنى قان ـ قېرىنداشلاردىن بىرنەچچە كېلىن ئاغىچا ھەم خان قىزلارغا كۆچۈرتكۈزمەكچى بولدى. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەم ئىخلاسمەن،

ھەم پاك بولىدىغان گەپ ئىكەن. بىزنىڭ خانىداندا ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ غوجىدارلىق بىلەن بولۇپ ۋاقتى يوق، ئاندىن ئۆزىمۇ خەت يازالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەت ساۋاتى بارلارنىڭ ھەممىسىگە، ھەتتا شەرقىي قەسىردىكى چوڭ كېلىن ئاغىچا بىلەن كىچىك ئاغىچىلارغىچە كۆچۈرەلىشىگە بېقىپ بۆلۈپ بېرىلدى، ئۆزىمىزنىڭكىلەرنىڭ كۆچۈرۈشىغۇ گەپ لازىم ئەمەس.

شىچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، نوم كۆچۈرۈشكە ئىشەنچىم كامىل، قويۇپ قويۇپ چاي ئىچ! — دېدى.

يۈەنياڭ قولىدىكى كىچىك بوغجۇمىنى جوزىغا قويۇپ، شىچۈننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

سەيىڭ بىر پىيالە چاي قۇيۇپ كەلدى.

— سەنمۇ كۆچۈرەمسەن؟ — دەپ سورىدى شىچۈن كۈلۈمسىرەپ.

— خان قىز، مېنى يەنە زاڭلىق قىلغىلى تۇردىڭىز، — دېدى يۈەنياڭ، — ئۆتكەن يىللاردا ھەرھالدا تۇزۇك ئىدىم، ئۈچ - تۆت يىل بولدى، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ باققىنىمنى كۆردىڭىزمۇ؟

— بۇ ئاجايىپ ساۋابلىق ئىش، — دەپ قويدى شىچۈن.

— مەنمۇ بىر ئىش قىلىۋاتىمەن، — دېدى يۈەنياڭ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى ئارام ئالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، گۈرۈچ بىلەن دۇرۇت ئوقۇيمەن، بۇنىڭغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئاشۇ گۈرۈچلەرنى يىغىپ قويدۇم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ساۋابلىق ئىش قىلىش نىيىتىنى ئادا قىلار چاغدا شۇ گۈرۈچلەرنى ئارىغا قىستۇرۇپ، بۇددا ئىگەمگە ئاتاپ سەدىقە قىلماقچىمەن. بۇمۇ مېنىڭ ئازراق ئىخلاسىم بولۇپ قالار.

— ئۇنداقتا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاۋالوكىتىسۋارا بولسا، سەن باگراناگار①نىڭ قىزى بولغۇدەكسەن، — دېدى شىچۈن.

---

① باگراناگارنىڭ قىزى — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، باگرا دېگەن ئەجدىھا شاھىنىڭ قىزى سەككىز يېشىدا ساكيامۇنىنى زىيارەت قىلىپ، تەرىقەت ماقامىغا ئۇلاشقانىكەن.

— ئۇنداق قىسمەت ماڭا نېسىپ بولامتى؟ — دېدى يۈەنياڭ، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنى كۈتۈشتىن باشقا ھېچ ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. تۇغۇلۇشۇمدىن بۇرۇن ماڭا قانداق قىسمەت نېسىپ بولغانكىنتاڭ!

يۈەنياڭ قايتماقچى بولۇپ، چۆرە قىزغا بوغجۇمنى يەشتۇرۇپ ئىچىدىن بىر توپ قەغەز ئالدى.

— بۇ، «قەلبنامە» نى كۆچۈرىدىغان قەغەز، — دېدى ئۇ، ئاندىن يەنە بىر تۇتام شىزاڭ كۈجىسى ئالدى، — بۇ، «قەلبنامە»نى كۆچۈرگەندە يېقىن قويىدىغان كۈجە.

شىچۈن ھەممىنى ئېلىپ قالدى. يۈەنياڭ ئۇ يەردىن خوشلىشىپ چىقىپ، چۆرە قىز بىلەن بىللە جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى بىرقۇر مەلۇم قىلىپ ئۆتتى. جيا ئانا لى ۋەن بىلەن «قوش بۇغا»① ئوينىۋاتاتتى. يۈەنياڭ بىر چەتتە ئۇلارغا قاراپ تۇردى. لى ۋەننىڭ شىشخالى ئوڭدىن كېلىپ، ھەربىر تاشلىغىنىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاتلىرىدىن بىرقانچە دانىسىنى يىقىتىپ ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى، يۈەنياڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

شۇ ئەسنادا باۋيۈي كىرىپ كەلدى، بامبۇك چىۋىقىدا توقۇلغان ئىككى قەپەس كۆتۈرۈۋالغان، قەپەسلەردە بىرنەچچە تومۇزغا بار ئىدى.

— ئۇلۇغ مومامنى كېچىسى ئۇخلىيالمايدىكەن، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارسۇن دەپ بۇنى ئەكەلدىم، — دېدى ئۇ.

— ئاتام ئۆيدە يوق دەپ بەڭباشلىق قىلغىلى تۇرۇپسەن-دە، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ.

— بەڭباشلىق قىلمىدىم، — دېدى باۋيۈي ھىجىيىپ.

① «قوش بۇغا» — ئالاھىدە ياسالغان تاختىغا ئىككى ئادەم بولۇپ شەكلىدە ياسالغان «ئات»تىن ئون ئالتە دانىدىن ئۆز تەرىپىگە تىزىپ، شىشخالدىن ئىككى دانىنى تاشلايدۇ، شىشخالدا قانچە چېكىت چىقسا، شۇنچە كاتەك ماڭدۇ. قارشى تەرەپنىڭ كىگە بالدۇر بېرىۋالغىنى ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.

— بەڭباشلىق قىلمىساڭ، نېمىدەپ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشۇڭنى ئوقۇماي بۇنى تۇتۇپ يۈرىسەن؟ — دېدى جىيا ئانا.

— بۇنى مەن تۇتمىدىم، — دېدى باۋيۈي — ئۇستازىم قايسى كۈنى خۇەنئېر بىلەن لەنئېرنى لەۋھە بېيىت تېپىڭلار دېگەنىدى، خۇەنئېر تاپالمىدى. مەن ئاستا ئۇنىڭغا دەپ بەردىم، ئۇ شۇنى دېگەنىدى، ئۇستازىم ياقتۇرۇپ، ئۇنى ئىككى ئېغىز ماختاپ قويدى. جىيا خۇەن ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بازاردىن مۇشۇنى ماڭا ئاتاپ سېتىۋاپتۇ، بۇنى ئەمدى مەن ئۆزلىرىگە ۋاپادارلىقىمنى بىلدۈرۈپ ئېلىپ كەلدىم.

— ئۇ مەكتەپكە كۈندە بارمايۋاتامدۇ؟ — دېدى جىيا ئانا، — نېمىشقا ئۇ تاپالمايدىكەن؟ تاپالمىغان بولسا، دەيرۇ خەلپەت بېگىڭلار ئۇنىڭ كاچىتىغا سالسا بولاتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىزا تارتمىغىنىنى كۆرەتتىڭ! سەنمۇ ئىبرەت ئالاتتىڭ. ئاتاڭ ئۆيدىكى چاغدا شېئىر - نەزم يازغىن دېسە، قورقۇپ موللامۇشۇك بولۇپ كېتىدىغىنىڭنى ئۇنتۇپ قاپسەن - ھە؟ بۇنىڭ ئەمدى گېپىنىڭ يوغانلىقىنى قارىمامدىغان. خۇەنئېر دېگەن تەنتەكقۇ ئادەم بولمايدۇ. ئۆزى تاپالماي خەق دەپ بەرسە، دەرھال ئۇستاتلىق قىلىپ خەقنىڭ ئاغزىنى مايلاپتۇ. كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنداق شۇملۇق قىلىشتىن ئىزامۇ تارتماپتۇ! چوڭ بولغاندا قانداق بىرنېمە بولۇپ چىقىدىكىنتاڭ!

ھۇجرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— جىيا لەن بالىچۇ، تاپالىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا يەنە، — ئۇ خۇەنئېردىن كىچىك بولغاندىن كېيىن، خۇەنئېر ئۇنىڭغا دەپ بەرگەندۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، ئۆزى تاپتى، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ كېتىپ.

— ئىشەنمەيمەن، — دېدى جىيا ئانا، — ئەمىسە، يەنە سەن شۇملۇق ئىشلەتكەنسەن. ھازىر سەن دېگەن ھەممىدىن قالتىس، خۇددى «قوي پادىسىنىڭ ئىچىدىكى تۆگە» بولۇپ قالدىڭ،

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭى سەن، ماقالىمۇ يازالايسەن.
— ئەزبىرايى، ئۆزى تاپتى. ئۇستازىمىز تېخى ئۇنى كەلگۈسىدە جەزمەن يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، دەپ ماختىدى. ئۇلۇغ ئانا، ئىشەنمەيدىغان بولسىلا، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزلىرى سىناپ كۆرسىلە، شۇ چاغدا بىلىلا، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ.
— شۇنداقلا بولسىغۇ خۇش بولاتتىم. مەن تېخى سېنى يالغان سۆزلەۋاتامدىكىن دەپتىمەن. ئۇ ئۆزىلا تاپقان بولسا، ئەتە - ئۆگۈن يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىققۇدەك ئەمىسە، — دېدى جيا ئانا. ئاندىن لى ۋەنگە قاراپ قويۇپ جيا جۇنى ئاغزىغا ئالدى، — ئاكاڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەڭگەڭنىڭ ئۇنى باققىنى ھەرنېمە بولسا بىكار كەتمىگۈدەك! كېيىنكى كۈنلەردە ئاكاڭنىڭ ئورنىدا ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ، — گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، جيا ئانا كۆز يېشى قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ لى ۋەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، بىراق جيا ئانىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، لى ۋەن يىغىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بۇ بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ تاپقان ساۋابلىرىنىڭ يۇقۇندىسى. بىزلەر بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ بەخت - دۆلىتىنىڭ سايىسىدا ئۆتىمىز. ئۇ بالا ئەگەر بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ دېگىنىچە بولالىسىغۇ بىزنىڭ بەخت - تەلىيىمىز بولاتتى. باياتىن كۆڭۈللىرى خۇش ئىدى، نېمىشقىمۇ كۆڭۈللىرىنى بۇزىدىغانلا؟ — دېدى ۋە باۋيۈيگە جېكىلىدى، — باۋيۈي ئۇكام، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى بۇنداق ماختىما، ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا نېمىنى بىلەتتى؟ سەنغۇ ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ شۇنداق دەيسەن، ئۇ بۇنى بىلەمدۇ؟ بېرىپ - بېرىپ، ئەتە - ئۆگۈن مەنمەنچى، ھاكاۋۇر بولۇپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئىلگىرى باسالامدۇ؟
— يەڭگەڭنىڭ بۇ دېگىنىمۇ ئورۇنلۇق گەپ، — دېدى جيا

ئانا، ــــ ئۇ تېخى كىچىك، ئۇنى بەكمۇ قىسسىپ كەتمەسلىك كېرەك. كىچىك بالا دېگەن قورقۇنچاق بولىدۇ. قىسىلغىنىدىن قورقۇپ كېتىپ، ئاغرىق ـ سىزلاققا گىرىپتار بولۇپ قالسا، ئوقۇشنى ئوقۇيالماي ئۇنىڭغا قىلغان ئەجرىڭ بىكارغا كېتىدۇ.

جيا ئانىنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، لى ۋەن ئۆزىنى تۇتالماي كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش قۇيۇلدى، لېكىن يەنە دەررۇ سۈرتۈۋەتتى.

شۇ ئارىدا جيا خۇەن بىلەن جيا لەن كىرىپ جيا ئانىغا سالام بەردى. جيا لەن ئۆز ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئاندىن يەنە جيا ئانىنىڭ قېشىغا كېلىپ تىك تۇردى.

ــــ بابا تاغاڭدىن ئاڭلىسام، سەن تۈزگەن لەۋھە بېيىت ئوبدان بوپتۇ، ئۇستازىڭمۇ سېنى ماختاپتۇ، ــــ دېدى جيا ئانا جيا لەنگە.

جيا لەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، گەپ قىلماي تۇردى.

ــــ كەچلىك غىزا تەييار بولۇپ قالدى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدۇق، ــــ دېدى يۈەنياڭ كىرىپ.

ــــ هامما خېنىمنى تەكلىپ قىلىڭلار ! ــــ دېدى جيا ئانا.

شۇ زامان خۇپىۋ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە شۈ هاممىنى تەكلىپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. باۋيۈي بىلەن جيا خۇەن چىقىپ كەتتى. سۈيۈن بىلەن چۆرە قىزلار كىرىپ قوش بۈغىنى يىغىشتۇرۇۋەتتى، لى ۋەن جيا ئانا كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولغۇچە خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن قېلىپ قالدى. جيا لەن ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى.

ــــ ئانا ـ بالا ئىككىڭلار مېنىڭ بىلەن غىزالىنىڭلار، ــــ دېدى جيا ئانا.

لى ۋەن خوش دېدى. بىردەمدىن كېيىن غىزا تارتىلدى. شۈ هاممىنى چاقىرغىلى كەتكەن دېدەك قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

ــــ ئاغىچا خېنىم: ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويغىن، هامما خېنىم بىرنەچچە كۈن بولدى، كېلەر ـ كەلمەيلا

كېتىپ قالىدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغۇدەكمۇ بولمىدىم، بۇگۇنمۇ غىزادىن كېيىن چىقىپ كەتتى، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن جيا ئانا جيا لەننى يېنىغا ئېلىپ، ھەممەيلەن غىزاغا ئولتۇرۇشتى. بۇ ھەقتە بىر - بىرلەپ بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

جيا ئانا غىزاسىنى يەپ بولۇپ ئاغزىنى چايقاپ، كاتقا چىقىپ قىڭغايدى - دە، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىر چۆرە قىز كىلىپ خۇپوغا بىرنېمە دېۋىدى، خۇپو كېلىپ جيا ئانىغا:

— شەرقىي قەسىردىكى چوڭ غوجام كەچلىك سالامغا كەپتۇ، — دېدى.

— چىقىپ ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار، — دېدى جيا ئانا، — ئۇ ھازىر ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ھېرىپ كەتتى، قايتىپ بېرىپ ئارام ئالسۇن، ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپتىم.

چۆرە قىزدىن بىرسى چىقىپ بۇ گەپنى خىزمەتكار مومايلارغا يەتكۈزدى، مومايلاردىن بىرسى چىقىپ جيا جېنغا يەتكۈزۈۋىدى، جيا جېن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى جيا جېن ئالدىنقى ھويلىغا ئىش - كۈشلەردىن خەۋەر ئېلىشقا ئۆتكەنىدى، دەرۋازىدىكى مۇلازىملار بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى كىرىپ ئىشلارنى مەلۇم قىلدى.

— جاڭزا ئاقساقىلى مېۋە ئەكەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى بىر مۇلازىم.

— تىزىملىك قېنى؟ — دەپ سورىدى جيا جېن.

ھېلىقى مۇلازىم تىزىملىكنى دەررۇ ئۇنىڭغا سۇندى. تىزىملىكتە يېڭىلىق مېۋە - چېۋىلەر، يەنە ئازراق دالا كۆكتاتلىرى يېزىلغانىكەن. جيا جېن كۆرۈپ بولۇپ:

— بۇرۇندىن بۇنداق نەرسىلەرنى كىم باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان؟ — دەپ سورىدى.

— جۇ رۈي، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى مۇلازىم.

جيا جېن جۇ رۈينى چاقىرتىپ كىرىپ:

— تىزىملىك بويىچە ئېدىتلاپ چىقىپ، ئاندىن ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ بەرگىن، كېيىن سېلىشتۇرۇپ بېقىش ئۈچۈن ماڭا مۇنۇ تىزىملىكتىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بەر، — دېدى. ئاندىن، — ئاشخانىدىكىلەرگە ئېيتىپ قوي، تۆۋەندىكىلەر يەيدىغان سەيدىن بىرنەچچە تەخسە ئارتۇقراق قورۇپ مېۋە ئەكەلگەنلەرگە بەرسۇن، ئۇلارغا بۇرۇنقىدەك تائام ھەم پۇل ئىنئام قىلىڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

جۇ رۈي خوش دەپ، ئادەم چاقىرتتى، جاڭزىدىن كەلگەن تىزىملىك بىلەن مېۋە - چېۋىلەرنى ئۇنىڭغا ئېنىق ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، بۇ نەرسىلەرنى فېڭجيېنىڭ ھويلىسىغا ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە كىرىپ جيا جېنغا:

— بايىقى مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ باقتىڭىزمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغانغا نەدە چولام؟ — دېدى جيا جېن، — تىزىملىكنى قولۇڭغا بەرگەندىن كېيىن، شۇ بويىچە ئېدىتلاپ ئۆتكۈزۈۋالساڭلا بولىدىغۇ.

— كەمىنىلىرى بۇنى ئېدىتلاپ باقتىم، كەممۇ چىقمىدى، ئارتۇق چىقىشىغىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بېگىم، قوللىرىدا تىزىملىكنىڭ نۇسخىسى بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا قاراپ مېۋە ئەكەلگەنلەردىن بۇ ھېسابنىڭ راست - يالغانلىقىنى سوراپ باققان بولسىلا، — دېدى جۇ رۈي.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى جيا جېن، — ناھايىتى كەلسە بىرنەچچە تال مېۋىغۇ، قانچىلىك مۇھىم نېمىدى؟ سېنىڭدىن گۇمان قىلغىنىممۇ يوق.

شۇ ئارىدا باۋئېر كىرىپ جيا جېنغا باش قويدى ۋە:

— بېگىم، سىلىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، مەن بۇرۇنقىدەك تالانىڭ ئىشىنى قىلغان بولسام، — دېدى.

— يەنە نېمە بولدۇڭلار؟ — دېدى جيا جېن.

— پىقىر قۇللىرىنىڭ بۇ يەردە گەپ قىلغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى باۋئېر.

— سېنى كىم گەپ قىل دەپتۇ؟ — دېدى جيا جېن.

— بۇ يەردە ماڭا قارانچۇق بولۇپ تۇرۇشنىڭ نېمە هاجىتى؟ — دېدى باۋئېر.

— يەرلەرنىڭ ئىجارە هەققى، جاڭزىلاردىن كېلىدىغان پۇللارنىڭ كىرىم - چىقىم ئىشلىرى بۇ يەردە پىقىر قۇللىرىنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ، — دېدى جۇ رۇي ئۇنىڭ گېپىنى ئىلىپلا، — هەر يىلى تۆت - بەش يۈزمىڭ سەر كىرىم - چىقىم بولۇپ تۇرىدۇ. بېگىمدىن تارتىپ ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچىلارغىچە بۇنداق چوڭ ئىشلار توغرىسىدا بىرەر ئېغىز گەپ - سۆز قىلىپ باقمىغان يەردە، مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېغىزغا ئالامتى؟ باۋئېرنىڭ گېپى بويىچە، بەگلىرىمىزنىڭ يەر - زېمىن تەئەللۇقاتىنى چاكارلار تۈگىتىۋەتكەن بولىدىكەن.

جيا جېن: «باۋئېر ئۇلار بىلەن گەپ تەگىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتەي» دەپ ئويلاپ، باۋئېرگە:

— چىق، يوقال! — دېدى ۋە ئارقىدىن جۇ رۇيگە، — سەنمۇ بولدى قىل، چىقىپ ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر، — دېدى.

بۇ ئىككىسى چىقىپ كېتىشتى.

جيا جېن كۇتۇپخانىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى، ئىشىك ئالدىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى، بىرسىنى چىقىپ ئۇقۇپ كىرىشكە بۇيرۇۋىدى، ئۇ:

— باۋئېر بىلەن جۇ رۇينىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ، — دەپ كىردى.

— جۇ رۇينىڭ بېقىۋالغان ئوغلى دېگىنىڭ قايسى؟ — دەپ سورىدى جيا جېن.

— ئۇنى خېسەن دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى ئىشىكتە تۇرغان مۇلازىم، — ئۆزىمۇ قاملاشمىغان بىرنېمە، هەر كۈنى ئۆيدە شاراب

ئىچىپ جىدەل چىقىرىدۇ، ھەمىشە دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ. باۋئېر بىلەن جۇ رۈينىڭ تەرگىشىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ ئۇمۇ ئارىغا قىستۇرۇلۇۋاپتۇ.

— نېمانچە قەبىھلىشىپ كەتكەندۇ بۇلار! — دېدى جيا جېن، — باۋئېر بىلەن ھېلىقى خېسەن دېگەن نېمىنى باغلاپ ئەكېلىڭلار! جۇ رۈي نەگە كېتىپتۇ؟

— ئۇلار سوقۇشۇۋاتقاندا كېتىپ قاپتۇ، — دېدى ئىشىك باقار.

— ئۇنىمۇ تۇتۇپ كېلىڭلار! بۇنداقمۇ بولۇپ كېتەمدىغان! — دېدى جيا جېن.

كۆپچىلىك خوپ، دېيىشتى.

شۇ جېدەلنىڭ ئۈستىگە جيا ليەن كىرىپ كەلدى. جيا جېن بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— بۇنداق قىلسا بولامدۇ! — دېدى جيا ليەن ۋە جۇ رۈينى تۇتۇپ كېلىشكە يەنە ئادەم ئەۋەتتى.

— ھەممىسىنى باغلاڭلار! — دېدى جيا جېن.

— ئالدىدا تەرگەشكىنىڭلار بىر نۆرى ئىدى. كېيىن چوڭ غوجام گەپ قىلىپ قويغاندىن كېيىن، بولدى قىلىشساڭ بولمامدۇ، يەنە نېمىدەپ تالاغا چىقىپ ئۇرۇشىسىلەر؟ ئىككىڭنىڭ ئۇرۇشقىنىنى ئاز دەپ، ھېلىقى ھارامدىن بولغان خېسەن دېگەن نېمىنىمۇ قىستۇرۇۋاپسەن تېخى. ئۇلارنى باستۇرماقتا يوق، غىپپىدە كەتكىنىڭنى قارا، — دەپلا جيا ليەن جۇ رۈينى بىر نەچچىنى تەپتى.

— يالغۇز جۇ رۈينى ئۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — جيا جېن شۇنداق دەپ، باۋئېر بىلەن خېسەننى ئەللىك قامچىدىن ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن جيا ليەن ئىككىسى رەسمىي ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەتكە چۈشتى.

بۇ ئىش خىزمەتكارلارنىڭ بىرمۇنچە غەيۋەت - شىكايەتلىرىگە سەۋەبچى بولدى: بەزىلىرى جيا جېننى يان باستى دېسە، بەزىلىرى



www.uyghurkitap.com

ئەپلەشتۇرۇشنى ئۇقمايدۇ، دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى ئادەم ئەمەس، «ئۆتكەندە يۇ ئائىلىسىدىكى ئاچا - سىڭىللار بىلەن بىرمۇنچە ئەسكى ئىشلارنى تۇغدۇردى. شۇ چاغدا ئۇ باۋئېرنى ئوتتۇرانچى بېگىمگە سالا قىلىپ ئەكەلگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى باۋئېرنى ئەسقاتمىدى دەپ يامان كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ. ھەرقاچان باۋئېرنىڭ خوتۇنى ئۇنى دېگەندەك رازى قىلالمىدى بولغاي» دېيىشتى. ئىشقىلىپ، ئادەم كۆپ يەردە ئېغىزمۇ كۆپ بولغاچقا، خىلمۇخىل گەپلەر چىققىلى تۇردى.

جيا جېڭ ئىنشائات دىۋانىنىڭ تامغىسىنى تۇتقاندىن بۇيان، خانىداندىكىلەردىن خېلىسى بېيىۋالغانىدى. بۇنى كۆرگەن جيا يۈنمۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرۈپ، بىرەر ئىشقا ئېرىشىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى ھەم سىرتتىكى بىرنەچچە گۇڭگۇتۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئىش پۈتكەندە بېرىدىغان تاپان ھەققىلىرىگىچە كېلىشتى. ئاندىن مودا بولۇپ قالغان كەشتە بۇيۇملاردىن سېتىۋېلىپ فېڭجيېنىڭ ئىشىكىگە قاتراشقا كىرىشتى.

فېڭجيې ھۇجرىسىدا ئىدى، دېدەكلەر: «چوڭ غوجام بىلەن ئوتتۇرانچى غوجامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ھويلىدا ئادەم ئۇرۇپتۇ» دېيىشتى. فېڭجيې ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلەلمەي، بىرسىنى ئەۋەتىپ ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە جيا لەن كىرىپ قېلىپ، سىرتتا بولغان ئىشنى فېڭجيېگە بىرقۇر سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئىشقۇ چاغلىق ئىش ئىكەن، لېكىن بۇ ئادەت ئۇزاق داۋام قىلسا بولمايدۇ جۇمۇ، — دېدى فېڭجيې، — خانىدانىمىز ھەرھالدا راسا ياشناۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە ئۇلار ئۇرۇشۇشقا پېتىنغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە قەسىرلەرنىڭ ئىشى ئەۋلادىمىزغا قالغاندا، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇپ كېتىشى تېخىمۇ تەس بولغۇدەك، قايسى يىلى مەن شەرقىي قەسىردە جياۋدانىڭ بولۇشىچە ئىچىپ غەرق مەست بولۇپ، پەلەمپەي تۈۋىدە

يېتىۋېلىپ، چوڭىنى چوڭ، كىچىكىنى كىچىك دېمەي ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ھەممىنى قارىقويۇق تىللاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئۇ خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا غوجايىن بىلەن چاكارنىڭ نام ـ نىشانىدە پەرقى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ ئەدەپ ـ قائىدىنى ساقلىسا بولاتتى. چوڭ كېلىن ئاغىچا يۇشى ياۋاش بولغاچقا، قول ئاستىدىكىلەرنى باشباشتاق قىلىپ يامان ئۆگىتىپ قويغان. بۇ مەنلا دەۋاتقان گەپ ئەمەس. ئەمدى مانا باۋئېر دەپ يەنە بىرسى چىقىپتۇ! ئۇنى جيا جېن بېگىم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىمىش دەپ ئاڭلىۋىدىم، نېمىدەپ ئۇرۇپ يۇرىسىلەر؟

بۇ گەپ جيا لىيەننىڭ يۈرىكىگە تەگدى ۋە خىجىل بولغىنىدىن گەپ ئارىلاپ، ئىشىم بار، دەپ چىقىپ كەتتى.

— جيا يۇن غوجام، خېنىم بىلەن كۆرۈشەتتىم، دەپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى شياۋخۇڭ كىرىپ.

فېڭجيې «ئۇ يەنە نېمىگە كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قېلىپ:

— چاقىرىپ كىرگىن! — دېدى.

شياۋخۇڭ چىقىپ جيا يۈنگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. جيا يۈن ئىتتىك ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ:

— خان قىز، كەلگىنىمنى خەۋەر قىلىپ قويدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— غوجامنىڭ ئىشى ئەجەبمۇ تولا ئىكەن! — دېدى شياۋخۇڭ قىزىرىپ.

— قاچانلاردا ئۇنداق تولا ئىش بىلەن كېلىپ سىزنى جوۋىتىپ قويغاندىمەن؟ — دېدى جيا يۈن، — قايسى يىلى باۋيۈي تاغامنىڭ ھۇجرىسىدىكى چېغىڭىزدا، شۇ بىر قېتىم سىز خان قىزنى ...

شياۋخۇڭ بىركىم كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا:

— شۇ يىلى مەن قايتۇرۇپ بەرگەن ھېلىقى ياغلىقىڭىزنى ئالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جيا يۈنىنىڭ خۇشاللىقىدا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا ئىچكىرىدىن بىر چۆرە قىز چىقىپ قالدى. جيا يۈن ئالمان - تالمان شياۋخۇڭ بىلەن ئىچكىرىگە ماڭدى. ئۇلار بىرسى ئوڭدىن، بىرسى سولدىن يېقىن دېگۇدەك مېڭىشتى.

— قايتىپ چىقاشىمدا يەنە سىز ئۇزىتىپ چىقىسىڭىز، — دېدى جيا يۈن شىۋىرلاپ، — سىزگە دەيدىغان قىزىق بىر گېپىم بار ئىدى.

شياۋخۇڭنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى - دە، جيا يۈنگە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى. فېڭجيېنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئاۋۋال ئۇزى كىرىپ كېتىپ مەلۇم قىلدى، ئاندىن چىقىپ مىلەڭزىنى قايرىپ قولى بىلەن جيا يۈنگە شەرەت قىلدى ۋە ئەتەي:

— كىلىن ئاغىچا خېنىم جيا يۈن غوجامنى كىرسۇن دەيدۇ، — دەپ قويدى.

جيا يۈن ھىجىيىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىردى. فېڭجيې بىلەن كۆرۈشۇپ، ئېسەنلىك سورىدى. ئاندىن:

— ئانام سىلىگە سالام ئېيتتى، — دېدى.

فېڭجيېمۇ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دېدى فېڭجيې.

— خان ئاچا، مەن جيېەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ مېھرىبانلىقلىرى-نىڭ شاراپىتىنى كۆرگەچكە، مىننەتدارلىق بىلدۈرمەسلىككە زادىلا كۆڭلۇم ئۇنىمىدى. خان ئاچامغا سوۋغا - سالام سۇنايمۇ دېدىم، بىراق خان ئاچامنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە ئىش كېچىپ قې-لىشىدىن ئەنسىرىدىم. تاۋۇز چاغنى كېلىپ قالغاچقا، سىلىگە ئاتاپ ئازراق بىر نەرسە تەييارلىغانىدىم. خان ئاچامنىڭكىدە ئۆكسۈيدىغان نەرسىغۇ يوق، شۇنداقتىمۇ بۇ جيېەنلىرىنىڭ

ۋاپادارلىق كۆڭلى. خان ئاچا، يۈز ـ خاتىرىمنى قىلىپ قوبۇل قىلارلا.

— ئولتۇرۇپ گەپ قىل، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ،

جيا يۈن يېنىچە ئولتۇرۇپ، قولىدىكى نەرسىنى يېنىدىكى جوزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— ئېشىنىپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن، پۇل خەجلەپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى فېڭجيې، — ماڭمۇ بۇ نەرسەڭنىڭ كېرىكى يوق ئىدى. بۈگۈن زادى نېمە غەرەز بىلەن كەلدىڭ، ئوچۇقىنىلا ئېيتقىنا.

— مەندە باشقا غەرەزمۇ يوق، — دېدى جيا يۈن، — خان ئاچامنىڭ شەپقىتىنى ئەسلەپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرمەسلىككە كۆڭلۈم ئۇنىماي كەلدىم، — ئارقىدىن ئۇ ھىجىيىپ قويدى.

— ياق، ئۇنداق گەپ ئەمەس، — دېدى فېڭجيې، سېنىڭ قولۇڭ قىسقا، مەن بۇنى ئوبدان بىلىمەن، مۇنداق ئەھۋالدا سېنىڭ نەرسەڭنى بىكاردىن ـ بىكار ئىشلىتەمدىمەن؟ بۇ نەرسىنى مېنى قوبۇل قىلسۇن دېسەڭ، ئاۋۋال ماڭا ئېنىقىنى دەپ بەرگىن. «ئى ـ مى» دەپ تىلىڭنى چايناپ تۇرىدىغان بولساڭ قوبۇل قىلمايمەن.

جيا يۈن نائىلاج ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھىجىيىپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— مەندە ھېچقانداق بىھۇدە خىيالمۇ يوق. قايسى كۈنى ئۈلۈغ بېگىمنىڭ خانلىق مازار سېلىشقا باش بولغانلىقىنى ئاڭلىغۇدىم. مەن جيەنلىرىنىڭ مۇنداق بىناكارلىق ئىشلىرىنى قولىدىن ئۆتكۈزگەن بىرقانچە ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىم بار ئىدى، مۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بەكمۇ لايىق ئادەملەر. شۇڭا، خان ئاچامنى ئۈلۈغ بېگىمنىڭ سەمىگە سېلىپ باقامدىكىن، دېگەن ئۆتۈنۈش بىلەن كېلىۋىدىم. شۇ ئىشلاردىن بىرەر ـ ئىككىسى ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا، خان ئاچامنىڭ ماڭا قىلغان مېھىر ـ شەپقىتىنى زادىلا ئۇنتۇمايتتىم! ناۋادا كەمىنە جيەنلىرىنى خانىدانىنىڭ

ئىشلىرىغا سالسىلىغۇ، خان ئاچام ئۇچۇنمۇ كۆچۈمنى ئايىمايتتىم.
— باشقا ئىش بولغان بولسىغۇ مەن ھۆددە قىلالايتتىم، — دېدى فېڭجيې، — بۇ دېگەن يامۇلنىڭ ئىشى، بۇ ئىشنى يۇقىرىدا سەركار جورۇقچىلار بەلگىلەيدۇ، تۆۋەندە پۈتۈكچىلەر بىلەن دوغىلار بېجىرىدۇ، باشقىلار بۇنىڭغا قول تىقالمايدۇ، ھەتتا ئۆز ئائىلىمىزدىكىلەر چېغىدا ئۇلۇغ بېگىمىزنىڭ ئارقىسىدا خىزمىتىنىلا قىلىپ يۈرىدۇ. ئوتتۇرانچى تاغاڭ بارغاندىمۇ پەقەت ئۆز ئائىلىمىزنىڭ ئىشى ئۈچۈنلا بارىدۇ، ئۇمۇ خانلىق ئىشلارغا ئارىلىشالمايدۇ. ئەمدى ئۆز ئائىلىمىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بۇ يەردە ھازىر تېزىنى باسسا مېزى چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا جيا جېن بېگىم چېغىدىمۇ بېسىقتۇرالمايۋاتىدۇ. سېنىڭ يېشىڭ تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە نەسەب ـ قۇرامىڭمۇ تۆۋەن تۇرسا، ئۇلارغا ئېسىلىشىۋالغىنىڭ بىلەن ئىش پۈتەمتى؟ يامۇلغا تەئەللۇق ئۇ ئىشلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن، تۇگەپ قالاي دەپتۇ، بارغىنىڭ بىلەنمۇ قورساق بېقىش ئۈچۈن قاتراپ يۈرىدىغان گەپ. ئۆيدە قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشىڭ يوقمىدى؟ ئاشۇ ئىشقا ئۇلىشالمىساڭ ئاچ قالارمىدىڭ؟ ساڭا گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتتىم، بېرىپ ئوبدانراق ئويلىنىپ باقساڭ چۈشىنىسەن. ئادەمگەرچىلىكىڭ ئۈچۈن رەھمەت، ماۋۇ نەرسىلەرنى ئەكېتىپ، كىمدىن ئالغان بولساڭ شۇنىڭغا ئاپىرىپ بەر.
شۇ ئەسنادا ئېمىكئانىلار چياۋجيېرنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. چياۋجيېرنىڭ ئۇستىبېشى گۈلدەك ياسىداق، قولىدا بىرمۇنچە ئويۇنچۇقلارنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ۋىلىقلاپ كۇلگىنىچە فېڭجيېنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەركىلەپ چۈچۈك گەپ قىلغىلى تۇردى. جيا يۈن ئۇنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— ئارزۇلۇق سىڭلىمىز مۇشۇمۇ؟ سىزگە ئوبدان نەرسە بېرەي، ئالامسىز؟ — دېيىشىگە، چياۋجيېر «ۋار» قىلىپ

www.uyghurkitap.com

يىغلىۋەتتى. جىيا يۈن دەررۇ كەينىگە ياندى.

— قوزام، قورقمىغىن، — دەپلا فېڭجيې ئۇنى ئېتتىك باغرىغا باستى، — بۇ سېنىڭ جىيا يۈن ئاكاڭغۇ، نېمىشقا يېتىرقايسەن؟

— سىڭلىمىز بەك چىرايلىق ئىكەن، چوڭ بولغاندا تازا تەلەيلىك قىز بولغۇدەك، — دېدى جىيا يۈن.

چياۋجېيېر بۇرۇلۇپ جىيا يۈنگە قاراپ قويۇپ يەنە يىغلىدى، يىغىسى زادىلا بېسىلمىدى.

جىيا يۈن بۇ ھالنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىپ ماڭماقچى بولدى.

— ماۋۇ نەرسىلەرنى ئالغاچ كەتكىن، — دېدى فېڭجيې.

— مۇشۇنچىلىك نەرسىگىمۇ يۈزىمىزنى قىلمامىلا خان ئاچا؟ — دېدى جىيا يۈن.

— ئۆزۈڭ ئەكەتمىسەڭ بىرسىدىن ئۆيۈڭگە ئەۋەتىپ بېرىمەن، — دېدى فېڭجيې، — جىيا يۈن غوجام، بۇنداق قىلمىغىن، سەن يات ئادەم ئەمەس. ئېپى كېلىپ قالسىلا سېنى چاقىرتماي قالمايمەن. ئىش چىقماي قالسا ئامال يوق. گەپ مۇنداق نەرسە ـ كېرەكلەردە ئەمەس.

جىيا يۈن فېڭجيېنىڭ قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىزارغان پېتى:

— ئەمىسە خان ئاچا، سىلىگە لازىملىق نەرسىدىن تېپىپ كېيىن سوۋغا قىلارمەن، — دېدى.

— ئاۋۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ جىيا يۈن ئاكاڭنى ئۇزىتىپ قوي، — دېدى فېڭجيې شياۋخۇڭغا.

جىيا يۈن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىچىدە: «خەقلەر ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنى يامان ئايال، دېيىشەتتى، دېگەندەكلا يامان ئىكەن، ئازراقمۇ يوچۇق قويمايدىكەن، ھەقىقەتەن كەسكىن ئىكەن ! خۇدايىم بىلىپ ئۇنىڭغا ئوغۇل بەرمەپتىكەن ـ دە. چياۋجېيېر دېگىنىمۇ تازىمۇ غەلىتە بىرنېمىكەنغۇ، مېنى كۆرۈپ

خۇددى ئۇرۇق ـ ئەجدادىنىڭ كۇشەندىسىدەك قىلىپ كەتتا !
بۇگۇن مېنى راستلا قارا بېسىپتۇ، ئەتىگەندىن بېرى بىكارلا
پالاقشىپتىمەن !» دەپ ئويلىدى.
جيا يۇننىڭ بىرەر ياخشىلىق بېشارىتىگە ئېرىشەلمىگىنىدىن
شياۋخۇڭمۇ خاپا بولۇپ، ھېلىقى نەرسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ
كەينىدىن چىقتى. جيا يۇن بوغچىنى قولىغا ئېلىپ يەشتى ـ دە،
ئىچىدىن ئىككى تال نەرسىنى ئېلىپ ئاستاغىنا شياۋخۇڭغا
سۇندى. شياۋخۇڭ ئالغىلى ئۇنىماي، ئاغزىدا:
ــ غوجام، بۇنداق قىلماڭ، كېلىن ئاغىچا ئۇقۇپ قالسا ھەر
ئىككىمىزگە سەتچىلىك بولىدۇ، ــ دەپ قويدى.
ــ ئۇنداق دېمەي ئېلىڭا ! ــ دېدى جيا يۇن، ــ نېمىدىن
قورققۇلۇق، ئۇ نەدە يۇرۇپ بىلىپ قالاتتى؟ ئالمىسىڭىز، مېنى
كۆزگە ئىلمىغان بولىسىز.
شياۋخۇڭ پىسىڭگىدە كۇلۇپ قويۇپ، ئاندىن ئالدى ۋە:
ــ سىزنىڭ بۇ نەرسىڭىز كىمگە لازىم بولۇپ قاپتۇ؟
قانچىلىك نېمىدى بۇ؟ ــ دەپ قىزىرىپ كەتتى.
ــ مېنىڭ كۆزلىگىنىممۇ بۇ نەرسە ئەمەس. دېمىسىڭىزمۇ بۇ
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ــ دېدى جيا يۇن.
پاراڭ بىلەن ئىككىسى ئارا ئىشىككە كېلىپ قالدى. جيا يۇن
قالغان نەرسىلىرىنى قوينىغا تىقتى. شياۋخۇڭ ئۇنى
ئالدىرىتىپ:
ــ بۇگۇنچە كېتىپ تۇرۇڭ، قانداقلا ئىشىڭىز بولسا كېلىپ
مېنى ئىزدەڭ. ھازىر مەن مۇشۇ ھويلىدا، ئەمدى ئارىچىمۇ
كېرەك ئەمەس، ــ دېدى.
ــ ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا قالتىس يامان ئايال ئىكەن، ــ
دېدى جيا يۇن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ــ ئەپسۇسكى، دائىم
كېلىپ تۇرالمايمەن ـ دە. بايا دېگەن گەپلىرىمنى كۆڭلىڭىزدىلا
بىلىپ قېلىڭ، پۇرسەت تاپقاندا يەنە دەيدىغان گېپىم بار.
شياۋخۇڭ ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى:

— كېتىۋېرىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن دائىم كېلىپ تۇرۇڭ. كىم سىزنى ئۇنىڭدىن ياتسىنسۇن دەپتۇ.

— ئۇقتۇم ! — جيا يۈن شۇنداق دەپلا ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

شياۋخۇڭ ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. جيا يۈن خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن كىرىپ كەتتى.

فېڭجيې ھۇجرىسىدا كەچلىك غىزا توغرىسىدا تاپىلاۋاتاتتى.

— شوۋگۇرۇچ قايناتتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

دېدەكلەر ئالمان - تالمان چىقىپ سوراپ كىرىپ:

— تەييار بولۇپ قاپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— جەنۇبتىن ئەۋەتىلگەن ھېلىقى ئېچىتقۇ سەيدىن بىر - ئىككى تەخسە ئەكىرىڭلار، — دېدى فېڭجيې.

چيۇتۇڭ خوش دەپ، چۆرە قىزلارنى بۇيرۇدى.

— بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى پىڭئېر فېڭجيېنىڭ قېشىغا كېلىپ كۈلگەن پېتى، — بۈگۈن چۈشتە ئۆزلىرى تۆردە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىدىكى چاغلىرىدا، شېيۆ ئىبادەتخانىسىدىكى خەلپە بۈۋى، ھېچ تاۋىم بولمايۋاتىدۇ دەپ، خېنىمدىن جەنۇبنىڭ چىلىغان سېيىدىن ئىككى كومزەك، ئاندىن بىرنەچچە ئايلىق مائاشىدىن قەرز سورىتىپ ئادەم ئەۋەتىپتىكەن، مەن دەرۋىش مومايدىن: «بۈۋىڭلار قانداق كېسەل بولۇپ قالدى؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «مىجەزى يوق بولۇپ قالغان، تۆت - بەش كۈن بولدى. كىچىك سىرامان ۋە دەرۋىشلەرنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە قىزلار بار ئىدى، قايسى كۈنى كېچىسى ئۇخلايدىغان چاغدا ئۇلار چىراغنى ئۆچۈرمەپتۇ، بۈۋى بىرنەچچە قېتىم ئېيتىسىمۇ ئاڭلىماپتۇ. ئۈچىنچى جېسەكتىن كېيىن ئويغىنىپ كېتىپ قارىسا، چىراغ تېخىچە يېنىقلىق تۇرغۇدەك، چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار دەپ توۋلىسا، ھېچكىمدىن زۇۋان چىقماپتۇ، ھەممىسى ئۇخلاپ قالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن

ئۆزى قوپۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈپتۇ، ئورنىغا كەلسە، كاڭدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئولتۇرغۇدەك. ئۇ شۇ زامان، سىلەر كىم دەپ سورىشىغا، بىر سىرتماق كېلىپ بوۋىنىڭ بوينىغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋارقىراپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز چىراغ يېقىپ ھۇجرىغا كىرسەك، بوۋىم يەردە ياتىدۇ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ تۇرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ھوشىغا كەلدى. تېخىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، مېنى چىلىغان سەيدىن ئازراق ئەكېلىشكە بۇيرۇغان» دەيدۇ. ئۆزلىرى بولمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۆز بېشىمچىلىق قىلالماي: «كېلىن ئاغىچىنىڭ ھازىر ۋاقتى يوق، تۆر ئۆيدە ئىشى بار، قايتىپ كەلگەندە ئېيتىپ قوياي» دەپ يولغا سېلىپ قويدۇم. ھېلى جەنۇبىنىڭ سېپى توغرىسىدا گەپ قىلىنىۋىدىلە ئېسىمگە كەلدى، بولمىسا ئۇنتۇپ كېتىدىكەنمەن.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن:

— ئۇ سەيدىن يەنە بارغۇ، ئازراق ئەۋەتىپ بەرسەڭ بولىدۇ. ئۆگۈنلۈككە جيا چېنىي چاقىرتىپ كېلىپ كۈمۈشنى شۇنىڭغا بېرەيلى، — دېدى.

— ئوتتۇرانچى بېگىم، بۇگۈن كەچتە شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىشىم بار، ئۆيگە قايتالمايمەن، دەپ ئېيتىپ قويغىلى ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى شياۋخۇڭ كىرىپ.

— ئۇقتۇم ! — دېدى فېڭجيې.

شۇ ئارىدا بىر چۆرە قىز ۋارقىرىغان پېتى ئارقا تەرەپتىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇدۇل ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىردى. پىڭئېر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، بىرنەچچە دېدەك كۇسۇرلىشىۋاتاتتى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى فېڭجيې.

— چۆرە قىزدىن بىرسى قورقۇپ كېتىپتىكەن، جىننىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پىڭئېر.

— قايسىسى؟

چۆرە قىز ھۇجرىغا كىردى.

www.uyghurkitap.com

— نەدىكى جىننىڭ گېپىنى قىلىشتىڭ؟ — دەپ سورىدى فېڭجىيې.

— بابا مەن يۈگۈر - يېتىمچىگە كۆمۈر ئەكېلىپ بەر دەپ قويغىلى ئارقا تەرەپكە ئۆتۈۋىدىم. — دېدى ھېلىقى چۆرە قىز، — ئۇ يەردىكى ئۈچ ئېغىز بوش ئۆينىڭ ئىچىدىن «تاراق - تۇرۇق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دەسلەپتە چاشقاننى ماراپ ياتقان مۈشۈك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن، كېيىن خۇددى بىرسى جان ئۈزۈۋاتقاندەك «ۋاي» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغاندى، قورقۇپ كېتىپ ئارقامغا قاراپ يۈگۈردۈم.

— بىكار گەپ، — دەپ ۋارقىرىدى فېڭجىيې، — بىزنىڭ بۇ يەردە جىن - ئالۋاستىنىڭ گېپىنى قىلىشقا بولمايدۇ. مەن ئۇنداق گەپلەرگە ئەزەلدىن ئىشەنمەيمەن، كۆزۈمدىن يوقال!

ھېلىقى چۆرە قىز چىقىپ كەتتى.

فېڭجىيې سەيمىڭنى چاقىرتىپ، بىر كۈنلۈك پارچە - پۇرات خىراجەتنىڭ ھېسابىنى بىر قۇر سېلىشتۇردى، ئاخشىچە ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ھۇجرىدىكىلەر بىردەم ئارام ئالغاچ قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ، ئاندىن ئۇخلىغىلى چىقىپ كېتىشتى. فېڭجىيېمۇ ئۇخلىغىلى ياتتى، ئۈچىنچى جېسەك ۋاقتىغا ئاز قالغانىدى. فېڭجىيې ئۇيقۇلۇقتا ياتاتتى، بەدىنى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، شۇنچە جىم يېتىپ باقسىمۇ بارغانسېرى قورقۇنچ بېسىپ، ئاخىر پىڭئېر بىلەن چيۇتۇڭنى يېنىغا چاقىرىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياتتى. ئۇ ئىككىسى فېڭجىيېگە نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالدى. چيۇتۇڭ ئەسلىدە فېڭجىيېگە بويسۇنماي يۈرەتتى. كېيىن جيا لىيەن يۇ ئېرجيېنىڭ ئىشى تۈپەيلىدىن ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە فېڭجىيې ئۇنى ئۆزىگە تارتقاچقا، ھازىر سەل جىمىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىڭئېردىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە بىلىپ، كۆرۈنۈشتە بىلىندۈرمەيتتى. فېڭجىيېنىڭ مىجەزى يوقلۇقىنى كۆرۈپ،

چيۇتۇڭ ئۇنىڭغا چاي ئېلىپ كەلدى. فېڭجيې چايدىن بىر ئوتلام ئىچىپ:

— سېنى جوۋتىپ قويدۇم، بېرىپ ئۇخلاۋەرگىن، يېنىمدا پېڭئېر قالسىلا بولدى، — دېدى.

— خېنىم، ئۇيقۇلىرى كەلمەيۋاتقان بولسا، پېڭئېر ئىككىمىز قاشلىرىدا نۆۋەتلىشىپ ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، — دېدى چيۇتۇڭ خۇشامەت قىلىپ.

فېڭجيې يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. پېڭئېر بىلەن چيۇتۇڭ ئۇ ئۇخلىغۇچە كۈتۈپ تۇردى، يىراقتىن توخۇنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى. ئۇلار كىيىملىرى بىلەنلا يېتىپ ئازراقلا كۆزلىرىنى يۇمۇشىغا تاڭمۇ يورۇپ كەتتى. ئىككىسى دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، فېڭجيې يۇيۇنۇپ - تارانغۇچە خىزمىتىدە بولۇشتى.

ئاخشامقى ئۇخلىيالماسلىق تۈپەيلىدىن فېڭجيېنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى، ئەمما چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئورنىدىن زورىغا قوپقانىدى. هازىر دىققەت بولۇپ ئولتۇراتتى، هويلىدا بىر چۆرە قىزنىڭ:

— پېڭئېر خان قىز ئۆيدىمۇ؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

پېڭئېر هە دەپ جاۋاب بېرىپ تۇرۇشىغا، چۆرە قىز مىلەڭزىنى قايرىپ ئۆزىلا كىرىپ كەلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى جيا لىەننى ئىزدىتىپ ئەۋەتكەنىكەن.

— سىرتتا بىرسى زۆرۈر خانلىق ئىشى بىلەن كەپتىكەن. ئۇلۇغ بېگىم تېخى يېڭىلا چىقىپ كەتكەچكە، ئاغىچا خېنىم ئوتتۇرانچى غوجامنى چىقىپ باقسۇن، دېۋىدى، — دېدى ئۇ.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# سەكسەن توققۇزىنچى باب

## هالاك بولغۇچىنىڭ يادىكارىنى كۆرۈپ بەگزادىنىڭ نەزم يازغانلىقى
## ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرىگەن قەلەم قاشنىڭ غىزادىن قالغانلىقى

شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې ئىچى پۇشۇپ تۇراتتى، ئۇ چۆرە قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— يەنە نېمە خانلىق ئىشى ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ هودۇقۇپ.

— ئۇقمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى چۆرە قىز، — بايا ئارا دەرۋازىدىكى مۇلازىم بالا، بېگىمگە مەلۇم قىلىدىغان زۆرۈر خانلىق ئىشى بار ئىكەن، دەپ خەۋەر يەتكۈزگەنىدى. ئاغىچا خېنىم ئوتتۇرانچى غوجامنى تەكلىپ قىلىپ كەل دەپ مېنى ئەۋەتتى.

ئىنشائات دىۋانىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، فېڭجيېنىڭ يۈرىكى سەل ئىزىغا چۈشتى.

— سەن بېرىپ ئاغىچا خېنىمغا: ئوتتۇرانچى غوجام ئاخشام بىر ئىش بىلەن شەهەردىن چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەپتۇ، جيا جېن بېگىمگە كىشى ئەۋەتسەك دەيدۇ، دەپ ئۇچۇرىنى بەر، — دېدى فېڭجيې.

بىردەمدىن كېيىن جيا جېن كېلىپ، دىۋاندىن كەلگەن كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئىچكىرىگە كىرىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا ئۇچۇرىنى

بەردى:

— دىۋاندىن كەلگەن كىشىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە: تۈنۈگۈن دەريا ئىشلىرى باش نازىرىنىڭ سۇنغان ئىلتىماسىدا، خىنەن تەرەپتە دەريادىن يار كېتىپ بىرقانچە ۋىلايەت - ئايماق، ناھىيەلەرنى سۇ بېسىپ كەتتى، دەپ بايان قىلىنغانىكەن. دۆلەت خەزىنىسىدىن يەنە پۇل چىقىرىپ شەھەر - قورغانلارنى ياسايدىغان ئىش ئوخشايدۇ. ئىنشائات دىۋانىدىكى مەھكىمىدارلار بۇ ئىشتىن بىر قۇر خەۋەر ئاپتۇ. شۇڭا، دىۋاندىن بېگىمگە مەلۇم قىلىپ قويغىلى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن كىشى ئىكەن.

جيا جېن ئەھۋالنى بايان قىلىپ بولۇپ يېنىپ چىقتى. كېيىن جيا جېڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى قىشنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە، جيا جېڭ ھەر كۈنى ئىش بىلەن بەند بولۇپ يامۇلدىن بېرى كېلەلمىدى. باۋيۈينىڭ ساۋىقىنى تەكرارلىشىمۇ سۇسلىشىپ قالدى. بۇنى جيا جېڭ بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، باۋيۈي مەكتەپكە پات - پات بېرىپ ئوقۇشنى داۋام قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، ھەتتا دەيیۈينىڭ يېنىغا دائىم كىرىپ تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

بۇ، ئونىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. باۋيۈي بىر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭماقچى بولدى. شۇ كۈنى ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى، شۇڭا شىرېن بىر بوغجۇما كىيىمنى تەخلەپ، باۋيۈيگە:

— بۈگۈن ھاۋا بەك سوغۇق، ئەتىسى - ئاخشىمى ئۆزىڭىزنى ئىسسىقراق تۇتسىڭىز بولىدۇ، — دەپ قويۇپ، كىيىملەردىن بىرىنى تاللاپ باۋيۈينى كىيىندۈردى. يەنە بىرىنى بوغجۇملاپ، چۆرە قىز ئارقىلىق بېيمىڭغا: «ھاۋا سوغۇق، غوجام كىيىم يەڭگۈشلىمەكچى بولغاندا، تەييار قىلىپ تۇرسۇن» دەپ گەپ تاپىلاپ چىقارتىپ بەردى. بېيمىڭ خوش دەپ، بوغجۇمىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ باۋيۈينىڭ كەينىدىن ماڭدى.

باۋيۈي مەكتەپكە بېرىپ ساۋىقىنى ئىشلەۋاتاتتى، بىردىنلا

www.uyghurkitap.com

شامال چىقىپ، پەنجىرىگە يەملەنگەن قەغەزلەر تىرىقلاپ كەتتى.

ــ ھاۋا يەنە ئۆزگەردى، ــ جيا دەيرۇ تاشقىرىقى ئىشىكنى ئېچىپ ئاسمانغا قاراپ باقتى، غەربىي شىمال تەرەپتىن قاتمۇقات قارا بۇلۇت جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. بېيمىڭ كىرىپ باۋيۈيگە:

ــ غوجام، ھاۋا سوغۇق. قېلىنراق كىيىنىۋالسىلا، ــ دېدى.

باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بېيمىڭ كىيىمنى ئېلىپ كىردى، باۋيۈي كىيىمنى كۆرۈپلا ھاڭقېتىپ قالدى. ئوقۇغۇچى باللارنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ كىيىم چىڭۋېن ياماپ بەرگەن ھېلىقى توز مامۇقىدىن تىكىلگەن زەرباب يېپىنچا ئىدى.

ــ نېمىشقا بۇنى ئەكەلدىڭ؟ ساڭا كىم بەرگەن؟ ــ دەپ سورىدى باۋيۈي.

ــ ئىچكىرىدىن قىزلار بوغچۇملاپ چىقارتىپ بەرگەن، ــ دېدى بېيمىڭ.

ــ ئانچە توڭلىمىدىم، كىيمەيمەن، ئوراپ قوي.

دەيرۇ باۋيۈينى بۇ كىيىمنى ئايىدى، تېجەشنى بىلىپتۇ دەپ كۆڭلىدە سۆيۈندى.

ــ غوجام، كىيىۋالسىلا، سوغۇق تېگىپ قالسا پېقىر چاكارلىرى ئەيىبلىك بولۇپ قالىمەن، چاكارلىرىغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن ! ــ دەپ تۇرۇۋالدى بېيمىڭ.

باۋيۈي نائىلاج كىيدى، لېكىن كىتابقا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. جيا دەيرۇ ئۇنى كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ دەپ ئانچە پەرۋا قىلمىدى.

كەچقۇرۇن مەكتەپتىن قايتار چاغدا، باۋيۈي ئاغرىپ قالدىم دەپ، دەيرۇدىن بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. دەيرۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم بولغاچقا، بىرقانچە باللارنى ئوقۇتىمەن دەپ شۇلار بىلەن مىلىك بولۇپ يۈرەتتى. ئۆزىمۇ ھەپتىنىڭ بىر ـ ئىككى كۈنى ساق بولسا، قالغان كۈنلىرى ئاغرىپ يۈرەتتى، شۇڭا باللاردىن بىرەرى كەم بولسا بىر كۈنلۈك غېمىم ئازىيىدۇ دەپ

خۇشال بولاتتى. شۇڭا، ئۇ جىيا جېڭنىڭ ئىش بىلەن ئالدىراش، جىيا ئانىسىنىڭ باۋيۈيگە بەك ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بېشىنى لىڭشىتىپ رۇخسەت بەردى.

باۋيۈي ئۇدۇل كېلىپ جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارغا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئۇلارغىمۇ شۇنداق دېگەندى، ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلارمۇ ئىشىنىپ قالدى. باۋيۈي بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاندىن باغقا يېنىپ كىردى. شىرېنلەرنى كۆرۈپمۇ بالدۇرقىدەك ئۇلارغا گەپ ـ سۆز قىلماي، ئېگىنى بىلەنلا كاڭغا چىقىپ ياتتى.

— كەچلىك غىزا تەييار بولدى، ھازىر يەمسىز ياكى بىردەم تۇرۇپمۇ؟ — دەپ سورىدى شىرېن.

— غىزا يېمەيمەن، مىجەزىم يوق، ئۆزۈڭلار يەۋېرىڭلار، — دېدى باۋيۈي.

— ئۇنداق بولسا مۇنۇ يېپىنچىنى يەڭگۈشلىۋېتىڭ، بۇ نەرسە مۇنداق پۇرلەشتۇرۇۋېتىشكە پايلامدۇ؟

— يەڭگۈشلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

— بۇغۇ نازۇك كىيىم، ئۇنىڭدىكى يۆمەك ـ تىكىشلەرنى كۆرۈپ بولسىمۇ، بۇنى ئۇنداق زايە قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

بۇ گەپ باۋيۈينىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، ئىختىيارسىز ئاھ ئۇردى:

— بولمىسا، سەن ئېلىپ بوغجۇمىغا ئوراپ قويغىن، مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن كىيمەيلا قوياي! — دەپلا يېپىنچىنى سېلىۋەتتى. شىرېن يېپىنچىنى ئالاي دەپ قول سۇنغاندى، باۋيۈي ئۆزى قاتلىغىلى تۇردى.

— غوجام، بۈگۈن نېمانچە ئىشچان بولۇپ كەتكەنسىز؟ — دېدى شىرېن.

باۋيۈي ئۇندىمەي، يېپىنچىنى ئوبدان قاتلاپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇنى ئورايدىغان نەرسە قېنى؟ — دەپ سورىدى.

شېيۈ دەرھال ئېلىپ بەردى، باۋيۈي ئۆزى ئورىدى. شېيۈ كەينىدىن بۇرۇلۇپ، شىرىنغا كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى، باۋيۈيمۇ ئۇنىڭغا سىنەكىمەي، خاموش ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. جاۋەندىكى سائەت جاڭ سوققاندى، ئېڭىشىپ قاراپ باقتى، سائەتنىڭ يىڭنىسى دېگەر ۋاقتىدىن دەل ئىككى چارەك ئۆتكەنلىكنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن چۆرە قىز چىراغ ياندۇردى.

— غىزا يېمىسىڭىز، ئەمىسە ئىسسىق شوۋىگۇرۇچتىن يېرىم چىنە بولسىمۇ ئىچىۋېلىڭ، ئاچ قورساق يۈرمەڭ. پەخەس بولۇڭ جۇمۇ، قورساق ئاچلىقتىن قۇرۇق سەپرا چىگىلىۋالسا، بىزگە يەنە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىسىز، — دېدى شىرىن.

— قورسىقىم ئانچە ئاچمىدى، زورلاپ يېگەن بىلەن سىڭمەيدۇ، — دەپ باۋيۈي بېشىنى چايقىدى.

— ئەمىسە، بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئېلىڭ.

شىرىن، شېيۈلەر ئورۇن سېلىپ بەردى، باۋيۈي ئورۇنغا كىرىپ ياتتى. بىراق، ئۇيقۇسى كەلمەي، ئۇياقتا - بۇياقتا ئۆرۈلۈۋەردى، تاڭغا يېقىن كۆزى خىرە - شىرە ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولدى، بىرئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا يەنە ئويغىنىپ كەتتى. شىرىن، شېيۈلەرمۇ ئورنىدىن قوپۇشتى.

— ئاخشامدىن بۇيان قۇلاق سېلىپ ياتسام، — دېدى شىرىن، — بەشىنچى جىڭ ۋاقتىغىچە ئېغىناپ چىقتىڭىز، مەنمۇ سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالمىدىم. كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئۇخلىيالىدىڭىزمۇ؟

— ئازراقلا ئۇخلاپتىمەن، نېمىشقىكىن، ئويغىنىپ كەتتىمغۇتاڭ، — دېدى باۋيۈي.

— تاۋىڭىز يوق ئەمەستۇ؟

— ياق، كۆڭلۈم بىئارام بولۇپلا تۇرىدۇ.

— بۈگۈن مەكتەپكە بارامسىز؟

— تۈنۈگەن بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىغان، بۈگۈن باغدا

تاماشا قىلىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دېسەم، سوغۇقمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. سەن ئاۋۇلارغا ئېيتقىن، ھۇجرىلاردىن بىرىنى ئادالاپ، بىر تۈتۈرۈقلۇق كۇجە، قەغەز، دۇۋەت ـ قەلەم تەييارلاپ قويسۇن، سىلەر ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، ئۆزۈم يالغۇز بىردەم ـ يېرىمدەم تىنچ ئارام ئېلىۋالاي، ئۇلار مېنى ئېلىشتۇرمىسۇن.

— غوجام، ئارامىدا ئولتۇرۇپ مەشغۇلات قىلىدىغان بولسىلا، ئۆزلىرىنى ئېلىشتۇرۇشقا كىمنىڭ ھەددى ئىكەن! — دېدى شېيۇ.

— شۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى، ئۆزىڭىزگە سوغۇقمۇ تەگكۈزۈۋالمايتتىڭىز، ئۆزىڭىز يالغۇز ئولتۇرسىڭىز زېھنىڭىزمۇ ئېلىشمايدۇ، — دېدى شىرىن، — غىزانى كۆڭلۇم تارتمايدۇ دەيسىز، شۇنداقتىمۇ بۇگۇن نېمە يەيسىز، بالدۇرراق دەپ قويسىڭىز ئاشخانىدىكىلەرگە تاپىلاپ قويىمىز.

— نېمە بولسا بولىۋېرىدۇ، بۇنىڭغا ئالاقىزەدە بولۇپ غەلىۋە قىلىپ كەتمەڭلارچۇ، — دېدى باۋيۇي، — ھۇجرىغا بىرنەچچە دانە مېۋە ئەكىرىپ قويۇڭلار، مېۋىنىڭ خۇشبۇيىنى پۇراپ ئولتۇراي.

— قايسى ھۇجرا ياخشىدۇ؟ — دېدى شىرىن، — باشقىلىرى ئانچە پاكىز ئەمەس، چىڭۋېن بالدۇر تۇرغان ھۇجرا پاكىز، ئۇنىڭدا ھېچكىم ئولتۇرۇپ باقمىغان، شۇغىنىسى سوۋۇنرەك.

— مەيلى، چوغدانىنى شۇ يەرگە ئەكىرسەڭلارلا بولىدۇ، — دېدى باۋيۇي.

شىرىن خوش دەپ تۇراتتى، چۆرە قىز پەتنۇستا بىر چىنە، پىل چىشىدىن ياسالغان بىر جۈپ چوكا ئەكىرىپ شېيۈگە سۇنۇپ:

— بۇنى بايا شىرىن قىز بۇيرۇتقانىدى، ئاشخانىدىكى موماي ئەكىرىپتۇ، — دېدى.

شېيۈ ئېلىپ قاراپ باقتى، چىنىدىكىسى قارلىغاچ چاڭگىسى

شورپىسى ئىكەن.

— ئاچا، بۇنى سىز بۇيرۇتقانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى شىيۈ شىرىندىن.

— ئاخشام غوجام غىزا يېمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، كېچىچە ئۇخلىيالماي ئېغىناپ چىقتى، — دېدى كۈلۈپ شىرىن، — بۈگۈن ئەتىگەندە ئىچىلىرى تارتىشىپ قوپارمىكىن دەپ، چۆرە قىزلارغا مۇشۇنى ئېيتىپ قويغانىدىم، ئاشخانىدا ئەتكۈزۈپ كەپتۇ.

شىرىنىنىڭ جورۇشى بويىچە چۆرە قىز پەتنۇسنى شىرەگە قويدى. شورپىنى شىيۈ باۋيۈيگە ئىچۈردى. باۋيۈي شورپىنى ئىچىپ بولۇپ ئاغزىنى چايقاۋاتاتتى، چيۇۋېن كىرىپ:

— بايا دېگەن ھۇجرىنى بېسىقتۇرۇپ قويدۇق. كۆمۈرنىڭ تۈتۈنى تۈگەپ بولغاندىن كېيىن غوجام كىرسە بولىدۇ، — دېدى.

باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ، گەپ قىلىشقىمۇ ئېرىندى. بىردەمدىن كېيىن چۆرە قىز كىرىپ:

— دۇۋەت ـ قەلەمنىمۇ راسلاپ قويدۇق، — دەپ باۋيۈينى تەكلىپ قىلدى.

— ئۇقتۇم، — دېدى باۋيۈي.

— ئەتىگەنلىك غىزا تەييار بوپتۇ، غوجام نەدە يەيدىكىن؟ — دەپ يەنە بىر چۆرە قىز مەلۇم قىلدى.

— مۇشۇ يەرگە ئەكىرىڭلار، كۆپ ئاۋارە بولماڭلار.

چۆرە قىز خوش دەپ چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن غىزا كۆتۈرۈپ كىردى. باۋيۈي كۈلۈپ قويۇپ، شىيۈ بىلەن شىرىنگە:

— ئىچىم پۇشۇپلا تۇرىدۇ، يالغۇز يېسەم گېلىمدىن ئۆتمەسمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئىككىڭلار مەن بىلەن ئولتۇرۇپ بىللە يېسەڭلار، مەززىلىك تېتىپ كۆپرەك يەرمەن، — دېدى.

— خۇشلۇقلىرى تۇتۇپ مۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، بىزنىڭ

ئۇنداق قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، ــ دېدى شېيۇ كۈلۈپ.
ــ شۇنداق قىلساقمۇ بولىۋېرىدۇ، ــ دېدى شىرىن، ــ بىز بۈگۈنلا ئەمەس، ئۆتكەندىمۇ بىرقانچە قېتىم بىللە شاراب ئىچتۇققۇ، سىزنىڭ ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىش ئۇچۇن ئۇشتۇمتۇت بىللە غىزالانساق، ئۇنىڭ كارى چاغلىق. داۋاملىق شۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئەدەپ ـ قائىدە دېگەن قايرىلىپ قالغان بولىدۇ!
شۇ گەپ بىلەن ئۇچى داستىخانغا كەلدى: باۋيۈي تۆردە، شىرىن بىلەن شېيۇ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. غىزا يەپ بولغاندىن كېيىن، چۆرە قىز ئېغىز چايقايدىغانغا چاي كەلتۈردى. چۆرە قىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولغۇچە شىرىن بىلەن شېيۇ ئۇستىدە قاراپ تۇردى.
باۋيۈي قولىدا چاي تۇتقان ھالدا خىيال سۈرگەندەك بىردەم سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇپ:
ــ ھېلىقى ھۇجرىنى بېسىقتۇرۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ بايىلا مەلۇم قىلىپ قويغان تۇرسا، يەنە سوراۋېرىدىكەن! ــ دېدى شېيۇ.
باۋيۈي بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بايىقى دېيىلگەن ھۇجرىغا چىقتى. ئۆز قولى بىلەن بىر تال كۈجە ياقتى، مېۋە تىزدى. باشقىلارنى ھۇجرىدىن چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى. تاشقىرىدا شىرىنلار ئۇن چىقارماي جىم تۇرۇشتى. باۋيۈي ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىلگەن گۈللۈك قىزغۇچ قەغەزنى چىقىرىپ، بىرنەچچە ئېغىز تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، قولىغا قەلەمنى ئالدى ـ دە، يېزىشقا كىرىشتى.

ئارامبەخش غوجىسى كۆيدۈرگەن بۇ كۈجە بىلەن
چىڭۋېنگە مەلۇم بولسۇنكى:
چاچتىم سۈزۈك شاراب بىلەن خۇش پۇراقلىق چاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كېلىپ پۇقرا پەرزەندىسى بەھرىمەن بولغاي!
ئاندىن بۇنداق بىر نەسرىي نەزم يازدى:
بولۇپ ھەمراھ يېنىمدا،
چۇلغىغان سەن قەلبىمنى.
قوپتى يېغا ــ پىتنە ياندىن، بۇنى كىم بىلدى،
قىلدى نابۇت جېنىڭنى چەيلەپ قەددىڭنى؛
كىمگە ئېيتاي دەردىمنى؟
كۈنچىقىشقا ئاقتى سۇ،
قايتا غەربكە ياندۇرماس دەريا ئېقىنىنى.
مېھرىگىياھ بولمىغاچ كۆرمىدىم چۈشتە سېنى،
ئايان بولدۇڭ كېيىگىنىمدە ماتۇق ئېگىنىنى؛
ئۈزەلمەيمەن، ئاھ، مەن رىشتىمنى!

يېزىپ بولغاندىن كېيىن، باۋيۈي ئۇنى كۈجىگە تۈتۈپ كۆيدۈرۈۋەتتى. سۈكۈت قىلىپ بىردەم قاراپ تۇردى. بىر تال كۈجە كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئېچىپ يېنىپ چىقتى.

— نېمىشقا يېنىپ چىقتىڭىز؟ ئىچىڭىز پۇشۇپ ئادا بولاي دەپسىز ــ دە! — دېدى شىرېن.

— كۆڭلۈم بىئارام بولۇۋىدى، پاكىز، خىلۋەترەك جايدا ئولتۇرۇپ باقتىم، — دەپ باۋيۈي كۈلۈپ قويۇپ يالغان ئېيتتى، — ئەمدى تۈزىلىپ قالدىم، تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەي.

باۋيۈي ئۇ يەردىن چىققىنىچە ئۈدۈل بامبۇكزار سارايغا كەلدى.

— دەييۈي سىڭلىم ئۆيدىمۇ؟ — دەپ ھويلىدىلا سورىدى ئۇ.

— كىم ئۇ؟ — زىجۈەن مىلەڭزىنى قايرىپ كۈلۈپ ئالدىغا چىقتى، — باۋيۈي غوجام ئىكەنغۇ، خان قىز ئۆيدە. غوجام، ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا.

باۋيۈي زىجۈەن بىلەن ئۆيگە كىردى. دەييۈي ئىچكىرىكى

ھۆجرىدا ئىدى.

— زىجۇەن، غوجامنى ھۆجرىغا باشلا، — دېدى دەيىۋي.

باۋيۈي ئىچكىرىكى ھۆجرىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، بۇلۇتتا پەرۋاز قىلغان ئەجدىھا گۈللۈك قارامتۇل بىنەپشەرەڭ ۋاراقتا ئالتۇن سىياھ بىلەن يېزىلغان كىچىككىنە بىر بېيىتكە كۆزى چۈشتى. ئۇ مۇنداق بېيىت ئىدى:

يېشىل پەنجىردە تولۇن ئاي ئايان بولغاي،
كەتتى ئادەم سالنامىدە نامى قالغاي.

باۋيۈي بېيىتنى ئوقۇپ كۈلۈۋەتتى. ھۆجرىغا كىرىپ:

— سىڭلىم، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ.

دەيىۋي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قەدەم ئالدىغا كەلدى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دەپ كۈلۈپ تەكلىپ قىلدى دەيىۋي باۋيۈينى، — سۈترا كۆچۈرۈۋاتاتتىم، ئىككى قۇرلا قالدى، شۇنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن پاراڭ سېلىشايلى، — ئاندىن ئۇ شۆيەننى چاي قۇيۇشقا بۇيرۇدى.

— بولدى، قوزغالماي يېزىۋېرىڭ، — دېدى باۋيۈي. شۇئان باۋيۈينىڭ ئوتتۇرا تامدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر پارچە رەسىمگە كۆزى چۈشتى. رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە سىزىلغىنى ئاي پەرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر غىلمان بار ئىدى، ئاندىن يەنە بىر پەرىزات بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىمۇ تون كۆتۈرۈۋالغان قىياپەتتىكى بىر غىلمان تۇراتتى. ئاي پەردىسى بىلەن پەرىزاتنى بۇلۇتلار يانلىرىدىن قوغداپ تۇرغاندەك قىلاتتى، رەسىم ھېچقانداق رەڭ بىلەن بېزەلمەي، پۈتۈنلەي لى لۇڭمىيەن[①]نىڭ ئاق قىلىپ سىزىش ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىنغانىدى. ئۈستىگە

---

① لى لۇڭمىيەن — ئىسمى گۇڭلىن، تەخەللۇسى بوشى (1106 — 1149) ، سۇڭ دەۋرىدىكى سۈجۈلۈق رەسسام.

رەسمىيانە خەت نۇسخىسى بىلەن «زىمىستان بىلەن بەسلەشمەك»
دەپ يېزىلغانىدى.
— سىڭلىم، زىمىستان بىلەن بەسلەشمەك دېگەن بۇ رەسىمنى
يېڭى ئاسقان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى باۋيۈي.
— شۇنداق بولمايچۇ — دېدى دەييۈي، — تۈنۈگۈن بۇلار ئۆي
يىغىشتۇرغان، ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ بۇنى ئاستۇرۇپ قويدۇم.
— بۇ قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانكىن؟ — دېدى باۋيۈي.
— كۆزىڭىزگە شۇنچە تونۇش تۇرسىمۇ سورايدىكەنسىز !
— دەرھال ئەسلىيەلمىدىم، سىڭلىم، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا، —
دېدى كۈلۈپ باۋيۈي.
— «قىلۇر تاقەت زىمىستانغا ئاي پەرى، قار تەڭرىسى، ئاي ـ
قىرووۋدا ئۆزگىچە خوپ بىر ـ بىرىنىڭ چېھرىسى» دېگەننى
ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟
— پاھ ! ھەقىقەتەن ئاجايىپ يېڭىلىق ئىكەن بۇ ! بۇ رەسىمنى
راسا پەيتىدە ئېسىپسىز، — دەپلا باۋيۈي رەسىمنى ئۇياندىن بىر،
بۇياندىن بىر كۆرۈپ باقتى.
شۆيەن چاي دەملەپ كەلدى، باۋيۈي چاي ئىچتى. بىردەمدىن
كېيىن دەييۈي سۇترانى يېزىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ھايال قىلىپ قويدۇم، — دېدى.
— سىڭلىم، يەنىلا مۇشۇنداق تۈزۈت قىلىدىكەنسىز، — دېدى
باۋيۈي.
باۋيۈي دەيیۈينىڭ ئۇستىبېشىغا نەزەر سالدى. دەيیۈي
ئۇچىسىغا سۇتتەك ئاق گۈل چېكىلگەن كىمخاب تاشلىق كۆرپە
جۇۋا، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىيىن جىلىتكە كىيگەن، چېچىنى
ئادەتتىكىچە بۇلۇت شەكلىدە تۇرمىلەكلەپ، ياپىلاق ئالتۇن
تۈرگۈچتىن باشقا ھېچقانداق گۈل قىسمىغان. تۆۋىنىگە خانىش
ياڭ فېينىڭ كىيىم نۇسخىسىدا گۈل چېكىلگەن كىمخاب بەل
كۆڭلەك كىيگەن. قىياپىتى شۇنداق ئىدىكى:

تىك تۇرار ئەجەب سابادا قامىتى قاش سەنۇبەر،
بەرگىدىن شەبنەم چېچىپ پاھ خۇش كۆرۈندى نىلۇپەر.

— سىڭلىم، نەچچە كۈندىن بۇيان قولىڭىزغا قالۇننى ئېلىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— نەچچە كۈن بولدى، قولۇمغا ئېلىپ باقمىدىم، — دېدى دەييۈي، — خەت يېزىپ قولدىرىم تولۇپ كەتكەن تۇرسا، ساز چالغىلى بولامدۇ؟

— چالمايلا قويۇڭ، — دېدى باۋيۈي، — مېنىڭچە، قالۇنغۇ ئېسىل چالغۇ، لېكىن ئوبدان نەرسە ئەمەس. قالۇن چېلىشتىن زادىلا بەخت ـ دۆلەت، ئۇزۇن ئۆمۈر كەلمەيدۇ، قايغۇ ـ ھەسرەت، كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى كېلىپ چىقىدۇ. ئاندىن قالۇن چالغاندا، نوتىسىنى كۆڭۈلدە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇمۇ بىر ئاۋارىچىلىك. گېپىمگە كىرسىڭىز، سىڭلىم، بەدىنىڭىز ئاجىز بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ.

دەييۈي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. باۋيۈي تامدىكى قالۇننى كۆرسىتىپ:

— سىز دېگەن قالۇن ئاشۇمىدى؟ نېمانداق قىسقا بۇ، — دەپ سورىدى.

— بۇنى قىسقا دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى دەييۈي كۈلۈمسىرەپ، — مەن كىچىكىمدە بۇنى چېلىشنى ئۆگىنەلەيدىغان بولغىنىمدا، باشقا قالۇنلارغا بويلىيالمىغىنىم ئۈچۈن، بۇنى ماڭا ئالاھىدە ياسىتىپ بەرگەن. ياغىچىمۇ ئېسىل ياغاچ ئەمەس، لېكىن سېپى بىلەن بويىنى ناھايىتى تەكشى، قورسىقى بىلەن يۈزىمۇ خېلىلا قاملاشقان. ئۈستىدىكى كالا مويىدەك گۈللىرىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ شۇڭا ئاۋازىمۇ جاراڭلىق.

— سىڭلىم، نەچچە كۈندىن بۇيان شېئىرمۇ يېزىپ باقتىڭىزمۇ؟

— مۇشائىرە جەمئىيىتى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ئانچە

www.uyghurkitap.com

يازالىدىم.

— مەندىن يوشۇرماڭ، — دەپ كۈلدى باۋيۈي، — سىزنىڭ «قايغۇڭىز يوق ھاجىتى، چۈنكى دىلىم ئاق مېنىڭ بەئەينى ئاينىڭ نىسبىتى» دەپ ئوقۇغىنىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم. بۈگۈنى قالۇنغا تەگكەش قىپتىكەنسىز، ئاھاڭى ئىنتايىن جاراڭلىق بولۇپ تۇيۇلدى. شۇنداققۇ؟

— قانداق ئاڭلاپ قالدىڭىز؟

— قايسى كۈنى چاكاندىزار ئايۋاندىن كېلىۋېتىپ ئاڭلىغاندىم. پاساھەتلىك قاپىيەلىرىڭىزنىڭ بېلىنى ئۈزۈۋەتمەي دەپ، بىردەم جىم قۇلاق سېلىپ، ئاندىن كەتتىم. سىزدىن شۇنى سورىماقچىمەن: باشتا تەكشى ئۇرغۇلۇق قاپىيەدىن باشلاپ، ئايىغىدا بىردىنلا ئارىلاش ئۇرغۇلۇق قاپىيەگە يۆتكىۋەتتىڭىز، نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭىز؟

— بۇ، ئادەمنىڭ قەلبىدىن چىققان تەبىئىي سادا، قايسى تەرەپكە راۋان بولسا شۇ تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇقىم چەك بولمايدۇ.

— ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە، ئەپسۇسكى، مېنىڭ قەلب ساداسىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، بىكارلا ئاڭلاپتىمەن!

— قەدىمدىن تارتىپ قەلب ساداسىنى بىلىدىغان قانچە ئادەم بار ئىدى؟

باۋيۈي ئۆزىنىڭ يەنە گەپتە قاراملىق قىلىپ قويغىنىنى تۇيۇپ، دەييۈينىڭ كۆڭلىگە تېگىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ باقتى، كۆڭلىدە دەيدىغان بىرمۇنچە گەپلىرى باردەك قىلاتتى، لېكىن دەيدىغانغا گەپ تاپالماي قالدى. دەييۈيمۇ بايىقى دەپ تاشلىغان گېپىنى شۇئانلا ئويلاپ بېقىپ، تولىمۇ سوغۇق نەپەسلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، دېگەن يەرگە كېلىپ قايتا گەپ تاپالماي قالدى. باۋيۈيگە تېخىمۇ دەييۈي گۇمان قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، تەڭلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى.

— سىڭلىم، سىز ئولتۇرۇپ قېلىۋېرىڭ، مەن ئۈچىنچى ھەمشىرىنى يوقلاپ كېلەي، — دېدى باۋيۈي.

— ئۈچىنچى ھەمشىرە بىلەن كۆرۈشسىڭىز مەندىن سالام ئېيتىڭ، — دېدى دەييۈي.

باۋيۈي خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. دەييۈي ئۈنى ھۇجرا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ يېنىپ كىردى. كۆڭلى بىئارام بولۇپ: «باۋيۈي يېقىندىن بۇيان گەپ قىلسا، گېپىنىڭ بېشى بار، ئايىغى يوق، بىردەم تولۇق، بىردەم سىلىق گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى، نېمە قىلغىنىكىن ئۈنىڭ» دەپ ئويلىنىپ تۇراتتى، زىجۈەن كىرىپ كەلدى:

— خان قىز، سۇترانى يازماسىز؟ يازمىسىڭىز دۇۋەت - قەلەمنى يىغىشتۇرۇۋېتەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يازمايمەن، يىغىشتۇرۇۋەت، — دەييۈي شۇنداق جاۋاب بېرىپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ كارىۋاتقا قىڭغايدى - دە، ئاستا خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

— خان قىز، چاي ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى زىجۈەن يەنە كىرىپ.

— ئىچمەيمەن، ئازراق قىڭغىيىۋالاي، ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، — دېدى دەييۈي.

زىجۈەن خوش دەپ يېنىپ چىقتى. شۈيەن ئۆزى يالغۇز ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇراتتى، زىجۈەن ئۈنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— شۇ تاپتا كۆڭلۈڭگە يەنە نېمە ئىشلار كېچىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

شۈيەن زىجۈەننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

— بوشراق گەپ قىلغىن. بۈگۈن مەن بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم، غەلىتە گەپ. ساڭا دەپ بېرەي، لېكىن بىر كىمگە دەپ قويما! — دەپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا تۇمشۇقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويدى. زىجۈەنگە «يۈر» دېگەننى قىلىپ بېشى بىلەن كۆرسىتىپ، تالاغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدىكى سۇپا تۈۋىگە

كېلىپ، كۈسۈرلاشقا باشلىدى:
— ئاچا، سەنمۇ ئاڭلىدىڭمۇ، باۋيۈيگە چاي ئىچۈرۈپ قويۇپتۇ.
زىجۈەن بۇ گەپتىن چۆچۈپ كەتتى.
— نەدىن چىققان گەپ ئىكەن بۇ؟ يالغاندۇ؟
— نېمىسى يالغان بولسۇن! باشقىلار ئۇقۇپ بوپتۇ، بىزلا ئاڭلىماپتىمىز، — دېدى شۆيەن.
— نەدىن ئاڭلىدىڭ؟
— سىشۈدىن ئاڭلىدىم، ئۇ قانداقتۇ مەشھۇر بىر خانىدانىنىڭ قىزىمىش. ئائىلىسىنىڭ ھال - ئوقىتىمۇ ئوبدان، قىزىمۇ قاملاشقان قىز ئىكەن.
زىجۈەن بۇ گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، دەييۈي ئورنىدىن تۇرغاندەك بولۇپ يۆتىلىپ قويدى. زىجۈەن ئۇنى چىقىپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ، شۆيەننى ئېتەكىدىن تارتىپ قويۇپ، قولىنى چايقىدى، ئاندىن ئىچكىرىكى ھۇجرىغا قاراپ باقتى، ھېچقانداق شەپە بىلىنمىگەچكە، يەنە كۈسۈرلاپ سورىدى:
— ئۇ زادى نېمىلەرنى دېدى؟
— قايسى كۈنى مېنى ئۈچىنچى خان قىزغا رەھمەت ئېيتىشقا ئەۋەتكەن ئەمەسمۇ، بارسام، ئۈچىنچى خان قىز ئۆيدە يوق ئىكەن، سىشۈلا بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئولتۇرۇپ گەپلەشتۇق. گەپتىن گەپ چىقىپ، باۋيۈي غوجامنىڭ كەپسىزلىكى توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالدى. سىشۇ: «باۋيۈي غوجامنىڭ نەرى ياخشى بولاتتى! ئويۇن - تاماشىنىلا بىلىدۇ، ھېچبىر يېرى چوڭ ئادەمنىڭ سىياقىغا ئوخشىمايدۇ، چاي ئىچۈرۈپ قويغان تۇرۇقلۇقمۇ، يەنە شۇنداق ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ يۈرىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: «پۈتۈشۈپ بوپتىمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «پۈتۈشۈپ بولدى. ۋاڭ بېگىم دېگەن بىر كىم سوچىلىق قىپتۇ، ئۇ كىشى شەرقىي قەسىردىكىلەرنىڭ تۇغقىنى ئىكەن، شۇڭا سۈرۈشتۈرۈپ باقماي، ئېغىز ئېچىشى بىلەنلا ماقۇل كېلىشىپتۇ» دېدى.



www.uyghurkitap.com

زىجۇەن بويىنىنى قىسىپ «بۇ غەلىتە گەپقۇ» دەپ ئويلىنىپ قالدى.

— نېمىشقا بۇ ئائىلىدىكىلەردىن بىرەرسىمۇ بۇ ھەقتە گەپ - سۆز قىلمايدىكىنە؟ — دېدى ئۇ.

— سىشۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاغزىڭلاردىن چىقارماڭلار، دېگەن ئوخشايدۇ. بۇ توغرىدا گەپ - سۆز بولۇپ قالسا، باۋيۈينىڭ مىجەزى قوداڭشىپ قالىدۇ دەپ ئەنسىرەپ ئېغىز ئاچمايدىكەن. سىشۇ ماڭا: ھەرگىزمۇ بۇ گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويغۇچى بولما، بولمىسا مېنى شۆپۈك ئېغىز دېيىشىدۇ، دەپ تاپىلاپ قويدى، — شۇيەن گەپ قىلىپ بېرىۋېتىپ، ئىچكىرىكى ھۇجرىنى كۆرسەتتى، — شۇڭا بۇ خېنىمنىڭ ئالدىدىمۇ تىنمىدىم. بۈگۈن سەن سوراپ قالغاچقا، سەندىن يوشۇرۇپ قالالمىدىم.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، شاتۇتى: «خان قىز كەلدى، چاي قۇي !» دەپ، ئۈگىنىۋالغان گېپىنى چىللىغانىدى، زىجۇەن بىلەن شۆيەن چۆچۈپ كېتىشتى، ئۇلار كەينىگە بۇرىلىپ قاراپ بېقىپ، ھېچكىم كۆرۈنمىگەچكە، شاتۇتىغا كايىپ قويۇشتى. ئاندىن ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ قاراپ بېقىشتى. دەييۈي يېڭىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن. زىجۇەن يامزىلاپ، «چاي ئىچەمسىز» دەپ سوراپ كۆردى.

— ئىككىڭلار نەگە كەتكەنىدىڭلار؟ قىچقىرسام ھېچقايسىڭلار يوق، — دەپ قويۇپ، دەييۈي كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ قىڭغايدى - دە، كاڭغا موكىلا چۈشۈپ ياتتى. چىمىلدىقنى چۈشۈرگۈزۈۋەتتى. زىجۇەن بىلەن شۆيەن خوش دەپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئىككىسى ئۆز كۆڭلىدە بايىقى قىلىشقان گەپلىرىنى دەييۈي ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىشىپ، بۇ توغرىدا قايتا گەپ قىلىشمىدى.

دەييۈينىڭ ئۆز كۆڭلى سىرى بار ئىدى، زىجۇەن بىلەن

شۆيەننىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئېنىق بولمىسىمۇ ھەر ھالدا ئۇبدانلا ئاڭلاپ قېلىپ، جىسمى گويا چوڭقۇر دېڭىزغا ئىرغىتىۋېتىلگەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنى - بۇنى ئويلاپ كېلىپ، قايسى كۈنى چۈشىدە كۆرگەن بېشارەتنى گۈپپىدە ئېسىگە ئالدى - دە، دىلىغا شۇئان كۈرمىڭ ھەسرەت - نەپرەت جۇغلاندى. ئۇنداقمۇ ئويلاپ، بۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى، ئاخىر كۆزۈمچىلا كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ قېلىپ سەتچىلىككە قالغاندىن كۆرە، بالدۇرراق ئۆلۈپ قۇتۇلغىنىم ئەۋزەل، دېگەن يەرگە كەلدى. ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغانلىق دەردىنى ئويلاپ، كۆڭلىگە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى ئۆزۈم كۈندىن - كۈنگە نابۇت قىلىپ بەرسەم، بىرەر - يېرىم يىلىغا قالماي ئادا - جۇدا بولۇپ تۈگىشىمەن، دېگەن نىيەتنى پۈكتى. شۇنىڭ بىلەن يوتقانمۇ يېپىنماي، چاپانمۇ كىيمەي، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋەردى. زىجۈەن بىلەن شۆيەن بىرقانچە قېتىم خىزمىتىگە كىرگەن بولسىمۇ، دەييۈي قىمىرلاپمۇ قويمىغاچقا، ئويغىتىشتىن تەپ تارتىپ چىقىپ كېتىشتى. دەييۈي كەچلىك غىزانىمۇ يېمىدى. چىراغ يېقىلغاندىن كېيىن، زىجۈەن چىمىلدىقنى قايرىپ قاراپ باقتى، دەييۈي ئۇخلاپ قېلىپ، يوتقاننى ئاياغقا سىيرىلدۇرۇپ قويۇپتۇ، زىجۈەن ئۇنىڭغا سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن دەپ، يوتقاننى ئاستاغىنا يېپىپ قويغاندى، دەييۈي قىمىرلىمىدى. بىراق، زىجۈەننىڭ چىقىپ كېتىشىگىلا، يوتقاننى يەنە تېپىپ چۈشۈرۈۋەتتى.

— زادى بۇگۈن دېگەن گېپىڭ راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ؟ — دەپ زىجۈەن شۆيەندىن يەنە سوراپ تۇرۇۋالدى.

— قانداقسىغا راست بولمايدىكەن! — دېدى شۆيەن.

— سىشۇ قانداق ئۇقۇۋاپتۇ؟

— شياۋخۇڭدىن ئاڭلاپتۇ.

— بىزنىڭ قىلىشقان گېپىمىزنى خان قىز ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ. بايىقى ئەۋزايىنى كۆردۈڭغۇ، بۇنداق بولۇشىنىڭ بىر

سەۋەبى بار. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايلا قويايلى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئورۇن راسلاپ ئۇخلىماقچى بولۇشتى. زىجۇەن كىرىپ قاراپ باققاندى، دەييۇي يوتقاننى يەنە تېپىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، زىجۇەن قايتا يېپىپ قويدى. كېچىچە باشقا ۋەقە بولمىدى.

ئەتىسى دەييۇي ئورنىدىن سەھەر تۇردى. ھېچكىمنى قىچقىرماي، ئۆزى يالغۇز تېكىرقاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. زىجۇەن ئويغىنىپ، دەييۇينىڭ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا:

— خان قىز، نېمانچە سەھەر تۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق بولۇشى كېرەك - دە! بالدۇر ياتقاندىن كېيىن، بالدۇر تۇردۇم، — دېدى دەييۇي.

زىجۇەن ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، شۆيەننى ئويغىتىپ، دەييۇينىڭ يۇيۇنۇش - تارىنىشىغا كۆتكۈچىلىك قىلدى. دەييۇي ئەينەككە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى، بىر دەمدىلا كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش قۇيۇلۇپ، ھىلىھىلە قول ياغلىقىنى ھۆل قىلىۋەتتى. بۇ ھالەتتى بەئەينى شۇنداق ئىدىكى:

ناتىۋان تەن سايىسى چۈشتى كۆكلەم سۈيىگە،
سايە كۆيۈندى ئاڭا، بۇمۇ كۆيدى سايىگە.

زىجۇەن بىھۇدە گەپ قىلىپ قويۇپ، كونا نەپرەتنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالماي دەپ ئەنسىرەپ، بىر چەتتە قىمىرلىماي تۇراتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دەييۇي ئاندا - مۇندىلا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، چېچىنى تارىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچىلا ياش يۇقى ئىدى. ئاندىن ئۇ بىرئاز ئولتۇرۇپ باقتى.

— شىزاڭ كۆجىسىنى يېقىپ قوي، — دەپ زىجۇەننى بۇيرۇدى دەييۇي.

— خان قىز، ئۇخلىدى دېگۈچىلىك ھېچقانچە ئۇخلىيالمىغان تۇرسىڭىز، كۆجە ياقساق بولارمۇ؟ سۈترا يازامسىز يا؟ — دەپ سورىدى زىجۇەن.

دەييۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— خان قىز، بۈگۈن بەك سەھەر تۇرۇپ كەتتىڭىز، يەنە سۈترا يازىدىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويارسىز مىكىن.

— نېمىدىن قورقۇلۇق! بالدۇرراق تۈگەشكىنىم تۈزۈك! مەن سۈترا ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقىنىم يوق، شۇنى كۆچۈرۈش باھانىسى بىلەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دېدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ يازغان خەتلىرىمنى كۆرۈپ تارتىپ قالساڭلار، مېنىڭ چىرايىمنى كۆرگەندەك بولارسىلەر، — شۇئان دەييۈينىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلدى. زىجۇەن بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن، قايتا تەسەللى بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىۋەتتى.

دەييۈي ھېلىقىدەك قارارغا كېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئەتەي ئۆزىنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن، غىزانى كۆڭلى تارتماي، كۈندىن - كۈنگە ئازايتىۋەتتى. باۋيۈي مەكتەپتىن يانغىنىدا پات - پات كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى. دەييۈينىڭ دېمەكچى بولغان كۆرمىنىڭ گەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىم، كىچىك چېغىمدىكىدەك ئەركىلەپ ئوينىشىسام قاملاشمايدۇ دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، قەلبىنى چۇلغاپ تۇرغان سىرلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. باۋيۈي ئۇنىڭغا چىن سۆزلىرى بىلەن تەسەللى بەرمەكچى بولاتتى، لېكىن يەنە، دەييۈي خاپا بولۇپ قالسا، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالارمىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيتتى. ئىككىسى كۆرۈشكەنلىرىدە بىر - بىرىگە ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا تەسەللى ئېيتىشاتتى. ئىككىسى ھەقىقەتەن «چېكىدىن ئاشقان يېقىنلىقتىن ئەكسىچە يىراقلىق كېلىپ چىقىدۇ» دېگەندەك بولۇپ قالغانىدى.

دەييۈيگە جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار خەيرخاھلىق قىلغىنى بىلەنمۇ، پەقەت تېۋىپ چاقىرتىپ داۋالىتىش ۋە ئۇنى كېسەلچان دېيىشتىن باشقا، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى كېسەلنى بىلەمتى؟ زىجۈەنلەر ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشەنسىمۇ، لېكىن گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ دەييۈي كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىۋەردى. يېرىم يىلغا قالماي مەيدىسى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئاخىر سۈيۈق - سەلەڭ نەرسىنىمۇ يېيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەييۈيگە كۈندۈزلىرى ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى باۋيۈينىڭ ئۆيلىنىشى توغرىسىدىكى گەپلەر بولۇپ ئاڭلىنىدىغان، ئارامبەخش ھويلىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىمۇ، مەيلى يۇقىرىدىكى ياكى تۆۋەندىكىلەرنىڭ بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئەۋزايىدىن خۇددى باۋيۈينىڭ ئۆيلەنگەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ھامما يوقلاپ كەلگەندە، باۋچەينىڭ بىللە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ گۇمانلاندى. ئۇ ھازىر كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىنى ياقتۇرمايتتى، غىزامۇ يېگۈسى كەلمەيتتى، تېزرەك ئۆلۈم كېلىشىنىلا خالايتتى. ئۇخلاپ چۈش كۆرسە، كىشىلەرنىڭ «باۋيۈي غوجامنىڭ ئاغىچىسى» دەپ قىچقارغانلىقىنىلا چۈشەيدىغان بولدى. كۆڭلىدىكى گۇمانلار يىغىلىپ كېلىپ، ئاخىرىدا ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۈكسىنىدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە غىزادىن پۈتۈنلەي قېلىپ قالدى، شۇۋىگۈرۈچىنىمۇ ئىچمەي قويدى. تىنىقى پەسلەپ ئۆلەر ھالەتكە يەتتى، دەييۈينىڭ ھاياتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توقسىنىنچى باب

## چاپىنىنى يوقىتىپ قويغان نامرات قىزنىڭ غەلۋىگە بەرداشلىق بەرگەنلىكى
## مېۋە ـ گېزەكلەر سۇنۇلغانلىقىغا ھەيران بولغان يىگىتنىڭ شۈبھىگە چۈمگەنلىكى

دەييۈي ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىش نىيىتىگە كەلگەندىن كېيىن، بارا ـ بارا ھالىدىن كېتىپ، ئاخىر غىزادىن پۈتۈنلەي قېلىپ قالدى. ئون نەچچە كۈنگىچە جىيا ئانىلار نۆۋەت بىلەن كېلىپ يوقلاپ تۇرۇشتى. ئۇ گاھىدا بىرنەچچە ئېغىزلا گەپ قىلىپ قوياتتى، ئىككى كۈندىن كېيىن گەپ قىلماسلا بولدى. بەزىدە خۇدىنى بىلمەيتتى، بەزىدە خېلى ھوشيار بولۇپ قالاتتى. جىيا ئانا ۋە باشقىلار ئۇنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى پەملەپ، زىجۈەن بىلەن شۈيەندىن بىرنەچچە قېتىم سوراشتۇرۇپمۇ باقتى. ئۇ ئىككىسى راستىنى ئېيتىشقا پېتىنالامتى؟ زىجۈەن بېرىپ سىشۇدىن بىرەر گەپ ـ ئۇچۇرنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچىمۇ بولدى، بىراق ئۇ يەنە بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلغانسېرى راستقا ئايلىنىپ كېتىپ، دەيۈينىڭ ئۆلۈمى تېزلىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، سىشۇنى كۆرگەندە بۇ ھەقتە قىلچە گەپ ئاچمىدى. ئۆزى توشۇپ كەلگەن بۇ گەپ تۇپەيلىدىن مۇشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان شۈيەنمۇ، شۇ تاپتا «مەن دېمىدىم» دەيدىغانغا يۈز ئاغزىم بولغان بولسىمۇ كاشكى، دېگەن يەرگە كەلگەن تۇرسا، بۇ گەپنى تىلغا ئېلىشقا ئەلۋەتتە پېتىنالمايتتى. زىجۈەن بۇگۈن

دەييۇينىڭ غىزادىن چورتلا قېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈمىدىنى ئۈزدى ـ دە، دەيىيۇيىنىڭ قېشىدا بىردەم يىغا ـ زار قىلدى، ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن چىقىپ، شۆيەنگە:

— ھۇجرىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن، مەن بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىم ھەم ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىلارغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ كېلەي. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، — دەپ كۈسۈرلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

شۆيەن دەييۇيگە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ھۇجرىغا كىردى، دەييۇي بىھوش ياتاتتى. كىچىك بالا دېگەن نەدە يۈرۈپ بۇنداق ئىشنى كۆرسۇن؟ ئۇ دەييۇنى بۇ ئەۋزايىدىن جان ئۈزۈۋاتسا كېرەك، دەپ چاغلاپ، ئېچىنىشقا ھەم قورقۇشقا باشلىدى ۋە زىجۈەننىڭ شۇ تاپتا كىرىپ كېلىشىگە شۇنچە تەقەززا بولۇپ كەتتى. ئاشۇنداق قورقۇپ ئولتۇرغاندا، تالادا بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، شۆيەن زىجۈەننى قايتىپ كەپتۇ دېگەن ئويغا كېلىپ، خاتىرجەم بولدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ مىلەڭزىسىنى قايرىپ ئۇنى ساقلاپ تۇردى. تاشقىرىقى ھۇجرىنىڭ مىلەڭزىسى شالدىرلاپ بىرەيلەن كىرىپ كەلدى ئۇ سىشۇ ئىدى، ئۇنى تەنچۈن دەييۇينى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. ئۇ شۆيەننىڭ مىلەڭزىنى قايرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— خان قىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

شۆيەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. سىشۇ شۆيەننىڭ ئارقىسىدىن ئىچكىرى ھۇجرىغا كىردى. ئۆيدە زىجۈەننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ دەييۇگە قاراپ باقتى، ئۇنىڭ تىنىقى ئارانلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى.

— زىجۈەن ئاچام قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— تۆر ئۆيگە خەۋەر قىلغىلى كەتكەن، — دېدى شۆيەن.

www.uyghurkitap.com

شۆيەن دەييۈيىنى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، زىجۈەن بولمىغاندىن كېيىن، سىشۇنىڭ قولىدىن ئاستا تارتىپ تۇرۇپ:

— قايسى كۈنى ماڭا ھېلىقى ۋاڭ بېگىم دېگەن بىرسى باۋيۈي غوجامغا لايىق تېپىپتۇ دېگەنىدىڭىزغۇ، شۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راست بولمايچۇ! — دېدى سىشۇ.

— قاچان چاي ئىچۈرۈپتۇ؟ — دەپ سورىدى شۆيەن.

— نەدە چاي ئىچۈرىدۇ؟ ساڭا دەپ بەرگەن گەپنى شۇ كۈنى مەنمۇ شياۋخۇڭدىن ئاڭلىغان، كېيىن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭكىگە بارغىنىمدا، كېلىن ئاغىچا پىڭئېر ئاچامغا: «سۇخەنچىلەر مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇلۇغ بېگىمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە بېگىمنى ئۆزىگە رام قىلماقچى بولغان نېمە. ھېلىغۇ چوڭ ئاغىچا خېنىم ياخشى ئەمەس دەپتۇ، چوڭ ئاغىچا خېنىم رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇ قىزنى ياخشى دېگەن تەقدىردىمۇ، چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزى ئادەم تونۇيالامتى؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغىنى بار، ئۇ مۇشۇ باغنىڭ ئىچىدە، ئۇنى چوڭ ئاغىچا خېنىم نەدە يۈرۈپ بىلسۇن؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چوڭ بېگىم سۆز ئېچىپ قالغىنى ئۈچۈنلا سوراپ قويغان گەپ» دېگەندەك گەپلەرنى دەپ بېرىۋېتىپتىكەن. ئاندىن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ يەنە: «جاۋ يۈيىنىڭ تويى ئىشىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمچۇ، تۇغقاننىڭ ئۈستىگە تۇغقان قىلماقچى. بۇنداقتا ھەرقانداق ئادەم لايىق تاپقىنى بىلەنمۇ، بەربىر ئاقمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شۆيەن ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ:

— بۇ قانداق گەپ بولدى! بۇ گەپچە بىز بىزنىڭ مۇنۇ قىزىمىزنى بىكاردىن - بىكارغىلا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردۇقمۇ! — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى سىشۇ.

— سەن تېخى ئۇقمايسەن ! — دېدى شۆيەن، — قايسى كۈنى زىجۇەن ئاچام ئىككىمىز مۇشۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلاشقانىدۇق. بۇياق ئاڭلاپ قېلىپ مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.
— ئاستىراق گەپ قىل، ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى سىشۇ.
— قاراپ باقە، خۇدىنى بىلمەي ياتىدۇ، كۆپ بولسا بىر - ئىككى كۈنلۈكلا قالدى، — دېدى شۆيەن.
ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە زىجۇەن مىلەڭزىنى قايرىپ كىرىپ كەلدى ۋە:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار ! ھەرقانداق گېپىڭلار بولسىمۇ بۇ يەردە پاراڭلاشقۇچە سىرتقا چىقىپ پاراڭلاشساڭلار بولمامدۇ؟ ئۇنى بىراقلا ئۆلسۇن دېدىڭلارمۇ يا ! — دېدى.
— مەن بۇنداق غەلىتە ئىشنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى سىشۇ.
— ئوبدان ئاچا، — دېدى زىجۇەن، — گەپ قىلسام ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ بىلگەن بولساڭغۇ بۇنداق گەپ توشۇپ يۈرمەيتتىڭ.
ئۇچى پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، دەييۇي يۆتىلىپ كەتتى، زىجۇەن ئالمان - تالمان كاڭنىڭ لېۋىگە يۈگۈرۈپ كەلدى، سىشۇ بىلەن شۆيەن ئىككىسىنىڭ زۇۋانى ئېتىلدى. زىجۇەن دەييۇيگە ئېڭىشىپ تۇتۇپ:
— خان قىز، سۇ ئىچەمسىز؟ — دەپ ئاستا سورىدى.
دەييۇي ئارانلا «ھە» دېيەلىدى. شۆيەن ئىتتىك بېرىپ قايناق سۇدىن يېرىم چىنە قۇيۇپ كەلدى، زىجۇەن چىنىنى قولىغا ئالدى، سىشۇمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. زىجۇەن ئۇنىڭغا گەپ قىلما دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقاپ قويدى. سىشۇ قىلماقچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن دەييۇي يەنە يۆتەلدى. زىجۇەن شۇ ئارىلىقتا:
— خان قىز، سۇ ئىچىۋېلىڭ ! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

دەييۈي يەنە ئارانلا «ھە» دېدى. دەييۈي بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى، بۇ ھالدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلەمتى؟ زىجۈەن لىككىدە كاڭغا چىقىپ، دەيۈينىڭ قېشىدا ئولتۇردى ۋە قايناق سۇنى قىزىقمۇ، سوغۇقمۇ دەپ ئىچىپ بېقىپ، ئاندىن دەيۈينىڭ بېشىنى يۆلەپ چىنىنى ئاغزىغا ئاپىرىۋىدى، دەييۈي بىر يۇتۇملا ئىچتى. زىجۈەن چىنىنى ياندۇرۇۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا، دەييۈي يەنە بىر ئوتلاشقا ئۇمەللىگەندى، زىجۈەن چىنىنى قىمىرلاتماي تۇتۇپ بەردى، دەييۈي يەنە بىر يۇتۇم ئوتلىدى، ئاندىن ئىچمەيمەن دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى چايقىدى، چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، بېشىنى يەنە ياستۇققا قويدى. بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىپ:

— بايا گەپ قىلغان سىشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، شۇ — دېدى زىجۈەن جاۋاب بېرىپ.

سىشۇ تېخى چىقىپ كەتمىگەندى، دەررۇ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. دەييۈي كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئاندىن بىر پەس دېمىنى ئېلىۋېلىپ:

— قايتىپ بېرىپ خان قىزغا سالام ئېيت، — دېدى.

سىشۇ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، دەييۈي مەندىن يىرگەنگەن ئوخشايدۇ دېگەن يەرگە كەلدى - دە، ئاستا چىقىپ كەتتى.

دەييۈينىڭ كېسىلى شۇنداق ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلى روشەن ئىدى. دەسلەپتە ئۇ سىشۇ بىلەن شۆيەننىڭ قىلىشقان گەپلىرىدىن بىرەر - يېرىم ئېغىزىنى تۇتۇقلا ئاڭلاپ قالغان بولسىمۇ، ئاڭلىماسقا سالغانىدى، قولاق سالغۇچىلىكمۇ ماجالى يوق ئىدى. ئۆتكەندە ئاڭلىغان ئىشنىڭ ئەسلىدە مۇنداقلا دېيىشىپ، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ئىش ئىكەنلىكىنى شۆيەن بىلەن سىشۇنىڭ كېيىن قىلىشقان گەپلىرىدىنلا بىلەلىدى. سىشۇنىڭ دېيىشىچە، فېڭجيې: ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ مەقسىتى شۇنداق، تۇغقان ئۈستىگە تۇغقان بولۇش، ئۇ كىشى باغدا تۇرىدۇ، دەپتۇ. بۇ گەپلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دېگەن ئادىمى

مەن بولماي كىم؟ دېگەن خىيال كېچىشى بىلەنلا، ئۇنىڭدىكى مۇجمەللىك ئايدىڭلىشىپ، كۆڭلى ئۇبدانلا يورۇپ قالدى. ئىككى يۇتۇم قايناق سۇ ئىچكىنىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئۇ سىشۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى يەنە بىر سوراپ بىلمەكچى بولۇپ تۇراتتى، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، لى ۋەن، فېڭجيېلار كىرىپ كېلىشتى، ئۇلار زىجۈەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا كەلگەنىدى. دەييۈيىنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان يېشىلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەش نىيىتىدىن ئەلۋەتتە يانىدۇ ـ دە، گەرچە ئۇ ئاجىزلاپ ماغدۇرىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا زورۇقۇپ دېگۈدەك بىر ـ ئىككى ئېغىز ئىلىك ئالالىدى.

فېڭجيې زىجۈەننى بىر چەتكە تارتىپ:

— خان قىزنىڭ ئەھۋالى سەن دېگەندەك ئەمەس ئىكەنغۇ. بۇ قانداق گەپ بولدى، كىشىنى شۇنداقمۇ قورقۇتامسەن ! — دېۋىدى، زىجۈەن:

— بايا ئەھۋالى راستلا يامان ئىدى، شۇڭا بېرىپ ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم قىلغان. قايتىپ كەلسەم ئۇبدانلا تۈزىلىپ قاپتۇ، مەنمۇ ھەيران قالدىم، — دېدى زىجۈەن.

— ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ئۇ نېمىنى بىلەتتى؟ مىجەزى سەللا ئۆزگىرىپ قالسا ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ. بۇمۇغۇ ئۇنىڭ ئوڭلۇق يېرى. كىچىك بالا دېگەننىڭ ئاغزى گال، پۇتى قاشاڭ بولمىغىنى ياخشى.

بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، جيا ئانا قاتارلىقلار خەتەر يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ چىقىپ كېتىشتى. دەرھەقىقەت:

يۈرەك دەردىنى ئەملەشكە يۈرەكنىڭ دەرمىكى ھاجەت،
تۈگۈننى ئەسلىي كىم تۈگسە يەنە شۇ يەشمىكى ھاجەت.

شۇنداق قىلىپ، دەييۈيىنىڭ كېسىلى بارا ـ بارا يېنىشقا باشلىدى. شۆيەن بىلەن زىجۈەن خىلۋەتتە، خۇداغا شۈكۈر، دەپ

www.uyghurkitap.com

دۇرۇت ئوقۇپ قويۇشتى.

— ھەرنېمە بولسا ساقىيىپ قالدى! ئاغرىشىمۇ ئاجايىپ، ساقىيىشىمۇ ئاجايىپ، — دېدى شۆيەن زىجۇەنگە.

— ئاغرىشىدىنغۇ ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ، لېكىن ساقىيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش، — دېدى زىجۇەن، — باۋيۈي بىلەن خان قىزنىڭ ئەقدى نىكاھى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. خەقلەر «ياخشى ئىشنىڭ كاشىلىسى تولا»، «پېشانىگە پۈتۈلگەننى كالتەك بىلەنمۇ ياندۇرغىلى بولمايدۇ» دېيىشىدىكەن. بۇ گەپكە قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ خاھىشى، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئوخشايدۇ، بۇ ئىككىسىنى خۇدايىم جۈپ قىلىپ ياراتقانىكەن. قايسى يىلى بولغان ئىشنى ئويلاپ باقە، دەييۈي خان قىزنى جەنۇبقا كېتىدۇ، دەپ قويسام، باۋيۈي ئىچى تىتىلداپ ئۆلمىدى، ئۇنىڭ بىرىسى بولۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيگەن، مانا ئەمدى بىر ئېغىز گەپ بىلەن بۇ خېنىممۇ بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلدى. دېمەك، ھەرقانداق بەندىنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئىشى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كېتىدىكەن.

ئىككىسى شۇنداق دېيىشىپ، ئۇنىنى چىقارماي بىردەم پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— بەختىمىزگە ساقىيىپ قالدى! — دېدى شۆيەن يەنە، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە زادى گەپ قىلمايلى. مەن ئەمدى، باۋيۈي باشقا بىر كىمنىڭ قىزىنى ئالغان، تويىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ، بۇ توغرىدا بىر ئېغىزمۇ تىنمايمەن.

— شۇنداق قىلغان تۈزۈك، — دېدى زىجۇەن كۈلۈپ.

يالغۇز زىجۇەن بىلەن شۆيەنلا خۇپىيانە ئاشۇنداق گەپ قىلىپ يۈرمەستىن، باشقىلارمۇ دەييۈينىڭ ئاغرىشىمۇ غەلىتە، ساقىيىشىمۇ غەلىتە بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ يەر، بۇ يەردە كۇسۇلىشىپ يۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي فېڭجېيمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى، شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملاردىمۇ گۇمان پەيدا بولۇپ قالدى. يالغۇز جيا ئانىلا بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە خېلىلا يەتكەن

بولدى.

بىر كۈنى شىلڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجېي قاتارلىقلار جيا ئانىنىڭ ئۆيىدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى، دەييۈيىنىڭ كېسىلى توغرۇلۇق گەپ چىقىپ قالدى.

— سىلەرگە بىر گەپنى دېمەكچىدىم، — دېدى جيا ئانا، — باۋيۈي بىلەن دەييۈي قىز كىچىككىدىن بىر يەردە بىللە تۇردى. مەن ئۇلارنى كىچىك باللار تۇرسا، ئۇلاردىن ئەنسىرەيدىغان نېمىسى بار، دەپتىمەن. كېيىن دەييۈي قىزنىڭ دائىم دېگۈدەك تۇيۇقسىزلا كېسەل بولۇپ، يەنە بىردىنلا ساقىيىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر ئىشنى سەل سېزىپ قالدىم. شۇڭا، ئۇ ئىككىسىنى شۇ پېتىچە يەنە بىر يەردە تۇرغۇزسە ئەدەپ - قائىدىگە سىغماسمىكىن، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، سىلەرچە قانداق؟

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن شۇنداق دېدى:

— دەييۈي خان قىزنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك، باۋيۈي بولسا ھاڭۋاقتىراق، ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقىمۇ بار. ئەپتىدىن قارىغاندا، ئىككىلىسى كىچىك باللارنىڭ سىياقىدا كۆرۈنىدۇ، شۇڭا ئۇلاردىن بىرەرسىنى ئۇشتۇمتۇتلا باغدىن ئاچىقىپ كەتسەك، ئۇلارغا بىر ئىشتىن شەپە بېرىپ قويارمىزمىكىن؟ قەدىمدىن قالغان «ئوغلۇڭ چوڭ بولسا ئۆيلەپ قوي، قىزىڭ چوڭ بولسا ياتلىق قىل» دېگەن گەپ بار. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئويلىنىپ باققان بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ۋاقتىدىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن بولساق.

جيا ئانا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ:

— دەييۈي قىزنىڭ مىجەزى بىر قىسىملا، بۇمۇ ئۇنىڭ ياخشى تەرىپى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى باۋيۈي بىلەن قوشۇپ قويۇشقا رايىم بارمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەييۈي قىزنىڭ تېنى ئاجىز، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. باۋچەي قىزلا ئۇنىڭغا تازا لايىق كېلىدۇ، — دېدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىلا ئەمەس، بىزمۇ شۇنى ئويلىغان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بىراق دەييۇي خان قىزنىمۇ بىر كىمگە دېيىشىپ قويغىنىمىز تۈزۈك. ئۇنداق بولمىغاندا، قىز بالا بويىغا يەتسە قايسىبىرىگە خىيال كىرمىسىدى دېگىلى بولار؟ ناۋادا ئۇنىڭ باۋيۇيگە راستىلا كۆڭلى بولۇپ، باۋيۇيگە باۋچەي قىزنى پۈتۈشكىنىمىزنى ئاڭلاپ قالسا مۇۋاپىق ئىش بولماسمىكىن.

— ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن باۋيۇينى ئۆيلەپ بولۇپ، ئاندىن دەييۇي قىزنى بىر كىمگە دېيىشىدىغان گەپ، ئاۋۋال ئۆزگىنىڭ، ئاندىن ئۆزىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئىش بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەييۇي قانداقلا بولسۇن باۋيۇيدىن ئىككى ياش كىچىك، گېپىڭلارنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، باۋيۇينى ئۆيلەش توغرىسىدىكى گەپنى دەييۇي قىزغا ئۇقتۇرمىساقلا بولدىغۇ، — دېدى جيا ئانا.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى فېڭجيې ئەتراپتىكى دېدەكلەرگە جېكىلەپ، — باۋيۇي غوجامنى ئۆيلەش توغرىسىدىكى گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، ھەرگىزمۇ ئۇيەر - بۇيەردە دەپ يۈرگۈچى بولماڭلار ! كىمكى شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىدىكەن، ئۆزىگە ھېزى بولسۇن، تېرىسىنى ئەتۈر سويىمەن !

— فېڭجيې قىزىم، — دېدى جيا ئانا يەنە فېڭجيېگە، — ساقلىقىڭ بولماي قالغاندىن بېرى باغدىكى ئىشلارنى ئانچە سۈرۈشتە قىلىپ كېتەلمىدىڭ. ساڭا دەيدىغىنىم، ئىشلارغا بىر ئاز كۆز - قۇلاق بولۇپ قويغىن. ھازىرقى ئىشىنىلا دەۋاتقىنىم ئەمەس، قايسى يىلى ھېلىقىلارنىڭ شاراب ئىچىپ، قىمار ئوينىشىلىرىمۇ قاملاشمىغان ئىش. سەنىڭغۇ خېلى ئىنچىكىلەيسەن، شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى قاتتىقراق تۇتقىنىڭ ياخشى. دېمىسەممۇ ئۇلار ساڭا بىر ئاز ئىتائەت قىلىدۇ.

فېڭجيې خوش دەپ جاۋاب بەردى. خېنىملار يەنە بىر دەم پاراڭ

سېلىشقاندىن كېيىن تارقاپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن فېڭجيې دائىم باغقا كىرىپ ئىشلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ نەزەر باغقا كىرىپ، ئەمدىلا بىنەپشەزارلىق بويىغا كېلىشىگە، بىر خىزمەتكار مومايىنىڭ غۇدۇڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. فېڭجيې ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ھېلىقى موماي ئۇنى كۆرۈپلا قولىنى سېلىپ تىك تۇرغىنىچە ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك سورىدى.

— بۇ يەردە نېمىدەپ غەلۋە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— خېنىملار ئىلتىپات قىلىپ، مېنى بۇ يەردىكى گۈل - گىياھ، مېۋىلەرگە قاراشقا قويۇۋىدى، ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەنىدىم. ئۇقمايمەن، شيۇيەن خان قىزنىڭ دېدىكى مېنى ئوغرى تۇتۇۋاتىدىغۇ تاڭ، — دېدى ھېلىقى موماي.

— نېمە سەۋەبتىن؟ — دەپ سورىدى فېڭجيې.

— تۈنۈگۈن بىزنىڭ خېيئېر كەينىمدىن ئەگىشىپ كىرىپ بۇ يەردە بىردەم ئوينىغان، ئۇ ئۇقماستىن شيۇيەن خان قىز تەرەپكە بېرىپ قاراپ بېقىپتۇ. دەرھال ئۇنى چاقىرىۋېلىپ چىقىرىۋەتكەنىدىم. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ دېدىكى بىر نەرسە يوقاپ كەتتى، دەيدۇ، نېمەڭلار يوقالدى، دەپ سورىسام، ياندۇرۇپ مېنىڭدىن سوراۋاتامدۇ، — دېدى خىزمەتكار ئايال.

— بىر ئېغىز گەپ سوراپ قويغانغا، بۇنچىلا چالۋاقاش كېتەمدۇ؟ — دېدى فېڭجيې.

— بۇ باغ ئۇلارنىڭ ئەمەس، خېنىملارنىڭ بېغى، بىزنى خېنىملار باغقا قاراشقا قويغان تۇرسا، نېمىشقا بىز ئوغرى دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرىدىكەنمىز؟ — دېدى ھېلىقى موماي.

فېڭجيې ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە بىرنى تۈكۈردى - دە، ۋارقىراپ:

— مېنىڭ ئالدىمدا تولا ۋالاقلىما! سەن مۇشۇ يەردە خەۋەر ئېلىۋاتقاندىن كېيىن، خان قىزنىڭ نەرسىسى يىتىپ كەتسە

سەنلەردىن سوراپ كۆرۈشى ھەقلىق ! نېمىشقا بۇنداق كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى قىلىسەن؟ لى ئانىكىنى چاقىرىپ كىرىڭلار، بۇنى قوغلاپ چىقارسۇن ! ــ دېدى.

دېدەكلەر خوش دېيىشتى. ئاڭغىچە شىڭ شىيۇيەن چىقىپ، كۈلگەن پېتى فېڭجيېنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

ــ ھېچ ئىش بولغىنى يوق، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىش، ــ دەپ تۇرۇۋالدى.

ــ خان قىز، گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، ــ دېدى فېڭجيې، ــ ئۇ ئىشنى دەۋاتقىنىم يوق، ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي ئاشۇنداقمۇ گەپ قىلامدۇ بۇ !

شىيۇيەن ھېلىقى مومايىنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گۇناھىنى تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەررۇ فېڭجيېنى ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى.

ــ مەن بۇنداقلارنى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭدىن باشقا چوڭ ـ كىچىكلەردىن ھەرقانداقىنى ھېچقايسىسى كۆزگە ئىلىشمايدۇ، ــ دېدى فېڭجيې.

شىيۇيەن ئۇ موماي ئۇچۇن ياندۇرمىلاپ كەچۈرۈم سوراپ، ئۆزۈمنىڭ دېدەكلىرىم يامان، دەپ تۇرۇۋالدى.

ــ شىيۇيەن خان قىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بۇ دورەم سېنى كەچۈرەي، ــ دېدى فېڭجيې ئوچۇق چىراي بىلەن.

موماي شۇندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ فېڭجيېگە، ئاندىن شىيۇيەنگە باش ئۇرۇپ چىقىپ كەتتى. شىيۇيەن فېڭجيېنى ھۇجرىسىغا باشلاپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى.

ــ نېمىگىز يوقاپ كەتتى؟ ــ دەپ سورىدى فېڭجيې.

ــ ئانچىلا مۇھىم نەرسىمۇ ئەمەس، كونىراپ كەتكەن قىزىل پەشمەت ئىدى، ــ دېدى شىيۇيەن كۈلۈپ، ــ مەن بۇلارنى ئىزدەشتۈرۈپ بېقىڭلار، تاپالمىساڭلار مەيلى، دېۋىدىم. ئىش كۆرمىگەن مۇنۇ قىز چىقىپلا ئاشۇ مومايدىن سوراپتۇ، مومايمۇ ئەلۋەتتە ھار ئالىدۇ ـ دە، بۇ، ئۇ چۆرە قىزنىڭ كالۋالىقىدىن، ئىش كۆرمىگەنلىكىدىن بولغان ئىش، مەنمۇ ئۇنى بىرنەچچە

ئىغىز جىمىلىدىم. ئەمدى بولدى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى تەگىمەيلى.

فىگچىيې شىۋيەنىنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى كىيىملىرىگە سەپسالدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا پاختىلىق ئىگىن بولسىمۇ، لېكىن نىمكەش ھەم ئىسسىقى قالمىغان ئىگىن ئىدى، يوتقان ـ كۆرپىسىمۇ خېلىلا نىپىزدەك قىلاتتى. ھۇجرىدىكى جوزىغا تىزىلغان نەرسىلەرمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بەرگەن نەرسىلەر بولۇپ، ھېچقايسىسىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلماي، پاكىز ھەم رەتلىك قويۇپ قويغانىدى. بۇلارنى كۆرۈپ فىگچىيېنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراقلىقى كەلدى.

— بىرقۇر كىيىمىنىڭغۇ كارى چاغلىق، بىراق ھازىر كۈن سوغۇق، ئۇچىڭىزدىن ئايرىلمايدىغان نەرسە تۇرسا، نېمىشقا بىزگە دېمەيدىكەنسىز؟ بۇ بىشەم غالچىلار بۇنداقمۇ بولۇپ كېتەمدىغان! — دېدى ئۇ.

بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، فىگچىيې بۇ يەردىن چىقتى، باشقا يەرلەرگە بېرىپ بىردەم ـ يېرىمدەمدىن ئولتۇرۇپ، ئاندىن ھۇجرىسىغا قايتتى ۋە كېلىپلا پىگئىبرگە بىر دانە پەرەڭ زۇنگۇمدىن تىكىلگەن قىزىل جۇيازا، بىر دانە يېشىل دارايىدا تاشلىنىپ بۇجغۇر كۆرپىدىن ئىچىك قىلىنغان كالتە جۇۋا، چۆرىسىگە چىلتەك تۇتۇپ قىزىل خونچا گۈللۈك كۆك كىمخابتىن تىكىلگەن بىر دانە كۆڭلەك، بىر دانە كۆكۈچ ئەرس كۆرمىنى ئالدۇردى، بۇ كىيىملەرنى بوغچۇملاتقۇزۇپ شىيۇيەنگە ئەۋەتىپ بەردى.

فىگچىيې كېلىپ جېدەلنى باسقان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى مومايىنىڭ بايىقى غۇدۇراشلىرىدىن شىيۇيەنىنىڭ كۆڭلى ئوبدانلا پاراكەندە بولغانىدى. ئۇ: «بۇ يەردە شۇنچە ھەمشىرىلەر تۇرۇپتۇ، خىزمەتكارلاردىن بىرەرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان ئىشنى قىلالمايدىكەن. ئۇلار ماڭىلا شۇنداق پالان ـ پوكۇن دەپ گەپ ياندۇرالايدۇ. بۇ ئەھۋالنى فىگچىيې ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، بۇنىڭغا بىرنېمە

دىيەلمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇراتتى، قىڭجىيىپنىڭ دىدىكى قىڭئىر كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. شىۋيەن بۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆرۈپ زادى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— كىلىن ئاغىچا ماڭا: «ناۋادا خان قىز بۇ كىيىملەرنى كونا كۆرسە، كىيىن يىڭىسىنى ئەۋەتىپ بىرىمەن» دەپ تاپىلىغان، — دىدى.

— كىلىن ئاغىچىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت، — دىدى شىۋيەن كۈلگەن پېتى ھەشقالىلا ئىيتىپ، — لىكىن بۇنى زادىلا قوبۇل قىلالمايمەن، قايتۇرۇپ ئەكىتىڭ، كىلىن ئاغىچاڭلارغا مىڭ مەرتەم رەھمەت! كىلىن ئاغىچىنىڭ شۇ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل قىلغان بولاي، — شىۋيەن شۇ گەپنى دەپ، ئارقىدىن قىڭئىرگە بىر دانە ھەميان بەردى.

قىڭئىر نائىلاج ئۇ نەرسىلەرنى ئىلىپ قايتىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، پىڭئىر قىڭئىرنى باشلاپ يەنە كىرىپ كەلدى. شىۋيەن ئىتتىك ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەھۋال سورىدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بىزنىڭ كىلىن ئاغىچا: «خان قىز بەكمۇ ياتسىنىدىكەن» دەيدۇ، — دىدى پىڭئىر كۈلۈپ.

— ياتسىنغان گەپ ئەمەس، ئىلىشقا راستلا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، — دىدى شىۋيەن.

— كىلىن ئاغىچا: «خان قىز بۇ كىيىملەرنى ئالمايدىغان بولسا، يا بۇنى بەك كونا كۆرۈپ ئالمىغان بولىدۇ، يا مىنى ياراتمىغانلىقى بولىدۇ» دەيدۇ. ماڭا دىيىشىچە، مەنمۇ قايتۇرۇپ ئاپىرىدىغان بولسام، كىلىن ئاغىچا ماڭا كايىيدۇ، — دىدى پىڭئىر.

شىۋيەن قىزىرىپ كىتىپ، كۈلگەن پېتى رەھمەت ئىيتتى:

— شۇنداقلا دىگەن بولسا، ئالماسقا ئامالىم يوق، — دىدى، ئارقىدىن ئۇلارغا چاي قۇيدى.

پىڭئىر بىلەن قىڭئىر ئۇ يەردىن يىنىپ قىڭجىيى تەرەپكە

كېتىۋاتقاندا، شۇ ئائىلىسىدىن كەلگەن خىزمەتكار ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئېسەنلىك سوراشتى.

— نەدىن كېلىشلىرى؟ — دەپ سورىدى پىڭئېر ئۇنىڭدىن.

— بىزنىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن خان قىز مېنى بۇ تەرەپتىكى ئاغىچا خېنىم، كېلىن ئاغىچا، خان قىزلاردىن ئەھۋال سوراپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، — دېدى خىزمەتكار ئايال، — بايا كېلىن ئاغىچىدىن سىلى خان قىزنى سورىسام، باغقا كىرىپ كەتكەن دېدى. شىۋيەن خان قىزنىڭكىدىن كېلىشىۋاتاملا؟

— بۇنى سىلى نەدىن بىللە؟ — دېدى پىڭئېر.

— بايا ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ ئايال، — كېلىن ئاغىچا بىلەن خان قىزلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنىزە، ئادەم زادىلا ئۇنتۇمايدۇ جۇمۇسىلا.

— بىزنىڭكىگە بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتسىلە! — دېدى پىڭئېر كۈلۈپ كېتىپ.

— يەنە باشقا ئىشلىرىم بار، خان قىزنى يوقلاپ ئايرىم كېلىمەن، — دەپ قويۇپ، ئۇ ئايال كەينىگە ياندى.

پىڭئېر قايتىپ بېرىپ فېڭجىيېگە ئەھۋالنى ئېيتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

شۇ ھاممىنىڭ ئۆيىنى جىنگۈي ئېلىشتۇرۇپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. ھېلىقى خىزمەتكار ئايال كېلىپ شىۋيەننىڭ ئىشىنى دەپ بېرىۋىدى، باۋچەي ئانا - بالا ئىككىسى ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

— ئاكام ئۆيدە بولمىغانلىقتىن مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ. شىۋيەن قىزمۇ شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئوشۇقچە جاپا چېكىۋاتىدۇ، — دېدى باۋچەي، — ھېلىمۇ ياخشى فېڭجىيې ئاچامنىڭ ئوڭلۇقلۇقى. بىزمۇ يەڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرايلى، نېمىلا بولسۇن، ئۇمۇ بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئادىمى.

باۋچەي شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، شۇ كې كىرىپ قاقشاپلا كەتتى:

— ئاكامۇزە، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان سىرتتا نەدىكى قاملاشمىغان ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپتىكەن، تۈزۈكرەكىدىن بىرەرسىمۇ يوق، يىغىشتۇرۇپ كەلسە ساپلا يولدىن چىققان بۇزۇق بىر نېمىلەر! ئاكامدىن ئەنسىرەش دېگەن ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىكەن! كەلسىمۇ، قانداق بولاركىن، دەپ تىڭتىڭلاپ كېلىشىدۇ. بىر - ئىككى كۈن بولدى، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم، ئىشىكتىكىلەرگە بۇنداق ئادەملەرنى كىرگۈزمەڭلار، دەپ تاپىلاپ قويدۇم.

— يەنە جىياڭ يۈيخەنگە ئوخشاش ئادەملەرمۇ؟ — دەپ سورىدى شۆ ھاما.

— جىياڭ يۈيخەن كېلىپ باقمىدى. كەلگىنى باشقىلىرى، — دېدى شۆ كې.

شۆ كېنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، شۆ ھامىنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى.

— ئوغلۇم بولسىمۇ ھازىر ئوغلۇم يوقتەك بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ، — يۇقىرى يامۇلدىن تەستىقلاپ چۈشۈردى دېگەندىمۇ ئۇ كاردىن چىققان ئادەم بولۇپ قالدۇ. سەنغۇ مېنىڭ جىيەن ئوغلۇم، قارىشىمچە، ئاكاڭدىن ئەقىللىكرەك ئىكەنسەن، ئەمدى قالغان ئۆمرۈمدە ساڭا تايىنىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن تىرىكچىلىك قىلىشنى ئوبدان ئۆگەنگىن. ئاندىن ساڭا دېيىشىپ قويغان كېلىن بالىمىزنىڭ ھال - كۈنى بۇرۇنقىدەك ئەمەس. قىز بالا دېگەننىڭ تالالىق بولمىقى ئاسان گەپ ئەمەس. قىز بالىدا، كۈيۈيۈم قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولسا، كۈنۈم ئوبدان ئۆتەرمىكىن دەيدىغان ئارزۇدىن باشقا ئوي بولمايدۇ. شيۈيەن قىزمۇ ئاۋۇ بىر نېمىگە ئوخشاش بولۇپ قالغان بولسا... — شۆ ھاما شۇنداق دەپ، قولى بىلەن ئىچكىرىكى ھۇجرىنى كۆرسىتىپ قويدى، — بولدى گەپ قىلمايلا قوياي. شيۈيەن قىز يوققا ۋايسىمايدىغان، بارغا كېرىلمەيدىغان، نومۇسچان، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان قىز. ئالدىمىزدىكى ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىڭلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىڭلارنى بالدۇرراق

تۇگەتكەن بولساق، مەنمۇ كۆڭلۈمدىكى ئىشلاردىن بىرىنى ئادا قىلغان بولاتتىم.

— باۋچىن سىڭلىمىز تېخى تالالىق قىلىنمىدى. ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان ئىش مۇشۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىدى! — دېدى شۆ كې.

ئۇلار بىردەم شۇنداق پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، شۆ كې ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتىپ، كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولۇپ خىيالغا كەتتى: شىڭ شيۇيەن جىيا خانىدانىنىڭ بېغىدا شۇلارغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئۆزى نامرات، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش خەرجىنىڭ قانداقلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا يولدا ھەمسەپەر بولۇپ كەلگۈچە تەق ـ تۇرقى، مىجەز ـ خۇلقىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ بولغانىدىم. تەگرىنىڭ ئىرادىسىدىمۇ ئادالەت يوق ئىكەن، شيا جىنگۇيگە ئوخشاشلارنى باي ـ دۆلەتمەن، مۇشۇنداق ئەركە ـ نايناق، بىشەم قىلىپ، شىڭ شيۇيەنگە ئوخشاشلارنى بولسا جاپاكەش قىلىپ يارىتىپتۇ. يامارا ئىگەم ئادەملەرنىڭ رىزقىغا ھۆكۈم قىلغاندا قانداقىسىغا ھۆكۈم قىلىدىكىنتاڭ؟ ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتتى، شۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىر كۇپلېت شېئىر كۈيلىمەكچى بولدى. لېكىن، بۇ جەھەتتە قابىلىيىتى بولمىغاچقا ئازراق زارلىنىپمۇ قويدى. شۇنداقتىمۇ زارلاندى. بولۇشىغىلا مۇنداق دەپ يازدى:

سۇدىن ئايرىلغاندا ئەجدىھا بولغۇسى قاتقان بېلىق،
ئىككى ياندا سېغىنىپ تەڭ تارتىمىز يالغۇزچىلىق.
توپا ـ لايدا خاكساردەك چەكتۇق ـ ئا دەردۇ ـ جاپا،
بىلمىدىم تاڭ، قايسى چاغدا كەلگۇسى ئازادىلىك.

شېئىرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ تامغا چاپلاپ قويماقچى بولدى ـ يۇ، چاپلاشقا ئىزا تارتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «خەقلەر كۆرسە زاڭلىق قىلمىسۇن يەنە»

www.uyghurkitap.com

دەپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئوقۇپ چىقتى ۋە: «ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، ئىككى يېقىمغا چاپلاپ قويسام، ئىچىم پۇشقاندا ئوقۇپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقارمامدىمەن» دېدى. لېكىن، ئۈچىنچى قېتىم يەنە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، زادى بولمىغۇدەك، دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، شېئىرنى كىتابنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ يەنە خىيالغا كەتتى: «يېشىممۇ بىر يەرگە باردى، ئائىلىمىزمۇ كۈتۈلمىگەن بۇ بالا ـ قازاغا يولۇقتى، بۇ ئىشلاردىن قاچانمۇ خالاس بولىمىزكىنتاڭ. غۇربەت ئىچىدە قالغان ناتىۋان قىز ئەنە شۇنىڭ كاساپىتىدىن مانا مۇشۇنداق غەم ـ غۇسسىگە مۇپتىلا بولۇۋاتىدۇ.» ئاشۇنداق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، باۋچەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى ۋە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە قولىدىكى پەتنۇسنى جوزىغا قويدى. شۆ كې ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ــ بۇ تۆت تەخسە مېۋە ـ گېزەك بىلەن مۇنۇ بىر چەينەك شارابنى چوڭ كېلىن خېنىم ئوتتۇرانچى غوجامغا كىرگۈزدى، ــ دېدى باۋچەن ھىجىيىپ شۆ كېغا.

ــ چوڭ كېلىن خېنىم جوۋاپ كېتىپتۇ! ــ دېدى شۆ كې كۈلۈمسىرەپ، ــ چۆرە قىزلاردىن كىرگۈزۈپ بەرسىمۇ بولاتتى، نېمىشقىمۇ سىز ئاچىمىزنى ئاۋارە قىلغاندۇ؟

ــ نېمە دېگەنلىرى بۇ، غوجام، ــ دېدى باۋچەن، ــ ئۆز ئادەم تۇرۇقلۇق بۇنداق تەكەللۇپنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ غوجامنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى غەمگە سېلىپ قويۇۋاتىمىز. چوڭ كېلىن ئاغىچا ئۆز قولى بىلەن نەرسە ـ كېرەك تەييارلاپ غوجامغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتماقچى بولغانىدى، باشقىلار بۆلەكچە ئويلاپ يۈرمىسۇن دەپ ئۆزى كىرەلمىدى. غوجام، ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم، بىزنىڭ بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ تىلى بىر بولغىنى بىلەن، دىلى بۆلەك ئىكەن، ئازغىنا بىر نەرسە سۇنۇپ بېرىشقۇ چاغلىق ئىش، بىراق خەقلەرنىڭ ھەر نېمە دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن ئادەم. شۇڭا، بۈگۈن مۇشۇ ئەرزىمەس بىر ـ

ئىككى خىل مېۋە، بىر چەينەك شارابنى ئۆزۈڭ جىمغىنا ئەكىرىپ بەر دەپ مېنى كىرگۈزدى، — ئۇ شۇنداق دەپ، شۇ كېغا ھېجىيىپ لاپپىدە بىر قاراپ قويدى، — غوجام، بۇ گەپلەرنى ئەتە بىر كىمگە دەپ قويمىسىلا، خەقلەر ئاڭلىسا سەت بولمىسۇن. بىزلەرغۇ پەگاھتىكى ئادەملەر، چوڭ غوجامنىڭ خىزمىتىنى قىلغان يەردە، ئوتتۇرانچى غوجامنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلىپ قويساق يامان بولماس؟

شۆ كې بىرىنچىدىن، ئەسلىي تەبىئىتىدىن ئاق كۆڭۈل، ئىككىنچىدىن، نېمىلا دېگەنبىلەن ياش ئىدى، بۇ چاغقىچە جىنگۈي بىلەن باۋچەننىڭ بۇنداق مۇئامىلىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. باۋچەننىڭ بايىقى گېپى بويىچە، شۆ پەننىڭ ئىشنى دەپ مۇنداق قىلىشمۇ ئادىمگەرچىلىككە سىغىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن:

— مېۋە - گېزەكلەرنى قويۇپ قويۇڭ ئاچا، مۇنۇ شارابنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ. ئەزەلدىن ئۆزۈمنى شارابتىن بەك تارتىمەن، مۆرىتى كېلىپ، قىستاپ تۇرۇۋالغاندا بىرەر قەدەھ ئىچىپ قويىمسام، بولمىسا بىكاردىن - بىكار بىھۇدە ئىچىپ يۈرمەيمەن. بۇنى چوڭ كېلىن خېنىم بىلەن ئاچا - سىڭىللار بىلمەمتىڭلار؟ — دېدى.

— باشقىسىغا بىرنېمە دېيەلىسەممۇ، ئەمما بۇ ئىشقا كەلگەندە بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى باۋچەن، — چوڭ كېلىن خېنىمنىڭ مىجەزىنى غوجام ئۆزلىرى بىلىدىلا، بۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتسەم، ئۇياق، بوپتۇ، ئوتتۇرانچى غوجام راست ئىچمەيتتى، دېمەي، ئەكسىچە مېنى بىغەرەزلىك قىپسەن، دەيدۇ.

شۆ كې ئىلاجسىز شارابنىمۇ ئېلىپ قالدى. باۋچەن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا سىرتقا قاراپ قويدى - دە، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرىلىپ، شۆ كېغا قاراپ كۈلدى ۋە قولى بىلەن ئىچكىرىنى كۆرسىتىپ:

— بەلكىم خېنىم ئۆزى كىرىپ سىلىدىن ھاردۇق سوراپ قالارمىكىن، — دېدى.

شۇ كې ئۇنىڭ بۇ گەپنى نېمە غەرەزدە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاچا، مەن ئۈچۈن چوڭ كېلىن ئاغىچىغا رەھمەت ئېيتىپ قويسىڭىز. ھازىر ھاۋا سوغۇق، شامالداپ قالمىسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەڭگەم بولغاندىن كېيىن، بۇنداق تەكەللۇپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

باۋچەن جاۋاب بەرمەي كۈلگىنىچە چىقىپ كەتتى.

دەسلەپتە شۇ كې جىنگۈينى شۇ پەيتنىڭ ئىشى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتماسلىقتا كۆڭلى ئۇنىماي، شاراب، مېۋە ـ گېزەكلەر بىلەن ماڭا رەھمەت ئېيتماقچى بولسىمۇ بولغاندۇ، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. كېيىن باۋچەننىڭ ئوغرى مۈشۈكتەك قىلىقلىرى بىلەن تەتمەيلىكىنى كۆرۈپ، ئازراق بىرنېمىنى پەملىگەندەك بولۇپ خىيالغا كەتتى: «ئۇ، يەڭگەم كىرگۈزدى دەۋاتسا، بۇنىڭدا باشقىچە گەپ يوقتۇ؟ ياكى باۋچەننىڭ نىيىتى بۇزۇلغان بولسا، ئۆزى ئۇدۇللا بىرقانداق قىلىشقا يۈزى چىدىماي، يەڭگەمنىڭ نامىنى ساتىسىمۇ ساتقانمىدۇ يا؟ نېمىلا بولسۇن، ئۇ دېگەن ئاكامنىڭ ھۇجرىسىدىكى ئادەم، ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس... ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر خىيال كېلىپ قالدى: «جىنگۈينىڭ مىجەز ـ خۇلقىدا ھەرەم قىزلىرىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن ئەسەر كۆرۈنمەيدۇ. بەزىدە خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە راسا ياسىنىپ شېتىلىلىك قىلىدۇ، ئۆزىنى ساھىبجامال چاغلايدىغان بۇنداق ئادەمدە يامان نىيەت يوق دېگىلى بولامدۇ؟ يا بولمىسا ئۇنىڭ باۋچىن سىڭلىم بىلەن كېلىشەلمىگەن يەرلىرى بولسا، ماڭا مۇشۇنداق زەھەرلىك تۇزاق قۇرۇپ، مېنى يامان ئاتاققا قالدۇرۇش بىلەن نامىمنى بۇلغىماقچىمۇ تېخى، بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.» خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى. ئاشۇنداق نېمە قىلىشنى بىلەي ئولتۇرغاندا دېرىزە تۈۋىدە بىر كىمنىڭ «پىخ» قىلىپ كۈلگىنى ئاڭلىنىپ، شۇ كې چۆچۈپ كەتتى. كۈلگەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1964 - يىلى 2 - ئاي بېيجىڭ 3 - نەشرى، 1974 - يىلى 10 - ئاي بېيجىڭ 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1964年2月北京第3版，1974年10月北京第1次印刷本翻译出版。

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش (3)

**ئاپتورى:** ساۋ شۆچىن، گاۋئې
**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن، رەھمىتۇللا جارى
راخمان مامۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مۇھەررىرى:** راخمان مامۇت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئادالەت، ئايگۈل سابىت، ئارزۇگۈل، رەناگۈل
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 24
**قىستۇرما بېتى:** 8
**نەشرى:** 2012 - يىلى 11 - ئاي 2 - نەشرى
**باسمىسى:** 2012 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16052 - 5
**باھاسى:** 60.00 يۈەن